# قۇرئان كەرىم تەپسىرى

## (تەپسىرى ئىبنى كەسىر)

ئىمام ئىسمائىل ئىبنى ئۆمەر ئىبنى كەسىر
(اللە رەھمەت قىلسۇن!)
سۈرە ئەھزابتىن ـ سۈرە قافقىچە

## المصباح المنير
### في تهذيب
## تفسير ابن كثير

!l ¢ƥø Kǯō ȸȧ Àȶʒ ȸȧ ŌɆʒȦƧŬ ƥȦȵɌȯ

# 5

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابدۇلغەنى ئابدۇلئەزىز
مۇھەممەد ئابدۇللاھ قارىم
مۆمىنجان سىدىق

تەرجىمىگە قاتناشقۇچىلار: ئابدۇلئەزىز رەھمىتۇللاھ
يۇسۇف قارىم
مۇھەممەت ئۆمەر
ئابلىمىت قارىھاجى

تەرجىمە تەھرىرلىرى: مۇنەۋۋەر نىياز
ئابدۇسالام مۇسا
سابىرجان

رىياسەتچى: ف. ئەل ئابدۇسسالام

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: ئابدۇلمەجىد قارىھاجىم
پروفېسسور. ئابدۇررەھىم قەشقىرى

كومپيۇتېرغا ئالغۇچىلار: ئا. روزى توختى
مۇساجان ئابدۇقادىر (بايتاش)

المترجم:

ÂِÂĤّl ÆƓȝ Ɨ8ّl ÆƓȝ
ȻøÀę !l ÆƓȝ ÆȸƮ
ĘِÆȍ ȷÀDZ ȸȵűȵ

المشاركون في الترجمة:

!l ǻƥø ÂِÂĤّl ÆƓȝ
ȻøÀę Ȥȅو
Ȁȶȝ ÆȸƮ
ɄDZÀǵ ȻøÀę ÆȸƩl ÆƓȝ

التحرير:

ȥÀɆ ǨÆ ǥøوȵ
ʔȅوȵ مƳÊّl ÆƓȝ
ȷÀDZȀÀȍ

الإشراف:

مƳÊّl ÆƓĤّl .Ȣ

المراقب:

ȻǻÀȸÃl ȁǻÀȍ ÆɆŐl ÆƓȝ ǸƮÎّl
ȻȀŐÎŐّl ȴɆǵȀّl ÆƓȝ .ǻ.Ů

الحاسوب الآلي:

Ɠȵوǩ ʔȥşø .ț
(êÀǪِÀ) øǻÀŐّl ÆƓȝ ȷÀDZ ʔȅوȵ

# ئومۇمىي مۇندەرىجە


33 ـ سۈرە ئەھزاب........................................................1
34 ـ سۈرە سەبەئ........................................................79
35 ـ سۈرە فاتىر ........................................................115
36 ـ سۈرە ياسىن........................................................145
37 ـ سۈرە سافغات........................................................181
38 ـ سۈرە ساد ........................................................221
39 ـ سۈرە زۇمەر........................................................251
40 ـ سۈرە غافىر ........................................................299
41 ـ فۇسسىلەت ........................................................343
42 ـ سۈرە شۇرا ........................................................373
43 ـ سۈرە زۇخرۇف........................................................403
44 ـ سۈرە دۇخان........................................................435
45 ـ سۈرە جاسىيە........................................................453
46 ـ سۈرە ئەھقاف........................................................467
47 ـ سۈرە مۇھەممەد........................................................491
48 ـ سۈرە فەتىھ........................................................513
49 ـ سۈرە ھۇجۇرات ........................................................551
50 ـ سۈرە قاف ........................................................571
مۇندەرىجە........................................................591

www.munber.org

مەدىنىدە نازىل بولغان — سۈرە ئەھزاب — 73 ئايەت

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِىُّ ٱتَّقِ ٱللَّهَ وَلَا تُطِعِ ٱلْكَـٰفِرِينَ وَٱلْمُنَـٰفِقِينَ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلِيمًا حَكِيمًا
﴿١﴾ وَٱتَّبِعْ مَا يُوحَىٰٓ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرًا ﴿٢﴾ وَتَوَكَّلْ عَلَى ٱللَّهِ ۚ
وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ وَكِيلًا ﴿٣﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***ئى پەيغەمبەر! اللە غا تەقۋادارلىق قىلىشنى (داۋاملاشتۇرغىن)، كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، اللە ھەقىقەتەن (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، (ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى) ھېكمەت بىلەن باشقۇرغۇچىدۇر[1]. ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان نەرسىگە (يەنى قۇرئانغا) ئەگەشكىن. اللە ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر[2]. (ھەممە ئىشىڭدا) اللە غا يۆلەنگىن، اللە (ساڭا) ھامىي بولۇشقا يېتەرلىكتۇر[3].***

## اللە تائالانىڭ ۋەھيىسىگە ئەگەشكەن ۋە اللە تائالاغا تەۋەككۇل قىلغان ھالدا كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى مۇستەھكەم تۇرۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

بۇ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە بېرىلگەن بۇيرۇقتۇر. اللە بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تەقۋادارلىق قىلىشقا بۇيرۇغان بولسا، پەيغەمبەردىن تۆۋەندىكىلەرنىڭ ئۇ بۇيرۇقنى قوبۇل قىلىشى ئەلۋەتتە ئەۋزەل ۋە لايىقتۇر. تەلق ئىبنى ھەبىب مۇنداق دېگەن: اللە تائالاغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئەمەل قىلىشىڭ ۋە اللە تائالانىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىشىڭ، اللە تائالانىڭ ھىدايىتى ئۈستىدە مېڭىپ، اللە تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشنى تەرك ئېتىشىڭ، اللە تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇشۇڭ (مانا بۇ) تەقۋادارلىقتۇر.

**﴿كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا ئىتائەت قىلمىغىن﴾** يەنى ئۇلارغا قۇلاق سالمىغىن، ئۇلاردىن مەسلىھەتمۇ سورىمىغىن. **﴿اللە ھەقىقەتەن (بەندىلىرىنىڭ ئەمەللىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، (ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى) ھېكمەت بىلەن باشقۇرغۇچىدۇر﴾** يەنى اللە تائالانىڭ ئەمرلىرىگە ئەگىشىشىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشىڭ ھەممىدىن مۇھىمدۇر. اللە تائالا ھەقىقەتەن ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. سۆزلىرىنى ۋە ئىشلىرىنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچىدۇر. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان نەرسىگە (يەنى قۇرئانغا) ئەگەشكىن﴾** يەنى قۇرئانغا ۋە سۈننەتكە ئەگەشكىن.

﴿اللّٰه ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾ يەنى اللّٰه تائالاغا ھېچقانداق سىر يوشۇرۇن بولمايدۇ. جىمى ئىشلىرىڭلاردا ۋە ئەھۋالىڭلاردا اللّٰه تائالاغا تەۋەككۈل قىلغىن. ﴿اللّٰه (ساڭا) ھامىي بولۇشقا يېتەرلىكتۇر﴾ يەنى اللّٰه تائالاغا تەۋەككۈل قىلغان، اللّٰه تەرەپكە تەۋبە بىلەن قايتقان ئادەمگە ھامىي بولۇشقا اللّٰه ھەقىقەتەن يېتەرلىكتۇر.

* * * * * * *

مَّا جَعَلَ ٱللَّهُ لِرَجُلٍ مِّن قَلْبَيْنِ فِي جَوْفِهِۦ ۚ وَمَا جَعَلَ أَزْوَٰجَكُمُ ٱلَّٰٓـِٔي تُظَٰهِرُونَ مِنْهُنَّ
أُمَّهَٰتِكُمْ ۚ وَمَا جَعَلَ أَدْعِيَآءَكُمْ أَبْنَآءَكُمْ ۚ ذَٰلِكُمْ قَوْلُكُم بِأَفْوَٰهِكُمْ ۖ وَٱللَّهُ يَقُولُ ٱلْحَقَّ وَهُوَ يَهْدِى
ٱلسَّبِيلَ ﴿٤﴾ ٱدْعُوهُمْ لِءَابَآئِهِمْ هُوَ أَقْسَطُ عِندَ ٱللَّهِ ۚ فَإِن لَّمْ تَعْلَمُوٓا۟ ءَابَآءَهُمْ فَإِخْوَٰنُكُمْ فِى
ٱلدِّينِ وَمَوَٰلِيكُمْ ۚ وَلَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ فِيمَآ أَخْطَأْتُم بِهِۦ وَلَٰكِن مَّا تَعَمَّدَتْ قُلُوبُكُمْ ۚ وَكَانَ
ٱللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿٥﴾

*اللّٰه ھېچ ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەك ياراتقىنى يوق، سىلەر زىھار قىلغان ئاياللىرىڭلارنى اللّٰه سىلەرگە ئانا قىلغىنى يوق، سىلەر بالا قىلىۋالغانلارنىمۇ اللّٰه (ھەممە ھۆكۈمدە ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان) بالىلىرىڭلارنىڭ ھۆكمىدە قىلمىدى، بۇ (يەنى ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولمىغانلارنى بالا دېيىش) پەقەت ئاغزىڭلاردا ئېيتىلغان سۆزدۇر، اللّٰه ھەق (سۆز)نى ئېيتىدۇ، توغرا يولغا باشلايدۇ﴿4﴾. ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسمىلىرى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ اللّٰه نىڭ دەرگاھىدا توغرىدۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنى بىلمىسەڭلار، ئۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر، دوستلىرىڭلاردۇر، سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان ئىشىڭلاردا (سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ)، اللّٰه ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿5﴾.*

## بېقىۋالغان بالىنى ئۆز بالىسى قىلىۋېلىش ھۆكمىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى توغرىسىدا

اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە مەنىۋي مەقسەتتىن ئىلگىرى ئۇنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇقۇمۇشلۇق بىر ھېسسىي ئىشنى بايان قىلدۇ. ئۇ بولسىمۇ خۇددى بىر ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەك بولمىغىنىدەك ۋە ئايالىنى: سېنىڭ ئۇچاڭ مەن ئۈچۈن ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاش دېگەن سۆزى ئارقىلىق زىھار قىلىشى بىلەن ئايالى ئۇنىڭ ئانىسى بولۇپ قالمىغىنىدەك، بىر ئادەم بىر بالىنى بېقىۋالغان، ئاندىن ئۇنى بالام دەپ ئاتىغان بولسا، ئۇ بالا ھەقىقەتەن ئۇ ئادەمنىڭ ئۆز بالىسى بولۇپ قالمايدۇ.

﴿اللّٰه ھېچ ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەك ياراتقىنى يوق، سىلەر زىھار قىلغان ئاياللىرىڭلارنى اللّٰه سىلەرگە ئانا قىلغىنى يوق﴾ اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: زىھار قىلغۇچىلارنىڭ ﴿ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرى ئەمەستۇر، پەقەت ئۇلارنى تۇغقان ئاياللارلا ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر﴾[1].

﴿سىلەر بالا قىلىۋالغانلارنىمۇ (ھەممە ھۆكۈمدە ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان) بالىلىرىڭلارنىڭ ھۆكمىدە قىلمىدى﴾ بۇ ئايەت ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېقىۋالغان ئوغلى زەيد ئىبنى

[1] سۈرە مۇجادەلە 2 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

www.munber.org

هارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە نازىل بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بۇرۇن بېقىۋالغان ئىدى. شۇڭا ئۇنى كىشىلەر زەيد ئىبنى مۇھەممەد دەپ چاقىرىشاتتى. اللہ تائالا بۇنداق چاقىرىشنى ۋە بۇنداق بۇ نىسبەت بېرىشنى ﴿**سىلەر بالا قىلىۋالغانلارنىمۇ اللہ باللىرىڭلارنىڭ ھۆكمىدە قىلمىدى**﴾ دېگەن ئايىتى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئىرادە قىلدى.

اللہ بۇ سۈرىدە يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن (ئۇ) اللہ نىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر (اللہ ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ)، اللہ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر (سىلەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىڭلاردىن ھېچ نەرسە اللہ غا مەخپىي ئەمەس)﴾[1] اللہ بۇ يەردە مۇنداق دېدى: ﴿**بۇ (يەنى ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولمىغانلارنى بالا دېيىش) پەقەت ئاغزىڭلاردا ئېيتىلغان سۆزدۇر**﴾ يەنى ئۇنى بالام دېيىشىڭلاردىن ئىبارەت بۇ سۆز ئۇنىڭ ھەقىقىي بالاڭلار ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ باشقا بىر ئادەمنىڭ نەسلىدىن يارىتىلغاندۇر. خۇددى بىر ئىنساندا ئىككى يۈرەكنىڭ بولۇشى مۇمكىن بولمىغىنىدەك، ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىككى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ﴿**اللہ ھەق (سۆز) نى ئېيتىدۇ، توغرا يولغا باشلايدۇ**﴾.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇزەبياننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا: اللہ تائالانىڭ ﴿**اللہ ھېچ ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەك ياراتقىنى يوق**﴾ دېگەن ئايىتىدىن نېمىنىڭ كۆزدە تۇتۇلغانلىقىنى ئېيتىپ بەرسەڭ؟ دېدىم. ئىبنى ئابباس: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى نامازغا تۇرغاندا ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر نەرسە كېچىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن نامازغا ئوقۇغان مۇناپىقلار: ئۇنىڭ بىر يۈرىكى سىلەر بىلەن يەنە بىر يۈرىكى ساھابىلىرى بىلەن بولىدىغان ئىككى يۈرىكى بارلىقىنى بىلەمسىلەر؟ دېدى. ئاندىن اللہ بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**اللہ ھېچ ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەك ياراتقىنى يوق**﴾. ئىمام تىرمىزىمۇ بۇ ھەدىسنى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلدى.

## بېقىۋېلىنغان بالىنىڭ پەقەت ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئاتىسىغا نىسبەت بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ اللہ نىڭ دەرگاھىدا توغرىدۇر**﴾ بۇ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى بېقىۋالغان يات باللارنى ئۆز باللىرى ئورنىدا چاقىرىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان بۇيرۇقتۇر. اللہ تائالا ئۇلارنى ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئاتىلىرىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىشنى ئەمرى قىلدى. مانا بۇ ئادىل، توغرا ۋە ياخشى ئىشتۇر.

ئىمام بۇخارى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: زەيد ئىبنى هارىسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېقىۋالغان ئوغلى ئىدى. ﴿**ئۇلارنى ئاتىلىرىڭنىڭ ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىڭلار**﴾ دەپ قۇرئان نازىل بولغۇچە بىز ئۇنى زەيد ئىبنى مۇھەممەد دەپ چاقىراتتۇق. بۇ ئەسەرنى مۇسلىم، تىرمىزى ۋە نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلغان. ئۇلار بېقىۋالغان باللىرىنىڭ نامەھرەملەر بىلەن خالىي قىلىش ۋە باشقا ھەرقانداق جەھەتتە ئۆز باللىرىنىڭ ھۆكمىدە مۇئامىلە قىلاتتى.

شۇڭا سەھلىنىڭ قىزى، ئەبۇھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئايالى سەھلە: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! بىز ھەققەتەن سالىمنى ئوغلىمىز، دەپ چاقىراتتۇق. شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللہ بۇ ھەقتە

---

[1] سۈرە ئەھزاب 40 ـ ئايەت.

ئايەت نازىل قىلدى. سالىم مېنىڭ يېنىمغا كىرىپ چىقىپ تۇرىدۇ، مەن ھەققەتەن ئەبۇ ھۇزەيفىنىڭ بۇنىڭدىن كۆڭلى ھەشلىك قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سالىمنى ئېمىتىۋېتىڭ، شۇنداق قىلسىڭىز، سىز ئۇنىڭغا نامەھرەم بولىسىز» دېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن الله بۇ ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن كېيىن، بېقىۋالغان ئوغۇلنىڭ قويۇۋەتكەن ئايالىنى نىكاھىغا ئېلىشقا رۇخسەت قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەھشىنىڭ قىزى بولغان. يەنى زەيد ئىبنى ھارىسەنىڭ تالاق قىلغان ئايالى زەينەب بىلەن توي قىلدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن خوتۇنلىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن، زەينەبنى زەيد قويۇۋەتكەندىن كېيىن ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق﴾[1] الله تائالا تەھرىم ئايىتىدە مۇنداق دېدى: ﴿يەنە ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان باللىرىڭلارنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلار ھارام قىلىندى﴾[2] مەزكۇر ئايەت بالا قىلىۋالغان ئوغۇلنىڭ ئايالىنى ئۆز ئېچىگە ئالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆز پۇشتىدىن ئەمەستۇر. ئەمما ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ بۇخارى ۋە مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسىگە ئاساسەن ئېمىلداش ئوغۇل شەرىئەت جەھەتتە ئۆز پۇشتىدىن بولغان ئوغۇلنىڭ ئورنىدا ھۆكۈم قىلىنىدۇ، چۈنكى، ھەدىستە: «قانداشلىقتىن (يەنى نەسەپتىن) ھارام قىلىنغان نەرسىنى، ئېمىلداشلىقتىنمۇ ھارام قىلىڭلار» دېيىلگەن.

ئەمما باشقىلارنىڭ ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت يۈزىسىدىن ئوغلۇم دەپ چاقىرىشى، بۇ ئايەتتىكى توسۇلغان ھۆكۈمگە كىرمەيدۇ. ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئىبنى ئاببالس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىسى بۇنىڭ دەلىلىدۇر، ئىبنى ئاببالس مۇنداق دەيدۇ: مۇزدەلىفە كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن قاتارلىق ئابدۇلمۇتەللىب جەمەتىگە تەۋە ئوغۇل باللارنى ئېشەكلەرنىڭ ئۈستىگە مىندۈرۈپ كېلىۋېتىپ، يوتىلىرىمىزغا ئۇرۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئى ئوغۇلچاقلىرىم! كۈن چىققىچە شەيتانغا تاشنى ئاتماڭلار».

ئەبۇئۇبەيد ۋە باشقىلار: بۇ ھەدىس باشقىلارنىڭ باللىرىنى ئوغلۇم دەپ چاقىرىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئىش ھەققەتەن ھىجرىيەنىڭ 10 - يىلى ۋىدالىشىش ھەججىدە يۈز بەرگەن دېدى.

﴿ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىڭلار﴾ بۇ ئايەت زەيد ئىبنى ھارىسە ھەققىدە نازىل بولغان ئۇ ھىجرىيەنىڭ 8 - يىلى مۇئتە ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان.

ئىمام مۇسلىم، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى: «ئى ئوغۇلچىقىم!» دېگەن ئىدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلدى.

﴿ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنى بىلمىسەڭلار، ئۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر، دوستلىرىڭلاردۇر﴾ الله مۇسۇلمانلارنى ئەگەر ئۇلار بالا قىلىۋېلىنغانلارنىڭ ئاتىلىرىنى بىلسە، ئۇلارنى ئۆز ئاتىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىشقا بۇيرۇدى. ئەگەر ئۇلار بالا قىلىۋېلىنغانلارنىڭ ئاتىلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكلىرىنى بىلمىسە، ئۇ چاغدا بالا قىلىۋېلىنغانلار ئۇلارنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىدۇر، دوستلىرىدۇر. يەنى ئۇنداق ئاتاش ئۇلارنىڭ ئۆز نەسەبلىرىنى يوقاتقانلىقىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلگەن ياخشى نامدۇر.

---

[1] سۈرە ئەھزاب 37 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نىسا 23 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قازا ئۆمرىنى قىلغان يىلى مەككىدىن مەدىنىگە يولغا چىققان كۈنىدە ئۇلارغا ھەمزىنىڭ قىزى تاغا! تاغا! دەپ توۋلاپ ئەگىشىۋالغان ئىدى. ئەلى ئۇنى ئېلىپ فاتىمەگە تاغىڭىزنىڭ قىزىنى ئېلىڭ، دېدى. فاتىمە ئۇنى كۆتۈرۈۋالدى. ئاندىن ئەلى، زەيد ۋە جەئفەر ئۇقىزنى قايسىسىنىڭ ئۆز تەربىيىسىگە ئېلىشى ھەققىدە تالىشىپ قېلىپ ھەر بىرى ئۆزىنىڭ دەلىلىنى كۆرسەتتى. ئەلى: مەن ئۇنى ئۆز تەربىيەمگە ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىق، ئۇ تاغامنىڭ قىزى، دېدى. زەيد: ئۇ قېرىندىشىمنىڭ قىزى، دېدى. جەئفەر ئىبنى ئەبۇتالىب: ئۇ تاغامنىڭ قىزى، ئۇنىڭ كىچىك ئاپىسى ئەسما بىنت ئۇمەيس مېنىڭ ئايالىم، دېدى. شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كىچىك ئانىسىنىڭ تەربىيىسىگە بۇيرۇپ بېرىپ «كىچىك ئانا ئانىنىڭ ئورنىدا» دېدى. ئەلىگە: «سەن مېنىڭدىن، مەن سەندىن» دېدى. جەئفەرگە: «سەن ماڭا ۋە ئەخلاقىمغا ئوخشايسەن» دېدى. زەيدكە: «سەن بىزنىڭ قېرىندىشىمىز ۋە دوستىمىز» دېدى.

بۇ ھەدىستە نۇرغۇن ھۆكۈملەر بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە ناھايىتى ياخشى ھۆكۈم قىلدى ۋە تالاش ـ تارتىش قىلىشقانلارنىڭ ھەر بىرىنى ھەق بىلەن رازى قىلدى. اللہ تائالانىڭ: ﴿ئۇلار سىلەرنىڭ دىني قېرىنداشلىرىڭلار، دوستلىرىڭلار﴾ دېگىنىگە ئوخشاش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيدكە: «سەن بىزنىڭ قېرىندىشىمىز ۋە دوستىمىز» دېدى.

﴿سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾ يەنى ئەگەر تىرىشقان ۋە ئەتراپلىق ئىزدەنگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى ھەقىقىي ئاتىسىدىن باشقا ئادەمنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرساڭ، شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللہ تائالا ئۇنى سەۋەنلىك قاتارىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىدۇ. اللہ تائالا بەندىلىرىنى تەۋبە قىلىشقا تەۋسىيە قىلىپ، مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇدى: ﴿«پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن﴾[1].

ئىمام مۇسلىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «غالىب ۋە ئۇلۇغ اللہ: مەن جەزمەن ئەپۇ قىلىمەن (يەنى ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىكتىن قىلىپ قالغان گۇناھنى ئەپۇ قىلىمەن) دېدى».

ئىمام بۇخارى، ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر ھاكىم ئىجتىھاد قىلىپ توغرا ھۆكۈم قىلالىسا، ئۇنىڭغا ئىككى كىشىلىك ئەجىر بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىجتىھاد قىلىپ خاتالىشىپ قالسا، ئۇنىڭغا بىر كىشىلىك ئەجىر بولىدۇ» دېگەن.

ئىمام تىرمىزى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللہ تائالا ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ سەۋەنلىكتىن ياكى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن ۋە ياكى مەجبۇرلانغانلىقتىن قىلىپ سالغان گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ».

﴿سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. لېكىن قەستەن قىلغان ئىشىڭلاردا (سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ)، اللہ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ يەنى گۇناھ پەقەت يامان ئىشنى قەستەن قىلغان ئادەمگە بولىدۇ. غالىب ۋە بۈيۈك اللہ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿مەقسەتسىز ئىچكەن قەسەملىرىڭلار ئۈچۈن اللہ سىلەرنى جازاغا تارتمايدۇ﴾[2].

[1] سۈرە بەقەرە 286 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە 225 ـ ئايەت.

www.munber.org

ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ئاbباستىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللە تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇنىڭ بىلەن كىتاب نازىل قىلدى. ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابتا تويي قىلغان تۇرۇپ زىنا قىلغانلارنى چالما ـ كېسەك بىلەن جازالاش ئايىتى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق قىلغان ئادەملەرنى چالما ـ كېسەك بىلەن جازالىدى. بىزمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چالما ـ كېسەك قىلدۇق. ئۆمەر سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى: بىز بۇرۇن ئاتا ـ بوۋىلىرىڭلاردىن يۈز ئۆرۈمەڭلار، ئاتا ـ بوۋىلىرىڭلاردىن يۈز ئۆرۈشۈڭلار سىلەرنىڭ كۇپرىلىق قىلغانلىقىڭلاردۇر، دەپ ئوقۇيتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنى خرىستىئانلار مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى مۇبالىغە قىلىپ ماختىغانىدەك ئاشۇرۇپ ماختىماڭلار، مەن پەقەت اللە تائالانىڭ بەندىسىدۇرمەن، مېنى اللە تائالانىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەڭلار».

ئىمام مۇسلىم ۋە ئەھمەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىشىلەر ئىچىدە كۇپرىلىق بولىدىغان ئۈچ ئىش بار؛ ئۇلار نەسەپكە تەنە قىلىش، ئۆلۈككە قاتتىق ئاۋاز چىقىرىپ يىغلاش، يۇلتۇزلارغا سېغىنىپ سۇ تەلەپ قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر».

* * * * * * *

ٱلنَّبِيُّ أَوۡلَىٰ بِٱلۡمُؤۡمِنِينَ مِنۡ أَنفُسِهِمۡۖ وَأَزۡوَٰجُهُۥٓ أُمَّهَٰتُهُمۡۗ وَأُوْلُواْ ٱلۡأَرۡحَامِ بَعۡضُهُمۡ أَوۡلَىٰ بِبَعۡضٖ فِي كِتَٰبِ ٱللَّهِ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ وَٱلۡمُهَٰجِرِينَ إِلَّآ أَن تَفۡعَلُوٓاْ إِلَىٰٓ أَوۡلِيَآئِكُم مَّعۡرُوفٗاۚ كَانَ ذَٰلِكَ فِي ٱلۡكِتَٰبِ مَسۡطُورٗا ﴿٦﴾

*پەيغەمبەر مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسلىرىدىنمۇ چارىدۇر، پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر، كىتابۇللادا ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە (مىراس ئېلىشتا) مۆمىنلەردىن ۋە مۇھاجىرلاردىن يېقىندۇر، لېكىن (مۆمىنلەردىن ۋە مۇھاجىرلاردىن بولغان) دوستلىرىڭلارغا ۋەسىيەت قىلساڭلار دۇرۇس بولىدۇ، بۇ (يەنى تۇغقانلارنىڭ ئۆز ئارا مىراسقا ۋارىسلىق قىلىشى) كىتابتا (يەنى اللەنىڭ كىتابىدا) يېزىلغاندۇر*﴿6﴾.

## پەيغەمبەرنىڭ ھەممىدىن سۆيۈملۈك ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرىنىڭ مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنىڭ ئورنىدا ئىكەنلىكى توغرىسىدا

اللە تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئۈممىتىگە كۆيۈمچان ۋە ئۇلارغا توغرا يول كۆرسەتىدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلمى ئەزەلىدە بىلدى ـ دە، ئۇنى ئۇلارغا ئۆز نەپسلىرىدىنمۇ سۆيۈملۈك قىلدى. ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئۇلار ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىدىن ئالدىنقى ئورۇنغا قويدى. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇنافىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دە ـتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولىسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾[1].

---

[1] سۈرە نىسا 65 ـ ئايەت.

www.munber.org

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ بىرىڭلار، مەن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ جېنىدىن، پۇل ـ مېلىدىن، ئەۋلادىدىن، پۈتكۈل ئىنسانلاردىن سۆيۈملۈك بولمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ».

ئىمام بۇخارى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! الله بىلەن قەسەمكى، سەن ماڭا جېنىمدىن باشقا ھەممە نەرسىدىن سۆيۈملۈك سەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، ئى ئۆمەر! مەن ساڭا جېنىڭدىنمۇ سۆيۈملۈك بولۇشۇم كېرەك» دېدى. ئۇ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! الله بىلەن قەسەمكى، سەن ماڭا چوقۇم ھەممە نەرسىدىن ھەتتاكى جېنىمدىنمۇ سۆيۈملۈكسەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مانا ئەمدى بولدى، ئى ئۆمەر!» دېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿**پەيغەمبەر مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسىلىرىدىنمۇ چارىدۇر**﴾.

ئىمام بۇخارى سەھىھ بۇخارىنىڭ تەپسىر بابىدا بۇ ئايىتى كەرىم ھەققىدە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن مۆمىنگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەڭ سۆيۈملۈك ئىنسان بولمىغىچە، ئۇ ھەقىقىي مۆمىن بولالمايدۇ. خالىساڭلار ﴿**پەيغەمبەر مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسىلىرىدىنمۇ چارىدۇر**﴾ دېگەن بۇ ئايەتنى ئوقۇڭلار. قايسى مۆمىن كىشى بايلىق قالدۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتسە، ئۇ بايلىقنى ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ۋارىسلىق قىلسۇن. ئەگەر قەرز قالدۇرۇپ كەتكەن ياكى زىيانغا ئۇچرىغان بولسا، مېنىڭ يېنىمغا كەلسۇن، مەن ئۇنىڭ ئىگىسىمەن».

﴿**پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر**﴾ يەنى ئۇلار بىلەن نىكاھ قىلىشنىڭ ھارام قىلىنىشى ئېھتىرام بىلدۈرۈش، ھۆرمەت قىلىش، ئىززەت ۋە ئىكرام بىلدۈرۈشتە ئۆزلىرىنىڭ ئانىلىرىنىڭ ئورنىدىدۇر. لېكىن، ئۇلار بىلەن يالغۇز بىر يەردە تۇرۇش بولسا، دۇرۇس ئەمەستۇر. ئۇلار بىلەن نىكاھلىنىشنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت ھۆكۈم ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى ۋە ھەمشىرىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. بۇ ئۆلىمالارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشىدۇر.

﴿**كىتابۇللادا ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ بەزىسى ـ بەزىسىگە (مىراس ئېلىشتا) مۆمىنلەردىن ۋە مۇھاجىرلاردىن يېقىندۇر**﴾ ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق الله تائالانىڭ ھۆكمىدە يەنى مىراس ئېلىشتا مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلاردىن يېقىندۇر. بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى قەسەم بىلەن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورنىتىلغان قېرىنداشلىق بىلەن مىراس ئالىدىغان ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: بىر مۇھاجىر بىر ئەنسارىدىن ئۇنىڭغا ھېچقانداق تۇغقان ياكى نەسەپداش بولماستىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورنىتىپ قويغان قېرىنداشلىقنىڭ يۈزىسىدىنلا مىراس ئالاتتى. بۇ ھەقتە سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە باشقا سەلەپ ۋە خەلەپ ئۆلىمالىرىمۇ مۇشۇنداق دېدى.

﴿**لېكىن (مۆمىنلەردىن ۋە مۇھاجىرلاردىن بولغان) دوستلىرىڭلارغا ۋەسىيەت قىلساڭلار دۇرۇس بولىدۇ**﴾ يەنى مىراس ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ئەمما ئۆز ـ ئارا ياردەم قىلىش، ياخشىلىق، سىلە ـ رەھىم، ئېھسان ۋە ۋەسىيەت قىلىش بولسا مەڭگۈلۈكتۇر.

﴿**بۇ (يەنى تۇغقانلارنىڭ ئۆز ئارا مىراسقا ۋارىسلىق قىلىشى) كىتابتا (يەنى الله نىڭ كىتابىدا) يېزىلغاندۇر**﴾ مۇجاھىد ۋە بىر قانچە كىشىلەر مۇنداق دەيدۇ: ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ۋارىسلىق قىلىشىدىن ئىبارەت بۇ ھۆكۈم الله تائالا تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، ئۆزگەرتىلمەس كىتاب لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان ھۆكۈمدۇر. گەرچە ئۇنىڭدا يېتەرلىك ھېكمەتنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، الله ئۇ ھۆكۈمنى بىر مەزگىل ئۇنىڭ ئەكسىچە يولغا قويغان بولسىمۇ، الله كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ ئۇنى بىكار

www.munber.org

قىلىپ، ئەزەلدە بەلگىلىگەن ۋە شەرئى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان ھۆكمى بويىچە ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. اللہ تائالا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

* * * * * * *

وَإِذۡ أَخَذۡنَا مِنَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ مِيثَـٰقَهُمۡ وَمِنكَ وَمِن نُّوحٖ وَإِبۡرَٰهِيمَ وَمُوسَىٰ وَعِيسَى ٱبۡنِ مَرۡيَمَۖ وَأَخَذۡنَا مِنۡهُم مِّيثَـٰقًا غَلِيظٗا ﴿٧﴾ لِّيَسۡـَٔلَ ٱلصَّـٰدِقِينَ عَن صِدۡقِهِمۡۚ وَأَعَدَّ لِلۡكَـٰفِرِينَ عَذَابًا أَلِيمٗا ﴿٨﴾

***ئۆز ۋاقتىدا بىز پەيغەمبەرلەردىن ئەھدە ئالدۇق، سەندىن، نۇھتىن، ئىبراھىمدىن، مۇسادىن، مەريەم ئوغلى ئىسادىن مەھكەم ئەھدە ئالدۇق***﴿7﴾***. اللہ (قىيامەت كۈنى) راستچىللاردىن راستچىللىقى توغرۇلۇق سورايدۇ (يەنى پەيغەمبەرلەردىن پەيغەمبەرلىكنى يەتكۈزگەنلىكىنى سورايدۇ)، اللہ كاپىرلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدى***﴿8﴾.

## پەيغەمبەرلەردىن چىڭ ئەھدە ئېلىش توغرىسىدا

اللہ تائالا بۇ ئايەتتە ئىرادىلىك بەش پەيغەمبەردىن ۋە باشقا پەيغەمبەرلەردىن اللہ تائالانىڭ دىنىنى بەرپا قىلىش، پەيغەمبەرلىكنى يەتكۈزۈش، ئۆز ـ ئارا ياردەمدە بولۇش ۋە ئىتتىپاق بولۇش ئۈچۈن ئەھدە ئالدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

بۇ ھەقتە اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا اللہ پەيغەمبەرلەردىن چىن ئەھدە ئېلىپ: « سىلەرگە مەن كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئاتا قىلدىم، كېيىن سىلەرگە، سىلەردىكى نەرسىلەرنى (يەنى كىتاب بىلەن ھېكمەتنى) ئېتىراپ قىلغۇچى بىر پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلسە ئۇنىڭغا، ئەلۋەتتە، ئىمان ئېيتىشىڭلار كېرەك ۋە ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك » (دېدى). اللہ: « (بۇ ئەھدىنى) ئىقرار (يەنى ئېتىراپ) قىلدىڭلارمۇ؟ شۇنىڭ (يەنى بۇ ئىش) ئۈچۈن مېنىڭ ئەھدىمنى قوبۇل قىلدىڭلارمۇ؟ » دېدى.ئۇلار: « ئېتىراپ قىلدۇق » دېدى. اللہ: « ئۆزەڭلارنىڭ ۋە تەۋەلىرىڭلارنىڭ ئېتىراپ قىلغانلىقىغا )گۇۋاھ بولۇڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە گۇۋاھ بولغۇچىلاردىندۇرمەن » دېدى﴾[1].

بۇ ئۇلارنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندىن كېيىن ئۇلاردىن ئېلىنغان ئەھدىدۇر. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئەنە شۇ بەش پەيغەمبەر ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەردۇر، دەپ ئوچۇق كۆرسىتىلدى. ھەمدە بۇ بەش پەيغەمبەر بۇ ئايەتتە ۋە اللہ تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىدە ئوچۇق تىلغا ئېلىندى: ﴿اللہ سىلەرگە دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) بىز ۋەھيي قىلغان نەرسىنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا، ۋە ئىساغا بىز تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى، سىلەر دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا تەپرىقىچىلىك قىلماڭلار﴾[2].

بۇ ئايەتتە بۇ بەش پەيغەمبەرنىڭ بىرىنچىسى نۇھ ئەلەيھىسسالام، ئەڭ ئاخىرقىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئىبراھىم، مۇسا ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالاملارنى تەرتىپ بويىچە تىلغا ئېلىندى. اللہ تائالا ئۇلاردىن مانا بۇ تەۋسىيە بىلەن چىڭ ئەھدە ئالدى. بۇ ھەقتە اللہ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿**ئۆز ۋاقتىدا بىز پەيغەمبەرلەردىن ئەھدە ئالدۇق، سەندىن، نۇھتىن، ئىبراھىمدىن،**

---

[1] سۈرە ئال ـ ئىمران 81 ـ ئايەت.
[2] سۈرە شۇرا 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

مۇسادىن، مەريەم ئوغلى ئىسادىن مەھكەم ئەھدە ئالدۇق﴾ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەڭ شەرەپلىك پەيغەمبەر بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئايەتتە"سەندىن" دەپ ئۇنىڭ بىلەن باشلىدى، ئاندىن قالغان پەيغەمبەرلەرنى (الله تائالانىڭ سالاملىرى ئۇلارغا بولسۇن!) ئۆز تەرتىپى بويىچە زىكرى قىلدى.

﴿الله (قىيامەت كۈنى) راستچىللاردىن راستچىللىقى توغرۇلۇق سورايدۇ﴾ مۇجاھىد: پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزگەنلەردىن دەۋەتنى يەتكۈزگەنلىكى توغرۇلۇق سورايدۇ، دىدى. ﴿الله كاپىرلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدى﴾ يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىدىن كاپىر بولغانلارغا ئەلەملىك ئازابنى تەييارلىدى. بىز پەيغەمبەرلەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزگەنلىكىگە، ئۈممەتلىرىگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلغانلىقىغا، ئۇلارنىڭ ئۈممەتلىرىگە ھېچ گۇمان ۋە شەك بولمىغان، روشەن، ئوچۇق ـ ئاشكارا ھەقنى تەپسىلي بايان قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىمىز. گەرچە ئۇلارنى نادان، تەرسا، مۇرتەد زالىملار ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن نەرسە بەربىر ھەقتۇر. پەيغەمبەرلەرگە دۈشمەنلىك قىلغان ئادەم گۇمراھلىقتىدۇر. بۇ ھەقتە ئەھلى جەننەت مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىزگە ھەقنى ئېلىپ كەلدى﴾[1].

* * * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱذۡكُرُواْ نِعۡمَةَ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ إِذۡ جَآءَتۡكُمۡ جُنُودٞ فَأَرۡسَلۡنَا عَلَيۡهِمۡ رِيحٗا وَجُنُودٗا لَّمۡ تَرَوۡهَاۚ وَكَانَ ٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرًا ﴿٩﴾ إِذۡ جَآءُوكُم مِّن فَوۡقِكُمۡ وَمِنۡ أَسۡفَلَ مِنكُمۡ وَإِذۡ زَاغَتِ ٱلۡأَبۡصَٰرُ وَبَلَغَتِ ٱلۡقُلُوبُ ٱلۡحَنَاجِرَ وَتَظُنُّونَ بِٱللَّهِ ٱلظُّنُونَا۠ ﴿١٠﴾

***ئى مۆمىنلەر! الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا ئۈستۈڭلارغا (كۇففارلاردىن ئۇيۇشقان ئۇرۇشقۇچى) قوشۇن كەلگەن ئىدى. بىز ئۇلارغا قارشى بوران ۋە سىلەرگە كۆرۈنمەيدىغان قوشۇن (يەنى پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتتۇق، الله سىلەرنىڭ قىلغان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴿9﴾. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ (ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا كۆزۈڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان، الله ھەققىدە تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار﴿10﴾.***

## ئەھزاب غازىتىنىڭ بايانى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىن بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان نېمىتىنى، مەرھەمىتىنى ۋە ياخشىلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇلارغا قارشى بىرلىشىپ ئىتتىپاقداش بولۇپ قوشۇپ باشلاپ كەلگەن يىلى، الله ئۇلارنى چېكىندۈردى ۋە مەغلۇب قىلدى. ئۇ خەندەك ئۇرۇشى بولغان يىلى ئىدى. ئىشەنچلىك ۋە مەشھۇر رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا، بۇ ئۇرۇش ھىجرىيەنىڭ 5 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىدا يۈز بەرگەن. مۇسا ئىبنى ئۇقبە ۋە باشقىلار: بۇ ئۇرۇش ھىجرىيەنىڭ 4 ـ يىلى بولغان، دىدى.

ئىتتىپاقداش قوشۇنىنىڭ كېلىش سەۋەبى مۇنداق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدىن خەيبەرگە ھەيدەپ چىقىرىۋەتكەن بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ يەھۇدىيلىرىنىڭ ئاقساقاللىرىدىن سالام ئىبنى ئەبۇھەقىق، سالام ئىبنى مۇشكىم ۋە كەنانە ئىبنى رەبىيئى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچە

---

[1] سۈرە ئەئراف 143 ـ ئايەت.

www.munber.org

نەپەر كىشى مەككىگە باردى. ئۇلار قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا كۈشكۈرتتى. ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ياردەم ۋە مەدەت بېرىدىغانلىقلىرىغا ۋەدە قىلدى. قۇرەيشنىڭ ئاقساقاللىرى ئۇنى قوبۇل قىلدى. ئاندىن بۇ يەھۇدىيلار غەتەفان قەبىلىسىگە بېرىپ ئۇلارنىمۇ ئۇرۇشقا چاقىردى. ئۇلارمۇ يەھۇدىيلارنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. قۇرەيش قەبىلىسى ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن كىشىلەر بىلەن ئەبۇ سۇفيان سەخر ئىبنى ھەزىمنىڭ قوماندانلىقىدا، غەتەفان قەبىلىسى ئۇيەينە ئىبنى ھەسەننىڭ قوماندانلىقىدا ئۇرۇشقا ئاتلاندى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئون مىڭ ئەتراپىدىكى ئادەمدىن تەركىب تاپقان چوڭ بىر قوشۇن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يۈرۈش قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، مۇسۇلمانلارنى مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا شەرقنى بويلاپ خەندەك قېزىشقا بۇيرۇدى. بۇ سەلمان پارسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بولغان ئىدى. مۇسۇلمانلار ئىشقا كىرىشىپ جاپالىق ئىشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇلار بىلەن بىرگە توپا توشىدى. خەندەك قازدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەندەك قېزىشىدا روشەن مۆجىزىلەر، ئوچۇق دەلىل - پاكىتلار كۆرۈلگەن ئىدى. مۇشرىكلار كېلىپ مەدىنىنىڭ شەرق تەرىپىگە، ئوھۇد تېغىغا يېقىن بىر يەرگە چۈشتى، ئۇلاردىن بىر تۈركۈم قوشۇن مەدىنىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى يەرلەرگە چۈشتى.

بۇھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿**ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، (ھۇجۇم قىلىپ) تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ كەلگەن ئىدى**﴾ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى باشلاپ چىقتى. ئۇلارنىڭ سانى **3000** گە يېقىن ئىدى. بەزى رىۋايەتلەردە **700** كىشىمۇ دېيىلگەن. ئۇلار ئارقىسىنى سەلئى[1] تەرەپكە، ئالدىنى دۈشمەن تەرەپكە قىلىپ ئورۇنلاشتى. قېزىلغان خەندەكتە سۇ يوق بولۇپ، ئۇ خەندەك ئۇلار بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ ئارىلىقىدا ئىدى، خەندەك دۈشمەننىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە قىسىملىرىنىڭ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشىنى توسۇپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللار ۋە باللارنى مەدىنىنىڭ قورغانلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى. بەنۇقۇرەيزە يەھۇدىيلاردىن بىر قەبىلە بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەدىنىنىڭ شەرقىدە سېپىلى بار ئىدى. ئۇلار بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قوشۇنىدا **800** گە يېقىن جەڭچى بار ئىدى.

ھۇيەي ئىبنى ئەختەب نەزەرى مۇشرىكلارنىڭ يېنىغا باردى. ئۇنىڭ ئۇلار بىلەن داۋاملىق سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى نەتىجىسىدە ئۇلار ئەھدىنامىنى بۇزۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئىتتىپاقداش قوشۇن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالدى. ئىش چوڭىيىپ ۋەزىيەت كەسكىنلەشتى ۋە ئىنتايىن قىيىن بىر ھالەت شەكىللەندى. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿بۇ يەردە مۆمىنلەر سىنالغان ۋە (بېشىغا كەلگەن كۈنىنىڭ قاتتىقلىقىدىن گويا ئۇلارنى يەر سىلكىنگەندەك) قاتتىق تەۋرىنىشكە ئۇچرىغان ئىدى﴾[2] ئىتتىپاقداش قوشۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى تەخمىنەن بىر ئاي مۇھاسىرىگە ئالدى. لېكىن، ئۇلار ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمىدى، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇشمۇ بولمىدى. پەقەت ئەمرى ئىبنى ئەبدى ۋۇددى ئامىر ئاتقا مىندى. ئۇ جاھىلىيەت دەۋرىدە مەشھۇر يۈرەكلىك چەۋەندازلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاتلىقلارمۇ ئاتلارغا مىندى - دە، خەندەكتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ مۇسۇلمانلارنىڭ بىر چېتىغا يېتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتلىق مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭغا قارشى ئەۋەتتى. پەيغەمبەر

---

[1] مەدىنىگە يېقىن بىر جاينىڭ ئىسمى.
[2] سۈرە ئەھزاب 11- ئايەت.

www.munber.org

ئەلەيھىسسالام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەمرىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئەلى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇ ئىككىسى بىر مەھەل ئېلىشتى، ئاندىن ئەلى ئۇنى ئۆلتۈردى. بۇ غەلىبىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى.

ئاندىن الله تائالا ئىتتىپاقداش قوشۇنغا قارشى قاتتىق ۋە كۈچلۈك بوراننى ئەۋەتتى. بوران ئۇلارنىڭ چېدىر ـ بارگاھلىرى، ئوچاق، قازان ـ قومۇچلىرى ۋە تۈرلۈك جايلىرىنىڭ ھېچنىمىسىنى قالدۇرماي ئۇچۇرۇپ كەتتى. ئۇلار ئۇمىدسىزلەنگەن، رەسۋا بولغان ھالدا چېكىنىپ كېتىشتى، الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: **﴿ئى مۆمىنلەر! الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا ئۈستۈڭلارغا (كۇففارلاردىن ئۇيۇشقان ئۇرۇشقۇچى) قوشۇن كەلگەن ئىدى. بىز ئۇلارغا قارشى بوران ئەۋەتتۇق﴾** مۇجاھىد: ئۇ كۈن چىقىش تەرەپتىن چىققان بوراندۇر، دېدى. ئۇنى تۆۋەندىكى ھەدىس تەكىتلەيدۇ: «مەن شەرق بورىنى بىلەن ياردەم بېرىلدىم، ئاد قەۋمى غەرب بورىنى بىلەن ھالاك قىلىندى».

**﴿سىلەرگە كۆرۈنمەيدىغان قوشۇن﴾** ئەۋەتتۇق. ئۇلار پەرىشتىلەر بولۇپ، ئىتتىپاقداش قوشۇن! قاتتىق تەرۋىنىش پەيدا قىلىپ دىللىرىغا ئالاقزادىلىك ۋە قورقۇنچنى سالدى. ھەر قەبىلىنىڭ باشلىقى: «ئى پالانى ئەۋلادى! يېنىمغا كېلىڭلار» دەيتتى. ئۇلار ئۇنىڭ يېنىغا يىغىلاتتى. ئۇ: «ئۆزەڭلارنى قۇتقۇزۇڭلار» دەيتتى. بۇنداق بولۇشى غالىب ۋە بۈيۈك الله ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ئالاقزادىلىكنى سالغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئىمام مۇسلىم، ئىبراھىم تەيمىدىن ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز ھۇزەيفە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا ئىدۇق، بىر ئادەم ئۇنىڭغا: ئەگەر مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تېپىۋالغان بولسام، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ سىناپ باقاتتىم» دېدى. ھۇزەيفە ئۇنىڭغا: سەن راستىنلا شۇنداق قىلامتىڭ؟ دېدى. ئىتتىپاقداش قوشۇنغا قارشى بوران چىققان كېچىسى بىز ھەققەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ قەۋمنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىدىغان بىرەر ئادەم يوقمۇ، ئۇ قىيامەت كۈنى مەن بىلەن بىرگە بولىدۇ» دېدى. بىزدىن ھېچكىم جاۋاب قىلمىدى. ئاندىن ئىككىنچى قېتىم، ئاندىن ئۈچىنچى قېتىم ئوخشاش سۆز تەكرارلاندى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ھۇزەيفە! ئورنۇڭدىن تۇرغىن، بىزگە بۇ قەۋمدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ئىسمىم بىلەن چاقىرغانلىقى ئۈچۈن، مېنىڭ ئورنۇمدىن تۇرماسلىقىمغا ھېچبىر ئامالىم يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ قەۋمنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگىن، ئۇلارنى مەندىن قورقۇتىۋەتمىگىن» دېدى. مەن ئىسسىق سۇدا ماڭغاندەك[1] مېڭىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلسەم، ئەبۇسۇفيان دۈمبىسىنى ئوت بىلەن ئىسسىتقىلى تۇرۇپتۇ، بىر تال ئوقنى ئوقيارىمغا قويدۇم، ئۇنى ئېتىپ تاشلىماقچى بولدۇم. شۇ ئەسنادا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇلارنى مەندىن قورقۇتىۋەتمىگىن» دېگەن سۆزىنى ئەسلىدىم، ئەگەر ئۇنى ئاتقان بولسام، ئەلۋەتتە ئۇنى ئۆلتۈرگەن بولاتتىم. ئاندىن مەن ئىسسىق سۇدا ماڭغاندەك مېڭىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدىم. ئاندىن مەن بىكار بولۇپ ئورنۇمغا ئورۇنلىشىپ بولغان چاغدا، توڭلاپ كەتكەنلىكىمنى بىلدىم ـ دە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر قىلدىم. ئۇ ماڭا ئۈچىسىغا يېپىنىۋالغان، ئۇنىڭدا ناماز ئوقۇيدىغان تاشقى يېپىنچىسىنىڭ ئارتۇقىنى يۆگەپ قويدى. مەن تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىدۇم، تاڭ ئاتقان چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئۇيقۇچى! ئورنىڭدىن تۇرغىن» دېدى.

**﴿ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ﴾** يەنى ئىتتىپاقداش قوشۇن تەرىپىدىنمۇ **﴿تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ (ھۇجۇم) كەلدى﴾** ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەزكۇر رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا تۆۋەن

[1] بۇ چاغدا قاتتىق بوران چىققان ۋە ھاۋا سوغۇق ئىدى. لېكىن بۇ ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خاسىيىتى بىلەن يولدا توڭلاشنىڭ ئورنىغا تەرلەپ كەتكەن.

www.munber.org

تەرەپتىن كەلگەنلەر بەنى قۇرەيزەدۇر. ﴿**بۇ چاغدا كۆزۈڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان**﴾ يەنى قاتتىق قورقۇپ، ھودۇقۇپ كەتكەنلىكتىن شۇنداق بولغان. ﴿**الله ھەققىدە تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار**﴾ ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بولغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى: بۇ قېتىم مۆمىنلەرنى پالاكەت باسىدۇ. الله بۇنى چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ، دەپ گۇمان قىلدى.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېدى: مۆمىنلەر ھەر خىل گۇماندا بولدى. مۇناپىقلىق ئاشكارا بولۇشقا باشلىدى. تېخى ئەمر ئىبنى ئەۋف جەمەتىنىڭ قېرىندىشى مۇئەتەب ئىبنى قۇشەيرىمۇ: مۇھەممەد بىزگە كىسرا ۋە قەيسەرنىڭ خەزىنىلىرىگە ئېرىشىدىغانلىقىمىزنى ۋەدە قىلغان ئىدى، مانا ئەمدى بىزدىن بىرى تارەت سۇندۇرغىلى جۇرئەت قىلالمايۋاتىدۇ، دېدى.

ھەسەنبەسرى الله تائالانىڭ ﴿**الله ھەققىدە تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئۇلار خىلمۇخىل گۇمانلاردا بولدى. مۇناپىقلار: مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى تەل ـ تۆكۈس يوقىتىلىدۇ دېگەن گۇماندا بولدى. مۆمىنلەر: الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى ۋەدە قىلغان نەرسە ھەقتۇر، مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، الله ئۇ ھەقنى بارلىق دىنلارئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ دېگەن ئىشەنچىدە بولدى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: خەندەك ئۇرۇشى بولغان كۈنى بىز: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ھەققەتەن يۈرەكلىرىمىز ئېغىزلىرىمىزغا قاپلىشىپ قالدى. بىز دېگىدەك بىرەر سۆز بارمۇ؟ دېدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھۇممەستۇر ئەۋراتىنا ۋە ئەممىن رەۋئاتىنا[1] دەڭلار» دېدى ئەبۇ سەئىد: الله دۈشمەنلىرىگە قارشى بوران ئەۋەتىپ ئۇلارنى بوران بىلەن مەغلۇب قىلدى، دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئەبۇئامىر ئەقەدىدىن مۇشۇنداق رىۋايەت قىلدى.

* * * * * * *

هُنَالِكَ ٱبْتُلِيَ ٱلْمُؤْمِنُونَ وَزُلْزِلُوا۟ زِلْزَالًا شَدِيدًا ﴿١١﴾ وَإِذْ يَقُولُ ٱلْمُنَٰفِقُونَ وَٱلَّذِينَ فِي
قُلُوبِهِم مَّرَضٌ مَّا وَعَدَنَا ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥٓ إِلَّا غُرُورًا ﴿١٢﴾ وَإِذْ قَالَت طَّآئِفَةٌ مِّنْهُمْ يَٰٓأَهْلَ يَثْرِبَ لَا مُقَامَ
لَكُمْ فَٱرْجِعُوا۟ ۚ وَيَسْتَـْٔذِنُ فَرِيقٌ مِّنْهُمُ ٱلنَّبِيَّ يَقُولُونَ إِنَّ بُيُوتَنَا عَوْرَةٌ وَمَا هِيَ بِعَوْرَةٍ ۖ إِن يُرِيدُونَ
إِلَّا فِرَارًا ﴿١٣﴾

*بۇ يەردە مۆمىنلەر سىنالغان ۋە (بېشىغا كەلگەن كۈننىڭ قاتتىقلىقىدىن گويا ئۇلارنى يەر سىلكىنگەندەك) قاتتىق تەۋرىنىشكە ئۇچرىغان ئىدى﴿11﴾. ئەينى ۋاقىتتا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلار: «الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزلەرگە قۇرۇق ۋەدىلەرنى قىلىپتىكەن» دېيىشەتتى﴿12﴾. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم: «ئى يەسرىبلىكلەر! بۇ يەردە تۇرماي قايتىڭلار!» دېيىشەتتى، ئۇلاردىن يەنە بىر گۇرۇھ ئادەم: «بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز ھەقىقەتەن*

[1] ئى **الله**! بىزنىڭ ئەيىب يەرلىرىمىزنى ياپقىن، قورقۇنچىلىرىمىزدىن ئەمىن قىلغىن.

www.munber.org

***ئوچۇقچىلىقتا» دېيىشىپ، پەيغەمبەردىن رۇخسەت سورىشاتتى، بۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئوچۇقچىلىقتا ئەمەس، ئۇلار پەقەت قېچىشنىلا ئويلايدۇ﴿13﴾.***

## ئىتتىپاقداش قوشۇننىڭ ئۇرۇشىدا مۆمىنلەرنىڭ سىنىلىشى ۋە مۇناپىقلارنىڭ تۇتقان پوزىتسىيەلىرى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىتتىپاقداش قوشۇن مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا چۈشكەن چاغدىكى ئەنە شۇ ۋەزىيەتتىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇ چاغدا مۇسۇلمانلار قورشاۋدا بولۇپ، ئىنتايىن تەس ۋە قىيىن ئەھۋالدا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار ئارىسىدا بولۇپ، ئۇلار سىناقتا، ئىمتىھانغا ۋە قاتتىق تەۋرىنىشكە دۇچ كەلگەن ئىدى. بۇ ۋاقىتتا نىپاقلىق ئاشكارىلاندى. دىللىرىدا مۇناپىقلىق كېسىلى بارلار ئۆز كۆڭۈللىرىدە بار بولغان نەرسىلەر بىلەن سۆزلىگىلى تۇردى.

﴿**ئەينى ۋاقىتتا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلار: «الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە قۇرۇق ۋەدىلەرنى قىلىپتىكەن» دېيىشەتتى**﴾ مۇناپىقلار ئۆزىنىڭ نىپاقلىقىنى ئاشكارا قىلدى. دىلىدا گۇمان ياكى ھەسەت بار ئادەمنىڭ ھالى ئاجىزلاشتى. ئىمانىنىڭ ئاجىز بولغانلىقى، ئۇ دۇچ كەلگەن ۋەزىيەتنىڭ ئېغىر ۋە قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆڭلىدىكى ۋەسۋەسىلەردىن ئېغىر تىنىدى. باشقا قەۋم خۇددى الله: ﴿**ئەينى ۋاقىتتا ئۇلاردىن بىرگۇرۇھ ئادەم: «ئى يەسرىبلىكلەر!» (بۇ يەردە تۇرماي قايتىڭلار) دېيىشەتتى**﴾ دېگەندەك دېيىشەتتى. يەسرەبلىكلەردىن مەدىنىلىكلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارىدىن مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدى: «چۈشۈمدە ھىجرەت قىلىدىغان يۇرتۇڭلارنى كۆردۈم، ئۇ ئىككى سايىنىڭ ئارىسىدىكى بىر يەر ئىكەن، مەن ئۇ يەرنى ھەجەر دېگەن شەھەرمىكىن، دەپ ئويلاپ قالدىم. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇ يەسرەب ئىكەن». يەنە بىر رىۋايەتتە ”يەسرىب“ دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا ”مەدىنە“ دېيىلگەن.

سۇھەيل مۇنداق دەيدۇ: ئېيتىلىشىچە مەدىنىنىڭ ئەسلى يەسرەب دەپ ئاتىلىشى پەقەت ئۇ يەرگە چۈشكەن بىر ئادەمنىڭ سەۋەبىدىن ئىكەن. ئۇ ئادەم ئەمالىقلاردىن بولۇپ ئىسمى يەسرىب ئىبنى ئۇبەيد ئىكەن. بەزىلەردىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، تەۋراتتا مەدىنىنىڭ 11 ئىسمى بار ئىكەن. ئۇلار: مەدىنە، تابە، تەيىبە، مىسكىينە، جابىرە، مۇھەببە، مەھبۇبە، قاسىمە، مەجبۇرە، ئەزرا ۋە مەرھۇمە قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

﴿**بۇ يەردە تۇرماي**﴾ يەنى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا، جەڭ مەيدانىدا تۇرماي ئۆيلىرىڭلارغا ﴿**قايتىپ كېتىڭلار**﴾ دېگەنلىك بولىدۇ. ﴿**ئۇلاردىن يەنە بىر گۇرۇھ ئادەم (بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز ھەقىقەتەن ئوچۇقچىلىقتا دېيىشىپ پەيغەمبەردىن رۇخسەت سورىشاتتى**﴾ ئەۋفىي، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار بەنى ھارىسە قەبىلىسىدىكىلەردۇر، ئۇلار: ئۆيلىرىمىزگە ئوغرىلارنىڭ كىرىشىدىن قورقىمىز، دېدى. يەنە بىر قانچە كىشىلەرمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېدى. ئىبنى ئىسھاق: ئۇ سۆزنى قىلغۇچى ئەۋس ئىبنى قەيزى ئىدى دېدى. يەنى ئۇلار ئۆيلىرىگە قايتىش ئۈچۈن: ئۆيلىرىمىز ئوچۇقچىلىقتا، ئۆيلىرىمىزنى دۈشمەندىن توسۇپ تۇرغىدەك بىر نەرسە يوق. بىز دۈشمەنلەرنىڭ ئۆيلىرىمىزگە ھۇجۇم قىلىپ قېلىشىدىن قورقىمىز، دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزرە ئېيتىشتى.

﴿**بۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئوچۇقچىلىقتا ئەمەس**﴾ يەنى ئۆيلىرى ئۇلار دېگەندەك ئوچۇقچىلىقتا ئەمەس، ﴿**ئۇلار پەقەت قېچىشنىلا ئويلايدۇ**﴾ يەن ئۇرۇشتىن قېچىشنى ئويلايدۇ.

www.munber.org

* * * * * * *

وَلَوْ دُخِلَتْ عَلَيْهِم مِّنْ أَقْطَارِهَا ثُمَّ سُئِلُوا۟ ٱلْفِتْنَةَ لَءَاتَوْهَا وَمَا تَلَبَّثُوا۟ بِهَآ إِلَّا يَسِيرًا ﴿١٤﴾
وَلَقَدْ كَانُوا۟ عَٰهَدُوا۟ ٱللَّهَ مِن قَبْلُ لَا يُوَلُّونَ ٱلْأَدْبَٰرَ ۚ وَكَانَ عَهْدُ ٱللَّهِ مَسْـُٔولًا ﴿١٥﴾ قُل لَّن
يَنفَعَكُمُ ٱلْفِرَارُ إِن فَرَرْتُم مِّنَ ٱلْمَوْتِ أَوِ ٱلْقَتْلِ وَإِذًا لَّا تُمَتَّعُونَ إِلَّا قَلِيلًا ﴿١٦﴾ قُلْ مَن ذَا ٱلَّذِى
يَعْصِمُكُم مِّنَ ٱللَّهِ إِنْ أَرَادَ بِكُمْ سُوٓءًا أَوْ أَرَادَ بِكُمْ رَحْمَةً ۚ وَلَا يَجِدُونَ لَهُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ وَلِيًّا وَلَا
نَصِيرًا ﴿١٧﴾

*ئەگەر شەھەرگە تۆت تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىلسە، ئاندىن ئۇلاردىن ئىماندىن قايتىش، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش تەلەپ قىلىنسا، ئۇلار بۇ تەلەپنى ئۇزلۇكسىز رەۋىشتە ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا قوبۇل قىلاتتى[14]. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئىلگىرى الله غا (جەڭدە) چېكىنمەسلىككە ۋەدە بەرگەن ئىدى. الله غا بەرگەن ۋەدىسى سورىلىدۇ[15]. ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئۆلۈمدىن يا ئۆلتۈرۈلۈشتىن قاچساڭلار، قېچىشىڭلار سىلەرگە ھېچقانداق پايدىسى يوق، قاچقاندىمۇ سىلەر (دۇنيادىن) ئازغىنا (ۋاقىت) بەھرىمەن بولالايسىلەر»[16]. ئېيتقىنكى: «ئەگەر الله سىلەرگە بىرەر يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، كىم الله غا قارشى تۇرۇپ سىلەرنى قوغدىيالايدۇ، ئەگەر الله سىلەرگە رەھمەت قىلىشنى ئىرادە قىلسا (كىم ئۇنىڭغا ئارىلىشالايدۇ؟)»،ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن الله دىن باشقا ھېچ ئىگە ۋە ھېچ ياردەمچى تاپالمايدۇ[17].*

الله ئەنە شۇ بىر گۇرۇھ ئادەملەردىن خەۋەر بېرىدۇ. ئۇلار: ﴿بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز ھەقىقەتەن ئوچۇقچىلىقتا دېيىشىپ پەيغەمبەردىن رۇخسەت سورىشاتتى. بۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئوچۇقچىلىقتا ئەمەس، ئۇلار پەقەت قېچىشنىلا ئويلايدۇ﴾ ئەگەر دۈشمەنلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مەدىنىنىڭ ھەر تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرسە، ئاندىن ئۇلاردىن كۇپرىغا كىرىشى سورالسا، ئۇلار ئەلۋەتتە، ناھايىتى تېزلا كاپىر بولۇپ كېتەتتى. ئۇلار ئىماننى ساقلىمايتتى، كىچىككىنە قورقۇنچ ۋە ھودۇقۇش بىلەنلا ئىماندا چىڭ تۇرالمايتتى. بۇ ئايەتنى قەتادە، ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ۋە ئىبنى جەرىر قاتارلىقلار مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەپسىر قىلدى. بۇ ئۇلارنى ئىنتايىن قاتتىق دەرىجىدە سۆككەنلىكتۇر.

ئاندىن الله تائالا ئۇلارغا ئۇلارنىڭ بۇ ۋەھىمىسىدىن ئىلگىرى الله تائالاغا جەڭدە چېكىنمەسلىككە، ئۇرۇشتىن قاچماسلىققا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دېدى: ﴿الله غا بەرگەن ۋەدىسى سورىلىدۇ﴾ يەنى الله ئۇلاردىن كەلگۈسىدە چوقۇم ئەنە شۇ ۋەدە توغرۇلۇق سورايدۇ. بۇ سوراقنىڭ بولۇشى چوقۇمدۇر. ئاندىن الله ئۇلارغا، ئۇلارنىڭ جەڭدىن قېچىشىنىڭ ئۇلارنىڭ ئەجەللىرىنى كېچىكتۈرەلمەيدىغانلىقنى، ئۆمۈرلىرىنى ئۇزارتالمايدىغانلىقنى خەۋەر قىلىدۇ. بەلكى، بۇ قېچىش ئۇلار غەپلەتتە تۇرغاندا ھالاك قىلىنىشىنىڭ تېزلىتىلىشىغا سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

﴿قاچقاندىمۇ سىلەر (دۇنيادىن) ئازغىنا (ۋاقىت) بەھرىمەن بولالايسىلەر﴾ (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، دۇنيانىڭ مەنپەئەتى ئازدۇر (يەنى دۇنيانىڭ نېمىتى پانىيدۇر)، (الله دىن) قورققان (ۋە ئۇنىڭ

www.munber.org

ئەمرىنى تۇتقانلار) ئۈچۈن ئاخىرەت ياخشىدۇر﴾[1] ئاندىن الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئېيتقىنكى، ئەگەر الله سىلەرگە بىرەر يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، كىم الله غا قارشى تۇرۇپ سىلەرنى قوغدىيالايدۇ؟ ئەگەر الله سىلەرگە رەھمەت قىلىشنى ئىرادە قىلسا (كىم ئۇنىڭغا ئارىلىشالايدۇ؟) ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن الله دىن باشقا ھېچ ئىگە ۋە ھېچ ياردەمچى تاپالمايدۇ﴾ يەنى ئۇلارغا ۋە ئۇلاردىن باشقىلارغا الله تائالادىن باشقا قۇتقازغۇچى ۋە مەدەت بەرگۈچى بولمايدۇ.

* * * * * * *

۞ قَدْ يَعْلَمُ ٱللَّهُ ٱلْمُعَوِّقِينَ مِنكُمْ وَٱلْقَآئِلِينَ لِإِخْوَٰنِهِمْ هَلُمَّ إِلَيْنَا ۖ وَلَا يَأْتُونَ ٱلْبَأْسَ إِلَّا قَلِيلًا ﴿١٨﴾ أَشِحَّةً عَلَيْكُمْ ۖ فَإِذَا جَآءَ ٱلْخَوْفُ رَأَيْتَهُمْ يَنظُرُونَ إِلَيْكَ تَدُورُ أَعْيُنُهُمْ كَٱلَّذِى يُغْشَىٰ عَلَيْهِ مِنَ ٱلْمَوْتِ ۖ فَإِذَا ذَهَبَ ٱلْخَوْفُ سَلَقُوكُم بِأَلْسِنَةٍ حِدَادٍ أَشِحَّةً عَلَى ٱلْخَيْرِ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ لَمْ يُؤْمِنُوا۟ فَأَحْبَطَ ٱللَّهُ أَعْمَٰلَهُمْ ۚ وَكَانَ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرًا ﴿١٩﴾

*الله ئىچىڭلاردىكى باشقىلارنى (جىھادتىن) توسقۇچىلارنى ۋە قېرىنداشلىرىغا (مۇھەممەدنى ۋە ساھابىلىرىنى تەرك ئېتىپ) بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىڭلار دېگۈچىلەرنى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇلار جەڭگە (رىيا قىلىپ) ئاندا ـ ساندا قاتنىشىدۇ﴿18﴾. ئۇلار سىلەرگە (ياردەمدە بولۇشقا) بېخىلدۇر، ئەگەر (ئۇلارغا دۈشمەن تەرەپتىن) خەۋپ كېلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ساناكراتتا چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك (قورقۇنچتىن) كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. قورقۇنچ كەتكەندە، ئۇلار پۇل ـ مالغا ئاچكۆز بولغان ھالدا سىلەرنى كەسكىن تىللار بىلەن رەنجىتىدۇ. ئۇلار (چىن دىللىرى بىلەن) ئىمان ئېيتقان ئەمەس. (ئۇلارنىڭ كۇفرى سەۋەبلىك) ئەمەللىرىنى الله بىكار قىلدى، بۇ الله ئۈچۈن ئاساندۇر﴿19﴾.*

الله تائالا بۇ ئايەتتە باشقىلارنى ئۇرۇشقا قاتنىشىشتىن توسقۇچىلارنى ۋە قېرىنداشلىرىغا، ھەمراھلىرىغا، دوستلىرىغا ۋە يېقىنلىرىغا: ﴿بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىڭلار﴾ يەنى بىز تۇرۇۋاتقان سايىگە، مېۋىزارلىقتا كېلىڭلار دېگۈچىلەرنى ئۆز ئىلمى بىلەن ئوبدان بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئۇلار: ﴿جەڭگە (رىيا قىلىپ) ئاندا ـ ساندا قاتنىشىدۇ. ئۇلار سىلەرگە (ياردەمدە بولۇشقا) بېخىلدۇر﴾ يەنى ئۇلار سىلەرگە كۆيۈنۈش ۋە مېھرىبانلىق قىلىشقا بېخىللىق قىلىدۇ. سۇددى بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار سىلەرگە بېرىلگەن غەنىمەتلەرگە بېخىللىق قىلىدۇ.

﴿ئەگەر (ئۇلارغا دۈشمەن تەرەپتىن) خەۋپ كېلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ساناكراتتا چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك (قورقۇنچتىن) كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن﴾ يەنى ئەنە شۇ قورقۇنچاقلار ئۇرۇشتىن مۇشۇنداق قاتتىق قورقىدۇ.

﴿قورقۇنچ كەتكەندە، ئۇلار پۇل ـ مالغا ئاچكۆز بولغان ھالدا سىلەرنى كەسكىن تىللار بىلەن رەنجىتىدۇ﴾ يەنى خاتىرجەملىك كەلگەندە، گەپدانلىق بىلەن يۇقىرى ئاۋازدا جانغا تېگىدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ. ئۆزلىرىنى قەھرىمانلىق ۋە باتۇرلۇقتا يۇقىرى دەرىجىلىكلەردىن ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. ئۇلار ئاشۇ سۆزلىرىدە يالغانچىلاردۇر.

---

[1] سۈرە نىسا 77 ـ ئايەت.

www.munber.org

غەنىمەتنى ئۇلۇشكەن چاغدا، ئۇلار قەۋمىنىڭ ئەڭ ئاچ كۆز، ئەڭ ناچار ئادەملىرى بولۇپ چىقىدۇ ـ دە، بىزگىمۇ بېرىڭلار، بىزگىمۇ بېرىڭلار، بىز سىلەر بىلەن ئەلۋەتتە ئۇرۇشقا قاتناشتۇق دەپ تەقسىمات تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار ئۇرۇشتا ئەڭ توخۇ يۈرەك، ھەق ئۈچۈن ياردەم بېرىشتە ئەڭ پاسسىپ كىشىلەردۇر. شۇنداق بولغاچقا ئۇلار ياخشىلىق قىلىشتا بېخىللىق قىلىدۇ. يەنى ئۇلاردىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ، ئۇلار ھەقىقەتەن توخۇ يۈرەكلىكىنى، يالغانچىلىقىنى ۋە ياخشىلىقى ئاز بولۇشتەك يامان سۈپەتنى ئۆزلەشتۈرىۋالغان كىشىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا: ﴿ئۇلار (يەنى چىن دىللىرى بىلەن) ئىمان ئېيتقان ئەمەس، (ئۇلارنىڭ كۇفرى سەۋەبلىك) ئەمەللىرىنى اللە بىكار قىلىدۇ. بۇ اللە ئۈچۈن ئاساندۇر﴾ يەنى اللە تائالانىڭ دەرگاھىدا ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىكار قىلىش ئوڭاي ۋە قولايدۇر.

* * * * * * *

يَحۡسَبُونَ ٱلۡأَحۡزَابَ لَمۡ يَذۡهَبُواْۖ وَإِن يَأۡتِ ٱلۡأَحۡزَابُ يَوَدُّواْ لَوۡ أَنَّهُم بَادُونَ فِي ٱلۡأَعۡرَابِ
يَسۡـَٔلُونَ عَنۡ أَنۢبَآئِكُمۡۖ وَلَوۡ كَانُواْ فِيكُم مَّا قَٰتَلُوٓاْ إِلَّا قَلِيلٗا ﴿٢٠﴾

*ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) (قاتتىق قورققانلىقتىن) ئىتتىپاقداش قوشۇننى چېكىنمىدى دەپ ئويلايدۇ، ئەگەر ئىتتىپاقداش قوشۇن قايتا كەلسە، ئۇلار (قىردا) ئەئرابىلارنىڭ (يەنى قىر ئەرەبلىرىنىڭ) ئىچىدا تۇرۇپ سىلەرنىڭ خەۋەرلىرىڭلارنى ئۇققاچ (تىنچ يېتىشىنى) ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلار (ئۇرۇش ۋاقتىدا) ئاراڭلاردا بولغان تەقدىردىمۇ، (قورققانلىقتىن) جەڭگە (رىيا قىلىپ) ئاندا ـ ساندا قاتناشقان بولاتتى*[20].

بۇ ھەم ئۇلارنىڭ توخۇ يۈرەك، قورقۇنچاقلىقىدىن ئىبارەت قەبىھ سۈپەتلىرىدىندۇر: ﴿ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) (قاتتىق قورققانلىقتىن) ئىتتىپاقداش قوشۇننى چېكىنمىدى دەپ ئويلايدۇ﴾ بەلكى ئۇلار ئىتتىپاقداش قوشۇننى مۇسۇلمانلارغا يېقىن ئەتراپتىدۇر، يەنە قايتىپ كېلىدۇ دەپ ئويلايدۇ.

﴿ئەگەر ئىتتىپاقداش قوشۇن قايتا كەلسە، ئۇلار (قىردا) ئەئرابىلارنىڭ (يەنى قىر ئەرەبلىرىنىڭ) ئىچىدا تۇرۇپ سىلەرنىڭ خەۋەرلىرىڭلارنى ئۇققاچ (تىنچ يېتىشىنى) ئارزۇ قىلىدۇ﴾ يەنى ئۇلار ئىتتىپاقداش قوشۇن كەلگەندە ئۆزلىرىنىڭ سىلەر بىلەن بىرگە مەدىنىدە بولماي، بەلكى سەھرادا بولۇپ سىلەرنىڭ خەۋىرىڭلارنى سوراپ ئۇقۇشنى، سىلەرنىڭ دۈشمەنلەر بىلەن زادى نېمە بولۇشقانلىقىڭلارنى بىلىشنى خالايدۇ.

﴿ئۇلار (ئۇرۇش ۋاقتىدا) ئاراڭلاردا بولغان تەقدىردىمۇ، (قورققانلىقتىن) جەڭگە (رىيا قىلىپ) ئاندا ـ ساندا قاتناشقان بولاتتى﴾ يەنى ئۇلار سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكى، پەسكەشلىكى ۋە ئىشەنچسىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلار سىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ جەڭگە ئاندا ـ ساندا قاتناشقان بولاتتى. پاك ۋە يۈكسەك اللە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.

* * * * * * *

لَّقَدۡ كَانَ لَكُمۡ فِي رَسُولِ ٱللَّهِ أُسۡوَةٌ حَسَنَةٞ لِّمَن كَانَ يَرۡجُواْ ٱللَّهَ وَٱلۡيَوۡمَ ٱلۡأٓخِرَ وَذَكَرَ ٱللَّهَ
كَثِيرٗا ﴿٢١﴾ وَلَمَّا رَءَا ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ٱلۡأَحۡزَابَ قَالُواْ هَٰذَا مَا وَعَدَنَا ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥ وَصَدَقَ ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥۚ
وَمَا زَادَهُمۡ إِلَّآ إِيمَٰنٗا وَتَسۡلِيمٗا ﴿٢٢﴾

www.munber.org

***سىلەرگە ـ اللە نى،ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە اللە نى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللا ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر﴿21﴾. مۆمىنلەر ئىتتىپاقداش قوشۇننى كۆرگەن چاغدا: «بۇ (يەنى قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش) اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ۋەدە قىلغان ئىشتۇر. اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتتى» دېيىشتى. (بۇ ئىش) ئۇلارنىڭ (اللە غا بولغان) ئىمانىنى ۋە (اللە نىڭ بۇيرۇقلىرىغا بولغان) بويسۇنۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى﴿22﴾.***

## پەيغەمبەرگە ئەگىشىشكە بۇيرۇش توغرىسىدا

بۇ ئايىتى كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆزلىرىدە، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە ۋە پۈتۈن ئەھۋالىدا ئۈلگە قىلىش ئۈچۈن ئاساس ۋە بۈيۈك مەنبەدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا كىشىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھزاب غازىتى بولغان كۈندىكى سەۋرچانلىقى، دۈشمەنلىرىگە قارشى چىدامliق بولۇشى، جەڭگە تەييار تۇرۇشى، جىھاد قىلىش روھى، غالىب ۋە يۈكسەك پەرۋەردىگارىدىن چىقىش يولىنى كۈتۈشى قاتارلىق ئىشلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىشقا بۇيرۇدى. اللە تائالانىڭ مەرھەمەتلىرى ۋە سالاملىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىيامەت كۈنىگىچە داۋام قىلسۇن!

شۇنىڭ ئۈچۈن اللە ئەھزاب غازىتى بولغان كۈنى ئىنتايىن ئوسال ۋە قىيىن ھالغا چۈشۈپ قالغان، بېشىغا كەلگەن كۈننىڭ ئېغىرلىقىدىن پەرىشانلىق ئىچىدە تەۋرىنىشكە ئۇچرىغان ۋە ئىشلىرىدا ئىككىلەنگەن كىشىلەرگە مۇنداق دېدى: ﴿**سىلەرگە اللە نى ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە اللە نى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە رەسۇلۇللا ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر**﴾ يەنى ئۇنىڭغا ئەگەشمەمسىلەر؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىنى ئۈلگە قىلمامسىلەر؟

## مۆمىنلەرنىڭ ئىتتىپاقداش قوشۇنغا بولغان پوزىتسىيىسى توغرىسىدا

اللە تائالا مۆمىنلەرگە بەرگەن ۋەدىسىنى ۋە اللە تائالانىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ياخشى ئاقىۋەتكە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى تەستىق قىلغۇچى مۆمىن بەندىلىرىدىن خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مۆمىنلەر ئىتتىپاقداش قوشۇننى كۆرگەن چاغدا: «بۇ (يەنى قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش) اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ۋەدە قىلغان ئىشتۇر. اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتتى» دېيىشتى**﴾.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە قەتادە مۇنداق دېدى: ئۇلار اللە تائالانىڭ سۈرە بەقەرەدىكى مۇنۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان كىشىلەردۇر: ﴿سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۆمىن) لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى. ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەر: «اللە نىڭ بىزگە ۋەدە قىلغان ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟» دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى، اللە نىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر﴾[1] يەنى بۇ اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ۋەدە قىلغان بالا، سىناق ۋە ئىمتىھاندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقىدىن يېقىن غەلىبە يېتىپ كېلىدۇ.

﴿**اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتتى**﴾ ﴿**(بۇ ئىش) ئۇلارنىڭ (اللە غا بولغان) ئىمانىنى ۋە (اللە نىڭ بۇيرۇقلىرىغا بولغان) بويسۇنۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى**﴾ بۇ ئايەت كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا

[1] سۈرە بەقەرە 214 ـ ئايەت.

www.munber.org

ئۇلارنىڭ ئىمانىنىڭ ئېشىشى ۋە كۈچىيىشى ۋە ئۈچۈن دەلىلدۇر. خۇددى جۇمھۇر ئىمامىلار ئېتىقادىدەك: «ئىمان زىيادە بولىدۇ ۋە كېمىيىدۇ».

الله تائالانىڭ ئايىتىنىڭ مەنىسى: ئەنە شۇ ھالەت، قىيىن ۋە ئېغىر ۋەزىيەت ﴿**ئۇلارنىڭ**﴾ الله تائالاغا بولغان ﴿**ئىمانىنى ۋە**﴾ الله تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشقا ﴿**بويسۇنۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى**﴾ دېگەنلىكتۇر.

* * * * * *

مِّنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ رِجَالٌ صَدَقُوا۟ مَا عَـٰهَدُوا۟ ٱللَّهَ عَلَيْهِ ۖ فَمِنْهُم مَّن قَضَىٰ نَحْبَهُۥ وَمِنْهُم مَّن يَنتَظِرُ ۖ وَمَا بَدَّلُوا۟ تَبْدِيلًا ﴿٢٣﴾ لِّيَجْزِىَ ٱللَّهُ ٱلصَّـٰدِقِينَ بِصِدْقِهِمْ وَيُعَذِّبَ ٱلْمُنَـٰفِقِينَ إِن شَآءَ أَوْ يَتُوبَ عَلَيْهِمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿٢٤﴾

***مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللا بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شېھىت بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) الله غا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىت بولدى، بەزىسى (شېھىت بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق[23]. الله راستچىللارغا راستچىللىقى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە ئەڭ ياخشى ) مۇكاپات بېرىدۇ، مۇناپىقلارنى (ئەھدىنى بۇزغۇچى مۇناپىقلارنى مۇناپىق پېتى بۇ دۇنيادىن كەتكۈزۈپ) ئەگەر خالىسا ئازابلايدۇ، يا ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ، الله ھەقىقەتەن (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر[24].***

## مۆمىنلەرنىڭ مەيداندا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن مەدھىيىلەنگەنلىكى، مۇناپىقلارنىڭ ئىشنى كېچىكتۈرۈش توغرىسىدا

غالىب ۋە بۈيۈك الله مۇناپىقلارنىڭ الله تائالاغا جەڭدە چېكىنمەسلىككە بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، مۆمىنلەرنى ئۇلارنىڭ الله تائالاغا بەرگەن ۋەدىسى ئۈستىدە داۋاملىق چىڭ تۇرغانلىقى بىلەن سۈپەتلىدى: ﴿**مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللا بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شېھىت بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) الله غا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىت بولدى**﴾.

﴿**(شېھىت بولۇشنى) بەزىسى كۈتمەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىنىڭ بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق**﴾ يەنى ئۇلار الله تائالاغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئۆزگەرتمىدى ۋە بۇزمىدى.

ئىمام بۇخارى، زەيد ئىبنى سابىتنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز قۇرئان كەرىمنى يازغان چاغدا، سۈرە ئەھزابتىن بىر ئايەتنى يوقىتىپ قويدۇم، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇغاندا ئاڭلايتتىم، ئۇنى بىلىدىغان خۇزەيمە ئىبنى سابىت ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن باشقا ھېچ ئادەمنى تاپالمىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇزەيمەنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئىككى ئەرنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن باراۋەر قىلغان ئىدى. ئۇ ئايەت بولسىمۇ ﴿**مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللا بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شېھىت بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) الله غا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا**

www.munber.org

**ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار﴾** دېگەن ئايەت ئىدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز بۇ ئايەتنى ئەنەس ئىبنى نەزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە نازىل بولدى دەپ قارايمىز. ئىمام ئەھمەد، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: تاغام ئەنەس ئىبنى نەزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشمىدى دەپ تىزىمغا ئېلىندى. بۇ ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتناشقان بىرىنچى قېتىملىق جەڭدە مەن يوق بولۇپ قالدىم، ئەگەر الله بۇنىڭدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بىرەر جەڭنى ماڭا مۇيەسسەر قىلسا، مېنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىمنى غالىب ۋە بۈيۈك الله ئەلۋەتتە بىلىدۇ. ئەنەس: ئۇ ئۇنىڭدىن باشقا سۆزنى قىلىشتىن قورقتى، دېدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇھۇد ئۇرۇشىغا قاتناشتى. ئۇ جەڭ مەيدانىدا سەئد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇچراشتى. ئەنەس ئىبنى نەزىر سەئدكە مۇنداق دېدى: ئى سەئد! قەيەرگە؟ پاھ، جەننەتنىڭ خۇش پۇراقلىرىغۇ! مەن ئۇنى ھەقىقەتەن ئۇھۇد تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋاتىمەن، دېدى. ئۇ دۈشمەنلەر بىلەن شېھىت بولغىچە ئۇرۇشتى، ئۇنىڭ جەسىتىدە 80 نەچچە قىلىچ، نەيزە، ئوقيالارنىڭ ئىزلىرى تېپىلدى. ئۇنىڭ ھەمشىرىسى مۇنداق دېدى: مەن قېرىندىشىمنى پەقەت بارماقلىرى بىلەنلا تونۇيالىدىم.

**﴿مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللا بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شېھىت بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) الله غا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىت بولدى، بەزىسى (شېھىت بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق﴾** ساھابىلەر: بۇ ئايەت ئەنەس ئىبنى نەزىر ۋە ئۇنىڭ شېھىت بولغان ھەمراھلىرى ھەققىدە نازىل قىلىندى، دەپ قارايدۇ.

ئىبنى جەرىر، مۇسا ئىبنى تەلھەدىن مۇئاۋىيە ئەبۇسۇفياننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «تەلھە شېھىت بولغانلاردىندۇر». شۇڭا مۇجاھىد الله تائالانىڭ: **﴿ئۇلارنىڭ بەزىسى شېھىت بولدى﴾** دېگەن ئايىتىنى ۋەدىسى ئەمەلگە ئاشتى، **﴿بەزىسى كۈتمەكتە﴾** دېگەن ئايىتىنى بىر كۈنى جەڭ بولىدۇ، ئاندىن ئۇ بۇ جەڭدە ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، دەپ تەپسىر قىلدى.

ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلارنىڭ بەزىسى شېھىت بولدى﴾** يەنى راستچىللىق ۋە ۋاپادارلىق بىلەن ئەجىلىنى توشقازدى، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئەجىلىنى ئەنە شۇنداق توشقۇزۇشنى كۈتمەكتە. يەنە بەزىسى بەرگەن ۋەدىسىنى ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق. قەتادە ۋە ئىبنى زەيدمۇ بۇ ئايەتنى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەپسىر قىلدى.

**﴿ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق﴾** يەنى ئۇلار ۋەدىسىنى ئۆزگەرتمىدى، ئەھدىگە خىيانەت قىلمىدى، بەلكى الله تائالاغا بەرگەن ۋەدىسى ئۈستىدە داۋاملىق چىڭ تۇردى. ئۇنى مۇناپىقلار بۇزغاندەك بۇزمىدى. مۇناپىقلار: **﴿بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز ھەقىقەتەن ئوچۇقچىلىقتا﴾** دېيىشتى. **﴿ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئوچۇقچىلىقتا ئەمەس، ئۇلار پەقەت قېچىشنىلا ئويلايدۇ، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئىلگىرى الله تائالاغا (جەڭدە) چېكىنمەسلىككە ۋەدە بەرگەن ئىدى﴾.**

**﴿الله راستچىللارنى راستچىللىقى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە ئەڭ ياخشى) مۇكاپات بېرىدۇ، مۇناپىقلارنى (ئەھدىنى بۇزغۇچى مۇناپىقلارنى مۇناپىق پېتى كەتكۈزۈپ) ئەگەر خالىسا ئازابلايدۇ، يا ئۇلارنى تەۋبىگە**

www.munber.org

مۇۋەپپەق قىلىدۇ﴾ يەنى الله بەندىلىرىنى يامان ئادەمنى ياخشى ئادەمدىن ئايرىش ئۈچۈن قورقۇنچ ۋە قاتتىق چۈچۈتۈش بىلەن چوقۇم سىنايدۇ، يامان ئادەمنىڭ ئىشىمۇ ئەمەلىيەت بىلەن ئاشكارا بولىدۇ. ياخشى ئادەمنىڭ ئىشىمۇ ئەمەلىيەت بىلەن ئاشكارا بولىدۇ.

الله تائالا شەيئىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىنى ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىشتىن ئىلگىرى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئىنسانلارنى، الله ئۇلار ھەققىدە بىلگەن نەرسىنى ئۇلار ئەمەلىيەتتە قىلمىغۇچە ئۇلارنىڭ ياخشى ـ يامان ئىكەنلىكىنى بىلىش بىلەنلا ئازابلىمايدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز سىلەرنى ئەلۋەتتە (جىھادقا ئەمىر قىلىش ۋە مۇشەققەتلىك ئىشلارغا تەكلىپ قىلىش بىلەن) سىنايمىز، تاكى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن (اللەنىڭ يولىدا) جىھاد قىلغۇچىلارنى ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە، سىرلىرىڭلاردىن ۋاقىپ بولغانغا قەدەر﴾[1] گەرچە شەيئى ۋۇجۇتقا كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇ شەيئى توغرىسىدىكى بىلىم ئاللىبۇرۇن ھاسىل بولغان بولسىمۇ، بۇ ئايەتتىكى بىلىش شەيئى ۋۇجۇتقا كەلگەندىن كېيىنكى بىلىش ھېسابلىنىدۇ.

شۇنداقلا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله يامانىنى (يەنى مۇناپىقنى) ياخشىدىن (يەنى مۆمىندىن) ئايرىمىغىچە مۆمىنلەرنى (يەنى سىلەرنى) ھازىرقى پېتىڭلارچە قويمايدۇ، الله سىلەرنى غەيبىدىنمۇ خەۋەردار قىلمايدۇ﴾[2].

**﴿الله راستچىللارغا راستچىللىقى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە ئەڭ ياخشى) مۇكاپات بېرىدۇ﴾** يەنى ئۇلارنىڭ اللهغا بەرگەن ۋەدىسىگە سەۋر قىلغانلىقى، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى ۋە ئۇنى قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇكاپات بېرىدۇ. **﴿مۇناپىقلارنى ئەگەر خالىسا ئازابلايدۇ﴾** چۈنكى، ئۇلار الله تائالاغا بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزغۇچىلاردۇر ۋە الله تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار الله تائالانىڭ جازاسىغا ۋە ئازابىغا تېگىشلىك بولدى. لېكىن، ئۇلار دۇنيادا الله تائالانىڭ ئىرادىسى ئاستىدىدۇر. ئەگەر خالىسا، ئۇلار قىلمىشلىرى ئۈستىدە ئەينى پېتى داۋام قىلىدۇ ـ دە، تاكى الله تائالاغا مۇلاقات بولىدۇ. ئاندىن الله ئۇلارنى قىلمىشلىرىغا بىنائەن ئازابلايدۇ. ئەگەر الله خالىسا، ئۇلارنى نىپاقتىن قۇتۇلدۇرۇپ تولۇق ئىمان كەلتۈرۈشكە، پىسقى ۋە گۇناھتىن كېيىن ياخشى ئەمەل قىلىشقا ھىدايەت قىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۈيۈك ۋە يۈكسەك الله تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىغا بولغان رەھمىتى ۋە شەپقىتى ئۇنىڭ غەزىپىنى بېسىپ چۈشكەنلىكى ئۈچۈن مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله ھەقىقەتەن (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾**.

* * * * * * *

وَرَدَّ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِغَيۡظِهِمۡ لَمۡ يَنَالُواْ خَيۡرٗاۚ وَكَفَى ٱللَّهُ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ٱلۡقِتَالَۚ وَكَانَ ٱللَّهُ قَوِيًّا عَزِيزٗا ﴿٢٥﴾

*الله كاپىرلار (يەنى مەدىنىگە ھۇجۇم قىلغان ئىتتىپاقداش قوشۇن)نى خاپا قايتۇردى، ئۇلار مەقسىتىگە يېتەلمىدى، الله (دۈشمەنگە بوران ۋە پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ بېرىدە قىلىپ) مۆمىنلەرنى ئۇرۇشسىز غەلىبىگە ئېرىشتۈردى، الله كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾[25].*

(1) سۈرە مۇھەممەد 31 ـ ئايەت.
(2) سۈرە ئال ئىمران 179 ـ ئايەت.

www.munber.org

## ﷲ تائالانىڭ ئىتتىپاقداش قوشۇننى زىيان تارتقان ۋە رەسۋا بولغان ھالەتتە قايتۇرغانلىقى توغرىسىدا

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە ئىتتىپاقداش قوشۇننى ئۇلارغا قارشى بوران ۋە ئىلاھى قوشۇن ئەۋەتىش بىلەن ئۇلارنى مەدىنىدىن قوغلاپ چىقارغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئەگەر ﷲ پەيغەمبىرىنى پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ ئەۋەتمىگەن بولسا ئىدى. ئۇلارغا ئەۋەتىلگەن بۇ بوران چوقۇم سەمۇد قەۋمىگە ئەۋەتىلگەن يامغۇرسىز بوراندىنمۇ قاتتىق بولغان بولاتتى. لېكىن، ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغىڭدا (سېنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن)، ﷲ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ﴾[1]

ﷲ ئىتتىپاقداش قوشۇنغا قاتتىق شامالنى ئەۋەتتى. شامال ئۇلارنىڭ جامائەسىنى پىرقە ـ پىرقىغە بۆلۈۋەتتى. ئۇلارنىڭ يىغىلىش سەۋەبى نەپسى ـ خاھىشىغا ئەگىشىش ئىدى. ئۇلار تۈرلۈك قەبىلىلەردىن يىغىلغان، ھەر خىل پىكىر ـ ئېقىمدىكى گۇرۇھ ـ گۇرۇھ كىشىلەردۇر. شۇڭلاشقا ئۇلارغا شامالنىڭ ئەۋەتىلىشى تازا مۇۋاپىق بولدى. شامال ئۇلارنىڭ جامائەسىنى پىرقە ـ پىرقە قىلىۋەتتى. ئۇلارنى زىيان تارتقان، رەسۋا بولغان، خاپا ۋە غەزىپى تاشقان ھالدا قايتۇردى. ئۇلار ھېچبىر ياخشىلىققا ئېرىشەلمىدى. دۇنيادا كۆڭۈللىرىگە پۈككەن زەپەرگە، ئېرىشمەكچى بولغان غەنىمەتكە نائىل بولالمىدى. ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەنلىك بىلەن قارشى چىققان، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە، ئۇنىڭ قوشۇنىنى تەلتۆكۈس يوقىتىشقا بەل باغلىغان گۇناھلىرىنى ئاخىرەتكىمۇ يۈدۈپ بارغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرەتتىكى ياخشىلىقتىن قۇرۇق قالدى. بىر ئادەم بىرەر ئىشنى قىلىشقا بەل باغلىسا ۋە بەل باغلىغان ئىشنى قىلىشقا ئىشەنسە، ئەمەلىيەتتە شۇ ئىشنى قىلغۇچىغا ئوخشايدۇ.

﴿ﷲ (دۈشمەنگە بوران ۋە پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ) مۆمىنلەرنى ئۇرۇشسىز غەلىبىگە ئېرىشتۈردى﴾ يەنى مۆمىنلەر دۈشمەنلىرىنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن مەيدانغا چۈشۈپ ئېلىشىشقا ھاجىتى چۈشمىدى. بەلكى، ﷲ كاپىرلارغا ئۆزى يالغۇز تېتىدى. بەندىسىگە نۇسرەت ئاتا قىلدى. قوشۇننى غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يالغۇز ﷲ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ بەرھەق يوقتۇر. ﷲ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى. بەندىسىگە نۇسرەت ئاتا قىلدى. قوشۇننى غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. ئىتتىپاقداش قوشۇننى ئۆزى يالغۇز مەغلۇپ قىلدى. ﷲ تائالادىن غالىب ھېچنەرسە يوقتۇر» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىتتىپاقداش قوشۇنغا بەددۇئا قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى كىتاب نازىل قىلغۇچى، تېز ھېساب ئالغۇچى! ﷲ ئىتتىپاقداش قوشۇننى مەغلۇپ قىلغىن، ئى ﷲ! ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغىن، قاتتىق سىلكىپ چۇچۇتىۋەتكىن».

﴿ﷲ مۆمىنلەرنى ئۇرۇشسىز غەلىبىگە ئېرىشتۈردى﴾ دېگەن ئايەتتە مۆمىنلەر بىلەن قۇرەيش ئارىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ خاتىمە بېرىلگەنلىكىگە ئىشارەت بار. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى. مۇشرىكلار ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ كېلەلمىدى.

[1] سۈرە ئەنفال 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد، سۇلايمان ئىبنى سەرد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھزاب غازىتى كۈنى مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەمدى بىز ئۇلارغا غازات يۈرۈشى قىلىمىز، ئۇلار بىزگە يۈرۈش قىلالمايدۇ». بۇخارىمۇ بۇ ھەدىسنى مۇشۇنداق رىۋايەت قىلدى.

﴿اللّٰه كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾ يەنى اللّٰه ئۆز كۈچى ۋە قۇۋۋىتى بىلەن ئۇلارنى ئۈمىدسىز، مەقسىتىگە ئېرىشەلمىگەن ھالدا قايتۇردى. اللّٰه ئىسلامنى ۋە ئۇنىڭ ئەھلىنى غالىب قىلدى. ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ پەيغەمبىرى ۋە بەندىسىگە نۇسرەت ئاتا قىلدى. جىمى ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە اللّٰه تائالاغا مەنسۇپتۇر.

* * * * * * *

وَأَنزَلَ ٱلَّذِينَ ظَـٰهَرُوهُم مِّنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَـٰبِ مِن صَيَاصِيهِمۡ وَقَذَفَ فِي قُلُوبِهِمُ ٱلرُّعۡبَ فَرِيقًا
تَقۡتُلُونَ وَتَأۡسِرُونَ فَرِيقًا ﴿٢٦﴾ وَأَوۡرَثَكُمۡ أَرۡضَهُمۡ وَدِيَـٰرَهُمۡ وَأَمۡوَٰلَهُمۡ وَأَرۡضًا لَّمۡ تَطَـُٔوهَا ۚ
وَكَانَ ٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٍ قَدِيرًا ﴿٢٧﴾

***اللّٰه ئەھلى كىتابتىن مۇشرىكلارغا ياردەم بەرگەنلەرنى (يەنى رەسۇلۇللا بىلەن قىلغان ئەھدىنى بۇزغان بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنى) قورغانلىرىدىن چۈشۈردى، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالدى. (ئۇلارنىڭ) بىر بۆلۈكىنى ئۆلتۈردۇڭلار ۋە بىر بۆلۈكىنى ئەسىر ئالدىڭلار﴿26﴾. اللّٰه سىلەرگە ئۇلارنىڭ زېمىنىنى، قورو ـ جايلىرىنى، مال ـ مۈلۈكلىرىنى ۋە (تېخى) سىلەرنىڭ قەدىمىڭلار دەسسەپ باقمىغان زېمىننى مىراس قىلىپ بەردى، اللّٰه ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴿27﴾.***

## بەنى قۇرەيزەگە يۈرۈش قىلىشنىڭ بايانى توغرىسىدا

يۇقىرىدا، ئىتتىپاقداش قوشۇن كېلىپ مەدىنىگە ئورۇنلاشقان چاغدا، بەنى قۇرەيزە ئۆزلىرى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدىنى بۇزغانلىقى بايان قىلىنغان ئىدى. ئۇ ھۇيەي ئىبنى ئەختەب نەزەرىنىڭ ئەلچىلىكى بىلەن بولغان ئىدى. ھۇيەي ئۇلارنىڭ سېپىلىغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئاقساقلى كەئب ئىبنى ئەسەد بىلەن تاكى ئۇ ئەھدىنى بۇزۇشقا ماقۇل بولغىچە سۆھبەت ئېلىپ باردى. ھۇيەييە ئۇنىڭغا ئېيتقان سۆزىدە: ساڭا ۋاي! مەن ساڭا زامان غەلىبىسىنى ئېلىپ كەلدىم، ساڭا قۇرەيش ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى، غەتەفان ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن كەلدىم. ئۇلار بۇ يەردە مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى تەلتۆكۈس يوقاتقۇچە تۇرىدۇ، دېدى. كەئب ئۇنىڭغا: اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بەلكى سەن ماڭا زامان خارلىقىنى ئېلىپ كەلدىڭ، ساڭا ۋاي، ئى ھۇيەي! سەن ھەقىقەتەن شۇم پېشانە ئادەمسەن، بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلاشمىغىن، دېدى. ھۇيەي ئۇنىڭغا داۋاملىق ھىيلە ئىشلىتىپ، ئاخىرى ئۇنىڭ ماقۇللىقىنى ئالدى. ھۇيەي ئۇنىڭغا ئەگەر ئىتتىپاقداش قوشۇن غەلىبە قىلالماي كېتىپ قالسا، ئۆزى ئۇلار بىلەن بىرگە سېپىلغا كىرىپ ئۇلارغا باشلامچىلىق قىلىدىغانلىقىنى شەرت قىلدى.

قۇرەيزە قەبىلىسى ئەھدىنى بۇزغاندا، بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ كەيپىياتىنى يامانلاشتۇرۇۋەتتى. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا ئىنتايىن ئېغىر كەلدى. اللّٰه تائالا پەيغەمبىرىنى قوللاپ، ئۇنىڭغا نۇسرەت ئاتا قىلىپ، دۈشمەنلەرنى خاپا ھالەتتە ئەڭ چوڭ زىيان بىلەن ئۈمىدسىز ھالدا قايتۇرغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەپەر ۋە غەلىبە ئىچىدە مەدىنىگە يېنىپ كەلدى. كىشىلەر قوراللىرىنى قويۇشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممى سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە ئەنە شۇ جەڭنىڭ ھارغىنلىقىنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن يۇيۇنۇۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭ ئالدىغا

www.munber.org

تۇيۇقسىزلا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام يېپەك سەللە كىيگەن ۋە ئۇنىڭ ئۇچى بىلەن ئىككىنى تاڭغان، يىپەك يوپۇق سېلىنغان قېچىر ئۈستىگە مىنگەن ھالدا پەيدا بولدى ـ دە، مۇنداق دېدى: ئى الله نىڭ پەيغەمبەرى! قورالنى قويۇپ بولدۇڭمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېدى. جىبرىئىل: لېكىن پەرىشتىلەر تېخى قوراللىرىنى قويمىدى، بۇ مېنىڭ ئادەملەرنى سەپەرۋەرلىك قىلىش ئۈچۈن ھازىرلا كېلىشىم، دېدى. ئاندىن ئۇ: بۇيۇك ۋە يۈكسەك الله ھەقىقەتەن سېنى بەنى قۇرەيزەنىڭ ئۈستىگە ئاتلىنىشقا بۇيرۇيدۇ، دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە جىبرىئىل ئۇنىڭغا: جەڭچىلەر نامىدىن ساڭا ئۆزرە ئېيتىمەن، قوراللىرىڭلارنى قويۇپ بولدۇڭلارمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېدى. ئۇ: لېكىن بىز تېخى قوراللىرىمىزنى قويغىنىمىز يوق، ئۇلار تەرەپكە ئاتلان، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قەيەرگە؟» دېدى. ئۇ: بەنى قۇرەيزىگە، الله تائالا ھەقىقەتەن ماڭا ئۇلارنى قاتتىق سىلكىشكە ئەمرى قىلدى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئادەملەرنى بەنى قۇرەيزىگە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇ يەر مەدىنىدىن بىر قانچە مىل يىراقلىقتا ئىدى. ئۇ پېشىن نامىزىدىن كېيىنكى ۋاقىت بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەردىن بىرىمۇ ئادەم قالماي ئەسىر نامىزىنى چوقۇم بەنى قۇرەيزىدە ئوقۇسۇن» دېدى. ئادەملەر يولغا چىقتى، يول ئۈستىدە ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى كىردى.

بەزىلەر: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت بىزنىڭ تېز مېڭىشىمىزنى كۆزدە تۇتۇپ شۇنداق دېگەن دەپ نامازنى يول ئۈستىدە ئوقۇۋالدى. قالغانلار: بىز بۇ نامازنى پەقەت بەنى قۇرەيزىدە ئوقۇيمىز، دېدى. ھەر ئىككى تەرەپتىن ھېچكىم ئەيىبلەنمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئۇلار بىلەن يولغا چىقتى، مەدىنىگە ئىبنى ئۇممى مەكتۇمنى مەسئۇل قىلىپ قالدۇردى. بايراقنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبقا تۇتقۇزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ، ئۇلارنى 25 كېچە ـ كۈندۈز مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇ مۇھاسىرە ئۇزاق داۋام قىلغاچقا ئۇلار ئەۋس قەبىلىسىنىڭ كاتتىسى بولغان سەئد ئىبنى مۇئازئەۋسىنىڭ ھۆكمىگە قانائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. چۈنكى، ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەۋس قەبىلىسىنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئىدى. ئۇلار سەئدنى ھۆكۈمدە ئۆزلىرىگە ياخشىلىق قىلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بەنى قەينۇقانى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغان ئىدى. شۇڭابەنى قۇرەيزىمۇ سەئدنى ئۆزلىرىگە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي بەنى قەينۇقاغا ياخشىلىق قىلغاندەك ياخشىلىق قىلىدۇ دەپ ئويلىدى. ئۇلار سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىلەك تومۇرىغا خەندەك ئۇرۇشى كۈنلىرىدە ئوق تەگكەنلىكىنى بىلمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەك تومۇرىنى داغلاپ داۋالاپ، ئۇنى يوقلاپ تۇرۇشقا يېقىن بولسۇن ئۈچۈن مەسچىتنىڭ گۈمبىزى ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىدى.

سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دۇئاسىدا: ئى الله! ئەگەر قۇرەيش بىلەن بولغان ئۇرۇشنى داۋام قىلدۇرىدىغان بولساڭ، مېنى ئۇ ئۇرۇش ئۈچۈن قالدۇرغىن. ئەگەر بىز بىلەن ئۇلار ئارىسىدىكى ئۇرۇشقا خاتىمە بەرسەڭ، بۇ ئۇرۇشنى قايتا باشلاتقىن، مېنىڭ كۆڭلۈم بەنى قۇرەيزىدىن خاتىرجەم بولمىغىچە جېنىمنى ئالمىغىن، دېگەن ئىدى. الله تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. بەنى قۇرەيزىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەلەپ قىلىپ ئۇنىڭ ھۆكمىگە قانائەت قىلىدىغانلىقىنى ئۇرۇنلاشتۇرۇپ بەردى. ئەنە شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۇلارغا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن مەدىنىدىن چاقىرتىپ كەلدى. ئۇ ساھابىلار توقۇپ تەييارلاپ بەرگەن ئېشەككە مىنىپ كەلگەن چاغدا، ئەۋسلىكلەر ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، مۇنداق دېيىشكە باشلىدى: «ئى سەئد! بەنى قۇرەيزە سېنىڭ ئىتتىپاقدىشىڭ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغىن»

www.munber.org

ئەۋسلىكلەر ئۇنى بەنى قۇرەيزىگە كۆيىنىشكە ۋە شەپقەت قىلىشقا ئۈندەيتتى. ئۇ بولسا جىم تۇرۇۋېلىپ ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرمايتتى. ئۇلار ئۇنىڭغا جىق گەپ قىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ: ھازىر ئىختىيار سەئدنىڭ، ئۇ اللہ يولىدا مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىگە ئۇچرىمىسۇن، دېدى. ئۇلار ئۇنىڭ بەنى قۇرەيزىلىكلەرنىڭ ھايات قېلىشىنى خالىمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بار چېدىرغا يېقىنلاشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «باشلىقىڭلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار» دېدى. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورنىدىن تۇرۇشتى. ئۇنىڭ بەنى قۇرەيزىگە قىلغان ھۆكمىنىڭ ئەڭ ئۈتكۈر كۈچلۈك بولۇشى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئۇنى كاتتا ئىكرام ۋە ھۆرمەت بىلەن قارشىلىق ئورنىغا ئولتۇرغۇزدى. ئۇ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بەنى قۇرەيزىنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «ھەقىقەتەن ئاۋۇلار سېنىڭ ھۆكمىڭگە قانائەت قىلماقچى بولدى. ئۇلارغا خالىغىنىڭ بويىچە ھۆكۈم قىلغىن» دېدى. ئۇ: ئۇلارغا قىلغان ھۆكمىم ئىجرا قىلىنامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېدى. ئۇ: بۇ چېدىر ئىچىدىكى كىشىلەرگىمۇ ئىجرا قىلىنامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇرغان تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كاتتا ھۆرمەت ۋە ئىكرام بىلدۈرگەنلىكتىن، ئۇنىڭغا يۈزمۇيۈز قارىماي تۇرۇپ: ئاۋۇ يەردە ئولتۇرغان كىشىگىمۇ ئىجرا قىلىنامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھەئە» دېدى. ئاندىن ئۇ: مەن ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ جەڭچىلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە، باللىرىنىڭ ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ ئولجا ئېلىنىشىغا ھۆكۈم قىلىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھەقىقەتەن اللہ تائالانىڭ يەتتە ئاسماننىڭ ئۈستىدىكى ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلدىڭ» دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «ھەقىقەتەن پادىشاھ اللہ تائالانىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلدىڭ» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنى ئورا كولاشقا ئەمرى قىلدى. يەرگە ئورىلار قېزىلدى. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلار قوللىرى ئارقىسىغا باغلانغان ھالدا ئېلىپ كېلىنىپ، بويۇنلىرىدىن چېپىپ تاشلاندى. ئۇلار 700 بىلەن 800 ئارىلىقىدا ئادەم ئىدى. بۇرۇتى خەت تارتمىغانلار، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ۋە مال ـ مۈلكى بىلەن قوشۇپ ئولجا ئېلىندى. بۇنىڭ ۋەقەلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھال كىتابىدا ئەتراپلىق دەلىللەر ۋە ھەدىسلەر بىلەن تەپسىلي بايان قىلىنغاندۇر. بىز ئۇنى يۇقىرىدا قىسقا ۋە ئاددى قىلىپ بايان قىلدۇق. جىمى ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە اللہ تائالاغا مەنسۇپتۇر.

﴿**اللہ ئەھلى كىتابتىن مۇشرىكلارغا ياردەم بەرگەنلەرنى (يەنى رەسۇلۇللا بىلەن قىلغان ئەھدىنى بۇزغان بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنى) قورغانلىرىدىن چۈشۈردى**﴾ يەنى ئۇلار ئىتتىپاقداش قوشۇنغا ياردەم بەرگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇشتا ئۇلارغا يار ـ يۆلەكتە بولغان بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى بولۇپ، ئۇلار بەنى ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى خېلى بۇرۇنلا ئۇممى پەيغەمبەرگە ئەگىشىش تەمەسىدە ھىجاز زېمىنىغا يەرلەشكەن ئىدى. ئۇلار ئۇ پەيغەمبەرنىڭ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە كىتابلىرى تەۋرات بىلەن ئىنجىلدا يېزىلغىنىنى بىلەتتى: ﴿ئۇلار بىلىدىغان (يەنى تەۋراتتا سۈپىتى بايان قىلىنغان) پەيغەمبەر كەلگەن چاغدا ئۇنى ئىنكار قىلدى﴾[1] ئۇلارغا اللہ تائالانىڭ لەنىتى بولسۇن!

﴿**ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالدى**﴾ ئۇ خەۋپتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن مۇشرىكلار بىلەن بىرلەشتى. بىلىدىغان ئادەمدىن كېلىدىغان زىيان بىلەن بىلمەيدىغان ئادەمدىن كېلىدىغان زىيان ئوخشاش ئەمەس. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ئەنسىرەتتى. دۇنيادا ئەزىز ياشاش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇندى، ئىش ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىنىڭ دەل

[1] سۈرە بەقەرە 89 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەكسىچە بولدى. ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى ئۆزلىرىگەياندى. مۇشرىكلار تېزلا كېتىپ قېلىشىدى، بەنى قۇرەيزىلەر ئۇتتۇرىۋەتكەن قىمارۋازدەك زىيان تارتتى. ئەزىزلىكنى تەلەپ قىلىشىدى، خارلاندى. مۇسۇلمانلارنى تەلتۆكۈس يوقىتىشنى ئىرادە قىلىشىدى، ئاقىۋەت ئۆزلىرى تەلتۆكۈس يوقىتىلدى. بۇ زىيانغا ئاخىرەتتىكى بەختسىزلىكى قوشۇلۇپ، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنتايىن چوڭ زىيانغا ئايلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئۇلارنىڭ) بىر بۆلۈكىنى ئۆلتۈردۈڭلار ۋە بىر بۆلۈكىنى ئەسىر ئالدىڭلار**﴾ ئۆلتۈرۈلگەنلەر جەڭ قىلالايدىغانلاردۇر. ئەسىرگە ئېلىنغانلار بولسا كىچىكلەر ۋە ئاياللاردۇر.

ئىمام ئەھمەد، ئەتىيە قۇرەيزىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇرەيزىلىكلەرنى جازالىغان كۈنى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندىم، ئۇلار مېنىڭ ھەققىمدە شىكايەت قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ماڭا بۇرۇتۇم خەت تارتتىمۇ يوق قاراپ بېقىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار ماڭا قاراپ بۇرۇتۇم خەت تارتمىغانلىقىنى كۆرۈپ، مېنى قويىۋەتتى ۋە ئولجىغا قوشىۋەتتى. بۇنى ئىمام ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ مۇشۇنداق رىۋايەت قىلدى.

﴿**الله سىلەرگە ئۇلارنىڭ زېمىنىنى، قورۇ ـ جايلىرىنى، مال مۈلۈكلىرىنى ۋە (تېخى) سىلەرنىڭ قەدىمىڭلار دەسسەپ باقمىغان زېمىننى مىراس قىلىپ بەردى**﴾ يەنى سىلەر ئۇلارنى ئۆلتۈرگەنلىكىڭلار ئۈچۈن، الله ئۇ نەرسىلەرنى سىلەرنىڭ قىلىپ بەردى. مالىك، زەيد ئىبنى ئەسلەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەتتىكى دەسسەپ باقمىغان زېمىن دېگەن سۆزدىن خەيبەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. مەككە دېگەنلەرمۇ بار. ئىبنى جەرىر: ئۇ جايلارنىڭ ھەممىسى كۆزدە تۇتۇلسىمۇ دۇرۇس، دېدى. ﴿**الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر**﴾.

* * * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِىُّ قُل لِّأَزْوَٰجِكَ إِن كُنتُنَّ تُرِدْنَ ٱلْحَيَوٰةَ ٱلدُّنْيَا وَزِينَتَهَا فَتَعَالَيْنَ أُمَتِّعْكُنَّ
وَأُسَرِّحْكُنَّ سَرَاحًا جَمِيلًا ﴿٢٨﴾ وَإِن كُنتُنَّ تُرِدْنَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَٱلدَّارَ ٱلْـَٔاخِرَةَ فَإِنَّ ٱللَّهَ أَعَدَّ
لِلْمُحْسِنَـٰتِ مِنكُنَّ أَجْرًا عَظِيمًا ﴿٢٩﴾

*ئى پەيغەمبەر! (ئارتۇق خىراجەت سوراپ سېنى رەنجىتكەن) ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (يەنى پاراۋان تۇرمۇشنى) ۋە دۇنيانىڭ زىبۇ زىننىتىنى كۆزلىسەڭلار، كېلىڭلار، سىلەرگە بىر ئاز نەرسە بېرەي، سىلەرنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرەي*[28]. *ئەگەر سىلەر اللە نى ۋە اللە نىڭ پەيغەمبىرىنى، ئاخىرەت يۇرتىنى ئىختىيار قىلساڭلار، اللە ھەقىقەتەن ئىچىڭلاردىكى ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا چوڭ ساۋابنى (يەنى كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ئىنسانىنىڭ كۆڭلىگە كەلمىگەن نازۇ نېمەتلەر بار جەننەتنى) تەييار قىلدى»*[29].

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنى تاللاش ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىشى توغرىسىدا

بۇ، بۇيۇك ۋە يۈكسەك الله تەرىپىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ ئاياللىرىنى قويۇپ بېرىدىغانلىقى، ئاندىن بۇ ئاياللارنىڭ ئۆزلىرىنى دۇنيانىڭ پاراۋان تۇرمۇشىغا ۋە دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرىگە ئېرىشتۈرىدىغان باشقا بىرىنىڭ يېنىغا بېرىشى ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا قىلىپ تۇرمۇشنىڭ يوقسۇللىقىنىڭ دەردىگە سەۋر قىلىشى، بۇنداق قىلغاندا ئۇلارغا الله تائالانىڭ

www.munber.org

ھۇزۇرىدا تولۇق ساۋاب بارلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللاش ئىختىيارىنى ئاياللىرىغا بېرىشى ئۈچۈن قىلىنغان بۇيرۇقتۇر.

ئۇلار الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن ۋە ئۇلارنى رازى قىلسۇن! الله تائالانى، الله تائالانىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە ئاخىرەت يۇرتىنى ئىختىيار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا ئۇلارغا دۇنيانىڭ ياخشىلىقى بىلەن ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى بىرلەشتۈرۈپ ئاتا قىلدى.

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاياللىرىغا تاللاش ئىختىيارلىقىنى بېرىشنى بۇيرۇغان چاغدا، ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىختىيارلىقنى بېرىشنى مەن بىلەن باشلاپ: «مەن ھەقىقەتەن سىزگە بىر ئىشنى ئەسلەتمەكچى، سىز ئاتا ـ ئانىڭىزغا مەسلىھەت سالمىغىچە ئالدىراپ بىر قارار چىقارماسلىقىڭىز لازىم» دېدى. ئۇ ئاتا ـ ئانامنىڭ مېنى ئۇنىڭدىن ئاجرىشىشقا بۇيرۇمايدىغانلىقىنى ئەلۋەتتە بىلەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله تائالا ھەقىقەتەن **﴿ئى پەيغەمبەر! (ئارتۇق خىراجەت سوراپ سېنى رەنجىتكەن) ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (يەنى پاراۋان تۇرمۇشنى) ۋە دۇنيانىڭ زىبۇزىننىتىنى كۆزلىسەڭلار، كېلىڭلار، سىلەرگە بىر ئاز نەرسە بېرەي سىلەرنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرەي. ئەگەر سىلەر الله نى ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى، ئاخىرەت يۇرتىنى ئىختىيار قىلساڭلار، الله ھەقىقەتەن ئىچىڭلاردىكى ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا چوڭ ساۋابنى (يەنى كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كەلمىگەن نازۇ نېمەتلەر بار جەننەتنى) تەييار قىلدى﴾** دەيدۇ، دېدى. مەن ئۇنىڭغا: بۇنىڭ قايسىسىدا ئاتا ـ ئانامغا مەسلىھەت سالىمەن؟ مەن چوقۇم الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى، ئاخىرەت يۇرتىنى خالايمەن، دېدىم. ئىمام بۇخارى يەنە بىر رىۋايەتتە ئائىشەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى قوشتى: ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئاياللىرىمۇ ماڭا ئوخشاشلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىختىيار قىلدى.

ئىمام ئەھمەد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئىختىيارلىقنى بەردى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىختىيار قىلدۇق. ئۇ بۇ ئىختىيارلىقنى بىزگە تالاق ئورنىدا ھېسابلىمىدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇبەكرى كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يېنىغا كىرىش ئۈچۈن ئىزنى سورىدى. ئادەملەر بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆيدە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭغا ئىزنى بېرىلمىدى. ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ ئۇمۇ ئىزنى سورىدى. ئۇنىڭغىمۇ ئىزنى بېرىلمىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرگە بىراقلا ئىزنى بېرىلدى. ئۇلار ئۆيگە كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا ئولتۇراتتى. ئاياللىرى ئۇنىڭ چۆرىسىدە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىمجىت ئىدى. ئۆمەر: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چوقۇم بىرگەپ قىلاي ـ دە، ئۇ كۈلۈپ تاشلىسۇن، دېدى. ئۆمەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر زەيدىنىڭ قىزى، ئۆمەرنىڭ ئايالىنىڭ ھازىرنىڭ ئۆزىدە مەندىن نەپىقە سورىغانلىقىنى كۆرسەم ئۇنىڭ گەدىنىگىلا ئۇراتتىم دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈپ كەتتى. ھەتتا ئۇنىڭ ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالدى. ئۇ: «ئۇلار چۆرەمدە مەندىن نەپىقە سوراۋاتىدۇ» دېدى. ئاندىن ئەبۇبەكرى ئائىشەنى، ئۆمەر ھەفسىنى ئەدەپلەپ قويۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇشتى. ئۇ ئىككىسى تەڭلا ئائىشە بىلەن ھەفسىگە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنىڭدا يوق

www.munber.org

نەرسىنى سوراۋاتامسىلەر؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەرنى توسۇۋالدى. ئاياللار: اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ يىغىلىشتىن كېيىن بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنىڭدا يوق نەرسىنى سورىمايمىز، دېيىشتى. ئاندىن: غالىب ۋە بۈيۈك اللہ تاللاش ئىختىيارىنى قويۇش ئايىتىنى نازىل قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىختىيارلىقنى بېرىشنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن باشلاپ: «مەن ھەقىقەتەن سىزگە بىر ئىشنى ئەسلىتىمەن، ئۇ ئىشتا ئاتا ـ ئانىڭىزغا مەسلىھەت سالمىغىچە ئالدىراپ بىر قارارغا كېلىشىڭىزنى ياقتۇرمايمەن» دېدى. ئائىشە: نېمە ئىش ئۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: **﴿ئى پەيغەمبەر! (ئارتۇق خىراجەت سوراپ سېنى رەنجىتكەن) ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (يەنى پاراۋان تۇرمۇشنى) ۋە دۇنيانىڭ زىبۇ زىننىتىنى كۆزلىسەڭلار، كېلىڭلار، سىلەرگە بىر ئاز نەرسە بېرەي، سىلەرنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرەي﴾** دېگەن بۇ ئىككى ئايەتنى ئوقۇپ بەردى. ئائىشە ئاتا ـ ئانامغا سەن توغرۇلۇق مەسلىھەت سالامدىم؟ شەكسىزكى، مەن اللہ تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىختىيار قىلىمەن. سەندىن مەن ئىختىيار قىلغان نەرسىنى باشقا ئاياللىرىڭدىن بىرەرسىگە دېمەسلىكىڭنى سورايمەن دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن اللہ تائالا مېنى قىيىنلاشتۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتمىدى، لېكىن مېنى ئۆگەتكۈچى ۋە ئاسانلاشتۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئاياللاردىن بىرەرسى سىز ئىختىيار قىلغان نەرسىنى سوراپ قالسىلا، ئۇنى ئۇنىڭغا دەپ بېرىمەن» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ۋە نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىكرىمە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نىكاھىدا توققۇز خوتۇن بار ئىدى، بەشى قۇرەيشتىن بولۇپ، ئۇلار ئائىشە، ھەفسە، ئۇممى ھەبىبە، سەۋدە ۋە ئۇممە سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىلەر ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نىكاھىدىكى باشقا ئاياللار بەنى نەزىر قەبىلىسىدىن ھۇيەيىنىڭ قىزى سەفىيە، ھىلال قەبىلىسىدىن ھارىسنىڭ قىزى مەيمۇنە، ئەسەد قەبىلىسىدىن جەھشىنىڭ قىزى زەينەب ۋە مۇستەلقىيە قەبىلىسىدىن ھارىسنىڭ قىزى جۇۋەيرىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىلەر ئىدى.

* * * * * * *

يَـٰنِسَآءَ ٱلنَّبِيِّ مَن يَأْتِ مِنكُنَّ بِفَـٰحِشَةٍ مُّبَيِّنَةٍ يُضَـٰعَفْ لَهَا ٱلْعَذَابُ ضِعْفَيْنِ ۚ وَكَانَ ذَٰلِكَ
عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرًا ﴿٣٠﴾ ۞ وَمَن يَقْنُتْ مِنكُنَّ لِلَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَتَعْمَلْ صَـٰلِحًا نُّؤْتِهَآ أَجْرَهَا مَرَّتَيْنِ
وَأَعْتَدْنَا لَهَا رِزْقًا كَرِيمًا ﴿٣١﴾

*ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى! ئىچىڭلاردىن كىمكى ئاشكارا قەبىھ ئىشنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، بۇ اللہ غا ئاساندۇر﴿30﴾. سىلەردىن كىمكى اللہ غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا ۋە ياخشى ئەمەل قىلسا،ئۇنىڭغا ساۋابنى ئىككى قاتلاپ بېرىمىز، ئۇنىڭغا (جەننەتتە) ئېسىل رىزىق تەييارلىدۇق﴿31﴾.*

www.munber.org

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ باشقا ئاياللارغا ئوخشاش ئەمەس ئىكەنلىكى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا، ئۇلار الله تائالانى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە ئاخىرەت يۇرتىنى ئىختىيار قىلغان، ئۇلارنىڭ ئىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نىكاھىدا مۇقىملاشقان، ئاندىن ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ھۆكمىنى، ئۇلارنىڭ باشقا ئاياللاردىن ئالاھىدە پەرقلىق ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىش مۇناسىپ كەلگەن پەيتتە ۋەز - نەسىھەت قىلىپ، ئۇلاردىن كىمكى ئاشكارا قەبىھ ئىشنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئۇ ئايەتتىكى ئاشكارا قەبىھ ئىشتىن كۆڭۈلسىز بولۇپ قېلىش ۋە ناچار ئەخلاق كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى.

نېمىلا بولمىسۇن، ئايەتتىكى شەرتلىك جۈملە نەتىجىنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشىنى تەلەپ قىلمايدىغان شەرتتۇر. مەسىلەن الله تائالانىڭ ﴿ساڭا ۋە سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەر) لەرگە: «ئەگەر سەن الله غا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ» دەپ ۋەھيي قىلىندى﴾[1] ﴿ئەگەر ئۇلار (يەنى شۇ پەيغەمبەرلەر) شېرىك كەلتۈرسە ئىدى، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى، ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتەتتى﴾[2] ﴿«ئەگەر مېھرىبان الله نىڭ بالىسى بولىدىغان بولسا، مەن (ئۇ بالىغا) ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەۋۋىلى بولاتتىم» دېگىن﴾[3] ﴿ئەگەر الله بالا تۇتۇشنى خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، مەخلۇقات ئىچىدىن خالىغانىنى ئىختىيار قىلاتتى. الله (بالا تۇتۇشتىن) پاكتۇر، ئۇ غالىب بىر الله دۇر﴾[4]. دېگەن ئايەتلىرىگە ئوخشاش.

ئۇ ئاياللارنىڭ ئورنى يۇقىرى بولغانلىقى يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ ئورنىنى ۋە يۇقىرى شەرىپىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئەگەر ئۇلاردىن گۇناھ سادىر بولسا، ئۇنىڭغا ئېغىر جازا قوللىنىش مۇناسىپتۇر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئىچىڭلاردىن كىمكى ئاشكارا قەبىھ ئىشنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ**﴾ مالىك، زەيد ئىبنى ئەسلەمنىڭ ﴿**ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ**﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

﴿**بۇ الله غا ئاساندۇر**﴾ يەنى ئوڭاي ۋە قولايدۇر. ئاندىن الله تائالا ئۆزىنىڭ ئادالىتىنى ۋە مەرھەمىتىنى تۆۋەندىكى ئايىتىدە بايان قىلدى: ﴿**سىلەردىن كىمكى الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا**﴾ يەنى الله تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بويسۇنسا، ئۇنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلسا، ﴿**ئۇنىڭغا ساۋابنى ئىككى قاتلاپ بېرىمىز، ئۇنىڭغا (جەننەتتە) ئېسىل رىزىق تەييارلىدۇق**﴾ ئۇ ئاياللار جىمى ئىنسانلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىنىڭ ئۈستىدىكى ئەڭ يۇقىرى تۇرالغۇ، بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىدا بولىدۇ. بۇ جەننەتنىڭ ئەرشكە ئەڭ يېقىن تۇرالغۇ جايلىرىدۇر.

* * * * * * *

[1] سۈرە زۇمەر 65 - ئايەت.
[2] سۈرە ئەنئام 88 - ئايەت.
[3] سۈرە زۇخرۇف 81 - ئايەت.
[4] سۈرە زۇمەر 4 - ئايەت.

www.munber.org

يَٰنِسَآءَ ٱلنَّبِيِّ لَسۡتُنَّ كَأَحَدٖ مِّنَ ٱلنِّسَآءِ إِنِ ٱتَّقَيۡتُنَّ فَلَا تَخۡضَعۡنَ بِٱلۡقَوۡلِ فَيَطۡمَعَ
ٱلَّذِي فِي قَلۡبِهِۦ مَرَضٞ وَقُلۡنَ قَوۡلٗا مَّعۡرُوفٗا ﴿٣٢﴾ وَقَرۡنَ فِي بُيُوتِكُنَّ وَلَا تَبَرَّجۡنَ تَبَرُّجَ ٱلۡجَٰهِلِيَّةِ
ٱلۡأُولَىٰۖ وَأَقِمۡنَ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتِينَ ٱلزَّكَوٰةَ وَأَطِعۡنَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥٓۚ إِنَّمَا يُرِيدُ ٱللَّهُ لِيُذۡهِبَ عَنكُمُ
ٱلرِّجۡسَ أَهۡلَ ٱلۡبَيۡتِ وَيُطَهِّرَكُمۡ تَطۡهِيرٗا ﴿٣٣﴾ وَٱذۡكُرۡنَ مَا يُتۡلَىٰ فِي بُيُوتِكُنَّ مِنۡ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ
وَٱلۡحِكۡمَةِۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ لَطِيفًا خَبِيرًا ﴿٣٤﴾

*ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى! سىلەر باشقا ئاياللارنىڭ ھېچبىرىگە ئوخشىمايسىلەر، سىلەر (يات ئەرلەرگە سۆز قىلغاندا) نازاكەت بىلەن سۆز قىلماڭلار، (نازاكەت بىلەن سۆز قىلساڭلار) دىلىدا نىفاق بار ئادەم (سىلەرگە قارىتا) تەمەدە بولۇپ قالىدۇ، (گۇماندىن خالى) ياخشى سۆزنى سۆزلەڭلار*﴿32﴾. *ئۆيلىرىڭلاردا ئولتۇرۇڭلار، ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، اللە غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئى پەيغەمبەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر! اللە سىلەردىن گۇناھنى ساقىت قىلىشنى ۋە سىلەرنى تامامەن پاك قىلىشنى خالايدۇ*﴿33﴾. *ئۆيلىرىڭلاردا اللە نىڭ ئايەتلىرىدىن ۋە ھېكمەت (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى) تىن ئوقۇلۇۋاتقان نەرسىلەرنى ياد ئېتىڭلار، اللە ھەقىقەتەن سىرلەرنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر*﴿34﴾.

## مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنى باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشقا تېگىشلىك ئەدەپ ـ ئەخلاقلارنى ئۆزلەشتۈرۈشكە بۇيرۇش توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە بۇيرۇغان ئەدەپ ـ ئەخلاقلارنى بايان قىلىدۇ. ئۈممەت ئاياللىرى ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇشتا ئۇلارغا ئەگىشىدۇ. اللە تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا خىتاب قىلىپ، ئۇلارنىڭ اللە بۇيرۇغانىدەك اللە تائالادىن قورقۇشى لازىملىقىنى، باشقا ئاياللاردىن ھېچبىرىنىڭ ئۇلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، پەزىلەت ۋە دەرىجىدە جەھەتتە ئۇلار بىلەن بىر قاتاردا بولالمايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ.

**﴿سىلەر (يات ئەرلەرگە سۆز قىلغاندا) نازاكەت بىلەن سۆز قىلماڭلار﴾** سۇددى ۋە باشقىلار: بۇ ئايەتتىن ئاياللار ئەرلەرگە سۆزلىگەندە ئىنچىكە ۋە ناز بىلەن سۆزلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: **﴿(نازاكەت بىلەن سۆز قىلساڭلار) دىلىدا نىفاق بار ئادەم (سىلەرگە قارىتا) تەمەدە بولۇپ قالىدۇ. (گۇماندىن خالىي) ياخشى سۆزنى سۆزلەڭلار﴾** ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: ياخشىلىق يوللىرىدا چىرايلىق، گۈزەل ۋە ياخشى سۆزنى قىلىڭلار. بۇنىڭ مەنىسى ئايال كىشى يات ئەرلەرگە سۆز قىلغاندا ناز ئارىلاشمىغان سۆزلەرنى سۆزلىشى يەنى ئۇ يات ئەرلەرگە ئۆز ئېرىگە سۆزلىگەندەك سۆزلىمەسلىكى لازىم.

**﴿ئۆيلىرىڭلاردا ئولتۇرۇڭلار﴾** يەنى ئۆيلىرىڭلارنى لازىم تۇتۇڭلار، ھاجەتسىز سىرتقا چىقماڭلار. شەرئىەتنى ھازىرلىغان ھالدا ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە چىقىش يولغا قويغان ھاجەتلەردىن بىرىدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اللە تائالانىڭ ئايال بەندىلىرىنى اللە تائالانىڭ

www.munber.org

مەسچىتلىرىدىن توسماڭلار، ئۇلار مەسچىتكە خۇشپۇراق ئىشلەتمىگەن ھالدا چىقسۇن» يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۇلارنىڭ نامازلىرىنى ئۆيلىرىدە ئوقۇشى ياخشىدۇر».

﴿ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار﴾ مۇجاھىد: ئايال كىشى سىرتقا چىقىپ ئەرلەرنىڭ ئالدىدا مېڭىپ يۈرۈشەتتى. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىقىشىغا ئوخشاشتۇر، دېدى.

قەتادە اللە تائالانىڭ: ﴿ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئۆيلىرىڭلاردىن چىقساڭلار ئۇنداق ياسىنىپ چىقماڭلار. ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىدە سىرتقا تولا چىقاتتى، سۆز ـ ھەرىكىتىدە ناز قىلىپ چىرايلىق ئەركىلەيتتى. اللە تائالا ئۇلارنى ئەنە شۇنداق قىلىشتىن توستى.

مۇقاتىل ئىبنى ھەييان: ئايەتتىكى ياسىنىپ چىقىش دېگەن سۆزدىن ئايال كىشىنىڭ ياغلىقنى بېشىغا چەگمەي سىرتقا چىقىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېمەكتۇر، دېدى. ياغلىق ئۇ ئايالنىڭ بوۋلايكىلىرىنى، ھالقىلىرىنى ۋە بويىنىنى يېپىشى كېرەك ئىدى. بىراق ياغلىق چەگمىگەندە ئۇنىڭ ئۇ نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسى كۆرۈنۈپ قالىدۇ. ئەنە شۇ ياسىنىپ چىقىش دېگەنلىكتۇر.

﴿ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، اللە غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار﴾ اللە تائالا ئۇلارنى دەسلەپتە يامان ئىشتىن توستى، ئاندىن ھېچ شېرىكى بولمىغان يالغۇز اللە تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت ناماز ئوقۇش، ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن ئىبارەت زاكات بېرىش قاتارلىق ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ پەيغەمبەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿ئى پەيغەمبەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر! اللە سىلەردىن گۇناھنى ساقىت قىلىشنى ۋە سىلەرنى تامامەن پاك قىلىشنى خالايدۇ﴾ بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ پەيغەمبەر ئائىلىسىگە كىرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىلدۇر. چۈنكى، ئۇلار بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇشىغا سەۋەبچى بولغۇچىلاردۇر، كېسىپ ئېيتقاندا، سەۋەبنىڭ ئىچىگە سەۋەبنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەبچى بولغانلارمۇ كىرىدۇ.

ئىبنى جەرىر ئىكرىمەنىڭ بازاردا: ﴿ئى پەيغەمبەر ئائىلىسىدىكىلەر! اللە سىلەردىن گۇناھنى ساقىت قىلىشنى ۋە سىلەرنى تامامەن پاك قىلىشنى خالايدۇ﴾ دېگەن ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا خاس نازىل بولدى، دەپ توۋلايدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىبنى ئەبۇھاتەممۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن اللە تائالانىڭ: ﴿ئى پەيغەمبەر ئائىلىسىدىكىلەر! اللە سىلەردىن گۇناھنى ساقىت قىلىشنى ۋە سىلەرنى تامامەن پاك قىلىشنى خالايدۇ﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇشۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت خاسلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ھەققىدە نازىل بولدى.

ئىكرىمە: كىمكى، ئۇ ئايەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى ئىسپاتلاشتا لەنەت ئېيتىشقا چىقىشنى خالىسا، ئۇنىڭ بىلەن لەنەت تىلىشىمەن، دېدى. پەقەت ئاياللار بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇشىغا سەۋەبچىدۇر. لېكىن، كەڭچىلىك ۋە ئومۇمنى كۆزدە تۇتقاندا ئۇلاردىن باشقىلارمۇ ئۇ سەۋەبنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

www.munber.org

ئىبنى جەرىر، شەيبىنىڭ قىزى سەفىيەدىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە قارا قىلدىن توقۇلغان نەقىش قىلىنغان يېپىنچا بار ئىدى. ئاندىن ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قوينىغا يۆگىدى. ئاندىن ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەلدى. ئۇ ئۇنىمۇ شۇنداق قىلدى. ئاندىن فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كەلدى، ئۇ ئۇنىمۇ. ئاندىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەلدى ئۇ ئۇنىمۇ شۇنداق قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ﴿**ئى پەيغەمبەر ئائىلىسىدىكىلەر! اللە سىلەردىن گۇناھنى ساقىت قىلىشنى ۋە سىلەرنى تامامەن پاك قىلىشنى خالايدۇ**﴾ بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىمام مۇسلىم، يەزىد ئىبنى ھەييانىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن، ھۈسەين ئىبنى سەبرە ۋە ئۆمەر ئىبنى مۇسلىم ئۈچىمىز زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمنىڭ يېنىغا باردۇق. بىز ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ھۈسەين ئۇنىڭغا: ئى زەيد! سەن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىققا مۇلاقات بولدۇڭ، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆردۈڭ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدىڭ، ئۇنىڭ بىلەن غازاتقا چىقتىڭ، ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇدۇڭ، ئى زەيد! سەن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىققا مۇلاقات بولدۇڭ. ئى زەيد! بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغانلىرىڭنى سۆزلەپ بەرگىن! دېدى. ئۇ: ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، يېشىم چوڭىيىپ قالدى، ئەجىلىم يېقىنلاشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلاپ تۇتۇۋالغانلىرىمنىڭ بەزىسىنى ئۇنتۇپ قالدىم. مەن سىلەرگە سۆزلەپ بەرگەننى قوبۇل قىلىڭلار، سۆزلىمىگەنىگە ئارتۇق ئاۋارە بولماڭلار، دېدى. ئاندىن ئۇ مۇنداق دېدى: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە بىلەن مەدىنە ئارىسىدىكى خەممەن دەيدىغان يەردىكى سۇ بويىدا خۇتبىگە تۇردى. ئۇ اللە تائالاغا ھەمدۇسانا ئوقۇدى. كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى. اللە تائالانى ئەسلەتتى. ئاندىن مۇنداق دېدى: «ئى ئىنسانلار! بىلىڭلاركى، مەن ھەقىقەتەن ئىنسانمەن، پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىسى ئەزرائىل ماڭا كېلىدىغانغا ئاز قالدى. مەن ئۇنى قوبۇل قىلىشىم كېرەك، مەن سىلەرگە قىممەتلىك ئىككى نەرسىنى قالدۇرۇپ كەتمەكچى، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنچىسى اللە تائالانىڭ كىتابىدۇر. ئۇ كىتابتا ھىدايەت ۋە نۇر بار. اللە تائالانىڭ كىتابىنى تۇتۇڭلار ۋە ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلىڭلار» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى غالىب ۋە بۈيۈك اللەنىڭ كىتابىغا چىڭ ئېسىلىشقا قىزىقتۇردى ۋە رىغبەتلەندۇردى. ئاندىن ئۈچ قېتىم مۇنداق دېدى: «سىلەرگە ئائىلەمدىكىلەر ھەققىدە اللە تائالانى ئەسلىتىمەن، سىلەرگە ئائىلەمدىكىلەر ھەققىدە اللە تائالانى ئەسلىتىمەن».

ھۈسەين ئۇنىڭغا: ئى زەيد! ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر كىم؟ ئۇنىڭ ئاياللىرى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە تەۋە ئەمەسمۇ؟ دېدى. زەيد: ئۇنىڭ ئاياللىرى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە تەۋەدۇر. لېكىن، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە تەۋە كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ سەدىقە يېيىش ھارام قىلىنغان كىشىلەردۇر، دېدى. ھۈسەين: ئۇلار كىملەر؟ دېدى. زەيد: ئۇلار ئەلىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر، ئەقىلنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر، جەئفەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ۋە ئابباسنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردۇر. اللە ئۇلاردىن رازى بولسۇن! دېدى. ھۈسەين ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىگە سەدىقە يېيىش ھارام قىلىنغان كىشىلەرمۇ؟ دېدى. زەيد: ھەئە، دېدى.

www.munber.org

## كىتابقا ۋە سۈننەتكە ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

كىمكى قۇرئاننى ئوبدان مۇلاھىزە قىلسا، ئۇ شەكسىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ: **﴿ئى پەيغەمبەر ئائىلىسىدىكىلەر! ئاللاھ سىلەردىن گۇناھنى ساقىت قىلىشنى ۋە سىلەرنى تامامەن پاك قىلىشنى خالايدۇ﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ ئىچىگە كىرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاياللار ھەققىدە ئايەتنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكى ئايەتلەردىمۇ داۋام قىلىدۇ.

**﴿ئۆيلىرىڭلاردا ئاللاھ نىڭ ئايەتلىرىدىن ۋە ھېكمەت (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى) دىن ئوقۇلىۋاتقان نەرسىلەرنى ياد ئېتىڭلار﴾** بۇ ئايەت ھەققىدە قەتادە ۋە بىر قانچە كىشى مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئۆيلىرىڭلاردا بۇيۈك ۋە يۈكسەك ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىگە نازىل قىلغان ئايەتلەرگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە ئەمەل قىلىڭلار.

ئىنسانلار ئارىسىدىن سىلەرگە ئالاھىدە خاس قىلىنغان بۇ نېمەتنى ئەسلەڭلار. چۈنكى، ۋەھيي باشقا ئىنسانلارنىڭ ئەمەس بەلكى سىلەرنىڭ ئۆيلىرىڭلاردا نازىل بولىدۇ. ئۇ ئاياللارنىڭ ئىچىدىن بۇ نېمەتكە ئەڭ ھەقلىق بولغان، بۇ غەنىمەتكە ئەڭ نېسىۋىدار بولغان ۋە بۇ ئومۇمىي رەھمەتكە ئەڭ خاس ئېرىشكەن ئايال ئەبۇبەكرى سىددىقنىڭ قىزى ئائىشەدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭدىن باشقا ئايالىنىڭ ئۆيىدە ھەقىقەتەن ۋەھيي نازىل بولمىدى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توختىلىپ ئۆتكەن ئىدى. بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەدىن باشقا قىز خوتۇن ئالمىغان، ئائىشە ھاياتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ئەرگە ياتلىق بولمىغان، شۇڭا ئۇ بۇ ئارتۇقچىلىققا ئالاھىدە، خاس ئېرىشتى. ئۇنىڭ بۇ يۈكسەك مەرتىبىگە يالغۇز ئىگە بولۇشى تامامەن مۇناسىپ بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن بولغان يەردە، ئۇنىڭ تۇغقانلىرى بۇ شەرەپكە ئەڭ ھەقلىقتۇر.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇجەمىلەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىنغان چاغدا، ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولدى. ھەسەن ناماز ئوقۇۋاتقان چاغدا تۇيۇقسىزلا بىر ئادەم ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەلدى ـ دە، ئۇنىڭغا خەنجەرنى تىقىۋەتتى. ھۈسەيىننىڭ ئېيتىشىچە ھەسەنگە خەنجەر ئۇرغان ئادەم بەنى ئەسەد قەبىلىسىدىن ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان.

ھەسەن بولسا سەجدىدە ئىدى. ئېيتىلىشىچە خەنجەر ھەسەننىڭ ساغرىسىغا ئۇرۇلغان ئىكەن، ئۇ بىر قانچە ئاي يارا ئاغرىقىنى تارتىپ ئاندىن ساقايدى. ئاندىن ئۇ مۇنبەرگە چىقىپ: ئى ئەھلى ئىراق! بىزگە چېقىلىشتا ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، بىز ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەمىرلىرىڭلارمىز، مېھمىنىڭلارمىز، بىز ئاللاھ تائالانىڭ: **﴿ئى پەيغەمبەر ئائىلىسىدىكىلەر! ئاللاھ سىلەردىن گۇناھنى ساقىت قىلىشنى ۋە سىلەرنى تامامەن پاك قىلىشنى خالايدۇ﴾** دېگەن ئائىلىدىكىلەردىنمىز، دېدى. ھەسەن سۆزلىگەنسېرى مەسچىتتە بىرمۇ ئادەم قالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

**﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مېھرىباندۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾** يەنى ئى ئاياللار! ئاللاھ نىڭ سىلەرگە مېھرىبانلىق قىلىشى بىلەن سىلەر بۇ دەرىجىگە ئېرىشتىڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاشۇ دەرىجىگە لايىق ئىكەنلىكىڭلاردىن خەۋەردار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇنى سىلەرگە بەردى ۋە ئۇنى سىلەرگە خاس قىلدى.

ئىبنى جەرىر مۇنداق دېدى: ئى ئاياللار! سىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى ۋە ھېكمەت (يەنى ھەدىسلەر) ئوقۇلىدىغان ئۆيلەردە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە بەرگەن بۇ نېمىتىنى ئەسلەڭلار. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىڭلار. **﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى**

www.munber.org

**بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾** يەنى الله سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر. چۈنكى، ئۇ سىلەرنى الله تائالانىڭ ئايەتلىرى ۋە سۈننەتتىن ئىبارەت ھېكمەت (يەنى ھەدىسلەر) ئوقۇلىدىغان ئۆيلەردە قىلدى. الله سىلەرنىڭ ھەممە ئەھۋاللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر. چۈنكى، الله سىلەرنى ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە خوتۇنلۇققا تاللىدى.

ئىبنى جەرىر، قەتادىنىڭ ﴿**ئۆيلىرىڭلاردا الله نىڭ ئايەتلىرىدىن ۋە ھېكمەتتىن ئوقۇلىۋاتقان نەرسىلەرنى ياد ئېتىڭلار﴾** دېگەن ئايەت ھەققىدە الله تائالا ئۇلارغا ئەنە شۇ نېمەتنى ئەسلىتىۋاتىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ۋە ئەتىيە ئەۋفىيدىن الله تائالانىڭ ﴿**الله ھەقىقەتەن سىلەرنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾** دېگەن ئايەت ھەققىدە: مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى يوشۇرۇن سىرلارنى ئاشكارىلاشنى بىلگۈچىدۇر. سىرلارنىڭ ئورنىدىن خەۋەرداردۇر.

* * * * * * *

إِنَّ ٱلۡمُسۡلِمِينَ وَٱلۡمُسۡلِمَٰتِ وَٱلۡمُؤۡمِنِينَ وَٱلۡمُؤۡمِنَٰتِ وَٱلۡقَٰنِتِينَ وَٱلۡقَٰنِتَٰتِ وَٱلصَّٰدِقِينَ
وَٱلصَّٰدِقَٰتِ وَٱلصَّٰبِرِينَ وَٱلصَّٰبِرَٰتِ وَٱلۡخَٰشِعِينَ وَٱلۡخَٰشِعَٰتِ وَٱلۡمُتَصَدِّقِينَ وَٱلۡمُتَصَدِّقَٰتِ
وَٱلصَّٰٓئِمِينَ وَٱلصَّٰٓئِمَٰتِ وَٱلۡحَٰفِظِينَ فُرُوجَهُمۡ وَٱلۡحَٰفِظَٰتِ وَٱلذَّٰكِرِينَ ٱللَّهَ كَثِيرٗا
وَٱلذَّٰكِرَٰتِ أَعَدَّ ٱللَّهُ لَهُم مَّغۡفِرَةٗ وَأَجۡرًا عَظِيمٗا ﴿٣٥﴾

***مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللارغا، مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا، تائەت ـ ئىبادەت قىلغۇچى ئەرلەر ۋە تائەت ـ ئىبادەت قىلغۇچى ئاياللارغا، راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا، سەۋر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە سەۋر قىلغۇچى ئاياللارغا، خۇدادىن قورققۇچى ئەرلەر ۋە خۇدادىن قورققۇچى ئاياللارغا، سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەر ۋە سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا، روزا تۇتقۇچى ئەرلەر ۋە روزا تۇتقۇچى ئاياللارغا، نەپسىلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئەرلەر ۋە نەپسىلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئاياللارغا، الله نى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە الله نى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا الله مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى*** ﴿35﴾.

## نازىل بولۇش سەۋەبىنىڭ بايانى توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇممى سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: نېمىشقا بىز (يەنى ئاياللار) قۇرئاندا ئەرلەر تىلغا ئېلىنغاندەك تىلغا ئېلىنمايمىز، دېدىم. ئۇممى سەلەمە سۆزىنى داۋام قىلىپ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ سۆزلىگەن ئاۋازى مېنى چۆچۈتىۋەتتى، شۇ ۋاقىتتا مەن چېچىمنى تاراۋاتاتتىم، دەرھال چېچىمنى يۆگىدىم ـ دە، ئاندىن ھوجرا ئۆيۈمگە چىقىپ، خورما ياغىچىنىڭ تۈۋىدە قۇلاق سېلىشقا باشلىدىم. ئۇ مۇنبەردە تۇرۇپ مۇنداق دەۋاتاتتى: «ئى ئىنسانلار! الله تائالا ھەققەتەن مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللارغا، مۆمىن ئەلەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا...﴾** بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرغىچە. بۇ ھەدىسنى ئىمام نەسەئى ۋە ئىبنى جەرىرمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلدى.

www.munber.org

﴿مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئايالLارغا، مۆمىن ئەلەر ۋە مۆمىن ئايالLارغا...﴾ بۇ ئايەت ئىماننىڭ ئىسلامدىن ئايرىم نەرسە ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. ئىمان ئىسلامدىن خاستۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئەئرابىلار: «ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(تېخى) ئىمان ئېيتمىدىڭلار ۋە لېكىن سىلەر ئىسلامغا كىردۇق دەڭلار، ئىمان تېخى دىلىڭلارغا كىرمىدى»﴾[1].

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «زىناخور زىنا قىلغان چاغدا مۆمىن ھالىتىدە تۇرۇپ زىنا قىلمايدۇ» ئۇ ھالەتتە ئىمان ئۇنىڭدىن ۋاقىتلىق چىقىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنى مۇسۇلمان ئۆلىمالارنىڭ بىرلىككە كەلگەن پەتىۋاسى بىلەن، كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىش كېرەك ئەمەس. بىز سەھىھ بۇخارىنىڭ شەرھىسىنىڭ بېشىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، بۇ ئايەت ۋە ھەدىس ئىماننىڭ ئىسلامدىن خاس ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

﴿تائەت - ئىبادەت قىلغۇچى ئەرلەر ۋە تائەت - ئىبادەت قىلغۇچى ئايالLارغا﴾ بۇ جىمجىتلىق ئىچىدە تائەت - ئىبادەت قىلىش دېمەكتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿(اللهغا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەم ياخشىمۇ؟) ياكى ئاخىرەت (ئازابىدىن) قورقۇپ، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ كېچىنىڭ سائەتلىرىنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان ھالدا ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزگەن ئادەم (ياخشىمۇ؟)﴾[2] ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە الله نىڭدۇر، ھەممە اللهغا بويسۇنغۇچىدۇر﴾[3] ﴿ئى مەريەم! پەرۋەردىگارىڭغا ئىتائەت قىل، سەجدە قىل ۋە رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىل﴾[4] ﴿الله نىڭ ھۇزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار﴾[5].

ئىسلامدىن كېيىنكى ئۆرلەيدىغان دەرىجە ئىماندۇر، ئاندىن تائەت - ئىبادەت ئۇ ئىككىسىدىن پەيدا بولىدۇ. ﴿راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئايالLارغا﴾ بۇ، سۆزلەردە راستچىل بولۇش دېمەكتۇر. راست سۆز ھەقىقەتەن ماختاشقا لايىق خىسلەتتۇر. شۇڭا ساھابىلەرنىڭ بەزىسى جاھىلىيەت دەۋرىدىمۇ، ئىسلام دەۋرىدىمۇ بىر ئېغىز يالغان سۆز قىلمىغان. راستچىللىق ئىماننىڭ بەلگىسىدۇر. شۇنداقلا يالغانچىلىق نىپاقنىڭ بەلگىسىدۇر. كىم راست سۆزلىسە، نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ.

ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «راست سۆزلەڭلار، راستچىللىق ھەقىقەتەن ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق ھەقىقەتەن جەننەتكە باشلايدۇ. يالغانچىلىقتىن ساقلىنىڭلار، يالغانچىلىق ھەقىقەتەن گۇناھقا باشلايدۇ، گۇناھ ھەقىقەتەن دوزاخقا باشلايدۇ. بىر ئادەم ھەمىشە راست سۆزلەيدۇ ۋە راست سۆزلەشكە تىرىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ الله تائالانىڭ دەرگاھىدا سىددىق (يەنى ئەڭ راستچىل) دەپ يېزىلىدۇ. بىر ئادەم ھەمىشە يالغان سۆزلەيدۇ ۋە يالغان سۆزلەشكە تىرىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ الله تائالانىڭ دەرگاھىدا كەززاب (يەنى ئەڭ يالغانچى) دەپ يېزىلىدۇ» بۇ ھەقتە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپتۇر.

﴿سەۋر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە سەۋر قىلغۇچى ئايالLارغا﴾ مانا بۇ، باتۇر ئادەملەرنىڭ ئەخلاقىدۇر. ئۇ ئەخلاق مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىش، تەقدىر قىلىنغان ئىش چوقۇم بولىدۇ دەپ بىلىش، تەقدىرگە سەۋرچانلىق ۋە چىدامچانلىق بىلەن بەرداشلىق بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. بىرىنچى قېتىم مۇسىبەتكە يولۇققاندا ئۇنىڭغا سەۋر قىلىش ھەقىقەتەن تەس بولىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭدىن كېيىنكى مۇسىبەتكە سەۋر

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات 14 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە زۇمەر 9 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە رۇم 26 - ئايەت.
[4] سۈرە ئال ئىمران 43 - ئايەت.
[5] سۈرە بەقەرە 238 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

قىلىش ئالدىنقىسىغا قارىغاندا ئاسان توختايدۇ. بۇ، ئەخلاقنىڭ تەكامۇللاشقانلىقى ۋە مۇستەھكەملەشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

﴿الله دىن قورققۇچى ئەرلەر ۋە الله دىن قورققۇچى ئاياللارغا﴾ بۇ ئايەتتىكى قورقۇشتىن جىمجىتلىق، خاتىرجەملىك، تەمكىنلىك، ئېغىر ـ بېسىقلىق ۋە كەمتەرلىك قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. الله تائالادىن ۋە ئۇنىڭ كۈزىتىپ تۇرىدىغانلىقىدىن قورقۇش ئىنساننى بۇ خىسلەتلەرگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «الله تائالاغا گوياكى سەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلغىن. سەن ئۇنى كۆرمىسەڭمۇ، ئۇ سېنى ھەقىقەتەن كۆرۈپ تۇرىدۇ».

﴿سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەر ۋە سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا﴾ سەدىقە بېرىش دېگەنلىك قول ئىلكىدە يوق، كەسىپ قىلالمايدىغان، ئاجىز، موھتاج كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇلار الله تائالاغا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭ مەخلۇقاتىغا ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن ئارتۇق مال ـ مۈلكىدىن موھتاجلارغا سەدىقە بېرىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالانىڭ سايىسىدىن باشقا سايە يوق كۈندە الله تائالا يەتتە تۈرلۈك كىشىلەرگە سايە بېرىدۇ. ئۇلار تىلغا ئېلىنىپ ئۆتۈلدى. بىر ئادەم سەدىقە بېرىدۇ، ئۇنى مەخپىي بەرگەنلىكتىن ھەتتا ئۇنىڭ سول قولى ئوڭ قولى بەرگەن نەرسىنى بىلمەيدۇ»[1].

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق ئېيتىلغان: «سۇ خۇددى ئوتنى ئۆچۈرگەندەك، سەدىقە خاتالىقنى ئۆچۈرىدۇ» سەدىقە بېرىشكە قىزىقتۇرىدىغان ھەدىسلەر يەنە ئىنتايىن كۆپتۇر.

﴿روزا تۇتقۇچى ئەرلەر ۋە روزا تۇتقۇچى ئاياللارغا﴾ ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «روزا بەدەننىڭ زاكىتىدۇر» يەنى روزا بەدەننى تەبىئىي ۋە شەرئى جەھەتتە ئۇنىڭغا ئارىلىشىپ قالغان رەزىل نەرسىلەردىن تازىلايدۇ، بەدەننى پاكلايدۇ ۋە ساپلاشتۇرىدۇ.

سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دېگەن: كىم رامىزاننىڭ روزىسىنى تۇتسا ۋە ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتسا، ئۇ الله تائالانىڭ: ﴿روزا تۇتقۇچى ئەرلەر ۋە روزا تۇتقۇچى ئاياللارغا﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ياشلار جامائەسى! سىلەردىن كىمكى ئۆيلىنىشكە قادىر بولالىسا، ئۆيلەنسۇن، ئۆيلىنىش ھەقىقەتەن كۆزنى نامەھرەملەردىن يىغىشقا، ئەۋرەتنى ھارامدىن ساقلاشقا ئەڭ پايدىلىقتۇر. كىمكى ئۆيلىنىشكە قادىر بولالمىسا، ئۇنداقتا روزا تۇتۇشى لازىم. روزا ھەقىقەتەن ئۇنى ھارام ئىشتىن توسىدۇ» دېگەندەك روزىسىنىڭ شەھۋەتنى بېسىشقا ئەڭ چوڭ ياردىمى بولغانلىقى ئۈچۈن، روزا تۇتقۇچىلاردىن كېيىن تۆۋەندىكى كىشىلەرنى بايان قىلىش تازا مۇناسىپ كەلدى.

﴿نەپسىلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئەرلەر ۋە نەپسىلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئاياللارغا﴾ يەنى بۇ ئايەت، يولغا قويۇلغان ھالال نىكاھتىن سىرتقى ھارام ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن ساقلانغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. پەقەت خوتۇنلىرى ۋە چۆرىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا (ئۆزلىرىنىڭ خوتۇنلىرى ۋە چۆرىلىرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغانلار) مالامەت قىلىنمايدۇ. (جىنسىي تەلۋىنى قاندۇرۇشنى) بۇنىڭ سىرتىدىن تىلىگۈچىلەر ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر﴾[2].

[1] بۇ ھەدىس سەدىقە قانچىلىك مەخپىي بېرىلسە ۋە مەخپىي تۇتۇلسا، ئۇنىڭ ساۋابىنىڭ شۇنچىلىك چوڭ ۋە كاتتا بولىدىغانلىقى ئىپادىلەيدۇ.
[2] سۈرە مەئارىج 29 — 31 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

﴿**اللہ نى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە اللہ نى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا**﴾ ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئېرى خوتۇنىنى كېچىدە ئويغىتىپ ئاندىن ئۇ ئىككىسى ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، شۇ كېچىدە ئۇلار اللہ تائالانى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە اللہ نى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللار قاتارىغا يېزىلىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنىڭ يولىدا كېتىۋاتاتتى. ئۇ جۇمدان دېگەن يەرگە كەلگەندە: «بۇ جۇمداندۇر، يۈرۈڭلار، مۇفەررىدلەر ھەقىقەتەن ئىلگىرىلەپ كەتتى» دېدى. ساھابىلەر: مۇفەررىدلەر كىم؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللہ تائالانى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە اللہ تائالانى كۆپ زىكىر قىلغۇچى ئاياللاردۇر» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى اللہ! بېشىنى چۈشۈرگەنلەرگىمۇ مەغپىرەت قىلغىن»[1] دېدى. ساھابىلار چېچىنى قىسقارتقانلارغىمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى اللہ! بېشىنى چۈشۈرگەنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن» دېدى. ساھابىلار: چېچىنى قىسقارتقانلارغىمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «چېچىنى قىسقارتقانلارغىمۇ مەغپىرەت قىلغىن» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿**اللہ مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى**﴾ بۇ، يۇقىرىدىكى مەزكۇر كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدىن بېرىلگەن خەۋەردۇر. يەنى اللہ تائالا ئۇزى تەرىپىدىن ئۇلارغا ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت ۋە ساۋابلىرى ئۈچۈن كاتتا جەننەت تەييارلىدى.

* * * * * * *

وَمَا كَانَ لِمُؤۡمِنٖ وَلَا مُؤۡمِنَةٍ إِذَا قَضَى ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥٓ أَمۡرًا أَن يَكُونَ لَهُمُ ٱلۡخِيَرَةُ مِنۡ أَمۡرِهِمۡۗ وَمَن يَعۡصِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَقَدۡ ضَلَّ ضَلَٰلٗا مُّبِينٗا ﴿٣٦﴾

***اللہ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى اللہ ۋە اللہ نىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى اللہ غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ***﴿36﴾.

## نازىل بولۇشىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇبەرزە ئەسلەمىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: جۇلەيبىب ھەقىقەتەن ئاياللارنىڭ يېنىغا كىرىۋېرىدىغان، ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇلارغا چاقچاق قىلىدىغان ئادەم ئىدى. مەن ئايالىمغا جۇلەيبىب يېنىڭلارغا ھەرگىز كىرمىسۇن، ئەگەر ئۇ يېنىڭلارغا كىرىدىغان بولسا، ئۇنى ھەرگىز بوش قويمايمەن، دېدىم. ئەگەر ئەنسارىلاردىن بىرىنىڭ تۇرمۇشقا چىقمىغان ياكى تۇل قالغان قىزى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ قىزغا كۆڭلى بار ياكى يوقلۇقىنى بىلمىگىچە، ئۇنى ياتلىق قىلمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارىلاردىن بىر ئادەمگە: «قىزىڭنى ماڭا بەرگىن» دېدى. ئۇ ئادەم: بولىدۇ، ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! ساڭا بولغان ھۆرمىتىم ۋە ئىكرامىم ئۈچۈن ئۇنى ساڭا بېرەي،

---

[1] بۇلاردىن ھەج پائالىيىتىدە ئېھرامدىن چىققان چاغدا بېشىنى چۈشۈرگەنلەرمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

www.munber.org

دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ئۇنى ئۆزەمگە دەۋاتقىنىم يوق» دېدى. ئۇ: ئەمىسە كىم ئۈچۈن؟ ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جۇلەيبىبكە» دېدى. ئۇ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن مەسلىھەت قىلاي، دېدى. ئاندىن ئۇ قىزنىڭ ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزىڭغا تەلەپ قويۇۋاتىدۇ، دېدى. خوتۇنى: بولىدۇ، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ بېرەيلى، دېدى. ئېرى: ئۇ قىزىڭنى ئۆزىگە تەلەپ قىلىۋاتقىنى يوق، ئۇنى جۇلەيبىبكە تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، دېدى. خوتۇنى: ئۇنىڭغا ياتلىق قىلمايلى، دېدى. ئۇ ئادەم قىزنىڭ ئانىسىنىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقاندا، قىز: كىم مېنى تەلەپ قىلىپ سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا كەلدى؟ دېدى. ئانىسى قىزىغا ئەھۋالنى خەۋەر قىلدى. قىز: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىنى رەت قىلامسىلەر؟ مېنى ئۇنىڭغا بېرىڭلار، ئۇ مېنى ھەرگىز زىيانغا ئۇچراتمايدۇ، دېدى. قىزنىڭ ئاتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىپ، قىزنىڭ ئىشى سىزنىڭ ئەمرىڭ بويىچە بولسۇن، دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ قىزنى جۇلەيبىبكە نىكاھ قىلىپ قويدى.

كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غازاتقا چىقتى، الله ئۇنىڭغا غەنىمەت ئاتا قىلىۋىدى ئۇ ساھابىلىرىگە: «سىلەر يوقىتىپ قويغان ئادەم بارمۇ؟» دېدى. ئۇلار: پالانى، پالانىنى يوقىتىپ قويدۇق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يەنە ئوبدان قاراڭلار، سىلەر يوقىتىپ قويغان ئادەم بارمۇ؟» دېدى. ساھابىلار: ئەمدى يوق دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لېكىن، مەن جۇلەيبىبنى يوقىتىپ قويدۇم، ئۇنى ئۆلۈكلەرنىڭ ئارىسىدىن ئىزدەڭلار، دېدى. كىشىلەر ئۇنى يەتتە دۈشمەننىڭ ئۆلۈكىنىڭ يېنىدىن تاپتى. ئۇ يەتتە دۈشمەننى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن باشقا دۈشمەنلەر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدى». ساھابىلار: ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ مانا، يەتتە دۈشمەننىڭ ئۆلۈكىنىڭ يېنىدا، ئۇ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپتۇ، ئاندىن دۈشمەنلەر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆرە تۇرۇپ: «ئۇ يەتتە دۈشمەننى ئۆلتۈردى. ئاندىن دۈشمەنلەر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇ مەندىن (يەنى مېنىڭ جامائەتمدىن) مەن ئۇنىڭدىن» دەپ ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بىلىكىگە قويدى. ئۇنىڭ يەرلىكى كورلاندى. ئۇنىڭ جەسىتىنى قويىدىغان تاختا بولمىغاچقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىككى بىلىكى بىلەن كۆتۈرۈپ يەرلىكىگە قويدى. جۇلەيبىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جەسىتىنى يۇغانلىقى تىلغان ئېلىنمىدى. سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەنسارىلارنىڭ ئىچىدە جۇلەيبىبنىڭ ئايالىدىن باي تۇل ئايال يوق، ئىدى. ئىسھاق ئىبنى ئابدۇللاھ سابىتقا سۆزلەپ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ ئايالغا قىلغان دۇئاسىنى بىلەمسەن؟ دېدى. سابىت: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى الله ئۇ ئايالغا تامامى ياخشىلىقنى تۆكۈۋەتكىن، ئۇنىڭ تىرىكچىلىكىنى تەسلەشتۈرمىگىن» دەپ دۇئا قىلدى ۋە ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولدى. ئەنسارىلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭدىن باي تۇل ئايال يوق ئىدى، دېدى. ئىمام مۇسلىم ۋە نەسەئىمۇ بۇ ھەدىسنى ”ئەۋزەل ئەمەللەر“ بابىدىكى جۇلەيبىبنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى قىسسىدە رىۋايەت قىلدى.

ھافىز ئىبنى ئابدۇلبەر ”مۇكەممەل“ دېگەن كىتابتا مۇنداق دېدى: قىز ئىچكىرىدىكى ئۆيدە تۇرۇپ ئاتا ـ ئانىسىغا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىنى رەت قىلامسىلەر؟ دېگەن چاغدا بۇ ئايەت نازىل بولدى. ﴿**الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)**﴾ تائۇسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئەسىر نامىدىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش

تۇغرۇلۇق سورىدىم. ئىبنى ئابباس مېنى ئۇ نامازنى ئوقۇشتىن توستى ۋە بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿**اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى اللە ۋە اللە نىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ)**﴾ بۇ ئايەت جىمى ئىشلاردا ئومۇمىيۈزلۈك دەلىلدۇر، يەنى اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىش بىلەن ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشقا يول يوق. ھېچ ئادەمنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى، پىكىر قىلىش ۋە سۆز قىلىشقا بولمايدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾[1] شۇنىڭ ئۈچۈن اللە ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشنى قاتتىق ئەيىبلەپ مۇنداق دېدى: ﴿**كىمكى اللە غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ**﴾.

بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا)چوك بىر پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن﴾[2].

* * * * * * *

وَإِذۡ تَقُولُ لِلَّذِيٓ أَنۡعَمَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِ وَأَنۡعَمۡتَ عَلَيۡهِ أَمۡسِكۡ عَلَيۡكَ زَوۡجَكَ وَٱتَّقِ ٱللَّهَ وَتُخۡفِي فِي نَفۡسِكَ مَا ٱللَّهُ مُبۡدِيهِ وَتَخۡشَى ٱلنَّاسَ وَٱللَّهُ أَحَقُّ أَن تَخۡشَىٰهُۖ فَلَمَّا قَضَىٰ زَيۡدٞ مِّنۡهَا وَطَرٗا زَوَّجۡنَٰكَهَا لِكَيۡ لَا يَكُونَ عَلَى ٱلۡمُؤۡمِنِينَ حَرَجٞ فِيٓ أَزۡوَٰجِ أَدۡعِيَآئِهِمۡ إِذَا قَضَوۡاْ مِنۡهُنَّ وَطَرٗاۚ وَكَانَ أَمۡرُ ٱللَّهِ مَفۡعُولٗا ﴿٣٧﴾

***ئۆز ۋاقتىدا سەن اللە نېمەت بەرگەن، سەنمۇ ئىنئام قىلغان كىشىگە: «خوتۇنۇڭنى نىكاھىڭدا تۇتقىن، اللە دىن قورققىن!» دېدىڭ، اللە ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسىنى كۆڭلۈڭدە يوشۇردۇڭ، كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن قورقتۇڭ، اللە دىن قورقۇشۇڭ ئەڭ ھەقلىق ئىدى. مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن خوتۇنلىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن، زەينەبنى زەيد قويۇۋەتكەندىن كېيىن ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق، اللە نىڭ (سېنىڭ زەينەبنى ئېلىشىڭ توغرىسىدىكى) ئەمرى چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ*** ﴿37﴾.

## زەيد ۋە زەينەب ھەققىدىكى قىسسە توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازادگەردىسى زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا دېگەن سۆزىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا اللە ئىسلامنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنى نېمەت قىلىپ بەرگەن، ﴿**سەنمۇ ئىنئام قىلغان**﴾ يەنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلغان كىشى زەيدتۇر. ئۇ شەرەپلىك، سالاپەتلىك، قەدرى قىممەتلىك ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆيۈملۈك كىشى ئىدى. ئۇ

---

[1] سۈرە نىسا 65 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نۇر 63 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

سۆيۈملۈك كىشى دەپ چاقىرىلاتتى. ئۇنىڭ ئوغلى ئۇسامە سۆيۈملۈك كىشىنىڭ ئوغلى سۆيۈملۈك دەپ چاقىرىلاتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر يەرگە زەيدنى قوشۇن بىلەن ئەۋەتسىلا، ئۇنى ئۇلارغا ئەمىر قىلىپ بەلگىلەيتتى. ئەگەر زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ياشىغان بولسا، ئۇ ئۇنى ئەلۋەتتە خەلىپە قىلىپ بەلگىلەيتتى. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

مۇقاتىل ئىبنى ھەييان مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام هاماچىسى ئەسمە بىلەن ئەسەد قەبىلىسىدىن بولغان جەھشىنىڭ قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانى زەيدكە خوتۇنلۇققا ئېلىپ بەردى. زەينەبنىڭ ئانىسى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ قىزى ئەمىمە ئىدى. زەينەبنىڭ مېھىر ھەققى **10** تىللا، **60** تەڭگە، بىر ياغلىق، بىر پۇركەنجە، بىر كۆينەك، **50** مۇد[1] ئاشلىق، **10** مۇد خورما ئىدى. زەينەب زەيد بىلەن بىر يىلغا يېقىن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئۆي تۇتتى. ئاندىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ماجىرا تۇغۇلدى، زەيد زەينەبنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ﴿**خوتۇنۇڭنى نىكاھىدا تۇتقىن، اللہ دىن قورققىن!**﴾ دېيىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن اللہ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**اللہ ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسىنى كۆڭلۈڭدە يوشۇردۇڭ، كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن قورقتۇڭ، اللہ دىن قورقۇشۇڭ ئەڭ ھەقلىق ئىدى**﴾.

ئىبنى جەرىر ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللہ تائالانىڭ كىتابىدىن، ئۇنىڭغا ۋەھيي قىلىنغان نەرسىدىن بىرەر ئىشنى يوشۇردى دېيىلسە، ئۇ ئەلۋەتتە بۇ ئىشنى يوشۇردى. ﴿**اللہ ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسىنى كۆڭلۈڭدە يوشۇردۇڭ، كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن قورقتۇڭ، اللہ دىن قورقۇشۇڭ ئەڭ ھەقلىق ئىدى**﴾ ﴿**زەينەبنى زەيد قويۇۋەتكەندىن كېيىن ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق**﴾ يەنى زەيدتىن ئاجراشقاندىن كېيىن زەينەبنى ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق. زەينەبنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىكاھلاپ بېرىش ئىشىغا غالىب ۋە يۈكسەك اللہ ئۆزى ئىگە بولدى. چۈنكى، اللہ ئۇنىڭغا زەينەب بىلەن ۋەلىيسىز (قىزغا ئىگە بولغۇچىسىز)، نىكاھسىز، مەھرىسىز ۋە ئىنسانلارنىڭ گۇۋاھلىقىسىز باش قوشۇشقا ۋەھيي قىلدى.

ئىمام ئەھمەد سابىتتىن، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: زەينەبنىڭ ئىددىتى تۈگىگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيد ئىبنى ھارىسەگە: «سەن زەينەبكە مەن ئۈچۈن ئەلچى بولۇپ بارغىن» دېدى. زەيد كەتتى، ئۇ زەينەبنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ئۇ خېمىر يۇغۇرىۋاتاتتى. زەيد مۇنداق دەيدۇ: مەن زەينەبنى كۆرگەن چاغدا، ئۇ كۆڭلۈمدە ھەيۋەتلىك بىلىنىپ كەتتى تاكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا تەلەپ قويغانلىقىنى دېيىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قاراشقا پېتىنالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئارقامنى قىلىپ كەينىمگە ياندىم ـ دە، ئى زەينەب! خۇش خەۋەر ئېلىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىزگە تەلەپ قويۇپ مېنى ئەۋەتتى، دېدىم. زەينەب: مەن بىرەر ئىشنى غالىب ۋە بۈيۈك پەرۋەردىگارىمغا مەسلىھەت قىلماي تۇرۇپ قىلالمايمەن دېدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ مەسچىتكە قاراپ ماڭدى.

ئەنەس سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەقتە ئايەت نازىل بولدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ، زەينەبنىڭ يېنىغا ئىزنىسىزلا كىردى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرگەن چاغدا، ئۆزىمىزنى ھەققەتەن ئۇ ئۆيدە كۆردۈم، بىز زەينەبنىڭ ئۆيىدە نان ۋە گۆش بىلەن غىزالاندۇق، ئاندىن ئادەملەر چىقىپ كېتىشتى. غىزادىن كېيىن نامەلۇم ئەرلەر ئۆيدە سۆھبەتلىشىپ قېلىشۇەردى. پەيغەمبەر

---

[1] يەنى ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، ئاشلىق ۋە باشقا نەرسىلەر ئۆلچىنىدۇ. بىر مۇد تەخمىنەن 1 كىلوگرام ئەتراپىدا بولىدۇ.

www.munber.org

ئەلەيھىسسالام سىرتقا ماڭدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدىم. ئۇ ئاياللىرىنىڭ ھوجرىلىرىنى ئايلىنىپ ئۇلارغا سالام قىلدى. ئۇلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! يېڭى ئايالىڭ قانداقراقكەن؟ دېيىشتى. ئۇنىڭغا ئادەملەرنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى مەن خەۋەر قىلدىممۇ ياكى باشقىلار خەۋەر قىلدىمۇ بۇنى مەن بىلمەيمەن. ئۇ مېڭىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن كىرىش ئۈچۈن ماڭغان ئىدىم. ئۇ ئۆيگە كىرىپ بولۇپلا پەردىنى چۈشۈرىۋەتتى. ھىجاب ئايىتى يەنى تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولدى. بۇ ئايەت بىلەن كىشىلەرگە مۇنداق ۋەز - نەسىھەت قىلدى: ﴿ئى مۆمىنلەر! پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرمەڭلار، پەقەت تاماققا چاقىرىلغان ۋاقتىڭلاردىلا كىرىڭلار، (باشقا ۋاقىتتا رۇخسەت بىلەن كىرگەندە) تاماقنىڭ پىشىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماڭلار، لېكىن چاقىرىلغاندىلا كىرىڭلار - يۇ، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن تارقاپ كېتىڭلار، تاماقتىن كېيىن) پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرماڭلار، بۇ (يەنى تاماقتىن كېيىن پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇش) پەيغەمبەرنى رەنجىتىدۇ، پەيغەمبەر (بۇنى ئېيتىشقا) سىلەردىن خىجىل بولىدۇ، الله ھەق (نى ئېيتىش) تىن خىجىل بولمايدۇ، سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ (ئالماقچى) بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار، مۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ، سىلەرنىڭ رەسۇلۇللانى رەنجىتىپ قويۇشۇڭلار دۇرۇس ئەمەس، رەسۇلۇللا دىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلارمۇ مەڭگۈ دۇرۇس ئەمەس، بۇنداق قىلىش (يەنى رەسۇلۇللا نى رەنجىتىش ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىش) ھەقىقەتەن الله نىڭ دەرگاھىدا چوڭ گۇناھتۇر﴾[1] بۇ بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرغىچە نازىل بولدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: جەھشىنىڭ قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە پەخىرلىنىپ مۇنداق دەيتتى: سىلەرنى ئائىلەڭلاردىكىلەر نىكاھلاپ بەرگەن، مېنى بولسا، الله يەتتە ئاسماننىڭ ئۈستىدىن نىكاھلاپ بەردى.

بىز سۈرە نۇردا مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق رىۋايەت قىلغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدۇق: زەينەب بىلەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەخىرلىنەتتى. زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا: مەن نىكاھى ئاسماندىن نازىل بولغان ئايالمەن دەپ پەخىرلەنسە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مەن ئۆزرىسى ئاسماندىن نازىل بولغان ئايالمەن دەپ، پەخىرلىنەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ پەزىلىتىنى زەينەب ئېتىراپ قىلاتتى.

**﴿مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن خوتۇنلىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن﴾** يەنى بىز زەينەبنىڭ نىكاھىنى ساڭا ھالال قىلىپ بەردۇق. بىز مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن خوتۇنلىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن ئىلگىرى زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بالا قىلىۋالغان ئىدى. ئۇ زەيد ئىبنى مۇھەممەد دەپ چاقىرىلاتتى. الله تائالا بۇ نىسبەتنى: ﴿الله ھېچ ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەك ياراتقىنى يوق، سىلەر زىھار قىلغان ئاياللىرىڭلارنى الله سىلەرگە ئانا قىلغىنى يوق، سىلەر بالا قىلىۋالغانلارنىمۇ الله (ھەممە ھۆكۈمدە ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان) باللىرىڭلارنىڭ ھۆكمىدە قىلمىدى، بۇ (يەنى ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولمىغانلارنى بالا دېيىش)پەقەت ئاغزىڭلاردا ئېيتىلغان سۆزدۇر، الله ھەق (سۆز)نى ئېيتىدۇ، توغرا يولغا باشلايدۇ. ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ الله نىڭ دەرگاھىدا توغرىدۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنى بىلمىسەڭلار، ئۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر، دوستلىرىڭلاردۇر، سىلەر

[1] سۈرە ئەھزاب 53 - ئايەت.

www.munber.org

سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان ئىشلاردا (سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ)، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1] دېگەن ئايىتى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، جەھشىنىڭ قىزى زەينەبنى زەيد ئىبنى ھارىسە قويۇۋەتكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىكاھلاپ بېرىش بىلەن ئۇ ھۆكۈمنى تېخىمۇ ئوچۇقلاشتۇرۇۋەتتى. شۇڭا الله تائالا بالا قىلىۋالغان ئوغۇلنىڭ ھۆكمىنى ئايرىش ئۈچۈن نىكاھى ھارام قىلىنغان كىشىلەر بايان قىلىنمىغان ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿يەنە ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان بالىلىرىڭلارنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلار ۋە ئىككى ھەمشىرىنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىڭلاردا ساقلىشىڭلار ھارام قىلىندى. لېكىن ئۆتكەنكىلەر (يەنى جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغىنىڭلار) ئەپۇ قىلىنىدۇ. الله ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾[2] بېقىۋالغان بالىنى ئۆز بالىلىرىنىڭ ھۆكمىدە قىلىش ئەھۋالى ئۇلاردا ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى.

﴿الله نىڭ (سېنىڭ زەينەبنى ئېلىشىڭ توغرىسىدىكى) ئەمرى چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ﴾ يەنى نىكاھ توغرىسىدىكى بۇ ئىش ھەقىقەتەن الله تائالا ئۇنى بەلگىلىگەن ۋە چوقۇم يۈز بېرىشىنى ۋاجىب قىلغان ئىشتۇر. زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كەلگۈسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن بولىدىغانلىقى الله نىڭ ھۆكمىدە يېزىلىپ كەتكەن ئىدى.

* * * * * * *

مَّا كَانَ عَلَى ٱلنَّبِيِّ مِنْ حَرَجٍ فِيمَا فَرَضَ ٱللَّهُ لَهُۥ ۖ سُنَّةَ ٱللَّهِ فِى ٱلَّذِينَ خَلَوْا۟ مِن قَبْلُ ۚ وَكَانَ أَمْرُ ٱللَّهِ قَدَرًا مَّقْدُورًا ﴿٣٨﴾

***الله پەيغەمبەرگە ھالال قىلغان ئىشقا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. (بۇ) الله نىڭ ئۆتكەنكى (پەيغەمبەرلەرگە) تۇتقان يولىدۇر. الله نىڭ ئەمرى ئەزەلدىنلا بېكىتىپ كەتكەن (ئۆزگەرمەس) ھۆكۈمدۇر﴿38﴾.***

﴿**الله پەيغەمبەرگە ھالال قىلغان ئىشقا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ**﴾ يەنى الله پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھالال قىلغان، زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئۇنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغلى زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قويۇپ بەرگەندىن كېيىن نىكاھىغا ئېلىشقا بۇيرۇغان ئىشتا ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

﴿**(بۇ) الله نىڭ ئۆتكەنكى (پەيغەمبەرلەرگە) تۇتقان يولىدۇر**﴾ يەنى الله پەيغەمبەرلەرنى ئۇلارغا گۇناھ بولىدىغان بىرەرە ئىشقا بۇيرۇغىنى يوق. بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازاد قىلغان ۋە بالا قىلىۋالغان ئوغلى زەيدنىڭ خوتۇنىنى ئۆز نىكاھىغا ئالغانلىقىنى ئەيىب، دەپ جۆيلىگەن مۇناپىقلارغا بېرىلگەن رەددىيەدۇر.

﴿**الله نىڭ ئەمرى ئەزەلدىنلا بېكىتىپ كەتكەن (ئۆزگەرمەس) ھۆكۈمدۇر**﴾ يەنى الله نىڭ بەلگىلىگەن ئەمرى چوقۇم يۈز بېرىدۇ ۋە ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئۇ ھەرگىز بۇرۇۋېتىلمەيدۇ ۋە ئۆزگەرتىلمەيدۇ. الله خالىغان نەرسە ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. خالىمىغان نەرسە ۋۇجۇتقا كەلمەيدۇ.

* * * * * * *

ٱلَّذِينَ يُبَلِّغُونَ رِسَـٰلَـٰتِ ٱللَّهِ وَيَخْشَوْنَهُۥ وَلَا يَخْشَوْنَ أَحَدًا إِلَّا ٱللَّهَ ۗ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ حَسِيبًا ﴿٣٩﴾ مَّا كَانَ مُحَمَّدٌ أَبَآ أَحَدٍ مِّن رِّجَالِكُمْ وَلَـٰكِن رَّسُولَ ٱللَّهِ وَخَاتَمَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمًا ﴿٤٠﴾

---

[1] سۈرە ئەھزاب 4 — 5 - ئايەتلەر.
[2] سۈرە نىسا 23 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

*ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرلەر) اللہ نىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى يەتكۈزىدۇ، اللہ دىن قورقىدۇ، اللہ دىن باشقا ھېچ كىشىدىن قورقمايدۇ (ئى مۇھەممەد! سەنمۇ اللہ دىن غەيرىيدىن قورقماسلىقتا شۇ پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكىن)، اللہ (ھەممە ئىشلاردىن) ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر﴿39﴾. مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن (ئۇ) اللہ نىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر (اللہ ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ)، اللہ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر (سىلەرنىڭ سۆز - ھەرىكىتىڭلاردىن ھېچ نەرسە اللہ غا مەخپىي ئەمەس)﴿40﴾.*

## اللہ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى يەتكۈزگەنلەرنىڭ مەدھىيىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

بۈيۈك ۋە يۈكسەك اللہ ئۇلارنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرلەر) اللہ نىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى يەتكۈزىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار اللہ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى بەندىلىرىگە يەتكۈزىدۇ، ئۇنى ئۆز جايىدا تولۇق ئادا قىلىدۇ، ﴿**اللہ دىن قورقىدۇ**﴾ يەنى پەقەت اللہ تائالادىن قورقىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ بىرىدىن قورقمايدۇ. ھېچكىمنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇلارنى اللہ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى يەتكۈزۈشتىن توسۇپ قالالمايدۇ. ﴿**اللہ (ھەممە ئىشلاردىن) ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر**﴾ يەنى اللہ نۇسرەت ئاتا قىلىشقا، ياردەم بېرىشكە يېتەرلىكتۇر.

بۇ مەرتىۋىگە، بەلكى پۈتۈن ئىسىل مەرتىۋىلەرگە ئەڭ شەرەپلىك ئىنسان، اللہ تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇناسىپتۇر. چۈنكى، ئۇ پەيغەمبەرلىكنى ئادا قىلدى. ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكنى شەرقتىن تارتىپ غەربكىچە ھەرخىل ئىرقتىكى ئادەم ئەۋلادىنىڭ ھەممىسىگە يەتكۈزدى. اللہ تائالا ئۇنىڭ دەۋىتىنى، دىنىنى ۋە شەرىئەتنى پۈتۈن دىنلار ۋە شەرىئەتلەر ئۈستىدىن غالىب قىلدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەر پەقەت ئۆزىنىڭ قەۋمىگىلا خاس پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلەتتى، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانلارغا - ئەرەبلەرگىمۇ، ئەرەب بولمىغان مىللەتلەرگىمۇ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدى. ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا اللہ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن﴾[1].

ئۇنىڭدىن كېيىن تەبلىغ قىلىش شەرىپىگە ئۇنىڭ ئۈممىتى ۋارىسلىق قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن دەۋىتىنى ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدە يەتكۈزگەنلەر ئۇنىڭ ساھابىلىرىدۇر. ساھابىلار ئۇنىڭدىن ئۇ جىمى سۆزلىرىدە، ئەمەللىرىدە، ئەھۋاللىرىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزدە، مۇقىم تۇرغان ۋە سەپەرگە چىققان جەريانىدا قىلغان مەشغۇلاتلىرىدا، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىبادەتلىرىدە ئۇلارنى قانداق بۇيرۇغان بولسا، شۇ پېتى يەتكۈزدى. اللہ ئۇلاردىن رازى بولسۇن ۋە ئۇلارنى رازى قىلسۇن! ئاندىن شۇ تەرەپكە زامانىمىزغىچە، كېيىن كەلگەنلەر ئۆزلىرىدىن بۇرۇنقىلارغا ۋارىسلىق قىلدى. ھىدايەت تاپقانلار ئۇلارنىڭ نۇرىغا ئەگىشىدۇ، تەۋپىق تاپقانلار ئۇلارنىڭ تۇتقان يولىغا ماڭىدۇ. كەرەملىك ۋە ساخاۋەتلىك اللہ تائالادىن بىزنى ئۇلارنىڭ ئىزباسارلىرىدىن قىلىشنى سورايمىز!

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

﴿**مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس**﴾ اللہ تائالا بۇ ئايەتتىن كېيىن زەيد ئىبنى مۇھەممەد دەپ چاقىرىشتىن توستى. گەرچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بالا قىلىۋالغان

---

[1] سۈرە ئەئراف 158 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆز ئاتىسى ئەمەس ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچبىر ئوغۇل بالىسى بالاغەتكە يەتكىچە ياشىمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن تۇغۇلغان قاسىم، تەييىب ۋە تاھىر ئىسىملىك ئۈچ ئوغلى بولۇپ، ئۇلار كىچىك چېغىدا ۋاپات بولۇپ كەتكەن! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە مارىيە قىبتىدىن تۇغۇلغان ئىبراھىم ئىسىملىك يەنە بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇمۇ ھەم ئەمچەكتىكى ۋاقتىدا ۋاپات بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەدىچەدىن تۇغۇلغان تۆت قىزى بولۇپ، ئۇلار: زەينەب، رۇقىيە، ئۇممۇكۇلسۇم ۋە فاتىمەلەردۇر ـ الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن! ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ئۈچ قىزى ۋاپات بولۇپ كەتكەن. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن بىر مەزگىل ياشىدى. ئۇ ئاتىسىنى سېغىنىپ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى، ۋە ئاتىسىدىن ئالتە ئاي كېيىن ۋاپات بولدى.

## ئۇنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**﴿لېكىن (ئۇ) الله نىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر (الله ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ)، الله ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر (سىلەرنىڭ سۆز ــ ھەرىكىتىڭلاردىن ھېچ نەرسە الله غا مەخپىي ئەمەس)﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قەيەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى (يەنى كىمنىڭ ئۇنىڭ ئەھلى بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ﴾[1] بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ھېچبىر پەيغەمبەرنىڭ كەلمەيدىغانلىقىغا دەلىلدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ھېچ پەيغەمبەر كەلمەيدىغانلىقى ھەققىدە ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ نۇرغۇن مۇتەۋاتىر ھەدىسلىرى رىۋايەت قىلىنغان.

ئىمام ئەھمەد، ئۇبەي ئىبنى كەئبنىڭ ئاتىسى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدە بىر ئۆي سالغان. ئۆينى چىرايلىق ۋە مۇكەممەل قىلىپ پۈتتۈرگەن، بىراق بىر كېسەكنىڭ ئورنىنى بوش قالدۇرغان ئادەمگە ئوخشايمەن. ئادەملەر بىنانى ئايلىنىپ چىقىپ ئۇ بوش ئورۇندىن ھەيران قېلىشىپ، بۇ كېسەكنىڭ ئورنىمۇ پۈتۈن بولۇپ كەتكەن بولسا (نەقەدەر گۈزەل بولىدىكەن ـ ھە!) دېيىشىدۇ. مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدە ئەنە شۇ كېسەكنىڭ ئورنىنى تولدۇرغۇچىمەن». بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلدى.

ئىمام ئەھمەد، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ”رىسالە“ يەنى الله تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى تەبلىغ قىلىش ۋە نەبۇۋە (الله تەرىپىدىن خەۋەر يەتكۈزۈش) يەنى پەيغەمبەرلىك ئەلۋەتتە ئاخىرلاشتى. مەندىن كېيىن ھېچ ”رۇسۇل“ يەنى الله تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى يەتكۈزگۈچى ۋە ھېچ ”نەبىي“ يەنى الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن خەۋەرچى بولمايدۇ». بۇ سۆز ئادەملەرگە ئېغىر كەلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ۋە لېكىن خۇش بېشارەتلەر بار» دېدى. ساھابىلەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! نېمە خۇش بېشارەت ئۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇسۇلمان ئادەمنىڭ چۈشى، ئۇ پەيغەمبەرلىكنىڭ پارچىلىرىنىڭ بىر پارچىسىدۇر» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلدى.

ئىمام ئەبۇداۋۇد تەيالىسى، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ مىسالى بىر ئۆي سالغان، ئۇ ئۆينى پۈتتۈرۈپ چىرايلىق ياسىغان. لېكىن، بىر كېسەكنىڭ ئورنىنى بوش قالدۇرغان ئادەمنىڭ

[1] سۈرە ئەنئام 124 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مىسالىغا ئوخشايمىز. مەيلى كىم ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئۇنى كۆرسە: پەقەت بۇ كېسەكنىڭ ئورنى پۈتۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ نېمە دېگەن چىرايلىق بولاتتى - ھە! دەيدۇ. مەن بۇ كېسەكنىڭ ئورنىمەن. مەن بىلەن پەيغەمبەرلەر ئاخىرلاشتى». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ مىسالى بىر ئۆي سالغان، پەقەت بىر كېسەكنىڭ ئورنىنى قالدۇرۇپ، قالغىنىنى تولۇق پۈتتۈرگەن ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايمىز. مەن ئەنە شۇ كېسەكنىڭ ئورنىنى تولۇقلىغىلى كەلدىم» بۇنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن مەن بىلەن مەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ مىسالى ئۆيلەرنى سالغان، ئۆيلەرنى مۆكەممەل، چىرايلىق ۋە گۈزەل قىلىپ پۈتتۈرگەن. لېكىن، ئۆيلەرنىڭ بۇلۇڭلىرىدىن بىرەر بۇلۇڭدا بىر كېسەكنىڭ ئورنىنى قالدۇرغان ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايمىز. ئادەملەر ئۆيلەرنى ئايلىنىدۇ. ئۆيلەر ئۇلارنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئۇلار: بۇ يەرگە بىر كېسەك قويغان بولساڭ ئۆيۈڭ تامامەن پۈتەركەن، دېيىشىدۇ. مەن ئەنە شۇ كېسەكنىڭ ئورنى بولىمەن». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ ئالتە تۈرلۈك ئىشتا باشقا پەيغەمبەرلەردىن ئارتۇقچىلىقىم بار. ماڭا غەنىمەتلەر ھالال قىلىندى. زېمىن مەسچىت ۋە پاك قىلىپ بېرىلدى. مەن پۈتكۈل ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم، پەيغەمبەرلىك مەن بىلەن ئاخىرلاشتى». بۇنى ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجەمۇ رىۋايەت قىلدى.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن بىلەن مەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ مىسالى بىر ئۆي سالغان، ئۆينى پۈتتۈرۈپ پەقەت بىرتال كېسەكنىڭ ئورنىنى بوش قالدۇرغان ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايمىز. مەن كېلىپ ئەنە شۇ كېسەكنىڭ ئورنىنى پۈتتۈردىم» بۇنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئىسمىم بار. مەن مۇھەممەد، مەن ئەھمەد، مەن ماھى (يەنى ئۆچۈرگۈچى)، اللہ تائالا مەن بىلەن كۇفرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ، مەن ھاشىر (يەنى يىغقۇچى)، مەن دەسسەپ تۇرغان يەرگە ئىنسانلار يىغىلىدۇ. مەن ساقىب (يەنى ئاخىرلاشقۇچى) مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ». بۇ ھەقتە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر كۆپتۇر.

اللہ تائالا قۇرئاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا مۇتەۋاتىر ھەدىسلەردە ھەر قانداق كىشى شەرىپىنى دەۋا قىلسا، ئۇنىڭ ئۇچىغا چىققان كاززاپ، يالغانچى، دەججال، ئازغۇن ۋە كىشىلەرنى ئازدۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ئەگەر ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن يالغانىنى توقۇپ، ھىيلە ئىشلىتىپ، تۈرلۈك سېھىرلەرنى، تىلسىماتلارنى ۋە كۆز بوياmچىلىقنى ئېلىپ كەلسىمۇ، ساغلام دىل ئىگىلىرىنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ ھەممىسى بىكاردۇر، گۇمراھلىقتۇر. بۇنىڭ مىسالى پاك ۋە يۈكسەك اللہ يەمەندە ئەسۋەد ئەنسىنىڭ قولى بىلەن، يەمامىدە مۇسەيلەمە كەززابنىڭ قولى بىلەن كۆرسەتكەن بۇزۇق ھەرىكەتلەرنى ۋە سوغۇق سۆزلەرنى كۆرگەن ھەر بىر ساغلام دىل ئىگىسى، ئەقىل ئىگىسى ۋە دەلىل تەلەپ قىلغۇچى ئۇ ئىككىسىنىڭ

www.munber.org

يالغانچى ۋە ئازغۇن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغاندەكلا ئىشتۇر. الله ئۇ ئىككىسىگە لەنەت قىلسۇن! قىيامەت كۈنىگىچە پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلغان ھەر قانداق كىشى ئەنە شۇ يالغانچىلارنىڭ ھەر بىرى بىلەن، ئۇنىڭ يالغانچىلىقىنى چاندۇرىدىغان ئىشلارنى يارىتىدۇ. ئۆلىمالار ۋە مۆمىنلەر ئۇ ئىشلارنى كۆرگەندە ئۇنى دەۋا قىلغۇچىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايدۇ. مانا بۇ الله تائالانىڭ ئىنسانلارغا بولغان تامامى مېھرىبانلىقىدۇر. ئەمەلىيەتكە قارايدىغان بولساق، ئۇلار ھەقىقەتەن ياخشىلىققا بۇيرۇمايدۇ. يامانلىقتىن توسمايدۇ. تاسادىپى بولۇپ قالغان ياكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن قىلغانلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدە ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە غايەت زور دەرىجىدە ئىغۋاگەرچىلىك ۋە يامانلىق بولىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى مۇھەممەد! مەككە كۇففارلىرىغا ئېيتقىنكى)، سىلەرگە مەن شەيتانلارنىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇلار ھەربىر ئېغۋا توقۇغۇچى، گۇناھكارلارغا چۈشىدۇ﴾[1] پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەھۋالى تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئۇلار راست، توغرا، تۈز ۋە ھەق سۆزلەرنى قىلىدۇ. ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ. ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ. يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئۇلار سۆزلىرىنى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى شانلىق مۆجىزىلەر، روشەن دەلىللەر ۋە كەسكىن پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلايدۇ. ئۇلارغا الله نىڭ رەھمىتى ۋە سالىمى، زېمىن ۋە ئاسمانلار ھەرىكەتتىن توختىغىچە (قىيامەت كۈنىگىچە)، داۋاملىق بولۇپ تۇرسۇن!

* * * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ ذِكۡرٗا كَثِيرٗا ﴿٤١﴾ وَسَبِّحُوهُ بُكۡرَةٗ وَأَصِيلًا ﴿٤٢﴾ هُوَ ٱلَّذِي يُصَلِّي عَلَيۡكُمۡ وَمَلَـٰٓئِكَتُهُۥ لِيُخۡرِجَكُم مِّنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِۚ وَكَانَ بِٱلۡمُؤۡمِنِينَ رَحِيمٗا ﴿٤٣﴾ تَحِيَّتُهُمۡ يَوۡمَ يَلۡقَوۡنَهُۥ سَلَٰمٞۚ وَأَعَدَّ لَهُمۡ أَجۡرٗا كَرِيمٗا ﴿٤٤﴾

*ئى مۆمىنلەر! الله نى كۆپ ياد قىلىڭلار﴿41﴾. ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار (چۈنكى، بۇ ئىككى ۋاقىتتا پەرىشتىلەر چۈشۈپ تۇرغانلىقتىن، ئۇ ۋاقىتلارنىڭ ئەۋزەللىكى ھېسابلىنىدۇ)﴿42﴾. الله سىلەرنى قاراڭغۇلۇقتىن نۇرغا (يەنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە) چىقىرىش ئۈچۈن، سىلەرگە رەھمەت قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى سىلەرگە مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ تۇرىدۇ، الله مۆمىنلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿43﴾ ئۇلار الله غا مۇلاقات بولغان كۈندە ئۇلارغا الله تەرىپىدىن يوللىنىدىغان سالام (سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن (دېگەن سۆزدىن ئىبارەت)، الله ئۇلارغا ئېسىل مۇكاپات تەييارلىدى﴿44﴾.*

## الله تائالاغا كۆپ زىكىر ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

زىكرى ئېيتىشتا مۆمىنلەرگە كۆپ ساۋاب ۋە ياخشى ئاقىۋەت بولغانلىقى ئۈچۈن الله تائالا مۆمىن بەندىلىرىنى ئۆزلىرىگە خىلمۇخىل نېمەتلەرنى، تۈرلۈك ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلغۇچى، بۈيۈك ۋە يۈكسەك پەرۋەردىگارىغا كۆپ زىكرى ئېيتىشقا بۇيرۇيدۇ.

ئىمام ئەھمەد، ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئىككى ئەئرابىي كېلىپ، بىرى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! قايسى ئىنسان ياخشى؟

[1] سۈرە شۇئەرا 221 — 222 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆمۈرى ئۇزۇن، ئەمەلى ياخشى بولغان ئادەم» دەپ جاۋاب بەردى. يەنە بىرى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئىسلام ئەھكاملىرى ھەققەتەن كۆپىيىپ كەتتى، مېنى بىر ئىشقا بۇيرۇغىن، مەن ئۇنى چىڭ تۇتۇپ قالاي، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تىلىڭ ھەمىشە الله تائالانى ياد ئېتىپ تۇرسۇن» دېدى.

ئىمام ئەھمەد، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله ياد ئېتىلمەيدىغان ئولتۇرۇشقا قاتناشقان كىشىلەر، قىيامەت كۈنى ئۇ ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزلىرىگە پەقەت ھەسرەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرىدۇ».

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ الله تائالانىڭ **﴿الله نى كۆپ ياد ئېتىڭلار﴾** دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا ھەققەتەن بەندىلىرىگە بىرەر پەرزنى پەرز قىلسا، ئۇنىڭغا مەلۇم چەك ـ چېگرانى بېكىتتى، ئاندىن ئۆزرىلىك ئەھۋالدا ئۇنى ئادا قىلالمىغانلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلدى. الله نى ياد ئېتىش بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. الله تائالا ھەققەتەن زىكرىگە تۈگەيدىغان چەك ـ چېگرا بېكىتمىدى. ئۇنى تەرك قىلىشقا زورلانغان ئادەمدىن باشقا ھېچ ئادەمنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلمىدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان ۋە ياتقان ھالەتلىرىڭلاردا الله نى ياد ئېتىڭلار (الله سىلەرگە دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىشى مۇمكىن)﴾[1] كېچە ـ ياكى كۈندۈزدە، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدا، سەپەرگە چىققان ۋە مۇقىم تۇرغان ۋاقىتلاردا، باي ۋە كەمبەغەل چاغلاردا، كېسەل ۋە ساغلام ئەھۋاللاردا، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالەتلەردە، يىغىپ ئېيتقاندا ھەر قانداق ئەھۋالدا الله نى ياد ئېتىڭلار دېگەنلىكتۇر.

**﴿ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار (چۈنكى، بۇ ئىككى ۋاقىتتا پەرىشتىلەر چۈشۈپ تۇرغانلىقتىن، ئۇ ۋاقىتلارنىڭ ئەۋزەللى ھېسابلىنىدۇ)﴾** ئەگەر سىلەر شۇنداق قىلساڭلار، الله سىلەرگە رەھمەت بېغىشلايدۇ، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى الله تائالادىن سىلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ. الله تائالانى ياد ئېتىشكە قىزىقتۇرىدىغان ھەدىسلەر، ئايەتلەر ۋە رىۋايەت قىلىنغان ئەسەرلەر ئىنتايىن كۆپتۇر. بۇ ئايەت كەرىمدە الله تائالانى كۆپ ياد ئېتىشكە قىزىقتۇرۇلىدۇ.

**﴿ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار (چۈنكى، بۇ ئىككى ۋاقىتتا پەرىشتىلەر چۈشۈپ تۇرغانلىقتىن، ئۇ ۋاقىتلارنىڭ ئەۋزەللى ھېسابلىنىدۇ)﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر ئاخشامدا ۋە ئەتىگەندە الله غا تەسبىھ ئېيتىڭلار. ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ھەمدۇسانا، كەچ ۋە پېشىن ۋاقىتلىرىدىكى ھەمدۇسانانىڭ ھەممىسى الله غا خاستۇر﴾[2].

**﴿الله سىلەرنى قاراڭغۇلۇقتىن نۇرغا (يەنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە) چىقىرىش ئۈچۈن، سىلەرگە رەھمەت قىلىپ تۇرىدۇ﴾** يەنى پاك الله سىلەرنى ياد ئېتىدۇ، سىلەرمۇ ئۇنى ياد ئېتىڭلار! بۇ ئايەت كىشىنى الله تائالانى ياد ئېتىشكە تەشەببۇس قىلىدۇ. غالىب ۋە يۈكسەك الله بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزگىنىمدەك) ئۆز ئىچىڭلاردىن سىلەرگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، سىلەرنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھدىن) پاك قىلىدىغان، سىلەرگە كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى دىنىي ئەھكاملارنى) ئۆگىتىدىغان، سىلەرگە بىلمىگەنلىرىڭلارنى بىلدۈرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق. مېنى (تائەت ـ ئىبادەت بىلەن ) ياد ئېتىڭلار،

---

[1] سۈرە نىسا 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە رۇم 17 — 18 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

(مېنى ياد ئەتسەڭلار) مەنمۇ سىلەرنى (ساۋاب بېرىش بىلەن، مەغپىرەت قىلىش بىلەن) ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، ناشۈكۈرلۈك قىلماڭلار﴾[1].

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللە مۇنداق دەيدۇ: كىم مېنى ئۆزى يالغۇز ياد ئەتسە، مەن ئۇنى ئۆزەم ياد ئېتىمەن، كىم مېنى جامائەتنىڭ ئىچىدە ياد ئەتسە، مەنمۇ ئۇنى ئۇنىڭدىن ياخشى جامائەتنىڭ ئىچىدە ياد ئېتىمەن».

ئىمام بۇخارى ئەبۇئالىيەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ”ئەسسالات“ دېگەن سۆز اللە تەرىپىدىن بولسا، اللە نىڭ بەندىنىڭ پەرىشتىلەرگە ماختىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئەبۇجەئفەر رازىمۇ، رەبىئ ئىبنى ئەنەستىن ئەبۇئالىيەنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. باشقىلار: ”ئەسسالات“ دېگەن سۆز غالىب ۋە بۈيۈك اللە تەرىپىدىن بولسا رەھمەتنى كۆرسىتىدۇ، دېدى. بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئارىسىدا زىتلىق يوق دەپ قارىلىدۇ.

ئەمما، ”ئەسسالات“ دېگەن سۆز پەرىشتىلەر تەرىپىدىن بولسا، ئىنسانلار ئۈچۈن دۇئا ۋە مەغپىرەت تەلەپ قىلىش مەنىسىدە كېلىدۇ. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋە ئەرشنىڭ چۆرىسىدىكى پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدى ئېيتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ، مۆمىنلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەۋبە قىلغانلارغا ۋە سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن، ئاياللىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن ياخشى بولغانلارنى ئۇلارغا ۋەدە قىلغان مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرگۈزگىن، سەن ھەقىقەتەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن ساقلىغىن، سەن كىمنى يامان ئىشلاردىن ساقلايدىكەنسەن، شۈبھىسىزكى، بۇ كۈندە سەن ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغان بولىسەن، بۇ چوڭ بەختتۇر»﴾[2].

﴿**اللە سىلەرنى قاراڭغۇلۇقتىن نۇرغا (يەنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە) چىقىرىش ئۈچۈن**﴾ يەنى اللە ئۆزىنىڭ سىلەرگە بولغان رەھمىتى، سىلەرنى پەرىشتىلەرگە ماختىشى، پەرىشتىلەرنىڭ سىلەرگە مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى سەۋەبى بىلەن سىلەرنى بىلىمسىزلىك ۋە گۇمراھلىق قاراڭغۇلۇقىدىن ھىدايەت ۋە ئىشەنچ نۇرىغا چىقىرىدۇ.

﴿**اللە مۆمىنلەرگە**﴾ دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ﴿**ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾ يەنى اللە دۇنيادا مۆمىنلەرنى باشقىلار نادانلىق قىلىپ بىلەلمىگەن ھەقىقەتكە باشلايدۇ ۋە مۆمىنلەرگە كۇفرىغا ياكى بىدئەتكە چاقىرىدىغانلار ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن پەسكەشلەر ئېزىپ كەتكەن ۋە بۇرۇلۇپ كەتكەن يولنى ئەمەس، بەلكى توغرا يولنى كۆرسىتىدۇ. ئاخىرەتتە بولسا اللە ئۇلارغا مەرھەمەت قىلىدۇ. چوڭ خەۋپتىن ئەمىن قىلىدۇ. پەرىشتىلىرىنى ئۇلارنىڭ جەننەتكە ئېرىشكەنلىكى ۋە دوزاختىن قۇتۇلغانلىقىنى ھەققىدىكى خۇش خەۋەر بىلەن قارشى ئېلىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ پەقەت اللە نىڭ مۆمىنلەرگە بولغان مېھرى ـ شەپقىتى ئۈچۈندۇر.

ئىمام ئەھمەد، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر بۆلۈك ساھابىلىرى بىلەن بىر كىچىك بالا تۇرغان يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئادەملەرنى كۆرگەن ئانا بالىسىنىڭ دەسسىلىپ كېتىشىدىن قورقۇپ: ئوغلۇم، ئوغلۇم! دېگىنىچە يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە بارغىنىچە ئوغلىنى قولىغا ئېلىۋالدى. ئادەملەر: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ ئايال ئوغلىنى

[1] سۈرە بەقەرە 152 ــ 153 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە غافىر 7 ــ 9 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

ھەرگىز ئوتقا تاشلىمايدۇ ـ ھە! دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى پەس سۆزلەشكە ئۈندىدى ۋە مۇنداق دېدى: «ياق، الله بىلەن قەسەمكى، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئادىمىنى ئوتقا تاشلىمايدۇ».

ئىمام بۇخارى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولجىغا چۈشكەنلەر ئىچىدىن بىر ئايالنىڭ ئۆز بالىسىنى ئېلىپ، ئۇنى باغرىغا باسقانلىقىنى ۋە ئۇنى ئېمىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «سىلەر بۇ ئايالنى ئۆز بالىسىنى ئوتقا تاشلايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟» دېدى. بىز: ياق، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ بالىسىنى ئوتقا تاشلىماسلىققا قادىردۇر، دېدۇق[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله چوقۇم بەندىلىرىگە بۇ ئايالنىڭ ئۆز بالىسىغا قىلغان مېھرىبانلىقىدىنمۇ بەك مېھرىباندۇر» دېدى.

﴿ئۇلار الله غا مۇلاقات بولغان كۈندە ئۇلارغا الله تەرىپىدىن يوللىنىدىغان سالام (سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن (دېگەن سۆزدىن ئىبارەت)﴾ يەنى الله ئۇلارغا سالام بېرىدۇ. بۇ ھەقتە غالىب ۋە بۈيۈك الله مۇنداق دېگەن: ﴿مېھرىبان پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن (ئۇلارغا) سالام دېيىلىدۇ﴾[2].

قەتادە بۇ ئايەتتىن كۆزدە تۇتۇلغان مەنە ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئاخىرەت يۇرتىدا، الله تائالاغا مۇلاقات بولغان كۈندە ئۇلارنىڭ بەزىسى ـ بەزىسىگە ئامانلىق تىلەپ، سالام قىلىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى دۇئاسى: «ئى رەببىمىز، بىز سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز» دېيىشتىن ئىبارەت، ئۇلارنىڭ جەننەتتە (بىر ـ بىرىگە) بېرىدىغان سالامى: «(ئەھلى دوزاخ چېكىۋاتقان ئازابتىن) ئامان بولغايسەن (يەنى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم)» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ ئاخىرى: «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله غا خاستۇر!» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر﴾[3].

﴿الله ئۇلارغا ئېسىل مۇكاپات تەييارلىدى﴾ يەنى جەننەتنى ۋە جەننەتتىكى كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان نېمەتلەر ئىنساننىڭ دىلىغا كېچىپ باقمىغان، يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى، كىيىم ـ كېچەكلەرنى، تۇرالغۇ جايلارنى، ئاياللارنى تۈرلۈك لەززەتلەرنى ۋە چىرايلىق مەنزىرىلەرنى تەييارلىدى.

* * * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِىُّ إِنَّآ أَرْسَلْنَٰكَ شَٰهِدًا وَمُبَشِّرًا وَنَذِيرًا ﴿٤٥﴾ وَدَاعِيًا إِلَى ٱللَّهِ بِإِذْنِهِۦ وَسِرَاجًا مُّنِيرًا
﴿٤٦﴾ وَبَشِّرِ ٱلْمُؤْمِنِينَ بِأَنَّ لَهُم مِّنَ ٱللَّهِ فَضْلًا كَبِيرًا ﴿٤٧﴾ وَلَا تُطِعِ ٱلْكَٰفِرِينَ وَٱلْمُنَٰفِقِينَ وَدَعْ أَذَىٰهُمْ
وَتَوَكَّلْ عَلَى ٱللَّهِ ۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ وَكِيلًا ﴿٤٨﴾

*ئى پەيغەمبەر! سېنى بىز ھەققەتەن گۇۋاھچى، بېشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى، الله نىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭ (بىر لىكىگە، تائەت ـ ئىبادىتىگە) دەۋەت قىلغۇچى ۋە نۇرلۇق چىراق قىلىپ ئەۋەتتۇق﴿45 - 46﴾. مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ الله نىڭ بۈيۈك ئېھسانىغا ئېرىشىدىغانلىقىدىن خۇش خەۋەر بەرگىن﴿47﴾. كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارنىڭ (ساڭا قىلغان) ئازار ـ كۈلپەتلىرىگە پەرۋا قىلمىغىن (الله غا تەۋەككۇل قىلغىن)، الله (ئۇنىڭغا) تەۋەككۇل قىلغانلارغا يېتەرلىكتۇر﴿48﴾.*

[1] بۇ ھەدىس سەھىھ مۇسلىمنىڭ 2754 ـ نومۇرلۇق ھەدىسىدىن ئېلىندى.
[2] سۈرە ياسىن 58 ـ ئايەت.
[3] سۈرە يۇنۇس 10 ـ ئايەت.

www.munber.org

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد، ئەتا ئىبنى يەسارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىدىن ماڭا دەپ بەرگىن، دېدىم. ئۇ: بولىدۇ، الله نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ ھەقىقەتەن قۇرئاندىكى بەزى سۈپەتلەر بىلەن تەۋراتتا مۇنداق سۈپەتلەنگەندۇر: ”ئى پەيغەمبەر! سېنى بىز ھەقىقەتەن گۇۋاھچى، بېشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى، ساۋاتسىزلارنى ساقلىغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق، سەن مېنىڭ بەندەم، پەيغەمبىرىم، سېنى تەۋەككۇل قىلغۇچى دەپ ئاتىدىم، سەن قوپال، قاتتىق قول، بازارلاردا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىپ مېڭىپ يۈرۈيدىغان، بىلىمسىز، كىچىك بالىدەك ئادەم ئەمەسسەن. ئۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) يامانلىقنى يامانلىق بىلەن قايتۇرمايدۇ، لېكىن ئەپۇ قىلىدۇ، كەچۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. الله تائالا ئېزىپ كەتكەن مىللەتنى ئۇنىڭ بىلەن توغرا يولغا سالمىغىچە، ئۇلار: ”الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر“ دېمىگۈچە، كەلىمە تەۋھىد بىلەن كور كۆزلەرنى، پاڭ قۇلاقلارنى ۋە غاپىل دىللارنى ئاچمىغىچە ئۇنى ھەرگىز قەبزى روھ قىلمايدۇ“ دېدى. ئىمام بۇخارى بۇ ھەدىسنى ئېلىم ـ سېتىم ۋە تەپسىر بابلىرىدا رىۋايەت قىلغان.

ۋەھب ئىبنى مۇنەببەھ مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا ھەقىقەتەن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن شەئىيا دېيىلىدىغان بىر پەيغەمبەرگە مۇنداق ۋەھيي قىلدى: سەن قەۋمىڭ ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدە ئورنۇڭدىن تۇرغىن، مەن ۋەھيىنى سېنىڭ تىلىڭ ئارقىلىق سۆزلەيمەن. مەن ئۇممىلاردىن بىر ئۇممى پەيغەمبەر ئەۋەتىمەن. ئۇ قوپال، قاتتىق قول ۋە بازارلاردا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىپ مېڭىپ يۈرۈيدىغان، بىلىمسىز، كىچىك بالىدەك ئادەم ئەمەس. ئەگەر ئۇ قۇمۇش ئۈستىدە ماڭسا، يېنىك ماڭغانلىقتىن ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلانمايدۇ. ئەگەر ئۇ چىراقنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، سىلىق ماڭغانلىقتىن چىراق ئۆچۈپ قالمايدۇ. قەبىھ سۆزنى قىلمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كور كۆزلەرنى، پاڭ قۇلاقلارنى ۋە غاپىل دىللارنى ئاچىمەن، ئۇنىڭغا ھەرقانداق گۈزەل ئىش ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلىمەن، ھەر قانداق ئېسىل ئەخلاقنى ئۇنىڭغا بېرىمەن. مەن ئۇنىڭ مىجەزىنى ئېغىر ـ بېسىق، شۇئارىنى ياخشىلىق، قەلبىنى تەقۋادار، سۆزىنى ھېكمەتلىك، تەبىئىتىنى راستچىل ۋە ۋاپادار، ئەخلاقىنى ئەپۇ قىلىدىغان ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇيدىغان، شەرىئىتىنى ھەقىقەت تارىخىنى ئادالەت، يېتەكچىلىكىنى ھىدايەت، دىنىنى ئىسلام ۋە ئىسمىنى ئەھمەد قىلىمەن. (كىشىلەرنى) ئۇنىڭ بىلەن گۇمراھلىقتىن ھىدايەت قىلىمەن، بىلمىگەننى بىلدۈرىمەن، يوقىلىشقا يۈزلەنگەنلەرنى قايتا راۋاجلاندۇرىمەن، تونۇمىغاننى تونۇتىمەن، جامائەتنى ئازدىن كۆپەيتىمەن، يوقسۇللۇقتىن بېيىتىمەن، تەپرىقچىلىكتىن بىرلەشتۈرىمەن. ئۇنىڭ بىلەن پىرقە ـ پىرقە بولۇپ كەتكەن ئۈممەتلەرنى ھەر خىل دىللارنى ۋە چېچىلىپ كەتكەن ئادەملەرنى بىرلەشتۈرىمەن. ئۇنىڭ بىلەن ئىنسانلاردىن چوڭ بىر جامائەتنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرىمەن. ئۇنىڭ ئۈممىتىنى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت قىلىمەن، ئۇلار الله نى بىر ۋە بار دەپ ئېتىقاد قىلغان، ئۇنىڭغا ئىشەنگەن، ئىبادەتلىرىدە ئىخلاس قىلغان ۋە پەيغەمبەرلىرىم ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى تەستىق قىلغان ھالدا ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدۇ. ئۇلار مەسچىتلەردە ئولتۇرۇشلىرىدا، يېنىچە ياتقانلىرىدا، ئۆرۈلگەنلىرىدە ۋە مەنزىللىرىدە تۇرغان چاغلىرىدا ئۇلارغا تەسبىھنى، ھەمدۇسانانى، تەكبىرنى ۋە كەلىمە تەۋھىدنى ئىلھام قىلىمەن. ئۇلار ئۆرە تۇرغان ۋە ئولتۇرغان ھالدا ماڭا ناماز ئوقۇيدۇ، الله يولىدا سەپ ـ سەپ ۋە قوشۇن ـ قوشۇن بولۇپ جىھاد قىلىدۇ، مېنىڭ رازىلىقىمنى تىلەپ قىلىپ

www.munber.org

يۇرتلىرىدىن دەۋەت قىلىش ئۈچۈن مېڭىپ چىقىدۇ. يۈزلىرىنى ۋە قول ـ پۇتلىرىنى يۇيىدۇ[1]. ئىشتانلىرىنى پاچاقلىرىنىڭ يېرىمىغىچە كىيىدۇ. ئۇلارنىڭ قۇربانلىقى قان قىلىشتۇر (يەنى قوي ياكى باشقا ھالال ھايۋان بوغۇزلايدۇ). مۇقەددەس كىتابلىرىنى دىللىرىدا بىلىدۇ (يەنى قۇرئان كەرىمنى يادقا بىلىدۇ). كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزىدۇ، كۈندۈزدە يولۋاستەك كۈچ بىلەن ئەمگەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن، ئەۋلادلىرىدىن ياخشى ئىش قىلىشتا ئالدىرايدىغانلارنى، راستچىللارنى، گۇۋاھچىلارنى ۋە ياخشى ئادەملەرنى چىقىرىمەن. ئۇنىڭ ئۈممىتىنى ئۇنىڭدىن كېيىن ھەققە باشلايدىغان، ھەق بىلەن ئادالەت يۈرگۈزىدىغان قىلىمەن. ئۇلارغا ياردەم قىلغانلارنى غالىب قىلىمەن. ئۇلارغا ئاۋاز قوشقانلارغا يار يۆلەكتە بولىمەن. يامان ئاقىۋەتنى بولسا ئۇلارغا قارشى تۇرىدىغانلارغا ياكى ئۇلارغا قارشى چىققانلارغا ۋە ياكى ئۇلارنىڭ قول ئىلكىدىكى بىرەر نەرسىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغانلارغا بېرىمەن. ئۇلارنى پەيغەمبىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، پەرۋەردىگارى تەرەپكە چاقىرىدىغان، ياخشىلىققا بۇيرۇيدىغان، يامانلىقتىن توسىدىغان، ناماز ئوقۇيدىغان، زاكات بېرىدىغان ۋە ئەھدىگە ۋاپا قىلىدىغان كىشىلەردىن قىلىمەن. ئۇلارنىڭ دەسلەپكىدىكى كىشىلەر بىلەن باشلىغان ياخشىلىقنى ئۇلار بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن. مانا بۇ اللە نىڭ پەزلىدۇركى، ئۇنى خالىغان كىشىگە بېرىمەن. مەن ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىمەن.

﴿**گۇۋاھچى**﴾ يەنى اللە دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق دەپ اللە تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىگە ۋە قىيامەت كۈنى ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى بىلەن گۇۋاھلىق بەرگۈچى دېگەنلىك بولىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىز ھەر بىر ئۈممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە (ئى مۇھەممەد!) سېنى بۇلارغا (يەنى ئۈممىتىڭ ئىچىدىكى ئىمانسىزلارغا ۋە گۇناھكارلارغا) گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟**﴾[2] ﴿**شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن**﴾[3].

﴿**بېشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى**﴾ يەنى مۆمىنلەرگە تولۇق ساۋاب بىلەن خۇش بېشارەت بەرگۈچى، كاپىرلارنى قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر. ﴿**اللە نىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭ (بىرلىكىگە، تائەت ئىبادىتىگە) دەۋەت قىلغۇچى**﴾ يەنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ تائەت ئىبادىتىگە چاقىرغۇچى ﴿**ۋە نۇرلۇق چىراق**﴾ قىلىپ ئەۋەتتۇق. يەنى سېنىڭ ئىشىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارىدۇر. سەن ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەت كۈنگە ئوخشاش يورۇق ۋە روشەن. ئۇنىڭدىن پەقەت ھەق بىلەن قارشىلاشقۇچىلارلا تانىدۇ.

﴿**كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارنىڭ (ساڭا قىلغان) ئازار كۆلەپەتلىرىگە پەرۋا قىلمىغىن**﴾ يەنى ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارنىڭ دەۋاتقان سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىغىن. ﴿**ئۇلارنىڭ (ساڭا قىلغان) ئازار ـ كۆلپەتلىرىگە پەرۋا قىلمىغىن**﴾ يەنى ئۇلارنى كەچۈرگىن، گۇناھىنى كەچۈرۈۋەتكىن، ئۇلارنىڭ ھەربىر ئىشى اللە نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ، بۇ ھەقىقەتەن ئۇلار ئۈچۈن كۇپايىدۇر. شۇڭا ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(اللە غا تەۋەككۇل قىلغىن)، اللە (ئۇنىڭغا) تەۋەككۇل قىلغانلارغا يېتەرلىكتۇر**﴾.

* * * * * * *

---

(1) بۇنىڭدىن تاھارەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
(2) سۈرە نىسا 41 ـ ئايەت.
(3) سۈرە بەقەرە 143 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا نَكَحْتُمُ ٱلْمُؤْمِنَـٰتِ ثُمَّ طَلَّقْتُمُوهُنَّ مِن قَبْلِ أَن تَمَسُّوهُنَّ فَمَا لَكُمْ عَلَيْهِنَّ مِنْ عِدَّةٍ تَعْتَدُّونَهَا ۖ فَمَتِّعُوهُنَّ وَسَرِّحُوهُنَّ سَرَاحًا جَمِيلاً ﴿٤٩﴾

***ئى مۆمىنلەر! سىلەر مۆمىن ئاياللارنى ئالساڭلار، ئاندىن ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى قويۇۋەتسەڭلار، بۇ چاغدا ئۇلار سىلەر ئۈچۈن ئىددەت تۇتماسلىقى كېرەك، ئۇلارغا ئاز ـ تولا نەرسە بېرىڭلار، ئۇلارنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرىڭلار*** ﴿49﴾.

## يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن قويۇۋېتىلگەن ئايالنىڭ ئىددەت تۇتمايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا نەرسە بېرىشكە بۇيرۇغانلىق توغرىسىدا

بۇ ئايەت كەرىمدە نۇرغۇن ئەھكاملار بار، شۇ ئەھكاملاردىن بىرى نىكاھ قىلىش ئارقىلىق خوتۇن ئېلىش ھۆكۈمىدۇر. ئايەتتە يەنە ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنى قويۇپ بېرىشكە رۇخسەت قىلىغانلىقنىڭ ھۆكمى بار.

﴿**مۆمىن ئاياللارنى**﴾ بۇ ئايەتتە كۆپچىلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، نىكاھتىكى ھۆكۈمدە مۆمىن ئايال بىلەن ئەھلى كىتابتىن بولغان ئايال ئارىسىدا پەرق يوق ئىكەنلىكىگە ھەممە ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، سەئىد ئىبنى مۇسەييىب، ھەسەنبەسرى، ئەلى ئىبنى ھۈسەين زەينۇلئابىدىن ۋە سەلەپ ئۆلىمالىرىدىن بىر جامائەت بۇ ئايەت بىلەن تالاقنىڭ پەقەت نىكاھتىن كېيىن بولىدىغانلىقىغا دەلىل كۆرسەتتى. چۈنكى، اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەر مۆمىن ئاياللارنى ئالساڭلار، ئاندىن ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى قويۇۋەتسەڭلار**﴾ يەنى اللە بۇ ئايەتتە تالاقنى نىكاھتىن كېيىن بايان قىلدى. شۇڭا بۇ ئايەت تالاقنىڭ نىكاھتىن بۇرۇن دۇرۇس بولمايدىغانلىقى ۋە چۈشمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبنى ئەبۇھاتەم، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر بىر ئادەم مەن ئەمرىمگە ئالىدىغان ھەرقانداق خوتۇن تالاقتۇر دېسە، اللە تائالانىڭ ﴿**ئى مۆمىنلەر! سىلەر مۆمىن ئاياللارنى ئالساڭلار، ئاندىن ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى قويۇۋەتسەڭلار**﴾ دېگەنلىكى ئۈچۈن ھېچقانداق تالاق يۈز بەرمەيدۇ.

ئەبۇھاتەم، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: غالىب ۋە بۈيۈك اللە ھەققەتەن: ﴿**سىلەر مۆمىن ئاياللارنى ئالساڭلار، ئاندىن ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى قويۇۋەتسەڭلار**﴾ دېدى. قارىمامسەن، بۇ ئايەتتە تالاق نىكاھتىن كېيىن بايان قىلىندى. بۇ ھەقتە ئەمرى ئىبنى شۇئەيب بوۋىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئادەم ئەۋلادى ئۈچۈن ئۇ ئىگە بولالمىغان نەرسىدە تالاق بولمايدۇ. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

شۇنداقلا ئىبنى ماجە، ئەلى ۋە مىسۋەرە ئىبنى مەخرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «نىكاھتىن ئىلگىرى تالاق بولمايدۇ».

﴿**بۇ چاغدا ئۇلار سىلەر ئۈچۈن ئىددەت تۇتماسلىقى كېرەك**﴾ بۇ ئۆلىمالار ئارىسىدا بىرلىككە كەلگەن ئىشتۇر. ئايال كىشى ئېرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن تالاق قىلىنسا، ئۇنىڭ ئېرى ئۈچۈن ئىددەت تۇتۇشى كېرەك ئەمەس. ئۇ كىمنى خالىسا، دەرھاللا بېرىپ ياتلىق بولالايدۇ. بۇ ھۆكۈمدىن پەقەت ئېرى قازا

www.munber.org

قىلىپ كەتكەن ئايال مۇستەسنا، ئايال قازا قىلىپ كەتكەن ئېرى بىلەن بىر تۆشەكتە بولمىسىمۇ ئۇ ئېرى ئۈچۈن تۆت ئاي 10 كۈن ئىددەت تۇتىدۇ. بۇمۇ ھەم ئۆلىمالار بىردەك بىرلىككە كەلگەن مەسىلىدۇر.

﴿**ئۇلارغا ئاز ـ تولا نەرسە بېرىڭلار، ئۇلارنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرىڭلار**﴾ بۇ ئايەتتىكى ئاز ـ تولا نەرسە بېرىڭلار دېگەن سۆزدىن بەلگىلەنگەن مەھرىنىڭ يېرىمىنى بېرىشتىن ئاممىباپراق مەنىنى كۆرسىتىدۇ. ياكى ئەگەر مەھرى تەيىنلەنمىگەن بولسا، خۇسۇسىي بەلگىلىك مىقداردا نەرسە بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. الله تائالا بەلگىلەنگەن مەھرىنىڭ يېرىمىنى بېرىش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر سىلەر ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى ۋە مەھرى تەيىنلىنىپ بولغاندىن كېيىن تالاق قىلساڭلار، تەيىنلەنگەن مەھرىنىڭ يېرىمىنى بېرىڭلار﴾[1].

غالىب ۋە بۈيۈك الله تەيىنلەنمىگەن مەھرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر سىلەر ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلماي ياكى مەھرى تەيىنلەنمەي تۇرۇپ ئۇلارنى تالاق قىلساڭلار (يەنى نىكاھىڭلارغا ئالغان ئايال بىلەن بىر يەردە بولمىغان ياكى مەھرىنى مۇئەييەنلەشتۈرمىگەن شارائىتتا)، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا مۇتئە (يەنى بەلگىلىك مىقداردا پۇل ـ مال) بېرىشىڭلار كېرەك، ئۇلارغا نەرسە بېرىڭلار، باي ئۆز ھالىغا يارىشا، كەمبەغەلمۇ ئۆز ھالىغا يارىشا قائىدە بويىچە بەرسۇن، بۇ ياخشى ئادەملەرنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر﴾[2] ئىمام بۇخارى، سەھل ئىبنى سەئىد ۋە ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەراھىلنىڭ قىزى ئۇمەيمەنى ئەمرىگە ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىش ئۈچۈن قولىنى سۇنۇۋىدى، ئۇمەيمە گويا بۇنى ياقتۇرمىغاندەك كۆرۈندى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ئۇسەيدنى ئۇمەيمەگە ئاق پاختىدىن توقۇلغان ئىككى دانە كىيىمنى كىيگۈزۈپ، نەرسىلىرىنى تەييارلاپ، يولغا سېلىۋېتىشنى بۇيرۇدى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تەلھە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن قويۇۋېتىلگەن ئايالنىڭ مەھرى تەيىنلەنگەن بولسا، ئۇنىڭغا تەيىنلەنگەن مەھرىنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ مەھرى تەيىنلەنمىگەن بولسا، ئۇنىڭغا باي ئۆز ھالىغا يارىشا، كەمبەغەلمۇ ئۆز ھالىغا يارىشا بەلگىلىك مىقداردا پۇل ـ مال بېرىدۇ. مانا بۇ چىرايلىقچە قويۇپ بېرىش دېمەكتۇر.

* * * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِىُّ إِنَّآ أَحْلَلْنَا لَكَ أَزْوَٰجَكَ ٱلَّـٰتِىٓ ءَاتَيْتَ أُجُورَهُنَّ وَمَا مَلَكَتْ يَمِينُكَ مِمَّآ أَفَآءَ ٱللَّهُ عَلَيْكَ وَبَنَاتِ عَمِّكَ وَبَنَاتِ عَمَّـٰتِكَ وَبَنَاتِ خَالِكَ وَبَنَاتِ خَـٰلَـٰتِكَ ٱلَّـٰتِى هَاجَرْنَ مَعَكَ وَٱمْرَأَةً مُّؤْمِنَةً إِن وَهَبَتْ نَفْسَهَا لِلنَّبِىِّ إِنْ أَرَادَ ٱلنَّبِىُّ أَن يَسْتَنكِحَهَا خَالِصَةً لَّكَ مِن دُونِ ٱلْمُؤْمِنِينَ ۗ قَدْ عَلِمْنَا مَا فَرَضْنَا عَلَيْهِمْ فِىٓ أَزْوَٰجِهِمْ وَمَا مَلَكَتْ أَيْمَـٰنُهُمْ لِكَيْلَا يَكُونَ عَلَيْكَ حَرَجٌ ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿٥٠﴾

[1] سۈرە بەقەرە 237 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە 236 ـ ئايەت.

www.munber.org

***ئى پەيغەمبەر! ساڭا بىز سەن مەھرىلىرىنى بەرگەن ئاياللىرىڭنى، اﷲ ساڭا غەنىمەت قىلىپ بەرگەن، ئەسىر چۈشكەن ئاياللاردىن ئۆزەڭ مالىك بولغانلارنى ھالال قىلدۇق، ئاتاڭنىڭ ئەر قېرىنداشلىرىنىڭ قىزلىرىنى ۋە ھەمشىرە قېرىنداشلىرىنىڭ قىزلىرىنى،ئاناڭنىڭ ئەر قېرىنداشلىرىنىڭ قىزلىرىنى ۋە ھەمشىرە قېرىنداشلىرىنىڭ قىزلىرىنى (ساڭا ھالال قىلدۇق). بۇلار سەن بىلەن بىرلىكتە ھىجرەت قىلدى. ئەگەر بىر مۆمىن خوتۇن ئۆزىنى پەيغەمبەرگە بەخش قىلسا، پەيغەمبەر ئۇنى (مەھرىسىز) ئېلىشنى خالىسا، بۇنى مۆمىنلەرگە ئەمەس، يالغۇز ساڭىلا (ھالال قىلدۇق)، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرى توغرۇلۇق بىزنىڭ چىقارغان بەلگىلىمىلىرىمىز بىزگە مەلۇمدۇر، ساڭا ھەرەج بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن (سېنى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلدۇق)، اﷲ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر***﴿50﴾.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھالال قىلىنغان ئاياللارنىڭ بايانى توغرىسىدا

اﷲ تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ، مەھرىلىرىنى بەرگەن ئاياللىرىنى ئۇنىڭغا ھالال قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ ئاياللىرىنىڭ مەھرى ئون ئىككى يېرىم ئۇقىيە بولۇپ ھەممىسى 500 كۈمۈش تەڭگىدىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ئاياللىرىدىن ئۇممۇھەبىبە، سەفىيە ۋە جۇۋەيرىييە مۇستەسنادۇر. ئەبۇ سۇفياننىڭ قىزى ئۇممۇ ھەبىبەگە پادىشاھ نەجاشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىدا 400 تىللا ئالتۇن مەھرى بەردى. ھۇيەيىينىڭ قىزى سەفىيەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەر ئولجىلىرى ئارىسىدىن تاللىۋالدى. ئاندىن ئۇنى ئازاد قىلدى ۋە ئۇنى ئازاد قىلغانلىق ھەققىنى ئۇنىڭ مەھرى قىلىپ بەردى. شۇنداقلا مۇستەلقىيە قەبىلىسىدىن ھارىسنىڭ قىزى جۇۋەيرىيىنىڭ ئازاد بولۇشى ئۈچۈن پۈتۈشكەن پۇلنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇۋەرىيەنىڭ خوجايىنى سابىس ئىبنى قەيس ئىبنى شاماسقا ئۆتەپ بېرىپ ئۇنى ئەمرىگە ئالدى. اﷲ ئۇ ئاياللىرىدىن ھەممىسىدىن رازى بولسۇن.

**﴿اﷲ ساڭا غەنىمەت قىلىپ بەرگەن، ئەسىر چۈشكەن ئاياللاردىن ئۆزەڭ مالىك بولغانلارنى ھالال قىلدۇق﴾** يەنى ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام! غەنىمەتتىن ساڭا نېسىپ بولغان دېدەكنى اﷲ ساڭا ھالال قىلىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفىيە بىلەن جۇۋەيرىييەگە ئىگە بولغان ئىدى. ئۇ ھەر ئىككىلىسىنى ئازاد قىلىپ، ئۆز ئەمرىگە ئالدى. ئۇ بەنى نەزىر قەبىلىسىدىن سەمئۇننىڭ قىزى رەيھانغا ۋە ئوغلى ئىبراھىمنىڭ ئانىسى مارىيە قىبتىغا ئىگە بولغان ئىدى. ھەر ئىككىلىسى دېدەكلەردىن ئىدى. ئۇ ئىككىسىدىن اﷲ رازى بولسۇن! **﴿ئاتاڭنىڭ ئەر قېرىنداشلىرىنىڭ ۋە ھەمشىرە قېرىنداشلىرىنىڭ قىزلىرىنى،ئاناڭنىڭ ئەر قېرىنداشلىرىنىڭ ۋە ھەمشىرە قېرىنداشلىرىنىڭ قىزلىرىنى (ساڭا ھالال قىلدۇق)﴾** مانا بۇ ئوتتۇراھاللىق بىلەن سولچىللىق ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق ۋە نورماللىقتۇر. ناسارالار ، ئوغۇل بىلەن قىزنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق يەتتە ئەۋلادقا يەتسە، ئۇلارنىڭ بىرى ئاكىسىنىڭ ۋە ھەمشىرىنىڭ قىزى بىلەن ئۆيلىنەتتى. بۇ پاك ۋە مۇكەممەل شەرىئەت كېلىپ ناسارالارنىڭ ھەددىدىن زىيادە شەرتلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئاتىنىڭ ئەر قېرىنداشلىرىنىڭ ۋە ھەمشىرە قېرىنداشلىرىنىڭ قىزىنى ئېلىشنى ھالال قىلدى. شۇنداقلا يەھۇدىيلارنىڭ ئاكا ۋە ھەمشىرىنىڭ قىزىنى ئېلىشتەك ناچار قىلمىشلىرىنى ھارام قىلدى. يەھۇدىيلارنىڭ بۇ قىلمىشى ئىنتايىن قەبىھ ۋە رەسۋالىقتۇر.

**﴿بۇلار سەن بىلەن بىرلىكتە ھىجرەت قىلدى. ئەگەر بىر مۆمىن خوتۇن ئۆزىنى پەيغەمبەرگە بەخش قىلسا، پەيغەمبەر ئۇنى (مەھرىسىز) ئېلىشنى خالىسا، بۇنى مۆمىنلەرگە ئەمەس، يالغۇز ساڭىلا (ھالال**

www.munber.org

**قىلدۇق)**﴾ يەنى ئى پەيغەمبەر! ئەگەر بۇ مۆمىن ئايال ئۆزىنى ساڭا بەخش قىلسا، سەن ئۇنى مەھرىسىز ئەمرىڭگە ئېلىشنى خالىساڭ، بۇ ساڭا ھالالدۇر. بۇ ئايەتتە ئىككى شەرت ئارقا ـ ئارقىدىن كەلدى.

ئىمام ئەھمەد سەھل ئىبنى سەئد سائىدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىر خوتۇن كېلىپ. ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ھەقىقەتەن ئۆزەمنى ساڭا بەخش قىلدىم دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بەرمىگەنلىكتىن ئۇ خوتۇن ئۇزۇن تۇرۇپ قالدى. بىر ئادەم: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر سىنىڭ ئۇ ئايالغا ھاجىتىڭ بولمىسا، ئۇنى ماڭا ئېلىپ بەرگىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا مەھرى بەرگىدەك بىرەر نەرسەڭ بارمۇ؟» دېدى. ئۇ ئادەم: مېنىڭ پەقەت بۇ ئىشتىنىملا بار، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئىشتىنىڭنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتسەڭ، سەن ئىشتانسىز قالامسەن؟ بىرەر نەرسە تېپىپ كەلگىن» دېدى. ئۇ: بىرەر نەرسە تاپالمايمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تۆمۈر ئۈزۈك بولسىمۇ تېپىپ كەلگىن» دېدى. ئۇ ئىزدەپ باقتى، لېكىن ھېچنەرسە تاپالمىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا «قۇرئاندىن بىرەر نەرسە بىلەمسەن؟» دېدى. ئۇ: ھەئە، پالانى، پالانى سۈرىلەرنى بىلىمەن، دەپ بىلىدىغان سۈرىلەرنىڭ ئىسمىنى دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇ ئايالنى ساڭا قۇرئاندىن سەن بىلگەنلىرىڭنى ئۇنىڭغا ئۆگىتىپ قويۇشۇڭنى مەھرى قىلىپ ئېلىپ بەردىم» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

ئىبنى ئەبۇ ھاتەم، ئائىشەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنى بەخش قىلغان خوتۇن ھەكىمنىڭ قىزى خەۋلە ئىدى.

ئىمام بۇخارى ئائىشەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزلىرىنى بەخش قىلغان ئاياللارغا كۈندەشلىك قىلاتتىم ۋە خوتۇن كىشىمۇ ئۆزىنى بەخش قىلامدۇ؟ دەيتتىم. الله تائالا ﴿**ئاياللىرىڭدىن خالىغىنىڭنىڭ نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرسەڭ، خالىغىنىڭ بىلەن (نۆۋىتىدىن باشقا ۋاقىتتا) بىر يەردە بولساڭ بولىۋېرىدۇ، (ۋاقىتلىق) ئايرىلىپ تۇرغان ئاياللىرىڭدىن بىرى بىلەن ھەمتۆشەك بولماقچى بولساڭ، ساڭا ھېچ گۇناھ يوقتۇر**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان چاغدا پەرۋەردىگارىڭ پەقەت سېنىڭ خاھىشىڭ بويىچىلا ھۆكۈم قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن، دېدىم.

ئىبنى ئەبۇ ھاتەم، ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىدەم ئۆزىنى ئۇنىڭغا بەخش قىلغان بىرمۇ خوتۇن يوق ئىدى. ئۇنى ئىبنى جەرىرمۇ يۇنۇس ئىبنى بۇكەيردىن رىۋايەت قىلغان. يەنى گەرچە ئۆزىنى بەخش قىلغان خۇتۇننى ئەمرىگە ئېلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھالال ۋە ئۇنىڭغىلا خاس قىلىنغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى بەخش قىلغان بىرمۇ خوتۇننى قوبۇل قىلمىدى. چۈنكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خالىشىغا باغلىق ئىشتۇر. خۇددى الله تائالا: «پەيغەمبەر ئۇنى مەھرىسىز ئېلىشنى خالىسا» دېگەندەك.

﴿**بۇنى مۆمىنلەرگە ئەمەس، يالغۇز ساڭىلا (ھالال قىلدۇق)**﴾ ئىكرىمە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئۆزىنى بەخش قىلغۇچى خوتۇن سەندىن باشقا ئادەمگە ھالال بولمايدۇ. ئەگەر بىرەر خوتۇن بىرەر ئەرگە ئۆزىنى بەخش ئەتسە، ئۇ ئەر ئۇ خوتۇنغا بىرەر نەرسىنى مەھرى قىلىپ بەرمىگىچە، ئۇ خوتۇن ئۇ ئەرگە ھالال بولمايدۇ. مۇجاھىد، شەئبىي ۋە باشقىلارمۇ شۇنداق دېدى. يەنى ئەگەر بىر خوتۇن بىر ئەرگە ئۆزىنى تاپشۇرسا، ئۇ ئەر قاچان ئۇ خوتۇن بىلەن بىر تۆشەكتە بولسا، ئەرنىڭ ئۈستىگە ئۇ خوتۇنغا مەھرى مىسلى[1] بېرىش ۋاجىب بولىدۇ. ۋاشىقنىڭ قىزى بەرۋەئە ئۆزىنى بىر ئەرگە بەخش قىلغاندىن كېيىن، ئۇ

---

[1] شۇ ئايال بىلەن ھەر جەھەتتە تەڭتۇش ئايالغا قانچىلىك مەھرى بېرىلىدىغان بولسا بۇ ئايالغىمۇ شۇنچىلىك مەھرى بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

www.munber.org

ئېرى بىلەن بىر تۆشەكتە بولۇشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئېرى ۋاپات بولۇپ كەتكەن چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مەھرى مىسلى بىلەن ھۆكۈم قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ئادەمگە ئۆزىنى بەخش قىلغان ئايالغا ئۇ ئايال ئېرى بىلەن بىر تۆشەكتە بولۇشتىن بۇرۇن ئېرى ئۆلۈپ كەتسە ياكى ئېرى بىلەن بىر تۆشەكتە بولسا مەھرى مۇقىملىشىدۇ ۋە مەھرى مىسلىنىڭ بېرىلىشىدە بۇلارنىڭ ھۆكمى ئوخشاشتۇر. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى بەخش قىلغان خوتۇن بىلەن بىر تۆشەكتە بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا مەھرىدىن ھېچ نەرسە ۋاجىب بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭغا مەھرىسىز، ۋەلىسىز ۋە گۇۋاھچىسىز خوتۇن ئېلىشقا رۇخسەت قىلىنغان، جەھشىنىڭ قىزى زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قىسسىسىدىمۇ شۇنداق بولدى. شۇڭا قەتادە الله نىڭ : ﴿**بۇنى مۆمىنلەرگە ئەمەس، يالغۇز ساڭىلا (ھالال قىلدۇق)**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بىرەر خوتۇننىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا بىرەر ئەرگە ئۆزىنى ۋەلىسىز ۋە مەھرىسىز بەخش قىلىشىغا بولمايدۇ.

﴿**ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرى توغرۇلۇق بىزنىڭ چىقارغان بەلگىلىمىلىرىمىز بىزگە مەلۇمدۇر**﴾

ئۇبەي ئىبنى كەئب، مۇجاھىد، ھەسەن، قەتادە ۋە ئىبنى جەرىر قاتارلىقلار بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئۇلارنىڭ تۆت ھۆر خوتۇن بىلەن چەكلىنىشى توغرۇلۇق بىزنىڭ چىقارغان بەلگىلىمىلىرىمىز بىزگە مەلۇمدۇر. ئۇلارنىڭ خالىغىنىچە چۆرىلەرگە ئىگە بولۇش، ئۇلارغا ۋەلى، مەھرى ۋە گۇۋاھچىنىڭ شەرت قىلىنىشى توغرۇلۇق چىقارغان بەلگىلىمىلىرىمىزنىمۇ بىز بىلىمىز. بۇ ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسى ئۈممەتكە قارىتىلغاندۇر. لېكىن، ۋەلىسىز، مەھرىسىز ۋە گۇۋاھچىسىز خوتۇن ئېلىشنى ساڭىلا رۇخسەت قىلدۇق. ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى ساڭا ۋاجىب قىلمىدۇق. بۇنداق قىلىشىمىز ﴿**ساڭا ھەرەج بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن (سېنى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلدۇق)، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾.

* * * * * * *

۞ تُرۡجِي مَن تَشَآءُ مِنۡهُنَّ وَتُـٔۡوِيٓ إِلَيۡكَ مَن تَشَآءُۖ وَمَنِ ٱبۡتَغَيۡتَ مِمَّنۡ عَزَلۡتَ فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكَۚ
ذَٰلِكَ أَدۡنَىٰٓ أَن تَقَرَّ أَعۡيُنُهُنَّ وَلَا يَحۡزَنَّ وَيَرۡضَيۡنَ بِمَآ ءَاتَيۡتَهُنَّ كُلُّهُنَّۚ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ مَا فِي قُلُوبِكُمۡۚ
وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَلِيمٗا ﴿٥١﴾

***ئاياللىرىڭدىن خالىغىنىڭنىڭ نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرسەڭ، خالىغىنىڭ بىلەن (نۆۋىتىدىن باشقا ۋاقىتتا) بىر يەردە بولساڭ بولىۋېرىدۇ، (ۋاقىتلىق) ئايرىلىپ تۇرغان ئاياللىرىڭدىن بىرى بىلەن ھەمتۆشەك بولماقچى بولساڭ، ساڭا ھېچ گۇناھ يوقتۇر، (مانا) بۇ ئۇلارنىڭ خۇشال بولۇشىغا، قايغۇرماسلىقىغا، بەرگەنلىرىڭگە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ رازى بولۇشىغا ئەڭ يېقىندۇر، الله دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ، الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)***﴿51﴾.

## ئۆزىنى بەخش قىلغان خوتۇننى قوبۇل قىلىش ياكى ئۇنى رەت قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىختىيارلىقىدا ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزلىرىنى بەخش قىلغان خوتۇنلارغا كۈندەشلىك قىلاتتى. ئۇ: خوتۇن كىشى ئۆزىنى مەھرىسىز خوتۇنلۇققا

www.munber.org

تەڭلەشتىن نۇمۇس قىلمامدۇ؟ دەيتتى. ئاندىن غالىب ۋە بۈيۈك الله **﴿ئاياللىرىڭدىن خالىغىنىڭنىڭ نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرسەڭ، خالىغىنىڭ بىلەن (نۆۋىتىدىن باشقا ۋاقىتتا) بىر يەردە بولساڭ بولىۋېرىدۇ﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئائىشە: پەرۋەردىگارىڭ ساڭا سېنىڭ خاھىشىڭ بويىچە ھۆكۈم قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن، دېدى.

بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىمۇ رىۋايەت قىلغانلىقى يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ھەدىس يۇقىرىدىكى ئايەتتىن مۇنداق مەنە كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر: ئۆزلىرىنى ساڭا بەخش قىلغان ئاياللاردىن خالىغىنىڭنى ئارقىغا سۈرسەڭ، خالىغىنىڭ بىلەن بىر يەردە بولساڭ بولىۋېرىدۇ يەنى ئۇلاردىن خالىغىنىڭنى قوبۇل قىلساڭ، خالىغىنىڭنى رەت قىلساڭ بولىۋېرىدۇ. سەن رەت قىلغان خوتۇندا يەنە سېنىڭ ئىختىيارىڭ بار، ئۇنى رەت قىلغاندىن كېيىن ئەگەر خالىساڭ، ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە بولساڭ بولىۋېرىدۇ. شۇڭا الله مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ۋاقىتلىق) ئايرىلىپ تۇرغان ئاياللىرىڭدىن بىرى بىلەن ھەمتۆشەك بولماقچى بولساڭ، ساڭا ھېچ گۇناھ يوقتۇر﴾**.

باشقا تەپسىرشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: بەلكى الله نىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدىن كۆزدە تۇتۇلغان مەنە بۇدۇر: **﴿ئاياللىرىڭدىن خالىغىنىڭنىڭ نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرسەڭ، خالىغىنىڭ بىلەن (نۆۋىتىدىن باشقا ۋاقىتتا) بىر يەردە بولساڭ بولىۋېرىدۇ﴾** يەنى ئاياللىرىڭدىن ئۇلارنىڭ نۆۋىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، خالىغىنىڭنىڭ نۆۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خالىغىنىڭنىڭ نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرسەڭ، خالىغىنىڭ بىلەن بىر تۆشەكتە بولۇپ، خالىغىنىڭ بىلەن بىر تۆشەكتە بولماي تاشلاپ قويساڭ ساڭا ھېچ گۇناھ يوقتۇر.

ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، ھەسەن، قەتادە، ئەبۇ رىزى، ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم ۋە باشقىلارنىڭمۇ مۇشۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنىڭ نۆۋىتىنى تەقسىم قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن شافىئى مەزھىبىدىن ۋە باشقىلاردىن بىر جامائە فىقھىشۇناسلار: ئاياللار ئارىسىدىكى نۆۋەتنى تەقسىم قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋاجىب ئەمەس ئىدى دېگەن يەكۈننى چىقاردى ۋە بۇ ئايەت كەرىمنى دەلىل ـ ئىسپات قىلىپ كۆرسەتتى.

ئىمام بۇخارى، ئائىشەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **﴿ئاياللىرىڭدىن خالىغىنىڭنىڭ نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرسەڭ، خالىغىنىڭ بىلەن (نۆۋىتىدىن باشقا ۋاقىتتا) بىر يەردە بولساڭ بولىۋېرىدۇ، (ۋاقىتلىق) ئايرىلىپ تۇرغان ئاياللىرىڭدىن بىرى بىلەن ھەمتۆشەك بولماقچى بولساڭ، ساڭا ھېچ گۇناھ يوقتۇر﴾** دېگەن بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى بىزدىن بىر خوتۇندىن ئۇنىڭ نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرۈش ئۈچۈن ئىزنى سورىغان ئىدى. مەن ئۇ خوتۇنغا: نېمە دېدىڭىز؟ دېدىم. ئۇ خوتۇن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر ئىختىيارلىق مېنىڭدە بولسا، سېنى ھېچ ئادەمگە ئۆتۈنۈپ بېرىشنى خالىمايمەن دېدىم، دېدى. ئائىشەدىن رىۋايەت قىلىنغان بۇ ھەدىس يۇقىرىدىكى ئايەتتىن (ئاياللار ئارىسىدا) نۆۋەت تەقسىماتىنىڭ ۋاجىب ئەمەسلىكى كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئائىشەنىڭ دەسلەپتىكى ھەدىسى بولسا، بۇ ئايەتنىڭ ئۆزلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەخش قىلغان ئاياللار ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا ئىبنى جەرىر بۇ ئايەت ئۆزلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنى بەخش قىلغان ئاياللارنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىدىكى ئاياللارنى ئومۇمەن ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاياللارنىڭ ئارىسىدا ئەگەر خالىسا نۆۋەت تەقسىم قىلىش، خالىمىسا تەقسىم قىلماسلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئىختىيارىدۇر دەپ كۆرسەتتى. ئىبنى جەرىرنىڭ بۇ كۆز قارىشى ياخشى ۋە كۈچلۈك قاراشتۇر، بۇ قاراشتا يۇقىرىقى ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىمۇ بىرلىشىدۇ.

www.munber.org

﴿(مانا) بۇ ئۇلارنىڭ خۇشال بولۇشىغا، قايغۇرماسلىقىغا، بەرگەنلىرىڭگە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ رازى بولۇشىغا ئەڭ يېقىندۇر﴾ يەنى ئەگەر ئۇلار نۆۋەت تەقسىماتىدا الله گۇناھىڭنى كەچۈرۈۋەتكەنلىكىنى سېنىڭ خالىساڭ نۆۋەت تەقسىم قىلىپ، خالىمىساڭ تەقسىم قىلمايدىغانلىقىڭنى، ئۇنىڭ قايسىسىنى قىلساڭ ساڭا ھېچ گۇناھ بولمايدىغانلىقىنى، ئاندىن شۇنداق تۇرۇقلۇق سېنىڭ ۋاجىب بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن ئۇلار ئارىسىدا نۆۋەت بەلگىلەپ بەرگەنلىكىڭنى بىلسە، بۇ قىلغانلىرىڭ بىلەن ئۇلار خۇشال بولىدۇ، بۇنىڭدا سېنى ياخشى قىلدى، دەپ بىلىدۇ. ئۇلارغا نۆۋەت بەلگىلەپ بېرىشىڭدىن ئۇلار ئارىسىدا باراۋەر بولۇشۇڭ، ئۇلارغا ئىنساپ قىلىشىڭ، ئۇلار ئىچىدە ئادالەتلىك بولۇشۇڭدىن ئىبارەت ئۇلارغا قىلغان ياخشىلىقىڭنى بىلىپ يېتىدۇ.

﴿الله دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾ يەنى ئەرلەرنىڭ ئاياللارنىڭ بەزىسىنى قويۇپ، بەزىسىگە مايىل بولۇپ كېتىشىنى، بۇ مايىللىقتىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى الله بىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد، ئائىشەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنىڭ ئارىسىدا نۆۋەت تەقسىم قىلاتتى ۋە ئادىل بولاتتى. ئاندىن مۇنداق دەيتتى: «ئى الله! بۇ مېنىڭ مەن ئىگە بولغان نەرسىدە قىلغانلىرىم، سەن ئىگە بولغان، مەن ئىگە بولالمىغان نەرسىدە ماڭا مالامەت قىلمىغىن» بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان. ئەبۇ داۋۇد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سەن ئىگە بولغان، مەن ئىگە بولالمىغان نەرسىدە ماڭا مالامەت قىلمىغىن» دېگەن سۆزىنى كېيىن، كۆڭلۈمنىڭ مايىللىقى ئۈچۈن ماڭا مالامەت قىلمىغىن دېگەن سۆزنى زىيادە رىۋايەت قىلدى. شۇڭا الله تائالا الله ﴿الله دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾ دېگەن ئايەتكە ئۇلاپلا مۇنداق دېدى: ﴿الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴾ يەنى دىللاردىكى ھەممە سىرلارنى بىلگۈچىدۇر ﴿ھەلىمدۇر (يەنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)﴾ يەنى بەندىلەرگە كۆيۈنىدۇ، گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

* * * * * * *

لَّا يَحِلُّ لَكَ ٱلنِّسَآءُ مِنۢ بَعۡدُ وَلَآ أَن تَبَدَّلَ بِهِنَّ مِنۡ أَزۡوَٰجٖ وَلَوۡ أَعۡجَبَكَ حُسۡنُهُنَّ إِلَّا مَا مَلَكَتۡ يَمِينُكَۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ رَّقِيبٗا ﴿٥٢﴾

*(ئى پەيغەمبەر! ئىلگىڭدىكى ئاياللىرىڭدىن باشقا) يەنە خوتۇن ئالساڭ،ساڭا ھالال بولمايدۇ، باشقا ئاياللارنىڭ جامالى سېنى ئەجەبلەندۇرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى يەڭگۈشلەش (ساڭا ھالال بولمايدۇ). پەقەت سېنىڭ ئىلكىڭدىكى چۆرىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا، الله ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر* ﴿52﴾.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىختىيار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا بېرىلگەن مۇكاپات توغرىسىدا

ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، زەھھاك، قەتادە، ئىبنى زەيدە، ئىبنى جەرىر ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت بىر قانچە ئۆلىمالار مۇنداق دېدى: بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن، يەنى يۇقىرىدىكى مەزكۇر ئايەتتە ئېيتىلغاندەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىختىيارغا قويغاندا، ئۇلارنىڭ الله تائالانى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە ئاخىرەت يۇرتىنى ئىختىيار قىلغانلىقىدىن ئىبارەت

www.munber.org

ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىدىن رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن نازىل بولغان. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىختىيار قىلىۋىدى، ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن، الله پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلار بىلەنلا چەكلىدى. ئۇلاردىن باشقا خوتۇن ئېلىشنى ياكى باشقا ئاياللارنىڭ جامالى ئۇنى ئەجەپلەندۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى يەڭگۈشلەشنى ئۇنىڭغا ھارام قىلدى. چۆرىلەر ۋە دېدەكلەر بولسا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلسا ياكى ئۇلارنى ئالماشتۇرسا ئۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ. ئاندىن كېيىن الله تائالا ئۇنىڭغا باشقا خوتۇن ئالسا، گۇناھ بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ۋە ئۇنىڭغا باشقا خوتۇن ئېلىشقا رۇخسەت قىلدى. لېكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئاياللىرىغا قىلغان ياخشىلىقى بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ باشقا خوتۇن ئالمىدى.

ئىمام ئەھمەد، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قازا قىلىشتىن بۇرۇن الله تائالا ئۇنىڭغا باشقا ئاياللارنى ئېلىشنى ھالال قىلدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى ۋە نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلغان.

باشقا تەپسىرشۇناسلار مۇنداق دېدى: ﴿**(ئى پەيغەمبەر! ئىلكىڭدىكى ئاياللىرىڭدىن باشقا) يەنە خوتۇن ئالساڭ،ساڭا ھالال بولمايدۇ**﴾ دېگەن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، سەن مەھرىلىرىنى بېرىپ ئالغان ئاياللىرىڭ سېنىڭ ئىلكىڭدىكى چۆرىلەر، ئاتاڭنىڭ ئەر قېرىندىشى ۋە ھەمشىرىسىنىڭ، ئاناڭنىڭ ئەر ۋە ھەمشىرە قېرىندىشىنىڭ قىزلىرى ۋە ئۆزىنى بەخش قىلغان ئايال قاتارلىق بىز ساڭا ھالال قىلىپ سۈپەتلەپ بەرگەن ئاياللاردىن باشقا ئاياللارنى ئالساڭ، ساڭا ھالال بولمايدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئۇبەي ئىبنى كەئب، مۇجاھىد ۋە باشقىلاردىن رىۋايەت قىلىنغان.

ئىمام تىرمىزى، ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله تائالا نىڭ ﴿**(ئى پەيغەمبەر! ئىلكىڭدىكى ئاياللىرىڭدىن باشقا) يەنە خوتۇن ئالساڭ،ساڭا ھالال بولمايدۇ، باشقا ئاياللارنىڭ جامالى سېنى ئەجەبلەندۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى يەڭگۈشلەش (ساڭا ھالال بولمايدۇ). پەقەت سېنىڭ ئىلكىڭدىكى چۆرىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا**﴾ دېگەن ئايىتى بىلەن ھىجرەت قىلغان مۆمىن ئاياللاردىن باشقا ھەر خىل ئىرقتىكى ئاياللارنى خوتۇنلۇققا ئېلىشتىن توسۇلدى. الله مۆمىن قىزلارنى، ئۆزىنى پەيغەمبەرگە بەخش قىلغان مۆمىن خوتۇننى ئۇنىڭغا ھالال قىلدى. ئىسلام دىنىدىن باشقا ھەر قانداق دىندىكى ئايالنى ئېلىشنى ھارام قىلدى. ئاندىن الله مۇنداق دېدى: ﴿كىمكى ئىماندىن يېنىۋالىدىكەن (ياكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن)، ئۇنىڭ ئەملى (نىڭ ساۋابى) يوققا چىقىرىلىدۇ﴾[1].

ئىبنى جەرىر بۇ ئايەت، تىلغا ئېلىنغان تۆردىكى ئاياللارنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىدىكى ئاياللارنى ئومۇمەن ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئەمرىدىكى ئاياللار توققۇز ئىدى. ئىبنى جەرىرنىڭ بۇ قارىشى كۈچلۈك قاراشتۇر. سەلەپ ئۆلىمالىرىنىڭ بۇ ئايەت ئۈستىدە نۇرغۇن قاراشلىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

﴿**باشقا ئاياللارنىڭ جامالى سېنى ئەجەبلەندۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى يەڭگۈشلەش (ساڭا ھالال بولمايدۇ)**﴾ الله تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەگەر ئاياللىرىدىن بىرىنى قويۇپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، بار بولغان ئاياللىرىنىڭ ئۈستىگە زىيادە خوتۇن ئېلىشتىن، ئۇ خوتۇننى باشقا بىر خوتۇن بىلەن ئالماشتۇرۇشتىن توستى. پەقەت ئىلكىدىكى چۆرىلەرلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

* * * * * * *

[1] سۈرە مائىدە 5- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَدۡخُلُواْ بُيُوتَ ٱلنَّبِيِّ إِلَّآ أَن يُؤۡذَنَ لَكُمۡ إِلَىٰ طَعَامٍ غَيۡرَ نَٰظِرِينَ إِنَىٰهُ وَلَٰكِنۡ إِذَا دُعِيتُمۡ فَٱدۡخُلُواْ فَإِذَا طَعِمۡتُمۡ فَٱنتَشِرُواْ وَلَا مُسۡتَـٔۡنِسِينَ لِحَدِيثٍۚ إِنَّ ذَٰلِكُمۡ كَانَ يُؤۡذِي ٱلنَّبِيَّ فَيَسۡتَحۡيِۦ مِنكُمۡۖ وَٱللَّهُ لَا يَسۡتَحۡيِۦ مِنَ ٱلۡحَقِّۚ وَإِذَا سَأَلۡتُمُوهُنَّ مَتَٰعٗا فَسۡـَٔلُوهُنَّ مِن وَرَآءِ حِجَابٖۚ ذَٰلِكُمۡ أَطۡهَرُ لِقُلُوبِكُمۡ وَقُلُوبِهِنَّۚ وَمَا كَانَ لَكُمۡ أَن تُؤۡذُواْ رَسُولَ ٱللَّهِ وَلَآ أَن تَنكِحُوٓاْ أَزۡوَٰجَهُۥ مِنۢ بَعۡدِهِۦٓ أَبَدًاۚ إِنَّ ذَٰلِكُمۡ كَانَ عِندَ ٱللَّهِ عَظِيمًا ﴿٥٣﴾ إِن تُبۡدُواْ شَيۡـًٔا أَوۡ تُخۡفُوهُ فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٗا ﴿٥٤﴾

***ئى مۆمىنلەر! پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرمەڭلار، پەقەت تاماققا چاقىرىلغان ۋاقتىڭلاردىلا كىرىڭلار، (باشقا ۋاقىتتا رۇخسەت بىلەن كىرگەندە) تاماقنىڭ پىشىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماڭلار، لېكىن چاقىرىلغاندىلا كىرىڭلار يۇ، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن تارقاپ كېتىڭلار، تاماقتىن كېيىن) پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرماڭلار، بۇ (يەنى تاماقتىن كېيىن پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇش) پەيغەمبەرنى رەنجىتىدۇ، پەيغەمبەر (بۇنى ئېيتىشقا) سىلەردىن خىجىل بولىدۇ، الله ھەق (نى ئېيتىش) تىن خىجىل بولمايدۇ، سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ (ئالماقچى) بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار، مۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ، سىلەرنىڭ رەسۇلۇللانى رەنجىتىپ قويۇشۇڭلار دۇرۇس ئەمەس، رەسۇلۇللادىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلارمۇ مەڭگۈ دۇرۇس ئەمەس، بۇنداق قىلىش (يەنى رەسۇلۇللانى رەنجىتىش ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىش) ھەقىقەتەن الله نىڭ دەرگاھىدا چوڭ گۇناھتۇر﴿53﴾. بىرەر نەرسىنى ئاشكارىلىساڭلارمۇ، يا (دىلىڭلاردا) يوشۇرساڭلارمۇ (الله ھامان بىلىدۇ)، چۈنكى، الله ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴿54﴾.***

## پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىشنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى ۋە ھىجابلىنىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

بۇ ئايەت ھىجاب (يەنى ئۆزىنى پەردىلەش) ئايىتى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدا ھۆكۈملەر ۋە شەرىئەت قائىدە ـ يوسۇنلىرى بار. بۇ ئايەت، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىلغان سۆزى مۇۋاپىقلىشىپ چۈشكەن ئايەتلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن غالىب ۋە بۈيۈك پەرۋەردىگارىمغا ئۈچ ئىشتا مۇۋاپىقلىشىپ قالدىم: بىرىنچىسى، مەن ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلغان بولساڭكەن دېدىم. ئاندىن الله تائالا: ﴿(كىشىلەرگە) ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار (يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار دېدۇق)﴾[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

ئىككىنچىسى، مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئاياللىرىڭنىڭ يېنىغا ھەقىقەتەن ياخشى ئادەممۇ، يامان ئادەممۇ كىرىدىكەن، ئۇلارنى ھىجابلاندۇرساڭ، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن الله ھىجاب ئايىتىنى نازىل قىلدى. ئۈچىنچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئۇنىڭغا كۈندەشلىك قىلىشقا بىرلىشىۋالغان چاغدا، مەن ئۇلارغا: ﴿ئەگەر ئۇ سىلەرنى قويۇۋەتسە، پەرۋەردىگارى سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا، سىلەردىن

[1] سۈرە بەقەرە 125-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ياخشى چوكانلارنى ۋە قىزلارنى ئۇنىڭغا بېرىشى مۇمكىن﴾[1] دېدىم، ئاندىن بۇ سۆزۈمگە ئوخشاش ئايەت نازىل بولدى. ئىمام مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە بەدرى جېڭى ئەسىرلىرى ھەققىدە ئۆمەرنىڭ پىكرىگە مۇۋاپىق ئايەت نازىل بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان، بۇ ئۆمەرنىڭ پىكرىگە مۇۋاپىقلىشىپ ئايەت نازىل بولغان تۆتىنچى ئىشتۇر.

ئىمام بۇخارى، ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سېنىڭ يېنىڭغا ياخشى ئادەممۇ، يامان ئادەممۇ كىرىدۇ، مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنى (يەنى ئاياللىرىڭنى) ھىجابلىنىشقا بۇيرۇغان بولساڭ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن الله ھىجاب ئايىتىنى نازىل قىلدى.

ئىمام بۇخارى، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەھشىنىڭ قىزى زەينەبكە ئۆيلەنگەن چاغدا، ئادەملەرنى تاماققا چاقىردى. تاماقتىن كېيىن ئۇلار گەپكە چۈشۈپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋېدى. ئۇلار ئولتۇرۇۋەردى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن ئادەملەرمۇ ئورنىدىن تۇرۇشۇپ كېتىپ قېلىشتى. لېكىن، ئۇلاردىن ئۈچ نەپەر ئادەم مىدىرلىماي ئولتۇرىۋەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىرتنى ئايلىنىپ ئاندىن ئۆيگە كەلسە، ئۇلار يەنە ئولتۇرغانىكەن. بىر مەھەلدىن كېيىن ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كېتىپ قېلىشتى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئادەملەرنىڭ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدىم. ئۇ كېلىپ، ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. مەنمۇ ئۆيگە كىرىش ئۈچۈن بىللە باردىم. ئۇ كىرىپلا بولۇپلا مېنىڭ كىرىشىمنى توسۇپ، پەردىنى چۈشۈرىۋەتتى، ئاندىن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**ئى مۆمىنلەر! پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرمەڭلار، پەقەت تاماققا چاقىرىلغان ۋاقتىڭلاردىلا كىرىڭلار، (باشقا ۋاقىتتا رۇخسەت بىلەن كىرگەندە) تاماقنىڭ پىشىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماڭلار، لېكىن چاقىرىلغاندىلا كىرىڭلار يۇ، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن تارقاپ كېتىڭلار**﴾ بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ۋە نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى، ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەھشىنىڭ قىزى زەينەبكە ئۆيلەنگەندە نان بىلەن گۆش زىياپىتىنى بەردى. مەن تاماققا ئادەم چاقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم. بىر توپ ئادەملەر كېلىپ، تاماقنى يەپ بولۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە بىر توپ ئادەملەر كېلىپ تاماق يەپ بولۇپ چىقىپ كېتىشتى. مەن ئادەملەرنى چاقىرىپ، ئاخىرى چاقىرىدىغان بىرمۇ ئادەم تاپالماي قالدىم. ئاندىن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! چاقىرىدىغان ھېچكىم قالمىدى، دېدىم. ئۇ: «ئېشىپ قالغان تاماقلارنى داستىخاندىن ئېلىۋېتىڭلار» دېدى. ئۆيدە ئۈچ نەپەر ئادەم پاراڭ قىلىشىپ قالدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھۇجرىسىغا باردى ۋە: «ئى پەيغەمبەر ئائىلىسىدىكىلەر! ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەركاتۇھۇ» دەپ سالام قىلدى. ئائىشە: ۋەئەلەيكە سسالام ۋە رەھمەتۇللاھى، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! يېڭى ئايالىڭ قانداقراقكەن؟ الله ساڭا بەرىكەت ئاتا قىلسۇن! دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممە ئاياللىرىنىڭ ھۇجرىلىرىنى ئايلىنىپ ئۇلارغا ئائىشەگە سالام بەرگەندەك سالام بەردى. ئۇلارمۇ ئائىشە ئېيتقاندەك سۆزلەنى قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىپ كەلسە، ئۈچ نەپەر ئادەم تېخىچە ئۆيدە سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق ھايالىق ئىدى. ئۇ ئائىشەنىڭ ھۇجرىسى تەرەپكە قاراپ چىقىپ كەتتى. ئادەملەرنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۇنىڭغا مەن خەۋەر قىلدىممۇ ياكى باشقا بىرى

[1] سۈرە تەھرىم 5- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

خەۋەر قىلدىمۇ بۇ تازا ئىسىمدە قالماپتۇ. ئۇ يېنىپ كېلىپ بىر پۈتىنى ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىدىن ئۆيىنىڭ ئىچىگە ئالدى، يەنە بىر پۇتى سىرتتا تۇرۇپلا پەردىنى ئارىلىقىمىزغا چۈشۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھىجاپ ئايىتى نازىل بولدى. بۇ ھەدىسنى نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿**پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرمەڭلار**﴾ اللە مۆمىنلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيلىرىگە رۇخسەتسىز كىرىشنى چەكلىدى. ئۇلار بۇنىڭدىن چەكلىنىشتىن ئىلگىرى، جاھىلىيەت دەۋرىدە ۋە ئىسلام دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە رۇخسەتسىز كىرەتتى. اللە بۇ ئۈممەت ئۈچۈن ياخشىلىقنى ئىرادە قىلدى ـ دە، ئۇلارنى باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە رۇخسەتسىز كىرمەسلىككە ئەمىر قىلدى. ئەنە شۇ اللە تائالا نىڭ بۇ ئۈممەتكە قىلغان ياخشىلىقىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «نامەھرەم ئاياللارنىڭ يېنىغا كىرىشتىن قەتئىي ساقلىنىڭلار».

ئاندىن اللە تائالا پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىشكە بولىدىغان ئەھۋاللارنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**پەقەت تاماققا چاقىرىلغان ۋاقتىڭلاردىلا كىرىڭلار، (باشقا ۋاقىتتا رۇخسەت بىلەن كىرگەندە) تاماقنىڭ پىشىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماڭلار**﴾ مۇجاھىد، قەتادە ۋە باشقىلار: بۇئايەتنىڭ مەنىسى، تاماقنىڭ پىشىدىغان ۋە تەييار بولىدىغان ۋاقتىنى كۈتۈپ تۇرۇپ، پىشىدىغان ۋاقتى يېقىنلاشقاندا لۆمىدە كىرىدىغان مۇنداق سەت ئىشنى قىلماڭلار. بۇ ھەقىقەتەن اللە يامان كۆرىدىغان ۋە ئەيىپلەيدىغان ئىشتۇر. مانا بۇ مېھماننىڭ ئارقىغا كىرىۋېلىشنىڭ ھاراملىقىغا دەلىلدۇر. ئەرەپلەر ئۇنى "چاقىرىلمىغان مېھمان" دەپ ئاتايدۇ. خەتىيب باغدادى بۇ ھەقتە مېھمانلارغا ئەگىشىپ چاقىرىلمىغان يەرگە بارىدىغان ئادەملەرنى سۆكۈپ بىر كىتاب يازغان، ئۇ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى تىلغا ئالغان.

﴿**لېكىن چاقىرىلغاندىلا كىرىڭلار يۇ، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن تارقاپ كېتىڭلار**﴾ ئىمام مۇسلىم، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلار قېرىندىشىنى چاقىرسا، توي بولسۇن ياكى باشقا زىياپەت بولسۇن، ئۇ چاقىرىلغان يەرگە بېرىشى لازىم».

﴿**(تاماقتىن كېيىن) پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرماڭلار**﴾ يەنى ئۆزلىرىنى ئۇنتۇپ، ئۇزۇن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن ئەنە شۇ ئۈچ نەپەر ئادەملەردىن سادىر بولغاندەك ئىشنى قىلماڭلار. ئۇلارنىڭ ئۇزاق ئولتۇرۇشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى رەنجىتتى.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بۇ (يەنى تاماقتىن كېيىن پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇش) پەيغەمبەرنى رەنجىتىدۇ، پەيغەمبەر (بۇنى ئېيتىشقا) سىلەردىن خىجىل بولىدۇ**﴾ بەزى تەپسىرشۇناسلارنىڭ ئېيتىشىچە بۇ ئايەتتىن مۇنداق مەنە كۆزدە تۇتۇلىدۇ: سىلەرنىڭ پەيغەمبەرنىڭ ئۆيىگە رۇخسەتسىز كىرىشىڭلار ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ ۋە ئۇنى رەنجىتىدۇ. لېكىن، ئۇ قاتتىق ھايالىق بولغانلىقى ئۈچۈن سىلەرنى رۇخسەتسىز كىرىشتىن توسۇشنى ياقتۇرمايتتى. تاكى، اللە تائالا ئۇلارنى ئۇنىڭدىن توسۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئايەت نازىل قىلدى. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**اللە ھەق (نى ئېيتىش) تىن خىجىل بولمايدۇ**﴾ يەنى شۇڭا اللە سىلەرنى رۇخسەتسىز كىرىشتىن توستى ۋە چەكلىدى.

﴿**سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ (ئالماقچى) بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار**﴾ يەنى سىلەرنى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىنىڭ يېنىغا كىرىشتىن توسقىنىمدەك سىلەرنى ئۇلارغا قاراشتىن تامامەن توسىمەن، ئەگەر سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ ئۇلاردىن سوراپ ئالىدىغان بىرەر

نەرسىسى بولسا، ئۇلارغا قارىماستىن، ئالماقچى بولغان نەرسىنى پەقەت پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ سوراپ ئالسۇن.

## پەيغەمبەرنى رەنجىتىشتىن توسۇش ئۇنىڭ ئاياللىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئەمرىگە ئېلىشىنىڭ ھاراملىقىنى بايان قىلىش توغرىسىدا

**﴿سىلەرنىڭ رەسۇلۇللا نى رەنجىتىپ قويۇشۇڭلار دۇرۇس ئەمەس، رەسۇلۇللا دىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلارمۇ مەڭگۈ دۇرۇس ئەمەس، بۇنداق قىلىش (يەنى رەسۇلۇللا نى رەنجىتىش ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىش) ھەقىقەتەن اللە نىڭ دەرگاھىدا چوڭ گۇناھتۇر﴾** ئىبنى ئەبۇ ھاتەم، ئىبنى ئاببا سنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرىدىن بىرسىنى ئېلىشنى نىيەت قىلغان بىر ئادەم ھەققىدە نازىل بولدى. بىر ئادەم سۇفياندىن: ئۇ ئېلىشنى نىيەت قىلغان ئايال ئائىشەمىدى؟ دەپ سورىدى. سۇفيان: ئۇلار ئۇ ئادەمنىڭ ئائىشەنى ئېلىشنى نىيەت قىلغانلىقىنى تىلغا ئالدى، دېدى. مۇقاتىل ئىبنى ھەييان ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەممۇ ئىبنى ئاببا سنىڭ سۆزىگە ئوخشاش دېدى. سۇددى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن بىرىنى ئېلىشنى نىيەت قىلغان ئادەم تەلھە ئىبنى ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى. نەتىجىدە اللە ئۇنىڭ ھاراملىقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئايەت نازىل قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تۇل قالغان ئاياللىرىنى باشقىلارنىڭ ئېلىشىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە ئۆلىمالار بىردەك بىرلىككە كەلدى. چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى خوتۇنلىرىدۇر ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدۇر. بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختالدۇق.

بۇيۈك ۋە يۈكسەك اللە **﴿بۇنداق قىلىش (يەنى رەسۇلۇللا نى رەنجىتىش ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىش) ھەقىقەتەن اللە نىڭ دەرگاھىدا چوڭ گۇناھتۇر﴾** دېگەن ئايىتى بىلەن اللە نىڭ پەيغەمبىرىنى رەنجىتىشنى ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشنى چوڭ گۇناھ قىلىپ بېكىتتى. ئۇ گۇناھنى قىلغۇچىغا قاتتىق ئازابنى ۋەدە قىلدى ۋە ئۇنداق قىلىشتىن قورقۇتتى. ئاندىن اللە تائالا مۇنداق دېدى: **﴿بىرەر نەرسىنى ئاشكارىلىساڭلارمۇ، يا (دىلىڭلاردا) يوشۇرساڭلارمۇ (اللە ھامان بىلىدۇ)، چۈنكى، اللە ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴾** يەنى دىلىڭلار نېمىنى يوشۇرمىسۇن، قەلبىڭلار نېمىنى مەخپىي تۇتمىسۇن، اللە ھەقىقەتەن ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. چۈنكى، اللە غا ھېچنەرسە مەخپىي قالمايدۇ: ﴿اللە كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللاردىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾[1].

* * * * * * *

لَّا جُنَاحَ عَلَيْهِنَّ فِىٓ ءَابَآئِهِنَّ وَلَآ أَبْنَآئِهِنَّ وَلَآ إِخْوَٰنِهِنَّ وَلَآ أَبْنَآءِ إِخْوَٰنِهِنَّ وَلَآ أَبْنَآءِ أَخَوَٰتِهِنَّ وَلَا نِسَآئِهِنَّ وَلَا مَا مَلَكَتْ أَيْمَٰنُهُنَّ ۗ وَٱتَّقِينَ ٱللَّهَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ شَهِيدًا ﴿٥٥﴾

***ئۇلارغا (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا) ئاتىلىرى بىلەن، ئوغۇللىرى بىلەن، قېرىنداشلىرى بىلەن، قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن، ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن، مۆمىن ئاياللار بىلەن، قۇل، چۆرىلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ھېچ گۇناھ ئەمەس، (ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى!) اللە دىن قورقۇڭلار، اللە ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر***﴿55﴾.

(1) سۈرە مۆمىن 19 ئايەت.

www.munber.org

## خوتۇن كىشى پەردىلەنمىسىمۇ بولىدىغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلار توغرىسىدا

بۇيۇك ۋە يۈكسەك الله ئاياللارنى يات ئەرلەر ئالدىدا پەردىلىنىشكە بۇيرۇش بىلەن بىرگە، پەردىلىنىش ۋاجىب ئەمەس ئەرلەردىن ئەنە شۇ ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى بايان قىلدى. ئۇلارنى الله تائالا سۈرە نۇردىمۇ ئايرىم بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿(تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر (يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسىي شەھۋىتى يوقلار) دىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) بالىلاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن﴾[1].

سۈرە نۇردىكى بۇ ئايەتتە يۇقىرىدىكى ئايەتتىكىدىن تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ۋە ئۇ ئايەتكە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەر يۇقىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىندى. شۇڭا ئۇنى بۇ يەردە قايتا تەكرارلاش ھاجەتسىزدۇر.

ئىبنى جەرىر الله تائالانىڭ ﴿**ئۇلارغا (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا) ئاتىلىرى بىلەن، ئوغۇللىرى بىلەن، قېرىنداشلىرى بىلەن، قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن، ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن، مۆمىن ئاياللار بىلەن، قۇل، چۆرىلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ھېچ گۇناھ ئەمەس**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە داۋۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، مەن شەئبى بىلەن ئىكرىمەدىن: ئاتىنىڭ ئەر قېرىندىشى ۋە ئانىنىڭ ئەر قېرىندىشىنىڭ بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنماسلىقىدىكى سەۋەب نېمە؟ دەپ سورىدىم. ھەربىرى: چۈنكى، ئۇ ئىككىسى جىيەن قىزنى ئوغۇللىرىغا سۈپەتلەپ بېرىدۇ. شۇڭا ئاتىنىڭ ئەر قېرىندىشى ۋە ئانىنىڭ ئەر قېرىندىشى ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا جىيەن قىزنىڭ لېچەكنى ئېلىۋېتىشنى ياقتۇرمايدۇ دەپ، جاۋاب بەردى. ﴿**مۆمىن ئاياللار بىلەن**﴾ يەنى ئۇ ئاياللىنىڭ مۆمىن ئاياللاردىن پەردىلەنمەسلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

﴿**چۆرىلىرى بىلەن**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ خىزمەتچىلىرى، قۇللىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. سەئىد ئىبنى مۇسەييەب: بۇ ئايەتتىن پەقەت ئايال خىزمەتچىلەرلا كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. ئۇنى ئىبنى ئەبۇ ھاتەم رىۋايەت قىلدى.

﴿**(ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى!) الله دىن قورقۇڭلار، الله ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ يەنى الله دىن يالغۇز ۋە ئاشكارا تۇرغان ۋاقىتلىرىڭلاردا ئوخشاش قورقۇڭلار. الله ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ھېچنەرسە ئۇنىڭغا مەخپىي قالمايدۇ. كۆزىتىپ تۇرغۇچى الله نى ئەسلەپ تۇرۇڭلار.

* * * * * * *

إِنَّ ٱللَّهَ وَمَلَٰٓئِكَتَهُۥ يُصَلُّونَ عَلَى ٱلنَّبِيِّۚ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ صَلُّواْ عَلَيۡهِ وَسَلِّمُواْ تَسۡلِيمًا ﴿٥٦﴾

***الله ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ)، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئى مۆمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار (چۈنكى،***

[1] سۈرە نۇر 31- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

*رەسۇلۇللا نىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى چوڭدۇر، ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر)* ﴿56﴾.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

ئىمام بۇخارى، ئەبۇ ئالىيەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش اللّٰه تائالا تەرىپىدىن بولسا، اللّٰه نىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پەرىشتىلەرگە ماختىشىنى كۆرسىتىدۇ، پەرىشتىلەر تەرىپىدىن بولسا ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ ۋە ئۇنى تەبرىكلەيدۇ. ئىمام بۇخارى بۇ ھەدىسنى ئەبۇ ئالىيە ۋە ئىبنى ئابباستىن مۇشۇنداق رىۋايەت قىلغان. ئىمام تىرمىزى مۇنداق دېدى: سۇفيان سەۋرى ۋە بىر قانچە ئىلىملىك كىشىلەردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندى: پەرۋەردىگار تەرىپىدىن بولسا رەھمەتنى كۆرسىتىدۇ، پەرىشتىلەر تەرىپىدىن بولسا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشقا بۇيرۇش ۋە ئۇنىڭغا قانداق دۇرۇد ئېيتىش ھەققىدە ئۇنىڭدىن نۇرغۇن مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىندى. اللّٰه خالىسا بىز ئۇ ھەدىسلەردىن مۇناسىپ كەلگەنلىرىنى بايان قىلىمىز. اللّٰه تائالا بىزگە مەدەتكاردۇر.

ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە كەئب ئىبنى ئەجرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! بىز ساڭا ئامانلىق تىلەشنى ھەققەتەن بىلدۇق، دۇرۇدنى قانداق ئېيتىمىز! دېيىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى اللّٰه! ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە رەھمەت يوللىغىنىڭدەك، مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە رەھمەت يوللىغىن. سەن ھەققەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقسەن، ئۇلۇغلاشقا لايىقسەن. ئى اللّٰه! ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن، سەن ھەققەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقسەن، ئۇلۇغلاشقا لايىقسەن دەڭلار» دېدى. ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ئەبۇ لەيلانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ماڭا كەئب ئىبنى ئەجرە ئۇچراپ قېلىپ مۇنداق دېدى: ساڭا بىر نەرسە سوغا قىلايمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ يېنىمىزغا چىققان ئىدى، بىز ئۇنىڭغا: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! بىز ساڭا قانداق ئامانلىق تىلەشنى ھەققەتەن بىلدۇق ياكى تونۇپ يەتتۇق، ئەمدى دۇرۇدنى قانداق ئېيتىمىز؟ دېدۇق. ئۇ: «ئى اللّٰه! ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە رەھمەت يوللىغىنىڭدەك، مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە رەھمەت يوللىغىن. سەن ھەققەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقسەن ئۇلۇغلاشقا لايىقسەن. ئى اللّٰه ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن، سەن ھەققەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقسەن، ئۇلۇغلاشقا لايىقسەن دەڭلار» دېدى.

ئىمام بۇخارى، ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ ساڭا ئامانلىق تىلەشتۇر، ساڭا قانداق دۇرۇد ئېيتىمىز؟ دېدۇق. ئۇ: «ئى اللّٰه! ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە رەھمەت يوللىغىنىڭدەك، بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەدكە رەھمەت يوللىغىن، ئىبراھىمغا بەرىكەت ئاتا قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن دەڭلار» دېدى. ئەبۇ سالىھ، لەيسىدىن بۇ دۇرۇدنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق رىۋايەت قىلدى: «ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن». ئىمام بۇخارى يەنە يەزىد ئىبنى ھادنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى

www.munber.org

رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى ئاللاھ! ئىبراھىمغا رەھمەت يوللىغىنىڭدەك، مۇھەممەدكە ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە رەھمەت يوللىغىن، ئىبراھىمغا ۋە ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن». بۇ ھەدىسنى نەسەئى ۋە ئىبنى ماجەمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ ھۇمەيدە سائىدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ساھابىلار: ئى ئاللاھ نىڭ پەيغەمبىرى! ساڭا قانداق دۇرۇد ئېيتىمىز؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئاللاھ! ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە رەھمەت يوللىغىنىڭدەك، مۇھەممەدكە، ئۇنىڭ ئاياللىرىغا ۋە پەرزەنتلىرىگە رەھمەت يوللىغىن، ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەدكە، ئۇنىڭ ئاياللىرىغا ۋە پەرزەنتلىرىگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقسەن، ئۇلۇغلاشقا لايىقسەن دەڭلار» دېدى.

ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز سەئد ئىبنى ئۇبادەنىڭ سورۇنىدا ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىمىزغا كەلدى. ئۇنىڭغا بەشىر ئىبنى سەئد: ئى ئاللاھ نىڭ پەيغەمبىرى! ئاللاھ بىزنى ساڭا دۇرۇد ئېيتىشقا ئەمىر قىلدى، ساڭا قانداق دۇرۇد ئېيتىمىز؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر مەھەل جىم تۇرۇپ قالدى. بىز: بەشىر ئۇنىڭدىن بۇ مەسىلىنى سورىمىغان بولسا بوپتىكەن، دەپ ئويلاپ كەتتۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئاللاھ! ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە رەھمەت يوللىغىنىڭدەك، مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە رەھمەت يوللىغىن، ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەھلى جاھان ئىچىدە بەرىكەت ئاتا قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقسەن، ئۇلۇغلاشقا لايىقسەن دەڭلار. ئامانلىق تىلەش بولسا سىلەر بىلگىنىڭلاردەك بولىدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى جەرىر قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلدى.

## دۇئادىن ئىلگىرى پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىش توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى خۇزەيمە ۋە ئىبنى ھىببان قاتارلىقلار فەزالە ئىبنى ئوبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنىڭ نامىزىدا ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلىماستىن پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتماستىن دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئالدىراپ كەتتى» دېدى. ئاندىن ئۇنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا ياكى ئۇنىڭدىن باشقا بىرىگە: «ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلار ناماز ئوقۇسا، غالىب ۋە بۈيۈك ئاللاھ نى ئۇلۇغلاش، ئۇنىڭغا سانا ئوقۇش بىلەن باشلىسۇن، ئاندىن پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتسۇن، ئاندىن كېيىن خالىغىنى بىلەن دۇئا قىلسۇن» دېدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئىمام تىرمىزى، ئۇبەي ئىبنى كەئبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى چىقىپ كەتكەن چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دەيتتى: «ئى ئىنسانلار! ئاللاھ نى ياد ئېتىڭلار، ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىڭلار، جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان بىرىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئارقىدىنلا ئىككىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنىدۇ، ئۆلۈم ئۆزىنىڭ دەھشىتىنى ئېلىپ كېلىدۇ، ئۆلۈم ئۆزىنىڭ دەھشىتىنى ئېلىپ كېلىدۇ». ئۇبەي مۇنداق دەيدۇ: مەن: ئى

www.munber.org

الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ساقا ھەقىقەتەن كۆپ دۇرۇد ئېيتىمەن، دۇرۇدۇمنىڭ قانچىلىكىنى ساڭا بېغىشلىسام بولىدۇ؟ دېدى. ئۇ: «خالىغىنىڭچە، ئەگەر ئۇنىڭدىن ئارتۇق دۇرۇد ئېيتساڭ، بۇ ئۆزەڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر» دېدى. مەن: ئۈچتىن ئىككىسىنى بېغىشلايمۇ؟ دېدىم. ئۇ: «خالىغىنىڭچە، ئەگەر ئۇنىڭدىن ئارتۇق دۇرۇد ئېيتساڭ، بۇ ئۆزەڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر» دېدى. مەن دۇرۇدۇمنىڭ ھەممىسىنى ساڭا بېغىشلايمۇ؟ دېدى. ئۇ: «ئۇنداقتا الله تائالا سېنىڭ غەم ـ قايغۇلىرىڭغا يېتەرلىكتۇر، گۇناھىڭنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر» دېدى.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ تەلھەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈزىدە خوشاللىقنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنگەن ھالدا چىقىپ كەلدى. ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز يۈزۈڭدە ھەقىقەتەن خوشاللىقنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرىۋاتىمىز، دېدى. ئۇ: «جىبرىئىل ماڭا كېلىپ: ئى مۇھەممەد! غالىب ۋە بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭنىڭ: ”سېنىڭ ئۈممىتىڭدىن پەقەت ساڭا دۇرۇد ئېيتقان ئادەمگە ئۇن ھەسسە مەرھەمەت قىلىمەن، سېنىڭ ئۈممىتىڭدىن پەقەت ساڭا ئامانلىق تىلىگەن ئادەمگە ئۇن ھەسسە ئامانلىق بېرىمەن“ دېگەن سۆزى سېنى رازى قىلمامدۇ؟ دېدى. مەن: ئەلۋەتتە رازى قىلىدۇ، دېدىم» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ تەلھە ئەنسارىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى ئەتىگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇش، كۆڭۈل يۈزىدە خۇشاللىقنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنگەن ھالدا ئورنىدىن تۇردى. ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بۈگۈن خۇش، كۆڭۈل، يۈزۈڭدە خۇشاللىقنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنگەن ھالدا ئورنۇڭدىن تۇرۇپسەن، دېدى. ئۇ: «شۇنداق، غالىب ۋە بۈيۈك پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن ماڭا جىبرىئىل كېلىپ: سېنىڭ ئۈممىتىڭدىن كىم ساڭا دۇرۇد ئېيتسا، الله تائالا ئۇنىڭغا ئۇ دۇرۇدنىڭ ساۋابى بىلەن ئۇن ياخشىلىقنى يازىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۇن يامانلىقنى ئۆچۈرىدۇ. ئۇنىڭ دەرىجىسىنى ئۇن دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇ دۇرۇد بىلەن تەڭ رەھمەت بىلەن جاۋابياندۇرىدۇ، دېدى» دېدى.

ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلار ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىم ماڭا بىر دۇرۇد ئېيتسا، الله تائالا ئۇنىڭغا ئۇ دۇرۇدنىڭ ساۋابى ئۈچۈن ئۇن ھەسسە رەھمەت قىلىدۇ».

ئىمام ئەھمەد، ھۈسەين ئىبنى ئەلىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن بىر ئادەمنىڭ يېنىدا تىلغا ئېلىنسام، ئاندىن ئۇ ماڭا دۇرۇد ئېيتمىسا، ئۇ بېخىل ئادەم ھېسابلىنىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلدى.

ئىمام تىرمىزى، ئەبۇ ھۇرەيرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن يېنىدا تىلغا ئېلىنغان، ئاندىن ئۇ ماڭا دۇرۇد ئېيتمىغان ئادەمنىڭ بۇرنى تۇپىغا مىلىنىپ كەتسۇن (يەنى خارلىق ئىچىدە ئۆتسۇن). رامىزان ئېيى كىرىپ، ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىنىشتىن ئىلگىرى رامىزان ئېيى چىقىپ كەتكەن ئادەمنىڭ بۇرنى تۇپىغا مىلىنىپ كەتسۇن[1]، ئاتا ـ ئانىسى كۆز ئالدىدا ياشىنىپ قالغان، ئاندىن ئۇنى ئاتا ـ ئانىسى جەننەتكە كىرگۈزمىگەن ئادەمنىڭ بۇرنى تۇپىغا مىلىنىپ كەتسۇن[2].

---

[1] يەنى رامىزان ئېيىنى غەنىمەت بىلىپ ئەمەل ئىبادەتكە بېرىلمىگەن ۋە گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلمىغانلىقى ئۈچۈن گۇناھلىرى مەغپىرەت بولمىغان ئادەم خارلىق ئىچىدە ئۆتسۇن.

[2] يەنى ئاتا ـ ئانىسى ياشىنىپ قالغاندا ئۇلارنى باقماي تاشلىۋەتكەن، ئۇلارنى زار قاخشاتقانلىقى ئۈچۈن دوزاخقا كىرىدىغان ئادەم خارلىق ئىچىدە ياشىسۇن.

## پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئېيتىدىغان ئورۇنلار توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نۇرغۇن ۋاقىتلاردا دۇرۇت ئېيتىشقا بۇيرۇلغان. ئۇ بۇيرۇقنىڭ بىرى، نامازغا ئەزان ئېيتقاندىن كېيىن دۇرۇد ئېيتىشتۇر. ئۇنىڭ دەلىلى ئىمام ئەھمەد، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستۇر. ئابدۇللاھ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مۇئەززىننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىساڭلار، ئۇ نېمە دېسە شۇنى دەڭلار، ئاندىن ماڭا دۇرۇد ئېيتىڭلار، كىم ماڭا دۇرۇد ئېيتسا، الله تائالا ئۇنىڭغا دۇرۇدنىڭ ساۋابى ئۈچۈن ئون ھەسسە رەھمەت قىلىدۇ، ئاندىن الله تائالادىن ماڭا ۋەسىلە (يەنى دەرىجە) سوراڭلار. ۋەسىلە جەننەتتىكى ئالىي دەرىجە بولۇپ، ئۇنىڭغا الله تائالانىڭ بەندىلىرىدىن پەقەت بىر بەندە ئېرىشەلەيدۇ. مەن ئەنە شۇ بەندە بولۇپ قېلىشىمنى ئارزۇ قىلىمەن. كىمكى ماڭا ۋەسىلىنى سورىسا، ئۇ مېنىڭ شاپائىتىمگە نائىل بولىدۇ» بۇ ھەدىسنى مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئۇ بۇيرۇقلاردىن يەنە بىرى، مەسچىتكە كىرگەندە ۋە ئۇنىڭدىن چىققاندا دۇرۇت ئېيتىشتۇر. ئۇنىڭ دەلىلى ئىمام ئەھمەد، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمەدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستۇر. فاتىمە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتكە كىرسە، ئۆزىگە دۇرۇد ئېيتاتتى ۋە ئامانلىق تىلەيتتى. ئاندىن مۇنداق دەيتتى: «ئى الله! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھمىتىڭنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتكىن». ئۇ مەسچىتتىن چىققاندىمۇ ئۆزىگە دۇرۇت ئېيتاتتى ۋە ئامانلىق تىلەيتتى ئاندىن مۇنداق دەيتتى: «ئى الله! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا مەرھەمىتىڭنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتكىن».

جىنازە نامىزىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىشمۇ بۇ بۇيرۇقلارنىڭ بىرىدۇر. سۈننەت بويىچە جىنازە نامىزىنىڭ بىرىنچى تەكبىرىدە سۈرە پاتىھە ئوقۇلىدۇ، ئىككىنچى تەكبىردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىلىدۇ، ئۈچىنچى تەكبىردە مېيىتكە دۇئا قىلىنىدۇ. تۆتىنچى تەكبىرىدە: ئى الله! ئۇنىڭ ئەجرىدىن بىزنى مەھرۇم قىلمىغىن، ئۇنىڭدىن كېيىن بىزنى پىتنىگە قالدۇرمىغىن، دېيىلىدۇ.

ئىمام شافىئىي، ئەبۇئۇمامە ئىبنى سەھلدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر ئادەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سۈننەت بويىچە جىنازە نامىزىدا ئىمام تەكبىر ئېيتىدۇ، ئاندىن بىرىنچى تەكبىردىن كېيىن سۈرە فاتىھەنى ئىچىدە ئوقۇيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىدۇ ۋە جىنازىگە خالىس دۇئا قىلىدۇ، قالغان تەكبىرلەردە مەزكۇر نەرسىلەردىن ھېچنەرسىنى ئوقۇمايدۇ، ئاندىن ئىچىدە سالام بېرىدۇ. بۇ ھەدىسنى ئىمام نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئۇ بۇيرۇقلاردىن بىرى، دۇئانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش بىلەن تاماملاش مۇستەھەبتۇر. ئىمام تىرمىزى، ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: دۇئا ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىلىقىدا توختاپ قالىدۇ، سەن پەيغەمبىرىڭگە دۇرۇد ئېيتمىغىچە دۇئادىن ھېچنەرسە ئاسمانغا ئۆرلىمەيدۇ.

ئۇ بۇيرۇقلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ تەكىتلەنگىنى قۇنۇت دۇئاسىنى ئوقۇشتۇر. بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى خۇزەيمە، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم قاتارلىقلار ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىتىر نامىزىدا ئوقۇيدىغان دۇئالارنى ماڭا ئۆگىتىپ قويىدى: «ئى الله! سەن مېنى ھىدايەت قىلغانلارنىڭ ئىچىدە ھىدايەت قىلغىن، سەن مېنى ساغلام قىلغانلارنىڭ ئىچىدە ساغلام قىلغىن، ماڭا سەن ئىگە بولغانلارنىڭ ئىچىدە ئىگە بولغىن، ماڭا ئاتا قىلغان نەرسىلىرىڭدە بەرىكەت بەرگىن، سەن ھۆكۈم قىلغان ئىشنىڭ يامانلىقىدىن مېنى ساقلىغىن، سەن ھەقىقەتەن ھۆكۈم چىقىرىسەن، ساڭا ھۆكۈم چىقىرىلمايدۇ،

www.munber.org

شۈبھىسىزكى، سەن دوست تۇتقان كىشى خارلانمايدۇ، سەن دۈشمەن تۇتقان كىشى ئەزىزلەنمەيدۇ. پەرۋەردىگارىمىز! سەن بۈيۈكسەن، يۈكسەكسەن». ئىمام نەسەئى بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىغا: «الله مۇھەممەدكە رەھمەت قىلسۇن» دېگەن سۆزنى قوشۇپ ئارتۇق رىۋايەت قىلدى.

ئۇ بۇيرۇقلاردىن بىرى، جۈمە كۈنى ۋە جۈمە كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆپ دۇرۇد ئېيتىش مۇستەھەبتۇر. ئىمام ئەھمەد ئەۋس ئىبنى تەۋس سەقەفى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەڭ ئەۋزەل كۈنۈڭلار جۈمە كۈندۇر، شۇ كۈندە ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلدى، ئۇ شۇ كۈندە قەبزى ـ روھ قىلىندى. شۇ كۈندە سۇر چېلىنىدۇ، شۇ كۈندە پۈتۈن ئىنسانلار ئۆلىدۇ، ئۇ كۈندە ماڭا كۆپ دۇرۇد ئېيتىڭلار. سىلەرنىڭ ئېيتقان دۇرۇدۇڭلار ماڭا كۆرسىتىلىدۇ». ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەن قەبرىدە ھەقىقەتەن چىرىپ كەتكەن تۇرساڭ، بىزنىڭ دۇرۇدىمىز ساڭا قانداق كۆرسىتىلىدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تەنلىرىنى تۇپراقنىڭ يەپ كېتىشىنى (يەنى تەنىنىڭ چىرىپ، توپىغا ئايلىنىپ كېتىشىنى) ھارام قىلدى» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇداۋۇد، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىسنى ئىبنى خۇزەيمە، ئىبنى ھىببان، دارۇقۇتنى ۋە نەۋەۋى ئەزكارلاردا (يەنى ئەتىگەن، ئاخشامدا ئېيتىلىدىغان زىكرى ۋە دۇرۇدلار كىتابچىلىرىدا) سەھىھ ھەدىس دەپ قوبۇل قىلدى.

* * * * * * *

إِنَّ ٱلَّذِينَ يُؤْذُونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ لَعَنَهُمُ ٱللَّهُ فِي ٱلدُّنْيَا وَٱلْآخِرَةِ وَأَعَدَّ لَهُمْ عَذَابًا مُّهِينًا ﴿٥٧﴾

وَٱلَّذِينَ يُؤْذُونَ ٱلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتِ بِغَيْرِ مَا ٱكْتَسَبُوا۟ فَقَدِ ٱحْتَمَلُوا۟ بُهْتَٰنًا وَإِثْمًا مُّبِينًا ﴿٥٨﴾

***الله نى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رەنجىتىدىغانلار (يەنى الله ۋە رەسۇلۇللا يامان كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىدىغانلار) نى الله دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا خار قىلغۇچى ئازابنى تەييارلايدۇ﴿57﴾. مۆمىنلەر ۋە مۆمىنەلەرگە قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار (شۇ بوھتاننى ۋە روشەن گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ﴿58﴾.***

## الله نى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رەنجىتكەن ئادەمنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە لەنەتكە ئۇچرايدىغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە الله نىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىپ، ئۇنىڭ توسقان ئىشلىرىدىن يانماي ۋە ئەنە شۇ قىلمىشلىرىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ الله تائالانى رەنجىتكەن، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بىرەر ئەيىب ياكى نۇقسان بىلەن ئەزىيەت يەتكۈزگەن ئادەمنى قورقۇتىدىغانلىقنى ۋە ئاگاھلاندۇرىدىغانلىقنى بايان قىلىدۇ. بىز الله تائالاغا سېغىنىپ ئەنە شۇ قىلمىشتىن پاناھ تىلەيمىز! ئىكرىمە الله تائالانىڭ: ﴿**الله نى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رەنجىتىدىغانلار (يەنى الله ۋە رەسۇلۇللا يامان كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىدىغانلار) نى**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە سۆزلەپ، بۇ ئايەت سۈرەت سىزغۇچىلار ھەققىدە نازىل بولغان دېدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «غالىب ۋە بۈيۈك الله مۇنداق دەيدۇ: ئادەم ئەۋلادى مېنى رەنجىتىدۇ، ئۇ زاماننى تىللايدۇ، مەن زاماندۇرمەن، كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىمەن». يەنى جاھىلىيەت دەۋرىدە

www.munber.org

كىشىلەر: ئى زىيانكار زامان! بىزگە ئۇ بولدى، بۇ بولدى دېيىشەتتى، الله تائالانىڭ ئىشلىرىنى زامانغا يۆلەيتتى ۋە زاماننى تىللايتتى، ئۇ ئىشلارنى ھەقىقىي قىلغۇچى بولسا غالىب، بۈيۈك الله دۇر. شۇڭا الله تائالا زاماننى تىللاشتىن توستى.

ئەۋفى، ئىبنى ئابباسنىڭ الله تائالانىڭ: ﴿**الله نى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رەنجىتىدىغانلار (يەنى الله ۋە رەسۇلۇللا يامان كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىدىغانلار) نى**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆيەيىي ئىبنى ئەختەبنىڭ قىزى سەفىيەگە نىكاھلانغانلىقى ئۈچۈن، تەنە قىلغۇچىلار ھەققىدە نازىل بولغان. ئەمما ئايەتنىڭ ئاشكارا مەنىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىرەر ئىش بىلەن رەنجىتكەن ھەر قانداق ئادەمنى ئومۇمەن ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىمكى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلسا، الله تائالاغا ئىتائەت قىلغان بولغىنىدەك، كىمكى ئۇنى رەنجىتسە الله تائالانى رەنجىتكەن بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

## يالغان سۆز توقۇغۇچىلارنى يامان ئاقىۋەتتىن قورقۇتۇش توغرىسىدا

﴿**مۆمىنلەر ۋە مۆمىنەلەرگە قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار**﴾ يەنى ئۇلار ئادا ـ جۇدا بولغان ۋە قىلمىغان نەرسىدە ئۇلارغا بوھتان چاپلىغۇچىلار ﴿**(شۇ) بوھتاننى ۋە روشەن گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ**﴾ مۆمىنلەر ۋە مۆمىنەلەرنى ئەيىپلەش، ئۇلارغا نۇقسان يەتكۈزۈش يۈزىسىدىن ئۇلار قىلمىغان نەرسىنى سۆزلەش ياكى توشۇپ يۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئىش چوڭ بىر بوھتاندۇر. بۇ قىلمىشتىن قورقۇتۇلغانلارنىڭ ئىچىگە ئەڭ كۆپ كىرىدىغانلار الله تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغۇچىلاردۇر. ئاندىن ساھابىلارغا تىل تەككۈزىدىغان، الله تائالا ئۇلارنى ئادا ـ جۇدا قىلغان نەرسە بىلەن ئۇلارنى ئەيىبلەيدىغان، الله تائالا ئۇلار ھەققىدە خەۋەر قىلغان نەرسىنىڭ دەل ئەكسى بىلەن ئۇلارنى سۈپەتلەيدىغان راپىزىلەردۇر[1]. غالىب ۋە بۈيۈك الله ھەقىقەتەن مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارىلاردىن رازى بولغانلىقىنى خەۋەر قىلغان ۋە ئۇلارنى مەدھىيىلىگەن ئىدى. لېكىن دۆت راپىزىلەر بولسا ئۇلارغا تىل تەككۈزىدۇ، ئۇلارنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلاردىن سادىر بولمىغان، ئۇلار ھەرگىز قىلمىغان نەرسىنى تىلغا ئالىدۇ، ئۇلار ئەمەلىيەتتە دىللىرىغا پەسكەشلىك سىڭىپ كەتكەن كىشىلەردۇر. مەدھىيىلەنگەن كىشىلەرنى ئەيىبلەيدۇ. ئەيىبلەنگەن كىشىلەرنى مەدھىيىلەيدۇ.

ئىمام ئەبۇداۋۇد، ئەبۇھۇرەيرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! غەيۋەت دېگەن نېمە؟ دەپ سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قېرىندىشىڭلارنى ئۇ ياقتۇرمايدىغان نەرسە بىلەن تىلغا ئېلىشىڭلاردۇر» دېدى. ئۇنىڭغا يەنە: ئېيتقىنكى، ئەگەر مەن تىلغا ئالغان نەرسە قېرىندىشىمدا تېپىلسىچۇ؟ دېيىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سەن تىلغا ئالغان نەرسە قېرىندىشىڭدا تېپىلسا، سەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان بولىدۇڭ، ئەگەر سەن تىلغا ئالغان نەرسە قېرىندىشىڭدا تېپىلمىسا، سەن ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن بوھتان چاپلىغان بولىدۇڭ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلدى.

* * * * * * *

---

[1] ئۇلار شىئە مەزھىپىنىڭ بىر پىرقىسى بولۇپ، ساھابىلەرگە تەنە قىلىدىغانلاردۇر.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِىُّ قُل لِّأَزۡوَٰجِكَ وَبَنَاتِكَ وَنِسَآءِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ يُدۡنِينَ عَلَيۡهِنَّ مِن جَلَـٰبِيبِهِنَّۚ ذَٰلِكَ
أَدۡنَىٰٓ أَن يُعۡرَفۡنَ فَلَا يُؤۡذَيۡنَۗ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورً۬ا رَّحِيمً۬ا ﴿٥٩﴾ ۞ لَّٮِٕن لَّمۡ يَنتَهِ ٱلۡمُنَـٰفِقُونَ وَٱلَّذِينَ فِى
قُلُوبِهِم مَّرَضٌ۬ وَٱلۡمُرۡجِفُونَ فِى ٱلۡمَدِينَةِ لَنُغۡرِيَنَّكَ بِهِمۡ ثُمَّ لَا يُجَاوِرُونَكَ فِيہَآ إِلَّا قَلِيلاً۬ ﴿٦٠﴾
مَّلۡعُونِينَۖ أَيۡنَمَا ثُقِفُوٓاْ أُخِذُواْ وَقُتِّلُواْ تَقۡتِيلاً۬ ﴿٦١﴾ سُنَّةَ ٱللَّهِ فِى ٱلَّذِينَ خَلَوۡاْ مِن قَبۡلُۖ وَلَن تَجِدَ
لِسُنَّةِ ٱللَّهِ تَبۡدِيلاً۬ ﴿٦٢﴾

*ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، پۈركەنجى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن، بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ (ھۆر ئاياللار ئىكەنلىكى) ئەڭ ئوڭاي تونۇلىدۇ ـ دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ. الله (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿59﴾. ئەگەر مۇناپىقلار، (نىفاقتىن) دىللىرىدا كېسەل بارلار، مەدىنىدە يالغان خەۋەر تارقاتقۇچىلار (قىلمىشلىرىدىن) يانمىسا، (ئى مۇھەممەد) ئەلۋەتتە بىز سېنى ئۇلارغا مۇسەللەت قىلىمىز، ئاندىن ئۇلار مەدىنىدە لەنەتكە ئۇچرىغان ھالدا سەن بىلەن ئازغىنا ۋاقىت تۇرالايدۇ (يەنى ئۇلار مەدىنىدىن سۈرگۈن قىلىنىپ ھەيدەپ چىقىرىلىدۇ، چىقىپ كېتىشكە تەييارلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن مەدىنىدە پەقەت ئازغىنا ۋاقىت تۇرالايدۇ). ئۇلار قەيەردە بايقالسا، شۇ يەردە تۇتۇلىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ،﴿61-60﴾. بۇ (يەنى مۇناپىقلارغا الله نىڭ تۇتقان يولى) الله نىڭ ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە تۇتقان يولىدۇر، الله نىڭ تۇتقان يولىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن﴿62﴾.*

## ھىجابقا بۇيرۇش توغرىسىدا

الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۆمىن ئاياللارنى خۇسۇسەن شەرەپلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئاياللىرىنى ۋە قىزلىرىنى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ۋە چۆرىلەرنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىق تۇرۇشلىرى ئۈچۈن پۈركەنجى بىلەن بەدەنلىرىنى ئورىۋېلىشقا بۇيرۇشنى ئەمر قىلدى. ئىبنى مەسئۇد، ئۇبەيد، قەتادە، ھەسەنبەسرى، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئىبراھىم نەخەئىي، ئەتا خۇراسانى ۋە بىر قانچە كىشىلەر: بۇ ئايەتتىكى: ﴿پۈركەنجى﴾ دېگەن سۆز ياغلىقنىڭ ئۈستىدىن يۆگىنىدىغان پۈركەنجىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى بۈگۈنكى كۈندىكى باشتىن ئاياققىچە ئورايدىغان پۈركەنجىدۇر، دېدى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە، ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىنى، ئەگەر ئۇلار بىرەر ئىش ئۈچۈن ئۆيلىرىدىن چىقسا، بىر كۆزىنى ئوچۇق قالدۇرۇپ باشلىرىنىڭ ئۈستىدىن يۈزلىرىنى پۈركەنجىلەر بىلەن ئورىۋېلىشقا بۇيرۇدى.

مۇھەممەد ئىبنى سىيرىين مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇبەيدە سەلمانىدىن غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالانىڭ: **﴿پۈركەنجى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن﴾** دېگەن ئايىتى ھەققىدە سورىغان ئىدىم، ئۇ سول كۆزىنى ئوچۇق قويۇپ يۈزىنى ۋە بېشىنى ئوراپ تۇرۇپ كۆرسىتىپ بەردى.

**﴿بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ (ھۆر ئاياللار ئىكەنلىكى) ئەڭ ئوڭاي تونۇلىدۇ ـ دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ﴾** يەنى ئۇلار بۇنداق قىلغان چاغدا ئۇلارنىڭ چۆرىلەر ياكى پاھىشە ئاياللار ئەمەس، ھۆر ئاياللار ئىكەنلىكى تونىلىدۇ.

www.munber.org

﴿**الله (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. چۈنكى، ئۇلار بەدەنلىرىنى يۆركىمەسلىكنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

## يامان ئىش قىلىدىغان مۇناپىقلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە قورقۇتۇش توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىماننى ئاشكارا قىلىپ كۇفرىنى يوشۇرغان مۇناپىقلارنى، ﴿**دىللىرىدا كېسەل بارلار**﴾ نى ئاگاھلاندۇردى. ـ ئىكرىمە ۋە باشقىلار: بۇ ئايەتتە زىناخورلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن.
﴿**مەدىنىدە يالغان خەۋەر تارقاتقۇچىلار**﴾ نى يەنى يالغان سۆزلەپ ۋە يالغاننى توقۇپ: ئەنە دۈشمەنلەر كەلدى، مانا ئۇرۇش بولىدۇ، دېگۈچىلەرنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئەنە شۇ قىلمىشلىرىدىن يانمىسا ۋە ھەقىقەتكە قايتمىسا، ﴿**(ئى مۇھەممەد) ئەلۋەتتە بىز سېنى ئۇلارغا مۇسەللەت قىلىمىز**﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە، ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى ئەلۋەتتە بىز سېنى ئۇلارغا ھۆكۈمران قىلىمىز. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: سەن ئارقىلىق ئۇلارنى جازالايمىز. سۇددى مۇنداق دەيدۇ: ئەلۋەتتە بىز سېنى ئۇلارغا تونۇتۇپ قويىمىز.
﴿**ئاندىن ئۇلار مەدىنىدە لەنەتكە ئۇچرىغان ھالدا سەن بىلەن ئازغىنا ۋاقىت تۇرالايدۇ (يەنى ئۇلار مەدىنىدىن سۈرگۈن قىلىنىپ ھەيدەپ چىقىرىلىدۇ، چىقىپ كېتىشكە تەييارلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن مەدىنىدە پەقەت ئازغىنا ۋاقىت تۇرالايدۇ)**﴾ ئۇلار مەدىنىدە تۇرغان ئاز مۇددەت ئىچىدە قوغلانغان، لەنەتكە ئۇچرىغان ھالەتتە تۇرىدۇ ﴿**ئۇلار قەيەردە بايقالسا**﴾ يەنى قەيەردە تېپىلسا، ئۇلار خارلانغان ۋە سانى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن ﴿**شۇ يەردە تۇتۇلىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ (يەنى مۇناپىقلارغا الله نىڭ تۇتقان يولى ) الله نىڭ ئۆتكەنكى ئۇممەتلەرگە تۇتقان يولىدۇر**﴾ يەنى بۇ الله تائالانىڭ مۇناپىقلارغا تۇتقان يولىدۇر، ئەگەر ئۇلار نىپاقلىرىدا ۋە كۇفرىلىرىدا ھەددىدىن ئاشسا، قىلمىشلىرىدىن يانمىسا، ئەھلى ئىمان ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.
﴿**الله نىڭ تۇتقان يولىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن**﴾ يەنى الله تائالانىڭ ھەددىدىن ئاشقان مۇناپىقلارغا ئەھلى ئىماننى ھۆكۈمران قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى خار قىلىش ۋە ئەھلى ئىماننىڭ قولى بىلەن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئىشلاردىكى تۇتقان يولى ئۆزگەرتىلمەيدۇ ۋە ئالماشتۇرۇلمايدۇ.

* * * * * * *

يَسْـَٔلُكَ ٱلنَّاسُ عَنِ ٱلسَّاعَةِ ۖ قُلْ إِنَّمَا عِلْمُهَا عِندَ ٱللَّهِ ۚ وَمَا يُدْرِيكَ لَعَلَّ ٱلسَّاعَةَ تَكُونُ
قَرِيبًا ﴿٦٣﴾ إِنَّ ٱللَّهَ لَعَنَ ٱلْكَـٰفِرِينَ وَأَعَدَّ لَهُمْ سَعِيرًا ﴿٦٤﴾ خَـٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًا ۖ لَّا يَجِدُونَ وَلِيًّا وَلَا
نَصِيرًا ﴿٦٥﴾ يَوْمَ تُقَلَّبُ وُجُوهُهُمْ فِى ٱلنَّارِ يَقُولُونَ يَـٰلَيْتَنَآ أَطَعْنَا ٱللَّهَ وَأَطَعْنَا ٱلرَّسُولَا ﴿٦٦﴾ وَقَالُوا۟
رَبَّنَآ إِنَّآ أَطَعْنَا سَادَتَنَا وَكُبَرَآءَنَا فَأَضَلُّونَا ٱلسَّبِيلَا۠ ﴿٦٧﴾ رَبَّنَآ ءَاتِهِمْ ضِعْفَيْنِ مِنَ ٱلْعَذَابِ وَٱلْعَنْهُمْ
لَعْنًا كَبِيرًا ﴿٦٨﴾

*كىشىلەر سەندىن قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى سورايدۇ. «ئۇنى (مەن بىلمەيمەن) پەقەت الله بىلىدۇ» دېگىن. سەن نېمە بىلىسەن، قىيامەت يېقىن بولۇشى مۇمكىن﴿63﴾. الله ھەقىقەتەن كاپىرلارنى رەھمىتىدىن*

www.munber.org

***يىراق قىلدى ۋە ئۇلارغا دوزاخنى تەييارلىدى﴿64﴾. ئۇلار دوزاختا مەڭگۇ قالىدۇ، ئۇلار ھېچقانداق (ئۇلارنى قوغدايدىغان) دوست ۋە (ئۇلاردىن ئازابنى دەپئى قىلىدىغان) ياردەمچى تاپالمايدۇ﴿65﴾. دوزاختا ئۇلارنىڭ يۈزلىرى تۈرۈلۈپ كېتىدىغان كۈندە، ئۇلار: «كاشكى بىز اللە غا ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ! پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ!» دەيدۇ﴿66﴾. ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن باشلىقلىرىمىزغا، كاتتىلىرىمىزغا ئىتائەت قىلدۇق، ئۇلار بىزنى توغرا يولدىن ئازدۇردى، پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارغا ئازابنى ئىككى ھەسسە بەرگىن ۋە ئۇلارغا قاتتىق لەنەت قىلغىن» دەيدۇ﴿67 - 68﴾.***

## قىيامەت كۈنىنى پەقەت اللە تائالانىڭلا بىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

اللە تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، گەرچە كىشىلەر ئۇنىڭدىن قىيامەتنىڭ ۋاقتى توغرۇلۇق سورىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇ توغرۇلۇق بىلىمى يوقلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئۇنىڭغا قىيامەتنىڭ ئىلمىنىڭ غالىب ۋە بۈيۈك اللە نىڭلا بىلىدىغانلىقىغا يول كۆرسىتىدۇ. اللە تائالا سۈرە ئەئرافتىمۇ شۇنداق بايان قىلغان ئىدى. ئۇ سۈرە مەككىدە نازىل بولغان سۈرىدۇر. بۇ سۈرە بولسا مەدىنىدە نازىل بولغاندۇر. قىيامەتنىڭ ئىلمىنى ئۇنى قايىم قىلىدىغان زات اللە تائالانىڭلا بىلىدىغانلىقى مانا مۇشۇنداق ئوخشاش ھالەتتە داۋام قىلدى. لېكىن، اللە تائالا پەيغەمبىرىگە قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى بۇ سۆزى بىلەن خەۋەر قىلدى:**﴿سەن نىمە بىلىسەن، قىيامەت يېقىن بولۇشى مۇمكىن﴾** اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى﴾[1] ﴿كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ (ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىنىدىغان ۋاقىت (يەنى قىيامەت) يېقىنلاشتى، ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەتتىدۇر، (قىيامەت توغرۇلۇق ئويلىنىشتىن) يۈز ئۆرۈمەكتىدۇر﴾[2] ﴿اللەنىڭ پەرمانى (يەنى قىيامەت) چوقۇم كېلىدۇ، ئۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمەڭلار﴾[3].

## كۇففارلارغا لەنەت ئېيتىش، ئۇلارنىڭ دوزاختا مەڭگۈ قېلىشى ۋە ھەسرەت چېكىشى توغرىسىدا

**﴿اللە ھەقىقەتەن كاپىرلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى ۋە ئۇلارغا﴾** ئاخىرەت يۇرتىدا **﴿دوزاخنى تەييارلىدى. ئۇلار دوزاختا مەڭگۇ قالىدۇ﴾** يەنى ئۇلار دوزاختا داۋاملىق قالىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭدىن چىقالمايدۇ، ئۇلارغا ئۇنىڭدىن يۆتكىلىشمۇ بولمايدۇ. **﴿ئۇلار ھېچقانداق (ئۇلارنى قوغدايدىغان) دوست ۋە (ئۇلاردىن ئازابنى دەپئى قىلىدىغان) ياردەمچى تاپالمايدۇ﴾** يەنى ئۇلارنىڭ پەريادىغا يەتكۈچى، ئۇلارنى چېكىۋاتقان ئازابتىن قوتقۇزىدىغان ھېچ ياردەمچى بولمايدۇ. **﴿دوزاختا ئۇلارنىڭ يۈزلىرى تۈرۈلۈپ كېتىدىغان كۈندە، ئۇلار: «كاشكى بىز اللە غا ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ! پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ!» دەيدۇ﴾** يەنى ئۇلار دوزاختا يۈزلىرىچە سۆرۈلىدۇ، يۈزلىرى جەھەننەم ئوتىدا داغلىنىدۇ. ئۇلار ئەنە شۇنداق ھالەتتە، دۇنيا يۇرتىدىكى چاغلىرىدا: اللە تائالاغا ئىتائەت قىلغان، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان كىشىلەردىن بولۇپ قالغان بولساقچۇ، دەپ ئارزۇ قىلىشىدۇ. اللە تائالا ئۇلارنىڭ قىيامەت مەيدانىدىكى ھالىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿شۇ كۈنى زالىم (يەنى كاپىر) ئىككى قولىنى چىشلەپ: «ئىسىت! پەيغەمبەر بىلەن (نىجاتلىق) يولىنى تۇتسامچۇ، ئىسىت! پالانىنى دوست تۇتمىغان بولسامچۇ؟ قۇرئان ماڭا يەتكەندىن كېيىن، ئۇ (يەنى پالانى) مېنى قۇرئاندىن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئازدۇردى» دەيدۇ، شەيتان ئىنسانىنى (ئازدۇرۇپ بولۇپ) تاشلىۋېتىدۇ﴾[4] اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

---

[1] سۈرە قەمەر 1 - ئايەت.
[2] سۈرە ئەنبىيا 1 - ئايەت.
[3] سۈرە نەھل 1 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.
[4] سۈرە فۇرقان 27 ـ 29 - ئايەتكىچە.

www.munber.org

﴿كاپىرلار (قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرگەندە، دۇنيادىكى چېغىمىزدا) مۇسۇلمان بولغان بولساقچۇ، دەپ ئارمان قىلىدۇ﴾[1] الله تائالا ئۇلارنىڭ قىيامەتتىكى ھالىتىنى مانا مۇشۇنداق خەۋەر قىلدى. ئۇلار ھەقىقەتەن دۇنيادىكى چاغلىرىدا الله تائالاغا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان بولۇشلىرىنى ئارزۇ قىلىشىدۇ.

﴿**ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن باشلىقلىرىمىزغا، كاتتىلىرىمىزغا ئىتائەت قىلدۇق، ئۇلار بىزنى توغرا يولدىن ئازدۇردى**﴾ دەيدۇ. تائۇس: ﴿**باشلىقلىمىزغا**﴾ دېگەن سۆزدىن يۇرت چوڭلىرى، ﴿**كاتتىلىرىمىزغا**﴾ دېگەن سۆزدىن ھەق يولنى تۇتمىغان ئۆلىمالار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. ﴿**پەرۋەردىگارىمىز!**﴾ ئۇلارنىڭ كاپىر بولغانلىقلىرى ۋە بىزنى ئازدۇرغانلىقلىرى ئۈچۈن ﴿**ئۇلارغا ئازابنى ئىككى ھەسسە بەرگىن**﴾.

ئەبۇلقاسىم تەبەرانى، ئەبۇرافىئدىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىر سەپتە جەڭگە قاتناشقان ئادەم ھۇججاج ئىبنى ئەمرىنىڭ جەڭ قىلىش ئالدىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئى ئەنسارىلار جامائەسى! پەرۋەردىگارىمىز بىلەن مۇلاقات بولغان چاغدا: ﴿**پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن باشلىقلىرىمىزغا، كاتتىلىرىمىزغا ئىتائەت قىلدۇق، ئۇلار بىزنى توغرا يولدىن ئازدۇردى، پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارغا ئازابنى ئىككى ھەسسە بەرگىن ۋە ئۇلارغا قاتتىق لەنەت قىلغىن**﴾ دېمەكچىمۇ سىلەر؟.

* * * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَكُونُواْ كَٱلَّذِينَ ءَاذَوۡاْ مُوسَىٰ فَبَرَّأَهُ ٱللَّهُ مِمَّا قَالُواْۚ وَكَانَ عِندَ ٱللَّهِ وَجِيهًا ﴿٦٩﴾

***ئى مۆمىنلەر! سىلەر مۇساغا ئازار قىلغان كىشىلەر (يەنى بەنى ئىسرائىل) دەك بولماڭلار، الله مۇسانى ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىن (يەنى تۆھمەتلىرىدىن) ئاقلىدى، مۇسا الله نىڭ دەرگاھىدا ئابرۇيلۇق ئىدى*** ﴿69﴾.

## يەھۇدىيلارنىڭ مۇسا ھەققىدە توقۇغان تۆھمەتلىرى توغرىسىدا

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى ھەدىسلەردە ئەبۇھۇرەيرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « مۇسا ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن ھايالىق، ئېپپەتلىك ئادەم ئىدى. ھايا قىلغانلىقى ئۈچۈن بەدىنىنىڭ ھېچ يېرىنى ئوچۇق قالدۇرمايتتى. ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئۇنىڭغا ئازار بەرگەنلەر بولدى. ئۇلار: ئۇ پەقەت بەدىنىدە بىرەر ئەيىب بولغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق پۈتۈن كىيىنىدۇ. ئۇ ئاق كېسەل، ياكى پوداق ۋە ياكى دېگىلى بولمايدىغان بىرەر كېسەللىگە گىرىپتار بولغان دېيىشتى. غالىب ۋە بۈيۈك الله ئۇلارنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە دېگەن سۆزلىرىدىن ئۇنى ئاقلاشنى ئىرادە قىلدى. بىر كۈنى مۇسا يالغۇز، خالى بىر جايغا بېرىپ، كىيىمىنى بىر تاشنىڭ ئۈستىگە سېلىپ قويۇپ يۇيۇندى. ئۇ يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن كىيىمىنى ئېلىش ئۈچۈن تاش تەرەپكە ماڭدى. تاش ئۇنىڭ كىيىمىنى ئېلىپ قاچتى. موسا ھاسىسىنى ئېلىپ تاشنىڭ ئارقىدىن: ئى تاش كىيىممىنى بەر، ئى تاش! كىيىممىنى بەر، دېگىنىچە قوغلىدى - دە، تۇيماستىن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ بىر توپ كىشىلىرى ئىچىگە كىرىپ قالدى. ئۇلار

(1) سۈرە ھىجر 2 - ئايەت.

www.munber.org

ئۇنى قىپيالىڭاچ غالىب ۋە بۈيۈك الله ياراتقان ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە كۆردى. الله تائالا ئۇنى ئۇلارنىڭ توقۇپ چىققانلىرىدىن ئاقلىدى. تاش توختىدى، موسا كىيىمىنى ئېلىپ كىيدى ـ دە، تاشنى ھاسىسى بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، تاشتا ئۇرغان ئۈچ ياكى تۆت ياكى بەش ئىزى قالدى. ئەنە شۇ قىسسە الله تائالانىڭ: **﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر مۇساغا ئازار قىلغان كىشىلەر (يەنى بەنى ئىسرائىل) دەك بولماڭلار، الله مۇسانى ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىن (يەنى تۆھمەتلىرىدىن) ئاقلىدى، مۇسا الله نىڭ دەرگاھىدا ئابرۇيلۇق ئىدى﴾** دېگەن سۆزى ئىپادىلىنىدۇ».

ئىمام ئەھمەد، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام تەقسىماتلارنى تەقسىم قىلدى. ئەنسارىلاردىن بىر ئادەم: بۇ تەقسىمات الله تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولمىدى، دېدى. مەن: ئى الله نىڭ دۈشمىنى! ئېيتقان سۆزۈڭنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا چوقۇم خەۋەر قىلىمەن، دېدىم. ئاندىن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا يەتكۈزدۈم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى، ئاندىن مۇنداق دېدى: «الله مۇساغا رەھمەت قىلسۇن، ئۇ ھەقىقەتەن بۇنىڭدىن جىق ئازار يېگەن، ئاندىن سەۋر قىلغان ئىدى» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

**﴿مۇسا الله نىڭ دەرگاھىدا ئابرويلۇق ئىدى﴾** يەنى غالىب ۋە بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئابرويى بار ئىدى. ھەسەنبەسرى: موسانىڭ دۇئاسى الله تائالانىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل ئىدى، دېدى. بەزىلەر ئۇنىڭ الله تائالانىڭ دەرگاھىدا چوڭ ھۆرمىتى بولغانلىقى ئۈچۈن قېرىندىشى ھارۇنغا شاپائەت قىلىپ، الله تائالادىن ھارۇننى ئۆزى بىلەن بىللە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشىنى تەلەپ قىلدى. الله تائالا ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى ۋە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇنىڭغا بىز مەرھەمەت قىلىپ قېرىندىشى ھارۇننى پەيغەمبەر قىلىپ بەردۇق﴾[1].

* * * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَقُولُوا۟ قَوْلًا سَدِيدًا ﴿٧٠﴾ يُصْلِحْ لَكُمْ أَعْمَـٰلَكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ ۗ وَمَن يُطِعِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَقَدْ فَازَ فَوْزًا عَظِيمًا ﴿٧١﴾

***ئى مۆمىنلەر! الله دىن قورقۇڭلار، توغرا سۆزنى قىلىڭلار﴿70﴾. الله سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ (يەنى سىلەرنى ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ)، گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ﴿71﴾.***

## مۆمىنلەرنى تەقۋادارلىق ۋە راستچىللىققا بۇيرۇش توغرىسىدا

الله تائالا مۆمىن بەندىلىرىنى تەقۋادار بولۇشقا، ئۆزىگە گويا ئۇنى كۆرگەن ئادەمدەك ئىبادەت قىلىشقا ۋە **﴿توغرا سۆزنى﴾** يەنى قالايمىقان، ئەگرى ـ بۈگرىسى يوق، تۈز سۆزنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلسا، الله تائالا ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇلارنىڭ ساۋابى ئۈچۈن (ئۇلارنىڭ) ئەمەللىرىنى تۈزەيدىغانلىقىنى يەنى ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىدۇ. ئۇلاردىن كەلگۈسىدە گۇناھلار سادىر بولۇپ قالسا، الله تائالا ئۇلارغا ئۇ گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلىشقا ئىلھام بېرىدۇ.

---

[1] سۈرە مەريەم 53 ـ ئايەت.

www.munber.org

**﴿كىمكى اللە غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ﴾** ئەنە شۇ مۇۋەپپەقىيەت دوزاخ ئوتىدىن قۇتۇلۇپ، مۇقىم نازۇ ـ نېمەت ئىچىگە چۆكۈشتىن ئىبارەتتۇر.

* * * * * * *

إِنَّا عَرَضۡنَا ٱلۡأَمَانَةَ عَلَى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَٱلۡجِبَالِ فَأَبَيۡنَ أَن يَحۡمِلۡنَهَا وَأَشۡفَقۡنَ مِنۡهَا وَحَمَلَهَا ٱلۡإِنسَٰنُۖ إِنَّهُۥ كَانَ ظَلُومٗا جَهُولٗا ﴿٧٢﴾ لِّيُعَذِّبَ ٱللَّهُ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ وَٱلۡمُنَٰفِقَٰتِ وَٱلۡمُشۡرِكِينَ وَٱلۡمُشۡرِكَٰتِ وَيَتُوبَ ٱللَّهُ عَلَى ٱلۡمُؤۡمِنِينَ وَٱلۡمُؤۡمِنَٰتِۗ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورٗا رَّحِيمَۢا ﴿٧٣﴾

*شۈبھىسىزكى، بىز ئامانەتنى (يەنى پەرزلەرنى ۋە شەرىئەت تەكلىپلىرىنى ) ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەقدىم قىلدۇق، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئالمىدى، ئۇنىڭ (ئېغىرلىقى) دىن قورقتى، ئۇنى ئىنسان ئۈستىگە ئالدى، ئىنسان ھەقىقەتەن (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، ھەقىقەتەن ناداندۇر﴿72﴾. (مەزكۇر ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) مۇناپىق ئەرلەرنى، مۇناپىق ئاياللارنى، مۇشرىك ئەرلەرنى، مۇشرىك ئاياللارنى اللە ئازابلايدۇ، (مەزكۇر ئامانەتكە رىئايە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارنى اللە ئەپۇ قىلىدۇ، (اللە مۆمىنلەرگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿73﴾.*

## ئىنساننىڭ ئامانەتنى ئۈستىگە ئېلىشى توغرىسىدا

ئەۋفى، ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى بۇ ئايەتتىكى ئامانەتتىن تائەت ـ ئىبادەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. اللە تائالا بۇ ئامانەتنى ئادەمگە تەقدىم قىلىشتىن ئىلگىرى ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەقدىم قىلدى، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئېلىشقا پېتىنالمىدى. ئاندىن اللە تائالا ئادەمگە: مەن ھەقىقەتەن ئامانەتنى ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەقدىم قىلدىم، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئېلىشقا پېتىنالمىدى. ئۇنى سەن ئۈستۈڭگە ئالامسەن؟ دېدى. ئادەم: ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇنىڭدا نېمىلەر بار؟ دېدى. اللە تائالا: ئەگەر ياخشى ئىش قىلساڭ مۇكاپاتلىنىسەن، يامان ئىش قىلساڭ جازالىنىسەن، دېدى. ئادەم ئۇنى ئېلىپ ئۆز ئۈستىگە يۈكلىدى. ئەنە شۇ اللە تائالانىڭ: **﴿ئۇنى ئىنسان ئۈستىگە ئالدى، ئىنسان ھەقىقەتەن (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، ھەقىقەتەن ناداندۇر﴾** دېگەن سۆزىدىن ئىبارەتتۇر.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە، ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەتتىكى ئامانەت پەرزلەردىن ئىبارەتتۇر، اللە تائالا ئۇنى ئاسمانلارغا، زېمىنلارغا تەقدىم قىلىپ، ئەگەر ئۇلار ئۇنى ئادا قىلسا ئۇلارغا ساۋاب بېرىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇلار ئۇنى ئۆز جايىدا ئادا قىلمىسا ئۇلارنى ئازابقا دۇچار قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمىدى، بۇ ياقتۇرمىغانلىق ئاسىيلىق قىلغانلىقىدىن ئەمەس بەلكى، اللە تائالانىڭ دىنىنىڭ بۈيۈكلىكىدىن پەرزلەرنى ئادا قىلىپ بولالماسلىقىدىن قورقتى. ئاندىن اللە تائالا ئۇنى ئادەمگە تەقدىم قىلدى. ئۇ ئۇنى ئۆزىنىڭدىكى نەرسىلەر بىلەن قوشۇپ قوبۇل قىلدى. ئۇ اللە تائالانىڭ (بۇ) سۆزىدىن ئىبارەتتۇر: **﴿ئۇنى ئىنسان ئۈستىگە ئالدى، ئىنسان ھەقىقەتەن (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، ھەقىقەتەن ناداندۇر﴾** يەنى اللە تائالانىڭ ئەمرىدىن غەپلەتتىدۇر.

مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، زەھھاك، ھەسەنبەسرى ۋە بىر قانچە كىشىلەرمۇ بۇ ئايەتتىكى ئامانەت پەرزلەردىن ئىبارەتتۇر، دېدى. باشقا تەپسىرشۇناسلار: ئامانەتتىن تائەت ـ ئىبادەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. ئەئمەش مەسرۇقتىن ئۇبەي ئىبنى كەئبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: خوتۇن

www.munber.org

كىشىنىڭ نۇمۇسىنى ساقلىيالىشىمۇ ئامانەتتۇر. قەتادە: ئامانەتتىن دىن، پەرزلەر ۋە بەلگىلەنگەن جازالار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. مالىك، زەيد ئىبنى ئەسلەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئامانەت ئۈچتۇر، ئۇلار: ناماز، روزا ۋە جۇنۇپلۇقتىن پاك بولۇشتىن ئىبارەت. يۇقىرىدا ئېيتىلغان بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرى بىلەن زىت كەلمەيدۇ. بەلكى، ئامانەتنىڭ شەرىئەت تەكلىپى ئىكەنلىكى نۇقتىسىدىن ئېلىنسا بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئورتاقلىشىدۇ. ئامانەت دېگەن الله تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئادا قىلسا ساۋاب بېرىلىدىغان، ئۇنى تەرك قىلسا جازالىنىدىغان شەرت بىلەن ئۇنى قوبۇل قىلىش ۋە توسقان ئىشلىرىدىن يېنىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى، نادانلىقى ۋە ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن ئامانەتنى قوبۇل قىلدى. پەقەت الله تائالا تەۋفىق بەرگەن كىشى ئۇنى ئادا قىلالايدۇ. الله تائالا ياردەم بەرگۈچىدۇر.

ئىمام ئەھمەدنىڭ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىسى ئامانەتكە ئالاقىدار ئەسەرلەردىندۇر، ھۇزەيفە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئىككى ھەدىس سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتە كۆردۈم، يەنە بىرىنى كۈتۈۋاتىمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئامانەتنىڭ ئىنسان دىللىرىنىڭ يىلتىزىغىچە چۈشكەنلىكىنى، ئاندىن قۇرئاننىڭ نازىل بولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قۇرئاندىن ۋە سۈننەتتىن ئامانەتنى بىلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئاندىن ئامانەتنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىزگە سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېدى: «بىر ئادەم ئۇخلىغاندا ئۇنىڭ قەلبىدىن ئامانەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ئامانەتنىڭ ئىزى قاپارتمىنىڭ ئىزىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ، سەن پۇتۇڭنىڭ ئۈستىگە تاش چۈشۈرۈۋالغىنىڭغا ئوخشاش، تاشنىڭ زەربىسىدىن پۇتۇڭنىڭ ئىششىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن، ھالبۇكى ئىششىقنىڭ ئىچىدە ھېچ نەرسە يوق» ھۇزەيفە سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى: ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇششاق تاش ئېلىپ، ئۇنى پۇتىغا چۈشۈرۈپ مىسال قىلىپ كۆرسەتتى[1] ئامانەت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن شۇ ۋاقىتتا كىشىلەر ئېلىم ـ سېتىم قىلىشىدۇ، ئامانەتنى ئادا قىلىدىغان بىرمۇ ئادەم قالمىغىلى تاس قالىدۇ، ئىشەنچلىك ئادەم بەك ئاز قالغانلىقى ئۈچۈن پالانىنىڭ ئەۋلادى ئىچىدە ھەقىقەتەن ئىشەنچلىك بىر ئادەم بار، دېيىلىدۇ. ھەتتا نەيراڭۋازلىقتا ۋە ئالدامچىلىقتا ئۈچىغا چىققان بىر ئادەم: "ئۇ نېمىدېگەن ئىشەنچلىك، نېمىدېگەن ئەقىللىق؟" دەپ قارىلىدۇ، ۋەھالەنكى ئۇنىڭ قەلبىدە قىچا چاغلىق ئىمان يوق. مېنىڭ بېشىمدىن سىلەرنىڭ قايسىڭلار بىلەن ئېلىم ـ سېتىق قىلسام پەرۋا قىلمايدىغان بىر زامان ئۆتكەن ئىدى. ئەگەر ئۇ مۇسۇلمان بولسا، ئۇنىڭ دىنى ئۇنى ئەلۋەتتە يېنىمغا ئېلىپ كېلەتتى. ئەگەر ئۇ ناسارا ياكى يەھۇدىي بولسا، ئۇنىڭ سەدىقاتتىقا مەسئۇل ئادىمى[2] ئۇنى ئەلۋەتتە يېنىمغا ئېلىپ كېلەتتى. ئەمما بۈگۈنكى كۈندە سىلەردىن پەقەت پالانى ۋە پۇستانى بىلەنلا ئېلىم ـ سېتىم قىلىمەن[3]. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تۆت ئىش بار، ئەگەر ئۇ تۆت ئىش سەندە تېپىلسا، قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان بارلىقىڭدىن ئەنسىرىمىسەڭ بولىدۇ، ئۇلار: ئامانەتنى مۇھاپىزەت قىلىش، راست سۆزلەش، ياخشى مىجەزلىك بولۇش ۋە ھالال كەسىپلىك بولۇشتىن ئىبارەتتۇر».

---

[1] بۇ بىر ئوخشىتىش بولۇپ، ئامانەت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن يۈرەك، ئەمگەك قىلىش ياكى كۆيۈك سەۋەبىدىن قاپىرىپ قالغان قاپارتمىغا ۋە ياكى تاشنىڭ زەربىسىدىن ئىششىپ قالغان پۇتنىڭ ئىششىقىغا ئوخشاش ئىچىدە پايدىلىق ھېچ نەرسە يوق، قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىگىسىدىن ئامانەتكە خىيانەت قىلىدىغان، گېپىدە تۇرمايدىغان رەزىل ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ.
[2] ناسارا ۋە يەھۇدىيلاردىن ئىسلام دۆلىتىگە تاپشۇرىدىغان سەدىقىلەرنى يىغىشقا مەسئۇل ئادەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
[3] يەنى بۈگۈنكى كۈندە ئامانەتنى ئادا قىلىدىغان ئادەم ئازلاپ كەتتى دېمەكچى.

www.munber.org

## ئامانەتنى ئۈستىگە ئېلىشنىڭ نەتىجىسى توغرىسىدا

﴿**(مەزكۇر ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) مۇناپىق ئەرلەرنى، مۇناپىق ئاياللارنى، مۇشرىك ئەرلەرنى، مۇشرىك ئاياللارنى اللە ئازابلايدۇ**﴾ يەنى ئادەم ئەۋلادىغا ھەقىقەتەن ئامانەت يۈكلەندى، بۇ ئامانەت شەرىئەت تەكلىپلىرىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن مۇسۇلمانلاردىن قورقۇپ ئىماننى ئاشكارا قىلغان يەنى تىلىنىڭ ئۈچىدا ئىمان ئېيتقان، كاپىرلارغا ئەگىشىپ كۇفرىنى دىللىرىدا يوشۇرغان مۇناپىق ئەرلەرنى ۋە مۇناپىق ئاياللارنى، ئىچى ـ تېشى اللە تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، اللە تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش بىلەن تولۇپ كەتكەن ﴿**مۇشرىك ئەرلەرنى، مۇشرىك ئاياللارنى**﴾ اللە ئازابلايدۇ. ئىنسانلاردىن اللە تائالاغا، اللە تائالانىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقان، اللە تائالاغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۆمىنلەرگە مەرھەمەت قىلىش ئۈچۈن ﴿**مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارنى اللە ئەپۇ قىلىدۇ، (اللە مۆمىنلەرگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾.

شۇنىڭ بىلەن سۈرە ئەھزابنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. جىمى ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە اللە تائالاغا مەنسۇپتۇر!

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان — سۈرە سەبەئ — 54 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ ٱلَّذِي لَهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَهُ ٱلۡحَمۡدُ فِي ٱلۡأٓخِرَةِۚ وَهُوَ ٱلۡحَكِيمُ
ٱلۡخَبِيرُ ۝١ يَعۡلَمُ مَا يَلِجُ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَمَا يَخۡرُجُ مِنۡهَا وَمَا يَنزِلُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ وَمَا يَعۡرُجُ فِيهَاۚ وَهُوَ
ٱلرَّحِيمُ ٱلۡغَفُورُ ۝٢

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.**

***جىمى ھەمدۇسانا اللەغا خاستۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە اللەنىڭ مۈلكىدۇر، ئاخىرەتتىكى ھەمدۇسانامۇ اللەغا خاستۇر، اللە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴿1﴾. اللە زېمىننىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىدىغان (يەنى يامغۇر، كان ۋە ئۆلۈكلەرگە ئوخشاش) نەرسىلەرنى، زېمىندىن چىقىدىغان (ئۆسۈملۈك، بۇلاق ۋە قۇدۇقلارنىڭ سۇلىرى قاتارلىق) نەرسىلەرنى، ئاسماندىن چۈشىدىغان (پەرىشتە، يامغۇر، ئەجەل، رىزىق قاتارلىق) نەرسىلەرنى، ئاسمانغا ئۆرلەيدىغان (ياخشى ئەمەللەر، مەقبۇل دۇئالار قاتارلىق) نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، اللە بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴿2﴾.***

## بارلىق ھەمدۇسانا ۋە غەيبنى بىلىش اللہ تائالاغىلا خاس ئىكەنلىكى توغرىسىدا

اللہ تائالا بۇ ئايەتلەردە، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ زاتىدىن ۋە دۇنيا  ـ ئاخىرەتتىكى بارلىق مەدھىيە ۋە زىكىرلەرنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا خاس ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ دۇنيا ـ ئاخىرەت ئەھلى ئۈچۈن نېمەت ئاتا قىلغۇچى ۋە رەھمەت قىلغۇچىدۇر. دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئەھلىنىڭ ئىگىسىدۇر. ئۇنىڭ ھەممىسىگە ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر.

اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ اللہ دۇر، ئۇنىڭدىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە جىمى ھەمدۇسانا اللہ غا مەنسۇپتۇر، ھۆكۈم چىقىرىش اللہ غا مەنسۇپتۇر، سىلەر اللہ نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾[1].

**﴿جىمى ھەمدۇسانا اللەغا خاستۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە اللەنىڭ مۈلكىدۇر﴾** يەنى بارلىق نەرسىلەر اللہ تائالانىڭ مۈلكىدۇر، ئۇنىڭ قۇللىرىدۇر ۋە ئۇنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىدۇر.

---

[1] سۈرە قەسەس 70 ـ ئايەت.

www.munber.org

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿دۇنيا ۋە ئاخىرەت شەك ـ شۈبھىسىز بىزنىڭ ئىلكىمىزدىدۇر﴾[1].

﴿ئاخىرەتتىكى ھەمدۇسانامۇ اللەغا خاستۇر﴾ يەنى الله تائالا مەڭگۈ ئىبادەت قىلىنغۇچى ۋە مەدھىيىلەنگۈچىدۇر.

﴿الله﴾ سۆزلىرىدە، ئىشلىرىدا، شەرىئىتىدە ۋە بارلىق نەرسىلەرنى تەقدىر قىلىشتا ﴿ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾ يەنى الله تائالاغا ھېچقانداق نەرسە يوشۇرۇن بولمايدۇ. ئۇ ھېچ نەرسىنى بىلمەي قالمايدۇ. مالىك زۆھرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرداردۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

﴿الله زېمىننىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىدىغان (يەنى يامغۇر، كان ۋە ئۆلۈكلەرگە ئوخشاش) نەرسىلەرنى، زېمىندىن چىقىدىغان (ئۆسۈملۈك، بۇلاق ۋە قۇدۇقلارنىڭ سۇلىرى قاتارلىق) نەرسىلەرنى، ئاسماندىن چۈشىدىغان (پەرىشتە، يامغۇر، ئەجەل، رىزىق قاتارلىق) نەرسىلەرنى، ئاسمانغا ئۆرلەيدىغان (ياخشى ئەمەللەر، مەقبۇل دۇئالار قاتارلىق) نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾ يەنى الله تائالا زېمىننىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىغىچە ياغقان يامغۇر تامچىلىرىنىڭ، تېرىلغان ئۇرۇقنىڭ ۋە زېمىندا يوشۇرۇلغان ھەممە نەرسىنىڭ سانىنى بىلىدۇ. زېمىندىن چىقىدىغان نەرسىنىڭ سانىنى ۋە سۈپەتلىرىنىمۇ بىلىدۇ.

﴿ئاسماندىن چۈشىدىغان (پەرىشتە، يامغۇر، ئەجەل، رىزىق قاتارلىق) نەرسىلەرنى﴾، ئاسمانغا ئۆرلەيدىغان ياخشى ئەمەللەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرىدۇ.

﴿الله بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾ يەنى بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئۇلاردىن ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ. تەۋبە قىلغۇچىلار ۋە تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

* * * * * * *

وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَا تَأۡتِينَا ٱلسَّاعَةُۖ قُلۡ بَلَىٰ وَرَبِّي لَتَأۡتِيَنَّكُمۡ عَٰلِمِ ٱلۡغَيۡبِۖ لَا يَعۡزُبُ عَنۡهُ
مِثۡقَالُ ذَرَّةٖ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَلَا فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَآ أَصۡغَرُ مِن ذَٰلِكَ وَلَآ أَكۡبَرُ إِلَّا فِي كِتَٰبٖ مُّبِينٖ
﴿٣﴾ لِّيَجۡزِيَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِۚ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُم مَّغۡفِرَةٞ وَرِزۡقٞ كَرِيمٞ ﴿٤﴾ وَٱلَّذِينَ
سَعَوۡ فِيٓ ءَايَٰتِنَا مُعَٰجِزِينَ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ عَذَابٞ مِّن رِّجۡزٍ أَلِيمٞ ﴿٥﴾ وَيَرَى ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡعِلۡمَ ٱلَّذِيٓ
أُنزِلَ إِلَيۡكَ مِن رَّبِّكَ هُوَ ٱلۡحَقَّ وَيَهۡدِيٓ إِلَىٰ صِرَٰطِ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡحَمِيدِ ﴿٦﴾

*كاپىرلار: «بىزگە قىيامەت كەلمەيدۇ» دەيدۇ، ئېيتقىنكى، «ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، قىيامەت سىلەرگە چوقۇم كېلىدۇ، الله غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە اللەدىن يىراق ئەمەستۇر، ئۇنىڭ (يەنى زەررە) دىن كىچىكرەك نەرسە بولسۇن، چوڭراق نەرسە بولسۇن، لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنمىگىنى يوق» ﴿3﴾. (ئۇلارنىڭ لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلىنىشى) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر، ئەنە شۇلار مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل*

---

[1] سۈرە لەيل 13 ـ ئايەت .

*رىزىققا ئېرىشىدۇ[4]. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە كۈچىنىڭ بېرىچە قارشى تۇرغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ[5]. ئىلىم بېرىلگەنلەر (يەنى ساھابىلەر ۋە كېيىنكى ئەمەل قىلغۇچى ئۆلىمالار) ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان قۇرئاننىڭ شۈبھىسىز ھەق ئىكەنلىكىنى، (ئىنسانلارنى) غالىب، ھەمدۇساناغا لايىق اللەنىڭ يولىغا باشلايدىغانلىقىنى بىلىدۇ[6].*

## ھەر بىر ئادەمنىڭ ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپاتلىنىشى ۋە جازاغا تارتىلىشى ئۈچۈن قىيامەتنىڭ چوقۇم كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا

بۇ ئايەت الله تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بۈيۈك پەرۋەردىگارىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىشقا بۇيرۇغان ئۈچ ئايەتنىڭ بىرىدۇر. قۇرئاندا بۇ ئايەتكە ئوخشايدىغان تۆتىنچى بىر ئايەت يوق. كاپىرلار ۋە ھەق بىلەن قارشىلاشقۇچىلار قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن الله تائالا پەيغەمبىرىنى ئۇنى ئىسپاتلاپ قەسەم قىلىشقا بۇيرۇدى.

بۇ ئۈچ ئايەتنىڭ بىرى سۈرە يۇنۇستىكى ﴿ئۇلار سەندىن: «ئۇ (يەنى ۋەدە قىلىنغان ئازاب، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش) راستمۇ؟» دەپ سورايدۇ،سەن: «ھەئە، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئەلۋەتتە راستتۇر، سىلەر قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر» دېگىن﴾[1].

ئىككىنچىسى مۇشۇ سۈرىدىكى: ﴿**كاپىرلار: «بىزگە قىيامەت كەلمەيدۇ» دەيدۇ، ئېيتقىنكى، «ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، قىيامەت سىلەرگە چوقۇم كېلىدۇ**﴾ دېگەن ئايەتتۇر.

ئۈچىنچىسى سۈرە تەغابۇندىكى الله تائالانىڭ: ﴿كاپىرلار ھەرگىز تىرىلدۈرۈلمەيمىز دەپ گۇمان قىلىشتى، ئېيتقىنكى: «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، ئاندىن سىلەرگە قىلمىشىڭلاردىن خەۋەر بېرىلىدۇ، بۇ اللەغا ئاساندۇر»﴾[2] دېگەن ئايىتىدۇر.

﴿**ئېيتقىنكى، «ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، قىيامەت سىلەرگە چوقۇم كېلىدۇ**﴾ ئاندىن الله تائالا قىيامەتنى ئۇنىڭ بولۇشىنى تەكىتلەيدىغان ۋە ئۇنى جەزملەشتۈرىدىغان نەرسىلەر بىلەن سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە اللەدىن يىراق ئەمەستۇر، ئۇنىڭ (يەنى زەررە)دىن كىچىكرەك نەرسە بولسۇن، چوڭراق نەرسە بولسۇن، لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنمىگىنى يوق»**﴾ يەنى ھەممە نەرسە الله تائالانىڭ بىلىشىنىڭ ئىچىدىدۇر. الله تائالاغا ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر. سۆڭەكلەر گەرچە چېچىلىپ ـ تىتىلىپ، يوقىلىپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ نەگە يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر. ئۇنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولسا، شۇ ھالىتىگە قايتۇرغۇچىدۇر. الله تائالا ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.

ئاندىن الله تائالا جەسەتلەرنى ئەسلى ھالىتىگە قايتۇرۇش ۋە قىيامەتنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتىكى ھېكمەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**(ئۇلارنىڭ لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلىنىشى) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر، ئەنە شۇلار مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا ئېرىشىدۇ. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە كۈچىنىڭ بېرىچە قارشى تۇرغانلار**﴾ يەنى كىشىلەرنى الله تائالانىڭ يولىدىن توسۇشقا، پەيغەمبەرلىرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشقا، كۈچ سەرپ قىلغانلار ﴿**قاتتىق ئازابقا**

---

[1] سۈرە يۇنۇس 53 ـ ئايەت.
[2] سۈرە تەغابۇن 7 ـ ئايەت.

**دۇچار بولىدۇ﴾** يەنى قىيامەتنىڭ بولۇشى اللە تائالانىڭ بەختلىك مۆمىنلەرگە ئىنئام ئاتا قىلىشى، بەتبەخت كاپىرلارنى ئازابلىشى ئۈچۈندۇر.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەھلى دوزاخ بىلەن ئەھلى جەننەت (قىيامەت كۈنى) باراۋەر بولمايدۇ، ئەھلى جەننەت بولسا مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[1] ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق؟ ياكى تەقۋادارلارنى فاجىرلارغا ئوخشاش قىلامدۇق؟﴾[2].

**﴿ئىلىم بېرىلگەنلەر (يەنى ساھابىلەر ۋە كېيىنكى ئەمەل قىلغۇچى ئۆلىمالار) ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان قۇرئاننىڭ شۈبھىسىز ھەق ئىكەنلىكىنى، (ئىنسانلارنى) غالىب، ھەمدۇساناغا لايىق اللەنىڭ يولىغا باشلايدىغانلىقىنى بىلىدۇ﴾** بۇ قىيامەتنىڭ بولۇشىدىكى يەنە بىر ھېكمەت بولۇپ، ئىلگىرىكى ھېكمەتلەر بىلەن باغلىنىشلىقى باردۇر. بۇ ھېكمەت پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىشەنگەن مۆمىنلەر قىيامەتنىڭ قائىم بولۇشىنى ياخشى كىشىلەرنىڭ مۇكاپاتلىنىپ يامان كىشىلەرنىڭ جازالانغانلىقىنى كۆرگەن چاغدا، دۇنيادىكى چاغلىرىدا اللە تائالانىڭ كىتابلىرىدىن قىيامەت توغرۇلۇق بىلگەنلىرىنى، ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرىدۇ، دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

شۇ كۈندە مۆمىنلەر مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىزگە ھەقنى ئېلىپ كەلدى»﴾[3] ﴿«مېھرىبان اللەنىڭ ۋەدە قىلغىنى مۇشۇ (كۈن)، پەيغەمبەرلەر راست ئېيتقان»﴾[4] ﴿«سىلەر اللە نىڭ تەقدىرى بويىچە (دۇنيادا ۋە قەبرىلەردە) قىيامەت كۈنىگىچە قالدىڭلار، مانا بۇ قىيامەت كۈنىدۇر﴾[5].

**﴿ئىلىم بېرىلگەنلەر (يەنى ساھابىلەر ۋە كېيىنكى ئەمەل قىلغۇچى ئۆلىمالار) ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان قۇرئاننىڭ شۈبھىسىز ھەق ئىكەنلىكىنى، (ئىنسانلارنى) غالىب﴾** يەنى ناھايىتى كۈچلۈك، يېڭىلمەيدىغان، چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان، بەلكى ھەممە نەرسىنى باشقۇرىدىغان، جىمى سۆزلىرىدە، ئىشلىرىدا، شەرئىتىدە ۋە بەلگىلىمىلىرىدە **﴿ھەمدۇساناغا لايىق اللەنىڭ يولىغا باشلايدىغانلىقىنى بىلىدۇ﴾** يەنى اللە تائالا ئەنە شۇنداق ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە مەدھىيىگە لايىقتۇر، بۈيۈكتۇر ۋە يۈكسەكتۇر.

* * * * * * *

وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ هَلۡ نَدُلُّكُمۡ عَلَىٰ رَجُلٖ يُنَبِّئُكُمۡ إِذَا مُزِّقۡتُمۡ كُلَّ مُمَزَّقٍ إِنَّكُمۡ لَفِي خَلۡقٖ
جَدِيدٍ ﴿٧﴾ أَفۡتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَم بِهِۦ جِنَّةُۢۗ بَلِ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِ فِي ٱلۡعَذَابِ
وَٱلضَّلَٰلِ ٱلۡبَعِيدِ ﴿٨﴾ أَفَلَمۡ يَرَوۡاْ إِلَىٰ مَا بَيۡنَ أَيۡدِيهِمۡ وَمَا خَلۡفَهُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِۚ إِن نَّشَأۡ

---

[1] سۈرە ھەشر 20 - ئايەت.
[2] سۈرە ساد 28 - ئايەت.
[3] سۈرە ئەئراف 43 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ياسىن 52 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە رۇم 56 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

نَخۡسِفۡ بِهِمُ ٱلۡأَرۡضَ أَوۡ نُسۡقِطۡ عَلَيۡهِمۡ كِسَفٗا مِّنَ ٱلسَّمَآءِۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗ لِّكُلِّ عَبۡدٖ مُّنِيبٖ ﴿٩﴾

*كاپىرلار (بىر ـ بىرىگە) ئېيتىدۇ: «سىلەرگە سىلەر (قەبرىلەردە چىرىپ) تىتما ـ تالاڭ بولۇپ كەتكەندىن كېيىن چوقۇم يېڭىدىن يارىتىلىسىلەر دەپ خەۋەر بېرىدىغان بىر ئادەمنى كۆرسىتىپ قويايلىمۇ؟[7]. ئۇ اللەغا يالغاننى توقۇدىمۇ؟ يا ئۇ ئېلىشىپ قالدىمۇ؟» ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرمەيدىغانلار ئازابتا ۋە چوڭقۇر گۇمراھلىقتىدۇر[8]. ئۇلار ئالدىدىكى ۋە ئارقىسىدىكى (ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان) ئاسمان بىلەن زېمىنغا قارىمامدۇ؟ ئەگەر خالىساق ئۇلارنى يەرگە يۇتقۇزىمىز، ياكى ئاسماننى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پارچە ـ پارچە قىلىپ چۈشۈرىمىز. بۇنىڭدا اللەغا قايتقۇچى ھەر بەندە ئۈچۈن ئەلۋەتتە (اللەنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بار[9].*

## كاپىرلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى ھاياتلىقنى ئىنكار قىلىشى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا

بۇ ئايەت غالىب ۋە بۈيۈك اللە تائالانىڭ تەرىپىدىن اللە تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىگە تانغۇچى كاپىرلارنىڭ قىيامەتنىڭ بولۇشىنى يىراق دەپ قارىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر قىلغانلىقى ئۈچۈن مەسخىرە قىلغانلىقىدىن بەرگەن خەۋىرىدۇر.

﴿**كاپىرلار (بىر ـ بىرىگە) ئېيتىدۇ: «سىلەرگە سىلەر (قەبرىلەردە چىرىپ) تىتما ـ تالاڭ بولۇپ كەتكەندىن كېيىن**﴾ يەنى جەسەتلىرىڭلار تىتما ـ تىتما بولۇپ تۇپراققا چېچىلىپ، ئۇنىڭغا تامامەن ئارىلىشىپ كەتكەندىن كېيىن ﴿**چوقۇم يېڭىدىن يارىتىلىسىلەر دەپ خەۋەر بېرىدىغان بىر ئادەمنى كۆرسىتىپ قويايلىمۇ؟**﴾ يەنى شۇنىڭدىن كېيىن تىرىك ھالغا قايتۇرۇلۇپ رىزىقلاندۇرۇلىسىلەر. ئۇلار: مۇھەممەد بىزگە يەتكۈزگەن بۇ خەۋەردە ئىككى ئىشنىڭ بىرىدىن خالىي ئەمەس. ئۇ ئۆزىگە اللە تائالا قىيامەت ھەققىدە ۋەھيي قىلدى دەپ اللە تائالاغا قەستەن يالغاننى توقۇپ چىقتى. ياكى ئۇ اللە تائالاغا قەستەن يالغاننى توقۇمىغان بولسا، ئەقلىدىن ئايرىلغان ۋە ئېلىشىپ قالغان كىشىلەردەك ساراڭ دېيىشتى.

شۇڭا ئۇلار مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇ اللەغا يالغاننى توقۇدىمۇ؟ يا ئۇ ئېلىشىپ قالدىمۇ؟**﴾.

اللە تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرمەيدىغانلار ئازابتا ۋە چوڭقۇر گۇمراھلىقتىدۇر**﴾ يەنى ئىش ئۇلار ئويلىغاندەك ياكى گۇمان قىلغاندەكمۇ ئەمەس. بەلكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام راستچىل، ياخشى ۋە توغرا يول كۆرسەتكۈچى، ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلگەن كىشىدۇر. ئۇلار يالغانچى، جاھىل، نادان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئازابتا قالىدۇ. يەنى كۇپۇرلۇق ئۇلارنى اللە تائالانىڭ ئازابىغا، دۇنيادا ھەق يولدىن ئېزىپ ﴿**چوڭقۇر گۇمراھلىقتا**﴾ قېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

ئاندىن اللە تائالا ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىشتىكى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرگە دىققەت قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار ئالدىدىكى ۋە ئارقىسىدىكى (ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان) ئاسمان بىلەن زېمىنغا قارىمامدۇ؟**﴾ يەنى ئۇلار نەگە يۈزلەنسە، قەيەرگە بارسا، ئاسمان ئۇلارنىڭ ئۈستىدە سايىۋەن بولۇپ تۇرىدۇ. زېمىن بولسا، ئۇلارنىڭ ئاستىدا يېيىلىپ تۇرىدۇ.

www.munber.org

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسماننى قۇدرەت بىلەن بەرپا قىلدۇق، بىز ھەقىقەتەن قۇدرەتلىكمىز. زېمىننى يايدۇق، بىز نېمىدېگەن ياخشى يايغۇچىمىز؟﴾[1].

﴿ئەگەر خالىساق ئۇلارنى يەرگە يۇتقۇزىمىز، ياكى ئاسماننى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پارچە ـ پارچە قىلىپ چۈشۈرىمىز﴾ يەنى ئەگەر خالىساق ئۇلارنىڭ زۇلۇم قىلغانلىقى ۋە بىزنىڭ ئۇلارنى جازالاشقا قۇدرىتىمىزنىڭ يېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئەلۋەتتە شۇنداق ئازاب قىلغان بولاتتۇق. لېكىن بىز مېھرىبان ۋە ئەپۇ قىلغۇچى سۈپەتكە ئىگە بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇلارنى شۇنداق جازالاشنى كېچىكتۈرىمىز.

﴿بۇنىڭدا اللەغا قايتقۇچى ھەر بەندە ئۈچۈن ئەلۋەتتە (اللەنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بار﴾ مەئمەر، قەتادىنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى الله تائالاغا تەۋبە قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە دەلىللەر بار.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىغا نەزەر سالغان ھەر بىر ئەقىللىق بەندە ئۈچۈن الله تائالانىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە، قىيامەتنى قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر بار. چۈنكى بۇ ئاسمانلارنى مۇشۇنداق ئېگىز ۋە كەڭرى يارىتىشقا، زېمىننىمۇ مۇشۇنداق شەكىلدە ئۇزۇنىغا يېيىلغان ۋە كەڭرى قىلىپ يارىتىشقا قادىر الله ئۆلۈكلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە، چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرگە جان كىرگۈزۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زات ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى يارىتىشقا قادىر ئەمەسمۇ؟ ئۇ بۇنىڭغا قادىر﴾[2] ﴿ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىش ئەلۋەتتە ئىنسانلارنى يارىتىشتىن كۆپ قىيىندۇر ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (بۇنى) ئۇقمايدۇ﴾[3].

* * * * * * *

﴿وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا دَاوُۥدَ مِنَّا فَضْلًا ۖ يَٰجِبَالُ أَوِّبِى مَعَهُۥ وَٱلطَّيْرَ ۖ وَأَلَنَّا لَهُ ٱلْحَدِيدَ ﴿١٠﴾ أَنِ ٱعْمَلْ سَٰبِغَٰتٍ وَقَدِّرْ فِى ٱلسَّرْدِ ۖ وَٱعْمَلُوا۟ صَٰلِحًا ۖ إِنِّى بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿١١﴾

*بىز داۋۇدقا دەرگاھىمىزدىن ھەقىقەتەن پەزل (يەنى پەيغەمبەرلىك، زەبۇر، تاغلارنىڭ ۋە قۇشلارنىڭ بويسۇنۇشى، تۆمۈرنىڭ يۇمشاق بولۇپ بېرىشى، ساۋۇت ياساشنى بىلدۈرۈشلەر) ئاتا قىلدۇق. «ئى تاغلار! ئى قۇشلار! داۋۇت بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتىڭلار» (دېدۇق). تۆمۈرنى داۋۇدقا يۇمشاق قىلىپ بەردۇق﴿10﴾. (بىز ئۇنىڭغا ئېيتتۇق) «مۇكەممەل ساۋۇتلارنى ياسىغىن، ساۋۇتلارنى ياساشتا (ھالقىلىرىنى بىر ـ بىرىگە) تەكشى قىلغىن، (ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر!) ياخشى ئىش قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىمەن» ﴿11﴾.*

## الله تائالانىڭ داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان ئارتۇقچىلىقى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان روشەن ئارتۇقچىلىقتىن ۋە ئۇنىڭغا ئىنئام قىلغان نەرسىلەردىن خەۋەر قىلىدۇ. ئۇ ئارتۇقچىلىق بولسىمۇ: الله تائالا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىكنى، پادىشاھلىقنى، سانى كۆپ سەرخىل قوراللانغان قوشۇندىن ئىبارەت نېمەتلەرنى بىراقلا بەرگەنلىكىدىن ئىبارەتتۇر. الله تائالا ئۇنىڭغا يېقىملىق ئاۋاز ئاتا قىلدى. ئۇ بۇ ئاۋاز

---

[1] سۈرە زارىيات 47 — 48 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ياسىن 81 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە غافىر 57 ـ ئايەت.

www.munber.org

بىلەن تەسبىھ ئېيتقان چاغدا ئۇنىڭ بىلەن مۇستەھكەم تاغلار، ئېگىز چوققىلار قوشۇلۇپ تەسبىھ ئېيتاتتى. ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلار ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بىر ئاز توختاپ، ھەرخىل تىللار بىلەن ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇراتتى.

ئىمام مۇسلىمنىڭ بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دەپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇمۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كېچىدە قۇرئان ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بىرئاز توختاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ تىلاۋىتىگە قۇلاق سالغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «ئەبۇمۇسا ئەشئەرىگە ھەقىقەتەن داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرىغا ئوخشاش بىر يېقىملىق ئاۋاز بېرىلىپتۇ» ئەبۇئوسمان ئەھدى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇمۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاۋازىدىن چىرايلىقراق نە چاڭنىڭ، نە دۇتارنىڭ، نە ھەرقانداق بىر سازنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىدىم.

﴿تۆمۈرنى داۋۇدقا يۇمشاق قىلىپ بەردۇق﴾ ھەسەنبەسرى، قەتادە، ئەئمەش ۋە باشقىلار: داۋۇد ئەلەيھىسسالام تۆمۈرنى ئوتقا سالمايتتى. بولقا بىلەن سوقمايتتى. بەلكى ئۇنى قولى بىلەن يىپلارنى ئەشكەندەك ئېشەتتى، دېدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿مۇكەممەل ساۋۇتلارنى ياسىغىن﴾. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قەتادە: داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلاردىن تۇنجى قېتىم ساۋۇت ياسىغان كىشىدۇر. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى پەقەت كەڭرى بىسلىق قىلىچلارلا بار ئىدى، دېدى.

﴿ساۋۇتلارنى ياساشتا (ھالقىلىرىنى بىر ـ بىرىگە) تەكشى قىلغىن﴾ بۇ، الله تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ساۋۇت ياساشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بېرىلگەن كۆرسەتمىدۇر. بۇ ئايەتنى مۇجاھىد: ھالقىنىڭ مىدراپ قالماسلىقى ئۈچۈن مىخ قاقمىغىن، ئاسان سۇنۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قوپال قىلىپ قويمىغىن، ئۇنى ئۆلچەملىك قىلىپ ياسىغىن، دەپ تەپسىر قىلدى.

الله تائالا سىلەرگە بەرگەن نېمەتكە شۈكۈر قىلىش ئۈچۈن ﴿(ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر!) ياخشى ئىش قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىمەن»﴾ يەنى سىلەرنى ۋە ئەمەلىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىمەن، سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىمەن. ماڭا ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە يوشۇرۇن قالمايدۇ.

* * * * * * *

وَلِسُلَيۡمَـٰنَ ٱلرِّيحَ غُدُوُّهَا شَهۡرٞ وَرَوَاحُهَا شَهۡرٞۖ وَأَسَلۡنَا لَهُۥ عَيۡنَ ٱلۡقِطۡرِۖ وَمِنَ ٱلۡجِنِّ مَن يَعۡمَلُ
بَيۡنَ يَدَيۡهِ بِإِذۡنِ رَبِّهِۦۖ وَمَن يَزِغۡ مِنۡهُمۡ عَنۡ أَمۡرِنَا نُذِقۡهُ مِنۡ عَذَابِ ٱلسَّعِيرِ ﴿١٢﴾ يَعۡمَلُونَ لَهُۥ مَا يَشَآءُ
مِن مَّحَـٰرِيبَ وَتَمَـٰثِيلَ وَجِفَانٖ كَٱلۡجَوَابِ وَقُدُورٖ رَّاسِيَـٰتٍۚ ٱعۡمَلُوٓاْ ءَالَ دَاوُۥدَ شُكۡرٗاۚ وَقَلِيلٞ مِّنۡ
عِبَادِيَ ٱلشَّكُورُ ﴿١٣﴾

*سۇلەيمانغا شامالنى (بويسۇندۇرۇپ بەردۇق)، شامال چۈشتىن ئىلگىرى بىر ئايلىق مۇساپىنى، چۈشتىن كېيىن بىر ئايلىق مۇساپىنى باساتتى، ئۇنىڭغا مىس (چىقىدىغان) بۇلاقنى ئاققۇزۇپ بەردۇق، بەزى جىنلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بويىچە سۇلەيماننىڭ ئالدىدا ئىشلەيتتى، ئۇلاردىن كىمكى بىزنىڭ ئەمرىمىزگە خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بىز دوزاخ ئازابىنى تېتىتىمىز[12]. ئۇلار سۇلەيمانغا ئۇ خالىغان كاتتا سارايلارنى، (مىستىن ـ ئەينەكتىن ئاجايىپ) ھەيكەللەرنى، كۆلدەك چوڭ لېگەنلەرنى،*

www.munber.org

***(چوڭلۇقتىن) مىدىرلىمايدىغان قازانلارنى ياسايتتى، (ئېيتتۇقكى) «(ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر! (اللەنىڭ بۇ چوڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار»، مېنىڭ بەندىلىرىمدىن (اللەنىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلغۇچى بەك ئاز*** [13].

## الله تائالانىڭ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان ئارتۇقچىلىقى توغرىسىدا

الله تائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى بايان قىلدى. الله تائالا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. شامال ئۇ ئولتۇرغان گىلەمنى چۈشتىن ئىلگىرى بىر ئايلىق مۇساپىگە، چۈشتىن كېيىن بىر ئايلىق مۇساپىگە ئۇچۇرۇپ ئاپىراتتى.

ھەسەنبەسرى مۇنداق دېدى: سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام گىلەمگە ئولتۇرۇپ ئەتىگەندە دەمەشقتىن يولغا چىقاتتى ـ دە، ئىستەخرگە[1] چۈشۈپ، ئۇ يەردە چۈشلۈك تامىقىنى يەيتتى. چۈشتىن كېيىن ئىستەخردىن يولغا چىقىپ كابۇل شەھرىگە كېلىپ قوناتتى. دەمەشق بىلەن ئىستەخرنىڭ ئارىلىقى تېز يول يۈرگۈچى ئۈچۈن بىر ئايلىق مۇساپىدۇر. ئىستەخر بىلەن كابۇلنىڭ ئارىلىقىمۇ تېز يول يۈرگۈچى ئۈچۈن بىر ئايلىق مۇساپىدۇر.

﴿**ئۇنىڭغا مىس (چىقىدىغان) بۇلاقنى ئاققۇزۇپ بەردۇق**﴾ ئىنسانلار ياشاۋاتقان ھەممە نەرسە الله تائالا سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەردىن ئىبارەتتۇر.

﴿**بەزى جىنلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بويىچە سۇلەيماننىڭ ئالدىدا ئىشلەيتتى**﴾ يەنى بىز ئۇنىڭغا جىنلارنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بويىچە ئۇنىڭ ئالدىدا ئىشلەشكە بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. ئۇلار الله تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، بويسۇندۇرۇشى ۋە ئىرادىسى بويىچە ئېگىز بىنالار ۋە باشقا نەرسىلەردىن سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام نېمىنى خالىسا، شۇنى بىنا قىلاتتى.

﴿**ئۇلاردىن كىمكى بىزنىڭ ئەمرىمىزگە خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بىز دوزاخ ئازابىنى تېتىتىمىز**﴾ يەنى ئۇلاردىن كىمكى ئىتائەتتىن چىقىدىكەن، ئۇلارغا لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرىدىغان دوزاخ ئازابىنى تېتىتىمىز.

﴿**ئۇلار سۇلەيمانغا ئۇ خالىغان كاتتا سارايلارنى، (مىستىن ـ ئەينەكتىن ئاجايىپ) ھەيكەللەرنى، كۆلدەك چوڭ لېگەنلەرنى، (چوڭلۇقتىن) مىدىرلىمايدىغان قازانلارنى ياسايتتى**﴾ يەنى ئۇلار چىرايلىق ۋە كۆركەم بىنالارنى، چوڭلۇقىدىن ئورنىدا چىڭ تۇرىدىغان ھەيكەللەرنى، ئورنىدىن يۆتكىگىلى بولمايدىغان قازانلارنى ياسايتتى.

بىز داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەرگە ﴿**(ئېيتتۇقكى)، «ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر! (اللەنىڭ بۇ چوڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار»**﴾ يەنى الله تائالانىڭ سىلەرگە دىن ۋە دۇنيالىقتىن ئاتا قىلغان نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىڭلار! دېدۇق. بۇ ئايەتتە شۈكۈرنى سۆز ۋە نىيەت بىلەن ئادا قىلغىلى بولغىنىدەك، ئىش ـ ھەرىكەت بىلەنمۇ ئادا قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا دەلىل باردۇر. بۇ ھەقتە شائىر مۇنداق دېگەن:

قولۇم، تىلىم ۋە دىلىم ئۈچىدىلەر شۈكرۈمنى،
رەببىم بەرگەن نېمەتكە، خۇرسەن بولغان كۆڭلۈمنى.

---

[1] بۈرۈنقى خۇراسانغا يېقىن بىر جاينىڭ نامى.

www.munber.org

ئىبنى جەرىر ئەبۇئابدۇراھمان ھەبەلىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش ۋە ھەرقانداق ياخشى ئىشنى غالىب ۋە بۈيۈك اللە تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىش شۈكۈر قىلىش دېمەكتۇر. ئەڭ ئەۋزەل شۈكۈر اللە تائالاغا ھەمدە ئېيتماقتۇر.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، اللە تائالا ئەڭ ياقتۇرىدىغان ناماز داۋۇدنىڭ نامىزىدۇر. ئۇ كېچىنىڭ يېرىمىگىچە ئۇخلايتتى، قالغان يېرىمىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىدە ناماز ئوقۇيتتى. ئۈچتىن بىرىدە يەنە ئۇخلايتتى. اللە تائالا ئەڭ ياقتۇرىدىغان روزا داۋۇدنىڭ روزىسىدۇر. ئۇ بىر كۈن روزا تۇتۇپ بىر كۈن روزا تۇتمايتتى. جەڭ مەيدانىدا دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلغاندا، ئارقىغا قاچمايتتى».

ئەبۇھاتەم، كۈزەيلىنىڭ اللە تائالانىڭ ﴿«ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر! (اللەنىڭ بۇ چوڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار»﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، داۋۇد: ئى پەرۋەردىگارىم! شۈكۈر قىلىش سەن تەرەپتىن بېرىلگەن نېمەت تۇرسا، ساڭا يەنە قانداق شۈكۈر قىلىمەن؟ دېۋىدى. اللە تائالا: نېمەتنىڭ مەن تەرەپتىن بېرىلگەنلىكىنى بىلگەنلىكىڭنىڭ ئۆزى ماڭا شۈكۈر قىلغانلىقىڭدۇر.

اللە تائالا ئىشنىڭ ھەقىقەتتىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿مېنىڭ بەندىلىرىمدىن (اللەنىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلغۇچى بەك ئاز﴾.

* * * * * * *

فَلَمَّا قَضَيْنَا عَلَيْهِ ٱلْمَوْتَ مَا دَلَّهُمْ عَلَىٰ مَوْتِهِۦٓ إِلَّا دَآبَّةُ ٱلْأَرْضِ تَأْكُلُ مِنسَأَتَهُۥ ۖ فَلَمَّا خَرَّ تَبَيَّنَتِ ٱلْجِنُّ أَن لَّوْ كَانُوا۟ يَعْلَمُونَ ٱلْغَيْبَ مَا لَبِثُوا۟ فِى ٱلْعَذَابِ ٱلْمُهِينِ ﴿١٤﴾

*سۇلەيماننىڭ ۋاپاتىنى ھۆكۈم قىلغىنىمىزدا (يەنى ئۇنى ۋاپات قىلدۇرغىنىمىزدا) سۇلەيماننىڭ ئۆلگەنلىكىدىن جىنلارنى پەقەت ئۇنىڭ ھاسىسىنى يېگەن قۇرۇتلار خەۋەردار قىلدى. سۇلەيمان (ھاسىسىنى قۇرۇت يەپ) يىقىلغان چاغدا جىنلارغا ئېنىق بولدىكى، ئەگەر ئۇلار غەيبنى بىلىدىغان بولسا ئىدى، خار قىلغۇچى ئازابتا (يەنى شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئېغىر ئەمگەكتە) قالمىغان بولاتتى*﴿14﴾.

## سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق ۋاپات تاپقانلىقىنى، جاپالىق ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا بويسۇندۇرۇلغان جىنلارنى اللە تائالا ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن قانداق خەۋەرسىز قالدۇرغانلىقىنى بىزگە ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھاسىسىغا تايىنىپ بىر يىل ئەتراپىدا تۇرغان، ھاسىنى قۇرۇت يېگەندىن كېيىن ھاسا ئاجىزلاپ، ئۇ يەرگە يىقىلىپ چۈشكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۇزاق ۋاقىت ئىلگىرى ۋاپات بولغانلىقى مەلۇم بولغان. بۇنىڭدىن جىنلار ۋە ئىنسانلارغا جىنلارنىڭ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقى ئېنىق بولغان، چۈنكى ئىنسانلار ئۇلارنى غەيبنى بىلىدۇ دەپ گۇمانلىنىدۇ.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سۇلەيماننىڭ ئۆلگەنلىكىدىن جىنلارنى پەقەت ئۇنىڭ ھاسىسىنى يېگەن قۇرۇتلار خەۋەردار قىلدى. سۇلەيمان (ھاسىسىنى قۇرۇت يەپ) يىقىلغان چاغدا جىنلارغا ئېنىق بولدىكى، ئەگەر ئۇلار غەيبنى بىلىدىغان بولسا ئىدى، خار قىلغۇچى ئازابتا (يەنى شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت

www.munber.org

ئېغىر ئەمگەكتە) قالمىغان بولاتتى﴾ يەنى ئىنسانلارغا جىنلارنىڭ ئەھۋالى پاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىنسانلارغا يالغان سۆزلىگەنلىكى ئاشكارىلاندى.

* * * * * * *

لَقَدْ كَانَ لِسَبَإٍ فِي مَسْكَنِهِمْ ءَايَةٌ ۖ جَنَّتَانِ عَن يَمِينٍ وَشِمَالٍ ۖ كُلُوا۟ مِن رِّزْقِ رَبِّكُمْ وَٱشْكُرُوا۟
لَهُۥ ۚ بَلْدَةٌ طَيِّبَةٌ وَرَبٌّ غَفُورٌ ﴿١٥﴾ فَأَعْرَضُوا۟ فَأَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ سَيْلَ ٱلْعَرِمِ وَبَدَّلْنَٰهُم بِجَنَّتَيْهِمْ جَنَّتَيْنِ
ذَوَاتَىْ أُكُلٍ خَمْطٍ وَأَثْلٍ وَشَىْءٍ مِّن سِدْرٍ قَلِيلٍ ﴿١٦﴾ ذَٰلِكَ جَزَيْنَٰهُم بِمَا كَفَرُوا۟ ۖ وَهَلْ نُجَٰزِىٓ إِلَّا
ٱلْكَفُورَ ﴿١٧﴾

*شۈبھىسىزكى، سەبەئ قەۋمىگە ئۇلارنىڭ تۇرىدىغان جايىدا (اللەنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك) دەلىل بار ئىدى، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر تۈركۈم باغلار، سول تەرىپىدە بىر تۈركۈم باغلار بار ئىدى. (ئۇلارغا ئېيتتۇقكى) «پەرۋەردىگارىڭلار بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىڭلار، (سىلەرنىڭ جايىڭلار) بەلەن جايدۇر، (سىلەرگە رىزىق بەرگەن پەرۋەردىگارىڭلار شۈكۈر قىلغۇچىنى) مەغپىرەت قىلغۇچى پەرۋەردىگاردۇر»[15]. ئۇلار (شۈكۈردىن) باش تارتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قاتتىق سەلنى ئەۋەتتۇق. ئۇلارنىڭ باغلىرىنى ئاچچىق مېۋىلىك، يۇلغۇنلۇق، ئاز ـ تولا سىدىرلىق (يەنى ياۋا چىلانلىق) باغلارغا ئايلاندۇردۇق[16].ئۇلار كۇفرىلىق قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن مۇشۇنداق جازالىدۇق، بىز پەقەت كۇفرىلىق قىلغۇچىلارنىلا جازالايمىز[17].*

## سەبەئ قەۋمىنىڭ كاپىر بولغانلىقى ۋە ئۇلارغا ئازابنىڭ نازىل بولغانلىقى توغرىسىدا

سەبەئ قەۋمى يەمەن پادىشاھلىرى ۋە يەمەن ئاھالىسىدىن بولۇپ، ئۇ پادىشاھلاردىن تەببئە ۋە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى بىلقىس قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلار يۇرتىدا مال دۇنياسى كۆپ، زىرائەتلىرى ۋە مېۋە ـ چېۋىلىرى مول، تۇرمۇشى پاراۋان ۋە خۇشال ـ خۇرام ياشاپ كەلگەن ئىدى. الله تائالا ئۇلارنى ئۆزىنىڭ بەرگەن رىزقىدىن يېيىشكە، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشقا، ئۆزىنى بار ۋە بىر دەپ تونۇشقا ۋە ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى.

ئۇلار الله تائالا خالىغان مۇددەتكىچە شۇ ھالەتتە پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىپ ياشىدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇلار الله تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىدىن يۈز ئۆرۈدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى سەلگە باستۇرۇش، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تىرە ـ پىرەن قىلىپ چېچىۋېتىش بىلەن جازالىدى بۇنىڭ تەپسىلىي باياني الله تائالا خالىسا، ئالدىمىزدا بايان قىلىنىدۇ.

ئىبنى جەرىر، فەرۋە ئىبنى مەسىك غەتەفىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەبەئ دېگەن بىر جاينىڭ ئىسمىمۇ ياكى بىر خوتۇن كىشىنىڭ ئىسمىمۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ بىرەر جاينىڭ ئىسمىمۇ ئەمەس، خوتۇن كىشىنىڭ ئىسمىمۇ ئەمەس بەلكى بىر ئەر كىشىنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ 10 ئوغلى بار ئىدى. ئۇلاردىن ئالتىسى يەمەنگە، تۆتى شامغا يەرلەشتى. شامغا يەرلەشكەنلەر لەخىم، جۇزام، ئامىلە ۋە غەسسان قەبىلىلىرىدىن ئىبارەتتۇر. ئەمما يەمەنگە يەرلەشكەنلەر كىندە، ئەشئەرىلەر، ئەزد، مەزھىج، ھەمىر، ھىميەر ۋە ئەنمار قەبىلىلىرىدىن ئىبارەتتۇر» دېدى. ئۇ كىشى: ئەنمار قەبىلىسى

www.munber.org

كىملەرنى كۆرسىتىدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار خەسئەم ۋە بەجىلە قەبىلىلىرىدۇر» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ھەدىسنى تىرمىزىمۇ بۇنىڭدىن تەپسىلىيرەك رىۋايەت قىلغان.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەسەبشۇناس ئالىملار مۇنداق دېدى: سەبەئنىڭ تولۇق ئىسمى ئابدۇششەمس ئىبنى يەشجە ئىبنى يەئرەب ئىبنى قەھتەم بولۇپ، ئۇ ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدە تۇنجى بولۇپ سىرتتىن ھاراق سېتىۋېلىپ كىرگەن كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، سەبەئي (يەنى ھاراق كىرگۈزگەن كىشى) دەپ ئاتالغان. ئۇ ”مال تارقاتقۇچى“ دەپمۇ ئاتىلاتتى. چۈنكى ئۇ ئۇرۇشتا تۇنجى قېتىم غەنىمەت ئالغان ۋە غەنىمەت ئالغان مالنى قەۋمىگە ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن كىشى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مال تارقاتقۇچى دەپ ئاتىلىپ قالغان.

ئۆلىمالار قەھتاننىڭ زادى كىم ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئۈچ خىل قاراشتا بولغان. بىرىنچى قاراشتىكىلەر: ئۇ ئىرەم ئىبنى سام ئىبنى نۇھنىڭ نەسلىدىن دەپ قارىغان. ئىككىنچى قاراشتىكىلەر: ئۇ ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن دەپ قارىغان. ئۈچىنچى قاراشتىكىلەر: ئۇ ئىسمائىل ئىبنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاملارنىڭ نەسلىدىن دەپ قارىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سەبەئ بىر ئەرەب ئىدى» (ئەسلى نۇسخىسىدىكى يەنە بىر رىۋايەتتە شۇنداق دېيىلگەن) دېگەن سۆزىدىن ئۇنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرىكى سام ئىبنى نۇھنىڭ نەسلىدىن كېلىپ چىققان ئەرەبلەردىن ئىكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۈچىنچى قاراشقا ئاساسلانغاندا، ئۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىندۇر. بۇ قاراش ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا ئۇنچىۋالا مەشھۇرمۇ ئەمەس. ھەقىقى ئەھۋالنى ئاللا تائالا بىلگۈچىدۇر.

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسلەم قەبىلىسىدىن بولغان بىر قانچە كىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ئى ئىسمائىل ئەۋلادلىرى! ئېتىڭلار! ئاتاڭلار ھەقىقەتەن مەرگەن ئىدى» دېگەن. ئەسلەم قەبىلىسى ئەنسارىلاردىندۇر. ئەنسارىلارنى تەشكىل قىلغان ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىسىمۇ غەسسان قەبىلىسىدىن ئىدى. غەسسان قەبىلىسى سەبەئ قەبىلىسىدىن بولغان، يەمەن ئەرەبلىرىدىن كېلىپ چىققان. غالىب ۋە بۈيۈك اللّٰه تائالا سەبە قەبىلىسىگە ئەۋەتكەن ”سەيدۇلئىرەم“ ناملىق مەشھۇر كەلكۈن سۇ ئاپىتىدىن كېيىن سەبەئ قەبىلىسى يۇرتلارغا چېچىلىپ كەتكەن چاغلاردا، غەسسان قەبىلىسى يەسرەبكە (مەدىنە مۇنەۋۋەرەنىڭ كونا ئىسمى) يەرلەشكەن. ئۇلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر شام زېمىنىغا يەرلەشكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سەبەئنىڭ 10 ئەرەب ئوغلى بار ئىدى» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: ئۇنىڭ نەسلىدىن ئەسلى يەمەن ئەرەب قەبىلىلىرىنى تەشكىل قىلغان ئەنە شۇ 10 كىشى دېمەكتۇر. ئۇ ئون كىشى ئۇنىڭ ئۆز ئوغۇللىرى دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇ 10 كىشىدىن بەزىسى بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ ئارىسىدا ئىككىدىن ئۈچكىچە ـ ئاتا بوۋىلار بولۇپ ئۆتكەن. بۇ ئەھۋال نەسەب توغرىسىدا يېزىلغان كىتابلاردا شۇنداق بايان قىلىنغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇلاردىن ئالتىسى يەمەنگە، تۆتى شامغا يەرلەشتى» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: اللّٰه تائالا ئۇلارغا ”سەيرۇلئىرەم“ ناملىق مەشھۇر كەلكۈن سۇ ئاپىتىنى ئەۋەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۆز يۇرتلىرىدا قالغان. يەنە بىر قىسمى بولسا، باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كەتكەن دېمەكتۇر.

www.munber.org

## مەئرەب توسمىسى ۋە ”سەيرۇلئىرەم“ ناملىق سۇ ئاپىتى توغرىسىدا

ئەسلى ۋەقەلىك مۇنداق ئىدى. سەبە ئاھالىسىغا سۇ ئىككى تاغنىڭ ئارقىسىدىن كېلەتتى. ئۇ سۇغا يامغۇر سۇلىرى ۋە جىلغىلاردىن ئېقىپ چىققان بۇلاق سۇلىرى قوشۇلاتتى. ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى پادىشاھلىرى ئۇ ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا چوڭ ۋە پۇختا بىر توسما بىنا قىلدى. توسما سۇ بىلەن تولۇپ، ئەنە شۇ ئىككى تاغنىڭ قاپتاللىرىغىچە چىقاتتى. ئۇلار سۇلار بىلەن دەرەخلەرنى تىكىپ باغلارنى بەرپا قىلدى. مېۋىلەردىن ئىنتايىن مول، ياخشى دەرىجىدە ھوسۇل ئالدى. ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋاللىرى ھەققىدە سەلەپ ئۆلىمالىرىدىن بىر قانچە كىشى ئىزدەنگەن بولۇپ، قەتادە شۇلارنىڭ بىرىدۇر. قەتادە: بىر ئايال مېۋە ئۈزىدىغان سېۋەتنى بېشىغا قويۇپ باغلارنىڭ ئارىسىدا ماڭسا، پىشىپ مەي باغلاپ كەتكەن مېۋىلەر دەرەخلەردىن ئۈزۈلكىدىن تۆكۈلۈپ سېۋەتنى بىردەمدىلا تولدۇرىۋېتەتتى، دەيدۇ.

بۇ توسما مەئرەب شەھرىدە ئىدى. ئۇ شەھەر بىلەن سەنئا شەھرىنىڭ ئارىلىقى ئۈچ ئۆتەڭ يىراقلىقتا ئىدى. ئۇ توسما ”مەئرەب توسمىسى“ دەپ تونۇلغان ئىدى. باشقىلارنىڭ دېيىشىچە ئۇلارنىڭ يۇرتىدا چىۋىن، پاشا قاتارلىق ھاشارەتلەر ۋە چاقىدىغان زەھەرلىك جانۋارلار يوق ئىكەن. بۇ ھاۋا كىلىماتىنىڭ مۆتىدىل، پېقىشلىق بولغانلىقىدىندۇر. ئۇلارنىڭ اللہ تائالانى بىر ۋە بار دەپ بىلىشى، ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن اللہ تائالانىڭ ئۇلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەنلىكىدىندۇر.

اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿شۈبھىسىزكى، سەبەئ قەۋمىگە ئۇلارنىڭ تۇرىدىغان جايىدا (اللەنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك) دەلىل بار ئىدى﴾**.

ئاندىن اللہ تائالا ئۇ دەلىلنى تۆۋەندىكى ئايەتتە مۇنداق بايان قىلدى **﴿ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر تۈركۈم باغلار، سول تەرىپىدە بىر تۈركۈم باغلار بار ئىدى﴾** يەنى ئىككى تاغنىڭ باغرىلىرىدا بۈك ـ باراقسان باغلار بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئارىسىغا شەھەر جايلاشقان ئىدى.

**﴿(ئۇلارغا ئېيتتۇقكى) «پەرۋەردىگارىڭلار بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىڭلار، (سىلەرنىڭ جايىڭلار) بەلەن جايدۇر﴾** ئەگەر سىلەر داۋاملىق تەۋھىد ئۈستىدە ماڭساڭلار **﴿(سىلەرگە رىزىق بەرگەن پەرۋەردىگارىڭلار شۈكۈر قىلغۇچىنى) مەغپىرەت قىلغۇچى پەرۋەردىگاردۇر﴾**.

**﴿ئۇلار (شۈكۈردىن) باش تارتتى﴾** يەنى ئۇلار اللہ تائالانى بار ۋە بىر دەپ تونۇشتىن، ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىشتىن، بەرگەن نېمەتلىرى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىشتىن باش تارتتى. ئۇلار اللہ تائالانى قويۇپ قۇياشقا ئىبادەت قىلدى.

ھۆپۈپ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿ئۇ ئېيتتى: «مەن سەن بىلمىگەن ئىشنى بىلىپ (كەلدىم)، ساڭا مەن سەبەدىن (يەنى يەمەندىكى سەبە شەھرىدىن) بىر مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلدىم. مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا (يەنى سەبە ئاھالىسىگە) بىر ئايالنىڭ (يەنى بىلقىسنىڭ) پادىشاھلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئۇنىڭغا (ئۆزىگە ۋە سەلتەنەتىگە كېرەكلىك) ھەممە نەرسە بېرىلگەن ئىكەن، ئۇ چوڭ ئەرشكە ئىگە ئىكەن. ئۇنىڭ ۋە قەۋمىنىڭ اللہ نى قويۇپ قۇياشقا چوقۇنىدىغانلىقىنى بايقىدىم، شەيتان ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى (يەنى اللہ نى قويۇپ، قۇياشقا چوقۇنغانلىقلىرىنى) چىرايلىق كۆرسەتتى، ئۇلارنى توغرا يولدىن توستى، ئۇلار ھىدايەت تاپمايدۇ﴾[1].

---

[1] سۈرە نەمل 22 — 24 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

**﴿شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قاتتىق سەلنى ئەۋەتتۇق﴾** ئىبنى ئابباس، ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھ، قەتادە، زەھھاك قاتارلىق بىر قانچە كىشى مۇنداق دېدى: اللہ تائالا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قاتتىق سەلنى ئەۋەتىپ جازالاشنى ئىرادە قىلغان چاغدا، توسمىغا كۈسۈتكىلەرنى[1] ئەۋەتىپ توسمىنى تېشىۋەتتى.

ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار كىتابلىرىدا بۇ توسمىنىڭ ۋەيران بولۇش سەۋەبى كۈسۈتكە دەپ يېزىلغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار مەلۇم مۇددەتكىچە توسما ئەتراپىدا مۈشۈكلەرنى باققان ئىدى. اللہ تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى كېلىۋىدى، كۈسۈتكىلەر مۈشۈكلەرنى مەغلۇب قىلىپ توسمىغا كىرىپ كەتتى ـ دە، توسمىنى تېشىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى كەلكۈن بېسىپ كەتتى.

قەتادە ۋە باشقىلار مۇنداق دېدى: كۈسۈتكىلەر توسمىنىڭ ئاستىنى تېشىۋەتتى. توسما ئاجىزلاپ ئۆتمە تۆشۈك بولۇپ كەتكەندە كەلكۈن كېلىدىغان كۈنلەر كەلدى ـ دە، سۇ توسمىغا چىڭقالدى، شۇنىڭ بىلەن توسما يېقىلىپ چۈشتى. سۇ جىلغىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە قاراپ شىددەت بىلەن ئېقىپ ئالدىغا ئۇچرىغان بىنالارنى، دەل دەرەخلەرنى ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ۋەيران قىلىۋەتتى.

سۇ ئىككى تاغنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ۋە سول تەرىپىدىكى باغۇ ـ بوستانلارنى غەرق قىلدى. ئەنە شۇ ئاجايىپ مېۋىلىك باغلار قۇرۇق ئوتۇنغا ئايلىنىپ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى.

اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلارنىڭ باغلىرىنى ئاچچىق مېۋىلىك﴾** ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، ئىكرىمە، ئەتاخۇراسانىي، ھەسەن، قەتادە ۋە سۇددى قاتارلىقلار مۇنداق دېدى: ئۇ ئەراك[2] دەرىخى بولۇپ، ئۇنىڭ مېۋىسى بەربىر دەپ ئاتىلاتتى. **﴿يۇلغۇنلۇق، ئاز ـ تولا سىدىرلىق (يەنى ياۋا چىلانلىق) باغلارغا ئايلاندۇردۇق﴾** بۇ ئالماشتۇرۇلغان باغلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ياۋا چىلانلىق باغلار بولغانلىقى ئۈچۈن اللہ تائالا: **﴿ئاز ـ تولا سىدىرلىق (يەنى ياۋا چىلانلىق) باغلارغا ئايلاندۇردۇق﴾** مانا بۇ مېۋىلىرى مەي باغلاپ تۇرىدىغان چىرايلىق مەنزىرىلىك، قويۇق سايىلىك ۋە ئارىسىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان ئەنە شۇ ئىككى گۈزەل باغلارنىڭ ھالىدۇر. ئۇ باغلار ئاچچىق مېۋىلىك ئەراك دەرەخلىرىگە، يۇلغۇنلۇققا، تىكىنى كۆپ مېۋىسى ئاز ياۋا چىلانغا ئايلىنىپ كەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ كاپىر بولغان، اللہ تائالاغا ناشۈكۈرلۈك قىلغانلىقى، ھەقنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە ھەقتىن باتىلغا يۈزلەنگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان يامان ئاقىۋەتتۇر.

**﴿ئۇلار كۇفرىلىق قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن مۇشۇنداق جازالىدۇق﴾** يەنى ئۇلارنى ئۇلارنىڭ كۇپۇرى سەۋەبىدىن ئازابلىدۇق. **﴿بىز پەقەت كۇفرىلىق قىلغۇچىلارنىلا جازالايمىز﴾** مۇجاھىد مۇنداق دېدى: پەقەت كۇپۇرلۇق قىلغانلارلا جازاغا تارتىلىدۇ. ھەسەنبەسرى مۇنداق دېدى: اللہ تائالا راست ئېيتتى مۇشۇنداق جازاغا پەقەت كۇپۇرلۇق قىلغۇچىلارلا دۇچار بولىدۇ.

* * * * * * *

وَجَعَلْنَا بَيْنَهُمْ وَبَيْنَ ٱلْقُرَى ٱلَّتِي بَٰرَكْنَا فِيهَا قُرًى ظَٰهِرَةً وَقَدَّرْنَا فِيهَا ٱلسَّيْرَ ۖ سِيرُوا۟ فِيهَا
لَيَالِىَ وَأَيَّامًا ءَامِنِينَ ﴿١٨﴾ فَقَالُوا۟ رَبَّنَا بَٰعِدْ بَيْنَ أَسْفَارِنَا وَظَلَمُوٓا۟ أَنفُسَهُمْ فَجَعَلْنَٰهُمْ أَحَادِيثَ
وَمَزَّقْنَٰهُمْ كُلَّ مُمَزَّقٍ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّكُلِّ صَبَّارٍ شَكُورٍ ﴿١٩﴾

[1] كۈسۈتكە ئىتىز ـ ئېرىقتا زىرائەتلەرنىڭ يىلتىزىنى قىرىدىغان چوڭ چاشقان.
[2] ئىسسىق بەلۋاغدا بولىدىغان قىزىل مېۋىلىك بىر خىل دەرەخ.

www.munber.org

*ئۇلار بىلەن بىز بەرىكەتلىك قىلغان قىشلاقلار ئارىسىدا، كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان (تۇتىشىپ كەتكەن) نۇرغۇن قىشلاقلارنى بەرپا قىلدۇق، ئۇلار ئارىسىدىكى مېڭىشنى ئۆلچەملىك قىلدۇق (يەنى سەپەردە يېمەك ـ ئىچمەك ئېلىۋالمىسىمۇ بولىدىغان، ئەتىگەن چىققان يولۇچى چۈشتە بىر ئۆتەڭگە يېتىپ بارسا، كەچتە بىر ئۆتەڭگە يېتىپ بارىدىغان قىلدۇق)، (ئۇلارغا ئېيتتۇقكى) «ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كېچىلەردە ۋە كۈندۈزلەردە تىنچ ـئامان مېڭىڭلار!»﴿18﴾. ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! سەپەرلىرىمىز ئارىسىنى (يەنى ئۆتەڭلار ئارىسىدىكى مۇساپىنى) يىراق قىلغىن» دېدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلدى. ئۇلارنى بىز (كېيىنكى كىشىلەرگە) چۆچەك قىلىپ قالدۇردۇق. ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتۇق، بۇنىڭدا ھەر بىر (بالاغا) سەۋر قىلغۇچى، (نېمەتكە) شۈكۈر قىلغۇچى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار﴿19﴾.*

## سەبە قەبىلىسىنىڭ تىجارىتى ۋە ئۇنىڭ ۋەيران بولۇشى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە ئۇلارغا بېرىلگەن تۈرلۈك نازۇ ـ نېمەتلەرنى، خۇشال ـ خۇراملىقنى تەنلىرىگە راھەت بېغىشلايدىغان پاراۋان تۇرمۇشنى، كەڭرى يۇرتلارنى، خاتىرجەم تۇرالغۇ جايلارنى، قويۇق دەرەخزارلىق، ئېكىنزارلىق ۋە مېۋىلىك باغلار بىلەن پۈركىنىپ بىر بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن يېزا ـ قىشلاقلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. ئۇلاردىن بىرەرسى سەپەر قىلسا، ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە سۇ ئېلىۋېلىش ھاجەتسىز ئىدى. بەلكى ئۇ قەيەرگە چۈشسە، شۇ يەردە سۇ ۋە مېۋىلەرنى ئۇچرىتاتتى. بىر يېزىدا چۈشلۈك ئارام ئالسا، يەنە بىر يېزىدا قونۇپ قالاتتى. ئۇلار يول يۈرسە ئۇلار چۈشۈشكە ئېھتىياجلىق بولغان مۇساپىلەردە يېزىلار تېپىلاتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار بىلەن بىز بەرىكەتلىك قىلغان قىشلاقلار ئارىسىدا﴾** مۇجاھىد، ھەسەن، سەئىد ئىبنى جۇبەير، مالىك، قەتادە، زەھھاك، سۇددى، ئىبنى زەيد ۋە باشقىلار مۇنداق دېدى: بۇ ئايەتتە دېيىلگەن قىشلاقلار دېگەن سۆزدىن شام قىشلاقلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار يەمەندىن شامغا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، بىر ـ بىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن نۇرغۇن يېزا ـ قىشلاقلار ئارىسىدا سەپەر قىلاتتى.

ئەۋفي ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېدى: بەرىكەتلىك قىلىنغان قىشلاقلار بەيتۇلمۇقەددەس زېمىنلىرىدىن ئىبارەتتۇر.

**﴿كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان (تۇتىشىپ كەتكەن) نۇرغۇن قىشلاقلارنى بەرپا قىلدۇق﴾** مۇساپىرلار قىشلاقلارنى ئاسانلا تونۇۋالىدۇ. ئۇلار بىرىدە چۈشلۈك ئارام ئالسا، يەنە بىرىدە قونۇپ قالىدۇ. **﴿ئۇلار ئارىسىدىكى مېڭىشنى ئۆلچەملىك قىلدۇق (يەنى سەپەردە يېمەك ـ ئىچمەك ئېلىۋالمىسىمۇ بولىدىغان، ئەتىگەن چىققان يولۇچى چۈشتە بىر ئۆتەڭگە يېتىپ بارسا، كەچتە بىر ئۆتەڭگە يېتىپ بارىدىغان قىلدۇق)﴾.**

**﴿(ئۇلارغا ئېيتتۇقكى) «ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كېچىلەردە ۋە كۈندۈزلەردە تىنچ ـ ئامان مېڭىڭلار!»﴾** يەنى ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز خاتىرجەم يول ماڭالايتتى.

**﴿ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! سەپەرلىرىمىز ئارىسىنى (يەنى ئۆتەڭلار ئارىسىدىكى مۇساپىنى) يىراق قىلغىن» دېدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلدى﴾** ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىشى، ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، ھەسەن ۋە باشقىلارنىڭ ئېيتقىنىدەك ئۇلارنىڭ بۇ نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىپ، سەپەر مۇساپىسىنى بېسىش ئۈچۈن ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئات ـ ئۇلاغ بولمىسا بولمايدىغان، ئاپتاپتا چاڭقىغان،

www.munber.org

يىرتقۇچ هايۋانلاردىن ۋە بۇلاقچىلاردىن قورققان هالدا ماڭىدىغان سەهرالارنى ۋە قۇملۇقلارنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ئىبارەتتۇر.

﴿ئۇلارنى بىز (كېيىنكى كىشىلەرگە) چۆچەك قىلىپ قالدۇردۇق. ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتۇق﴾ يەنى ئۇلارنى بىز كىشىلەرگە ئېغىزلىرىدىن چۈشۈرمەيدىغان چۆچەك ۋە هېكايە قىلىپ قالدۇردۇق. ئۇلارنى الله تائالانىڭ قانداق بەربات قىلغانلىقىنى ئۇلار ئۆم، دوستانە ۋە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان چاغدا، الله تائالانىڭ ئۇلارنى قانداق تىرە ـ پىرەڭ قىلىۋەتكەنلىكى هەققىدە كىشىلەر سۆز ـ چۆچەك قىلىشىدۇ. ئۇلار ئۇياق ـ بۇياقتىكى ياقا ـ يۇرتلارغا چېچىلىپ كەتتى. شۇڭا ئەرەبلەر بۆلۈنۈپ كەتكەن قەۋمگە مىسال كەلتۈرۈلسە، ”سەبە قەبىلىلىرى بۆلۈنۈپ كەتتى، بېشى قايغان تەرەپكە كېتىشتى“ دەپ مىسال قىلىشىدۇ.

﴿بۇنىڭغا هەر بىر (بالاغا) سەۋر قىلغۇچى، (نېمەتكە) شۈكۈر قىلغۇچى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار﴾ يەنى ئۇلارنىڭ كۆپۈرلۈق ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى جازالاش يۈزىسىدىن ئۇلارغا چۈشكەن بۇ ئازاب ـ ئۇقۇبەتتە، ئۇلارغا بېرىلگەن نېمەتلەرنى، خاتىرجەملىكنى ئۆزگەرتىشتە هەر بىر مۇسىبەتلەرگە سەۋرى قىلغۇچى، نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلغۇچى بەندە ئۈچۈن نۇرغۇن ئىبرەتلەر ۋە دەلىل ـ پاكىتلار بار.

ئىمام ئەهمەد، سەئىد ئىبنى ئەبۇۋاققاس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن الله تائالانىڭ مۆمىنگە چىقارغان هۆكمىدىن هەيران قالدىم. ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر ياخشىلىق يەتسە، ئۇ پەرۋەردىگارىغا هەمدى ئېيتىدۇ ۋە شۈكۈر قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر يامانلىق يەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇ پەرۋەردىگارىغا هەمدى ئېيتىدۇ، يەتكەن يامانلىققا سەۋرى قىلىدۇ. مۆمىنگە هەرقانداق ئىشتا، هەتتا ئايالىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويغان بىر چىشلەم يېمەكلىكتىمۇ ساۋاب بېرىلىدۇ».

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇهۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۆمىنىنىڭ ئىشىغا هەيرانمەن. الله تائالا ئۇنىڭغا بىرەر هۆكۈم قىلسا، ئۇ هۆكۈم ئۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت ياخشىلىقلا ئېلىپ كېلىدۇ؛ ئەگەر ئۇنىڭغا خۇشال ـ خۇراملىق يەتسە، ئۇ الله تائالاغا شۈكۈر قىلىدۇ ـ دە، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق هېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بېشىغا بىرە مۇشكۈلچىلىك كەلسە، ئۇ ئۇنىڭغا سەۋرى قىلىدۇ ـ دە، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق هېسابلىنىدۇ. خۇشاللىقمۇ، مۇشكۈلچىلىكمۇ ياخشىلىققا ئايلىنىش پەقەت مۆمىن ئۈچۈنلا بولىدۇ».

﴿بۇنىڭغا هەر بىر (بالاغا) سەۋر قىلغۇچى، (نېمەتكە) شۈكۈر قىلغۇچى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى هەققىدە قەتادە مۇتەرىففنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: نېمەت بېرىلسە، شۈكۈر قىلىدىغان ۋە بېشىغا كۈن كەلسە، سەۋر قىلىدىغان سەۋرچان نېمەتكە شۈكۈر قىلغۇچى بەندە نېمە دېگەن ياخشى بەندە ـ هە!

* * * * * * *

وَلَقَدْ صَدَّقَ عَلَيْهِمْ إِبْلِيسُ ظَنَّهُۥ فَٱتَّبَعُوهُ إِلَّا فَرِيقًا مِّنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٢٠﴾ وَمَا كَانَ لَهُۥ
عَلَيْهِم مِّن سُلْطَٰنٍ إِلَّا لِنَعْلَمَ مَن يُؤْمِنُ بِٱلْءَاخِرَةِ مِمَّنْ هُوَ مِنْهَا فِى شَكٍّ ۗ وَرَبُّكَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ
حَفِيظٌ ﴿٢١﴾

www.munber.org

*ئىبلىس ئۇلارنى (ئازدۇرۇشتىن ئىبارەت) گۇمانىنى ھەقىقەتەن ئىشقا ئاشۇردى. چۈنكى بىر تۈركۈم مۆمىنلەردىن باشقا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىبلىسقا ئەگەشتى﴿20﴾. ئىبلىسنىڭ ئۇلار (يەنى ئەگەشكۈچىلەر) ئۈستىدىن (ۋەسۋەسە قىلىش بىلەن) ھۆكۈمرانلىق قىلىش پەقەت بىزنىڭ ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتقۇچىلار بىلەن ئۇنىڭغا شەك كەلتۈرگۈچىلەرنى بىلىۋېلىشىمىز ئۈچۈندۇر، پەرۋەردىگارىڭ ھەممە نەرسىنى كۆزەتكۈچىدۇر﴿21﴾.*

## ئىبلىسنىڭ كاپىرلارنى ئازدۇرۇۋېتىشتىن ئىبارەت گۇماننى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى توغرىسىدا

ﷲ تائالا سەبەنىڭ قىسسىسىنى ئۇلارنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسكە، شەيتانغا ئەگەشكەنلىكى ئۈچۈن يامان ئاقىۋەتكە قالغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ۋە ئۇلارغا ئوخشاش ئۆز خاھىشىغا ۋە ئىبلىسقا ئەگەشكەن، توغرا يولغا ۋە ھىدايەتكە قارشىلىق قىلغانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىبلىس ئۇلارنى (ئازدۇرۇشتىن ئىبارەت) گۇمانىنى ھەقىقەتەن ئىشقا ئاشۇردى﴾.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە باشقىلار؟ بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ﷲ تائالانىڭ ئىبلىسنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشتىن باش تارتقان چاغدىكى سۆزىنى خەۋەر قىلىپ كەلتۈرگەن تۆۋەندىكى ئايەتلىرىگە ئوخشاشتۇر، دېدى. ﴿«ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە، سەن مەندىن ئۈستۈن قىلغان ئادەم مۇشۇمۇ؟ ئەگەر ماڭا قىيامەتكىچە مۆھلەت بېرىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىنى (ئازدۇرۇپ) تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىمەن (يەنى ئۇلارنى خالىغانچە يېتىلەيمەن)»﴾[1] ﴿ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭدىن، سولدىن ھۇجۇم قىلىمەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ (نېمىتىڭگە) شۈكۈر قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن»﴾[2] بۇ ھەقتە نازىل بولغان ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

**﴿ئىبلىسنىڭ ئۇلار (يەنى ئەگەشكۈچىلەر) ئۈستىدىن (ۋەسۋەسە قىلىش بىلەن) ھۆكۈمرانلىق قىلىش پەقەت بىزنىڭ ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتقۇچىلار بىلەن ئۇنىڭغا شەك كەلتۈرگۈچىلەرنى بىلىۋېلىشىمىز ئۈچۈندۇر﴾** يەنى بىزنىڭ ئىبلىسنى ئەگەشكۈچىلەرگە ۋەسۋەسە قىلغۇچى قىلىشىمىز پەقەت قىيامەتكە، ئۇنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىغا، ئۇنىڭدىكى ھېساب ۋە جازا - مۇكاپاتقا ئىشىنىدىغان، دۇنيادىكى چېغىدا غالىب ۋە بۈيۈك پەرۋەردىگارىغا ياخشى ئىبادەت قىلىدىغان ئادەم بىلەن قىيامەتتە شەك كەلتۈرىدىغان ئادەمنىڭ ئىشىنىڭ ئاشكارىلىنىشى ئۈچۈندۇر.

**﴿پەرۋەردىگارىڭ ھەممە نەرسىنى كۆزەتكۈچىدۇر﴾** يەنى ﷲ تائالا كۆزىتىپ تۇرۇۋقلۇق ئازغانلار ئىبلىسقا ئەگىشىپ، ئېزىپ كەتتى. ﷲ تائالانىڭ ھىمايە قىلىشى ۋە قوغدىشى بىلەن ئازغۇنلۇقتا سالامەت قالغانلار بولسا، پەيغەمبەرگە ئەگەشكەن مۆمىنلەر بولدى.

* * * * * * *

---

[1] سۈرە ئىسرا 62 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەئراف 17 - ئايەت.

www.munber.org

قُلِ ٱدۡعُواْ ٱلَّذِينَ زَعَمۡتُم مِّن دُونِ ٱللَّهِۖ لَا يَمۡلِكُونَ مِثۡقَالَ ذَرَّةٖ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَلَا
فِي ٱلۡأَرۡضِ وَمَا لَهُمۡ فِيهِمَا مِن شِرۡكٖ وَمَا لَهُۥ مِنۡهُم مِّن ظَهِيرٖ ٢٢ وَلَا تَنفَعُ ٱلشَّفَٰعَةُ عِندَهُۥٓ إِلَّا
لِمَنۡ أَذِنَ لَهُۥۚ حَتَّىٰٓ إِذَا فُزِّعَ عَن قُلُوبِهِمۡ قَالُواْ مَاذَا قَالَ رَبُّكُمۡۖ قَالُواْ ٱلۡحَقَّۖ وَهُوَ ٱلۡعَلِيُّ ٱلۡكَبِيرُ
٢٣

*ئېيتقىنكى، «سىلەر اللەنى قويۇپ مەبۇد دەپ قارىغىنىڭلارنى چاقىرىڭلار، ئۇلار ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا زەررە چاغلىق نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئاسمان - زېمىننىڭ (يارىتىلىشى ۋە باشقۇرۇلۇشىدا اللەغا) ھېچ شېرىكچىلىكى يوق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە اللەغا (ئاسمان - زېمىننى ئىدارە قىلىشتا ياردەملەشىدىغان) ھېچ ياردەمچىمۇ يوق» ﴿22﴾. اللە ئىزنى بەرگەن ئادەمدىن باشقىغا اللەنىڭ دەرگاھىدا شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ. شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ دىللىرىدىن قورقۇنچ كۆتۈرۈلگەندە، ئۇلار ئاندىن (بەزىسى بەزىسىگە): «پەرۋەردىگارىڭلار (شاپائەت توغرۇلۇق) نېمە دېدى؟» دەيدۇ. ئۇلار (جاۋابەن): «ھەقنى (دېدى) (يەنى مۆمىنلەرگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلدى)» دەيدۇ. اللە يۈكسەكتۇر، كاتتىدۇر ﴿23﴾.*

## مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ ئاجىزلىقى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتلەردە ئۆزىنىڭ يالغۇز، تەنھا ۋە ھەممە ئۇنىڭغا موھتاج بولغان بىر ئىلاھ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھېچ تەڭدىشى ۋە شېرىكى يوقلۇقىنى، بەلكى ئۇ بارلىق ئىشتا ئۆزى يالغۇز، مۇستەقىل ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقىنى، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا شېرىك بولالمايدىغانلىقىنى ۋە قارشى چىقالمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئېيتقىنكى، « سىلەر اللەنى قويۇپ مەبۇد دەپ قارىغىنىڭلارنى چاقىرىڭلار**﴾ يەنى اللە تائالانى قويۇپ ئىبادەت قىلغان ئىلاھلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار. ﴿**ئۇلار ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا زەررە چاغلىق نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ**﴾.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللەنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلار قىلچىلىك نەرسىگە ئىگە ئەمەس﴾[1].

﴿**ئۇلارنىڭ ئاسمان - زېمىننىڭ (يارىتىلىشى ۋە باشقۇرۇلۇشىدا اللەغا) ھېچ شېرىكچىلىكى يوق**﴾ يەنى ئۇلار ھېچ نەرسىگە مۇستەقىل ياكى شېرىكچىلىك يولى بىلەن ئىگە بولالمايدۇ.

﴿**ئۇلارنىڭ ئىچىدە اللەغا (ئاسمان - زېمىننى ئىدارە قىلىشتا ياردەملەشىدىغان) ھېچ ياردەمچىمۇ يوق»**﴾ يەنى اللە تائالا ئىشلارنى ئىدارە قىلىشتا، بۇ شېرىك كەلتۈرۈلگەن شېرىكلەردىن ھېچ بىر ياردەمچىگە موھتاج بولمايدۇ. بەلكى پۈتكۈل ئىنسانلار ئۇنىڭغا موھتاجدۇر ۋە ئۇنىڭ قۇللىرىدۇر.

﴿**اللە ئىزنى بەرگەن ئادەمدىن باشقىغا اللەنىڭ دەرگاھىدا شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ**﴾ يەنى اللە تائالانىڭ كاتتىلىقى، بۈيۈكلۈكى ۋە چوڭلۇقى ئالدىدا ھېچ بىر ئادەم اللە تائالانىڭ دەرگاھىدا بىرەر نەرسىگە شاپائەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا اللە تائالا شاپائەت قىلىشقا ئىزنى بەرگەندىن كېيىنلا ئاندىن شاپائەت قىلالايدۇ.

---

[1] سۈرە فاتىر 13 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله نىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ الله نىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن﴾[1] ﴿ئاسمانلاردا نۇرغۇن پەرىشتىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، پەقەت الله ئۆزى خالىغان ۋە رازى بولغان ئادەمگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلسىلا (ئاندىن) ئۇلارنىڭ شاپائىتى ئەسقاتىدۇ﴾[2] ﴿ئۇلار الله رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ، اللەنىڭ ھەيۋىسىدىن تىترەپ تۇرىدۇ﴾[3].

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلىدۇكى، ئادەم باللىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك ۋە الله تائالانىڭ ئالدىدا ئەڭ كاتتا شاپائەت قىلغۇچى ئىنسان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارغا، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى كېلىپ ھۆكۈم چىقىرىشنى تىلەپ، شاپائەت قىلىشى ئۈچۈن مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى شاپائەت ماقامىغا) تۇرغان چاغدىكى ئەھۋالنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «شۇ ۋاقىتتا الله تائالاغا سەجدە قىلىمەن. الله تائالا مېنى ئۆزى خالىغان مۇددەتكىچە سەجدە قىلغان ھالىتىمدە قويىدۇ. ئۇ ماڭا مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مەن ساناپ بولالمايدىغان دەرىجىدە گۈزەل مەدھىيىلەرنى (ماختاشلارنى) ئىلھام ئارقىلىق بىلدۈرىدۇ. (يەنى مەن مەدھىيىلەر بىلەن الله تائالانى مەدھىيىلەيمەن) ئاندىن ئى مۇھەممەد بېشىڭنى كۆتۈر، دېمەكچى بولغىنىڭنى دېگىن، رەد قىلىنمايسەن، تىلىگىنىڭ بېرىلىدۇ، شاپائەت تىلىگىن، شاپائەت قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىسەن دېيىلىدۇ».

**﴿شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ دىللىرىدىن قورقۇنچ كۆتۈرۈلگەندە، ئۇلار ئاندىن (بەزىسى بەزىسىگە): «پەرۋەردىگارىڭلار (شاپائەت توغرۇلۇق) نېمە دېدى؟» دەيدۇ﴾** ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مەسرۇق ۋە باشقىلار بۇ ھەم يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئورۇندۇر. الله تائالا ۋەھيي قىلسا، ئاسمانلاردىكىلەر الله تائالانىڭ سۆزىنى الله تائالادىن قورقۇپ، خۇددى ئۇلارغا ئۆلۈم كەلگەندەك تىترەپ تۇرۇشۇپ ئاڭلايدۇ، دېدى.

ئىبنى ئابباس ۋە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار، ئەبۇئابدۇراھمان سەلەمى، شەئبىي ئىبراھىم نەخەئىي، زەھھاك، ھەسەن، ۋە قەتادە قاتارلىقلار بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىدىن قورقۇنچ كەتكەندە ئۇلارنىڭ بەزىسى - بەزىسىدىن پەرۋەردىگارىمىز نېمە دېدى؟ دەپ سورايدۇ. ئاندىن ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان پەرىشتىلەر يېنىدىكىلەرگە پەرۋەردىگارىنىڭ دېگەن سۆزىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئاندىن ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان پەرىشتىلەردىن ئاڭلىغان پەرىشتىلەر ئاڭلىغانلىرىنى ئۆزلىرىدىن بىر قەۋەت ئاستىدا تۇرغان پەرىشتىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ. بۇ خەۋەر شۇ يوسۇندا يەتكۈزۈلۈپ بىرىنچى قەۋەت ئاسماندىكى پەرىشتىلەرگىچە يېتىپ كېلىدۇ.

**﴿ئۇلار (جاۋابەن): «ھەقنى (دېدى) (يەنى مۆمىنلەرگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلدى)» دەيدۇ﴾** يەنى ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ سۆزىنى، ئۇنىڭغا ئارتۇق - كەم قىلىپ قويماي ئۆز پېتىچە خەۋەر قىلىدۇ. **﴿الله يۈكسەكتۇر، كاتتىدۇر﴾**.

ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا ئاسماندا بىر ئىشقا ھۆكۈم قىلسا، پەرىشتىلەر الله تائالانىڭ سۆزىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قورققىنىدىن قاناتلىرىنى قاقىدۇ. ئۇنىڭدىن گويا سىلىق تاشقا ئۇرۇلغان زەنجىرنىڭ ئاۋازىدەك ئاۋاز چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى

(1) سۈرە بەقەرە 255 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە نەجم 26 - ئايەت.
(3) سۈرە ئەنبىيا 28 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

قورقۇنچ كەتكەندە، بەزىسى - بەزىسىگە: پەرۋەردىگارىمىز نېمە دېدى؟ دېيىشىدۇ. پەرۋەردىگارىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان پەرىشتىلەر سورىغان پەرىشتىلەرگە: ھەقنى دېدى. الله يۈكسەكتۇر، كاتتىدۇر، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن الله تائالانىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئوغرىلىقچە تىڭشىغۇچى جىنلار ئاڭلىۋالىدۇ. ئوغرىلىقچە تىڭشىغۇچى جىنلار مانا مۇشۇنداق بەزىسى - بەزىسىنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ - بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان كىشىلەردىن بىرى بولغان سۇفيان قولىنى يانچە قىلىپ بارماقلىرىنى ئاراچ قىلىپ كۆرسىتىپ تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇنداق بەزىسى - بەزىسىنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ دېگەن سۆزىنى ھەرىكىتى بىلەن بايان قىلىپ بەردى - شۇنداق قىلىپ ئوغرىلىقچە ئاڭلىغۇچى جىن الله تائالانىڭ سۆزىنى ئاڭلايدۇ - دە، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئاستىدىكى جىنغا يەتكۈزىدۇ. ئاندىن ئۇمۇ بۇ سۆزنى ئۆزىنىڭ ئاستىدىكى يەنە بىر جىنغا يەتكۈزىدۇ. بۇ سۆز تاكى سېھىرگەر ياكى رەممالنىڭ تىلىغا جىنلار ئارقىلىق يەتكۈزىلىدۇ. بەزىدە ئۇ سۆزنى سېھىرگەر ياكى رەممالنىڭ تىلىغا يەتكۈزۈشتىن ئىلگىرى جىننى كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلار ئۇ جىننى كۆيدۈرۈپ تاشلىشى مۇمكىن ۋە بەزىدە يۇلتۇز جىننى كۆيدۈرۈپ تاشلاشتىن ئىلگىرى ئۇ ئاڭلىۋالغان سۆزنى سېھىرگەر ياكى رەممالغا يەتكۈزۈپ بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن سېھىرگەر ياكى رەممال ئۇ سۆزگە يۈز يالغاننى قوشۇپ كىشىلەرگە سۆزلەيدۇ. كىشىلەر: ئۇ بىزگە پالانى كۈنى مۇنداق دېگەن ئەمەسمىدى؟ (ئۇ دېگەندەكلا ئىش بولدىغۇ؟) دېيىشىپ، ئاسماندىن ئاڭلىۋېلىنغان شۇ بىر ئېغىز ھەق سۆز بىلەن ئۇ سېھىرگەرگە ياكى رەممالغا ئىشىنىپ كېتىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

۞ قُلْ مَن يَرْزُقُكُم مِّنَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ قُلِ ٱللَّهُ ۖ وَإِنَّآ أَوْ إِيَّاكُمْ لَعَلَىٰ هُدًى أَوْ
فِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٢٤﴾ قُل لَّا تُسْـَٔلُونَ عَمَّآ أَجْرَمْنَا وَلَا نُسْـَٔلُ عَمَّا تَعْمَلُونَ ﴿٢٥﴾ قُلْ يَجْمَعُ
بَيْنَنَا رَبُّنَا ثُمَّ يَفْتَحُ بَيْنَنَا بِٱلْحَقِّ وَهُوَ ٱلْفَتَّاحُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٢٦﴾ قُلْ أَرُونِىَ ٱلَّذِينَ أَلْحَقْتُم بِهِۦ
شُرَكَآءَ ۖ كَلَّا ۚ بَلْ هُوَ ٱللَّهُ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٢٧﴾

*ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاسمانلاردىن ۋە زېمىندىن كىم رىزىق بېرىپ تۇرىدۇ؟» ئېيتقىنكى، «الله (رىزىق بېرىپ تۇرىدۇ)، شۈبھىسىزكى، بىز ياكى سىلەر چوقۇم ھىدايەتتىدۇرمىز، يا روشەن گۇمراھلىقتىدۇرمىز»[24] ئېيتقىنكى، «بىزنىڭ قىلغان گۇناھىمىز ئۈچۈن سىلەر سوراققا تارتىلمايسىلەر، سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلار ئۈچۈن بىز سوراققا تارتىلمايمىز»[25]. ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىمىز بىزنى (قىيامەت كۈنى) يىغىدۇ. ئاندىن بىزنىڭ ئارىمىزدا ھەقلىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، الله ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر، (خالايىقنىڭ ئەھۋالىنى) بىلگۈچىدۇر»[26]. ئېيتقىنكى، «ماڭا ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، سىلەرنىڭ اللهنىڭ شېرىكى دەپ ئاتىۋالغىنىڭلار ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇ - الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[27].*

## الله تائالانىڭ ھەر قانداق ئىشتا ھېچ شېرىكى يوق ئىكەنلىكى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە مەخلۇقاتلارنى يالغۇز ياراتقانلىقىنى، ئۇلارغا رىزىقنى ئۆزى يالغۇز بېرىدىغانلىقىنى ۋە شۇنداقلا ئۆزىنىڭ يالغۇز مەبۇد (ئىبادەت قىلىنغۇچى) ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

www.munber.org

مەككە مۇشرىكلىرى ئۆزلىرىگە ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، زېمىندىن ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈپ، رىزىق بېرىدىغان زاتنىڭ پەقەت يالغۇز اللہ تائالا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار اللہ تائالادىن باشقا مەبۇدنىڭ بەرھەق يوقلىقىنىمۇ چوقۇم بىلىشى لازىم.

﴿ئېيتقىنكى، «**اللہ (رىزىق بېرىپ تۇرىدۇ)، شۈبهىسىزكى، بىز ياكى سىلەر چوقۇم ھىدايەتتىدۇرمىز، يا روشەن گۇمراھلىقتىدۇرمىز**»﴾ يەنى بۇ ئىككى پىرقە كىشىلەرنىڭ بىرى باتىل ئۈستىدە يەنە بىرى ھەق ئۈستىدىدۇر. سىلەر بىلەن بىزنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ھىدايەت ئۈستىدە ياكى بىرلا ۋاقىتتا گۇمراھلىقتا بولۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس. بەلكى بىرىمىز توغرا يولدادۇرمىز. بىز سىلەرگە اللہ تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى ئىسپاتلاپ دەلىل ـ پاكىتلارنى كۆرسەتتۇق، مانا بۇ سىلەرنىڭ اللہ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن قىلمىشلىرىڭلارنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: بۇ سۆزنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى مۇشرىكلارغا ئېيتقان بولۇپ، ساھابىلار: اللہ بىلەن قەسەمكى، بىز بىلەن سىلەر بىر يولدا ئەمەس، شۈبهىسىزكى، ئىككى پىرقە كىشىلەرنىڭ بىرى چوقۇم ھىدايەت تاپقۇچىدۇر دېگەن ئىدى. ئىكرىمە ۋە زىياد ئىبنى ئەبۇمەريەم: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى شۈبهىسىزكى، بىز چوقۇم ھىدايەت ئۈستىدەدۇرمىز، سىلەر چوقۇم ئاشكارا گۇمراھلىق ئۈستىدەدۇرسىلەر دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

﴿ئېيتقىنكى، «**بىزنىڭ قىلغان گۇناھىمىز ئۈچۈن سىلەر سوراققا تارتىلمايسىلەر، سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلار ئۈچۈن بىز سوراققا تارتىلمايمىز**»﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى كاپىرلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. يەنى سىلەر بىزدىن ئەمەس، بىزمۇ سىلەردىن ئەمەس. لېكىن بىز سىلەرنى اللہ تائالا تەرەپكە، اللہ تائالانى بار ۋە بىر دەپ تونۇشقا ۋە ئىبادەتنى يالغۇز اللہ تائالاغىلا قىلىشقا چاقىرىمىز. ئەگەر سىلەر بۇ چاقىرىقنى قوبۇل قىلساڭلار، سىلەر بىزنىڭ سېپىمىزدىن بولۇسىلەر، بىزمۇ سىلەرنىڭ سېپىڭلاردىن بولىمىز. ئەگەر سىلەر بۇ چاقىرىقنى رەت قىلساڭلار، بىز سىلەردىن ئادا ـ جۇدامىز، سىلەرمۇ بىزدىن ئادا ـ جۇدا سىلەر (يەنى ئارىمىزدا ھېچ قانداق مۇناسىۋەت بولمايدۇ).

اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر ئۇلار سېنى يالغانچى قىلىشتا چىڭ تۇرسا: «مېنىڭ ئەمەلىم ئۆزەم ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، مېنىڭ ئەمەلىمدىن سىلەر ئادا ـ جۇدا سىلەر، سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن مەنمۇ ئادا ـ جۇدامەن (يەنى بىراۋ يەنە بىر بىراۋنىڭ قىلغان گۇناھىغا جاۋابكار ئەمەس)» دېگىن﴾[1] ﴿(ئى مۇھەممەد! سېنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ئۈندىگۈچى كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، «ئى كاپىرلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن. سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان اللەغا ئىبادەت قىلمايسىلەر. سىلەر چوقۇنغان بۇتلارغا مېنىڭ چوقۇنغىنىم يوق. سىلەرنىڭمۇ مەن ئىبادەت قىلغان اللەغا ئىبادەت قىلغىنىڭلار يوق. سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزەڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزەم ئۈچۈن»﴾[2].

﴿ئېيتقىنكى، «**پەرۋەردىگارىمىز بىزنى (قىيامەت كۈنى)**﴾ يەنى ئىنسانلارنى قىيامەت كۈنى بىر مەيدانغا ﴿يىغىدۇ﴾ ئاندىن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئاندىن ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئەمەلىگە قارىتا ياخشىلىق قىلغان بولسا مۇكاپات، يامانلىق قىلغان بولسا جازا بېرىدۇ. شۇ كۈندە غەلىبە، نۇسرەت ۋە مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەتنىڭ كىمگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر.

---

[1] سۈرە يۇنۇس 41 ـ ئايەت.
[2] سۈرە كافىرۇن 1 ـــ 6 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

www.munber.org

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قىيامەت قايىم بولغان كۈندە (مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلار) بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىدۇ. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار باغچىدا (يەنى جەننەتنىڭ باغچىلىرىدا) يايرىتىلىدۇ. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ۋە ئاخىرەتتىكى مۇلاقاتنى ئىنكار قىلغان ۋە يالغانغا چىقارغانلارغا كەلسەك، ئۇلار داۋاملىق ئازابتا قالىدۇ﴾[1]. ﴿**اللە ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر، (خالايىقنىڭ ئەھۋالىنى) بىلگۈچىدۇر**»﴾.

﴿**ئېيتقىنكى، «ماڭا ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، سىلەرنىڭ اللەنىڭ شېرىكى دەپ ئاتىۋالغىنىڭلار**﴾ يەنى سىلەر اللە تائالاغا شېرىك قىلىۋالغان، اللە تائالا بىلەن تەڭ ئورۇندا قويغان بۇ مەبۇدىڭلارنى كۆرسىتىپ بېقىڭلارچۇ؟ ﴿**ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس**﴾ يەنى اللە تائالانىڭ ھېچ بىر ئوخشىشى، تەڭدىشى ۋە شېرىكى يوق.

﴿**بەلكى ئۇ ـ اللە غالىبتۇر**﴾ يەنى ھەر نەرسىنى باشقۇرىدىغان ۋە ھەر نەرسىنى مەغلۇب قىلىدىغان غەلىبە ئىگىسىدۇر. ئىشلىرىدا، سۆزلىرىدە، شەرىئىتىدە ۋە ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇشىدا ﴿**ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**»﴾ اللە تائالا بۈيۈكتۇر، ئالىيدۇر ۋە ئۇلارنىڭ بوھتان قىلغانلىرىدىن يۈكسەك دەرىجىدە پاكتۇر.

* * * * * * *

وَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ إِلَّا كَآفَّةٗ لِّلنَّاسِ بَشِيرٗا وَنَذِيرٗا وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٢٨﴾

وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَٰذَا ٱلۡوَعۡدُ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٢٩﴾ قُل لَّكُم مِّيعَادُ يَوۡمٖ لَّا تَسۡتَـٔۡخِرُونَ عَنۡهُ

سَاعَةٗ وَلَا تَسۡتَقۡدِمُونَ ﴿٣٠﴾

*سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ﴿28﴾. ئۇلار: «ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار، بۇ ۋەدە (يەنى سىلەر بىزنى قورقۇتۇۋاتقان ئازاب) قاچان ئىشقا ئاشىدۇ؟» دەيدۇ﴿29﴾. ئېيتقىنكى، «سىلەرگە (ئازاب ئۈچۈن) ۋەدە قىلىنغان بىر كۈن باركى، ئۇنىڭدىن بىردەممۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولمايسىلەر»﴿30﴾.*

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكى توغرىسىدا

اللە تائالا بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن**﴾ يەنى پەقەت شەرىئەت ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىشقا چاقىرىلغان ۋە ئۇنىڭغا ياش ئۆلچىمى توشقان جىمى ئىنسانلار ئۈچۈن ﴿**خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق**﴾.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا اللە تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن﴾[2] ﴿پۈتۈن جاھان ئەھلىنى (اللە نىڭ

---

[1] سۈرە رۇم 14 — 16 - ئايەتكىچە.
[2] سۈرە ئەئراف 158 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان اللہ نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر﴾[1].

**﴿خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق﴾** يەنى ساڭا ئىتائەت قىلغان ئادەمگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىسەن، ساڭا ئاسىيلىق قىلغان ئادەمنى دوزاخ بىلەن ئاگاھلاندۇرىسەن **﴿ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ﴾**.

اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ (لېكىن) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ﴾[2] ﴿ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كۆپچىلىك كىشىلەر (يەنى كۇففارلار) گە ئىتائەت قىلساڭ،ئۇلار سېنى اللہ نىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ﴾[3].

**﴿سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق﴾** قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: اللہ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەرەبلەرگىمۇ ۋە ئەرەب بولمىغان باشقا مىللەتلەرگىمۇ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. غالىب ۋە بۈيۈك اللہ تائالاغا ئەڭ ئىتائەتمەن بولغانلار بەرىكىتى يۇكسەك بولغان اللہ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « مەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەردىن بىرمۇ پەيغەمبەرگە بېرىلمىگەن بەش ئىش ماڭا ئالاھىدە بېرىلدى. ماڭا دۈشمەنلىرىمنىڭ دىلىغا بىر ئايلىق يىراقلىقتىكى مۇساپىدىن قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم بېرىلدى. ماڭا زېمىننىڭ ھەممە يېرى ناماز ئوقۇشقا بولىدىغان مەسچىت ۋە پاك جاي قىلىپ بېرىلدى. مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ھەرقانداق ئادەم قەيەردە نامازنىڭ ۋاقتى كەلسە، شۇ يەردە ناماز ئوقۇسۇن. ئۇرۇشتا ئېلىنغان ئولجىلار ماڭا ھالال قىلىپ بېرىلدى، ئۇ مەندىن ئىلگىرى بىرمۇ ئادەمگە ھالال قىلىنغان ئەمەس ئىدى. ماڭا قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بېرىلدى. ھەر بىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگە خاس پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئىدى، مەن بولسام پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم ».

ئىمام ئەھمەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « مەن ئاق ۋە قارا تەنلىك بارلىق كىشىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم ». مۇجاھىد بۇ ھەدىسنى جىنلارغىمۇ، ئىنسانلارغىمۇ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم دەپ شەرھىلىگەن. يەنە باشقىلار: ئەرەبلەرگىمۇ ۋە ئەرەب بولمىغان مىللەتلەرگىمۇ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم دەپ شەرھىلىگەن.

## كاپىرلارنىڭ قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى ھەققىدە سورىغانلىقى ۋە ئۇلار بېرىلگەن جاۋاب توغرىسىدا

اللہ تائالا كاپىرلارنىڭ قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشىنى يىراق ھېسابلىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار: « ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار، بۇ ۋەدە (يەنى سىلەر بىزنى قورقۇتۇۋاتقان ئازاب) قاچان ئىشقا ئاشىدۇ؟ » دەيدۇ﴾** اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغانلار

---

[1] سۈرە فۇرقان 1 - ئايەت.
[2] سۈرە يۈسۈف 103 - ئايەت.
[3] سۈرە ئەنئام 116 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئۇنىڭ بولۇشىنى ئالدىرىتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغانلار بولسا قىيامەتتىن قورقىدۇ، قىيامەتنى ھەق دەپ بىلىدۇ﴾[1].

﴿ئېيتقىنكى، «سىلەرگە (ئازاب ئۈچۈن) ۋەدە قىلىنغان بىر كۈن باركى، ئۇنىڭدىن بىردەممۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولمايسىلەر»﴾ يەنى سىلەرگە ئارتۇق ياكى كەم ئەمەس، ساناقلىق بەلگىلەنگەن ۋاقىت ۋەدە قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ۋاقىت كەلگەندە ئازراقمۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ ۋە ئىلگىرىمۇ سۈرۈلمەيدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىلسەڭلار، اللهنىڭ (ئىنسانغا بېكىتكەن) ئەجىلى كەلگەن چاغدا (ئەجەل) كېچىكتۈرۈلمەيدۇ﴾[2] ﴿ئۇنى (يەنى قىيامەت كۈنىنى) بىز مۇئەييەن مۇددەتكىچە تەخىر قىلىمىز. قىيامەت كۈنى بولغاندا، ھەرقانداق ئادەم پەقەت الله دىن ئىجازەت بولغاندىلا سۆزلەيدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەختسىز بولىدۇ، بەزىلىرى سائادەتمەن بولىدۇ﴾[3].

* * * * * * *

وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَن نُّؤۡمِنَ بِهَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانِ وَلَا بِٱلَّذِي بَيۡنَ يَدَيۡهِۗ وَلَوۡ تَرَىٰٓ إِذِ
ٱلظَّٰلِمُونَ مَوۡقُوفُونَ عِندَ رَبِّهِمۡ يَرۡجِعُ بَعۡضُهُمۡ إِلَىٰ بَعۡضٍ ٱلۡقَوۡلَ يَقُولُ ٱلَّذِينَ ٱسۡتُضۡعِفُواْ
لِلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُواْ لَوۡلَآ أَنتُمۡ لَكُنَّا مُؤۡمِنِينَ (٣١) قَالَ ٱلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُواْ لِلَّذِينَ ٱسۡتُضۡعِفُوٓاْ أَنَحۡنُ
صَدَدۡنَٰكُمۡ عَنِ ٱلۡهُدَىٰ بَعۡدَ إِذۡ جَآءَكُمۖ بَلۡ كُنتُم مُّجۡرِمِينَ (٣٢) وَقَالَ ٱلَّذِينَ ٱسۡتُضۡعِفُواْ لِلَّذِينَ
ٱسۡتَكۡبَرُواْ بَلۡ مَكۡرُ ٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِ إِذۡ تَأۡمُرُونَنَآ أَن نَّكۡفُرَ بِٱللَّهِ وَنَجۡعَلَ لَهُۥٓ أَندَادٗاۚ وَأَسَرُّواْ ٱلنَّدَامَةَ لَمَّا
رَأَوُاْ ٱلۡعَذَابَ وَجَعَلۡنَا ٱلۡأَغۡلَٰلَ فِيٓ أَعۡنَاقِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْۚ هَلۡ يُجۡزَوۡنَ إِلَّا مَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ (٣٣)

*كاپىرلار: «بۇ قۇرئانغا ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كىتابلارغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دەيدۇ. ئەگەر زالىملارنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا تۇختىتىپ قويۇلغان چاغدا بەزىسى بەزىسى بىلەن جېدەللىشىۋاتقاندا كۆرسەڭ ئىدىڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالنى كۆرەتتىڭ)، بوزەك قىلىنغانلار چوڭچىلىق قىلغانلارغا: «ئەگەر سىلەر بولمىساڭلار بىز چوقۇم ئىمان ئېيتاتتۇق» دەيدۇ﴿31﴾. چوڭچىلىق قىلغانلار بوزەك قىلىنغانلارغا: «سىلەرگە ھىدايەت كەلگەندىن كېيىن بىز سىلەرنى ئۇنىڭدىن توستۇقمۇ؟ ھەرگىز توسمىدۇق، سىلەر ئۆزەڭلار گۇناھ قىلغۇچى بولدۇڭلار» دەيدۇ﴿32﴾. بوزەك قىلىنغانلار چوڭچىلىق قىلغانلارغا: «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، (سىلەرنىڭ بىزگە) كېچە ـ كۈندۈز قىلغان ھىيلە ـ مىكىرىڭلار (بىزنى ئىماندىن توستى)، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىزنى اللهنى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيتتۇڭلار» دەيدۇ. ئازابنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلار (ھەر ئىككى گۇرۇھ ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرىغا) ئىچىدە پۇشايمان قىلىدۇ، كاپىرلارنىڭ بويۇنلىرىغا تاقاقلارنى سالىمىز، ئۇلارغا پەقەت قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ﴿33﴾.*

---

[1] سۈرە شۇرا 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نۇھ 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ھۇد 104 ــ 105 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

## كاپىرلارنىڭ دۇنيادا ھەقنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن بىردەك ئىتتىپاقلىشىدىغانلىقى، بىراق قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا جېدەللىشىدىغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە كاپىرلارنى گۇمراھلىقتا ھەددىدىن ئاشقانلىقىدىن، ھەق بىلەن قارشىلاشقانلىقىدىن، قۇرئان كەرىمگە ۋە ئۇنىڭدا قىيامەت ھەققىدە بېرىلگەن خەۋەرگە ئىمان ئېيتماسلىقتا چىڭ تۇرغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى ﴿**كاپىرلار: «بۇ قۇرئانغا ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كىتابلارغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دەيدۇ**﴾.

غالىب ۋە بۈيۈك الله ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ ۋە قورقىتىپ، ئۇلارنىڭ الله تائالانىڭ دەرگاھىدا خارلانغان ھالدا ئۆز ئارا تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ، جېدەللىشىپ تۇرغان ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەگەر زالىملارنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا توختىتىپ قويۇلغان چاغدا بەزىسى بەزىسى بىلەن جېدەللىشىۋاتقاندا كۆرسەڭ ئىدىڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالنى كۆرەتتىڭ)، بوزەك قىلىنغانلار**﴾ يەنى ئەگەشكۈچىلەر ﴿**چوڭچىلىق قىلغانلارغا**﴾ يەنى ئەگەشتۈرگۈچىلەر ۋە كاتتىباشلىرىغا ﴿**«ئەگەر سىلەر بولمىساڭلار بىز چوقۇم ئىمان ئېيتاتتۇق» دەيدۇ**﴾ يەنى ئەگەر سىلەر بىزنى توسمىغان بولساڭلار، بىز ئەلۋەتتە پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشەتتۇق ئۇلار بىزگە ئېلىپ كەلگەن الله تائالانىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرەتتۇق، دەيدۇ.

چوڭچىلىق قىلغان ئەگەشتۈرگۈچىلەر ۋە كاتتىباشلىرى ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ ﴿**«سىلەرگە ھىدايەت كەلگەندىن كېيىن بىز سىلەرنى ئۇنىڭدىن توستۇقمۇ؟ ھەرگىز توسمىدۇق**﴾ يەنى بىز سىلەرنى باتىل يولغا پەقەت دەۋەت قىلىپلا قويدۇق، بىز سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ئىش قىلمىدۇق. سىلەر بىزگە ھېچقانداق دەلىل ـ پاكىتسىز ئەگەشتىڭلار. ئۆزەڭلارنىڭ نەپسى خاھىشىڭلارغا ئەگەشكەنلىكىڭلار ۋە باتىل يولنى ئۆزەڭلار تاللىغانلىقىڭلار ئۈچۈن پەيغەمبەر سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن دەلىل ـ پاكىتلارغا ۋە ھۆججەتلەرگە قارشىلىق قىلدىڭلار ﴿**سىلەر ئۆزەڭلار گۇناھ قىلغۇچى بولدۇڭلار» دەيدۇ**﴾.

بوزەك قىلىنغانلار چوڭچىلىق قىلغانلارغا: ﴿**«ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، (سىلەرنىڭ بىزگە) كېچە ـ كۈندۈز قىلغان ھىيلە ـ مىكرىڭلار (بىزنى ئىماندىن توستى)**﴾ يەنى ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. سىلەر بىزگە كېچە ـ كۈندۈز ھىيلە ـ مىكىر قىلاتتىڭلار، بىزنى ئالدايتتىڭلار، يالغان سۆزلەيتتىڭلار، بىزگە بىزنىڭ ھىدايەت ۋە ھەقىقەت ئۈستىدە ئىكەنلىكىمىزنى خەۋەر قىلاتتىڭلار. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ھەممىسى باتىل، يالغان ۋە توقۇلما سۆزلەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋاتىمىز.

﴿**ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىزنى اللەنى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيتتۇڭلار» دەيدۇ**﴾ يەنى بۇتلارنى الله بىلەن تەڭ ئورۇندا قويۇش ئارقىلىق، بىزنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن بىزگە شۈبھىلىك ۋە ھەقىقەتنى يوق نەرسىلەرنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتتىڭلار دەيدۇ.

﴿**ئازابنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلار**﴾ يەنى باشلىقلار ۋە ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ھەممىسى قىلغان گۇناھلىرىغا ھەسرەت چېكىشىپ ﴿**ئىچىدە پۇشايمان قىلىدۇ، كاپىرلارنىڭ بويۇنلىرىغا**﴾ زەنجىر بىلەن قوللىرىنى بويۇنلىرىغا باغلاپ ﴿**تاقاقلارنى سالىمىز، ئۇلارغا پەقەت قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ**﴾ يەنى سىلەرنى پەقەت قىلغان قىلمىشىڭلارغا قارىتا جازالايمىز، ھەر ئادەم ئەمەلىگە يارىشا جازالىنىدۇ. ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ، ئەگەشكۈچىلەرگىمۇ قىلمىشىغا يارىشا

www.munber.org

جازا بېرىلىدۇ. ﴿اﷲ: «ھەممىگە ئىككى ھەسسە ئازاب بېرىلىدۇ، لېكىن سىلەر (ئازابنىڭ دەھشىتىنى بىلمەيسىلەر» دەيدۇ﴾[1].

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەھەننەم ئەھلى جەھەننەمگە ھەيدەپ كېلىنگەن چاغدا، جەھەننەمنىڭ ئوتى ئۇلارنى كۆتىۋالىدۇ. ئاندىن ئوت ئۇلارنى بىرلا كۆيدۈرىدۇ ـ دە، ئۇلارنىڭ گۆشلىرى كۆيۈپ، پەيلىرى بىلەن قوشۇلۇپ قورۇلۇپ قالىدۇ.

* * * * * * *

وَمَآ أَرۡسَلۡنَا فِي قَرۡيَةٖ مِّن نَّذِيرٍ إِلَّا قَالَ مُتۡرَفُوهَآ إِنَّا بِمَآ أُرۡسِلۡتُم بِهِۦ كَٰفِرُونَ ﴿٣٤﴾ وَقَالُواْ نَحۡنُ
أَكۡثَرُ أَمۡوَٰلٗا وَأَوۡلَٰدٗا وَمَا نَحۡنُ بِمُعَذَّبِينَ ﴿٣٥﴾ قُلۡ إِنَّ رَبِّي يَبۡسُطُ ٱلرِّزۡقَ لِمَن يَشَآءُ وَيَقۡدِرُ وَلَٰكِنَّ
أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٣٦﴾ وَمَآ أَمۡوَٰلُكُمۡ وَلَآ أَوۡلَٰدُكُم بِٱلَّتِي تُقَرِّبُكُمۡ عِندَنَا زُلۡفَىٰٓ إِلَّا مَنۡ ءَامَنَ
وَعَمِلَ صَٰلِحٗا فَأُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ جَزَآءُ ٱلضِّعۡفِ بِمَا عَمِلُواْ وَهُمۡ فِي ٱلۡغُرُفَٰتِ ءَامِنُونَ ﴿٣٧﴾ وَٱلَّذِينَ
يَسۡعَوۡنَ فِيٓ ءَايَٰتِنَا مُعَٰجِزِينَ أُوْلَٰٓئِكَ فِي ٱلۡعَذَابِ مُحۡضَرُونَ ﴿٣٨﴾ قُلۡ إِنَّ رَبِّي يَبۡسُطُ ٱلرِّزۡقَ لِمَن
يَشَآءُ مِنۡ عِبَادِهِۦ وَيَقۡدِرُ لَهُۥۚ وَمَآ أَنفَقۡتُم مِّن شَيۡءٖ فَهُوَ يُخۡلِفُهُۥۖ وَهُوَ خَيۡرُ ٱلرَّٰزِقِينَ ﴿٣٩﴾

*قايسى شەھەرگە بولمىسۇن، بىرەر ئاگاھلاندۇرغۇچى ئەۋەتسەكلا ئۇنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى: «شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى ئىنكار قىلىمىز» دېدى﴿34﴾. ئۇلار يەنە: «بىزنىڭ ماللىرىمىز ۋە بالىلىرىمىز ئەڭ كۆپ، بىز ئازابلانمايمىز» دېدى﴿35﴾. ئېيتقىنكى، «ھەقىقەتەن، پەرۋەردىگارىم كىمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىشنى خالىسا ئۇنى كەڭ قىلىدۇ، (كىمنىڭ رىزقىنى تار قىلىشنى خالىسا ئۇنى) تار قىلىدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ»﴿36﴾. ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەرنى بىزگە يېقىنلاشتۇرالمايدۇ، پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ، ئۇلار (جەننەتنىڭ) ئېسىل ئۆيلىرىدە (ھەر قانداق كۆڭۈلسىزلىكتىن) ئەمىن بولغان ھالدا تۇرىدۇ﴿37﴾. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە كۈچىنىڭ بېرىچە قارشى تۇرغانلار ئازابقا دۇچار قىلىنغۇچىلاردۇر﴿38﴾. ئېيتقىنكى، «ھەقىقەتەن، پەرۋەردىگارىم قايسى بەندىسىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىشنى خالىسا ئۇنى كەڭ قىلىدۇ، (قايسى بەندىسىنىڭ رىزقىنى تار قىلىشنى خالىسا ئۇنى) تار قىلىدۇ، (اﷲنىڭ يولىدا) بەرگەن نەرسەڭلارنىڭ ئورنىنى اﷲ تولدۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىدۇر»﴿39﴾.*

---

[1] سۈرە ئەئراف 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## دۆلەتمەن كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشى، ئۇلارنىڭ مال - دۇنيا ۋە بالا - چاقىلىرى بىلەن پەخىرلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

ﷲ تائالا بۇ ئايەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىپ، ئۆزىدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ۋە ئۇنىڭغا ﷲ تائالا قايسى شەھەرگە بولمىسۇن، بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتسىلا ئۇنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقى، ئۇنىڭغا ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئەگەشكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر بېرىدۇ.

مەسىلەن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: ﴿«(ئى نۇھ!) ساڭا تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەملەر ئەگەشكەن تۇرسا، ساڭا بىز ئىمان ئېيتامدۇق؟»﴾[1] ﴿بىزنىڭچە، ئارىمىزدىكى پەس كىشىلەر يەڭگىللىك بىلەن ساڭا ئەگەشكەن﴾[2].

سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ تەكەببۇر چوڭلىرى بوزەك قىلىنغانلارغا يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۆمىنلەرگە: «سىلەر سالىھنى ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر دەپ بىلەمسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: «بىز ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئەلۋەتتە ئىشىنىمىز» دېدى. ھېلىقى تەكەببۇرلار: «سىلەر ئىشەنگەنگە بىز ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدى﴾[3].

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ: «ﷲ ئارىمىزدىن (ھىدايەت قىلىش بىلەن) ئىنئام قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟» دېيىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر - بىرى بىلەن مۇشۇنداق سىنىدۇق (يەنى پېقىر، ئاجىز كىشىلەرنى ئىمان ئېيتقۇزۇش بىلەن، باي - چوڭ كىشىلەرنى سىنىدۇق). ﷲ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ (يەنى شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ﷲ ھىدايەت قىلىدۇ)﴾[4] ﴿ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىشلىرى ئۈچۈن (مەككىدە قۇرەيشنىڭ چوڭلىرىنى باش گۇناھكار قىلغىنىمىزدەك)، ھەر بىر شەھەرنىڭ چوڭلىرىنى باش گۇناھكار قىلدۇق﴾[5] ﴿بىرەر شەھەر (ئاھالىسى)نى ھالاك قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭدىكى دۆلەتمەن ئادەملەرنى (بىزگە ئىتائەت قىلىشقا) بۇيرۇيمىز، ئۇلار ئىتائەت قىلماي، پىسقى - پاسات قىلىدۇ - دە، ئۇلارغا ئازابىمىز تېگىشلىك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قورقۇنچلۇق رەۋىشتە ھالاك قىلىمىز﴾[6].

**﴿قايسى شەھەرگە بولمىسۇن، بىرەر ئاگاھلاندۇرغۇچى﴾** يەنى پەيغەمبەر ياكى ئەلچى **﴿ئەۋەتسەكلا ئۇنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى﴾** يەنى پاراۋان تۇرمۇشقا، خىزمەتچىلەرگە، بايلىققا ئېرىشكەن ئادەملىرى: **﴿«شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى ئىنكار قىلىمىز» دېدى﴾** يەنى ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمىز ۋە ئەگەشمەيمىز، دېدى.

قەتادە مۇنداق دېدى: بۇ ئايەتتە كەلگەن دۆلەتمەن ئادەملەردىن كىشىلەرنى يامانلىققا يېتەكلەيدىغان زومىگەر باشلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

---

[1] سۈرە شۇئەرا 111 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھۇد 27 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەئراف 75 — 76 - ئايەتلەر.
[4] سۈرە ئەنئام 53 - ئايەت.
[5] سۈرە ئەنئام 123 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] سۈرە ئىسرا 16 - ئايەت.

www.munber.org

اللہ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان دۆلەتمەن ئادەملەردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار يەنە: «بىزنىڭ ماللىرىمىز ۋە باللىرىمىز ئەڭ كۆپ، بىز ئازابلانمايمىز» دېدى﴾** يەنى ئۇلار ماللىرى ۋە باللىرىنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن كۆرەڭلەپ كەتتى. ئۇ نەرسىلەرنى اللہ تائالانىڭ ئۆزلىرىنى ياخشى كۆرگەنلىكى ۋە ئۆزلىرىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ئۈچۈن بەردى دەپ دەلىل قىلىپ، ناۋادا اللہ تائالا ئۆزلىرىنى ئاخىرەتتە ئازابلىماقچى بولسا، دۇنيادا بۇ بايلىقنى ئۆزلىرىگە بەرمىگەن بولاتتى دەپ ئېتىقاد قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئېتىقادى ھەقىقەتتىن تولىمۇ يىراق ئىدى.

اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ئۇلار) بىزنىڭ ئۇلارغا مال - مۈلۈك ۋە ئەۋلاتلارنى بەرگەنلىكىمىزنى ئۆزلىرىگە تېز ياخشىلىق قىلغانلىق دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئۇقمايدۇ﴾**[1] ﴿ئۇلارنىڭ مال - مۈلكى ۋە ئەۋلادى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن، اللہ ئۇلارنى بۇ دۇنيادا شۇ نەرسىلەر بىلەن ئازابلاشنى ۋە ئۇلارنىڭ كاپىر پېتى جان ئۈزۈشىنى ئىرادە قىلىدۇ﴾[2] **﴿(ئى مۇھەممەد!)** مەن تەنھا ياراتقان كىشىنى (يەنى ۋەلىد ئىبن مۇغىرەنى) ماڭا قويۇۋەت. ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال بەردىم. ئۇنىڭغا كۆز ئالدىدا تۇرىدىغان ئوغۇللارنى بەردىم. ئۇنىڭ ئابرويىنى ئۆستۈردۈم. ئاندىن ئۇ يەنە كۆپ بېرىشىمنى تەمە قىلىدۇ. ياق، (يەنى ئۇنىڭ خالىغىنى بولمايدۇ)، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە قارشى چىقتى. ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمەن. ئۇ (پەيغەمبەر ۋە قۇرئان ھەققىدە) ئويلاندى، (قۇرئان توغرۇلۇق نېمە دېيىشنى ۋە قانداق بوھتان قىلىشنى) پىلانلىدى﴾[3].

غالىب ۋە بۈيۈك اللہ ئەنە شۇ ئىككى باغ ئىگىسىدىن سۆرە كەھفىدە خەۋەر بەردى. ئۇ نۇرغۇن بايلىققا، مېۋىلىك باغلارغا ۋە پەرزەنتلەرگە ئىگە ئىدى. ئاندىن بۇ بايلىقلىرى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى. بەلكى ئۇ بۇ دۇنيادىلا، ئاخىرەتكە سەپەر قىلىشتىن بۇرۇن بۇ بايلىقلىرىنىڭ ھەممىسىدىن قۇرۇق قالدى.

**﴿ئېيتقىنكى، «ھەقىقەتەن، پەرۋەردىگارىم كىمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىشنى خالىسا ئۇنى كەڭ قىلىدۇ، (كىمنىڭ رىزقىنى تار قىلىشنى خالىسا ئۇنى) تار قىلىدۇ﴾** يەنى اللہ تائالا بايلىقنى ئۆزى ياقتۇرغان ئادەمگىمۇ، ياقتۇرمىغان ئادەمگىمۇ بېرىدۇ. اللہ خالىغان ئادەمنى كەمبەغەل قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى باي قىلىدۇ. ئەنە شۇنداق قىلىشتىكى تولۇق ۋە يېتەرلىك ھېكمەت، كەسكىن ۋە ئۆتكۈر پاكىت اللہ تائالالاغىلا خاستۇر. **﴿لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ»﴾**.

**﴿ماللىرىڭلار ۋە باللىرىڭلار سىلەرنى بىزگە يېقىنلاشتۇرالمايدۇ﴾** يەنى بۇ بىزنىڭ سىلەرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمىزنىڭ ۋە سىلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىمىزنىڭ دەلىلى ئەمەس.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، اللہ تائالا سۆلەتىڭلارغا ۋە ماللىرىڭلارغا قارىمايدۇ. لېكىن ئۇ پەقەت دىللىرىڭلارغا ۋە ئەمەللىرىڭلارغا قارايدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ۋە ئىبنى ماجەمۇ رىۋايەت قىلغان.

**﴿پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا﴾** يەنى سىلەرنى بىزگە يېقىنلاشتۇرىدىغان نەرسە پەقەت ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل بولۇپ، ئۇلارغا: **﴿قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ﴾** يەنى ئۇلارغا بىر ياخشىلىق ئۈچۈن 10 ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە ساۋاب بېرىلىدۇ.

[1] سۈرە مۆمىنۇن 55 — 56 - ئايەتلەر.
[2] سۈرە تەۋبە 55 - ئايەت.
[3] سۈرە مۇددەسسىر 11 — 17 - ئايەتكىچە.

www.munber.org

﴿ئۇلار (جەننەتنىڭ) ئېسىل ئۆيلىرىدە﴾ يەنى جەننەتنىڭ ئالىي ئۆيلىرىدە ھەر قانداق جاپا ـ مۇشەققەتتىن، خېيىم ـ خەتەردىن، زىيان ـ زەخمەتتىن ۋە ساقلىنىشقا تېگىشلىك ﴿(ھەر قانداق كۆڭۈلسىزلىكتىن) ئەمىن بولغان ھالدا تۇرىدۇ﴾.

ئىبنى ئەبۇھاتەم، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەننەتتە ئىچىدە تۇرۇپ قارىسا، تېشى كۆرۈنىدىغان، تېشىدا تۇرۇپ قارىسا ئىچى كۆرۈنىدىغان ئېسىل ئۆيلەر بار». بىر ئەئرابىي: ئۇ ئۆيلەر كىمگە بېرىلىدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياخشى سۆزلەرنى قىلغان، ئاچ قالغانلارغا تاماق بەرگەن، داۋاملىق روزا تۇتقان، كېچىدە كىشىلەر ئۇخلاۋاتقاندا ناماز ئوقۇغان ئادەملەرگە بېرىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

﴿بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە كۈچىنىڭ بېرىچە قارشى تۇرغانلار﴾ يەنى كىشىلەرنى الله تائالانىڭ يولىدىن، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئەگىشىشتىن ۋە ئايەتلىرىگە ئىشىنىشتىن توسقانلار ﴿ئازابقا دۇچار قىلىنغۇچىلاردۇر﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىيامەتتە قىلمىشلىرىغا يارىشا جازاغا تارتىلىدۇ.

﴿ئېيتقىنكى، «ھەقىقەتەن، پەرۋەردىگارىم قايسى بەندىسىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىشنى خالىسا ئۇنى كەڭ قىلىدۇ، (قايسى بەندىسىنىڭ رىزقىنى تار قىلىشنى خالىسا ئۇنى) تار قىلىدۇ﴾ يەنى ھېكمەتكە ئاساسەن الله تائالا بىرىگە نۇرغۇن بايلىق بېرىدۇ، يەنە بىرىگە بولسا ئاز بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭ رىزقىنى ئىنتايىن تار قىلىدۇ. شۇنداق قىلىشتىكى ھېكمەتنى الله تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن قانداق ئۈستۈن قىلغانلىقىمىزغا قارىغىن، ئاخىرەت دەرىجىلىرىدىكى (پەرق) ئەلۋەتتە تېخىمۇ چوڭدۇر ۋە ئۈستۈنلۈك (جەھەتتىكى پەرق) زىيادە چوڭدۇر﴾[1] يەنى دۇنيادا ئۇلارنىڭ بىرى ناھايىتى كەمبەغەل بولسا، يەنە بىرى ناھايىتى باي بولغىنىغا ئوخشاش، ئاخىرەتتىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. يەنى بىرى جەننەتنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىلىرىدىكى ئېسىل ئۆيلەردە بولسا، يەنە بىرى دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىدىكى قاتتىق ئازابلار ئىچىدە بولىدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ پاك كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈپەتلىگەن تۆۋەندىكى كىشىلەردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئىسلامنى قوبۇل قىلغان كىشى ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشىدۇ ۋە ئېھتىياجىغا قارىتا رىزىق بېرىلىدۇ. ئۇ الله تائالا ئاتا قىلغان نەرسىگە قانائەت قىلىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

﴿(اللەنىڭ يولىدا) بەرگەن نەرسەڭلارنىڭ ئورنىنى الله تولدۇرۇپ بېرىدۇ﴾ يەنى الله تائالا سىلەرنى بۇيرۇغان ۋە سىلەرگە يول قويغان ئىشتا قانچىلىك نەرسىنى سەرپ قىلالساڭلار، ئۇنىڭ ئورنىنى الله تائالا سىلەرگە بۇ دۇنيادا بايلىق بېرىش بىلەن، ئاخىرەتتە مۇكاپات ۋە ساۋاب بېرىش بىلەن تولدۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا بەندىسىگە سەن مېنىڭ يولۇمدا بايلىقىڭنى سەرپ قىلغىن، مەن ساڭا ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىمەن، دەيدۇ».

ئىمام مۇسلىم يەنە مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: «بىر كىشىگە ھەركۈنى ئىككى پەرىشتە ھەمراھ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى: ئى الله! بېخىلنىڭ مېلىنى ھالاك قىلغىن! دېسە، يەنە بىرى: ئى الله! سېنىڭ يولۇڭدا مېلىنى سەرپ قىلغان كىشىگە ئۇنىڭ مېلىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرگەن! دەيدۇ».

[1] سۈرە ئىسرا 21 ـ ئايەت.

www.munber.org

ئىمام تەبەرانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى بىلال! اللّٰه نىڭ يولىدا مېلىڭنى سەرپ قىلغىن! ئەرشنىڭ ئىگىسى اللّٰه نىڭ مېلىڭنى ئازلىۋېتىشىدىن قورقمىغىن!».

* * * * * * *

وَيَوْمَ يَحْشُرُهُمْ جَمِيعًا ثُمَّ يَقُولُ لِلْمَلَٰٓئِكَةِ أَهَٰٓؤُلَآءِ إِيَّاكُمْ كَانُوا۟ يَعْبُدُونَ ﴿٤٠﴾ قَالُوا۟ سُبْحَٰنَكَ أَنتَ وَلِيُّنَا مِن دُونِهِم ۖ بَلْ كَانُوا۟ يَعْبُدُونَ ٱلْجِنَّ ۖ أَكْثَرُهُم بِهِم مُّؤْمِنُونَ ﴿٤١﴾ فَٱلْيَوْمَ لَا يَمْلِكُ بَعْضُكُمْ لِبَعْضٍ نَّفْعًا وَلَا ضَرًّا وَنَقُولُ لِلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ ذُوقُوا۟ عَذَابَ ٱلنَّارِ ٱلَّتِى كُنتُم بِهَا تُكَذِّبُونَ ﴿٤٢﴾

*ئۇ كۈندە اللّٰه ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ ھەممىسىنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يىغىدۇ، ئاندىن پەرىشتىلەرگە: «بۇ كىشىلەر سىلەرگە چوقۇنغانمىدى؟» دەيدۇ﴿40﴾. ئۇلار ئېيتىدۇ: «سەن پاكتۇرسەن، بىزنىڭ دوستىمىز ئۇلار ئەمەس، سەن. (ئۇلار بىزگە چوقۇنمايتتى) بەلكى جىنغا چوقۇناتتى. ئۇلارنىڭ تولىسى جىنغا ئىمان كەلتۈرەتتى»﴿41﴾. بۈگۈن سىلەر بىر - بىرىڭلارغا پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، بىز (اللّٰهدىن غەيرىيگە چوقۇنغۇچى) زالىملارغا: «سىلەر چىنىپۈتمىگەن دوزاخ ئازابىنى تېتىڭلار» دەيمىز﴿42﴾.*

## قىيامەت كۈنى پەرىشتىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە چوقۇنغانلاردىن ئادا - جۇدا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

اللّٰه تائالا بۇ ئايەتلەردە مۇشرىكلارنىڭ ئاچچىق يۇتۇپ ھەسرەت چېكىشى ئۈچۈن خالايىقلارنىڭ ئالدىدا ئۇلارغا تاپا - تەنە قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. اللّٰه تائالا پەرىشتىلەردىن مۇشرىكلار ئۆز گۇمانىچە پەرىشتىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى اللّٰه تائالاغا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈن، پەرىشتىلەرنىڭ سۈرەتلىرى دېگەن گۇمان بىلەن ياسىۋالغان بۇتلارغا چوقۇنغانلىقى ھەققىدە سوراپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿«بۇ كىشىلەر سىلەرگە چوقۇنغانمىدى؟»﴾ يەنى بۇ كىشىلەرنى ئۆزەڭلارغا ئىبادەت قىلىشقا سىلەر بۇيرۇغانمۇ؟

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿«مېنىڭ بۇ بەندىلىرىمنى سىلەر ئازدۇردۇڭلارمۇ؟يا (توغرا) يولدىن ئۇلار ئۆزلىرى ئازدىمۇ؟» دەيدۇ﴾[1].

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە ئىسا ئەلەيھىسسالامغا دېگەن سۆزىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن كىشىلەرگە،اللّٰه نى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار، دېدىڭمۇ؟» ئىسا ئېيتتى: «(رەببىم!) شەنىڭگە لايىق ئەمەس نەرسىلەردىن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى، ماڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى مەن ئېيتمايمەن﴾[2].

پەرىشتىلەرمۇ اللّٰه تائالانىڭ سۆزىگە جاۋابەن مۇنداق دەيدۇ: ﴿«سەن پاكتۇرسەن﴾ يەنى سەن بىلەن باشقا بىر ئىلاھنىڭ بولۇشىدىن يۈكسەكتۇرسەن ۋە پاكتۇرسەن، ﴿بىزنىڭ دوستىمىز ئۇلار ئەمەس، سەن﴾ يەنى بىز سېنىڭ بەندىلىرىڭ، بىز ئۇلاردىن ئادا - جۇدامىز. ﴿(ئۇلار بىزگە چوقۇنمايتتى) بەلكى جىنغا﴾

(1) سۈرە فۇرقان 17 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە مائىدە 116 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

يەنى شەيتانلارغا ﴿چوقۇناتتى﴾ چۈنكى شەيتانلار بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشنى ئۇلارغا چىرايلىق كۆرسەتتى ۋە ئۇلارنى ئازدۇردى. ﴿ئۇلارنىڭ تولىسى جىنلارغا ئىمان كەلتۈرەتتى »﴾.

بۇ ھەقتە بۈيۈك ۋە يۈكسەك اللّٰه مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) اللّٰه نى قويۇپ، پەقەت (ئۆزلىرى) چىشى (ناملار بىلەن ئاتىۋالغان) بۇتلارغا ئىبادەت قىلىدۇ، پەقەت اللّٰه نىڭ ئىبادىتىدىن باش تارتقان شەيتانغا ئىبادەت قىلىدۇ. اللّٰه شەيتاننى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى﴾[1].

﴿بۈگۈن سىلەر بىر ـ بىرىڭلارغا پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر﴾ يەنى بۈگۈن سىلەرگە سىلەر ئېغىرچىلىقلاردا، كۈلپەتلەردە پايدىسى تېگىدۇ دەپ ئۈمىد قىلىپ ئىبادەت قىلغان شېرىكلىرىڭلار ۋە بۇتلىرىڭلار قىلچە پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇلار بۈگۈن سىلەرگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ھەرگىز ئىگە ئەمەس.

﴿بىز (اللەدىن غەيرىيگە چوقۇنغۇچى) زالىملارغا﴾ يەنى مۇشرىكلارغا: ﴿« سىلەر چىنپۈتمىگەن دوزاخ ئازابىنى تېتىڭلار » دەيمىز﴾ بۇ سۆز ئۇلارغا تاپا ـ تەنە ۋە مالامەت قىلىش يۈزىسىدىن دېيىلىدۇ.

* * * * * * *

وَإِذَا تُتْلَىٰ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتُنَا بَيِّنَٰتٍ قَالُواْ مَا هَٰذَآ إِلَّا رَجُلٌ يُرِيدُ أَن يَصُدَّكُمْ عَمَّا كَانَ يَعْبُدُ ءَابَآؤُكُمْ وَقَالُواْ مَا هَٰذَآ إِلَّآ إِفْكٌ مُّفْتَرًى ۚ وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لِلْحَقِّ لَمَّا جَآءَهُمْ إِنْ هَٰذَآ إِلَّا سِحْرٌ مُّبِينٌ ﴿٤٣﴾ وَمَآ ءَاتَيْنَٰهُم مِّن كُتُبٍ يَدْرُسُونَهَا ۖ وَمَآ أَرْسَلْنَآ إِلَيْهِمْ قَبْلَكَ مِن نَّذِيرٍ ﴿٤٤﴾ وَكَذَّبَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ وَمَا بَلَغُواْ مِعْشَارَ مَآ ءَاتَيْنَٰهُمْ فَكَذَّبُواْ رُسُلِى ۖ فَكَيْفَ كَانَ نَكِيرِ ﴿٤٥﴾

*ئۇلارغا بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلگەندە، ئۇلار: « بۇ پەقەت سىلەرنى ئاتا ـ بوۋاڭلار چوقۇنغان بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن توسماقچى بولغان ئادەمدۇر » دەيدۇ ھەمدە ئۇلار: « بۇ پەقەت توقۇلغان يالغان سۆزدۇر » دەيدۇ. كاپىرلارغا ھەقىقەت يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار: « بۇ پەقەت ئوپئوچۇق سېھىردۇر » دېدى﴿43﴾. ئۇلارغا ئوقۇيدىغان ھېچقانداق كىتابلارنى ئاتا قىلغىنىمىز يوق. سەندىن ئىلگىرى ئۇلارغا ھېچقانداق پەيغەمبەرمۇ ئەۋەتكىنىمىز يوق﴿44﴾. ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر (ھەقنى) ئىنكار قىلغان، ئۇلار (يەنى مەككە كۇففارلىرى) ئۇلار (يەنى ئىلگىرىكىلەر) ئېرىشكەن كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ ئېرىشمىگەن، ئۇلار مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىمنى ئىنكار قىلدى. ئۇلارغا مېنىڭ جازايىم قانداق بولدى؟*﴿45﴾.

## كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەرلەر توغرىسىدا ئېيتقانلىرى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا

اللّٰه تائالا بۇ ئايەتلەردە كاپىرلارنىڭ قاتتىق ئازاب ـ ئۇقۇبەتكە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار اللّٰه تائالانىڭ روشەن ئايەتلىرى پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق ئوقۇپ بېرىلگەندە، ئۇنى يېقىلىق ھېس قىلىشىپ ئاڭلايدۇ ۋە ﴿ئۇلار: « بۇ پەقەت سىلەرنى ئاتا ـ بوۋاڭلار چوقۇنغان بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن توسماقچى بولغان ئادەمدۇر » دەيدۇ﴾ يەنى ئۇلار ئاتا ـ

---

[1] سۈرە نىسا 117 ــ 118 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

www.munber.org

بوۋىلىرىنىڭ دىنىنى ھەق دىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزلىرىگە ئېلىپ كەلگەن دىننى باتىل دىن دەپ قارايدۇ. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى اللە تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنسۇن!

**﴿ھەمدە ئۇلار: «بۇ﴾ قۇرئان ﴿پەقەت توقۇلغان يالغان سۆزدۇر» دەيدۇ. كاپىرلارغا ھەقىقەت يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار: «بۇ پەقەت ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى. ئۇلارغا ئوقۇيدىغان ھېچقانداق كىتابلارنى ئاتا قىلغىنىمىز يوق. سەندىن ئىلگىرى ئۇلارغا ھېچقانداق پەيغەمبەرمۇ ئەۋەتكىنىمىز يوق﴾** يەنى اللە ئەرەبلەرگە قۇرئاندىن ئىلگىرى بىرەر كىتابنى نازىل قىلمىدى، ھەم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى ئۇلارغا بىرەر پەيغەمبەرمۇ ئەۋەتمىگەن ئىدى. ئۇلار ئۇنى ئارزۇ قىلىپ: ئەگەر بىزگە بىرەر پەيغەمبەر كەلسە ياكى بىر كىتاب نازىل قىلىنسا، بىز چوقۇم باشقىلارغا قارىغاندا، تېخىمۇ ھىدايەت تاپقان كىشىلەردىن بولار ئىدۇق دېيىشەتتى. اللە ئۇلارنىڭ ئۇ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرغاندا، ئۇلار پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭدىن تاندى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشتى.

**﴿ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر﴾** يەنى ئىلگىرىكى ئۇممەتلەر **﴿(ھەقنى) ئىنكار قىلغان، ئۇلار (يەنى مەككە كۇففارلىرى) ئۇلار (يەنى ئىلگىرىكىلەر) ئېرىشكەن كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ ئېرىشمىگەن﴾.**

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئۇلارنى (يەنى ئاد قەۋمىنى) (پۇل ـ مال، كۈچ ـ قۇۋۋەت جەھەتتە) سىلەرنى قادىر قىلمىغان نەرسىلەرگە قادىر قىلدۇق. (ئۇلارنىڭ شۇ نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىپ، بۇ ئارقىلىق نېمەتلەرنى بەرگۈچى اللەنى تونۇشى ئۈچۈن) ئۇلارغا قۇلاق، كۆز، قەلبلەرنى بەردۇق، ئۇلار اللەنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى، دىللىرى ئۇلاردىن (اللەنىڭ ئازابىدىن) ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلمىدى، ئۇلار مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۇلارغا نازىل بولدى﴾[1] ﴿ئۇلار زېمىندا سەير قىلىپ ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ بۇلاردىن ئۇلارنىڭ سانى كۆپ ئىدى، زېمىندا كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە يادىكارلىقلار (يەنى ئۆي ـ ئىمارەت) جەھەتتە بۇلاردىن ئۈستۈن ئىدى﴾[2].

ئەنە شۇلار اللە تائالانىڭ ئازابىنى توسۇپ قالالمىدى. بەلكى اللە تائالا ئۇلارنى ئۇلارنىڭ اللە تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ھالاك قىلدى.

شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىمنى ئىنكار قىلدى. ئۇلارغا مېنىڭ جازايىم قانداق بولدى؟﴾** يەنى مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىمگە بەرگەن ياردەملىرىم، كاپىرلارغا بەرگەن جازايىم قانداق ئىكەن؟!

* * * * * * *

۞ قُلْ إِنَّمَآ أَعِظُكُم بِوَٰحِدَةٍ ۖ أَن تَقُومُوا۟ لِلَّهِ مَثْنَىٰ وَفُرَٰدَىٰ ثُمَّ تَتَفَكَّرُوا۟ ۚ مَا بِصَاحِبِكُم مِّن جِنَّةٍ ۚ إِنْ هُوَ إِلَّا نَذِيرٌ لَّكُم بَيْنَ يَدَىْ عَذَابٍ شَدِيدٍ ﴿٤٦﴾

***ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە بىر ئىشنى تەۋسىيە قىلىمەن: سىلەر خۇدالىق ئۈچۈن ئىككىدىن، يا بىردىن تۇرۇڭلار (يەنى اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن يىغىلىپ ياكى يەككە ھالدا ھەقنى ئىزلەڭلار)، ئاندىن***

[1] سۈرە ئەھقاف 26 ـ ئايەت.
[2] سۈرە غافىر 82 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

***پىكىر يۈرگۈزۈڭلار». ھەمراھىڭلاردا (يەنى مۇھەممەدتە) ھېچ مەجنۇنلۇق يوق، پەقەت ئۇ قاتتىق ئازاب نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر***﴿46﴾.

## كاپىرلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا "ساراڭ" دەپ چاپلىغان تۆھمىتى توغرىسىدا

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! سېنى مەجنۇن دەپ جۆيلىگەن شۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ﴿«**مەن سىلەرگە بىر ئىشنى تەۋسىيە قىلىمەن**﴾ يەنى سىلەرنى بىر ئىشقا بۇيرۇيمەن. ئۇ ئىش ﴿**سىلەر خۇدالىق ئۈچۈن ئىككىدىن، يا بىردىن تۇرۇڭلار (يەنى اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن يىغىلىپ ياكى يەككە ھالدا ھەقنى تىلەڭلار)**﴾ يەنى سىلەر نەپسى خاھىشىڭلارغا بېرىلمەستىن، ئۆز پىكرىڭلاردا چىڭ تۇرۇۋالماستىن اللە تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس ھالدا، يىغىلىپ ياكى يالغۇز تۇرۇڭلار، ئاندىن بەزىڭلار ـ بەزىڭلاردىن مۇھەممەد راست مەجنۇنمۇ ياكى ئەمەسمۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ھەق مەيداندا تۇرۇپ سوراڭلار، بەزىڭلار ـ بەزىڭلارغا سەمىمىي بولۇڭلار، ﴿**ئاندىن پىكىر يۈرگۈزۈڭلار**»﴾ يەنى ھەر بىر ئاجەم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىپ، ئۆزىگە قارىسۇن. ئەگەر ئۇ بىرەر نەرسە چۈشىنەلمىسە، باشقا كىشىلەردىن سورىسۇن. ﴿**ھەمراھىڭلاردا (يەنى مۇھەممەدتە) ھېچ مەجنۇنلۇق يوق**﴾.

بۇ ئايەتنى مۇجاھىد، مۇھەممەد ئىبنى كەئب، سۇددى ۋە باشقىلارمۇ مۇشۇنداق تەپسىر قىلدى. مانا بۇلار، مەنىنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

﴿**پەقەت ئۇ قاتتىق ئازاب نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر**﴾

ئىمام بۇخارى بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفا تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ: «ئى سەباھا![1]» دەپ توۋلىدى. قۇرەيش ئەھلى ئۇنىڭ يېنىغا يىغىلىپ: ساڭا نېمە بولدى؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر سىلەرگە دۈشمەنلەر ئەتىگەندە ياكى ئاخشامدا ئۈستۈڭلارغا باستۇرۇپ كېلىدۇ دەپ خەۋەر قىلسام، سىلەر ماڭا ئىشىنەمسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: ئەلۋەتتە ئىشىنىمىز دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ھەقىقەتەن قاتتىق ئازاب نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى، سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن» دېدى. ئەبۇلەھەب: قولۇڭ قۇرۇپ كەتسۇن! بىزنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن يىغدىڭمۇ؟ دېدى. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا: ﴿ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! (ئەمەلدە) قۇرۇپ كەتتى﴾[2] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

اللە تائالانىڭ بۇ ھەقتە: ﴿يېقىن خىش ـ ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن﴾[3] دېگەن ئايىتىنىڭ تەپسىرىدە تەپسىلىي بايان قىلىنغان ئىدى.

* * * * * * *

قُلۡ مَا سَأَلۡتُكُم مِّنۡ أَجۡرٍ فَهُوَ لَكُمۡۖ إِنۡ أَجۡرِيَ إِلَّا عَلَى ٱللَّهِۖ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٍ شَهِيدٌ ﴿٤٧﴾
قُلۡ إِنَّ رَبِّي يَقۡذِفُ بِٱلۡحَقِّ عَلَّٰمُ ٱلۡغُيُوبِ ﴿٤٨﴾ قُلۡ جَآءَ ٱلۡحَقُّ وَمَا يُبۡدِئُ ٱلۡبَٰطِلُ وَمَا يُعِيدُ ﴿٤٩﴾ قُلۡ
إِن ضَلَلۡتُ فَإِنَّمَآ أَضِلُّ عَلَىٰ نَفۡسِيۖ وَإِنِ ٱهۡتَدَيۡتُ فَبِمَا يُوحِيٓ إِلَيَّ رَبِّيٓۚ إِنَّهُۥ سَمِيعٌ قَرِيبٌ ﴿٥٠﴾

---

[1] ئەرەبلەر بىرەر ھادىسە يۈز بەرسە، ئۇنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىر جايغا يىغىلىشىغا بەلگە بېرىپ شۇنداق توۋلايتتى.
[2] سۈرە تەببەت 1 ـ ئايەت.
[3] سۈرە شۇئەرا 214 ـ ئايەت.

www.munber.org

*ئېيتقىنكى، «سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلغىنىم يوق، ئۇ سىلەرگە بولسۇن; ئەجرىمنى پەقەت اللەدىن تىلەيمەن. اللە ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر» ﴿47﴾. ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم، ھەقىقەتەن ھەق ئارقىلىق (باتىلنى) ئاتىدۇ (يەنى پاكىتنى روشەن بايان قىلىدۇ)، اللە غەيبنى تامامەن بىلگۈچىدۇر» ﴿48﴾. ئېيتقىنكى، «ھەق (يەنى ئىسلام) كەلدى (باتىل يوقالدى)، باتىل (بىرەر مەخلۇقنى) پەيدا قىلالمايدۇ، (يوقالغان بىرەر مەخلۇقنى) ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ» ﴿49﴾. ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئازسام ئازغانلىقىمنىڭ زىيىنى ئۆزەمگىدۇر، ئەگەر ھىدايەت تاپسام (بۇ) پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا ۋەھى قىلغان قۇرئاننىڭ سەۋەبىدىندۇر، اللە ھەقىقەتەن ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، يېقىندۇر» ﴿50﴾.*

## دىننى يەتكۈزگەنلىكىم ئۈچۈن سىلەردىن ھېچ قانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن دېگەنلىكى توغرىسىدا

اللە تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۇشرىكلارغا مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇدى. ﴿**ئېيتقىنكى، «سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلغىنىم يوق، ئۇ سىلەرگە بولسۇن**﴾ يەنى غالىب ۋە بۈيۈك اللە نىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى سىلەرگە يەتكۈزگەنلىكىم، سىلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلغانلىقىم ۋە سىلەرنى اللە تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىم ئۈچۈن سىلەردىن ھەق ياكى پۇل - مال تەلەپ قىلىشنى خالىمايمەن.

﴿**ئەجرىمنى پەقەت اللەدىن تىلەيمەن**﴾ يەنى ئۇنىڭ ساۋابىنى پەقەت اللە نىڭ ھۇزۇرىدىن تىلەيمەن. ﴿**اللە ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر»**﴾ يەنى اللە نىڭ مېنى سىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشى، سىلەرنىڭ نېمىگە چوقۇنىۋاتقانلىقىڭلار، مېنىڭ اللە نىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى يەتكۈزگەنلىكىم قاتارلىق ھەممە ئىشلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

﴿**ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم، ھەقىقەتەن ھەق ئارقىلىق (باتىلنى) ئاتىدۇ (يەنى پاكىتنى روشەن بايان قىلىدۇ)، اللە غەيبنى تامامەن بىلگۈچىدۇر»**﴾ اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللە ئۆز ھۆكمى بويىچە بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە ۋەھيى چۈشۈرىدۇ﴾[1] يەنى اللە تائالا زېمىن ئەھلىدىن خالىغان بەندىسىگە جىبرىئىلنى ۋەھيي بىلەن ئەۋەتىدۇ. اللە تائالا غەيبنى تامامەن بىلگۈچىدۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھېچ قانداق بىر نەرسە اللە تائالا ئۈچۈن مەخپىي ئەمەستۇر.

﴿**ئېيتقىنكى، «ھەق (يەنى ئىسلام) كەلدى (باتىل يوقالدى)**﴾ يەنى اللە تائالا تەرىپىدىن ئىسلامدىن ئىبارەت بۈيۈك شەرىئەت كەلدى. باتىل ئاستا - ئاستا يوقالدى. ﴿**باتىل (بىرەر مەخلۇقنى) پەيدا قىلالمايدۇ، (يوقالغان بىرەر مەخلۇقنى) ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ»**﴾.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ھەق ئارقىلىق باتىلغا ھۇجۇم قىلىمىز، ھەق باتىلنى يوقىتىدۇ، باتىل ناگاھان يوقىلىدۇ﴾[2].

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە پەتھى بولغان كۈنى ھەرەم مەسچىتىگە كىرىپ، كەبىنىڭ ئەتراپىدا تىكلەكلىك تۇرغان بۇتلارنى ئوقياسىنىڭ بىر ئۇچى بىلەن نۇقۇپ تۇرۇپ: ﴿«ھەقىقەت (يەنى ئىسلام) كەلدى، باتىل (يەنى كۇفرى) يوقالدى. باتىل ھەقىقەتەن ئوڭاي يوقىلىدۇ» دېگەن﴾[3]

﴿**ئېيتقىنكى، «ھەق (يەنى ئىسلام) كەلدى (باتىل يوقالدى)، باتىل (بىرەر مەخلۇقنى) پەيدا قىلالمايدۇ،**

---

[1] سۈرە غافىر 15 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەنبىيا 18 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئىسرا 81 - ئايەت.

(يوقالغان بىرەر مەخلۇقنى) ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ»﴾ دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇغان ئىدى. بۇنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

﴿ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئازسام ئازغانلىقىمنىڭ زىيىنى ئۆزەمگىدۇر، ئەگەر ھىدايەت تاپسام (بۇ) پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا ۋەھى قىلغان قۇرئانىنىڭ سەۋەبىدىندۇر﴾ يەنى بارلىق ياخشىلىق الله تائالانىڭ دەرگاھىدىن، غالىب ۋە بۈيۈك الله نازىل قىلغان ۋەھىيدىن ۋە روشەن ھەقىقەت قۇرئان كەرىمدىن كېلىدۇ. قۇرئاندا ھىدايەت ۋە توغرا يول ئوچۇق بايان قىلىنغاندۇر. كىمكى ئازىدىكەن، ئۇ پەقەت ئۆزى ئازغان بولىدۇ.

بۇ مەسىلە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆزىدىن سورالغان مەلۇم مەسىلىگە بەرگەن مۇنۇ جاۋابىغا ئوخشايدۇ: مەن بۇ مەسىلىدە ئۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن. ئەگەر ئېيتقانلىرىم توغرا بولسا، بۇ الله تائالانىڭ ماڭا ئاتا قىلغان پەزلىدۇر. ئەگەر خاتا بولسا، ئۇ مېنىڭ خاتالىقىم ۋە شەيتاننىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىدىندۇر. الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مېنىڭ ئېيتقانلىرىمدىن ئادا ـ جۇدادۇر.

﴿الله ھەقىقەتەن ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، يېقىندۇر»﴾ يەنى الله تائالا بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، يېقىندۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا دۇئا قىلسا، دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، سىلەر گاس ياكى يوق نەرسىنى چاقىرىۋاتمايسىلەر. سىلەر دۇئايىڭلارنى ئاڭلايدىغان، سىلەرگە يېقىن ۋە دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىدىغان الله تائالانى چاقىرىۋاتىسىلەر».

* * * * * * *

وَلَوْ تَرَىٰٓ إِذْ فَزِعُواْ فَلَا فَوْتَ وَأُخِذُواْ مِن مَّكَانٍ قَرِيبٍ ﴿٥١﴾ وَقَالُوٓاْ ءَامَنَّا بِهِۦ وَأَنَّىٰ لَهُمُ
ٱلتَّنَاوُشُ مِن مَّكَانٍۭ بَعِيدٍ ﴿٥٢﴾ وَقَدْ كَفَرُواْ بِهِۦ مِن قَبْلُ ۖ وَيَقْذِفُونَ بِٱلْغَيْبِ مِن مَّكَانٍۭ بَعِيدٍ
﴿٥٣﴾ وَحِيلَ بَيْنَهُمْ وَبَيْنَ مَا يَشْتَهُونَ كَمَا فُعِلَ بِأَشْيَاعِهِم مِّن قَبْلُ ۚ إِنَّهُمْ كَانُواْ فِى شَكٍّ مُّرِيبٍۭ ﴿٥٤﴾

*ئەگەر سەن ئەيىنى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ قورقۇپ قاچىدىغان يەر تاپالمايۋاتقانلىقىنى، دوزاخقا (ئېلىپ بېرىلىش ئۈچۈن مەھشەرگاھقا) يېقىن جايدا تۇتۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالنى كۆرەتتىڭ)*[51]*. ئۇلار (ئازابنى كۆرگەندە): «ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ، ئۇلار قانداقمۇ يىراق جايدىن ئىماننى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ*[52]*. ئۇلار ئىلگىرى ئۇنى (يەنى پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلغان ئىدى. ئۇلار غەيب (ئىشلىرى) ئۈستىدە يىراق جايدىن قارىسىغا سۆزلەيدۇ*[53]*. ئۇلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرى (يەنى ئىمان ئېيتىش ۋە جەننەتكە كىرىش) ئارىسىدا توسالغۇ پەيدا قىلىنىدى. ئۇلارغا ئىلگىرى ئۇلارغا ئوخشاشلارغا قىلىنغاندەك قىلىنىدى. چۈنكى ئۇلار ھازىر ئىمان كەلتۈرگەن نەرسىلىرى ئۈستىدە (دۇنيادىكى چاغلىرىدا) چوڭقۇر شەكتە ئىدى*[54].

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! ئەگەر سەن قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ قاچىدىغان، پانالىنىدىغان، يوشۇرۇنىدىغان يەر تاپالمايۋاتقانلىقىنى ﴿دوزاخقا (ئېلىپ بېرىلىش ئۈچۈن مەھشەرگاھقا) يېقىن جايدا تۇتۇلۇۋاتقانلىقىنى﴾ يەنى ئۇلارغا قېچىشقا ئىمكانىيەت

www.munber.org

بىرلىمەيۋاتقانلىقىنى، بەلكى دەسلەپتە قەبرىلىرىدىن چىقىشىغىلا تۇتۇلىۋاتقانلىقىنى ﴿**كۆرسەڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالىنى كۆرەتتىڭ)**﴾.

﴿**ئۇلار (ئازابنى كۆرگەندە): «ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى ئۇلار اللّٰه تائالاغا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتتۇق دەيدۇ.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر سەن گۇناھكارلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدىغان بولساڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالەتنى كۆرگەن بولاتتىڭ)، ئۇلار ئېيتىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! (ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى) كۆردۇق، ئاڭلىدۇق. بىزنى ياخشى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن (دۇنياغا) قايتۇرغىن، بىز (ئەمدى) ھەقىقەتەن (سېنىڭ ۋەدەڭنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە) ئىشەنگۈچىلەرمىز»﴾[1].

﴿**ئۇلار قانداقمۇ يىراق جايدىن ئىماننى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ**﴾ يەنى ئىماننى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇلارغا قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ ئۇلار ئىماننى قوبۇل قىلىشقا بۇيرۇلغان ئورۇن بولغان بۇ دۇنيادىن يىراقلاپ، ئاخىرەت يۇرتىغا كېلىپ بولغان تۇرسا، ئاخىرەت يۇرتى ھەرگىز سىناش يۇرتى ئەمەس، بەلكى مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش يۇرتىدۇر. ئەگەر ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا ئىمان ئېيتقان بولسا، ئۇ ئىمانلىرى ئۇلارغا ئەلۋەتتە مەنپەئەت قىلغان بولاتتى. لېكىن ئۇلار ئاخىرەت يۇرتىغا كېلىپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىماننى قوبۇل قىلىشقا ھېچ بىر يول يوقتۇر. بۇ خۇددى بىرەر نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا يىراقتىن قول ئۇزارتقان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھېچ بىر ئامال قىلالمىغىنىغا ئوخشاشتۇر.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە زۆھرى مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار دۇنيادىن ئايرىلغان تۇرسا، ئۇلار ئاخىرەتتە تۇرۇپ، ئىماننى قولغا كەلتۈرەلىشى قانداق مۇمكىن بولسۇن؟

ھەسەنبەسرى مۇنداق دەيدۇ: شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئىشنى ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيدىغان يەردىن يەنى ئىماننى يىراق جايدىن قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

﴿**ئۇلار ئىلگىرى ئۇنى (يەنى پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلغان ئىدى**﴾ يەنى ئۇلار دۇنيادا ھەقىقەتتىن تانغان، پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقارغان تۇرسا، ئۇلار ئاخىرەتتە ئىمانغا قانداقمۇ ئېرىشسۇن؟

﴿**ئۇلار غەيب (ئىشلىرى) ئۈستىدە يىراق جايدىن قارىسىغا سۆزلەيدۇ**﴾ بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: ﴿بۇ پۈتۈنلەي ئاساسسىز، قارىسىغا (ئېيتىلغان سۆزدۇر)﴾[2].

ئۇلار بەزىدە پەيغەمبەرنى شائىر دېسە، يەنە بەزىدە كاھىن دەيدۇ. بەزىدە ئۇنى سېھىرگەر دېسە، يەنە بەزىدە مەجنۇن دېگەندەك قالايمىقان سۆزلەرنى قىلىدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنى ۋە قىيامەتنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلار: ﴿«قىيامەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز، پەقەت ئۇنى بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلىمىز، (ئۇنىڭغا) بىز ھەقىقىي ئىشەنمەيمىز»﴾[3] دېگەن سۆزلەرنى قىلىدۇ.

مۇجاھىد ۋە قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار گۇمانى بويىچە جەننەت ۋە دوزاخ دېگەن نەرسە يوق دەپ جار سالىدۇ.

﴿**ئۇلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرى (يەنى ئىمان ئېيتىش ۋە جەننەتكە كىرىش) ئارىسىدا توسالغۇ پەيدا قىلىندى**﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: يەنى ئۇلار بىلەن ئۇلارنىڭ

[1] سۈرە سەجدە 12 - ئايەت.
[2] سۈرە كەھف 22 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە جاسىيە 32 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرى ئارىسىدا بۇ دۇنيانىڭ بايلىقلىرى، بەخت ـ سائادەتلىرى ۋە خوتۇن، بالىلىرى ئارىسىدا توسالغۇ پەيدا قىلىندى. دەپ تەپسىر قىلدى.

ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئاbباس ۋە رەبىيئ ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىنمۇ مۇشۇنداق رىۋايەت قىلىنغان. ئىمام بۇخارى ۋە بىر تۈركۈم ئالىملارمۇ بۇ قاراشنى تەكىتلىگەن.

ئىمان ئېيتىپ گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىشلىرى بىلەن دۇنيانىڭ بايلىقلىرىنى ئارزۇ قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئارزۇنىڭ ئارىسىدا ھەرگىزمۇ زىتلىق يوق. چۈنكى ئۇلار بىلەن ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ئارزۇلىرى ئارىسىدا ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىن تەلەپ قىلغان نەرسىلىرى ئارىسىدا ھەقىقەتەن توسالغۇ پەيدا قىلىندى ۋە ئۇ ئارزۇلىرىغا يېتىش چەكلەندى.

**﴿ئۇلارغا ئىلگىرى ئۇلارغا ئوخشاشلارغا قىلىنغاندەك قىلىندى﴾** يەنى ئۇلارغا ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتلەرگە قىلىنغاندەك قىلىندى. ئىلگىرى ئۆتكەنلەرگە اللّٰه تائالانىڭ ئازابى كەلگەن چاغدا، ئىمان ئېيتساقكەن دەپ ئارزۇ قىلىشقان، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسى قوبۇل قىلىنمىغان ئىدى.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا: «بىز بىر اللّٰھقا ئىمان ئېيتتۇق، بىز بۇرۇن (اللّٰھقا) شېرىك قىلغان بۇتلارنى ئىنكار قىلدۇق» دېدى. بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىمانىنىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولمىدى، بۇ (يەنى ئازابنى كۆرگەندە ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىلىق بولماسلىقى) اللّٰھنىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا تۇتقان يولىدۇر، بۇ چاغدا كاپىرلار زىيان تارتقۇچى بولدى﴾[1].

**﴿چۈنكى ئۇلار ھازىر ئىمان كەلتۈرگەن نەرسىلىرى ئۈستىدە (دۇنيادىكى چاغلىرىدا) چوڭقۇر شەكتە ئىدى﴾** شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئازابنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىمانى قوبۇل قىلىنمىدى.

قەتادە بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: شەك كەلتۈرۈشتىن ساقلىنىڭلار! كىمكى شەك ئۈستىدە ئۆلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ، شەك ئۈستىدە تىرىلدۈرۈلىدۇ. كىمكى ھەقىقىي ئىشەنچ ئۈستىدە ئۆلىدىكەن، ئۇ قىيامەت كۈنى ھەقىقىي ئىشەنچ ئۈستىدە تىرىلدۈرۈلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن سۈرە سەبەئنىڭ تەپسىرى ئاخىرلاشتى. پاك ۋە يۈكسەك اللّٰه توغرا ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلغۇچىدۇر.

---

[1] سۈرە غافىر 84 — 85 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

## مەككىدە نازىل بولغان سۇرە فاتىر 45 ئايەت

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ فَاطِرِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ جَاعِلِ ٱلْمَلَٰٓئِكَةِ رُسُلًا أُو۟لِىٓ أَجْنِحَةٍ مَّثْنَىٰ وَثُلَٰثَ وَرُبَٰعَ ۚ يَزِيدُ فِى ٱلْخَلْقِ مَا يَشَآءُ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿١﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى، پەرىشتىلەرنى ئىككى قاناتلىق، ئۈچ قاناتلىق، تۆت قاناتلىق ئەلچىلەر قىلغۇچى اللہ غا خاستۇر! اللہ يارىتىشتا خالىغىنىنى زىيادە قىلىدۇ، اللہ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر*** ﴿1﴾.

### اللہ نىڭ قۇدرىتىنىڭ بايانى توغرىسىدا

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىككى سەھرالىق ئەرەب يېنىمغا كېلىپ بىر قۇدۇق ھەققىدە تالىشىپ، بىرى تاكى ھەمراھىغا: ئۇنى دەسلەپتە مەن قازغان، دېگەنگە قەدەر، مەن ﴿**ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىنى بىلمەيتتىم.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما يەنە ﴿**ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى**﴾ (دېگەن ئايەتنى) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يوقلۇقتىن بار قىلغۇچى دېگەنلىكتۇر، دەپ تەپسىر قىلغان. زەھھاك: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان.

﴿**جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى، پەرىشتىلەرنى**﴾ اللہ تائالا بىلەن پەيغەمبەرلىرى ئارىسىدا، پەرىشتىلەر بۇيرۇلغان نەرسىنى ئۈچۈپ بېرىپ تېز يەتكۈزۈش ئۈچۈن ﴿**ئىككى قاناتلىق، ئۈچ قاناتلىق، تۆت قاناتلىق ئەلچىلەر قىلغۇچى اللہ غا خاستۇر!**﴾ يەنى پەرىشتىلەرنىڭ بەزىلىرى ئىككى قاناتلىق، بەزىلىرى ئۈچ قاناتلىق، بەزىلىرى تۆت قاناتلىق ۋە بەزىلىرى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ قاناتلىق قىلىپ يارىتىلغاندۇر.

ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسرا كېچىسى (يەنى ئاسمانغا ئۆرلىتىلگەن كېچىسى) جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى 600 قاناتلىق ھالدا كۆرگەن، ھەر ئىككى قانىتىنىڭ ئارىلىقى شەرق بىلەن غەربنىڭ ئارىلىقىدەك كەڭرى ئىكەن. شۇڭا اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اللہ يارىتىشتا خالىغىنىنى زىيادە قىلىدۇ، اللہ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر**﴾ بۇئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سۇددى: اللہ تائالا پەرىشتىلەرنى يارىتىشتا ۋە قاناتلىق قىلىشتا خالىغىنىنى زىيادە قىلىدۇ دېگەنلىكتۇر، دەيدۇ.

* * * * * * *

www.munber.org

مَّا يَفْتَحِ ٱللَّهُ لِلنَّاسِ مِن رَّحْمَةٍ فَلَا مُمْسِكَ لَهَا ۖ وَمَا يُمْسِكْ فَلَا مُرْسِلَ لَهُۥ مِنۢ بَعْدِهِۦ ۚ وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٢﴾

***الله رەھمىتىدىن كىشىلەرگە ئاچقان نەرسىنى ھەرگىزمۇ توسۇپ قالالىغۇچى بولمايدۇ، الله رەھمىتىدىن توسقان نەرسىنى، الله توسقاندىن كېيىن، ئۇنى ھېچ قويۇپ بەرگۈچى بولمايدۇ، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿2﴾.***

## الله تائالانىڭ رەھمىتىنى ھېچنىمىنىڭ توسۇپ قالالمايدىغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزى خالىغان نەرسىنىڭ بولىدىغانلىقى، خالىمىغان نەرسىنىڭ بولمايدىغانلىقى، الله تائالا ئاتا قىلغان نەرسىنى ھېچبىر توسۇپ قالغۇچىنىڭ بولمايدىغانلىقى، الله تائالا توسقان نەرسىنى ھېچبىر ئاتا قىلغۇچىنىڭ بولمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

ئىمام ئەھمەد، مۇغىيرە ئىبنى شۇئبىنىڭ خىزمەتكارى ۋەررادنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇئاۋىيە، مۇغىيرە ئىبنى شۇئبىگە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغانلىرىڭنى ماڭا يېزىپ ئەۋەتىپ بەرگىن، دەپ خەت يازغان ئىكەن. مۇغىيرە بۇ ھەقتە مېنى يېنىغا چاقىرتتى. مەن ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغانلىقىمنى يېزىپ بەردىم: «ھېچ شېرىكى بولمىغان يالغۇز الله تائالادىن باشقا مەبۇد بەرھەق يوقتۇر. پادىشاھلىق ۋە بارلىق ھەمدۇسانا الله تائالاغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ئى الله! سەن ئاتا قىلغان نەرسىنى ھېچ بىر ئاتا قىلغۇچى يوقتۇر. يۈزئابرۇي ۋە بايلىق ئادەمگە مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ، يۈزئابرۇي ۋە بايلىق سەن تەرەپتىنلا كېلىدۇ». مەن يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرۇق گەپ سېتىشتىن، ئورۇنسىز تولا سوئال سوراشتىن، پۇل ـ مالنى ئىسراپ قىلىشتىن (يەنى ئۇنى پايدىسىز ئورۇنلارغا ئىشلىتىشتىن)، قىزلارنى تىرىك كۆمۈۋېتىشتىن، ئانىلارنى قاخشىتىشتىن ۋە بېرىشكە تېگىشلىك نەرسىنى بەرمەي ئۆزىگە تېگىشلىك ئەمەس نەرسىنى تەلەپ قىلىشتىن توسقانلىقىنى ئاڭلىدىم. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇكۇدىن بېشىنى كۆتەرگەن چاغدا مۇنداق دەيدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالاغا ھەمدە ئېيتقان ئادەمنىڭ ھەمدىسىنى الله ئاڭلاپ تۇرىدۇ. ئى پەرۋەردىگارىمىز الله! ساڭا ئاسمان بىلەن زېمىن تولۇپ تاشقىدەك ۋە باشقا سەن خالىغان نەرسە تولۇپ تاشقىدەك ھەمدۇسانالار بېغىشلانسۇن، ئى ھەمدۇساناغا ۋە ئۇلۇغلۇققا ئىگە الله! بەندەڭ ئېيتقان نەرسە ئەڭ ھەقلىقتۇر (يەنى پۈتۈن گۈزەل ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيىلەر ساڭىلا خاستۇر)، ھەممىمىز سېنىڭ ئىلكىڭدىمىز. ئى الله! سەن ئاتا قىلغان نەرسىنى ھېچبىر توسۇپ قالغۇچى يوق، سەن توسقان نەرسىنى ھېچ بىر ئاتا قىلغۇچى يوق، يۈزئابرۇي ۋە بايلىق ئادەمگە مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ، يۈزئابرۇي ۋە بايلىق سەن تەرەپتىنلا كېلىدۇ».

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر الله ساڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، يالغۇز الله دىن باشقا ئۇنى دەپئى قىلغۇچى بولمايدۇ، ئەگەر الله ساڭا بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، الله نىڭ پەزلىنى قايتۇرغۇچى بولمايدۇ﴾[1].

---

[1] سۈرە يۇنۇس 107 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

www.munber.org

* * * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱذْكُرُوا۟ نِعْمَتَ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ ۚ هَلْ مِنْ خَـٰلِقٍ غَيْرُ ٱللَّهِ يَرْزُقُكُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلْأَرْضِ ۚ لَآ إِلَـٰهَ إِلَّا هُوَ ۖ فَأَنَّىٰ تُؤْفَكُونَ ﴿٣﴾

***ئى ئىنسانلار! اللہ نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ياد ئېتىڭلار، اللہ دىن باشقا سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىپ تۇرىدىغان ياراتقۇچى بارمۇ؟ اللہ دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، (اللہ نىڭ ئىبادىتىدىن) قانداقمۇ باش تارتىسىلەر؟*** [3].

## تەۋھىدنىڭ دەلىللىرى توغرىسىدا

اللہ تائالا بۇ ئايەتتە بەندىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، ئۇلارنى يالغۇز اللہ تائالاغىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن اللہ تائالانىڭ تەۋھىدىنى (يەنى بار ۋە بىرلىكىنى) كۆرسىتىدىغان دەلىللەرگە دىققەت قىلىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ. اللہ تائالا مەخلۇقاتلارنى يارىتىش ۋە ئۇلارغا رىزىق بېرىشتە مۇستەقىل بولغىنىدەك، شۇنداقلا ئىبادەت ئۇنىڭغىلا يالغۇز قىلىنىشى، ئۇنىڭغا ھەيكەللەر بۇتلار ۋە باشقا نەرسىلەر شېرىك قىلىنماسلىقى لازىم.

﴿اللہ دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر﴾ اللہ تائالانىڭ تەۋھىدىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل ـ پاكىتلار مانا مۇشۇنداق روشەن ۋە ئوچۇق بايان قىلىنغاندىن كېيىن ﴿**(اللہ نىڭ ئىبادىتىدىن) قانداقمۇ باش تارتىسىلەر؟**﴾ يەنى شۇنىڭدىن كېيىن شېرىكلەرگە، بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشقا يۈزۈڭلار قانداقمۇ چىدايدۇ؟ دېدى.

* * * * * * *

وَإِن يُكَذِّبُوكَ فَقَدْ كُذِّبَتْ رُسُلٌ مِّن قَبْلِكَ ۚ وَإِلَى ٱللَّهِ تُرْجَعُ ٱلْأُمُورُ ﴿٤﴾ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنَّ وَعْدَ ٱللَّهِ حَقٌّ ۖ فَلَا تَغُرَّنَّكُمُ ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَا ۖ وَلَا يَغُرَّنَّكُم بِٱللَّهِ ٱلْغَرُورُ ﴿٥﴾ إِنَّ ٱلشَّيْطَـٰنَ لَكُمْ عَدُوٌّ فَٱتَّخِذُوهُ عَدُوًّا ۚ إِنَّمَا يَدْعُوا۟ حِزْبَهُۥ لِيَكُونُوا۟ مِنْ أَصْحَـٰبِ ٱلسَّعِيرِ ﴿٦﴾

***(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ئۇلار سېنى ئىنكار قىلسا (قايغۇرۇپ كەتمە)، ھەقىقەتەن سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىنغان، ھەممە ئىش اللہ نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ*** [4]. ***ئى ئىنسانلار! اللہ نىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى مەغرۇر قىلمىسۇن، شەيتاننىڭ سىلەرنى اللہ نىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مەغرۇر قىلىشىغا يول قويماڭلار*** [5]. ***شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار، شەيتان ئۆزىنىڭ تەۋەلىرىنى ئەھلى دوزاختىن بولۇشقا چاقىرىدۇ*** [6].

## ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ئىنكار قىلىنغانلىقى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىش ۋە قىيامەتتىن ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا

اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! ئەگەر اللہ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلەر، سەن ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن تەۋھىد ھەققىدە ساڭا قارشىلىق قىلغانلار، سېنى ئىنكار قىلسا قايغۇرۇپ كەتمە، سەۋر

www.munber.org

قىلىشتا ئۆزەڭگە سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنى ئۈلگە قىلغىن، ئۇلارمۇ ساڭا ئوخشاش ئۆز قەۋملىرىگە روشەن پاكىتلارنى ئېلىپ كەلگەن ۋە ئۇلارنى تەۋھىدكە بۇيرۇغان ئىدى. بىراق قەۋملىرى ئۇلارنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلارغا قاتتىق قارشىلىق قىلغان ئىدى. ﴿**ھەممە ئىش الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ**﴾ يەنى كەلگۈسىدە ئۇلارغا ئەنە شۇ قىلمىشلىرىغا بىنائەن تولۇق جازا بېرىلىدۇ.

﴿**ئى ئىنسانلار! الله نىڭ ۋەدىسى**﴾ يەنى قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقى ﴿**ھەقىقەتەن ھەقتۇر، سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى**﴾ يەنى الله تائالا دوستلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە ئەگەشكەنلەرگە ۋەدە قىلغان كاتتا ياخشىلىقىا سېلىشتۇرغاندا، دۇنيانىڭ ئەرزىمەس تىرىكچىلىكى ﴿**مەغرۇر قىلمىسۇن**﴾ يەنى سىلەر بۇ دۇنيادىكى تۈگەپ كېتىدىغان مەنپەئەتكە بېرىلىپ ئاخىرەتتىكى ئەنە شۇ مەڭگۈلۈك مەنپەئەتتىن يۈز ئۆرۈپ كۆرەڭلەپ كەتمەڭلار.

﴿**شەيتاننىڭ سىلەرنى الله نىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مەغرۇر قىلىشىغا يول قويماڭلار**﴾ يەنى شەيتان سىلەرگە پىتنە قىلىپ، سىلەرنى الله تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئەگىشىشتىن، الله تائالانىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىشتىن توسۇپ قويمىسۇن. چۈنكى، شەيتان ئالدامچىدۇر، يالغانچىدۇر ۋە بوھتان چاپلىغۇچىدۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى سۇرە لوقماننىڭ ئاخىرىدىكى بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشايدۇ: ﴿سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى مەغرۇر قىلمىسۇن، شەيتاننىڭ سىلەرنى الله نىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مەغرۇر قىلىشىغا يول قويماڭلار﴾[1].

ئاندىن الله تائالا ئىبلىسنىڭ ئادەم ئەۋلادىغا بولغان ئاداۋىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار**﴾ يەنى شەيتان سىلەرگە دۈشمەنلىك بىلەن جەڭ ئېلان قىلغۇچىدۇر، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەڭ قاتتىق دۈشمەنلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىڭلار، قارشى تۇرۇڭلار، سىلەرنى مەغرۇرلاندۇرغان نەرسىلىرىدە ئۇنى يالغانچىغا چىقىرىڭلار.

﴿**شەيتان ئۆزىنىڭ تەۋەلىرىنى ئەھلى دوزاختىن بولۇشقا چاقىرىدۇ**﴾ يەنى شەيتان پەقەت سىلەرنى ئازدۇرۇشنى، سىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە دوزاخ ئازابىغا كىرىشىڭلارنىلا خالايدۇ. مانا بۇ روشەن دۈشمەنلىكتۇر. كۈچلۈك ۋە غالىب الله تائالادىن بىزنى شەيتاننىڭ دۈشمەنلىك قىلىشىدىن پاناھ تىلەيمىز! ھەمدە بىزنى الله تائالانىڭ كىتابىغا ئەگىشىدىغان، پەيغەمبىرىنىڭ يولىدا ماڭىدىغانلاردىن قىلىشىنى سورايمىز. الله تائالا ئۆزى خالىغان ھەرقانداق نەرسىنى قىلىشقا قادىردۇر، دۇئانى ئىجابەت قىلىشقا ھەقلىقتۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى. شۇڭا ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىدىن چىقتى. مېنى قويۇپ ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى دوست قىلىۋالامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلار سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئىبلىس زالىملار ئۈچۈن نېمىدېگەن يامان بەدەل! (يەنى الله غا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىغا شەيتانغا چوقۇنۇش نېمىدېگەن! يامان)﴾[2].

* * * * * * *

[1] سۇرە لوقمان 33 - ئايەت.نىڭ بىرقىسمى.
[2] سۇرە كەھف 50 - ئايەت..

www.munber.org

ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَهُمۡ عَذَابٞ شَدِيدٞۖ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَهُم مَّغۡفِرَةٞ وَأَجۡرٞ كَبِيرٌ
٧ أَفَمَن زُيِّنَ لَهُۥ سُوٓءُ عَمَلِهِۦ فَرَءَاهُ حَسَنٗاۖ فَإِنَّ ٱللَّهَ يُضِلُّ مَن يَشَآءُ وَيَهۡدِي مَن يَشَآءُۖ فَلَا
تَذۡهَبۡ نَفۡسُكَ عَلَيۡهِمۡ حَسَرَٰتٍۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمُۢ بِمَا يَصۡنَعُونَ ٨

***كاپىرلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار مەغپىرەتكە ۋە كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدۇ[7]. ئۆزىنىڭ يامان ئەمەلى چىرايلىق كۆرسىتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى چىرايلىق ھېسابلىغان كىشى (ھىدايەت تاپقان كىشى بىلەن ئوخشاشمۇ؟) الله ھەقىقەتەن خالىغان كىشىنى گۇمراھ قىلىدۇ (خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ). شۇڭا سەن ئۇلار ئۈچۈن (يەنى ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرى ئۈچۈن) قايغۇرۇپ ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋالمىغىن، الله ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر[8].***

## قىيامەت كۈنى كاپىرنىڭ جازاغا تارتىلىدىغانلىقى ۋە مۆمىننىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا ئىبلىسنىڭ تەۋەلىرىنىڭ بارىدىغان جايىنىڭ دوزاخ ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا كاپىرلارنىڭ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. چۈنكى، كاپىرلار شەيتانغا ئىتائەت قىلىپ، مېھرىبان الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلدى. الله تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ﴿**ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار**﴾ قىلغان گۇناھلىرى ئۈچۈن ﴿**مەغپىرەتكە ۋە**﴾ قىلغان ياخشى ئىشلىرى ئۈچۈن ﴿**كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئۆزىنىڭ يامان ئەمەلى چىرايلىق كۆرسىتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى چىرايلىق ھېسابلىغان كىشى**﴾ يەنى كاپىرلار ۋە گۇناھكارلارغا ئوخشاش يامان ئىشلارنى قىلىپ ئۆزلىرىنى ئوبدان ئىش قىلدۇق دەپ ھېسابلاپ خاتا ئويلىغانلار. يەنى الله تائالا مۇشۇنداق گۇمراھ قىلغان كىشىنى ھىدايەت قىلىشقا ئامالىڭ بارمۇ؟ ئۇنى ھىدايەت قىلىشقا ھېچ بىر ئامالىڭ يوق.
﴿**الله ھەقىقەتەن خالىغان كىشىنى گۇمراھ قىلىدۇ (خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ)**﴾ يەنى ئۇنىڭ گۇمراھ بولۇشى ياكى ھىدايەت تېپىشى الله تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ.
﴿**شۇڭا سەن ئۇلار ئۈچۈن (يەنى ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرى ئۈچۈن) قايغۇرۇپ ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋالمىغىن**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرى ئۈچۈن ھەسرەت چەكمىگىن، الله تائالا ھەقىقەتەن ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچىدۇر. پەقەت الله تائالا گۇمراھ قىلغان كىشىلا گۇمراھ بولىدۇ، ھىدايەت قىلغان كىشىلا ھىدايەت تاپىدۇ، ئۇنداق قىلىشتا الله تائالا يېتەرلىك پاكىت، تولۇق ئىلىم ئىگىسىدۇر. ﴿**الله ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر**﴾.

* * * * * * *

وَٱللَّهُ ٱلَّذِيٓ أَرۡسَلَ ٱلرِّيَٰحَ فَتُثِيرُ سَحَابٗا فَسُقۡنَٰهُ إِلَىٰ بَلَدٖ مَّيِّتٖ فَأَحۡيَيۡنَا بِهِ ٱلۡأَرۡضَ بَعۡدَ مَوۡتِهَاۚ
كَذَٰلِكَ ٱلنُّشُورُ ٩ مَن كَانَ يُرِيدُ ٱلۡعِزَّةَ فَلِلَّهِ ٱلۡعِزَّةُ جَمِيعًاۚ إِلَيۡهِ يَصۡعَدُ ٱلۡكَلِمُ ٱلطَّيِّبُ وَٱلۡعَمَلُ
ٱلصَّٰلِحُ يَرۡفَعُهُۥۚ وَٱلَّذِينَ يَمۡكُرُونَ ٱلسَّيِّـَٔاتِ لَهُمۡ عَذَابٞ شَدِيدٞۖ وَمَكۡرُ أُوْلَٰٓئِكَ هُوَ يَبُورُ ١٠ وَٱللَّهُ

www.munber.org

خَلَقَكُم مِّن تُرَابٍ ثُمَّ مِن نُّطْفَةٍ ثُمَّ جَعَلَكُمْ أَزْوَٰجًا ۚ وَمَا تَحْمِلُ مِنْ أُنثَىٰ وَلَا تَضَعُ إِلَّا بِعِلْمِهِۦ ۚ وَمَا يُعَمَّرُ مِن مُّعَمَّرٍ وَلَا يُنقَصُ مِنْ عُمُرِهِۦٓ إِلَّا فِى كِتَٰبٍ ۚ إِنَّ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٌ ﴿١١﴾

***قوزغايدۇ، بىز بۇلۇتلارنى ئۆلۈك (يەنى قاغجىراق) بىر يەرگە ھەيدەيمىز (بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرىمىز)، شۇ يامغۇر بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىمىز. ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشى ئەنە شۇنداقتۇر[9]. كىمكى (دۇنيادا) شەرەپ ئىزدەيدىكەن، شەرەپنىڭ ھەممىسى اللە غا مەنسۇپ (ئۇنى اللە دىن تىلىسۇن). ياخشى سۆز اللە نىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ، (پەيغەمبەرگە قارشى) ھىيلە ـ مىكىرلەرنى تۈزىدىغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرى ئىشقا ئاشمايدۇ[10]. اللە سىلەرنى (يەنى ئەسلىڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) تۇپراقتىن ياراتتى. ئاندىن ئابمەنىدىن پەيدا قىلدى. ئاندىن سىلەرنى (ئەر ـ ئايالدىن ئىبارەت) بىر جۈپ قىلدى، ھەر قانداق ئايالنىڭ ھامىلدار بولۇشى ۋە تۇغۇشى اللە نىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان، بۇ ھەقىقەتەن اللە غا ئاسان[11].***

## ئۆلگەندىن كېيىنكى ھاياتلىقنىڭ دەلىللىرى توغرىسىدا

اللە تائالا نۇرغۇن ئورۇنلاردا ئۆلۈك زېمىننى كۆكەرتىش بىلەن قىيامەتنى مەيدانغا ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ. سۈرە ھەجنىڭ بېشىدىمۇ اللە تائالا بەندىلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، اللە تائالا نىڭ زېمىننى كۆكەرتىشى بىلەن قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشىدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، زېمىن ئۆلۈك، قاقاس، ئۇنىڭدا بىر تال گىيامۇ يوق ھالەتتە بولىدۇ. ئاندىن اللە تائالا ئۇ زېمىنغا سۇ بىلەن تولدۇرۇلغان تاغدەك بۇلۇتلارنى ئەۋەتىدۇ ـ دە، ئۇنى يامغۇر قىلىپ ئۇ يەرگە ياغدۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ﴿ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپىشىدۇ، تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ﴾[1] شۇنىڭدەكلا اللە تائالا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشنى ئىرادە قىلغان چاغدا، ئەرشنىڭ ئاستىدىن زېمىننىڭ ھەممە يېرىگە ئومۇمىيۈزلۈك يامغۇر ياغدۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈكلەر قەبرىلىرىدىن خۇددى دان تۇپراقتىن ئۈنۈپ چىققاندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ.

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئادەم ئەۋلادىنىڭ قۇيرۇق سۆڭىكىدىن باشقا ھەممە يېرى چىرىپ تۈگەيدۇ، ئۇ قۇيرۇق سۆڭىكىدىن باشلاپ يارىتىلغان، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن باشلاپ قايتا تىرىلدۈرۈلىدۇ».

﴿**ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشى ئەنە شۇنداقتۇر**﴾ ئىمام ئەبۇرەزىننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، مەن: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! اللە ئۆلۈكنى قانداق تىرىلدۈرىدۇ؟ اللە نىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىچىدە ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈشنىڭ ئالامىتى نېمە؟ دەپ سورىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەبۇرەزىن! قەۋمىڭنىڭ قورغاق ۋادىسىدىن ئۆتمىدىڭمۇ، ئاندىن ئۇ ۋادىنىڭ جانلىنىپ كۆكەرگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭدىن قايتا ئۆتمىدىڭمۇ؟» دېدى. مەن: شۇنداق، ۋادىدىن ئۆتتۈم، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەنە شۇ قاقاس ۋادى كۆكەرگەندەك، اللە تائالا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدۇ» دېدى.

---

[1] سۈرە ھەج 5 ـ ئايەت.نىڭ بىرقىسمى.

www.munber.org

## كىمكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە شەرەپلىك بولۇشنى خالىسا، ئۇنىڭ غالىب اللە غا ئىتائەت قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا

﴿كىمكى (دۇنيادا) شەرەپ ئىزدەيدىكەن، شەرەپنىڭ ھەممىسى اللە غا مەنسۇپ﴾ يەنى كىمكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە شەرەپلىك بولۇشنى خالىسا، ئۇنداقتا ئۇ اللە تائالاغا ئىتائەت قىلىشى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا ئۇ مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. چۈنكى، اللە تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ پادىشاھىدۇر. شەرەپنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا مەنسۇپتۇر.

بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار مۆمىنلەرنى قويۇپ، كاپىرلارنى دوست تۇتىدۇ، ئۇلار كاپىرلارنىڭ قېشىدىن ئىززەت ۋە قۇدرەت تەلەپ قىلامدۇ؟ (يەنى كۇففارلارنىڭ دوستلۇقىدىن ئىززەت ۋە غەلىبە تىلەمدۇ؟) ئىززەت ۋە قۇدرەتنىڭ ھەممىسى اللە غا خاستۇر﴾[1] ﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارنىڭ (ساڭا سەن پەيغەمبەر ئەمەسسەن دېگەن) سۆزى سېنى قايغۇغا سالمىسۇن، پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋەت اللە غا مەنسۇپ (اللە ساڭا مەدەتكاردۇر)﴾[2] ﴿غەلىبە اللە غا، اللە نىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە مەنسۇپ، لېكىن مۇناپىقلار (غەلىبىنىڭ اللە نىڭ دۈشمەنلىرىگە ئەمەس، دوستلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ﴾[3].

مۇجاھىد: ﴿كىمكى﴾ دۇنيادا بۇتلارغا ئىبادەت قىلىش بىلەن ﴿شەرەپ ئىزدەيدىكەن﴾ ئۇ بىلىپ قويسۇنكى ﴿شەرەپنىڭ ھەممىسى اللە غا مەنسۇپ﴾ دېدى. قەتادە: ﴿كىمكى (دۇنيادا) شەرەپ ئىزدەيدىكەن، شەرەپنىڭ ھەممىسى اللە غا مەنسۇپ﴾ ئۇنى غالىب ۋە بۈيۈك اللە تائالاغا ئىتائەت قىلىش بىلەن تىلىسۇن، دېدى.

## ياخشى ئەمەللەرنىڭ اللە تائالانىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿ياخشى سۆز﴾ يەنى سەلەپ ئۆلىمالىرىدىن بىر قانچە كىشىنىڭ ئېيتىشىچە: اللە تائالانى ياد ئېتىش، قۇرئان ئوقۇش، اللە تائالاغا دۇئا قىلىش قاتارلىقلار ﴿اللە نىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ﴾.

ئىبنى جەرىر، مەخارىق ئىبنى سەلىمدىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر بىز سىلەرگە بىرەر سۆزنى سۆزلەپ بەرسەك، سىلەرگە ئۇنى ئىسپاتلاپ اللە تائالانىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدىن دەلىل كۆرسىتىمىز. شەك - شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىر مۇسۇلمان بەندە: اللە تائالاغا تەسبىھ ئېيتىمەن، ھەمدە ئېيتىمەن، بارلىق ھەمدۇسانا اللە تائالاغا خاستۇر، اللە تائالادىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر. اللە تائالا كاتتىدۇر، بۈيۈكتۇر، دېسە ئۇ سۆزلەرنى پەرىشتە قانىتىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ. بۇ پەرىشتە ئۇ سۆزلەرنى ئېلىپ بىرەر توپ پەرىشتىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇ پەرىشتىلەر ئۇ سۆزلەرنى قىلغان كىشىگە تاكى بۇ پەرىشتە ئۇ سۆزلەرنى ئېلىپ غالىب ۋە بۈيۈك اللە تائالانىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ كەلگىچىلىك مەغپىرەت تىلەيدۇ. ئاندىن ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿ياخشى سۆز اللە نىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ﴾.

ئىمام ئەھمەد، نوئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللە نى تەسبىھ ئېيتىش، تەكبىر ئېيتىش، ھەمدۇسانا ئېيتىش ۋە تەھلىل

[1] سۈرە نىسا 139 - ئايەت..
[2] سۈرە يۇنۇس 65 - ئايەت.نىڭ بىرقىسمى.
[3] سۈرە مۇنافىقۇن 8 - ئايەت.نىڭ بىرقىسمى.

www.munber.org

ئېيتىش (يەنى الله دىن باشقا ھېچ مەبۇد يوق) دېيىش بىلەن ئۇلۇغلاپ ياد ئەتكۈچىلەرنىڭ سۆزلىرى ئەرشنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇ سۆزلەرنىڭ ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ ئاۋازىدەك غۇڭۇلدىغان ئاۋازلىرى بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىرىنى (يەنى ئەنە شۇ سۆزلەر بىلەن الله تائالانى ياد ئەتكەنلەرنى) ياد ئېتىشىدۇ. بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىنى الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ياد ئېتىدىغان بىرەر نەرسىنىڭ ھەمىشە بولۇشىنى ياقتۇرمامدۇ؟» بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجەمۇ مۇشۇنداق رىۋايەت قىلغان.

﴿ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە، ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ياخشى سۆز الله تائالانى يادا ئەتمەك دېمەكتۇر. ئۇ الله تائالا تەرەپكە ئۆرلەيدۇ. ياخشى ئەمەل، پەرز ئەمەللەرنى ئادا قىلماق دېمەكتۇر. كىم الله تائالانىڭ پەرزلىرىنى ئادا قىلغاندا الله تائالانى ياد ئېتىدىكەن، ئۇنىڭ ئەمەلى الله تائالانى يادا ئېتىلگەن سۆزنى كۆتۈرۈپ الله تائالانىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ. كىمكى الله تائالانىڭ پەرزلىرىنى ئادا قىلماستىن الله تائالانى ياد ئېتىدىكەن، ئۇنىڭ سۆزى ئۇنىڭ ئەمەلىگە قايتۇرۇلىدۇ (يەنى الله تائالانىڭ دەرگاھىغا ئۆرلىمەيدۇ) ئۇنداق بولۇشى تامامەن ھەقلىقتۇر.

﴿(پەيغەمبەرگە قارشى) ھىيلە - مىكىرلەرنى تۈزىدىغانلار﴾ مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە شەھر ئىبن ھەۋشەب بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلار ئەمەللىرىنى رىيا ۋە كۆز بوياමچىلىق ئۈچۈن قىلىدىغانلاردۇر، دېدى. يەنى ئۇلار كىشىلەرگە ھىيلە - مىكىر قىلىپ ئۇلارغا گويا ئۆزلىرىنى الله تائالاغا ئىتائەت قىلىۋاتقاندەك كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار الله تائالانىڭ دۈشمەنلىرىدۇر، ئۇلار ئەمەللىرىنى رىيا ۋە كۆز بوياමچىلىق ئۈچۈن قىلىدىغانلاردۇر.

ئۇلار ﴿قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكرى ئىشقا ئاشمايدۇ﴾ يەنى تەدبىرلىك ئەقىل ئىگىلىرىگە پات - پۇرسەتتە ئۇلارنىڭ ساختىپەزلىكى ئاشكارا بولۇپ باتىل ۋە بۇزۇق نىيەتلىرى پاش بولىدۇ. بىرەر ئادەم بىرەر سىرنى يوشۇرسا الله تائالا ئۇنى كۆز ئالدىدا ياكى ئۆز تىلى بىلەن ئاشكارا قىلىدۇ (يەنى ئۇ سىرنى ئۆزى دىققەتسىزلىكتىن دەپ تاشلايدۇ). بىرەر ئادەم بىرەر سىرنى يوشۇرسا، الله تائالا ئۇنىڭغا يوشۇرغان سىرىنىڭ تونىنى كىيگۈزىدۇ (يەنى تېگىشلىك نام بېرىدۇ)، ئەگەر ئۇ ياخشى ئىش بولسا ياخشى نامغا ئېرىشىدۇ، رىياخورنىڭ ئىشى راۋاج تاپمايدۇ ۋە داۋام قىلمايدۇ، پەقەت ئۇنىڭ دۆتلىكىلا مەلۇم بولىدۇ، خالاس. ئەقىل پاراسەتلىك مۆمىنلەر ئۇلارغا ئالدىنىپ كەتمەيدۇ. بەلكى مۆمىنلەرگە پات - پۇرسەتتە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى پاش بولىدۇ، الله تائالا غەيبنى بىلگۈچىدۇر. ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە يوشۇرۇن بولمايدۇ.

## الله تائالانىڭ ياراتقۇچى ۋە غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلگۈچى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿الله سىلەرنى (يەنى ئەسلىڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) تۇپراقتىن ياراتتى. ئاندىن ئابىمەنىيدىن پەيدا قىلدى﴾ يەنى دەسلەپتە ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن ياراتتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئەۋلادىنى ئەرزىمەس سۇنىڭ جەۋھىرى بولغان مەنىدىن ياراتتى.

﴿ئاندىن سىلەرنى (ئەر - ئاياлدىن ئىبارەت) بىر جۈپ قىلدى﴾ يەنى الله تائالا شەپقەت ۋە مەرھەمەت قىلىپ، ئاياللار بىلەن ئۇنسى - ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ئۆز تىپىڭلاردىن بىر جۈپ ئەر - ئايال قىلىپ ياراتتى.

﴿ھەر قانداق ئايالنىڭ ھامىلدار بولۇشى ۋە تۇغۇشى الله نىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەس﴾ يەنى الله تائالا ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە الله تائالاغا مەخپىي قالمايدۇ ھەتتا ﴿(دەرەختىن)

www.munber.org

تۆكۈلگەن ياپراقتىن الله بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسە بولسۇن، ھەممىسى (الله غا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر﴾[1] ﴿ھەر بىر (ھامىلدار) ئايالنىڭ قورسىقىدىكىنى الله بىلىدۇ (يەنى ئوغۇلمۇ ـ قىزمۇ، بىرمۇ ـ كۆپمۇ، چوڭمۇ ـ كىچىكمۇ، چىرايلىقمۇ ـ سەتمۇ، بەختلىكمۇ ـ بەختسىزمۇ، ئۆمرى ئۇزۇنمۇ ـ قىسقىمۇ، ھەممىسىنى الله بىلىدۇ). بەچچىدانلارنىڭ كىچىكلەپ كەتكەنلىكى ياكى يوغىناپ كەتكەنلىكىنىمۇ (يەنى بالىنىڭ مۇددىتى توشماي تۇغۇلىدىغانلىقىنى ياكى مۇددىتى ئېشىپ كېتىپ تۇغۇلىدىغانلىقىنى) (الله) بىلىدۇ. الله نىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىكتۇر. الله مەخپىي ۋە ئاشكارا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن بۈيۈكتۇر، ھەممىدىن ئۈستۈندۇر﴾[2] بۇ ئايەتلەرنىڭ تەپسىرى يۇقىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىندى.

﴿ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان﴾ يەنى بەزى ئادەملەرگە ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلغانلىقىنى الله تائالا ئۆزى بىلىدۇ، ئۇ الله تائالانىڭ دەرگاھىدا يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغاندۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۆمرى لەۋھۇلمەھپۇزدا، الله تائالانىڭ ئىلمىدە يېزىلغان بولۇپ ئۇ قىسقارتىلمايدۇ.

ئەۋفىي ئارقىلىق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ الله تائالانىڭ: ﴿ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان بۇ ھەقىقەتەن الله غا ئاسان﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: بىرەر ئادەمگە ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە ھاياتلىق بەلگىلەنگەن ئىكەن، ئۇ پەقەت ئۆزىگە بەلگىلەنگەن ئۆمۈر بويىچە ياشايدۇ ۋە ئۇنىڭغا شۇ بويىچە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆمرى چوقۇم لەۋھۇلمەھپۇزدا بەلگىلەنگىنى بويىچە تۈگەيدۇ، ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. بىرەر ئادەمگە قىسقا ئۆمۈر ۋە ھاياتلىق بەلگىلەنگەن بولسا، ئۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۆمرى پەقەت لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان بويىچە تۈگەيدۇ.

ئەنە شۇ الله تائالانىڭ: ﴿ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان بۇ ھەقىقەتەن الله غا ئاسان﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەزمۇنىدۇر. زەھھاك ئىبنى مۇزاھىممۇ بۇ ئايەتنى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەپسىر قىلدى.

بەزى تەپسىرشۇناسلارنىڭ ئېيتىشىچە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداقتۇر: ھەر قانداق ئادەمنىڭ پۈتۈلگەن ئەجىلىنىڭ ئاز ـ ئازدىن، يىلمۇيىل، ئايمۇئاي، ھەپتىمۇھەپتە، كۈنمۇكۈن، ۋە سائەتمۇ سائەت قىسقىراپ مېڭىشىنىڭ ھەممىسى الله تائالاغا مەلۇمدۇر. ھەممىسى الله تائالانىڭ دەرگاھىدا، يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغاندۇر. بۇنى ئىبنى جەرىر ئەبۇمالىكتىن نەقىل كەلتۈرۈپ رىۋايەت قىلغان. بۇنىڭغا سۇددى ۋە ئەتا خۇراسانى قاتارلىقلارمۇ قوشۇلغان.

ئىمام نەسائى بۇ ئايىتى كەرىمنىڭ تەپسىرىدە ئەنە ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «كىمكى رىزقىنىڭ كەڭرى بولۇشى، ئەجىلىنىڭ كېچىكتۈرۈلۈشى خۇرسەن قىلسا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلسۇن». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇدلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿بۇ ھەقىقەتەن الله غا ئاسان﴾ يەنى الله تائالانىڭ ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشىنى بىلىش ۋە بارلىق مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي بىلىش الله تائالاغا ئوڭايدۇر ۋە

---

[1] سۈرە ئەنئام 59 ـ ئايەت.نىڭ بىرقىسمى.

[2] سۈرە رەئىد 8 ـــ 9 ـ ئايەتلەر..

www.munber.org

ئاساندۇر. چۈنكى، الله تائالا بارلىق نەرسىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا يوشۇرۇن قالمايدۇ.

* * * * * * *

وَمَا يَسْتَوِى ٱلْبَحْرَانِ هَـٰذَا عَذْبٌ فُرَاتٌ سَآئِغٌ شَرَابُهُۥ وَهَـٰذَا مِلْحٌ أُجَاجٌ ۖ وَمِن كُلٍّ تَأْكُلُونَ لَحْمًا طَرِيًّا وَتَسْتَخْرِجُونَ حِلْيَةً تَلْبَسُونَهَا ۖ وَتَرَى ٱلْفُلْكَ فِيهِ مَوَاخِرَ لِتَبْتَغُوا۟ مِن فَضْلِهِۦ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿١٢﴾

*ئىككى دېڭىز (يەنى دېڭىز بىلەن دەريا) ئوخشاش ئەمەس. بۇنىڭ (يەنى دەريانىڭ) سۈيى تاتلىق، تەملىك بولۇپ (گالدىن) سىلىق ئۆتىدۇ، بۇ (يەنى دېڭىز) ناھايىتى ئاچچىق، تۇزلۇق، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدىن يېڭى گۆشلەرنى (يەنى بېلىقلارنى) يەيسىلەر، (دېڭىزدىن) سىلەر تاقايدىغان زىننەت بۇيۇملىرى (يەنى ئۈنچە ـ مارجانلار) نى چىقىرىسىلەر، الله نىڭ نېمىتىنى تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن، شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن (الله نىڭ ئەمرى بىلەن يۈك ـ تاق، يېمەك ـ ئىچمەكلەر قاچىلانغان) كېمىلەرنىڭ دېڭىزدا دولقۇن يېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن﴿12﴾.*

## الله تائالانىڭ نېمەتلىرى ۋە مۆجىزىلىرى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ بىر ـ بىرىگە قارمۇقارشى بولغان تۈرلۈك شەيئىلەرنى يارىتىشتىكى بۈيۈك قۇدرىتىگە بەندىلىرىنىڭ دىققىتىنى بۇرۇشى ئۈچۈن مۇنداق بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. دېڭىز بىلەن دەريانى ياراتتى. سۈيى تاتلىق ۋە ئىنتايىن ساپ بولغىنى يۇرتلاردىن، ئاۋات شەھەرلەردىن، سەھرالاردىن ۋە چۆللەردىن ئېقىپ ئۆتىدىغان، ئىنسانلارنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كېلىۋاتقان چوڭ ـ كىچىك دەريالاردۇر. دەريالارنىڭ سۈيى تاتلىق بولغاچقا، ئۇنى ئىچكەندە گالدىن سىلىق ئۆتىدۇ.

﴿**بۇ (يەنى دېڭىز) ناھايىتى ئاچچىق، تۇزلۇق**﴾ تۇر. ئۇ چوڭ ـ چوڭ پاراخوتلار، كېمىلەر ماڭىدىغان دېڭىزدىن ئىبارەتتۇر. دېڭىزنىڭ سۈيى تۇزلۇق ۋە زەھەردەك ئاچچىق بولىدۇ. شۇڭا الله تائالا: ﴿**بۇ (يەنى دېڭىز) ناھايىتى ئاچچىق، تۇزلۇق**﴾ تۇر دېگەن. ئاندىن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدىن يېڭى گۆشلەرنى (يەنى بېلىقلارنى) يەيسىلەر، (دېڭىزدىن) سىلەر تاقايدىغان زىننەت بۇيۇملىرى (يەنى ئۈنچە ـ مارجانلار) نى چىقىرىسىلەر**﴾.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلاردىن مەرۋايىت بىلەن مارجان چىقىدۇ. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴾[1].

﴿**(الله نىڭ ئەمرى بىلەن يۈك ـ تاق، يېمەك ـ ئىچمەكلەر قاچىلانغان) كېمىلەرنىڭ دېڭىزدا دولقۇن يېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى توغرىسىدا مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: كېمىلەر شامالنى يېرىپ ماڭىدۇ، پەقەت چوڭ كېمىلەرلا شامالنى يېرىپ ماڭالايدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: كېمىلەرنىڭ سىلەرگە بويسۇندۇرۇلۇشى ﴿**الله نىڭ نېمىتىنى تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن**﴾ دۇر، يەنى كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ تىجارەت ئىش بىلەن يۇرتتىن يۇرتقا، شەھەردىن شەھەرگە سەپەر قىلىسىلەر.

[1] سۈرە راھمان 22 ـــ 23 ـ ئايەتلەر..

www.munber.org

بۇلار: ﴿شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن﴾ سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بېرىلدى. يەنى دېڭىزدىن ئىبارەت بۇ كاتتا نەرسىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن پەرۋەردىگارىڭلارغا شۈكۈر قىلىشىڭلار كېرەك. سىلەر دېڭىزنى خالىغىنىڭلار بويىچە ئىشلىتىسىلەر. كېمىلەر بىلەن قەيەرگە بېرىشنى خالىساڭلار شۇ يەرگە بارىسىلەر، ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىماستىن، الله تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن تىنىچ ـ ئامان سەپەر قىلىسىلەر. الله تائالا ھەقىقەتەن ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، بۇنىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمىتى ۋە مەرھەمىتىدۇر.

* * * * * * *

يُولِجُ ٱلَّيۡلَ فِى ٱلنَّهَارِ وَيُولِجُ ٱلنَّهَارَ فِى ٱلَّيۡلِ وَسَخَّرَ ٱلشَّمۡسَ وَٱلۡقَمَرَ كُلٌّ يَجۡرِى لِأَجَلٍ
مُّسَمًّى ۚ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمۡ لَهُ ٱلۡمُلۡكُ ۚ وَٱلَّذِينَ تَدۡعُونَ مِن دُونِهِۦ مَا يَمۡلِكُونَ مِن قِطۡمِيرٍ
﴿١٣﴾ إِن تَدۡعُوهُمۡ لَا يَسۡمَعُواْ دُعَآءَكُمۡ وَلَوۡ سَمِعُواْ مَا ٱسۡتَجَابُواْ لَكُمۡ ۖ وَيَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ يَكۡفُرُونَ
بِشِرۡكِكُمۡ ۚ وَلَا يُنَبِّئُكَ مِثۡلُ خَبِيرٍ ﴿١٤﴾

*الله كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ (شۇنىڭ بىلەن كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشى جايلار، پەسىللەر بويىچە نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ)، الله كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە) بويسۇندۇرۇپ بەردى. ھەر ئىككىلىسى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى قىيامەتكىچە ئۆز ئوقىدا) سەير قىلىدۇ، ئەنە شۇ الله سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر، الله نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلار قىلچىلىك نەرسىگە ئىگە ئەمەس*﴿13﴾*. ئەگەر ئۇلارنى چاقىرساڭلار، سىلەرنىڭ چاقىرغىنىڭلارنى ئاڭلىمايدۇ، ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ سىلەرگە جاۋاب قايتۇرالمايدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلار (الله غا ئۇلارنى) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئىنكار قىلىدۇ، (مۇشرىكلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالىنى ھېچ ئەھەدى) ساڭا ھەممىدىن خەۋەردار زاتتەك (يەنى الله دەك) ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ*﴿14﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايدىغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالانىڭ كېچىنى قاراڭغۇلۇقى بىلەن، كۈندۈزنى يورۇقلۇقى بىلەن بويسۇندۇرۇشى، الله تائالانىڭ تامامى قۇدرىتىنى ۋە بۈيۈك پادىشاھلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىلدۇر. الله تائالا بىرىنى قىسقارتىپ يەنە بىرىنى ئۇزارتىدۇ ـ دە، كۈز بىلەن ئەتىياز پەسىللىرىدە كېچە بىلەن كۈندۈز باراۋەر بولىدۇ. ئاندىن الله تائالا بىرىنى ئۇزارتىپ يەنە بىرىنى قىسقارتىدۇ ـ دە، ياز بىلەن قىش پەسىللىرى ئالمىشىپ تۇرىدۇ (يەنى كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن قىسقا بولۇشى بىلەن پەسىللەر نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ).

﴿**الله كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە) بويسۇندۇرۇپ بەردى**﴾ يەنى ئاسماندا نۇر چېچىپ تۇرىدىغان ۋە تۇرغۇن يۇلتۇزلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. ھەممە يۇلتۇزلار مۇئەييەن ئۆلچەمدە، پۇختا ۋە قانۇنلۇق سىزىلغان ئۆز ئوقى ئەتراپىدا، ھەممىنى بىلگۈچى غالىب الله تائالانىڭ ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ. ﴿**ھەر ئىككىلىسى مۇئەييەن مۇددەتكىچە**﴾ يەنى قىيامەتكىچە ئۆز ئوقىدا ﴿**سەير قىلىدۇ، ئەنە شۇ الله سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر**﴾ يەنى بۇنى قىلغان زات ئەنە شۇ بۈيۈك پەرۋەردىگاردۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر.

www.munber.org

**﴿اللّٰه نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلار﴾** يەنى ئۆزەڭلار گۇمان بىلەن اللّٰه تائالاغا يېقىن پەرىشتىلەرنىڭ سۈرىتى دەپ ئاتىۋالغان بۇتلىرىڭلار، شېرىكلىرىڭلار **﴿قىلچىلىك نەرسىگە ئىگە ئەمەس﴾** يەنى ئۇلار ئاسمانلاردىن ۋە زېمىندىن ھېچ نەرسىگە ئىگە ئەمەس.

**﴿ئەگەر ئۇلارنى چاقىرساڭلار، سىلەرنىڭ چاقىرغىنىڭلارنى ئاڭلىمايدۇ﴾** يەنى اللّٰه تائالانى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلار سىلەرنىڭ چاقىرغىنىڭلارنى ئاڭلىمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار جانسىز جىسىملاردۇر. **﴿ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ سىلەرگە جاۋاب قايتۇرالمايدۇ﴾** يەنى بۇتلار ئۇلاردىن تەلەپ قىلغان نەرسەڭلارنىڭ ھېچ بىرىنى سىلەرگە بېرىشكە قادىر بولالمايدۇ.

**﴿قىيامەت كۈنى ئۇلار (اللّٰه غا ئۇلارنى) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئىنكار قىلىدۇ﴾** يەنى ئۇلار سىلەردىن ئادا - جۇدا بولىدۇ. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللّٰه نى قويۇپ قىيامەتكىچە دۇئانى ئىجابەت قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئادەمدىنمۇ گۇمراھ ئادەم بارمۇ؟ بۇتلار ئۇلارنىڭ دۇئاسىدىن غاپىلدۇر. (قىيامەت كۈنى) ئىنسانلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توپلانغان چاغدا، بۇتلار ئۇلارغا ( يەنى بۇتپەرەسلەرگە ) دۈشمەن بولىدۇ، ئۇلار تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ﴾[1] ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئىززەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن (يەنى بۇتلىرىنىڭ شاپائىتى بىلەن اللّٰه نىڭ ئالدىدا ئىززەتلىك بولۇشلىرى ئۈچۈن)، اللّٰه نى قويۇپ ئىلاھلار (يەنى بۇتلار) غا چوقۇندى. ئىش ئۇلارنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك ئەمەس (يەنى بۇتلىرى ئۇلارنىڭ اللّٰه ئالدىدا ئىززەت تېپىشلىرىنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ)، ئۇلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ) چوقۇنۇشىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ﴾[2].

ئىشلارنىڭ ئاخىرىنى، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، (ھەممە) ئىشلارنىڭ اللّٰه تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتىدىغانلىقىنى ھېچ ئادەم **﴿ساڭا ھەممىدىن خەۋەردار زاتتەك (يەنى اللّٰه دەك) ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قەتادە مۇنداق دەيدۇ: اللّٰه تائالا ئۆزى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ، اللّٰه تائالا ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن خەۋەر قىلغۇچىدۇر، اللّٰه تائالا خەۋەر قىلغان نەرسە چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ.

* * * * * * *

۞ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ أَنتُمُ ٱلْفُقَرَآءُ إِلَى ٱللَّهِ ۖ وَٱللَّهُ هُوَ ٱلْغَنِىُّ ٱلْحَمِيدُ ﴿١٥﴾ إِن يَشَأْ يُذْهِبْكُمْ وَيَأْتِ بِخَلْقٍ جَدِيدٍ ﴿١٦﴾ وَمَا ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ بِعَزِيزٍ ﴿١٧﴾ وَلَا تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَىٰ ۚ وَإِن تَدْعُ مُثْقَلَةٌ إِلَىٰ حِمْلِهَا لَا يُحْمَلْ مِنْهُ شَىْءٌ وَلَوْ كَانَ ذَا قُرْبَىٰٓ ۗ إِنَّمَا تُنذِرُ ٱلَّذِينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُم بِٱلْغَيْبِ وَأَقَامُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ ۚ وَمَن تَزَكَّىٰ فَإِنَّمَا يَتَزَكَّىٰ لِنَفْسِهِۦ ۚ وَإِلَى ٱللَّهِ ٱلْمَصِيرُ ﴿١٨﴾

***ئى ئىنسانلار! سىلەر اللّٰه غا موھتاجسىلەر، اللّٰه (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر﴿15﴾. ئەگەر اللّٰه خالىسا، سىلەرنى ھالاك قىلىپ (ئورنۇڭلارغا) يېڭى بىر خەلقنى پەيدا قىلىدۇ﴿16﴾. بۇ اللّٰه غا قىيىن ئەمەس﴿17﴾. ھېچبىر گۇناھكار ئادەم بىراۋنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ، گۇناھى ئېغىر بىر ئادەم باشقا بىراۋنى ئۆز گۇناھىنى ئۈستىگە ئېلىشىپ ئېلىشقا چاقىرسا، ئۇ يېقىن تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ،***

---

(1) سۈرە ئەھقاف 5 — 6 - ئايەتلەر..
(2) سۈرە مەريەم 81 — 82 - ئايەت..

***ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئازراق نەرسىنى ئۈستىگە ئېلىۋالمايدۇ، سەن پەقەت پەرۋەردىگارىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قورقىدىغانلارنى، نامازنى ئادا قىلىدىغانلارنى ئاگاھلاندۇرىسەن، كىمكى (گۇناھلاردىن) پاكلىنىدىكەن، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن پاكلانغان بولىدۇ. ئاخىر قايتىدىغان جاي الله نىڭ دەرگاھىدۇر***[18].

## ئىنسانلارنىڭ الله تائالاغا مۇھتاج ئىكەنلىكى، قىيامەت كۈنى ھەر بىر ئادەم گۇناھلىرىنى ئۆزى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا ئۆزىدىن باشقا ھەممە نەرسىدىن بىھاجەت ئىكەنلىكىنى، پۈتكۈل مەخلۇقاتلارنىڭ الله تائالاغا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ الله تائالانىڭ ئالدىدا باش ئېگىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى ئىنسانلار! سىلەر الله غا موھتاجسىلەر**﴾ يەنى ئىنسانلار ئىش ـ ئەمەل بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ياكى ئارام ئېلىۋاتقان بارلىق ۋاقىتلىرىدا الله تائالاغا مۇھتاجدۇر، الله تائالا ئۇلاردىن مۇتلەق بىھاجەتتۇر.

﴿**الله (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر**﴾ يەنى ھېچ شېرىكى يوق يالغۇز، يېگانە الله تائالا ھەممىدىن بىھاجەتتۇر، جىمى ئىشلىرىدا، سۆزلىرىدە، ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرىشىدا ۋە شەرىئەت قانۇنلىرىنى يولغا قويۇشتا مەدھىيىگە لايىقتۇر.

﴿**ئەگەر الله خالىسا، سىلەرنى ھالاك قىلىپ (ئورنۇڭلارغا) يېڭى بىر خەلقنى پەيدا قىلىدۇ**﴾ يەنى ئى ئىنسانلار! ئەگەر الله تائالا خالىسا، سىلەرنى ئەلۋەتتە يوق قىلىپ ئورنۇڭلارغا سىلەردىن باشقا كىشىلەرنى يارىتىدۇ، بۇ الله تائالا ئۈچۈن ناھايىتى ئاساندۇر ﴿**بۇ الله غا قىيىن ئەمەس**﴾.

﴿**ھېچبىر گۇناھكار ئادەم**﴾ قىيامەت كۈنى ﴿**بىراۋنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ، گۇناھى ئېغىر بىر ئادەم باشقا بىراۋنى ئۆز گۇناھىنى ئۈستىگە ئېلىۋېلىشقا چاقىرسا**﴾ يەنى ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى گۇناھلارنى ياكى بەزى گۇناھلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ ياردەم قىلىشقا چاقىرسا ﴿**ئۇ يېقىن تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ**﴾ ھەتتا ئۇنىڭ ئاتىسى ياكى ئوغلى بولغان تەقدىردىمۇ ﴿**ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئازراق نەرسىنى ئۈستىگە ئېلىۋالمايدۇ**﴾ يەنى ئۇ كۈندە ھەممە ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدۇ.

﴿**سەن پەقەت پەرۋەردىگارىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قورقىدىغانلارنى، نامازنى ئادا قىلىدىغانلارنى ئاگاھلاندۇرىسەن**﴾ يەنى سەن ئېلىپ كەلگەن نەرسىدىن پەقەت پەرۋەردىگارىدىن قورقىدىغان، ئۇ بۇيرۇغان ئىشنى قىلىدىغان تەدبىرلىك ۋە ئەقىللىق كىشىلەرلا ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدۇ.

﴿**كىمكى (گۇناھلاردىن) پاكلىنىدىكەن، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن پاكلانغان بولىدۇ**﴾ يەنى كىمكى بىرەر ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، ئۇنىڭ پايدىسى پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ.

﴿**ئاخىر قايتىدىغان جاي الله نىڭ دەرگاھىدۇر**﴾ يەنى ئاخىر قايتىدىغان ۋە پاناھلىنىدىغان جاي الله تائالانىڭ دەرگاھىدۇر، الله تائالا ناھايىتى تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر، ھەر بىر ئادەمگە ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ۋە جازا بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئەمەلى ياخشى بولسا، ئۇ ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ، يامان ئىش قىلغان بولسا، جازاغا تارتىلىدۇ.

* * * * * * *

وَمَا يَسۡتَوِي ٱلۡأَعۡمَىٰ وَٱلۡبَصِيرُ ﴿١٩﴾ وَلَا ٱلظُّلُمَٰتُ وَلَا ٱلنُّورُ ﴿٢٠﴾ وَلَا ٱلظِّلُّ وَلَا ٱلۡحَرُورُ ﴿٢١﴾
وَمَا يَسۡتَوِي ٱلۡأَحۡيَآءُ وَلَا ٱلۡأَمۡوَٰتُۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُسۡمِعُ مَن يَشَآءُۖ وَمَآ أَنتَ بِمُسۡمِعٖ مَّن فِي ٱلۡقُبُورِ

www.munber.org

﴿٢٢﴾ إِنْ أَنتَ إِلَّا نَذِيرٌ ﴿٢٣﴾ إِنَّآ أَرْسَلْنَٰكَ بِٱلْحَقِّ بَشِيرًا وَنَذِيرًا ۚ وَإِن مِّنْ أُمَّةٍ إِلَّا خَلَا فِيهَا نَذِيرٌ ﴿٢٤﴾
وَإِن يُكَذِّبُوكَ فَقَدْ كَذَّبَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ جَآءَتْهُمْ رُسُلُهُم بِٱلْبَيِّنَٰتِ وَبِٱلزُّبُرِ وَبِٱلْكِتَٰبِ ٱلْمُنِيرِ
﴿٢٥﴾ ثُمَّ أَخَذْتُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ۖ فَكَيْفَ كَانَ نَكِيرِ ﴿٢٦﴾

*كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم (يەنى كاپىر بىلەن مۆمىن) باراۋەر بولمايدۇ[19]. زۇلمەت بىلەن نۇر (يەنى باتىل بىلەن ھەق) باراۋەر بولمايدۇ[20]. سايە بىلەن ئىسسىق (يەنى جەننەت بىلەن دوزاخ) باراۋەر بولمايدۇ[21]. تىرىكلەر بىلەن ئۆلۈكلەر (يەنى مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلار) باراۋەر بولمايدۇ، شۈبھىسىزكى، اللّٰه (ھەق دەۋەتنى) خالىغان كىشىلەرگە ئاڭلىتىدۇ. سەن قەبرىلەردىكىلەرگە (يەنى كاپىرلارغا) ئاڭلىتالمايسەن[22]. سەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن[23]. ھەقىقەتەن بىز سېنى ھەق (دىن) بىلەن (مۆمىنلەرگە) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كاپىرلارغا) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق، قانداقلا بىر ئۇممەت بولمىسۇن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر كەلگەن[24]. ئۇلار سېنى ئىنكار قىلسا، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۇممەتلەرمۇ (ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغان، پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا روشەن مۆجىزىلەرنى، (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان سەھىپىلەرگە ئوخشاش) سەھىپىلەرنى، (تەۋرات، ئىنجىلدەك) نۇرلۇق كىتابلارنى ئېلىپ كەلدى[25]. ئاندىن كاپىرلارنى جازالىدىم، (ئۇلارغا بەرگەن) ئازابىم قانداق ئىكەن؟ (يەنى ئۇلارغا قانداق قاتتىق ئازاب قىلدىم؟)[26].*

## مۆمىن بىلەن كاپىرنىڭ باراۋەر بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا

اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم باراۋەر بولمىغاندەك، ھەمدە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىنتايىن چوڭ پەرق بولغىنىدەك، زۇلمەت بىلەن نۇرنىڭ، سالقىن بىلەن ئىسسىقنىڭ باراۋەر بولمىغىنىغا ئوخشاش (يەنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق، بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان بۇ شەيئىلەر بىر ـ بىرى بىلەن باراۋەر بولمىغىنىدەك)، تىرىكلەر بىلەن ئۆلۈكلەرنىڭ باراۋەر بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. اللّٰه تائالا بۇ مىسالدا تىرىكلەرنى مۆمىنلەرگە، ئۆلۈكلەرنى كاپىرلارغا مىسال قىلىپ كۆرسەتتى.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەسلىدە ئۆلۈك (يەنى كاپىر) بولۇپ، بىز ئۇنى (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمان بىلەن) تىرىلدۈرگەن، بىز ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا ھىدايەت تېپىشقا نۇر بەرگەن بىر ئادەم زۇلمەتتە (يەنى كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا) قالغان ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان بىر ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟﴾[1] ﴿(كاپىرلار ۋە مۆمىنلەردىن ئىبارەت) ئىككى پىرقە بار، (بىر پىرقە) ئەماغا ۋە گاسقا ئوخشايدۇ، (يەنە بىر پىرقە بولسا) كۆزى كۆرىدىغان، قۇلىقى ئاڭلايدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى بىر ـ بىرىگە ئوخشامدۇ؟﴾[2].

مۆمىننىڭ كۆزى ھەقنى ئىمان نۇرى بىلەن كۆرىدۇ، قۇلىقى ھەقنى ئاڭلايدۇ، ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە، نۇرلۇق توغرا يول ئۈستىدە مېڭىپ، سايە تاشلاپ تۇرغان، بۇلاقلار ئېقىپ تۇرغان جەننەتلەردىكى ئېسىل تۇرالغۇ جايىغا يېتىپ بارىدۇ. كاپىر بولسا ھەقنى كۆرۈشكە كوردۇر. ھەقنى ئاڭلاشقان گاستۇر، ئۇ كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە ماڭىدۇ، ئۇ ئۇنىڭدىن ھەرگىز چىقالمايدۇ. بەلكى، ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەنە شۇ گۇمراھلىق ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە ئادىشىپ يۈرىدۇ. تاكى گۇمراھلىق ئۇنى قىزىق

---

(1) سۈرە ئەنئام 122 ـ ئايەت.نىڭ بىرقىسمى.
(2) سۈرە ھۇد 24 ـ ئايەت.نىڭ بىرقىسمى.

www.munber.org

هارارەتتىن، بەدەننىڭ تۆشۈكلىرىگە كىرىپ كېتىدىغان ئاتەشلىك شامالدىن، زىيادە هارارەتلىك قايناق سۇدىن ۋە قارا تۈندىن بولغان سالقىنمۇ ئەمەس، كۆركەممۇ ئەمەس سايىدىن تەركىب تاپقان ھەر تۈرلۈك قاتتىق ئازابلارغا دۇچار قىلىدۇ.

﴿شۈبھىسىزكى، اللہ (ھەق دەۋەتنى) خالىغان كىشىلەرگە ئاڭلىتىدۇ﴾ يەنى خالىغان ئادەمنى دەلىل ـ پاكىتنى ئاڭلاشقا، ئۇنى قوبۇل قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا مۇيەسسەر قىلىدۇ.

﴿سەن قەبرىلەردىكىلەرگە (يەنى كاپىرلارغا) ئاڭلىتالمايسەن﴾ يەنى كاپىرلىق ھالىتىدە ئۆلۈپ، ئۆلگەندىن كېيىن قەبرىلىرىگە قويۇلۇپ بولغان ئۆلۈكلەر ھىدايەتتىن ۋە ئۇنىڭغا قىلىنغان دەۋەتتىن مەنپەئەت ئالالمىغىنىدەك، ئۇلارغا بەتبەختلىك پۈتۈلۈپ كەتكەن. ئەنە شۇ مۇشرىكلارنى توغرا يولغا باشلاشقا سېنىڭ قۇدرىتىڭ يەتمەيدۇ. ئۇلارنى سەن ھىدايەت قىلىشقا قادىر بولالمايسەن.

﴿سەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن﴾ يەنى سېنىڭ ئۈستۈڭگە پەقەت تەبلىغ قىلىش ۋە ئۇلارنى كەلگۈسىدىكى قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەندۇر. اللہ تائالا خالىغان كىشىنى گۇمراھ قىلىدۇ ۋە خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ.

﴿ھەقىقەتەن بىز سېنى ھەق (دىن) بىلەن (مۆمىنلەرگە) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كاپىرلارغا) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق، قانداقلا بىر ئۇممەت بولمىسۇن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر كەلگەن﴾ يەنى ئادەم ئەۋلادىدىن اللہ تائالا تەرىپىدىن ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتىلمىگەن، ئۇلاردىكى كۆپرىدىن ئىبارەت يامان ئىللەتلەرنى، ناچار خاھىشلارنى پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتى ئارقىلىق يوقىتىلمىغان بىرمۇ ئۇممەت يوق.

اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى. ھەر قەۋمنىڭ بىر ھىدايەت قىلغۇچىسى (يەنى پەيغەمبىرى) بولىدۇ﴾[1] ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۇممەتكە: «اللہ غا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا اللہ ھىدايەت قىلغانلىرىمۇ بار، گۇمراھلىققا تېگىشلىك بولغانلىرىمۇ بار﴾[2] بۇ ھەقتە كەلگەن ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

﴿ئۇلار سېنى ئىنكار قىلسا، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۇممەتلەرمۇ (ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغان، پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا روشەن مۆجىزىلەرنى﴾ كەسكىن پاكىتلارنى ﴿(ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان سەھىپىلەرگە ئوخشاش) سەھىپىلەرنى﴾ روشەن بايان قىلىنغان ﴿(تەۋرات، ئىنجىلدەك) نۇرلۇق كىتابلارنى ئېلىپ كەلدى. ئاندىن كاپىرلارنى جازالىدىم﴾ يەنى مۇشۇنداق پاكىتلار ۋە مۆجىزىلەر تۈرۈلۈق ئۇلار ئۆزلىرىگە پەيغەمبەرلىرى ئېلىپ كەلگەن ھەق دىننى ئىنكار قىلدى. ئاندىن ئۇلارنى قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەت بىلەن جازالىدىم.

﴿(ئۇلارغا بەرگەن) ئازابىم قانداق ئىكەن؟﴾ يەنى ئۇلارغا بەرگەن دەھشەتلىك، ناھايىتى قاتتىق ۋە ئېچىنىشلىق ئازابىمنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟

* * * * * * *

[1] سۈرە رەئىد 7 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.
[2] سۈرە نەھل 36 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

www.munber.org

أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَخْرَجْنَا بِهِۦ ثَمَرَٰتٍ مُّخْتَلِفًا أَلْوَٰنُهَا ۚ وَمِنَ ٱلْجِبَالِ جُدَدٌۢ بِيضٌ وَحُمْرٌ مُّخْتَلِفٌ أَلْوَٰنُهَا وَغَرَابِيبُ سُودٌ ﴿٢٧﴾ وَمِنَ ٱلنَّاسِ وَٱلدَّوَآبِّ وَٱلْأَنْعَٰمِ مُخْتَلِفٌ أَلْوَٰنُهُۥ كَذَٰلِكَ ۗ إِنَّمَا يَخْشَى ٱللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ ٱلْعُلَمَٰٓؤُا۟ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ غَفُورٌ ﴿٢٨﴾

***كۆرمەمسەنكى، اللە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇردى. ئۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك، رەڭگارەڭ مېۋىلەرنى چىقاردى، (شۇنىڭدەك اللە تاغلارنى ياراتتى) تاغلارنىڭ ئاق، قىزىللىرى، ھەر خىل رەڭدىكى يوللۇقلىرى ۋە قاپقارىلىرىمۇ بار[27]. شۇنىڭدەك ئىنسانلارنى، ھايۋانلارنى، چاھارپايلارنىمۇ خىلمۇخىل رەڭلىك قىلىپ ياراتتى، اللەنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە اللەدىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ، اللە ھەقىقەتەن غالىبتۇر، (بەندىلىرى ئىچىدە تەۋبە قىلغانلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر[28].***

## اللە تائالانىڭ تولۇق قۇدرىتىنىڭ بايانى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە بۇلۇتتىن ياغدۇرغان يامغۇر سۈيىدىن ھەر تۈرلۈك شەيئىلەرنى ياراتقانلىقىدا ئۆزىنىڭ مۇكەممەل قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنىڭ بارلىقىغا بەندىلىرىنىڭ دىققىتىنى بۇرايدۇ، اللە تائالا يامغۇر ئارقىلىق سېرىق، قىزىل، يېشىل، ئاق ۋە باشقا رەڭدىكى رەڭگارەڭ مېۋىلەرنى چىقىرىدۇ. خۇددى بۇ مېۋىلەرنىڭ رەڭلىرى ئوخشىمىغىنىدەك، ئۇلارنىڭ تەملىرى ۋە پۇراقلىرىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يەر يۈزىدە بىر ـ بىرىگە تۇتىشاڭغۇ قىتئەلەر بار ۋە تۈرلۈك زىرائەتلەر بار، كۆپ شاخلىق بولغان ۋە كۆپ شاخلىق بولمىغان (بىر ئۇرۇقتىن بىر قانچە تال ئۈنۈپ چىققان، بىر ئۇرۇقتىن پەقەت بىر تال ئۈنۈپ چىققان) خورما دەرەخلىرى بار، (ئۇلارنىڭ ھەممىسى) بىر خىل سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن تەمدە ئارتۇق قىلىمىز، بۇلاردا چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللە نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەربار﴾[1].

شۇنىڭدەك اللە تائالا ھەرخىل رەڭدىكى تاغلارنى ياراتتى ﴿**تاغلارنىڭ**﴾ ئەمەلىيەتتە ئاق، قىزىل ھالدا كۆرۈنۈپ تۇرغان ﴿**ئاق، قىزىللىرى، ھەر خىل رەڭدىكى يوللۇقلىرى ۋە قاپقارىلىرىمۇ بار**﴾ يەنى بىر - بىرىگە تۇتۇشۇپ كەتكەن ئۇزۇن قاپقارا تاغلارمۇ بار.

﴿**شۇنىڭدەك ئىنسانلارنى، ھايۋانلارنى، چاھارپايلارنىمۇ خىلمۇخىل رەڭلىك قىلىپ ياراتتى**﴾ ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ھەبەشلەرگە ۋە نېگىرلارغا ئوخشاش تېرىسى ناھايىتىمۇ قارا بولغان قارا تەنلىكلەر بار. ياۋرۇپالىقلارغا ئوخشاش تېرىسى ناھايىتى ئاق بولغان ئاق تەنلىكلەرمۇ بار. بەك قارىمۇ ئەمەس، بەك ئاقمۇ ئەمەس بۇغداي ئۆڭ ئەرەبلەرمۇ بار، ئەرەپلەردىن سەل قارىراق ھىندىلارمۇ بار. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿تىللىرىڭلارنىڭ، رەڭلىرىڭلارنىڭ خىلمۇخىل بولۇشى اللە نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، بۇنىڭدا بىلىملىك كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار﴾[2].

شۇنىڭدەك ھايۋانلارنىڭمۇ، چاھارپايلارنىڭمۇ ھەر خىل رەڭدىكىلىرى بار. ھەتتا بىر خىل جىنىس ۋە بىر تۈردىكى ھايۋانلاردىنمۇ ھەر خىل رەڭدىكىلىرى بار. ئۇنىڭدىنمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا بىر

---

(1) سۈرە رەئد 4 - ئايەت..

(2) سۈرە رۇم 22 - بىرقىسمى.

ھايۋانىنىڭ ئىككى خىل رەڭدىن تەركىب تاپقانلىرى يەنى ئالا ـ چىپار رەڭدىكىلىرى بار. ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى اللە تائالا ھېكمەت ۋە قۇدرەت جەھەتتىن ئۇلۇغدۇر.

شۇڭا اللە تائالا بۇ مۆجىزە خاراكتېرلىك باياندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اللە نىڭ بەندىلىرى ئىچىدە اللە دىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ**﴾ يەنى اللە تائالادىن ھەقىقىي قورقىدىغانلار پەقەت اللە تائالانى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇغان ئالىملاردۇر. چۈنكى، ھەممىدىن بۈيۈك، ھەر نەرسىگە قادىر، ھەممىنى بىلگۈچى، ئېسىل سۈپەتلەر ۋە چىرايلىق ئىسىملار بىلەن سۈپەتلەنگەن زات اللە تائالانى تونۇغانسېرى، ئۇنى تونۇش مۇكەممەللىشىدۇ ۋە ئۇنى بىلىش تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالادىن قورقۇش تېخىمۇ قاتتىق، تېخىمۇ زىيادە بولىدۇ.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە، ئىبنى ئابباستىن اللە تائالانىڭ: ﴿**اللە نىڭ بەندىلىرى ئىچىدە اللە دىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار اللە تائالانىڭ ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلاردۇر. ئىبنى ئابباسنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: مېھرىبان اللە تائالانىڭ بەندىلىرى ئىچىدىن اللە تائالانى تونۇغان كىشى، اللە تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلمىغان، اللە تائالا ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھالال، ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام دەپ بىلگەن، اللە تائالانىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرىنى ئېسىدە چىڭ ساقلىغان، اللە تائالاغا چوقۇم ئۇچرىشىدىغانلىقىغا ۋە اللە تائالانىڭ ئۇنىڭدىن ئەمەلىگە يارىشا ھېساب ئالىدىغانلىقىغا چىن دىلىدىن ئىشەنگەن كىشىلەردۇر.

سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دەيدۇ: اللە تائالادىن قورقۇش سەن بىلەن غالىب ۋە بۈيۈك اللە تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش ئارىسىدا توسالغۇ بولۇپ تۇرالايدۇ. ھەسەنبەسرى مۇنداق دېدى: ھەقىقىي ئالىم اللە تائالادىن اللە تائالانى كۆرمەي تۇرۇپ قورققان، اللە تائالا رىغبەتلەندۇرگەن نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھېرىسمەن بولغان، اللە تائالا غەزەپلەنگەن نەرسىدىن يىراق بولغان كىشىدۇر. ئاندىن ھەسەنبەسرى بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿**اللە نىڭ بەندىلىرى ئىچىدە اللە دىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ، اللە ھەقىقەتەن غالىبتۇر، (بەندىلىرى ئىچىدە تەۋبە قىلغانلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر**﴾.

سۇفيان سەۋرى، ئەبۇھەييان تەيمىدىن بىر ئادەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئالىملار ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى اللە تائالانى تونۇغان ۋە اللە تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى بىلگەن ئالىمدۇر. يەنە بىرى اللە تائالانى تونۇغان بىراق اللە تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانىنى بىلمىگەن ئالىمدۇر. ئۈچىنچىسى: اللە تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى بىلگەن لېكىن اللە تائالانى تونۇمىغان ئالىمدۇر. اللە تائالانى تونۇغان ۋە اللە تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانىنى بىلگەن ئالىم اللە تائالادىن قورقىدۇ. اللە تائالا يولغا قويغان چەك ـ چېگرا ۋە بەلگىلىمىلەرنى، پەرزلەرنى بىلىدۇ. اللە تائالانى تونۇغان بىراق اللە تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانىنى بىلمىگەن ئالىم اللە تائالادىن قورقىدۇ. بىراق ئۇ اللە تائالا يولغا قويغان چەك ـ چېگرا ۋە بەلگىلىمىلەرنى، پەرزلەرنى بىلمەيدۇ. اللە تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانىنى بىلگەن لېكىن اللە تائالانى تونۇمىغان ئالىم اللە تائالا يولغا قويغان چەك ـ چېگرا ۋە بەلگىلىمىلەرنى، پەرزلەرنى بىلىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇ غالىب ۋە بۈيۈك اللە تائالادىن قورقمايدۇ.

* * * * * * *

إِنَّ ٱلَّذِينَ يَتْلُونَ كِتَٰبَ ٱللَّهِ وَأَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَأَنفَقُواْ مِمَّا رَزَقْنَٰهُمْ سِرًّا وَعَلَانِيَةً
يَرْجُونَ تِجَٰرَةً لَّن تَبُورَ ﴿٢٩﴾ لِيُوَفِّيَهُمْ أُجُورَهُمْ وَيَزِيدَهُم مِّن فَضْلِهِۦٓ ۚ إِنَّهُۥ غَفُورٌ شَكُورٌ ﴿٣٠﴾

www.munber.org

***شۈبھىسىزكى، اللّٰه نىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغانلار، نامازنى ئادا قىلىدىغانلار كاسات بولمايدىغان تىجارەتنى ئۈمىد قىلىدۇ، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى (اللّٰه نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا سەرپ قىلىدىغان كىشىلەرگە [29]. اللّٰه ئەجىرلىرىنى تولۇق بېرىدۇ ۋە مەرھەمىتىدىن ئۇلارغا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ، اللّٰه ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر [30].***

## مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەت ئۈچۈن تىجارەت قىلغۇچىلار ئىكەنلىكى توغرىسىدا

اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىن بەندىلىرىنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىدىغانلىقى، اللّٰه تائالاغا ئىمان ئېيتىدىغانلىقى، ناماز ئوقۇيدىغانلىقى، اللّٰه تائالا ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن بەلگىلەنگەن ۋاقىتلاردا اللّٰه تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالدا سەرپ قىلىش قاتارلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

ئۇلار ﴿**كاسات بولمايدىغان تىجارەتنى ئۈمىد قىلىدۇ**﴾ يەنى اللّٰه تائالانىڭ دەرگاھىدىن چوقۇم ئېرىشىدىغان ساۋابنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئۇلارغا ﴿**اللّٰه ئەجىرلىرىنى تولۇق بېرىدۇ ۋە مەرھەمىتىدىن ئۇلارغا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ**﴾ يەنى ئۇلارغا ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى تولۇق بېرىدۇ ۋە ئۇنى ئۇلارغا ئۇلارنىڭ خىيالىدىن كېچىپ باقمىغان دەرىجىدە ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. ﴿**اللّٰه ھەقىقەتەن**﴾ مۆمىن بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ﴿**ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر**﴾.

* * * * * * *

وَٱلَّذِىٓ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ مِنَ ٱلۡكِتَٰبِ هُوَ ٱلۡحَقُّ مُصَدِّقٗا لِّمَا بَيۡنَ يَدَيۡهِۗ إِنَّ ٱللَّهَ بِعِبَادِهِۦ لَخَبِيرُۢ بَصِيرٞ ﴿٣١﴾

***ساڭا بىز ۋەھيى قىلغان كىتاب (يەنى قۇرئان) ھەقتۇر. ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ (راستلىقىنى) ئىسپاتلىغۇچىدۇر، اللّٰه ھەقىقەتەن بەندىلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [31].***

## قۇرئان اللّٰه تائالانىڭ ھەق كىتابى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ساڭا بىز ۋەھيى قىلغان كىتاب (يەنى قۇرئان) ھەقتۇر. ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ (راستلىقىنى) ئىسپاتلىغۇچىدۇر**﴾ يەنى بۇ كىتاب ئىلگىرىكى كىتابلارنى تەستىقلايدۇ شۇنداقلا ئۇ كىتابلارنىڭ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى تەنتەنىلىك ھالدا جاكارلايدۇ.

﴿ **اللّٰه ھەقىقەتەن بەندىلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ يەنى اللّٰه تائالا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر. بەندىلىرى ئىچىدە كىمنىڭ اللّٰه تائالانىڭ ياخشىلىقلىرىغا ئېرىشىشكە ئەڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. شۇڭا اللّٰه تائالا پەيغەمبەرلەرنى ۋە بۇيۈك ئەلچىلەرنى دەرىجىدە ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۈستۈن قىلدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدى. بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى قىلدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرىجىسىنى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دەرىجىلىرىدىن يۇقىرى قىلدى. ھەممە پەيغەمبەرلەرگە اللّٰه تائالانىڭ رەھمىتى ۋە ئامانلىقى بولسۇن!

* * * * * * *

www.munber.org

ثُمَّ أَوْرَثْنَا ٱلْكِتَٰبَ ٱلَّذِينَ ٱصْطَفَيْنَا مِنْ عِبَادِنَا ۖ فَمِنْهُمْ ظَالِمٌ لِّنَفْسِهِۦ وَمِنْهُم مُّقْتَصِدٌ وَمِنْهُمْ سَابِقٌۢ بِٱلْخَيْرَٰتِ بِإِذْنِ ٱللَّهِ ۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَضْلُ ٱلْكَبِيرُ ﴿٣٢﴾

***ئاندىن بىز كىتاب (يەنى قۇرئان) نى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر (يەنى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغان بىلەن ئەمەل قىلمايدۇ)، بەزىسى ئوتتۇراھالدۇر (يەنى كۆپ چاغلاردا قۇرئانغا ئەمەل قىلىپ، قىسمەن چاغلاردا ئەمەل قىلمايدۇ) ۋە بەزىسى اللە نىڭ ئىزنى بويىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر. ئەنە شۇ كاتتا مەرھەمەتتۇر*** ﴿32﴾.

## قۇرئانغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئۈچ تۈرلۈك بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**ئاندىن بىز كىتاب (يەنى قۇرئان) نى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق**﴾ ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدۇر. ئاندىن اللە تائالا ئۇلارنى ئۈچ تۈرگە بۆلۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر**﴾ يەنى ئۇ پەرز ئەمەللىرىدىن بەزىلىرىنى تولۇق ئادا قىلمايدۇ. هارام قىلىنغان بەزى ئىشلارنى قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزىدۇ.

﴿**بەزىسى ئوتتۇرا هالدۇر**﴾ يەنى ئۇ پەرز ئەمەللەرنى ئۆز جايىدا تولۇق ئادا قىلىدۇ. هارام قىلىنغان ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلىنىدۇ. قىسمەن چاغلاردا مۇستەھەب يەنى ئىسلام دىنىدا ياخشى دەپ قارالغان ئىشلارنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى قىلماي قالىدۇ. ئۇلار قىسمەن چاغلاردا مەكرۇھ يەنى ئىسلام دىنىدا ياقتۇرۇلمايدىغان بەزى ئىشلارنى قىلىپ سالىدۇ.

﴿**ۋە بەزىسى اللە نىڭ ئىزنى بويىچە ياخشى ئىشنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر**﴾ ئۇ پەرز ئەمەللەرنى مۇستەھەبلەرنى ئادا قىلىدۇ. هارام قىلىنغان ۋە مەكرۇھ قىلىنغان ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلىنىدۇ. مەكرۇھ ئىشلارغا يولۇقۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن مۇباھ يەنى قىلسىمۇ بولىدىغان قىلمىسىمۇ بولىدىغان بەزى ئىشلاردىنمۇ ساقلىنىدۇ.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە، ئىبنى ئابباستىن اللە تائالانىڭ ﴿**ئاندىن بىز كىتاب يەنى قۇرئاننى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدۇر. اللە تائالا ئۇلارغا ئۆزى نازىل قىلغان ھەممە كىتابنى مىراس قىلىپ بەردى. ئۇلاردىن ئۆزىلىرىگە زۇلۇم قىلىنغانلار مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئوتتۇرا هال يول تۇتقانلاردىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ. ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغانلار ھېساب ئېلىنماستىن جەننەتكە كىرىدۇ.

ئەبۇقاسىم تەبرانى ئىبنى ئابباستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەلۇم بىر كۈنى مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ئۈممىتىمدىن چوڭ گۇناھ قىلغانلارغا مەن شاپائەت قىلىمەن».

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچى جەننەتكە ھېساب ئېلىنماستىن كىرىدۇ. ئوتتۇرا هال يول تۇتقۇچى جەننەتكە اللە تائالانىڭ مەرھەمىتى بىلەن كىرىدۇ. ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچى ۋە ئەئراف ئەھلى (يەنى جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىسىدىكى توسما ئۈستىدە قالغانلار) جەننەتكە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتى بىلەن كىرىدۇ.

شۇنداقلا سەلەپ ئۆلىمالىرىدىن بىر قانچە كىشىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچى، بۇ ئۈممەتتىن قۇرئانغا ۋارىسلىق قىلىشقا تاللانغانلارنىڭ ئىچىدىن بولۇپ، ئىشلىرىغا قىڭغىرلىق

ئارىلىشىپ قالغان، دىندا چەكلەنگەن بەزى ئىشلارنى قىلىپ سالغان، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تولۇق ئادا قىلىشتا كەمچىلىك ئۆتكۈزگەن ئادەملەردىن ئىبارەتتۇر.

ئېيتىلىشىچە: ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچى؛ بۇ ئۈممەت، قۇرئانغا ۋارىسلىق قىلىشقا تاللانغانلار ئەمەستۇر، دېگەن قاراشمۇ بار. توغرىسى، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچى كىشى بۇ ئۈممەتتىنمۇ بار.

## ئالىملارنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئىنسانلار ئىچىدىن بۇ نېمەتكە بۇ مەرھەمەتكە ئەڭ ھەقلىق كىشىلەر ئالىملاردۇر. ئۇلارنىڭ پەزىلىتى ھەدىستە مۇنداق سۈپەتلەنگەن. ئىمام ئەھمەد قەيس ئىبنى كەسىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: مەدىنىدىن ناتونۇش بىر ئادەم دەمەشقتىكى ئەبۇدەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئەبۇدەردا ئۇنىڭغا: قېرىندىشىم بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ دېدى. ئۇ: مەن سېنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغانلىقىڭنى ئاڭلىدىم. مەن شۇ ھەدىسنى سەندىن ئاڭلاش ئۈچۈن كەلدىم، دېدى. ئەبۇدەردا: سەن تىجارەت ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ دېدى. ئۇ: ياق، دېدى. ئەبۇدەردا: بىرەر ھاجەت ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ دېدى. ئۇ: ياق، دېدى. ئەبۇدەردا: سەن پەقەت مۇشۇ بىر ھەدىسنى ئاڭلاشنى تەلەپ قىلىپ مەدىنىدىن بۇ يەرگە كەلدىڭمۇ؟ دېدى. ئۇ: ھەئە، دېدى.

ئەبۇدەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېدى: «كىمكى ئىلىم تەلەپ قىلىپ سەپەرگە چىقسا الله تائالا ئۇ كىشىنى جەننەتنىڭ يولىغا ماڭغۇزىدۇ، پەرىشتىلەر ھەقىقەتەن ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى ئۈچۈن رازىلىق ۋە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ قاناتلىرىنى يايىدۇ. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى جانلىقلار ھەتتا بېلىقلارمۇ ئالىمغا ئەلۋەتتە مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ. ئالىمنىڭ ئىبادەت قىلغۇچىدىن ئارتۇقچىلىقى ئاينىڭ باشقا يۇلتۇزلاردىن ئارتۇق بولغىنىغا ئوخشاش بولىدۇ. (يەنى ئاينىڭ باشقا يۇلتۇزلاردىن شۇ قەدەر نۇرلۇق بولغىنىدەك، ئالىممۇ ئىنسانلارنىڭ دىللىرىنى ئىلىم نۇرى بىلەن يورىتىدىغان دەرىجىسى شۇ قەدەر يۇقىرى بولغان ئادەم ھېسابلىنىدۇ). ئالىملار ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسىدۇر. پەيغەمبەرلەر ئالتۇن ياكى كۈمۈش مىراس قالدۇرغان ئەمەس، بەلكى ئىلىمنى مىراس قالدۇرغان. كىمكى ئىلىم ئالسا ئۇ ئۆز نېسىۋىسىنى تولۇق ئالغان بولىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

جَنَّٰتُ عَدۡنٖ يَدۡخُلُونَهَا يُحَلَّوۡنَ فِيهَا مِنۡ أَسَاوِرَ مِن ذَهَبٖ وَلُؤۡلُؤٗاۖ وَلِبَاسُهُمۡ فِيهَا حَرِيرٞ ﴿٣٣﴾
وَقَالُواْ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ ٱلَّذِيٓ أَذۡهَبَ عَنَّا ٱلۡحَزَنَۖ إِنَّ رَبَّنَا لَغَفُورٞ شَكُورٌ ﴿٣٤﴾ ٱلَّذِيٓ أَحَلَّنَا دَارَ
ٱلۡمُقَامَةِ مِن فَضۡلِهِۦ لَا يَمَسُّنَا فِيهَا نَصَبٞ وَلَا يَمَسُّنَا فِيهَا لُغُوبٞ ﴿٣٥﴾

*ئۇلار ھەمىشە تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى، مەرۋايىتلارنى تاقايدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ*﴿33﴾*. ئۇلار ئېيتىتى: «جىمى ھەمدۇسانا بىزدىن غەم - قايغۇنى كەتكۈزۈۋەتكەن اللهغا مەنسۇپتۇر! بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر*﴿34﴾*.الله مەرھەمىتىدىن بىزنى جەننەتتە تۇرغۇزدى. جەننەتتە بىز ھەرگىز جاپا تارتمايمىز، ھەرگىز چارچىمايمىز»*﴿35﴾.

www.munber.org

اللہ تائالا بەندىلىرى ئىچىدىن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتاب ـ قۇرئاننى مىراس قىلىپ بېرىشكە تاللىغان ئەنە شۇ كىشىلەرنىڭ قىيامەت كۈندىكى جايى جەننەتلەر ئىكەنلىكىنى يەنى ئۇلار قىيامەت كۈنى غالىب ۋە بۈيۈك اللہ نىڭ دەرگاھىغا كەلگەندە مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ﴿**ئۇلار جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى، مەرۋايىتلارنى تاقايدۇ**﴾.

ئىمام مۇسلىمدا ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ. «مۆمىننىڭ تاقىغان زىننەت بويۇملىرى تاھارەت سۈيى يەتكەن يەرگىچە يېتىدۇ، ئۇلارنىڭ جەننەتلەردە كىيىدىغان كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ» شۇڭا ئەرلەرگە دۇنيادا يىپەكتىن كىيىم كىيىش چەكلەنگەن. اللہ تائالا ئۇنى ئۇلارغا ئاخىرەتتە كىيىشنى ھالال قىلىپ بەردى.

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىم دۇنيادا يىپەكتىن كىيىم كىيسە، ئۇنى ئاخىرەتتە كىيەلمەيدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «يىپەك دۇنيادا كاپىرلار ئۈچۈندۇر، ئاخىرەتتە سىلەر (يەنى مۆمىنلەر) ئۈچۈندۇر».

﴿**ئۇلار ئېيتتى: «جىمى ھەمدۇسانا بىزدىن غەم قايغۇنى كەتكۈزۈۋەتكەن ئاللاغا مەنسۇپتۇر»**﴾ يەنى اللہ بىزدىكى قورقۇنچ ۋە ئەندىشىلەرنى كەتكۈزۈپ، بىز قورقۇپ ۋە ھەزەر ئەيلەپ كېلىۋاتقان دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ غەم ـ قايغۇلىرىدىن بىزنى راھەتكە چىقاردى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: اللہ ئۇلارنىڭ نۇرغۇن گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاز ياخشىلىقلىرىغا كۆپ ساۋاب ئاتا قىلىدۇ.

﴿**اللہ مەرھەمىتىدىن بىزنى جەننەتتە تۇرغۇزدى**﴾ ئۇلار ئېيتتى: اللہ بىزگە جەننەتتىكى بۇ دەرىجىنى، بۇ ئالىي ئورۇننى ئۆز مەرھەمىتى، ياخشىلىقى ۋە رەھمىتى يۈزىسىدىن بەردى. ئۇنداق بولمىغاندا بىزنىڭ ياخشى ئەمەللىرىمىز بىزنى بۇنداق ئېسىل ئورۇنغا ئېرىشتۈرەلمەيتتى.

ئىمام بۇخارى بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ ئەمەلى ئۇنى ھەرگىز جەننەتكە ئېلىپ كىرەلمەيدۇ» ساھابىلار: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! سەنمۇ شۇنداقمۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىمۇ ئېلىپ كىرەلمەيدۇ، مېنى پەقەت اللہ تائالا ئۆز رەھمىتى ۋە پەزلى ئىچىگە ئېلىپلا جەننەتكە كىرگۈزىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

﴿**جەننەتتە بىز ھەرگىز جاپا تارتمايمىز، ھەرگىز چارچىمايمىز**﴾ يەنى ئۇلارغا جىسمانى ۋە روھي جەھەتتىن ھەرگىز ھارغىنلىق يەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا ئەمەل ـ ئىبادەتكە بېرىلگەن ئىدى. جەننەتكە كىرىش بىلەن تەڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى شەرىئەت تەكلىپلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. ئۇلار مەڭگۈلۈك ۋە دائىملىق راھەتكە چىقىدۇ.

اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿«ئۆتكەنكى كۈنلەردە (يەنى دۇنيادىكى چاغلىرىدا) ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن خۇشال ـ خورام يەڭلار، ئىچىڭلار دېيىلىدۇ»﴾[1].

* * * * * * *

[1] سۈرە ھاققە 24 ـ ئايەت.

وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَهُمۡ نَارُ جَهَنَّمَ لَا يُقۡضَىٰ عَلَيۡهِمۡ فَيَمُوتُواْ وَلَا يُخَفَّفُ عَنۡهُم مِّنۡ عَذَابِهَاۚ كَذَٰلِكَ نَجۡزِي كُلَّ كَفُورٖ ﴿٣٦﴾ وَهُمۡ يَصۡطَرِخُونَ فِيهَا رَبَّنَآ أَخۡرِجۡنَا نَعۡمَلۡ صَٰلِحًا غَيۡرَ ٱلَّذِي كُنَّا نَعۡمَلُۚ أَوَلَمۡ نُعَمِّرۡكُم مَّا يَتَذَكَّرُ فِيهِ مَن تَذَكَّرَ وَجَآءَكُمُ ٱلنَّذِيرُۖ فَذُوقُواْ فَمَا لِلظَّٰلِمِينَ مِن نَّصِيرٍ ﴿٣٧﴾

*كاپىرلار دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ (ئارام تېپىپ قالماسلىقى ئۈچۈن) جانلىرى ئېلىنمايدۇ، ئۇلاردىن ئازابمۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ، كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقان ھەر ئىنساننى ئەنە شۇنداق جازالايمىز* ﴿36﴾*. ئۇلار دوزاختا: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى چىقىرىۋەتسەڭ (دۇنيادىكى ۋاقتىتا) قىلغان ئەمەللىرىمىزدىن باشقا ئەمەللەرنى قىلساق» دەپ يالۋۇرۇپ توۋلايدۇ. (الله ئېيتىدۇ) «سىلەرگە ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلىپ، ۋەز - نەسىھەت ئالىدىغان ئادەم ۋەز - نەسىھەت ئالالىغۇدەك ۋاقىت بەرمىدىممۇ؟ سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلدىغۇ، ئەمدى ئازابنى تېتىڭلار، زالىملارغا ھېچقانداق ياردەم بەرگۈچى يوق»* ﴿37﴾.

## كاپىرلارغا بېرىلگەن جازا ۋە ئۇلارنىڭ جەھەننەمدىكى ئەھۋالى توغرىسىدا

بۈيۈك ۋە يۈكسەك الله بەختلىك كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا بەتبەخت كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىشقا باشلاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كاپىرلار دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ (ئارام تېپىپ قالماسلىقى ئۈچۈن) جانلىرى ئېلىنمايدۇ**﴾. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿دوزاختا ئۇ ئۆلمەيدۇ ۋە ئوبدان ياشىمايدۇ﴾[1].

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دوزاخقا كىرگەن ئەھلى دوزاخلار دوزاختا ئۆلمەيدۇ ۋە ئوبدان ياشىمايدۇ».

غالىب ۋە بۈيۈك الله يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار يەنى (كۇففارلار) (دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىگە): «ئى مالىك! پەرۋەردىگارىڭ بىزگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلسۇن» دەپ توۋلايدۇ. مالىك: «سىلەرئازابقا قالىسىلەر» دەيدۇ﴾[2] ئۇلار ئەنە شۇ ئەھۋالدا تۇرۇپ، ئۆلسەك ئارام تاپىمىز دەپ ئويلايدۇ، لېكىن ئۇلار ئۈچۈن ئۆلۈۋېلىشقا ھەرگىز يول يوقتۇر.

﴿**ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ ئارام تېپىپ قالماسلىقى ئۈچۈن جانلىرى ئېلىنمايدۇ ئۇلاردىن ئازاب يېنىكلىتىلمەيدۇ**﴾ الله بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿گۇناھكارلار يەنى كۇففارلار ھەقىقەتەن دوزاخ ئازابىدا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. ئۇلاردىن ئازاب (بىردەممۇ) يېنىكلىتىلمەيدۇ،ئۇلار دوزاختا (ھەر قانداق ياخشىلىقتىن) ئۈمىدسىزلەردۇر﴾[3] ﴿جەھەننەمنىڭ ئوتى پەسلەپ قالسا ئۇلارغا (ئوتنى) تېخىمۇ يالقۇنجىتىمىز ﴾[4] ﴿(ئۇلارغا ئېيتىمىزكى): «تېتىڭلار! سىلەرگە پەقەت ئازابنىلا زىيادە قىلىمىز»﴾[5].

---

[1] سۈرە تاھا 7 - ئايەت..
[2] سۈرە زۇخرۇف 77 - ئايەت.
[3] سۈرە زۇخرۇف 74— 75 - ئايەتلەر.
[4] سۈرە ئىسرا 97 - ئايەت.
[5] سۈرە نەبە 30 - ئايەت.

www.munber.org

﴿**كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقان ھەر ئىنساننى ئەنە شۇنداق جازالايمىز**﴾ يەنى مانا بۇ پەرۋەردىگارىغا كاپىر بولغان ۋە ھەقنى ئىنكار قىلغان ھەر بىر ئىنسانغا بېرىلگەن جازادۇر.

ئۇلار دوزاختا پۈتۈن ئاۋازلىرى بىلەن غالىب ۋە بۈيۈك اللە غا زارلىنىپ: پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى چىقىرىۋەتسەڭ (دۇنيادىكى ۋاقتىتا) قىلغان ئەمەللىرىمىزدىن باشقا ئەمەللەرنى قىلساق، دەپ يالۋۇرۇپ توۋلايدۇ. يەنى ئۇلار بۇرۇنقى ئەمەللەردىن باشقا ئەمەللەرنى قىلىش ئۈچۈن دۇنياغا قايتىشنى يېلىنىپ سورايدۇ. بۈيۈك پەرۋەردىگار ئەگەر ئۇلارنى دۇنيا يۇرتىغا قايتۇرغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ چوقۇم توسۇلغان ئىشلارنى يەنە قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ باشقا ئەمەللەرنى قىلساق، دېگەن سۆزلىرىدە چوقۇم يالغانچىلار ئىكەنلىكلىرىنى ئەلۋەتتە ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەيدۇ.

اللە تائالا ئۇلارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى ھەققىدە خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿دۇنياغا قايتىشقا يول بارمىدۇ؟ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، سىلەر اللە نى بىر دەپ بىلىشكە چاقىرىلغاندا (بۇنى) ئىنكار قىلدىڭلار،ئەگەر اللە غا شېرىك كەلتۈرۈلسە (يەنى لات، ئۇززا قاتارلىق بۇتلارغا چوقۇنۇشقا چاقىرىلساڭلار) ئۇنى تەستىق قىلىسىلەر، (يەنى ئۇلارنىڭ ئىلاھلىقىنى ئېتىراپ قىلىسىلەر)﴾[1] يەنى اللە سىلەرنىڭ دۇنياغا قايتىش ھەققىدىكى تەلىۋىڭلارغا ئۇنىمايدۇ. چۈنكى، سىلەر اللە سىلەرنى توسقان ئىشلارنى قىلاتتىڭلار. ئەگەر سىلەر دۇنياغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، سىلەر چوقۇم چەكلەنگەن ئىشلارنى يەنە قىلىسىلەر بۇنى اللە ئوبدان بىلىدۇ.

شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەرگە ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلىپ، ۋەز - نەسىھەت ئالىدىغان ئادەم ۋەز - نەسىھەت ئالالىغۇدەك ۋاقىت بەرمىدىمۇ؟ سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلدىغۇ؟ يەنى دۇنيادا ئۇزۇن ئۆمۈر ياشىمىدىڭلارمۇ؟ ئەگەر سىلەر ھەق بىلەن مەنپەئەت ئالىدىغان ئادەم بولغان بولساڭلار، سىلەر دۇنيادا ياشىغان مۇددەتتە ئۇنىڭدىن چوقۇم مەنپەئەت ئالغان بولاتتىڭلار**﴾.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللە تائالا ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغان بەندىگە ھەقىقەتەن گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلىشقا پۇرسەت بەردى. تاكى ئۇ ئاتمىش ياكى يەتمىش ياشقا كىرگۈچە ياشىدى. اللە تائالا ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن پۇرسەت بەردى». ئىمام بۇخارىمۇ بۇ ھەدىسنى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇشۇنداق رىۋايەت قىلغان؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «غالىب، بۈيۈك اللە ئىنسانغا ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىپ، گۇناھلىرىنى تەۋبە قىلغۇدەك پۇرسەت بەردى. تاكى ئۇ ئاتمىش يەتمىش ياشقا كىرگۈچە ھايات كەچۈردى».

ئىبنى جەرىر ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللە تائالا كىمگە ئاتمىش ياشقا كىرگۈچە ئۇزۇن ئۆمۈر بەرسە، ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن مۇددەتتە گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك پۇرسەت بەرگەن بولىدۇ» بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە نەسائىمۇ رىۋايەت قىلغان.

يەنى 60 تىن 70 ياشقىچە بولغان ئۆمۈر اللە تائالانىڭ بەندىلىرىگە گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلىشقا پۇرسەت بەرگەن ۋە ئۇلاردىكى ئىللەتلەرنى تۈگەتىدىغان ئۆمۈر بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ كۆپ ساندىكىلەرنىڭ ئۆمرى تەخمىنەن 60، 70 ياش ئەتراپىدا بولىدۇ.

---

[1] سۈرە غافىر 12 - ئايەت.

www.munber.org

بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. «ئۈممىتىمنىڭ ئۆمۈرلىرى 60 ياشتىن 70 ياشقىچە ئارىلىقتا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى بۇ ياشتىنمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ».

﴿**سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى يەنى پەيغەمبەر كەلدىغۇ؟**﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئىكرىمە ئەبۇجەپەر باقىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، قەتادە ۋە سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە قاتارلىقلار بۇ ئايەتنى «سىلەرگە قېرىلىقتىن ئىبارەت ئاگاھلاندۇرغۇچى يەتتىغۇ» دەپ تەپسىر قىلىدۇ.

سۇددى ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم ئۇ ئايەتنى: «سىلەرگە الله نىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلدىغۇ» دەپ تەپسىر قىلغان.

ئىبنى زەيد تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇغان ﴿بۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئىلگىرىكى ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنىڭ جۈملىسىدىن بولغان بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر﴾[1] شەيبان قەتادىدىن قىلغان: الله ئۇلارغا ئۇزۇن ئۆمۈر بەرگەنلىكى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەنلىكى بىلەن ئۇلارغا ياخشى ئەمەل قىلىش پۇرسىتى بەرگەنلىكى ئۈچۈن پاكىت كۆرسىتىۋاتىدۇ، دېگەن رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا، ئىبنى زەيدنىڭ تەپسىرى توغرىدۇر. ئىبنى جەرىرمۇ بۇنى توغرا دەپ قارىغان؛ سۇددى ۋە ئىبنى زەيدنىڭ تەپسىرىنىڭ توغرىلىقىنى تۆۋەندىكى ئايەتتىنمۇ كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. ﴿ئۇلار (يەنى كۇففارلار) (دوزاختا مۇئەككەل پەرىشتىگە) : «ئى مالىك! پەرۋەردىگارىڭ بىزگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلسۇن» دەپ توۋلايدۇ. مالىك: «سىلەر ئازابتا چوقۇم قالىسىلەر» دەيدۇ. بىز سىلەرگە ھەقىقەتەن ھەق (دىن) نى كەلتۈردۇق ۋە لېكىن سىلەرنىڭ كۆپچىلىكىڭلار ھەق (دىن) نى يامان كۆرگۈچىلەردۇر﴾[2] يەنى بىز سىلەرگە ھەق (دىن) نى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىللىرى ئارقىلىق بايان قىلدۇق. سىلەر ئۇنىڭدىن باش تارتتىڭلار،ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلدىڭلار.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق﴾[3] ﴿دوزاخقا ھەر قاچان بىر توپ ئادەم تاشلانغان چاغدا، دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر كەلمىگەنمىدى؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «ئۇنداق ئەمەس، بىزگە ھەقىقەتەن ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن، بىز (ئۇنى) ئىنكار قىلدۇق. ھەمدە بىز: الله (ھېچ ئادەمگە ۋەھيىدىن) بىرەر نەرسە نازىل قىلغىنى يوق، سىلەر پەقەت چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا، دېدۇق» دەيدۇ﴾[4].

﴿**ئەمدى ئازابنى تېتىڭلار، زالىملارغا ھېچ قانداق ياردەم بەرگۈچى يوق**﴾ يەنى سىلەر دۇنيادىكى چېغىڭلاردا پەيغەمبەرلەرگە قارشىلىق قىلغان قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسى ئۈچۈن دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار، بۇگۈن سىلەرگە سىلەر تارتىۋاتقان ئازاب - ئوقۇبەتتىن، بويۇنۇڭلارغا سېلىنغان تاقاق ۋە زەنجىرلەردىن قۇتقۇزۇشقا ھېچ ياردەم بەرگۈچى يوقتۇر.

* * * * * * *

---

[1] سۈرە نەجىم 56 - ئايەت.
[2] سۈرە زۇخرۇف 77 — 78 - ئايەتلەر.
[3] سۈرە ئىسرا 15 - - ئايەت.
[4] سۈرە مۇلك 8 — 9 - - ئايەتلەر.

www.munber.org

إِنَّ ٱللَّهَ عَٰلِمُ غَيْبِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ إِنَّهُۥ عَلِيمٌۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿٣٨﴾ هُوَ ٱلَّذِى
جَعَلَكُمْ خَلَٰٓئِفَ فِى ٱلْأَرْضِ ۚ فَمَن كَفَرَ فَعَلَيْهِ كُفْرُهُۥ ۖ وَلَا يَزِيدُ ٱلْكَٰفِرِينَ كُفْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ إِلَّا مَقْتًا ۖ
وَلَا يَزِيدُ ٱلْكَٰفِرِينَ كُفْرُهُمْ إِلَّا خَسَارًا ﴿٣٩﴾

***الله ھەقىقەتەن ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلگۈچىدۇر. الله ھەقىقەتەن دىللاردىكى سىرلارنى بىلگۈچىدۇر﴿38﴾. الله سىلەرنى زېمىندا ئورۇنباسارلار قىلدى، كىمكى كاپىر بولىدىكەن، ئۇنىڭ كۇفرىنىڭ زىيىنى ئۆزىگە بولىدۇ، كاپىرلارنىڭ كۇفرى پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا پەقەت غەزەپنىلا زىيادە قىلىدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ كۇفرى ئۇلارنى الله نىڭ رەھمىتىدىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرىدۇ)، كاپىرلارنىڭ كۇفرى ئۇلارغا پەقەت ھالاكەتنىلا زىيادە قىلىدۇ﴿39﴾.***

بۇ ئايەتتە الله تائالا ئۆزىنىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيب نەرسىلەرنى دىللاردىكى يوشۇرۇن سىرلارنى، قەلبلەردىكى مەخپىيەتلىكلەرنى بىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. الله كەلگۈسىدە ھەر بىر ئادەمگە ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ۋە جازا بېرىدۇ.

﴿**الله سىلەرنى زېمىندا ئورۇن باسارلاردىن قىلدى**﴾ يەنى بىر قەۋم ئۆزىدىن ئىلگىرىكى قەۋملەرگە؛ بىر ئۈممەت ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە ئورۇن باسار بولىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇن باسارلىرى قىلغانلار كىم؟ ﴾[1].

كىمكى كاپىر بولىدىكەن، ئۇنىڭ كۇفرىنىڭ زىيىنى ئۆزىگە بولىدۇ. يەنى ئۇنىڭ ئۇۋالى باشقىلارغا ئەمەس، پەقەت ئۆزىگىلا يانىدۇ. كاپىرلارنىڭ كۇفرى پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا پەقەت غەزەپنىلا زىيادە قىلىدۇ. يەنى ئۇلار كۇفرىلىق قىلىشنى داۋام قىلغانسېرى الله تائالا ئۇلارغا قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. ئۇلار كۇفرىدا داۋام قىلغانسېرى ئۆزلىرىنى ۋە خوتۇن - بالىلىرىنى قىيامەت كۈنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. مۆمىنلەر بولسا تامامەن ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئۇلاردىن بىرىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغانسېرى ۋە قىلغان ئەمەلى ياخشى بولغانسېرى، جەننەتتىكى دەرىجىسى ۋە ئورنى يۇقىرى، ئەجرى زىيادە بولىدۇ. ئۇنى ياراتقۇچىسى، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ياخشى كۆرىدۇ.

* * * * * * *

قُلْ أَرَءَيْتُمْ شُرَكَآءَكُمُ ٱلَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ أَرُونِى مَاذَا خَلَقُوا۟ مِنَ ٱلْأَرْضِ أَمْ لَهُمْ شِرْكٌ
فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ أَمْ ءَاتَيْنَٰهُمْ كِتَٰبًا فَهُمْ عَلَىٰ بَيِّنَتٍ مِّنْهُ ۚ بَلْ إِن يَعِدُ ٱلظَّٰلِمُونَ بَعْضُهُم بَعْضًا إِلَّا
غُرُورًا ﴿٤٠﴾ ۞ إِنَّ ٱللَّهَ يُمْسِكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ أَن تَزُولَا ۚ وَلَئِن زَالَتَآ إِنْ أَمْسَكَهُمَا مِنْ أَحَدٍ مِّنۢ
بَعْدِهِۦٓ ۚ إِنَّهُۥ كَانَ حَلِيمًا غَفُورًا ﴿٤١﴾

***ئېيتقىنكى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ سىلەر الله نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلار (نېمە بىلەن چوقۇنۇشقا لايىق بولىدى؟) ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلاركى، ئۇلار زېمىندىن نېمىلەرنى ياراتتى؟ يا ئۇلار ئاسمانلارنى الله بىلەن بىرلىكتە ياراتتىمۇ؟ يا ئۇلارغا بىز بىر كىتاب بەرگەن بولۇپ، ئۇلار شۇ كىتابتىكى***

---

[1] سۈرە نەمله 62 - ئايەت.

www.munber.org

***روشەن دەلىللەرگە ئاساسلىنامدۇ؟ » ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، زالىملار بىر ـ بىرىگە پەقەت يالغاننىلا ۋەدە قىلىشىدۇ﴿40﴾. اللّٰه ھەقىقەتەن ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى (قۇدرىتى ۋە گۈزەل ھېكمىتى بىلەن) چۈشۈپ كېتىشتىن توختىتىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار چۈشۈپ كەتسە، ئۇلارنى ھېچ ئەھەدى توختىتىپ تۇرالمايدۇ. اللّٰه ھەقىقەتەن ھەلىمدۇر (يەنى كۇففارلار ئازابقا تېگىشلىك بولسىمۇ، ئۇلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴿41﴾.***

## بۇتلارنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىگە، اللّٰه تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ كاتتىلىقىغا دىققەتنى بۇراش توغرىسىدا

اللّٰه تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇشرىكلارغا مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇيدۇ: ﴿**ئېيتقىنكى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ سىلەر اللّٰه نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلار (نېمە بىلەن چوقۇنۇشقا لايىق بولدى؟) ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلاركى، ئۇلار زېمىندىن نېمىلەرنى ياراتتى؟ يا ئۇلار ئاسمانلارنى اللّٰه بىلەن بىرلىكتە ياراتتىمۇ؟**﴾ ئۇلار ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى ياراتقىنى يوق. ئۇلار قىلچىلىك نەرسىگىمۇ ئىگە ئەمەس.

﴿**يا ئۇلارغا بىز بىر كىتاب بەرگەن بولۇپ، ئۇلار شۇ كىتابتىكى روشەن دەلىللەرگە ئاساسلىنامدۇ؟**﴾ يەنى ياكى بىز ئۇلارغا بىر كىتاب نازىل قىلغان بولۇپ، ئۇلار شۇ كىتاب بويىچە شېرىك ۋە كۇفرىدىن سۆز ئاچامدۇ؟ ئىش ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ﴿**زالىملار بىر ـ بىرىگە پەقەت يالغاننىلا ۋەدە قىلىشىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار اللّٰه تائالانى قويۇپ بۇتلىرىغا چوقۇنۇشتا پەقەت نەپسى خاھىشلىرىغا، ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىگە ۋە ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇق ئارزۇلىرىغا ئەگىشىدۇ. ئۇلار ئەگىشىۋاتقان نەرسە ساختا، باتىل ۋە يالغاندىن باشقا نەرسە ئەمەس.

اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە ئۆز بۇيرۇقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئارزۇسىدىكى اللّٰه ئورۇنلاشتۇرغان ئۆز ئارا بىر ـ بىرىنى تارتىدىغان تارتىش كۈچى ئارقىلىق ئاسمانلار ۋە زېمىننىڭ بىر خىل قانۇنىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن ئىبارەت بۈيۈك قۇدرىتىدىن خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اللّٰه ھەقىقەتەن ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى (قۇدرىتى ۋە گۈزەل ھېكمىتى بىلەن) چۈشۈپ كېتىشتىن توختىتىپ تۇرىدۇ**﴾ بۇ ھەقتە غالىب ۋە بۈيۈك اللّٰه يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئاسماننىڭ )زېمىنغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، اللّٰه ئاسماننى توختىتىپ تۇرىدۇ، پەقەت اللّٰھنىڭ ئىزنى بىلەن (ئاسماننىڭ قىيامەت بولغان چاغدا) چۈشۈپ كېتىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾[1] ﴿اللّٰه نىڭ ئاسمان زېمىننى ئۆز ئەمرى بىلەن (مۇئەللەق) تۇرغۇزۇشى اللّٰه نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، ئاندىن اللّٰه (قەبرىلەردە كۆمۈلۈپ ياتقان) سىلەرنى يەر ئاستىدىن چاقىرسا، دەرھال چىقىسىلەر﴾[2].

﴿**ئەگەر ئۇلار (يەنى ئاسمان بىلەن زېمىن) چۈشۈپ كەتسە، ئۇلارنى ھېچ ئەھەدى توختىتىپ تۇرالمايدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىدە داۋاملىق قالدۇرۇشقا اللّٰه تائالا دىن باشقا ھېچكىم قادىر بولالمايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق اللّٰه مېھرىبان ھەلىمدۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. يەنى اللّٰه بەندىلىرىنىڭ ئۆزىگە كاپىر بولغانلىقىنى، ئاسىيلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىدۇ. تەۋبە قىلىش ئۈچۈن پۇرسەت بېرىدۇ. جازالاشنى كېچىكتۈرىدۇ، ئۇنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ. بىر قىسىملىرىنىڭ ئەيىبلىرىنى يوشۇرىدۇ ۋە

---

[1] سۈرە ھەج 65 ـ ئايەت.
[2] سۈرە رۇم 25 ـ ئايەت.

www.munber.org

**گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ.﴿اللہ ناھايىتى ھەلىمدۇر،(يەنى كۇففارلار ئازابقا تېگىشلىك بولسىمۇ، ئۇلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)، اللہ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾.**

* * * * * * *

وَأَقۡسَمُواْ بِٱللَّهِ جَهۡدَ أَيۡمَٰنِهِمۡ لَئِن جَآءَهُمۡ نَذِيرٞ لَّيَكُونُنَّ أَهۡدَىٰ مِنۡ إِحۡدَى ٱلۡأُمَمِۖ فَلَمَّا جَآءَهُمۡ نَذِيرٞ مَّا زَادَهُمۡ إِلَّا نُفُورًا ﴿٤٢﴾ ٱسۡتِكۡبَارٗا فِي ٱلۡأَرۡضِ وَمَكۡرَ ٱلسَّيِّيِٕۚ وَلَا يَحِيقُ ٱلۡمَكۡرُ ٱلسَّيِّئُ إِلَّا بِأَهۡلِهِۦۚ فَهَلۡ يَنظُرُونَ إِلَّا سُنَّتَ ٱلۡأَوَّلِينَۚ فَلَن تَجِدَ لِسُنَّتِ ٱللَّهِ تَبۡدِيلٗاۖ وَلَن تَجِدَ لِسُنَّتِ ٱللَّهِ تَحۡوِيلًا ﴿٤٣﴾

*ئۇلار ئۆزلىرىگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلسە، ھەر قانداق ئۇممەتكە قارىغاندا ئەڭ ھىدايەت تاپقۇچى بولىدىغانلىقلىرى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشتى. ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن چاغدا (ھىدايەتتىن) تېخىمۇ يىراق بولۇشتى﴿42﴾. (بۇنداق بولۇشى) ئۇلارنىڭ زېمىندا تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقلىرى ۋە ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكەنلىكلىرىدىندۇر. ھىيلە ـ مىكىرنىڭ ۋابالى پەقەت ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكەن ئادەمنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ، ئۇلار پەقەت ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرگە قوللىنىلغان (اللەنىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلىش ۋە جازالاشتىن ئىبارەت) يولنىلا كۈتىدۇ، اللەنىڭ (مەخلۇقاتلار ئۈستىدە قوللانغان) يولىدا ھەرگىزمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى كۆرمەيسەن، اللہ يولىدا ھەرگىز يۆتكىلىشنىمۇ (يەنى ئازابنىڭ ئازابقا تېگىشلىك بولغانلار ئۈستىدىن باشقىلارنىڭ ئۈستىگە يۆتكىلىشىنى) كۆرمەيسەن﴿43﴾.*

## كاپىرلارنىڭ ئۆزلىرىگە بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىنىڭ كېلىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقى، ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن چاغدا ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقى توغرىسىدا

اللہ تائالا قۇرەيش ئەھلى ۋە ئەرەبلەرنىڭ ئۆزلىرىگە پەيغەمبەر ئەۋەتىلىشتىن ئىلگىرى، ئۆزلىرىگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلسە، ھەر قانداق ئۇممەتكە يەنى پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلگەن بارلىق ئۇممەتلەرگە قارىغاندا ئەڭ ھىدايەت تاپقۇچى بولىدىغانلىقلىرى بىلەن اللہ نىڭ نامىدا قاتتىق قەسەم ئىچكەنلىكىدىن خەۋەر قىلىدۇ.

ھەقتە اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(مېنىڭ قۇرئان نازىل قىلىشىم) سىلەرنىڭ، پەقەت بىزدىن ئىلگىرىكى ئىككى تائىپىگىلا (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغىلا) كىتاب نازىل قىلىنغان، ئۇلارنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرىدىن بىزنىڭ زادىلا خەۋىرىمىز يوق، دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر. ياكى سىلەرنىڭ، ئەگەر بىزگە كىتاب نازىل قىلىنغان بولسا، بىز ئەلۋەتتە ئۇلاردىن ئارتۇق ھىدايەت تاپقان بولاتتۇق، دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر. سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن ھەقىقەتەن پاكىت، ھىدايەت ۋە رەھمەت نازىل بولدى، اللہ نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟﴾[1].

﴿ئۇلار (يەنى قۇرەيش كۇففارلىرى) ھەمىشە: «ئەگەر بىزدە بۇرۇنقىلارنىڭكىدەك (يەنى ئۆتكەنكى ئۇممەتلەرنىڭ كىتابلىرىدەك) بىر كىتاب بولسا ئىدى. ئەلۋەتتە، اللەنىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرى بولاتتۇق»

---

[1] سۈرە ئەنئام 156 ــ 157 ـ ئايەتلەر.

دەيدۇ. ئۇلار ئۇنى (يەنى قۇرئاننى) ئىنكار قىلىشتى. ئۇلار ئۇزاققا قالماي (كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) بىلىدۇ﴾[1].

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە نازىل قىلىنغان بۈيۈك كىتاب قۇرئاننى ئېلىپ) كەلگەن چاغدا (ھىدايەتتىن) تېخىمۇ يىراق بولۇشتى**﴾ يەنى ئۇلار قۇرئاننى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن كۇفرىسىغا كۇفرى قوشۇلدى. ئاندىن الله تائالا سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(بۇنداق بولۇشى) ئۇلارنىڭ زېمىندا تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقلىرى ۋە ھىيلە - مىكىر ئىشلەتكەنلىكلىرىدىندۇر. ھىيلە - مىكىرنىڭ ۋابالى پەقەت ھىيلە - مىكىر ئىشلەتكەن ئادەمنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇنىڭ ۋابالى باشقىلارغا ئەمەس پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگىلا يانىدۇ.

غالىب ۋە بۈيۈك الله يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇممەتلەرگە قوللىنىلغان (يەنى ئۇلارنىڭ الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە الله نىڭ ئەمىر- پەرمانىغا خىلاپلىق قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن الله نىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلىش ۋە جازالاشتىن ئىبارەت) يولىنىلا كۈتىدۇ. الله نىڭ (مەخلۇقاتلار ئۈستىدە قوللانغان) يولىدا ھەرگىزمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى كۆرمەيسەن. بەلكى بۇ ھەرقانداق ھەقنى ئىنكار قىلغۇچىغا تۇتقان يولىدۇر. الله يولىدا ھەرگىز يۆتكىلىشنى كۆرمەيسەن**﴾. ﴿الله بىرەر قەۋمنى ھالاك قىلماقچى (ياكى ئازابلىماقچى) بولسا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇلارغا ئازابنى دەپئى قىلىدىغان الله دىن باشقا ئىگىمۇ بولمايدۇ﴾[2] يەنى ئۇلارنى ھېچكىم الله نىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزالمايدۇ ۋە ئۇلارغا كېلىدىغان ئازابنى توسۇپ قالالمايدۇ.

* * * * * * *

أَوَلَمْ يَسِيرُواْ فِى ٱلْأَرْضِ فَيَنظُرُواْ كَيْفَ كَانَ عَـٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ وَكَانُوٓاْ أَشَدَّ مِنْهُمْ قُوَّةًۭ ۚ
وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيُعْجِزَهُۥ مِن شَىْءٍۢ فِى ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَلَا فِى ٱلْأَرْضِ ۚ إِنَّهُۥ كَانَ عَلِيمًۭا قَدِيرًۭا ﴿٤٤﴾
وَلَوْ يُؤَاخِذُ ٱللَّهُ ٱلنَّاسَ بِمَا كَسَبُواْ مَا تَرَكَ عَلَىٰ ظَهْرِهَا مِن دَآبَّةٍۢ وَلَـٰكِن يُؤَخِّرُهُمْ إِلَىٰٓ أَجَلٍۢ
مُّسَمًّۭى ۖ فَإِذَا جَآءَ أَجَلُهُمْ فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِعِبَادِهِۦ بَصِيرًۢا ﴿٤٥﴾

*ئۇلار زېمىندا سەير قىلىپ، ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەر (يەنى ھالاك بولغان ئۇممەتلەر) نىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ ئۇلار (يەنى ئۆتكەنكى ئۇممەتلەر) بۇلاردىن تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھېچ نەرسە اللەنى ئىلاجسىز قالدۇرالمايدۇ. الله ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر﴿44﴾. ئەگەر الله ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن جازالايدىغان بولسا، يەر يۈزىدە ھېچبىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى ۋە لېكىن الله ئۇلار(دىن ھېساب ئېلىش)نى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە تەخىر قىلىدۇ، ئۇلار (دىن ھېساب ئېلىش)نىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە (ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە قاراپ جازا بېرىدۇ)، الله ھەقىقەتەن بەندىلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴿45﴾.*

---

[1] سۈرە سافقات 167 — 170 - ئايەتكىچە.
[2] سۈرە رەئىد 11 - ئايەت.

www.munber.org

## پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقىنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىنىڭ بايانى توغرىسىدا

يەنى ئى مۇھەممەد! سەن ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبەرلىكنى ئىنكار قىلغان شۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، سىلەر زېمىندا سەيىر قىلىڭلار. ئاندىن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا ۋە الله تائالانىڭ ئۇلارنى قانداق ھالاك قىلغانلىقىغا قاراڭلار. (مەككە) كاپىرلىرىمۇ شۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدۇ. ئۇلارنىڭ (يەنى الله تائالا ھالاك قىلغانلارنىڭ) تۇرالغۇ - جايلىرى بوش قالدى. ئۇلارنىڭ ئېرىشكەن تولۇق كۈچ قۇۋۋىتى، سان ۋە قورال ياراقتىكى ئۈستۈنلىكى، بايلىقلىرى ۋە بالىلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى قاتارلىق نېمەتلىرى ئۇلاردىن تارتىۋېلىندى. الله نىڭ ئازابى كەلگەن چاغدا، ئۇ نەرسىلىرى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى. ئۇ نەرسىلەر ئۇلاردىن الله نىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى توسۇپ قالالمىدى. چۈنكى، الله ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا بىرەر نەرسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىنى ئىرادە قىلسا، ھېچ نەرسە الله تائالانى ئىلاجسىز قالدۇرالمايدۇ. الله ھەقىقەتەن ھەممىنى يەنى جىمى مەۋجۇداتلارنى بىلگۈچىدۇر. ھەممىگە قادىردۇر.

## جازالاشنى كېچىكتۈرۈشنىڭ ھېكمىتى توغرىسىدا

ئەگەر الله ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن جازالايدىغان بولسا، يەر يۈزىدە ھېچبىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى. يەنى يەر يۈزىدىكى پۈتكۈل ئىنسانلارنى ۋە ئۇلار ئېرىشكەن بارلىق ھايۋانلارنى، زىرائەتلەرنى چوقۇم ھالاك قىلغان بولاتتى.

سەئىد ئىبنى جۇبەيىر ۋە سۇددى الله تائالانىڭ ﴿**يەر يۈزىدە ھېچبىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى**﴾ ئايىتى توغرىسىدا الله ئۇلارنى يامغۇر بىلەن تەمىنلىمىسە، پۈتكۈل جانلىقلار ئۆلەتتى دېگەنلىك بولىدۇ. ﴿**ۋە لېكىن الله ئۇلار(دىن ھېساب ئېلىش)نى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە تەخىر قىلىدۇ**﴾ يەنى، لېكىن الله ئۇلارغا قىيامەت كۈنىگىچىلىك مۆھلەت بېرىدۇ. ئاندىن شۇ كۈندە ئۇلاردىن ھېساب ئالىدۇ. ھەر بىر ئادەمگە قىلغان ئەمەلىگە قارىتا تولۇق مۇكاپات ياكى تولۇق جازا بېرىدۇ. الله غا بويسۇنغان ئادەملەرگە ساۋاب بىلەن مۇكاپات بېرىدۇ. ئاسىيلىق قىلغان ئادەملەرگە ئازاب بىلەن جازا بېرىدۇ. ﴿**ئۇلار (دىن ھېساب ئېلىش)نىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە (ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە قاراپ جازا بېرىدۇ)، الله ھەقىقەتەن بەندىلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر**﴾.

الله تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن! شۇنىڭ بىلەن سۈرە فاتىرنىڭ تەپسىرى ئاخىرلاشتى.

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە ياسىن | 83 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

يسٓ ﴿١﴾ وَٱلۡقُرۡءَانِ ٱلۡحَكِيمِ ﴿٢﴾ إِنَّكَ لَمِنَ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿٣﴾ عَلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ﴿٤﴾ تَنزِيلَ
ٱلۡعَزِيزِ ٱلرَّحِيمِ ﴿٥﴾ لِتُنذِرَ قَوۡمٗا مَّآ أُنذِرَ ءَابَآؤُهُمۡ فَهُمۡ غَٰفِلُونَ ﴿٦﴾ لَقَدۡ حَقَّ ٱلۡقَوۡلُ عَلَىٰٓ أَكۡثَرِهِمۡ
فَهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ﴿٧﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اﷲ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.**

***ياسىن[1]. ھېكمەتلىك قۇرئان بىلەن قەسەمكى، (ئى مۇھەممەد!) شەك ـ شۈبھىسىزكى،سەن پەيغەمبەرلەردىنسەن[2-3]. توغرا يولدىسەن[4]. قۇرئان ئاتا ـ بوۋىلىرى ئاگاھلاندۇرۇلمىغان (يەنى ئۇلارغا پەيغەمبەر كەلمىگەن)، غاپىل قالغان بىر قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، غالىب، ناھايىتى مېھرىبان اﷲ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر[5-6]. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىگە (ئازاب توغرىسىدىكى) ھۆكۈم ھەقىقەتەن تېگىشلىك بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ[7].***

## پەيغەمبەرنىڭ ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان ئېلىپبە ھەرپلىرى ھەققىدە، سۈرە بەقەرنىڭ بېشىدا سۆزلەنگەن ئىدى. **﴿ھېكمەتلىك﴾** يەنى ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ باتىل يۈزلەنمەيدىغان پۇختا كىتاب **﴿قۇرئان بىلەن قەسەمكى، (ئى مۇھەممەد!) شەك ـ شۈبھىسىزكى، سەن پەيغەمبەرلەردىنسەن. توغرا يولدىسەن﴾** يەنى توغرا يول، توغرا دىن ۋە توغرا شەرىئەت ئۈستىدىدۇرسەن.

سەن ئېلىپ كەلگەن بۇ ئاشكارا، توغرا يول، ھەق دىن ۋە **﴿قۇرئان ئاتا ـ بوۋىلىرى ئاگاھلاندۇرۇلمىغان (يەنى ئۇلارغا پەيغەمبەر كەلمىگەن)، غاپىل قالغان بىر قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، غالىب﴾** مۆمىن بەندىلىرىگە **﴿ناھايىتى مېھرىبان اﷲ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾**.

بۇ ھەقتە اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇنىڭدەك (يەنى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغانىدەك) ئەمرىمىز بويىچە ساڭا قۇرئاننى ۋەھيى قىلدۇق، سەن (ۋەھيىدىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ. لېكىن، بىز قۇرئاننى بىر نۇر قىلدۇقكى، ئۇنىڭ بىلەن بەندىلىرىمىزدىن خالىغان كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىمىز. شەك ـ شۈبھىسىزكى سەن توغرا يولغا باشلايسەن. (ئۇ) ئاسمانلاردىكى ۋە

www.munber.org

زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە خاس بولغان اللّٰه نىڭ يولىدۇر. بىلىڭلاركى، ھەممە ئىش اللّٰه غا قايتىدۇ﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى ئەرەبلەرگە پەيغەمبەر كەلمىگەن ئىدى. بۇ ئايەتتە ئەرەبلەر يالغۇز تىلغا ئېلىنىدى، بۇ بەزى شەخسلەرنى تىلغا ئېلىپ ئومۇمنى كۆزدە تۇتۇش ئۇسلۇبى بولۇپ، بۇ ئايەت باشقا مىللەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، اللّٰه تائالانىڭ ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا اللّٰه تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن»**﴾ دېگەن ئايىتى تەپسىر قىلىنغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكى توغرىسىدىكى ئايەتلەر ۋە مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر تەپسىلىي بايان قىلىندى.

﴿**ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىگە (ئازاب توغرىسىدىكى) ھۆكۈم ھەقىقەتەن تېگىشلىك بولدى**﴾ ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: اللّٰه تائالا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىگە لەۋھۇلمەھپۇزدا: ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا ئازاب ھەقىقەتەن تېگىشلىك بولدى. ﴿**شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار**﴾ اللّٰه تائالاغا ﴿**ئىمان ئېيتمايدۇ**﴾ يەنى پەيغەمبەرلەرنى تەستىق قىلمايدۇ.

* * * * * * *

إِنَّا جَعَلۡنَا فِيٓ أَعۡنَٰقِهِمۡ أَغۡلَٰلٗا فَهِيَ إِلَى ٱلۡأَذۡقَانِ فَهُم مُّقۡمَحُونَ ﴿٨﴾ وَجَعَلۡنَا مِنۢ بَيۡنِ أَيۡدِيهِمۡ
سَدّٗا وَمِنۡ خَلۡفِهِمۡ سَدّٗا فَأَغۡشَيۡنَٰهُمۡ فَهُمۡ لَا يُبۡصِرُونَ ﴿٩﴾ وَسَوَآءٌ عَلَيۡهِمۡ ءَأَنذَرۡتَهُمۡ أَمۡ لَمۡ تُنذِرۡهُمۡ
لَا يُؤۡمِنُونَ ﴿١٠﴾ إِنَّمَا تُنذِرُ مَنِ ٱتَّبَعَ ٱلذِّكۡرَ وَخَشِيَ ٱلرَّحۡمَٰنَ بِٱلۡغَيۡبِۖ فَبَشِّرۡهُ بِمَغۡفِرَةٖ وَأَجۡرٖ
كَرِيمٍ ﴿١١﴾ إِنَّا نَحۡنُ نُحۡيِ ٱلۡمَوۡتَىٰ وَنَكۡتُبُ مَا قَدَّمُواْ وَءَاثَٰرَهُمۡۚ وَكُلَّ شَيۡءٍ أَحۡصَيۡنَٰهُ فِيٓ إِمَامٖ
مُّبِينٖ ﴿١٢﴾

*بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئېڭەكلىرىگىچە تاقاقلارنى تاقىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار باشلىرىنى ئېگەلمەيدۇ (يەنى ئۇلار ئىمانغا بويسۇنمايدۇ ۋە ئىمانغا باش ئەگمەيدۇ)﴾[8]. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر توسۇق، كەينىدە بىر توسۇق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى پەردىلىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار (ئىمانىنىڭ يوللىرى توسۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن) ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ﴾[9]. ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن، ئۇلارغا بەربىر ئوخشاش، ئىمان ئېيتمايدۇ﴾[10]. سەن پەقەت قۇرئانغا ئەگەشكەن، مەرھەمەتلىك اللّٰه نى كۆرمەي تۇرۇپ قورققان كىشىنى ئاگاھلاندۇرالايسەن (يەنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭنىڭ پايدىسى بولىدۇ)، ئۇنىڭغا (اللّٰه نىڭ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى) مەغپىرەت قىلىدىغانلىقى ۋە ئېسىل ساۋاب (يەنى جەننەت ئاتا قىلىدىغانلىقى) بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن﴾[11]. بىز، شۈبھىسىزكى، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ (دۇنيادا) قىلغان (ياخشى ـ يامان) ئەمەللىرىنى ۋە ئىشلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز، ھەممە شەيئىنى روشەن دەپتەردە (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) تولۇق خاتىرىلەپ قويغانمىز﴾[12].*

## بەختسىزلىك پۈتۈلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ ھالى توغرىسىدا

---

[1] سۈرە شۇرا 52 ـــ 53 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: بىز ھەقىقەتەن ئۆزىگە بەختسىزلىك پۈتۈلۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى، قوللىرى بويۇنلىرى بىلەن قوشۇپ ئېڭەكلىرىگە تاقاق سېلىنغان، ئاندىن بېشى ئاسمانغا قاراپ قېلىپ، پەسكە ئېگىلمىگەنلىكتىن تۈز يولنى كۆرۈشى قىيىنلاشقان كىشىلەرگە ئوخشاش قىيىن قىلدۇق.

﴿**شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار باشلىرىنى ئېگەلمەيدۇ (يەنى ئۇلار ئىمانغا بويسۇنمايدۇ ۋە ئىمانغا باش ئەگمەيدۇ)**﴾ ئەۋفىي، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: اللّٰه تائالانىڭ ﴿**بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئېڭەكلىرىگىچە تاقاقلارنى تاقىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار باشلىرىنى ئېگەلمەيدۇ (يەنى ئۇلار ئىمانغا بويسۇنمايدۇ ۋە ئىمانغا باش ئەگمەيدۇ)**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەزمۇنى اللّٰه تائالانىڭ ﴿**قولۇڭنى بويۇنۇڭغا باغلىۋالمىغىن**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشايدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ قوللىرى بويۇنلىرىغا باغلانغان بولۇپ، ئۇلار قوللىرىنى ياخشى ئىش قىلىشقا سۇنالمايدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

مۇجاھىد: ﴿**شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار باشلىرىنى ئېگەلمەيدۇ (يەنى ئۇلار ئىمانغا بويسۇنمايدۇ ۋە ئىمانغا باش ئەگمەيدۇ)**﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستۈن قىلىنغان، قوللىرى ئېغىزلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان، دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھەر قانداق ياخشىلىقنى قىلىشتىن توسۇلغان.

﴿**ئۇلارنىڭ ئالدىدا**﴾ ھەقتىن توسىدىغان ﴿**بىر توسۇق، كەينىدە**﴾ ھەقتىن توسىدىغان ﴿**بىر توسۇق قىلدۇق**﴾ شۇڭا ئۇلار ھەقتىن گۇمانلىنىدۇ. مۇجاھىد بۇ ئايەتنى شۇنداق تەپسىر قىلغان. بۇ ئايەت ھەققىدە قەتادە: شۇڭا ئۇلار گۇمراھلىقتا بولىدۇ، دېگەن.

﴿**ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى**﴾ ھەقنى كۆرۈشتىن ﴿**پەردىلىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار (ئىماننىڭ يوللىرى توسۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن) ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ**﴾ يەنى ياخشىلىقتىن مەنپەئەت ئالالمايدۇ. ياخشىلىق يوللىرى ئۈستىدە ھىدايەتمۇ تاپالمايدۇ.

ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد، ئىبنى ئەسلەم: اللّٰه تائالا بۇ توسۇقنى ئۇلار بىلەن ئىسلام ۋە ئىمان ئارىسىدا قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلمايدۇ، دېدى ۋە ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ. ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەركۆرستىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە (ئىمان ئېيتمايدۇ)﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. ئاندىن ئۇ مۇنداق دېدى: اللّٰه تائالا كىمنى ئىمان ئېيتىشتىن توسسا، ئۇ ئىمان ئېيتىشقا قادىر بولالمايدۇ. ئىبنى جەرىر، ئىكرىمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇجەھل ئەگەر مەن مۇھەممەدنى ئۇچرىتىپ قالسام، چوقۇم ئۇنداق قىلىمەن، مۇنداق قىلىمەن، دېگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولدى.

﴿**بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئېڭەكلىرىگىچە تاقاقلارنى تاقىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار باشلىرىنى ئېگەلمەيدۇ (يەنى ئۇلار ئىمانغا بويسۇنمايدۇ ۋە ئىمانغا باش ئەگمەيدۇ). ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر توسۇق، كەينىدە بىر توسۇق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى پەردىلىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار (ئىماننىڭ يوللىرى توسۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن) ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ**﴾ ئۇلار: بۇ مۇھەممەد، دەپ كۆرسىتىشەتتى. ئەبۇجەھل: ئۇ قەيەردە؟ ئۇ قەيەردە؟ دەيتتى، لېكىن ئۇنى كۆرەلمەيتتى.

﴿**ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن، ئۇلارغا بەرىبىر ئوخشاش، ئىمان ئېيتمايدۇ**﴾ يەنى اللّٰه ھەقىقەتەن ئۇلارغا گۇمراھلىقنى پۈتۈۋەتكەن، شۇڭا ئاگاھلاندۇرۇش ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ، قىلچىلىك تەسىرمۇ قىلمايدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشاش يەنە بىر ئايەت سۈرە بەقەرەنىڭ بېشىدا كەلدى.

---

[1] سۈرە يۇنۇس 96 — 97 - ئايەتلەر.

www.munber.org

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ. ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەركۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە (ئىمان ئېيتمايدۇ)﴾[1].

﴿**سەن پەقەت قۇرئانغا ئەگەشكەن**﴾ يەنى سېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ بىلەن مەنپەئەت ئېلىپ بۇيۇك قۇرئانغا ئەگەشكەن ﴿**مەرھەمەتلىك ﷲ نى كۆرمەي تۇرۇپ قورققان كىشىنى**﴾ يەنى ئۆزىنى بۇيۇك ۋە يۈكسەك ﷲ تائالادىن باشقا ھېچكىم كۆرمەيدۇ دەپ، ئەھۋالىدىن ﷲ تائالانىڭ پۈتۈنلەي خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ۋە قىلمىشلىرىنى ﷲ تائالانىڭ بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلگەن مۆمىنلەرنى ﴿**ئاگاھلاندۇرالايسەن (يەنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭنىڭ پايدىسى بولىدۇ)، ئۇنىڭغا (ﷲ نىڭ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى) مەغپىرەت قىلىدىغانلىقى ۋە ئېسىل ساۋاب**﴾ يەنى كەڭرى، چىرايلىق ۋە گۈزەل جەننەت ئاتا قىلىدىغانلىقى ﴿**بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن**﴾ ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىدىن كۆرمەي تۇرۇپ قورققانلار مەغپىرەتكە ۋە كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدۇ﴾[2].

﴿**بىز، شۈبھىسىزكى**﴾ قىيامەت كۈنى ﴿**ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمىز**﴾ بۇ ئايەتتە ﷲ تائالانىڭ گۇمراھلىق بىلەن دىللىرى ئۆلگەن كاپىرلاردىن خالىغان كىشىنىڭ قەلبىنى تىرىلدۈرۈپ، ئۇنى ئەنە شۇ گۇمراھلىقتىن كېيىن ھەقىقەتكە ھىدايەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشارەت باردۇر. ﷲ تائالا دىللىرى قېتىپ كەتكەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىلىڭلاركى، ﷲ زېمىننى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ (يەنى قاقاس، قۇرغاق زېمىننى يامغۇر بىلەن كۆكەرتىدۇ)، بىز ھەقىقەتەن سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ سىلەرگە (كامالى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەرنى بايان قىلدۇق﴾[3].

﴿**ئۇلارنىڭ**﴾ دۇنيادا ئۆزلىرى قول تىقىپ قىلغان ﴿**(ياخشى - يامان) ئەمەللىرىنى ۋە**﴾ ئۆزلىرىدىن كېيىنكىلەرگە ئۆلگە قىلىپ قالدۇرغان ﴿**ئىشلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز**﴾ ھەم شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلارغا كەلگۈسىدە جازا ۋە مۇكاپات بېرىمىز. ئەگەر ئەمەللىرى ۋە قالدۇرغان ئىش ئىزلىرى ياخشى بولسا، مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، ئەگەر ئەمەللىرى ۋە قالدۇرغان ئىش ئىزلىرى يامان بولسا، جازاغا تارتىلىدۇ.

بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئىسلامدا بىر ياخشى ئىشنى يولغا قويسا، ئۇنىڭ ساۋابى ئۇ كىشىگە بولىدۇ ۋە ئۇ كىشىدىن كېيىن شۇ ياخشى ئىشقا ئەمەل قىلغان كىشىلەرنىڭ ساۋابىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىۋېتىلمەستىن ئۇ كىشىگىمۇ ھەر بىر كىشىنىڭ ساۋابىدىن بىر ھەسسە ساۋاب بېرىلىدۇ. كىمكى ئىسلامدا بىر يامان ئىشنى يولغا قويغان بولسا، ئۇنىڭ گۇناھى ئۇ كىشىگە بولىدۇ ۋە ئۇ كىشىدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىۋېتىلمەستىن، ئۇ كىشىگىمۇ ھەر بىر يامان ئىش قىلغان ئادەمنىڭ گۇناھلىرىدىن بىر ھەسسە يېزىلىدۇ».

ئىبنى ئەبۇھاتەم، جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۇنىڭ بۇ ھەدىسنى تولۇق سۆزلەپ بولۇپ، ئاندىن ﴿**ئۇلارنىڭ (دۇنيادا) قىلغان ئەمەللىرىنى ۋە ئىش ئىزلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز**﴾ دېگەن بۇ ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى رىۋەيەت قىلغان. ئىمام مۇسلىم، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىسىمۇ مۇشۇ مەزمۇننى تەكىتلەيدۇ. «ئەگەر ئادەم ئەۋلادى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەلى ئۈزۈلىدۇ. (يەنى ئۇنىڭ دۇنيادىكى ياخشى - يامان ئەمەل

---

[1] سۈرە يۇنۇس 96 — 97 - ئايەتلەر
[2] سۈرە مۇلك 12 - ئايەت.
[3] سۈرە ھەدىد 17 - ئايەت.

www.munber.org

بىلەن بولغان ئالاقىسى تامامەن ئۈزۈلىدۇ)، پەقەت ئۈچ ئىش بۇنىڭدىن مۇستەسنا پايدىلىق ئىلىم ياكى ياخشى بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا قىلغان دۇئاسى ۋە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن ساۋابى ئۈزۈلۈپ قالماي يېتىپ تۇرىدىغان سەدىقە قاتارلىقلاردۇر».

سۇفيان سەۋرى، ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇجاھىدنىڭ الله تائالانىڭ ﴿**بىز، شۈبھىسىزكى، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ (دۇنيادا) قىلغان (ياخشى ـ يامان) ئەمەللىرىنى ۋە ئىشلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز**﴾ دېگەن ئايىتىنى: ئۇلار مىراس قالدۇرغان گۇمراھلىقنى خاتىرىلەپ قويىمىز دېگەنلىك بولىدۇ دەپ تەپسىر قىلغانلىقنى رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى ئەبۇنەجىيە ۋە باشقىلار بۇ ئايەت ھەققىدە مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا ئۇلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىنى ۋە ماڭغان ئاياغ ئىزلىرىنى خاتىرىلەپ قويىدۇ. شۇنداقلا، ھەسەن ۋە قەتادە قاتارلىقلارمۇ: الله ئۇلارنىڭ ئاياغ ئىزلىرىنى خاتىرلەپ قويىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

قەتادە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى! ئەگەر غالىب ۋە بۈيۈك الله ئىشىڭدىن بىرەر نەرسىنى ئۇقماي قالىدىغان بولسا، شاماللار ئۇچۇرۇۋەتكەن بۇ ئىزلارنى ئۇقماي قالغان بولاتتى. لېكىن، الله ئادەم بالىسىنىڭ ئىشىنى، بارلىق ئەمەلىنى، ھەتتا بۇنىڭ ئاياغ ئىزلىرىنى يەنى ئۇنىڭ الله تائالانىڭ يولىدىكى ئەمەل ـ ئىبادەتكە قەدەم باسقانلىقى ياكى ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىش ئۈچۈن قەدەم باسقانلىقىغا قەدەر ئىش ـ ئىزلىرىنى تولۇق خاتىرىلەپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەردىن كىمكى ئۆزىنىڭ ئاياغ ئىزىنى الله تائالاغا ئىتائەت قىلىش يولىدا خاتىرىلىتىشكە قادىر بولالىسا، ئۇ شۇنداق قىلىشقا تىرىشسۇن!

ئىمام ئەھمەد، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەسچىتنىڭ ئەتراپىدا بوش يەر بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بەنۇسەلىمە قەبىلىسىدىكىلەر مەسچىتكە يېقىن يەرگە كۆچۈپ كېلىشمەكچى بولدى. بۇ ئىشنىڭ خەۋىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەرنىڭ مەسچىتكە يېقىن يەرگە كۆچۈپ كەلمەكچى بولغانلىقىڭلارنى ئاڭلىدىم، شۇنداقمۇ؟» دېدى. ئۇلار: ھەئە، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز شۇنداق نىيەت قىلغان ئىدۇق، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى بەنۇسەلىمە قەبىلىسىدىكىلەر! ئۆز دىيارىڭلاردىن كۆچمەڭلار، (ناماز ئوقۇش ۋە باشقا دىنىي پائالىيەت ئۈچۈن مەسچىتكە باسقان) ئىزلىرىڭلار خاتىرىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۆز دىيارىڭلاردىن كۆچمەڭلار، ئىزلىرىڭلار خاتىرىلىنىپ تۇرىدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەدىنىدە بىر ئادەم ۋاپات بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ جىنازە نامىزىنى ئوقۇدى ۋە: «كاشكى ئۇ تۇغۇلغان يېرىدىن باشقا يەردە ئۆلۈپ كەتكەن بولسىچۇ؟» دېدى. ئادەملەرنىڭ بىرى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! نېمىشقا؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىر ئادەم تۇغۇلغان يېرىدىن باشقا يەردە ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭغا جەننەتتە ئۇنىڭ تۇغۇلغان يېرىدىن ئۇنىڭ ئاياغ ئىزى ئۈزۈلۈپ ئاخىرلاشقان يەرگىچە كەڭرى جاي ئۆلچەپ بېرىلىدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى نەسەئى ۋە ئىبنى ماجەمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى جەرىر، سابىتنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن كېتىپ باراتتىم. مەن تېز مېڭىۋىدىم، ئەنەس قولۇمنى تۇتىۋالدى، ئاندىن بىز ئالدىرماي ماڭدۇق، بىز

www.munber.org

نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئەنەس مۇنداق دېدى: مەن زەيد ئىبنى سابىت بىلەن بىللە ماڭغان ئىدىم. مەن تېز ماڭسام، ئۇ: ئى ئەنەس! ئىزلارنىڭ خاتىرىلىنىدىغىنىنى بىلمەمسەن؟ دېگەن ئىدى، دېدى.

بۇ سۆز بىلەن ئۆلگە قىلىپ قالدۇرغان ئىش ئىزلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز دېگەن سۆزنىڭ ئارىسىدا ئۆزئارا زىتلىق يوق، بەلكى ئاياغ ئىزلىرىنىڭ خاتىرىلىنىپ تۇرۇشى ئەلۋەتتە ئىش ئىزلارنىڭ خاتىرىلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، بۇ ئاياغ ئىزلىرى خاتىرىلىنىپ تۇرغان يەردە، ياخشى يامان ئىشلارنىڭ خاتىرىلىنىشى چوقۇمدۇر.

﴿**ھەممە شەيئىنى**﴾ يەنى جىمى مەۋجۇداتلارنى ﴿**روشەن دەپتەردە (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا)**﴾ يېزىقلىق ھالدا پۇختا ساقلاپ، ﴿**تولۇق خاتىرىلەپ قويغانمىز**﴾ الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىز ھەممە ئادەمنى ئۇلارنىڭ نامە - ئەمالى بىلەن**﴾ يەنى ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ياخشى - يامان ئىشلىرى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى يېزىلغان كىتاب بىلەن ﴿بىز ھەممە ئادەمنى ئۇلارنىڭ نامە - ئەمالى بىلەن چاقىرىدىغان كۈننى (ئېسىڭدا تۇتقىن)﴾[1] ﴿نامە - ئەماللار ھازىر قىلىنىدۇ، پەيغەمبەرلەر ۋە گۇۋاھچىلار كەلتۈرۈلىدۇ﴾[2] ﴿كىشىلەرنىڭ نامە - ئەمالى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدىكى خاتىرىلەردىن قورققانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار: «ۋاي بىزگە! بۇ نامە - ئەمالغا چوڭ - كىچىك گۇناھنىڭ ھەممىسى خاتىرىلىنىپتىغۇ؟» دەيدۇ، ئۇلار قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە - ئەمالغا خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ﴾[3].

* * * * * * *

وَٱضۡرِبۡ لَهُم مَّثَلًا أَصۡحَٰبَ ٱلۡقَرۡيَةِ إِذۡ جَآءَهَا ٱلۡمُرۡسَلُونَ ﴿١٣﴾ إِذۡ أَرۡسَلۡنَآ إِلَيۡهِمُ ٱثۡنَيۡنِ
فَكَذَّبُوهُمَا فَعَزَّزۡنَا بِثَالِثٖ فَقَالُوٓاْ إِنَّآ إِلَيۡكُم مُّرۡسَلُونَ ﴿١٤﴾ قَالُواْ مَآ أَنتُمۡ إِلَّا بَشَرٞ مِّثۡلُنَا وَمَآ أَنزَلَ
ٱلرَّحۡمَٰنُ مِن شَيۡءٍ إِنۡ أَنتُمۡ إِلَّا تَكۡذِبُونَ ﴿١٥﴾ قَالُواْ رَبُّنَا يَعۡلَمُ إِنَّآ إِلَيۡكُمۡ لَمُرۡسَلُونَ ﴿١٦﴾ وَمَا عَلَيۡنَآ إِلَّا
ٱلۡبَلَٰغُ ٱلۡمُبِينُ ﴿١٧﴾

*ئۇلارغا (يەنى كۇففارلارغا) شەھەر (يەنى ئەنتاكىيە) ئاھالىسىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا پەيغەمبەرلەر كەلگەن ئىدى[13]. ئەينى زاماندا ئۇلارغا ئىككى پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق. ئۇلار ئۇ ئىككى پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلدى. ئۈچىنچى پەيغەمبەرنى ئەۋەتىش بىلەن (ئۇلارغا) ياردەم قىلدۇق، پەيغەمبەرلەر (ئۇلارغا): «بىز ھەقىقەتەن (الله نىڭ) سىلەرگە (يەنى سىلەرنى ھىدايەت قىلىشقا) ئەۋەتىلگەن ئەلچىلىرىمىز» دېدى[14]. ئۇلار: «سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاش ئىنسان، مېھرىبان الله ھېچ نەرسە نازىل قىلغىنى يوق، سىلەر پەقەت يالغانچىسىلەر» دېدى[15]. ئەلچىلەر: «پەرۋەردىگارىمىز بىلىدۇكى، بىز شەك - شۈبھىسىز سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرمىز[16]. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز پەقەت (روشەن دەلىللەر بىلەن) چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىشتۇر» دېدى[17].*

---

[1] سۈرە ئىسرا 71 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە زۇمەر 69 - ئايەت.
[3] سۈرە كەھف 49 - ئايەت.

www.munber.org

## شەھەر ئاھالىسى بىلەن ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ قىسسىسى ۋە بۇ قىسسىنىڭ ھەققىي ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ھالاك قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! سېنى ئىنكار قىلغان قەۋمىڭگە ﴿**شەھەر (يەنى ئەنتاكىيە) ئاھالىسىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا پەيغەمبەرلەر كەلگەن ئىدى**﴾.

ئىبنى ئىسھاق بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، كەئب ئەھبار ۋە ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھ قاتارلىقلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ شەھەر ئەنتاكىيە شەھىرىدۇر، ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ ئىسمى ئەنتىخس ئىبنى ئەنتىخس ئىبنى ئەنتىخس بولۇپ، ئۇ بۇتلارغا چوقۇناتتى. شۇڭا اللە تائالا ئۇنىڭغا سادىق، سەدۇق ۋە شەلۇملاردىن ئىبارەت ئۈچ پەيغەمبەرنى ئەۋەتكەن ئىدى. پادىشاھ بۇ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى. ئۇ شەھەرنىڭ ئەنتاكىيە ئىكەنلىكى بۇرەيدە ئىبنى خەسىب، ئىكرىمە، قەتادە ۋە زۆھرى قاتارلىقلاردىنمۇ رىۋايەت قىلىنغان. بىراق بەزى ئۆلىمالارنىڭ قاراشلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇ شەھەرنى ئەنتاكىيە دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش ھەققەتەن قىيىندۇر. اللە خالىسا، قىسسىنىڭ ئاخىرىدا بۇ ھەقتە يەنە توختىلىمىز.

﴿**ئەينى زاماندا ئۇلارغا ئىككى پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق، ئۇلار ئۇ ئىككى پەيەمبەرنى ئىنكار قىلدى**﴾ يەنى ئۇلار ئۇ ئىككىسىنى ناھايىتى تېزلا ئىنكار قىلىشقا ئالدىراپ كېتىشتى. ﴿**ئۈچىنچى پەيغەمبەرنى ئەۋەتىش بىلەن (ئۇلارغا) ياردەم قىلدۇق**﴾ يەنى ئۇ ئىككىسىنى ئۈچىنچى پەيغەمبەر بىلەن كۈچلەندۈردۇق ۋە قۇۋۋەتلىدۇق.

ئىبنى جۇرەيج ۋەھب ئىبنى سۇلايماندىن شۇئەيب جەبائىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: دەسلەپتىكى ئىككى پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى شەمئۇن ۋە يۇھاننا، ئۈچىنچىسىنىڭ ئىسمى بولىس بولۇپ، ئۇلار ئەۋەتىلگەن شەھەر، ئانتاكىيە شەھىرىدۇر.

﴿**پەيغەمبەرلەر**﴾ ئاشۇ شەھەر ئاھالىسىگە ﴿**بىز ھەقىقەتەن**﴾ سىلەرنى ياراتقان، سىلەرنى يالغۇز ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى بولمىغان پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن ﴿**سىلەرگە (يەنى سىلەرنى ھىدايەت قىلىشقا) ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرمىز دېدى**﴾ قەتادە ئىبنى دىئامە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەنتاكىيە ئاھالىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىدۇر، دېگەن قاراشتا بولغان.

﴿**ئۇلار: سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاش ئىنسان**﴾ يەنى قانداق قىلىپ سىلەرگە ۋەھيي قىلىنىدى؟ بىزمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئىنسان تۇرساق، نېمىشقا بىزگىمۇ سىلەرگە ئوخشاش ۋەھيي قىلىنمىدى؟ ئەگەر سىلەر پەيغەمبەر بولغان بولساڭلار، ئەلۋەتتە پەرىشتىلەردىن بولغان بولاتتىڭلار. بۇنىڭغا ئوخشىغان گۇمانلار ۋە سۆزلەر ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئۇممەتلەردىنمۇ نۇرغۇن قېتىم سادىر بولغان ئىدى.

اللە تائالا ئۇلاردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەن ئىدى، ئۇلار: «ئىنسان بىزنى ھىدايەت قىلالامدۇ؟» دېدى**﴾ يەنى ئۇلار ئۆز ئارىسىدىن پەيغەمبەر كەلگەنلىكىدىن ھەيران قېلىشتى ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىشتى ﴿پەيغەمبەرلىرى: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى اللە نىڭ (بىرلىكىدە) شەك بارمۇ؟ اللە گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىش ئۈچۈن، سىلەرنى (ئىمانغا) دەۋەت قىلىدۇ، سىلەرنى (جازالاشنى) مەلۇم مۇددەتكىچە (يەنى ئەجىلىڭلار يەتكۈچە) تەخىر قىلىدۇ» دېدى. ئۇلار: «سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاشلا ئىنسان، ئاتا -

www.munber.org

بۇۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان (بۇتلار) غا ئىبادەت قىلىشىمىزدىن توسماقچى بولىسىلەر، (راستلىقىڭلار ئۈچۈن) بىزگە ئېنىق پاكىت كۆرسىتىڭلار» دېدى﴾[1] ﴿ئەگەر سىلەر ئۆزەڭلارغا ئوخشاش بىر ئىنسانغا ئىتائەت قىلساڭلار، شۈبھىسىزكى، ئۇ چاغدا سىلەر چوقۇم زىيان تارتقۇچىلارسىلەر﴾[2] ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ ئۆزلىرىگە ھىدايەت (يەنى پەيغەمبەر بىلەن قۇرئان) كەلگەن چاغدا ئىمان ئېيتماسلىقلىرى «اللە ئىنساننى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتەمدۇ؟» دېگەنلىكلىرى ئۈچۈندۇر﴾[3].

شۇڭا ئەنتاكىيە شەھەر ئاھالىسىمۇ ﴿«سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاش ئىنسان، مېھرىبان اللە ھېچ نەرسە نازىل قىلغىنى يوق، سىلەر پەقەت يالغانچىسىلەر» دېدى. ئەلچىلەر: «پەرۋەردىگارىمىز بىلىدۇكى، بىز شەك ـ شۈبھىسىز سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرمىز﴾ يەنى ئۇلارغا ئەۋەتىلگەن ئۈچ ئەلچى ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: بىز اللە تائالانىڭ سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلىرى ئىكەنلىكىمىزنى اللە بىلىدۇ. ئەگەر بىز اللە نامىدىن يالغان سۆزلىگەن بولساق، اللە بىزدىن چوقۇم قاتتىق ئىنتىقام ئالغان بولاتتى. لېكىن، اللە بىزنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سىلەرگە قارشى بىزگە ياردەم بېرىدۇ. ئاخىرەتنىڭ ياخشى ئاقىۋىتىگە كىمنىڭ ئېرىشىدىغانلىقىنى كەلگۈسىدە بىلىپ قالىسىلەر، دېدى.

بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، «مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا (مېنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمگە) گۇۋاھ بولۇشقا اللە كۇپايىدۇر، اللە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ، بۇتقا ئىشەنگەن، اللە نى ئىنكار قىلغان ئادەملەر زىيان تارتقۇچىلاردۇر»﴾[4].

﴿بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز پەقەت چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىشتۇر﴾ يەنى ئەلچىلەر ئۇلارغا جاۋابەن مۇنداق دەيدۇ: بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز پەقەت بىز سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن ھەق دىننى سىلەرگە چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىپ بېرىشتۇر. ئەگەر بىزگە ئىتائەت قىلساڭلار، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىسىلەر. ئەگەر دەۋىتىمىزنى قوبۇل قىلمىساڭلار، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كەلگۈسىدە بىلىپ قالىسىلەر.

* * * * * * *

قَالُوٓاْ إِنَّا تَطَيَّرۡنَا بِكُمۡۖ لَئِن لَّمۡ تَنتَهُواْ لَنَرۡجُمَنَّكُمۡ وَلَيَمَسَّنَّكُم مِّنَّا عَذَابٌ أَلِيمٞ (18) قَالُواْ
طَـٰٓئِرُكُم مَّعَكُمۡۚ أَئِن ذُكِّرۡتُمۚ بَلۡ أَنتُمۡ قَوۡمٞ مُّسۡرِفُونَ (19)

*ئۇلار (ئەلچىلەرگە): «بىز سىلەردىن شۇم پال ئالدۇق. ئەگەر سىلەر (دەۋىتىڭلارنى) توختاتمىساڭلار، سىلەرنى چوقۇم تاش ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمىز ۋە بىزنىڭ قاتتىق جازايىمىزغا ئۇچرايسىلەر» دېدى﴿18﴾. ئەلچىلەر: «(كۇفرىڭلار سەۋەبىدىن) شۇملۇقۇڭلار ئۆزەڭلار بىلەن بىللىدۇر، سىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنسا (شۇم پال ئالامسىلەر؟) ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئىش سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەس)، سىلەر (اللە غا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن) ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر» دېدى﴿19﴾.*

شۇ چاغدا شەھەر ئاھالىسى ئەلچىلەرگە مۇنداق دېدى: بىز سىلەردىن شۇم پال ئالدۇق يەنى سىلەرنىڭ يۇرۇتلاردا بىزنىڭ تىرىكچىلىكىمىز ئۈچۈن بىرەر ياخشىلىقنىڭ كېلىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتىنى

---

(1) سۈرە ئىبراھىم 10 ـ ئايەت.
(2) سۈرە مۆئمىنۇن 34 ـ ئايەت.
(3) سۈرە ئىسرا 94 ـ ئايەت.
(4) سۈرە ئەنكەبۇت 52 ـ ئايەت.

www.munber.org

كۆرمىدۇق. قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى: ئەگەر بىزگە بىرەر يامانلىق يەتسە، ئۇ پەقەت سىلەرنىڭ سەۋەبىڭلار تۈپەيلىدىن يەتكەن بولىدۇ دېگەنلىكتۇر، دېدى. مۇجاھىد: سىلەرگە ئوخشاش ئادەملەر شەھەرگە كىرىدىغانلا بولسا، شەھەر ئاھالىسى ئازابقا دۇچار بولىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

﴿**ئەگەر سىلەر (دەۋىتىڭلارنى) توختاتمىساڭلار، سىلەرنى چوقۇم تاش - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمىز ۋە بىزنىڭ قاتتىق جازايىمىزغا ئۇچرايسىلەر» ئەلچىلەر ئۇلارغا: «(كۇفرىڭلار سەۋەبىدىن) شۇملۇقۇڭلار ئۆزەڭلار بىلەن بىللىدۇر**﴾ يەنى شۇملۇقۇڭلار ئۆزەڭلەرگە قايتىدۇ، دېدى. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار ئەگەر (پاراۋانلىق - مولچىلىقتەك) بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، بىز بۇنىڭغا ھەقلىقمىز، دەيدۇ. ئەگەر ئۇلارغا بىرەر يامانلىق كەلسە، ئۇلار: بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى، دەيدۇ. ئۇلارغا يەتكەن ياخشىلىق بىلەن يامانلىق (مۇسانىڭ شۇملۇقىدىن ئەمەس) الله نىڭ تەقدىرىدۇر لېكىن، ئۇلارنىڭ تولىسى بۇنى (يەنى ئۇلارغا كەلگەن بالا - قازانىڭ ئۆز گۇناھلىرى تۈپەيلى الله تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنى) ئۇقمايدۇ**﴾[1] ﴿**ئۇلار ئېيتتى: «(بىزگە كەلگەن قەھەتچىلىك) سېنىڭ ۋە سەن بىلەن بولغان كىشىلەرنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى». سالىھ ئېيتتى: «سىلەرگە كېلىدىغان ياخشى يامانلىق الله تەرىپىدىن كېلىدۇ، بەلكى سىلەرنى الله سىنايدۇ»**﴾[2] ﴿**ئەگەر ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، «بۇ الله دىن بولدى» دەيدۇ، ئەگەر ئۇلار بىرەر زىيان زەخمەتكە ئۇچرىسا، «بۇ سەندىن (يەنى سېنىڭ دىنىڭغا كىرگەنلىكىمىزدىن) بولدى» دەيدۇ. (ئى مۇھەممەد! بۇ ئەخمەقلەرگە) ئېيتقىنكى، «(ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ) ھەممىسى الله تەرىپىدىندۇر (يەنى ھەممىسىنى الله ياراتقاندۇر)». بۇ قەۋمگە نېمە بولدىكىن، ئۇلار ھېچبىر سۆزنى (يەنى ھەممە شەيئىنىڭ الله نىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىنى) چۈشەنمەيدۇ**﴾[3].

﴿**سىلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلىنسا (شۇم پال ئالامسىلەر؟)**﴾ يەنى بىز ھەقىقەتەن سىلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلغانلىقىمىز، سىلەرنى الله نىڭ بار ۋە بىرلىكىنى تونۇشقا، الله تائالا غا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىمىز ئۈچۈن، بىزنى قورقۇتۇپ، تەھدىت سېلىپ مۇشۇنداق سۆزلەر بىلەن قارشى ئالامسىلەر؟

﴿**ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئىش سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەس)، سىلەر (الله غا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن) ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر»**﴾ قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى: يەنى بىز سىلەرگە الله نى ئەسلەتسەك، سىلەر بىزدىن شۇم پال ئالامسىلەر؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، يەنى ئىش سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، سىلەر الله غا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر، دەپ تەپسىر قىلدى.

* * * * * * *

وَجَآءَ مِنۡ أَقۡصَا ٱلۡمَدِينَةِ رَجُلٞ يَسۡعَىٰ قَالَ يَٰقَوۡمِ ٱتَّبِعُواْ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿٢٠﴾ ٱتَّبِعُواْ مَن لَّا
يَسۡـَٔلُكُمۡ أَجۡرٗا وَهُم مُّهۡتَدُونَ ﴿٢١﴾ وَمَا لِيَ لَآ أَعۡبُدُ ٱلَّذِي فَطَرَنِي وَإِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ ﴿٢٢﴾ ءَأَتَّخِذُ مِن

---

[1] سۈرە ئەئراف 134 - ئايەت.
[2] سۈرە نەمل 47 - ئايەت.
[3] سۈرە نىسا 78 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

دُونِهِۦٓ ءَالِهَةً إِن يُرِدۡنِ ٱلرَّحۡمَٰنُ بِضُرّٖ لَّا تُغۡنِ عَنِّي شَفَٰعَتُهُمۡ شَيۡـٔٗا وَلَا يُنقِذُونِ ﴿٢٣﴾ إِنِّيٓ إِذٗا لَّفِي
ضَلَٰلٖ مُّبِينٍ ﴿٢٤﴾ إِنِّيٓ ءَامَنتُ بِرَبِّكُمۡ فَٱسۡمَعُونِ ﴿٢٥﴾

***شەھەرنىڭ يىراق جايىدىن بىر كىشى (يەنى ھەبىب نەجار) يۈگۈرۈپ كېلىپ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىڭلار[20]. توغرا يولدا بولغان، (ئىمانغا دەۋەت قىلغانلىقىغا) سىلەردىن ھەق سورىمايدىغان كىشىلەرگە ئەگىشىڭلار[21]. مەن نېمىشقا مېنى ياراتقان ۋە سىلەر (ئۆلگەندىن كېيىن) دەرگاھىغا قايتىدىغان اللە غا ئىبادەت قىلماي؟[22]. مەن اللە دىن غەيرىينى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولسام، ئەگەر مېھرىبان اللە ماڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەكچى بولسا، ئۇلارنىڭ شاپائىتى مەندىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايدۇ ھەمدە مېنى قۇتقۇزالمايدۇ[23]. ئەگەر ئۇنداق بولسا (يەنى ئاللادىن غەيرىينى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولسام)، مەن ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتا بولىمەن[24]. مەن ھەقىقەتەن (سىلەرنى ياراتقان) پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىمان ئېيتتىم (ئىمانىمغا) قۇلاق سېلىڭلار (ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇڭلار)» [25].***

ئىبنى ئىسھاق بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، كەئب، ئەھبار ۋە ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھ قاتارلىقلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: شەھەر ئاھالىسى ئەلچىلەرنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن شەھەرنىڭ يىراق جايىدىن بىر كىشى قەۋمىگە قارشى ئەلچىلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىسمى ھەبىب بولۇپ، ئۇ ئارغامچا ئېشىپ ساتىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ تېرە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، كېسلى بەدىنىگە تېز تاراپ كەتكەن ئىدى. ئۇ سەدىقىنى كۆپ بېرەتتى، يەنى تاپاۋىتىنىڭ يېرىمىنى سەدىقە قىلاتتى. ئۇ ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ئادەم ئىدى. شەبىب ئىبنى بىشىر ئىكرىمەدىن ئىبنى ئاbbas رەزىيە اللە ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمى ھەبىب نەجار ئىدى، قەۋمى ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتتى.

ھەبىب نەجار ﴿**ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىڭلار**﴾ يەنى ئۇ قەۋمىنى ئۆزلىرىگە كەلگەن پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىشكە رىغبەتلەندۈرەتتى.

﴿**توغرا يولدا بولغان (ئىمانغا دەۋەت قىلغانلىقىغا)**﴾ پەيغەمبەرلىكنى تەبلىغ قىلغانلىقى ئۈچۈن ﴿**سىلەردىن ھەق سورىمايدىغان كىشىلەرگە ئەگىشىڭلار**﴾ يەنى سىلەرنى ھېچ شېرىكى يوق يالغۇز اللە تائالانىڭ ئىبادىتىگە چاقىرىدىغانلارغا ئەگىشىڭلار.

﴿**مەن نېمىشقا مېنى ياراتقان ۋە سىلەر (ئۆلگەندىن كېيىن) دەرگاھىغا قايتىدىغان اللە غا ئىبادەت قىلماي؟**﴾ يەنى مەن نېمىشقا مېنى ياراتقان، ھېچ شېرىكى بولمىغان يالغۇز اللە تائالاغا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلمىغۇدەكمەن؟! قىيامەت كۈنى سىلەرمۇ اللە تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن اللە تائالا سىلەرگە ئەمەللىرىڭلارغا قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. ئەگەر ئەمەللىرىڭلار ياخشى بولسا مۇكاپاتقا، يامان بولسا جازاغا لايىق بولىسىلەر.

﴿**مەن اللە دىن غەيرىينى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولسام، ئەگەر مېھرىبان اللە ماڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەكچى بولسا، ئۇلارنىڭ شاپائىتى مەندىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايدۇ ھەمدە مېنى قۇتقۇزالمايدۇ**﴾ يەنى سىلەرنىڭ اللە تائالانى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇ ئىلاھلىرىڭلار ھېچ قانداق بىر نەرسىگە ئىگە ئەمەس، ئەگەر اللە تائالا ماڭا بىرەر يامانلىق يەتكۈزمەكچى بولسا، ﴿ئۇنى اللە دىن باشقا

www.munber.org

ھېچكىم كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ﴾[1] يەنى بۇ بۇتلار ماڭا كېلىدىغان يامانلىقنى توسۇشقا قادىر بولالمايدۇ، ئۇلار مېنى ماڭا يەتكەن زىيان - زەخمەتتىن قۇتۇلدۇرۇپمۇ قالالمايدۇ. ئەگەر مەن ﷲ تائالانى قويۇپ ئۇ بۇتلارنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولسام ئۇ چاغدا ﴿**مەن ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتا بولىمەن**﴾.

﴿**مەن ھەقىقەتەن (سىلەرنى ياراتقان) پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىمان ئېيتتىم (ئىمانىمغا) قۇلاق سېلىڭلار (ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇڭلار**﴾ ئىبنى ئىسھاق بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، كەئب ۋە ۋەھب قاتارلىقلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەبىب نەجار قەۋمىگە: مەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭلارغا يەنى سىلەر ئىنكار قىلغان ﷲ تائالاغا ﴿**ئىمان ئېيتتىم**﴾ سۆزۈمگە قۇلاق سىلىڭلار، دەيدۇ.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ھەبىب نەجار ئەلچىلەرگە خىتاب قىلىپ ﴿مەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭلارغا﴾ (يەنى سىلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ﷲ تائالاغا ﴿ئىمان ئېيتتىم﴾ (سۆزۈمگە قۇلاق سىلىڭلار) يەنى ﷲ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇڭلار دېگەن بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىندۇر. ئىبنى جەرىر بىر قىسىم ئۆلىمالارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەلكى (ھەبىب نەجار) پەيغەمبەرلەرگە مۇنداق خىتاب قىلغان: مەن سىلەرگە ئېيتقان نەرسىلەرگە پەرۋەردىگارىمنىڭ دەرگاھىدا ماڭا گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار. مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىمان ئېيتتىم ۋە سىلەرگە ئەگەشتىم، دېگەندۇر. ئىبنى جەرىرنىڭ ئەنە شۇ ئۆلىمالاردىن رىۋايەت قىلغان بۇ سۆزى مەنتىقىغە ئۇيغۇنراقتۇر.

ئىبنى ئىسھاق بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، كەئب ۋە ۋەھب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قاتارلىقلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەبىب نەجار ئەشۇ سۆزنى قىلغاندا قەۋمى ئۇنىڭغا خۇددى بىر ئادەم ئېتىلغاندەكلا بىردەك ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنى دەسسەپ ئۆلتۈرىۋەتتى. ھېچكىم ئۇنى قوغداپ قالالمىدى.

بۇ ھەقتە قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئۇنى تاش بىلەن چالما - كېسەك قىلىشقا باشلىدى. ئۇ بولسا: ئى ﷲ! قەۋمىمنى ھىدايەت قىلغىن، ئۇلار ھەقىقەتەن توغرا دىنىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ. دەۋاتاتتى. ئۇلار ئۇنى تاش - كېسەك بىلەن شۇ مەيداندىلا ئۆلتۈرۈپ قويدى. ئۇ بولسا يۇقىرىقىدەك دېگىنىچە جان ئۈزدى. ﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!

* * * * * * *

قِيلَ ٱدۡخُلِ ٱلۡجَنَّةَۖ قَالَ يَٰلَيۡتَ قَوۡمِي يَعۡلَمُونَ ﴿٢٦﴾ بِمَا غَفَرَ لِي رَبِّي وَجَعَلَنِي مِنَ ٱلۡمُكۡرَمِينَ ﴿٢٧﴾
۞ وَمَآ أَنزَلۡنَا عَلَىٰ قَوۡمِهِۦ مِنۢ بَعۡدِهِۦ مِن جُندٖ مِّنَ ٱلسَّمَآءِ وَمَا كُنَّا مُنزِلِينَ ﴿٢٨﴾ إِن كَانَتۡ إِلَّا
صَيۡحَةٗ وَٰحِدَةٗ فَإِذَا هُمۡ خَٰمِدُونَ ﴿٢٩﴾

***(قەۋمى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا) «جەننەتكە كىرگىن» دېيىلدى، ئۇ: «كاشكى قەۋمىم پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا مەغپىرەت قىلغانلىقىنى ۋە مېنى ھۆرمەتلىكلەردىن قىلغانلىقىنى بىلسە ئىدى» دېدى﴾[26-27]. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قەۋمىنى (جازالاش ئۈچۈن) ئاسماندىن قوشۇن (يەنى***

---
[1] سۈرە ئەنئام 17 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

***پەرىشتىلەر) چۇشۇرمىدۇق (ھەر قەۋمنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن پەرىشتىلەرنى) چۈشۈرۈۋەرگۈچى بولمىدۇق﴿28﴾. پەقەت بىر ئاۋاز بىلەنلا ناگاھان ئۇلار قىرىتىپ قالدى﴿29﴾.***

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار ئۇنى پۇتلىرى بىلەن دەسسەپ مەقەت يولىدىن ئۈچىيىنى چىقىرىۋەتكەن. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا: ﴿جەننەتكە كىرگىن﴾ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جەننەتكە كىردى. ھازىر ئۇ جەننەتتە رىزىقلاندۇرۇلماقتا. اللّٰه تائالا ھەققەتەن ئۇنى دۇنيادىكى كېسەللىدىن، غەم ـ قايغۇسىدىن ۋە جاپا ـ مۇشەققەتتىدىن قۇتقازدى. مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ھەبىب نەجارغا ”جەننەتكە كىرگىن“ دېيىلدى. چۈنكى، ئۇ ھەق ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەچكە ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشى ۋاجىب بولغان ئىدى. ئۇ ئۆزىگە بېرىلگەن ساۋابنى كۆرگەن چاغدا: **﴿كاشكى قەۋمىم پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا مەغپىرەت قىلغانلىقىنى ۋە مېنى ھۆرمەتلىكلەردىن قىلغانلىقىنى بىلسە ئىدى﴾** دېدى.

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: بىر مۆمىننى پەقەت ئۇنىڭ بىر ياخشىلىقىقا نەسىھەت قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن. ئۇ سېنى ئالدىمايدۇ. ھەبىب نەجار اللّٰه تائالانىڭ ھۆرمىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن چاغدا: **﴿كاشكى قەۋمىم پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا مەغپىرەت قىلغانلىقىنى ۋە مېنى ھۆرمەتلىكلەردىن قىلغانلىقىنى بىلسە ئىدى، دېدى﴾** يەنى اللّٰه تائالانىڭ ھۆرمىتىنى ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، تۈيۈقسىزلا ئېرىشكەن بۇ نېمەتلەرنى قەۋمىنىڭ بىلىشىنى اللّٰه تائالادىن ئۈمىد قىلدى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم، ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ قەۋمىگە ھايات چېغىدا: **﴿ئى قەۋمىم! پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىڭلار﴾** دەپ، نەسىھەت قىلدى ۋە ئۆلگەندىن كېيىن: **﴿كاشكى قەۋمىم پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا مەغپىرەت قىلغانلىقىنى ۋە مېنى ھۆرمەتلىكلەردىن قىلغانلىقىنى بىلسە ئىدى﴾** دېدى.

سۇفيان سەۋرى، ئاسىم ئەھۋەلدىن ئەبۇمەجلىزنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەرۋەردىگارىمغا ئىمان ئېيتقانلىقىم، ئەلچىلەرنى تەستىقلىغانلىقىم ئۈچۈن **﴿پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا مەغپىرەت قىلغانلىقىنى ۋە مېنى ھۆرمەتلىكلەردىن قىلغانلىقىنى قەۋمىم بىلسە ئىدى، دېدى﴾** ئۇنىڭ مەقسىتى: ئەگەر ئۇلار مەن ئېرىشكەن بۇ ساۋاب، مۇكاپات ۋە دائىملىق نازۇنېمەتلەردىن خەۋەر تاپقىنىدا، بۇ نەرسىلەر ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىشىگە ئەلۋەتتە تۈرتكە بولاتتى، دېگەنلىكتۇر. اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن! ۋە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن! ئۇ قەۋمىنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا ھەققەتەن بەك ھېرىسمەن ئادەم ئىدى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم، ئىبنى ئۆمەردىن ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇد سەقەفى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! مېنى قەۋمىمگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكىن، مەن ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىمەن، دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مەن ھەققەتەن ئۇلارنىڭ سېنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشىدىن قورقىمەن» دېدى. ئۇ: ئەگەر قەۋمىم مېنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىمنى كۆرسە (ھۆرمەت يۈزىسىدىن) مېنى ئويغاتمايدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا بارغىن» دېدى. ئۇ سەقىفكە كەلدى، ئۇ لات ۋە ئۇززا ناملىق بۇتلارنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئەتىدىن باشلاپ چوقۇم سىلەرنى كىشىلەر يامان كۆرىدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرىۋېتىمەن، دېدى. بۇنىڭدىن سەقىف ئەھلى غەزەپلەندى. ئۇ: ئى سەقىف جامائەسى! شەك ـ شۈبھىسىزكى، لات بىلەن ئۇززا ئىلاھ ئەمەس، ئىسلام دىنىغا كىرىڭلار كەلگۈسىدىكى ئازابتىن سالامەت بولىسىلەر. ئى ئىتتىپاقداشلار جامائەسى! شەك ـ شۈبھىسىزكى، لات بىلەن ئۇززا ئىلاھ ئەمەس، ئىسلام دىنىغا كىرىڭلار، كەلگۈسىدىكى ئازابتىن سالامەت

www.munber.org

بولسىلەر دەپ، بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى بىر ئادەم ئوقىيا بىلەن ئاتتى، ئوق ئۇنىڭ بىلەك تومۇرىغا تېگىپ ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى. بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەن چاغدا، ئۇ: «بۇ ئادەم سۈرە ياسىندىكى ئادەمگە ئوخشايدۇ» دەپ، ﴿**كاشكى قەۋمىم پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا مەغپىرەت قىلغانلىقىنى ۋە مېنى ھۆرمەتلىكلەردىن قىلغانلىقىنى بىلسە ئىدى**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

﴿**ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگۈچى بولمىدۇق**﴾ بۇ ئايەتتە الله تائالا ھەبىب نەجارنى قەۋمى ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتكەندىن كېيىن ئۇلارغا غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭ قەۋمىدىن ئىنتىقام ئالغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار الله تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلدى ۋە الله تائالانىڭ دوستىنى ئۆلتۈرىۋەتتى. الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئاسماندىن پەرىشتىلەردىن تەركىب تاپقان قوشۇننى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرمىگەنلىكىنى، قوشۇن چۈشۈرۈشكە ھاجىتىنىڭمۇ يوق ئىكەنلىكىنى، بەلكى ئىش ئۇنىڭدىنمۇ ئاسان ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئىبنى مەسئۇد الله تائالانىڭ: ﴿**ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگۈچى بولمىدۇق**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بىز ئۇلارنى نۇرغۇن قوشۇن بىلەن يەڭمىدۇق، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئاسان بولغان ئۇسۇلدا يەڭدۇق، ﴿**پەقەت بىر ئاۋاز بىلەنلا ناگاھان ئۇلار قېتىپ قالدى**﴾ الله تائالا ئۇ پادىشاھنى ۋە ئەنتاكىيە ئاھالىسىنى ھالاك قىلدى. ئۇلار يەر يۈزىدىن تەلتۆكۈس يوقىتىلىپ، ئۇلاردىن ھېچبىر تىرىك جان قالدۇرۇلمىدى، دېدى.

بەزىلەر: بىز ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلساق ئۇلارغا قارشى پەرىشتىلەرنى ﴿**چۈشۈرۈۋەرگۈچى بولمىدۇق**﴾ بەلكى ئۇلارغا ئۇلارنى ھالاك قىلىدىغان ئازابنى بىۋاستە ئەۋەتىمىز دېگەنلىكتۇر، دېدى.

مۇجاھىد ۋە قەتادە الله تائالانىڭ: ﴿**ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قەۋمىنى (جازالاش ئۈچۈن) ئاسماندىن قوشۇن (يەنى پەرىشتىلەر) چۈشۈرمىدۇق**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىنى: ئۇلارغا باشقا بىر پەيغەمبەر ئەۋەتمىدۇق دېگەنلىكتۇر، دېدى. قەتادە: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەبىب نەجار ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قەۋمى ﴿**پەقەت بىر ئاۋاز بىلەنلا ناگاھان ئۇلار قېتىپ قالدى**﴾ دېدى. ئىبنى جەرىر بۇ ھەقتە: ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئۇ ئايەت ھەققىدە قىلغان سۆزى ئەڭ توغرىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەرلەر قوشۇن دەپ ئاتالمايدۇ، دېدى.

تەپسىر شۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا ئۇلارنى جازالاش ئۈچۈن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارغا ئەۋەتتى، ئۇ شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن تۇتتى ـ دە، ئاندىن قاتتىق بىر ئاۋاز چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار باشتىن ئاياق ھەممىسى قېتىپ قىلىشتى، بىرەر تەندە مىدىرلىغىدەك بىرەر جانمۇ قالمىدى.

يۇقىرىدا سەلەپ ئالىملىرىنىڭ: بۇ شەھەر ئەنتاكىيە شەھىرى، ئۇ ئۈچ پەيغەمبەر بولسا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلەر دېگەنلىكى بايان قىلىنغان ئىدى. قەتادە ۋە باشقىلارمۇ ئۇنى مۇشۇنداق بايان قىلدى. كېيىنكى تەپسىر شۇناسلاردىن قەتادىدىن باشقا ھېچبىر تەپسىر شۇناستىن ئۇنداق قاراش بايان قىلىنغان ئەمەس. بۇ قاراش بىر قانچە جەھەتتىن ئىشەنچلىك دەپ قارالمايدۇ.

بىرىنچىدىن، بۇ قىسسەنىڭ ۋەقەلىكى ئۇ ئۈچ پەيغەمبەر غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ئىكەنلىكىنى، ئىسا ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەمەسلىكىنى ئاشكارا كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەينى زاماندا ئۇلارغا ئىككى پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق. ئۇلار ئۇ ئىككى پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلدى. ئۈچىنچى پەيغەمبەرنى ئەۋەتىش بىلەن (ئۇلارغا) ياردەم قىلدۇق، پەيغەمبەرلەر (ئۇلارغا): «بىز ھەقىقەتەن (الله نىڭ) سىلەرگە (يەنى سىلەرنى ھىدايەت**

www.munber.org

قىلىشقا) ئەۋەتىلگەن ئەلچىلىرىمىز» دېدى. ئەلچىلەر: «پەرۋەردىگارىمىز بىلىدۇكى، بىز شەك ـ شۈبھىسىز سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرمىز. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز پەقەت (روشەن دەلىللەر بىلەن) چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىشتۇر» دېدى﴾. ئەگەر ئۇ ئەلچىلەر ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ياردەمچىلىرى بولسا ئىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىنى شۇنىڭغا مۇناسىپ سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلىگەن بولاتتى. ئەگەر ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىرى بولسا ئىدى، شەھەر ئاھالىسىمۇ ئۇلارغا ﴿سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاش ئىنسان﴾ دېمىگەن بولاتتى.

ئىككىنچىدىن، ئەنتاكىيە ئاھالىسى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزلىرىگە ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىگە ئىمان ئېيتقان ئىدى، ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان دەسلەپكى شەھەر ئاھالىسىدىن ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئەنتاكىيە شەھىرى خرىستىئانلار تەرىپىدىن ”بىترىق“ دەپ نام ئالغان پوپ تۇرىدىغان تۆت شەھەرنىڭ بىرى دەپ ھېسابلىناتتى. ئۇ تۆت شەھەرنىڭ بىرىنچىسى، قۇددۇس. چۈنكى، ئۇ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇرتىدۇر، ئىككىنچىسى، ئەنتاكىيە. چۈنكى، ئۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ دەسلەپتە ئىمان ئېيتقان، ئىدى.

ئۈچىنچىسى، ئىسكەندەرىيە. چۈنكى، ئۇ شەھەردە خرىستىئانلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئالىملىرىغا ”بىترىق“، ”مەتران“، ”ئەسقەف“، ”قىسسىس“، ”راھىب“ دېگەن ئۇنۋان ـ ئاتالغۇلىرىنى بېكىتىپ چىققان. تۆتىنچىسى، رىم بولۇپ، خرىستىئان دىنىغا ياردەم قىلغان ۋە ئۇ دىننى مۇستەھكەملىگەن پادىشاھ قۇستەنتىنىيە شەھىرىدىندۇر. پادىشاھ قۇستەنتىن قۇستەنتىنىيە[1] شەھىرىنى بىنا قىلغاندىن كېيىن، خرىستىئانلار پايانى رىمدىن قۇستەنتىنىيەگە يۆتكەپ كەتكەن. بۇنى سەئىد ئىبنى بىترىق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئەھلى كىتاب ۋە مۇسۇلمان تارىخشۇناسلىرىدىن خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلەر بايان قىلغان. ئەگەر ئەنتاكىيەنىڭ ئىمان ئېيتقان دەسلەپتىكى شەھەر ئاھالىسى ئىكەنلىكى مۇقەررەرلەشسە، ئۇنداقتا الله تائالا تىلغا ئالغان بۇ شەھەر (يەنى سۈرە ياسىندا تىلغا ئېلىنغان شەھەر) ئاھالىسىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى، ئاندىن الله تائالا ئۇلارنى بىرلا ئاۋاز بىلەن ھالاك قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ شۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ قېتىپ قالغانلىقى قاتارلىقلار بۇ شەھەرنىڭ باشقا شەھەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئانتاكىيە شەھىرى بىلەن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ياردەمچىلىرى ئارىسىدىكى قىسسە تەۋرات نازىل بولغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن. ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە بىر قانچە سەلەپ ئۆلىمالىرى الله تائالانىڭ تەۋراتنى نازىل قىلغاندىن كېيىن ئۈممەتلەر ئىچىدىن بىرەر ئۈممەتنىمۇ ئۇلارغا ئازاب ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ چوڭ ـ كىچىك ھەممىسىنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلمىغانلىقىنى، بەلكى ئۇنىڭدىن كېيىن مۆمىنلەرنى مۇشرىكلار بىلەن جىھاد قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىنى بايان قىلغان. ئۇلار يۇقىرىدىكى سۆزنى الله تائالانىڭ: ﴿شۈبھىسىزكى، بىز (نۇھنىڭ قەۋمى ئاد، سەمۇد ۋە لۇتنىڭ قەۋمى قاتارلىق) ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، كىشىلەر (يەنى بەنى ئىسرائىل) نىڭ دىللىرىغا (ھەقىقەتنى كۆرىدىغان) نۇر بېرىپ، ئۇلارغا ھىدايەت ۋە رەھمەت قىلدۇق، ئۇلار ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ، مۇساغا كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) بەردۇق﴾[2] دېگەن ئايىتىنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلغان، مۇشۇنىڭغا بىنائەن قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان بۇ شەھەرنىڭ ئەنتاكىيە شەھىرى ئەمەس، بەلكى باشقا بىر شەھەر ئىكەنلىكى مۇئەييەنلىشىدۇ. ھەمدە سەلەپ ئۆلىمالىرىدىن بىر قانچىسىمۇ مۇشۇنداق دەپ كۆرسەتكەن. ياكى بولمىسا بۇ قىسسىدە دېيىلگەن ئەنتاكىيە بولسا باشقا بىر ئەنتاكىيە شەھىرى بولۇپ، بۇ ھەممىگە مەلۇم بولغان

[1] هازىرقى ئىستانبۇل.
[2] سۈرە قەسەس 43 ـ ئايەت.

www.munber.org

مەشھۇر ئەنتاكىيە شەھىرى ئەمەستۇر. چۈنكى، بۇ مەشھۇر ئەنتاكىيە شەھىرىنىڭ خرىستىئان دىنى دەۋرىدىمۇ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دىنلار دەۋرىدىمۇ ھالاك قىلىنغانلىقى مەلۇم بولمىغان. اللّٰه ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلگۈچىدۇر.

* * * * * * *

يَٰحَسۡرَةً عَلَى ٱلۡعِبَادِۚ مَا يَأۡتِيهِم مِّن رَّسُولٍ إِلَّا كَانُواْ بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ ﴿٣٠﴾ أَلَمۡ يَرَوۡاْ كَمۡ أَهۡلَكۡنَا
قَبۡلَهُم مِّنَ ٱلۡقُرُونِ أَنَّهُمۡ إِلَيۡهِمۡ لَا يَرۡجِعُونَ ﴿٣١﴾ وَإِن كُلٌّ لَّمَّا جَمِيعٌ لَّدَيۡنَا مُحۡضَرُونَ ﴿٣٢﴾

***(اللّٰه نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغۇچى) بەندىلەرگە ئەپسۇسكى، ئۇلارغا بىرەر پەيغەمبەر كەلسىلا ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى﴿30﴾. ئۇلار (يەنى مەككە ئاھالىسى) ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇرغۇن ئۇممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى بىلمەمدۇ؟ ئۇلار بۇلارنىڭ يېنىغا (يەنى دۇنياغا ئەبەدىي) قايتمايدۇ﴿31﴾. ئۇلارنىڭ ھەممىسى (قىيامەت كۈنى ھېساب بېرىش ئۈچۈن) ھۇزۇرىمىزغا ھازىر قىلىنىدۇ﴿32﴾.***

## پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ھەسرەت چېكىشى توغرىسىدا

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە، ئىبنى ئابباسنىڭ اللّٰه تائالانىڭ ﴿**(اللّٰه نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغۇچى) بەندىلەرگە ئەپسۇسكى**﴾ دېگەن ئايىتىنى (پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغان) بەندىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ. قەتادە: بۇ ئايەتنى اللّٰه تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانىنى ئورۇندىمىغان، اللّٰه تائالانىڭ دىنىدا نۇقسان ئىزدىگەن بەندىلەر ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىغا ھەسرەت چېكىدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئۇلار قىيامەت كۈنى ئازابنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن چاغدا، نېمە ئۈچۈن اللّٰه تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغاندىمىز ۋە اللّٰه تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا قارشىلىق قىلغاندىمىز دەپ ھەسرەت چېكىدۇ ۋە پۇشايمان قىلىدۇ دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئىدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى: ﴿**ئۇلارغا بىرەر پەيغەمبەر كەلسىلا ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى**﴾ يەنى ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى، ئۇنى مەسخىرە قىلدى، ئۇ ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتتىن تاندى.

## تەناسۇخ ئەقىدىسىگە بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا

﴿**ئۇلار (يەنى مەككە ئاھالىسى) ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇرغۇن ئۇممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى بىلمەمدۇ؟ ئۇلار بۇلارنىڭ يېنىغا (يەنى دۇنياغا ئەبەدىي) قايتمايدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ئۇلاردىن ئىلگىرى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئۇممەتلەرنى اللّٰه تائالانىڭ ھالاك قىلغانلىقى بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت ئالمامدۇ؟ ئۇلارنىڭ بۇ دۇنياغا قايتىشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ ئىش ھەرگىز نۇرغۇن نادان ۋە گۇناھكار ئادەملەر جۆيلىگەندەك ئەمەس. ئۇلار: ﴿بىزنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدىن باشقا ھايات يوقتۇر، بىز ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز﴾[1] دەيدۇ. ئۇلار ئۆلۈپ ـ تىرىلىش زاماندىن زامانغا ئايلىنىپ تۇرىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلار بىلمىسىزلىكتىن ئۆزلىرىنىڭ خۇددى بۇرۇن دۇنيادا بولغىنىدەك، يەنە دۇنياغا

[1] سۈرە مۆئمىنۇن 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قايتىدىغانلىقىغا ئىتىقاد قىلىدۇ[1]. اﷲ تائالا ئۇلارنىڭ باتىل ئەقىدىسىگە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇرغۇن ئۇممەتلەرنى هالاك قىلغانلىقىمىزنى بىلمەمدۇ؟ ئۇلار بۇلارنىڭ يېنىغا (يەنى دۇنياغا ئەبەدىي) قايتمايدۇ**﴾.

﴿**ئۇلارنىڭ هەممىسى (قىيامەت كۈنى هېساب بېرىش ئۈچۈن) هۇزۇرىمىزغا هازىر قىلىنىدۇ**﴾ يەنى ئۆتۈپ كەتكەن ۋە كەلگۈسىدە كېلىدىغان ئۇممەتلەرنىڭ هەممىسى قىيامەت كۈنى هېساب بېرىش ئۈچۈن اﷲ تائالانىڭ دەرگاهىغا هازىر قىلىنىدۇ، ئاندىن اﷲ تائالا ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ياخشى - يامان ئەمەللىرىنىڭ هەممىسىگە قارىتا مۇكاپات ۋە جازا بېرىدۇ. بۇ هەقتە اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭ هەر بىر ئادەمگە ئۇنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىدۇ﴾[2].

* * * * * * *

وَءَايَةٌ لَّهُمُ ٱلۡأَرۡضُ ٱلۡمَيۡتَةُ أَحۡيَيۡنَٰهَا وَأَخۡرَجۡنَا مِنۡهَا حَبًّا فَمِنۡهُ يَأۡكُلُونَ ﴿٣٣﴾ وَجَعَلۡنَا فِيهَا
جَنَّٰتٍ مِّن نَّخِيلٍ وَأَعۡنَٰبٍ وَفَجَّرۡنَا فِيهَا مِنَ ٱلۡعُيُونِ ﴿٣٤﴾ لِيَأۡكُلُواْ مِن ثَمَرِهِۦ وَمَا عَمِلَتۡهُ أَيۡدِيهِمۡۚ
أَفَلَا يَشۡكُرُونَ ﴿٣٥﴾ سُبۡحَٰنَ ٱلَّذِي خَلَقَ ٱلۡأَزۡوَٰجَ كُلَّهَا مِمَّا تُنۢبِتُ ٱلۡأَرۡضُ وَمِنۡ أَنفُسِهِمۡ وَمِمَّا
لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٣٦﴾

*ئۆلۈك (يەنى قۇرغاق) زېمىننى (يامغۇر بىلەن) تىرىلدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئۇلار يەيدىغان ئاشلىقنى ئۆستۈرگەنلىكىمىز ئۇلارغا (اﷲ نىڭ قۇدرىتى كامىلەسىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتتۇر﴿33﴾. بىز زېمىندا نۇرغۇنلىغان خورما باغلىرىنى، ئۈزۈم باغلىرىنى بەرپا قىلدۇق، شۇ زېمىندا بۇلاقلارنى ئېقىتتۇق﴿34﴾. ئۇلار ئۇنىڭ (يەنى باغلارنىڭ) مېۋىسىنى يېسۇن، (بۇ مېۋىلەرنى) ئۇلارنىڭ قوللىرى ياراتقان ئەمەس، ئۇلار (اﷲ نىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلمامدۇ؟﴿35﴾. اﷲ (پۈتۈن ئەيىب - نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ پۈتۈن شەيئىلەرنى جۈپ ياراتتى. زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەر (يەنى ئاجايىپ مەخلۇقاتلار)نىڭ هەممىسىنىڭ جۈپتى بار﴿36﴾.*

## ئاللەمنىڭ ياراتقۇچىسى ۋ ئۆلگەندىن كېيىنكى هاياتلىقنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش توغرىسىدا

ئۆسۈملۈكلەردىن هېچ نەرسە ئۈنمىگەن، قاغجىراپ كەتكەن ئۆلۈك زېمىنغا اﷲ تائالا يامغۇر ياغدۇرسا، ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپۈشۈپ تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئىنسانلارغا ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تولۇق قۇدرىتىنى ۋە ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتتۇر. شۇڭا اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۆلۈك (يەنى قۇرغاق) زېمىننى (يامغۇر بىلەن) تىرىلدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئۇلار يەيدىغان ئاشلىقنى ئۆستۈرگەنلىكىمىز ئۇلارغا (اﷲ نىڭ قۇدرىتى**

---

[1] مانا بۇ تەناسۇخ ئەقىدىسىدۇر. بۇ ئەقىدە هىندى ۋە باشقا قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ ئەقىدىسى بولۇپ، ئۇلار ئۆلۈكنىڭ روهىنى شۇ ئۆلگەن كىشىنىڭ ئىش - ئىزلىرىغا قاراپ، ئىش - ئىزلىرى ياخشى بولسا ئۇنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن ئۆلگەن كىشىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى جانغا، ئەگەر ئىش - ئىزلىرى يامان بولسا، ئۇنىڭ ئازابى ئۈچۈن ئۆلگەن كىشىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن جانغا يۆتكىلىپ دۇنياغا كېلىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئىنسان زاماندىن زامانغا مۇشۇنداق يوسۇندا ئۆلۈپ - تىرىلىپ ياشايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلار قىيامەتكە ئىشەنمەيدۇ.

[2] سۈرە هۇد 111 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

www.munber.org

**كاملەسىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتتۇر بىز زېمىندا نۇرغۇنلىغان خورما باغلىرىنى، ئۈزۈم باغلىرىنى بەرپا قىلدۇق، شۇ زېمىندا بۇلاقلارنى ئېقىتتۇق﴾** يەنى شۇ زېمىندا، ئىنسانلارنىڭ باغلارنى پەرپا قىلىپ شۇ باغلارنىڭ مېۋىسىنى يېيىشى ئۈچۈن ئۇلار ئېھتىياجلىق بولغان يەرلەرگە سۇ ئېقىپ بارىدىغان دەريالارنى قىلدۇق. الله تائالا مەخلۇقاتلىرىغا ئاشلىقنى يارىتىپ بەرگەنلىكىنى تىلغان ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا تۈرى ۋە خىلى ھەر خىل بولغان مېۋىلەرنى ياراتقانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى.

**﴿(بۇ مېۋىلەرنى) ئۇلارنىڭ قوللىرى ياراتقان ئەمەس﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە قەتادە قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى بۇنىڭ ھەممىسى پەقەت الله تائالانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان رەھمىتىدۇر، ئۇ ھەرگىز ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى، تەدبىرچانلىقى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىدىن قولغا كەلگەن ئەمەس. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار﴾** الله تائالانىڭ ئۇلارغا بەرگەن ، ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بۇ ھېسابسىز نېمەتلىرىگە **﴿شۈكۈر قىلمامدۇ؟﴾**.

**﴿الله (پۈتۈن ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ پۈتۈن شەيئىلەرنى جۈپ ياراتتى. زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ﴾** يەنى زىرائەتلەر، مېۋىلەر ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ **﴿ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ﴾** ئەركەك ـ چىشىدىن ئىبارەت **﴿ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەر (يەنى ئاجايىپ مەخلۇقاتلار)نىڭ ھەممىسىنىڭ جۈپتى بار﴾**. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەرنىڭ ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ھەر بىر نەرسىنى جۈپ ياراتتۇق﴾[1].

* * * * * * *

وَءَايَةٌ لَّهُمُ ٱلَّيْلُ نَسْلَخُ مِنْهُ ٱلنَّهَارَ فَإِذَا هُم مُّظْلِمُونَ ﴿٣٧﴾ وَٱلشَّمْسُ تَجْرِى لِمُسْتَقَرٍّ لَّهَا ۚ ذَٰلِكَ
تَقْدِيرُ ٱلْعَزِيزِ ٱلْعَلِيمِ ﴿٣٨﴾ وَٱلْقَمَرَ قَدَّرْنَٰهُ مَنَازِلَ حَتَّىٰ عَادَ كَٱلْعُرْجُونِ ٱلْقَدِيمِ ﴿٣٩﴾ لَا ٱلشَّمْسُ
يَنۢبَغِى لَهَآ أَن تُدْرِكَ ٱلْقَمَرَ وَلَا ٱلَّيْلُ سَابِقُ ٱلنَّهَارِ ۚ وَكُلٌّ فِى فَلَكٍ يَسْبَحُونَ ﴿٤٠﴾

***ئۇلارغا (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) بىر ئالامەت كېچىدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭدىن كۈندۈزنى ئايرىۋېتىمىز ـ دە، (يەنى كۈندۈزنىڭ نۇرىنى يوق قىلىۋېتىمىز ـ دە)، ئۇلار ناگاھان قاراڭغۇدا قالىدۇ﴿37﴾. كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى الله نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر﴿38﴾. ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق، ئۇ (ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا) خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ﴿39﴾. كۈننىڭ ئايغا يېتىۋېلىشى (يەنى ئىككىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى)، كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى (يەنى ۋاقتى كەلمەستىن كۈندۈزنىڭ ئورنىنى ئېلىشى) مۇمكىن ئەمەس، ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ تۇرىدۇ﴿40﴾.***

## كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ، كۈن بىلەن ئاينىڭ الله تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك ئالامەتلەردىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: كېچە بىلەن كۈندۈزنى، كېچىنى قاراڭغۇلۇقى بىلەن، كۈندۈزنى يورۇقلۇقى بىلەن يارىتىش، ئۇ ئىككىسىنى بىرى كەلسە يەنى بىرى كېتىدىغان، يەنى كېچە بىلەن كۈندۈزنى بىر ـ بىرىگە ئەگىشىپ ماڭىدىغان قىلىش، ئىنسانلارغا الله تائالانىڭ كاتتا قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان

---

[1] سۈرە زارىيات 49 ـ ئايەت.

دەلىللەردۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿الله كېچە بىلەن (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن) كۈندۈزنى ياپىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر بىرىنى قوغلىشىدۇ (يەنى داۋاملىق ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدۇ)﴾[1].

**﴿ئۇلارغا (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) بىر ئالامەت كېچىدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭدىن كۈندۈزنى ئايرىۋېتىمىز - دە (يەنى كۈندۈزنىڭ نۇرىنى يوق قىلىۋېتىمىز - دە)﴾** شۇنىڭ بىلەن كۈندۈز كېتىپ، كېچە كېلىدۇ، **﴿ئۇلار ناگاھان قاراڭغۇدا قالىدۇ﴾**.

بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇ تەرەپتىن كۈندۈز ئاخىرلىشىپ بۇ تەرەپتىن كېچە كىرىشكە باشلىسا ۋە كۈن ئولتۇرسا، روزا تۇتقۇچى ئىپتار قىلىدۇ» مانا بۇ ئايەتنىڭ ئاشكارا مەنىسىدۇر.

**﴿كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى الله نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر﴾** بۇ ئايەتتىكى"بەلگىلەنگەن جايىغا" دېگەن سۆز توغرىسىدا ئىككى خىل قاراش بار.

ئۇنىڭ بىرى: كۈننىڭ ماكان جەھەتتىكى بەلگىلەنگەن ئورنى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇ ئورۇن ئەرشنىڭ ئاستىدىكى زېمىننىڭ يەنە بىر تەرىپىگە يېقىن كېلىدىغان جايدىن ئىبارەتتۇر. كۈن قەيەردە بولمىسۇن ئۇ ۋە بارلىق مەخلۇقاتلار ھامان ئەرشنىڭ ئاستىدا بولىدۇ. چۈنكى، ئەرش بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ئۆگزىسىدۇر، ئەرش خېلى كۆپ ساندىكى ئاسترونومىيە ئالىملىرى گۇمان قىلغاندەك يۇمىلاق ئەمەس. ئۇ ھەقىقەتەن تۈۋرۈكلىرى بار گۈمبەز شەكلىدە بولۇپ، ئۇنى پەرىشتىلەر كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئەرش ئىنسانلارنىڭ باشلىرىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە، يەنى ئالەمنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىدۇر. كۈن چىڭ چۈش ۋاقتىدا پەلەك گۈمبىزىگە كەلگەن چاغدا ئەرشكە ئەڭ يېقىنلاشقان بولىدۇ. بۇ ئورۇننىڭ دەل قارىشىسىدا تۆتىنچى پەلەكتە ئايلانغان چاغدا، يەنى يېرىم كېچە بولغان چاغدا ئەرشتىن ئەڭ يىراقلاشقان بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتا الله تائالاغا سەجدە قىلىدۇ ۋە تەكرار چىقىش ئۈچۈن الله تائالادىن ئىزنى سورايدۇ. بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر كەلگەندۇر.

ئىمام بۇخارى، ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن كۈن ئولتۇرۇۋاتقان چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مەسچىتتە ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەبۇزەر! كۈننىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟» دېدى. مەن: الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ھەقىقەتەن ئەرشنىڭ ئاستىدىكى سەجدە قىلىدىغان ئورنىغا بارىدۇ. ئەنە شۇلار الله تائالانىڭ **﴿كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى الله نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر﴾** دېگەن ئايىتىدە ئۇچۇق ئېيتىلغان» دېدى.

ئىمام بۇخارى يەنە ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن الله تائالانىڭ **﴿كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ﴾** دېگەن ئايىتى توغرۇلۇق سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ جايى ئەرشنىڭ ئاستىدۇر» دەپ جاۋاپ بەردى.

ئىككىنچى قاراش: كۈننىڭ زامان جەھەتتىكى ئورنى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇ ئورۇن كۈننىڭ ھەرىكەتتىن توختايدىغان - ۋاقتى قىيامەت كۈنىدىن ئىبارەتتۇر. قىيامەت كۈنى كۈننىڭ ھەرىكەت قىلىشى ئۈزۈلۈپ، نىزامىدىن چىقىپ كېتىپ ھەرىكەتتىن توختايدۇ ۋە نۇرى ئۆچىدۇ، بۇ ئالەم ئەڭ ئاخىرقى چەككە يېتىدۇ. مانا بۇ كۈننىڭ زامان جەھەتتىكى بەلگىلەنگەن ئورنىدۇر.

[1] سۈرە ئەئراق 54 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

قەتادە ﴿بەلگىلەن جايغا﴾ دېگەن ئايەتنى: كۈن بەلگىلەنگەن ۋاقتىغا سىلەر ھېسابلاپ بولالمايدىغان بىر مۇددەتكە قاراپ ھەرىكەت قىلىدۇ، دەپ تەپسىر قىلدى. بەزى تەپسىرشۇناسلار: بۇ ئايەتتىن كۈننىڭ يازلىق چىقىدىغان ئورۇنلىرى داۋاملىق مەلۇم ۋاقىتقا يۈتكىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ بەلگىلەنگەن شۇ ۋاقىتتىن ھەرگىز ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئاندىن قىشلىق چىقىدىغان ئورۇنلىرى داۋاملىق مەلۇم ۋاقىتقا يۈتكىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن ھەرگىز ئېشىپ كەتمەيدۇ دېگەنلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. بۇ قاراشنى ئۇلاردىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلغان.

﴿بۇ، غالىب﴾ يەنى قارشىلىققا ۋە چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ﴿ھەممىنى﴾ يەنى جىمى ھەرىكەتلەرنى ۋە جىمجىتلىقنى ﴿بىلگۈچى اللە نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر﴾ اللە تائالا قۇياشنىڭ ھەرىكىتىگە ھەقىقەتەن ئۇز نىزامىغا خىلاپلىق قىلمايدىغان، ئەكسىچە بولۇپ قالمايدىغان ۋاقىت ئۆلچىمىدە ئۆلچەم بەلگىلىدى.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللە سۈبھىنى (قاراڭغۇدىن) يېرىپ چىقارغۇچىدۇر (يەنى تاڭنى يورۇتقۇچىدۇر)، اللە كېچىنى (سىلەر ئۇچۇن) ئىستىراھەت قىلىپ ياراتتى، (سىلەرنىڭ) ۋاقىت ھېسابلىشىڭلار ئۈچۈن قۇياش بىلەن ئاينى ياراتتى، بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللە نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر﴾[1]. اللە تائالا سۈرە فۇسسىلەتنىڭ بىر ئايىتىنمۇ مۇشۇنداق تاماملىغان: ﴿بۇ ئەنە شۇ غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللە نىڭ تەقدىرىدۇر﴾[2].

﴿ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق﴾ يەنى كۈن ئارقىلىق كېچە بىلەن كۈندۈز پەرقلەنگەندەك، ئايلارنىڭ ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاينى قۇياشتىن باشقىچە بىر شەكىلدە سەير قىلىدىغان قىلدۇق. غالىب ۋە بۈيۈك اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن يېڭى چىققان ئاي (يەنى ئاينىڭ كىچىك چىقىپ چوڭىيىدىغانلىقى، ئاندىن كىچىكلەيدىغانلىقى) توغرۇلۇق سورىشىدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئۇ كىشىلەرنىڭ (تىرىكچىلىك، سودا - سېتىق، مۇئامىلە، روزا تۇتۇش، ئېغىز ئېچىش قاتارلىق) ئىشلارنىڭ ۋە ھەجنىڭ ۋاقىتلىرىنى ھېسابلىشى ئۈچۈندۇر»﴾[3] ﴿اللە قۇياشنى نۇر چاچقۇچى ۋە ئاينى نۇرلۇق قىلىپ ياراتتى، يىللارنىڭ سانىنى ۋە (ۋاقىتلارنىڭ) ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئايغا مەنزىللەرنى (يەنى بۇرۇجلارنى) تەيىن قىلدى﴾[4] ﴿كېچە بىلەن كۈندۈزنى (كامالى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) ئىككى ئالامەت قىلدۇق، كېچىنىڭ ئالامىتىنى كۆتۈرۈۋەتتۇق، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلىشىڭلار (يەنى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تېپىش يولىدا سەئيى ھەرىكەتتە بولۇشۇڭلار) ئۈچۈن، (كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى ئارقىلىق كۈنلەرنىڭ، ئايلارنىڭ) يىللارنىڭ سانىنى ۋە ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزنىڭ ئالامىتىنى يورۇقلۇق قىلدۇق، (دىنىي ۋە دۇنياۋى) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي بايان قىلدۇق﴾[5].

اللە تائالا كۈننى ئۆزگىچە خاس يورۇقلۇق بىلەن، ئاينى ئۆزگىچە خاس نۇر بىلەن ياراتتى. كۈن بىلەن ئاينىڭ ئايلىنىشلىرىنى پەرقلىق قىلدى. كۈن بولسا ھەر كۈنى بىر خىل يورۇقلۇق بىلەن چىقىپ، كەچقۇرۇن شۇ يورۇقلۇق بىلەن ئولتۇرىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ چىقىدىغان ۋە ئولتۇرىدىغان ئورۇنلىرى قىش - يازلاردا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن يازدا كۈندۈز ئۇزىراپ، كېچە قىسقىرايدۇ. قىشتا كېچە ئۇزىراپ، كۈندۈز

---

[1] سۈرە ئەنئام 96 - ئايەت.
[2] سۈرە فۇسسىلەت 12- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە بەقەرە 189 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە يۇنۇس 5 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.
[5] سۈرە ئىسرا 12 - ئايەت.

www.munber.org

قىسقىرايدۇ. الله تائالا كۈندۈزنى كۈن بىلەن يورۇيدىغان قىلدى، كۈن كۈندۈزنىڭ يۇلتۇزىدۇر. ئەمما ئايغا بولسا، الله تائالا مەنزىللەرنى بەلگىلىدى. ئاي يېڭى ئاينىڭ دەسلەپتىكى كېچىسىدە ھەجمى كىچىك ۋە نۇرى غۇۋا كۆرۈنىدۇ، ئاندىن ئىككىنچى كېچىسى ئەۋەلقى كېچىدىن نۇرلۇقراق ۋە ئېگىزرەك چىقىدۇ. ئاندىن قانچىلىك ئۆرلەپ چىققانسېرى نۇرى كۈچلۈك بولىدۇ. گەرچە ئاي نۇرنى كۈندىن قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ نۇرى ئون تۆتىنچى كېچىسى تولۇق توشۇپ تولۇن ئايغا ئايلىنىدۇ، ئاندىن ئاينىڭ ئاخىرىغىچىلىك كېمىيىشكە باشلاپ خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. ئەرەبلەر ئاينىڭ ھەر ئۈچ كېچىسىگە ئاينىڭ شەكلى ۋە نۇر ئېتىبارى بىلەن بىر ئىسىم قويغان ئىدى. دەسلەپتىكى ئۈچ كۈننى غۇرەر، كېيىنكى ئۈچ كۈننى نۇفەل، كېيىنكىسىنى تۇسەن، كېيىنكىسىنى ئۇشەر دەپ ئاتايتتى، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسىنى ئاق دەپ ئاتايتتى. چۈنكى، ئۇ تولۇن ئاي كېچىلىرى بولۇپ، ئاپئاق يورۇيتتى، ئۇنىڭدىن كېيىنكىلىرىنى دۇرەئى، ئاندىن زۇلەم، ئاندىن ھەناس، ئاندىن دەئادى، ئاندىن مەھاق دەپ ئاتايتتى.

﴿**كۈننىڭ ئايغا يېتىۋېلىشى (يەنى ئىككىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى)، كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى (يەنى ۋاقتى كەلمەستىن كۈندۈزنىڭ ئورنىنى ئېلىشى) مۇمكىن ئەمەس**﴾ مۇجاھىد: ئىككىسىنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن بەلگىلىك چەك قويۇلغان، ئۇلار شۇ چەكتىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، ئاينىڭ ۋاقتى كەلسە كۈن كېتىدۇ، دېدى. ئىكرىمە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋاقىت بار، كۈننىڭ كېچىدە چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. ﴿**كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى**﴾ يەنى كېچە بولغاندا ئۇ ۋاقىت يەنە ئۈزىراپ كۈندۈز ئورنىنى ئېلىپ كېتىشى ﴿**مۇمكىن ئەمەس**﴾ يەنى كۈنگە تەۋە ۋاقىت كۈندۈزدۇر، ئايغا تەۋە ۋاقىت كېچىدۇر. زەھھاك: كېچە بۇ تەرەپتىن چىقىپ كەتمەي تۇرۇپ ئۇ تەرەپتىن تاڭ يورۇمايدۇ دەپ، قولى بىلەن شەرق تەرەپنى ئىشارەت قىلدى.

مۇجاھىد بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: كېچە بىلەن كۈندۈز بىر ـ بىرىنى قوغلىشىدۇ، بىرىدىن يەنە بىرى ئايرىلىپ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سەير قىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئارىسىدا ھەرىكەتتىن توختاش يوز بەرمەيدۇ. بەلكى، ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەر بىرى يەنە بىرسىنىڭ ئارقىسىدىن قانۇنلۇق تەرتىپ بىلەن ئەگىشىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ، سۈرئەتتە ئىلگىرى ـ كېيىن بولماي ئايلىنىشقا بويسۇندۇرۇلغان.

﴿**ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ تۇرىدۇ**﴾ ئىبنى ئابباس، ئىكرىمە، زەھھاك، ھەسەن، قەتادە ۋە ئەتا خۇراسانى قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: كېچە بىلەن كۈندۈز، كۈن بىلەن ئاينىڭ ھەر بىرى ئۆز ھەرىكەت ئوربىتىسىدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ.

* * * * * * *

وَءَايَةٌ لَّهُمۡ أَنَّا حَمَلۡنَا ذُرِّيَّتَهُمۡ فِي ٱلۡفُلۡكِ ٱلۡمَشۡحُونِ ﴿٤١﴾ وَخَلَقۡنَا لَهُم مِّن مِّثۡلِهِۦ مَا يَرۡكَبُونَ ﴿٤٢﴾

وَإِن نَّشَأۡ نُغۡرِقۡهُمۡ فَلَا صَرِيخَ لَهُمۡ وَلَا هُمۡ يُنقَذُونَ ﴿٤٣﴾ إِلَّا رَحۡمَةً مِّنَّا وَمَتَٰعًا إِلَىٰ حِينٖ ﴿٤٤﴾

***ئۇلارغا (بىزنىڭ كامالى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەت شۇكى، بىز ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنى (نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەرسە ـ كېرەك ۋە ھايۋاناتلار بىلەن) توشقۇزۇلغان كېمىسىگە چۈشۈردۇق﴿41﴾. بىز ئۇلار ئۈچۈن شۇ كېمىگە ئوخشاش ئۇلار چۈشىدىغان نەرسىلەرنى ياراتتۇق﴿42﴾. ئەگەر بىز خالىساق ئۇلارنى غەرق قىلىۋېتىمىز، ئۇلارغا ياردەم بەرگۈچىمۇ بولمايدۇ ۋە ئۇلارنى قۇتۇلدۇرغۇچىمۇ***

www.munber.org

***بولمايدۇ[43]. پەقەت بىز رەھىم قىلغانلىقىمىز ۋە ئۇلارنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (ھاياتتىن) بەھرىمەن قىلىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن (ئۇلار قۇتۇلدۇرۇلىدۇ)[44].***

## ئۇلارنى توشقۇزۇلغان كېمىگە چۈشۈرۈش ﷲ تائالانىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا

بۈيۈك ۋە يۈكسەك الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: كېمىلەرنىڭ بىخەتەر يۈرۈشى ئۈچۈن الله تائالانىڭ ئىنسانلارغا دېڭىزلارنى بويسۇندۇرۇپ بېرىشى ئۇلارغا الله تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىلدۇر. دۇنيادا تۇنجى ياسالغان كېمە بولغان نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى شۇ كېمىلەردىن بىرى بولۇپ، الله تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان مۆمىنلەرنى ئۇ كېمىدە قۇتقۇزۇپ، يەر يۈزىدە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرىدىن قۇتقۇزۇلغانلاردىن باشقا ھېچكىمنى قالدۇرماي ھالاك قىلدى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارغا (بىزنىڭ كامالى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەت شۇكى، بىز ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنى (نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەرسە ـ كېرەك ۋە ھايۋاناتلار بىلەن) توشقۇزۇلغان كېمىسىگە چۈشۈردۇق**﴾.

﴿**بىز ئۇلار ئۈچۈن شۇ كېمىگە ئوخشاش ئۇلار چۈشىدىغان نەرسىلەرنى ياراتتۇق**﴾ ئەۋفى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: بۇ ئايەتتىن تۆگە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، تۆگىلەر قۇرۇقلۇقنىڭ كېمىلىرى ھېسابلىنىدۇ. تۆگىلەرگە ئۇزۇن سەپەرلەردە يۈك ـ تاق ئارتىلىدۇ ۋە ئۈستىگە مىنىلىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. ئىبنى جەرىرمۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان، ئىبنى ئابباس يېنىدىكىلەرگە: الله تائالانىڭ: ﴿**بىز ئۇلار ئۈچۈن شۇ كېمىگە ئوخشاش ئۇلار چۈشىدىغان نەرسىلەرنى ياراتتۇق**﴾ دېگەن ئايىتىدىكى نەرسىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ دېدى. ئۇلار: ياق دەپ جاۋاپ بەردى. ئىبنى ئابباس: ئۇ نەرسىلەر كېمىلەردىن ئىبارەتتۇر، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئوخشاش كېمىلەر ياسالدى، دېدى. شۇنداقلا ئەبۇمالىك، زەھھاك، قەتادە، ئەبۇسالىھ ۋە سۇددى قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەتتىكى نەرسىلەردىن كېمىلەرنىڭ كۆزدە تۇتۇلغانلىقىنى ئېيتقان.

﴿**ئەگەر بىز خالىساق ئۇلارنى**﴾ يەنى كېمىدىكىلەرنى ﴿**غەرق قىلىۋېتىمىز، ئۇلارغا ياردەم بەرگۈچىمۇ**﴾ يەنى ئۇلارنى غەرق بولۇپ كېتىشتىن قۇتقۇزۇشقا ياردەم قىلغۇچىمۇ ﴿**بولمايدۇ ۋە ئۇلارنى**﴾ئۇلارغا يەتكەن پالاكەتتىن ﴿**قۇتۇلدۇرغۇچىمۇ بولمايدۇ، پەقەت بىز رەھىم قىلغانلىقىمىز**﴾ يەنى بىز سىلەرگە رەھىم قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن سىلەرنى قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا سەپەر قىلدۇرىمىز، سىلەرنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە ھايات قالدۇرىمىز. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ۋە ئۇلارنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە**﴾ يەنى غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالانىڭ دەرگاھىدىكى مەلۇم ۋاقىتقىچە ﴿**(ھاياتتىن) بەھرىمەن قىلىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن (ئۇلار قۇتۇلدۇرۇلىدۇ)**﴾.

* * * * * * *

وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ ٱتَّقُواْ مَا بَيْنَ أَيْدِيكُمْ وَمَا خَلْفَكُمْ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ ﴿٤٥﴾ وَمَا تَأْتِيهِم مِّنْ ءَايَةٍ
مِّنْ ءَايَٰتِ رَبِّهِمْ إِلَّا كَانُواْ عَنْهَا مُعْرِضِينَ ﴿٤٦﴾ وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ أَنفِقُواْ مِمَّا رَزَقَكُمُ ٱللَّهُ قَالَ ٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ لِلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَنُطْعِمُ مَن لَّوْ يَشَآءُ ٱللَّهُ أَطْعَمَهُۥٓ إِنْ أَنتُمْ إِلَّا فِي ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٤٧﴾

***ئۇلارغا: «رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئالدىڭلاردىكىدىن (يەنى دۇنيا ئازابىدىن) ۋە ئارقاڭلاردىكىدىن (يەنى ئاخىرەت ئازابىدىن) قورقۇڭلار» دېيىلسە (ئۇلار بۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ)[45].***

www.munber.org

*پەرۋەردىگارىنىڭ (پەيغەمبەرنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان) ئايەتلىرىدىن بىر ئايەت كەلسىلا، ئۇلار بۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ*﴿46﴾*. ئەگەر ئۇلارغا: «الله سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (پېقىرلارغا) سەدىقە قىلىپ بېرىڭلار» دېيىلسە، كاپىرلار مۆمىنلەرگە (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): «ئەگەر الله خالىسا تەمىنلەيدىغان ئادەمنى بىز تەمىنلەمدۇق؟ سىلەر پەقەت روشەن گۇمراھلىقتاسىلەر» دەيدۇ*﴿45﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ گۇمراھلىقى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇشرىكلارنىڭ ئازغۇنلۇق ۋە گۇمراھلىقتا ھەددىدىن ئاشقانلىقىنى، ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرىغا پەرۋا قىلمىغانلىقىنى ۋە قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىگە كېلىدىغان ئازابتىن قورقمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ: ﴿**ئۇلارغا: «رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئالدىڭلاردىكىدىن (يەنى دۇنيا ئازابىدىن) ۋە ئارقاڭلاردىكىدىن (يەنى ئاخىرەت ئازابىدىن) قورقۇڭلار»**﴾ يەنى سىلەرنىڭ ئازاپتىن قورقانلىقىڭلارنىڭ سەۋەبى بىلەن سىلەرگە رەھىم قىلىدۇ ۋە سىلەرنى ئۇ ئازابتىن ئەمىن قىلىدۇ ﴿**دېيىلسە (ئۇلار بۇنىڭغا جاۋاب بەرمەستىن بەلكى بۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ)**﴾ ﴿**پەرۋەردىگارىنىڭ**﴾ الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى، پەيغەمبەرنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ﴿**ئايەتلىرىدىن بىر ئايەت كەلسىلا، ئۇلار بۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ئۇ ئايەت توغرىسىدا ئويلانمايدۇ، ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن مەنپەئەت ئالمايدۇ.

﴿**ئەگەر ئۇلارغا: «الله سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (پېقىرلارغا) سەدىقە قىلىپ بېرىڭلار» دېيىلسە**﴾ يەنى ئەگەر ئۇلار الله تائالا ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن مۇسۇلمان پېقىرلارغا ۋە موھتاجلارغا سەدىقە بېرىشكە بۇيرۇلسا ﴿**كاپىرلار مۆمىنلەرگە**﴾ يەنى ئۇلار مۆمىنلەرگە: ﴿**ئەگەر الله خالىسا تەمىنلەيدىغان ئادەمنى بىز تەمىنلەمدۇق؟**﴾ يەنى بىزنى ئاۋۇلارغا سەدىقە بېرىشكە بۇيرۇدۇڭلار، ئەگەر الله خالىسا ئىدى، ئۇلارنى ئەلۋەتتە باي قىلغان بولاتتى ۋە چوقۇم رىزىق بىلەن تەمىنلىگەن بولاتتى. بىز ئۇلار ھەققىدە الله تائالانىڭ ئىرادىسىگە مۇۋاپىق ئىش قىلىمىز. يەنى بىزمۇ ئۇلارغا سەدىقە بەرمەيمىز، بىزنى سەدىقە بېرىشكە بۇيرۇغانلىقىڭلار ئۈچۈن ﴿**سىلەر پەقەت روشەن گۇمراھلىقتاسىلەر» دەيدۇ**﴾.

* * * * * * *

وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَـٰذَا ٱلْوَعْدُ إِن كُنتُمْ صَـٰدِقِينَ ﴿٤٨﴾ مَا يَنظُرُونَ إِلَّا صَيْحَةً وَٰحِدَةً تَأْخُذُهُمْ

وَهُمْ يَخِصِّمُونَ ﴿٤٩﴾ فَلَا يَسْتَطِيعُونَ تَوْصِيَةً وَلَآ إِلَىٰٓ أَهْلِهِمْ يَرْجِعُونَ ﴿٥٠﴾

*ئۇلار: «ئەگەر راستچىل بولساڭلار، بۇ ۋەدە قاچان ئىشقا ئاشىدۇ؟» دەيدۇ*﴿48﴾*. ئۇلار پەقەت بىر ئاۋازنىلا (يەنى ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرىنچى قېتىملىق چالغان سۈرىنىلا) كۈتىدۇ، ئۇلار (دۇنيادا سودا ـ سېتىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار ئۈستىدە) جاڭجاللىشىپ تۇرغان ھالەتلىرىدە، ئۇ ئاۋاز ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ*﴿49﴾*. ئۇلار بىر ـ بىرىگە ۋەسىيەت قالدۇرۇشقىمۇ، ئائىلىسىگە قايتىشقىمۇ قادىر بولالمايدۇ*﴿50﴾.

## كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈننى يىراق دەپ قارىغانلىقى توغرىسىدا

www.munber.org

اللە تائالا بۇ ئايەتتە كاپىرلارنىڭ: ﴿بۇ ۋەدە قاچان ئىشقا ئاشىدۇ؟﴾ دېگەن سۆزلىرىدىن ئۇلارنىڭ قىيامەتنىڭ قايىم بولىدىغانلىقىنى يىراق دەپ قارايدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ﴿قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ئۇنىڭ بولۇشىنى ئالدىرىتىدۇ﴾[1].

﴿ئۇلار پەقەت بىر ئاۋازنىلا (يەنى ئىسراپىل ئەلەيهىسسالامنىڭ بىرىنچى قېتىملىق چالغان سۈرىنىلا) كۈتىدۇ، ئۇلار (دۇنيادا سودا ـ سېتىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار ئۈستىدە) جاڭجاللىشىپ تۇرغان هالەتلىرىدە، ئۇ ئاۋاز ئۇلارنى هالاك قىلىدۇ﴾ يەنى ئۇلار پەقەت بىر ئاۋازنىلا كۈتىدۇ، بۇ ئاۋاز قورقۇتۇش ئۈچۈن چېلىنىغان سۈردۇر. كىشىلەر ئادەتلىرى بويىچە بازارلاردا ۋە تىرىكچىلىك يوللىرىدا جاڭجاللىشىپ، جېدەل ـ ماجرا قىلىشىپ تۇرغاندا، غالىب ۋە بۈيۈك اللە تائالا ئىسرافىلنى قورقىتىش سۈرى چېلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇ سۈرنى ئۇزۇن سوزۇپ چالىدۇ. يەر يۈزىدە بىرمۇ ئادەم قالماي بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمان تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاۋازغا دىققەت بىلەن قۇلاق سالىدۇ. ئاندىن بىر ئوت كېلىپ تىرىك ئىنسانلارنى پۈتۈن ئەتراپىدىن قورشاپ ئۇلارنى قىيامەت مەيدانىغا هەيدەپ ماڭىدۇ. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ۋەز ـ نەسهەت ئىنتايىن كەسكىن بولغانلىقتىن ﴿ئۇلار﴾ ئۆزلىرى ئىگە بولغان نەرسىلەرنى ﴿بىر ـ بىرىگە ۋەسىيەت قالدۇرۇشقىمۇ، ئائىلىسىگە قايتىشقىمۇ قادىر بولالمايدۇ﴾. باشقا بىر ئورۇندا بۇ هەقتە هەدىس ۋە ئەسەرلەرنى تەپسىلى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. شۇڭا بۇ يەردە كەڭ دائىرىدە توختالمايمىز.

ئاندىن كېيىن هەممىشە تىرىك اللە تائالادىن باشقا پۈتۈن جانلىقلار ئۆلىدىغان سۈر چېلىنىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭدىن كېيىن تىرىلىش ئۈچۈن سۈر چېلىنىدۇ.

* * * * * * *

وَنُفِخَ فِي ٱلصُّورِ فَإِذَا هُم مِّنَ ٱلْأَجْدَاثِ إِلَىٰ رَبِّهِمْ يَنسِلُونَ ﴿٥١﴾ قَالُواْ يَـٰوَيْلَنَا مَنۢ بَعَثَنَا مِن مَّرْقَدِنَا ۜ هَـٰذَا مَا وَعَدَ ٱلرَّحْمَـٰنُ وَصَدَقَ ٱلْمُرْسَلُونَ ﴿٥٢﴾ إِن كَانَتْ إِلَّا صَيْحَةً وَٰحِدَةً فَإِذَا هُمْ جَمِيعٌ لَّدَيْنَا مُحْضَرُونَ ﴿٥٣﴾ فَٱلْيَوْمَ لَا تُظْلَمُ نَفْسٌ شَيْـًٔا وَلَا تُجْزَوْنَ إِلَّا مَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٥٤﴾

*سۈر چېلىنغان هامان ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ پەرۋەردىگارى تەرەپكە يۈگۈرىدۇ﴿51﴾. ئۇلار: «ۋاي ئىسست! بىزنى ئۇخلاۋاتقان يېرىمىزدىن (يەنى قەبرىمىزدىن) كىم ئويغاتتى؟» دەيدۇ (چۈنكى، ئۇلار ئىككى سۈر ئارىسىدا ئۇيقۇدا بولۇپ ئازابتىن خالى بولىدۇ)، (پەرىشتىلەر يا مۆمىنلەر ئۇنىڭغا جاۋابەن) «مېهرىبان اللە نىڭ ۋەدە قىلغىنى مۇشۇ (كۈن)، پەيغەمبەرلەر راست ئېيتقان» دەيدۇ﴿52﴾. پەقەت بىر ئاۋاز بىلەنلا ئۇلارنىڭ هەممىسى هۇزۇرىمىزغا هازىر قىلىنىدۇ﴿53﴾. ئۇ كۈندە هېچبىر ئىنسانغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ، سىلەرگە پەقەت قىلمىشىڭلارغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ﴿54﴾.*

## سۈرنىڭ تىرىلىش ئۈچۈن چېلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

[1] سۈرە شۇرا 18 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

www.munber.org

بۇ ئۈچىنچى قېتىم چېلىنغان سۇر بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ تۇپراقنىڭ ئاستىدىن، قەبرىلەردىن تىرىلىپ قوپۇشى ئۈچۈن چېلىنىدىغان سۇردۇر. شۇڭا اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سۇر چېلىنغان هامان ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ پەرۋەردىگارى تەرەپكە يۈگۈرىدۇ**﴾ اللہ تائالا بۇ هەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ كۈندە ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ، خۇددى تىكلەپ قويغان بۇتلىرىغا قاراپ يۈگۈرگەندەك (مەھشەرگاھقا) يۈگۈرىدۇ﴾[1] ﴿**ئۇلار: «ۋاي ئىستت! بىزنى ئۇخلاۋاتقان يېرىمىزدىن (يەنى قەبرىمىزدىن) كىم ئويغاتتى؟» دەيدۇ**﴾ يەنى ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا قەبرىلىرىدىن چىقىرىلمايمىز دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇلار مەھشەرگاھتا ئۆزلىرى ئىنكار قىلغان نەرسىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن چاغدا ﴿**ئۇلار: «ۋاي ئىستت! بىزنى ئۇخلاۋاتقان يېرىمىزدىن (يەنى قەبرىمىزدىن) كىم ئويغاتتى؟» دەيدۇ**﴾ بۇنداق دېيىشى ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىدە ئازابقا دۇچار بولدىغانلىقىغا زىت ئەمەس. چۈنكى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئازابنىڭ قاتتىقلىقىغا نىسبەتەن ئۇ ئازاب ئۇيقۇغا ئوخشايدۇ.

ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مۇجاھىد، ھەسەن ۋە قەتادە قاتارلىقلار: ئۇلار تىرىلىشتىن ئىلگىرى ئازراق ئۇخلايدۇ، دېدى. قەتادە يەنە: ئۇلارنىڭ ئۇخلىشى ئىككى سۇرنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ، شۇڭا ئۇلار: ﴿**بىزنى ئۇخلاۋاتقان يېرىمىزدىن (يەنى قەبرىمىزدىن) كىم ئويغاتتى؟ دەيدۇ**﴾ دېدى.

سەلەپ ئۆلىمالىرىدىن بىر قانچە كىشى: ئۇلار شۇنداق دېگەن چاغدا، مۆمىنلەر ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: ﴿**مېھرىبان اللہ نىڭ ۋەدە قىلغىنى مۇشۇ (كۈن)، پەيغەمبەرلەر راست ئېيتقان»**﴾ دەيدۇ، دېدى. ھەسەن: ئۇلارغا بۇ جاۋاب بىلەن پەقەت پەرىشتىلەر جاۋاب بېرىدۇ، دېگەن. بۇنىڭدا قارىمۇ قارشىلىق يوق، بەلكىم مۆمىنلەرمۇ، پەرىشتىلەرمۇ بىرلىكتە جاۋاب بېرىدىغان بولۇشى مۇمكىن.

﴿**پەقەت بىر ئاۋاز بىلەنلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۇزۇرىمىزغا ھازىر قىلىنىدۇ**﴾ بۇ ھەقتە اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىر سەيھە (يەنى ئىسراپىلنىڭ سۇر چېلىشى) بىلەنلا ئۇلار (يەنى جىمى خالايىق) (يەر ئاستىدىن) زېمىننىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالىدۇ﴾[2] ﴿قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ تېزدۇر﴾[3] ﴿شۇ كۈندە اللہ سىلەرنى چاقىرىدۇ، سىلەر ئۇنىڭغا ھەمدى ئېيتىپ ئىجابەت قىلىسىلەر ۋە (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنا تۇرغاندەك ئويلايسىلەر﴾[4] يەنى ئۇلارغا پەقەت بىرلا بۇيرۇق قىلىمىز ـ دە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى (ھۇزۇرىمىزغا) ھازىر قىلىنىدۇ ﴿**ئۇ كۈندە ھېچبىر ئىنسانغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ، سىلەرگە پەقەت قىلمىشىڭلارغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ**﴾.

* * * * * * *

إِنَّ أَصۡحَٰبَ ٱلۡجَنَّةِ ٱلۡيَوۡمَ فِي شُغُلٖ فَٰكِهُونَ ﴿٥٥﴾ هُمۡ وَأَزۡوَٰجُهُمۡ فِي ظِلَٰلٍ عَلَى ٱلۡأَرَآئِكِ مُتَّكِـُٔونَ ﴿٥٦﴾ لَهُمۡ فِيهَا فَٰكِهَةٞ وَلَهُم مَّا يَدَّعُونَ ﴿٥٧﴾ سَلَٰمٞ قَوۡلٗا مِّن رَّبّٖ رَّحِيمٖ ﴿٥٨﴾

*شۈبھىسىزكى، ئۇ كۈندە جەننەت ئەھلىلىرى نېمەت ئىچىدىدۇر﴿55﴾. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ جۈپتىلىرى (جەننەتلەرنىڭ) سايىلىرى ئاستىدا تەختلەرگە يۆلەنگەن ھالدا تۇرىدۇ﴿56﴾. ئۇلار ئۈچۈن جەننەتتە (تۈرلۈك) مېۋىلەر بار، ئۇلار ئۈچۈن جەننەتتە (ئۇلارنىڭ) كۆڭلى تارتقان نەرسىلەر بولىدۇ﴿57﴾. مېھرىبان پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن (ئۇلارغا) سالام دېيىلىدۇ﴿58﴾.*

---

[1] سۈرە مەئارىج 43 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نازىئات 13، 14 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە نەھلە 77 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.
[4] سۈرە ئىسرا 52 ـ ئايەت.

www.munber.org

## جەننەت ئەھلىنىڭ ھاياتىنىڭ بايانى توغرىسىدا

اللہ تائالا بۇ ئايەتتە جەننەت ئەھلىدىن مۇنداق خەۋەر قىلىدۇ: جەننەت ئەھلى قىيامەت كۈنى قىيامەت مەيدانىدىن يۆتكىلىپ، جەننەتلەرنىڭ باغچىلىرىغا چۈشىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن تۈگىمەس نازۇنېمەتلەر ۋە كاتتا بەخت ـ سائادەت بىلەن بولۇپ كېتىپ باشقىلار بىلەن كارى بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ھەسەنبەسرى ۋە ئىسمائىل ئىبنى ئەبۇخالىد: ئۇلار دوزاخ ئەھلى چېكىۋاتقان ئازاب بىلەن كارى بولمايدۇ. چۈنكى، ﴿**جەننەت ئەھلىلىرى نېمەت ئىچىدىدۇر**﴾ دېدى.

مۇجاھىد: ﴿**جەننەت ئەھلىلىرى**﴾ ھەيران قالارلىق، ئاجايىپ ﴿**نېمەت ئىچىدىدۇر**﴾ دېدى. قەتادە ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئۇلار ناھايىتى خۇشالدۇر، دېدى.

﴿**ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ جۈپتىلىرى (جەننەتلەرنىڭ) دەرەخلىرىنىڭ سايىلىرى ئاستىدا تەختلەرگە يۆلەنگەن ھالدا تۇرىدۇ**﴾.

﴿**ئۇلار ئۈچۈن جەننەتتە (ئۇلارنىڭ) كۆڭلى تارتقان نەرسىلەر بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ھەر خىل لەززەتلىك نەرسىلەردىن قانچىلىك تەلەپ قىلسا، شۇنچىلىك نەرسىگە ئېرىشىدۇ ﴿**مېھرىبان پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن (ئۇلارغا) سالام دېيىلىدۇ**﴾.

ئىبنى جۇرەيج، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: شۈبھىسىزكى، اللہ تائالانىڭ ئۆزى جەننەت ئەھلىگە سالام يوللايدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ دېگەن بۇ سۆزى اللہ تائالانىڭ: ﴿ئۇلار اللہ غا مۇلاقات بولغان كۈندە ئۇلارغا اللہ تەرىپىدىن يوللىنىدىغان سالام (سىلەرگە) ئامانلىق بولسۇن (دېگەن سۆزدىن ئىبارەت)﴾[1] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئۇيغۇندۇر.

* * * * * * *

وَٱمۡتَٰزُواْ ٱلۡيَوۡمَ أَيُّهَا ٱلۡمُجۡرِمُونَ ﴿٥٩﴾ ۞ أَلَمۡ أَعۡهَدۡ إِلَيۡكُمۡ يَٰبَنِيٓ ءَادَمَ أَن لَّا تَعۡبُدُواْ
ٱلشَّيۡطَٰنَۖ إِنَّهُۥ لَكُمۡ عَدُوّٞ مُّبِينٞ ﴿٦٠﴾ وَأَنِ ٱعۡبُدُونِيۚ هَٰذَا صِرَٰطٞ مُّسۡتَقِيمٞ ﴿٦١﴾ وَلَقَدۡ أَضَلَّ مِنكُمۡ
جِبِلّٗا كَثِيرًاۖ أَفَلَمۡ تَكُونُواْ تَعۡقِلُونَ ﴿٦٢﴾

*(گۇناھكارلارغا) «ئى گۇناھكارلار! بۈگۈن (بىر تەرەپكە) ئايرىلىڭلار» دېيىلىدۇ*﴿59﴾. *سىلەرگە (پەيغەمبەرلىرىم ئارقىلىق): «ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر» دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟*﴿60- 61﴾. *شۈبھىسىزكى، شەيتان سىلەردىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى، (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر؟*﴿62﴾.

## كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئورنى ۋە ئۇلارنىڭ قوپال مۇئامىلىگە ئۇچرايدىغانلىقى توغرىسىدا

اللہ تائالا بۇ ئايەتتە كاپىرلارنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن مۇنداق خەۋەر بېرىدۇ: قىيامەت كۈنى اللہ تائالا ئۇلارنى مۆمىنلەر تۇرۇۋاتقان يەردىن ئايرىلىشقا بۇيرۇيدۇ. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇ كۈن

[1] سۈرە ئەھزاب 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

(يەنى قىيامەت كۈنى) دە (مۆمىنلەرنى، كاپىرلارنى) ھەممىسىنى يىغىمىز، ئاندىن مۇشرىكلارغا: «سىلەر (اﷲ غا شېرىك كەلتۈرگەن) بۇتلىرىڭلار بىلەن بىللە، ئورنۇڭلاردا مىدىرلىماي تۇرۇڭلار» دەيمىز، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىيمىز﴾[1] ﴿قىيامەت قايىم بولغان كۈندە (مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلار) بىر - بىرىدىن ئايرىلىدۇ﴾[2] ﴿بۇ كۈندە ئۇلار (نىڭ بىر پىرقىسى جەننەتكە، بىر پىرقىسى جەھەننەمگە) ئايرىلىدۇ﴾[3] ﴿(اﷲ پەرىشتىلىرىگە ئېيتىدۇ) زۇلۇم قىلغۇچىلارنى، ئۇلارنىڭ (مۇشرىكلىكتىكى، كۇفرىدىكى) قاياشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ اﷲ نى قويۇپ چوقۇنغان بۇتلىرىنى (مەھشەرگاھقا) توپلاڭلار، ئاندىن ئۇلارنى دوزاخنىڭ يولىغا باشلاڭلار﴾[4].

**﴿سىلەرگە (پەيغەمبەرلىرىم ئارقىلىق): «ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر» دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟﴾** بۇ شەيتان ئادەم بالىلىرىنىڭ ئاشكارا دۈشمىنى تۇرۇقلۇق ئۇلار ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان، مېھرىبان اﷲ تائالا ئۇلارنى ياراتقان ۋە ئۇلارغا رىزىق بەرگەن تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغان كاپىرلارغا اﷲ تائالا تەرىپىدىن قىلىنغان تاپا - تەنىدۇر.

يەنە اﷲ تائالا ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: مەن ھەقىقەتەن سىلەرنى دۇنيادىكى چېغىڭلاردا شەيتانغا بوي سۇنماي ماڭىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇدۇم. مانا بۇ توغرا يولدۇر. بىراق، سىلەر باشقا يولغا ماڭدىڭلار، شەيتاننىڭ بۇيرۇغان نەرسىلىرىگە ئەگەشتىڭلار. **﴿شۈبھىسىزكى، شەيتان سىلەردىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى، (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر؟﴾** يەنى سىلەرنىڭ ئەقلىڭلار يوقمۇ؟ سىلەرنى ھېچ شېرىكى بولمىغان پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرنى يالغۇز ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇسا، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىپ، دۈشمىنىڭلار بولغان شەيتانغا ئەگەشتىڭلار.

* * * * * * *

هَـٰذِهِۦ جَهَنَّمُ ٱلَّتِى كُنتُمۡ تُوعَدُونَ ﴿٦٣﴾ ٱصۡلَوۡهَا ٱلۡيَوۡمَ بِمَا كُنتُمۡ تَكۡفُرُونَ ﴿٦٤﴾ ٱلۡيَوۡمَ نَخۡتِمُ عَلَىٰٓ أَفۡوَٰهِهِمۡ وَتُكَلِّمُنَآ أَيۡدِيهِمۡ وَتَشۡهَدُ أَرۡجُلُهُم بِمَا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ ﴿٦٥﴾ وَلَوۡ نَشَآءُ لَطَمَسۡنَا عَلَىٰٓ أَعۡيُنِهِمۡ فَٱسۡتَبَقُواْ ٱلصِّرَٰطَ فَأَنَّىٰ يُبۡصِرُونَ ﴿٦٦﴾ وَلَوۡ نَشَآءُ لَمَسَخۡنَٰهُمۡ عَلَىٰ مَكَانَتِهِمۡ فَمَا ٱسۡتَطَٰعُواْ مُضِيًّا وَلَا يَرۡجِعُونَ ﴿٦٧﴾

***سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەھەننەم مانا شۇ﴿63﴾. سىلەر (دۇنيادىكى چېغىڭلاردا) كاپىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن جەھەننەمگە كىرىڭلار﴿64﴾. شۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قوللىرى بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ (يەنى ھەر ئەزا ئۆزىدىن سادىر بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىدۇ)﴿65﴾. ئەگەر بىز خالىساق، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئەلۋەتتە يوق قىلىۋېتەتتۇق، ئاندىن ئۇلار يول مېڭىشقا ئالدىرايتتى، لېكىن ئۇلار قانداقمۇ كۆرەلىسۇن؟﴿66﴾. ئەگەر***

[1] سۈرە يۇنۇس 28 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە رۇم 14 - ئايەت.
[3] سۈرە رۇم 43 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ساففات 22 — 23 - ئايەتلەر.

www.munber.org

***بىز خالىساق، ئۇلارنى ئۆيلىرىدىلا سۈرىتىنى مۇبەددەل (يەنى مايمۇن، چوشقا ياكى تاش) قىلىۋېتەتتۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالدىغىمۇ ماڭالمايتتى، ئارقىغىمۇ قايتالمايتتى***﴿67﴾.

ئادەم بالىلىرىدىن كاپىر بولغانلارغا قىيامەت كۈنى جەھەننەم ئاشكارا كۆرسىتىلگەن چاغدا، تاپا - تەنە ۋە مالامەت قىلىش يۈزىسىدىن: ﴿**سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان**﴾ يەنى پەيغەمبەرلەر سىلەرنى قورقۇتقان، سىلەر ئۇنى ئىنكار قىلغان ﴿**جەھەننەم مانا شۇ، سىلەر (دۇنيادىكى چېغىڭلاردا) كاپىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن جەھەننەمگە كىرىڭلار**﴾ دېيىلىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ كۈندە ئۇلار دوزاخقا قاتتىق ئىتتىرىلىدۇ. (ئۇلارغا) «مانا بۇ سىلەر يالغانغا چىقارغان دوزاختۇر» (دېيىلىدۇ). (ئۇلارغا) «(كۆزلىرىڭلار بىلەن كۆرۈپ تۇرىۋاتقان بۇ ئازاب) سېھىرمۇ؟ ياكى سىلەر كۆرمەيۋاتامسىلەر﴾[1].

## قىيامەت كۈنى گۇناھكارلارنىڭ ئېغىزلىرىنىڭ پېچەتلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**شۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قوللىرى بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ (يەنى ھەر ئەزا ئۇنىڭدىن سادىر بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىدۇ)**﴾ بۇ، كاپىرلار بىلەن مۇناپىقلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ھالىدۇر. ئۇلار دۇنيادىكى چېغىدا قىلغان گۇناھلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە گۇناھلارنى قىلمىدۇق دەپ قەسەم قىلىشقان چاغدا، اللە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلەيدۇ - دە، قىلمىشلىرىنى ئۇلارنىڭ ئەزالىرىغا سۆزلىتىدۇ.

ئىبنى ئەبۇھاتەم، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق، ئۇ ئېغىز چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالغۇدەك دەرىجىدە كۈلۈپ كەتتى ۋە ئارقىدىن: «مەن نېمىگە كۈلۈپ كەتتىم، بىلەمسىلەر؟» دېدى. بىز: اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ، دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەندىنىڭ قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارى بىلەن جېدەللىشىۋاتقانلىقىدىن كۈلۈپ كەتتىم، بەندە: پەرۋەردىگارىم، مېنى زۇلۇمدىن قۇتقازمىدىڭمۇ؟ دەيدۇ. پەرۋەردىگار: شۇنداق قۇتقۇزغان ئىدىم، دەيدۇ. بەندە: ئۇنداقتا ماڭا ئۆزەمدىن باشقا ھېچكىمنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىگە رۇخسەت قىلمايمەن، دەيدۇ. پەرۋەردىگار: بۈگۈن ئۆزەڭگە ئۆزەڭ گۇۋاھ بولۇشۇڭ ۋە ئەمەللىرىڭنى يېزىپ تۇرغۇچى ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەرنىڭ گۇۋاھ بولۇشى كۇپايە قىلىدۇ، دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئاغزىنى پېچەتلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىغا: قېنى سۆزلە، دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەزالىرى ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا سۆزلەش پۇرسىتى بېرىلىدۇ، ئۇ ئۆز ئەزالىرىغا: اللە تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولۇڭلار، مەن سىلەرنى ھمايە قىلىمەن دەپ جېدەللىشىۋاتاتتىم، دەيدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى جەرىر، ئەبۇمۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: قىيامەت كۈنى مۆمىن ھېساب بېرىش ئۈچۈن چاقىرىلىدۇ. پەرۋەردىگارى ئۇنىڭ ئەمەللىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويىدۇ، ئۇ گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ: ھەئە، مەن ئۇ گۇناھلارنى قىلغانتىم، دەيدۇ. ئاندىن اللە تائالا ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەيىپلىرىنى يوشۇرىدۇ. يەر يۈزىدە ھېچقانداق بىر مەخلۇق ئۇ گۇناھلاردىن بىرەر نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى ئاشكارا بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ كۆرۈشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. كاپىر بىلەن مۇناپىقمۇ ھېساب بېرىش ئۈچۈن چاقىرىلىدۇ. پەرۋەردىگارى ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزىگە كۆرسىتىدۇ، ئۇ قىلمىشلىرىدىن تېنىپ: ئى پەرۋەردىگارىم! ئىززىتىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ پەرىشتە ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۈستۈمگە

---

[1] سۈرە تۇر 13 — 15 - ئايەتكىچە.

مەن قىلمىغان ئىشنى يېزىپ قويۇپتۇ، دەيدۇ. پەرىشتە ئۇنىڭغا: پالانى كۈندە، پۈستانى جايدا مۇنداق ئىش قىلمىدىڭمۇ؟ دەيدۇ، ئۇ: ياق، ئى پەرۋەردىگارىم! ئىززىتىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇ ئىشنى قىلمىدىم، دەيدۇ. ئۇ شۇنداق دەپ تۇرغان چاغدا الله تائالا ئۇنىڭ ئاغزىنى پېچەتلىۋېتىدۇ. ئەبۇمۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ: مەن گۇناھكارنىڭ دەسلەپتە سۆزلەيدىغان ئەزاسى ئۇنىڭ ئوڭ يوتىسى دەپ ئويلايمەن، دېدى. ئاندىن: ﴿**شۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قوللىرى بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ (يەنى ھەر ئەزا ئۇنىڭدىن سادىر بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىدۇ)**﴾ دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى.

﴿**ئەگەر بىز خالىساق، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئەلۋەتتە يوق قىلىۋېتەتتۇق، ئاندىن ئۇلار يول مېڭىشقا ئالدىرايتتى، لېكىن ئۇلار قانداقمۇ كۆرەلىسۇن؟**﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: ئەگەر بىز خالىساق، ئۇلارنى ھىدايەتتىن چوقۇم ئازدۇرۇۋېتىمىز، ئاندىن ئۇلار قانداقمۇ ھىدايەت تاپالىسۇن؟ ئىبنى ئابباس بىر قېتىم بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى: ئۇلارنى كور قىلىۋېتىمىز دەپ تەپسىر قىلغان. ھەسەنبەسرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئەگەر الله خالىسا، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئەلۋەتتە يوق قىلىۋېتىپ، يول تاپالماي تەمتىرەپ يۈرىدىغان كورلاردىن قىلىپ قوياتتى، دېدى.

ئىبنى زەيد: بۇ ئايەتتىكى يول دېگەن سۆزدىن ھەق كۆزدە تۇتۇلىدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى يوق قىلىۋەتسەك، ئۇلار ھەقنى قانداقمۇ كۆرەلىسۇن؟ دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. ئەۋفى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ﴿**لېكىن ئۇلار قانداقمۇ كۆرەلىسۇن؟**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى: ئۇلار ھەقنى كۆرەلمەيدۇ، دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

﴿**ئەگەر بىز خالىساق، ئۇلارنى ئۆيلىرىدىلا سۈرىتىنى مۇبەددەل (يەنى مايمۇن، چوشقا ياكى تاش) قىلىۋېتەتتۇق**﴾ يەنى ئۇلارنى ھالاك قىلىپ، سۈرەتلىرىنى ئەلۋەتتە ئۆزگەرتىۋېتەتتۇق ياكى تاشقا ئايلاندۇرىۋېتەتتۇق ۋە ياكى چوقۇم پۇتلىرى كارغا كەلمەيدىغان پالەچلەرگە ئۆزگەرتىۋېتەتتۇق. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالدىغىمۇ ماڭالمايتتى، ئارقىغىمۇ قايتالمايتتى**﴾ ئۇلار ئالدىغا ئىلگىرىلىيەلمەيدىغان، ئارقىغىمۇ چېكىنەلمەيدىغان، بەلكى پەقەت بىرلا ھالەتتە تۇرىدىغان نەرسە بولۇپ قالغان بولاتتى.

* * * * * * *

وَمَن نُّعَمِّرْهُ نُنَكِّسْهُ فِي ٱلْخَلْقِ ۖ أَفَلَا يَعْقِلُونَ ﴿٦٨﴾ وَمَا عَلَّمْنَٰهُ ٱلشِّعْرَ وَمَا يَنۢبَغِي لَهُۥٓ ۚ إِنْ هُوَ إِلَّا ذِكْرٌ وَقُرْءَانٌ مُّبِينٌ ﴿٦٩﴾ لِّيُنذِرَ مَن كَانَ حَيًّا وَيَحِقَّ ٱلْقَوْلُ عَلَى ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٧٠﴾

***بىز ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغان ئادەمنىڭ تېنىنى ئاجىزلىتىۋېتىمىز (يەنى ياشلىق، قىرانلىق ۋاقتىدىكىدىن ئاجىزلايدۇ، قېرىيدۇ)، ئۇلار (بۇنى) چۈشەنمەمدۇ؟*** ﴿68﴾. ***ئۇنىڭغا (يەنى پەيغەمبەرگە) بىز شېئىر تەلىم بەرمىدۇق، ئۇنىڭغا شېئىر مۇناسىپمۇ ئەمەس. ئۇ پەقەت تىرىكلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش، كاپىرلارغا ئازابنىڭ تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى (بىلدۈرۈش ئۈچۈن نازىل بولغان) ۋەز ـ نەسىھەتتۇر ۋە روشەن قۇرئاندۇر*** ﴿69-70﴾.

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئادەم بالىسىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغاندىن كېيىن، ئۆمرى قانچىلىك ئۇزۇن بولغانسېرى ئاجىزلىققا ۋە پائالىيەتچانلىقتىن زەئىپلىككە قاراپ يۈزلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله سىلەرنى ئاجىز ياراتتى، ئاندىن سىلەرنى ئاجىزلىقتىن كۈچلۈك

www.munber.org

قىلدى، ئاندىن (سىلەرنى) كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىز قىلدى ۋە (سىلەرگە) قېرىلىقنى يەتكۈزدى، اﷲ نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، ئۇ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر﴾[1] ﴿بەزىلىرىڭلار، (ئىلگىرى) بىلگەندىن كېيىن ھېچ نەرسىنى بىلمەس ھالەتتىڭلارغا قايتۇرۇلۇشۇڭلار ئۈچۈن، ناھايىتى قېرىپ كەتكۈچە (ھايات) قالدۇرۇلىسىلەر﴾[2] بۇنىڭدىن مەقسەت بۇ دۇنيانىڭ ھامان يوقىلىدىغانلىقىدىن، ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك تۇرالغۇ جاي ئەمەسلىكىدىن، ئۇنىڭدىن باشقا بىر دۇنياغا يۆتكىلىشنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا غالىب ۋە بۈيۈك اﷲ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار(بۇنى) چۈشەنمەمدۇ؟﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەرگىز تۈگىمەيدىغان، ئۇنىڭدىن ھەرگىز يۆتكەلمەيدىغان ئاخىرەت يۇرتى ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى بىلىشلىرى ئۈچۈن ئەقىللىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپتە يارىتىلغانلىقى، ئۆسۈپ چوڭ بولغانلىقى، ئاندىن قېرىيدىغانلىقى، ئاندىن قېرىلىقتىن ئاجىزلاپ قالىدىغانلىقى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟

## اﷲ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ھەرگىزمۇ شېئىردىن تەلىم بەرمىگەنلىكى توغرىسىدا

**﴿ئۇنىڭغا (يەنى پەيغەمبەرگە) بىز شېئىر تەلىم بەرمىدۇق، ئۇنىڭغا شېئىر مۇناسىپمۇ ئەمەس﴾** اﷲ تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بېرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ شېئىردىن تەلىم بەرمىگەنلىكىنى، **﴿ئۇنىڭغا شېئىر مۇناسىپمۇ ئەمەس﴾** ئىكەنلىكىنى، يەنى ئۇنىڭ تەبىئىتىدە شائىرلىق خۇسۇسىيەتنىڭ يوقلىقىنى، ئۇنىڭ ھەتتا قوشاقمۇ توقالمايدىغانلىقىنى، ھەم ئۇنىڭ ئۇنداق ئىشلارنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنىڭمۇ شېئىرغا قىزىقمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شېئىر قائىدىسىگە چۈشۈرۈپ بېيىت يادا ئالمىغانلىقى، بەلكى شېئىر ئوقۇسا تەمتىرەپ ئوقۇيدىغانلىقى ياكى ئۇنى تولۇق ئوقۇيالمايدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، اﷲ تائالا ئۇنىڭغا بۈيۈك قۇرئاننى تەلىم بەردى. ﴿ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق اﷲ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾[3] يەنى قۇرەيش كاپىرلىرىدىن بىر گۇرۇھ كىشىلەرنىڭ جۆيلىگىنىدەك قۇرئان نە شېئىر، نە پالچىلىق، نە توقۇلما نەرسىلەر ئەمەس، ئۇ ئۆگىنىلگەن سېھىرمۇ ئەمەس. بۇ ھەققە ئازغۇنلار ۋە نادانلار تۈرلۈك بوھتان سۆزلەرنى، خاتا قاراشلارنى توقۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەزەلدىن شېئىر توقۇشنى ياخشى كۆرمەيتتى. شەرىئەتنىڭ بەلگىلىمىسى جەھەتتىمۇ بۇنى قوبۇل قىلمايتتى.

**﴿ئۇ پەقەت تىرىكلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش، كاپىرلارغا ئازابنىڭ تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى (بىلدۈرۈش ئۈچۈن نازىل بولغان) ۋەز ـ نەسىھەتتۇر ۋە روشەن قۇرئاندۇر﴾** يەنى بىز ئۇنىڭغا ئۆگەتكەن نەرسە **﴿پەقەت ۋەز ـ نەسىھەتتۇر ۋە روشەن قۇرئاندۇر﴾** ئۇ ، ئويلانغان ۋە مۇلاھىزە قىلغان كىشى ئۈچۈن مەنىلىرى روشەن ۋە ئوچۇق بايان قىلىنغان قۇرئاندۇر. شۇڭا اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇ پەقەت تىرىكلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش﴾** ئۈچۈندۇر. يەنى بۇ روشەن قۇرئان يەر يۈزىدىكى ھەر قانداق تىرىكلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن نازىل قىلىنغاندۇر. بۇ ھەقتە اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ قۇرئان ماڭا سىلەرنى ۋە

---

[1] سۈرە رۇم 54 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھەج 5 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.
[3] سۈرە فۇسسىلەت 42 ـ ئايەت.

www.munber.org

(قىيامەتكىچە) قۇرئان يەتكەن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيى قىلىندى﴾[1] ﴿كۇففار (جامائەلىرىدىن كىمكى قۇرئاننى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان جاي دوزاختۇر﴾[2].

قۇرئاننىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىدىن پەقەت دىلى ئويغاق، نەزەر دائىرىسى كەڭ ئادەملا مەنپەئەت ئالالايدۇ. شۇنداقلا قەتادە: دىلى ئويغاق ئادەمنىڭ كۆزى روشەن بولىدۇ دەپ كۆرسەتكەن. زەھھاك: ئۇنداق ئادەم ئەقىللىق بولىدۇ دەپ كۆرسەتكەن. قۇرئان ﴿كاپىرلارغا ئازابنىڭ تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى﴾ بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. يەنى قۇرئان مۆمىنلەرگە رەھمەتتۇر، كاپىرلارنىڭ ئازابقا دۇچار بولۇشلىرى ئۈچۈن دەلىل - پاكىتتۇر.

* * * * * * *

أَوَلَمْ يَرَوْاْ أَنَّا خَلَقْنَا لَهُم مِّمَّا عَمِلَتْ أَيْدِينَآ أَنْعَـٰمًا فَهُمْ لَهَا مَـٰلِكُونَ ﴿٧١﴾ وَذَلَّلْنَـٰهَا لَهُمْ فَمِنْهَا رَكُوبُهُمْ وَمِنْهَا يَأْكُلُونَ ﴿٧٢﴾ وَلَهُمْ فِيهَا مَنَـٰفِعُ وَمَشَارِبُ ۖ أَفَلَا يَشْكُرُونَ ﴿٧٣﴾

*ئۇلار بىلمەمدۇكى، ئۇلار ئۈچۈن ھايۋانلارنى (قۇدرەت) قولىمىز بىلەن خەلق ئەتتۇق، ئۇلار ھايۋانلارنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچىلاردۇر﴿71﴾. ھايۋانلارنى ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار ئۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسىنى مىنىدۇ، بەزىسىنى يەيدۇ﴿72﴾. ئۇلار شۇ ھايۋانلاردىن پايدىلىنىدۇ ۋە سۈتلىرىنى ئىچىدۇ، ئۇلار (پەرۋەردىگارىنىڭ بۇ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلمامدۇ؟﴿73﴾.*

## ھايۋانلارنىڭ اللہ تائالانىڭ ئالامەتلىرى ۋە بەندىلىرىگە بېرىلگەن نېمەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا

اللہ تائالا بۇ ئايەتتە ئىنسانلارغا ھايۋانلارنى نېمەت قىلىپ بەرگەنلىكىنى ۋە بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ﴿**ئۇلار ھايۋانلارنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچىلاردۇر**﴾ بۇ ھەقتە قەتادە مۇنداق دەيدۇ: اللہ تائالا ئۇلارنى ھايۋانلارنى باشقۇرىدىغان قىلىپ ياراتتى، ھايۋانلار ئۇلارغا بويسۇنىدۇ ۋە ئۇلارغا يانمايدۇ. ھەتتا بىر كىچىك بالىمۇ بىر تۆگىنىڭ يېنىغا كەلسە، ئەلۋەتتە ئۇ تۆگىنى چۆكتۈرەلەيدۇ، ئەگەر ئۇ خالىسا ئۇنى قوپۇرۇپ خالىغان يېرىگە ھەيدەپ بارالايدۇ، تۆگە ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ ئۇ يېتىلىگەن يەرگە ماڭىدۇ. ناۋادا بىر كارۋان يۈز ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ تۆگىلەردىن تەركىب تاپقان بولسا، ئۇ تۆگىلەرنىڭ ھەممىسى چوقۇم شۇ كىچىك بالىنىڭ ئىزىدىن ماڭىدۇ.

﴿**ئۇلار ئۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسىنى**﴾ يىراق ، ياقا يۇرتلارغا سەپەر قىلغاندا ﴿**مىنىدۇ**﴾ يۈك - تاقلىرىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىدۇ، ﴿**بەزىسىنى**﴾ ئەگەر خالىسا بوغۇزلاپ ﴿**يەيدۇ، ئۇلار شۇ ھايۋانلاردىن**﴾ يەنى قويلارنىڭ، تۆگىلەرنىڭ، ئۆچكىلەرنىڭ يۇڭلىرىدىن ئۆي جاھازلىرىنى، كىيىدىغان ۋە ئۆيلەرنى سەرەمجانلاشتۇرىدىغان نەرسىلەرنى ياساپ ۋە توقۇپ، مەلۇم مۇددەتكىچە ﴿**پايدىلىنىدۇ**﴾ ئۇنىڭ سۈتلىرىنى، داۋالىنىدىغان ئادەملەر ﴿**ئىچىدۇ، ئۇلار (پەرۋەردىگارىنىڭ بۇ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلمامدۇ؟**﴾ يەنى ئۇلار ئۇنى ياراتىپ ۋە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن اللہ تائالانى بىر ۋە بار دەپ تونۇپ، اللہ تائالاغا باشقا نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىسە بولمامدۇ؟!

* * * * * * *

---

[1] سۈرە ئەنئام 19 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.
[2] سۈرە ھۇد 17 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

www.munber.org

وَٱتَّخَذُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ ءَالِهَةً لَّعَلَّهُمۡ يُنصَرُونَ ﴿٧٤﴾ لَا يَسۡتَطِيعُونَ نَصۡرَهُمۡ وَهُمۡ لَهُمۡ جُندٞ مُّحۡضَرُونَ ﴿٧٥﴾ فَلَا يَحۡزُنكَ قَوۡلُهُمۡۘ إِنَّا نَعۡلَمُ مَا يُسِرُّونَ وَمَا يُعۡلِنُونَ ﴿٧٦﴾

***ئۇلار ياردەمگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىپ، الله نى قويۇپ باشقا مەبۇدلارنى ئىلاھ قىلىۋالدى﴿74﴾. ئۇ مەبۇدلار ئۇلارغا ياردەم بېرەلمەيدۇ. بۇلار شۇ مەبۇدلار ئۈچۈن (يەنى ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن) ھازىرلانغان قوشۇندۇر﴿75﴾. (ئى، مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ سۆزى (يەنى سېنى ئىنكار قىلغانلىقى) سېنى غەمكىن قىلمىسۇن. بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى ۋە ئاشكارا قىلغان (سۆز ۋە ھەرىكەتلىرى) نى بىلىپ تۇرىمىز﴿76﴾.***

## مۇشرىكلارنىڭ بۇتلىرىنىڭ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە قادىر ئەمەسلىكى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇشرىكلارنىڭ بۇتلارنى الله غا شېرىك قىلىپ مەبۇد قىلىۋالغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق ئۇ مەبۇدلارنىڭ ئۆزلىرىگە ياردەم قىلىشىنى، رىزىق بېرىشىنى ۋە ئۆزلىرىنى الله تائالاغا يېقىنلاشتۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇ مەبۇدلار ئۇلارغا ياردەم بېرەلمەيدۇ**﴾ يەنى ئۇ مەبۇدلار ئۆزلىرىگە چوقۇنغۇچىلارغا ياردەم بېرىشكە قادىر بولالمايدۇ. بەلكى، ئۇنداق قىلىشتىن ئەڭ ئاجىز، ئەڭ كىچىك، ئەڭ كەمسىتىلىدىغان ۋە ئەڭ تاشلاندۇق نەرسىلەردۇر، شۇنداقلا مەبۇدلار ئۆزلىرىگە ياردەم تەلەپ قىلىشقىمۇ، ئۆزلىرىگە يامانلىق قىلماقچى بولغان كىشىلەردىن ئىنتىقام ئېلىشقىمۇ قادىر بولالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاڭلىيالمايدىغان، چۈشىنەلمەيدىغان جانسىز نەرسىلەردۇر.

﴿**بۇلار شۇ مەبۇدلار ئۈچۈن (يەنى ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن) ھازىرلانغان قوشۇندۇر**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى بۇ بۇتلارنى توپلاپ، ئۇلارغا چوقۇنغۇچىلاردىن ھېساب ئېلىنىدىغان يەرگە مۇشرىكلارنىڭ تېخىمۇ ھەسرەت چېكىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن تۇرغۇزۇلغان دەلىل ـ پاكىتنىڭ ئەڭ قانائەتلىنەرلىك بولۇشى ئۈچۈن ھازىر قىلىنىدۇ. قەتادە ﴿**ئۇ مەبۇدلار ئۇلارغا ياردەم بېرەلمەيدۇ. بۇلار شۇ مەبۇدلار ئۈچۈن (يەنى ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن) ھازىرلانغان قوشۇندۇر**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى مۇشرىكلار دۇنيادا چوقۇنغان بۇتلىرىغا غەزەپلىنىدۇ، ئۇ مەبۇدلار ئۇلارغا ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ، ئۇلاردىن يامانلىقنىمۇ دەپئى قىلالمايدۇ، ئۇ مەبۇدلار پەقەت بۇتلاردىن ئىبارەتتۇر. ھەسەن بەسرىمۇ مۇشۇنداق دەپ كۆرسەتتى. ئۇ، بۇ ئايەتكە بېرىلگەن ياخشى بىر چۈشەندۈرۈش بولۇپ، ئىبنى جەرىرمۇ بۇ سۆزنى توغرا دەپ قارىغان.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىش توغرىسىدا

﴿**(ئى، مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ سۆزى**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ سېنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە الله تائالاغا كاپىر بولغانلىقى ﴿**سېنى غەمكىن قىلمىسۇن. بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى ۋە ئاشكارا قىلغان (سۆز ۋە ھەرىكەتلىرى)نى بىلىپ تۇرىمىز**﴾ يەنى كەلگۈسىدە ئۇلارغا ئۇلارنىڭ تىللىرى سۈپەتلىگەن نەرسە بويىچە جازا بېرىمىز، ئۇلارغا شۇنىڭغا ئاساسەن مۇئامىلە قىلىمىز. ئۇ كۈندە ئۇلار ئەمەللىرىدىن چوڭىنىمۇ ـ كىچىكىنىمۇ، كۆزگە ئىلغىنىنىمۇ، كۆزگە ئىلمىغىنىنىمۇ يوقىتىپ قويمايدۇ. ئەكسىچە ئۇلارغا ئۇلارنىڭ بۇرۇن ۋە كېيىن قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى تولۇق كۆرسىتىلىدۇ.

* * * * * * *

www.munber.org

أَوَلَمۡ يَرَ ٱلۡإِنسَٰنُ أَنَّا خَلَقۡنَٰهُ مِن نُّطۡفَةٖ فَإِذَا هُوَ خَصِيمٞ مُّبِينٞ ﴿٧٧﴾ وَضَرَبَ لَنَا مَثَلٗا وَنَسِيَ
خَلۡقَهُۥۖ قَالَ مَن يُحۡيِ ٱلۡعِظَٰمَ وَهِيَ رَمِيمٞ ﴿٧٨﴾ قُلۡ يُحۡيِيهَا ٱلَّذِيٓ أَنشَأَهَآ أَوَّلَ مَرَّةٖۖ وَهُوَ بِكُلِّ خَلۡقٍ
عَلِيمٌ ﴿٧٩﴾ ٱلَّذِي جَعَلَ لَكُم مِّنَ ٱلشَّجَرِ ٱلۡأَخۡضَرِ نَارٗا فَإِذَآ أَنتُم مِّنۡهُ تُوقِدُونَ ﴿٨٠﴾

*ئىنسان بىلمەمدۇكى، بىز ھەقىقەتەن ئۇنى ئابمەنىدىن ياراتتۇق. ئەمدى ئۇ (پەرۋەردىگارىغا) ئاشكارا خۇسۇمەتچى بولۇپ قالدى﴿77﴾. ئۇ بىزگە (ئىنساننىڭ قايتا تىرىلىشىنى يىراق ساناپ، چىرىگەن سۆڭەكلەرنى) مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى بولسا ئۇنتۇدى، ئۇ: «چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟» دېدى﴿78﴾. ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەر بىر مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر»﴿79﴾. اللە سىلەر ئۈچۈن يېشىل دەرەختىن ئوت پەيدا قىلدى. سىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئوت ياقىسىلەر﴿80﴾.*

## ئۆلگەندىن كېيىنكى ھاياتلىقنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا

مۇجاھىد، ئىكرىمە، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير، سۇددى ۋە قەتادەلەر مۇنداق دەيدۇ: لەنىتى ئۇبەي ئىبنى خەلەف پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇنىڭ قولىدا چىرىپ كەتكەن بىر سۆڭەك بار ئىدى. ئۇ، بۇ سۆڭەكنى ئېزىپ، شامالغا ئۇچۇرۇۋېتىپ تۇرۇپ: ئى مۇھەممەد! سەن اللە نى بۇ سۆڭەكنى تىرىلدۈرىدۇ، دەۋاتامسەن؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، اللە تائالا سېنى ئۆلتۈرىدۇ، ئاندىن قىيامەت كۈنى سېنى تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن سېنى دوزاخقا ھەيدەيدۇ» دېدى. ۋە سۈرە ياسىننىڭ ئاخىرىدىكى ﴿ئىنسان بىلمەمدۇكى، بىز ھەقىقەتەن ئۇنى ئاجىز مەنىيدىن ياراتتۇق﴾ دېگەن ئايەتتىن باشلاپ بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە نازىل بولدى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: ئاس ئىبنى ۋائىل كەلكۈن سۈيىدىن قالغان لاۋالار ئارىسىدىن بىر تال سۆڭەكنى ئېلىپ، ئۇنى قولى بىلەن ئېزىپ تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: اللە تائالا بۇ سۆڭەكنى مەن كۆرۈپ تۇرغان مۇشۇ ھالەتتىن تىرىلدۈرەلەمدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، اللە تائالا سېنى ئۆلتۈرىدۇ، ئاندىن سېنى تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن سېنى جەھەننەمگە كىرگۈزىدۇ» دېدى. شۇ چاغدا سۈرە ياسىننىڭ ئاخىرىدىكى بۇ ئايەتلەر نازىل بولدى. بۇنى ئىبنى جەرىرمۇ سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن رىۋايەت قىلغان.

بۇ ئايەتلەر مەيلى ئۇبەي ئىبنى خەلەف ياكى ئاس ئىبنى ۋائىل ھەققىدە ۋە ياكى ھەر ئىككىلىسى ھەققىدە نازىل قىلىنغان بولۇشى مۇھىم ئەمەستۇر. بۇ ئايەتلەرنىڭ قىيامەتنى ئىنكار قىلغان ھەرقانداق ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ئېنىقتۇر. چۈنكى ﴿ئىنسان بىلمەمدۇكى﴾ دېيىش قىيامەتنى ئىنكار قىلغان ھەرقانداق ئىنساننى ئومۇمىيلىقنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كۆرسىتىدۇ.

﴿بىز ھەقىقەتەن ئۇنى ئابمەنىدىن ياراتتۇق﴾ يەنى قىيامەتنى ئىنكار قىلغان ھەربىر ئادەم دەسلەپتە يارىتىلغانلىقىنى ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرىدىغانلىقىغا دەلىل قىلىپ كۆرمەمدۇ؟ اللە تائالا ھەقىقەتەن ئىنساننى دەسلەپتە ئەرزىمەس سۇنىڭ جەۋھىرىدىن يەنى ناھايىتىمۇ كىچىك ۋە ئاجىز نەرسىدىن ياراتتى. غالىب ۋە بۈيۈك اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنى بىز ئاجىز مەنىيدىن

www.munber.org

ياراتمىدۇقمۇ؟ ئۇنى بىز مەلۇم ۋاقىتقىچە (يەنى تۇغۇلغۇچە) پۇختا ئارامگاھ (يەنى بەچچىدان) قىلدۇق﴾[1] ﴿شۈبھىسىزكى، بىز ئىنساننى ئارىلاشما مەنىي (يەنى ئەر بىلەن ئاياللارنىڭ مەنىيسى) دىن ياراتتۇق﴾[2] يەنى الله تائالا ئىنساننى ئايرىم - ئايرىم مەنىينىڭ ئارىلاشمىسىدىن ياراتتى. ئۇنى بۇ ئەرزىمەس مەنىيدىن ياراتقان الله تائالا، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟

بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد، بىشر جەھھاشنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: شەك - شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئالقىنىغا تۈكۈردى ۋە تۈكۈرۈكىنىڭ ئۈستىگە بىر بارمىقىنى تەككۈزدى - دە، ئاندىن مۇنداق دېدى: «الله تائالا ئېيتىدۇ: ئى ئادەم بالىسى! سەن قانداقمۇ مېنى ئاجىز دەيسەن؟ مەن سېنى ھەقىقەتەن مۇشۇ تۈكۈرۈكچىلىك نەرسىدىن ياراتتىم، تېخى مەن سېنى بېجىرىم، قامىتىڭنى تۈز قىلىپ يارىتىپ قويسام، سەن ئېسىل تونلارنى كىيىپ، يەر يۈزىدە گۈسۈلدىتىپ دەسسەپ ماڭىسەن، بايلىقنى توپلايسەن، مۇھتاجلارغا بەرمەيسەن، تاكى جان ھەلقۇمغا يەتكەن چاغدا سەدىقە بېرىمەن دەيسەن، بۇ ھەرگىزمۇ سەدىقە بېرىدىغان ۋاقىت ئەمەستۇر» دەيدۇ. بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجەمۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿**ئۇ بىزگە**﴾ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان بۈيۈك قۇدرەت ئىگىسى، الله تائالانىڭ چىرىگەن تەنلەرنى ۋە سۆڭەكلەرنى قايتا تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى يىراق ساناپ، شۇ چىرىگەن سۆڭەكلەرنى ﴿**مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى بولسا ئۇنتۇدى، ئۇ: «چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟» دېدى**﴾ الله تائالا ئۇنى يوقتىن بار قىلىپ ياراتتى. ئەگەر ئۇ ئۆزىگە قارىسا، ئۆزىنىڭ قايتا تىرىلىشىدىن ئىبارەت يىراق سانىغان، ئىنكار قىلغان ۋە تانغان نەرسىدىنمۇ چوڭ نەرسىنى الله تائالانىڭ يارىتالايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەر بىر مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر»**﴾ يەنى الله تائالا زېمىننىڭ پۈتۈن ئەتراپىدىكى سۆڭەكلەرنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى، قەيەردە تىتىلىپ، قەيەرگە چېچىلىپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ.

ئىمام ئەھمەد، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، بىر ئادەمنىڭ ئەجىلى توشۇپ ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن چاغدا ئائىلىسىدىكىلەرگە: مەن ئۆلۈپ كەتسەم مېنىڭ ئەتراپىمغا جىق ئوتۇن يىغىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا ئوت يېقىڭلار، ئوت گۆشلىرىمنى كۆيدۈرۈپ سۆڭەكلىرىملا قالغان چاغدا، ئۇنى ئېلىپ ئۇندەك سوقۇڭلار، ئاندىن ئۇنى دېڭىزغا سورىۋېتىڭلار دەپ، ۋەسىيەت قىلدى، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. الله تائالا ئۇنى شۇ ھالەتتىن جەملەپ ئاندىن ئۇنىڭغا: نېمىشقا شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇدۇڭ؟ دېدى. ئۇ ئادەم سېنىڭدىن قورقۇپ (شۇنداق قىلدىم) دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا ئۇنى مەغپىرەت قىلدى» رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ ئادەم كېپەن ئوغۇرلايدىغان ئادەم ئىكەن.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە: ئۇ ئوغۇللىرىغا ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ، ئاندىن سۆڭىكىنى ئۇندەك سوقۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ يېرىمىنى قورۇقلۇققا، يېرىمىنى شامال چىققان كۈندە دېڭىزغا سورىۋېتىشنى بۇيرۇغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شۇنداق قىلغان. ئاندىن الله تائالا دېڭىزغا ئەمر قىلىپ دېڭىزدىكى پارچىسىنى، قۇرۇقلۇققا ئەمر قىلىپ ئۇنىڭدىكى پارچىسىنى يىغىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا "ۋۇجۇدقا كەل" دېيىشى ھامان ئۇ دەرھاللا ئۆرە تۇرغان بىر ئادەمگە ئايلانغان. ئاندىن ئۇنىڭغا: سەن نېمە

[1] سۈرە مۇرسەلات 20 — 22 - ئايەتكىچە.
[2] سۈرە ئىنسان 2 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

www.munber.org

سەۋەبتىن مۇشۇنداق قىلدىڭ؟ دېگەن. ئۇ: سەن بىلىسەن، سېنىڭدىن قورقۇپ شۇنداق قىلدىم، دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن اللہ تائالا ئۇنى جازالىماستىن گۇناھىنى كەچۈرۈۋەتكەن.

**﴿اللہ سىلەر ئۈچۈن يېشىل دەرەختىن ئوت پەيدا قىلدى. سىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئوت ياقىسىلەر﴾** يەنى اللہ تائالا بۇ دەرەخنى دەسلەپتە سۇدىن ياراتتى. كۆكلەپ يېشىللىقتا پۈركىنىپ، قىزىرىپ پىشقان مېۋىلىك دەرەخكە ئايلاندى، ئاندىن اللہ تائالا ئۇنى ئوت قالايدىغان قۇرۇق ئوتۇن ھالىتىگە قايتۇردى. شۇنىڭغا ئوخشاش اللہ تائالا خالىغان نەرسىنى قىلغۇچىدۇر، ئىرادە قىلغان نەرسىنى يارىتىشقا قادىردۇر، اللہ تائالاغا ھېچ نەرسە توسالغۇ بولالمايدۇ.

قەتادە اللہ تائالانىڭ **﴿اللہ سىلەر ئۈچۈن يېشىل دەرەختىن ئوت پەيدا قىلدى. سىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئوت ياقىسىلەر﴾** دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېدى: بۇ يېشىل دەرەختىن بۇ ئوتنى چىقارغان زات اللہ تائالا ئىنسانىنى تىرىلدۈرۈشكە قادىردۇر. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئايەتتە كۆرسىتىلگەن دەرەخ ھىجاز زېمىنىدا ئۆسىدىغان مەرخ بىلەن ئەپار دېيىلىدىغان دەرەختۇر. ئوت قالاشقا كۆكگۈرتى يوق ئادەم ئۇ دەرەختىن ئىككى تال يېشىل شاخچىنى ئېلىپ بىر ـ بىرىگە سۈركىسە، ئۇ ئىككى شاخچىنىڭ ئارىسىدىن ئوت چىقىدۇ. ماقال ـ تەمسىلدە مۇنداق دەپ كەلگەن: ھەر دەرەختىن ئوت چىقىدۇ، مەرخ بىلەن ئەپارنىڭ ئوتى ھەممىدىن كۈچلۈكتۇر. دانىشمەنلەر: پەقەت يۈلغۇندىن باشقا ھەممە دەرەختىن ئوت چىقىدۇ، دەيدۇ.

* * * * * * *

أَوَلَيْسَ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ بِقَـٰدِرٍ عَلَىٰٓ أَن يَخْلُقَ مِثْلَهُم ۚ بَلَىٰ وَهُوَ ٱلْخَلَّـٰقُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٨١﴾ إِنَّمَآ أَمْرُهُۥٓ إِذَآ أَرَادَ شَيْـًٔا أَن يَقُولَ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ﴿٨٢﴾ فَسُبْحَـٰنَ ٱلَّذِى بِيَدِهِۦ مَلَكُوتُ كُلِّ شَىْءٍ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴿٨٣﴾

***ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زات ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى يارىتىشقا قادىر ئەمەسمۇ؟ ئۇ بۇنىڭغا قادىر، اللہ ماھىر ياراتقۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴿81﴾. اللہ بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «ۋۇجۇتقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ﴿82﴾. اللہ پاكتۇركى، ھەر بىر نەرسىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئۇنىڭ قولىدىدۇر، (ئۆلگەندىن كېيىن) ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴿83﴾.***

اللہ تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ يەتتە قات ئاسماننى يارىتىشتەك بۈيۈك قۇدرىتىدىن ئىنسانلارغا خەۋەر بېرىدۇ. اللہ تائالا ئاسماندا مۇقىم تۇرىدىغان ۋە ئايلىنىپ تۇرىدىغان يۇلتۇزلارنى ياراتتى، زېمىننىمۇ يەتتە قات قىلىپ ياراتتى. زېمىندا تاغلارنى، قۇملۇقلارنى، دېڭىزلارنى، چۆللەرنى ۋە ئۇنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ياراتتى. اللہ تائالا ئىنسانلارنى ئۆزىنىڭ بۇ بۈيۈك نەرسىلەرنى ياراتقانلىقى بىلەن ئۆلۈكلەرنى قايتا تىرىلدۈرەلەيدىغان قۇدرىتىگە دەلىل قىلىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىش ئەلۋەتتە ئىنسانلارنى يارىتىشتىن كۆپ قىيىندۇر﴾[1].

**﴿ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زات ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى﴾** يەنى ئىنسانلارنىڭ ئوخشىشىنى **﴿يارىتىشقا﴾** ئاندىن ئۇلارنى دەسلەپتە ياراتقاندەك قايتا تىرىلدۈرۈشكە **﴿قادىر ئەمەسمۇ؟﴾** بۇ ھەقتە اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى كۇففارلار) بىلمەمدۇكى،

[1] سۈرە غافىر 57 ـ ئايەت.

www.munber.org

ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان ۋە ئۇلارنى يارىتىشتا چارچاپ قالمىغان اللە ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ دۇرۇس، ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[1].

**﴿ئۇ بىرەر نەرسىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «ۋۇجۇتقا كەل» دەيدۇ - دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ﴾** يەنى اللە تائالا بىرەر نەرسىنى پەقەت بىرلا بۇيرۇق بىرىش بىلەنلا ۋۇجۇتقا چىقىرىدۇ، بۇيرۇقنى تەكرارلاش ۋە تەكىتلەشكە ھاجەت قالمايدۇ.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى بەندىلىرىم! پەقەت مەن گۇناھتىن سالامەت قىلغان كىشىدىن باشقا ھەممىڭلار گۇناھ قىلغۇچىدۇر. سىلەر مەندىن مەغپىرەت تىلەڭلار، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىمەن، پەقەت مەن باي قىلغان كىشىدىن باشقا ھەممىڭلار پېقىرسىلەر. مەن ھەقىقەتەن سېخىدۇرمەن، شەرەپ ۋە بايلىق ئىگىسىدۇرمەن، نېمىنى خالىسام شۇنى قىلىمەن، مېنىڭ كىشىلەرگە نەرسە بېرىشىمۇ ۋە ئۇلارنى جازالىشىمۇ بىرلا سۆز بىلەن بولۇپ، ئەگەر بىرەر نەرسىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىنى خالىسام ئۇنىڭغا "ۋۇجۇدقا كەل" دەيمەن - دە دەرھال ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ».

**﴿اللە پاكتۇركى، ھەر بىر نەرسىنىڭ ئىگىلىك ھوقوقى ئۇنىڭ قولىدىدۇر، (ئۆلگەندىن كېيىن) ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾** يەنى ھەممىشە تىرىك، ئاسمانلار ۋە زېمىننىڭ خەزىنىلىرى ئۆز ئىلكىدە بولغان زات اللە تائالا ھەرقانداق نۇقساندىن پاكتۇر. ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر. يامانلىقتىن ئادا - جۇدادۇر، پۈتۈن ئىش ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ. يارىتىش ۋە بۇيرۇش اللە تائالاغىلا خاستۇر. بەندىلەر قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ، ئاندىن اللە تائالا ھەر بىر ئادەمگە قىلغان ئەمەلىگە قارىتا جازا ۋە مۇكاپات بېرىدۇ. اللە تائالا ئادىلدۇر، بەندىلەرگە نېمەت بەرگۈچىدۇر ۋە رەھمەت قىلغۇچىدۇر. اللە تائالانىڭ: **﴿اللە پاكتۇركى، ھەر بىر نەرسىنىڭ ئىگىلىك ھوقوقى ئۇنىڭ قولىدىدۇر﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، «ھەممە شەيئىنىڭ پادىشاھلىقى كىمنىڭ قولىدا؟»﴾[2] ﴿(پۈتۈن ئاسمان - زېمىننىڭ) پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان اللە نىڭ بەرىكىتى بۇيۈكتۇر﴾[3].

شۇنىڭ بىلە سۇرە ياسىننىڭ تەپسىرى ئاخىرلاشتى، جىمى ھەمدۇ سانا ۋە مەدھىيە اللە تائالاغا خاستۇر!

---

[1] سۈرە ئەھقاف 33 - ئايەت.
[2] سۈرە مۆئمىنۇن 88 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.
[3] سۈرە مۇلك 1 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان — سۈرە سافقات — 182 ئايەت

## سۈرە سافقاتنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئىمام نەسەئى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى نامازنى يەڭگىل ئوقۇشقا بۇيرۇيتتى، ئۇ بىزگە ئىمام بولغاندا سۈرە سافقاتنى ئوقۇيتتى.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

وَٱلصَّٰٓفَّٰتِ صَفّٗا ﴿١﴾ فَٱلزَّٰجِرَٰتِ زَجۡرٗا ﴿٢﴾ فَٱلتَّٰلِيَٰتِ ذِكۡرًا ﴿٣﴾ إِنَّ إِلَٰهَكُمۡ لَوَٰحِدٞ ﴿٤﴾ رَّبُّ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَيۡنَهُمَا وَرَبُّ ٱلۡمَشَٰرِقِ ﴿٥﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ﷲ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***سەپ ـ سەپ بولۇپ تۇرغان، دۈشمەنلەرگە قارشى ئات سېلىپ تۇرغان، (ﷲ دىن مەدەت تىلەپ) كالامۇللانى تىلاۋەت قىلىپ تۇرغان (غازات قىلغۇچى) قوشۇن بىلەن قەسەمكى[1-3]. سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار شەك ـ شۈبھىسىز بىر ئىلاھتۇر[4]. (ئۇ) ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ۋە مەشرىقلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر[5].***

## ﷲ تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىگە پەرىشتىلەرنىڭ گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا

بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ﷲ نىڭ ئەمرىنى كۈتۈپ سەپ ـ سەپ بولۇپ تۇرغان پەرىشتىلەر بىلەن، بۇلۇتلارنى قوغلاپ زېمىنغا ھەيدىگۈچى پەرىشتىلەر بىلەن، ﷲ تائالانىڭ دەرگاھىدىن ئىنسانلارغا كىتابلارنى ۋە قۇرئاننى ئېلىپ كەلگۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم. بۇ ئايەتلەرنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مەسرۇق، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئىكرىمە، مۇجاھىد، سۇددى، قەتادە ۋە رەبىئى ئىبنى ئەنەس قاتارلىقلارمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش تەپسىر قىلدى. قەتادە: پەرىشتىلەر ئاسماندا ﷲ تائالانىڭ ئەمر پەرمانلىرىنى كۈتۈپ سەپ ـ سەپ بولۇپ تۇرغۇچىدۇر، دەپ كۆرسەتتى.

ئىمام مۇسلىم، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ باشقا ئۈممەتلەردىن مۇنداق ئۈچ ئىشتا ئارتۇقچىلىقى بار. ئۇلار: سەپلىرىمىز پەرىشتىلەرنىڭ سەپلىرىگە ئوخشاش قىلىندى. زېمىننىڭ ھەممىسى بىز ئۈچۈن ناماز ئوقۇشقا بولىدىغان مەسچىت قىلىندى. ئەگەر سۇ تاپالمىساق تەيەممۇم قىلىش ئۈچۈن، زېمىننىڭ توپىسى بىزگە پاك قىلىندى».

www.munber.org

ئىمام مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا سەپتە تۇرغاندەك سەپ بولۇپ تۇرمامسىلەر؟». ساھابىلەر: پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا قانداق سەپ بولۇپ تۇرىدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار ئالدىنقى سەپلەرنى تولۇق توشقۇزۇپ تۇرىدۇ ۋە يەنە سەپتە مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ، ئارىلىق قالدۇرماستىن تۇرىدۇ».

## ﷲ تائالانىڭ ھەقىقىي مەبۇد ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**﴿سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار شەك - شۈبھىسىز بىر ئىلاھتۇر. (ئۇ) ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ۋە مەشرىقلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر﴾** يەنى ﷲ تائالادىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر. ئۇ كائىناتنىڭ ئىگىسىدۇر. كائىناتتىكى شەرقتىن چىقىپ جىم تۇرغۇچى ۋە ئايلىنىپ تۇرغۇچى يۇلتۇزلارنى ئۆزى خالىغانچە بويسۇندۇرۇپ باشقۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر. ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە شەرق تەرەپلەرنى تىلغا ئېلىش بىلەنلا كۇپايىلەندى. چۈنكى، شەرق تەرەپلەرنى تىلغا ئېلىش غەرب تەرەپلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ﷲ تائالا ئۇنى تۆۋەندىكى ئايەتلەردە ئوچۇق بايان قىلغان: ﴿مەشرىقلارنىڭ ۋە مەغرىبلەرنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى، بىز ئەلۋەتتە قادىرمىز﴾[1] ﴿ئۇ ئىككى مەشرىق (يەنى كۈن بىلەن ئاينىڭ چىقىدىغان ئىككى جايى)نىڭ پەرۋەردىگارىدۇر ۋە ئىككى مەغرىب (يەنى كۈن بىلەن ئاينىڭ پاتىدىغان ئىككى جاي) نىڭ پەرۋەردىگارىدۇر﴾[2].

* * * * * * *

إِنَّا زَيَّنَّا ٱلسَّمَآءَ ٱلدُّنْيَا بِزِينَةٍ ٱلْكَوَاكِبِ ﴿٦﴾ وَحِفْظًا مِّن كُلِّ شَيْطَٰنٍ مَّارِدٍ ﴿٧﴾ لَّا يَسَّمَّعُونَ إِلَى ٱلْمَلَإِ ٱلْأَعْلَىٰ وَيُقْذَفُونَ مِن كُلِّ جَانِبٍ ﴿٨﴾ دُحُورًا ۖ وَلَهُمْ عَذَابٌ وَاصِبٌ ﴿٩﴾ إِلَّا مَنْ خَطِفَ ٱلْخَطْفَةَ فَأَتْبَعَهُۥ شِهَابٌ ثَاقِبٌ ﴿١٠﴾

***بىز ھەقىقەتەن يېقىن ئاسماننى يۇلتۇزلار (نۇرى) بىلەن زىننەتلىدۇق﴿6﴾. ﷲ نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچى ھەر بىر شەيتاندىن ئۇنى قوغدىدۇق﴿7﴾. ئۇلار پەرىشتىلەرنىڭ (سۆزلىرىدىن ھېچ نەرسىنى) ئاڭلىيالمايدۇ، ئۇلار، قوغلىنىشى ئۈچۈن، ھەر تەرەپتىن، ئاققۇچى يۇلتۇزلار بىلەن ئېتىلىدۇ، ئۇلار (ئاخىرەتتە) دائىملىق ئازابقا قالىدۇ﴿8-9﴾. لېكىن (ئاسمان خەۋەرلىرىدىن) ئوغرىلىقچە بىر نەرسە ئاڭلىغان شەيتاننى يورۇق يۇلتۇز قوغلاپ (كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ)﴿10﴾.***

## ﷲ تائالانىڭ ئاسماننى زىننەتلىشى ۋە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىشى توغرىسىدا

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە زېمىن ئەھلىدىن ئاسمانغا قارىغۇچىلار ئۈچۈن دۇنيا ئاسمىنىنى **﴿يۇلتۇزلار (نۇرى) بىلەن زىننەتلىدۇق﴾** دەپ خەۋەر قىلىدۇ. ئاسماندىكى سەييارە ۋە تۇرغۇن يۇلتۇزلار زېمىن ئەھلى ئۈچۈن يورۇقلۇق بېرىدۇ.

---

[1] سۈرە مەئارىج 40 - ئايەت.
[2] سۈرە رەھمان 17 - ئايەت.

www.munber.org

بۇ ھەقتە اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(بىزگە بارلىق ئاسمانلاردىن) ئەڭ يېقىن ئاسماننى چىراقلار (يەنى يورۇق يۇلتۇزلار) بىلەن بېزىدۇق ۋە ئۇلارنى (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغۇرلىقچە تىڭشاشقا ئۇرۇنغان) شەيتانلارنى ئاتىدىغان نەرسە قىلدۇق (يەنى شەيتانلار يۇلتۇزلاردىن چىققان شولا بىلەن ئېتىلىدۇ)، شەيتانلارغا (ئاخىرەتتە) دوزاخ ئازابىنى تەييارلىدۇق﴾[1] ﴿بىز ئاسماندا بۇرۇجلارنى ياراتتۇق ۋە كۆزەتكۈچىلەر ئۈچۈن ئاسماننى (يۇلتۇزلار بىلەن) بېزىدۇق. ھەر بىر قوغلاندى شەيتاندىن ئاسماننى قوغدىدۇق. لېكىن (ئاسمان خەۋەرلىرىگە) ئوغرىلىقچە قۇلاق سالماقچى بولغان شەيتاننى روشەن ئاقار يۇلتۇز قوغلاپ يېتىدۇ (يەنى ھالاك قىلىدۇ)﴾[2].

﴿اللہ نىڭ ئىتائەتىدىن چىققۇچى ھەر بىر شەيتاندىن ئۇنى قوغدىدۇق﴾ يەنى ئەگەر ھەددىدىن ئاشقۇچى شەيتان پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئوغرىلىقچە قۇلاق سالماقچى بولسا، يورۇق يۇلتۇز كېلىدۇ ـ دە، ئۇنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ.

﴿ئۇلار پەرىشتىلەرنىڭ (سۆزلىرىدىن ھېچ نەرسىنى) ئاڭلىيالمايدۇ﴾ يەنى پەرىشتىلەر شەرىئەت ۋە ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە اللہ تائالانىڭ ۋەھيي قىلغان نەرسىلىرى ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتقان چاغدا، شەيتانلار پەرىشتىلەر تۇرغان ئاسمانلارغا يېقىنلىشالمايدۇ. اللہ تائالانىڭ: ﴿پەرىشتىلەرنىڭ دىللىرىدىن قورقۇنچ كۆتۈرۈلگەندە، ئۇلار ئاندىن (بەزىسى بەزىسىگە): «پەرۋەردىگارىڭلار نېمە دېدى؟» دەيدۇ. ئۇلار (جاۋابەن): ھەقنى (دېدى) دەيدۇ. اللہ تائالا يۈكسەكتۇر، كاتتىدۇر﴾[3] دېگەن ئايىتىنىڭ تەپسىرىدە كەلتۈرۈلگەن ھەدىسلەردە بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتۈلدى.

﴿ئۇلار، قوغلىنىشى ئۈچۈن، ھەر تەرەپتىن، ئاققۇچى يۇلتۇزلار بىلەن ئېتىلىدۇ﴾ يەنى ئۇلار ئاسمانغا يېقىنلاشقاندا ھەر تەرەپتىن قوغلىنىپ ھەيدىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاسمانغا يېتىۋېلىشى كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلار تەرىپىدىن توسۇلىدۇ ۋە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ﴿ئۇلار (ئاخىرەتتە) دائىملىق ئازابقا قالىدۇ﴾. بۇ ھەقتە اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەيتانلارغا (ئاخىرەتتە) دوزاخ ئازابىنى تەييارلىدۇق﴾[4].

﴿لېكىن (ئاسمان خەۋەرلىرىدىن) ئوغرىلىقچە بىر نەرسە ئاڭلىغان شەيتاننى يورۇق يۇلتۇز قوغلاپ (كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ)﴾ يەنى شەيتان ئاسماندىن ئوغرىلىقچە سۆز ئاڭلايدۇ، ئاندىن ئۇنى ئۆزىنىڭ پەس تەرىپىدە تۇرغان شەيتانغا يەتكۈزىدۇ، ئۇ شەيتان ئاستىدىكى يەنە بىر شەيتانغا يەتكۈزىدۇ. شەيتان ئۇ سۆزنى يەنە بىر شەيتانغا يەتكۈزۈشتىن ئىلگىرى يورۇق يۇلتۇز ئۇنى كۆيدۈرۈپ تاشلىشى ياكى يورۇق يۇلتۇز ئۇنىڭغا يېتىشۋېلىپ ئۇنى كۆيدۈرۈپ تاشلاشتىن ئىلگىرى، اللہ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن، شەيتان ئۇ سۆزنى باشقا بىر شەيتانغا يەتكۈزۈپ بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئاندىن ئۇ شەيتان ئۇ سۆزنى كاھىنغا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ھەقتە ئىلگىرى ئۆتكەن ھەدىستە تەپسىلىي توختالغان ئىدۇق.

ئىبنى جەرىر، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇرئان نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى ئاسماندا شەيتانلارنىڭ ئورۇنلىرى بار ئىدى، ئۇلار ۋەھيىنى ئاڭلايتتى. يۇلتۇزلار بولسا ئاقمايتتى. شەيتانلارمۇ ئېتىلمايتتى. ئۇلار ۋەھيىنى ئاڭلىسا زېمىنغا چۈشەتتى ـ دە، بىر سۆزگە توققۇز يالغاننى قوشاتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەندىن كېيىن ئەگەر شەيتان ئاسماندىكى ئورنىغا قاراپ ماڭسا، يۇلتۇز خاتالاشماستىن كېلىپ ئۇنى سوقۇپ، كۆيدۈرۈپ تاشلايتتى. ئاندىن شەيتانلار بۇنى لەنەتى ئىبلىسقا شىكايەت قىلدى. ئىبلىس: چوقۇم بىر ئىش يۈز بېرىپتۇ،

---

(1) سۈرە مۇلك 5 ـ ئايەت.
(2) سۈرە ھىجر 16 ـــ 18 ـ ئايەتكىچە.
(3) سۈرە سەبەئ 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) سۈرە مۇلك 5 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

www.munber.org

دېدى ۋە ئېنىقلاش ئۈچۈن قوشۇننى تەرەپ ـ تەرەپكە ئەۋەتتى. شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خورمىزارلىق ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتاتتى. ئۇلار ئىبلىسنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ ئۇنىڭغا بۇ ئەھۋالنى يەتكۈزدى، ئىبلىس: مانا بۇ يېڭىدىن يۈز بەرگەن ئىشتۇر، دېدى.

* * * * * * *

فَٱسْتَفْتِهِمْ أَهُمْ أَشَدُّ خَلْقًا أَم مَّنْ خَلَقْنَآ ۚ إِنَّا خَلَقْنَـٰهُم مِّن طِينٍ لَّازِبٍۭ ﴿١١﴾ بَلْ عَجِبْتَ
وَيَسْخَرُونَ ﴿١٢﴾ وَإِذَا ذُكِّرُوا۟ لَا يَذْكُرُونَ ﴿١٣﴾ وَإِذَا رَأَوْا۟ ءَايَةً يَسْتَسْخِرُونَ ﴿١٤﴾ وَقَالُوٓا۟ إِنْ هَـٰذَآ إِلَّا سِحْرٌ
مُّبِينٌ ﴿١٥﴾ أَءِذَا مِتْنَا وَكُنَّا تُرَابًا وَعِظَـٰمًا أَءِنَّا لَمَبْعُوثُونَ ﴿١٦﴾ أَوَءَابَآؤُنَا ٱلْأَوَّلُونَ ﴿١٧﴾ قُلْ نَعَمْ وَأَنتُمْ
دَٰخِرُونَ ﴿١٨﴾ فَإِنَّمَا هِىَ زَجْرَةٌ وَٰحِدَةٌ فَإِذَا هُمْ يَنظُرُونَ ﴿١٩﴾

*ئۇلاردىن (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلاردىن) سوراپ باققىن! ئۇلارنى يارىتىش قىيىنمۇ؟ يا بىزنىڭ ياراتقانلىرىمىز (يەنى ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرىشتىلەر ۋە چوڭ مەخلۇقاتلار)نى يارىتىش قىيىنمۇ؟ بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەسلى بولغان ئادەمنى) يېپىشقاق لايدىن ياراتتۇق﴿11﴾. (ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ اللہ نىڭ قۇدرىتىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغانلىقىدىن بەلكى ئەجەبلىنەرسەن. ئۇلار بولسا سېنى مەسخىرە قىلىشىدۇ﴿12﴾. ئۇلارغا (قۇرئان بىلەن) ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنسا (ۋەز ـ نەسىھەتنى) قوبۇل قىلمايدۇ﴿13﴾. ئۇلار بىرەر مۆجىزىنى كۆرسە مەسخىرە قىلىشىدۇ﴿14﴾. ئۇلار: «بۇ روشەن سېھىردۇر، بىز ئۆلۈپ تۇپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغاندىن كېيىن راستلا تىرىلەمدۇق؟ بىزنىڭ بۇرۇنقى ئاتىلىرىمىزمۇ تىرىلەمدۇ؟» دەيدۇ﴿15 ـ 17﴾. ئېيتقىنكى، «ھەئە، سىلەر خار ھالدا تىرىلىسىلەر»﴿18﴾. بىر ئاۋازنى (يەنى ئىسراپىلنىڭ چالغان سۈرىنى) ئاڭلاش بىلەنلا (مەھشەرگاھقا) ھازىر بولۇپ (ئۆزلىرىگە نېمە قىلىنىدىغانلىقىغا) قارىشىپ تۇرىدۇ﴿19﴾.*

## ئۆلگەندىن كېيىنكى ھاياتلىقنى ئىسپاتلاش توغرىسىدا

اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (ئى مۇھەممەد!) ئەنە شۇ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلاردىن سوراپ باققىن، ئۇلارنى يارىتىش قىيىنمۇ؟ ياكى ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرىشتىلەر، شەيتانلار ۋە بۈيۈك مەخلۇقاتلارنى يارىتىش قىيىنمۇ؟ ئۇلار ھەقىقەتەن بۇ مەخلۇقاتلارنى يارىتىشنىڭ ئۆزلىرىنى يارىتىشتىن قىيىن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ. ئەگەر ئىش شۇنداق بولسا، ئۇلار نېمىشقا ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرى ئىنكار قىلغان نەرسىلەردىن چوڭ نەرسىلەرنىڭ يارىتىلغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىغۇ؟ اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىش ئەلۋەتتە ئىنسانلارنى يارىتىشتىن كۆپ قىيىندۇر ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (بۇنى) ئۇقمايدۇ﴾[1].

ئاندىن اللہ تائالا ئۇلارنىڭ ئاجىز نەرسىدىن يارىتىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەسلى بولغان ئادەمنى)**﴾ ئوبدان ئارىلاشتۇرۇلغان ﴿**يېپىشقاق لايدىن**

---

[1] سۈرە غافىر 57 ـ ئايەت.

www.munber.org

ياراتتۇق﴾ ئى مۇھەممەد! ئۇلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغانلىقىدىن سەن ﴿بەلكى ئەجەپلىنەرسەن﴾ سەن بولساڭ اﷲ تائالا خەۋەر قىلغان ئاجايىپ بىر ئىشقا يەنى ئۆلۈكلەرنى چىرىپ تۈگىگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرۈشكە ئىشەنگۈچىسەن ۋە تەستىق قىلغۇچىسەن. ئۇلار بولسا بۇنى قاتتىق ئىنكار قىلغانلىقتىن ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. ئۇ توغرۇلۇق ئۇلارغا سۆزلىسەڭ ﴿ئۇلار بولسا سېنى مەسخىرە قىلىشىدۇ﴾.

قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئەجەپلەندى، ئادەم باللىرىنىڭ ئازغۇنلىرى بولسا ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى دېگەنلىكتۇر، دېدى.

﴿ئۇلار﴾ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئوچۇق كۆرسىتىدىغان ﴿بىرەر مۆجىزىنى كۆرسە مەسخىرە قىلىشىدۇ. ئۇلار﴾ سەن ئېلىپ كەلگەن ﴿بۇ﴾ مۆجىزە ﴿«روشەن سېھىردۇر، بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغاندىن كېيىن راستلا تىرىلەمدۇق؟ بىزنىڭ بۇرۇنقى ئاتىلىرىمىزمۇ تىرىلەمدۇ؟» دەيدۇ﴾ يەنى ئۇلار قايتا تىرىلىشنى يىراق ساناپ، ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ. ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا: ﴿ئېيتقىنكى، ھەئە، سىلەر﴾ توپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغاندىن كېيىن قىيامەت كۈنى بۈيۈك قۇدرەت ئاستىدا ﴿خار ھالدا تىرىلىسىلەر﴾.

اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەممە اﷲ غا بويسۇنغان ھالدا كېلىدۇ﴾[1] ﴿شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق بىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ﴾[2].

﴿بىر ئاۋازنى (يەنى ئىسرافىلنىڭ چالغان سۈرىنى) ئاڭلاش بىلەنلا (مەھشەرگاھقا) ھازىر بولۇپ (ئۆزلىرىگە نېمە قىلىنىدىغانلىقىغا) قارىشىپ تۇرىدۇ﴾ يەنى غالىب ۋە بۈيۈك اﷲ تەرىپىدىن بىرلا بۇيرۇق بېرىلىپ، ئۇلارنى قەبرىلىرىدىن چىقىشقا چاقىرىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ناگاھان ئۇلار اﷲ تائالانىڭ دەرگاھىغا ھازىر بولۇپ، قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشەتلىك ئەھۋاللىرىغا قارىشىپ تۇرىدۇ.

* * * * * * *

وَقَالُوا۟ يَـٰوَيْلَنَا هَـٰذَا يَوْمُ ٱلدِّينِ (30) هَـٰذَا يَوْمُ ٱلْفَصْلِ ٱلَّذِى كُنتُم بِهِۦ تُكَذِّبُونَ (31) ۞
ٱحْشُرُوا۟ ٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ وَأَزْوَٰجَهُمْ وَمَا كَانُوا۟ يَعْبُدُونَ (22) مِن دُونِ ٱللَّهِ فَٱهْدُوهُمْ إِلَىٰ صِرَٰطِ ٱلْجَحِيمِ
(23) وَقِفُوهُمْ ۖ إِنَّهُم مَّسْـُٔولُونَ (24) مَا لَكُمْ لَا تَنَاصَرُونَ (25) بَلْ هُمُ ٱلْيَوْمَ مُسْتَسْلِمُونَ (26)

*ئۇلار: «ۋاي ئىسىت! بىزگە بۇ قىيامەت كۈنىدۇر» دەيدۇ﴿20﴾. بۇ سىلەر ئىنكار قىلغان (ھەق بىلەن باتىل) ئايرىلىدىغان كۈندۇر﴿21﴾. (اﷲ پەرىشتىلىرىگە ئېيتىدۇ) زۇلۇم قىلغۇچىلارنى، ئۇلارنىڭ (مۇشرىكلىكتىكى، كۇفرىدىكى) قاياشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ اﷲ نى قويۇپ چوقۇنغان بۇتلىرىنى (مەھشەرگاھقا) توپلاڭلار، ئاندىن ئۇلارنى دوزاخنىڭ يولىغا باشلاڭلار﴿22 - 23﴾. ئۇلارنى توختىتىپ تۇرۇڭلار، چۈنكى، ئۇلار (جىمى سۆزلىرى ۋە ئىشلىرىدىن) سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ﴿24﴾. (ئاندىن) ئۇلارغا: «نېمىشقا (دۇنيادىكى ھالىتىڭلارغا ئوخشاش) بىر ـ بىرىڭلارغا ياردەم قىلمايسىلەر؟» (دېيىلىدۇ)﴿25﴾. بەلكى ئۇلار بۈگۈن بويسۇنغۇچىلاردۇر﴿26﴾.*

## قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشەتلىرى توغرىسىدا

(1) سۈرە نەمل 87 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.
(2) سۈرە غافىر 60 ـ ئايەت.

www.munber.org

اللە تائالا بۇ ئايەتتە كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈنىدە قىلىشىدىغان سۆزلىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئۇلار ئۇ كۈندە ئۆزلىرىگە مالامەت قىلىشىدۇ، دۇنيادىكى چاغلىرىدا ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلغانلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ، ئۇلار قىيامەتنىڭ دەھشەتلىك ئەھۋالىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن چاغدا قاتتىق پۇشايمان قىلىشىدۇ. ئەپسۇسكى ئۇ پۇشايمان ئۇلارغا قىلچە پايدا بەرمەيدۇ، ﴿**ئۇلار: «ۋاي ئىستت! بىزگە بۇ قىيامەت كۈنىدۇر» دەيدۇ**﴾ ئاندىن پەرىشتىلەر ۋە مۆمىنلەر: ﴿**بۇ سىلەر ئىنكار قىلغان (ھەق بىلەن باتىل) ئايرىلىدىغان كۈندۇر**﴾ دەيدۇ. بۇ سۆز ئۇلارغا تاپا ـ تەنە ۋە مالامەت قىلىش يۈزىسىدىن ئېيتىلىدۇ.

مەھشەرگاھ مەيدانىدا اللە تائالا پەرىشتىلەرنى مۆمىنلەردىن كاپىرلارنى ئايرىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(اللە پەرىشتىلىرىگە ئېيتىدۇ) زۇلۇم قىلغۇچىلارنى، ئۇلارنىڭ (مۇشرىكلىكتىكى، كۇفرىدىكى) قاياشلىرىنى**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ دوستلىرىنى ﴿**ۋە ئۇلارنىڭ اللە نى قويۇپ چوقۇنغان بۇتلىرىنى (مەھشەرگاھقا) توپلاڭلار، ئاندىن ئۇلارنى دوزاخنىڭ يولىغا باشلاڭلار**﴾ يەنى ئۇلارغا ئوخشاشلارنى، ئۇلارنىڭ اللە تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىنى ۋە چوقۇنغان بۇتلىرىنى ئۇلار بىلەن قوشۇپ ئۇلارنى توپلىغان مەيدانغا توپلاڭلار، ئاندىن ئۇلارنى جەھەننەمنىڭ يولىغا باشلاڭلار.

نوئمان بۇ ئايەت ھەققىدە ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قىيامەت كۈنى زىنا قىلغۇچىلار زىنا قىلغۇچىلار بىلەن، جازانە يېگۈچىلەر جازانە يېگۈچىلەر بىلەن، ھاراق ئىچكۈچىلەر ھاراق ئىچكۈچىلەر بىلەن بىرگە ئېلىپ كېلىنىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قىيامەت كۈنى ئۇلارنى دۈم ياتقۇزۇپ (سۆرەلگەن) كور، گاچا، گاس ھالدا يىغىمىز، ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ، (جەھەننەمنىڭ) ئوتى پەسلەپ قالسا، ئۇلارغا (ئوتنى) تېخىمۇ يالقۇنجىتىمىز﴾[1].

﴿**ئۇلارنى توختىتىپ تۇرۇڭلار، چۈنكى، ئۇلار**﴾ دۇنيادىكى چاغلىرىدا قىلغان بارلىق ئىشلىرى ۋە سۆزلىرىدىن ﴿**سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئۇلارنى توسۇپ تۇرۇڭلار. چۈنكى، ئۇلار بارلىق قىلمىشلىرىدىن ھېسابقا تارتىلىدۇ. ئوسمان ئىبنى زائىد مۇنداق دەيدۇ: شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىنسان ئەڭ بۇرۇن ئۆزى بىلەن ئولتۇرۇپ ـ قوپقان ئەڭ يېقىن كىشىلىرى توغرىسىدا سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ.

ئاندىن تاپا ـ تەنە ۋە مالامەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا مۇنداق دېيىلىدۇ: ﴿**نېمىشقا**﴾ سىلەر ھەممىڭلار يادەمگە ئېرىشىمىز دەپ ئويلىغىنىڭلاردەك ﴿**بىر ـ بىرىڭلارغا ياردەم قىلمايسىلەر؟» بەلكى ئۇلار بۈگۈن بويسۇنغۇچىلاردۇر**﴾ يەنى اللە تائالانىڭ ئەمرىگە باش ئەككۈچىلەردۇر، ئۇلار بۇ كۈندە اللە تائالاغا قارشىلىق قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ ئەمرىدىن قېچىپمۇ قۇتۇلالمايدۇ.

* * * * * * *

وَأَقْبَلَ بَعْضُهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ يَتَسَآءَلُونَ ﴿٢٧﴾ قَالُوٓاْ إِنَّكُمْ كُنتُمْ تَأْتُونَنَا عَنِ ٱلْيَمِينِ ﴿٢٨﴾ قَالُواْ بَل
لَّمْ تَكُونُواْ مُؤْمِنِينَ ﴿٢٩﴾ وَمَا كَانَ لَنَا عَلَيْكُم مِّن سُلْطَٰنٍۭ ۖ بَلْ كُنتُمْ قَوْمًا طَٰغِينَ ﴿٣٠﴾ فَحَقَّ عَلَيْنَا قَوْلُ
رَبِّنَآ ۖ إِنَّا لَذَآئِقُونَ ﴿٣١﴾ فَأَغْوَيْنَٰكُمْ إِنَّا كُنَّا غَٰوِينَ ﴿٣٢﴾ فَإِنَّهُمْ يَوْمَئِذٍ فِى ٱلْعَذَابِ مُشْتَرِكُونَ ﴿٣٣﴾ إِنَّا

[1] سۈرە ئىسرا 97 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

www.munber.org

كَذَٰلِكَ نَفْعَلُ بِٱلْمُجْرِمِينَ ﴿٣٤﴾ إِنَّهُمْ كَانُوٓاْ إِذَا قِيلَ لَهُمْ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا ٱللَّهُ يَسْتَكْبِرُونَ ﴿٣٥﴾ وَيَقُولُونَ أَئِنَّا لَتَارِكُوٓاْ ءَالِهَتِنَا لِشَاعِرٍ مَّجْنُونٍ ﴿٣٦﴾ بَلْ جَآءَ بِٱلْحَقِّ وَصَدَّقَ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿٣٧﴾

*ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ مۇنازىرىلىشىدۇ﴿27﴾. ئەگەشكۈچىلەر ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە: «سىلەر (سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىغا) قەسەم ئىچىپ بىزنى ئىماندىن توسۇيتتۇڭلار» دەيدۇ﴿28﴾. (ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئەگەشكۈچىلەرگە) ئېيتىدۇ: «سىلەر (ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن) مۆمىن بولمىدىڭلار﴿29﴾. بىزنىڭ سىلەرنى (بىزگە ئەگىشىشكە) زورلايدىغان كۈچىمىز يوق ئىدى، بەلكى سىلەر (بىزگە ئوخشاش) ئازغان قەۋم ئىدىڭلار﴿30﴾. پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بىزنى (جازالاش) سۆزى بىزگە تېگىشلىك بولدى. بىز ھەقىقەتەن (شۇ سۆز بويىچە ئازابنى) چوقۇم تېتىغۇچىمىز﴿31﴾. سىلەرنى بىز ئازدۇردۇق، چۈنكى، بىز ھەقىقەتەن ئازغان ئىدۇق»﴿32﴾. ئۇلار (يەنى ئەگەشتۈرگۈچىلەر بىلەن ئەگەشكۈچىلەر) بۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئازابتا ئورتاقتۇر﴿33﴾. بىز ھەقىقەتەن گۇناھكارلارغا مۇشۇنداق قىلىمىز، (يەنى ئەگەشتۈرگۈچىلەر بىلەن ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئازاب قىلىمىز)﴿34﴾. ئۇلار ھەقىقەتەن مۇشۇنداق ئىدىكى، ئۇلارغا: «بىر اللە دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق» (دەڭلار) دېيىلسە، (كەلىمە تەۋھىدتىن) تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتاتتى﴿35﴾. ئۇلار: «ئىلاھلىرىمىزنى ھەقىقەتەن بىر مەجنۇن شائىر ئۈچۈن (يەنى ئۇنىڭ سۆزى ئۈچۈن) تاشلىۋېتەمدۇق؟» دەيتتى﴿36﴾. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئىش ئۇلارنىڭ بوھتان قىلغىنىدەك ئەمەس)، ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ھەق (دىن) نى ئېلىپ كەلدى ۋە پەيغەمبەرلەرنى تەستىق قىلدى﴿37﴾.*

## مۇشرىكلارنىڭ قىيامەت كۈنى بىر- بىرى بىلەن خۇسۇمەت قىلىشىدىغانلىقى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە قىيامەت مەيدانىدا كاپىرلارنىڭ ئۆزئارا مالامەت قىلىشىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ دوزاخنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە بىر - بىرى بىلەن جېدەللىشىدىغانلىقى ھەققىدىمۇ مۇنداق دېيىلگەن: ﴿ئاجىز (ئەگەشكۈچىلەر) ھاكاۋۇر (ئەگەشتۈرگۈچىلەر) گە: «شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرگە ئەگەشكەن ئىدۇق، بىزدىن دوزاخ ئازابىدىن بىر قىسمىنى ئېلىپ تاشلىيالامسىلەر؟» دەيدۇ ، ھاكاۋۇر (ئەگەشتۈرگۈچىلەر): «شۈبھىسىزكى، بىز ھەممىمىز دوزاختادۇرمىز، اللە ھەقىقەتەن بەندىلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقاردى» دەيدۇ﴾[1] ﴿ئەگەر زالىملارنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا توختىتىپ قويۇلغان چاغدا بەزىسى بەزىسى بىلەن جېدەللىشىۋاتقاندا كۆرسەڭ ئىدىڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالنى كۆرەتتىڭ)، بوزەك قىلىنغانلار چوڭچىلىق قىلغانلارغا: «ئەگەر سىلەر بولمىساڭلار بىز چوقۇم ئىمان ئېيتاتتۇق» دەيدۇ. چوڭچىلىق قىلغانلار بوزەك قىلىنغانلارغا: «سىلەرگە ھىدايەت كەلگەندىن كېيىن بىز سىلەرنى ئۇنىڭدىن توستۇقمۇ؟ ھەرگىز توسمىدۇق، سىلەر ئۆزەڭلار گۇناھ قىلغۇچى بولدۇڭلار» دەيدۇ. بوزەك قىلىنغانلار چوڭچىلىق قىلغانلارغا: «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، (سىلەرنىڭ بىزگە) كېچە - كۈندۈز قىلغان ھىيلە - مىكرىڭلار (بىزنى ئىماندىن توستى)، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىزنى اللە نى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيتتۇڭلار» دەيدۇ. ئازابنى كۆرگەن چاغدا،

[1] سۈرە غافىر 47 – 48 - ئايەتلەر.

www.munber.org

ئۇلار (ھەر ئىككى گۇرۇھ ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرىغا) ئىچىدە پۇشايمان قىلىدۇ، كاپىرلارنىڭ بويۇنلىرىغا تاقاقلارنى سالىمىز، ئۇلارغا پەقەت قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ﴾[1].

بۇ يەردىمۇ ئەگەشكۈچىلەر ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە: ﴿«**سىلەر (سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىغا) قەسەم ئىچىپ بىزنى ئىماندىن توسۇيتتۇڭلار**»﴾ دەيدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس: ئۇلار ھەققە ئەگەشمەسلىكىمىز ئۈچۈن سىلەر بىزگە كۈچ بىلەن بېسىم ئىشلىتەتتىڭلار، چۈنكى، بىز ئاجىز ئىدۇق، سىلەر كۈچلۈك ئىدىڭلار دەيدۇ، دېدى.

قەتادە مۇنداق دېدى: ئىنسانلار جىنلارغا: سىلەر بىزگە ياخشىلىق تەرەپتىن كېلەتتىڭلار، ئاندىن بىزنى ياخشىلىقتىن توسايتتىڭلار ۋە بىزنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇراتتىڭلار دەيدۇ. سۇددى مۇنداق دېدى: ئۇلار، سىلەر بىزگە ھەق تەرەپتىن كېلەتتىڭلار - دە، باتىلنى چىرايلىق كۆرسىتىپ بىزنى ھەقتىن توستتىڭلار دەيدۇ، دېدى.

ئىبنى زەيد ئۇنىڭ مەنىسى: بىز بىلەن ياخشىلىقنىڭ ئارىسىنى توسۇيتتۇڭلار، بىزنى ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن، ئىمان ئېيتىشتىن ۋە بىز قىلىشقا بۇيرۇلغان ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىن قايتۇراتتىڭلار دېگەنلىكتۇر، دېدى. يەزىد رىشك مۇنداق دېدى: ئۇلار سىلەر بىزنى اللّٰه تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ بەرھەق يوق دېگەن سۆزنى قىلىشتىن توسۇيتتۇڭلار دەيدۇ، دېدى.

﴿**(ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئەگەشكۈچىلەرگە) ئېيتىدۇ: «سىلەر (ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن) مۆمىن بولمىدىڭلار**﴾ يەنى جىنلار ۋە ئىنسانلارنىڭ باشلىقلىرى ئەگەشكۈچىلەرگە: ئىش ھەرگىز سىلەر ئويلىغاندەك ئەمەس، بەلكى ئۆزەڭلارنىڭ دىللىرى ئىماننى ئىنكار قىلاتتى، كۇفرىلىق ۋە ئاسىيلىقنى قوبۇل قىلاتتى. ﴿**بىزنىڭ سىلەرنى (بىزگە ئەگىشىشكە) زورلايدىغان كۈچىمىز يوق ئىدى**﴾ يەنى بىزنىڭ سىلەرنى ئەگىشىشكە چاقىرغان نەرسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە سىلەرنى قايىل قىلىشقا بىزنىڭ دەلىل - پاكىتىمىز يوق ئىدى.

﴿**بەلكى سىلەر (بىزگە ئوخشاش) ئازغان قەۋم ئىدىڭلار**﴾ يەنى ئۆز ئىچىڭلاردا ئازغۇنلۇق ۋە ھەققە تاجاۋۇز قىلىش ئىشلىرى بار ئىدى، شۇڭا سىلەر بىزنىڭ باتىل سۆزلىرىمىزنى قوبۇل قىلىپ پەيغەمبەرلەر سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن ھەقنى تاشلىدىڭلار. پەيغەمبەرلەر بولسا ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن نەرسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ سىلەرگە پاكىت كۆرسەتتى، بىراق سىلەر ئۇلارغا قارشىلىق قىلدىڭلار، دەيدۇ.

چوڭچىلىق قىلغانلار ئاجىزلارغا يەنە: ﴿**پەرۋەردىگارىمىزنىڭ**﴾ يەنى اللّٰه تائالانىڭ قىيامەت كۈنى ھەقىقەتەن ئازابنى تېتىغۇچى، بەختسىز ئىكەنلىكىمىزدىن ئىبارەت ﴿**سۆزى بىزگە تېگىشلىك بولدى. بىز ھەقىقەتەن (شۇ سۆز بويىچە ئازابنى) چوقۇم تېتىغۇچىمىز. سىلەرنى بىز ئازدۇردۇق**﴾ يەنى سىلەرنى گۇمراھلىققا بىز چاقىردۇق ﴿**چۈنكى، بىز ھەقىقەتەن ئازغان ئىدۇق**﴾ يەنى سىلەرنى بىز ئۆزىمىز مېڭىۋاتقان ئازغۇنلۇققا چاقىرساق سىلەر بىزنىڭ دەۋىتىمىزنى قوبۇل قىلدىڭلار، دەيدۇ.

﴿**ئۇلار (يەنى ئەگەشتۈرگۈچىلەر بىلەن ئەگەشكۈچىلەر) بۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئازابتا**﴾ يەنى دوزاختا ھەر بىر ئادەم ئەمەلىگە يارىشا ﴿**ئورتاقتۇر، بىز ھەقىقەتەن گۇناھكارلارغا مۇشۇنداق قىلىمىز، (يەنى ئەگەشتۈرگۈچىلەر بىلەن ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئازاب قىلىمىز) ئۇلار**﴾ دۇنيادىكى چاغلىرىدا ﴿**ھەقىقەتەن مۇشۇنداق ئىدىكى، ئۇلارغا: «بىر اللّٰه دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق» (دەڭلار) دېيىلسە**﴾ كەلىمە تەۋھىدنى مۆمىنلەر دېگەندەك دېيىشتىن ﴿**تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتاتتى**﴾.

[1] سۈرە سەبەئ 31 – 33 - ئايەتكىچە.

www.munber.org

ئىبنى ئەبۇھاتەم ، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن كىشىلەر بىر اللّٰه تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق دەپ كەلىمە تەۋھىدنى ئېيتقۇچە ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. كىمكى بىر اللّٰه تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق دەپ كەلىمە تەۋھىدنى ئېيتسا، مەندىن ھەقىقەتەن مېلىنى ۋە جېنىنى ساقلاپ قالىدۇ. پەقەت كەلىمە تەۋھىدنىڭ (قانونىي بويىچە جازاغا تارتىلىپ قالسا) ساقلاپ قالالمايدۇ ئۇنىڭ ھېسابى اللّٰه تائالاغىدۇر».

اللّٰه تائالا قۇرئان كەرىمدە ئايەت نازىل قىلغان ئايىتىدە چوڭچىلىق قىلغان قەۋمنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار﴾ دۇنيادىكى چاغلىرىدا ﴿ھەقىقەتەن مۇشۇنداق ئىدىكى، ئۇلارغا: «بىر اللّٰه دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق» (دەگىلار) دېيىلسە﴾ كەلىمە تەۋھىدنى مۆمىنلەر دېگەندەك دېيىشتىن ﴿تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتاتتى﴾.

﴿ئۇلار: «ئىلاھلىرىمىزنى ھەقىقەتەن بىر مەجنۇن شائىر ئۈچۈن﴾ يەنى ئىلاھلىرىمىزغا ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىلاھلىرىغا ئىبادەت قىلىشنى مۇشۇ مەجنۇن شائىر مۇھەممەدنىڭ سۆزى ئۈچۈن ﴿تاشلىۋېتەمدۇق؟» دەيتتى﴾.

اللّٰه تائالا ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئىنكار قىلىپ ۋە ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئىش ئۇلارنىڭ بوھتان قىلغىنىدەك ئەمەس)، ئۇ﴾ يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللّٰه تائالانىڭ بارلىق شەرىئىتىدىكى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلىنغان ۋە ئۇنىڭ يەتكۈزۈلىشى تەلەپ قىلىنغان ﴿ھەق (دىن) نى ئېلىپ كەلدى ۋە پەيغەمبەرلەرنى تەستىق قىلدى﴾ يەنى اللّٰه تائالا توغرۇلۇق پەيغەمبەرلەر خەۋەر قىلغان، مەدھىيىگە لايىق سۈپەتلەرنى ۋە توغرا، روشەن يوللارنى تەستىقلىدى. اللّٰه تائالانىڭ شەرىئىتىنى ۋە ئەمر ـ پەرمانىنى ئىنسانلارغا خۇددى ئۇ پەيغەمبەرلەر يەتكۈزگەندەك يەتكۈزدى. ﴿ساڭا (مۇشرىكلار تەرىپىدىن) ئېيتىلىدىغان سۆزلەر پەقەت ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە (قەۋملىرى تەرىپىدىن) ئېيتىلغان سۆزلەردۇر﴾[1].

* * * * * * *

إِنَّكُمۡ لَذَآئِقُواْ ٱلۡعَذَابِ ٱلۡأَلِيمِ ﴿٣٨﴾ وَمَا تُجۡزَوۡنَ إِلَّا مَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٣٩﴾ إِلَّا عِبَادَ ٱللَّهِ
ٱلۡمُخۡلَصِينَ ﴿٤٠﴾ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ رِزۡقٞ مَّعۡلُومٞ ﴿٤١﴾ فَوَٰكِهُۖ وَهُم مُّكۡرَمُونَ ﴿٤٢﴾ فِي جَنَّٰتِ ٱلنَّعِيمِ ﴿٤٣﴾ عَلَىٰ
سُرُرٖ مُّتَقَٰبِلِينَ ﴿٤٤﴾ يُطَافُ عَلَيۡهِم بِكَأۡسٖ مِّن مَّعِينِۭ ﴿٤٥﴾ بَيۡضَآءَ لَذَّةٖ لِّلشَّٰرِبِينَ ﴿٤٦﴾ لَا فِيهَا غَوۡلٞ وَلَا
هُمۡ عَنۡهَا يُنزَفُونَ ﴿٤٧﴾ وَعِندَهُمۡ قَٰصِرَٰتُ ٱلطَّرۡفِ عِينٞ ﴿٤٨﴾ كَأَنَّهُنَّ بَيۡضٞ مَّكۡنُونٞ ﴿٤٩﴾

*(ئى گۇناھكارلار!) سىلەر (چوقۇم) قاتتىق ئازابنى تېتىغۇچىسىلەر﴿38﴾. سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارغا يارىشا جازالىنىسىلەر﴿39﴾. پەقەت اللّٰه نىڭ سادىق بەندىلىرىلا جازاغا تارتىلمايدۇ﴿40﴾. ئۇلار مەلۇم رىزىقتىن (يەنى تۈرلۈك مېۋىلەردىن) بەھرىمەن بولىدۇ، ئۇلار ھۆرمەتلىنىدۇ﴿41 ـ 42﴾. ئۇلار نازۇنېمەتلىك باغلاردا، تەختلەر ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ﴿43 ـ 44﴾. ئۇلارغا ئېقىپ تۇرغان، ئاپئاق، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان شارابلاردىن تولدۇرۇلغان جاملار ئايلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ﴿45 ـ 46﴾. ئۇنىڭدا مەس قىلىدىغان نەرسە يوق، ئۇلار ئۇنى ئىچىش بىلەن مەس بولمايدۇ﴿47﴾.*

[1] سۈرە فۇسسىلەت 43 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

***ئۇلارنىڭ يېنىدا ئەرلىرىدىن غەيرىيگە كۆز سالمايدىغان شەھلا كۆزلۈك (جۈپتىلەر) بولىدۇ﴿48﴾. ئۇلار (ئاقلىقتا) گويا قول تەگمەي ساقلانغان تۆگىقۇشنىڭ تۇخۇملىرىغا ئوخشايدۇ﴿49﴾.***

## مۇشرىكلارنىڭ جازاغا تارتىلىدىغانلىقى ۋە ئىخلاسمەن كىشىلەرنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى توغرىسىدا

اللە تائالا ئىنسانلارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەر (چوقۇم) قاتتىق ئازابنى تېتىغۇچىسىلەر. سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارغا يارىشا جازالىنىسىلەر**﴾ ئاندىن اللە تائالا ئومۇمىي خىتاپتىن ئۆزىنىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرىنى ئايرىپ چىقىرىۋالدى.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر﴾[1] ﴿بىز ئىنساننى شەك ـ شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق، ئاندىن ئۇنى (چىرايلىق ياراتقانلىق نېمىتىمىزگە شۈكۈر قىلماي ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن) دوزاخقا قايتۇردۇق، پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾[2] ﴿سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن دوزاخقا بارمايدىغان بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ، بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۆزگەرمەس ھۆكمىدۇر، ئاندىن ئەڭ تەقۋادارلارنى (جەھەننەمدىن) قۇتقۇزىمىز، زالىملارنى جەھەننەمدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالدا قويىمىز﴾[3] ﴿ھەر ئىنسان قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (دوزاختا) مەھبۇستۇر، پەقەت ئەسھابى يەمىن (يەنى سائادەتمەن مۆمىنلەر) بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾[4].

﴿**پەقەت اللە نىڭ سادىق بەندىلىرىلا جازاغا تارتىلمايدۇ**﴾ يەنى ئۇلار قاتتىق ئازابنى تېتىيدىغانلار ئەمەس، ھېساب سورۇلىدىغانلارمۇ ئەمەس، بەلكى، ئەگەر ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ، اللە ئۇلارغا بىر ياخشىلىق ئۈچۈن ئون ھەسسىدىن 700 ھەسسىگىچە، ياكى خالىغان مىقداردا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ساۋاب بېرىدۇ.

﴿**ئۇلار مەلۇم رىزىقتىن**﴾ يەنى جەننەتتىن ۋە ئۇنىڭدىكى تۈرلۈك ﴿**مېۋىلەردىن) بەھرىمەن بولىدۇ، ئۇلار ھۆرمەتلىنىدۇ**﴾ يەنى خىزمەتچى غىلمانلار ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ، ئۇلارغا ئىنتايىن مول رىزىق ۋە نازۇنېمەتلەر بېرىلىدۇ. ﴿**ئۇلار نازۇنېمەتلىك باغلاردا، تەختلەر ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ھەرگىز بەزىسى بەزىسىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرۇپ قالمايدۇ. ﴿**ئۇلارغا ئېقىپ تۇرغان، ئاپئاق، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان شارابلاردىن تولدۇرۇلغان جاملار ئايلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدا مەس قىلىدىغان نەرسە يوق، ئۇلار ئۇنى ئىچىش بىلەن مەس بولمايدۇ**﴾ بۇ ھەقتە اللە تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(قېرىماي) ھەمىشە بىر خىل تۇرىدىغان غىلمانلار ئېقىپ تۇرغان شارابتىن تولدۇرۇلغان پىيالە، چەينەك، جاملارنى ئۇلارغا ئايلىنىپ سۇنۇپ تۇرىدۇ، ئۇ شارابنى ئىچىش بىلەن ئۇلارنىڭ بېشى ئاغرىمايدۇ، مەس بولمايدۇ﴾[5]. اللە تائالا جەننەتنىڭ شارابلىرىنى دۇنيانىڭ شارابلىرىنى ئىچكەندە كېلىپ چىقىدىغان باش ئاغرىتىش، قورساق ئاغرىتىش، ئەقىلنى تامامەن يوقۇتۇش قاتارلىق زىيانلىرىدىن خالاس قىلدى.

---

[1] سۈرە ئەسىر 1 ـ 3 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە تىن 4 ـ 6 ـ ئايەتكىچە.
[3] سۈرە مەريەم 71 ـ 72 ـ ئايەتلەر.
[4] سۈرە مۇددەسسىر 38 ـ 39 ـ ئايەتلەر.
[5] سۈرە ۋاقىئە 17 ـ 19 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

﴿**ئۇلارغا ئېقىپ تۇرغان، شارابلاردىن**﴾ يەنى توختاپ قالمايدىغان، تۈگەپ قالمايدىغان، ھەمىشە ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭلەرنىڭ شارابلىرىدىن ﴿**تولدۇرۇلغان جاملار ئايلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ**﴾. مالىك، زەيد ئىبنى ئەسلەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ ئېقىپ تۇرىدىغان، رەڭگى ئاپئاق، سۈزۈك، چىرايلىق ۋە كۆركەم شاراپتۇر. دۇنيادىكى قىزىل، قارا، سېرىق ياكى كۆلرەڭ ياكى باشقا رەڭلەردىكى، ساغلام تەبىئەتلىك كىشى قارىسا سەسكىنىدىغان، كۆرۈنۈشى زوق قوزغىمايدىغان شارابلاردىن ئەمەس دېدى.

ئۇ شارابلار ﴿**ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان**﴾ شاراپلاردۇر يەنى ئۇ شارابلارنىڭ تەمى، رەڭگى ئوخشاشلا ياخشىدۇر. تەمىنىڭ ياخشى بولۇشىدىن پۇرىقىنىڭمۇ خۇشپۇراق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دۇنيانىڭ شارابلىرى بولسا بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دەل ئەكسىچە، بەدبۇي ۋە تەمسىز بولىدۇ. ﴿**ئۇنىڭدا**﴾ دۇنيانىڭ شارابلىرىغا ئوخشاش ﴿**مەس قىلىدىغان نەرسە يوق**﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، قەتادە ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلار بۇ ئايەتنى ئۇنىڭدا قورساقنى ئاغرىتىدىغان نەرسە يوق، دەپ تەپسىر قىلغان.

﴿**ئۇلار ئۇنى ئىچىش بىلەن مەس بولمايدۇ**﴾ مۇجاھىد: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئۇلار ئەقلىنى يوقىتىپ قويمايدۇ دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

ئىبنى ئابباس، مۇھەممەد ئىبنى كەئب ھەسەن، ئەتا، ئىبنى ئەبۇمۇسلىم خۇراسانىي، سۇددى ۋە باشقىلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېدى. زەھھاك، ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھاراقتا مەست قىلىش، باشنى ئاغرىتىش، قۇستۇرۇش ۋە ئورنىغا سىيدۇرۇش قاتارلىق تۆت ئىللەت باردۇر. الله جەننەتنىڭ شارابلىرىنى تىلغا ئېلىپ، سافات سۈرىسى (يەنى بۇ سۈرىدە) كۆرسەتكەندەك، ئۇ شارابلارنىڭ بۇنداق ئىللەتلەردىن پاك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

﴿**ئۇلارنىڭ يېنىدا**﴾ ئىپپەتلىك ﴿**ئەرلىرىدىن غەيرىيگە كۆز سالمايدىغان شەھلا كۆزلۈك**﴾ يەنى كۆزلىرى چوڭ ۋە چىرايلىق جۈپتىلەر ﴿**بولىدۇ**﴾ الله تائالا ئۇلارنى ئىپپەتلىك، كۆزلىرى چوڭ ۋە چىرايلىق دەپ سۈپەتلىدى. شۇڭا غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارنىڭ يېنىدا**﴾ ئىپپەتلىك ﴿**ئەرلىرىدىن غەيرىيگە كۆز سالمايدىغان شەھلا كۆزلۈك (جۈپتىلەر) بولىدۇ. ئۇلار**﴾ بەدەنلىرى تولغان، رەڭگى ـ روھى گۈزەل، ﴿**(ئاقلىقتا) گويا قول تەگمەي ساقلانغان تۆگىقۇشنىڭ تۇخۇملىرىغا ئوخشايدۇ**﴾. سۇددى مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئاقلىقتا خۇددى تۇخۇمنىڭ ئېقىغا ئوخشايدۇ.

* * * * * * *

فَأَقْبَلَ بَعْضُهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ يَتَسَآءَلُونَ ﴿٥٠﴾ قَالَ قَآئِلٌ مِّنْهُمْ إِنِّى كَانَ لِى قَرِينٌ ﴿٥١﴾ يَقُولُ أَءِنَّكَ
لَمِنَ ٱلْمُصَدِّقِينَ ﴿٥٢﴾ أَءِذَا مِتْنَا وَكُنَّا تُرَابًا وَعِظَٰمًا أَءِنَّا لَمَدِينُونَ ﴿٥٣﴾ قَالَ هَلْ أَنتُم مُّطَّلِعُونَ ﴿٥٤﴾
فَٱطَّلَعَ فَرَءَاهُ فِى سَوَآءِ ٱلْجَحِيمِ ﴿٥٥﴾ قَالَ تَٱللَّهِ إِن كِدتَّ لَتُرْدِينِ ﴿٥٦﴾ وَلَوْلَا نِعْمَةُ رَبِّى لَكُنتُ مِنَ
ٱلْمُحْضَرِينَ ﴿٥٧﴾ أَفَمَا نَحْنُ بِمَيِّتِينَ ﴿٥٨﴾ إِلَّا مَوْتَتَنَا ٱلْأُولَىٰ وَمَا نَحْنُ بِمُعَذَّبِينَ ﴿٥٩﴾ إِنَّ هَٰذَا لَهُوَ
ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ﴿٦٠﴾ لِمِثْلِ هَٰذَا فَلْيَعْمَلِ ٱلْعَٰمِلُونَ ﴿٦١﴾

www.munber.org

*(يەنى ئەھلى جەننەت) بىر ـ بىرىگە قارىشىپ پاراڭ سېلىشىدۇ﴿50﴾. ئۇلاردىن بىرى ئېيتىدۇ: «مېنىڭ بىر دوستۇم بولۇپ، ئۇ (ماڭا) ”سەن (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە) ھەقىقىي ئىشىنەمسەن﴿51﴾. بىز ئۆلۈپ تۇپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغان چاغدا بىز چوقۇم (قىلمىشلىرىمىزدىن) ھېساب بېرەمدۇق؟“ دەيتتى» ﴿52 - 53﴾. ئۇ (بۇرادەرلىرىگە): «سىلەر ئۇنى (يەنى دوستۇمنى) كۆرەمسىلەر؟» دەيدۇ﴿54﴾. ئۇ قاراپلا ئۇنى (يەنى كاپىر دوستىنى) دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرىدۇ﴿55﴾. ئۇ (يەنى مۆمىن) ئېيتىدۇ: «اللە بىلەن قەسەمكى، مېنى (ئازدۇرۇپ) ھالاك قىلغىلى تاس قېلىپتىكەنسەن﴿56﴾. ئەگەر پەرۋەردىگارىمنىڭ (مېنى ئىمانىمدا مۇستەھكەم قىلىشتىن ئىبارەت) مەرھەمىتى بولمىغان بولسا ئەلۋەتتە مەن (سەن بىلەن بىللە دوزاخقا) ھازىر قىلىنغانلاردىن بولاتتىم﴿57﴾. تۇنجى ئۆلگىنىمىزدىن باشقا ئۆلمەمدۇق؟ ئازابقا دۇچار بولمامدۇق!﴿58 - 59﴾. بۇ (يەنى ئەھلى جەننەت ئېرىشكەن نېمەت) ھەقىقەتەن زور بەختتۇر﴿60﴾. ئىشلىگۈچىلەر مۇشۇنداق زور بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىشلىسۇن» ﴿61﴾.*

## جەننەت ئەھلىنىڭ جەم بولۇشى، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ جەھەننەمدە ئازابلىنىۋاتقان دۇنيادىكى دوستى بىلەن سۆزلىششى ۋە اللە تائالانىڭ ئۆزىنى جەننەت ئەھلىدىن قىلغانلىقىغا شۈكۈر قىلىشى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتلەردە جەننەت ئەھلىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئۇلار جەننەتتىكى زىياپەتلىرىدە، ئولتۇرۇشلىرىدا ھەمراھلىرى ۋە دوستلىرى بىلەن يېمەك ـ ئىچمەكلەردە جەم بولۇپ ئىسىل ئورۇندۇقلاردا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشىدۇ. ئۇلار، بىرى ـ بىرىنىڭ دۇنيادىكى چاغلىرىدىكى ئەھۋاللىرى، قانداق مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكى ۋە نېمىلەرنى كۆرگەنلىكى قاتارلىق ئەھۋاللىرىدىن سورىشىدۇ. كۈتكۈچىلەر بولسا ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئۇلارغا كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلىمىغان، ئىنساننىڭ دىلىغا كېچىپ باقمىغان يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا ئېسىل نازۇنېمەتلەرنى كەلتۈرۈپ تۇرىدۇ.

﴿**ئۇلاردىن بىرى ئېيتىدۇ: «مېنىڭ بىر دوستۇم بولۇپ**﴾ يەنى بۇ ئەھلى ئىمان ئادەمنىڭ دۇنيادىكى چېغىدا بىر مۇشرىك دوستى بار ئىدى. ﴿**ئۇ (ماڭا) ”سەن**﴾ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە، قىيامەتكە، ھېساب ئېلىنىدىغانلىقىغا، مۇكاپات ۋە جازانىڭ بارلىقىغا ﴿**ھەقىقىي ئىشىنەمسەن؟**﴾ دەيتتى. يەنى مۇشرىك بۇ سۆزنى دوستىنىڭ ئىمانىغا ھەيران بولۇش، ھەقنى ئىنكار قىلىش، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى يىراق ساناش، اللە تائالاغا كاپىر بولۇش ۋە سەركەشلىك قىلىش يۈزىسىدىن ئېيتاتتى. ﴿**بىز ئۆلۈپ تۇپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغان چاغدا بىز چوقۇم (قىلمىشلىرىمىزدىن) ھېساب بېرەمدۇق؟**﴾ ۋە قىلمىشلىرىمىزغا يارىشا مۇكاپات ۋە جازاغا ئېرىشەمدۇق؟ دەيتتى.

مۆمىن جەننەتتىكى ھەمراھلىرىغا ۋە دوستلىرىغا: ﴿**«سىلەر ئۇنى (يەنى دوستۇمنى) كۆرەمسىلەر؟»** دەيدۇ. **ئۇ قاراپلا ئۇنى (يەنى كاپىر دوستىنى) دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدا**﴾ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت يالقۇنى ئىچىدە ﴿**كۆرىدۇ. ئۇ**﴾ يەنى مۆمىن كاپىرغا خىتاب قىلىپ تۇرۇپ ﴿**ئېيتىدۇ: «اللە بىلەن قەسەمكى**﴾ ئەگەر مەن ساڭا ئىتائەت قىلغان بولسام، سەن ﴿**مېنى (ئازدۇرۇپ) ھالاك قىلغىلى تاس قېلىپتىكەنسەن. ئەگەر پەرۋەردىگارىمنىڭ (مېنى ئىمانىمدا مۇستەھكەم قىلىشتىن ئىبارەت) مەرھەمىتى بولمىغان بولسا ئەلۋەتتە مەن**﴾ ساڭا ئوخشاش دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدا سەن بىلەن بىللە ئازاب ئىچىدە ﴿**ھازىر قىلىنغانلاردىن بولاتتىم**﴾ لېكىن اللە تائالا ماڭا مەرھەمەت ۋە رەھمەت قىلىپ مېنى ئىمانغا

www.munber.org

ھىدايەت قىلدى، تەۋھىدكە يېتەكلىدى. ﴿اللە بىزنى يېتەكلىمىگەن بولسا، توغرا يول تاپمىغان بولاتتۇق﴾[1].

﴿**تۇنجى ئۆلگىنىمىزدىن باشقا ئۆلمەمدۇق؟ ئازابقا دۇچار بولمامدۇق؟**﴾ بۇ مۆمىننىڭ سۆزى بولۇپ، اللە تائالا ئۇنىڭغا جەننەتتە يەنى ئىززەت ـ ئىكرام يۇرتىدا مەڭگۈ تۇرۇشنى ئاتا قىلغانلىقتىن، جەننەتتە ئۆلۈم ۋە ئازابنىڭ يوقلىقىغا خۇشال بولۇپ ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق دەيدۇ.

﴿**بۇ (يەنى ئەھلى جەننەت ئېرىشكەن نېمەت) ھەقىقەتەن زور بەختتۇر**﴾. ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ: جەننەت ئەھلى ئۆلۈمنىڭ ھەرقانداق نازۇنېمەتنى ئۈزۈپ قويىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار: ﴿**تۇنجى ئۆلگىنىمىزدىن باشقا ئۆلمەمدۇق؟ ئازابقا دۇچار بولمامدۇق؟**﴾ دەيدۇ. (ئۇلارغا) ياق، دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ. ئۇلار: ﴿**بۇ (يەنى ئەھلى جەننەت ئېرىشكەن نېمەت) ھەقىقەتەن زور بەختتۇر**﴾ دەيدۇ.

﴿**ئىشلىگۈچىلەر مۇشۇنداق زور بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىشلىسۇن**﴾ ئىبنى جەرىر: بۇ اللە تائالانىڭ سۆزى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى: ئىشلىگۈچىلەر دۇنيادا ئاخىرەتتىكى مۇشۇنداق نازۇنېمەتكە، زور بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىشلىسۇن دېگەندىن ئىبارەت دەپ بايان قىلدى.

## ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان ئىككى ئادەمنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا

ئۆلىمالار ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئىشلىرىدا شېرىك ئىككى ئادەمنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلدى. بۇ قىسسىنىڭ مەزمۇنى بۇ ئايەت كەرىمنىڭ ئومۇمىي مەنىسىنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئەبۇجەئفەر ئىبنى جەرىر، فۇرات ئىبنى سۆئلەبە بەھرانىدىن اللە تائالانىڭ ﴿**مېنىڭ بىر دوستۇم بولۇپ**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىشلىرىدا شېرىك ئىككى ئادەم بار ئىدى. ئۇ ئىككىسى **8000** تىللاغا ئېرىشتى. ئىككىسىدىن بىرىنىڭ ھۈنىرى بار، يەنە بىرىنىڭ ھۈنىرى يوق ئىدى. ھۈنىرى بار ئادەم ھۈنىرى يوق ئادەمگە: سېنىڭ ھۈنىرىڭ يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن پۇلنى بۆلۈشۈپ بولۇپ سەندىن ئايرىلىپ كېتىشنى قارار قىلدىم، دەيدۇ. ئاندىن ئۇلار پۇلنى بۆلۈشۈپ ئايرىلىپ كېتىدۇ. ھېلىقى ھۈنىرى بار ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن پادىشاھنىڭ قەسرىنى **1000** تىللاغا سېتىۋالىدۇ، ئاندىن ئۇ دوستىنى چاقىرىپ قەسرىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ: بۇ قەسرىنى **1000** تىللاغا سېتىۋالدىم، ئۇ قانداقراق ئىكەن؟ دەيدۇ. دوستى ئۇنىڭغا: ناھايىتى چىرايلىقكەن، دەيدۇ، ئاندىن ئۇ سىرتقا چىققاندىن كېيىن: ئى اللە! بۇ دوستۇم ھەقىقەتەن بۇ قەسرىنى **1000** تىللاغا سېتىۋاپتۇ، مەن سەندىن جەننەتنىڭ قەسىرلىرىدىن بىر قەسرىنى بېرىشىڭنى سورايمەن، دەيدۇ ـ دە، **1000** تىللانى سەدىقە قىلىدۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى ھۈنەرۋەن **1000** تىللا چىقىم قىلىپ خوتۇن ئالىدۇ ۋە تاماق تەييارلاپ دوستىنى مېھماندارچىلىققا چاقىرىدۇ. ئۇ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن: مەن بۇ خوتۇننى **1000** تىللا خەجلەپ ئالدىم، دەيدۇ. دوستى: پاھ، نېمە دېگەن ياخشى! دەپ قايتىپ چىققاندىن كېيىن ئى اللە! دوستۇم ھەقىقەتەن **1000** تىللا سەرپ قىلىپ خوتۇن ئېلىپتۇ، مەن سەندىن شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەردىن بولغان خوتۇن بېرىشىڭنى سورايمەن، دەيدۇ ـ دە، **1000** تىللا سەدىقە قىلىدۇ. يەنە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى ھۈنەرۋەن **2000** تىللاغا ئىككى باغ سېتىۋالىدۇ، ئاندىن ئۇ دوستىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا باغلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: مەن بۇ ئىككى باغنى **2000** تىللاغا سېتىۋالدىم، دەيدۇ. دوستى: پاھ نېمىدېگەن ياخشى! دەيدۇ. ئۇ باغدىن يېنىپ چىققاندىن كېيىن: ئى پەرۋەردىگارىم! دوستۇم **2000** تىللاغا ئىككى باغ سېتىۋاپتۇ، مەن سەندىن جەننەتنىڭ باغلىرىدىن ئىككى باغ ئاتا قىلىشىڭنى سورايمەن دەيدۇ ـ دە، **2000** تىللا سەدىقە قىلىدۇ.

[1] سۈرە ئەئراق 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئاندىن جان ئالغۇچى پەرىشتە كېلىپ ھەر ئىككىلىسىنىڭ جېنىنى ئالىدۇ. سەدىقە بەرگۈچىنى ئېلىپ مېڭىپ ئۇنى قارىغۇچىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئېسىل بىر قەسىرگە ئېلىپ كىرىدۇ. قەسىرگە كىرىشىگىلا چىرايلىقلىقىدىن ئەتراپتىكى نەرسىلەر يورۇپ كەتكۈدەك بىر ساھىب جامال ئايال ئۇنى قارشى ئالىدۇ. ئاندىن ئۇنى ئىچىدە نېمە بارلىقىنى پەقەت اللە تائالالا بىلىدىغان ئىككى باغقا ئېلىپ كىرىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ: بۇ نەرسىلەر بىر ئادەمنىڭ پالان، پالان نەرسىلىرىگە ئوخشاپلا تۇرىدىغۇ، دەيدۇ. پەرىشتە: كۆرگەنلىرىڭ راستتۇر بۇ قەسىر، بۇ ئىككى باغ ۋە بۇ خوتۇن ساڭا بېرىلدى، دەيدۇ. ئۇ: مېنىڭ بىر دوستۇم بار ئىدى ﴿ئۇ (ماڭا) سەن ھەقىقىي ئىشىنەمسەن؟ دەيتتى﴾ دەيدۇ. ئۇنىڭغا: سېنىڭ ئۇ دوستۇڭ دوزاختا دېيىلىدۇ.

﴿ئۇ (بۇرادەرلىرىگە): سىلەر ئۇنى (يەنى دوستۇمنى) كۆرەمسىلەر؟ دەيدۇ ئۇ قاراپلا ئۇنى (يەنى كاپىر دوستىنى) دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرىدۇ﴾ مۆمىن شۇ چاغدا: ﴿اللە بىلەن قەسەمكى﴾ ئەگەر مەن ساڭا ئىتائەت قىلغان بولسام، سەن ﴿مېنى (ئازدۇرۇپ) ھالاك قىلغىلى تاس قېلىپتىكەنسەن، ئەگەر پەرۋەردىگارىمنىڭ (مېنى ئىمانىمدا مۇستەھكەم قىلىشتىن ئىبارەت مەرھەمىتى بولمىغان بولسا ئەلۋەتتە مەن﴾ ساڭا ئوخشاش دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدا سەن بىلەن بىللە ئازاب ئىچىدە ﴿ھازىر قىلىنغانلاردىن بولاتتىم﴾ دەيدۇ.

* * * * * * *

أَذَٰلِكَ خَيۡرٞ نُّزُلًا أَمۡ شَجَرَةُ ٱلزَّقُّومِ ﴿٦٢﴾ إِنَّا جَعَلۡنَٰهَا فِتۡنَةٗ لِّلظَّٰلِمِينَ ﴿٦٣﴾ إِنَّهَا شَجَرَةٞ تَخۡرُجُ فِيٓ
أَصۡلِ ٱلۡجَحِيمِ ﴿٦٤﴾ طَلۡعُهَا كَأَنَّهُۥ رُءُوسُ ٱلشَّيَٰطِينِ ﴿٦٥﴾ فَإِنَّهُمۡ لَأٓكِلُونَ مِنۡهَا فَمَالِـُٔونَ مِنۡهَا ٱلۡبُطُونَ
﴿٦٦﴾ ثُمَّ إِنَّ لَهُمۡ عَلَيۡهَا لَشَوۡبٗا مِّنۡ حَمِيمٖ ﴿٦٧﴾ ثُمَّ إِنَّ مَرۡجِعَهُمۡ لَإِلَى ٱلۡجَحِيمِ ﴿٦٨﴾ إِنَّهُمۡ أَلۡفَوۡاْ ءَابَآءَهُمۡ
ضَآلِّينَ ﴿٦٩﴾ فَهُمۡ عَلَىٰٓ ءَاثَٰرِهِمۡ يُهۡرَعُونَ ﴿٧٠﴾

*بۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرى) ياخشى زىياپەتمۇ؟ ياكى زەققۇم دەرىخىمۇ؟*[62]*. زەققۇمنى بىز زالىملار (يەنى گۇمراھلار) ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ئازاب قىلدۇق*[63]*. شۈبھىسىزكى، ئۇ جەھەننەمنىڭ قەئرىدە ئۆسىدىغان دەرەختۇر*[64]*. ئۇنىڭ مېۋىسى گويا شەيتانلارنىڭ باشلىرىغا ئوخشايدۇ*[65]*. ئۇلار شۈبھىسىز شۇ مېۋىلەردىن يەيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن قورساقلىرىنى تويغۇزىدۇ*[66]*. ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭ ئۈستىگە (يېرىنىڭ بىلەن) قايناقسۇنىڭ ئارىلاشتۇرمىسىنى ئىچىدۇ*[67]*. ئاندىن ئۇلارنىڭ قايتىدىغان جايى چوقۇم دوزاخ بولىدۇ*[68]*. ئۇلار ھەقىقەتەن ئاتا ـ بوۋىلىرىنى گۇمراھ بىلدى*[69]*. ئۇلار ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىزلىرىدىن يۈگۈردى*[70].

## زەققۇم دەرىخى ۋە ئۇنىڭدىن يەيدىغانلارنىڭ بايانى توغرىسىدا

اللە تائالا: جەننەتتىكى تىلغا ئېلىنغان بۇ نازۇنېمەتلەر يەنى جەننەتتىكى يېمەك ـ ئىچمەكلەر، ئايالللار ۋە باشقا لەززەتلىك، شېرىن نەرسىلەر ياخشىمۇ؟ ياكى جەھەننەمدىكى ﴿زەققۇم دەرىخىمۇ؟﴾ دەيدۇ.

www.munber.org

يەنى ئۇلار زەققۇم دەرىخىدىن يەيدۇ. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿**ئاندىن سىلەر، ئى قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى گۇمراھلار! چوقۇم زەققۇم دەرىخىدىن يەيسىلەر**﴾[1].

﴿**زەققۇمنى بىز زالىملار (يەنى گۇمراھلار) ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ئازاب قىلدۇق**﴾ قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: زەققۇم دەرىخى زىكىر قىلىنغاندا گۇمراھلىقتىكى كىشىلەر: مۇھەممەد سىلەرگە دوزاختا دەرەخ بار دەپ خەۋەر قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئوت دەرەخنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغان تۇرسا، دېيىشىپ پىتنە قىلىشتى. ئاندىن اللە تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**شۈبھىسىزكى، ئۇ جەھەننەمنىڭ قەئرىدە ئۆسىدىغان دەرەختۇر**﴾ يەنى ئوتتىن يارىتىلغان، ئوتتىن ئۆسىدىغان دەرەختۇر.

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ﴿**زەققۇمنى بىز زالىملار (يەنى گۇمراھلار) ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ئازاب قىلدۇق**﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، لەنىتى ئەبۇجەھل: زەققۇم پەقەت خورما بىلەن قايماقتىن ئىبارەت، مەن ئۇنى يۇتۇپ كېتەلەيمەن، دېدى. مېنىڭ قارىشىمچە (يەنى ئىبنى كەسىر) بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئى مۇھەممەد! بىز پەقەت كىشىلەرنى سىناش، كىمنىڭ ھەققە ئىشىنىپ، كىمنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلىدىغانلىقىنى ئايرىش ئۈچۈن زەققۇم دەرەخىنىڭ خەۋىرىنى ساڭا يەتكۈزدۇق، دېگەنلىكتۇر.

بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىز ساڭا (مىراج كېچىسى ئاسمان - زېمىندىكى ئاجايىپلاردىن) كۆرسەتكەن كۆرۈنۈشنى، قۇرئاندىكى لەنەت قىلىنغان دەرەخنى (يەنى قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان زەققۇم دەرىخىنى) پەقەت كىشىلەر ئۈچۈن سىناق قىلدۇق، بىز ئۇلارنى (يەنى مۇشرىكلارنى) قورقۇتىمىز. بىزنىڭ قورقۇتۇشىمىز ئۇلارنىڭ يولسىزلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ**﴾[2].

﴿**شۈبھىسىزكى، ئۇ جەھەننەمنىڭ قەئرىدە ئۆسىدىغان دەرەختۇر**﴾ يەنى ئۇ دەرەخ ئەسلىدە ئوتنىڭ ئىچىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ، ﴿**ئۇنىڭ مېۋىسى گويا شەيتانلارنىڭ باشلىرىغا ئوخشايدۇ**﴾ ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يىرگىنچلىك، كۆرسىتىش ۋە ئۇنى تىلغا ئېلىشتىن سەسكەندۈرۈش ئۈچۈن اللە تائالا ئۇنى ﴿**شەيتانلارنىڭ باشلىرىغا**﴾ ئوخشاتتى. گەرچە شەيتانلارنىڭ سىياقى خىتاب قىلىنغۇچىلارغا تونۇشلۇق بولمىسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا شەيتانلارنىڭ كۆرۈنىشى ئىنتايىن قەبىھ دېگەن ئۇقۇم سىڭىپ كەتكەندۇر.

﴿**ئۇلار شۈبھىسىز شۇ مېۋىلەردىن يەيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن قورساقلىرىنى تويغۇزىدۇ**﴾ اللە تائالا ئۇلارنىڭ بۇ دەرەخنىڭ مېۋىلىرىدىن يەيدىغانلىقىنى بايان قىلدى، دوزاختا ئۇنىڭدىن يىرگىنچلىك، كىشىنى ئۇنىڭدەك سەسكەندۈرىدىغان ھېچ بىر دەرەخ يوقتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىلىرىنىڭ تەمى لاۋزا، پۇرىقى سېسىق، تەبىئىتى ناچاردۇر، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭدىن يېيىشكە چوقۇم مەجبۇرلىنىدۇ. چۈنكى، دوزاختا ئۇلار ئۇنىڭدىن باشقا يېگىدەك ھېچ نەرسە تاپالمايدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار ئۈچۈن زەرىدىن (يەنى بەد - بۇيى، ئاچچىق تىكەندىن) باشقا يېمەكلىك بولمايدۇ. زەرى كىشىنى سەمرىتمەيدۇ، ئاچلىقنى پەسەيتمەيدۇ**﴾[3].

﴿**ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭ ئۈستىگە (يىرىڭ بىلەن) قايناقسۇنىڭ ئارىلاشتۇرمىسىنى ئىچىدۇ**﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: يەنى ئۇلار زەققۇمنىڭ ئۈستىگە قايناق سۇ ئىچىدۇ، دېگەن. ئۇ يەنە بىر رىۋايەتتە: قايناق سۇنىڭ ئارىلاشتۇرمىسىنى ئىچىدۇ دېگەن. باشقىلار: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەۋرەتلىرىدىن ۋە كۆزلىرىدىن ئېقىپ چىققان يىرىڭ ئارىلاشتۇرۇلغان قايناق سۇنى ئىچىدۇ، دەپ تەپسىر قىلدى.

---

[1] سۈرە ۋاقىئە 51 — 52 - ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئىسرا 60 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.
[3] سۈرە غاشىئە 6، 7 - ئايەتلەر.

www.munber.org

ئىبنى ئەبۇھاتەم، سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر ئەھلى دوزاخ ئېچىرقاپ كەتسە، زەققۇم دەرىخىنى تەلەپ قىلىپ ئەكەلدۈرۈپ ئۇنىڭدىن يەيدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنىڭ تېرىلىرى زەققۇمنىڭ تەسىرىدىن سويۇلۇشقا باشلايدۇ. ئەگەر دوزاختا ئۇلارنى تونۇيدىغان بىرەرسى ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالسا، ئۇ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ يۈزىگە قاراپلا ئۇلارنىڭ زەققۇمدىن يېگەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئۇسساپ كېتىدۇ ۋە سۇ تەلەپ قىلىپ نالە قىلىشىدۇ. ئۇلارغا مەدەن ئېرىتمىسىگە ئوخشاش ئەڭ يۇقىرى هارارەتلىك سۇ بېرىلىدۇ. ئۇلار سۇنى ئېغىزلىرىغا يېقىن ئاپىرىشىغا سۇنىڭ قىزىقلىقىدىن ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنىڭ تېرىلىرى چۈشۈپ كېتىدۇ. گۆشلىرىنى كۆيدۈرۈپ كاۋاپ قىلىۋېتىدۇ، ئۇنى ئىچكەندىن كېيىن ئۇ سۇ قورساقلىرىدىكى ئۈچەي ـ باغىرلىرىنى ئېرىتىپ تاشلايدۇ. ئۇلار ئۈچەيلىرى ئېقىۋاتقان، تېرىلىرى چۈشۈۋاتقان هالدا ماڭىدۇ. ئاندىن ئۇلار تۆمۈر توقماقلار بىلەن ئۇرۇلىدۇ ـ دە، هەر بىر ئەزا ئۆگىلىرىدىن ئاجراپ چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قاتتىق نالە ـ پەرياد چېكىدۇ.

﴿ئاندىن ئۇلارنىڭ قايتىدىغان جايى چوقۇم دوزاخ بولىدۇ﴾ يەنى بۇ هۆكۈمدىن كېيىن ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى پاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوت، لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان دوزاخ بولىدۇ. بىردە زەققۇم ۋە قايناق سۇ بىلەن ئازابلانسا، يەنە بىردە ئوت بىلەن كۆيدۈرۈلۈپ ئازابلىنىدۇ.

الله تائالا بۇ هەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار دوزاخ بىلەن قايناقسۇ ئارىسىدا بېرىپ ـ كېلىپ تۇرىدۇ (يەنى گاهىدا ئوت بىلەن، گاهىدا قايناقسۇ بىلەن ئازابلىنىدۇ)﴾[1].

﴿ئۇلار هەقىقەتەن ئاتا ـ بوۋىلىرىنى گۇمراھ بىلدى﴾ يەنى بىزنىڭ ئۇلارنى پەقەت مۇنداق جازالىشىمىز شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى گۇمراھلىق ئىچىدە ئىدى، ئۇلار ئاتا ـ بوۋىلىرىنى شۇ گۇمراھلىق يولىدا تاپقان بولغاچقا، هېچقانداق دەلىل ـ پاكىتسىزلا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ گۇمراھ يولىغا ئەگەشتى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىزلىرىدىن يۈگۈردى﴾ يەنى گالۋاڭلارچە يۈگۈردى.

* * * * * * *

وَلَقَدْ ضَلَّ قَبْلَهُمْ أَكْثَرُ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿٧١﴾ وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا فِيهِم مُّنذِرِينَ ﴿٧٢﴾ فَٱنظُرْ كَيْفَ كَانَ عَـٰقِبَةُ ٱلْمُنذَرِينَ ﴿٧٣﴾ إِلَّا عِبَادَ ٱللَّهِ ٱلْمُخْلَصِينَ ﴿٧٤﴾

*ئۇلاردىن ئىلگىرى بۇرۇنقىلار (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر)نىڭ تولىسى هەقىقەتەن ئازدى﴿71﴾. بىز ئۇلارغا هەقىقەتەن ئاگاهلاندۇرغۇچىلارنى (يەنى پەيغەمبەرلەرنى) ئەۋەتتۇق﴿72﴾. ئاگاهلاندۇرۇلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قارىغىن﴿73﴾. لېكىن الله نىڭ سادىق بەندىلىرى (ئازابتىن قۇتۇلدى)﴿74﴾.*

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ئەهۋالىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ تولىسى ئازغان ۋە الله تائالاغا بۇتلارنى شېرىك كەلتۈرۈپ ئىلاھ قىلىۋالغان ئىدى. الله تائالا ئۇلارغا الله تائالانىڭ ئازابىدىن ئاگاهلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەنلىكىنى، پەيغەمبەرلەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىن الله تائالاغا كاپىر بولغان ۋە الله تائالادىن باشقا نەرسىگە چوقۇنغان كىشىلەرنى الله تائالانىڭ ئازابى ۋە قەهرىدىن ئاگاهلاندۇرغانلىقىنى بايان قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە كەلگەن پەيغەمبەرلەرگە قارشىلىق قىلىشتا

[1] سۈرە راهمان 44 ـ ئايەت.

www.munber.org

ۋە ئۇلارنى ئىنكار قىلىشتا بەكمۇ ھەددىدىن ئاشتى. شۇڭا اللە تائالا پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغۇچىلارنى ھالاك قىلىپ ئۇلارنى جازالىدى، مۆمىنلەرنى قۇتقۇزدى، ئۇلارغا ياردەم بەردى ۋە ئۇلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قارىغىن. لېكىن اللە نىڭ سادىق بەندىلىرى (ئازابتىن قۇتۇلدى)**﴾.

* * * * * * *

وَلَقَدۡ نَادَىٰنَا نُوحٞ فَلَنِعۡمَ ٱلۡمُجِيبُونَ ﴿٧٥﴾ وَنَجَّيۡنَٰهُ وَأَهۡلَهُۥ مِنَ ٱلۡكَرۡبِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿٧٦﴾ وَجَعَلۡنَا ذُرِّيَّتَهُۥ هُمُ ٱلۡبَاقِينَ ﴿٧٧﴾ وَتَرَكۡنَا عَلَيۡهِ فِي ٱلۡأٓخِرِينَ ﴿٧٨﴾ سَلَٰمٌ عَلَىٰ نُوحٖ فِي ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٧٩﴾ إِنَّا كَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿٨٠﴾ إِنَّهُۥ مِنۡ عِبَادِنَا ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٨١﴾ ثُمَّ أَغۡرَقۡنَا ٱلۡأٓخَرِينَ ﴿٨٢﴾

*نۇھ ھەقىقەتەن بىزگە ئىلتىجا قىلدى. بىز (ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى) نېمىدېگەن ياخشى قوبۇل قىلغۇچىدۇرمىز![75]. بىز ئۇنى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنى چوڭ غەمدىن (يەنى سۇدا غەرق بولۇپ كېتىشتىن) قۇتقۇزدۇق[76]. ئۇنىڭ نەسلىنى باقىي قالدۇردۇق[77]. كېيىنكىلەر (يەنى كېيىنكى ئەۋلادلار) ئىچىدە ئۇنىڭغا ياخشى نام قالدۇردۇق[78]. خالايىقلار نۇھقا سالام يوللايدۇ[79]. بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز[80]. ئۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ مۆمىن بەندىلىرىمىزدىن ئىدى[81]. ئاندىن بىز باشقىلارنى (يەنى نۇھ قەۋمىنىڭ كاپىرلىرىنى سۇدا) غەرق قىلدۇق[82].*

## نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمى توغرىسىدا

اللە تائالا ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ تولىسىنىڭ نىجاتلىق يولىدىن ئېزىپ كەتكەنلىكىنى تىلغا ئالغاندىن كېيىن ئۇنى تەپسىلىي بايان قىلىشقا باشلاپ، نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ۋە قەۋمىنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقىنى بايان قىلدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت دەۋەت قىلغان بولسىمۇ ئۇلاردىن پەقەت ئازغىنا كىشىلەر ئىمان ئېيتتى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىچىدە 50 يىل كەم 1000 يىل تۇردى. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇلارنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلىشى تېخىمۇ كۈچەيدى، ئۇ ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغانسېرى ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان نەپرىتى تېخىمۇ ئاشتى. ﴿ئۇ پەرۋەردىگارىغا: «ھەقىقەتەن مەن بوزەك قىلىندىم، ياردەم قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى﴾[1].

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ غەزىپى ئاشقانلىقى ئۈچۈن اللە تائالا ئۇلارغا غەزەپلەندى. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**نۇھ ھەقىقەتەن بىزگە ئىلتىجا قىلدى. بىز (ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى) نېمىدېگەن ياخشى قوبۇل قىلغۇچىدۇرمىز! بىز ئۇنى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنى چوڭ غەمدىن**﴾ يەنى كاپىرلارنىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىشىدىن، ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىگە ئەزىيەت يەتكۈزۈشىدىن ﴿**قۇتقۇزدۇق، ئۇنىڭ نەسلىنى باقىي قالدۇردۇق**﴾ بۇ ئايەت ھەققىدە ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەر يۈزىدە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتلىرىدىن باشقا ھېچكىم قالماي سۇغا چۆكتۈرۈۋېتىلگەن.

سەئىد ئىبنى ئەبۇئەرۇبە، قەتادىنىڭ اللە تائالانىڭ ﴿**ئۇنىڭ نەسلىنى باقىي قالدۇردۇق**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ

[1] سۈرە قەمەر 10 - ئايەت.

www.munber.org

نەسلىدىندۇر. ئىمام تىرمىزى، ئىبنى جەرىر ۋە ئىبنى ئەبۇھاتەم قاتارلىقلار سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇلار سام، هام ۋە يافەسلەردىن ئىبارەتتۇر».

ئىمام ئەھمەد، سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سام ئەرەبلەرنىڭ ئاتىسىدۇر، هام ھەبەشلەرنىڭ ئاتىسىدۇر، يافەس رۇملۇقلارنىڭ ئاتىسىدۇر» بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلغان. بۇ يەردىكى ”رۇملۇق“ دېگەن سۆزدىن قەدىمكى رۇملۇقلار يەنى لەيتىننىڭ ئوغلى رومانىڭ نەسلىدىن كېلىپ چىققان يۇنانلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. لەيتى يۇناننىڭ ئوغلىدۇر، يۇنان يافەسنىڭ ئوغلىدۇر، يافەس نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىدۇر.

﴿**كېيىنكىلەر (يەنى كېيىنكى ئەۋلادلار) ئىچىدە ئۇنىڭغا ياخشى نام**﴾ يەنى ياخشىلىق بىلەن تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدىغان، ھەممە پەيغەمبەرلەرگە ياخشى نامدا ئۈلگە قىلىنىدىغان، ئامانلىق ۋە گۈزەل مەدھىيىلەر يېغىپ تۇرىدىغان قىلىپ ﴿**قالدۇردۇق. خالايىقلار نۇھقا سالام يوللايدۇ**﴾ الله تائالا ئۇنىڭغا گۈزەل ئەسلىمىلەرنى، چىرايلىق مەدھىيىلەرنى قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن بارلىق ئۈممەتلەر ئۇنىڭغا سالام يوللايدۇ.

﴿**بىز ھەققەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز**﴾ يەنى بەندىلەر ئىچىدىن كىم الله تائالاغا بويسۇنۇپ ئىبادەت قىلسا، ئۇنى مانا مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز، ئۇنىڭ ياخشى نامىنى كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭ دەرىجىسى ۋە مەرتىۋىسىگە يارىشا تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدىغان قىلىمىز.

﴿**ئۇ ھەققەتەن بىزنىڭ**﴾ الله تائالانى تەستىق قىلغۇچى، ئۇنى بار ۋە بىر دەپ بىلگۈچى ۋە ئىشەنگۈچى ﴿**مۆمىن بەندىلىرىمىزدىن ئىدى. ئاندىن بىز باشقىلارنى (يەنى نۇھ قەۋمىنىڭ كاپىرلىرىنى سۇدا) غەرق قىلدۇق**﴾ يەنى ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق. ئۇلاردىن بىرمۇ تىرىك جان قالمىدى. ئۇلاردىن نە ئەسلىمىلەر، نە ئۆزلىرى، نە ئىزلىرى قالمىدى. ئۇلاردىن مۇشۇ قەبىھ سۈپەتتىن باشقا ھېچنىمە قالمىدى.

* * * * * * *

۞ وَإِنَّ مِن شِيعَتِهِۦ لَإِبْرَٰهِيمَ ﴿٨٣﴾ إِذْ جَآءَ رَبَّهُۥ بِقَلْبٍ سَلِيمٍ ﴿٨٤﴾ إِذْ قَالَ لِأَبِيهِ وَقَوْمِهِۦ مَاذَا تَعْبُدُونَ ﴿٨٥﴾ أَئِفْكًا ءَالِهَةً دُونَ ٱللَّهِ تُرِيدُونَ ﴿٨٦﴾ فَمَا ظَنُّكُم بِرَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٨٧﴾

*ئىبراھىممۇ ھەققەتەن نۇھنىڭ دىنىغا تەۋەلەردىن ئىدى*﴿83﴾*. ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم پەرۋەردىگارىغا ساغلام (يەنى مۇشرىكلىكتىن، شەكتىن پاك) دىل بىلەن كەلگەن ئىدى*﴿84﴾*. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئاتىسى (ئازەر)گە ۋە قەۋمىگە (ئۇلارنى ئەيىبلەپ) ئېيتتى: «سىلەر نېمىگە ئىبادەت قىلىۋاتىسىلەر؟*﴿85﴾*. سىلەر الله نى قويۇپ يالغان ئىلاھلارغا چوقۇنامسىلەر؟*﴿86﴾*. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان (الله غا) نېمىشقا گۇمان قىلىسىلەر؟»*﴿87﴾.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**ئىبراھىممۇ ھەققەتەن نۇھنىڭ دىنىغا تەۋەلەردىن ئىدى**﴾ يەنى ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشكەنلەردىن ئىدى. مۇجاھىد: ئىبراھىم ئۇنىڭ ماڭغان يولىدا ۋە ئۇنىڭ تۇتقان سۈننىتىدە ئىدى، دېدى.

www.munber.org

**﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم پەرۋەردىگارىغا ساغلام (يەنى مۇشرىكلىكتىن، شەكتىن پاك) دىل بىلەن كەلگەن ئىدى﴾** ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئىبراھىم بىر اللە دىن باشقا ھېچ ئىلاھ بەرھەق يوقتۇر دېگەن تەۋھىد ئەقىدىسى بىلەن كەلگەن ئىدى، دېدى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم، ئەۋفىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن مۇھەممەد ئىبنى سىرىيىندىن ”ساغلام دىل“ دېگەن نىمە؟ دەپ سورىدىم. ئۇ: اللە تائالانىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، قىيامەتنىڭ شەكسىز بولىدىغانلىقىنى ۋە اللە تائالانىڭ قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلىشتىن ئىبارەت ئاڭغا ئىگە دىل، دەپ جاۋاب بەردى. ھەسەن: ”ساغلام دىل“ بولسا شېرىكتىن ساغلام بولغان دىلدۇر، دېدى.

**﴿ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئاتىسى (ئازەر) گە ۋە قەۋمىگە﴾** ئۇلارنىڭ بۇتلارغا، شېرىكلەرگە چوقۇنغانلىقىنى ئەيىبلەپ **﴿ئېيتتى: «سىلەر نېمىگە ئىبادەت قىلىۋاتىسىلەر؟ سىلەر اللە نى قويۇپ يالغان ئىلاھلارغا چوقۇنامسىلەر؟ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان (اللە غا) نېمىشقا گۇمان قىلىسىلەر؟»﴾** بۇ ئايەت ھەققىدە قەتادە: سىلەر ھەقىقەتەن اللە تائالاغا باشقا نەرسىلەرنى قوشۇپ چوقۇندۇڭلار، ئەگەر اللە تائالاغا ئۇچرىشىپ قالساڭلار ئۇنىڭ سىلەرنى نېمە قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟ دېدى.

* * * * * * *

فَنَظَرَ نَظْرَةً فِي ٱلنُّجُومِ ﴿٨٨﴾ فَقَالَ إِنِّي سَقِيمٌ ﴿٨٩﴾ فَتَوَلَّوْاْ عَنْهُ مُدْبِرِينَ ﴿٩٠﴾ فَرَاغَ إِلَىٰٓ ءَالِهَتِهِمْ
فَقَالَ أَلَا تَأْكُلُونَ ﴿٩١﴾ مَا لَكُمْ لَا تَنطِقُونَ ﴿٩٢﴾ فَرَاغَ عَلَيْهِمْ ضَرْبًۢا بِٱلْيَمِينِ ﴿٩٣﴾ فَأَقْبَلُوٓاْ إِلَيْهِ يَزِفُّونَ
﴿٩٤﴾ قَالَ أَتَعْبُدُونَ مَا تَنْحِتُونَ ﴿٩٥﴾ وَٱللَّهُ خَلَقَكُمْ وَمَا تَعْمَلُونَ ﴿٩٦﴾ قَالُواْ ٱبْنُواْ لَهُۥ بُنْيَٰنًا فَأَلْقُوهُ فِي
ٱلْجَحِيمِ ﴿٩٧﴾ فَأَرَادُواْ بِهِۦ كَيْدًا فَجَعَلْنَٰهُمُ ٱلْأَسْفَلِينَ ﴿٩٨﴾

***ئۇ يۇلتۇزلارغا قارىدى، ئاندىن: «مەن ھەقىقەتەن كېسەل بولۇپ قالىمەن» دېدى﴿88- 89﴾. ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ئايرىلىشتى (يەنى ئۇنى تاشلاپ كېتىشتى)﴿90﴾. ئىبراھىم ئاستا ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ: «(مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن، بۇ تاماقتىن) يېمەمسىلەر﴿91- 92﴾. ئاندىن ئۇلارغا يۈزلىنىپ ئوڭ قولى بىلەن ئۇرۇپ پاچاقلاشقا كىرىشتى﴿93﴾. ئۇلار (يەنى قەۋمى) ئىبراھىمنىڭ يېنىغا ئالدىراپ ـ سالدىراپ كېلىپ: «بىز ئۇلارغا چوقۇنۇۋاتساق، سەن ئۇلارنى چېقىپ تاشلامسەن؟» دېدى﴿94﴾. ئىبراھىم ئېيتتى: «(ئۆزەڭلار) ئويۇپ ياسىغان بۇتلارغا چوقۇنامسىلەر؟﴿95﴾. ھالبۇكى، سىلەرنى ۋە ياسىغان نەرسەڭلارنى اللە ياراتقاندۇر»﴿96﴾. ئۇلار: «ئىبراھىم ئۈچۈن بىر بىنا سېلىڭلار، (ئۇنى ئوتۇن بىلەن تولدۇرۇپ ئوت يېقىڭلار، ئوت يانغاندا) ئۇنى ئوتقا تاشلاڭلار» دېدى. (ئۇلار ئىبراھىمنى ئوتقا تاشلاش بىلەن) ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلماقچى بولدى﴿97﴾. بىز (ئىبراھىمنى ئوتتىن سالامەت قۇتقۇزۇش بىلەن) ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدۇق﴿98﴾.***

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قەۋمى بايرام قىلىشقا ماڭغان چېغىدا پەقەت شەھەردە قېلىپ قېلىش ئۈچۈنلا ئۇلارغا شۇ سۆزنى قىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بايرام قىلىشقا چىقىدىغان ۋاقتى يېقىنلاشقان بولغاچقا، ئىبراھىم شەھەردە يالغۇز قېلىپ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىماقچى بولۇپ ئۇلارغا: مەن ھەقىقەتەن كېسەل بولۇپ قالىمەن، دېگەن سۆزنى قىلدى. بۇ ھەق سۆز ئىدى. چۈنكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام روھىي

www.munber.org

جەھەتتىكى كېسەللىكنى كۆزدە تۇتقان ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىۋاتقان نەرسىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئۇنى كېسەل بولۇپ قالدۇ، دەپ ئويلىدى.

﴿ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ئايرىلىشتى (يەنى ئۇنى تاشلاپ كېتىشتى)﴾ قەتادە: ئەرەبلەرنىڭ پىكىر يۈرگۈزگەن كىشىگە ئۇ يۇلتۇزلارغا قاراپتۇ دەيدىغان ئادىتى بار، دېدى. قەتادىنىڭ دېمەكچى بولغىنى، ئىبراھىم پىكىر قىلغان قىياپەتتە ئۇلارنىڭ دىققىتىنى بۇراپ ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ: ﴿مەن ھەقىقەتەن كېسەل بولۇپ قالىمەن﴾ دېدى، دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

ئىبنى جەرىر، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەقەت ئۈچ قېتىم يالغان سۆز قىلغان بولۇپ، ئىككىسى الله تائالا توغرۇلۇقتۇر. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ﴿مەن ھەقىقەتەن كېسەل بولۇپ قالىمەن﴾ دېگەن سۆزىدۇر، ئىككىنچىسى، ﴿بەلكى ئۇلارنىڭ مۇنۇ چوڭى شۇنداق قىلدى﴾[1] دېگەن سۆزىدۇر. ئۈچىنچىسى، ئايالى سارە توغرۇلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ: ئۇ مېنىڭ ھەمشىرەمدۇر دېگەن سۆزىدۇر».

بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلار قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈپ رىۋايەت قىلغان. لېكىن، بۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ئەيىبلىنىدىغان ھەقىقي يالغان سۆزلەر ئەمەس، ئىبراھىم ئۇنداق يالغان سۆزلەرنى قىلىشتىن پاكتۇر ۋە يىراقتۇر. بۇ پەقەت شەرىئەتنىڭ ۋە دىنى مەقسەت ئۈچۈن پاساھەتلىك سۆزلەرنى قوللىنىشتىكى ماھارەتنى كۆرسىتىش. بەزىلەر: ﴿مەن ھەقىقەتەن كېسەل بولۇپ قالىمەن﴾ دېگەن سۆزدىن سىلەرنىڭ الله تائالانى قويۇپ بۇتلارغا چوقۇنغانلىقىڭلاردىن دىلىم كېسەل بولۇپ قالدۇ (يەنى سىلەرنىڭ باتىل قىلمىشلىرىڭلارغا مەن سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايمەن) دېگەن مەزمۇن كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن.

ئىبنى ئەبۇھاتەم، بۇ ھەقتە ھەسەنبەسرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبراھىمنىڭ قەۋمى بايرامغا چىقىپ كەتتى. ئۇلار ئىبراھىمنىمۇ ئېلىپ چىقماقچى بولۇۋېدى، ئىبراھىم ئوڭدىسىغا يېتىۋېلىپ ﴿مەن ھەقىقەتەن كېسەل بولۇپ قالىمەن﴾ دېدى ۋە ئاسمانغا قاراپ قويدى. ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىدى.

﴿ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ئايرىلىشتى (يەنى ئۇنى تاشلاپ كېتىشتى)﴾ ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىبراھىم پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بۇتلار بار يەرگە يوشۇرۇن ھالدا ناھايىتى تېز باردى ۋە ﴿(مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن، بۇ تاماقتىن) يېمەمسىلەر؟ نېمىشقا گەپ قىلمايسىلەر؟ دېدى﴾ چۈنكى، بۇتپەرەسلەر ئۆزلىرىگە بەرىكەت تىلەپ يېمەكلىكلىرىنى ۋە قۇربانلىقنى بۇتلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويغان ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇتلارنىڭ ئالدىدىكى يېمەكلىكلەرنى كۆرگەندىن كېيىن شۇ سۆزلەرنى قىلدى.

﴿ئاندىن ئۇلارغا يۈزلىنىپ ئوڭ قولى بىلەن ئۇرۇپ پاچاقلاشقا كىرىشتى﴾ ئىبراھىم ئۇلارنى ئوڭ قولى بىلەن ئۇرۇپ پاچاقلاپ تاشلىدى. چۈنكى، ئوڭ قول قاتتىق ۋە كۈچلۈكتۇر. ئۇ بۇ بۇتلارنى چېقىپ پارچە ـ پارچە قىلىۋەتتى، ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىپ بۇتلارنى كىمنىڭ چاققانلىقىنى سورىشى ئۈچۈن پەقەت چوڭ بۇتنى چاقماي قالدۇردى. بۇنىڭ تەپسىرى سۈرە ئەنبىيادا بايان قىلىنغان.

﴿ئۇلار (يەنى قەۋمى) ئىبراھىمنىڭ يېنىغا ئالدىراپ ـ سالدىراپ كېلىپ﴾ بۇ قىسسە بۇ يەردە قىسقىلا بايان قىلىنغان، سۈرە ئەنبىيادا بولسا تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئۇلار بايرامدىن قايتىپ كەلگەن چاغدا ئۇنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى دەرھال بىلەلمىدى. ئۇلار سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق بۇ ئىشنى ئىبراھىمنىڭ

---

[1] سۈرە ئەنبىيا 63 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

قىلغانلىقىنى بىلىۋالدى. ئۇلار ئىبراھىمنى ئەيىبلەش ئۈچۈن كەلگەن چاغدا، ئىبراھىم ئۇلارغا تەنە قىلىپ ۋە ئۇلارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېدى: ﴿(ئۆزەڭلار) ئويۇپ ياسىغان بۇتلارغا چوقۇنامسىلەر؟﴾ يەنى الله تائالانى قويۇپ، ئۆزەڭلار قوللىرىڭلار بىلەن ئويۇپ ياسىۋالغان بۇتلارغا چوقۇنامسىلەر؟

﴿**ھالبۇكى، سىلەرنى ۋە ياسىغان نەرسەڭلارنى الله ياراتقاندۇر**﴾ شۇ چاغدا ئۇلار پاكىتتا يېڭىلىپ قىلىپ كۆچ ئىشلىتىشكە يۈزلىنىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئىبراھىم ئۈچۈن بىر بىنا سېلىڭلار، (ئۇنى ئوتۇن بىلەن تولدۇرۇپ ئوت يېقىڭلار، ئوت يانغاندا) ئۇنى ئوتقا تاشلاڭلار**﴾ ئۇلارنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا قىلغان بۇ ئىشلىرىمۇ سۈرە ئەنبىيادا تەپسىلىي بايان قىلىنغان ئىدى. الله تائالا ئىبراھىمنى ئوتتىن قۇتقۇزدى ۋە ئۇنى كاپىرلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇردى، دەلىل ـ پاكىتلىرىنى ئۇلارنىڭ سەپسەتىلىرىدىن ئۈستۈن قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەردى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئۇلار ئىبراھىمنى ئوتقا تاشلاش بىلەن) ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلماقچى بولدى. بىز (ئىبراھىمنى ئوتتىن سالامەت قۇتقۇزۇش بىلەن) ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدۇق**﴾.

* * * * * * *

وَقَالَ إِنِّي ذَاهِبٌ إِلَىٰ رَبِّي سَيَهْدِينِ ﴿٩٩﴾ رَبِّ هَبْ لِي مِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٠٠﴾ فَبَشَّرْنَٰهُ بِغُلَٰمٍ حَلِيمٍ
﴿١٠١﴾ فَلَمَّا بَلَغَ مَعَهُ ٱلسَّعْيَ قَالَ يَٰبُنَيَّ إِنِّيٓ أَرَىٰ فِي ٱلْمَنَامِ أَنِّيٓ أَذْبَحُكَ فَٱنظُرْ مَاذَا تَرَىٰ ۚ قَالَ يَٰٓأَبَتِ
ٱفْعَلْ مَا تُؤْمَرُ ۖ سَتَجِدُنِيٓ إِن شَآءَ ٱللَّهُ مِنَ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿١٠٢﴾ فَلَمَّآ أَسْلَمَا وَتَلَّهُۥ لِلْجَبِينِ ﴿١٠٣﴾ وَنَٰدَيْنَٰهُ أَن
يَٰٓإِبْرَٰهِيمُ ﴿١٠٤﴾ قَدْ صَدَّقْتَ ٱلرُّءْيَآ ۚ إِنَّا كَذَٰلِكَ نَجْزِي ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿١٠٥﴾ إِنَّ هَٰذَا لَهُوَ ٱلْبَلَٰٓؤُا۟ ٱلْمُبِينُ
﴿١٠٦﴾ وَفَدَيْنَٰهُ بِذِبْحٍ عَظِيمٍ ﴿١٠٧﴾ وَتَرَكْنَا عَلَيْهِ فِي ٱلْءَاخِرِينَ ﴿١٠٨﴾ سَلَٰمٌ عَلَىٰٓ إِبْرَٰهِيمَ ﴿١٠٩﴾ كَذَٰلِكَ نَجْزِي
ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿١١٠﴾ إِنَّهُۥ مِنْ عِبَادِنَا ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿١١١﴾ وَبَشَّرْنَٰهُ بِإِسْحَٰقَ نَبِيًّا مِّنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١١٢﴾
وَبَٰرَكْنَا عَلَيْهِ وَعَلَىٰٓ إِسْحَٰقَ ۚ وَمِن ذُرِّيَّتِهِمَا مُحْسِنٌ وَظَالِمٌ لِّنَفْسِهِۦ مُبِينٌ ﴿١١٣﴾

*ئىبراھىم ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم مېنى بۇيرۇغان جايغا ھىجرەت قىلىمەن، ئۇ مېنى يېتەكلەيدۇ﴿99﴾. پەرۋەردىگارىم! ماڭا بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن» ﴿100﴾. بىز ئىبراھىمغا ناھايىتى مۇلايىم بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق﴿101﴾. ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا، ئىبراھىم: «ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى الله نىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ)، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟» دېدى. ئۇ ئېيتتى: «ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، خۇدا خالىسا (ئۇنىڭغا) مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن» ﴿102﴾. ئىككىسى (الله نىڭ ئەمرىگە) بويسۇندى، ئىبراھىم ئۇنى (يەنى ئوغلىنى بوغۇزلاش ئۈچۈن) يېنى ياتقۇزدى﴿103﴾. بىز ئۇنىڭغا: «ئى ئىبراھىم! (ھېلىقى) چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ (يەنى چۈشۈڭدە بۇيرۇلغاننى بەجا كەلتۈردۈڭ)» دەپ نىدا قىلدۇق. بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز ﴿104 - 105﴾. بۇ ھەقىقەتەن روشەن سىناقتۇر﴿106﴾. بىز ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىقنى (يەنى جەننەتتىن*

www.munber.org

***چىققان قوچقارنى) بەردۇق*** ﴿107﴾***.كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭغا ياخشى نام قالدۇردۇق*** ﴿108﴾***. ئىبراھىمغا سالام بولسۇن!*** ﴿109﴾ ***. بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز*** ﴿110﴾***. ئۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ مۆمىن بەندىلىرىمىزدىندۇر*** ﴿111﴾***. ئۇنىڭغا بىز پەيغەمبەر بولىدىغان ۋە ياخشىلاردىن بولىدىغان ئىسھاق بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق*** ﴿112﴾***. ئىبراھىمغا ۋە ئىسھاققا (دىنىنىڭ ۋە دۇنيانىڭ) بەرىكەتلىرىنى ئاتا قىلدۇق، ئۇلارنىڭ نەسلىدىن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارمۇ، (گۇناھ ۋە كۇفرى بىلەن) ئۆزىگە ئاشكارا زۇلۇم قىلغۇچىلارمۇ چىقىدۇ*** ﴿113﴾.

## ئىبراھىمنىڭ ھىجرەت قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلىش بىلەن سىنالغانلىقى ۋە الله تائالانىڭ ئۇنىڭغا نېمەت ئاتا قىلغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە قەۋمىگە قارشى الله تائالانىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن، قەۋمىنىڭ كاتتا مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇسمۇ ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ھىجرەت قىلىپ كېتىشى ئالدىدا مۇنداق دېگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ: ﴿**مەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم مېنى بۇيرۇغان جايغا ھىجرەت قىلىمەن، ئۇ مېنى يېتەكلەيدۇ. پەرۋەردىگارىم! ماڭا بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن**﴾ يەنى ئۇ ئايرىلىپ كېتىۋاتقان قەۋمى ۋە تۇغقانلىرىنىڭ ئورنىغا الله تائالادىن ئىتائەتچان پەرزەنت ئاتا قىلىشنى تىلىدى.

﴿**بىز ئىبراھىمغا ناھايىتى مۇلايىم بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق**﴾ بۇ ئوغۇل ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا خوش خەۋەر بېرىلگەن تۇنجى ئوغۇلدۇر، ئىسمائىلنىڭ ئىسھاقتىن چوڭ ئىكەنلىكىدە مۇسۇلمانلار ۋە ئەھلى كىتابلار بىردەك قاراشتا ئىگە. ئەھلى كىتابنىڭ كىتاۋىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام **86** ياشقا كىرگەندە ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان، ئۇ **99** ياشقا كىرگەندە ئىككىنچى ئوغلى ئىسھاق تۇغۇلغان دەپ كۆرسىتىلگەن. ئەھلى كىتابنىڭ كىتاۋىدا بۈيۈك ۋە يۈكسەك الله تائالا ئىبراھىمنى يالغۇز ئوغلىنى قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇغان دېيىلگەن. بۇ كىتابلارنىڭ يەنە بىر نۇسخىسىدا: تۇنجى ئوغلىنى دېيىلگەن. بىراق ئۇلار بۇ يەرگە يالغانچىلىق قىلىپ ”ئىسھاق“ دېگەن سۆزنى ئويدۇرۇپ كىرگۈزگەن. بۇ ھەرگىزمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئۆزلىرىنىڭ كىتابىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنغا قارىمۇقارشى سۆزدۇر. ئۇلار ئىسھاق دېگەن سۆزنى پەقەت ئۇ ئۆزلىرىنىڭ چوڭ بوۋىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا كىرگۈزگەن. ئىسمائىل بولسا ئەرەبلەرنىڭ چوڭ بوۋىسىدۇر. شۇڭا ئۇلار ئەرەبلەرگە ھەسەت قىلىپ ئىسھاق دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويغان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئوغلۇڭ يوق دېگەن ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان ”يالغۇز ئوغلۇڭنى“ دېگەن سۆزنى ئۆزگەرتىۋەتكەن.

ئىبراھىم ئوغلى ئىسمائىل بىلەن ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ھاجەرنى ئېلىپ مەككىگە بارغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى بۇرمىلانغان ۋە ئۆزگەرتىلگەن باتىل سۆزدۇر. چۈنكى، يالغۇز ئوغلۇڭ دەپ پەقەت ئۇنىڭدىن باشقا ئوغلى بولمىغان ئادەمگىلا شۇنداق دېيىلىدۇ. يەنە كېلىپ باشقا پەرزەنتلىرى بولمىغان ئادەمگە ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى ئىنتايىن ئەزىز ۋە قەدىرلىك بولىدۇ. ئىبراھىمنى شۇ قەدىرلىك يالغۇز ئوغلى ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ چوڭ سىناقتۇر.

﴿**ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا**﴾ يەنى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئاتىسى بىلەن ئۇيان ـ بۇيانغا بىللە بېرىپ كېلەلىگۈدەك ھالدا ئۆسۈپ چوڭ بولدى. ئىبراھىم

ئەلەيهىسسالام هەر ۋاقىت پاران[1] شەھىرىگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئوغلىنى ۋە ئوغلىنىڭ ئانىسى هاجەرنى يوقلاپ تۇراتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى كۆزىتىپ تۇراتتى. ئېيتىلىشچە ئىبراھىم ئۇ يەرگە دۇلدۇلغا مىنىپ ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە يېتىپ باراتتىكەن. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇما، مۇجاھىد، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئاتا خوراسانى، زەيد ئىبنى ئەسلەم ۋە باشقىلاردىن ﴿**ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى: ئۇ ئۆسۈپ يېتىلىپ ئاتىسى ئىبراھىمنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىنى ئۆزى قىلالىغۇدەك چوڭ بولغاندا دېگەنلىكتۇر، دەپ رىۋايەت قىلىندى.

﴿**ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا، ئىبراھىم: «ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى الله نىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ)، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟» دېدى**﴾ بۇ ھەقتە ئۇبەيد ئىبنى ئۇمەير: پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشلىرى ۋەھىيدىن ئىبارەتتۇر، دېگەن ۋە بۇ ئايەتنى ئوقۇغان: ﴿**ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟» دېدى**﴾ ئىبراھىم پەقەت قولاي بولسۇن ئۈچۈن ۋە ئوغلىنىڭ سەۋرچانلىقىنى، كۈچىنى ۋە ئۇنىڭ كىچىكىدىنلا الله تائالاغا ۋە ئاتىسىغا بولغان ئىتائەتچانلىق ئىرادىسىنى سىناش ئۈچۈن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئوغلىغا بىۋاستە ئۇقتۇردى. ﴿**ئۇ ئېيتتى: «ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن**﴾ يەنى الله تائالا ساڭا مېنى قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇغان بولسا، بۇ ئىشنى ئورۇندىغىن.

﴿**خۇدا خالىسا (ئۇنىڭغا) مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن**﴾ يەنى مەن سەۋر قىلىمەن ۋە ئۇنىڭ بەدىلىگە غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالانىڭ ھۇزۇرىدا ساۋاب ئۈمىد قىلىمەن. ئىسمائىل ئەلەيهىسسالام ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. شۇڭا الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ئىسمائىل (نىڭ قىسسى) نى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە راستچىل، ھەم رەسۇل، ھەم پەيغەمبەر ئىدى. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە بۇيرۇيتتى، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ئىدى﴾[2].

﴿**ئىككىسى (الله نىڭ ئەمرىگە) بويسۇندى**﴾ ئۇ ئىككىسى الله تائالانى ياد ئېتىپ كەلىمە شاھادەتنى ئوقۇدى. ئىبراھىم ئوغلىنى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن، ئىسمائىل بولسا ئۆلۈمگە تەييار بولۇش ئۈچۈن شاھادەت ئوقۇدى.

﴿**ئىبراھىم ئۇنى (يەنى ئوغلىنى بوغۇزلاش ئۈچۈن) يېنى ياتقۇزدى**﴾ مۇجاھىد، ئىكرىمە، قەتادە، سۇددى، ئىبنى ئىسهاق ۋە باشقىلار: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىككىسى يەنى ئىبراھىم الله تائالانىڭ ئەمرىنى ئورۇنداشقا، ئىسمائىل الله تائالاغا ۋە ئاتىسىغا ئىتائەت قىلىشقا بويسۇندى ۋە باش ئەگدى دېگەنلىكتۇر، دەيدۇ.

﴿**ئىبراھىم ئۇنى يېنى ياتقۇزدى**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى: يەنى ئىبراھىم ئوغلىنى، بوغۇزلىغاندا ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرمەسلىك ۋە ئۇنى بوغۇزلاش ئۆزىگە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن (يەنى ئوغلىغا تارتىشىپ قېلىپ الله تائالانىڭ ئەمرىنى ئورۇندىيالماي قالماسلىق ئۈچۈن)، ئۇنى گەدىنى تەرىپىدىن بوغۇزلاشقا تىرىشىپ دۈم ياتقۇزدى، دېگەنلىكتۇر. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير،

[1] پاران ئىبران تىلىدا مەككە ياكى مەككىنىڭ تاغلىرىنى كۆرسىتىدۇ.
[2] سۈرە مەريەم 54 ـــ 55 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

زەھھاك ۋە قەتادە قاتارلىقلار بۇ ئايەتنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىنى يۈزىنى يەرگە قىلىپ دۈم ياتقۇزدى دەپ تەپسىر قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغاندىن كېيىن سافا بىلەن مەرۋىنى سەئيي قىلىۋاتقاندا شەيتان ئۇنىڭغا ئۇچرىشىپ ئىبراھىم بىلەن بەسلەشكەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن. ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىبراھىمنى ئېلىپ مىنادىكى جەمرە ـ ئەقەبىگە ئېلىپ بارغان. ئۇ يەردە شەيتان ئىبراھىمغا كۆرۈنگەن، شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم يەتتە تال تاشنى شەيتانغا قارىتىپ ئاتقان، نەتىجىدە شەيتان ئۇ يەردىن كېتىپ قالغان، ئاندىن شەيتان ئۇنىڭغا "جەمرەتۇلۋۇستا" نىڭ يېنىدا يەنە كۆرۈنگەن، ئىبراھىم ئۇنىڭغا يەنە يەتتە تال تاش ئاتقان. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىسمائىلنى بوغۇزلاش ئۈچۈن دۈم ياتقۇزغان. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈستىدە بىر ئاق كۆينەك بار ئىدى. ئۇ: "ئى ئاتا! مېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا مېنى كېپەنلىگىدەك كىيىمىم يوق، ئۇنى سالدۇرۇۋەتكىن، ئۇنىڭ بىلەن مېنى كېپەنلىگىن" دېگەن. ئاندىن ئىبراھىم كۆينەكنى سالدۇرۇۋاتقان چاغدا ئارقا تەرىپىدىن **﴿ئى ئىبراھىم! (ھېلىقى) چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ﴾** دەپ نىدا قىلىنغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇرۇلۇپ ئارقىغا قاراپ ناھايىتى چىرايلىق، مۈڭگۈزلۈك بىر ئاق قوچقارنى كۆرگەن. ئىبنى ئابباس سۆزىنى داۋام قىلىپ: بىزمۇ شۇڭا ئاشۇ تۈردىكى قوچقارلارنى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئىزدىنىمىز، دېگەن. ھىشام ھەج پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى بايانىدا بۇ ھەدىسنى تولۇق بايان قىلغان.

**﴿بىز ئۇنىڭغا: ئى ئىبراھىم! (ھېلىقى) چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ﴾** يەنى ئوغلۇڭنى بوغۇزلاش ئۈچۈن ياتقۇزۇشۇڭ بىلەن ھېلىقى چۈشۈڭدىكى مەقسەت ھەقىقەتەن ھاسىل بولدى **﴿دەپ نىدا قىلدۇق﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سۇددى ۋە باشقىلار: ئىبراھىم پىچاقنى ئوغلىنىڭ بويىنىغا سۈركىگەن، بىراق پىچاق ھېچ نەرسىنى كەسمىگەن، بەلكى پىچاق بىلەن ئىسمائىلنىڭ بويىنىنىڭ ئارىسىنى بىر نېپىز مىس توسۇۋالغان، شۇ چاغدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا: **﴿(ھېلىقى) چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ﴾** دەپ نىدا قىلىنغان، دەيدۇ.

**﴿بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز﴾** يەنى بىزگە ئىتائەت قىلغان كىشىلەردىن يامان كۆرۈلىدىغان ئىشلار بىلەن ئېغىرچىلىقلارنى مانا مۇشۇنداق كۆتۈرۈۋېتىمىز، ئۇلارغا ئىشلىرىدا ئاسانلىق ۋە چىقىش يولى بېرىمىز. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى الله دىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. الله ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ، كىمكى الله غا تەۋەككۇل قىلسا، الله ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ، الله ھەقىقەتەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، الله ھەقىقەتەن ھەر بىر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن مىقدار، مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى﴾[1] ئەقىدە ئالىملىرىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر بۇ ئايەت بىلەن بۇ قىسسىنى بىرەر ئىشنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشتىن ئىلگىرى تەقدىر بويىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغانلىقىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە دەلىل ـ ئىسپات قىلىپ كۆرسەتتى. بۇ ئايەتنىڭ ئاشكارا مەنىسىمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى، الله تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوغلىنى بوغۇزلاشنى بەلگىلىدى، ئاندىن ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئۇنىڭغا (قوچقارنى) فىدىيە بېرىش ئارقىلىق ئۇنى ئوغلىنى بوغۇزلاشتىن قايتۇردى، الله تائالانىڭ ئۇ ھۆكۈمنى بەلگىلىشىدىكى مەقسەت شۇكى، دوستى ئىبراھىمنىڭ ئوغلىنى بوغۇزلاشتا كۆرسەتكەن سەۋرچانلىقىغا ۋە ئۇنى ئورۇنداش ئۈچۈن بەل باغلىغانلىقىغا ساۋاب

---

[1] سۈرە تالاق 2 ـ 3 ئايەتلەر.

www.munber.org

بېرىش ئۇچۇندۇر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ ھەقىقەتەن روشەن سىناقتۇر﴾ يەنى ئەڭ سۆيۈملۈك ئادىمى بولغان ئوغلىنى بوغۇزلاشقا بۇيرۇش روشەن ۋە ئوچۇق سىناقتۇر. ئىبراھىم الله تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنغان، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان ھالدا الله تائالانىڭ ئەمرىنى ئورۇنداشقا تېزدىن تۇتۇش قىلدى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىبراھىم ۋاپادار كىشى ئىدى﴾[1].

﴿**بىز ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىقنى بەردۇق**﴾ بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا ئۇنىڭغا جەننەتتە 40 يىل ئوتلىغان بىر قوچقارنى بەردى.

ئىمام ئەھمەد، شەيبەنىڭ قىزى سەفىيەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەنى سۇلەيم قەبىلىسىدىن بىر ئايال ماڭا مۇنداق خەۋەر قىلدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمان ئىبنى تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى چاقىرتقان. يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇ ئايال ئوسماندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېنى نېمىشقا چاقىرىپتۇ؟ دەپ سورىغان. ئوسمان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، مەن كەبىگە كىرگەن چاغدا ھېلىقى قوچقارنىڭ ئىككى مۈڭگۈزىنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇ ئىككى مۈڭگۈزنى يېپىپ قويۇشقا بۇيرۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئۇ مۈڭگۈزلەرنى يېپىپ قويغىن، كەبىدە ناماز ئوقۇيدىغان كىشىلەرگە دەخلە قىلىدىغان بىرەر نەرسىنىڭ بولۇشى توغرا ئەمەس» دېدى، دەپ جاۋاب بەرگەن. سۇفيان: ھېلىقى قوچقارنىڭ ئىككى تال مۈڭگۈزى كەبىدە ئىسقىلىق ھالدا داۋاملىق قېلىۋەردى، كېيىن كەبىگە ئوت كېتىپ ئۇ ئىككى مۈڭگۈزمۇ بىللە كۆيۈپ كەتتى، دېگەن. مانا بۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇربانلىق قىلغان ئوغلىنىڭ ئىسھاق بولماستىن بەلكى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىگە ئوچۇق دەلىلدۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، قۇرەيش قەبىلىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا فىدىيە قىلىپ بېرىلگەن ھېلىقى قوچقارنىڭ ئىككى مۈڭگۈزىنى كېيىنكىلەر ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە تاكى الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنگە قەدەر مىراس قىلىپ ساقلاپ كەلگەن ئىدى.

## قۇربانلىقنىڭ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى كەسكىن دەلىل ـ پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىغان ئەسەرلەر توغرىسىدا

سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئامىر شەئبى، يۇسۇف ئىبنى مەھران، مۇجاھىد، ئەتا ۋە بىر قانچە كىشىلەر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇربانلىق قىلىنماقچى بولغىنى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامدۇر. ئىبنى جەرىر، ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇربانلىقنىڭ ئورنىدا فىدىيە بېرىلگەن كىشى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامدۇر.

يەھۇدىيلار: ئۇ كىشى ئىسھاقتۇر دەپ جۆيلۈپ، يالغان سۆزلەيدۇ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: قۇربانلىق قىلىنماقچى بولغىنى ئىسمائىلدۇر، دەيدۇ. ئىبنى ئەبۇنەجىھ، مۇجاھىدنىڭ: ئۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامدۇر، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. يۇسۇف ئىبنى مەھرانمۇ شۇنداق دېگەن. شەئبىمۇ: ئۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامدۇر، مەن كەبىنىڭ ئىچىدە ھېلىقى قوچقارنىڭ ئىككى مۈڭگۈزىنى راستىنلا كۆردۈم، دېگەن. مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق، ھەسەن ئىبنى دىنارنىڭ، ئەمرى ئىبنى ئۇبەيد، ھەسەنبەسرىنىڭ: ئىبراھىمنىڭ ئىككى ئوغلىدىن قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇلغىنى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامدۇر، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

[1] سۈرە نەجم 37 ـ ئايەت.

www.munber.org

ئىبنى ئىسهاق، مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەزىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللہ تائالا ھەقىقەتەن ئىبراھىمنى ئىككى ئوغلىدىن بىرىنى بوغۇزلاشقا بۇيرۇغان، (ئۇنىڭ بوغۇزلىنىشقا بۇيرۇلغان ئوغلى) ئىسمائىلدۇر. بىز ئۇنى ھەقىقەتەن اللہ تائالانىڭ كىتابىنىڭ مەزمۇنىدىن بىلىۋالالايمىز. اللہ تائالا ئىبراھىمنىڭ ئىككى ئوغلىدىن بىرىنى قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇغانلىق ھەققىدىكى قىسسىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ﴿ئۇنىڭغا بىز پەيغەمبەر بولىدىغان ۋە ياخشىلاردىن بولىدىغان ئىسهاق بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق﴾ اللہ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇنىڭ ئايالى (يەنى سارە) بىر تەرەپتە تۇرۇپ (لۇت قەۋمىنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىدىن خۇشاللىنىپ) كۈلدى، بىز ئۇنىڭغا (يەنى سارەگە) ئىسهاق (ئاتلىق بالىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن ۋە ئىسهاقتىن كېيىن كېلىدىغان يەئقۇب (ئاتلىق نەۋرىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق﴾[1]. اللہ تائالا بۇ ئايەتتە ئىبراھىمنىڭ ئوغلىنى ۋە ئوغلىنىڭ ئوغلىنى تىلغا ئالدى. ئىبراھىمنى ئىسهاقنى قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇمىدى. ئىبراھىمغا ئىسهاق توغرۇلۇق ۋەدە قىلىنغان ۋاقىت تېخى كەلمىگەن ئىدى، قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇلغىنى پەقەت ئىسمائىلدۇر. ئىبنى ئىسهاق: مەن مۇھەممەد ئىبنى كەئب قورەزىنىڭ ئۇ سۆزنى كۆپ قېتىم دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، دېگەن.

ئىبنى ئىسهاق، مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەزىنىڭ بۇنى ئەينى ۋاقىتتا شامدا خەلىپە بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. شۇ چاغدا مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەزى ئۆمەر بىلەن شامدا بىللە ئىدى. ئۆمەر ئۇنىڭغا: شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ ئىش ئەلۋەتتە مەن كۆپ ئېتىبارغا ئالمىغان ئىشكەن، ھەقىقەتەن مەنمۇ ئۇنى سەن ئېيتقاندەك ئويلايمەن، دېگەن. ئاندىن ئۆمەر ئۆزى بىلەن شامدا تۇرىدىغان بىر ئادەمگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى چاقىرتىپ كەلدى. ئۇ ئەسلىدە يەھۇدىي بولۇپ كېيىن ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ۋە ياخشى مۇسۇلمان بولغان كىشى ئىدى. ئۆمەر ئۇ ئادەمنى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرىدىن دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئادەمدىن ئۇ ئەھۋال توغرىسىدا سورىدى. مۇھەممەد ئىبنى كەئب مۇنداق دەيدۇ: مەن شۇ چاغدا ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ يېنىدا ئىدىم، ئۆمەر ئۇ ئادەمدىن: ئىبراھىمنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ قايسىسى قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇلغان؟ دەپ سورىدى. ئۇ: ئەلۋەتتە ئىسمائىلدۇر، ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! اللہنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، يەھۇدىيلار بۇنى راستىنلا بىلىدۇ. لېكىن، ئۇلار ئىسمائىل ئەرەب جامائەسىنىڭ بوۋىسى بولغانلىقى، اللہ تائالانىڭ ئۇنى قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى، اللہ تائالا ئۇنى قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇغان چاغدا ئۇ سەۋر قىلغانلىقتىن، اللہ تائالا ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بايان قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ھەسەت قىلىشىدۇ. ئۇلار ئۇنى قەستەن ئىنكار قىلىدۇ، ئىسهاق ئۆزلىرىنىڭ بوۋىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلار قۇربانلىق ئىسهاقدۇر دەپ جار سېلىشىدۇ. قۇربانلىق ئىككىسىدىن قايسىسىنىڭ ئىكەنلىكىنى اللہ تائالا ئوبدان بىلىدۇ. (ئۇلارنىڭ) ھەر بىرى پاك، ياخشى اللہ تائالاغا ئىتائەتچان ئىدى، دەپ جاۋاب بەردى.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئوغلى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئاتامدىن قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇلغىنى ئىسمائىلمۇ ياكى ئىسهاقمۇ؟ دەپ سورىدىم. ئاتام: ئىسمائىل، دەپ جاۋاب بەردى. ئىبنى ئەبۇھاتەم: ئابدۇللاھنىڭ مەن ئاتامدىن: قۇربانلىقنىڭ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكى توغرىدۇر، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. ئەلى، ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇھۇرەيرە، ئەبۇتۇفەيل، سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ھەسەن، مۇجاھىد، شەئبى، مۇھەممەد ئىبنى

---

(1) سۈرە ھۇد 71 - ئايەت.

www.munber.org

كەئب قۇرەزى، ئەبۇجەئفەر، مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ۋە ئەبۇسالىھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ: قۇربانلىق قىلىنىشقا بۇيرۇلغىنى ئىسمائىلدۇر، دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

ئىمام بەغەۋى تەپسىر كىتابىدا: قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇلغان كىشىنىڭ ئىسمائىل ئىكەنلىكىگە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، سەئىد ئىبنى مۇسەييىب، سۇددى، ھەسەن بەسرى، مۇجاھىد، رەبىيئى ئىبنى ئەنەس، مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەزى ۋە كەلبى قاتارلىقلارنىڭمۇ بىردەك قاراشتا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئىبنى ئابباسنىڭمۇ شۇ قاراشتا ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. ئىمام بەغەۋى يۇقىرىدىكى بىرلىككە كەلگەن قاراشنى ئەبۇئەمر ئىبنى ئەلادىنمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى جەرىر، سۇنابەھىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇسۇفياننىڭ يېنىدا ئىدۇق، ئادەملەر: قۇربانلىق ئىسمائىلمۇ ياكى ئىسھاقمۇ؟ دېيىشتى. مۇئاۋىيە: سىلەر ھەقىقەتەن ئۇنىڭدىن خەۋەردار كىشىگە يولۇقتۇڭلار، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىدۇق، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئى ئىككى قۇربانلىقنىڭ ئوغلى! الله ساڭا غەنىمەت قىلىپ بەرگەن نەرسىدىن ماڭىمۇ بەرگىنى دېۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈپ كەتتى، دېدى. شۇ چاغدا كىشىلەر مۇئاۋىيەدىن: ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! ئىككى قۇربانلىق دېگەن نىمە؟ دەپ سورىدى. مۇئاۋىيە مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: ئابدۇلمۇ تەللىب زەمزەم قۇدۇقىنى يېڭىلاپ كولاشقا بۇيرۇلغان چاغدا، ئەگەر الله تائالا ئۇنىڭغا قۇدۇقنى قېزىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرسە، بۇنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن ئوغۇللىرىدىن بىرىنى قۇربانلىق قىلىشقا الله تائالا ئۈچۈن نەزىر قىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىش پۈتكەندە قۇربانلىق قىلىنىدىغان بالىسى ئۈچۈن تاشلانغان چەك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاتىسى ئابدۇللاھقا چىقىپ قالدى. ئابدۇللاھنىڭ ئانا تەرەپ تۇغقانلىرى ئابدۇلمۇتەللىبنى ئۇنى قۇربانلىق قىلىشتىن توسۇپ: بۇ ئوغلۇڭنىڭ ئورنىغا يۈز تۆگە فىدىيە بەرگىن، دېدى. ئابدۇلمۇتەللىب ئۇنىڭ ئورنىغا يۈز تۆگىنى فىدىيە بېرىپ قۇربانلىق قىلدى. بۇ بىرىنچى قۇربانلىقتۇر. ئىككىنچىسى بولسا ئىسمائىلدۇر.

**﴿ئۇنىڭغا بىز پەيغەمبەر بولىدىغان ۋە ياخشىلاردىن بولىدىغان ئىسھاق بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق﴾** ئىسمائىلدىن ئىبارەت قۇربانلىقنىڭ خۇش خەۋىرى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئۇنىڭ قېرىندىشى ئىسھاقنىڭ خۇش خەۋىرى بايان قىلىنىدى. بۇ ھەقتە سۈرە ھۇد بىلەن سۈرە ھىجىردا تەپسىلىي سۆزلەندى.

**﴿ئىبراھىمغا ۋە ئىسھاققا (دىنىنىڭ ۋە دۇنيانىڭ) بەرىكەتلىرىنى ئاتا قىلدۇق، ئۇلارنىڭ نەسلىدىن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارمۇ، (گۇناھ ۋە كۇفرى بىلەن) ئۆزىگە ئاشكارا زۇلۇم قىلغۇچىلارمۇ چىقىدۇ﴾** بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئېيتىلدى (يەنى الله ئېيتتى): «ئى نۇھ! ساڭا، سەن بىلەن (كېمىدە) بىللە بولغانلارنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىغا بىز تەرەپتىن نازىل بولغان ئامانلىق ۋە بەرىكەتلەر بىلەن (كېمىدىن) چۈشكىن، ئۇلارنىڭ يەنە بىر قىسىم ئەۋلادىنى (ھاياتىي دۇنيادىن) بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن ئۇلار بىزنىڭ قاتتىق ئازابىمىزغا دۇچار بولىدۇ»﴾[1].

* * * * * * *

---

[1] سۈرە ھۇد 48 ـ ئايەت.

www.munber.org

وَلَقَدۡ مَنَنَّا عَلَىٰ مُوسَىٰ وَهَٰرُونَ ﴿١١٤﴾ وَنَجَّيۡنَٰهُمَا وَقَوۡمَهُمَا مِنَ ٱلۡكَرۡبِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿١١٥﴾ وَنَصَرۡنَٰهُمۡ فَكَانُواْ هُمُ ٱلۡغَٰلِبِينَ ﴿١١٦﴾ وَءَاتَيۡنَٰهُمَا ٱلۡكِتَٰبَ ٱلۡمُسۡتَبِينَ ﴿١١٧﴾ وَهَدَيۡنَٰهُمَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ ﴿١١٨﴾ وَتَرَكۡنَا عَلَيۡهِمَا فِي ٱلۡأٓخِرِينَ ﴿١١٩﴾ سَلَٰمٌ عَلَىٰ مُوسَىٰ وَهَٰرُونَ ﴿١٢٠﴾ إِنَّا كَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿١٢١﴾ إِنَّهُمَا مِنۡ عِبَادِنَا ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١٢٢﴾

*بىز ھەقىقەتەن مۇسا بىلەن ھارۇنغا (پەيغەمبەرلىك بىلەن) ئېھسان قىلدۇق﴿114﴾. ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ قەۋمىنى (يەنى بەنى ئىسرائىلنى) چوڭ غەمدىن (يەنى پىرئەۋننىڭ ئۇلارنى قۇل قىلىشىدىن) خالاس تاپقۇزدۇق﴿115﴾. بىز ئۇلارغا ياردەم بەردۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار غەلىبە قىلدى﴿116﴾. ئۇلارغا روشەن بىر كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) بەردۇق﴿117﴾. ئۇلارنى توغرا يولغا باشلىدۇق﴿118﴾. كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇلارغا ياخشى نام قالدۇردۇق﴿119﴾. مۇساغا ۋە ھارۇنغا (بىزدىن) سالام بولسۇن﴿120﴾. بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز﴿121﴾. ئۇلار ھەقىقەتەن بىزنىڭ مۆمىن بەندىلىرىمىزدىندۇر﴿122﴾.*

## مۇسا ۋە ھارۇننىڭ بايانى توغرىسىدا

اللہ تائالا بۇ ئايەتلەردە مۇسا بىلەن ھارۇنغا ئاتا قىلغان پەيغەمبەرلىك ۋە ئۇ ئىككىسىنى ئۇلارغا ئىمان ئېيتقانلار بىلەن بىللە پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزغانلىق نېمىتىنى بايان قىلىدۇ. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمى ئۇلارغا ئازابلىق جازالارنى، ئەزىيەتلەرنى بېرەتتى. ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاياللىرىنى خىزمەتكار قىلىپ ئىشلىتىشكە ئېلىپ قالاتتى ـ دە، ئۇلارنى ئەڭ پەس ئىشلارغا سالاتتى. مۇشۇنداق بىر قىيىن شارائىتتا اللہ تائالا دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇلارغا ياردەم بەردى. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى دۈشمەنلىرىنىڭ قورقۇنچىدىن خاتىرجەم قىلدى. ئۇلار دۈشمەنلىرىنى يەڭدى، ئۇلارنىڭ يەر ـ زېمىنلىرىغا، ئۆمۈر بويى توپلىغان مال ـ دۇنيالىرىغا ئىگە بولدى. ئاندىن اللہ تائالا مۇساغا ئەلەيھىسسالامغا تەۋراتتىن ئىبارەت روشەن، ئوچۇق ۋە نۇرلۇق بولغان كاتتا كىتابنى نازىل قىلدى. بۇ ھەقتە اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ھەقىقەتەن مۇسا بىلەن ھارۇنغا فۇرقاننى، نۇرنى بەردۇق﴾[1] **﴿ئۇلارغا روشەن بىر كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) بەردۇق. ئۇلارنى﴾** سۆزلىرىدە ۋە ئەمەللىرىدە **﴿توغرا يولغا باشلىدۇق. كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇلارغا ياخشى نام قالدۇردۇق﴾** يەنى ئۇلاردىن كېيىن ئۇلارغا گۈزەل ئەسلىملەرنى چىرايلىق مەدھىيىلەرنى قالدۇردۇق **﴿مۇساغا ۋە ھارۇنغا (بىزدىن) سالام بولسۇن! بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. ئۇلار ھەقىقەتەن بىزنىڭ مۆمىن بەندىلىرىمىزدىندۇر﴾**.

* * * * * * *

وَإِنَّ إِلۡيَاسَ لَمِنَ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿١٢٣﴾ إِذۡ قَالَ لِقَوۡمِهِۦٓ أَلَا تَتَّقُونَ ﴿١٢٤﴾ أَتَدۡعُونَ بَعۡلًا وَتَذَرُونَ أَحۡسَنَ ٱلۡخَٰلِقِينَ ﴿١٢٥﴾ ٱللَّهَ رَبَّكُمۡ وَرَبَّ ءَابَآئِكُمُ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿١٢٦﴾ فَكَذَّبُوهُ فَإِنَّهُمۡ

[1] سۈرە ئەنبىيا 48 ـ ئايەت.

www.munber.org

لَمُحۡضَرُونَ ﴿١٢٧﴾ إِلَّا عِبَادَ ٱللَّهِ ٱلۡمُخۡلَصِينَ ﴿١٢٨﴾ وَتَرَكۡنَا عَلَيۡهِ فِي ٱلۡأٓخِرِينَ ﴿١٢٩﴾ سَلَٰمٌ عَلَىٰٓ إِلۡ
يَاسِينَ ﴿١٣٠﴾ إِنَّا كَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿١٣١﴾ إِنَّهُۥ مِنۡ عِبَادِنَا ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١٣٢﴾

*ئىلياسمۇ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەردىندۇر﴿123﴾. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قەۋمىگە ئېيتتى: «(اللہ دىن)*
*قورقمامسىلەر؟ ﴿124﴾. سىلەر ياراتقۇچىلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى (اللہ نى) تەرك ئېتىپ، بەئلى (ناملىق بۇت)گە*
*چوقۇنامسىلەر؟ ﴿125﴾. اللہ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر ۋە بۇرۇنقى ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭ*
*پەرۋەردىگارىدۇر» ﴿126﴾. ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇلار (ئازابقا) ھازىر*
*قىلىنىدۇ﴿127﴾. پەقەت اللہ نىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴿128﴾. كېيىنكىلەر ئىچىدە*
*ئۇنىڭغا (يەنى ئىلياسقا) ياخشى نام قالدۇردۇق﴿129﴾. ئىلياسقا (بىزدىن) سالام بولسۇن! ﴿130﴾. بىز*
*ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز﴿131﴾. ھەقىقەتەن ئۇ بىزنىڭ مۆمىن*
*بەندىلىرىمىزدىندۇر﴿132﴾.*

## ئىلياس ئەلەيھىسسالامنىڭ بايانى توغرىسىدا

قەتادە ۋە مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق: بۇ ئايەتتىكى: ”ئىلياس“ دېگەن ئىسىمدىن ئىدرىس ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەيدۇ. ئىبنى ئەبۇھاتەم، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: ئىلياس دېگەن سۆز ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. زەھھاكمۇ بۇ ھەقتە شۇنداق دېگەن.

ۋەھب ئىبنى مۇنەببەھ: ئىلياس ياسىننىڭ ئوغلىدۇر، ياسىن فىنھاسىنىڭ ئوغلىدۇر، فىنھاس ئەيزارنىڭ ئوغلىدۇر، ئەيزار ھارۇننىڭ ئوغلىدۇر، ھارۇن ئىمراننىڭ ئوغلىدۇر، دېگەن. اللہ تائالا ئىلياسنى ھىزقىل ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن بەنى ئىسرائىلغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. شۇ ۋاقىتتا ئۇلار ”بەئل“ دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇتقا چوقۇناتتى. ئىلياس ئۇلارنى اللہ تائالا تەرەپكە دەۋەت قىلىپ، اللہ تائالادىن باشقا نەرسىگە ئىبادەت قىلىشتىن توسقان. ئىلياسقا ئۇلارنىڭ پادىشاھى ئىمان ئېيتقان بولۇپ، كېيىن ئۇ ئىماندىن يېنىۋالغان ئىدى. ئۇلار گۇمراھلىقىدا داۋام قىلىۋەردى، ئۇلاردىن بىرمۇ ئادەم ئىلياسقا ئىمان ئېيتمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلياس اللہ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ ئۇلارغا بەددۇئا قىلدى. نەتىجىدە اللہ تائالا ئۇلارغا ئۈچ يىلغىچە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرمىدى. ئاندىن ئۇلار بۇ بالانىڭ ئۈزلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ئۈچۈن ئىلياستىن رەببىگە دۇئا قىلىشنى ئۆتۈندى ۋە ئەگەر ئۇلارغا يامغۇر ياغدۇرۇلسا، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىشتى. ئىلياس اللہ تائالاغا دۇئا قىلىپ ئۇلارغا يامغۇر تىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا مول يامغۇر ياغدى. لېكىن، ئۇلار كۇفرىدا تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئىلياس اللہ تائالادىن ئۆزىنى ئۆز دەرگاھى تەرەپكە ئېلىپ كېتىشنى تىلەپ دۇئا قىلدى. ئىلياسنىڭ قولىدا يەسەئى ئىبنى ئۇختۇپ ئەلەيھىسسالام تەربىيىلىنىپ چوڭ بولغان ئىدى. ئىلياس اللہ تائالا تەرىپىدىن مۇئەييەن بىر جايغا بېرىشقا، ئۇنىڭ يېنىغا نېمە كېلىشىدىن قەتئىينەزەر كەلگەن ئۇ نەرسىگە، مىنىشكە، ئۇنىڭدىن قىلچە قورقماسلىققا بۇيرۇلدى. ئۇ ۋەدە قىلىنغان جايغا بارغاندا ئۇنىڭ يېنىغا ئوتتىن بولغان بىر ئات كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاتقا مىنگەن، اللہ تائالا ئۇنى نۇر بىلەن ئورىغان ۋە ئۇنىڭغا قۇشلارنىڭ پەيلىرىنى كىيگۈزگەن. ئۇ پەرىشتىلەر بىلەن ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ئارىلىقىدا ئىنسان پەرىشتىسى بولۇپ ئۇچۇپ يۈرگەن، بۇ رىۋايەتنى ۋەھب ئىبنى مۇنەببەھ ئەھلى كىتابلاردىن مۇشۇنداق رىۋايەت قىلغان. بىراق ئۇنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى اللہ تائالا ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

www.munber.org

﴿ئۆز ۋاقتىدا قەۋمىگە ئېيتتى: (الله دىن) قورقماسىلەر؟﴾ يەنى الله تائالادىن باشقا نەرسىگە ئىبادەت قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالانىڭ سىلەرنى جازالىشىدىن قورقماسىلەر؟ ﴿سىلەر ياراتقۇچىلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى (الله تائالانى) تەرك ئېتىپ، بەئلى (ناملىق بۇت) قا چوقۇنامسىلەر؟﴾ بۇ ئايەت ھەققىدە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: بەئلى بىر بۇتنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇنىڭغا دەمەشقنىڭ غەربىگە جايلاشقان بەئلى بەككە دېگەن شەھەرنىڭ ئاھالىسى چوقۇناتتى. ﴿الله سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر ۋە بۇرۇنقى ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر﴾ يەنى ئىبادەت قىلىشقا ھېچ شېرىكى بولمىغان يالغۇز الله تائالانىڭ ئۆزىلا ھەقلىقتۇر.

﴿ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇلار﴾ قىيامەت كۈنى ئازابقا ﴿ھازىر قىلىنىدۇ. پەقەت الله نىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرى﴾ يەنى ئۇلاردىن الله تائالانى بار ۋە بىر دەپ بىلىدىغانلار ﴿بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭغا (يەنى ئىلياسقا) ياخشى نام﴾ يەنى گۈزەل مەدھىيە ﴿قالدۇردۇق. ئىلياسقا (بىزدىن) سالام بولسۇن! بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. ھەقىقەتەن ئۇ بىزنىڭ مۆمىن بەندىلىرىمىزدىندۇر﴾.

* * * * * * *

وَإِنَّ لُوطًا لَّمِنَ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿١٣٣﴾ إِذۡ نَجَّيۡنَٰهُ وَأَهۡلَهُۥٓ أَجۡمَعِينَ ﴿١٣٤﴾ إِلَّا عَجُوزٗا فِي ٱلۡغَٰبِرِينَ ﴿١٣٥﴾
ثُمَّ دَمَّرۡنَا ٱلۡأٓخَرِينَ ﴿١٣٦﴾ وَإِنَّكُمۡ لَتَمُرُّونَ عَلَيۡهِم مُّصۡبِحِينَ ﴿١٣٧﴾ وَبِٱلَّيۡلِۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ﴿١٣٨﴾

*لۇت ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەردىندۇر[133]. ئۆز ۋاقتىدا لۇتنى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ ھەممىسىنى قۇتقۇزدۇق[134]. پەقەت موماي (يەنى لۇتنىڭ ئايالى) نى قالدۇرۇپ ھالاك قىلدۇق[135]. ئاندىن قالغانلارنى (يەنى ئۇنىڭ قەۋمىدىن بولغان كۇففارلارنى) ھالاك قىلدۇق[136]. (ئى ئەھلى مەككە!) سىلەر ئۇلارنىڭ يەرلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۆتۈپ تۇرىسىلەر، سىلەر چۈشەنمەمسىلەر؟[137-138].*

## لۇت قەۋمىنىڭ ھالاك قىلىنغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى لۇت ئەلەيھىسسالامغا ئالاقىدار تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىن خەۋەر بېرىدۇ. الله تائالا ئۇنى قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدۇ. بىراق ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئايالىدىن باشقا تەۋەلىرىنى ھالاك بولۇشتىن قۇتقۇزىدۇ. ئۇنىڭ ئايالى ھالاك بولغان قەۋمى بىلەن بىللە ھالاك قىلىنىدۇ. الله تائالا ھەقىقەتەن ئۇلارنى تۈرلۈك ئازابلار بىلەن ھالاك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ياشاپ ئۆتكەن ئورنىنى مەنزىرىسى ناھايىتى كۆرۈمسىز، سۈيىنىڭ تەمى ئاچچىق، پۇرىقى بەدبۇي بولغان سېسىق كۆلگە ئايلاندۇرىۋېتىدۇ، ھەم ئۇ جاينى سەپەر قىلغۇچىلار كېچە ـ كۈندۈز ئۆتۈپ تۇرىدىغان يول ئۈستىدە قىلىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى ئەھلى مەككە!) سىلەر ئۇلارنىڭ يەرلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۆتۈپ تۇرىسىلەر، سىلەر چۈشەنمەمسىلەر؟﴾ يەنى الله تائالا ئۇلارنى قانداق ھالاك قىلغانلىقىدىن ئىبرەت ئالمامسىلەر؟ كاپىرلارنىڭ شۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟

* * * * * * *

www.munber.org

وَإِنَّ يُونُسَ لَمِنَ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿١٣٩﴾ إِذۡ أَبَقَ إِلَى ٱلۡفُلۡكِ ٱلۡمَشۡحُونِ ﴿١٤٠﴾ فَسَاهَمَ فَكَانَ مِنَ
ٱلۡمُدۡحَضِينَ ﴿١٤١﴾ فَٱلۡتَقَمَهُ ٱلۡحُوتُ وَهُوَ مُلِيمٌ ﴿١٤٢﴾ فَلَوۡلَآ أَنَّهُۥ كَانَ مِنَ ٱلۡمُسَبِّحِينَ ﴿١٤٣﴾ لَلَبِثَ فِي
بَطۡنِهِۦٓ إِلَىٰ يَوۡمِ يُبۡعَثُونَ ﴿١٤٤﴾ ۞ فَنَبَذۡنَٰهُ بِٱلۡعَرَآءِ وَهُوَ سَقِيمٌ ﴿١٤٥﴾ وَأَنۢبَتۡنَا عَلَيۡهِ شَجَرَةً مِّن يَقۡطِينٍ
﴿١٤٦﴾ وَأَرۡسَلۡنَٰهُ إِلَىٰ مِاْئَةِ أَلۡفٍ أَوۡ يَزِيدُونَ ﴿١٤٧﴾ فَـَٔامَنُواْ فَمَتَّعۡنَٰهُمۡ إِلَىٰ حِينٖ ﴿١٤٨﴾

*يۇنۇس ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەردىندۇر﴿139﴾. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قەۋمىدىن قېچىپ (كىشىلەر بىلەن توشقان بىر كېمىگە چىقىۋالدى﴿140﴾. (كېمىدىكىلەر چەك چىققان ئادەمنى دېڭىزغا تاشلاپ كېمىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن) چەك تاشلاشتى، يۇنۇس (چەكتە) مەغلۇب بولغانلاردىن بولۇپ (دېڭىزغا تاشلاندى)﴿141﴾. ئۇنى چوڭ بىر بېلىق يۇتۇۋەتتى. ئۇ (قەۋمىنى تاشلاپ، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنىسىز چىققانلىقى ئۈچۈن) ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك ئىدى﴿142﴾. ئەگەر ئۇ تەسبىھ ئېيتقۇچىلاردىن بولمىسا ئىدى، بېلىقنىڭ قارنىدا ئەلۋەتتە قىيامەتكىچە قالاتتى﴿144-143﴾. ئۇنى بىز (دېڭىز ساھىلىدىكى) بىر قۇرغاق يەرگە (بېلىقنىڭ قارنىدىن) ئاتتۇق، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ كېسەل ئىدى﴿145﴾. ئۇنىڭ ئۈستىگە (سايە تاشلاپ تۇرۇش ئۈچۈن) بىر تۈپ كاۋىنى ئۆستۈرۈپ بەردۇق﴿146﴾. ئۇنى بىز 100 مىڭ، بەلكى (بۇنىڭدىنمۇ) كۆپ (بىر قەۋمگە پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق﴿147﴾. (ئۇلار ۋەدە قىلىنغان ئازابنى كۆرگەن چاغدا) ئىمان ئېيتتى. مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى ئەجىلى يەتكەنگە قەدەر) ئۇلارنى (ھاياتتىن) بەھرىمەن قىلدۇق﴿148﴾.*

## يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا

يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ھەققىدە سۈرە ئەنبىيادا توختالغان ئىدۇق. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەرقانداق بىر بەندىنىڭ ئۆزىنى يۇنۇس ئىبنى مەتادىن ياخشى دېيىشى دۇرۇس ئەمەس».

**﴿ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قەۋمىدىن قېچىپ﴾** ئۇزۇق ـ تۈلۈك بىلەن **﴿توشقان بىر كېمىگە چىقىۋالدى. (كېمىدىكىلەر چەك چىققان ئادەمنى دېڭىزغا تاشلاپ كېمىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن) چەك تاشلاشتى، يۇنۇس (چەكتە) مەغلۇب بولغانلاردىن بولۇپ (دېڭىزغا تاشلاندى)﴾** يەنى ئەسلى ۋەقەلىك مۇنداق ئىدى: دولقۇنلار كېمىنى ھەر تەرەپتىن ئۇرۇشقا باشلىدى، كېمىدىكىلەر سۇغا غەرق بولۇپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇلار چەك چىققان ئادەمنى دېڭىزغا تاشلاپ، كېمىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش مەقسىتىدە چەك تاشلاشتى. ئۇلار (قايىل بولماي) ئۈچ قېتىم چەك تاشلاشقان بولسىمۇ ئۈچىلى قېتىم چەك الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا چىقىپ قالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن يۇنۇسنىڭ دېڭىزغا تاشلىنىشىنى خالىمايتتى. يۇنۇس ئۆز ـ ئۆزىنى تاشلاش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالدى. ھالبۇكى، ئۇلار ئۇنىڭ ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلىشىنى خالىمايتتى. الله تائالا يېشىل دېڭىزدىن[1] بىر بېلىققا، دېڭىزلارنى يېرىپ بېرىپ يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ ئەتلىرىنى زىدە قىلماستىن، سۆڭەكلىرىنى سۇندۇرماستىن

[1] بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان يېشىل دېڭىزدىن ھازىرقى ئوتتۇرا دېڭىز كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر. چۈنكى يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ياشىغان ئورۇندىن ئېلىپ ئېيتقاندا شۇنداق قاراشقا بولىدۇ.

www.munber.org

يۇتۇۋېلىشقا بۇيرۇدى. ئۇ بېلىق نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى. يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلىدى، بېلىق ئۇنى يۇتىۋالدى - دە، ئۇنى ئېلىپ كېتىپ قالدى.

بېلىق ئۇنى ئېلىپ پۈتۈن دېڭىزلارنى ئايلىنىپ چىقتى. يۇنۇس بېلىقنىڭ قارنىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزىنى ”ئۆلدۈم“ دەپ ئويلىدى. كېيىن بېشىنى، ئىككى پۇتىنى، ۋە ئۇيەر - بۇيەرلىرىنى مىدىرلىتىپ بېقىپ، ئۆزىنىڭ تىرىك ئىكەنلىكىنى بىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بېلىقنىڭ قورسىقىدا ناماز ئوقۇدى ۋە: ئى پەرۋەردىگارىم! ئىنسانلاردىن ھېچكىمنىڭ ئايىغى تەگمىگەن بىر جاينى ساڭا ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىت قىلىۋالدىم دەپ دۇئا قىلدى. ئۆلىمالار ئۇنىڭ بېلىقنىڭ قارنىدا قانچىلىك ۋاقىت تۇرغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. قەتادە: ئۈچ كۈن تۇرغان، دېدى. جەئفەر سادىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: يەتتە كۈن تۇرغان، دېدى. ئەبۇمالىك: 40 كۈن تۇرغان دېدى. مۇجاھىد، شەئبىدىن رىۋايەت قىلىپ: بېلىق ئۇنى چاشكا ۋاقتىدا يۇتىۋېلىپ، كەچقۇرۇن ياندۇرۇپ چىقىرىۋەتكەن، دېدى. لېكىن ئۇ تۇرغان ۋاقىتنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى اللە تائالا ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ.

**﴿ئەگەر ئۇ تەسبىھ ئېيتقۇچىلاردىن بولمىسا ئىدى، بېلىقنىڭ قارنىدا ئەلۋەتتە قىيامەتكىچە قالاتتى﴾**
بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى زەھھاك ئىبنى قەيس، ئەبۇئالىيە، ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھ، قەتادە ۋە بىرقانچە كىشىلەر: ئەگەر ئۇ ئىلگىرى كەڭرىچىلىك چاغدا ياخشى ئەمەل قىلمىغان بولسا بېلىقنىڭ قارنىدا قىيامەتكىچە قالاتتى دېگەنلىكتۇر، دەپ تەپسىر قىلغان. ئىبنى جەرىرمۇ بۇ قاراشقا قوشۇلغان.

ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «خاتىرجەملىكتە اللە تائالانى تونۇغىن، بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە اللە تائالامۇ سېنى تونۇيدۇ».

سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە باشقىلار: **﴿ئەگەر ئۇ تەسبىھ ئېيتقۇچىلاردىن بولمىسا ئىدى﴾** دېگەن ئايەتتىن اللە تائالانىڭ ﴿ئۇ قاراڭغۇلۇقتا (يەنى بېلىقنىڭ قارنىدا): «(پەرۋەردىگارىم) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم» دەپ نىدا قىلدى. ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى (بېلىق يۇتقان چاغدىكى) غەمدىن خالاس قىلدۇق، شۇنىڭدەك مۆمىنلەرنى (ئېغىرچىلىقلاردىن) خالاس تاپقۇزىمىز﴾[1] دېگەن ئايىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن.

ئىبنى ئەبۇھاتەم، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر يۇنۇس ئەلەيھىسسالام بېلىقنىڭ قارنىدا تۇرۇپ دۇئا قىلىش دىلىغا كەچكەن چاغدا، ئۇ مۇنداق دېگەن: ئى اللە! سەندىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، سەن جىمى كەمچىلىكلەردىن پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاۋاز ئەرشكە يېتىپ ئەرشنى ئورىۋالغان. پەرىشتىلەر: ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇ يىراق يات بىر جايدىن كەلگەن، تونۇشلۇق ئىڭراش ئاۋازىغۇ؟ دېگەن. اللە تائالا: ئۇنى تونۇمامسىلەر؟ دېگەن. پەرىشتىلەر: ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئۇ كىم بولىدۇ؟ دەپ سورىغان. اللە تائالا: ئۇ بەندەم يۇنۇس، دەپ جاۋاب بەرگەن. پەرىشتىلەر: ئۇنىڭ ياخشى ئەملى ھەمىشە سېنىڭ دەرگاھىڭغا كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان، دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ تۇرىدىغان ھېلىقى بەندەڭ يۇنۇسمۇ؟ دېگەن. ئۇلار يەنە: ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئۇنىڭ خاتىرجەملىكتە قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىنىڭ يۈزىسىدىن مەرھەمەت قىلىپ ئۇنى بېشىغا كەلگەن بالادىن قۇتقۇزمامسەن؟ دېگەن. اللە تائالا: ”شۇنداق، قۇتقۇزىمەن“ دېگەن. ئاندىن بېلىققا ئەمىر قىلغان. بېلىق ئۇنى بىر قۇرغاق يەرگە پۈركىگەن».

---

[1] سۈرە ئەنبىيا 87 - 88 ئايەتلەر.

﴿ئۇنى بىز (دېڭىز ساھىلىدىكى) بىر قۇرغاق يەرگە﴾ يەنى ئۆسۈملۈكمۇ يوق، بىنامۇ يوق بىر يەرگە ﴿(بېلىقنىڭ قارنىدىن) ئاتتۇق، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ كېسەل﴾ يەنى تېنى ئاجىز بولۇپ قالغان ﴿ئىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە (سايە تاشلاپ تۇرۇش ئۈچۈن) بىر تۈپ كاۋىنى ئۆستۈرۈپ بەردۇق﴾.

ئىبنى مەسئۇد ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار، مۇجاھىد، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھ، ھىلال ئىبنى يەساف، ئابدۇللاھ ئىبنى تاۋۇس، سۇددى، قەتادە، زەھھاك، ئەتا خوراسانى ۋە بىرقانچە كىشىلەر: ئۇ، بىر تۈپ قاپاق كاۋا ئىدى، دېگەن.

بەزىلەر قاپاق كاۋىنىڭ نۇرغۇن پايدىلىرىنى بايان قىلغان: ئۇ تېز ئۆسىدىغان، ياپراقلىرى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن تېز سايە تاشلايدىكەن ۋە ياپراقلىرى يۇمران ئىكەن. ئۇنىڭغا چىۋىن يېقىنلاشمايدىكەن. ئۇنىڭ پەلىكىدە چۈشكەن كاۋا ياخشى ئوزۇقلۇق بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئىچىنى ھەم پوستىنى خام ۋە پىشىق ھالەتتە يېگىلى بولىدىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققەتەن قاپاق كاۋىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، ئۇنى قاچىدىن ئىلغاپ يېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

﴿ئۇنى بىز 100 مىڭ، بەلكى (بۇنىڭدىنمۇ) كۆپ (بىر قەۋمگە پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق﴾ يۇنۇس قەۋمگە ئىلگىرى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگىنىدەك، ئۇ بېلىقنىڭ قارنىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ ئۇ يەنە ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىشقا بۇيرۇلدى. ئۇلار ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىق قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتى. ئىبنى ئەبۇھاتەم، مەكھۇلدىن الله تائالانىڭ: ﴿بەلكى (بۇنىڭدىنمۇ) كۆپ﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە رىۋايەت قىلىپ: ئۇلار 110 مىڭ كىشى ئىدى، دېگەن.

﴿ئۇلار ئىمان ئېيتتى﴾ يەنى يۇنۇس ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئاشۇ قەۋمنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتتى ﴿مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى ئەجىلى يەتكەنگە قەدەر) ئۇلارنى (ھاياتتىن) بەھرىمەن قىلدۇق﴾ بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ھالاك بولغان شەھەرلەر ئاھالىلىرى ئىچىدە) يۇنۇس قەۋمىدىن باشقىسىغا (ئازابنىڭ ئالامىتىنى كۆرۈپ) ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسى بولغىنى يوق، يۇنۇس قەۋمى ئىمان ئېيتقاندا، دۇنيا ھاياتىدا رەسۋا قىلىدىغان ئازابنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈۋەتتۇق، ئۇلارنى مەلۇم ۋاقىتقىچە (يەنى ئەجىلى يەتكەنگە قەدەر دۇنيادىكى شەيئىلەردىن) بەھرىمەن قىلدۇق﴾[1].

* * * * * * *

فَٱسۡتَفۡتِهِمۡ أَلِرَبِّكَ ٱلۡبَنَاتُ وَلَهُمُ ٱلۡبَنُونَ ﴿١٤٩﴾ أَمۡ خَلَقۡنَا ٱلۡمَلَٰٓئِكَةَ إِنَٰثٗا وَهُمۡ
شَٰهِدُونَ ﴿١٥٠﴾ أَلَآ إِنَّهُم مِّنۡ إِفۡكِهِمۡ لَيَقُولُونَ ﴿١٥١﴾ وَلَدَ ٱللَّهُ وَإِنَّهُمۡ لَكَٰذِبُونَ ﴿١٥٢﴾ أَصۡطَفَى
ٱلۡبَنَاتِ عَلَى ٱلۡبَنِينَ ﴿١٥٣﴾ مَا لَكُمۡ كَيۡفَ تَحۡكُمُونَ ﴿١٥٤﴾ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿١٥٥﴾ أَمۡ لَكُمۡ سُلۡطَٰنٞ مُّبِينٞ
﴿١٥٦﴾ فَأۡتُواْ بِكِتَٰبِكُمۡ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿١٥٧﴾ وَجَعَلُواْ بَيۡنَهُۥ وَبَيۡنَ ٱلۡجِنَّةِ نَسَبٗاۚ وَلَقَدۡ عَلِمَتِ ٱلۡجِنَّةُ
إِنَّهُمۡ لَمُحۡضَرُونَ ﴿١٥٨﴾ سُبۡحَٰنَ ٱللَّهِ عَمَّا يَصِفُونَ ﴿١٥٩﴾ إِلَّا عِبَادَ ٱللَّهِ ٱلۡمُخۡلَصِينَ ﴿١٦٠﴾

---

[1] سۈرە يۇنۇس 98 ـ ئايەت.

www.munber.org

*(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى ئەھلى مەككە)دىن سوراپ باققىنكى، قىزلار پەرۋەردىگارىڭغا، ئوغۇللار ئۇلارغا مەنسۇپمۇ؟ ﴿149﴾. ياكى بىز پەرىشتىلەرنى چىشى ياراتقان بولۇپ، ئۇلار (بىزنىڭ ياراتقانلىقىمىزنى) كۆرۈپ تۇرغانمۇ؟ (شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق دەمدۇ؟) ﴿150﴾. بىلىڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن يالغاننى توقۇپ: «اﷲ نىڭ بالىسى بار» دەيدۇ. ئۇلار ئەلۋەتتە يالغانچىلاردۇر ﴿151 ـ 152﴾. اﷲ ئوغۇللارنى تاللىماي، قىزلارنى تاللىغانمۇ؟ ﴿153﴾. سىلەرگە نېمە بولدى؟ قانداقچە مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىسىلەر؟ ﴿154﴾. پىكىر قىلمامسىلەر؟ ﴿155﴾. ياكى (اﷲ نىڭ بالىسى بارلىقىغا) ئېنىق پاكىتىڭلار بارمۇ؟ ﴿156﴾. (ئەگەر سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار كىتابىڭلار (يەنى تەۋرات)نى ئېلىپ كېلىڭلار (ماڭا كۆرسىتىڭلار) ﴿157﴾. ئۇلار: «اﷲ بىلەن جىنلارنىڭ ئارىسىدا قۇدا ـ باجىلىق بار» دەپ جۆيلۈدى. جىنلار شەك ـ شۈبھىسىز بىلىدۇكى، ئۇلار (يەنى شۇ سۆزنى قىلغۇچىلار) (دوزاختا) چوقۇم ھازىر قىلىنىپ (شۇ يەردە ئازاب چېكىدۇ) ﴿158﴾. اﷲ ئۇلارنىڭ (اﷲ نىڭ بالىسى بار دەپ) سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاكتۇر ﴿159﴾. لېكىن اﷲ نىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى اﷲ نى ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاك ئېتىقاد قىلىدۇ) ﴿160﴾.*

## اﷲ تائالانىڭ بالىسى بار دېگۈچىلەرگە ۋە پەرىشتىلەرنى اﷲ تائالانىڭ قىزلىرى دەۋالغانلارغا بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا

اﷲ تائالا بۇ ئايەتلەردە قىزلارنى اﷲ تائالانىڭ بالىسى دەۋالغان ئەنە شۇ مۇشرىكلارغا رەددىيە بېرىدۇ. اﷲ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ بوھتان سۆزلىرىدىن پاكتۇر. ھالبۇكى، مۇشرىكلار ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ.

﴿ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە (خوتۇنىنىڭ) قىز تۇغقانلىق خۇش خەۋىرى يەتكۈزۈلسە، چىرايى ئۆزگىرىپ، غەزەپناك بولۇپ كېتىدۇ﴾[1] يەنى ئۇ خۇش خەۋەر ئۇنى يامان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، ئۇ پەقەت باللىرىنىڭ ئوغۇل بولۇشىنى خالايدۇ. غالىب ۋە بۈيۈك اﷲ تائالا: ئۇلار ئۆزلىرىگە خالىمايدىغان تەقسىماتنى يەنى قىزلارنى قانداقمۇ اﷲ تائالاغا نىسبەت بېرىدۇ، دەيدۇ.

شۇڭا اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا تەنبىھ ئۇسلۇبىدا: ﴿**ئۇلار (يەنى ئەھلى مەككە) دىن سوراپ باققىنكى، قىزلار پەرۋەردىگارىڭغا، ئوغۇللار ئۇلارغا مەنسۇپمۇ؟**﴾ اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) (سىلەرچە ياخشى ھېسابلانغان) ئوغۇل بالا سىلەرگە خاس بولۇپ، (سىلەرچە يامان ھېسابلانغان) قىز بالا اﷲ غا خاسمۇ؟ ئۇنداقتا بۇ ئادالەتسىز تەقسىماتتۇر﴾[2].

﴿**ياكى بىز پەرىشتىلەرنى چىشى ياراتقان بولۇپ، ئۇلار (بىزنىڭ ياراتقانلىقىمىزنى) كۆرۈپ تۇرغانمۇ؟ (شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق دەمدۇ؟)**﴾ يەنى ئۇلار پەرىشتىلەرنىڭ يارىتىلغانلىقىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۇلارنىڭ چىشى ئىكەنلىكىگە قانداقمۇ ھۆكۈم قىلىدۇ؟ بۇ ھەقتە اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار مەرھەمەتلىك اﷲ نىڭ بەندىلىرى بولغان پەرىشتىلەرگە قىز دەپ ئېتىقاد قىلدى، اﷲ پەرىشتىلەرنى ياراتقاندا، ئۇلار ئۇستىدە بارمىدى؟ (يەنى ئۇلار پەرىشتىلەرنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى قەيەردىن بىلىدۇ؟) ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى (ئۇلارنىڭ نامە ـ ئەمالىغا) يېزىلىدۇ، (قىيامەت كۈنى) ئۇلار سوراققا تارتىلىدۇ﴾[3].

---

[1] سۈرە نەھل 58 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نەجم 21 — 22 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە زۇخرۇف 19 ـ ئايەت.

www.munber.org

﴿**بىلىشلەركى، ئۇلار ھەقىقەتەن يالغاننى توقۇپ: «اﷲ نىڭ بالىسى بار»**﴾ يەنى اﷲ دىن بالا تۇغۇلغان ﴿**دەيدۇ. ئۇلار ئەلۋەتتە يالغانچىلاردۇر**﴾ اﷲ تائالا ئۇلارنىڭ پەرىشتىلەر توغرۇلۇق ئەڭ ئۇچىغا چىققان كۇفرىلىق ۋە يالغان سۆزدىن مۇنداق ئۈچ سۆزنى قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ: بىرىنچىسى، ئۇلار پەرىشتىلەرنى اﷲ تائالانىڭ قىزلىرى دەپ جۆيلۈپ، اﷲ تائالانىڭ بالىسى بار دېدى. اﷲ تائالا ئۇلارنىڭ بوھتان سۆزلىرىدىن پاكتۇر. ئىككىنچىسى، ئۇلار ئۇ بالىنى قىز بالا دەپ جۆيلىدى. ئۈچىنچىسى، ئۇلار اﷲ تائالانى قويۇپ پەرىشتىلەرگە چوقۇندى، اﷲ تائالا ئۇلارنىڭ چوقۇنغانلىرىدىن يۇكسەكتۇر ۋە پاكتۇر. بۇ ئۈچ سۆزنىڭ ھەر بىرى ئۇلارنىڭ جەھەننەم ئوتىدا مەڭگۈ قېلىشىغا يېتەرلىكتۇر.

ئاندىن اﷲ تائالا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئىنكار قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اﷲ ئوغۇللارنى تاللىماي، قىزلارنى تاللىغانمۇ؟**﴾ يەنى نېمە ئۈچۈن اﷲ تائالا ئوغۇللارنى قويۇپ قىزلارنى تاللايدۇ؟ بۇ ھەقتە غالىب ۋە بۈيۈك اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەجەبا اﷲ سىلەرگە ئوغۇللارنى خاس قىلىپ، پەرىشتىلەرنى ئۆزىنىڭ قىزلىرى قىلىۋالغانمۇ؟ ھەقىقەتەن سىلەر چوڭ سۆزنى قىلىۋاتىسىلەر﴾[1].

﴿**سىلەرگە نېمە بولدى؟ قانداقچە مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىسىلەر؟**﴾ يەنى دەۋاتقان سۆزلىرىڭلار ئۈستىدە پىكىر قىلغۇدەك ئەقلىڭلار يوقمۇ؟ ﴿**پىكىر قىلمامسىلەر؟ ياكى (اﷲ نىڭ بالىسى بارلىقىغا) ئېنىق پاكىتىڭلار بارمۇ؟**﴾ يەنى دەۋاتقان سۆزۈڭلارنىڭ دەلىلى بارمۇ؟

﴿**(ئەگەر سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار كىتابىڭلار (يەنى تەۋرات)نى ئېلىپ كېلىپ (ماڭا كۆرسىتىڭلار)**﴾ يەنى ئۇنىڭغا پاكىت ئېلىپ كېلىڭلار، بۇ پاكىت دەۋاتقان سۆزۈڭلارنىڭ ئاسماندىن اﷲ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتابتىن ئېلىنغانلىقىنى ئىسپاتلىسۇن. چۈنكى، دەۋاتقان بۇ سۆزۈڭلار ئەقىللىق كىشىلەر دېيىدىغان سۆز ئەمەس، ئەكسىچە ئەقىل ئىگىلىرى ئۇنى ھەرگىزمۇ توغرا دەپ قارىمايدۇ.

﴿**ئۇلار: «اﷲ بىلەن جىنلارنىڭ ئارىسىدا قۇدا ـ باجىلىق بار» دەپ جۆيلۈدى**﴾ بۇ ھەقتە مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: مۇشرىكلار: پەرىشتىلەر اﷲ تائالانىڭ قىزلىرى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇنداقتا پەرىشتىلەرنىڭ ئانىلىرى كىم؟ دەپ سورىدى. مۇشرىكلار: ئۇلارنىڭ ئانىلىرى جىنلارنىڭ كاتتىلىرىنىڭ قىزلىرى، دەپ جاۋاب بەردى. قەتادە ۋە ئىبنى زەيدمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېگەن.

﴿**جىنلار**﴾ يەنى شۇ سۆز نىسبەت بېرىلگەن جىنلار ﴿**شەك ـ شۈبھىسىز بىلىدۇكى، ئۇلار**﴾ يەنى شۇ سۆزنى قىلغانلار يالغان سۆز قىلغانلىقى، بوھتان توقۇغانلىقى ۋە ئىلىمسىز تۇرۇپ باتىل سۆزنى قىلغانلىقى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ئازابقا ﴿**چوقۇم ھازىر قىلىنىپ (شۇ يەردە ئازاب چېكىدۇ). اﷲ ئۇلارنىڭ (اﷲ نىڭ بالىسى بار دەپ) سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاكتۇر**﴾ يەنى اﷲ يۇكسەكتۇر، ئۇلۇغدۇر، بالىسى بولۇشتىن ۋە اﷲ تائالانى ئىنكار قىلغۇچى زالىملارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن يۇكسەك دەرىجىدە پاكتۇر.

﴿**لېكىن اﷲ نىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا**﴾ يەنى ئۇلار ھەر بىر پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان ھەققە ئەگەشكۈچىلەردۇر.

* * * * * * *

فَإِنَّكُمۡ وَمَا تَعۡبُدُونَ ﴿١٦١﴾ مَآ أَنتُمۡ عَلَيۡهِ بِفَٰتِنِينَ ﴿١٦٢﴾ إِلَّا مَنۡ هُوَ صَالِ ٱلۡجَحِيمِ ﴿١٦٣﴾ وَمَا مِنَّآ
إِلَّا لَهُۥ مَقَامٞ مَّعۡلُومٞ ﴿١٦٤﴾ وَإِنَّا لَنَحۡنُ ٱلصَّآفُّونَ ﴿١٦٥﴾ وَإِنَّا لَنَحۡنُ ٱلۡمُسَبِّحُونَ ﴿١٦٦﴾ وَإِن كَانُواْ

[1] سۇرە ئىسرا 40 ـ ئايەت.

www.munber.org

لَيَقُولُونَ ﴿١٦٧﴾ لَوْ أَنَّ عِندَنَا ذِكْرًا مِّنَ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿١٦٨﴾ لَكُنَّا عِبَادَ ٱللَّهِ ٱلْمُخْلَصِينَ ﴿١٦٩﴾ فَكَفَرُوا۟ بِهِۦ ۖ
فَسَوْفَ يَعْلَمُونَ ﴿١٧٠﴾

*(ئى كاپىرلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەر (اللە ) دوزاخقا كىرىشنى (پۈتۈۋەتكەن) كىشىدىن باشقا ھېچ ئەھەدىنى ئازدۇرالمايسىلەر، سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارمۇ ئازدۇرالمايدۇ﴿161 ـ 163﴾. (پەرىشتىلەر) ئېيتىدۇ: «بىزنىڭ ھەر بىرىمىزنىڭ مۇئەييەن ئورنى بار﴿164﴾. بىز ھەقىقەتەن (ئىبادەتتە) سەپ تارتىپ تۇرغۇچىلارمىز﴿165﴾. بىز ھەقىقەتەن (اللە غا) تەسبىھ ئېيتقۇچىلارمىز» ﴿166﴾. ئۇلار (يەنى قۇرەيش كۇففارلىرى) ھەمىشە: «ئەگەر بىزدە بۇرۇنقىلارنىڭكىدەك (يەنى ئۆتكەنكى ئۇممەتلەرنىڭ كىتابلىرىدەك) بىر كىتاب بولسا ئىدى. ئەلۋەتتە، اللە نىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرى بولاتتۇق» دەيدۇ ﴿167 ـ 169﴾. ئۇلار ئۇنى (يەنى قۇرئاننى) ئىنكار قىلىشتى، ئۇلار ئۇزاققا قالماي (كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) بىلىدۇ﴿170﴾.*

## مۇشرىكلارنىڭ سۆزلىرىگە پەقەت ئۇلاردىنمۇ ئازغۇن بولغان كىشىلەرنىڭ ئىشىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

اللە تائالا مۇشرىكلارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دىيدۇ: ﴿**(ئى كاپىرلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەر (اللە ) دوزاخقا كىرىشنى (پۈتۈۋەتكەن) كىشىدىن باشقا ھېچ ئەھەدىنى ئازدۇرالمايسىلەر، سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارمۇ ئازدۇرالمايدۇ**﴾ يەنى سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارغا، گۇمراھ يولۇڭلارغا ۋە بۇتلارغا باتىللارچە چوقۇنۇشۇڭلارغا پەقەت دوزاخقا لايىق يارىتىلغان، سىلەردىنمۇ ئازغۇن بولغان كىشىلەرلا ئەگىشىدۇ. ﴿ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار كۆزلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (اللە نىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ، ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (اللە نىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) تىڭشىمايدۇ. ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر﴾[1] مانا بۇ خىلدىكى ئىنسانلار شېرىكلىكتىكى دىنغا، كۇپۇرغا ۋە گۇمراھلىققا ئەگىشىدۇ.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنىڭ سۆزۈڭلار ھەقىقەتەن خىلمۇ ـ خىلدۇر. (اللە تائالانىڭ ئىلمىي ئەزەلىسىدە ھىدايەتتىن) بۇرۇۋېتىلگەن ئادەم (قۇرئانغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن) بۇرۇۋېتىلىدۇ﴾[2] يەنى پەقەت ھەقتىن بۇرۇۋېتىلگەن بۇزۇق ئادەملا ئازىدۇ.

## پەرىشتىلەرنىڭ ئورنى ۋە ئۇلارنىڭ سەپ ـ سەپ بولۇپ تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقى توغرىسىدا

اللە تائالا پەرىشتىلەرنى مۇشرىكلارنىڭ ئۇلارغا نىسبەت بېرىپ، ئۇلارنى اللە تائالانىڭ قىزلىرى دېيىشتىن ئىبارەت يالغان ۋە كۇفرى سۆزلىرىدىن پاكلايدۇ. پەرىشتىلەر مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىزنىڭ ھەر بىرىمىزنىڭ مۇئەييەن ئورنى بار**﴾ يەنى ھەر بىر پەرىشتە ئۈچۈن ئاسمانلاردا ۋە ئىبادەت ئورۇنلىرىدا تەيىنلەنگەن مەخسۇس ئورۇن بار، ئۇ بۇ ئورۇندىن سىرتقا چىقىپ كەتمەيدۇ ۋە ئۆتۈپ كەتمەيدۇ.

بۇ ئايەت ھەققىدە زەھھاك ئۆزىنىڭ تەپسىر كىتابىدا مەسرۇقنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ: «دۇنيا ئاسمىنى

[1] سۈرە ئەئراف 179 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.
[2] سۈرە زارىيات 8 ـــ 9 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

بوش ئورۇن قالدۇرۇلماستىن سەجدە قىلغۇچى ياكى قىيامدا تۇرغۇچى پەرىشتە بىلەن تولغان». ئەنە شۇ اللە تائالانىڭ: ﴿**بىزنىڭ ھەر بىرىمىزنىڭ مۇئەييەن ئورنى بار**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىدۇر.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: شەك - شۈبھىسىزكى، ئاسمانلاردا ئەلۋەتتە بىر ئاسمان بار بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر غېرىچمۇ ئورۇن بوش قالماستىن پەرىشتىلەرنىڭ سەجدىگە قويغان پېشانىسى ياكى قىيامدا تۇرغان ئىككى قەدىمى بىلەن تولغان. ئاندىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ﴿**بىزنىڭ ھەر بىرىمىزنىڭ مۇئەييەن ئورنى بار**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان. سەئىدى ئىبنى جۇبەيرمۇ بۇ ھەقتە شۇنداق دېگەن.

﴿**بىز ھەقىقەتەن (ئىبادەتتە) سەپ تارتىپ تۇرغۇچىلارمىز**﴾ يەنى تائەت - ئىبادەتتە سەپ - سەپ بولۇپ تۇرىمىز. بۇ ھەقتە اللە تائالا بۇ سۈرىنىڭ بىرىنچى ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: ﴿(**اللە نىڭ ئەمرىنى كۈتۈپ) سەپ - سەپ بولۇپ تۇرغان پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم**﴾ ئەبۇنەزرە مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازغا تەكبىر ئوقۇلسا ئادەملەرگە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ: سەپلىرىڭلارنى تۈز قىلىڭلار، باراۋەر تۇرۇڭلار، اللە تائالا سىلەردىن پەرىشتىلەرنىڭ ھەدىيەسىنى تەلەپ قىلىدۇ، دەيتتى، ئاندىن: ﴿**بىز ھەقىقەتەن (ئىبادەتتە) سەپ تارتىپ تۇرغۇچىلارمىز**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇيتتى ۋە ئى پالانى! ئارقىڭدىراق تۇرغىن، ئى پالانى! ئالدىغىراق چىققىن، دەپ سەپنى تۈزەيتتى. ئاندىن ئالدىغا ئۆتۈپ، تەكبىر ئېيتىپ نامازغا تۇراتتى. بۇنى ئىبنى ئەبۇھاتەم ۋە ئىبنى جەرىر رىۋايەت قىلغان.

ئىمام مۇسلىم، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «بىز (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى) باشقا ئۈممەتلەردىن مۇنداق ئۈچ ئىشتا ئارتۇق قىلىندۇق: بىرىنچى، سەپلىرىمىز پەرىشتىلەرنىڭ سەپلىرىگە ئوخشاش تۈز قىلىندى. ئىككىنچى، زېمىننىڭ ھەممە يېرى بىز ئۈچۈن مەسچىت قىلىندى، ئۈچىنچى: تەيەممۇم قىلغۇچىلار ئۈچۈن زېمىننىڭ توپىسى پاك قىلىندى».

﴿**بىز ھەقىقەتەن (اللە غا) تەسبىھ ئېيتقۇچىلارمىز**﴾ يەنى بىز سەپ - سەپ بولۇپ تۇرۇپ پەرۋەردىگارىمىزغا تەسبىھ ئېيتىمىز، ھەمدۇسانا ئېيتىمىز، ئۇنى ئۇلۇغلايمىز، بارلىق كەمچىلىكلەردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز. بىز ئۇنىڭ قۇللىرىمىز، ئۇنىڭغا موھتاجمىز، ئۇنىڭ ئالدىدا باش ئېگىپ تۇرغۇچىلارمىز.

## قۇرەيش ئەھلىنىڭ ئۆزلىرىدە بۇرۇنقىلارنىڭكىدەك بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى بولسا ئىدى دەپ ئارزۇ قىلىشقانلىرى توغرىسىدا

﴿**ئۇلار ھەمىشە: «ئەگەر بىزدە بۇرۇنقىلارنىڭكىدەك بىر كىتاب بولسا ئىدى. ئەلۋەتتە، اللە نىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرى بولاتتۇق» دەيدۇ**﴾ يەنى ئى مۇھەممەد! سەن ئۇلارغا پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇلار ھەقىقەتەن ئۆزلىرىدە اللە تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ۋە ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى يەتكۈزىدىغان ۋە اللە تائالانىڭ كىتابىنى ئېلىپ كېلىدىغان بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىشاتتى. بۈيۈك اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئۆزلىرىگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلسە، ھەر قانداق ئۈممەتكە قارىغاندا ئەڭ ھىدايەت تاپقۇچى بولىدىغانلىقلىرى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشتى. ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن چاغدا (ھىدايەتتىن) تېخىمۇ يىراق بولۇشتى﴾[1]

[1] سۈرە فاتىر 42 - ئايەت.

www.munber.org

﴿(مېنىڭ قۇرئان نازىل قىلىشىم) سىلەرنىڭ، پەقەت بىزدىن ئىلگىرىكى ئىككى تائىپىگىلا (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغىلا) كىتاب نازىل قىلىنغان، ئۇلارنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرىدىن بىزنىڭ زادىلا خەۋىرىمىز يوق، دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر. ياكى سىلەرنىڭ، ئەگەر بىزگە كىتاب نازىل قىلىنغان بولسا، بىز ئەلۋەتتە ئۇلاردىن ئارتۇق ھىدايەت تاپقان بولاتتۇق، دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر. سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن ھەقىقەتەن پاكىت، ھىدايەت ۋە رەھمەت نازىل بولدى، اللّٰه نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنى ئۇلارنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكلىرى ئۈچۈن قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايمىز﴾[1].

﴿**ئۇلار ئۇنى (يەنى قۇرئاننى) ئىنكار قىلىشتى، ئۇلار ئۇزاققا قالماي (كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) بىلىدۇ**﴾ بۇ ئايەت، قۇرەيش كاپىرلىرىغا ئۇلارنىڭ غالىب ۋە بۈيۈك پەرۋەردىگارىدىن تانغانلىقى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن قىلىنغان قاتتىق قورقۇتۇش ۋە تەھدىتتىن ئىبارەتتۇر.

* * * * * * *

وَلَقَدۡ سَبَقَتۡ كَلِمَتُنَا لِعِبَادِنَا ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿١٧١﴾ إِنَّهُمۡ لَهُمُ ٱلۡمَنصُورُونَ ﴿١٧٢﴾ وَإِنَّ جُندَنَا لَهُمُ
ٱلۡغَٰلِبُونَ ﴿١٧٣﴾ فَتَوَلَّ عَنۡهُمۡ حَتَّىٰ حِينٖ ﴿١٧٤﴾ وَأَبۡصِرۡهُمۡ فَسَوۡفَ يُبۡصِرُونَ ﴿١٧٥﴾ أَفَبِعَذَابِنَا يَسۡتَعۡجِلُونَ
﴿١٧٦﴾ فَإِذَا نَزَلَ بِسَاحَتِهِمۡ فَسَآءَ صَبَاحُ ٱلۡمُنذَرِينَ ﴿١٧٧﴾ وَتَوَلَّ عَنۡهُمۡ حَتَّىٰ حِينٖ ﴿١٧٨﴾ وَأَبۡصِرۡ فَسَوۡفَ
يُبۡصِرُونَ ﴿١٧٩﴾

*بىزنىڭ پەيغەمبەر بەندىلىرىمىز ھەققىدىكى سۆزلىرىمىز ئالدىنئالا ئېيتىلغان﴿171﴾. ئۇلار چوقۇم نۇسرەت تاپقۇچىلاردۇر﴿172﴾. بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر﴿173﴾. ئۇلار (يەنى مەككە كۇففارلىرى)دىن ۋاقىتلىق يۈز ئۆرۈپ تۇرغىن﴿174﴾. ئۇلارنى (ئۇلارغا ئازاب نازىل بولغان چاغدا) كۆرگىن، ئۇلارمۇ ئۇزۇنغا قالماي (كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۆرىدۇ﴿175﴾. ئۇلار ئازابىمىزنىڭ بالدۇر نازىل بولۇشىنى تەلەپ قىلامدۇ؟﴿176﴾. ئازاب ئۇلارنىڭ ھويلىسىغا چۈشكەن چاغدا، ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارنىڭ ئەتىگىنى نېمىدېگەن يامان!﴿177﴾. ئۇلاردىن ۋاقىتلىق يۈز ئۆرۈپ تۇرغىن﴿178﴾. ئۇلارنى (ئۇلارغا ئازاب نازىل بولغان چاغدا) كۆرگىن، ئۇلارمۇ ئۇزۇنغا قالماي (كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۆرىدۇ﴿179﴾.*

## ياردەم بېرىشكە ۋەدە قىلىش ۋە قۇرەيش كاپىرلىرىدىن يۈز ئۆرۈشكە بۇيرۇش توغرىسىدا

﴿**بىزنىڭ پەيغەمبەر بەندىلىرىمىز ھەققىدىكى**﴾ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشى ئاقىۋەت پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرگە بولىدۇ دېگەن ﴿**سۆزلىرىمىز**﴾ ئىلگىرىكى كىتاب لەۋھۇلمەھپۇزدا ﴿**ئالدىنئالا ئېيتىلغان**﴾ بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿اللّٰه (لەۋھۇلمەھپۇزغا): «مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دەپ يازدى، اللّٰه ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾[2] ﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز

---

[1] سۈرە ئەنئام 156 ـــ 157 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە مۇجادەلە 21 ـ ئايەت.

www.munber.org

پەيغەمبىرىمىزگە، مۆمىنلەرگە هاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز﴾[1].

﴿**بىزنىڭ پەيغەمبەر بەندىلىرىمىز ھەققىدىكى سۆزلىرىمىز ئالدىنئالا ئېيتىلغان. ئۇلار چوقۇم**﴾ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ﴿**نۇسرەت تاپقۇچىلاردۇر**﴾ يۇقىرىدا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۆزلىرىگە قارشىلىق قىلغان قەۋمى ئۈستىدىن نۇسرەت قازانغانلىقى، اللە تائالا كاپىرلارنى قانداق ھالاك قىلىپ، مۆمىن بەندىلىرىنى قانداق قۇتقۇزغانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي بايان قىلىندى.

﴿**بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر**﴾ يەنى ياخشى ئاقىۋەت ئۇلارغا مەنسۇپ بولىدۇ.

﴿**ئۇلار (يەنى مەككە كۇففارلىرى)دىن ۋاقتىلىق يۈز ئۆرۈپ تۇرغىن**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ساڭا يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىپ مۇئەييەن ۋاقتىچە كۈتۈپ تۇرغىن، بىز چوقۇم كەلگۈسىدە ياخشى ئاقىۋەت، نۇسرەت ۋە زەپەرنى ساڭا بېرىمىز.

﴿**ئۇلارنى كۆرگىن**﴾ يەنى ئۇلار ساڭا مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلىقى، سېنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا قانداق ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنىڭ چۈشىدىغانلىقىغا قاراپ تۇرغىن، كۆزىتىپ تۇرغىن.

﴿**ئۇلارمۇ ئۆزۈنغا قالماي (كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۆرىدۇ**﴾ يەنى اللە تائالا ئۇلارغا تەھدىد قىلىش ۋە ئۇلارنى قورقۇتۇش يۈزىسىدىن: ﴿**ئۇلارمۇ ئۆزۈنغا قالماي (كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۆرىدۇ**﴾ دەيدۇ.

﴿**ئۇلار ئازابىمىزنىڭ بالدۇر نازىل بولۇشىنى تەلەپ قىلامدۇ؟**﴾ يەنى ئۇلار پەقەت سېنى ئىنكار قىلغانلىقى، ساڭا كاپىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئازابنىڭ تېز نازىل بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. اللە تائالا ھەقىقەتەن ئۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا غەزەپ قىلىدۇ. ئۇلارغا تېگىشلىك بولغان ئازابنىڭ چۈشۈرۈلۈشىنى تېزلىتىدۇ، مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار كۇپۇرلۇق قىلغانلىقى ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقلىرى ئۈچۈن ئازاب ـ ئوقۇبەتنىڭ تېخىمۇ بالدۇر نازىل بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

﴿**ئازاب ئۇلارنىڭ ھويلىسىغا چۈشكەن چاغدا، ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارنىڭ ئەتىگىنى نېمىدېگەن يامان!**﴾ يەنى ئازاب ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ جايىغا چۈشكەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ھالاك بولىدىغان بۇ كۈنى نېمىدېگەن يامان!

بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەرگە ئەتىگەندە يېتىپ باردى. يەھۇدىيلار پالتا ۋە كەكىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ، قوشۇننى كۆرۈپ مۇھەممەد كەپتۇ، اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مۇھەممەد قوشۇن باشلاپ كەپتۇ، دېگىنىچە ئارقىغا ياندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللە بۈيۈكتۇر. خەيبەر خارابىلىققا ئايلىنىدۇ، بىز چوقۇم بىرەر قەۋمنىڭ تۇرالغۇ جايىغا چۈشكەن چاغدا، ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارنىڭ ئەتىگىنى نېمىدېگەن يامان!» دېدى. ﴿**ئۇلاردىن ۋاقتىلىق يۈز ئۆرۈپ تۇرغىن. ئۇلارنى (ئۇلارغا ئازاب نازىل بولغان چاغدا) كۆرگىن، ئۇلارمۇ ئۆزۈنغا قالماي (كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۆرىدۇ**﴾ بۇ ئايەتلەر يۇقىرىدا ئۆتكەن 174 ۋە 175ـ ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان بايانلارنى تەكىتلەيدۇ.

* * * * * * *

سُبْحَـٰنَ رَبِّكَ رَبِّ ٱلْعِزَّةِ عَمَّا يَصِفُونَ ﴿١٨٠﴾ وَسَلَـٰمٌ عَلَى ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿١٨١﴾ وَٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَـٰلَمِينَ ﴿١٨٢﴾

---

[1] سۈرە غافىر 51 ـ ئايەت.

www.munber.org

***قۇدرەت ئىگىسى بولغان پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاكتۇر*** ﴿180﴾. ***پەيغەمبەرلەرگە سالام بولسۇن!*** ﴿181﴾. ***جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه غا خاستۇر!*** ﴿182﴾.

بۈيۈك ۋە يۈكسەك اللّٰه بۇ ئايەتلەردە بارلىق كەمچىلىكلەردىن خالىي ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنى ئۇلۇغلايدىغانلىقىنى ۋە ھەقنى ئىنكار قىلغۇچى، ھەددىدىن ئاشقۇچى زالىملارنىڭ چاپلىغان بوھتانلىرىدىن ئۆزىنىڭ پاك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. اللّٰه ئۇلارنىڭ بوھتان سۆزلىرىدىن يۈكسەك دەرىجىدە ئۈستۈندۇر، پاكتۇر ۋە ئۇلۇغدۇر. شۇڭا بۈيۈك ۋە يۈكسەك اللّٰه مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قۇدرەت ئىگىسى بولغان**﴾ يەنى يېڭىلمەس قۇدرەت ئىگىسى بولغان ﴿**پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن**﴾ يەنى ئەنە شۇ يالغاننى توقۇغۇچى، ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ يالغان سۆزلىرىدىن ﴿**پاكتۇر. پەيغەمبەرلەرگە سالام بولسۇن!**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئۆز پەرۋەردىگارى ھەققىدە قىلغان سۆزلىرى ساغلام، توغرا ۋە ھەقىقىي بولغانلىقى ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇلارغا اللّٰه تائالانىڭ سالاملىرى بولسۇن!

﴿**جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه غا خاستۇر!**﴾ يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا جىمى ھەمدۇسانا اللّٰه تائالاغا خاستۇر! تەسبىھ ئېيتىش اللّٰه تائالا بارلىق نۇقسانلاردىن پاك دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئورۇندا ۋە قۇرئاندىكى نۇرغۇن ئورۇنلاردا تەسبىھ بىلەن ھەمدۇ ـ سانا بىر يەردە بايان قىلىنىدۇ. شۇڭا اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قۇدرەت ئىگىسى بولغان پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاكتۇر. پەيغەمبەرلەرگە سالام بولسۇن! جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه غا خاستۇر!**﴾.

سەئىد ئىبنى ئەبۇئەرۇبە، قەتادىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر ماڭا سالام يوللىساڭلار، باشقا پەيغەمبەرلەرگىمۇ سالام يوللاڭلار، مەن شۇ پەيغەمبەرلەر ئىچىدىكى بىر پەيغەمبەرمەن». بۇ ھەدىسنى ئىبنى جەرىر ۋە ئىبنى ئەبۇھاتەممۇ شۇنداق رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەبۇمۇھەممەد بەغەۋى تەپسىر كىتاۋىدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىمكى قىيامەت كۈنى تولۇق ئەجىرگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلسا، ئۇنىڭ يىغىلىش ئاخىرلاشقاندا دەيدىغان ئاخىرقى سۆزى: ﴿**قۇدرەت ئىگىسى بولغان پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاكتۇر. پەيغەمبەرلەرگە سالام بولسۇن! جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه غا خاستۇر!**﴾ دېگەندىن ئىبارەت بولسۇن. يىغىلىشنىڭ كەففارىتى ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان. مەسىلەن: «ئى اللّٰه! مەن سېنى بارلىق كەمچىلىكلەردىن پاك دەپ بىلىمەن، ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، سەندىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر. گۇناھلىرىم ئۈچۈن سەندىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىمەن ۋە ساڭا تەۋبە قىلىمەن».

اللّٰه تائالاغا مىڭلارچە شۈكۈرلەر بولسۇن! شۇنىڭ بىلەن سۈرە سافّفاتنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. پاك ۋە يۈكسەك اللّٰه ھەر ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

www.munber.org

| مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە ساد | 88 ئايەت |
|---|---|---|

بِسْــــــــــمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

صٓ ۚ وَٱلْقُرْءَانِ ذِى ٱلذِّكْرِ ﴿١﴾ بَلِ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ فِى عِزَّةٍ وَشِقَاقٍ ﴿٢﴾ كَمْ أَهْلَكْنَا مِن قَبْلِهِم مِّن قَرْنٍ فَنَادَوا۟ وَّلَاتَ حِينَ مَنَاصٍ ﴿٣﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

*ساد، شانلىق قۇرئان بىلەن قەسەمكى، (بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن مۆجىزىدۇر)*﴿1﴾. *بەلكى كاپىرلار ئىماندىن باش تارتماقتا ۋە (رەسۇلۇللاغا) مۇخالىپەتچىلىك قىلماقتا*﴿2﴾. *ئۇلاردىن ئىلگىرى (كۇفرى تۈپەيلىدىن) نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلار (ئازابنى كۆرگەندە) پەرياد قىلدى، ھالبۇكى، (بۇ) قاچىدىغان ۋاقىت ئەمەس*﴿3﴾.

ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان ئېلىپبە ھەرپلىرى ھەققىدە سۈرە بەقەرەنىڭ بېشىدا تەپسىلىي بايان قىلىنغان، بۇيەردە قايتا توختالمايمىز. ﴿**شانلىق قۇرئان بىلەن قەسەمكى**﴾ يەنى بەندىلەر ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتنى، ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئان بىلەن قەسەمكى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئىسمائىل ئىبنى ئەبۇخالىد، ئىبنى ئەبۇئۇيەينە، ئەبۇھۇسەين، ئەبۇسالىھ ۋە سۇددى قاتارلىقلار بۇ ئايەتنى شان ـ شەرەپلىك ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلىك دەپ تەپسىر قىلدى. يەنى بۇ قۇرئان شانلىق بولغان ۋەز ـ نەسىھەتنى، ئۆزرىنى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشنى ئۆز ـ ئىچىگە ئالغان كىتابتۇر.

يۇقىرىدىكى قەسەمنىڭ جاۋابى اللہ تائالانىڭ ﴿**ئۇلار (يەنى جامائەلەر) دىن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلمىغان بىرىمۇ يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا مېنىڭ ئازابىم تېگىشلىك بولدى**﴾ دېگەن ئايىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. قەتادە بۇ ئايەتنىڭ جاۋابى ﴿**بەلكى كاپىرلار ئىماندىن باش تارتماقتا ۋە (رەسۇلۇللاھقا) مۇخالىپەتچىلىك قىلماقتا**﴾ دېگەن ئايەتتە ئىپادىلىنىدۇ، دېدى. ئىبنى جەرىرمۇ بۇ قاراشقا قوشۇلدى.

﴿**بەلكى كاپىرلار ئىماندىن باش تارتماقتا ۋە (رەسۇلۇللاغا) مۇخالىپەتچىلىك قىلماقتا**﴾ يەنى شۈبھىسىز، بۇ قۇرئاندا ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدىغان كىشى ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەت، ئىبرەت ئالىدىغان كىشى ئۈچۈن ئىبرەت بار. لېكىن، كاپىرلار ئۇنىڭدىن پايدىلانمىدى. چۈنكى، ئۇلار ﴿**ئىماندىن باش تارتماقتا**﴾ يەنى چوڭچىلىق ۋە قىزىققانلىق قىلماقتا ﴿**(رەسۇلۇللاغا) مۇخالىپەتچىلىك قىلماقتا**﴾ يەنى پەيغەمبەرگە قارشىلىق، بويۇنتاۋلۇق ۋە بۆلگۈنچىلىك قىلماقتا.

اللہ تائالا، پەيغەمبەرلەرگە قارشىلىق قىلغانلىقى ۋە ئاسماندىن نازىل بولغان كىتابلارنى ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبى بىلەن ھالاك قىلىنغان ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ھالاكىتى ئارقىلىق ئۇلارنى قورقۇتۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلاردىن ئىلگىرى (كۇفرى تۈپەيلىدىن) نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق. ئۇلار**

www.munber.org

**(ئازابنى كۆرگەندە) پەرياد قىلدى﴾** يەنى ئۇلارغا ئازاب كەلگەندە، ئۇلار نالە - پەرياد قىلدى ۋە اللە تائالاغا يېلىندى. ئۇلارنىڭ بۇ نالە - پەريادلىرى ئۇلار ئۈچۈن پايدا بەرمىدى.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ (كەلگەنلىكىنى) ھېس قىلغان چاغدا ئۇشتۇمتۇت قاچىدۇ. (پەرىشتىلەر ئۇلارغا مەسخىرە قىلىپ ئېيتتى) «(قاچماڭلار، باياشات تۇرمۇشۇڭلارغا، تۇرالغۇ جايىڭلارغا قايتىڭلار، سىلەردىن (مۇھىم ئىشلاردا مەسلىھەت) سورىلىشى مۇمكىن»﴾[1].

ئەبۇداۋۇد تەيالىسى تەمىمىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن اللە تائالانىڭ: **﴿ئۇلار (ئازابنى كۆرگەندە) پەرياد قىلدى، ھالبۇكى، (بۇ) قاچىدىغان ۋاقىت ئەمەس﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە سورىدىم. ئۇ: بۇ نالە - پەرياد قىلىدىغان، ئازابتىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولىدىغان ۋاقىت ئەمەس دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ جاۋاب بەردى.

مۇھەممەد ئىبنى كەئب اللە تائالانىڭ: **﴿ئۇلار (ئازابنى كۆرگەندە) پەرياد قىلدى، ھالبۇكى، (بۇ) قاچىدىغان ۋاقىت ئەمەس﴾** دېگەن سۆزى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار دۇنياغا قايتىش ئىمكانىيىتى يوق بىر ۋاقىتتا تەۋھىد بىلەن پەرياد قىلىدۇ ۋە دەرھال بىر - بىرىگە تەۋبە قىلىشتىن نەسىھەت قىلىشىدۇ.

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئازابنى كۆرگەن ۋاقىتدا، تەۋبە قىلىشقا ئالدىرىشىدۇ.

**﴿ئۇلار (ئازابنى كۆرگەندە) پەرياد قىلدى، ھالبۇكى، (بۇ) قاچىدىغان ۋاقىت ئەمەس﴾** بۇ ئايەت ھەققىدە مۇجاھىد: بۇ قاچىدىغان ۋاقىت ئەمەس ۋە نالە - پەرياد پايدا بېرىدىغان ۋاقىتمۇ ئەمەس، دېدى.

* * * * * * *

وَعَجِبُوٓاْ أَن جَآءَهُم مُّنذِرٌ مِّنْهُمْ ۖ وَقَالَ ٱلْكَـٰفِرُونَ هَـٰذَا سَـٰحِرٌ كَذَّابٌ ﴿٤﴾ أَجَعَلَ ٱلْـَٔالِهَةَ إِلَـٰهًا
وَ ٰحِدًا ۖ إِنَّ هَـٰذَا لَشَىْءٌ عُجَابٌ ﴿٥﴾ وَٱنطَلَقَ ٱلْمَلَأُ مِنْهُمْ أَنِ ٱمْشُواْ وَٱصْبِرُواْ عَلَىٰٓ ءَالِهَتِكُمْ ۖ إِنَّ هَـٰذَا
لَشَىْءٌ يُرَادُ ﴿٦﴾ مَا سَمِعْنَا بِهَـٰذَا فِى ٱلْمِلَّةِ ٱلْـَٔاخِرَةِ إِنْ هَـٰذَآ إِلَّا ٱخْتِلَـٰقٌ ﴿٧﴾ أَءُنزِلَ عَلَيْهِ ٱلذِّكْرُ مِنۢ
بَيْنِنَا ۚ بَلْ هُمْ فِى شَكٍّ مِّن ذِكْرِى ۖ بَل لَّمَّا يَذُوقُواْ عَذَابِ ﴿٨﴾ أَمْ عِندَهُمْ خَزَآئِنُ رَحْمَةِ رَبِّكَ ٱلْعَزِيزِ
ٱلْوَهَّابِ ﴿٩﴾ أَمْ لَهُم مُّلْكُ ٱلسَّمَـٰوَ ٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا ۖ فَلْيَرْتَقُواْ فِى ٱلْأَسْبَـٰبِ ﴿١٠﴾ جُندٌ مَّا
هُنَالِكَ مَهْزُومٌ مِّنَ ٱلْأَحْزَابِ ﴿١١﴾

***ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلگەنلىكىگە ئۇلار ھەيران قېلىشتى، كاپىرلار ئېيتتى: «بۇ بىر يالغانچى سېھىرگەردۇر﴾[4]. ئۇ نۇرغۇن ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلماقچىمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش»﴾[5]. ئۇلارنىڭ (يەنى قۇرەيشنىڭ) كاتتىلىرى (سورۇنلىرىدىن) قوزغىلىپ چىقىپ ئېيتتى: «سىلەر مېڭىڭلار، مەبۇدلىرىڭلارغا ئىبادەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇڭلار، بۇ ھەقىقەتەن (بىزدىن) ئىرادە قىلىنىدىغان بىر ئىش (يەنى مۇھەممەد سىلەرنى دىنىڭلاردىن تاندۇرۇپ، سىلەرگە ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلۈك قازىنىشىنى ئىرادە قىلىدۇ)﴾[6]. بۇنى بىز باشقا بىر دىندىن (يەنى ناسارا دىنىدىكىلەردىن) ئاڭلىمىدۇق، بۇ پەقەت ئويدۇرمىدۇر﴾[7]. قۇرئان بىزگە نازىل بولماي ئۇنىڭغا نازىل***

(1) سۈرە ئەنبىيا 12 — 13 - ئايەتلەر.

www.munber.org

***بولدىمۇ؟ » بەلكى ئۇلار مېنىڭ زىكرىم (يەنى قۇرئان) دىن شەكتىدۇر، بەلكى ئۇلار تېخى مېنىڭ ئازابىمنى تېتىغىنى يوق﴿8﴾. ياكى ئۇلاردا غالىب، ناھايىتى كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىنىڭ خەزىنىلىرى بارمۇ؟ ﴿9﴾. ياكى ئۇلار ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقىغا ئىگىمۇ؟ (ئەگەر ئۇلار ئىگە بولسا، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىدىغان شوتىلارغا چىقسۇن﴿10﴾. ئۇلار (رەسۇلۇللاغا قارشى) جامائەلەردىن ئۇيۇشقان مەغلۇب قىلىنىدىغان قوشۇندۇر﴿11﴾.***

## مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەرلىك، تەۋھىد ۋە قۇرئاندىن ھەيران قېلىشى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكىدىن ھەيران قالغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلگەنلىكىگە ئۇلار ھەيران قېلىشتى**﴾ يەنى ئۇلار بۇ پەيغەمبەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئىنسان ئىكەنلىكىدىن ھەيران قېلىشتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىنسانلارنىڭ بىرىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا): ئىنسانلار (يەنى كاپىرلار) نى (الله نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغىن، مۆمىنلەرگە پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن، دەپ ۋەھيى قىلغانلىقىمىزدىن ئۇلار ئەجەبلىنەمدۇ؟ كاپىرلار: « بۇ ھەقىقەتەن ئاشكارا سېھىرگەردۇر » دېدى﴾[1].

﴿**كاپىرلار ئېيتتى: « بۇ بىر يالغانچى سېھىرگەردۇر. ئۇ نۇرغۇن ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلماقچىمۇ؟**﴾ يەنى ئۇ مەبۇد بىردۇر، ئۇنىڭدىن باشقا مەبۇد بەرھەق يوقتۇر دەمدۇ؟ مۇشرىكلار بۇنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار الله تائالاغا قىلغان شېرىكلىرىنى تاشلاشقا بۇيرۇلغانلىقىدىن ئەجەبلەندى. چۈنكى، ئۇلار بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىزىدىن ماڭغان، شېرىكلىك بولسا دىللىرىغا ئورناپ كەتكەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئەنە شۇ شېرىكنى دىللىرىدىن چىقىرىپ تاشلاشقا ۋە الله تائالانى بىر دەپ بىلىشكە چاقىرغاندا، ئۇلار بۇنى ناھايىتى چوڭ ئىش ساناپ ھەيران قېلىشتى.

ئۇلار: ﴿**ئۇ نۇرغۇن ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلماقچىمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش**﴾ دېدى. ﴿**ئۇلارنىڭ (يەنى قۇرەيشنىڭ) كاتتىلىرى (سورۇنلىرىدىن) قوزغىلىپ چىقىپ ئېيتتى**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ چوڭلىرى، يېتەكچىلىرى ۋە باشلىقلىرى مۇنداق دېيىشتى: ﴿**سىلەر مېڭىڭلار**﴾ يەنى دىنىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار ﴿**مەبۇدلىرىڭلارغا ئىبادەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇڭلار**﴾ يەنى مۇھەممەد سىلەرنى چاقىرغان تەۋھىدنى قوبۇل قىلماڭلار.

﴿**بۇ ھەقىقەتەن (بىزدىن) ئىرادە قىلىنىدىغان بىر ئىش**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى جەرىر: مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن مۇھەممەد بىزنى بۇ تەۋھىدكە چاقىرىش ئارقىلىق، ئۈستۈڭلاردىن شان ـ شەرەپ ۋە ئۈستۈنلۈك قازىنىشنى ۋە ئۆزىگە سىلەردىن بولغان بىر تۈركۈم ئەگەشكۈچىلەرنىڭ بولۇشىنى خالايدۇ. بىز ئۇنىڭ بۇ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشمايمىز.

## بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرىسىدا

[1] سۈرە يۇنۇس 2 ـ ئايەت.

www.munber.org

ئەبۇجەئفەر ئىبنى جەرىر، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇتالىب ئاغرىپ قالغان ۋاقتىدا قۇرەيشلىك بىر نەچچە كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇجەھىلمۇ بار ئىدى. ئۇلار: قېرىندىشىڭنىڭ ئوغلى ھەققەتەن ئىلاھلىرىمىزنى تىللايدۇ، ئانى قىلىدۇ، ئۇنداق قىلىدۇ، مانى قىلىدۇ، ئۇنداق دەيدۇ، مۇنداق دەيدۇ، ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى توسقان بولساڭ ئىكەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇتالىب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى چاقىرتىپ كەلدى. ئۇ ئۆيگە كىرگەندە ئۇلار بىلەن ئەبۇتالىبنىڭ ئارىلىقىدا بىر كىشى ئولتۇرغۇدەك ئورۇن بار ئىدى. لەنتى ئەبۇجەھىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇتالىپنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قېلىشىدىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئەبۇتالىبنىڭ مېھرىبانلىق كۆرستىشىدىن ئەنسىرەپ، ناھايىتى چاققانلىق بىلەن ئۇ بوش ئورۇندا ئولتۇرىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇدەك ئورۇن تاپالمىدى ـ دە، بوسۇغۇدىلا ئولتۇردى. ئەبۇتالىپ ئۇنىڭغا: ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! قەۋمىڭ ئۈستۈڭدىن شىكايەت قىلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ دېيىشىچە سەن ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىغا تىل تەككۈزۈپ بىر نەرسىلەرنى دەيدىكەنسەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن شىكايەت قىلىپ كەلگەنلەرمۇ ئۇنىڭ ئۈستىدىن بىر مۇنچە گەپلەرنى قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسىغا: «ئى تاغا! شۈبھىسىزكى، مەن ئۇلارنىڭ پەقەت بىر سۆزنى دېيىشىنى، بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئەرەبلەرنىڭ ئۇلارغا ئەگىشىشىنى ۋە ئەجەملەرنىڭ ئۇلارغا جىزيە تۆلىشىنى ئىرادە قىلدىم» دېدى. ئۇلار ئۇنىڭ سۆزىدىن چۆچۈپ كەتتى. ئۇلار: بىر سۆز؟! بىزنىڭ جېنىمىز ئاتاڭ ئۈچۈن پىدا بولسۇنكى، ئۇن سۆز بولسىمۇ بولىدۇ، ئۇ قايسى سۆز؟ دېدى. ئەبۇتالىبمۇ: ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! ئۇ قايسى سۆز؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللّٰه تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ بەرھەق يوقتۇر» دېگەن سۆزدۇر، دېدى. ئۇلار ھۇدۇققان ۋە كىيىملىرىنى قېقىشقان ھالەتتە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىپ: ﴿**ئۇ نۇرغۇن ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلماقچىمۇ؟ بۇ ھەققەتەن غەلىتە ئىش**﴾ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەتتىن باشلاپ تاكى ﴿**بەلكى تېخى ئۇلار مېنىڭ ئازابىمنى تېتىغىنى يوق**﴾ دېگەن ئايەتكىچە نازىل بولدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلدى.

﴿**بۇنى بىز باشقا بىر دىندىن (يەنى ناسارا دىنىدىكىلەردىن) ئاڭلىمىدۇق**﴾ يەنى مۇھەممەد بىزنى چاقىرىۋاتقان نەرسە تەۋھىدنى بىز ئاخىرقى دىن خرىستىئان دىنىدىكىلەردىن ئاڭلىمىدۇق. ئەۋفىي، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇشرىكلار ئەگەر بۇ قۇرئان ھەق بولىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ناسارالار بىزگە بۇ قۇرئان ھەققىدە خەۋەر قىلغان بولاتتى، دېدى.

﴿**بۇ پەقەت ئويدۇرمىدۇر**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى مۇجاھىد ۋە قەتادە: بۇ پەقەت يالغاندۇر، دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

﴿**قۇرئان بىزگە نازىل بولماي ئۇنىڭغا نازىل بولدىمۇ؟**﴾ يەنى ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىلا نازىل بولۇشىنى ناھايىتى يىراق سانىدى.

بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار: «بۇ قۇرئان نېمىشقا ئىككى شەھەر (يەنى مەككە بىلەن تائىف ئادەملىرىدىن) بىر كاتتا ئادەمگە نازىل قىلىنمىدى؟» دېيىشتى. پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلىپ بېرەمدۇ؟ بىز ئۇلارنىڭ ھاياتىي دۇنيادىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى (ھەق بېرىپ) ئىشقا سالسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق﴾[1] شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا

---

[1] سۈرە زۇخرۇف 31 —— 32 - ئايەتلەر.

www.munber.org

قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشىنى يىراق ساناپ، ئۆزلىرىنىڭ نەقەدەر نادان ۋە ئەقلىنىڭ كام ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بۇ سۆزنى قىلدى.

﴿**بەلكى ئۇلار تېخى مېنىڭ ئازابىمنى تېتىغىنى يوق**﴾ يەنى ئۇلار مۇشۇنداق بىمەنە سۆزنى دېيىشىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇ سۆزنى قىلغان ۋاقىتقىچە الله تائالانىڭ ئازاب - ئوقۇبىتىنى تېتىغىنى يوق. ئۇلار دېگەن سۆزلىرىنىڭ ۋە ئىنكار قىلغان نەرسىلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى كەلگۈسىدە، جەھەننەم ئوتىغا قاتتىق ئىتتىرىلگەن چاغدا چوقۇم بىلىدۇ.

الله تائالا كېيىنكى ئايەتلەردە ئۆز زاتىدىن بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا ئۆز مۈلكىنى تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر، خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر، كىمگە نېمىنى بېرىشنى خالىسا شۇنى بېرىدۇ. خالىغان كىشىنى ئەزىز قىلىدۇ، خالىغان كىشىنى خار قىلىدۇ. خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىنى ئازدۇرىدۇ. بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىگە ئۆز ئەمرى بىلەن ۋەھيي قىلىدۇ، خالىغان كىشىنىڭ قەلبلىرىنى پېچەتلىۋېتىدۇ. ئاندىن ئۇنى الله تائالادىن باشقا ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، بەندىلەر ھېچ بىر ئىشقا ئىگىدارچىلىق قىلالمايدۇ. ئۇلار پادىشاھلىقنى تەسەررۇپ قىلىشتا زەررىچىلىكمۇ ھوقۇقى بولمايدۇ. ئۇلار ھەتتا قىلچىلىكمۇ نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ.

الله تائالا شۇڭا ئۇلارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ياكى ئۇلاردا غالىب، ناھايىتى كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىنىڭ خەزىنىلىرى بارمۇ؟**﴾ يەنى الله تائالا تەڭداشسىز غالىب ۋە كېرەملىك، خالىغان كىشىگە خالىغان نەرسىنى بەرگۈچى زاتتۇر.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ياكى ئۇلارنىڭ پادىشاھلىقتىن نېسىۋىسى بارمۇ؟ (ھېچقانداق نېسىۋىسى يوق) ئەگەر بولىدىغان بولسا (زىيادە بېخىللىقتىن) ئۇلار كىشىلەرگە قىلچىلىك نەرسە بەرمەيدۇ. ياكى ئۇلار الله ئۆز پەزلىدىن كىشىلەرگە بەرگەن نەرسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن پەيغەمبەرلىككە) ھەسەت قىلىشامدۇ؟ بىز ھەقىقەتەن ئىبراھىم ئەۋلادىغا كىتاب، ھېكمەت بەردۇق ۋە ئۇلارغا بۈيۈك پادىشاھلىق بەردۇق. ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) نىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىمان ئېيتقانلارمۇ بار، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرمۇ بار، ئۇلارغا (ئۇلارنىڭ كۇفرىغا جازا بېرىش يۈزىسىدىن) جەھەننەمنىڭ يېنىپ تۇرغان ئوتى يېتەرلىكتۇر﴾[1] ﴿«ئەگەر پەرۋەردىگارىمنىڭ رەھمەت خەزىنىلىرى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بولسا، چىقىمدىن (يەنى تۈگەپ كېتىشتىن) قورقۇپ، چوقۇم بېخىللىق قىلاتتىڭلار، ئىنسان بېخىل كېلىدۇ» دېگىن﴾[2].

بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە كاپىرلارنىڭ قىلمىشلىرى ئەيىبلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلدى، الله تائالا سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئۇنىڭغا ئېيتقان سۆزلىرىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئارىمىزدىن ئۇنىڭغا ۋەھيى نازىل قىلىندىمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ يالغانچىدۇر، مۇتەكەببىردۇر». ئۇلار ئەتە (يەنى ئاخىرەتتە) كىمنىڭ يالغانچى، مۇتەكەببىر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ﴾[3].

﴿**ياكى ئۇلار ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقىغا ئىگىمۇ؟ (ئەگەر ئۇلار ئىگە بولسا، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىدىغان) شوتىلارغا چىقسۇن**﴾

---

[1] سۈرە نىسا 53 — 55 - ئايەتكىچە.
[2] سۈرە ئىسرا 100 - ئايەت.
[3] سۈرە قەمەر 25 — 26 - ئايەتلەر.

www.munber.org

يەنى ئەگەر ئۇلاردا شۇ پادىشاھلىق بولسا، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىدىغان شوتىلارغا چىقسۇن.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، قەتادە ۋە باشقىلار: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، ئاسمانغا ئۆلىشىدىغان يوللارنى تاپسۇن دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. زەھھاك: بۇ يەتتىنچى ئاسمانغا چىقسۇن دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

﴿ئۇلار (رەسۇلۇللاغا قارشى) جامائەلەردىن ئۇيۇشقان مەغلۇب قىلىنىدىغان قوشۇندۇر﴾ يەنى ئەنە شۇلار ھەققە ئەگەشىشتىن چوڭچىلىق قىلىپ ئىماندىن باش تارتقان ۋە پەيغەمبەرگە قارشىلىق قىلغان قوشۇندۇر. ئۇلار كەلگۈسىدە خۇددى ئۇلاردىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلىپ ھالاك قىلىنغان جامائەلەرگە ئوخشاش مەغلۇب قىلىنىدۇ ۋە ھالاك قىلىنىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ياكى ئۇلار «بىز (مۇھەممەد ئۈستىدىن) غالىب قەۋمىمىز» دەمدۇ؟ (مۇشرىكلار) توپى مەغلۇپ قىلىنىدۇ، ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازاب بۇلا ئەمەس)، قىيامەت ئۇلارغا (ئازاب قىلىنىش) ۋەدە قىلىنغان ۋاقىتتۇر، قىيامەت تېخىمۇ قىيىندۇر، تېخىمۇ جاپالىقتۇر﴾[1].

* * * * * * *

كَذَّبَتۡ قَبۡلَهُمۡ قَوۡمُ نُوحٖ وَعَادٞ وَفِرۡعَوۡنُ ذُو ٱلۡأَوۡتَادِ ١٢ وَثَمُودُ وَقَوۡمُ لُوطٖ وَأَصۡحَٰبُ لۡـَٔيۡكَةِۚ
أُوْلَٰٓئِكَ ٱلۡأَحۡزَابُ ١٣ إِن كُلٌّ إِلَّا كَذَّبَ ٱلرُّسُلَ فَحَقَّ عِقَابِ ١٤ وَمَا يَنظُرُ هَٰٓؤُلَآءِ إِلَّا صَيۡحَةٗ
وَٰحِدَةٗ مَّا لَهَا مِن فَوَاقٖ ١٥ وَقَالُواْ رَبَّنَا عَجِّل لَّنَا قِطَّنَا قَبۡلَ يَوۡمِ ٱلۡحِسَابِ ١٦

*ئۇلاردىن (يەنى قۇرەيش مۇشرىكلىرىدىن) ئىلگىرى نۇھ قەۋمى، ئاد (قەۋمى) ۋە قوزۇقلار ئىگىسى پىرئەۋن (قەۋمى) (پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلدى[12]. سەمۇد قەۋمى، لۇت قەۋمى ۋە ئەيكىلىكلەر (يەنى شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قەۋمى)مۇ (پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلدى)، ئەنە شۇلار (پەيغەمبەرلەرگە قارشى ئۇيۇشقان) جامائەلەر ئىدى[13]. ئۇلار (يەنى جامائەلەر) دىن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلمىغان بىرىمۇ يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا مېنىڭ ئازابىم تېگىشلىك بولدى[14]. بۇلار (يەنى مەككە مۇشرىكلىرى) پەقەت بىر ئاۋاز (يەنى بىرىنچى قېتىملىق سۇر)نىلا كۈتىدۇ، ئۇ قايتىلانمايدۇ[15]. ئۇلار (مەسخىرە قىلىش يولى بىلەن): «پەرۋەردىگارىمىز! (سەن بىزگە ئازابتىن ۋەدە قىلغان) نېسىۋىمىزنى بىزگە بالدۇرراق ـ قىيامەت كۈنىدىن ئىلگىرى بەرگىن» دېيىشتى[16].*

## ھالاك قىلىنغان بۇرۇنقى قەۋملەردىن ئىبرەت ئېلىش توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ پەيغەمبەرلەرگە قارشىلىق قىلىشى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشى سەۋەبىدىن ئۇلارغا چۈشكەن مۇسىبەت ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتلەردىن خەۋەر قىلىدۇ: ئۇلارنىڭ قىسسىسى بۇندىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئورۇنلاردا تەپسىلىي بايان قىلىندى.

[1] سۈرە قەمەر 44 — 46 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

**﴿ئەنە شۇلار (پەيغەمبەرلەرگە قارشى ئۇيۇشقان) جامائەلەر ئىدى﴾** يەنى سىلەرگە قارىغاندا ئۇلارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى، مال ـ مۈلكى ۋە ئەۋلادلىرى كۆپ ئىدى. بۇلارغا پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئازابى كەلگەندە ئۇ نەرسىلىرى الله تائالانىڭ ئازابىدىن ھېچ بىر نەرسىنى ئۇلاردىن توسۇپ قالالمىدى.

**﴿ئۇلار (يەنى جامائەلەر) دىن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلمىغان بىرىمۇ يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا مېنىڭ ئازابىم تېگىشلىك بولدى﴾** خىتاب قىلىنغۇچىلارنىڭ ئۇنىڭدىن قاتتىق ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن، بۇرۇنقىلارنىڭ ھالاك قىلىنىش سەۋەبى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

**﴿بۇلار (يەنى مەككە مۇشرىكلىرى) پەقەت بىر ئاۋاز (يەنى بىرىنچى قېتىملىق سۇر) نىلا كۈتىدۇ، ئۇ قايتىلانمايدۇ﴾** مالىك، زەيد ئىبنى ئەسلەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ ئاۋاز ئىككىنچى قېتىم قايتىلانمايدۇ. يەنى ئۇلار قىيامەتنىڭ تۇيۇقسىز كېلىشىنىلا كۈتىدۇ. قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ئاللىبۇرۇنلا كېلىپ بولدى. يەنى قىيامەت يېقىنلاشتى. بۇ ئاۋاز قىيامەتكە چېلىنغان سۇر ئاۋازى بولۇپ، الله تائالا ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامنى سۇرنى سوزۇپ چېلىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا ساقلىغان كىشىدىن باشقا، ئاسمان ۋە زېمىن ئەھلىدىن ھېچكىم قالماي قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە قالىدۇ.

**﴿ئۇلار (مەسخىرە قىلىش يولى بىلەن): «پەرۋەردىگارىمىز! (سەن بىزگە ئازابتىن ۋەدە قىلغان) نېسىۋىمىزنى بىزگە بالدۇرراق قىيامەت كۈنىدىن ئىلگىرى بەرگىن» دېيىشتى﴾** بۇ الله تائالا تەرىپىدىن مۇشرىكلار ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان ئازابنىڭ بالدۇر كېلىشىنى تىلەپ قىلغان دۇئاسىنى ئەيىبلەشتىن ئىبارەتتۇر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، زەھھاك، ھەسەن ۋە بىر قانچە كىشىلەر: ئۇلار ئازابنىڭ بالدۇر كېلىشىنى سورىدى، دېدى. قەتادە يۇقىرىدىكىلەرنىڭ سۆزىگە: ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ﴿«ئەگەر بۇ (يەنى قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن، ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!»﴾[1] دېگەن سۆزنىمۇ قىلغان دەپ قوشۇپ قويدى.

بەزى تەپسىرشۇناسلار: مۇشرىكلار ئەگەر جەننەت ھەقىقەتەن بار بولسا، جەننەتتىكى نېسىۋىلىرىمىز بالدۇرراق بېرىلسۇن، دەپ ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادىلا ئېرىشىشنى سوراشتى، دېدى. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزى كېلىدىغان ئازابنى مەسخىرە قىلىش ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن دېيىلگەن سۆزدۇر.

ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار دۇنيادىكى ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان ياخشى ـ يامانلىقلىرىنىڭ بالدۇرراق بولۇشىنى سوراشتى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى مۇۋاپىق سۆزدۇر. زەھھاك ۋە ئىسمائىل ئىبنى ئەبۇخالىدلارمۇ ئۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان سۆزلەرنى بايان قىلدى.

بۇ سۆزنى ئۇلار مەسخىرە قىلىش ۋە ئازابنى يىراق ساناش يۈزىسىدىن دېگەندە، الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلاردىن كەلگەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىشقا بۇيرۇدى. سەۋر قىلغاندا، ئاخىرقى نۇسرەت ۋە ئۇتۇقنىڭ ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولىدىغانلىقىدىن خۇش خەۋەر بەردى.

* * * * * * *

---

[1] سۈرە ئەنفال 32 ـ ئايەت.

www.munber.org

ٱصْبِرْ عَلَىٰ مَا يَقُولُونَ وَٱذْكُرْ عَبْدَنَا دَاوُۥدَ ذَا ٱلْأَيْدِ ۖ إِنَّهُۥٓ أَوَّابٌ ﴿١٧﴾ إِنَّا سَخَّرْنَا ٱلْجِبَالَ
مَعَهُۥ يُسَبِّحْنَ بِٱلْعَشِىِّ وَٱلْإِشْرَاقِ ﴿١٨﴾ وَٱلطَّيْرَ مَحْشُورَةً ۖ كُلٌّ لَّهُۥٓ أَوَّابٌ ﴿١٩﴾ وَشَدَدْنَا مُلْكَهُۥ وَءَاتَيْنَٰهُ
ٱلْحِكْمَةَ وَفَصْلَ ٱلْخِطَابِ ﴿٢٠﴾

***ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، (دىندا) كۈچلۈك بەندىمىز داۋۇدنى ئەسلىگىن، ئۇ ھەقىقەتەن اللّٰه غا ئىتائەت قىلغۇچى ئىدى﴿17﴾. بىز ھەقىقەتەن تاغلارنى (داۋۇدقا) بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار داۋۇد بىلەن ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى تەسبىھ ئېيتاتتى﴿18﴾. قۇشلارنىمۇ ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلارمۇ (تەرەپ ـ تەرەپتىن) توپلىنىپ، داۋۇد بىلەن بىللە تەسبىھ ئېيتاتتى، (تاغلارنىڭ، قۇشلارنىڭ) ھەممىسى اللّٰه غا ئىتائەت قىلغۇچىدۇر﴿19﴾. داۋۇدنىڭ سەلتەنىتىنى كۈچەيتتۇق، ئۇنىڭغا ھېكمەت ۋە (ھەممە ئادەم چۈشىنىدىغان) روشەن سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئاتا قىلدۇق﴿20﴾.***

## داۋۇد ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا

اللّٰه تائالا بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە توختالدى: ئۇ ھەقىقەتەن بىلىملىك ۋە ئىش ـ ئەمەلدە قابىلىيەتلىك ئىدى. قەتادە: داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ئىبادەت قىلىشتا كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئىسلامنى چۈشىنىشتە چوڭقۇر ئىلىم بېرىلگەن، دېدى. ھەدىسلەردە كېلىشىچە داۋۇد ئەلەيھىسسالام كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى روزا تۇتۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىدى. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللّٰه تائالاغا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان ناماز داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىدۇر، اللّٰه تائالاغا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان روزا، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسىدۇر. ئۇ كېچىنىڭ يېرىمىگىچە ئۇخلايتتى. قالغان يېرىمىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىدە ناماز ئوقۇيتتى. ئۈچتىن بىرىدە يەنە ئۇخلايتى. بىر كۈن روزا تۇتۇپ، بىر كۈن تۇتمايتتى. دۈشمەنگە يولۇقسا قاچمايتتى، ئۇ ھەقىقەتەن اللّٰه تائالاغا ناھايىتى ئىتائەت قىلغۇچى ئىدى» يەنى ئۇ بارلىق ئىشلىرىدا اللّٰه تائالاغا تەرەپكە يۈزلىنەتتى.

﴿**بىز ھەقىقەتەن تاغلارنى (داۋۇدقا) بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار داۋۇد بىلەن ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى تەسبىھ ئېيتاتتى**﴾ يەنى ھەقىقەتەن اللّٰه تائالا تاغلارنى كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان ۋاقىتتا داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە تەسبىھ ئېيتىشقا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئىدى.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿«ئى تاغلار! ئى قۇشلار! داۋۇت بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتىڭلار» (دېدۇق)﴾[1] يەنى قۇشلارمۇ داۋۇد ئەلەيھىسسالام تەسبىھ ئېيتقاندەك تەسبىھ ئېيتاتتى. ئەگەر قۇشلار ھاۋادا ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭ زەبۇرنى يېقىملىق ئاۋاز بىلەن قىرائەت قىلىپ تەسبىھ ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىسا، ئۇ يەردىن ئۇچۇپ كېتەلمەي، ھاۋادا توختاپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تەسبىھ ئېيتاتتى. ئېگىز تاغلارمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ بۇ ئاۋازنى تەكرارلايتتى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تەسبىھ ئېيتاتتى.

ئىبنى جەرىر، ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس ئىبنى نەۋفەلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما چاشكا نامىزىنى ئوقۇمايتتى، ئۇنى مەن ئۇممۇھانىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىرىپ، سىز بۇنىڭغا ماڭا دەپ بەرگەنلىرىڭىزنى دەپ بېرىڭ دېدىم. ئۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر

[1] سۈرە سەبەئ 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئەلەيھىسسالام پەتھى كۈنى ئۆيۈمگە كىرىپ مېنى بىر چىلەك سۇ ۋە بىر پارچە رەخت تەييارلاشقا بۇيرۇدى، ئۇ شۇ رەخت بىلەن ئارىمىزنى تۇسۇپ يۇيۇندى، ئاندىن يىغىلىپ قالغان سۇنى ئۆينىڭ ئەتراپلىرىغا چاچتى، ئاندىن سەككىز رەكئەت ناماز ئوقۇدى. شۇ ۋاقىت چاشكا ۋاقتى ئىدى. ئۇ نامازنىڭ قىيامى، رۇكۇسى، سەجدىسى ۋە تەشەھھۇدلىرى ئۇزۇن ـ قىسقىلىقتا ئاساسەن بىر ـ بىرىگە ئوخشاش ئىدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ: مەن قۇرئاننىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە ئوقۇپ چاشكا ۋاقتى نامىزىنى بىلمىگەن ئىدىم، پەقەت ئەمدىلا بىلدىم، ﴿ئۇلار داۋۇد بىلەن ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى تەسبىھ ئېيتاتتى﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ ئىشراق نامىزى قېنى؟ دەيتتىم، دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ چاشكا نامىزىنى ئىشراق نامىزى دەيدىغان بولدى.

﴿قۇشلارنىمۇ ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلارمۇ (تەرەپ ـ تەرەپتىن) توپلىنىپ، داۋۇد بىلەن بىللە تەسبىھ ئېيتاتتى ھاۋادا توختاپ تۇرۇپ تەسبىھ ئېيتاتتى. (تاغلارنىڭ، قۇشلارنىڭ) ھەممىسى اللە غا ئىتائەت قىلغۇچىدۇر﴾ يەنى اللە تائالاغا ئىتائەت قىلغۇچى، داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ تەسبىھ ئېيتقۇچىدۇر. سەئىد ئىبنى جۇبەير، قەتادە ۋە مالىك قاتارلىقلار زەيد ئىبنى ئەسلەم ۋە ئىبنى زەيدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿(تاغلارنىڭ، قۇشلارنىڭ) ھەممىسى اللە غا ئىتائەت قىلغۇچىدۇر﴾ يەنى اللە تائالاغا بويسۇنغۇچىلاردۇر.

﴿داۋۇدنىڭ سەلتەنىتىنى كۈچەيتتۇق﴾ يەنى بىز ئۇنىڭغا پادىشاھلارنىڭ ھاجىتى چۈشىدىغان بارلىق نەرسىلەر تولۇق قىلىنغان، مۇكەممەل بىر پادىشاھلىقنى ئاتا قىلدۇق. ئىبنى ئەبۇنەجىھ، مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: داۋۇد ئەلەيھىسسالام دۇنيا ئەھلى ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك پادىشاھ ئىدى.

﴿ئۇنىڭغا ھېكمەت ئاتا قىلدۇق﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىد مۇنداق دېدى: يەنى ئۇنىڭغا چۈشەنچە ۋە ئەقىل ـ ئىدراك ئاتا قىلدۇق. قەتادە مۇنداق دېدى: اللە تائالانىڭ كىتابى ۋە ئۇ كىتابقا ئەگەشكۈچىلەرنى ئاتا قىلدۇق دېگەنلىك بولىدۇ. سۇددى: ﴿ھېكمەت﴾ يەنى پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلدۇق دېگەنلىكتۇر، دېدى.

﴿ۋە (ھەممە ئادەم چۈشىنىدىغان) روشەن سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئاتا قىلدۇق﴾ قازى شۇرەيھ ۋە شەئبى: ”روشەن سۆز ـ ئىبارىلەر“ دېگەندىن گۇۋاھچىلار ۋە قەسەملەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. قەتادە: دەۋاگەرگە ئىككى گۇۋاھچى لازىم ياكى ئۇستىدىن دەۋا قىلىنغۇچى بىر قېتىم قەسەم قىلىش لازىم. مانا بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ، مۆمىنلەرنىڭ ۋە سالىھ كىشىلەرنىڭ ھەق بىلەن ناھەقنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىغان روشەن سۆز ـ ئىبارىلىرىدۇر. ئۇنداق قىلىش بۇ ئۇممەتنىڭ قىيامەتكىچىلىك بولغان ھۆكمىدۇر، دېدى. ئەبۇئابدۇراھمان سۇلەمىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، دېدى. مۇجاھىد ۋە سۇددىلار: بۇ ئايەتتىن ھۆكۈمنى توغرا قىلىش ۋە ئۇنى چۈشىنىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. مۇجاھىد يەنە: ئۇ، سۆز ۋە ھۆكۈمدە ھەق ـ ناھەقنى ئايرىشتۇر، دېدى. بۇ سۆز يۇقىرىدىكىلەرنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىبنى جەرىرمۇ بۇ قاراشقا قوشۇلدى.

* * * * * * *

۞ وَهَلۡ أَتَىٰكَ نَبَؤُاْ ٱلۡخَصۡمِ إِذۡ تَسَوَّرُواْ ٱلۡمِحۡرَابَ ﴿٢١﴾ إِذۡ دَخَلُواْ عَلَىٰ دَاوُۥدَ فَفَزِعَ مِنۡهُمۡۖ
قَالُواْ لَا تَخَفۡۖ خَصۡمَانِ بَغَىٰ بَعۡضُنَا عَلَىٰ بَعۡضٖ فَٱحۡكُم بَيۡنَنَا بِٱلۡحَقِّ وَلَا تُشۡطِطۡ وَٱهۡدِنَآ إِلَىٰ

www.munber.org

سَوَآءِ ٱلصِّرَٰطِ ﴿٢٢﴾ إِنَّ هَٰذَآ أَخِى لَهُۥ تِسۡعٌ وَتِسۡعُونَ نَعۡجَةً وَلِىَ نَعۡجَةٌ وَٰحِدَةٌ فَقَالَ أَكۡفِلۡنِيهَا وَعَزَّنِى
فِى ٱلۡخِطَابِ ﴿٢٣﴾ قَالَ لَقَدۡ ظَلَمَكَ بِسُؤَالِ نَعۡجَتِكَ إِلَىٰ نِعَاجِهِۦ ۖ وَإِنَّ كَثِيرًا مِّنَ ٱلۡخُلَطَآءِ لَيَبۡغِى
بَعۡضُهُمۡ عَلَىٰ بَعۡضٍ إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَقَلِيلٌ مَّا هُمۡ ۗ وَظَنَّ دَاوُۥدُ أَنَّمَا فَتَنَّٰهُ
فَٱسۡتَغۡفَرَ رَبَّهُۥ وَخَرَّ رَاكِعًا وَأَنَابَ ۩ ﴿٢٤﴾ فَغَفَرۡنَا لَهُۥ ذَٰلِكَ ۖ وَإِنَّ لَهُۥ عِندَنَا لَزُلۡفَىٰ وَحُسۡنَ مَـَٔابٍ
﴿٢٥﴾

***(ئى مۇھەممەد!) دەۋا قىلغۇچىلارنىڭ قىسسىسى ساڭا يەتتىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (داۋۇد ئىبادەت قىلىدىغان) مەسجىدنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈشتى[21]. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار داۋۇدنىڭ يېنىغا كىردى. داۋۇد ئۇلاردىن قورقتى، ئۇلار (داۋۇدقا): «قورقمىغىن، بىز بىرىمىز ـ بىرىمىزگە چېقىلغان ئىككى دەۋاگەرمىز، بىزنىڭ ئارىمىزدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، ناھەق ھۆكۈم چىقارمىغىن، بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن» دېدى [22]. (ئۇلارنىڭ بىرى) «شۈبھىسىزكى، مېنىڭ بۇ قېرىندىشىمنىڭ 99 ساغلىقى بار، مېنىڭ بىر ساغلىقىم بار، قېرىندىشىم ئۇ بىر ساغلىقىمنى ماڭا بەرگىن دەيدۇ، (ئارىمىزدا بۇ توغرۇلۇق مۇنازىرە بولۇپ) ئۇ مېنى سۆزدە يېڭىپ قويىدى» دېدى[23]. داۋۇد ئېيتتى: «ئۇ سېنىڭ ساغلىقىڭنى ئۆزىنىڭ ساغلىقلىرىغا قوشۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ راستلا سېنى بوزەك قىلىپتۇ، نۇرغۇن شېرىكلەر (يەنى دوستلار)، شۈبھىسىزكى، بىر ـ بىرىگە چېقىلىدۇ، پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارلا (بىر ـ بىرىگە چېقىلمايدۇ) بۇلار ئازدۇر». داۋۇد بىزنىڭ ئۇنى سىنىغانلىقىمىزنى بىلدى. پەرۋەردىگارىدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلدى، سەجدىگە باردى. (اللّٰه غا) تەۋبە قىلدى[24]. بىز ئۇنىڭ خاتالىقىنى ئەپۇ قىلدۇق، ئۇ بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ئەلۋەتتە يېقىنلىققا ۋە ياخشى ئاقىۋەتكە ئىگە بولىدۇ[25].***

## ئىككى دەۋاگەرنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا

تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتلەر ھەققىدە كۆپىنچىسى بەنى ئىسرائىلغا دائىر قىسسىلەردىن ئېلىنغان بىر قىسسىنى بايان قىلدى. بۇ قىسسىدە ئەگىشىشكە تېگىشلىك بىرەرمۇ ساغلام ھەدىس يوق. ئىبنى ئەبۇھاتەممۇ بۇ ھەقتە يەزىد رەققاشى ئارقىلىق ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بىر ھەدىس رىۋايەت قىلغان. گەرچە يەزىد ياخشى كىشىلەردىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەدىسشۇناسلارنىڭ كۆز قارىشىدا رىۋايەت قىلغان ھەدىسى ئاجىز ھېسابلىنىدىغان كىشىلەردىندۇر. شۇڭا بۇ قىسسىنى ئوقۇپ قويۇشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ توغرا خاتالىقىنى اللّٰه تائالانىڭ ئۆزىلا بىلگۈچىدۇر. شۈبھىسىزكى، قۇرئان ھەقتۇر، ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرمۇ ھەقتۇر.

﴿**داۋۇد ئۇلاردىن قورقتى**﴾ يەنى ئۇنىڭدا قورقۇش يۈز بەرگەن ئىدى. چۈنكى، ئۇ مەسچىتتە بولۇپ، مەسچىت ئۇنىڭ قورۇسىدىكى ئەڭ ياخشى ئورۇندا ئىدى. شۇ كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ قېشىغا ھېچكىمنىڭ كىرمەسلىكىنى جېكىلىگەن ئىدى. ئۇ ئىككى كىشىنىڭ مەسچىتنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ ئۆزىنىڭ قېشىغا چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇ ئىككى كىشى ئۆزلىرىنىڭ دەۋاسىنى سوراپ قويۇشى ئۈچۈن داۋۇدنى ئارىغا

www.munber.org

ئېلىنىۋالدى. ﴿**(ئارىمىزدا بۇ توغرۇلۇق مۇنازىرە بولۇپ) ئۇ مېنى سۆزدە يېڭىپ قويدى**»﴾ يەنى سۆزدە مەندىن ئۈستۈن كەلدى.

﴿**داۋۇد بىزنىڭ ئۇنى سىنىغانلىقىمىزنى بىلدى**﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى بىز ئۇنى سىنىدۇق. ﴿**پەرۋەردىگارىدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلدى، سەجدىگە باردى**﴾ يەنى سەجدە قىلدى. ﴿**(الله غا) تەۋبە قىلدى. بىز ئۇنىڭ خاتالىقىنى ئەپۇ قىلدۇق**﴾ يەنى ئۇنىڭدىن سادىر بولغان خاتالىق ھەققەتەن ياخشى كىشىلەرنىڭ ياخشىلىقى، الله تائالاغا يېقىن بەندىلەرنىڭ يامانلىقى ھېسابلىنىدۇ، دېگەن جۈملىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

## سۈرە سادنىڭ سەجدىسى توغرىسىدا

سۈرە سادنىڭ سەجدىسى ۋاجىب سەجدىلەردىن ئەمەس. بەلكى، ئۇ شۈكۈر ئادا قىلىش سەجدىسىدۇر. بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ساد سۈرىسىدىكى سەجدە، ۋاجىب سەجدىلەردىن ئەمەس. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇ سۈرىدە سەجدە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلدى. ئىمام نەسەئى يەنە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققەتەن ساد سۈرىسىدە سەجدە قىلدى ۋە: «داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۇ سەجدىنى تەۋبە قىلىش يۈزىسىدىن قىلدى، بىز بولساق شۈكرى قىلىش ئۈچۈن قىلىمىز» دېدى.

ئىمام بۇخارىمۇ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئەۋۋامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ساد سۈرىسىنىڭ سەجدىسى توغرۇلۇق مۇجاھىدتىن سورىدىم. مۇجاھىد: مەن ئىبنى ئابباستىن: قايسى ئورۇندا سەجدە قىلىدىڭ؟ دەپ سورىغىنىمدا، ئىبنى ئابباس ماڭا: الله تائالانىڭ ﴿ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادىدىن داۋۇد، سۇلەيمان، ئەييۇب، يۈسۈف، مۇسا، ھارۇنلارنى ھىدايەت قىلدۇق﴾[1] ﴿ئەنە شۇلار (يەنى مەزكۇر پەيغەمبەرلەر) الله ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن﴾[2] دېگەن ئايەتلىرىنى ئوقۇمىدىڭمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ئەقتىدا قىلىشقا بۇيرۇلغان، داۋۇد ئەلەيھىسسالام سۈرە سادتا تىلغا ئېلىنغان سەجدىنى قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ سەجدە قىلدى، دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى.

ئىمام ئەبۇداۋۇد، ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەردە تۇرۇپ سۈرە سادنى ئوقۇدى، ئوقۇپ سەجدە بار يەرگە يەتكەندە مۇنبەردىن چۈشۈپ سەجدە قىلدى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە سەجدە قىلدى. يەنە بىر كۈنى ئۇ يەنە ئۇ سۈرىنى ئوقۇدى، سەجدىگە كەلگەندە كىشىلەر سەجدىگە تەييارلىنىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ھەققەتەن بىر پەيغەمبەرنىڭ تەۋبە سەجدىسىدۇر، بىراق مەن سىلەرنىڭ سەجدە قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىڭلارنى كۆردۈم» دېدى ۋە مۇنبەردىن چۈشۈپ سەجدە قىلدى.

[1] سۈرە ئەنئام 84 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەنئام 90 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

**﴾ئۇ بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ئەلۋەتتە يېقىنلىقتا ۋە ياخشى ئاقىۋەتكە ئىگە بولىدۇ﴿** يەنى داۋۇد ئەلەيھىسسالام تەۋبە قىلغان ۋە پادىشاھلىقىدا تولۇق ئادالەت يۈرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن، قىيامەت كۈنى اللە تائالا ئۇنى ئۆزىگە يېقىن بەندىلەردىن قىلىدۇ ۋە جەننەتتە يۇقىرى دەرىجىلەرگە ئىگە قىلىدۇ.

ئىمام مۇسلىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئادالەت يۈرگۈزگۈچىلەر قىيامەت كۈنى ناھايىتى شەپقەتلىك اللە تائالانىڭ ئوڭ يېنىدىن، نۇرلۇق مۇنبەرلەر ئۈستىدىن ئورۇن ئالىدۇ، اللە تائالانىڭ ھەر ئىككى تەرىپى ئوڭدۇر[1]، ئۇلار ئائىلىسىدىكىلەرگە ۋە قول ئاستىدىكى كىشىلەرگە ئادالەت يۈرگۈزگەن كىشىلەردۇر.

* * * * * * *

يَٰدَاوُۥدُ إِنَّا جَعَلۡنَٰكَ خَلِيفَةً فِي ٱلۡأَرۡضِ فَٱحۡكُم بَيۡنَ ٱلنَّاسِ بِٱلۡحَقِّ وَلَا تَتَّبِعِ ٱلۡهَوَىٰ فَيُضِلَّكَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَضِلُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ لَهُمۡ عَذَابٞ شَدِيدُۢ بِمَا نَسُواْ يَوۡمَ ٱلۡحِسَابِ ٢٦

***ئى داۋۇد! سېنى بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە خەلىپە قىلدۇق، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشمىگىنكى، ئۇ سېنى اللە نىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، اللە نىڭ يولىدىن ئازغانلار ھېساب كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) نى ئۇنتۇغانلىقلىرى ئۈچۈن ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ*** ﴾26﴿.

## پادىشاھ ۋە ھوقۇقدارلارغا ۋەسىيەت قىلىش توغرىسىدا

بۇ، اللە تائالانىڭ پادىشاھ ۋە ھوقۇقدارلارغا ئۇلارنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا اللە تائالانىڭ دەرگاھىدىن نازىل قىلىنغان ھەقىقەت بىلەن ھۆكۈم قىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئادىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قىلغان ۋەسىيىتىدۇر. ئەگەر ئۇلار ئۇنداق قىلمىسا، اللە تائالانىڭ يولىدىن گۇمراھلىققا چىقىپ كېتىدۇ. اللە تائالا ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغان، قىيامەت كۈننى ئۇنتۇغان كىشىلەرگە قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەت بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش بەردى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم، ئىبراھىم ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبراھىم ئەبۇزەرئە ساماۋىي كىتاب ئوقۇيدىغان كىشى ئىدى. ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك ئۇنىڭغا: سەن ھەقىقەتەن ئىلگىرىكى كىتابنى ئوقۇغان ئادەمسەن، قۇرئاننىمۇ ئوقۇدۇڭ ۋە چۈشەندىڭ، خەلىپە ھېسابقا تارتىلامدۇ؟ دەپ سورىدى. ئىبراھىم: ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! سۆزلەيمۇ؟ دېدى. ئۇ: سۆزلەۋەر دېدى. ئىبراھىم: ئى مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى! اللە تائالانىڭ ئالدىدا سەن ھۆرمەتلىكمۇ ياكى داۋۇد ئەلەيھىسسالاممۇ؟ شۈبھىسىزكى، اللە تائالا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ۋە خەلىپىلىكنى بىراقلا بەرگەن، ئاندىن كىتاۋىدا ئۇنى كەلگۈسى ئازابتىن قورقۇتۇپ **﴾ئى داۋۇد! سېنى بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە خەلىپە قىلدۇق، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشمىگىنكى، ئۇ سېنى اللە نىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ﴿** دېگەن، دېدى.

**﴾اللە نىڭ يولىدىن ئازغانلار ھېساب كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) نى ئۇنتۇغانلىقلىرى ئۈچۈن ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿** سۆددى: بۇ ئايەتنى: ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۈچۈن ياخشى

[1] ئەرەبلەرنىڭ ئادىتىدە ئوڭ تەرەپ ياخشىلىقتىن بېشارەت بولۇپ، بۇ يەردە اللە تائالانىڭ ھەممىلا ئىشى ياخشىدۇر دېمەكچى.

www.munber.org

ئەمەللەرنى قىلىشنى تاشلىغانلىقى سەۋەبىدىن قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ، دەپ تەپسىر قىلىدى. سۈددىنىڭ بۇ سۆزى بۇ ئايەتنىڭ ئوچۇق مەنىسىگە ئۇيغۇندۇر.

* * * * * * *

وَمَا خَلَقْنَا ٱلسَّمَآءَ وَٱلْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا بَٰطِلًا ۚ ذَٰلِكَ ظَنُّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ۚ فَوَيْلٌ لِّلَّذِينَ كَفَرُوا۟
مِنَ ٱلنَّارِ ﴿٢٧﴾ أَمْ نَجْعَلُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ كَٱلْمُفْسِدِينَ فِى ٱلْأَرْضِ أَمْ نَجْعَلُ
ٱلْمُتَّقِينَ كَٱلْفُجَّارِ ﴿٢٨﴾ كِتَٰبٌ أَنزَلْنَٰهُ إِلَيْكَ مُبَٰرَكٌ لِّيَدَّبَّرُوٓا۟ ءَايَٰتِهِۦ وَلِيَتَذَكَّرَ أُو۟لُوا۟ ٱلْأَلْبَٰبِ ﴿٢٩﴾

*ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى بىكار ياراتمىدۇق، ئۇ (يەنى ئۇلارنى بىكار يارىتىلغان دەپ قاراش) كاپىرلارنىڭ گۇمانىدۇر، كاپىرلارغا دوزاختىن ۋاي*﴿27﴾*. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق؟ ياكى تەقۋادارلارنى فاجىرلارغا ئوخشاش قىلامدۇق؟*﴿28﴾*. (بۇ) ئۇلارنىڭ ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر*﴿29﴾.

## دۇنيانى يارىتىشنىڭ ھېكمىتى توغرىسىدا

اللہ تائالا ئىنسانلارنى بىھۇدە ياراتمىغانلىقى، ئۇلارنى پەقەت ئۆزىگە ئىبادەت قىلىش ۋە ئۆزىنى بىر ۋە بار دەپ بىلىش ئۈچۈن ياراتقانلىقى، ئاندىن قىيامەت كۈنى ئۇلارنى يىغىپ، بويسۇنغۇچىغا ساۋاب بېرىدىغانلىقى، كاپىرنى ئازاب بىلەن جازالايدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىپ، مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى بىكار ياراتمىدۇق، ئۇ (يەنى ئۇلارنى بىكار يارىتىلغان دەپ قاراش) كاپىرلارنىڭ گۇمانىدۇر**﴾ يەنى ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ۋە ئاخىرەتنى ئويلىمايدۇ. بەلكى، ئۇلار پەقەت بۇ دۇنياغىلا ئىشىنىدۇ. ﴿**كاپىرلارغا دوزاختىن ۋاي!**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى ئۇلارغا تەييارلانغان دوزاختىن ۋاي!

اللہ تائالا ئادالىتى ۋە ھېكمىتى يۈزىسىدىن مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى باراۋەر قىلمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق؟ ياكى تەقۋادارلارنى فاجىرلارغا ئوخشاش قىلامدۇق؟**﴾ يەنى بىز ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمىز، ئۇلار اللہ تائالانىڭ دەرگاھىدا باراۋەر ئەمەس، ئىش شۇنداق ئىكەن، بويسۇنغۇچىغا ساۋاب بېرىلىدىغان، فاجىرلار جازالىنىدىغان يەنە بىر دۇنيانىڭ بولۇشى چوقۇمدۇر. بۇ، ئەقىل ـ ھوشى جايىدا، توغرا كۆز قاراشقا ئىگە كىشىلەرگە ئاخىرەت ۋە ھېساب كۈنىنىڭ چوقۇم بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىز ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقۇچى زالىمنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ، پەرزەنتىنىڭ، نازۇنېمىتىنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى ۋە شۇ ھالەتتە ئۆلۈۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئەكسىچە اللہ تائالاغا بويسۇنغۇچىنىڭ قاتتىق قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە ئۆلۈۋاتقىنىنى كۆرىمىز. بۇ ئىككىسىگە ئادىللىق بىلەن، ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا چوقۇم ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىنى بىلگۈچى، ئادىل، زەررىچىلىكمۇ زۇلۇم قىلمايدىغان زاتنىڭ ھېكمىتى بارلىقى چوقۇمدۇر. بۇ ئادىللىق دۇنيادا يۈز بەرمىسە، ھېساب ۋە باراۋەرلىك ئۈچۈن يەنە بىر دۇنيانىڭ بارلىقى مۇئەييەنلىشىدۇ. قۇرئان كەرىم توغرا نىشانلارغا ۋە ئوچۇق پىكىرلەرگە باشلايدىغانلىقى ئۈچۈن اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(بۇ) ئۇلارنىڭ ئايەتلىرىنى**

www.munber.org

تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر﴾.

* * * * * * *

وَوَهَبْنَا لِدَاوُۥدَ سُلَيْمَـٰنَ ۚ نِعْمَ ٱلْعَبْدُ ۖ إِنَّهُۥٓ أَوَّابٌ ﴿٣٠﴾ إِذْ عُرِضَ عَلَيْهِ بِٱلْعَشِىِّ ٱلصَّـٰفِنَـٰتُ ٱلْجِيَادُ ﴿٣١﴾ فَقَالَ إِنِّىٓ أَحْبَبْتُ حُبَّ ٱلْخَيْرِ عَن ذِكْرِ رَبِّى حَتَّىٰ تَوَارَتْ بِٱلْحِجَابِ ﴿٣٢﴾ رُدُّوهَا عَلَىَّ ۖ فَطَفِقَ مَسْحًۢا بِٱلسُّوقِ وَٱلْأَعْنَاقِ ﴿٣٣﴾

***بىز داۋۇدقا سۇلەيماننى ئاتا قىلدۇق، سۇلەيمان نېمىدېگەن ياخشى بەندە! ئۇ (اﷲ غا) ھەقىقەتەن ئىتائەت قىلغۇچى ئىدى﴿30﴾. ئۆز ۋاقتىدا كەچقۇرۇنلىقى ئۇنىڭغا ياخشى يۈگۈرۈك ئاتلار توغرىلاندى﴿31﴾. سۇلەيمان ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن ئاتلارنى پەرۋەردىگارىمنى ئەسلەش ئۈچۈن ياخشى كۆردۈم، ئۇلار (كۆزۈمدىن) غايىب بولغۇچە (ئۇلارنى كۆزدىن كۆچۈرۈش بىلەن بولدۇم)»﴿32﴾. سۇلەيمان ئېيتتى: «ئاتلارنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار». (ئاتلار ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن) سۇلەيمان ئۇلارنىڭ پاچاقلىرىنى، بويۇنلىرىنى سىلاشقا باشلىدى﴿33﴾.***

## داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا

اﷲ تائالا بۇ ئايەتلەردە داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنى بەرگەنلىكى ۋە ئۇنى پەيغەمبەر قىلغانلىقىدىن خەۋەر قىلىدۇ. اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سۇلەيمان (پەيغەمبەرلىكتە، ئىلىمدە، پادىشاھلىقتا ئاتىسى) داۋۇدقا ۋارىسلىق قىلدى﴾[1] يەنە ئۇ پەيغەمبەرلىكتە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇنداق بولمىغاندا، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈز خوتۇنى بولۇپ سۇلەيماندىن باشقا ئوغۇللىرىمۇ بار ئىدى.

﴿**سۇلەيمان نېمىدېگەن ياخشى بەندە! ئۇ (اﷲ غا) ھەقىقەتەن ئىتائەت قىلغۇچى ئىدى**﴾ بۇ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا ئاتالغان ماختاش بولۇپ، ئۇ اﷲ تائالاغا تائەت ـ ئىبادەت ۋە تەۋبىنى كۆپ قىلاتتى.

﴿**ئۆز ۋاقتىدا كەچقۇرۇنلىقى ئۇنىڭغا ياخشى يۈگۈرۈك ئاتلار توغرىلاندى**﴾ يەنى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇلتانلىق دەۋرىدە ئۇنىڭ ئالدىدىن ياخشى ۋە يۈگۈرۈك ئاتلار ئۆتكۈزۈلدى. مۇجاھىد بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: بۇنداق ئاتلار ئۆرە تۇرغاندا، ئۈچ پۇتلۇق بولۇپ، تۆتىنچى پۇتىنىڭ تۇۋۇقىنى يەرگە سەل تەگكۈزۈپ تۇرىدۇ. ئەھلى سەلەپ ئۆلىمالىرىدىن بىر قانچە كىشىلەرمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېدى.

ئىمام ئەبۇداۋۇد، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك ياكى خەيبەر غازىتىدىن كەلدى. ئائىشەنىڭ كارۋىتى پەردىلەنگەن ئىدى. شامال چىقىپ پەردىنىڭ بىر تەرىپىنى ئېچىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قونچاقلىرى كۆرۈنۈپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئائىشە! بۇ نېمە؟» دېدى. ئۇ: قىزلىرىم، دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قونچاقلارنىڭ ئارىسىدىن يىپتىن توقۇلغان ئىككى قاناتلىق بىر ئاتنى كۆردى ـ دە، «بۇ نېمە؟» دېدى. ئائىشە: ئۇ ئات، دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتنىڭ ئۈستىدىكى نېمە؟» دېدى. ئۇ: ئىككى قانىتى، دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتنىڭمۇ قانىتى بولامدۇ؟» دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتلىرىنىڭ قاناتلىرىنىڭ

---

[1] سۈرە نەمل 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

بارلىقنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈپ كەتتى، ئائىشە: مەن ئۇنىڭ كۈلگىنىدىن ھەتتا ئېغىز چىشلىرىنى كۆردۇم، دەيدۇ.

**﴿سۇلەيمان ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن ئاتلارنى پەرۋەردىگارىمنى ئەسلەش ئۈچۈن ياخشى كۆردۈم، ئۇلار (كۆزۈمدىن) غايىب بولغۇچە (ئۇلارنى كۆزدىن كۆچۈرۈش بىلەن بولدۇم)»﴾**

سەلەپ ۋە تەپسىرشۇناس ئۆلىمالاردىن بىر قانچە كىشىلەر: سۇلەيمان ئاتلارنى كۆزدىن كۆچۈرۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى تۈگەپ كەتتى. كېيىن ئېيتىشقا بولىدىكى، ئۇ بۇنى قەستەن قىلمىدى. بەلكى ئۇنۇتقانلىقتىن بولدى. بۇ خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەندەك كۈنى خەندەك كولاش بىلەن بولۇپ قېلىپ ئەسىر نامىزىنى كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن ئوقۇغىنى بىلەن ئوخشاشتۇر.

خەندەك ھەققىدىكى بۇ ۋەقە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ بىر نەچچە رىۋايىتى ئارقىلىق ئىسپاتلانغان. شۇ رىۋايەتلەردىن بىرىدە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەندەك كۈنى كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ قۇرەيش كاپىرلىرىنى تىللاپ تۇرۇپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن تېخى ئەسىر نامىزىنى ئوقۇماستىنلا كۈن ئولتۇرۇپ كەتكىلى تاسلا قالدى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەنمۇ تېخى ناماز ئوقۇمىدىم» دېدى. بىز بۇتھان دېگەن يەرگە يىغىلدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالدى، بىزمۇ تاھارەت ئالدۇق. كۈن ئولتۇرۇپ كەتكەن ۋاقىتتا ئەسىر نامىزىنى ئوقۇدۇق، ئاندىن شام نامىزىنى ئوقۇدۇق.

**﴿سۇلەيمان ئېيتتى: «ئاتلارنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار». (ئاتلار ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن) سۇلەيمان ئۇلارنىڭ پاچاقلىرىنى، بويۇنلىرىنى سىلاشقا باشلىدى﴾** ھەسەنبەسرى بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئاتلارغا قاراپ تۇرۇپ: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر مېنى پەرۋەردىگارىمنىڭ ئىبادىتىدىن يەنە بىر قېتىم توسۇپ قويماڭلار، دېدى ۋە ئۇلارنى بوغۇزلاشقا بۇيرۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتلار بوغۇزلاندى. قەتادىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، دېدى. سۇددى: ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىنى ۋە پەيلىرى قىلىچلار بىلەن چېپىپ تاشلاندى، دېدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سۇلەيمان ئاتلارنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن ئۇلارنىڭ يايلىرىنى ۋە پاچاقلىرىنى سىلاشقا باشلىدى.

ئىبنى جەرىرمۇ بۇ قاراشقا قوشۇلدى ۋە مۇنداق دېدى؛ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ھايۋاننىڭ پاچاقلىرىنى كېسىپ قىينىمايتتى ۋە ماللىرىدىن بىرەرنىمۇ سەۋەبسىز ئۆلتۈرمەيتتى. ئۇ، ئاتلارنى كۆزدىن كۆچۈرۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ نامىزىنى قازا قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈنلا گۇناھسىز ئاتلارنى ئۆلتۈرۈشى ئەقىلغا مۇۋاپىق ئەمەس.

ئىبنى جەرىرنىڭ بۇ قاراشنى قوللىشىنى توغرا دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئاتلارنى بوغۇزلاش دۇرۇس بولۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ، ئۇ ئاتلارغا نەزەر سېلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ قېلىپ نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كەتكەچكە، الله تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن غەزەپلەنگەن بولسا، مۇشۇنداق قىلىشى دۇرۇس بولۇشى مۇمكىن. ئۇ، الله رازىلىقى ئۈچۈن ئاتلاردىن ئايرىلغان بولغاچقا، الله تائالا ئۇنىڭغا ئاتلىرىنىڭ ئورنىغا ئۇلاردىنمۇ ياخشى نەرسە بولغان شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. بۇ شامالنىڭ ئەتىگەنلىك مۇساپىسى بىر ئايلىق، كەچلىك مۇساپىسى بىر ئايلىق يول بولۇپ، سۇلەيماننىڭ ئەمرى بىلەن سۇلەيمان نەگە يول ئالسا، شۇ يەرگە قولاي ھالدا يۈرۈپ كېتەتتى. مانا بۇ ئاتتىن تېز ھەم ياخشىدۇر.

www.munber.org

ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇقەتادە ئەبۇدەھمائەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز بىر سەھرالىق ئادەمنىڭ ئالدىغا كەلدۇق، ئۇ بىزگە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ، الله تائالا ئۆزىگە ئۆگەتكەن بىلىملەردىن ماڭا ئۆگىتىشكە باشلىدى ۋە: «شەكسىز سەن الله تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىپ بىرەر ئىشنى الله ئۈچۈن تاشلىساڭ، الله ساڭا ئۇنىڭدىن ياخشىسىنى بېرىدۇ» دېگەن ئىدى، دېدى.

* * * * * * *

وَلَقَدْ فَتَنَّا سُلَيْمَـٰنَ وَأَلْقَيْنَا عَلَىٰ كُرْسِيِّهِۦ جَسَدًا ثُمَّ أَنَابَ (٣٤) قَالَ رَبِّ ٱغْفِرْ لِى وَهَبْ لِى
مُلْكًا لَّا يَنۢبَغِى لِأَحَدٍ مِّنۢ بَعْدِىٓ ۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلْوَهَّابُ (٣٥) فَسَخَّرْنَا لَهُ ٱلرِّيحَ تَجْرِى بِأَمْرِهِۦ رُخَآءً
حَيْثُ أَصَابَ (٣٦) وَٱلشَّيَـٰطِينَ كُلَّ بَنَّآءٍ وَغَوَّاصٍ (٣٧) وَءَاخَرِينَ مُقَرَّنِينَ فِى ٱلْأَصْفَادِ (٣٨) هَـٰذَا
عَطَآؤُنَا فَٱمْنُنْ أَوْ أَمْسِكْ بِغَيْرِ حِسَابٍ (٣٩) وَإِنَّ لَهُۥ عِندَنَا لَزُلْفَىٰ وَحُسْنَ مَـَٔابٍ (٤٠)

*بىز ھەقىقەتەن سۇلەيماننى سىنىدۇق، ئۇنىڭ تەختى ئۈستىگە بىر جەسەدنى تاشلىدۇق، ئاندىن ئۇ (بۇنىڭ سىناق ئىكەنلىكىنى بىلىپ) تەۋبە قىلدى[34]. سۇلەيمان ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا مەندىن كېيىن (مەندىن باشقا) ھېچ ئادەمگە مۇيەسسەر بولمايدىغان پادىشاھلىقنى ئاتا قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن كۆپ ئاتا قىلغۇچىسەن»[35]. بىز سۇلەيمانغا شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. شامال سۇلەيماننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇ خالىغان تەرەپكە لەرزان ماڭاتتى[36]. ھەممە ئۇنىڭغا (كاتتا بىنالارنى سالالايدىغان) قۇرغۇچى ۋە (دېڭىزلارغا چۆكۈپ ئۈنچە ـ مارجانلارنى ئېلىپ چىقالايدىغان) غەۋۋاس شەيتانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق[37]. يەنە نۇرغۇن شەيتانلارغا ئىشكەل سېلىنغاندۇر[38]. (بىز سۇلەيمانغا ئېيتتۇقكى) «بۇ بىزنىڭ (ساڭا بەرگەن كەڭ) ئاتايىمىز، (ئۇنىڭدىن سەن خالىغان كىشىگە) بەرگىن، ياكى بەرمىگىن، (بۇ ھەقتە سەندىن) ھېساب ئېلىنمايدۇ»[39]. ئۇ بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەقىقەتەن يېقىنلىققا ۋە ياخشى ئاقىۋەتكە ئىگە بولىدۇ[40].*

## الله تائالانىڭ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنى سىنىغانلىقى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئالاھىدە مەرھەمەت قىلغانلىقى توغرىسىدا

﴿بىز ھەقىقەتەن سۇلەيماننى سىنىدۇق. ئۇنىڭ تەختى ئۈستىگە بىر جەسەدنى تاشلىدۇق﴾ الله تائالا ئۇنىڭ تەختى ئۈستىگە تاشلىغان بۇ جەسەتنىڭ ھەقىقي ئەھۋالى توغرىسىدا توختالمىدى. بىز الله تائالانىڭ ئۇنى سىناپ تەختى ئۈستىگە جەسەت تاشلىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىمىز، ئۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى بولسا بىلمەيمىز. بۇ ھەقتە سۆزلەنگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل ئەۋلادىدىن قىلىنغان رىۋايەتلەردۇر. ئۇنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىز بىلمەيمىز.

﴿ئاندىن ئۇ (بۇنىڭ سىناق ئىكەنلىكىنى بىلىپ) تەۋبە قىلدى﴾ يەنى بۇ سىناقتىن كېيىن ئۇ الله تائالاغا تەۋبە قىلدى. دۇئا قىلىپ مەغپىرەت تىلىدى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىگە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمگە مۇيەسسەر بولمايدىغان پادىشاھلىقنى ئاتا قىلىشنى تىلىدى.

www.munber.org

﴿**سۇلەيمان ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا مەندىن كېيىن (مەندىن باشقا) ھېچ ئادەمگە مۇيەسسەر بولمايدىغان پادىشاھلىقنى ئاتا قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن كۆپ ئاتا قىلغۇچىسەن»**﴾ بەزى تەپسىر شۇناسلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: سۇلەيمان ”مەندىن باشقا ھېچ ئادەمگە مۇيەسسەر بولمايدىغان“ دېگەن سۆزى ئارقىلىق الله تائالادىن، ئۆزىدىن كېيىن ئۆزىگە ئوخشاش ئىنسانلار ئىچىدىن ھېچ ئادەمگە مۇيەسسەر بولمايدىغان پادىشاھلىقنى سورىدى، دېدى.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نۇرغۇنلىغان سەھىھ ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىندى. ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن ئاخشام جىنلاردىن ئىفرىت مېنىڭ نامىزىمنى بۇزىۋېتىش ئۈچۈن ماڭا ئېتىلدى. الله تائالا مېنىڭ ئۇنى يېڭىشىمغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. مەن ئۇنى مەسچىتنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن بىرىگە باغلاپ قويۇشنى نىيەت قىلدىم، شۇنداق قىلغان بولسام، تاڭ ئاتقاندا سىلەر ھەممىڭلار ئۇنى كۆرگەن بولاتتىڭلار. شۇ ئەسنادا قېرىندىشىم سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ﴿**پەرۋەردىگارىم! ماڭا مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا مەندىن كېيىن (مەندىن باشقا) ھېچ ئادەمگە مۇيەسسەر بولمايدىغان پادىشاھلىقنى ئاتا قىلغىن**﴾ دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ بۇ نىيىتىمدىن ياندىم». رەۋھ مۇنداق دېدى: ئىفرىت رەسۋالارچە قوغلاندى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ۋە نەسەئىمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلدى.

ئىمام مۇسلىم، ئەبۇدەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇردى. بىز ئۇنىڭ: «اللە غا سېغىنىپ سەندىن پاناھ تىلەيمەن» دەۋاتقانلىقىنى، ئاندىن ئۈچ قېتىم: «اللە نىڭ لەنىتى بىلەن ساڭا لەنەت ئوقۇيمەن» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئۇ خۇددى بىر نەرسە ئېلىۋاتقاندەك قولىنى سۇنۇۋاتاتتى. ئۇ نامازنى ئوقۇپ بولغاندا بىز: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز نامازدا سېنىڭ بۇرۇن بىز ئاڭلاپ باقمىغان سۆزلەرنى دەۋاتقانلىقىڭنى ئاڭلىدۇق ۋە قوللىرىڭنى سۇنۇۋاتقانلىقىڭنى كۆردۇق، دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللە نىڭ دۈشمىنى ئىبلىس يۈزۈمنى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن بىر پارچە ئوت يالقۇنىنى ئېلىپ كەلدى، مەن ئۈچ قېتىم: الله غا سېغىنىپ سەندىن پاناھ تىلەيمەن، دېدىم. ئاندىن الله نىڭ تولۇق لەنىتى بىلەن ساڭا لەنەت ئوقۇيمەن، دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدىم، ئۇ يەنىلا چېكىنمىدى. ئاندىن ئۇنى تۇتۇپ باغلاشنى ئىرادە قىلدىم، الله نامى بىلەن قەسەمكى، قېرىندىشىمىز سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى ئىسىمگە كەلمىگەن بولسا، ئۇ باغلانغان ھالدا تاڭ ئاتقان بولۇپ، مەدىنىلىكلەرنىڭ بالىلىرىنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلانغان بولاتتى» دېدى.

﴿**بىز سۇلەيمانغا شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. شامال سۇلەيماننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇ خالىغان تەرەپكە لەرزان ماڭاتتى**﴾ ھەسەن بەسرى: سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئاتلارنى بوغۇزلىۋېدى، الله تائالا ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىن ياخشى ۋە تېز يۈرىدىغان، ئەتىگەنلىك مۇساپىسى بىر ئايلىق، كەچقۇرۇنلۇق مۇساپىسى بىر ئايلىق يولنى باسالايدىغان شامالنى بوسۇندۇرۇپ بەردى. ﴿**ئۇ خالىغان تەرەپكە**﴾ يەنى شەھەرلەردىن ئۇ خالىغان يەرگە بارالايتتى.

﴿**ھەممە ئۇنىڭغا (كاتتا بىنالارنى سالالايدىغان) قۇرغۇچى ۋە (دېڭىزلارغا چۆكۈپ ئۈنچە - مارجانلارنى ئېلىپ چىقالايدىغان) غەۋۋاس شەيتانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق**﴾ يەنى كاتتا سارايلارنى، مىستىن، ئەينەكتىن ئاجايىپ ھەيكەللەرنى، كۆلدەك چوڭ لېگەنلەرنى، چوڭلۇقتىن مىدىرلىمايدىغان قازانلارنى ياسىيالايدىغان شەيتانلارنى، ئۇنىڭدىن باشقا ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان مۇشەققەتلىك ئىشلارنى قىلالايدىغان شەيتانلارنى، دېڭىز ئاستىدىن ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى ۋە دېڭىزدىن باشقا يەردە

www.munber.org

تېپىلمايدىغان ئېسىل نەرسىلەرنى چىقىرالايدىغان يەنە بىر تۈركۈم غەۋۋاس شەيتانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق.

﴿**يەنە نۇرغۇن شەيتانلارغا ئىشكەل سېلىنغاندۇر**﴾ يەنى ئۇلاردىن نۇرغۇنلىرىغا ئىشكەل سېلىنغان بولۇپ، ئۇلار ھەددىدىن ئاشقان، ئاسىيلىق قىلغان، ئىشلىگىلى ئۇنىمىغان ياكى قىلىش بەلگىلەپ بېرىلگەن ئىشلاردا بويۇنتاۋلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلاردۇر.

﴿**(بىز سۇلەيمانغا ئېيتتۇقكى) «بۇ بىزنىڭ (ساڭا بەرگەن كەڭ) ئاتايىمىز، (ئۇنىڭدىن سەن خالىغان كىشىگە) بەرگىن، ياكى بەرمىگىن، (بۇ ھەقتە سەندىن) ھېساب ئېلىنمايدۇ»**﴾ يەنى بۇ سېنىڭ بىزدىن سورىغىنىڭ بويىچە ساڭا ئاتا قىلىنغان تولۇق پادىشاھلىق ۋە مۇكەممەل سۇلتانلىقتۇر، سەن خالىغان كىشىگە بەرگىن، خالىغان كىشىگە بەرمىگىن، سەن بۇنىڭدىن ھېسابقا تارتىلمايسەن. يەنى قانداق ئىشنى قىلىشنى خالىساڭ قىلغىن، قانداق ھۆكۈم قىلىشنى خالىساڭ شۇنداق ھۆكۈم قىلغىن، ئۇ ساڭا دۇرۇس ۋە توغرا بولىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇيرۇلغان نەرسىنى قىلىش، اللە تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن كىشىلەر ئارىسىدا ئادىل تەقسىم قىلغۇچى بولۇشتەك ئادەتتىكى بەندە سۈپەتلىك پەيغەمبەر بولۇش بىلەن، خالىغانغا بېرىدىغان، خالىغانغا بەرمەيدىغان، بۇنىڭ ئۈچۈن ھېسابقا تارتىلمايدىغان ۋە گۇناھمۇ يېزىلمايدىغان پادىشاھ سۈپەتلىك پەيغەمبەر بولۇشنى تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلگەندە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسلىھەتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋۋالقىسىنى تاللىغان ئىدى. جىبرىئىل ئۇنىڭغا "كەمتەر بول" دېگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋۋالقىسىنى تاللىدى. چۈنكى، ئۇ اللە تائالا نىڭ دەرگاھىدا قەدرى ئەڭ يۇقىرى، قىيامەتتە ئەڭ يۈكسەك مەرتىۋىگە ئىگىدۇر. گەرچە ئىككىنچىسى پادىشاھ سۈپەتلىك پەيغەمبەرلىك بولسىمۇ، ئۇمۇ ھەم دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە كاتتا دەرىجىگە ئىگىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا دۇنيادا پەيغەمبەرلىك ۋە پادىشاھلىقنى بەرگەنلىكىنى بايان قىلغاندا، ئۇنىڭ قىيامەت كۈنىمۇ اللە تائالانىڭ دەرگاھىدا چوڭ نېسىۋىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى: ﴿**ئۇ بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەققەتەن يېقىنلىققا ۋە ياخشى ئاقىۋەتكە ئىگە بولىدۇ**﴾.

* * * * * * *

وَٱذْكُرْ عَبْدَنَآ أَيُّوبَ إِذْ نَادَىٰ رَبَّهُۥٓ أَنِّى مَسَّنِىَ ٱلشَّيْطَٰنُ بِنُصْبٍ وَعَذَابٍ ﴿٤١﴾ ٱرْكُضْ
بِرِجْلِكَ ۖ هَٰذَا مُغْتَسَلٌۢ بَارِدٌ وَشَرَابٌ ﴿٤٢﴾ وَوَهَبْنَا لَهُۥٓ أَهْلَهُۥ وَمِثْلَهُم مَّعَهُمْ رَحْمَةً مِّنَّا وَذِكْرَىٰ لِأُو۟لِى
ٱلْأَلْبَٰبِ ﴿٤٣﴾ وَخُذْ بِيَدِكَ ضِغْثًا فَٱضْرِب بِّهِۦ وَلَا تَحْنَثْ ۗ إِنَّا وَجَدْنَٰهُ صَابِرًا ۚ نِّعْمَ ٱلْعَبْدُ ۖ إِنَّهُۥٓ
أَوَّابٌ ﴿٤٤﴾

*بەندىمىز ئەييۇبنى ئەسلىگىن، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىغا (ئىلتىجا قىلىپ): «شەيتان ماڭا ھەقىقەتەن جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئازاب يەتكۈزدى» دەپ نىدا قىلدى﴿41﴾. ئۇنىڭغا: «پۇتۇڭ بىلەن يەرنى تەپكىن» دېدۇق، ئۇ پۇتى بىلەن يەرنى تېپىۋىدى، سۈزۈك بىر بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى. (بىز ئۇنىڭغا) «بۇ يۇيۇنسىمۇ بولىدىغان، ئىچسىمۇ بولىدىغان سوغۇق سۇدۇر» (دېدۇق)﴿42﴾. بىز ئۇنىڭ (كېسەل ۋاقتىدا ھادىسىگە ئۇچراپ يوق بولغان) ئەھلى ـ ئەۋلادىنى (يېڭىدىن) بەردۇق، ئۇلار بىلەن بىللە بىر باراۋەر*

www.munber.org

***ئارتۇق بەردۇق، (بۇ) بىزنىڭ نازىل قىلغان رەھمىتىمىزدۇر، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر﴿43﴾. (ئۇنىڭغا) «قولۇڭ بىلەن بىر باغلام چۆپنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن (ئايالىڭنى) ئۇرغىن. قەسىمىڭنى بۇزمىغىن» (دېدۇق). بىز ئەييۇبنى ھەقىقەتەن سەۋرچان بايقىدۇق، ئۇ نېمىدېگەن ئوبدان بەندە! ھەقىقەتەن ئۇ (اللہ غا) تەۋبە بىلەن يۈزلەنگۈچىدۇر﴿44﴾.***

## ئەييۇب ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا

اللہ تائالا بۇ ئايەتتە بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى، ئۇنى سىناش يۈزىسىدىن تېنىگە، مېلىغا ۋە پەرزەنتىگە بەرگەن بالالارنى بايان قىلىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ تېنىدە يۈرىكىدىن باشقا يىڭنىنىڭ ئورنىچىلىكمۇ ساق ئورۇن قالمىغان ئىدى. ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى، اللہ تائالا ۋە اللہ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان ئىمانىنى ساقلاپ قالغان ئايالىدىن باشقا، دۇنيادا ئۇنىڭ كېسىلى ۋە باشقا ھاجەتلىرىگە ياردىمى تېگىدىغان ھېچنىمىسى قالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئايالى ئون سەككىز يىل ئەتراپىدا باشقىلارغا ئىشلەپ پۇل تېپىپ، شۇنىڭ بىلەن ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى بېقىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلدى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۇندىن بۇرۇن مېلى ۋە پەرزەنتلىرى كۆپ، كۆچتۈڭگۈر ئادەم ئىدى. كېيىن بۇلارنىڭ ھەممىسى قولدىن كەتتى. ھەتتا ئۇنىڭ ئەھۋالى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئۆزىنى قويغىلى ئالقانچىلىكلا يېرى قالغان ئىدى. ئايالىدىن باشقا يىراق ـ يېقىنلىرى ئۇنى تاشلاپ كەتتى. ئايالى اللہ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن! تۇرمۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن ئايرىلغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا ئۇنىڭدىن كېچە ـ كۈندۈز ئايرىلمايتتى. ئىشقا بارغاندا تېز قايتىپ كېلەتتى. ۋاقىت ئۇزىراپ، ئەھۋالى ناچارلىشىپ، تەقدىرگە يېزىلغىنى توگەپ، ۋاقىت توشقاندا، ئۇ، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، پەيغەمبەرلەرنىڭ مەبۇدى بولغان اللہ تائالاغا زارلىنىپ مۇنداق دېدى: ﴿ھەقىقەتەن مېنى بالا (يەنى قاتتىق كېسەل) ئورىۋالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن﴾[1].

**﴿بەندىمىز ئەييۇبنى ئەسلىگىن، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىغا (ئىلتىجا قىلىپ): «شەيتان ماڭا ھەقىقەتەن جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئازاب يەتكۈزدى» دەپ نىدا قىلدى﴾** يەنى تېنىمگە جاپا ـ مۇشەققەت، مېلىم ۋە پەرزەنتىمگە بالالارنى ئېلىپ كەلدى.

شۇ پەيتتە ئەڭ مەرھەمەتلىك اللہ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنى ئورنىدىن تۇرۇپ يەرنى تېپىشكە بۇيرۇدى. ئۇ شۇنداق قىلدى. اللہ تائالا بىر بۇلاق چىقىرىپ بېرىپ، ئۇنىڭدا يۇيۇنۇشقا بۇيرۇدى. بۇ سۇ ئۇنىڭ بەدىنىدىكى بارلىق سىرتقى كېسەللەرنى ساقايتتى. ئاندىن ئۇنى يەنە بىر يەرنى ئۇرۇشقا بۇيرۇدى ۋە يەنە بىر بۇلاق چىقىرىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئىچىشكە بۇيرۇدى. ئۇ سۇنى ئىچىش بىلەن ئۇنىڭ بارلىق ئىچكى كېسەللىرى ساقايدى. سالامەتلىكى تولۇق ئەسلىگە كەلدى. شۇڭا اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇنىڭغا: «پۇتۇڭ بىلەن يەرنى تەپكىن» دېدۇق، ئۇ پۇتى بىلەن يەرنى تېپىۋىدى، سۈزۈك بىر بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى. (بىز ئۇنىڭغا) «بۇ يۇيۇنىسىمۇ بولىدىغان، ئىچسىمۇ بولىدىغان سوغۇق سۇدۇر» (دېدۇق)﴾.**

ئىبنى جەرىر ۋە ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن اللہ نىڭ پەيغەمبىرى ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە بېرىلگەن بالالار ئىچىدە 18 يىل تۇردى. ئۇنىڭ يىراق ـ يېقىنلىرى ئۇنى تاشلاپ كەتتى. پەقەت ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىدىن ئىككى كىشىلا قالدى. بۇ ئىككىسى ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۇنى يوقلايتتى. ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرىگە: بىلەمسەن اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى،

[1] سۈرە ئەنبىيا 83 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

www.munber.org

ئەييۇب ئەھلى جاھاندىن ھېچكىم قىلىپ باقمىغان بىر گۇناھنى قىلدى، دېدى. ھەمراھى ئۇنىڭغا: ئۇ قايسى گۇناھ؟ دېدى. ئۇ: 18 يىلدىن بېرى الله تائالا ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ شىپالىق بەرمىدى، دېدى. ئۇ ئىككىسى كەچقۇرۇنلۇقى ئۇنى يوقلاپ بارغان ۋاقتىدا ھېلىقى ئادەم ئۆزىنى باسالماي گېپىنى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا دەۋەتتى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام: سېنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى بىلمەيمەن، ھەقىقەتەن الله تائالا بىلىدۇكى، مەن تالاش ـ تارتىش قىلىشىۋېتىپ الله تائالانى زىكرى قىلغان ئىككى ئادەمنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن ۋە ئۆيۈمگە بېرىپ ئۇلارنىڭ ھەققى بولمىغان ئىشتا الله تائالانى زىكرى قىلغانلىقىنى يامان كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن كاپپارەت بەرگەندىن باشقا گۇناھ بولغۇدەك ئىش قىلغىنىم يوق، دېدى. ئۇ ھاجەت قىلغىلى چىقاتتى. ئۇ ھاجىتىنى قىلىپ بولغاندا ئايالى ئۇنى قولىدىن يېتىلەپ ئورنىغا ئېلىپ كېلەتتى. بىر كۈنى ئۇ ھاجىتىدىن كېچىكىپ قالدى، بۇ چاغدا الله تائالا ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا: ﴿«پۇتۇڭ بىلەن يەرنى تەپكىن» دېدۇق، ئۇ پۇتى بىلەن يەرنى تېپىۋىدى، سۈزۈك بىر بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى. (بىز ئۇنىڭغا) «بۇ يۇيۇنسىمۇ بولىدىغان، ئىچسىمۇ بولىدىغان سوغۇق سۇدۇر» (دېدۇق)﴾ دەپ ۋەھيي قىلغان ئىدى. ئايالى ئۇنى ئۇزۇن ساقلاپ، ئاندىن ئۇنىڭغا قاراپ باققىلى مېڭىۋىدى، ئەييۇبنىڭ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. الله تائالا ھەقىقەتەن ئۇنى كېسەللىكىدىن ساقايتقان بولۇپ، ئۇ ئەڭ چىرايلىق ھالىتىگە كەلگەن ئىدى. ئايالى ئۇنى كۆرگەندە: الله سېنى مۇبارەك قىلسۇن، الله تائالانىڭ سىناققا ئۇچرىغان پەيغەمبىرىنى كۆردۈڭمۇ؟ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ ساغلام ۋاقتىدىكى ھالىتىگە سەندىن بەكرەك ئوخشايدىغان بىرمۇ ئادەمنى كۆرمىدىم، دېدى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام: بۇ ھەقىقەتەن مەن، دېدى. ئۇنىڭ ئىككى خامىنىمى بار بولۇپ بىرى بۇغداي، يەنە بىرى ئارپا خامىنى ئىدى. الله تائالا ئىككى بۇلۇتنى ئەۋەتتى، بىرى بۇغداي خامىنى ئۈستىگە كەلگەندە ئۇنىڭغا ئالتۇن تۆكۈپ توشقۇزۇۋەتتى. يەنە بىر بۇلۇت ئارپا خامىنىغا ئالتۇن تۆكۈپ توشقۇزۇۋەتتى». بۇنى ئىبنى جەرىر رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەييۇب ئەلەيھىسسالام يالىڭاچ يۇيۇنۇۋاتقاندا ئۈستىگە ئالتۇن چېكەتكىلەر چۈشتى. ئۇ ئۇلارنى كىيىمىگە ئۇسۇشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى: ئى ئەييۇب! مەن سېنى كۆرۈپ تۇرغىنىڭدىنمۇ باي قىلىۋەتمىدىممۇ؟ دەپ نىدا قىلدى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام: شۇنداق، ئى پەرۋەردىگارىم! لېكىن، مەن سېنىڭ بەرىكىتىڭدىن بىھاجەت ئەمەسمەن دېدى». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىمۇ رىۋايەت قىلدى.

**﴿بىز ئۇنىڭ (كېسەل ۋاقتىدا ھادىسىگە ئۇچراپ يوق بولغان) ئەھلى ـ ئەۋلادىنى (يېڭىدىن) بەردۇق، ئۇلار بىلەن بىللە بىر باراۋەر ئارتۇق بەردۇق، (بۇ) بىزنىڭ نازىل قىلغان رەھمىتىمىزدۇر، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر﴾**. ھەسەن ۋە قەتادە: الله تائالا ئۇنىڭغا بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ۋە ئەۋلادىنىڭ ئۆزىنى تىرىلدۈرۈپ بەردى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە بىر ھەسسە ئارتۇق بەردى، دېدى.

**﴿(بۇ) بىزنىڭ نازىل قىلغان رەھمىتىمىزدۇر﴾** يەنى بىزنىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغىنىمىز ئۇنىڭ سەۋرچانلىقى، تەۋرەنمەس ئىرادىسى، تەۋبىسى، كەمتەرلىكى ۋە ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇشى قاتارلىق پەزىلەتلەرگە قارىتا ئۇنىڭغا نازىل قىلغان رەھمىتىمىزدۇر.

**﴿ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر﴾** يەنى شۇنداق قىلىشتىن مەقسەت. ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ سەۋرچانلىقنىڭ نەتىجىسى كەڭ ـ كۇشادىلىك ۋە راھەتكە يېتىش ئىكەنلىكىنى بىلىشلىرى ئۈچۈندۇر.

www.munber.org

**﴿(ئۇنىڭغا) «قولۇڭ بىلەن بىر باغلام چۆپنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن (ئايالىڭنى) ئۇرغىن. قەسىمىڭنى بۇزمىغىن» (دېدۇق)﴾** بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئايالىنىڭ بىر ئىشنى خاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاچچىقلانغان ئىدى ۋە الله تائالا ئۆزىگە شىپالىق بېرىپ ساقايسا، ئۇنى **100** قامچا ئۇرۇشقا قەسەم قىلدى. الله تائالا ئۇنىڭغا شىپالىق بېرىپ ساقايغان ۋاقتىدا، ئايالىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ياخشى خىزمىتى، مېھرى ـ شەپقىتى ۋە غەمخورلىقى ئۈچۈن بېرىلىدىغان مۇكاپات ئايالىنى ئۇرۇش بولماسلىقى كېرەك ئىدى. شۇڭا الله تائالا ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا پەتىۋا بېرىپ **100** تال شېخى بار بىر ساپ ئېلىپ ئايالىنى بىرنى ئۇرۇشقا بۇيرۇدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ قەسىمىنى بۇزماي ئادا قىلدى ۋە قىلغان نەزرىنى ئورۇندىدى. مانا بۇ الله تائالاغا تەقۋادارلىق ۋە تەۋبە قىلغان كىشى ئۈچۈن بېرىلگەن چىقىش يولىدۇر.

**﴿بىز ئەييۇبنى ھەقىقەتەن سەۋرچان بايقىدۇق، ئۇ نېمىدېگەن ئوبدان بەندە! ھەقىقەتەن ئۇ (اللە غا) تەۋبە بىلەن يۈزلەنگۈچىدۇر﴾** الله تائالا ئۇنى: **﴿ئۇ نېمىدېگەن ئوبدان بەندە! ھەقىقەتەن ئۇ (اللە غا) تەۋبە بىلەن يۈزلەنگۈچىدۇر﴾** دەپ ماختىدى ۋە تەرىپلىدى. الله تائالا ئۆزىگە تەقۋادارلىق ۋە تەۋبە قىلغان ئادەمگە چىقىش يولى كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿كىمكى اللە دىن قورقىدىكەن، اللە ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. اللە ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ، كىمكى اللە غا تەۋەككۇل قىلسا، اللە ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ، اللە ھەقىقەتەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، اللە ھەقىقەتەن ھەر بىر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن مىقدار، مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى﴾[1].

* * * * * * *

وَٱذۡكُرۡ عِبَٰدَنَآ إِبۡرَٰهِيمَ وَإِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَ أُوْلِي ٱلۡأَيۡدِي وَٱلۡأَبۡصَٰرِ ﴿٤٥﴾ إِنَّآ أَخۡلَصۡنَٰهُم بِخَالِصَةٖ ذِكۡرَى ٱلدَّارِ ﴿٤٦﴾ وَإِنَّهُمۡ عِندَنَا لَمِنَ ٱلۡمُصۡطَفَيۡنَ ٱلۡأَخۡيَارِ ﴿٤٧﴾ وَٱذۡكُرۡ إِسۡمَٰعِيلَ وَٱلۡيَسَعَ وَذَا ٱلۡكِفۡلِۖ وَكُلّٞ مِّنَ ٱلۡأَخۡيَارِ ﴿٤٨﴾

***ئىبادەتتە كۈچلۈك، (دىندا) بەسىرەتلىك بەندىلىرىمىز ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە يەئقۇبنى ئەسلىگىن﴿45﴾. ئۇلارنى بىز پاك ـ خىسلەتلىك، ئاخىرەتنى ئەسلەپ تۇرىدىغان سەمىمىي كىشىلەر قىلدۇق﴿46﴾. ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەقىقەتەن ئالاھىدە تاللانغان كىشىلەردۇر، ھەقىقەتەن ياخشى كىشىلەردۇر﴿47﴾. ئىسمائىلنى، ئەلىيەسەنى ۋە زۇلكىفلنى ئەسلىگىن، (ئۇلارنىڭ) ھەممىسى ياخشىلاردىندۇر﴿48﴾.***

## ئالاھىدە تاللانغان ياخشى پەيغەمبەرلەرنىڭ بايانى توغرىسىدا

الله تائالا بەندىلىرىدىن ئىبادەتكار پەيغەمبەرلىرىنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئىبادەتتە كۈچلۈك، (دىندا) بەسىرەتلىك بەندىلىرىمىز ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە يەئقۇبنى ئەسلىگىن﴾** يەنى ئەنە شۇلار ياخشى ئەمەل، پايدىلىق ئىلىم، ئىبادەتتە كۈچلۈك ۋە نەزەر دائىرىسى كەڭ، بولۇش بىلەن دەرىجىسى يۇقىرى قىلىنغانلاردۇر.

---

[1] سۈرە تالاق 2 ـــ 3 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿ئىبادەتتە كۈچلۈك﴾ دېمەك، ئىبادەتتە بوشىشىپ قالمايدىغان، ئىبادەتخۇمار دېمەكتۇر. ﴿بەسىرەتلىك﴾ دېمەك، دىندا ئالىم بولۇش دېمەكتۇر. قەتادە ۋە سۇددى: ئۇلار ئىبادەتتە كۈچ ـ قۇۋۋەت، دىننى چۈشىنىشتە چوڭقۇر چۈشەنچە بېرىلگەن كىشىلەردۇر، دېدى.

﴿ئۇلارنى بىز پاك ـ خىسلەتلىك، ئاخىرەتنى ئەسلەپ تۇرىدىغان سەممىي كىشىلەر قىلدۇق﴾ بۇ ھەقتە مۇجاھىد: يەنى ئۇلارنى بىز ئاخىرەت ئۈچۈنلا ئەمەل قىلىدىغان، ئاخىرەتتىن باشقا ئوي ـ خىيالدا بولمايدىغان كىشىلەر قىلدۇق، دېدى. سۇددى: ئۇلارنىڭ ئىشى ئاخىرەتنى ئەسلەش ۋە ئاخىرەت ئۈچۈنلا ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىشتۇر، دېدى.

مالىك ئىبنى دىنار مۇنداق دەيدۇ: اللہ تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىدىن دۇنياغا بېرىلىش ۋە ئۇنى ئويلاشنى چىقىرىۋېتىپ، ئاخىرەتنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئاخىرەتنى ئەسلەپ تۇرىدىغان، ئىخلاسمەن خالىس كىشىلەردىن قىلدى. قەتادە: ئۇلار كىشىلەرگە ئاخىرەتنى ئەسلىتەتتى ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ئەمەل قىلىشقا ۋەز ئېيتاتتى، دېدى.

﴿ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەقىقەتەن ئالاھىدە تاللانغان كىشىلەردۇر، ھەقىقەتەن ياخشى كىشىلەردۇر﴾ يەنى ئۇلار ئالاھىدە تاللىنىپ چىقىلغان ياخشى كىشىلەردۇر.

﴿ئىسمائىلنى، ئىليەسەنى ۋە زۇلكىفلنى ئەسلىگىن، (ئۇلارنىڭ) ھەممىسى ياخشىلاردىندۇر﴾ سۈرە ئەنبىيادا بۇلارنىڭ قىسسىلىرى ۋە خەۋەرلىرى تولۇق بايان قىلىنغاچقا بۇ يەردە قايتا توختالمايمىز.

﴿بۇ ۋەز ـ نەسىھەتتۇر﴾ يەنى بۇ ھەق ـ ناھەقنى ئايرىغۇچىدۇر، ئۇنىڭدا ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدىغان كىشى ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەت باردۇر. سۇددى: يەنى بۇ ۋەز ـ نەسىھەت قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەتتۇر، دېدى.

* * * * * * *

هَـٰذَا ذِكْرٌ ۚ وَإِنَّ لِلْمُتَّقِينَ لَحُسْنَ مَـَٔابٍ ﴿٤٩﴾ جَنَّـٰتِ عَدْنٍ مُّفَتَّحَةً لَّهُمُ ٱلْأَبْوَٰبُ ﴿٥٠﴾ مُتَّكِـِٔينَ فِيهَا يَدْعُونَ فِيهَا بِفَـٰكِهَةٍ كَثِيرَةٍ وَشَرَابٍ ﴿٥١﴾ ۞ وَعِندَهُمْ قَـٰصِرَٰتُ ٱلطَّرْفِ أَتْرَابٌ ﴿٥٢﴾ هَـٰذَا مَا تُوعَدُونَ لِيَوْمِ ٱلْحِسَابِ ﴿٥٣﴾ إِنَّ هَـٰذَا لَرِزْقُنَا مَا لَهُۥ مِن نَّفَادٍ ﴿٥٤﴾

*بۇ ۋەز ـ نەسىھەتتۇر، تەقۋادارلارغا ئەلۋەتتە ياخشى ئاقىۋەت بار[49]. (ئۇ) تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارغا ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى ئوچۇقتۇر[50]. ئۇلار جەننەتلەردە تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە نۇرغۇن مېۋىلەرنى، نۇرغۇن شارابلارنى تەلەپ قىلىپ (ئەكەلدۈرۈپ) تۇرىدۇ[51]. ئۇلارنىڭ يانلىرىدا ئەرلىرىدىن غەيرىيگە كۆز سالمايدىغان، ياش قۇرامى ئوخشاش جۈپتىلىرى بولىدۇ[52]. بۇ سىلەرگە قىيامەت كۈنىدە ۋەدە قىلىنغان نېمەتتۇر[53]. بۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئاتايىمىزدۇركى، ئۇ ھەرگىز تۈگىمەيدۇ[54].*

## سائادەتمەنلەرنىڭ ئاخىرى بارىدىغان جايى توغرىسىدا

اللہ تائالا بۇ ئايەتتە سائادەتمەن مۆمىن بەندىلىرى ئۈچۈن ئاخىرەتتە ھەقىقەتەن ياخشى ئاقىۋەتنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ، ئۇ ئاقىۋەت بولسىمۇ ئاخىرى قايتىدىغان جايغا بېرىشتۇر. اللہ تائالا ئۇ جاينى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇ) تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىن ئىبارەت بولۇپ ئۇلارغا ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى ئوچۇقتۇر﴾. يەنى ئۇلار كەلگەن ۋاقىتدا جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئۇلار ئۈچۈن ئوچۇق بولىدۇ.

www.munber.org

﴿ئۇلار جەننەتلەردە تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ﴾ بەزىلەر بۇ ئايەت ھەققىدە: ئۇلار پەردىلەر بىلەن زىننەتلەنگەن كارۋاتلار ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشىدۇ، دېدى.

﴿ئۇلار جەننەتلەردە نۇرغۇن مېۋىلەرنى، نۇرغۇن شارابلارنى تەلەپ قىلىپ (ئەكەلدۈرۈپ) تۇرىدۇ﴾ يەنى ئۇلار قانچىلىك تەلەپ قىلسا، شۇنچىلىك ھازىر قىلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ خالىغىنى بويىچە ﴿شارابلار﴾ تەييارلىنىدۇ. يەنى قايسى خىلدىكىنى تەلەپ قىلسا، جەننەت خادىملىرى شۇ خىلدىكىنى ئۇلارغا ئېلىپ كېلىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتمۇ بۇنى تەكىتلەيدۇ: ﴿ئېقىپ تۇرغان شارابتىن تولدۇرۇلغان پىيالە، چەينەك، جاملارنى ئۇلارغا ئايلىنىپ سۇنۇپ تۇرىدۇ﴾[1].

﴿ئۇلارنىڭ يانلىرىدا ئەرلىرىدىن غەيرىيگە كۆز سالمايدىغان، ياش قۇرامى ئوخشاش جۈپتىلىرى بولىدۇ﴾ يەنى ئۇلارنىڭ جۈپتىلىرى ئۆز ئەرلىرىدىن باشقىلارغا كۆز قىرىنى سالمايدۇ. بۇ جۈپتىلەرنىڭ ياش قۇرامى ئوخشاش بولىدۇ. بۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، مۇھەممەد ئىبنى كەئب ۋە سۇددى قاتارلىقلارنىڭ سۆزىنىڭ مەزمۇنىدۇر.

﴿بۇ سىلەرگە قىيامەت كۈنىدە ۋەدە قىلىنغان نېمەتتۇر﴾ يەنى مانا بۇلار بىز دېگەن جەننەتنىڭ سۈپىتىدۇر، بۇ جەننەتنى الله تائالا تەقۋادار بەندىلىرىگە ۋەدە قىلدى، ئۇلار قىيامەت كۈنى قەبرىلىرىدىن تۇرۇپ ئوتتىن سالامەت بولغاندىن كېيىن ئۇ جەننەتنىڭ كىشىلىرىدىن بولىدۇ.

الله تائالا بۇ جەننەتنىڭ ئەبەدىل - ئەبەد تۈگىمەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئاتايىمىزدۇركى، ئۇ ھەرگىز تۈگىمەيدۇ﴾.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ، الله نىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر تۈگىمەستۇر﴾[2] ﴿(بۇ ئۇلارغا قىلىنغان) ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئىنئامدۇر﴾[3] ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئەلۋەتتە ئۈزۈلۈكسىز ساۋاب بېرىلىدۇ﴾[4] ﴿ئۇنىڭ مېۋىلىرى تۈگىمەيدۇ، ھەمىشە سايە چۈشۈپ تۇرىدۇ، ئەنە شۇ تەقۋادارلارنىڭ ئاقىۋەت بارىدىغان جايىدۇر؛ كاپىرلارنىڭ ئاقىۋەت بارىدىغان جايى دوزاختۇر﴾[5] بۇ ھەقتە كەلگەن ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

* * * * * * *

هَـٰذَا ۚ وَإِنَّ لِلطَّـٰغِينَ لَشَرَّ مَـَٔابٍ ﴿٥٥﴾ جَهَنَّمَ يَصْلَوْنَهَا فَبِئْسَ ٱلْمِهَادُ ﴿٥٦﴾ هَـٰذَا فَلْيَذُوقُوهُ
حَمِيمٌ وَغَسَّاقٌ ﴿٥٧﴾ وَءَاخَرُ مِن شَكْلِهِۦٓ أَزْوَٰجٌ ﴿٥٨﴾ هَـٰذَا فَوْجٌ مُّقْتَحِمٌ مَّعَكُمْ ۖ لَا مَرْحَبًۢا بِهِمْ ۚ إِنَّهُمْ
صَالُوا۟ ٱلنَّارِ ﴿٥٩﴾ قَالُوا۟ بَلْ أَنتُمْ لَا مَرْحَبًۢا بِكُمْ ۖ أَنتُمْ قَدَّمْتُمُوهُ لَنَا ۖ فَبِئْسَ ٱلْقَرَارُ ﴿٦٠﴾ قَالُوا۟ رَبَّنَا مَن
قَدَّمَ لَنَا هَـٰذَا فَزِدْهُ عَذَابًا ضِعْفًا فِى ٱلنَّارِ ﴿٦١﴾ وَقَالُوا۟ مَا لَنَا لَا نَرَىٰ رِجَالًا كُنَّا نَعُدُّهُم مِّنَ
ٱلْأَشْرَارِ ﴿٦٢﴾ أَتَّخَذْنَـٰهُمْ سِخْرِيًّا أَمْ زَاغَتْ عَنْهُمُ ٱلْأَبْصَـٰرُ ﴿٦٣﴾ إِنَّ ذَٰلِكَ لَحَقٌّ تَخَاصُمُ أَهْلِ ٱلنَّارِ ﴿٦٤﴾

---

[1] سۈرە ۋاقىئە 18 - ئايەت.
[2] سۈرە نەھل 96 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.
[3] سۈرە ھۇد 108 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.
[4] سۈرە فۇسسىلەت 8 - ئايەت.
[5] سۈرە رەئد 35 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

www.munber.org

***بۇ (ھەقىقەتتۇر)، كاپىرلارنىڭ (ئاخىرەتتە بولىدىغان جايى) ھەقىقەتەن ئەڭ يامان جايدۇر[55]. ئۇ جەھەننەمدۇر، ئۇلار جەھەننەمگە كىرىدۇ، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي! [56]. بۇ (كۆيدۈرگۈچى) قىزىق سۇدۇر، قان - يىرىڭدۇر، ئۇلار بۇنى تېتىسۇن[57]. يەنە (ئۇلارغا) مۇشۇ خىلدىكى باشقا تۈرلۈك ئازاپلار بار[58]. (ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن دوزاخقا كىرگەن چاغدا، ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە ئېيتىلىدۇ) «بۇ جامائە سىلەر بىلەن بىرگە كىرگۈچىدۇر». (ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئېيتىدۇ) «ئۇلار قارشى ئېلىنمايدۇ، ئۇلار چوقۇم (بىزگە ئوخشاش) ئازابنى تېتىغۇچىدۇر» [59]. ئەگەشكۈچىلەر ئېيتىدۇ: «بەلكى سىلەر قارشى ئېلىنمايسىلەر، سىلەر ئازابنى بىزگە ئېلىپ كەلدىڭلار (يەنى بىزنى ئازدۇرۇپ دوزاخقا كىرىشىمىزگە سەۋەبچى بولدۇڭلار)، بۇ نېمىدېگەن يامان جاي!» [60]. ئۇلار (يەنى ئەگەشكۈچىلەر): «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە بۇ ئازابنى ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە دوزاخ ئازابىنى ئىككى ھەسسە زىيادە قىلغىن» دەيدۇ[61]. ئۇلار (يەنى كاپىرلارنىڭ كاتتىباشلىرى) ئېيتىدۇ: «بىز (دۇنيادىكى چاغدا) يامانلاردىن ھېسابلايدىغان ئادەملەرنى (يەنى مۆمىنلەرنى) (دوزاختا) كۆرمەيمىزغۇ؟ [62]. ئۇلارنى بىز (دۇنيادىكى چاغدا) مەسخىرە قىلاتتۇقمۇ؟ ياكى ئۇلاردىن كۆزلەر ئېغىپ كەتتىمۇ؟ (يەنى ياكى ئۇلار دوزاختا بىز بىلەن بىللە تۇرسىمۇ كۆرمەيۋاتامدۇق؟)» [63]. ئەھلى دوزاخنىڭ بۇ رەۋىشتە ئۆزئارا جاڭجاللىشىشى چوقۇمدۇر[64].***

## بەختسىزلەرنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا

اللّٰه تائالا سائادەتمەن كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئارقىدىنلا بەختسىزلەرنىڭ قىيامەت ۋە ھېساب كۈنىدىكى ھالى، ئۇلارنىڭ ئاخىرى قايتىدىغان جايى ۋە ئاقىۋىتى ھەققىدە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بۇ (ھەقىقەتتۇر)، كاپىرلارنىڭ (ئاخىرەتتە بولىدىغان جايى) ھەقىقەتەن ئەڭ يامان جايدۇر**﴾ يەنى ئۇلار اللّٰه تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىققان، پەيغەمبەرلەرگە قارشىلىق قىلغانلاردۇر.

ئاندىن اللّٰه تائالا ئۇ جاينى ئىزاھلاپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇ جەھەننەمدۇر، ئۇلار جەھەننەمگە كىرىدۇ**﴾ ئۇلار جەھەننەمگە كىرگەندە، جەھەننەم ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئەتراپىدىن ئورىۋالىدۇ. ﴿**ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي! بۇ (كۆيدۈرگۈچى) قىزىق سۇدۇر، قان - يىرىڭدۇر، ئۇلار بۇنى تېتىسۇن**﴾ "بۇ كۆيدۈرگۈچى سۇ" ئەڭ چېكىگە يەتكەن قايناق سۇدۇر. ئەمما "بۇ قان - يىرىڭ" بولسا دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، سوغۇقلۇقىدىن ئىچكۈچىگە بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئازاب ئېلىپ كېلىدىغان قان - يىرىڭدۇر.

﴿**يەنە (ئۇلارغا) مۇشۇ خىلدىكى باشقا تۈرلۈك ئازابلار بار**﴾ يەنى ئۇلار بىر تۈرلۈك ئازاب بىلەن ۋە ئۇنىڭ دەل ئەكسىدە بولغان باشقا بىر تۈرلۈك ئازاب بىلەن ئازابلىنىدۇ. ھەسەنبەسرى اللّٰه تائالانىڭ: ﴿**يەنە (ئۇلارغا) مۇشۇ خىلدىكى باشقا تۈرلۈك ئازابلار بار**﴾ دېگەن ئايىتىگە: خىلمۇ خىل ئازابلار بار، دەپ مەنە بەردى. باشقىلار: بۇ ئازابلار قاتتىق سوغۇق، زەھەر، قايناق سۇ ئىچىش، زەققۇم دەرىخىدىن يېيىش، تاغقا چىقىش ۋە چۈشۈشلەرگە ئوخشىغان، بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ۋە ھەممىسىدە ئادەملەر ئازابلىنىدىغان ۋە خارلىنىدىغان تۈرلۈك ئازابلاردۇر، دېدى.

## دوزاخ ئەھلىنىڭ مۇنازىرىسى توغرىسىدا

﴿**(ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن دوزاخقا كىرگەن چاغدا، ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە ئېيتىلىدۇ) «بۇ جامائە سىلەر بىلەن بىرگە كىرگۈچىدۇر». (ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئېيتىدۇ) «ئۇلار قارشى ئېلىنمايدۇ، ئۇلار چوقۇم**

www.munber.org

**(بىزگە ئوخشاش) ئازابنى تېتىغۇچىدۇر»**﴾ بۇ الله تائالانىڭ دوزاخ ئەھلىنىڭ بىر ـ بىرسىگە دېگەن سۆزىدىن قىلغان خەۋىرىدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەرقاچان بىر ئۇممەت دوزاخقا كىرىدىكەن، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئۇممەتكە (ئۇنىڭغا ئەگىشىپ گۇمراھ بولغانلىقى ئۈچۈن) لەنەت ئوقۇيدۇ﴾[1] يەنى بىر ـ بىرىگە سالام بېرىشنىڭ ئورنىغا لەنەت ئوقۇشىدۇ، بىر ـ بىرىنى ئىنكار قىلىشىدۇ، بەزىلىرى يەنە بەزىلىرىنى كاپىر دېيىشىدۇ. كۈچلۈك ۋە قاتتىق قول زابانىيلەردىن تەركىب تاپقان دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرنىڭ ياللىشى بىلەن يېڭى بىر جامائە دوزاخقا كىرىپ كەلگەندە، ئۇلاردىن بۇرۇن كىرگەنلەر ئېيتىدۇ: ﴿**بۇ جامائە**﴾ يەنى دوزاخقا كىرىپ كېلىۋاتقانلار ﴿**سىلەر بىلەن بىرگە كىرگۈچىدۇر. (ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئېيتىدۇ) «ئۇلار قارشى ئېلىنمايدۇ، ئۇلار چوقۇم (بىزگە ئوخشاش) ئازابنى تېتىغۇچىدۇر**﴾ چۈنكى، ئۇلار ھەقىقەتەن جەھەننەم ئەھلىدۇر.

﴿**ئەگەشكۈچىلەر ئېيتىدۇ: «بەلكى سىلەر قارشى ئېلىنمايسىلەر**﴾ يەنى يېڭى كىرگەنلەر ئىلگىرىكىلەرگە: ﴿**ئېيتىدۇ: «بەلكى سىلەر قارشى ئېلىنمايسىلەر ئازابنى بىزگە ئېلىپ كەلدىڭلار (يەنى بىزنى ئازدۇرۇپ دوزاخقا كىرىشىمىزگە سەۋەبچى بولدۇڭلار)**﴾ يەنى سىلەر بىزنى مۇشۇ جايغا ئېلىپ كېلىدىغان نەرسىگە چاقىردىڭلار. ﴿**بۇ نېمىدېگەن يامان جاي!**﴾ يەنى بۇ نېمىدېگەن يامان قارارگاھ!

﴿**ئۇلار (يەنى ئەگەشكۈچىلەر): «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە بۇ ئازابنى ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە دوزاخ ئازابىنى ئىككى ھەسسە زىيادە قىلغىن» دەيدۇ**﴾ بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كېيىن كىرگەنلەر (يەنى ئەگەشكۈچىلەر) ئىلگىرى كىرگەنلەرگە (يەنى باشلىقلىرىغا) قارىتىپ: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇلار بىزنى ئازدۇرغان، ئۇلارغا ئىككى ھەسسە دوزاخ ئازابى بەرگىن» دەيدۇ. الله: «ھەممىسىگە ئىككى ھەسسە ئازاب بېرىلىدۇ، لېكىن سىلەر (ئازابنىڭ دەھشىتىنى) بىلمەيسىلەر» دەيدۇ﴾[2] يەنى ھەر بىرىڭلار قىلمىشىڭلارغا قارىتا ئازابقا دۇچار بولىسىلەر.

﴿**ئۇلار (يەنى كاپىرلارنىڭ كاتتىباشلىرى) ئېيتىدۇ: «بىز (دۇنيادىكى چاغدا) يامانلاردىن ھېسابلايدىغان ئادەملەرنى (يەنى مۆمىنلەرنى) (دوزاختا) كۆرمەيمىزغۇ؟ ئۇلارنى بىز (دۇنيادىكى چاغدا) مەسخىرە قىلاتتۇقمۇ؟ ياكى ئۇلاردىن كۆزلەر ئېغىپ كەتتىمۇ؟ (يەنى ياكى ئۇلار دوزاختا بىز بىلەن بىللە تۇرسىمۇ كۆرمەيۋاتامدۇق؟)»**﴾ مانا بۇ دوزاختىكى كاپىرلارنىڭ ھالىدۇر. ئۇلارنىڭ قارىشىچە گۇمراھلىقتا دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەملەرنى ئۇلار دوزاختا كۆرەلمەيدۇ. ئۇلار مۆمىنلەرنى گۇمراھلىقتا دەپ قارايتتى. كاپىرلار: بىزگە نېمە بولدى؟ ئۇلارنى دوزاختا بىز بىلەن بىرگە كۆرمەيمىزغۇ؟ دەيدۇ.

مۇجاھىد: بۇ ئەبۇجەھلىنىڭ سۆزى بولۇپ، ئۇ: ماڭا نېمە بولدى؟ مەن بىلال، ئەممار، سۇھەيب ۋە پالانى ـ پۇكۇنلەرنى كۆرەلمەيۋاتىمەنغۇ؟ دەيدۇ، دېدى. بۇ پەقەت بىر مىسالدۇر. چۈنكى، بارلىق كاپىرلارنىڭ ھالى مۇشۇنداقتۇر. ئۇلار مۆمىنلەرنى دوزاخقا كىرىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. كاپىرلار دوزاخقا كىرگەندە مۆمىنلەرنى ئىزدەيدۇ. ئۇلارنى تاپالمىغاندىن كېيىن: ﴿**بىز (دۇنيادىكى چاغدا) يامانلاردىن ھېسابلايدىغان ئادەملەرنى (يەنى مۆمىنلەرنى) (دوزاختا) كۆرمەيمىزغۇ؟ ئۇلارنى بىز (دۇنيادىكى چاغدا) مەسخىرە قىلاتتۇقمۇ؟ ياكى ئۇلاردىن كۆزلەر ئېغىپ كەتتىمۇ؟**﴾ دەيدۇ.

[1] سۈرە ئەئراف 38 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.
[2] سۈرە ئەئراف 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

كاپىرلار ئۆزلىرىنى ئالداپ: ئۇلار بىز بىلەن جەھەننەمدە بار بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، كۆزىمىز ئۇلارنى كۆرەلمەي قالدى، دېيىشىدۇ. شۇ ۋاقىتتا كاپىرلار مۆمىنلەرنىڭ يۈكسەك، ئالىي ئورۇندا تۇرغانلىقىنى بىلىدۇ.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەھلى جەننەت ئەھلى دوزاخقا: «بىز پەرۋەردىگارىمىز بىزگە ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق تاپتۇق، سىلەرمۇ پەرۋەردىگارىڭلار ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق تاپتىڭلارمۇ؟» دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار: «ھەئە» دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر جاكارچى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (مۇنداق دەپ) جاكارلايدۇ: «زالىملارغا الله نىڭ لەنىتى بولسۇن. زالىملار كىشىلەرنى الله نىڭ داغدام يولىدىن توسىدۇ، ئۇنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەيدۇ ھەمدە ئۇلار ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدۇ». ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر توسما بولىدۇ. توسمىنىڭ ئۈستىدە (ئەئرافتا) ئەھلى جەننەت ۋە ئەھلى دوزاخنى ئۇلارنىڭ سىماسىدىن تونۇيدىغان ئادەملەر (يەنى ئەھلى ئەئراف) بولىدۇ، ئۇلار ئەھلى جەننەتكە: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار جەننەتكە كىرمىگەن، (ئەمما) كىرىش ئۈمىدىدە تۇرغانلاردۇر. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئەھلى دوزاخ تەرەپكە بۇرالغاندا: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى زالىم قەۋم بىللە قىلمىغىن» دەيدۇ. ئەئرافتىكىلەر (يەنى ياخشىلىقلىرى بىلەن يامانلىقلىرى تەڭ بولۇپ قالغان،جەننەتتىمۇ ئەمەس، دوزاختىمۇ ئەمەس كىشىلەر) سىماسىدىن تونۇيدىغان (دوزىخى) ئادەملەرگە: «توپلىغان پۇل ـ ماللىرىڭلار ۋە تەكەببۇرلۇقۇڭلار سىلەرگە نېمىگە ئەسقاتتى؟» دەپ توۋلايدۇ. (ئەئرافتىكىلەر دوزىخىلارغا مۆمىنلەرنىڭ پېقىرلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ) سىلەر الله نىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ، دەپ قەسەم قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟ (مانا بۇلارغا) جەننەتكە كىرىڭلار، سىلەرگە (كەلگۈسىدىن)غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر (دېيىلدى دەيدۇ)﴾[1].

﴿ئەھلى دوزاخنىڭ بۇ رەۋىشتە ئۆز ـ ئارا جاڭجاللىشىشى چوقۇمدۇر﴾ يەنى ئى مۇھەممەد! بىز ھەقىقەتەن ساڭا خەۋەر قىلغان، دوزاخ ئەھلىنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن جاڭجاللىشىشى، بىر ـ بىرىگە لەنەت ئوقۇشى قاتارلىق بۇ قىلمىشلىرى ئەلۋەتتە ھەقتۇر، ئۇنىڭدا ھېچ بىر شەك شۈبھە يوقتۇر.

* * * * * * *

قُلۡ إِنَّمَآ أَنَا۠ مُنذِرٞۖ وَمَا مِنۡ إِلَٰهٍ إِلَّا ٱللَّهُ ٱلۡوَٰحِدُ ٱلۡقَهَّارُ ﴿٦٥﴾ رَبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَيۡنَهُمَا ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡغَفَّٰرُ ﴿٦٦﴾ قُلۡ هُوَ نَبَؤٌاْ عَظِيمٌ ﴿٦٧﴾ أَنتُمۡ عَنۡهُ مُعۡرِضُونَ ﴿٦٨﴾ مَا كَانَ لِيَ مِنۡ عِلۡمِۭ بِٱلۡمَلَإِ ٱلۡأَعۡلَىٰٓ إِذۡ يَخۡتَصِمُونَ ﴿٦٩﴾ إِن يُوحَىٰٓ إِلَيَّ إِلَّآ أَنَّمَآ أَنَا۠ نَذِيرٞ مُّبِينٞ ﴿٧٠﴾

*(ئى مۇھەممەد! مەككە كاپىرلىرىغا) ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن، غالىب بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر﴿65﴾. (ئۇ الله ) ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، غالىبتۇر. (ئۆزى خالىغان بەندىلەرنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر» ﴿66﴾. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئۇ (يەنى الله نىڭ بىرلىكىگە دەۋەت قىلغۇچى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىم) چوڭ خەۋەردۇر﴿67﴾. سىلەر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيسىلەر﴿68﴾. پەرىشتىلەر (ئادەم ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا) مۇنازىرىلىشىۋاتقان چاغدا، مەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيتتىم﴿69﴾. ماڭا پەقەت ۋەھيى قىلىنىدۇكى، مەن روشەن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن» ﴿70﴾.*

[1] سۈرە ئەئراف 44 ـــ 49 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ چوڭ بىر خەۋەر ئىكەنلىكى توغرىسىدا

الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى الله تائالاغا كاپىر بولغان، پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغان مۇشرىكلارغا مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇيدۇ: ﴿**مەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن**﴾ يەنى سىلەر ئويلىغاندەك ئەمەسمەن. ﴿**غالىب بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر**﴾ يەنى ئۇ ئۆزى يالغۇز پۈتكۈل شەيئىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر.

﴿**(ئۇ الله) ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر**﴾ يەنى الله بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئىگىسىدۇر ۋە ئۇنى باشقۇرغۇچىدۇر ﴿**غالىبتۇر. (ئۆزى خالىغان بەندىلەرنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر**﴾﴾ يەنى الله تائالا ئۆزىنىڭ بۈيۈكلىكى ۋە غالىبلىقى بىلەن خالىغان ئادەمگە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

﴿**(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئۇ (يەنى الله نىڭ بىرلىكىگە دەۋەت قىلغۇچى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىم) چوڭ خەۋەردۇر**﴾ يەنى الله تائالانىڭ مېنى سىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشى چوڭ خەۋەردۇر ۋە كاتتا ئىشتۇر. ﴿**سىلەر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيسىلەر**﴾ يەنى ئۇنىڭدىن غەپلەتتە سىلەر.

﴿**پەرىشتىلەر (ئادەم ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا) مۇنازىرىلىشىۋاتقان چاغدا، مەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيتتىم**﴾ يەنى ماڭا ۋەھيي نازىل بولمىغان بولسا، پەرىشتىلەرنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا مۇنازىرىلەشكەنلىكى، ئىبلىسنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشتىن باش تارتقانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكى توغرىسىدا پەرۋەردىگارى بىلەن داۋالاشقانلىقى قاتارلىق ئىشلارنى مەن نەدىن بىلەتتىم؟

* * * * * * *

إِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَٰٓئِكَةِ إِنِّى خَٰلِقٌۢ بَشَرًا مِّن طِينٍ (٧١) فَإِذَا سَوَّيْتُهُۥ وَنَفَخْتُ فِيهِ مِن رُّوحِى
فَقَعُوا۟ لَهُۥ سَٰجِدِينَ (٧٢) فَسَجَدَ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ كُلُّهُمْ أَجْمَعُونَ (٧٣) إِلَّآ إِبْلِيسَ ٱسْتَكْبَرَ وَكَانَ مِنَ
ٱلْكَٰفِرِينَ (٧٤) قَالَ يَٰٓإِبْلِيسُ مَا مَنَعَكَ أَن تَسْجُدَ لِمَا خَلَقْتُ بِيَدَىَّ ۖ أَسْتَكْبَرْتَ أَمْ كُنتَ مِنَ
ٱلْعَالِينَ (٧٥) قَالَ أَنَا۠ خَيْرٌ مِّنْهُ ۖ خَلَقْتَنِى مِن نَّارٍ وَخَلَقْتَهُۥ مِن طِينٍ (٧٦) قَالَ فَٱخْرُجْ مِنْهَا فَإِنَّكَ
رَجِيمٌ (٧٧) وَإِنَّ عَلَيْكَ لَعْنَتِىٓ إِلَىٰ يَوْمِ ٱلدِّينِ (٧٨) قَالَ رَبِّ فَأَنظِرْنِىٓ إِلَىٰ يَوْمِ يُبْعَثُونَ (٧٩) قَالَ
فَإِنَّكَ مِنَ ٱلْمُنظَرِينَ (٨٠) إِلَىٰ يَوْمِ ٱلْوَقْتِ ٱلْمَعْلُومِ (٨١) قَالَ فَبِعِزَّتِكَ لَأُغْوِيَنَّهُمْ أَجْمَعِينَ (٨٢) إِلَّا
عِبَادَكَ مِنْهُمُ ٱلْمُخْلَصِينَ (٨٣) قَالَ فَٱلْحَقُّ وَٱلْحَقَّ أَقُولُ (٨٤) لَأَمْلَأَنَّ جَهَنَّمَ مِنكَ وَمِمَّن تَبِعَكَ
مِنْهُمْ أَجْمَعِينَ (٨٥)

*ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن لايدىن بىر ئادەم يارىتىمەن*﴿71﴾*. ئۇنى مەن راۋۇرۇس ياراتقان (يەنى ئۇنى يارىتىپ سۈرەتكە كىرگۈزۈپ، ئەزالىرىنى تولۇق، مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا ئۇنىڭغا سەجدە*

www.munber.org

***قىلىڭلار» [72]. پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى (ئادەم ئەلەيھىسسالامغا) سەجدە قىلدى [73]. پەقەت ئىبلىسلا بويۇنتاۋلىق قىلدى، ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى [74]. اﷲ ئېيتتى: «ئى ئىبلىس! مەن ئۆز قولۇم بىلەن ياراتقان ئىنسانغا سەجدە قىلىشتىن ساڭا نېمە توسقۇنلۇق قىلدى (ئۇنىڭغا سەجدە قىلماسلىقىڭ تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقىڭدىنمۇ؟ ياكى يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەردىن بولغانلىقىڭدىنمۇ؟» [75]. ئىبلىس: «مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق، مېنى ئوتتىن ياراتتىڭ، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ» دېدى [76]. اﷲ : «سەن جەننەتتىن يوقال! سەن ھەقىقەتەن قوغلاندى بولدۇڭ، ساڭا ھەقىقەتەن قىيامەتكىچە مېنىڭ لەنىتىم بولسۇن» دېدى [77 - 78]. ئىبلىس: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا (خالايىق) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت)گىچە مۆھلەت بەرسەڭ (يەنى مېنى ھايات قالدۇرساڭ)» دېدى [79]. اﷲ : «جەزمەن ساڭا مەلۇم ۋاقىتقىچە مۆھلەت بېرىلىدۇ» دېدى [80 -81]. ئىبلىس ئېيتتى: «ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرىمەن [82]. ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرالمايمەن)» [83]. اﷲ ئېيتتى: «مېنىڭ سۆزۈم ھەقتۇر، مەن ھەقنى سۆزلەيمەن [84]. سەن بىلەن ۋە ئۇلاردىن ساڭا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن چوقۇم جەھەننەمنى توشقۇزىمەن» [85].***

## ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىبلىسنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا

اﷲ بۇ قىسسىنى بەقەرە، ئەئراف، ھىجر، ئىسرا، كەھف سۈرىلىرىدە ۋە بۇ سۈرە (ساد) تا بايان قىلدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى: اﷲ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىشتىن بۇرۇن پەرىشتىلەرگە ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن چەكسە جىرىڭلىغىدەك قۇرۇتۇلغان قارا لايدىن ئىنسان يارىتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇلارنى اﷲ تائالا قاچان ئۇ ئىنساننى يارىتىپ بولغان ھامان ھۆرمەتلەش، ئۇلۇغلاش، ئېھتىرام بىلدۈرۈش ۋە اﷲ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇدى. ئىبلىستىن باشقا بارلىق پەرىشتىلەر بۇيرۇققا بويسۇندى. ئىبلىس پەرىشتىلەرنىڭ تىپىدىن ئەمەس، بەلكى جىن تىپىدىن ئىدى. ئۇنىڭ تەبىئىتى ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ زۆرۈر بولغان نەرسىگە خىيانەت قىلدى. ئۇ ئادەمگە سەجدە قىلىشتىن چوڭچىلىق قىلدى. ھەم بۇ ھەقتە پەرۋەردىگارى بىلەن مۇنازىرىلەشتى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئوتتىن، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ لايدىن يارالغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىچە ئوت لايدىن ئارتۇق دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلدى، ئۇ ھەقىقەتەن خاتالاشتى. اﷲ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلدى ۋە كاپىر بولدى. شۇنىڭ بىلەن اﷲ تائالا ئۇنى خارلىققا دۇچار قىلدى. رەھمەت ئىشىكىدىن يىراققا ھەيدىدى. خاتىرجەم ۋە مۇقەددەس جايدىن قوغلىدى، ئۇنىڭ تونۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى ئىبلىس دەپ ئاتىدى. چۈنكى، ئۇ اﷲ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەندى. ئۇ خارلانغان، اﷲ تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغان ھالدا ئاسماندىن زېمىنغا چۈشۈرۈۋېتىلدى. ئاندىن ئۇ اﷲ تائالادىن ئۆزىگە قىيامەت كۈنىگىچە مۆھلەت بېرىلىشىنى سورىدى. ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغۇچىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان مېھرىبان اﷲ ئۇنىڭغا مۆھلەت بەردى. ئۇ قىيامەت كۈنىگىچە ھالاك بولۇشتىن خاتىرجەم بولغان چاغدا، ھەددىدىن ئېشىپ ۋە كۆرەڭلەپ تۇرۇپ: **﴿ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرىمەن. ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرالمايمەن)﴾** دېدى.

ئىبلىس: ﴿ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە، سەن مەندىن ئۈستۈن قىلغان ئادەم مۇشۇمۇ؟ ئەگەر ماڭا قىيامەتكىچە مۆھلەت بېرىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىنى (ئازدۇرۇپ) تۈپ

www.munber.org

يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىمەن (يەنى ئۇلارنى خالىغانچە يېتىلەيمەن) »﴾[1] دېگەن ئىدى. الله تائالا ئەنە شۇ مۇستەسنا قىلغانلارنىڭ بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿شۈبھىسىزكى، مېنىڭ (ئىخلاسمەن) بەندىلىرىم ئۈستىدىن سەن ھۆكۈمرانلىق قىلالمايسەن. پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ھامىي بولۇشقا يېتەرلىكتۇر﴾[2].

**﴿الله ئېيتتى: « مېنىڭ سۆزۈم ھەقتۇر، مەن ھەقنى سۆزلەيمەن. سەن بىلەن ۋە ئۇلاردىن ساڭا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن چوقۇم جەھەننەمنى توشقۇزىمەن »﴾** مۇجاھىد بۇ ئايەتنى: مەن ھەقدۇرمەن، مەن ھەقنى سۆزلەيمەن دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ تەپسىر قىلدى. مۇجاھىدنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: ھەق مەن تەرەپتىن كېلىدۇ. مەن ھەقنى سۆزلەيمەن دېگەنلىك دېدى، دېيىلگەن.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لېكىن مېنىڭ (گۇناھكارلارنى ئازاب قىلىشتىن ئىبارەت) ھۆكمىم بېكىپ كەتتى. مەن چوقۇم جىنلار ۋە ئىنسانلار (يەنى ئۇلارنىڭ گۇناھكارلىرى) ـ ھەممىسى بىلەن جەھەننەمنى تولدۇرىمەن﴾[3] ﴿الله (ئىبلىسقا) ئېيتتى: « بارغىن (ساڭا مۆھلەت بەردىم)، ئۇلاردىن (يەنى ئادەم باللىرىدىن) كىمكى ساڭا ئەگەشسىدىكەن، (جەھەننەم ساڭا ۋە ئۇلارغا) بېرىلگەن تولۇق جازادۇر﴾[4].

* * * * * * *

قُلْ مَآ أَسْـَٔلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ وَمَآ أَنَا۠ مِنَ ٱلْمُتَكَلِّفِينَ ﴿٨٦﴾ إِنْ هُوَ إِلَّا ذِكْرٌ لِّلْعَـٰلَمِينَ ﴿٨٧﴾ وَلَتَعْلَمُنَّ نَبَأَهُۥ بَعْدَ حِينٍۭ ﴿٨٨﴾

***ئېيتقىنكى، « (الله تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيىنى) تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچ ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مەن (قۇرئاننى) ئۆيتىرا قىلغۇچىلاردىن (يەنى ياڭغاندىن توقۇغۇچىلاردىن) ئەمەسمەن﴿86﴾. قۇرئان پەقەت جاھان ئەھلى ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر﴿87﴾. بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇنىڭ راستلىقىنى چوقۇم بىلىسىلەر »﴿88﴾.***

الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! ئەنە شۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، مەن سىلەرگە تەبلىغ ـ ۋەز ئېيتقانلىقىم ئۈچۈن ھەق ئورنىدا سىلەردىن دۇنيانىڭ مال ـ مۈلكىدىن سورىمايمەن. **﴿مەن (قۇرئاننى) ئۆيتىرا قىلغۇچىلاردىن (يەنى ياڭغاندىن توقۇغۇچىلاردىن) ئەمەسمەن﴾** يەنى الله تائالا مېنى پەيغەمبەر قىلىپ مەن بىلەن بىللە ئەۋەتكەن قۇرئاندىن ئارتۇق ھېچنېمىنى خالىمايمەن ۋە تەلەپ قىلمايمەن. بەلكى، ماڭا بۇيرۇلغان نەرسىنى، ئۇنىڭغا قوشۇپمۇ قويماي ياكى كېمەيتىپمۇ قويماي ئادا قىلىمەن. بۇنداق قىلىش بىلەن مەن ھەقىقەتەن الله تائالانىڭ رازىلىقىنى ۋە ئاخىرەت يۇرتىنى تەلەپ قىلىمەن.

سۇفيان سەۋرى، مەسرۇقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. ئۇ مۇنداق دېدى: ئى خالايىق! كىمكى بىرەر شەيئىنى بىلسە ئۇنى دېسۇن، بىلمىسە الله تائالا بىلگۈچىدۇر، دېسۇن. ھەقىقەتەن بىر ئادەمنىڭ ئۆزى بىلمىگەن نەرسىنى "الله تائالا بىلگۈچىدۇر" دېيىشىنىڭ ئۆزىلا بىلىم ھېسابلىنىدۇ. الله تائالا ھەقىقەتەن پەيغەمبىرىڭلارغا: **﴿ئېيتقىنكى، « (الله تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيىنى) تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچ ھەق تەلەپ**

---

[1] سۈرە ئىسرا 62 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.
[2] سۈرە ئىسرا 65 ـ ئايەت.
[3] سۈرە سەجدە 13 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.
[4] سۈرە ئىسرا 63 ـ ئايەت.

www.munber.org

قىلمايمەن، مەن (قۇرئاننى) ئىپتىرا قىلغۇچىلاردىن (يەنى يالغاندىن توقۇغۇچىلاردىن) ئەمەسمەن﴾ دەپ ئۆگەتتى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

﴿قۇرئان پەقەت جاھان ئەھلى ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر﴾ بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئاببास رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: قۇرئان ئىسلام دەۋىتى يەتكەن بارلىق ئىنسان ۋە جىنلار ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر. بۇ ئايەت كەرىم اللە تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرى بىلەن مەزمۇن جەھەتتىن ئوخشاشتۇر: ﴿بۇ قۇرئان ماڭا سىلەرنى ۋە (قىيامەتكىچە) قۇرئان يەتكەن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيى قىلىندى﴾[1] ﴿(كۇففار) جامائەلىرىدىن كىمكى قۇرئاننى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان جاي دوزاختۇر﴾[2].

﴿بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇنىڭ راستلىقىنى چوقۇم بىلىسىلەر﴾ يەنى قۇرئاننىڭ راستلىقىنى پات يېقىندا بىلىسىلەر. قەتادە: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، ئۆلگەندىن كېيىن بىلىسىلەر دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. ئىكرىمە: يەنى قىيامەت كۈنى بىلىسىلەر دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئارىسىدا قارىمۇ قارشىلىق يوق. چۈنكى، ئۆلگەن كىشى قىيامەت كۈنىنىڭ ھۆكمىگە كىرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن سۈرە سادنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. جىمى ھەمدۇ سانا ۋە مەدھىيە اللە تائالاغا خاستۇر! پاك ۋە يۈكسەك اللە تائالا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

---

[1] سۈرە ئەنئام 19 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.
[2] سۈرە ھۇد 17 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان — سۈرە زۇمەر — 75 ئايەت

## سۈرە زۇمەرنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئىمام نەسەئى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزا تۇتسا ئىپتار قىلمامدىكىن، ئىپتار قىلسا روزا تۇتمامدىكىن، دەپ قالاتتۇق. ئۇ ھەر كېچىسى سۈرە ئىسرا بىلەن سۈرە زۇمەرنى ئوقۇيتتى.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

تَنزِيلُ ٱلۡكِتَٰبِ مِنَ ٱللَّهِ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡحَكِيمِ ﴿١﴾ إِنَّآ أَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ بِٱلۡحَقِّ فَٱعۡبُدِ ٱللَّهَ مُخۡلِصٗا لَّهُ ٱلدِّينَ ﴿٢﴾ أَلَا لِلَّهِ ٱلدِّينُ ٱلۡخَالِصُۚ وَٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ مِن دُونِهِۦٓ أَوۡلِيَآءَ مَا نَعۡبُدُهُمۡ إِلَّا لِيُقَرِّبُونَآ إِلَى ٱللَّهِ زُلۡفَىٰٓ إِنَّ ٱللَّهَ يَحۡكُمُ بَيۡنَهُمۡ فِي مَا هُمۡ فِيهِ يَخۡتَلِفُونَۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهۡدِي مَنۡ هُوَ كَٰذِبٞ كَفَّارٞ ﴿٣﴾ لَّوۡ أَرَادَ ٱللَّهُ أَن يَتَّخِذَ وَلَدٗا لَّٱصۡطَفَىٰ مِمَّا يَخۡلُقُ مَا يَشَآءُۚ سُبۡحَٰنَهُۥۖ هُوَ ٱللَّهُ ٱلۡوَٰحِدُ ٱلۡقَهَّارُ ﴿٤﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە تائالانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن**

*بۇ كىتاب غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى اللە تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر*﴿1﴾. *ساڭا بىز (بۇ) كىتابنى ھەقىقەتەن ھەق بىلەن (يەنى ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) نازىل قىلدۇق، دىنىڭنى شېرىكتىن (ۋە رىيادىن) ساپ قىلغىنىڭ ھالدا اللە غا ئىبادەت قىلغىن*﴿2﴾. *بىلىڭلاركى، (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ دىن اللە غا خاستۇر، اللە نى قويۇپ بۇتلارنى ھىمايىچى قىلىۋالغانلار: «بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى اللە غا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر» (دەيدۇ). اللە ھەقىقەتەن (قىيامەت كۈنى) ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ، اللە ھەقىقەتەن يالغانچىنى، (اللە نىڭ نېمەتلىرىگە) كۇفرىلىق قىلغۇچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ*﴿3﴾. *ئەگەر اللە بالا تۇتۇشنى خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، مەخلۇقات ئىچىدىن خالىغاننى ئىختىيار قىلاتتى، اللە (بالا تۇتۇشتىن) پاكتۇر، ئۇ غالىب بىر اللە دۇر*﴿4﴾.

www.munber.org

## تەۋھىدكە بۇيرۇش، شېرىكنى رەت قىلىش توغرىسىدا

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە بۈيۈك قۇرئاندىن ئىبارەت بۇ كىتابنى ئۆز دەرگاھىدىن نازىل قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ، بۇ قۇرئان ھەقىقەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ھېچ شەك ـ شۈبھە يوقتۇر. بۇ ھەقتە ﷲ تائالا سۈرە شۇئەرادا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، قۇرئان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، ئىشەنچلىك جىبرىئىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى. (قۇرئان) ئوچۇق ئەرەبى تىلىدا (نازىل بولدى)﴾[1] ﴿شۈبھىسىزكى، قۇرئان غالىب كىتابتۇر. ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيەگە لايىق ﷲ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾[2].

﴿**بۇ كىتاب غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ﷲ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر**﴾ يەنى ﷲ تائالا كۈچلۈكتۇر، مەخلۇقاتلارغا موھتاج ئەمەستۇر، سۆزلىرىدە ۋە ئىشلىرىدا، شەرىئىتىنى بەلگىلەش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

﴿**ساڭا بىز (بۇ) كىتابنى ھەقىقەتەن ھەق بىلەن (يەنى ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) نازىل قىلدۇق، دىنىڭنى شېرىكتىن (ۋە رىيادىن) ساپ قىلغىنىڭ ھالدا ﷲ غا ئىبادەت قىلغىن**﴾ يەنى يالغۇز ﷲ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەستىن ئىبادەت قىلغىن، ھەم كىشىلەرنى شۇنداق قىلىشقا چاقىرغىن. ئۇلارغا پەقەت يالغۇز ﷲ تائالادىن باشقا نەرسىگە ئىبادەت قىلىشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى، ﷲ تائالانىڭ شېرىكى، تەڭدىشى ۋە ئوخشىشىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرگىن.

﴿**بىلىڭلاركى، (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ دىن ﷲ غا خاستۇر**﴾ يەنى ﷲ تائالا ھېچ شېرىكى يوق يالغۇز ﷲ تائالاغا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلغۇچىنىڭ ئەمەلىنىلا قوبۇل قىلىدۇ. ئاندىن ﷲ تائالا بۇتپەرەس مۇشرىكلاردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى ﷲ غا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر**﴾ يەنى مۇشرىكلارنى بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشقا ئۈندىگەن نەرسە شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاتا كۆزقارىشى بويىچە ﷲ تائالاغا يېقىن پەرىشتىلەرنىڭ سۈرەتلىرىدە بۇت ياساپ، شۇ بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشىدۇر. ئۇلار ﷲ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئۆزلىرىگە ياردەم قىلىش، رىزىق بېرىش ۋە دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى بەرپا قىلىشتا بىزگە شاپائەت تىلىسۇن دەپ پەرىشتىلەرنىڭ سۈرەتلىرىنى پەرىشتىلەرنىڭ ئورنىدا ساناپ قويۇپ ئۇلارغا ئىبادەت قىلىشىدۇ. ئەمما ئۇلار ئاخىرەتتىن تانىدۇ ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ.

قەتادە، سۇددى ۋە مالىك قاتارلىقلار زەيد ئىبنى ئەسلەم ۋە ئىبنى زەيدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى ﷲ غا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى، ئۇلارنىڭ بىزگە شاپائەت قىلىشى ۋە بىزنى ﷲ تائالانىڭ دەرگاھىدا يېقىن ئورۇنغا ئىگە قىلىشى، ئۈچۈنلا بىز ئۇلارغا ئىبادەت قىلىمىز دېگەنلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن ئۇلار ھەج قىلغاندا: ئى ﷲ! بىز سېنىڭ چاقىرىقىڭغا بىنائەن كەلدۇق، سېنىڭ بىر شېرىكىڭدىن باشقا شېرىكىڭ يوق، سەن ئۇنىڭغا ۋە ئۇ شېرىكىڭ ئىگە بولغان نەرسىگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىسەن، دەپ تەلبىيە ئېيتاتتى. بۇرۇندىن تارتىپ ھازىرغىچە مۇشرىكلار مۇشۇ شۈبھىگە تايىنىپ كېلىۋاتقان ئىدى. ئۇنى رەت قىلىش، ئۇنىڭدىن توسۇش ۋە ھېچ شېرىكى بولمىغان يالغۇز ﷲ تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىش، بۇ

---

[1] سۈرە شۇئەرا 192 — 195 - ئايەتكىچە.
[2] سۈرە فۇسسىلەت 41 — 42 - ئايەتلەر.

www.munber.org

بۇتپەرەسلىكنى مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىقارغانلىقىنى، الله تائالا ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلمىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا رازى ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۇنىڭدىن غەزەپلىنىدىغانلىقىنى ۋە توسقانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر كەلدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۇممەتكە: «الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾[1] ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴾[2].

الله تائالا ھەقىقەتەن ئاسمانلاردىكى الله تائالاغا يېقىن پەرىشتىلەر ۋە باشقا پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ الله تائالاغا بويسۇنغۇچى قۇللار ئىكەنلىكىنى، الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ئۇلار پەقەت الله تائالا رازى بولۇپ شاپائەت قىلىشقا بۇيرۇغان كىشىدىن باشقا ھېچ كىشىگە شاپائەت قىلالمايدىغانلىقىنى، ئۇلار ھەرگىزمۇ الله تائالانىڭ دەرگاھىدا پادىشاھلار خالىغان ۋە خالىمىغان ئىشتا پادىشاھلارنىڭ ئىزنىسىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلىدىغان ھوقۇقدارلارغا ئوخشاش ئەمەسلىكىنى خەۋەر بەردى.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر الله غا مىسال كەلتۈرمەڭلار (يەنى الله غا بۇتلارنى ئوخشاتماڭلار، الله غا شېرىك كەلتۈرمەڭلار)﴾[3] يەنى الله تائالا بۇنداق مىسال كەلتۈرۈلۈشلەردىن، ئوخشىتىشلاردىن ناھايىتى يۈكسەكتۇر.

**﴿الله ھەقىقەتەن (قىيامەت كۈنى) ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ﴾** يەنى قىيامەت كۈنى ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ ھەر بىر ئادەمگە ئۇنىڭ ياخشى - يامان ئەمەلىگە قارىتا مۇكاپات ۋە جازا بېرىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ كۈندە الله ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ ھەممىسىنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يىغىدۇ، ئاندىن پەرىشتىلەرگە: «بۇ كىشىلەر سىلەرگە چوقۇنغانمىدى؟» دەيدۇ. ئۇلار ئېيتىدۇ: «سەن پاكتۇرسەن، بىزنىڭ دوستىمىز ئۇلار ئەمەس، سەن. (ئۇلار بىزگە چوقۇنمايتتى) بەلكى جىنغا چوقۇناتتى. ئۇلارنىڭ تولىسى جىنغا ئىمان كەلتۈرەتتى»﴾[4].

**﴿الله ھەقىقەتەن يالغانچىنى، (الله نىڭ نېمەتلىرىگە) كۇفرىلىق قىلغۇچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾** يەنى الله تائالاغا يالغان چاپلىغانلىقى، ئۇنىڭ نامىدا بوھتان توقۇغانلىقى، الله تائالانىڭ ئايەتلىرىگە ۋە دەلىل ـ پاكىتلىرىغا دىلى كورلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن الله تائالا ئۇنى ھىدايەت يولىغا باشلىمايدۇ.

الله تائالا جاھىل مۇشرىكلارنىڭ پەرىشتىلەرنى، تەرسا يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ ئۇزەير ۋە ئىسالارنى الله تائالانىڭ بالىسى دەپ بىلجىرلىغان بۇزۇق ئەقىدىلىرىنى بەربات قىلىپ، ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ ھېچ بالىسى يوقلىقىنى مۇنداق بايان قىلدى. **﴿ئەگەر الله بالا تۇتۇشنى خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، مەخلۇقات ئىچىدىن خالىغانىنى ئىختىيار قىلاتتى﴾** يەنى ئىش ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىنىڭ دەل ئەكسىچە بولاتتى. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله قوبۇل قىلىشنى ۋەدە قىلغان تەۋبە يامانلىقنى نادانلىقتىن قىلىپ سىلىپ، ئاندىن ئۇزۇنغا قالماي (يەنى ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن) تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىدۇر؛ الله ئەنە شۇلارنىڭ

---

[1] سۈرە نەھل 36 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.
[2] سۈرە ئەنبىيا 25 - ئايەت.
[3] سۈرە نەھل 74 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.
[4] سۈرە سەبەئ 40 - 41 ئايەتلەر.

www.munber.org

تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، الله ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1]
﴿« ئەگەر مېھرىبان الله نىڭ بالىسى بولىدىغان بولسا، مەن (ئۇ بالىغا) ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەۋۋىلى بولاتتىم » دېگىن﴾[2].

﴿الله (بالا تۇتۇشتىن) پاكتۇر، ئۇ غالىب بىر الله دۇر﴾ يەنى الله تائالا بالا تۇتۇشتىن يۈكسەك ۋە ئالىيدۇر، بارلىق نۇقسانلاردىن پاكتۇر، ئۇلۇغدۇر ئۇ ھەقىقەتەن بىردۇر، تەنهادۇر، ھەممە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر، ھەممە نەرسە ئۇنىڭ قۇلىدۇر، ئۇ بولسا ھەممە نەرسىدىن بىھاجەتتۇر، ئۇ شەيئىلەرنى تىزگىنلىدى. شەيئىلەر ئۇنىڭغا بويسۇندى ۋە باش ئەگدى، ئۇ زالىم ۋە دەھرىلەر دەۋاتقان نەرسىلەردىن يۈكسەك دەرىجىدە ئالىيدۇر، ئۇنىڭ بەركىتى بۈيۈكتۇر.

* * * * * * *

خَلَقَ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ بِٱلۡحَقِّۖ يُكَوِّرُ ٱلَّيۡلَ عَلَى ٱلنَّهَارِ وَيُكَوِّرُ ٱلنَّهَارَ عَلَى ٱلَّيۡلِۖ وَسَخَّرَ
ٱلشَّمۡسَ وَٱلۡقَمَرَۖ كُلٌّ يَجۡرِى لِأَجَلٍ مُّسَمًّىۗ أَلَا هُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡغَفَّـٰرُ ﴿٥﴾ خَلَقَكُم مِّن نَّفۡسٍ وَٰحِدَةٍ
ثُمَّ جَعَلَ مِنۡهَا زَوۡجَهَا وَأَنزَلَ لَكُم مِّنَ ٱلۡأَنۡعَـٰمِ ثَمَـٰنِيَةَ أَزۡوَٰجٍۚ يَخۡلُقُكُمۡ فِى بُطُونِ أُمَّهَـٰتِكُمۡ خَلۡقًا مِّنۢ
بَعۡدِ خَلۡقٍ فِى ظُلُمَـٰتٍ ثَلَـٰثٍۚ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمۡ لَهُ ٱلۡمُلۡكُۖ لَآ إِلَـٰهَ إِلَّا هُوَۖ فَأَنَّىٰ تُصۡرَفُونَ ﴿٦﴾

***الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەق ئاساسىدا ياراتتى. الله كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ، الله كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە) بويسۇندۇرۇپ بەردى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە (يەنى قىيامەتكىچە ئۆز ئوقىدا) سەير قىلىدۇ، بىلىڭلاركى، ئۇ (يەنى الله ئۆز ئىشىدا) غالىبتۇر. (بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾[5]. الله سىلەرنى بىر ئادەمدىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتتى ۋە ھايۋانلاردىن سەككىزنى سىلەر ئۈچۈن ياراتتى، الله سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققى قىلدۇرۇپ (يەنى ئابىمەنى، ئاندىن لەختە قان، ئاندىن پارچە گۆش باسقۇچلىرىغا بۆلۈپ)، ئۈچ قاراڭغۇلۇق (يەنى بالاھەمراھنىڭ پەردىسى، بەچچىدان ۋە ئانىنىڭ قورسىقى) ئىچىدە يارىتىدۇ، ئەنە شۇ الله سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، پادىشاھلىق الله غا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، قانداقمۇ (ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن ئۇنىڭدىن غەيرىيگە چوقۇنۇشقا) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر﴾[6].***

## الله تائالانىڭ قۇدرىتىنى، بىر ۋە بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر توغرىسىدا

الله تائالا ئۆزىنىڭ ئاسمان - زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسىدۇر. پادىشاھلىقىدا ئۆزى خالىغىنىچە تەسەررۇپ قىلىدۇ. كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

﴿الله كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ﴾ يەنى الله تائالا كېچە بىلەن كۈندۈزنى توختىماستىن بىر - بىرىگە ئەگىشىپ مېڭىشقا بويسۇندۇردى. ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىنى قوغلىشىپ ماڭىدۇ.

---

[1] سۈرە نىسا 17 - ئايەت.
[2] سۈرە زۇخرۇف 81 - ئايەت.

www.munber.org

بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللە كىچە بىلەن (يەنى كىچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن) كۆندۈزنى ياپىدۇ، كىچە بىلەن كۆندۈز بىر بىرىنى قوغلىشىدۇ (يەنى داۋاملىق ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدۇ)﴾[1] يۇقىرىدىكىلەر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، قەتادە، سۇددى ۋە باشقىلارنىڭ تەپسىرىنىڭ مەزمۇنىدۇر.

﴿**اللە كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە) بويسۇندۇرۇپ بەردى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە (يەنى قىيامەتكىچە ئۆز ئوقىدا) سەير قىلىدۇ**﴾ يەنى اللە تائالا بەلگىلىگەن مەلۇم مۇددەت ئىچىدە قىيامەتكىچە سەير قىلىپ، قىيامەت كۈنى ھەرىكەتتىن توختايدۇ.

﴿**بىلىڭلاركى، ئۇ (يەنى اللە ئۆز ئىشىدا) غالىبتۇر. (بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى) تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر**﴾ يەنى اللە تائالا شۇنداق غالىب، شۇنداق بۈيۈك ۋە شۇنداق ئۇلۇغ تۇرۇقلۇق، اللە تائالاغا ئاسىيلىق قىلىپ ئاندىن تەۋبە قىلغان ۋە اللە تائالا تەرەپكە قايتقان ئادەمگە تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

﴿**اللە سىلەرنى بىر ئادەمدىن ياراتتى**﴾ يەنى سىلەرنىڭ جىنسىڭلار، تەبىقەڭلار، تىلىڭلار ۋە رەڭگى - روييىڭلار ھەر خىل تۇرۇقلۇق سىلەرنى بىر جان بولغان ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ياراتتى.

﴿**ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ جۈپتىنى ياراتتى**﴾ يەنى ئۇنىڭ جۈپتى ھەۋۋا ئەلەيھاسسالامدۇر. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر - ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار﴾[2].

﴿**ھايۋانلاردىن سەككىزنى سىلەر ئۈچۈن ياراتتى**﴾ يەنى اللە تائالا سىلەرگە يېيىش ھالال قىلىنغان سەككىز چاھارپاينى ياراتتى. ئۇلار ئەركەك چىشى بولۇپ، سۈرە ئەنئامدە زىكرى قىلىنغان سەككىز ھايۋاندۇر، ئۇلار قويدىن ئىككى، ئۆچكىدىن ئىككى، تۆگىدىن ئىككى ۋە كالىدىن ئىككىدۇر.

﴿**اللە سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدا**﴾ يەنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ ﴿**بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققى قىلدۇرۇپ**﴾ يەنى سىلەرنىڭ بىرىڭلار دەسلەپتە ئابمەنىيدىن لەختە قانغا، ئاندىن پارچە گۆشكە تەرەققي قىلىدۇ، ئاندىن اللە تائالا گۆش، سۆڭەك، پەي ۋە تومۇرلارنى يارىتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۆرەلمە قىياپىتىگە ئايلىنىدۇ. ﴿ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى اللە (ھېكمەت ۋە قۇدرەت جەھەتتىن) ئۇلۇغدۇر﴾[3].

﴿**ئۈچ قاراڭغۇلۇق (يەنى بالاھەمراھنىڭ پەردىسى، بەچچىدان ۋە ئانىنىڭ قورسىقى) ئىچىدە**﴾ يەنى بۇ ئۈچ قاراڭغۇلۇقنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، ئىكرىمە، ئەبۇمالىك، زەھھاك، قەتادە، سۇددى ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلار: بەچچىدان، بالىنى ئوراپ ساقلايدىغان بالا ھەمراھى ۋە ئانىنىڭ قورسىقىنىڭ ئىچىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىبارەتتۇر، دەپ تەپسىر قىلدى.

﴿**ئەنە شۇ اللە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر**﴾ يەنى ئاسمانلارنى، زېمىننى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى، سىلەرنى ۋە ئاتاڭلارنى ياراتقان بۇ زات پەرۋەردىگاردۇر. پادىشاھلىق ۋە ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىنى باشقۇرۇش ئۇنىڭغا خاستۇر.

---

(1) سۈرە ئەئراف 54 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.
(2) سۈرە نىسا 1 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.
(3) سۈرە مۇئمىنۇن 14 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

www.munber.org

﴿ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر﴾ يەنى ئىبادەت پەقەت يالغۇز اﷲ تائالاغىلا لايىقتۇر. ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. ﴿قانداقمۇ (ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن ئۇنىڭدىن غەيرىيگە چوقۇنۇشقا) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر﴾ يەنى اﷲ تائالاغا باشقا نەرسىنى شېرىك قىلىپ ئىبادەت قىلىشقا قانداقمۇ بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟ ئەقلىڭلار نەگە كەتتى؟

* * * * * * *

إِن تَكۡفُرُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَنِيٌّ عَنكُمۡۖ وَلَا يَرۡضَىٰ لِعِبَادِهِ ٱلۡكُفۡرَۖ وَإِن تَشۡكُرُواْ يَرۡضَهُ لَكُمۡۗ وَلَا
تَزِرُ وَازِرَةٞ وِزۡرَ أُخۡرَىٰۗ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّكُم مَّرۡجِعُكُمۡ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَۚ إِنَّهُۥ عَلِيمُۢ بِذَاتِ
ٱلصُّدُورِ ٧ ۞ وَإِذَا مَسَّ ٱلۡإِنسَٰنَ ضُرّٞ دَعَا رَبَّهُۥ مُنِيبًا إِلَيۡهِ ثُمَّ إِذَا خَوَّلَهُۥ نِعۡمَةٗ مِّنۡهُ نَسِيَ مَا كَانَ
يَدۡعُوٓاْ إِلَيۡهِ مِن قَبۡلُ وَجَعَلَ لِلَّهِ أَندَادٗا لِّيُضِلَّ عَن سَبِيلِهِۦۚ قُلۡ تَمَتَّعۡ بِكُفۡرِكَ قَلِيلًاۖ إِنَّكَ مِنۡ
أَصۡحَٰبِ ٱلنَّارِ ٨

*ئەگەر كاپىر بولساڭلار اﷲ سىلەردىن بىھاجەتتۇر، اﷲ بەندىلىرىنىڭ كاپىر بولۇشىغا رازى بولمايدۇ، ئەگەر سىلەر شۈكۈر قىلساڭلار، اﷲ سىلەرنىڭ قىلغان شۈكۈرۈڭلاردىن رازى بولىدۇ، بىر گۇناھكار ئادەم باشقا بىراۋنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ (يەنى ھەر ئادەم قىلغان گۇناھىغا ئۆزى جاۋابكار بولىدۇ)، ئاندىن سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، اﷲ قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ، اﷲ ھەقىقەتەن دىللاردىكى سىرلارنى تولۇق بىلگۈچىدۇر﴿7﴾. ئىنسانغا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتسە، پەرۋەردىگارىغا يۈزلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ، ئاندىن اﷲ ئۆز تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نېمەت ئاتا قىلغان (ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى كۆتۈرۈۋەتكەن) چاغدا، اﷲ غا زىيان ـ زەخمەتنى كۆتۈرۈۋېتىش توغرۇلۇق ئىلگىرى قىلغان دۇئاسىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، (باشقىلارنى) اﷲ نىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن اﷲ غا شېرىكلەرنى كەلتۈرىدۇ، ئېيتقىنكى، «سەن كۇفرىڭ بىلەن تۇرۇپ، (بۇ پانىي دۇنيادىن) ئازغىنا (ۋاقىت) بەھرىمەن بولغىن، سەن چوقۇم دوزىخىلاردىندۇرسەن﴿8﴾.*

## اﷲ تائالانىڭ كۆپۈرلۇقتا غەزەپلىنىپ، شۈكۈر قىلىشقا رازى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

اﷲ تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىدىن باشقا بارلىق مەخلۇقاتلاردىن بىھاجەت ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. بۇ ھەقتە مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿ئەگەر سىلەر ۋە پۈتۈن يەر يۈزىدىكى كىشىلەر كاپىر بولۇپ كەتسەڭلارمۇ (اﷲ غا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر)، چۈنكى، اﷲ ئەلۋەتتە (ھەممىدىن بىھاجەتتۇر، مەدھىيىلەشكە لايىقتۇر﴾[1].

ئىمام مۇسلىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى قۇددىسىدا مۇنداق بايان قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى بەندىلىرىم! ئەگەر ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەۋۋىلىڭلاردىن ئاخىرىڭلارغىچە پۈتكۈل ئىنسان ۋە جىنلار، سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ گۇناھكار ئادەمنىڭ قەلبىدەك بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، بۇ مېنىڭ پادىشاھلىقىمدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتەلمەيدۇ».

---

[1] سۈرە ئىبراھىم 8 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

www.munber.org

**﴿اللّٰه بەندىلىرىنىڭ كاپىر بولۇشىغا رازى بولمايدۇ﴾** يەنى اللّٰه تائالا كۇپۇرنى ياخشى كۆرمەيدۇ ۋەھېچكىمنى كاپىر بولۇشقا بۇيرۇمايدۇ. **﴿ئەگەر سىلەر شۈكۈر قىلساڭلار، اللّٰه سىلەرنىڭ قىلغان شۈكۈرۈڭلاردىن رازى بولىدۇ﴾** يەنى اللّٰه تائالا قىلغان شۈكۈرۈڭلارنى ياقتۇرىدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز پەزلىنى سىلەرگە زىيادە قىلىدۇ.

**﴿بىر گۇناھكار ئادەم باشقا بىراۋنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ﴾** يەنى بىراۋ يەنە بىراۋنىڭ گۇناھىدىن ھېچ نەرسىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ. بەلكى، ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ گۇناھىغا ئۆزى جاۋابكار بولىدۇ. **﴿ئاندىن سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، اللّٰه قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ، اللّٰه ھەقىقەتەن دىللاردىكى سىرلارنى تولۇق بىلگۈچىدۇر﴾** يەنى اللّٰه تائالاغا ھېچقانداق بىر سىر مەخپىي قالمايدۇ.

## قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا اللّٰه تائالانى ئەسلەش، ئۇنىڭدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن اللّٰه تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ئىنسانىنىڭ كۆپۈرلىقى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**﴿ئىنسانغا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتسە، پەرۋەردىگارىغا يۈزلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ﴾** يەنى ھاجىتى چۈشكەندە ھېچ شېرىكى يوق يالغۇز اللّٰه تائالاغا يېلىنىدۇ ۋە ئۆزىنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر دېڭىزدا بىرەر ئاپەتكە يولۇققان چېغىڭلاردا، ئېسىڭلارغا سىلەر چوقۇنۇۋاتقان مەبۇدلار كەلمەي، پەقەت اللّٰه لا كېلىدۇ (يەنى ئىنسان مۇنداق چاغدا اللّٰه دىن باشقىغا ئىلتىجا قىلمايدۇ)، اللّٰه سىلەرنى (غەرق بولۇشتىن) قۇتقۇزۇپ، (ئامان ـ ئېسەن) قۇرۇقلۇققا چىقارغاندا يۈز ئۆرۈيسىلەر (يەنى ئىخلاسىڭلار تۈگەپ ئاۋالقى ھالىتىڭلارغا قايتىۋالىسىلەر). ئىنسان كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر (يەنى اللّٰه نىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىش ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىدۇر)﴾[1].

**﴿ئاندىن اللّٰه ئۆز تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نېمەت ئاتا قىلغان (ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى كۆتۈرۈۋەتكەن) چاغدا، اللّٰه غا زىيان ـ زەخمەتنى كۆتۈرۈۋېتىش توغرۇلۇق ئىلگىرى قىلغان دۇئاسىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ﴾** يەنى ئۇ باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ۋاقتىدا، ئۇ ئىلگىرى قىلغان دۇئاسىنى ۋە يالۋۇرۇپ يېلىنغانلىقلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىنسانغا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتسە، ياتسىدۇ، ئولتۇرسىدۇ، تۇرسىدۇ، (ئۇنى دەپئى قىلىشىمىزنى تىلەپ) بىزگە دۇئا قىلىدۇ ئۇلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەتنى كۆتۈرۈۋەتسەك، گويا ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىشىمىزنى تىلەپ بىزگە دۇئا قىلمىغاندەك، يامان ئىشنى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ﴾[2].

**﴿(باشقىلارنى) اللّٰه نىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن اللّٰه غا شېرىكلەرنى كەلتۈرىدۇ﴾** يەنى خاتىرجەم ۋاقىتلاردا باشقىلارنى اللّٰه تائالانىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن اللّٰه تائالاغا شېرىكلەرنى كەلتۈرىدۇ.

**﴿ئېيتقىنكى، «سەن كۇفرىڭ بىلەن تۇرۇپ، (بۇ پانىي دۇنيادىن) ئازغىنا (ۋاقىت) بەھرىمەن بولغىن، سەن چوقۇم دوزىخىلاردىندۇرسەن﴾** يەنى كىمنىڭ ھالى ماڭغان يولى ۋە تۇتقان پرىنسىپى بۇ بولسا، ئۇنىڭغا ئېيتقىنكى، سەن كۇپۇرۇڭ بىلەن ئاز ۋاقىت بەھرىمەن بولغىن. بۇ ئايەت كاپىرلارغا قارىتا قاتتىق تەھدىت ۋە رەسمىي ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

---

[1] سۈرە ئىسرا 67 - ئايەت.
[2] سۈرە يۇنۇس 12 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارغا: «(دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولۇۋالار، شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ بارىدىغان جايىڭلار دوزاختۇر» دېگىن﴾[1] ﴿ئۇلارنى (دۇنيادىن) ئازغىنا (مۇددەت) بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن ئۇلارنى قاتتىق ئازابنى (تېتىشقا) مەجبۇرلايمىز﴾[2].

* * * * * * *

أَمَّنۡ هُوَ قَٰنِتٌ ءَانَآءَ ٱلَّيۡلِ سَاجِدٗا وَقَآئِمٗا يَحۡذَرُ ٱلۡأٓخِرَةَ وَيَرۡجُواْ رَحۡمَةَ رَبِّهِۦۗ قُلۡ هَلۡ يَسۡتَوِي ٱلَّذِينَ يَعۡلَمُونَ وَٱلَّذِينَ لَا يَعۡلَمُونَۗ إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُوْلُواْ ٱلۡأَلۡبَٰبِ ﴿٩﴾

***(الله غا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەم ياخشىمۇ؟) ياكى ئاخىرەت (ئازابىدىن) قورقۇپ، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ كېچىنىڭ سائەتلىرىنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان ھالدا ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزگەن ئادەم (ياخشىمۇ؟)». ئېيتقىنكى، «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ»﴿9﴾.***

## الله تائالاغا ئىتائەت قىلغۇچى بىلەن ئاسىيلىق قىلغۇچىنىڭ باراۋەر بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: تەقۋادار ئادەم، الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن ۋە باشقا نەرسىلەرنى الله تائالاغا ئوخشاتقان ئادەم بىلەن ئوخشامدۇ؟ ئۇلار الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ھەرگىز ئوخشاش ئەمەس. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار بىر خىل ئەمەس، ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالاردىن) كېچىلىرى الله نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان ۋە سەجدە قىلىپ تۇرىدىغان بىر جامائە كىشىلەر بار﴾[3].

﴿كېچىنىڭ سائەتلىرىنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان﴾ يەنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان ھالەتلىرىدە الله تائالادىن قورققان ﴿ھالدا ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزگەن ئادەم (ياخشىمۇ؟)﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ھەسەنبەسرى، سۇددى ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلار: ﴿كېچىنىڭ سائەتلىرى﴾ دېگەن ئايەتتىن كېچىنىڭ ئوتتۇرىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەيدۇ.

﴿ئاخىرەت (ئازابىدىن) قورقۇپ، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ﴾ يەنى ئىبادەت قىلىۋاتقاندا ئاخىرەت ئازابىدىن قورقۇپ الله تائالانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ھەربىر بەندە ئىبادەت قىلغاندا چوقۇم ئازابتىن قورقۇشى ۋە الله تائالادىن رەھمەت ئۈمىد قىلىشى كېرەك. پۈتۈن ھاياتىدا بولسا الله تائالادىن قورقىشى باشقا ھالەتلىرىدىن كۆپ بولۇشى كېرەك! يەنى بەندە ئىبادەت قىلىۋاتقاندا ئاخىرەت ئازابىدىن قورقۇپ الله تائالانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئىبادەت قىلغاندا چوقۇم ئازابتىن قورقۇتۇش، رەھمەت ئۈمىد قىلىش، پۈتۈن ھاياتىدا بولسا قورقۇش يۇقىرى ئورۇننى ئىگەللەش كېرەك.

﴿ئاخىرەت (ئازابىدىن) قورقۇپ، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ﴾ سەكراتقا چۈشكەندە بولسا رەھمەتنى ئۈمىد قىلىش كۆپرەك بولۇشى كېرەك.

بۇ ھەقتە ئىمام ئابدۇئىبنى ھۇمەيد، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەكراتقا چۈشۈپ قالغان بىر ئادەمنىڭ قېشىغا كىردى ۋە ئۇنىڭغا: «سەكراتتىكى ھالىڭ قانداقراق؟» دېدى. ئۇ: رەھمەت ئۈمىد قىلىپ ئازابتىن قورقۇۋاتىمەن، دېدى.

---

[1] سۈرە ئىبراھىم 30 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.
[2] سۈرە لۇقمان 24 - ئايەت.
[3] سۈرە ئال ئىمران 113 - ئايەت.

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۆشۈنىڭغا ئوخشاش ئورۇندا بىر بەندىنىڭ دىلىغا ئۈمىد ۋە قورقۇش جەم بولسا، الله تائالا ئۇنىڭ ئۈمىد قىلغان نەرسىسىنى بېرىدۇ ۋە قورقۇنچىسىدىن خاتىرجەم قىلىدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، تەمىيم دارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى بىر كېچىدە يۈز ئايەت ئوقۇسا، ئۇنىڭغا بىر كېچە ئىبادەت قىلغانىنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ» بۇ ھەدىسنى ئىمام نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿**ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟**﴾ يەنى بۇ ئادەم بىلەن ئىلگىرىكى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان، باشقىلارنى الله تائالانىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن الله تائالاغا شېرىكلەرنى كەلتۈرگەن ئادەم باراۋەر بولامدۇ؟

﴿**پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ**﴾ يەنى ھەقىقەتەن ھىدايەت تاپقان ئادەم بىلەن ئازغۇن ئادەم ئارىسىدىكى پەرقنى پەقەت دىلى ۋە ئەقلى ساغلام ئادەملا بىلىدۇ.

* * * * * * *

قُلۡ يَٰعِبَادِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ رَبَّكُمۡۚ لِلَّذِينَ أَحۡسَنُواْ فِي هَٰذِهِ ٱلدُّنۡيَا حَسَنَةٞۗ وَأَرۡضُ ٱللَّهِ
وَٰسِعَةٌۗ إِنَّمَا يُوَفَّى ٱلصَّٰبِرُونَ أَجۡرَهُم بِغَيۡرِ حِسَابٖ ﴿١٠﴾ قُلۡ إِنِّيٓ أُمِرۡتُ أَنۡ أَعۡبُدَ ٱللَّهَ مُخۡلِصٗا لَّهُ ٱلدِّينَ
﴿١١﴾ وَأُمِرۡتُ لِأَنۡ أَكُونَ أَوَّلَ ٱلۡمُسۡلِمِينَ ﴿١٢﴾

***ئېيتقىنكى، «ئى (الله نىڭ) مۆمىن بەندىلىرى! پەرۋەردىگارىڭلارغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، بۇ دۇنيادا ياخشى ئىش قىلغانلار (ئاخىرەتتە) ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشىدۇ. الله نىڭ يېرى كەڭدۇر (كۇففارلار ئارىسىدىن شۇ يەرگە ھىجرەت قىلىڭلار)، پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ»***[10]. ***ئېيتقىنكى، «مەن دىننى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا الله غا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم***[11]. ***ھەممىدە (بۇ ئۇممەتنىڭ ئىچىدە) مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلى بولۇشقا بۇيرۇلدۇم»***[12].

## تەقۋادارلىق قىلىشقا، ھىجرەت قىلىشقا ۋە ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

الله تائالا مۆمىن بەندىلىرىنى الله تائالاغا داۋاملىق ئىتائەت قىلىش ۋە تەقۋادار بولۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئېيتقىنكى، «ئى (الله نىڭ) مۆمىن بەندىلىرى! پەرۋەردىگارىڭلارغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، بۇ دۇنيادا ياخشى ئىش قىلغانلار (ئاخىرەتتە) ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشىدۇ**﴾ يەنى بۇ دۇنيادا ياخشى ئىش قىلغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ. ﴿**الله نىڭ يېرى كەڭدۇر (كۇففارلار ئارىسىدىن شۇ يەرگە ھىجرەت قىلىڭلار)**﴾ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ئۇ يەرگە ھىجرەت قىلىڭلار، بۇتلارغا چوقۇنۇشنى تاشلاپ كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىڭلار!

﴿**پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ**﴾ بۇ ئايەت ھەققىدە ئەۋزائى: ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئەجىر تاراز - ئۆلچەمگە بېرىلمەستىن تۆكۈپ - تۆكۈپ بېرىلىدۇ، دېدى. سۇددى: بۇ ئەجىر ئۇلارغا جەننەتتە بېرىلىدۇ، دېدى.

﴿**ئېيتقىنكى، «مەن دىننى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا الله غا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم**﴾ يەنى مەن پەقەت ھېچ شېرىكى بولمىغان يالغۇز الله تائالاغىلا ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ﴿**ھەممىدە (بۇ ئۇممەتنىڭ ئىچىدە) مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلى بولۇشقا بۇيرۇلدۇم**﴾.

www.munber.org

* * * * * * *

قُلۡ إِنِّيٓ أَخَافُ إِنۡ عَصَيۡتُ رَبِّي عَذَابَ يَوۡمٍ عَظِيمٖ ﴿١٣﴾ قُلِ ٱللَّهَ أَعۡبُدُ مُخۡلِصٗا لَّهُۥ دِينِي ﴿١٤﴾
فَٱعۡبُدُواْ مَا شِئۡتُم مِّن دُونِهِۦۗ قُلۡ إِنَّ ٱلۡخَٰسِرِينَ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ وَأَهۡلِيهِمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۗ أَلَا
ذَٰلِكَ هُوَ ٱلۡخُسۡرَانُ ٱلۡمُبِينُ ﴿١٥﴾ لَهُم مِّن فَوۡقِهِمۡ ظُلَلٞ مِّنَ ٱلنَّارِ وَمِن تَحۡتِهِمۡ ظُلَلٞۚ ذَٰلِكَ يُخَوِّفُ ٱللَّهُ
بِهِۦ عِبَادَهُۥۚ يَٰعِبَادِ فَٱتَّقُونِ ﴿١٦﴾

*ئېيتقىنكى، «ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىمغا ئاسىيلىق قىلسام، شۈبھىسىزكى، بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىدىن قورقىمەن (يەنى الله نىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلسام، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ مېنى جەھەننەم ئوتى بىلەن ئازابلىشىدىن قورقىمەن)» ﴿13﴾. ئېيتقىنكى، «دىنىمنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا الله غا ئىبادەت قىلىمەن ﴿14﴾. سىلەر الله دىن باشقا خالىغىنىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار!» ئېيتقىنكى، «قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى زىيان تارتقۇزغۇچىلار قاتتىق زىيان تارتقۇچىلاردۇر، بىلىڭلاركى، ئەنە شۇ روشەن زىياندۇر ﴿15﴾. ئۇلارنى ئۈستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت، ئاستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت ئورىۋالىدۇ، شۇ (قاتتىق ئازاب) بىلەن الله بەندىلىرىنى قورقۇتىدۇ». ئى بەندىلىرىم! (ئازابىمدىن) قورقۇڭلار ﴿16﴾.*

## الله تائالانىڭ ئازابىدىن قورقىتىش توغرىسىدا

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! سەن مېنىڭ پەيغەمبىرىمسەن، ﴿**ئېيتقىنكى، ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىمغا ئاسىيلىق قىلسام، شۈبھىسىزكى، بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىدىن قورقىمەن (يەنى الله نىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلسام، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ مېنى جەھەننەم ئوتى بىلەن ئازابلىشىدىن قورقىمەن). ئېيتقىنكى، «دىنىمنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا الله غا ئىبادەت قىلىمەن. سىلەر الله دىن باشقا خالىغىنىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار!»**﴾ بۇ ئايەت ئۇلارنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرىدۇ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئۇلاردىن ئادا - جۇدا بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

﴿**ئېيتقىنكى، «قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى زىيان تارتقۇزغۇچىلار قاتتىق زىيان تارتقۇچىلاردۇر**﴾ يەنى ئۇلار قىيامەت كۈنى قاتتىق زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ، بىر - بىرىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ كەتتى. ئۇلار ئەبەدىي ئۇچرىشالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر جەننەتكە كىرىپ، ئۇلار ئۆزلىرى دوزاخقا كىرسۇن ياكى ھەممىسى دوزاخقا كىرسۇن بەرىبىردۇر، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ جەم بولۇش ۋە خۇشاللىق بولمايدۇ. ﴿**بىلىڭلاركى، ئەنە شۇ روشەن زىياندۇر**﴾ يەنى مانا بۇ ئوپئوچۇق ۋە ئاشكارا زىياندۇر.

ئاندىن الله تائالا ئۇلارنىڭ دوزاختىكى ھالىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارنى ئۈستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت، ئاستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت ئورىۋالىدۇ**﴾ بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿دوزاختا ئۇلارنىڭ ئاستىغا سالىدىغان كۆرپىسىمۇ ئوتتىن، ئۈستىگە يېپىنىدىغان يوتقىنىمۇ ئوتتىن بولىدۇ،

www.munber.org

زالىملارغا مۇشۇنداق جازا بېرىمىز﴾[1] ﴿ئۇ كۈندە ئازاب ئۇلارنى ئۈستىلىرىدىن، ئاياغلىرىنىڭ ئاستىدىن ئورىۋالىدۇ. الله ئۇلارغا: «(دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ) جازاسىنى تېتىڭلار» دەيدۇ﴾[2].

﴿شۇ (قاتتىق ئازاب) بىلەن الله بەندىلىرىنى قورقۇتىدۇ﴾ يەنى بەندىلەرنىڭ هارام ۋە گۇناه ئىشلاردىن يېنىشى ئۈچۈن الله تائالا ئۇلارنى كەلگۈسىدە بولىدىغان شەكسىز ئازابنى خەۋەر قىلىش ئارقىلىق قورقىتىدۇ. ﴿ئى بەندىلىرىم! (ئازابىمدىن) قورقۇڭلار﴾ يەنى ئازاب - ئوقۇبىتىم ۋە قەهرى - غەزىپىمدىن قورقۇڭلار.

* * * * * * *

وَٱلَّذِينَ ٱجۡتَنَبُواْ ٱلطَّٰغُوتَ أَن يَعۡبُدُوهَا وَأَنَابُوٓاْ إِلَى ٱللَّهِ لَهُمُ ٱلۡبُشۡرَىٰۚ فَبَشِّرۡ عِبَادِ ﴿١٧﴾ ٱلَّذِينَ
يَسۡتَمِعُونَ ٱلۡقَوۡلَ فَيَتَّبِعُونَ أَحۡسَنَهُۥٓۚ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ هَدَىٰهُمُ ٱللَّهُۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمۡ أُوْلُواْ ٱلۡأَلۡبَٰبِ ﴿١٨﴾

*شەيتانغا (ۋە بۇتلارغا) چوقۇنۇشتىن يىراق بولغانلارغا، الله غا (ۋە ئۇنىڭ ئىبادىتىگە) قايتقانلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ، سۆزگە قۇلاق سىلىپ ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىدىغانلارغا (يەنى تەقۋادار بەندىلىرىمگە) خۇش خەۋەر بەرگىن، ئەنە شۇلار الله هىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرىدۇر﴿18-17﴾.*

## ياخشى ئادەملەر ھەققىدىكى بېشارەت توغرىسىدا

ئابدۇراهمان ئىبنى زەيد ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿شەيتانغا (ۋە بۇتلارغا) چوقۇنۇشتىن يىراق بولغانلارغا﴾ دېگەن بۇ ئايەت زەيد ئىبنى ئەمر ئىبنى نۇفەيل، ئەبۇزەر ۋە سەلمان فارسى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇملار ھەققىدە نازىل بولدى. توغرىسى بۇ ئايەت ئۇلارنى ۋە بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن يىراق بولۇپ، شەيقەتلىك الله تائالانىڭ ئىبادىتىگە قايتقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەنە شۇلار ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇش خەۋەر بار.

﴿سۆزگە قۇلاق سىلىپ ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىدىغانلارغا (يەنى تەقۋادار بەندىلىرىمگە) خۇش خەۋەر بەرگىن﴾ يەنى ئۇلار ئۇ سۆزنى چۈشىنىپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدىغانلاردۇر. بۇ سۆز الله تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋراتنى بەرگەن ۋاقىتتا دېگەن تۆۋەندىكى سۆزىگە ئوخشايدۇ: ﴿(ئى مۇسا) ئۇنى (يەنى تەۋراتنى) مەھكەم تۇتقىن ھەمدە قەۋمىڭنى ئۇنىڭدىكى ئەڭ گۈزەل ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇغىن﴾[3].

﴿ئەنە شۇلار الله هىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر﴾ يەنى ئەنە شۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگۈچىلەرنى الله تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە توغرا يولغا باشلايدۇ. ﴿ئەنە شۇلار (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرىدۇر﴾ يەنى ساغلام ئەقىل ۋە توغرا تەبىئەت ئىگىلىرىدۇر.

* * * * * * *

www.munber.org

(1) سۈرە ئەئراف 41 - ئايەت.
(2) سۈرە ئەنكەبۇت 55 - ئايەت.
(3) سۈرە ئەئراف 145 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

أَفَمَنْ حَقَّ عَلَيْهِ كَلِمَةُ ٱلْعَذَابِ أَفَأَنتَ تُنقِذُ مَن فِي ٱلنَّارِ ﴿١٩﴾ لَٰكِنِ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوْاْ رَبَّهُمْ لَهُمْ
غُرَفٌ مِّن فَوْقِهَا غُرَفٌ مَّبْنِيَّةٌ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ وَعْدَ ٱللَّهِ لَا يُخْلِفُ ٱللَّهُ ٱلْمِيعَادَ ﴿٢٠﴾

***كىمگە ئازاب ۋەدىسى تېگىشلىك بولسا (ئۇ چوقۇم دوزاخقا كىرىدۇ)، سەن دوزاختىكى ئادەمنى قۇتقۇزالامسەن؟ ﴿19﴾. لېكىن (دۇنيادا) پەرۋەردىگارىدىن قورققانلار (جەننەتتە) قەۋەت - قەۋەت ئالىي ئىمارەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ، (بۇ) اللە نىڭ ۋەدىسىدۇر، اللە ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ ﴿20﴾.***

اللە تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: اللە بەختسىز قىلغان ئادەمنى سەن ئازغۇنلۇق ۋە ھالاكەتتىن قۇتقۇلدۇرالامسەن؟ يەنى اللە تائالا ئازدۇرغاندىن كېيىن ئۇنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. چۈنكى، اللە تائالا ئازدۇرغان كىشىنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ. اللە تائالا ھىدايەت قىلغان كىشىنى ئازدۇرغۇچى بولمايدۇ.

اللە تائالا سائادەتمەن بەندىلىرىگە جەننەتتە ئېسىل قەسىرلەرنى ۋە ئېگىز - ئېگىز بىنالارنى تەييارلىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قەۋەت - قەۋەت ئالىي ئىمارەتلەردىن﴾ يەنى تەقۋادارلار جەننەتتە پۇختا سېلىنغان، قەۋەت - قەۋەت، چىرايلىق زىننەتلەنگەن، ئالىي ئىمارەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

ئىمام ئەھمەدنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەننەتتە ھەقىقەتەن تېشىدىن ئىچىنى، ئىچىدىن تېشىنى كۆرگىلى بولىدىغان ئۆي ئىمارەتلەر بار». سەھرالىق بىر ئەرەب: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ ئىمارەتلەر كىمگە بېرىلىدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياخشى سۆز قىلغان، يوقسۇللارغا تائام بەرگەن، ئادەملەر ئۇخلاۋاتقاندا ناماز ئوقۇغان كىشىلەرگە بېرىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلدى.

ئىمام ئەھمەد سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلى جەننەتتە ئۆيلەردىكى ئادەملەرنى خۇددى سىلەر ئاسمان ئۇپۇقىدىكى يۇلتۇزنى كۆرگەندەك ئوچۇق كۆرىدۇ» سەھل مۇنداق دەيدۇ: مەن بۇ ھەدىسنى نوئمان ئىبنى ئەبۇئىياشقا دەپ بەردىم، نوئمان مۇنداق دەيدۇ، مەن بۇ ھەدىسنى ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق ئاڭلىدىم: «خۇددى سىلەر شەرق ياكى غەرب ئۇپۇقىدىكى يۇلتۇزنى كۆرگەندەك ئوچۇق كۆرۈپ تۇرىدۇ» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەننەت ئەھلى ھەقىقەتەن جەننەتتىكى ئۆي ئىگىلىرىنى پەزىلەت ۋە دەرىجىلەردە خۇددى سىلەر شەرق ئۇپۇقىدىكى ئەڭ يورۇق يۇلتۇزنى كۆرگەندەك كۆرۈپ تۇرىشىدۇ» ساھابىلار: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئەنە شۇلار پەيغەمبەرلەرمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنداق، مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى ۋە يەنە ئۇلار اللە تائالاغا ئىمان ئېيتقان ۋە پەيغەمبەرلەرنى تەستىق قىلغان قەۋملەردۇر» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلغان.

**﴿ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ﴾** يەنى ئۆستەڭلەر ئۇ ئىمارەتلەرنىڭ ئارىلىقىدا جەننەت ئەھلى قەيەرگە ئېقىشنى خالىسا، شۇ يەرگە ئاقتۇرۇلىدۇ.

www.munber.org

﴿(بۇ) اللە نىڭ ۋەدىسىدۇر﴾ يەنى بىز بايان قىلغان بۇ نەرسە اللە تائالانىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە قىلغان ۋەدىسىدۇر. ﴿اللە ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ﴾.

* * * * * * *

أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَسَلَكَهُۥ يَنَٰبِيعَ فِى ٱلْأَرْضِ ثُمَّ يُخْرِجُ بِهِۦ زَرْعًا مُّخْتَلِفًا أَلْوَٰنُهُۥ ثُمَّ يَهِيجُ فَتَرَىٰهُ مُصْفَرًّا ثُمَّ يَجْعَلُهُۥ حُطَٰمًا ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَذِكْرَىٰ لِأُو۟لِى ٱلْأَلْبَٰبِ ﴿٢١﴾ أَفَمَن شَرَحَ ٱللَّهُ صَدْرَهُۥ لِلْإِسْلَٰمِ فَهُوَ عَلَىٰ نُورٍ مِّن رَّبِّهِۦ ۚ فَوَيْلٌ لِّلْقَٰسِيَةِ قُلُوبُهُم مِّن ذِكْرِ ٱللَّهِ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ فِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٢٢﴾

***سەن بىلمەمسەنكى، اللە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇردى. ئاندىن ئۇنى يەرگە سىڭدۈرۈپ بۇلاقنى پەيدا قىلدى. ئاندىن اللە ئۇنىڭ بىلەن رەڭگى خىلمۇخىل زىرائەتلەرنى ئۈندۈردى. ئاندىن ئۇ قۇرۇيدۇ، ئۇنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن. ئاندىن اللە ئۇنى شاخ ـ شۇمبىغا ئايلاندۇرىدۇ، ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن (اللە نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئىبرەت بار[21]. اللە كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن كەڭ قىلغان، پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى ئۈستىدە بولغان ئادەم (دىلى كور ئادەم بىلەن) ئوخشاشمۇ؟ اللە نىڭ زىكرىنى تەرك ئەتكەنلىكتىن دىللىرى قېتىپ كەتكەنلەرگە ۋاي! ئەنە شۇلار روشەن گۇمراھلىقتىدۇر[22].***

## دۇنيا ھاياتىنىڭ مىسالى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتلەردە سۇنىڭ ئەسلى مەنبەسىنىڭ بۇلۇت ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇلۇتتىن پاك سۇنى چۈشۈرۈپ بەردۇق﴾[1].

اللە تائالا بۇلۇتتىن سۇنى چۈشۈرۈپ ئۇنى تۇپراققا سىڭدۈرىدۇ. ئاندىن ئۇ سۇنى تۇپراق قاتلاملىرىدا ئۆزى خالىغانچە تورغۇزىدۇ. ئاندىن ئۇنى ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىغا قارىتا چوڭ ـ كىچىك بۇلاقلار ئارقىلىق چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا: ﴿ئاندىن ئۇنى يەرگە سىڭدۈرۈپ بۇلاقنى پەيدا قىلدى﴾ دەيدۇ.

سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە ئامىر شەئبى: زېمىندىكى بارلىق سۇنىڭ ئەسلى مەنبەسى ئاسماندۇر، دېدى. يەنە سەئىد ئىبنى جۇبەير: سۇنىڭ ئەسلى مەنبەسى قاردۇر، يەنى قار تاغلارنىڭ ئۈستىگە دۆۋە ـ دۆۋە بولۇپ ياغىدۇ، ئاندىن تاغلارنىڭ ئاستىدىن بۇلاقلار ئېقىپ چىقىدۇ، دېدى.

﴿ئاندىن اللە ئۇنىڭ بىلەن رەڭگى خىلمۇخىل زىرائەتلەرنى ئۈندۈردى﴾ يەنى ئاسماندىن چۈشكەن ۋە يەر يۈزىدىكى بۇلاقلاردىن چىققان سۇ بىلەن شەكلى، تەمى، پۇرىقى ۋە پايدىلىرى خىلمۇخىل بولغان زىرائەتلەرنى ئۈندۈرىدۇ.

﴿ئاندىن ئۇ قۇرۇيدۇ﴾ كۆركەم ۋە گۈزەل بولغاندىن كېيىن كەينىگە يېنىشقا باشلايدۇ. ﴿ئۇنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن﴾ يەنى ئۇ قۇرۇشقا باشلايدۇ.

﴿ئاندىن اللە ئۇنى شاخ ـ شۇمبىغا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن (اللە نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئىبرەت بار﴾ يەنى دۇنيا مۇشۇنداق يېشىل، كۆركەم، چىرايلىق بولىدۇ.

[1] سۈرە فۇرقان 48 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

www.munber.org

ئاندىن شۇملۇق يېغىپ تۇرىدىغان، خارابلاشقان ھالەتكە كېلىدۇ، بۇنى ئەسلەپ، ئىبرەت ئالىدىغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار. قىران ياشمۇ چوڭقىيىپ قېرى، ئاجىز ھالەتكە قايتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۆلۈم كېلىدۇ. ھەقىقىي بەختلىك كىشى ئۆلۈمدىن كېيىن ياخشىلىققا ئېرىشكەن كىشىدۇر. الله تائالا دۇنيا ھاياتىنى ئاسماندىن سۇ چۈشۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن زىرائەت ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈپ، ئاندىن ئۇنى شاخ ـ شۇمبىغا ئايلاندۇرۇپ قويىغانلىقىغا ئوخشىتىپ نۇرغۇن مىسال كەلتۈرىدۇ.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا (يەنى كىشىلەرگە) دۇنيا تىرىكچىلىكى ھەققىدە مۇنداق مىسالنى كەلتۈرگىن: (ئۇ شۇنىڭغا) ئوخشايدۇكى، بىز ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇردۇق، شۇ سۇ بىلەن زېمىننىڭ ئۆسۈملۈكلىرى بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ بولۇق ئۆستى، كېيىن ئۇ قۇرۇپ تۆكۈلدى، شاماللار ئۇنى (تەرەپ ـ تەرەپكە) ئۇچۇرۇپ كەتتى، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[1].

## ھەق ئېگىلىرى بىلەن ئازغۇن كىشىلەرنىڭ باراۋەر بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**الله كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن كەڭ قىلغان، پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى ئۈستىدە بولغان ئادەم**﴾ يەنى بۇ خىل سۈپەتتىكى ئادەم، دىلى تاشتەك قېتىپ كەتكەن، ھەقىقەتتىن يىراق بولغان ئادەم بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەسلىدە ئۆلۈك (يەنى كاپىر) بولۇپ، بىز ئۇنى (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمان بىلەن) تىرىلدۈرگەن، بىز ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا ھىدايەت تېپىشقا نۇر بەرگەن بىر ئادەم زۇلمەتتە (يەنى كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا) قالغان ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان بىر ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟ كاپىرلارغا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئەنە شۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى﴾[2].

﴿**الله نىڭ زىكرىنى تەرك ئەتكەنلىكتىن دىللىرى قېتىپ كەتكەنلەرگە ۋاي!**﴾ يەنى الله تائالا ياد ئېتىلسە ئۇلارنىڭ دىللىرى ئېرىمەيدۇ، الله تائالادىن قورقمايدۇ، ھەقنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ. ﴿**ئەنە شۇلار روشەن گۇمراھلىقتىدۇر**﴾.

* * * * * * *

ٱللَّهُ نَزَّلَ أَحۡسَنَ ٱلۡحَدِيثِ كِتَٰبٗا مُّتَشَٰبِهٗا مَّثَانِيَ تَقۡشَعِرُّ مِنۡهُ جُلُودُ ٱلَّذِينَ يَخۡشَوۡنَ رَبَّهُمۡ ثُمَّ تَلِينُ جُلُودُهُمۡ وَقُلُوبُهُمۡ إِلَىٰ ذِكۡرِ ٱللَّهِۚ ذَٰلِكَ هُدَى ٱللَّهِ يَهۡدِي بِهِۦ مَن يَشَآءُۚ وَمَن يُضۡلِلِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِنۡ هَادٍ ﴿٢٣﴾

*الله سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان قۇرئاننى نازىل قىلدى. (پاساھەتتە، بالاغەتتە) ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، (ۋەز ـ نەسىھەتلەر، ئەھكاملار، قىسسىلەر ئۇنىڭدا) تەكرارلىنىدۇ، (قۇرئاندىكى ئازاب ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا) پەرۋەردىگارىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى تىترەيدۇ، ئاندىن الله نىڭ زىكرى ئۈچۈن (يەنى الله نىڭ رەھمىتى، مەغپىرىتىگە دائىر ئايەتلەر تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا)، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى يۇمشاپ (ئارام تاپىدۇ)، ئەنە شۇ (يەنى قۇرئان) الله نىڭ ھىدايىتىدۇركى، ئۇنىڭ بىلەن (الله) خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، الله ئازدۇرغان ئادەمگە ھېچ ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ*﴿23﴾.

[1] سۈرە كەھف 45 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنئام 122 ـ ئايەت.

www.munber.org

## قۇرئاننىڭ سۆپىتى توغرىسىدا

اللە تائالا كەرەملىك پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان بۈيۈك كىتابى قۇرئان كەرىمنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اللە سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان قۇرئاننى نازىل قىلدى. (پاساھەتتە، بالاغەتتە) ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، (ۋەز ـ نەسىھەتلەر، ئەھكاملار، قىسسىلەر ئۇنىڭدا) تەكرارلىنىدۇ**﴾.

مۇجاھىد: قۇرئاننىڭ مەزمۇنلىرىنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ ۋە تەكرارلىنىدۇ، دېدى. قەتادە: ئايەت ئايەتكە، ھەرپ ھەرپكە ئوخشاپ كېتىدۇ، دېدى. زەھھاك: ئىنسانلارنىڭ بۈيۈك ۋە يۈكسەك پەرۋەردىگارىنىڭ سۆزىنى چۈشىنىشى ئۈچۈن قۇرئاننىڭ مەزمۇنلىرى تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ، دېدى. ئىكرىمە ۋە ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: اللە تائالا قۇرئاندا ئەھكاملارنى تەكرار ـ تەكرار كەلتۈردى. ھەسەن بۇ سۆزىگە: بىر سۈرىدىكى بىر ئايەت يەنە بىر سۈرىدىكى يەنە بىر ئايەتكە ئوخشايدۇ، دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى.

سەئىد ئىبنى جۇبەير ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ﴿**تەكرارلىنىدۇ**﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئوخشايدۇ، بەزىسى بەزىسىنى تەكرارلايدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

بەزى ئۆلىمالار: سۇفيان ئىبنى ئۇيەيىنىنىڭ اللە تائالانىڭ: ﴿**ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، (ۋەز ـ نەسىھەتلەر، ئەھكاملار، قىسسىلەر ئۇنىڭدا) تەكرارلىنىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەقىقەتەن قۇرئاننىڭ مەزمۇنلىرى بەزىدە بىر مەزمۇندا بولىدۇ. بۇ بەزىسى بەزىسىگە ئوخشاپ قالغانلىق بولىدۇ. يەنە بەزىدە بىر نەرسە بايان قىلىنسا، ئۇنىڭ ئەكسىمۇ بايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن: مۆمىنلەرنى ئاندىن كاپىرلارنى بايان قىلىش، جەننەتنىڭ سۈپىتىنى ئاندىن دوزاخنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىشقا ئوخشاش. مانا بۇ تەكرارلىنىشتۇر.

بۇنىڭ مىسالى اللە تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىدۇر: ﴿**مۆمىنلەر شەك ـ شۈبھىسىز جەننەتتە بولىدۇ. كاپىرلار شەك ـ شۈبھىسىز دوزاختا بولىدۇ**﴾[1] ﴿ئۇلار (تارازىدا، ئۆلچەمدە) كەم بېرىشتىن يانسۇن، يامان ئادەملەرنىڭ نامە ـ ئەمالى چوقۇم سىججىندا بولىدۇ... راستلا ياخشى بەندىلەرنىڭ نامە ـ ئەمالى شەك ـ شۈبھىسىز ئىللىييوندا بولىدۇ﴾[2] ﴿ بۇ ۋەز ـ نەسىھەتتۇر، تەقۋادارلارغا ئەلۋەتتە ياخشى ئاقىۋەت بار. بۇ (ھەقىقەتتۇر)، كاپىرلارنىڭ (ئاخىرەتتە بولىدىغان جايى) ھەقىقەتەن ئەڭ يامان جايدۇر﴾[3].

مانا بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى تەكرارلىنىش ھېسابلىنىدۇ. ئىككى خىل مەنىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى بىر مەنىدە بولۇپ، بەزىسى بەزىسىگە ئوخشاپ قالسا، بەزىسى بەزىسىگە ئوخشاپ قالغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ اللە تائالانىڭ سۈرە ئال ئىمراندا بايان قىلىنغان ﴿ئۇنىڭدا مەھكەم (يەنى مەنىسى ئوچۇق) ئايەتلەر باركى، ئۇلار كىتابنىڭ (يەنى پۈتۈن قۇرئاننىڭ) ئاساسىدۇر؛ يەنە باشقا مۇتەشابىھ (يەنى مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس) ئايەتلەر باردۇر﴾[4] دېگەن ئايىتىدىكى ”مۇتەشابىھ“ ئايەتلەرنىڭ قاتارىدىن ئەمەس. ”مۇتەشابىھ“ ئايەتلەرنىڭ مەنىسى باشقىدۇر.

---

[1] سۈرە ئىنفىتار 13 — 14 - ئايەتلەر.
[2] سۈرە مۇتەففىفىن 2 — 18 - ئايەتكىچە.
[3] سۈرە ساد 49 - ئايەت.
[4] سۈرە ئال ئىمران 7 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

www.munber.org

**﴿(قۇرئاندىكى ئازاب ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا) پەرۋەردىگارىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى تىترەيدۇ، ئاندىن اللە نىڭ زىكرى ئۈچۈن (يەنى اللە نىڭ رەھمىتى، مەغپىرىتىگە دائىر ئايەتلەر تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا)، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى يۇمشاپ (ئارام تاپىدۇ)﴾** يەنى بۇ ياخشى بەندىلەرنىڭ سۈپىتى بولۇپ، ئۇلار ھەممىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچى، كۆزىتىپ تۇرغۇچى، غالىب، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى اللە تائالانىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ۋاقتىدا، ئۇلار ۋەدە قىلىنغان يامان ئاقىۋەت، قورقۇنچ ۋە تەھدىت قاتارلىقلارنى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى قورقۇنچتىن تىترەيدۇ.

**﴿ئاندىن اللە نىڭ زىكرى ئۈچۈن (يەنى اللە نىڭ رەھمىتى، مەغپىرىتىگە دائىر ئايەتلەر تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا)، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى يۇمشاپ (ئارام تاپىدۇ)﴾** يەنى اللە تائالانىڭ رەھمىتىنى ۋە مېھرى شەپقىتىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى يۇمشاپ ئارام تاپىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قارشىسىدىكى يامان ئادەملەرگە تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپتىن قارىمۇ قارشى ھالەتتە بولىدۇ. بىرىنچىسى، ياخشى ئادەملەر تىلاۋەت قىلىنغان ئايەتلەرنى ئاڭلايدۇ، يامان ئادەملەر بولسا ناخشىچى قىزلارنىڭ ناخشا ۋە نەغمىلىرىنى ئاڭلايدۇ.

ئىككىنچىسى، ئۇلار ھەقىقەتەن ئەڭ شەپقەتلىك اللە تائالانىڭ ئايەتلىرى ئۆزلىرىگە تىلاۋەت قىلىنسا ھېيىقىش، قورقۇش، ئۈمىد، مۇھەببەت، چۈشەنچە ۋە ئىلىم ئىلكىدە يىغلاپ تۇرۇپ سەجدە قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەقەت اللە ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، اللە نىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆمىنلەردۇر. ئۇلار (مۇكەممەل رەۋىشتە) ناماز ئوقۇيدۇ،بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل - مالدىن(خۇدا يولىدا) سەرپ قىلىدۇ. ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۆمىنلەردۇر، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە، مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا (يەنى جەننەتنىڭ تۈگىمەس نېمەتلىرىگە) ئېرىشىدۇ﴾[1] ﴿ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز - نەسىھەت قىلىنسا، گاس، كور بولۇۋالمايدۇ (يەنى ئۇنى بېرىلىپ ئىخلاس بىلەن ئاڭلايدۇ)﴾[2] يەنى ئۇلار ۋەز - نەسىھەتنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭغا پەرۋاسىزلىق قىلماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا بېرىلىپ قۇلاق سېلىپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى ئەتراپلىق چۈشىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدۇ. سەجدە ئايەتلىرى كەلگەندە باشقىلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىپ سەجدە قىلماستىن، بەلكى ئۇنىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي بىلىپ تۇرۇپ سەجدە قىلىدۇ.

ئۈچىنچىسى، ئۇلار ھەقىقەتەن ئايەتلەرنى ئاڭلىغان ۋاقىتتا ئەدەپ - ئەخلاق بىلەن بېرىلىپ ئاڭلايدۇ. ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار شۇنداق قىلاتتى. ئۇلار اللە تائالانىڭ سۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلاۋىتى ئارقىلىق ئاڭلىغان ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى تىترەيتتى، دىللىرى اللە تائالانىڭ زىكرىگە يۇمشايتتى. ئۇلار يۇقىرى ئاۋازدا پاراڭ قىلىشمايتتى. قادىر بولالمايدىغان ئىشلارغا ئۆزلىرىنى ئۇرمايتتى. بەلكى ئۇلاردا ئىشەنچ، خاتىرجەملىك، ئەدەپ - ئەخلاق ۋە قورقۇنچ قاتارلىق سۈپەتلەر بولۇپ، بۇ سۈپەتلەردە ھېچكىم ئۇلارغا يېتەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يۈكسەك پەرۋەردىگارىنىڭ مەدھىيىسىگە ئېرىشتى.

ئابدۇررازاق مۇنداق دەيدۇ: بىز مەئمەر بىزگە قەتادەنىڭ: **﴿(قۇرئاندىكى ئازاب ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا) پەرۋەردىگارىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى تىترەيدۇ، ئاندىن اللە نىڭ زىكرى ئۈچۈن (يەنى اللە نىڭ رەھمىتى، مەغپىرىتىگە دائىر ئايەتلەر تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا)، ئۇلارنىڭ**

[1] سۈرە ئەنفال 2 ـــ 4 ئايەتكىچە.
[2] سۈرە فۇرقان 73 - ئايەت.

www.munber.org

بەدەنلىرى ۋە دىللىرى يۇمشاپ (ئارام تاپىدۇ)﴾ دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلىپ ئاندىن مۇنداق دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى: بۇ اﷲ تائالانىڭ ئەۋلىيالىرىنىڭ سۈپىتىدۇر. اﷲ تائالا ئۇلارنى بەدەنلىرى تىترەيدۇ، كۆزلىرى ياش تۆكىدۇ، دىللىرى اﷲ تائالانىڭ زىكرى بىلەن ئارام تاپىدۇ، دەپ سۈپەتلىدى. اﷲ تائالا ئۇلارنى ئەقلىدىن ئاداشقان، گۇمراھلىق قاپلىۋالغان دەپ سۈپەتلىمىدى. چۈنكى، بۇخىل ھالەتلەردىكى سۈپەتلەر پەقەت بىدئەتچىلەردە بولىدۇ. بىدئەتچىلىك شەيتان تەرىپىدىندۇر.

﴿ئەنە شۇ (يەنى قۇرئان) اﷲ نىڭ ھىدايىتىدۇركى، ئۇنىڭ بىلەن (اﷲ) خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾ يەنى بۇ اﷲ تائالا ھىدايەت قىلغان كىشىنىڭ سۈپىتىدۇر. كىمكى بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدىكەن، ئۇ اﷲ تائالا ئازدۇرغان كىشىنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ. ﴿اﷲ ئازدۇرغان ئادەمگە ھېچ ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ﴾.

* * * * * * *

أَفَمَن يَتَّقِي بِوَجْهِهِۦ سُوٓءَ ٱلْعَذَابِ يَوْمَ ٱلْقِيَـٰمَةِ ۚ وَقِيلَ لِلظَّـٰلِمِينَ ذُوقُوا۟ مَا كُنتُمْ تَكْسِبُونَ
﴿٢٤﴾ كَذَّبَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ فَأَتَىٰهُمُ ٱلْعَذَابُ مِنْ حَيْثُ لَا يَشْعُرُونَ ﴿٢٥﴾ فَأَذَاقَهُمُ ٱللَّهُ ٱلْخِزْىَ فِى
ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا ۖ وَلَعَذَابُ ٱلْـَٔاخِرَةِ أَكْبَرُ ۚ لَوْ كَانُوا۟ يَعْلَمُونَ ﴿٢٦﴾

*قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابنى يۈزى بىلەن مۇداپىئە قىلىدىغان ئادەم (ئازابقا دۇچار بولمايدىغان ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟) زالىملارغا (يەنى كاپىرلارغا): «قىلغان گۇناھلىرىڭلارنىڭ جازاسىنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ)﴿24﴾. ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (ئۈممەت)لەر (پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلدى، ئويلىمىغان يەردىن ئۇلارغا ئازاب كەلدى﴿25﴾. اﷲ ئۇلارغا بۇ دۇنيادا خارلىقنىڭ (تەمىنى) تېتىتتى، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ بۈيۈكتۇر، ئۇلار (ئاخىرەتنىڭ ئازابىنى) بىلسە ئىدى (پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلمايتتى)﴿26﴾.*

## ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا

﴿قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابنى يۈزى بىلەن مۇداپىئە قىلىدىغان ئادەم (ئازابقا دۇچار بولمايدىغان ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟)﴾ ئۇنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش زالىملارنى قورقىتىش ئۈچۈن ﴿قىلغان گۇناھلىرىڭلارنىڭ جازاسىنى تېتىڭلار﴾ دېيىلىدۇ. يەنى بۇنداق ئادەم قىيامەت كۈنى ئازابقا دۇچار بولماي خاتىرجەم ھالدا كېلىدىغان ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟

اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿زادى قايسى ئادەم يول تاپالايدۇ؟ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ماڭغان ئادەممۇ؟ ياكى قەددىنى رۇس تۇتۇپ تۈز يولدا ماڭغان ئادەممۇ؟﴾[1] ﴿ئۇلار دوزاختا دۈم ياتقۇزۇلۇپ سۆرىلىدىغان كۈندە، (ئۇلارغا) «دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ)﴾[2] ﴿قىيامەت كۈنى دوزاخقا تاشلىنىدىغان ئادەم ياخشىمۇ؟ ياكى قىيامەت كۈنى (اﷲ نىڭ ئازابىدىن) ئەمىن بولغان ھالدا كېلىدىغان ئادەم ياخشىمۇ؟﴾[3].

اﷲ تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئازابقا دۇچار بولىدىغان ئادەمنى بايان قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىپ ئازابقا دۇچار بولمايدىغان ئادەم ھەققىدە توختالمىدى.

---

[1] سۈرە مۇلك 22 - ئايەت
[2] سۈرە قەمەر 48 - ئايەت
[3] سۈرە فۇسسىلەت 40 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

**﴿ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (ئۈممەت) لەر (پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلدى، ئويلىمىغان يەردىن ئۇلارغا ئازاب كەلدى﴾** يەنى ئۇلار ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتلەر بولۇپ، الله ئۇلارنى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدى. ئۇلارنى الله تائالادىن باشقا قۇتقازغۇچى بولمىدى.

**﴿الله ئۇلارغا بۇ دۇنيادا﴾** ئازاب چۈشۈرۈش ئارقىلىق **﴿خارلىقنىڭ (تەمىنى) تېتىتتى﴾** يەنى الله ئۇلارنى جازالاش ئارقىلىق مۆمىنلەرنىڭ دىلىغا خاتىرجەملىك بېغىشلىدى. بۇ ئايەتتە خىتاب قىلىنىۋاتقان ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك. چۈنكى، ئۇلار ئەڭ شەرەپلىك ئەلچى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلدى. الله ئاخىرەتتە ئۇلارغا تەييارلىغان قاتتىق ئازاب دۇنيادا ئۇلارغا يەتكەن خارلىقتىن ئېغىردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن الله مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ بۈيۈكتۇر، ئۇلار (ئاخىرەتنىڭ ئازابىنى) بىلسە ئىدى (پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلمايتتى)﴾**.

* * * * * * *

وَلَقَدۡ ضَرَبۡنَا لِلنَّاسِ فِي هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانِ مِن كُلِّ مَثَلٖ لَّعَلَّهُمۡ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٢٧﴾ قُرۡءَانًا عَرَبِيًّا غَيۡرَ
ذِي عِوَجٖ لَّعَلَّهُمۡ يَتَّقُونَ ﴿٢٨﴾ ضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلٗا رَّجُلٗا فِيهِ شُرَكَآءُ مُتَشَٰكِسُونَ وَرَجُلٗا سَلَمٗا لِّرَجُلٍ
هَلۡ يَسۡتَوِيَانِ مَثَلًاۚ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِۚ بَلۡ أَكۡثَرُهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٢٩﴾ إِنَّكَ مَيِّتٞ وَإِنَّهُم مَّيِّتُونَ ﴿٣٠﴾ ثُمَّ إِنَّكُمۡ
يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ عِندَ رَبِّكُمۡ تَخۡتَصِمُونَ ﴿٣١﴾

*بىز كىشىلەرنى ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن دەپ، بۇ قۇرئاندا ئۇلارغا تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق﴿27﴾. قۇرئان ئەرەبچىدۇر، ئەگرىلىكتىن خالىدۇر، ئۈمىدكى، ئۇلار (قۇرئاننىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ كۇفرىدىن) ساقلانغاي﴿28﴾. الله (سىلەرگە مۇنداق) بىر مىسالنى كەلتۈرىدۇ: بىر قۇل بولۇپ، ئۇنىڭغا (ئىشقا سېلىشنى) تالىشىدىغان نۇرغۇن خوجايىنلار ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ (بىرسى بۇ ئىشقا، بىرسى ئۇ ئىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇ كىمنى رازى قىلىشنى بىلەلمەي قالىدۇ)، يەنە بىر قۇل بولۇپ، ئۇ بىر ئادەمگىلا خاستۇر، بۇ ئىككى قۇل (يەنى ئۇنىڭ ئەھۋالى) باراۋەرمۇ؟ جىمى ھەمدۇسانا الله غا خاستۇر! بەلكى ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ تولىسى بىلمەيدۇ﴿29﴾. سەن ھەقىقەتەن ئۆلىسەن، ئۇلارمۇ ھەقىقەتەن ئۆلىدۇ﴿30﴾. ئاندىن كېيىن سىلەر قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدا بىر - بىرىڭلار بىلەن دەۋا قىلىشىسىلەر﴿31﴾.*

## شېرىكنىڭ مىسالى توغرىسىدا

**﴿بىز كىشىلەرنى ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن دەپ، بۇ قۇرئاندا ئۇلارغا تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق﴾** يەنى ئۇلارنى ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن دەپ مىسال كەلتۈرۈش بولسا، مەقسەتنى چۈشەندۈرۈشكە ياردەمچى بولىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿الله سىلەرگە ئۆزەڭلاردىن بىر مىسال كەلتۈرىدۇ﴾[1] يەنى سىلەر بۇ مىسالنىڭ ئۆزەڭلاردىن ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر. ﴿بىز ئىنسانلارغا (قۇرئاندا ئۇلارنىڭ زېھنىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن) بايان قىلغان بۇ تەمسىللەرنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ﴾[2].

---

[1] سۈرە رۇم 28 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] سۈرە ئەنكەبۇت 43 - ئايەت

www.munber.org

﴿**قۇرئان ئەرەبچىدۇر، ئەگرىلىكتىن خالىيدۇر**﴾ يەنى ئۇ قۇرئان ئوچۇق ئەرەب تىلىدا بولۇپ، ئەگرىلىك، ئۆزگەرتىلىش ۋە شەكتىن خالىيدۇر. ھەم ئۇ ئوچۇق، روشەن پاكىتتۇر. الله ئۇنى ئەنە شۇ سۈپەتلەر بىلەن نازىل قىلدى. ﴿**ئۈمىدكى، ئۇلار (قۇرئاننىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ كۇفرىدىن) ساقلانغاي**﴾ يەنى ئۇلار قۇرئاندا بايان قىلىنغان يامانلىقتىن ھەزەر ئەيلەپ، ياخشىلىقنى ئەمەل قىلغاي!

﴿**الله (سىلەرگە مۇنداق) بىر مىسالنى كەلتۈرىدۇ: بىر قۇل بولۇپ، ئۇنىڭغا (ئىشقا سېلىشنى) تالىشىدىغان نۇرغۇن خوجايىنلار ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ (بىرسى بۇ ئىشقا، بىرسى ئۇ ئىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇ كىمنى رازى قىلىشنى بىلەلمەي قالىدۇ)**﴾ يەنى ئۇلار ئورتاق شېرىكچىلىكى بار بۇ قۇلنى ئىشقا سېلىشتا ئۆزئارا تالىشىدۇ. ئۇ قۇل كىمنى رازى قىلىشنى بىلەلمەيدۇ.

﴿**يەنە بىر قۇل بولۇپ ئۇ بىر ئادەمگىلا خاستۇر**﴾ يەنى ئۇنىڭغا باشقا بىرى ئىگىدارچىلىق قىلالمايدۇ. ﴿**بۇ ئىككى قۇل (يەنى ئۇنىڭ ئەھۋالى) باراۋەرمۇ؟**﴾ يەنى بۇ ئىككىسى باراۋەر بولالمايدۇ. شۇنداقلا، الله غا يالغان ئىلاھلارنى قوشۇپ چوقۇنىدىغان مۇشرىك بىلەن ھېچ شېرىكى يوق يالغۇز الله تائالاغىلا ئىبادەت قىلىدىغان، ئىخلاسمەن مۆمىن ھەرگىزمۇ باراۋەر بولمايدۇ. ئىبنى ئاببا‌س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد ۋە بىر قانچە كىشىلەر: بۇ ئايەت مۇشرىك ۋە مۆمىن ئۈچۈن مىسال قىلىپ كەلتۈرۈلدى، دېدى.

الله تائالا بۇ مىسالنى ئەنە شۇنداق ئوچۇق ۋە روشەن بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ﴿**جىمى ھەمدۇسانا الله غا خاستۇر!**﴾ چۈنكى، الله كىشىلەرگە پاكىتلارنى تۇرغۇزدى. ﴿**بەلكى ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ تولىسى بىلمەيدۇ**﴾ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار الله غا شېرىك كەلتۈرىدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە قۇرەيشلەرنىڭ ئۆلۈمى ۋە ئۇلارنىڭ الله نىڭ دەرگاھىدا مۇنازىرىلىشىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**سەن ھەقىقەتەن ئۆلىسەن، ئۇلارمۇ ھەقىقەتەن ئۆلىدۇ**﴾ بۇ ئايەت ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ راستىنلا ۋاپات بولغانلىقىغا باشقىلارنى قايىل قىلىش ئۈچۈن الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتى بىلەن دەلىل قىلغان ئايەتلىرىدۇر. ﴿مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)؛ ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن)، ئۇ الله غا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. الله شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ﴾[1].

سىلەر چوقۇم بۇ دۇنيادىن قايتىپ ئۇ دۇنيادا، الله تائالانىڭ دەرگاھىدا جەم بولىسىلەر، ئاندىن سىلەر غالىب ۋە ئۇلۇغ الله نىڭ ئالدىدا دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىڭلار ئۈستىدە يەنى الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرىدىغانلارمۇ ياكى تەۋھىدتە چىڭ تۇرىدىغانلارمۇ دېگەن مەسىلىدە مۇنازىرىلىشىسىلەر. ئاندىن الله ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئۇ ھەق بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ. الله تائالا ھەممىگە ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر. ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. الله نى بىر دەپ بىلىدىغان ئىخلاسمەن مۆمىنلەرگە الله تائالا نىجاتلىق بېرىدۇ. الله نىڭ بارلىقىغا تانغۇچى، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرگۈچى، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىرلارنى ئازابلايدۇ.

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 144 - ئايەت

www.munber.org

گەرچە تەپسىر قىلىنىۋاتقان بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، ئاخىرەتتە مۆمىنلەر ۋە كاپىرلار ھەققىدە ۋە ئۇلارنىڭ قىيامەتتىكى ئۆزئارا مۇنازىرىلىرىنىڭ بايانى ھەققىدە بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئايەت دۇنيادىكى بارلىق دە - تالاش قىلغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، بۇ مۇنازىرە ئۇلارغا قىيامەتتە قايتا تەكرارلىنىدۇ.

ئىبنى ئەبۇھاتەم، ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**ئاندىن كېيىن سىلەر قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدا بىر - بىرىڭلار بىلەن دەۋا قىلىشىسىلەر**﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ دەۋا بىزگە قايتا تەكرارلىنامدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېدى. زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇنداقتا ئەھۋال ھەقىقەتەن ناھايىتى ئېغىر ئىكەن، دېدى.

ئىمام ئەھمەد، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**سەن ھەقىقەتەن ئۆلىسەن، ئۇلارمۇ ھەقىقەتەن ئۆلىدۇ. ئاندىن كېيىن سىلەر قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدا بىر - بىرىڭلار بىلەن دەۋا قىلىشىسىلەر**﴾ دېگەن ئايەت چۈشكەندە، مەن: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بىزگە دۇنيادا ئارىمىزدا يۈز بەرگەن گۇناھلار دەۋاسى قايتا تەكرارلىنامدۇ؟ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، ھەر بىر ھەق ئىگىسىگە ئۇنىڭ ھەققى تولۇق ئادا قىلىنغۇچە سىلەرگە ئەلۋەتتە ھەق دەۋاسى تەكرارلىنىدۇ» دېدى. مەن: اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنداقتا ئەھۋال ھەقىقەتەن قىيىن بولىدىكەن، دېدىم. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**ئاندىن كېيىن سىلەر قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدا بىر - بىرىڭلار بىلەن دەۋا قىلىشىسىلەر**﴾ يەنى راست سۆزلىگۈچى بىلەن يالغانچى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى بىلەن زالىم، ھىدايەت تاپقۇچى بىلەن ئازغۇچى، ئاجىز بىلەن مۇتەكەببىر دەۋالىشىدۇ.

ئىبنى مەندەھ "روھ" دېگەن كىتابتا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىشىلەر قىيامەت كۈنى دەۋالىشىدۇ. ھەتتا جان بىلەن جەسەت مۇنازىرىلىشىدۇ. جان بەدەنگە گۇناھنى سەن قىلدىڭ، دەيدۇ. جەسەت جانغا: سەن گۇناھ قىلىشقا بۇيرۇدۇڭ، سەن گۇناھنى چىرايلىق كۆرسەتتىڭ، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن اللە ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن بىر پەرىشتىنى ئەۋەتىدۇ. پەرىشتە ئۇلاردىن: سىلەردىن بىرىڭلار ھەقىقەتەن كۆزى ساق ئەمما پالەچ ئادەمگە، يەنە بىرىڭلار كۆزى كور ئادەمگە ئوخشايسىلەر، ئۇ ئىككى ئادەم بىر باغقا كىرىدۇ، پالەچ ئادەم كور ئادەمگە: مەن بۇ يەردە ھەقىقەتەن مېۋىلەرنى كۆردۈم. لېكىن ئۇنى ئالالمايمەن، دەيدۇ. كور ئادەم ئۇنىڭغا: مېنى مىنىپ تۇرۇپ ئۇنى ئالغىن، دەيدۇ. پالەچ ئادەم كور ئادەمنى مىنىپ تۇرۇپ مېۋىلەرنى ئالىدۇ. بۇلارنىڭ قايسىسى كىشىنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئۇلار: ھەر ئىككىلىسى، دېيىشىدۇ. پەرىشتە ئۇلارغا: سىلەر ھەقىقەتەن ئۆزەڭلارغا ئۆزەڭلار ھۆكۈم قىلدىڭلار، دەيدۇ. يەنى ھەقىقەتەن جەسەت جان ئۈچۈن مىنىدىغان ھايۋانغا ئوخشايدۇ. جان ئۇنىڭغا مىنگۈچىدۇر.

ئىبنى ئەبۇھاتەم، سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**ئاندىن كېيىن سىلەر قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدا بىر - بىرىڭلار بىلەن دەۋا قىلىشىسىلەر**﴾ دېگەن ئايەت چۈشكەندە، بىز بۇ ئايەتنىڭ نېمە سەۋەبتىن چۈشكەنلىكىنى بىلمەيتتۇق. شۇڭا بىز بىلەن ئەھلى كىتاب ئوتتۇرىسىدا دە - تالاش بولمىسا، كىم بىلەن دەۋا قىلىشىمىز؟ دېدۇق. بۇ سۆزىمىز پىتنە قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

www.munber.org

غالىب ۋە ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز الله بىزگە ۋەدە قىلغان نەرسە ئۈستىدە دەۋا قىلىشىمىز، دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

﴿فَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّن كَذَبَ عَلَى ٱللَّهِ وَكَذَّبَ بِٱلصِّدْقِ إِذْ جَآءَهُۥٓ ۚ أَلَيْسَ فِى جَهَنَّمَ مَثْوًى
لِّلْكَٰفِرِينَ ﴿٣٢﴾ وَٱلَّذِى جَآءَ بِٱلصِّدْقِ وَصَدَّقَ بِهِۦٓ ۙ أُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُتَّقُونَ ﴿٣٣﴾ لَهُم مَّا يَشَآءُونَ
عِندَ رَبِّهِمْ ۚ ذَٰلِكَ جَزَآءُ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٣٤﴾ لِيُكَفِّرَ ٱللَّهُ عَنْهُمْ أَسْوَأَ ٱلَّذِى عَمِلُوا۟ وَيَجْزِيَهُمْ أَجْرَهُم
بِأَحْسَنِ ٱلَّذِى كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٣٥﴾

***الله غا يالغاننى چاپلىغان، نازىل بولغان راست سۆزنى (يەنى قۇرئاننى) ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ جەھەننەمدە كاپىرلارغا ئورۇن يوقمۇ؟﴿32﴾. راست سۆز (يەنى قۇرئان)نى ئېلىپ كەلگەن كىشى ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلغان كىشىلەر ـ ئەنە شۇلار تەقۋادارلاردۇر﴿33﴾. ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۆزلىرى خالىغان نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئەنە شۇ ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتىدۇر﴿34﴾. الله ئۇلارنىڭ ئەڭ يامان ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، ئۇلارغا قىلغان ئەڭ ياخشى ئەمەللىرى بويىچە ساۋاب بېرىدۇ﴿35﴾.***

## يالغاننى توقۇغان ۋە ھەقنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ جازاسى، ھەقنى سۆزلىگەن ۋە ئۇنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتى توغرىسىدا

الله تائالاغا يالغاننى توقۇغان، ئۇنىڭغا باشقا ئىلاھلارنى شېرىك قىلغان، پەرىشتىلەرنى الله نىڭ قىزلىرى دەپ دەۋا قىلغان، الله تائالانىڭ بالىسى بار دەپ بوھتان قىلغان، الله ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن پاك ۋە يۈكسەكتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە الله تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۆزلىرىگە كەلگەن ھەقنى ئىنكار قىلغان مۇشرىكلارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله غا يالغاننى چاپلىغان، نازىل بولغان راست سۆزنى (يەنى قۇرئاننى) ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ**﴾ يەنى ئۇنىڭدىن زالىم ئادەم يوق. چۈنكى، ئۇ ئىككى باتىلنى ئۆزىگە جەم قىلدى. الله تائالاغا يالغاننى چاپلىدى. الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار ھەققىدە باتىلنى سۆزلىدى. ھەقىقەتنى رەت قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن الله ئۇلارغا تەھدىت سېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**جەھەننەمدە كاپىرلارغا ئورۇن يوقمۇ؟**﴾ يەنى ئۇلار الله نىڭ بىرلىكىگە تانغۇچىلار ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغۇچىلاردۇر.

﴿**راست سۆز (يەنى قۇرئان) نى ئېلىپ كەلگەن كىشى ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلغان كىشىلەر ـ ئەنە شۇلار تەقۋادارلاردۇر**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىد، قەتادە، رەبىيئ ئىبنى ئەنەس ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: راست سۆز ئېلىپ كەلگەن كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم، ﴿**راست سۆز (يەنى قۇرئان) نى ئېلىپ كەلگەن كىشى**﴾ دېگەن ئايەتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ﴿**ئۇنى ئېتىراپ قىلغان كىشىلەر**﴾ دېگەن ئايەتتىن مۇسۇلمانلار كۆزدە تۇتۇلغاندۇر، دەيدۇ. ﴿**ئەنە شۇلار تەقۋادارلاردۇر**﴾ بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئۇلار شېرىكتىن ساقلانغانلار، دەيدۇ.

www.munber.org

﴿ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۆزلىرى خالىغان نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ﴾ يەنى جەننەتتە ئۇلار قانچىلىك تەلەپ قىلسا ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئېرىشىدۇ. ﴿ئەنە شۇ ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتىدۇر. الله ئۇلارنىڭ ئەڭ يامان ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىدۇ. ئۇلارغا قىلغان ئەڭ ياخشى ئەمەللىرى بويىچە ساۋاب بېرىدۇ﴾.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يامان ئىشلىرىنى كەچۈرۈم قىلىمىز، ئۇلار (الله يامان ئىشلىرىنى كەچۈرگەنلەر بىلەن) جەننەتتە بولىدۇ، (بۇ) ئۇلارغا قىلىنغان راست ۋەدىدۇر﴾[1]

* * * * * * *

أَلَيْسَ ٱللَّهُ بِكَافٍ عَبْدَهُۥ ۖ وَيُخَوِّفُونَكَ بِٱلَّذِينَ مِن دُونِهِۦ ۚ وَمَن يُضْلِلِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِنْ هَادٍ
﴿٣٦﴾ وَمَن يَهْدِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِن مُّضِلٍّ ۗ أَلَيْسَ ٱللَّهُ بِعَزِيزٍ ذِى ٱنتِقَامٍ ﴿٣٧﴾ وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ ٱللَّهُ ۚ قُلْ أَفَرَءَيْتُم مَّا تَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ إِنْ أَرَادَنِىَ ٱللَّهُ بِضُرٍّ هَلْ
هُنَّ كَٰشِفَٰتُ ضُرِّهِۦٓ أَوْ أَرَادَنِى بِرَحْمَةٍ هَلْ هُنَّ مُمْسِكَٰتُ رَحْمَتِهِۦ ۚ قُلْ حَسْبِىَ ٱللَّهُ ۖ عَلَيْهِ
يَتَوَكَّلُ ٱلْمُتَوَكِّلُونَ ﴿٣٨﴾ قُلْ يَٰقَوْمِ ٱعْمَلُوا۟ عَلَىٰ مَكَانَتِكُمْ إِنِّى عَٰمِلٌ ۖ فَسَوْفَ تَعْلَمُونَ ﴿٣٩﴾
مَن يَأْتِيهِ عَذَابٌ يُخْزِيهِ وَيَحِلُّ عَلَيْهِ عَذَابٌ مُّقِيمٌ ﴿٤٠﴾

*الله بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قوغداشقا ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە) يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ ئۇلار سېنى الله دىن باشقا مەبۇدلار بىلەن قورقۇتىدۇ، الله گۇمراھ قىلغان ئادەمنى ھېچ ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ﴿36﴾. الله ھىدايەت قىلغان ئادەمنى ھېچ ئازدۇرغۇچى بولمايدۇ، الله غالىب، (دۈشمەنلىرىنى) جازالىغۇچى ئەمەسمۇ؟ ﴿37﴾. ئەگەر ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان» دەپ سورىساڭ، شۈبھىسىزكى، ئۇلار: «الله ياراتقان» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «ئەگەر الله ماڭا بىرەر زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دەپئى قىلىشقا، يا الله ماڭا رەھمەت قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى توسۇۋېلىشقا، الله دىن باشقا سىلەر ئىبادەت قىلىۋاتقان مەبۇدلار قادىر بولالامدۇ؟ ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلارچۇ؟» ئېيتقىنكى، «ماڭا الله كۇپايىدۇر، تەۋەككۇل قىلغۇچىلار ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلسۇن (يەنى ھەممە ئىشنى الله غا تاپشۇرسۇن)» ﴿38﴾. ئېيتقىنكى، «ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆز ھالىڭلار بويىچە ئىشلەڭلار، مەنمۇ ئۆز ھالىم بويىچە ئىشلەيمەن، سىلەر ئۆزۈڭلارغا قالماي خارلىغۇچى ئازابنىڭ كىمگە كېلىدىغانلىقىنى، مەڭگۈلۈك ئازابنىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى بىلىسىلەر» ﴿39 -40﴾.*

## الله تائالانىڭ بەندىسىگە كۇپايە قىلغۇچى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿الله بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قوغداشقا ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە) يېتەرلىك ئەمەسمۇ﴾ يەنى الله ئۆزىگە ئىبادەت قىلغان ۋە تەۋەككۇل قىلغان بەندىسىگە يېتەرلىكتۇر. ﴿ئۇلار

[1] سۈرە ئەھقاف 16 - ئايەت

www.munber.org

**سېنى اللە دىن باشقا مەبۇدلار بىلەن قورقۇتىدۇ﴾** يەنى مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بۇتلىرى ۋە جاھىللىق، گۇمراھلىق قىلىپ تۇتۇۋالغان اللە دىن باشقا ئىلاھلىرى بىلەن قورقۇتىدۇ.

**﴿اللە گۇمراھ قىلغان ئادەمنى ھېچ ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ. اللە ھىدايەت قىلغان ئادەمنى ھېچ ئازدۇرغۇچى بولمايدۇ، اللە غالىب، (دۈشمەنلىرىنى) جازالىغۇچى ئەمەسمۇ؟﴾** يەنى جانابى اللە غالىب ۋە ناھايىتى كۈچلۈكتۇر. اللە تائالاغا يۆلەنگەن ۋە ئىلتىجا قىلغان ئادەم زۇلۇمغا ئۇچرىمايدۇ. اللە غالىبتۇر. ئۆزىگە كاپىر بولغان ۋە شېرىك كەلتۈرگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشىلىق قىلغانلارنىڭ ئىچىدىن ھېچبىرى اللە تائالادىن غالىبراق ۋە دۈشمەنلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىشتا ئۇنىڭدىن كۈچلۈكرەك ئەمەس.

## كائىناتنى يارىتىشتا ئىلاھلىرىنىڭ ئاجىز كەلگەنلىكى ئۈچۈن مۇشرىكلارنىڭ اللە تائالانىڭ بىرلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى توغرىسىدا

**﴿ئەگەر ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان» دەپ سورىساڭ، شۈبھىسىزكى، ئۇلار: «اللە ياراتقان» دەيدۇ﴾** يەنى مۇشرىكلار اللە تائالانىڭ پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار اللە بىلەن ئۆزلىرىگە ھېچ زىيان ـ زەخمەت ۋە پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتلىرىغا چوقۇناتتى.

**﴿ئېيتقىنكى، ئەگەر اللە ماڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دەپئى قىلالىشقا، يا اللە ماڭا رەھمەت قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى توسۇۋېلىشقا، اللە دىن باشقا سىلەر ئىبادەت قىلىۋاتقان مەبۇدلار قادىر بولالامدۇ؟ ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلارچۇ؟﴾** يەنى ئۇ مەبۇدلار ھېچ نەرسىگە قادىر بولالمايدۇ.

ئىبنى ئەبۇھاتەم، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللە تائالانىڭ دىنىنى قوغدىغىن، اللە سېنى قوغدايدۇ. اللە نىڭ دىنىنى قوغدىغىن، سەن قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىسەن. مەمۇرچىلىق ۋاقتىتا اللە نى تونۇغىن، قاتتىقچىلىق ۋاقتىدا اللە سېنى تونۇيدۇ. بىرەر نەرسە سورىساڭ اللە دىن سورا! ياردەم تەلەپ قىلساڭ اللە دىن تەلەپ قىل! بىلگىنكى، ھەقىقەتەن پۈتكۈل ئىنسان بىر يەرگە توپلىنىپ اللە ساڭا تەقدىر قىلمىغان بىرەر نەرسە بىلەن ساڭا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەكچى بولسا، ئۇلار ساڭا ھەرگىزمۇ زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەگەر پۈتكۈل ئىنسان بىر يەرگە توپلىنىپ اللە ساڭا تەقدىر قىلمىغان بىرەر نەرسە بىلەن ساڭا پايدا مەنپەئەت يەتكۈزمەكچى بولسا، ئۇلار ساڭا ھەرگىزمۇ پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ. تەقدىر يېزىلغان بەتلەر قۇرىدى. قەلەملەر كۆتۈرۈلدى. شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن اللە تائالاغا ئىشەنچ قىلغان ھالدا اللە نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئەمەل ـ ئىبادەت قىلغىن! شۇنى بىلگىنكى، ھەقىقەتەن سەن ياقتۇرمايدىغان نەرسىگە سەۋر قىلىش نۇرغۇن ياخشىلىقنى كەلتۈرىدۇ. ھەقىقەتەن سەۋرچانلىقتىن كېيىن نۇسرەت، جاپادىن كېيىن راھەت ـ پاراغەت ۋە تەسلىكتىن كېيىن ئاسانلىق كېلىدۇ».

**﴿ئېيتقىنكى، «ماڭا اللە كۇپايىدۇر، تەۋەككۇل قىلغۇچىلار ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلسۇن (يەنى ھەممە ئىشنى اللە غا تاپشۇرسۇن)»﴾** اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھۆكۈم پەقەت اللە غىلا خاس، اللە غا تەۋەككۇل قىلدىم، تەۋەككۇل قىلغۇچىلار اللە غىلا تەۋەككۇل قىلسۇن!﴾[1].

[1] سۈرە يۈسۈف 67 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

بۇ ھەقتە ھۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ قەۋمى ئارىسىدا مۇنداق مۇنازىرە بولۇپ ئۆتكەن: ﴿بىز پەقەت سېنى بەزى ئىلاھلىرىمىز ساراڭ قىلىپ قويۇپتۇ دەيمىز» ھۇد ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن اللّٰه نى گۇۋاھ قىلىمەن، سىلەرمۇ گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن سىلەرنىڭ اللّٰه نى قويۇپ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامەن، ھەممىڭلار ماڭا سۇيىقەست قىلىڭلار، ماڭا مۆھلەت بەرمەڭلار. شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان اللّٰه غا مەن تەۋەككۇل قىلدىم، اللّٰه نىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر؛ پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇر (يەنى ئادىل بولۇپ ھېچ كىشىگە قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ)﴾[1].

﴿ئېيتقىنكى، «ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆز ھالىڭلار بويىچە ئىشلەڭلار﴾ يەنى ئۆز يولۇڭلار بويىچە ئىشلەڭلار. بۇ ئايەت ئۇلارغا بولغان تەھدىت ۋە يامان ئاقىۋەتتىن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ﴿مەنمۇ ئۆز ھالىم بويىچە ئىشلەيمەن﴾ يەنى ئۆز خاھىشىم بويىچە ئىشلەيمەن.

﴿سىلەر ئۇزۇنغا قالماي خارلىغۇچى ئازابنىڭ كىمگە كېلىدىغانلىقىنى، مەڭگۈلۈك ئازابنىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى بىلىسىلەر»﴾ يەنى شۇ ئىشلارنىڭ ئاقىۋېتىنى ۋە سىلەرگە كېلىدىغان ئازابنى پەقەت يېقىندا بىلىسىلەر. سىلەرگە دۇنيادا خار قىلغۇچى ئازاب كېلىدۇ. ئاخىرەتتە بولسا، قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمايدىغان دائىملىق ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئازابقا دۇچار بولىسىلەر.

اللّٰه بىزگە قىيامەت كۈندىكى شۇ خارلىقتىن پاناھ بەرگەي!

* * * * * * *

إِنَّآ أَنزَلۡنَا عَلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ لِلنَّاسِ بِٱلۡحَقِّۖ فَمَنِ ٱهۡتَدَىٰ فَلِنَفۡسِهِۦۖ وَمَن ضَلَّ فَإِنَّمَا يَضِلُّ عَلَيۡهَاۖ وَمَآ أَنتَ عَلَيۡهِم بِوَكِيلٍ ﴿٤١﴾ ٱللَّهُ يَتَوَفَّى ٱلۡأَنفُسَ حِينَ مَوۡتِهَا وَٱلَّتِي لَمۡ تَمُتۡ فِي مَنَامِهَاۖ فَيُمۡسِكُ ٱلَّتِي قَضَىٰ عَلَيۡهَا ٱلۡمَوۡتَ وَيُرۡسِلُ ٱلۡأُخۡرَىٰٓ إِلَىٰٓ أَجَلٖ مُّسَمًّىۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٤٢﴾

*شۈبھىسىزكى، بىز ساڭا كىتابنى ئىنسانلار ئۈچۈن ھەق بىلەن نازىل قىلدۇق، كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ئۆزى ئۈچۈن ھىدايەت تاپقان بولىدۇ، كىمكى ئازىدىكەن، ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئازغان بولىدۇ، سەن ئۇلارغا ھامىي ئەمەسسەن (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا زورلاشقا مۇئەككەل ئەمەسسەن)﴿41﴾. ئىنسانلار ئۆلىدىغان چاغلىرىدا، اللّٰه ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ، ئۆلمىگەنلەرنىڭ جانلىرىنى ئۇخلىغان چاغلىرىدا ئالىدۇ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان (يەنى ئەجىلى يەتكەنلەر)نىڭ جانلىرىنى تۇتۇپ قېلىپ، قالغانلارنىڭ جانلىرىنى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە (يەنى ئەجىلى يەتكۈچە) قويۇپ بېرىدۇ، بۇنىڭدا پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللّٰه نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار﴿42﴾.*

اللّٰه تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، بىز ساڭا كىتابنى ئىنسانلار ئۈچۈن ھەق بىلەن نازىل قىلدۇق﴾ يەنى ئىنسان ۋە جىندىن بولغان بارلىق مەخلۇقلارنى قۇرئان بىلەن ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن ئۇنى نازىل قىلدۇق.

[1] سۈرە ھۇد 54 — 56 - ئايەتكىچە.

www.munber.org

﴿**كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ئۆزى ئۈچۈن ھىدايەت تاپقان بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇنىڭ پايدىسى پەقەت ئۆزى ئۈچۈن بولىدۇ. ﴿**كىمكى ئازىدىكەن، ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئازغان بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتى پەقەت ئۆزىگە بولىدۇ. ﴿**سەن ئۇلارغا ھامىي ئەمەسسەن (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا زورلاشقا مۇئەككەل ئەمەسسەن)**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا مەسئۇل ئەمەسسەن.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن پەقەت (ئۇلارنى الله نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن، الله ھەممە نەرسىنى تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر﴾[1] ﴿سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ھېساب ئېلىشتۇر﴾[2].

## الله نىڭ ئۆلتۈرگۈچى ۋە تىرىلدۈرگۈچى زات ئىكەنلىكى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ زاتىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ پۈتكۈل كائىناتتا ھەممىنى ئۆزى خالىغىنىچە تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر. تەنلەردىن جانلارنى ئالغۇچى پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ، ئىنسانلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىپ ئۇلارنى ئۆلتۈرىدۇ. بۇ بولسا چوڭ ئۆلۈمدۇر. ئۇخلاش بولسا، كىچىك ئۆلۈمدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله سىلەرنى كېچىسى ئۇخلىتىدۇ، كۈندۈزدىكى قىلغان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن بەلگىلەنگەن مۇددەتكىچە ياشىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزدە سىلەرنى ئويغىتىدۇ، ئاندىن الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، ئاندىن قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى الله سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ. الله بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە قاھىردۇر (يەنى الله بەندىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر)، ئۇ سىلەرگە ساقلىغۇچى پەرىشتىلەرنى (يەنى قىلغان ئەتكەننى خاتىرىلەپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتىدۇ، بىرىڭلارغا ئۆلۈم كەلسە، ئۇنى بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز قەبزى روھ قىلىدۇ. ئۇلار (الله نىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاشتا) بىپەرۋالىق قىلمايدۇ﴾[3]. الله بۇ ئايەتتە ئالدى بىلەن كىچىك ئۆلۈمنى ئاندىن چوڭ ئۆلۈمنى، بايان قىلدى.

ئەمما تۆۋەندىكى ئايەتتە بولسا، ئالدى بىلەن چوڭ ئۆلۈمنى، ئاندىن كىچىك ئۆلۈمنى (ئۇخلاشنى) بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئىنسانلار ئۆلىدىغان چاغلىرىدا، الله ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ، ئۆلمىگەنلەرنىڭ جانلىرىنى ئۇخلىغان چاغلىرىدا ئالىدۇ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان (يەنى ئەجىلى يەتكەنلەر)نىڭ جانلىرىنى تۇتۇپ قېلىپ، قالغانلارنىڭ جانلىرىنى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە (يەنى ئەجىلى يەتكۈچە) قويۇپ بېرىدۇ**﴾ بۇ ئايەتتە روھلارنىڭ روھلار ئالەمىدە جەم بولىدىغانلىقىغا دەلىل باردۇر.

بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: « سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۇخلاشتىن بۇرۇن ياتىدىغان ئورنىنى ئىشتىنىنىڭ[4] ئىچى تەرىپى بىلەن سۈپۈرىۋەتسۇن. چۈنكى، ياتماقچى بولغان كىشى كۆرپە ئۈستىدە نېمە بارلىقىنى بىلمەيدۇ. ئاندىن مۇنداق دېسۇن: پەرۋەردىگارىم سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن يېنىمنى قويدۇم، سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن ئورنۇمدىن تۇرىمەن. ئەگەر جېنىمنى ئالساڭ، ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلغىن. ئەگەر ئۇنى تېنىمگە قايتۇرۇپ بەرسەڭ، ياخشى بەندىلىرىڭنى قانداق ساقلىغان بولساڭ، ئۇنىمۇ شۇنداق ساقلىغىن! ».

---

[1] سۈرە ھۇد 12 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە رەئد 40 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەنئام 60 — 61 - ئايەتلەر.
[4] ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەبلەرنىڭ بېلىنىڭ ئاستىنى يۆگەش ئۈچۈن ئىشلەتكەن رەختلىرى كۆرسىتىلىدۇ.

www.munber.org

﴿**ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان يەنى ئەجىلى يەتكەنلەرنىڭ جانلىرىنى تۇتۇپ قېلىپ**﴾ يەنى چوڭ ئۆلۈم بىلەن ئۆلۈشكە ئەجىلى توشقانلارنىڭ جانلىرىنى تۇتۇپ قېلىپ، كىچىك ئۆلۈم بىلەن ئۆلگۈچىلەرنىڭ جېنىنى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە قويۇپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە سۈددى مۇنداق دەيدۇ: قويۇپ بېرىلگەنلەر تاكى ئەجىلى توشقۇچە قويۇپ بېرىلىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئۆلۈكلەرنىڭ جانلىرىنى ئېلىپ، تىرىكلەرنىڭ جانلىرىنى قويۇپ بېرىدۇ، الله ھەرگىز خاتالىشىپ قالمايدۇ، دېدى. ﴿**بۇنىڭدا پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار**﴾.

* * * * * * *

أَمِ ٱتَّخَذُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ شُفَعَآءَ ۚ قُلْ أَوَلَوْ كَانُواْ لَا يَمْلِكُونَ شَيْـًٔا وَلَا يَعْقِلُونَ ﴿٤٣﴾ قُل لِّلَّهِ ٱلشَّفَٰعَةُ جَمِيعًا ۖ لَّهُۥ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ ثُمَّ إِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴿٤٤﴾ وَإِذَا ذُكِرَ ٱللَّهُ وَحْدَهُ ٱشْمَأَزَّتْ قُلُوبُ ٱلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِٱلْـَٔاخِرَةِ ۖ وَإِذَا ذُكِرَ ٱلَّذِينَ مِن دُونِهِۦٓ إِذَا هُمْ يَسْتَبْشِرُونَ ﴿٤٥﴾

***(ئۇلار پىكىر يۈرگۈزمىدى) بەلكى الله نى قويۇپ، (بۇتلاردىن) شاپائەتچىلەرنى تۇتتى. ئېيتقىنكى، «ئۇلار (يەنى شاپائەتچى قىلىنغان بۇتلار) ھېچ نەرسىگە قادىر بولالمايدىغان ۋە (ھېچ نەرسىنى) سەزمەيدىغان تۇرسىمۇ (ئۇلارنى شاپائەتچى تۇتامدۇ؟)*** ﴿43﴾***. شاپائەتنىڭ ھەممىسى الله نىڭ ئىلكىدىدۇر (ھېچ ئادەم الله نىڭ ئىزنىسىز شاپائەت قىلالمايدۇ)، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى الله غا خاستۇر. ئاندىن سىلەر الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر»*** ﴿44﴾***. يالغۇز الله تىلغا ئېلىنسا، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دىللىرى سىقىلىپ كېتىدۇ. الله دىن باشقا مەبۇدلار تىلغا ئېلىنسا، ئۇلار خۇش بولۇپ كېتىدۇ*** ﴿45﴾.

## شاپائەت قىلىش ھوقۇقىنىڭ پەقەت الله غىلا خاس ئىكەنلىكى ۋە يالغۇز الله تىلغا ئېلىنسا مۇشرىكلارنىڭ دىللىرىنىڭ سىقىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇشرىكلارنىڭ الله نى قويۇپ ھېچقانداق دەلىل ـ ئاساسسىز ھالدا ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىقارغان بۇتلارنى ۋە شېرىكلەرنى شاپائەتچى قىلىۋالغانلىقىنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇ بۇتلار ۋە شېرىكلەر ھېچ نەرسىگە ئىگە ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئويلىيالايدىغان ئەقلى، ئاڭلىيالايدىغان قۇلىقى، كۆرەلەيدىغان كۆزى يوق بولۇپ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ھالى ھايۋاندىن بەتتەر جانسىز جىسىملاردۇر.

﴿**ئېيتقىنكى**﴾ يەنى ئى مۇھەممەد! ئۆز گۇمانىچە بۇ نەرسىلەر الله تائالانىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلىدۇ، دەپ شاپائەتچىلەرنى تۇتۇۋالغان ئەنە شۇ ئادەملەرگە ئېيتقىنكى: الله تائالانىڭ دەرگاھىدا الله رازى بولغان ۋە شاپائەت قىلىشقا ئىزنى بەرگەن ئادەمدىن باشقا ھېچكىمنىڭ شاپائىتى مەنپەئەت قىلمايدۇ. شاپائەتنىڭ ھەممىسى الله تائالا تەرىپىدىندۇر. ﴿الله نىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ الله نىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن﴾[1].

﴿**ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى الله غا خاستۇر**﴾ يەنى الله ئۇنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر.

---

[1] سۈرە بەقەرە 255 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿ئاندىن سىلەر اﷲ نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾ يەنى قىيامەت كۈنى اﷲ تائالا ئاراڭلاردا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىپ ھەر بىر ئادەمگە ئۆز ئەمەلىگە قارىتا جازا ۋە مۇكاپات بېرىدۇ. اﷲ تائالا مۇشرىكلارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يالغۇز اﷲ تىلغا ئېلىنسا﴾ يەنى يالغۇز اﷲ تائالادىن باشقا ھېچ بىر مەبۇد بەرھەق يوقتۇر دېيىلسە، ﴿ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دىللىرى سىقىلىپ كېتىدۇ﴾.

بۇ ھەقتە اﷲ تائالا مۇنداق دېگەن : ﴿ئۇلار ھەقىقەتەن مۇشۇنداق ئىدىكى، ئۇلارغا: «بىر اﷲ دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق» (دەڭلار) دېيىلسە، (كەلىمە تەۋھىدتىن) تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتاتتى﴾[1] يەنى ئۇلار كەلىمە تەۋھىدكە ئەگىشىش ۋە بويسۇنۇشتىن باش تارتىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرى ياخشىلىقنى قوبۇل قىلمايدۇ، كىم ياخشىلىقنى قوبۇل قىلمىسا يامانلىقنى قوبۇل قىلىدۇ.

﴿اﷲ دىن باشقا مەبۇدلار تىلغا ئېلىنسا﴾ مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: يەنى بۇتلار ۋە شېرىك كەلتۈرۈلگەن نەرسىلەر تىلغا ئېلىنسا، ﴿ئۇلار خۇش بولۇپ كېتىدۇ﴾ يەنى بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ كېتىدۇ.

* * * * * * *

قُلِ ٱللَّهُمَّ فَاطِرَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ عَٰلِمَ ٱلۡغَيۡبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ أَنتَ تَحۡكُمُ بَيۡنَ عِبَادِكَ فِي مَا كَانُواْ فِيهِ يَخۡتَلِفُونَ ﴿٤٦﴾ وَلَوۡ أَنَّ لِلَّذِينَ ظَلَمُواْ مَا فِي ٱلۡأَرۡضِ جَمِيعٗا وَمِثۡلَهُۥ مَعَهُۥ لَٱفۡتَدَوۡاْ بِهِۦ مِن سُوٓءِ ٱلۡعَذَابِ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۚ وَبَدَا لَهُم مِّنَ ٱللَّهِ مَا لَمۡ يَكُونُواْ يَحۡتَسِبُونَ ﴿٤٧﴾ وَبَدَا لَهُمۡ سَيِّـَٔاتُ مَا كَسَبُواْ وَحَاقَ بِهِم مَّا كَانُواْ بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ ﴿٤٨﴾

*ئېيتقىنكى، «ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى، يوشۇرۇننى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى اﷲ ! سەن بەندىلىرىڭنىڭ ئارىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىسەن»﴿46﴾. ئەگەر (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يەنە شۇنىڭدەك بىر ھەسسە كۆپ نەرسە بولىدىغان بولسا، قىيامەت كۈنىدىكى قاتتىق ئازاب ئۈچۈن ئۇنى فىدىيە بەرگەن بولاتتى، ئۇلارغا اﷲ تەرىپىدىن (بۇ دۇنيادىكى چاغلىرىدا) ئويلاپ باقمىغان ئازابلار ئاشكارا بولىدۇ﴿47﴾. ئۇلارغا ئۇلارنىڭ (دۇنيادا) قىلغان يامان ئىشلىرى ئاشكارا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ (دۇنيادىكى چاغدا پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىنى) مەسخىرە قىلغانلىقلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇلارنى (قاتتىق) ئازاب ئورىۋالىدۇ﴿48﴾.*

## دۇئا قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا

اﷲ تائالا مۇشرىكلارنى، ئۇلارنىڭ شېرىكنى دوست تۇتقانلىقى ۋە تەۋھىدتىن نەپرەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئەيىبلىگەندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، «ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى﴾ يەنى سەن ھېچ شېرىكى بولمىغان، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۈرنەكسىز ياراتقان ﴿يوشۇرۇننى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى اﷲ﴾ دۇرسەن. ﴿سەن بەندىلىرىڭنىڭ ئارىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىسەن﴾ يەنى ئۇلارنىڭ دۇنيادا ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە پات يېقىندا كېلىدىغان

[1] سۈرە سافقات 35 ـ ئايەت.

www.munber.org

قىيامەت كۈنى ئۇلارنى تىرىلدۈرۈپ قەبرىلەردىن تۇرغۇزغاندا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىسەن دەپ دۇئا قىلغىن.

ئىمام مۇسلىم، ئەبۇسەلەمە ئىبنى ئابدۇراھماننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى ناماز ئوقۇغاندا، نامىزىنى قانداق باشلايتتى؟ دەپ سورىدىم. ئۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى نامازغا تۇرسا نامىزىنى: «ئى جىبرىئىل، مىكائىل ۋە ئىسرافىلنىڭ پەرۋەردىگارى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى الله! سەن بەندىلىرىڭنىڭ ئارىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىسەن. ئىزنىڭ بىلەن ئىختىلاپتىن ھەقىقەتكە مېنى ھىدايەت قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن خالىغان كىشىنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىسەن» دەپ باشلايتتى، دېدى.

## قىيامەت كۈنى فىدىيەنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**ئەگەر (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا**﴾ يەنى مۇشرىكلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ﴿**يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يەنە شۇنىڭدەك بىر ھەسسە كۆپ نەرسە بولىدىغان بولسا، قىيامەت كۈنىدىكى قاتتىق ئازاب ئۈچۈن ئۇنى فىدىيە بەرگەن بولاتتى**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى الله تەرىپىدىن ئۇلارغا بەرگەن ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنى فىدىيە بەرگەن بولاتتى. بىراق ئۇ كۈندە زېمىن توشقۇچىلىك ئالتۇن فىدىيە قىلىنسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ فىدىيەسى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

﴿**ئۇلارغا الله تەرىپىدىن (بۇ دۇنيادىكى چاغلىرىدا) ئويلاپ باقمىغان ئازابلار ئاشكارا بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇلارغا الله تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ خىيالىدىن كېچىپ باقمىغان ۋە ئويلاپمۇ باقمىغان ئازاب - ئوقۇبەتلەر ئاشكارا بولىدۇ.

﴿**ئۇلارغا ئۇلارنىڭ (دۇنيادا) قىلغان يامان ئىشلىرى ئاشكارا بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇلارغا ئۇلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ھارام ئىشلىرى ۋە گۇناھلىرىنىڭ جازاسى ئاشكارا بولىدۇ. ﴿**ئۇلارنىڭ (دۇنيادىكى چاغدا پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىنى) مەسخىرە قىلغانلىقلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇلارنى (قاتتىق) ئازاب ئورىۋالىدۇ**﴾.

* * * * * * *

فَإِذَا مَسَّ ٱلۡإِنسَٰنَ ضُرّٞ دَعَانَا ثُمَّ إِذَا خَوَّلۡنَٰهُ نِعۡمَةٗ مِّنَّا قَالَ إِنَّمَآ أُوتِيتُهُۥ عَلَىٰ عِلۡمِۭۚ بَلۡ هِيَ
فِتۡنَةٞ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ٤٩ قَدۡ قَالَهَا ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡ فَمَآ أَغۡنَىٰ عَنۡهُم مَّا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ
٥٠ فَأَصَابَهُمۡ سَيِّـَٔاتُ مَا كَسَبُواْۚ وَٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ مِنۡ هَٰٓؤُلَآءِ سَيُصِيبُهُمۡ سَيِّـَٔاتُ مَا كَسَبُواْ وَمَا هُم
بِمُعۡجِزِينَ ٥١ أَوَلَمۡ يَعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ يَبۡسُطُ ٱلرِّزۡقَ لِمَن يَشَآءُ وَيَقۡدِرُۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ
يُؤۡمِنُونَ ٥٢

*ئىنسانغا بىرەر مۇسىبەت يەتسە، بىزگە دۇئا قىلىپ (ئىلتىجا قىلىدۇ)، ئاندىن ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىپ بىرەر نېمىتىمىزنى ئاتا قىلساق، ئۇ: «بۇ نېمەت ماڭا ئۆز ئىلمىمدىن (يەنى پەزلىمدىن، ئەمگىكىمدىن، تىرىشچانلىقىمدىن، رىزىق تېپىشنىڭ يوللىرىنى بىلگەنلىكىمدىن) كەلدى» دەيدۇ. (ئىش*

www.munber.org

*ئۇ ئۆيلىغاندەك ئەمەس) بەلكى ئۇ سىناقتۇر (يەنى نېمەت ئاتا قىلىش بىلەن، ئۇنى ئىتائەت قىلامدۇ؟ ئاسىيلىق قىلامدۇ؟ دەپ سىنايمىز). لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ ﴿49﴾. مۇنداق سۆزنى ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ قىلغان، ئۇلارنىڭ ئېرىشكەن مال ـ مۈلۈكلىرى ئۇلارغا ئەسقاتمىدى ﴿50﴾. ئۇلار (دۇنيادا) قىلغان يامانلىقلىرىنىڭ جازاسىنى تارتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغانلارمۇ قىلغان يامانلىقلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ، ئۇلار ئازابىمىزدىن قۇتۇلالمايدۇ ﴿51﴾. ئۇلار بىلمەمدۇكى، اللّٰه (سىناش يۈزىسىدىن) خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار ﴿52﴾.*

## ئىنسانغا مۇسىبەتتىن كېيىن نېمەت ئاتا قىلىنسا ئۇنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدا

اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە بەندىنىڭ قىيىنچىلىق ھالىتىدە اللّٰه تائالاغا زارلىنىپ ئىلتىجا قىلىدىغانلىقىنى، تەۋبە قىلىدىغانلىقىنى ۋە دۇئا قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا اللّٰه نېمەت ئاتا قىلسا ئاسىيلىق قىلىدىغانلىقىنى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ مۇنداق دەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ: ﴿**بۇ نېمەت ماڭا ئۆز ئىلمىمدىن (يەنى پەزلىمدىن، ئەمگىكىمدىن، تىرىشچانلىقىمدىن، رىزىق تېپىشنىڭ يوللىرىنى بىلگەنلىكىمدىن) كەلدى**»﴾ يەنى اللّٰه مېنىڭ بۇ نېمەتكە ھەقلىق ئىكەنلىكىمنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى ماڭا ئاتا قىلدى. ئەگەر مەن اللّٰه تائالانىڭ دەرگاھىدا اللّٰه تائالاغا يېقىن كىشىلەردىن بولمىغان بولسام، ئۇ بۇ نېمەتنى ماڭا ئاتا قىلمايتتى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قەتادە: مېنىڭ ئىلمىم بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ نېمەتكە ئېرىشتىم دېگەنلىكتۇر، دەيدۇ.

﴿**بەلكى ئۇ سىناقتۇر**﴾ يەنى ئىش ئۇ ئويلىغاندەك ئەمەس، بەلكى بىز بۇ نېمەتنى ئۇنىڭ ئىتائەت قىلىدىغان ياكى ئاسىيلىق قىلىدىغانلىقىنى سىناش ئۈچۈن بەردۇق، بىز بۇنى بۇرۇنلا بىلەتتۇق، ئۇ بىر سىناقتۇر. ﴿**لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ**﴾ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار خالىغىنىنى دەيدۇ، خالىغىنىنى دەۋا قىلىدۇ.

﴿**مۇنداق سۆزنى ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ قىلغان**﴾ يەنى مۇنداق سۆزنى، مۇنداق دەۋانى، مۇنداق گۇماننى ئىلگىرىكىلەردىن نۇرغۇنلىرى قىلغان. ﴿**ئۇلارنىڭ ئېرىشكەن مال ـ مۈلۈكلىرى ئۇلارغا ئەسقاتمىدى**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ دەۋا قىلغان سۆزلىرى توغرا چىقمىدى. ئۇلارنىڭ توپلىغان مال - مۈلۈكلىرى ئۇلارنى قوغداپ قالالمىدى.

﴿**ئۇلار (دۇنيادا) قىلغان يامانلىقلىرىنىڭ جازاسىنى تارتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغانلارمۇ**﴾ يەنى خىتاب قىلىنغۇچىلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغانلارمۇ ﴿**قىلغان يامانلىقلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ**﴾ يەنى خۇددى ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتقاندەك بۇلارمۇ تارتىدۇ. ﴿**ئۇلار ئازابىمىزدىن قۇتۇلالمايدۇ**﴾.

بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا قارۇنغا قەۋمىنىڭ دېگەن سۆزلىرىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەينى ۋاقىتتا قارۇنغا قەۋمى ئېيتتى: «كۆرەڭلەپ كەتمە، اللّٰه ھەقىقەتەن كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى دوست تۇتمايدۇ. اللّٰه ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، اللّٰه ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن (اللّٰه نىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، اللّٰه ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ». قارۇن: «مېنىڭ ئالاھىدە بىلىمىم بولغانلىقتىن بۇ بايلىققا ئېرىشتىم» دېدى. قارۇندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەردىن ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك، توپلىغان (مېلى) تېخىمۇ كۆپ بولغان كىشىلەرنى اللّٰه نىڭ ھالاك

www.munber.org

قىلغانلىقىنى ئۇ بىلمىدىمۇ؟ گۇناھكارلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ سورىلىشى (الله بۇنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن) ھاجەتسىزدۇر﴾[1] ﴿ئۇلار يەنە: «بىزنىڭ ماللىرىمىز ۋە بالىلىرىمىز ئەڭ كۆپ، بىز ئازابلانمايمىز» دېدى﴾[2].

﴿**ئۇلار بىلمەمدۇكى، الله (سىناش يۈزىسىدىن) خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ**﴾ يەنى الله بىر قەۋمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلسا، يەنە بىر قەۋمنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ. ﴿**شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار**﴾ يەنى ئىبرەتلەر ۋە دەلىل ـ پاكىتلار بار.

* * * * * * *

۞ قُلْ يَـٰعِبَادِىَ ٱلَّذِينَ أَسْرَفُوا۟ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمْ لَا تَقْنَطُوا۟ مِن رَّحْمَةِ ٱللَّهِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ يَغْفِرُ ٱلذُّنُوبَ
جَمِيعًا ۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلْغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٥٣﴾ وَأَنِيبُوٓا۟ إِلَىٰ رَبِّكُمْ وَأَسْلِمُوا۟ لَهُۥ مِن قَبْلِ أَن يَأْتِيَكُمُ ٱلْعَذَابُ ثُمَّ
لَا تُنصَرُونَ ﴿٥٤﴾ وَٱتَّبِعُوٓا۟ أَحْسَنَ مَآ أُنزِلَ إِلَيْكُم مِّن رَّبِّكُم مِّن قَبْلِ أَن يَأْتِيَكُمُ ٱلْعَذَابُ بَغْتَةً
وَأَنتُمْ لَا تَشْعُرُونَ ﴿٥٥﴾ أَن تَقُولَ نَفْسٌ يَـٰحَسْرَتَىٰ عَلَىٰ مَا فَرَّطتُ فِى جَنۢبِ ٱللَّهِ وَإِن كُنتُ لَمِنَ
ٱلسَّـٰخِرِينَ ﴿٥٦﴾ أَوْ تَقُولَ لَوْ أَنَّ ٱللَّهَ هَدَىٰنِى لَكُنتُ مِنَ ٱلْمُتَّقِينَ ﴿٥٧﴾ أَوْ تَقُولَ حِينَ تَرَى
ٱلْعَذَابَ لَوْ أَنَّ لِى كَرَّةً فَأَكُونَ مِنَ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٥٨﴾ بَلَىٰ قَدْ جَآءَتْكَ ءَايَـٰتِى فَكَذَّبْتَ بِهَا
وَٱسْتَكْبَرْتَ وَكُنتَ مِنَ ٱلْكَـٰفِرِينَ ﴿٥٩﴾

***(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! الله نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. الله ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿53﴾. سىلەرگە ئازاب كېلىپ، ياردەمگە ئېرىشەلمىگىنىڭلاردىن بۇرۇن پەرۋەردىگارىڭلار تەرەپكە قايتىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار﴿54﴾. سىلەر تۇيمىغان ھالەتتە سىلەرگە ئازابنىڭ تۇيۇقسىز كېلىشىدىن ئىلگىرى سىلەرگە نازىل قىلىنغان ئەڭ گۈزەل قۇرئانغا ئەگىشىڭلار»﴿55﴾. ھەر قانداق ئادەم: «الله نىڭ تائىتىدە كەتكۈزۈپ قويغانلىرىمغا ھەسرەت! مەن (الله نىڭ شەرىئىتىنى ۋە دىنىنى) مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن ئىدىم» دەپ قالماسلىق ئۈچۈن﴿56﴾. ياكى «الله مېنى ھىدايەت قىلغان بولسا (ھىدايەت تېپىپ) ئەلۋەتتە تەقۋادارلاردىن بولاتتىم» دەپ قالماسلىق ئۈچۈن﴿57﴾. ياكى ئازابنى كۆرگەن چاغدا: «كاشكى دۇنياغا قايتىشىمغا بولسا ئىدى، (ئۇ چاغدا الله غا ئىتائەت قىلىپ) ياخشىلاردىن بولار ئىدىم» دەپ قالماسلىق ئۈچۈن (پەرۋەردىگارىڭغا بويسۇنۇڭلار)﴿58﴾. دۇرۇس، ھەقىقەتەن ساڭا مېنىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىم (يەنى ھىدايەتكە سەۋەب بولىدىغان قۇرئان) كەلدى. سەن ئۇلارنى ئىنكار قىلدىڭ، بويۇنتاۋلۇق قىلدىڭ، سەن كاپىرلاردىن بولدۇڭ﴿59﴾.***

---

(1) سۈرە قەسەس 76 ــ 78- ئايەتكىچە.
(2) سۈرە سەبەئ 35 - ئايەت

www.munber.org

## ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلىشقا چاقىرىش توغرىسىدا

بۇ ئايەت كەرىم كاپىرلار ۋە باشقىلاردىن بولغان بارلىق ئاسىيلارنى تەۋبە قىلىپ، اللّٰه غا قايتىشقا چاقىرىدۇ ۋە گۇناھلىرىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەگەر ئۇ دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ بولسىمۇ، گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن قايتقان ئادەمنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى اللّٰه تائالانىڭ مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇ ئايەت تەۋبە قىلمىغانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دېيىش توغرا ئەمەس، چۈنكى، شېرىكتىن تەۋبە قىلمىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىنمايدۇ.

ئىمام بۇخارى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇشرىكلاردىن كۆپ ئادەم ئۆلتۈرگەن، كۆپ زىنا قىلغان ئىنسانلار بار ئىدى، ئىسلام كەلگەندىن كېيىن ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ھەقىقەتەن سەن ئېيتقان ۋە چاقىرغان دىن ئەلۋەتتە ياخشى ئىكەن، بىزنىڭ قىلغان يامان ئەمەللىرىمىزنىڭ كەففارىتىدىن بىزگە خەۋەر بەرسەڭ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن اللّٰه تائالا: ﴿ئۇلار اللّٰه غا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، اللّٰه ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ... ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇ ھالدا قالمايدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتنى ۋە ﴿**(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! اللّٰه نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، ئەسما بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ﴿ئۇنىڭ ئەمەلى ياماندۇر﴾[2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى ۋە يەنە ئۇنىڭ ﴿**ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! اللّٰه نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. اللّٰه ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، اللّٰه ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلدى. بۇ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى جىمى گۇناھلارنىڭ تەۋبە بىلەن مەغپىرەت قىلىنىدىغانلىقىغا پاكىتتۇر. بىرەر بەندىنىڭ گۇناھلىرى قانچىلىك چوڭ ۋە كۆپ بولۇپ كەتسىمۇ ئۇ اللّٰه تائالانىڭ رەھمىتىدىن ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمىسۇن. چۈنكى، رەھمەت ۋە تەۋبىنىڭ ئىشىكى كەڭرىدۇر.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى تەۋبە قىلغۇچىلار) اللّٰه نىڭ ئۆز بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟﴾[3] ﴿كىمكى بىرەر يامانلىق ۋە ئۆزىگە بىرەر زۇلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن اللّٰه دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، ئۇ اللّٰه نىڭ مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ﴾[4].

اللّٰه تائالا مۇناپىقلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە (يەنى قەئرىگە) تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ (ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) مەدەتكار تاپالمايسەن. پەقەت (مۇناپىقلىقتىن) تەۋبە قىلغان، (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەن، اللّٰه (نىڭ كىتابى)غا چىڭ يېپىشقان، دىنىنى اللّٰه

---

[1] سۈرە فۇرقان 68 — 70 - ئايەتكىچە.

[2] سۈرە ھۇد 46 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە تەۋبە 104 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[4] سۈرە نىسا 110 - ئايەت

www.munber.org

ئۈچۈن خالىس قىلغان (يەنى قىلغان ئەمەلىدىن پەقەت الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن) كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾[1].

﴿الله ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر، دېگۈچىلەر شەكسىز كاپىر بولدى. بىر ئىلاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئەگەر ئۇلار ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىدىن قايتمىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىر بولغانلار (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا قالىدۇ. ئۇلار الله غا تەۋبە قىلمامدۇ؟ الله دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلمامدۇ؟ الله (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[2] ﴿مۆمىن ئەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا زىيانكەشلىك قىلغاندىن كېيىن كۇفرىدىن قايتمىغانلار﴾[3].

ھەسەنبەسرى مۇنداق دەيدۇ: بۇ سېخىيلىق ۋە كەڭ قورساقلىققا قاراڭلار، ئۇلار الله نىڭ دوستلىرىنى ئۆلتۈردى. لېكىن، الله بولسا ئۇلارنى تەۋبە قىلىشقا ۋە مەغپىرەت تىلەشكە چاقىرىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئايەتلەر بار.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم، ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم 99 ئادەمنى ئۆلتۈردى، ئاندىن پۇشايمان قىلىپ ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئابىدلىرىنىڭ بىرىدىن : تەۋبىگە يول بارمۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇ: ياق دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تولۇق يۈز ئادەم قىلدى. ئاندىن كېيىن ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆلىمالىرىنىڭ بىرىدىن: تەۋبىگە يول بارمۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇ ئالىم: كىم سېنىڭ تەۋبە قىلىشىڭغا توسقۇنلۇق قىلىپلا؟ دېدى. ئاندىن ئۇ ئۇ ئادەمنى بىر جايغا بېرىشقا بۇيرۇدى. بۇ جاينىڭ ئادەملىرى الله تائالاغا ئىبادەت قىلاتتى. ئۇ بۇ جايغا قاراپ ماڭدى. يول ئۇستىدە ئۇنىڭ ئەجىلى توشتى. ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىش ھەققىدە رەھمەت پەرىشتىلىرى بىلەن ئازاب پەرىشتىلىرى تالىشىپ قالدى. الله پەرىشتىلەرنى بۇ ئىككى يەرنىڭ ئارىسىنى ئۆلچەشكە، ئۇ ئادەم قايسى تەرەپكە يېقىن بولسا، شۇ يەرنىڭ ئادەملىرىگە تەۋە قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار بۇ ئادەمنىڭ ھىجرەت قىلىپ كېتىۋاتقان يېرىگە بىر غېرىچ يېقىن ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ جېنىنى رەھمەت پەرىشتىلىرى ئالدى». ئېيتىلىشچە، ئۇ ئادەم ئۆلۈش ئالدىدا كۆكسى بىلەن سۈرۈلۈپ ئۆز يېرىدىن يىراقلاشقان ئىكەن. الله تائالا ئۇ ئادەمنى ياخشى يۇرتقا يېقىنلىشىشقا، يامان يۇرتتىن يىراقلىشىشقا بۇيرۇدى. مانا بۇ، شۇ ھەدىسنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىدۇر.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن الله تائالانىڭ : **﴿(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! الله نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. الله ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾** دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەقىقەتەن ئىسا الله دۇر، ئىسا الله نىڭ ئوغلىدۇر، ئۇزەير الله نىڭ ئوغلىدۇر، الله پېقىردۇر، الله نىڭ قولى باغلاغلىقتۇر (يەنى الله بېخىلدۇر)، الله ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر، دەپ جۆيلىگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى الله ئۆز مەغپىرىتىگە چاقىردى. الله ئەنە شۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار الله غا تەۋبە قىلمامدۇ؟ الله دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلمامدۇ؟ الله (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[4].

---

[1] سۈرە نىسا 145- 146- ئايەتلەر
[2] سۈرە مائىدە 73- 74 - ئايەتلەر
[3] سۈرە بۇرۇج 10 - ئايەت
[4] سۈرە مائىدە 74- ئايەت

www.munber.org

الله ئۇلاردىنمۇ چوڭ گۇناھ بولىدىغان سۆزنى قىلغان ئادەم پىرئەۋننى تەۋبە قىلىشقا چاقىردى. پىرئەۋن مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن﴾[1] ئۇ يەنە: ﴿مەن ئۆزەمدىن باشقا بىر ئىلاھىڭلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن﴾[2] دېدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېدى: مۇشۇنداق پاكىتتىن كېيىن الله نىڭ بەندىلىرىنى كىم تەۋبە قىلىشتىن ئۈمىدسىزلەندۈرسە، ئۇ الله تائالانىڭ كىتابىتىن تانغان بولىدۇ. لېكىن، الله ئۇنىڭ تەۋبە قىلىشىنى نېسىپ قىلمىسا، بەندە تەۋبە قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ. ئىمام تەبەرانى، شۇتەير ئىبنى شەكلدىن ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله نىڭ كىتابىدىكى ئەڭ بۈيۈك ئايەت ﴿بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[3] دېگەن ئايەتتۇر. قۇرئاندىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى ئەڭ جەم قىلغان ئايەت : ﴿الله ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش - ئەقرىبالارغا سىلە - رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ﴾[4] دېگەن ئايەتتۇر.

قۇرئاندىكى ئەڭ چىقىش يولى بېرىدىغان ئايەت سۈرە زۇمەردىكى: ﴿**(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! الله نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار**﴾ دېگەن ئايەتتۇر. الله نىڭ كىتابىدىكى ھۆكۈمگە ئەڭ تايىنىشقا تېگىشلىك ئايەت: ﴿كىمكى الله دىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. الله ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ﴾[5] دېگەن ئايەتتۇر. مەسرۇق، ئىبنى مەسئۇدقا راست ئېيتتىڭ، دېدى.

## ئۈمىدسىزلىنىشتىن توسۇش ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر ئاسمان - زېمىننى توشقۇزىۋەتكۈدەك خاتالىقلارنى قىلساڭلار، ئاندىن الله تائالاغا تەۋبە - ئىستىغپار ئېيتساڭلار، ئەلۋەتتە الله سىلەرنى مەغپىرەت قىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر خاتالاشمىساڭلار، ئەلۋەتتە الله تائالا خاتالىشىدىغان قەۋملەرنى يارىتىدۇ. ئاندىن ئۇلار خاتالاشقانلىقى ئۈچۈن الله غا تەۋبە - ئىستىغفار ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن الله ئۇلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ».

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپات بولۇش ئالدىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان بىر نەرسىنى سىلەردىن يوشۇرۇپ كەلگەن ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر گۇناھ قىلمايدىغان بولساڭلار، ئەلۋەتتە الله ئورنۇڭلارغا گۇناھ قىلىدىغان بىرەر قەۋمنى يارىتىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ» بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ۋە تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلدى.

الله تائالا بەندىلىرىنى تەۋبىگە ئالدىراشقا قىزىقتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**سىلەرگە ئازاب كېلىپ، ياردەمگە ئېرىشەلمىگىنىڭلاردىن بۇرۇن پەرۋەردىگارىڭلار تەرەپكە قايتىڭلار ۋە** ***ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار***﴾

---

(1) سۈرە نازىئات 24- ئايەتنىڭ بىر قىسمى
(2) سۈرە قەسەس 38 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى
(3) سۈرە بەقەرە 255 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى
(4) سۈرە نەھل 90 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى
(5) سۈرە تالاق 2 - 3 - ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى

www.munber.org

يەنى ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلىشقا، اللە غا بويسۇنۇشقا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭلار.

﴿**سىلەر تۇيمىغان ھالەتتە سىلەرگە ئازابنىڭ ئۇشتۇمتۇت كېلىشىدىن ئىلگىرى پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان ئەڭ گۈزەل قۇرئانغا ئەگىشىڭلار**»﴾ يەنى سىلەر بىلمەيدىغان ۋە سەزمىگەن يەردىن ئازابنىڭ تويۇقسىز كېلىشىدىن ئىلگىرى قۇرئانغا ئەگىشىڭلار.

﴿**ھەر قانداق ئادەم: «اللە نىڭ تائەتىدە كەتكۈزۈپ قويغانلىرىمغا ھەسرەت**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى تەۋبە قىلىشتا ۋە اللە تەرەپكە قايتىشتا كەتكۈزۈپ قويغان گۇناھكار پۇشايمان قىلىدۇ ۋە اللە غا ئىتائەت قىلىدىغان ئىخلاسمەن ياخشى ئادەملەردىن بولغان بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

﴿**مەن (اللە نىڭ شەرىئىتىنى ۋە دىنىنى) مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن ئىدىم» دەپ قالماسلىق ئۈچۈن**﴾ يەنى دۇنيادىكى ئەمەلىم پەقەت اللە نىڭ دىنىغا ئىشەنمىدىغان، ئۇنى تەستىقلىمايدىغان ئادەمنىڭ ئەمەلى بولماستىن ئۇنى مەسخىرە قىلىدىغان ئادەمنىڭ ئەمەلى ئىدى.

﴿**ياكى «اللە مېنى ھىدايەت قىلغان بولسا (ھىدايەت تېپىپ) ئەلۋەتتە تەقۋادارلاردىن بولاتتىم» دەپ قالماسلىق ئۈچۈن ياكى ئازابنى كۆرگەن چاغدا: «كاشكى دۇنياغا قايتىشىمغا بولسا ئىدى، (ئۇ چاغدا اللە غا ئىتائەت قىلىپ) ياخشىلاردىن بولار ئىدىم» دەپ قالماسلىق ئۈچۈن (پەرۋەردىگارىڭغا بويسۇنىسۇن)**﴾ يەنى ھەر قانداق ئادەم قىيامەت كۈنى ئەگەر دۇنياغا قايتۇرۇلسا، ئەلۋەتتە ياخشى ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللە تائالا بەندىلىرىنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى ئۇلار دېيىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى ئۇلار قىلىشتىن بۇرۇن خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(مۇشرىكلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالىنى ھېچ ئەھەدى) ساڭا ھەممىدىن خەۋەردار زاتتەك (يەنى اللە دەك) ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ﴾[1] ﴿**ھەر قانداق ئادەم: «اللە نىڭ تائەتىدە كەتكۈزۈپ قويغانلىرىمغا ھەسرەت مەن (اللە نىڭ شەرىئىتىنى ۋە دىنىنى) مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن ئىدىم» دەپ قالماسلىق ئۈچۈن ياكى «اللە مېنى ھىدايەت قىلغان بولسا (ھىدايەت تېپىپ) ئەلۋەتتە تەقۋادارلاردىن بولاتتىم» دەپ قالماسلىق ئۈچۈن ياكى ئازابنى كۆرگەن چاغدا: «كاشكى دۇنياغا قايتىشىمغا بولسا ئىدى، (ئۇ چاغدا اللە غا ئىتائەت قىلىپ) ياخشىلاردىن بولار ئىدىم» دەپ قالماسلىق ئۈچۈن (پەرۋەردىگارىڭغا بويسۇنىسۇن)**﴾.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دوزاخقا كىرىشكە لايىق بولغان ھەر قانداق بىر كىشى ئۆزىنىڭ جەننەتتىكى ئورنىنى كۆرىدۇ. ئاندىن: كاشكى اللە مېنى ھىدايەت قىلغان بولسا جەننەتكە كىرەر ئىدىم دەيدۇ. بۇ ئۇنىڭغا پۇشايمان بولىدۇ. جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغان ھەر قانداق بىر كىشى ئۆزىنىڭ دوزاختىكى ئورنىنى كۆرىدۇ. ئاندىن: اللە مېنى ھىدايەت قىلمىغان بولسا دوزاخقا كىرەر ئىدىم، دەيدۇ. بۇ ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ». بۇ ھەدىسنى نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلغان.

گۇناھكار ئادەملەر دۇنياغا قايتىشنى ئارزۇ قىلغان، اللە نىڭ ئايەتلىرىنى تەستىقلىمىغانلىقىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئەگەشمىگەنلىكىگە پۇشايمان قىلغان چاغدا، اللە تائالا ئۇلارغا: ﴿**دۇرۇس، ھەقىقەتەن ساڭا مېنىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىم (يەنى ھىدايەتكە سەۋەب بولىدىغان قۇرئان) كەلدى. سەن ئۇلارنى ئىنكار قىلدىڭ، بويۇنتاۋلۇق قىلدىڭ، سەن كاپىرلادىن بولدۇڭ**﴾ يەنى ئى پۇشايمان يېگۈچى بەندە! يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىش ھەققىدە ساڭا دۇنيادىكى چېغىڭدا ھىدايەت تېپىشىڭغا سەۋەبچى بولىدىغان نۇرغۇن ئايەتلىرىم

[1] سۈرە فاتىر 14- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

كەلدى. دەلىل ئىسپات تۇرغۇزۇلدى. لېكىن سەن ئۇنى ئىنكار قىلدىڭ، ئۇنىڭغا ئەگىشىشتىن تەكەببۇرلۇق قىلدىڭ، ۋە ئۇ ئايەتلەرگە تانغۇچى كاپىرلاردىن بولدۇڭ.

* * * * * * *

وَيَوْمَ ٱلْقِيَـٰمَةِ تَرَى ٱلَّذِينَ كَذَبُوا۟ عَلَى ٱللَّهِ وُجُوهُهُم مُّسْوَدَّةٌ ۚ أَلَيْسَ فِى جَهَنَّمَ مَثْوًى لِّلْمُتَكَبِّرِينَ ﴿٦٠﴾ وَيُنَجِّى ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوْا۟ بِمَفَازَتِهِمْ لَا يَمَسُّهُمُ ٱلسُّوٓءُ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿٦١﴾

***قىيامەت كۈنى الله غا يالغاننى چاپلىغانلارنىڭ يۈزلىرىنى قاپقارا كۆرىسەن، جەھەننەمدە مۇتەكەببىرلەرگە ئورۇن يوقمۇ؟***﴿60﴾***. الله (شېرىكتىن ۋە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارنى بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان يوللار ئارقىلىق (ئازابتىن) قۇتۇلدۇرىدۇ، ئۇلارغا كۈلپەت يەتمەيدۇ، ئۇلار قايغۇرمايدۇ***﴿61﴾.

## الله تائالاغا يالغاننى چاپلىغانلارنىڭ يامان ئاقىۋىتى ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلارنىڭ ياخشى ئاقىۋىتى توغرىسىدا

الله تائالا قىيامەت كۈنى بىر مۇنچە يۈزلەرنىڭ يەنى بۆلگۈنچىلىك قىلغانلارنىڭ، ئىختىلاپ تېرىغان ئادەملەرنىڭ يۈزلىرىنىڭ قارىداپ كېتىدىغانلىقىنى، سۈننى ئەقىدىسىدىكى مۇسۇلمانلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ يۈزلىرىنىڭ ئاق بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قىيامەت كۈنى الله غا يالغاننى چاپلىغانلارنىڭ يۈزلىرىنى قاپقارا كۆرىسەن**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ الله نىڭ شېرىكى، بالىسى بار دەپ يالغاننى توقۇپ قىلغان دەۋالىرى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قارىداپ كېتىدۇ.

﴿**جەھەننەمدە مۇتەكەببىرلەرگە ئورۇن يوقمۇ؟**﴾ يەنى جەھەننەم ئۇلار ئۈچۈن تۇرالغۇ بولۇش جاي جەھەتتە يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەققە بويسۇنۇشتىن چوڭچىلىق قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن باش تارتىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا جەھەننەمدە خار قىلغۇچى ئازاب بار.

﴿**الله (شېرىكتىن ۋە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارنى بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان يوللار ئارقىلىق (ئازابتىن) قۇتۇلدۇرىدۇ**﴾ يەنى الله ئۆز دەرگاھىدا ئۇلار ئۈچۈن ئالدىن تەييارلانغان بەخت ـ سائادەت بىلەن ئۇلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

﴿**ئۇلارغا كۈلپەت يەتمەيدۇ، ئۇلار قايغۇرمايدۇ**﴾ يەنى قىيامەت كۈنىدىكى چوڭ قورقۇنچ ئۇلارنى قايغۇغا سالمايدۇ. بەلكى ئۇلار ھەر قانداق قورقۇنچتىن خاتىرجەم، ھەر قانداق يامانلىقتىن يىراقتۇر، بارلىق ياخشىلىققا ئېرىشكۈچىلەردۇر.

* * * * * * *

ٱللَّهُ خَـٰلِقُ كُلِّ شَىْءٍ ۖ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ وَكِيلٌ ﴿٦٢﴾ لَّهُۥ مَقَالِيدُ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۗ وَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ بِـَٔايَـٰتِ ٱللَّهِ أُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْخَـٰسِرُونَ ﴿٦٣﴾ قُلْ أَفَغَيْرَ ٱللَّهِ تَأْمُرُوٓنِّىٓ أَعْبُدُ أَيُّهَا ٱلْجَـٰهِلُونَ ﴿٦٤﴾ وَلَقَدْ أُوحِىَ إِلَيْكَ وَإِلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِكَ لَئِنْ أَشْرَكْتَ لَيَحْبَطَنَّ عَمَلُكَ وَلَتَكُونَنَّ مِنَ ٱلْخَـٰسِرِينَ ﴿٦٥﴾ بَلِ ٱللَّهَ فَٱعْبُدْ وَكُن مِّنَ ٱلشَّـٰكِرِينَ ﴿٦٦﴾

www.munber.org

*الله ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر (ئۇلارنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ) ﴿62﴾. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (خەزىنىلىرىنىڭ) ئاچقۇچلىرى الله نىڭ ئىلكىدىدۇر، الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار ـ ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر ﴿63﴾. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى نادانلار! مېنى الله دىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇمسىلەر؟» ﴿64﴾. ساڭا ۋە سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەر) لەرگە: «ئەگەر سەن الله غا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ، سەن ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن، بەلكى يالغۇز الله غا ئىبادەت قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن» دەپ ۋەھى قىلىندى ﴿65﴾.*

## الله تائالانىڭ ياراتقۇچى ۋە باشقۇرغۇچى ئىكەنلىكى الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ قىلغان ئەمەلنى بىكار قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ بارلىق شەيئىلەرنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكىدىن ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى، پادىشاھى ۋە ئۇلارنى ئۆزى خالىغانچە باشقۇرغۇچى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بارلىق نەرسىلەر ئۇنىڭ ئىدارە قىلىشى، تىزگىنلەش ۋە مۇھاپىزەت قىلىشى ئاستىدىدۇر.

﴿**ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (خەزىنىلىرىنىڭ) ئاچقۇچلىرى الله نىڭ ئىلكىدىدۇر**﴾ بۇ ئايەتنىڭ ئومۇمى مەنىسى بولسا، ھەممە نەرسە الله نىڭ ئىلكىدىدۇر، الله بۈيۈكتۇر ۋە يۈكسەكتۇر، پادىشاھلىق ۋە بارلىق ماختاشلار الله غا خاستۇر. ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر، دېگەنلىك بولىدۇ.

﴿ **الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار**﴾ يەنى الله نىڭ دەلىل ـ ئىسپاتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار ﴿**ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر**﴾

﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى نادانلار! مېنى الله دىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇمسىلەر؟ »**﴾ تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى توغرىسىدا ئىبنى ئەبۇھاتەم ۋە باشقىلاردىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى تىلغا ئالىدى: مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ بىلمىسزلىكىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرى ئىبادەت قىلىدىغان ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلىشقا، ئۆزلىرىنىڭمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئىلاھىغا بىرلىكتە ئىبادەت قىلىشقا چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن الله بۇ ئايەتنى چۈشۈردى: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى نادانلار! مېنى الله دىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇمسىلەر؟» ساڭا ۋە سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەر)لەرگە: «ئەگەر سەن الله غا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ، سەن ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن ، بەلكى يالغۇز الله غا ئىبادەت قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن» دەپ ۋەھيي قىلىندى**﴾.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرلەر) شېرىك كەلتۈرسە ئىدى ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتەتتى﴾[1].

﴿**بەلكى يالغۇز الله غا ئىبادەت قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن» دەپ ۋەھى قىلىندى**﴾ يەنى ئى مۇھەممەد! سەن ۋە ساڭا ئەگەشكەنلەر، ساڭا ئىشەنگەنلەر ھەممىڭلار ھېچ شېرىكى بولمىغان يالغۇز الله غا خالىس ئىبادەت قىلىڭلار.

* * * * * * *

---

[1] سۈرە ئەنئام 88 ـ ئايەت.

وَمَا قَدَرُواْ ٱللَّهَ حَقَّ قَدْرِهِۦ وَٱلْأَرْضُ جَمِيعًا قَبْضَتُهُۥ يَوْمَ ٱلْقِيَـٰمَةِ وَٱلسَّمَـٰوَٰتُ مَطْوِيَّـٰتٌۢ بِيَمِينِهِۦ ۚ سُبْحَـٰنَهُۥ وَتَعَـٰلَىٰ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿٦٧﴾

***ئۇلار اللە نى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى. قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي اللە نىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ، ئاسمانلار اللە نىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ، اللە ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر***﴿67﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ ﷲ تائالانى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمايدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**ئۇلار اللە نى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى**﴾ يەنى مۇشرىكلار اللە تائالاغا باشقا نەرسىنى قوشۇپ ئىبادەت قىلدى، اللە تائالانى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى، اللە كاتتىدۇر، اللە تائالا دىن كاتتا ھېچ نەرسە يوقتۇر، اللە ھەر نەرسىگە قادىردۇر، اللە ھەر نەرسىنىڭ ئىگىسىدۇر، ھەر نەرسە اللە تائالانىڭ باشقۇرۇشى ۋە قۇدرىتى ئاستىدىدۇر.

مۇجاھىد: بۇ ئايەت قۇرەيش قەبىلىسى ھەققىدە چۈشتى، دېدى. سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى مۇشرىكلار اللە تائالانى ھەقىقىي رەۋىشتە ئۇلۇغلىمىدى، دېگەنلىك بولىدۇ دېدى. مۇھەممەد ئىبنى كەئب: ئەگەر مۇشرىكلار اللە نى ھەقىقىي رەۋىشتە تونىغان بولسا، اللە غا يالغاننى چاپلىمايتتى، دېدى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار اللە تائالانى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى. ئايەتتە كۆرسىتىلگەن كىشىلەر اللە نىڭ ئۇلارغا قادىر ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتمىغان كاپىرلاردۇر. كىمكى اللە نىڭ ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرسە، ئۇ اللە تائالانى ھەقىقىي رەۋىشتە تونىغان بولىدۇ. كىمكى اللە تائالانىڭ ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرمىسە ئۇ اللە تائالانى ھەقىقىي رەۋىشتە تونىمىغان بولىدۇ.

بۇ ئايەت كەرىمگە ئالاقىدار نۇرغۇن ھەدىسلەر بايان قىلىنىدى. بۇ ئايەتنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەرنى چۈشىنىشتە سەلەپ ئۆلىمالىرىنىڭ تۇتقان يولىنى تۇتۇش كېرەك. ئۇ يول بۇ ئايەتلەرنى اللە تائالانىڭ قانداق ئىكەنلىكىگە مەنە بەرمەستىن، ئۆزگەرتىپ مەنە ئېيتماستىن، قۇرئاندا قانداق كەلگەن بولسا، شۇ بويىچە ئوقۇپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

ئىمام بۇخارى اللە نىڭ ﴿**ئۇلار اللە نى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەھۇدىي ئۆلىمالىرىدىن بىر ئالىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ئى مۇھەممەد! بىز ھەقىقەتەن غالىب، اللە نىڭ ئاسمانلارنى بىر بارمىقىغا، زېمىننى بىر بارمىقىغا، دەرەخلەرنى بىر بارمىقىغا، سۇ ۋە تۇپراقنى بىر بارمىقىغا، قالغان مەخلۇقلارنى بىر بارمىقىغا ئېلىپ مەن پادىشاھدۇرمەن دەيدىغانلىقىنى بىلىمىز، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئالىمنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ كۈلۈۋېدى. كۈلكىدىن ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ﴿**ئۇلار اللە نى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى. قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي اللە نىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللە تائالا زېمىننى چاڭگىلىغا ئالىدۇ، ئاسمانلارنى ئوڭ قولىدا قاتلايدۇ.

www.munber.org

ئاندىن مەن پادىشاھدۇرمەن، زېمىننىڭ پادىشاھلىرى قېنى؟ دەيدۇ» بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى باشقا بىر ئورۇندا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، الله تائالا قىيامەت كۈنى زېمىنلارنى بىر بارمىقىغا ئالىدۇ. ئاسمانلار الله نىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ. ئاندىن الله : ”مەن پادىشاھدۇرمەن“ دەيدۇ»

ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ: ﴿**ئۇلار الله نى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى. قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي الله نىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ، ئاسمانلار الله نىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ، الله ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ: «پەرۋەردىگار ئۆزىنى: مەن قەھرى قىلغۇچى، مەن ئۇلۇغلۇق ئىگىسى، مەن پادىشاھ، مەن غالىب، مەن كەرەملىك دەپ ئۇلۇغلايدۇ» دېگەن سۆزلەرنى قىلغاندا مۇنبەر تىترەپ كەتتى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇنبەر بىلەن تەڭ يىقىلىپ چۈشىدىغان بولدى دەپ، ئەنسىرەپ قېلىشتۇق. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

وَنُفِخَ فِي ٱلصُّورِ فَصَعِقَ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَن فِي ٱلۡأَرۡضِ إِلَّا مَن شَآءَ ٱللَّهُۖ ثُمَّ نُفِخَ فِيهِ أُخۡرَىٰ فَإِذَا هُمۡ قِيَامٞ يَنظُرُونَ ﴿٦٨﴾ وَأَشۡرَقَتِ ٱلۡأَرۡضُ بِنُورِ رَبِّهَا وَوُضِعَ ٱلۡكِتَٰبُ وَجِاْيٓءَ بِٱلنَّبِيِّـۧنَ وَٱلشُّهَدَآءِ وَقُضِيَ بَيۡنَهُم بِٱلۡحَقِّ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ﴿٦٩﴾ وَوُفِّيَتۡ كُلُّ نَفۡسٖ مَّا عَمِلَتۡ وَهُوَ أَعۡلَمُ بِمَا يَفۡعَلُونَ ﴿٧٠﴾

***سۈر چېلىنغاندا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى الله خالىغاندىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ، ئاندىن سۈر ئىككىنچى قېتىم چېلىنغاندا ناگاھان ئۇلار تۇرۇپ (نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقلىرىغا) قاراپ تۇرىدۇ﴿68﴾. مەھشەرگاھ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇيدۇ، نامە ـ ئەماللار ھازىر قىلىنىدۇ، پەيغەمبەرلەر ۋە گۇۋاھچىلار كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴿69﴾. ھەر ئادەمگە قىلغان ئەمەلىنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، الله ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى ئوبدان بىلىدۇ﴿70﴾.***

## سۈر نىڭ چېلىنىشى ھۆكۈمنىڭ چىقىرىلىشى، مۇكاپات ۋە جازانىڭ بېرىلىشى توغرىسىدا

الله تائالا قىيامەت كۈنىنىڭ قورقۇنچىسىدىن، ئۇ كۈندە بولىدىغان بۈيۈك ئالامەتلەردىن، قورقۇنچلۇق تەۋرىنىشلەردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سۈر چېلىنغاندا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى الله خالىغاندىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ**﴾ بۇ ئىككىنچى قېتىملىق سۈر بولۇپ، ئۆلۈم سۈرىدۇر. بۇ سۈر بىلەن تەڭ الله خالىغاندىن باشقا، ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى پۈتكۈل جانلىقلار ئۆلىدۇ. ئاندىن الله قالغانلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ. تاكى ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلىدىغىنى جان ئالغۇچى پەرىشتە

www.munber.org

ئەزرائىل بولىدۇ. ھەممىشە تىرىك، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان، ئەزەلدىن بار بولغان اللە لا يالغۇز قالىدۇ. ئۇ داۋاملىق مەڭگۈ قالغۇچىدۇر. ئاندىن اللە ﴿بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟﴾[1] دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم دەيدۇ. ئاندىن ئۆزىگە ئۆزى جاۋاب بېرىپ ﴿پادىشاھلىق غالىب بىر اللە غا خاستۇر﴾[2] مەنلا يالغۇز ئىدىم، ھەممە نەرسىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلدىم، ھەممە نەرسىنى تۈگەشكە ھۆكۈم قىلدىم، دەيدۇ. ئاندىن بىرىنچى قېتىم سۇر چېلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇ ئۈچىنچى قېتىملىق سۇر بولۇپ، جانلىقلارنى تىرىلدۈرۈش سۈرى بولىدۇ.

**﴿ئاندىن سۇر ئىككىنچى قېتىم چېلىنغاندا ناگاھان ئۇلار تۇرۇپ (نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقلىرىغا) قاراپ تۇرىدۇ﴾** يەنى ئۇلار چىرىپ كەتكەن سۆڭەككە ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن تىرىك ھالىتىگە كېلىپ، قىيامەت كۈنىنىڭ قورقۇنچلىرىغا قاراپ تۇرىدۇ.

بۇ ھەقتە اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىر سەيھە (يەنى ئىسرافىلنىڭ سۇر چېلىشى) بىلەنلا ئۇلار (يەنى جىمى خالايىق) (يەر ئاستىدىن) زېمىننىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالىدۇ﴾[3] ﴿شۇ كۈندە اللە سىلەرنى چاقىرىدۇ، سىلەر ئۇنىڭغا ھەمدى ئېيتىپ ئىجابەت قىلىسىلەر ۋە (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنا تۇرغاندەك ئويلايسىلەر﴾[4] ﴿اللە نىڭ ئاسمان زېمىننى ئۆز ئەمرى بىلەن (مۇئەللەق) تۇرغۇزۇشى اللە نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، ئاندىن اللە (قەبرىلەردە كۆمۈلۈپ ياتقان) سىلەرنى يەر ئاستىدىن چاقىرسا، دەرھال چىقىسىلەر﴾[5].

ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى، بىر كىشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا : سەن ھەقىقەتەن پالان ـ پالان ئىشلار يۈز بەرگەندە قىيامەت بولىدۇ دەپسەن، دەيدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى: مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە بىرەر نەرسە توغرىسىدا سۆزلىمەسلىكنى نىيەت قىلىپ كەتتىم! مەن پەقەت ئازراق مۇددەتتىن كېيىن سىلەر كاتتا بىر ئىشنى كۆرىسىلەر، دېگەن ئىدىم. چۈنكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئۈممىتىم ئىچىدە دەججال چىقىپ ئۇلارنىڭ ئىچىدە 40 تۇرىدۇ (40 كۈنمۇ، 40 ئايمۇ، 40 يىلمۇ، 40 كېچىمۇ بۇنى بىلمەيمەن). ئاندىن اللە تائالا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىدۇ. ئۇ دەل ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇد سەقەفىنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشايدۇ. ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا ياشايدۇ. ئاندىن اللە ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدۇ. ئاندىن ئىنسانلار ئىسادىن كېيىن يەتتە يىل ياشايدۇ. بۇ يىللاردا كىشىلەر ئۆزئارا ھېچقانداق ئۆچ ـ ئاداۋەت بولمىغان ھالدا خاتىرجەم ياشايدۇ. ئاندىن اللە تائالا مەيىن بىر شامالنى ئەۋەتىدۇ. بۇ شامال قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمان بار بىرمۇ كىشىنى قالدۇرماستىن جېنىنى ئېلىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇلاردىن بىرەر كىشى تاغنىڭ ئۆڭكۈرىگە كىرىۋالسىمۇ شامال شۇ يەرگە كىرىپ ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ناھايىتى ئەسكى، يىرتقۇچ ھايۋانلاردەك كىشىلەر قالىدۇ، ئۇلار ياخشىلىقنى بىلمەيدۇ، يامانلىقتىن يانمايدۇ. شەيتان ئۇلارغا ئىنسان سۈرىتىدە بولۇپ كېلىپ : دەۋىتىمنى قوبۇل قىلمامسىلەر؟ دەپ ئۇلارنى بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇلار بۇتلارغا ئىبادەت قىلىدۇ. شۇ مەزگىللەردە ئۇلارنىڭ رىزىقلىرى مول، تىرىكچىلىكلىرى ياخشى بولىدۇ. ئاندىن كېيىن سۇر چېلىنىدۇ، سۇرنىڭ ئاۋازى يەتكەن ئادەم ئۇنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلايدۇ. بىرىنچى بولۇپ

---

[1] سۈرە غافىر 16 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] سۈرە غافىر 16 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[3] سۈرە نازىئات 13- 14 - ئايەتلەر

[4] - سۈرە ئىسرا 52 - ئايەت

[5] سۈرە رۇم 25 - ئايەت

www.munber.org

ئاڭلايدىغان ئادەم، كۆلچىكنى ياساتقان بىر ئادەم بولۇپ ئۇ بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆلىدۇ. ئاندىن يەر يۈزىدە ھېچكىم قالماي ھەممىسى ئۆلىدۇ. ئان

ئاندىن الله تائالا گويا شەبنەمگە ئوخشايدىغان يامغۇر ياغدۇرىدۇ، ئىنسانلارنىڭ جەسەتلىرى شۇ يامغۇردىن ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئاندىن يەنە بىر قېتىم سۇر چېلىنىدۇ. ئۇلار ناگاھان ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقىغا قاراپ تۇرىدۇ. ئاندىن ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئالدىغا كېلىڭلار! دېيىلىدۇ. ﴿ئۇلارنى توختىتىپ تۇرۇڭلار، چۈنكى، ئۇلار جىمى سۆزلىرى ۋە ئىشلىرىدىن) سوئال - سوراق قىلىنىدۇ﴾[1] ئاندىن دوزاخ ئەھلىنى تارتىپ چىقىرىڭلار، دېيىلىدۇ. پەرىشتىلەر: قانچىدىن - قانچىنى چىقىرىمىز؟ دەيدۇ. ھەر 1000 دىن 999 نى چىقىرىڭلار، دېيىلىدۇ. بۇ كۈندە دوزاخنىڭ دەھشىتىدىن باللارنىڭ چېچى ئاقىرىپ كېتىدۇ، بۇ كۈندە ئىش قىيىنلىشىدۇ » بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « ئىككى سۇرنىڭ ئارىلىقى 40 بولىدۇ » ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بۇنى ئاڭلىغانلار: ئى ئەبۇھۇرەيرە! 40 كۈنمۇ؟ دېدى. ئۇ: ياق، دېدى. ئۇلار: 40 ئايمۇ؟ دېدى. ئۇ: ياق، دېدى. ئۇلار: 40 يىلمۇ؟ دېدى. ئۇ: ياق، ئىنساننىڭ قۇيرۇق سۆڭىكىدىن باشقا ھەممە يېرى چىرىپ تۈگەيدۇ، ئىنسان ئۆزىنىڭ قۇيرۇق سۆڭىكىدىن قايتا تىرىلدۇرۇلىدۇ، دېدى.

﴿**مەھشەرگاھ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇيدۇ**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى الله تائالا خالايىق ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن كۆرۈنگەندە مەھشەرگاھ الله نىڭ نۇرى بىلەن يورۇپ كېتىدۇ. ﴿**نامە - ئەماللار ھازىر قىلىنىدۇ**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قەتادە: نامە ئەماللار يېزىلغان كىتاب كەلتۈرۈلىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: پەيغەمبەرلەر الله تائالانىڭ ئەلچىلىكىنى قەۋملىرىگە يەتكۈزگەنلىكى ھەققىدە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ، دېدى. بەندىلەرنىڭ ياخشى - يامان ئەمەللىرىنى يازغان پەرىشتىلەرمۇ گۇۋاھلىق ئۈچۈن كەلتۈرىلىدۇ. ﴿ **ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ** .

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ) ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز﴾[2] ﴿الله ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچە ياخشىلىقى بولسا، الله ئۇنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ، ئۆز دەرگاھىدىن بۈيۈك ئەجر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلىدۇ﴾[3].

﴿**ھەر ئادەمگە قىلغان ئەمەلىنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ**﴾ يەنى الله ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنى ۋە يامانلىقنىڭ جازاسىنى تولۇق بېرىدۇ. ﴿**الله ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى ئوبدان بىلىدۇ**﴾

* * * * * * *

---

[1] سۈرە سافقات 24- ئايەت
[2] سۈرە ئەنبىيا 47 - ئايەت
[3] سۈرە نىسا 40- ئايەت

www.munber.org

وَسِيقَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِلَىٰ جَهَنَّمَ زُمَرًا ۖ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءُوهَا فُتِحَتْ أَبْوَٰبُهَا وَقَالَ لَهُمْ خَزَنَتُهَآ
أَلَمْ يَأْتِكُمْ رُسُلٌ مِّنكُمْ يَتْلُونَ عَلَيْكُمْ ءَايَٰتِ رَبِّكُمْ وَيُنذِرُونَكُمْ لِقَآءَ يَوْمِكُمْ هَٰذَا ۚ قَالُواْ بَلَىٰ وَلَٰكِنْ
حَقَّتْ كَلِمَةُ ٱلْعَذَابِ عَلَى ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٧١﴾ قِيلَ ٱدْخُلُوٓاْ أَبْوَٰبَ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ فِيهَا ۖ فَبِئْسَ مَثْوَى
ٱلْمُتَكَبِّرِينَ ﴿٧٢﴾

***كاپىرلار جەھەننەمگە توپ - توپ بولۇپ ھەيدىلىدۇ، ئۇلار جەھەننەمگە يېتىپ كەلگەندە، جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ، جەھەننەمنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «ئاراڭلاردىن سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئايەتلىرىنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرىدىغان، بۈگۈنكى ئۇچرىشىشىڭلار بارلىقىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىگەنمۇ؟» دەيدۇ. ئۇلار: «شۇنداق (پەيغەمبەرلەر كەلگەن، بىزنى ئاگاھلاندۇرغان)، لېكىن ئازابقا دۇچار بولۇش ھۆكمى (كۇفرى ۋە قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن) كاپىرلارغا تېگىشلىك بولدى» دەيدۇ[71]. (ئۇلارغا) «جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىڭلار، مۇتەكەببىرلارنىڭ جايى نېمىدېگەن يامان!» دېيىلىدۇ[72].***

## كاپىرلارنىڭ جەھەننەمگە ھەيدىلىشى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە بەتبەخت كاپىرلارنىڭ دوزاخقا ناھايىتى قوپاللىق بىلەن دۈشكەللىنىپ ھەيۋە قىلىنىپ ۋە قورقىتىلىپ ھەيدىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ كۈندە ئۇلار دوزاخقا قاتتىق ئىتتىرىلىدۇ﴾[1] يەنى ئۇلار دوزاخقا قاتتىق ئىتتىرىلگەندە ئۇسساپ، چاڭقاپ كەتكەن ھالەتتە ئىتتىرىلىدۇ.

بۇ ھەقتە اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) تەقۋادارلارنى مەرھەمەتلىك پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا ئىززەت - ئىكرام بىلەن يىغىمىز. گۇناھكارلارنى ئۇلار چاڭقىغان ھالدا جەھەننەمگە ھەيدەيمىز﴾[2] ئۇلار شۇ چاغدا گاس، گاچا، كور بولۇپ قالىدۇ. ئۇلاردىن دۈم ياتقۇزۇلۇپ سۆرىلىدىغانلارمۇ بار. ﴿قىيامەت كۈنى ئۇلارنى دۈم ياتقۇزۇپ (سۆرەلگەن) كور، گاچا، گاس ھالدا يىغىمىز. ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ، جەھەننەمنىڭ ئوتى پەسلەپ قالسا، ئۇلارغا (ئوتنى) تېخىمۇ يالقۇنجىتىمىز﴾[3].

**﴿ئۇلار جەھەننەمگە يېتىپ كەلگەندە، جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ﴾** يەنى ئۇلارنىڭ جەھەننەمگە يېتىپ كېلىشى بىلەنلا، ئازابىنىڭ تېز بولۇشى ئۈچۈن، جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرى تېز ئېچىلىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا جەھەننەمنىڭ قاراۋۇللىرىدىن تەركىب تاپقان، قوپال مۇئامىلىلىك، قاتتىق قول باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەر ئۇلارغا تاپا - تەنە قىلىش، ئاھانەت قىلىش ۋە ئۇلارنى ئەيىبلەش يۈزىسىدىن: **﴿ئاراڭلاردىن سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئايەتلىرىنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرىدىغان، بۈگۈنكى ئۇچرىشىشىڭلار بارلىقىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىگەنمۇ؟﴾** دەيدۇ. يەنى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن سىلەر ئۇلار بىلەن سۆزلىشەلەيدىغان ۋە ئۇلارنىڭ سۆزىدىن چۈشەنچە ھاسىل قىلالايدىغان

---
(1) سۈرە تۇر 13 - ئايەت
(2) سۈرە مەريەم 85 — 86 - ئايەتلەر
(3) سۈرە ئىسرا 97 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

www.munber.org

سىلەرگە يەتكۈزگەن نەرسىنىڭ توغرىلىقىغا سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن پاكىت ۋە ئىسپاتلارنى تۇرغۇزىدىغان، سىلەرنى بۈگۈنكى يامانلىقتىن ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىگەنمۇ؟

كاپىرلار پەرىشتىلەرگە: ﴿«شۇنداق (پەيغەمبەرلەر كەلگەن، بىزنى ئاگاھلاندۇرغان)﴾، ئالدىمىزغا دەلىل - پاكىتلارنى قويغان، دەيدۇ. ﴿لېكىن ئازابقا دۇچار بولۇش ھۆكمى (كۇفرى ۋە قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن) كاپىرلارغا تېگىشلىك بولدى»﴾ يەنى لېكىن بىز ھەقتىن باتىلغا يۈزلىنىپ، ئىلگىرىلا بەتبەختلەردىن بولغانلىقىمىز ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدۇق ۋە ئۇلارغا قارشىلىق قىلدۇق، شۇڭا ئازاب بىزگە تېگىشلىك بولدى.

الله تائالا ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿دوزاخقا ھەر قاچان بىر توپ ئادەم تاشلانغان چاغدا، دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلمىگەنمىدى؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «ئۇنداق ئەمەس، بىزگە ھەقىقەتەن ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن، بىز (ئۇنى) ئىنكار قىلدۇق ھەمدە بىز: ‹الله (ھېچ ئادەمگە ۋەھيىدىن) بىرەر نەرسە نازىل قىلغىنى يوق، سىلەر پەقەت چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا› دېدۇق» دەيدۇ. ئۇلار: «ئەگەر بىز (پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلىغان، ياكى چۈشەنگەن بولساق، ئەھلى دوزاخ قاتارىدا بولماس ئىدۇق» دەيدۇ﴾[1] يەنى ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى مالامەت ۋە نادامەت قىلىشتى. ﴿ئۇلار گۇناھىنى تونۇيدۇ، ئەھلى دوزاخ الله نىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولسۇن!﴾[2] يەنى ئۇلار الله تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىپ زىيانكارلىقتا قالسۇن!

﴿ئۇلارغا) «جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىڭلار مۇتەكەببىرلارنىڭ جايى نېمىدېگەن يامان!» دېيىلىدۇ﴾ يەنى ئۇلارنى كۆرگەن ۋە ھالىنى بىلگەن ھەر قانداق كىشى ئۇلارنىڭ ئازابقا ھەقلىق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۆزنىڭ كىم تەرىپىدىن دېيىلگەنلىكى بايان قىلىنمىدى. بەلكى ئادىل ۋە ھەممىدىن خەۋەردار الله، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن چىقارغان ھۆكمىگە ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن ھەقلىق ئىكەنلىكىگە ھەر قانداق مەۋجۇت نەرسە گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتلىنىشى ئۈچۈن، ئۇ سۆزنى مۇئەييەن بىر شەخس دېدى، دېيىلمەستىن بايان قىلىندى.

﴿«جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىڭلار﴾ يەنى سىلەرگە جەھەننەمدىن چىقىش ۋە قۇتۇلۇش مەڭگۈ يوق. ﴿مۇتەكەببىرلارنىڭ جايى نېمىدېگەن يامان!»﴾ يەنى سىلەرنىڭ ئاقىۋىتىڭلار نېمىدېگەن يامان ئاقىۋەت! تۇرىدىغان جايىڭلار نېمىدېگەن يامان جاي؟ دۇنيادىكى تەكەببۇرلۇقۇڭلار، ھەقىقەتتىن باش تارتقانلىقىڭلار سىلەرنى سىلەر ئېرىشكەن بۇ جايغا ئېلىپ كەلدى. بۇ نېمىدېگەن يامان ھال! نېمىدېگەن يامان ئاقىۋەت!

* * * * * * *

وَسِيقَ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوْاْ رَبَّهُمْ إِلَى ٱلْجَنَّةِ زُمَرًا ۖ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءُوهَا وَفُتِحَتْ أَبْوَٰبُهَا وَقَالَ لَهُمْ
خَزَنَتُهَا سَلَٰمٌ عَلَيْكُمْ طِبْتُمْ فَٱدْخُلُوهَا خَٰلِدِينَ ﴿٧٣﴾ وَقَالُواْ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِى صَدَقَنَا وَعْدَهُۥ
وَأَوْرَثَنَا ٱلْأَرْضَ نَتَبَوَّأُ مِنَ ٱلْجَنَّةِ حَيْثُ نَشَآءُ ۖ فَنِعْمَ أَجْرُ ٱلْعَٰمِلِينَ ﴿٧٤﴾

[1] سۈرە مۇلك 8 — 10 - ئايەتكىچە.
[2] سۈرە مۇلك 11 - ئايەت.

www.munber.org

*پەرۋەردىگارىغا تەقۋادارلىق قىلغانلار جەننەتكە توپ ـ توپ بولغان هالدا ماڭدۇرۇلىدۇ، هالبۇكى، ئۇلار جەننەتكە يېتىپ كەلگەن چاغدا ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ بولغان بولىدۇ، جەننەتكە مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، سىلەر (گۇناهلارنىڭ كىرلىرىدىن) پاك بولدۇڭلار، جەننەتكە كىرىڭلار، (ئۇنىڭدا) مەڭگۈ قېلىڭلار» دەيدۇ*[73]*. ئۇلار (جەننەتكە كىرىپ ئورۇنلاشقان چاغدا) ئېيتىدۇ: «جىمى هەمدۇسانا اللە غا خاستۇركى، ئۇ بىزگە قىلغان ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، جەننەتنىڭ زېمىنىغا بىزنى ۋارىس قىلدى. جەننەتتە ئۆزىمىز خالىغان جايدا تۇرىمىز، ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئەجرى (يەنى جەننەت) نېمىدېگەن ياخشى!»*[74].

## مۆمىنلەرنىڭ جەننەتكە ئېلىپ مېڭىلىشى توغرىسىدا

بۇ ئايەت بەختلىك مۆمىنلەرنىڭ دەرىجىلىرى بويىچە جەننەتكە توپ ـ توپ بولۇپ ئېلىپ مېڭىلغان ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ﴿**جەننەتكە توپ ـ توپ بولغان هالدا**﴾ يەنى بىر جامائەت يەنە بىر جامائەتنىڭ ئارقىسىدىن ماڭىدۇ، بىرىنچى بولۇپ ماڭىدىغانلار اللە غا يېقىن بەندىلەردۇر. ئاندىن كېيىن ياخشى بەندىلەر، ئاندىن ئۇلاردىن كېيىنكىلەر ماڭىدۇ. هەر جامائەت ئۆز خىلى بىلەن، يەنى پەيغەمبەرلەر، پەيغەمبەرلەر بىلەن، راستچىللار راستچىللار بىلەن، شېهىتلەر شېهىتلەر بىلەن، ئۆلىمالار ئۆلىمالار بىلەن هەر سىنىپتىكىلەر ئۆز سىنىپى بىلەن، هەر گۇرۇھ ئۆزىگە ماس كىشىلەر بىلەن جەننەتكە ماڭدۇرۇلىدۇ.

﴿**هالبۇكى، ئۇلار جەننەتكە يېتىپ كەلگەن چاغدا**﴾ يەنى ئۇلار پىلسىراتتىن ئۆتۈپ جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرىغا يېتىپ كەلگەندە، جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىسىدىكى بىر كۆۋرۈككە دۇچ كېلىدۇ، بۇ يەردە دۇنيادا زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلار قىساسلىرىنى ئالىدۇ، زۇلۇم قىلغۇچىلار گۇناهلىرىدىن پاكلانغاندىن كېيىن، ئۇلارغا جەننەتكە كىرىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ.

سۈرگا ئائىت هەدىستە كېلىشىچە، مۆمىنلەر جەننەت دەرۋازىلىرىغا يېتىپ كەلگەندە ئۇلارنىڭ كىرىشى ئۈچۈن رۇخسەت سورايدىغان ئادەم توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىدۇ. ئۇلار ئادەم ئەلەيهىسسالامنىڭ، ئاندىن نۇهنىڭ، ئاندىن ئىبراهىمنىڭ، ئاندىن مۇسانىڭ، ئاندىن ئىسانىڭ، ئاندىن مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ئۇلار مەھشەرگاھ مەيدانىدىمۇ اللە تائالانىڭ تېزرەك هۆكۈم چىقىرىشىنى سوريشى ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. بۇ ئىشنى بىر قانچە ئورۇندا تەكرارلاش مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ باشقا ئىنسانلاردىن ئالاھىدە شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر.

ئىمام مۇسلىم، ئەنەس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن جەننەتتە بىرىنچى بولۇپ شاپائەت تىلىگۈچى بولىمەن» ئىمام مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: «مەن جەننەتنىڭ دەرۋازىسىنى بىرىنچى بولۇپ قاققۇچىمەن» دېيىلگەن.

ئىمام ئەھمەد، ئەنەس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلىمەن، دەرۋازىۋەن: كىم سەن؟ دەيدۇ. مەن: مۇھەممەد، دەپ جاۋاب بېرىمەن. ئۇ: مەن دەرۋازىنى سەندىن ئىلگىرى هېچ كىمگە ئېچىپ بەرمەسلىككە بۇيرۇلغان، دەيدۇ». بۇ هەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرىنچى تۈركۈمدە جەننەتكە كىرىدىغانلارنىڭ چىرايلىرى 15 كۈنلۈك تولۇن ئايغا ئوخشايدۇ. جەننەتتە تۈكۈرۈش، مىشقىرىش، تەرەت قىلىش بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلىتىدىغان

www.munber.org

قاچىلىرى، چاچ تارايدىغان تاغاقلىرى ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسرىقدانلىرىغا سېلىنغان نەرسىلەردىن ئېسىل پۇراقلار چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ تەرلىرى ئىپاردۇر، ھەر بىر ئادەمگە چىرايلىقلىقىدىن پاچاقلىرىنىڭ ئىلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئىككى ئايال بېرىلىدۇ. جەننەتتىكى كىشىلەرنىڭ دىللىرى بىر ئادەمنىڭ دىلىدەك بولۇپ، ئۆزئارا ئىختىلاپلىشىش، دۈشمەنلىشىش بولمايدۇ. ئۇلار ئەتىگەن - ئاخشامدا اللہ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ھافىز ئەبۇيەئلا، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەننەتكە بىرىنچى تۈركۈمدە كىرىدىغانلارنىڭ چىرايلىرى 15 كۈنلۈك تولۇن ئايغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كىرىدىغانلارنىڭ چىرايلىرى ئاسماندىكى ئەڭ نۇرلۇق يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ. جەننەتتە چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىش، تۈكۈرۈش، مىشقىرىش بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ چاچ تارايدىغان تاغاقلىرى ئالتۇندۇر، ئۇلاردىن چىققان تەرلەر ئىپاردۇر، ئىسرىقدانلارغا سېلىنغان نەرسىلەردىن ئېسىل پۇراقلار چىقىدۇ. ئاياللىرى ھۆر - پەرىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئەخلاقلىرى بىر ئادەمنىڭ ئەخلاقىدەك بولۇپ، ھەممە ئادەمنىڭ سۈرىتى ئاتىسى ئادەمنىڭ سۈرىتىدە، 60 گەز ئېگىزلىكتە بولىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۈممىتىمدىن يۈزلىرى 15 كۈنلۈك تولۇن ئايدەك يورۇق بولغان 70 مىڭ كىشىلىك بىر جامائەت جەننەتكە كىرىدۇ». بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۇكاشە ئىبنى مۇھسىن ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ شۇ ئادەملەرنىڭ قاتارىدىن قىلىنىشىم ئۈچۈن اللہ تائالاغا دۇئا قىلغىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى اللہ ئۇنى ئۇلاردىن قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلدى. ئاندىن ئەنسارىلاردىن بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ شۇ ئادەملەرنىڭ قاتارىدىن قىلىنىشىم ئۈچۈن ماڭىمۇ دۇئا قىلغىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇكاشە بۇ ئىشتا سەندىن چاققان چىقىپ كەتتى» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ، ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن، ئىبنى مەسئۇد، رىفائە ئىبنى ئەرابە جۇھەنى، ئۇممى قەيس بىنتى مىھسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن «70 مىڭ كىشى ھېسابسىز جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن باپتا رىۋايەت قىلدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم، سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۈممىتىمدىن 70 مىڭ ئادەم ياكى 700 مىڭ ئادەم. ئەلۋەتتە جەننەتكە (ھېسابسىز) كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ باش ئاخىرى بىرلا ۋاقىتتا جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن بىر - بىرىنى تۇتۇشۇپ ماڭىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى 15 كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇرلۇق بولىدۇ».

**﴿ئۇلار جەننەتكە يېتىپ كەلگەن چاغدا ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ بولغان بولىدۇ، جەننەتكە مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، سىلەر (گۇناھلارنىڭ كىرلىرىدىن) پاك بولدۇڭلار، جەننەتكە كىرىڭلار، (ئۇنىڭدا) مەڭگۈ قېلىڭلار» دەيدۇ﴾** يەنى ئۇلار جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارغا ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام كۆرسىتىلىپ دەرۋازىلار ئېچىلىدۇ، جەننەتنى باشقۇرىدىغان پەرىشتىلەر ئۇلارنى خۇددى دوزاخنى باشقۇرىدىغان پەرىشتىلەر كاپىرلارغا مالامەت قىلىپ ھەيدەپ ماڭغاندەك ماڭماستىن، خۇش بېشارەت، سالام ۋە مەدھىيىلەر بىلەن قارشى ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە خۇرسەنلىككە، خۇشال - خۇراملىققا، بەخت - سائادەتكە ئېرىشىدۇ. تۆۋەندە جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ سەككىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ھەدىسلەر بايان قىلىنىدۇ:

www.munber.org

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئاللاھ نىڭ يولىدا ھەر قانداق مېلىدىن بىر جۈپ نەرسە سەرپ قىلسا، جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرىدىن چاقىرىلىدۇ، جەننەتنىڭ نۇرغۇن دەرۋازىلىرى بار بولۇپ، كىمكى كۆپ ناماز ئوقۇغۇچىلاردىن بولسا، ناماز دەرۋازىسىدىن، كىمكى كۆپ سەدىقە قىلغۇچىلاردىن بولسا، سەدىقە دەرۋازىسىدىن، كىمكى جىھادنى كۆپ قىلغۇچىلاردىن بولسا، جىھاد دەرۋازىسىدىن، كىمكى روزىنى كۆپ تۇتقۇچىلاردىن بولسا، رەييان دەرۋازىسىدىن چاقىرىلىدۇ». ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى ئاللاھ نىڭ پەيغەمبىرى! بىر ئادەم ئۇ دەرۋازىلارنىڭ ھەممىسىدىن چاقىرىلىدىغان ئەھۋالمۇ بولامدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، مەن سېنىڭ شۇلاردىن بولۇشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ بۇ ھەدىسنىڭ ئوخشىشىنى رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەننەتنىڭ سەككىز دەرۋازىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى رەييان دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن پەقەت روزا تۇتقۇچىلارلا كىرىدۇ».

ئىمام مۇسلىم، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار كامىل تاھارەت ئالسا، ئاندىن: ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ بەرھەق يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن دېسە، ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ سەككىز دەرۋازىسىنىڭ ھەممىسى ئېچىلىدۇ، ئۇ قايسى دەرۋازىدىن كىرىشنى خالىسا شۇنىڭدىن كىرىدۇ».

## جەننەت دەرۋازىلىرىنىڭ كەڭلىكى توغرىسىدا

بىزنى جەننەت ئەھلىدىن قىلىشى ئۈچۈن ئاللاھ نىڭ بۈيۈك پەزلىدىن سورايمىز!!!

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم، ئەبۇھۇرەيرىنىڭ شاپائەت توغرىسىدىكى ئۇزۇن ھەدىسىنى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالا: ئى مۇھەممەد! ئۈممىتىڭدىن ھېسابقا تارتىلمايدىغان ئادەمنى ئوڭ دەرۋازىدىن ئەكىرگىن، ئۇلارنىڭ باشقا دەرۋازىلاردىنمۇ خالايىق بىلەن كىرىش نېسىۋىسى بار، دەيدۇ. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن جەننەت دەرۋازىلىرىنىڭ كېشەكلىرىدىن يان ياغىچى ئىككى كېشەكنىڭ ئارىلىقى، خۇددى مەككە بىلەن ھەجەر نىڭ ئارىلىقىدەك، يەنە بىر رىۋايەتتە بۇسرا[1] بىلەن مەككىنىڭ ئارىلىقىدەك بار».

ئىمام مۇسلىم، ئۇتبە ئىبنى غەزۋاننىڭ خۇتبە ئوقۇپ، خۇتبىسىدە: بىزگە ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ كېشەكلىرىدىن ئىككى كېشەكنىڭ ئارىلىقىنىڭ قىرىق يىللىق مۇساپىنىڭ ئارىلىقىدەك كەڭ ئىكەنلىكى، ئۇنىڭغا كىرىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپلىكىدىن ناھايىتى تارلىشىپ كېتىدىغان بىر كۈننىڭ كېلىدىغانلىقى بايان قىلىندى، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

**﴿جەننەتكە مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، سىلەر (گۇناھلارنىڭ كىرلىرىدىن) پاك بولدۇڭلار، جەننەتكە كىرىڭلار، (ئۇنىڭدا) مەڭگۈ قېلىڭلار» دەيدۇ﴾** يەنى ئەمەلىڭلار، سۆزلىرىڭلار ۋە مۇكاپاتىڭلار پاك بولدى.

[1] بۇ جايدا تىلغا ئېلىنغان بۇسرا بەزى رىۋايەتلەردە بەھرەيىننىڭ بىر شەھىرى، بەزى رىۋايەتتە سۈرىيەنىڭ بۇسرا شەھىرى، يەنە بەزى رىۋايەتلەردە مەدىنىدىكى يىر يېزىننىڭ ئىسمى دېيىلگەن.

بۇ سۆز خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى غازاتلاردا مۇسۇلمانلارنى: «جەننەتكە چوقۇم مۇسۇلمان يەنە بىر رىۋايەتتە مۆمىن كىرىدۇ» دەپ چاقىرىشقا بۇيرىغىنىغا ئوخشاشتۇر.

﴿**جەننەتكە كىرىڭلار، (ئۇنىڭدا) مەڭگۈ قېلىڭلار**﴾ يەنى ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن يۆتكىلىشنى خالىمايدۇ.

﴿**ئۇلار (جەننەتكە كىرىپ ئورۇنلاشقان چاغدا) ئېيتىدۇ: «جىمى ھەمدۇسانا اللە غا خاستۇركى، ئۇ بىزگە قىلغان ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى»**﴾ يەنى مۆمىنلەر جەننەتتە ئەنە شۇ تولۇق ساۋابنى، بۈيۈك ۋە تۈگىمەس نېمەتنى، كاتتا پادىشاھلىقنى كۆرگەن چاغدا شۇنداق دەيدۇ.

﴿**جىمى ھەمدۇسانا اللە غا خاستۇركى، ئۇ بىزگە قىلغان ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى**﴾ يەنى اللە خۇددى مۆمىنلەرنىڭ دۇنيادا: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى (يەنى ئىتائەت قىلغانلارغا خاس بولغان جەننەتنى) بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن. سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن»﴾[1] دېگەن دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغاندەك، ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرلىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق قىلغان ۋەدىسىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇردى.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار: «جىمى ھەمدۇسانا بىزنى بۇ (نېمەتلەرنى) ھاسىل قىلىشقا يېتەكلىگەن اللە غا بولسۇنكى، اللە بىزنى يېتەكلىمىگەن بولسا، توغرا يول تاپمىغان بولاتتۇق، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىزگە ھەقنى ئېلىپ كەلدى» دەيدۇ﴾[2] ﴿ئۇلار ئېيتتى: «جىمى ھەمدۇسانا بىزدىن غەم - قايغۇنى كەتكۈزۈۋەتكەن اللە غا مەنسۇپتۇر! بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر. اللە مەرھەمىتىدىن بىزنى جەننەتتە تۇرغۇزدى. جەننەتتە بىز ھەرگىز جاپا تارتمايمىز، ھەرگىز چارچىمايمىز»﴾[3].

﴿**جەننەتنىڭ زېمىنىغا بىزنى ۋارىس قىلدى. جەننەتتە ئۆزىمىز خالىغان جايدا تۇرىمىز، ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئەجرى (يەنى جەننەت) نېمىدېگەن ياخشى!**﴾ بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا (ئەزەلدە) يازغاندىن كېيىن، (داۋۇدقا نازىل قىلىنغان) زەبۇردا زېمىنغا (يەنى جەننەت زېمىنغا) ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ يازدۇق﴾[4].

شۇنىڭ ئۈچۈن مۆمىنلەر مۇنداق دەيدۇ: ﴿**جەننەتتە ئۆزىمىز خالىغان جايدا تۇرىمىز**﴾ يەنى قەيەردە تۇرۇشنى خالىساق شۇ يەردە تۇرىمىز. ئەمەلىمىزگە بېرىلگەن ئەجىر نېمىدېگەن ياخشى!

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مىئراج قىسسىسى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەننەتكە كىردىم قارىسام ئۇنىڭ دۆڭلىرى مەرۋايەتتىن، توپىسى ئىپاردىن ئىكەن».

* * * * * * *

وَتَرَى ٱلْمَلَـٰٓئِكَةَ حَآفِّينَ مِنْ حَوْلِ ٱلْعَرْشِ يُسَبِّحُونَ بِحَمْدِ رَبِّهِمْ ۖ وَقُضِىَ بَيْنَهُم بِٱلْحَقِّ وَقِيلَ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَـٰلَمِينَ ﴿٧٥﴾

(1) سۈرە ئال ئىمران 194 - ئايەت
(2) سۈرە ئەئراف 43 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى
(3) سۈرە فاتىر 34 — 35 - ئايەتلەر
(4) سۈرە ئەنبىيا 105 - ئايەت

www.munber.org

***پەرىشتىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتقان، ھەمدى ئېيتقان ھالدا ئەرشنىڭ چۆرىسىنى ئوراپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەققانىي ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ (مۆمىنلەر جەننەتكە كىرىدۇ، كاپىرلار دوزاخقا كىرىدۇ)، «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە غا خاستۇر!» دېيىلىدۇ***﴿75﴾.

اللە تائالا بۇ ئايەتتە جەننەت ۋە دوزاخ ئەھلى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقارغانلىقىنى، ھەر بىر بەندىسىنى ئۆز ئەھلىگە لايىق كېلىدىغان مۇناسىپ ئورۇنغا كىرگۈزگەنلىكىنى، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلماي ئادىل ھۆكۈم چىقارغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، پەرىشتىلىرى ھەققىدە مۇنداق خەۋەر بېرىدۇ: پەرىشتىلەر ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرىدۇ، ئۇلار پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ۋە ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ، اللە تائالانى ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك دەپ تونۇپ، بارلىق نوقسان ۋە زۇلۇمدىن پاك ۋە مۇقەددەس دەپ بىلىدۇ. ھەقىقەتەن اللە ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئايرىپ، ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارنىڭ**﴾ يەنى ئىنسانلارنىڭ ﴿**ئارىسىدا ھەققانىي ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ**﴾.

﴿**(مۆمىنلەر جەننەتكە كىرىدۇ، كاپىرلار دوزاخقا كىرىدۇ)، «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە غا خاستۇر!» دېيىلىدۇ**﴾ يەنى پۈتۈن كائىناتتىكى سۆزلەيدىغىنى ۋە سۆزلىيەلمەيدىغىنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈن اللە تائالانىڭ ئادىل ھۆكمىگە ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەمدۇسانا مۇئەييەن بىر دېگۈچىگە قارىتىلماستىن بايان قىلىندى، بۇنىڭدىن بارلىق مەخلۇقاتنىڭ اللە تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: اللە تائالا ئىنسانلارنى ياراتقانلىقىنى ﴿**جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان اللە غا خاستۇر**﴾ دېگەن ئايەتتىكى ھەمدۇسانا بىلەن باشلاپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقارغانلىقىنى ﴿**«جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە غا خاستۇر!» دېيىلىدۇ**﴾ دېگەن ئايەتتىكى ھەمدۇسانا بىلەن تاماملىدى. شۇنىڭ بىلەن سۈرە زۇمەرنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. جىمى ھەمدۇسانا اللە تائالاغا خاستۇر!

www.munber.org

www.munber.org

## مەككىدە نازىل بولغان سۈرە غافىر 85 ئايەت

### ھا مىم بىلەن باشلىنىدىغان سۈرىلەرنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇما مۇنـداق دەيـدۇ: ھەقىقەتـەن ھـەر نەرسـىنىڭ يۈرىكـى بولـدۇ، قۇرئاننىڭ يۈرىكى ھا، مىم بىلەن باشلىنىدىغان سۈرىلەردۇر.

مەسئەر ئىبنى كىدام مۇنداق دەيدۇ: ھا مىم بىلەن باشلىنىدىغان سۈرىلەر ”ئەلئەرائىس“ دېيىلەتتى. يەنى يېڭى تويى بولغان قىز ـ يىگىتلەرگە ئوخشىتىلاتتى. بۇلارنى ئىمام ئەبۇ ئۇبەيد قاسىم ئىبنى سالام ”قۇرئاننىڭ پەزىلىتى“ دېگەن كىتابىدا رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بەغەۋى ھۇمەيد ئىبنى زەنجۇۋەيھدىن ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: قۇرئاننىڭ مىسالى، ئائىلىسىگە تۇرالغۇ جاي ئىزدەپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ، ئۇ ئادەم يامغۇر سۈيى بىلەن كۆكەرتىلگەن بىر باغقا كېلىدۇ، ئۇ باغنى بويلاپ ھەيرانلىق ئىلكىدە كېتىۋاتقاندا، تۇساتتىن يېرى مۇنبەت بولغان نۇرغۇن باغۇ ـ بوستانلىققا كېلىپ قالىدۇ ـ دە: بىرىنچى باغنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ئىدىم، بۇ تېخىمۇ ھەيران قالارلىق ئىكەن، دەيدۇ. ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىلىدۇ: بىرىنچى باغنىڭ مىسالى ھەقىقەتەن قۇرئاننىڭ بۈيۈكلىكىنىڭ مىسالىدۇر. باغۇ ـ بوستانلارنىڭ مىسالى قۇرئاندىكى ھا مىم بىلەن باشلىنىدىغان سۈرىلىرىنىڭ مىسالىدۇر.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ھا مىم بىلەن باشلىنىدىغان سۈرىلەرنى ئوقۇسام قايتىپ چىقىپ كېتىشكە كۆز قىيمايدىغان گۈزەل باغلارغا كىرىپ قالغاندەك بولىمەن.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

حمٓ ﴿١﴾ تَنزِيلُ ٱلۡكِتَٰبِ مِنَ ٱللَّهِ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡعَلِيمِ ﴿٢﴾ غَافِرِ ٱلذَّنۢبِ وَقَابِلِ ٱلتَّوۡبِ شَدِيدِ
ٱلۡعِقَابِ ذِى ٱلطَّوۡلِۖ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۖ إِلَيۡهِ ٱلۡمَصِيرُ ﴿٣﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***ھـا مىم***[1]. *(بۇ) كىتاب (يەنى قۇرئان) غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللە تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر*[2]. *(اللە) گۇناھنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر. (اللە نىڭ) ئازابى قاتتىقتۇر، (اللە) ئىنئام ئىگىسىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاقىۋەت قايتىدىغان جاي ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر*[3].

ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان ئېلىپبە ھەرپلىرى ھەققىدە سۈرە بەقەرىنىڭ بېشىدا سۆزلىنىپ ئۆتۈلدى، شۇڭا قايتا توختالمايمىز.

ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر كېچىدە ھۇجۇمغا ئۇچرىساڭلار، سىلەرنىڭ شۇئارىڭلار ـ ھا مىم[1] ئۇلار غەلىبە قىلالمايدۇ دېيىشتىن ئىبارەت بولسۇن».

﴿(بۇ) كىتاب (يەنى قۇرئان) غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللّٰه تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾ يەنى بۇ قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت بۇ كىتاب كۈچ ـ قۇۋۋەتلىك، ھەممىنى بىلگۈچى اللّٰه تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. اللّٰه نىڭ كۈچ قۇۋۋىتى دائىملىقتۇر. اللّٰه ھەر قانچە قېلىن پەردە ئارقىسىدا بولسىمۇ زەررىچىلىك نەرسە ئۇنىڭغا يوشۇرۇن قالمايدۇ ﴿(اللّٰه) گۇناھنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر﴾ يەنى اللّٰه (تەۋبە قىلغۇچى بەندىنىڭ) ئىلگىرىكى گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، كەلگۈسىدە اللّٰه تائالاغا تەۋبە قىلغان، اللّٰه تائالانىڭ ئالدىدا باش ئەگكەن ئادەمنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

﴿(اللّٰه نىڭ) ئازابى قاتتىقتۇر﴾ يەنى ھەددىدىن ئاشقان، اللّٰه غا ئاسى بولغان، دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئەۋزەل بىلگەن، اللّٰه نىڭ بۇيرۇقلىرىدىن باش تارتقان ۋە قارشى چىققان ئادەمگە اللّٰه نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر. بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى مۇھەممەد!) مېنىڭ (مۆمىن) بەندىلىرىمگە خەۋەر قىلغىنكى، مەن تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىمەن، ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىمەن. مېنىڭ ئازابىم قاتتىقتۇر﴾[2] اللّٰه بۇ ئىككى سۈپەتنى قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن ئورۇنلاردا بەندىنىڭ ئۈمىد ۋە قورقۇش ئىچىدە تۇرىشى ئۈچۈن بىر يەردە كەلتۈرىدۇ.

﴿اللّٰه ئىنئام ئىگىسىدۇر﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: اللّٰه مول بايلىق ئىگىسىدۇر، دېدى. يەنى اللّٰه بەندىلىرىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر. ئۇلارغا بېرىلگەن نازۇنېمەتلەرنى مال ـ ۋارانلارنى تېخىمۇ زىيادە قىلغۇچىدۇر. بەندىلەر بۇ نازۇنېمەتلەر ۋە مال ـ ۋارانلارنىڭ ھېچبىرى ئۈچۈن شۈكۈر ئېيتىپ بولالمايدۇ. ﴿ئەگەر اللّٰه نىڭ (سىلەرگەبەرگەن) نېمىتىنى سانىساڭلار، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ بولالمايسىلەر﴾[3].

﴿ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر﴾ يەنى اللّٰه نىڭ جىمى سۈپەتلىرىدە اللّٰه نىڭ ھېچ تەڭدىشى يوقتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ پەرۋەردىگار يوقتۇر.

﴿ئاقىۋەت قايتىدىغان جاي ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر﴾ يەنى ئاخىرى بارىدىغان جاي اللّٰه نىڭ دەرگاھىدۇر. ئاندىن اللّٰه ھەر ئادەمنىڭ ئەمەلىگە يارىشا جازالايدۇ ياكى مۇكاپاتلايدۇ. ﴿اللّٰه تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر﴾[4].

* * * * * * *

مَا يُجَـٰدِلُ فِيٓ ءَايَـٰتِ ٱللَّهِ إِلَّا ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَلَا يَغۡرُرۡكَ تَقَلُّبُهُمۡ فِي ٱلۡبِلَـٰدِ ﴿٤﴾ كَذَّبَتۡ قَبۡلَهُمۡ قَوۡمُ نُوحٖ وَٱلۡأَحۡزَابُ مِنۢ بَعۡدِهِمۡۖ وَهَمَّتۡ كُلُّ أُمَّةِۭ بِرَسُولِهِمۡ لِيَأۡخُذُوهُۖ وَجَٰدَلُواْ بِٱلۡبَٰطِلِ لِيُدۡحِضُواْ بِهِ ٱلۡحَقَّ فَأَخَذۡتُهُمۡۖ فَكَيۡفَ كَانَ عِقَابِ ﴿٥﴾ وَكَذَٰلِكَ حَقَّتۡ كَلِمَتُ رَبِّكَ عَلَى ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَنَّهُمۡ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِ ﴿٦﴾

*اللّٰه نىڭ ئايەتلىرى (يەنى قۇرئان) توغرىسىدا پەقەت كاپىرلار مۇجادىلە قىلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ شەھەرلەرگە بېرىپ ـ كېلىپ يۈرۈشلىرىگە مەغرۇر بولۇپ كەتمىگىن﴾[4]. ئۇلار (يەنى مەككە كاپىرلىرى)*

[1] ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: ھا مىم اللّٰه نىڭ ئىسىملىرىدىن بىر ئىسىم بولۇپ، بۇ يەردە اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. [سۈنەن ئەبۇداۋۇدنىڭ شەرھىسى /2594].

[2] سۈرە ھىجر 49 ـ 50 ـ ئايەتلەر.

[3] سۈرە نەھل 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[4] سۈرە رەئد 41 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى

www.munber.org

***دىن بۇرۇن، نۇھنىڭ قەۋمى ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى (پەيغەمبەرلىرىگە قارشى ئۇيۇشقان ئاد ۋە سەمۇدقا ئوخشاش) جامائەلار (پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلدى. (پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغۇچى ئۇممەتلەردىن) ھەر ئۇممەت ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىنى ھالاك قىلىشنى قەستلىدى. ھەقنى بىكار قىلىشى ئۈچۈن باتىل (سۆزلەر ئارقىلىق پەيغەمبەرلىرى بىلەن) مۇنازىرە قىلىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ھالاك قىلدىم، مېنىڭ ئازابىم قانداق ئىكەن؟ ﴿5﴾. شۇنىڭدەك (يەنى ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرگە تېگىشلىك بولغاندەك) پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئازابى كاپىرلارغا تېگىشلىك بولدى. ئۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر ﴿6﴾.***

## الله نىڭ ئايەتلىرى ھەققىدە تالاش - تارتىش قىلىشنىڭ كاپىرلارنىڭ سۈپىتى ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ شۇ قىلمىشلىرىغا بېرىلىدىغان جازا توغرىسىدا

الله مۇنداق دەيدۇ: روشەن ۋە ئوچۇق دەلىل - ئىسپاتلار قويۇلغاندىن كېيىن ھەققەتنى قوبۇل قىلمايدىغان ۋە ئۇ توغرىدا ماجرا تۇغدۇرىدىغانلار كاپىرلاردۇر.

﴿**پەقەت كاپىرلار مۇجادىلە قىلىشىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار الله نىڭ ئايەتلىرىدىن، دەلىل - ئىسپاتلىرىدىن تانغۇچىلاردۇر. ﴿**ئۇلارنىڭ شەھەرلەردە بېرىپ - كېلىپ يۈرۈشلىرىگە مەغرۇر بولۇپ كەتمىگىن**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ پۇل - مال، نازۇنېمەت، پايدا - مەنپەئەت تەلەپ قىلىپ شەھەرلەردە كېزىپ يۈرۈشلىرى سېنى ئالدىمىسۇن.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كاپىرلارنىڭ (پۇل - مال، ئابروي، مەرتىۋە ئىزدەش يۈزىسىدىن) شەھەرلەردە كېزىپ يۈرۈشلىرى سېنى ئالدىمىسۇن. بۇ ئازغىنا بەھرىمەن بولۇشتۇر، كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ. ئۇ نېمىدېگەن يامان تۆشەك!﴾[1] ﴿ئۇلارنى (دۇنيادىن) ئازغىنا (مۇددەت) بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن ئۇلارنى قاتتىق ئازابنى (تېتىشقا) مەجبۇرلايمىز﴾[2].

الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ ئۆز قەۋمى تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنغانلىقى ئۈچۈن تەسەللىي بېرىپ، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ئۆز قەۋملىرى تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنغانلىقىنى، قارشىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى، ئۇ پەيغەمبەرلەرگە قەۋملىرىدىن ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدىن باشقىلارنىڭ ئىمان كەلتۈرمىگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار (يەنى مەككە كاپىرلىرى) دىن بۇرۇن، نۇھنىڭ قەۋمى ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى (پەيغەمبەرلىرىگە قارشى ئۇيۇشقان ئاد ۋە سەمۇدقا ئوخشاش) جامائەلار (پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلدى**﴾ يەنى نۇھ، الله ئىنسانلارنى بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن توسۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن تۇنجى پەيغەمبەر ئىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە قەۋملىرىدىن كېيىن كەلگەن ھەر بىر ئۇممەت ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلدى.

﴿**ھەر ئۇممەت ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىنى ھالاك قىلىشنى قەستلىدى**﴾ يەنى پەيغەمبىرىنى ئۆلتۈرۈشكە تىرىشىپ بارلىق چارىلەرنى ئىشلەتتى. ئۇلاردىن پەيغەمبىرىنى ئۆلتۈرگەنلەرمۇ بولدى.

﴿**ھەقنى بىكار قىلىش ئۈچۈن باتىل (سۆزلەر ئارقىلىق پەيغەمبەرلىرى بىلەن) مۇنازىرە قىلىشتى**﴾ يەنى ئۇلار شەك - شۈبھىلەرنى تۇغدۇرۇپ، ئوچۇق روشەن بولغان ھەقنى رەت قىلىش ئۈچۈن ھىيلە - مىكىر ئىشلەتتى.

﴿**شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ھالاك قىلدىم**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق چوڭ گۇناھ ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ھالاك قىلدىم. ﴿**مېنىڭ ئازابىم قانداق ئىكەن؟**﴾ يەنى سەن مېنىڭ ئۇلارغا بولغان ئازاب -

---
[1] سۈرە ئال ئىمران 196 — 197 - ئايەتلەر
[2] سۈرە لوقمان 24 - ئايەت

www.munber.org

ئوقۇبىتىمدىن قانداق تونۇشقا كەلدىڭ؟ ئۇ ئازاب بولسا قاتتىق ۋە ئەلەملىك ئازابتۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قەتادە مۇنداق دەيدۇ: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ ناھايىتى قاتتىق ئازاب ئىدى.

﴿**شۇنىڭدەك (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە تېگىشلىك بولغاندەك) پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئازابى كاپىرلارغا تېگىشلىك بولدى. ئۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر**﴾ يەنى ئى مۇھەممەد! خۇددى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردىن كاپىر بولغانلارغا ئازاب تېگىشلىك بولغاندەك، سېنى ئىنكار قىلغان، ساڭا قارشىلىق قىلغان شۇ كاپىرلارغىمۇ ئەلۋەتتە ئازاب تېگىشلىكتۇر. چۈنكى سېنى ئىنكار قىلغان ئادەم سېنىڭدىن باشقا پەيغەمبەرگە ئەلۋەتتە ئىشەنمەيدۇ. الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

* * * * * * *

ٱلَّذِينَ يَحْمِلُونَ ٱلْعَرْشَ وَمَنْ حَوْلَهُۥ يُسَبِّحُونَ بِحَمْدِ رَبِّهِمْ وَيُؤْمِنُونَ بِهِۦ وَيَسْتَغْفِرُونَ لِلَّذِينَ
ءَامَنُوا۟ رَبَّنَا وَسِعْتَ كُلَّ شَىْءٍ رَّحْمَةً وَعِلْمًا فَٱغْفِرْ لِلَّذِينَ تَابُوا۟ وَٱتَّبَعُوا۟ سَبِيلَكَ وَقِهِمْ عَذَابَ
ٱلْجَحِيمِ ﴿٧﴾ رَبَّنَا وَأَدْخِلْهُمْ جَنَّـٰتِ عَدْنٍ ٱلَّتِى وَعَدتَّهُمْ وَمَن صَلَحَ مِنْ ءَابَآئِهِمْ وَأَزْوَٰجِهِمْ
وَذُرِّيَّـٰتِهِمْ ۚ إِنَّكَ أَنتَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٨﴾ وَقِهِمُ ٱلسَّيِّـَٔاتِ ۚ وَمَن تَقِ ٱلسَّيِّـَٔاتِ يَوْمَئِذٍ فَقَدْ رَحِمْتَهُۥ ۚ
وَذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ﴿٩﴾

***ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋە ئەرشنىڭ چۆرىسىدىكى پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدى ئېيتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ، مۆمىنلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەۋبە قىلغانلارغا ۋە سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن***[7]***. پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن، ئاياللىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن ياخشى بولغانلارنى ئۇلارغا ۋەدە قىلغان مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرگۈزگىن، سەن ھەقىقەتەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن***[8]***. پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن ساقلىغىن، سەن كىمنى يامان ئىشلاردىن ساقلايدىكەنسەن، شۈبھىسىزكى، بۇ كۈندە سەن ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغان بولىسەن، بۇ چوڭ بەختتۇر»***[9].

## ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەرنىڭ الله تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىدىغانلىقى ۋە مۆمىنلەرگە مەغپىرەت تەلەپ قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان يۇقىرى مەرتىۋىلىك تۆت پەرىشتىدىن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تاللانغان پەرىشتىلەردىن خەۋەر قىلىدۇ. ئۇلار پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ۋە ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ. يەنى ئۇلار الله تائالانىڭ بارلىق نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان تەسبىھ بىلەن الله تائالانىڭ مەدھىيە سۈپەتلىرىنى ئىسپاتلاشتا تەلەپ قىلىنىغان ھەمدۇسانانى بىرگە ئېيتىدۇ.

﴿**ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ**﴾ يەنى پەرىشتىلەر ھەمىشە الله نىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتقان ۋە قورققان ھالدا تۇرىدۇ. ئۇلار ﴿**مۆمىنلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ**﴾ يەنى الله تائالا ئۆزىگە يېقىن پەرىشتىلەرگە زېمىن ئەھلىدىن غەيبكە ئىمان ئېيتقان مۆمىنلەر ئۈچۈن ئۇلار يوق يەردە (يەنى ئاسماندا) دۇئا قىلىشقا

www.munber.org

بۇيرۇيدۇ. مانا بۇ پەرىشتىلەرنىڭ سۈپىتى. ئۇلار بىر مۆمىننىڭ يەنە بىر مۆمىن قېرىندىشىغا ئۇ قېرىندىشى يوق يەردە دۇئا قىلغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

بۇ ھەقتە ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشى ئۈچۈن ئۇ يوق يەردە دۇئا قىلسا، پەرىشتە: "ئامىن!" ئۇ دۇئادىن ساڭىمۇ ئوخشاش بولسۇن، دەيدۇ».

شەھر ئىبنى ھەۋشەب مۇنداق دەيدۇ: ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر سەككىزدۇر. ئۇلارنىڭ تۆتى: ئى الله! سېنى بارلىق نوقسانلاردىن پاك دەپ بىلىمىز، سېنى مەدھىيىلەيمىز. گۇناھكارلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ھەممىسى بىلىپ تۇرۇپ مېھرىبانلىق قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن جىمى ھەمدۇسانالار ساڭا خاستۇر، دەيدۇ. قالغان تۆتى: ئى الله! سېنى پاك دەپ بىلىمىز، سېنى مەدھىيىلەيمىز، جازالاشقا قادىر تۇرۇقلۇق گۇناھكارلارنى ئەپۇ قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن جىمى ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇر، دەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەرىشتىلەر ئىمان ئېيتقانلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ﴾** يەنى سېنىڭ رەھمىتىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى، خاتالىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، سېنىڭ ئىلمىڭ ئۇلارنىڭ جىمى ئەمەللىرىنى، سۆزلىرىنى، ھەرىكەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**﴿تەۋبە قىلغانلارغا ۋە سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن﴾** يەنى يامان ئىش قىلغانلارنى ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلىپ گۇناھلاردىن يانسا، قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن پۈتۈنلەي قول ئۈزسە، سېنىڭ بۇيرۇقىڭغا بويسۇنسا، ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، يامان ئىشلاردىن يانسا، ئۇلارنى كەچۈرگىن.

**﴿ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾** يەنى ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن يىراق قىلغىن، ھالبۇكى ئۇ ئەلەم قىلغۇچى قاتتىق ئازابتۇر.

**﴿پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن، ئاياللىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن ياخشى بولغانلارنى ئۇلارغا ۋەدە قىلغان مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرگۈزگىن﴾** يەنى ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئارام تېپىش ئۈچۈن ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىنى بىر جايدا جەم قىلغىن.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىدىن قىلچىمۇ كېمەيتىۋەتمەيمىز﴾[1] يەنى ئۇلارنىڭ خاتىرجەم بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى دەرىجىدە باراۋەر قىلدۇق. تۆۋەن دەرىجىلىك بىلەن ئوخشاش بولسۇن ئۈچۈن يۇقىرى دەرىجىلىك ئادەمنىڭ دەرىجىسىنى كېمەيتىۋەتمىدۇق. ئەكسىچە ياخشى ئەمەلى ئاز ئادەمنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئۇنى ئۆز پەزلىمىز بىلەن ياخشى ئەمەلى كۆپ ئادەم بىلەن باراۋەر دەرىجىدە قىلدۇق.

سەئىد ئىبنى جۇبەير بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن بىر مۆمىن جەننەتكە كىرسە ئاتىسىنىڭ، ئوغلىنىڭ ۋە بىر تۇغقانىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سورايدۇ. ئۇنىڭغا: ئۇلار ئەمەلدە سېنىڭ دەرىجەڭگە يەتمىدى، دېيىلىدۇ. ئۇ: مەن ھەقىقەتەن ئۆزەم ئۈچۈنمۇ ۋە ئۇلار ئۈچۈنمۇ ئەمەل قىلغان ئىدىم، دەيدۇ. ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە قىلىنىدۇ. سەئىد ئىبنى جۇبەير يۇقىرىقى سۆزدىن كېيىن: **﴿پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن، ئاياللىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن ياخشى بولغانلارنى ئۇلارغا ۋەدە قىلغان مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرگۈزگىن. سەن ھەقىقەتەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى سەن﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

[1] سۈرە تۇر 21 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

مۇتىرىق ئىبنى ئابدۇللاھ: اللہ نىڭ مۆمىنلەرگە ئەڭ ياخشىلىق تىلەيدىغان بەندىلىرى پەرىشتىلەردۇر دەپ، ئارقىدىن: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن، ئاياللىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن ياخشى بولغانلارنى ئۇلارغا ۋەدە قىلغان مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرگۈزگىن﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى ۋە مۇنداق دېدى: مۆمىنلەرگە ئەڭ يامانلىق تىلەيدىغانلار شەيتاندۇر.

﴿سەن ھەقىقەتەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن﴾ يەنى سەن چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان، مەغلۇب بولمايدىغان، خالىغىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىدىغان، خالىمىغىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقمايدىغان بىر زات سەن. سەن يولغا قويغان، سەن ئورۇنلاشتۇرغان سۆز ـ ھەرىكەتلىرىڭدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن.

﴿پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن ساقلىغىن﴾ يەنى ئۇلارنى يامان ئىشنى قىلىشتىن ياكى سەن يامان ئىشقا گىرىپتار قىلغان ئادەمنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ساقلىغىن.

﴿سەن كىمنى يامان ئىشلاردىن ساقلايدىكەنسەن، شۈبھىسىزكى، بۇ كۈندە سەن ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغان بولىسەن﴾ يەنى قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق قىلىپ، ئۇنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرغان بولىسەن ﴿بۇ چوڭ بەختتۇر﴾.

* * * * * * *

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يُنَادَوْنَ لَمَقْتُ ٱللَّهِ أَكْبَرُ مِن مَّقْتِكُمْ أَنفُسَكُمْ إِذْ تُدْعَوْنَ إِلَى
ٱلْإِيمَٰنِ فَتَكْفُرُونَ ﴿١٠﴾ قَالُواْ رَبَّنَآ أَمَتَّنَا ٱثْنَتَيْنِ وَأَحْيَيْتَنَا ٱثْنَتَيْنِ فَٱعْتَرَفْنَا بِذُنُوبِنَا فَهَلْ إِلَىٰ
خُرُوجٍ مِّن سَبِيلٍ ﴿١١﴾ ذَٰلِكُم بِأَنَّهُۥٓ إِذَا دُعِيَ ٱللَّهُ وَحْدَهُۥ كَفَرْتُمْ ۖ وَإِن يُشْرَكْ بِهِۦ تُؤْمِنُواْ ۚ فَٱلْحُكْمُ
لِلَّهِ ٱلْعَلِيِّ ٱلْكَبِيرِ ﴿١٢﴾ هُوَ ٱلَّذِي يُرِيكُمْ ءَايَٰتِهِۦ وَيُنَزِّلُ لَكُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ رِزْقًا ۚ وَمَا يَتَذَكَّرُ إِلَّا مَن
يُنِيبُ ﴿١٣﴾ فَٱدْعُواْ ٱللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ وَلَوْ كَرِهَ ٱلْكَٰفِرُونَ ﴿١٤﴾

*شۈبھىسىزكى، كاپىرلارغا: «اللہ نىڭ (دۇنيادا) سىلەرگە بولغان غەزىپى سىلەرنىڭ (ئاخىرەتتە) بىر ـ بىرىڭلارغا بولغان غەزىپىڭلاردىن ئېشىپ چۈشىدۇ، چۈنكى سىلەر ئىمانغا دەۋەت قىلىناتتىڭلار، لېكىن ئىمان ئېيتمايتتىڭلار» دەپ نىدا قىلىنىدۇ[10]. ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ئىككى قېتىم ئۆلتۈرۈپ، ئىككى قېتىم تىرىلدۈردۈڭ، بىز گۇناھىمىزغا ئىقرار قىلدۇق، ئەمدى چىقىش يولى تېپىلارمۇ؟» دەيدۇ[11]. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، سىلەر اللہ نى بىر دەپ بىلىشكە چاقىرىلغانلىقىڭلاردا (بۇنى) ئىنكار قىلدىڭلار، ئەگەر اللہ غا شېرىك كەلتۈرۈلسە (يەنى لات، ئۇززا قاتارلىق بۇتلارغا چوقۇنۇشقا چاقىرىلساڭلار) ئۇنى تەستىق قىلىسىلەر (يەنى ئۇلارنىڭ ئىلاھلىقىنى ئېتىراپ قىلىسىلەر)، ھۆكۈم يۈكسەك، بۈيۈك اللہ غا خاستۇر[12]. اللہ سىلەرگە (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ، سىلەرگە كۆكتىن يامغۇر بىلەن رىزىق چۈشۈرۈپ بېرىدۇ، پەقەت اللہ نىڭ تائىتىگە قايتقان كىشىلەرلا (اللہ نىڭ ئايەتلىرىدىن) ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدۇ[13]. دىنىڭلارنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا اللہ غا ئىبادەت قىلىڭلار، كاپىرلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ[14].*

## كاپىرلارنىڭ دوزاختا كىرگەندىن كېيىن پۇشايمان قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

www.munber.org

اللە تائالا بۇ ئايەتتە كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈنى لاۋۇلداپ قاتتىق كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ئىچىدىكى چاغدا چاقىرىلىدىغانلىقىدىن، بۇ چاقىرىشنىڭ ئۇلاردىن ئىلگىرى ھېچكىمگە بولۇپ باقمىغانلىقىدىن، پەقەت اللە تائالانىڭ ئازابىغا دۇچ كەلگەندە بولىدىغانلىقىدىن، شۇ چاغدا ئۇلار دوزاخقا كىرىشكە سەۋەبچى بولغان يامان ئىشلارنى ئىلگىرى قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە قاتتىق ئاچچىقلايدىغانلىقىدىن، شۇ ئەسنادا پەرىشتىلەرنىڭ ئۇلارغا يۇقىرى ئاۋازدا، ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى چېغىدا ئىمانغا چاقىرىلسا كاپىر بولغانلىقلىرى ئۈچۈن اللە تائالانىڭ دۇنيادا سىلەرگە بولغان غەزىپى سىلەرنىڭ بۈگۈن قىيامەتتە مۇشۇ ھالەتتە ئۆزەڭلارغا بولغان غەزىپىڭلاردىن قاتتىقتۇر، دەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

**﴿اللە نىڭ (دۇنيادا) سىلەرگە بولغان غەزىپى سىلەرنىڭ (ئاخىرەتتە) بىر - بىرىڭلارغا بولغان غەزىپىڭلاردىن ئېشىپ چۈشىدۇ، چۈنكى سىلەر ئىمانغا دەۋەت قىلىناتتىڭلار، لېكىن ئىمان ئېيتمايتتىڭلار» دەپ نىدا قىلىنىدۇ﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئازغۇنلار دۇنيادا ئىمانغا دەۋەت قىلىنغاندا ئۇنى قوبۇل قىلماي بويۇنتاۋلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، اللە تائالانىڭ دۇنيادا ئۇلارغا بولغان غەزىپى ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنى اللە نىڭ ئازابىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەندە ئۆزلىرىگە بولغان غەزىپىدىن قاتتىقتۇر. ھەسەنبەسرى، مۇجاھىد، سۇددى، زەر ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ھەمەدانى، ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم، ئىبنى جەرىر تەبەرى قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەتنى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەپسىر قىلدى.

**﴿ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ئىككى قېتىم ئۆلتۈرۈپ، ئىككى قېتىم تىرىلدۈردۈڭ» دەيدۇ﴾** سەۋرى، ئەبۇئەھۋەستىن ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى اللە تائالانىڭ ﴿اللە نى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەركى، جانسىز ئىدىڭلار، اللە سىلەرگە جان بەردى (يەنى ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا، ئاناڭلارنىڭ قارنىدا ئابىمەنى ئىدىڭلار)، كېيىن (ئەجىلىڭلار توشقاندا) اللە جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن كېيىن اللە نىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتۇرۇلىسىلەر﴾[1] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ، دېدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، زەھھاك، قەتادە ۋە ئەبۇمالىك قاتارلىقلارمۇ ئوخشاش دېدى.

بۇ يەردە دېمەكچى بولغان ئاساسي مەقسەت شۇكى؛ كاپىرلار قىيامەت كۈنى اللە نىڭ ئالدىدا ھېساب بېرىشى ئۈچۈن تۇرغاندا، بۇ تۆۋەندىكى ئايەتتە دېيىلگەندەك ئۆزلىرىنىڭ دۇنياغا قايتۇرۇلۇشىنى سورايدۇ. دەيدۇ: ﴿ئەگەر سەن گۇناھكارلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدىغان بولساڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالەتنى كۆرگەن بولاتتىڭ)، ئۇلار ئېيتىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) كۆردۇق، ئاڭلىدۇق. بىزنى ياخشى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن (دۇنياغا) قايتۇرغىن، بىز (ئەمدى) ھەقىقەتەن (سېنىڭ ۋەدەڭنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە) ئىشەنگۈچىلەرمىز»﴾[2] ئۇلارغا جاۋاب بېرىلمەيدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇلار دوزاخنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەندە دوزاختا بولىۋاتقان ئازاب - ئوقۇبەتكە قاراپ، دۇنياغا قايتۇرۇلۇشنى دەسلەپكى قېتىمكىدىنمۇ بەكرەك چىڭ تۇرۇپ سورايدۇ. بىراق يەنىلا جاۋاب بېرىلمەيدۇ.

بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئۇلارنى دوزاخ ئۈستىدە توختىتىلغان چاغدا كۆرسەڭ (دەھشەتلىك بىر ھالنى كۆرەتتىڭ). ئۇلار: «كاشكى دۇنيا غا قايتۇرۇلساق ئىدۇق، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ

---

[1] سۈرە بەقەرە 28 - ئايەت
[2] سۈرە سەجدە 12 - ئايەت

www.munber.org

ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلمايتتۇق ۋە مۆمىنلەردىن بولاتتۇق» دەيدۇ. ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى يوشۇرغان ئىشلىرى (قەبىھ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن شۇنداق ئارزۇ قىلىشىدۇ) ئۇلارغا ئاشكارا بولدى، ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى ئەلۋەتتە يەنە قىلاتتى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار (ئىمان ئېيتاتتۇق دېگەن ۋەدىسىدە) يالغانچىلاردۇر﴾[1] ئۇلار دوزاختا كىرسە، ئۇنىڭدىكى ئوت ئاۋازى، تاياق ـ توقماق، زەنجىر ـ كىشەنلەرنىڭ ئازابىنى تېتىسا، ئۇلارنىڭ دۇنياغا قايتىش توغرىسىدىكى تەلۋى تېخىمۇ قاتتىقراق بولىدۇ.

﴿ئۇلار دوزاختا: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى چىقىرىۋەتسەڭ (دۇنيادىكى ۋاقىتتا) قىلغان ئەمەللىرىمىزدىن باشقا ئەمەللەرنى قىلساق» دەپ يالۋۇرۇپ توۋلايدۇ. (الله ئېيتىدۇ) «سىلەرگە ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلىپ، ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدىغان ئادەم ۋەز ـ نەسىھەت ئالالىغۇدەك ۋاقىت بەرمىدىممۇ؟ سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلدىغۇ، ئەمدى ئازابنى تېتىڭلار، زالىملارغا ھېچقانداق ياردەم بەرگۈچى يوق»﴾[2] ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى دوزاختىن چىقارغىن (ئاندىن دۇنياغا قايتۇرغىن)، ئەگەر بىز (شۇنىڭدىن كېيىن) يەنە گۇناھ قىلساق، بىز ھەقىقەتەن زالىم بولۇپ قالىمىز». الله ئېيتىدۇ: «جەھەننەمدە خار ھالدا قېلىڭلار، (ئۈستۈڭلاردىن ئازابنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ھەققىدە) ماڭا سۆز ئاچماڭلار»﴾[3].

بۇ ئايەت كەرىمدە ئۇلار تەلەپلىرىنى سىلىق ـ سىپايىلىق بىلەن سۆز ئەگىتىش ئۇسۇلىدا بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**پەرۋەردىگارىمىز بىزنى ئىككى قېتىم ئۆلتۈرۈپ، ئىككى قېتىم تىرىلدۈردۈڭ**﴾ يەنى سېنىڭ قۇدرىتىڭ بۈيۈكتۇر، سەن ھەقىقەتەن بىزنى جانسىز ھالەتتىن جانلىق ھالەتكە ئەكەلدىڭ، ئاندىن كېيىن بىزنى ئۆلتۈردۈڭ، ئاندىن كېيىن بىزنى تىرىلدۈردۈڭ، سەن خالىغان نەرسىنى قىلىشقا قادىرسەن، بىز ھەقىقەتەن گۇناھلىرىمىزنى ئېتىراپ قىلدۇق، بىز ھەقىقەتەن دۇنيادىكى چېغىمىزدا ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇق.

﴿**ئەمدى چىقىش يولى تېپىلارمۇ؟**﴾ يەنى سەن بىزنى دۇنياغا قايتۇرۇشقا ماقۇل بولامسەن؟ سەن ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىشقا قادىر. بىز دۇنياغا قايتۇرۇلساق، بۇرۇن قىلغان ئەمەللىرىمىزدىن باشقا ئەمەل قىلاتتۇق. ئەگەر بىز شۇنىڭدىن كېيىن يەنە گۇناھ قىلساق، بىز ھەقىقەتەن زالىم كىشىلەردىن بولۇپ قالىمىز. ئۇلارغا جاۋابەن: سىلەرنىڭ دۇنياغا قايتىشىڭلارغا يول يوق، دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دۇنياغا قايتۇرۇلماسلىقىنىڭ سەۋەبى ئۇلارغا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: سىلەرنىڭ تەبىئىتىڭلار ھەقنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئۇنى تەلەپمۇ قىلمايدۇ. بەلكى، ئۇنى يامان كۆرىدۇ ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن سىلەرنى توسىدۇ.

﴿**بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، سىلەر الله نى بىر دەپ بىلىشكە چاقىرىلغاندا (بۇنى) ئىنكار قىلدىڭلار، ئەگەر الله غا شېرىك كەلتۈرۈلسە (يەنى لات، ئۇززا قاتارلىق بۇتلارغا چوقۇنۇشقا چاقىرىلساڭلار) ئۇنى تەستىق قىلىسىلەر (يەنى ئۇلارنىڭ ئىلاھلىقىنى ئېتىراپ قىلىسىلەر)**﴾ يەنى ئەگەر سىلەر دۇنياغا قايتۇرۇلساڭلارمۇ مانا مۇشۇنداق قىلىسىلەر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى ئەلۋەتتە يەنە قىلاتتى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار (ئىمان ئېيتاتتۇق دېگەن ۋەدىسىدە) يالغانچىلاردۇر﴾[4].

---

[1] سۈرە ئەنئام 27 ـ 28 ـ ئايەتلەر
[2] سۈرە فاتىر 37ـ ئايەت
[3] سۈرە مۆئمىنۇ 107 ـ 108 ـ ئايەتلەر.
[4] سۈرە ئەنئام 28 ـ ئايەت

www.munber.org

**﴿ھۆكۈم يۈكسەك، بۈيۈك اﷲ غا خاستۇر﴾** يەنى اﷲ ئىنسانغا ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر، زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇ خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى ئازدۇرىدۇ. ئۇ خالىغان ئادەمنى رەھمىتى ئاستىغا ئالىدۇ، خالىغان ئادەمنى ئازابلايدۇ، اﷲ دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.

**﴿اﷲ سىلەرگە (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ﴾** يەنى اﷲ ئىنسانلارغا، ئۇلار كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ئاسمان ۋە زېمىندىكى مەخلۇقاتلاردا اﷲ نىڭ كامىل ياراتقۇچى، يوقتىن بار قىلغۇچى ۋە ئىجات قىلغۇچى اﷲ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك ئالامەتلەرنىڭ ئۆز قۇدرىتى ئىكەنلىكىنى ئاشكارا قىلىدۇ.

**﴿سىلەرگە كۆكتىن يامغۇر بىلەن رىزىق چۈشۈرۈپ بېرىدۇ﴾** بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان رىزىق يامغۇر بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تەملىرى، پۇراقلىرى، شەكىللىرى ۋە رەڭلىرى پەرقلىق بولغان زىرائەتلەرنى ۋە مېۋە - چېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ. گەرچە يامغۇرنىڭ سۈيى بىر بولسىمۇ، اﷲ نىڭ بۈيۈك قۇدرىتى بىلەن بۇ سۇدىن ئۆسكەن نەرسىلەرنىڭ ئارىسىدا پەرق باردۇر.

**﴿پەقەت اﷲ نىڭ تائەتىگە قايتقان كىشىلەرلا (اﷲ نىڭ ئايەتلىرىدىن) ۋەز - نەسىھەت ئالىدۇ﴾** يەنى پەقەت يىراقنى كۆرەلەيدىغان، اﷲ نىڭ تائەتىگە قايتقان ئادەملا بۇ نەرسىلەردىن ئىبرەت ئالىدۇ. تەپەككۇر قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ياراتقۇچى زاتنىڭ ئۇلۇغ ئىكەنلىكىگە دەلىل - ئىسپات قىلىدۇ.

## مۆمىنلەرنى ھەر قانداق ئەھۋالدا يالغۇز بىر اﷲ تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

**﴿دىنىڭلارنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا اﷲ غا ئىبادەت قىلىڭلار، كاپىرلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ﴾** يەنى ئىبادەت ۋە دۇئانى يالغۇز اﷲ تائالاغىلا خالىس قىلىڭلار، مۇشرىكلارنىڭ تۇتقان ۋە ماڭغان يوللىرىغا قارشىلىق بىلدۈرۈڭلار.

ئىمام ئەھمەد مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ھەر نامازدا سالامدىن كېيىن مۇنداق دەيتتى: يالغۇز اﷲ دىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، اﷲ نىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر، جىمى ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر. اﷲ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. كۈچ - قۇۋۋەت پەقەت اﷲ تائالاغىلا خاستۇر، اﷲ دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. بىز پەقەت يالغۇز بىر اﷲ تائالاغىلا ئىبادەت قىلىمىز. ئۇ نېمەت ۋە پەزل ئىگىسىدۇر. گۈزەل ماختاشلار ئۇنىڭغا خاستۇر. اﷲ تائالادىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. كاپىرلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ، بىز دىنىمىزنى شېرىك ۋە رىيادىن پاك قىلغان ھالدا اﷲ تائالاغا خالىس ئىبادەت قىلىمىز.

ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر نامازدىن كېيىن ئۇ كەلىمىلەر بىلەن تەسبىھ ئېيتاتتى، دەيدۇ. بۇ ھەدىسنىڭ ئوخشىشىنى ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ۋە نەسائى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام مۇسلىم، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرز نامازلارنىڭ ئارقىدىن مۇنداق دەيتتى: «يالغۇز اﷲ دىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، اﷲ نىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. پادىشاھلىق اﷲ تائالاغا خاستۇر، جىمى ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر. ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. كۈچ - قۇۋۋەت پەقەت اﷲ غىلا خاستۇر. اﷲ دىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر. بىز پەقەت اﷲ غىلا ئىبادەت قىلىمىز. نېمەت ۋە پەزل اﷲ غا خاستۇر. گۈزەل ماختاشلار اﷲ غىلا خاستۇر، اﷲ دىن باشقا ھېچ مەبۇد يوقتۇر، كاپىرلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ، بىز دىنىمىزنى پاك قىلغان ھالدا اﷲ غا خالىس ئىبادەت قىلىمىز».

* * * * * * *

www.munber.org

رَفِيعُ ٱلدَّرَجَٰتِ ذُو ٱلۡعَرۡشِ يُلۡقِى ٱلرُّوحَ مِنۡ أَمۡرِهِۦ عَلَىٰ مَن يَشَآءُ مِنۡ عِبَادِهِۦ لِيُنذِرَ يَوۡمَ
ٱلتَّلَاقِ ﴿١٥﴾ يَوۡمَ هُم بَٰرِزُونَ ۖ لَا يَخۡفَىٰ عَلَى ٱللَّهِ مِنۡهُمۡ شَىۡءٌ ۚ لِّمَنِ ٱلۡمُلۡكُ ٱلۡيَوۡمَ ۖ لِلَّهِ ٱلۡوَٰحِدِ ٱلۡقَهَّارِ
﴿١٦﴾ ٱلۡيَوۡمَ تُجۡزَىٰ كُلُّ نَفۡسِۭ بِمَا كَسَبَتۡ ۚ لَا ظُلۡمَ ٱلۡيَوۡمَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَرِيعُ ٱلۡحِسَابِ ﴿١٧﴾

***الله نىڭ مەرتىۋىسى يۇقىرىدۇر، (الله) ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر، (خالايىق) مۇلاقات بولۇشىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى)دىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، الله ئۆز ھۆكمى بويىچە بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە ۋەھيى چۈشۈرىدۇ﴿15﴾. ئۇلار قەبرىلەردىن چىققان كۈندە الله غا ئۇلاردىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن، ئەمەللىرىدىن، سىرلىرىدىن) ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ، بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟ غالىب بىر الله غا خاستۇر﴿16﴾. بۈگۈن ھەر ئادەمگە قىلغان ئەمەلىگە يارىشا جازا بېرىلىدۇ، بۈگۈن زۇلۇم يوقتۇر، الله ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر﴿17﴾.***

## الله تائالانىڭ بەندىلىرىنى قىيامەت كۈندىن ئاگاھلاندۇرۇشى ئۈچۈن ۋەھيي قىلغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ بۈيۈكلىكى ۋە ئۇلۇغلىقى، بۈيۈك ۋە يۈكسەك ئەرشىنىڭ جىمى مەخلۇقاتلىرىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر بېرىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ (ئازاب) ئاسمان شوتىلىرىنىڭ ئىگىسى الله تەرىپىدىن بولغان. پەرىشتىلەر ۋە روھ (يەنى جىبرىئىل) الله غا شۇنداق بىر كۈندە ئۆرلەيدۇكى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ يىل كېلىدۇ﴾[1].

بەزى ئالىملارنىڭ ئېيتىشىچە، ئەرش قىزىل ياقۇتتىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپى كەڭلىكى **50** مىڭ يىللىق مۇساپە، ئۇنىڭ يەتتىنچى قەۋەت زېمىنغىچە بولغان ئېگىزلىكى **50** مىڭ يىللىق مۇساپە ئىكەن.

**﴿الله ئۆز ھۆكمى بويىچە بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە ۋەھيي چۈشۈرىدۇ﴾** بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿الله ئۆز ئىرادىسى بويىچە خالىغان بەندىلىرىگە پەرىشتىنى ۋەھيي بىلەن نازىل قىلىپ (مۇنداق دەيدۇ): «(ئىنسانلارنى) ئاگاھلاندۇرۇڭلاركى، مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، مەندىن (يەنى ئازابىمدىن) قورقۇڭلار﴾[2] ﴿شۈبھىسىزكى، قۇرئان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ئىشەنچلىك جىبرىئىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى﴾[3].

**﴿(خالايىق) مۇلاقات بولۇشىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن﴾** بۇ ئايەت ھەققىدە ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ”يەۋمۇت تەلاق (يەنى مۇلاقات بولۇشىدىغان كۈن)“ قىيامەت كۈنىنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرىدۇر. الله

[1] سۈرە مەئارىج 3 - 4 - ئايەتلەر
[2] سۈرە نەھل 2 - ئايەت.
[3] سۈرە شۇئەرا 192 — 194 - ئايەتكىچە.

www.munber.org

بەندىلىرىنى ئۇ كۈندىن ئاگاھلاندۇردى. شۇڭا ھەرقانداق ئادەم ياخشى ـ يامان ئەمەلى بىلەن پات يېقىندا ئۇچرىشىدۇ.

﴿**ئۇلار قەبرىلەردىن چىققان كۈندە اللە غا ئۇلاردىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن، ئەمەللىرىدىن، سىرلىرىدىن) ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوچۇق ئاشكارا بولىدۇ. ئۇلارنى ھېچبىر يوشۇرغۇچى، نە سايە تاشلاپ تۇرغۇچى، نە پەردە بولغۇچى بولمايدۇ.

﴿**بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟ غالىب بىر اللە غا خاستۇر**﴾ يۇقىرىدا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بايان قىلغان ھەدىسىدە اللە تائالا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى چاڭگىلىغا قاتلاپ ئالىدىغانلىقى، ئاندىن كېيىن: «مەن پادىشاھ، مەن قەھىر قىلغۇچى، مەن ئۇلۇغلۇق ئىگىسى. زېمىننىڭ پادىشاھلىرى قېنى؟ غالىبلار قېنى؟ ئۇلۇغلار قېنى؟» دەيدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

سۈر تۇغرىسىدا كەلگەن ھەدىستە اللە تائالا جىمى مەخلۇقنىڭ جېنىنى ئالغاندا، ھېچ شېرىكى بولمىغان يالغۇز اللە دىن باشقا ھەممە نەرسىنىڭ ئۆلۈدىغانلىقى، شۇ چاغدا اللە تائالانىڭ ئۈچ قېتىم: بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟» دەيدىغانلىقى، ئاندىن كېيىن ئۆزىگە: ﴿**غالىب بىر اللە غا خاستۇر**﴾ دەپ جاۋاب بېرىدىغانلىقى بايان قىلىندى. يەنى اللە ھەممە نەرسە ئۈستىدىن غالىبتۇر.

﴿**بۈگۈن ھەر ئادەمگە قىلغان ئەمەلىگە يارىشا جازا بېرىلىدۇ، بۈگۈن زۇلۇم يوقتۇر، اللە ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر**﴾ يەنى اللە تائالا بۇ ئايەتتە ياخشىلىق ۋە يامانلىقتا زەررىچىلىكمۇ ئۇۋال قىلماستىن، بەلكى بىر ياخشىلىققا **10** ھەسسە مۇكاپات بېرىپ، بىر يامانلىققا بىر جازا بېرىپ، كىشىلەر ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بۈگۈن زۇلۇم يوقتۇر**﴾.

ئىمام مۇسلىم، ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس قۇددىسىدا اللە تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللە ئى بەندىلىرىم! ھەقىقەتەن مەن زۇلۇمنى ئۆزەمگە ھارام قىلدىم ۋە ئۇنى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىمۇ ھارام قىلدىم، بىر ـ بىرىڭلارغا زۇلۇم قىلماڭلار...[1] ئى بەندىلىرىم! ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلار، مەن ئۇنى سىلەرگە خاتىرلەپ قويىدۇم، سىلەرگە ئۇنىڭغا قارىتا تولۇق مۇكاپات ياكى جازا بېرىمەن. كىمكى ياخشىلىققا ئېرىشسە اللە تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتسۇن! كىمكى، ياخشىلىقتىن باشقىغا ئېرىشسە، ئۆزىگە ـ ئۆزى مالامەت قىلسۇن!».

﴿**اللە ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر**﴾ يەنى اللە تائالا خالايىقنىڭ ھەممىسىدىن خۇددى بىر ئادەمدىن ھېساب ئالغاندەك تېز ھېساب ئالىدۇ.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ (دەسلەپتە) يارىتىلىشىڭلار، (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرۈلۈشىڭلار پەقەت بىر ئادەمنىڭ يارىتىلىشى، بىر ئادەمنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشىگە ئوخشاشتۇر. اللە ھەقىقەتەن (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەمەللىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[2] ﴿(بىرەر شەيئىنى ياراتماقچى بولساق) بىزنىڭ ئەمرىمىز پەقەت بىر سۆزدۇر، (ئۇ) كۆزنى يۇمۇپ ئاچقاننىڭ ئارىلىقىدا (ئورۇنلىنىدۇ)﴾[3].

* * * * * * *

---

[1] بۇ ھەدىس ئەسلىدىكى تېكىستتىن قىسقارتىلىپ، ئايەتكە مۇناسىۋەتلىك يەرلىرىلا ئېلىنغان.
[2] سۈرە لوقمان 28 ـ ئايەت.
[3] سۈرە قەمەر 50 ـ ئايەت.

www.munber.org

وَأَنذِرۡهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡأٓزِفَةِ إِذِ ٱلۡقُلُوبُ لَدَى ٱلۡحَنَاجِرِ كَٰظِمِينَۚ مَا لِلظَّٰلِمِينَ مِنۡ حَمِيمٖ وَلَا شَفِيعٖ
يُطَاعُ ﴿١٨﴾ يَعۡلَمُ خَآئِنَةَ ٱلۡأَعۡيُنِ وَمَا تُخۡفِي ٱلصُّدُورُ ﴿١٩﴾ وَٱللَّهُ يَقۡضِي بِٱلۡحَقِّۖ وَٱلَّذِينَ يَدۡعُونَ مِن
دُونِهِۦ لَا يَقۡضُونَ بِشَيۡءٍۗ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡبَصِيرُ ﴿٢٠﴾

***ئۇلارنى قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇ چاغدا دىللار (قورقۇنچنىڭ قاتتىقلىقىدىن) بوغۇزلارغا قاپلىشىۋالىدۇ، ئۇلار قايغۇ ـ ھەسرەتكە تولىدۇ، زالىملارغا يېقىن دوست ۋە شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدىغان شاپائەتچى بولمايدۇ[18]. اللّٰه كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللاردىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ[19]. اللّٰه ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئۇلار اللّٰه نى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلار ھېچ نەرسىگە ھۆكۈم چىقىرىشقا قادىر ئەمەس، اللّٰه ھەقىقەتەن (بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر[20].***

## قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە اللّٰه تائالانىڭ ئۇ كۈندىكى ھۆكۈمى توغرىسىدا

بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان "يَوۡمَ الآزِفَةِ" دېگەن سۆز قىيامەت كۈنىنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرىدۇر. قىيامەت كۈنى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان. بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قىيامەت يېقىنلاشتى. ئۇنىڭغا اللّٰه دىن باشقا كەشىپ قىلغۇچى (يەنى ئۇنىڭ ۋاقتىنى بىلگۈچى ياكى ئۇنىڭ ئازابىنى دەپئى قىلغۇچى) يوقتۇر﴾[1] ﴿قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى﴾[2] ﴿كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ (ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىنىدىغان ۋاقىت (يەنى قىيامەت) يېقىنلاشتى﴾[3] ﴿اللّٰه نىڭ پەرمانى (يەنى قىيامەت) چوقۇم كېلىدۇ، ئۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمەڭلار﴾[4] ﴿ئۇلار ئازابنىڭ ئۆزلىرىگە يېقىنلىقىنى كۆرگەن چاغدا يۈزلىرى قارىداپ كېتىدۇ﴾[5].

﴿**ئۇ چاغدا دىللار (قورقۇنچنىڭ قاتتىقلىقىدىن) بوغۇزلارغا قاپلىشىۋالىدۇ، ئۇلار قايغۇ ـ ھەسرەتكە تولىدۇ**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قەتادە مۇنداق دېدى: يۈرەك قورقۇنچنىڭ قاتتىقلىقىدىن بوغۇزلارغا قاپلىشىپ قېلىپ، يا يۇقىرىغا چىقمايدۇ ياكى ئورنىغا يانمايدۇ. ئىكرىمە، سۇددى ۋە بىر قانچە كىشىلەرمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: اللّٰه تائالانىڭ رۇخسىتىسىز ھېچكىم سۆز قىلالماستىن جىم ـ جىت ھالەتتە تۇرىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ.

﴿جىبرىئىل ۋە پەرىشتىلەر سەپ بولۇپ تۇرۇپ كېتىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەتتە)، ئۇلار (نىڭ ئارىسىدا) مېھرىبان اللّٰه نىڭ ئىزنىگە ئېرىشكەن ۋە توغرا سۆزنى قىلغانلاردىن باشقا ھېچ ئەھەدىنىڭ سۆز قىلىشىغا بولمايدۇ﴾[6].

﴿**زالىملارغا يېقىن دوست ۋە شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدىغان شاپائەتچى بولمايدۇ**﴾ يەنى اللّٰه غا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلارغا پايدىسى تېگىدىغان يېقىن دوست ۋە ئۇلارغا شاپائەت

---

[1] سۈرە نەجم 57 ـ 58 ـ ئايەت.
[2] سۈرە قەمەر 1ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەنبىيا 1ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە نەھل 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە مۇلك 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] سۈرە نەبە 38 ـ ئايەت.

www.munber.org

قىلالايدىغان شاپائەتچى تېپىلمايدۇ. بەلكى ئۇلارغا يېتىدىغان ھەر قانداق ياخشىلىقنىڭ يوللىرى كېسىلگەن.

﴿**اللّٰه كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللاردىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ**﴾ يەنى اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە جىمى نەرسىنى، ياخشىسىنى، ناچىرىنى، كىچىكىنى، چوڭىنى، ئىنچىكىسىنى، تومىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغانلىقىدىن خەۋەر قىلىدۇ. بۇنى اللّٰه تائالا ئىنسانلارنىڭ نېمە قىلىشۋاتقانلىقىنى اللّٰه نىڭ بىلىپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئۇلارنىڭ ھەزەر قىلىشى، اللّٰه دىن ھەقىقىي ھايا قىلىشى، اللّٰه تائالاغا ھەقىقىي تەقۋادارلىق قىلىشى، اللّٰه نى كۆرۈپ تۇرىۋاتىدۇ دەپ ھېس قىلىدىغان ئادەمدەك اللّٰه دىن قورقۇشى ئۈچۈن خەۋەر قىلىدۇ. گەرچە كۆزلەر ئامانەتدارلىقنى ئىزھار قىلىپ تۇرسىمۇ، اللّٰه تائالا قايسى كۆزلەرنىڭ خىيانەت قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ. اللّٰه دىللارغا يوشۇرۇنغان يوشۇرۇن نەرسىلەرنى ۋە سىرلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.

زەھھاك مۇنداق دەيدۇ: كۆزلەرنىڭ خىيانىتىدىن: تەنە قىلىپ كۆز قىسىش، بىر ئادەمنىڭ كۆرمىگەننى كۆردۈم دېيىشى، ياكى كۆرگەننى كۆرمىدىم دېيىشى قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: اللّٰه تائالا كۆزنىڭ قارىشىدىن ئۇ كۆزنىڭ خىيانەت قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. مۇجاھىد ۋە قەتادىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما اللّٰه تائالانىڭ ﴿**ۋە دىللاردىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر سەن بىر ئايال بىلەن زىنا قىلىشقا قادىر بولالىساڭ، اللّٰه سېنىڭ زىنا قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقىڭنى بىلىدۇ. سۇددى: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى اللّٰه تائالا دىللاردىكى ۋەسۋەسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ دېگەنلىكتۇر دېدى.

﴿**اللّٰه ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ**﴾ ئەئمەش، سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللّٰه ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن مۇكاپات بېرىشكە، يامانلىققا يامانلىق بىلەن جازا بېرىشكە قادىردۇر. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەتكە بەرگەن تەپسىرى تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشايدۇ: ﴿(اللّٰه) يامانلىق قىلغانلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ جازالايدۇ، ياخشىلىق قىلغانلارغا چىرايلىق مۇكاپات بېرىدۇ﴾[1].

﴿**ئۇلار اللّٰه نى قويۇپ ئىبادەت قىلىشۋاتقان بۇتلار ھېچ نەرسىگە ھۆكۈم چىقىرىشقا قادىر ئەمەس**﴾ يەنى بۇتلار ھېچنەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ ۋە ھېچنەرسىگە ھۆكۈم چىقىرالمايدۇ.

﴿**اللّٰه ھەقىقەتەن (بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ يەنى اللّٰه خالايىقلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. اللّٰه خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى ئازدۇرىدۇ. اللّٰه جىمى نەرسىدە ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغۇچىدۇر.

* * * * * * *

---

[1] سۈرە نەجم 31 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

۞ أَوَلَمۡ يَسِيرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَيَنظُرُواْ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ كَانُواْ مِن قَبۡلِهِمۡۚ كَانُواْ هُمۡ أَشَدَّ
مِنۡهُمۡ قُوَّةٗ وَءَاثَارٗا فِي ٱلۡأَرۡضِ فَأَخَذَهُمُ ٱللَّهُ بِذُنُوبِهِمۡ وَمَا كَانَ لَهُم مِّنَ ٱللَّهِ مِن وَاقٖ ﴿٢١﴾ ذَٰلِكَ
بِأَنَّهُمۡ كَانَت تَّأۡتِيهِمۡ رُسُلُهُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِ فَكَفَرُواْ فَأَخَذَهُمُ ٱللَّهُۚ إِنَّهُۥ قَوِيّٞ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ﴿٢٢﴾

*ئۇلار زېمىندا سەير قىلىپ، ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئۇلار بولسا زېمىندا كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە يادىكارلىقلار (يەنى ئۆي ـ ئىمارەت قۇرۇش) جەھەتتە بۇلار (يەنى سېنىڭ قەۋمىڭنىڭ كاپىرلىرى) دىن ئۈستۈن ئىدى، گۇناھى تۈپەيلىدىن الله ئۇلارنى جازالىدى، ئۇلارنى ھېچ ئەھەدى الله نىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالالمىدى*[21]*. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ئۇلار ئىشەنمىدى، شۇنىڭ بىلەن الله ئۇلارنى جازالىدى. الله ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، (الله نىڭ) ئازابى قاتتىقتۇر*[22].

## پەيغەمبەرلىكنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ يامان ئاقىۋىتى توغرىسىدا

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭنى ئىنكار قىلغان ئەنە شۇ كاپىرلار ﴿**زېمىندا سەير قىلىپ، ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟**﴾ يەنى ئۇلار كېزىپ يۈرۈپ ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتلەرنى ۋە ئۇلارغا چۈشكەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ۋەھالەنكى ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەر زېمىندا مەككە كاپىرلىرىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت ﴿**ۋە يادىكارلىقلار**﴾ جەھەتتە ئۈستۈن ئىدى. يەنى ئۇلار زېمىندا مەككە كاپىرلىرىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان نۇرغۇن بىنالارنى، يوللارنى ۋە ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى يادىكار قالدۇرۇپ كەتتى.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿بىز ئۇلارنى (يەنى ئاد قەۋمىنى) (پۇل ـ مال، كۈچ ـ قۇۋۋەت جەھەتتە) سىلەرنى قادىر قىلمىغان نەرسىلەرگە قادىر قىلدۇق﴾[1] ﴿ئۇلار يەر يۈزىدە كېزىپ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ئۇلار (يەنى ئۆتكەنلەر) قۇۋۋەتتە بۇلاردىن كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار زىرائەت تېرىشتا، ئىمارەت سېلىشتا بۇلار (يەنى قۇرەيشلەر) دىن ئۈستۈن ئىدى﴾[2] يەنى ئۇلار مانا شۇنداق چوڭ كۈچ قۇۋۋەتكە ئىگە تۇرۇقلۇق پەيغەمبەرلەرگە كاپىر بولغانلىقى ئۈچۈن الله ئۇلارنى ھالاك قىلدى.

﴿**ئۇلارنى ھېچ ئەھەدى الله نىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالالمىدى**﴾ يەنى ئۇلارنى الله تائالانىڭ ئازابىدىن ھېچ كىشى قوغدىيالمىدى، ئۇلاردىن ئازابنى قايتۇرىدىغان ھېچكىم بولمىدى. ئۇلارنى ھېچكىم ساقلاپ قالالمىدى.

الله تائالا ئۇلارنى ھالاك قىلىشنىڭ سەۋەبىنى ۋە ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى**﴾ يەنى روشەن دەلىللەر، كەسكىن پاكىتلارنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ﴿**ئۇلار ئىشەنمىدى**﴾ يەنى پەيغەمبەرلەر مۇشۇنداق دەلىل ـ پاكىتلارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ ئۇلار بۇنىڭغا ئىشەنمىدى ۋە تانىدى.

﴿**شۇنىڭ بىلەن الله ئۇلارنى جازالىدى**﴾ يەنى الله ئۇلارنى ھالاك قىلدى ۋە دىيارلىرىنى ۋەيران قىلدى. كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ. ﴿**الله ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، (الله نىڭ) ئازابى قاتتىقتۇر**﴾ يەنى

---

[1] سۈرە ئەھقاب 26 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە رۇم 9 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

اللە بۈيۈك قۇۋۋەت ئىگىسىدۇر، قاتتىق ئەلەملىك ئازاب قىلغۇچىدۇر. اللە بىزنى ئۇ ئازابتىن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن! (ئامىن)

* * * * * * *

وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا مُوسَىٰ بِـَٔايَـٰتِنَا وَسُلْطَـٰنٍ مُّبِينٍ ﴿٢٣﴾ إِلَىٰ فِرْعَوْنَ وَهَـٰمَـٰنَ وَقَـٰرُونَ فَقَالُوا۟
سَـٰحِرٌ كَذَّابٌ ﴿٢٤﴾ فَلَمَّا جَآءَهُم بِٱلْحَقِّ مِنْ عِندِنَا قَالُوا۟ ٱقْتُلُوٓا۟ أَبْنَآءَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مَعَهُۥ
وَٱسْتَحْيُوا۟ نِسَآءَهُمْ ۚ وَمَا كَيْدُ ٱلْكَـٰفِرِينَ إِلَّا فِى ضَلَـٰلٍ ﴿٢٥﴾ وَقَالَ فِرْعَوْنُ ذَرُونِىٓ أَقْتُلْ مُوسَىٰ
وَلْيَدْعُ رَبَّهُۥٓ ۖ إِنِّىٓ أَخَافُ أَن يُبَدِّلَ دِينَكُمْ أَوْ أَن يُظْهِرَ فِى ٱلْأَرْضِ ٱلْفَسَادَ ﴿٢٦﴾ وَقَالَ مُوسَىٰٓ إِنِّى
عُذْتُ بِرَبِّى وَرَبِّكُم مِّن كُلِّ مُتَكَبِّرٍ لَّا يُؤْمِنُ بِيَوْمِ ٱلْحِسَابِ ﴿٢٧﴾

***بىز مۇسانى مۆجىزىلىرىمىز بىلەن، روشەن دەلىل بىلەن ھەقىقەتەن پىرئەۋنگە، ھامانغا ۋە قارۇنغا ئەۋەتتۇق، ئۇلار (مۇسانى) يالغانچى، سېھىرگەر دېيىشتى[24-23]. مۇسا ئۇلارغا دەرگاھىمىزدىن ھەق (يەنى پەيغەمبەرلىك) بىلەن كەلگەندە، ئۇلار: «مۇسا بىلەن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئوغۇللىرىنى (نەسلىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن) ئۆلتۈرۈڭلار، ئاياللىرىنى (خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن) قالدۇرۇڭلار» دېدى. كاپىرلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرى پەقەت بەربات بولىدۇ[25]. پىرئەۋن ئېيتتى: «مېنى قويۇۋېتىڭلار، مۇسانى ئۆلتۈرىمەن، مۇسا (ئۆزىنى مەندىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن) پەرۋەردىگارىنى چاقىرسۇن، مەن ھەقىقەتەن مۇسانىڭ دىنىڭلارنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ياكى زېمىندا (يەنى دۆلەتتە) قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشىدىن قورقىمەن»[26]. مۇسا ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار (بولغان اللە) غا سېغىنىپ، ھېساب كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) گە ئىشەنمەيدىغان ھەر بىر مۇتەكەببىر (نىڭ زىيانكەشلىك قىلىشى) دىن پاناھ تىلەيمەن»[27].***

## مۇسا بىلەن پىرئەۋننىڭ قىسسىسى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتلەردە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇ ئۆز قەۋمى تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ئارقىلىق تەسەللىي بېرىدۇ. ياخشى ئاقىۋەت ۋە غەلىبە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ. اللە تائالا مۇسا ئىبنى ئىمران ئەلەيھىسسالامغىمۇ مۇشۇنداق ياخشى ئاقىۋەت ۋە غەلىبىنى ئاتا قىلغان. چۈنكى، اللە تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى روشەن مۆجىزىلەر، ئوچۇق دەلىللەر بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى.

﴿**بىز مۇسانى مۆجىزىلىرىمىز بىلەن، روشەن دەلىل بىلەن ھەقىقەتەن پىرئەۋنگە، ھامانغا ۋە قارۇنغا ئەۋەتتۇق**﴾ پىرئەۋن مىسىر دىيارىدىكى قىبتى مىللىتىنىڭ پادىشاھىدۇر، ھامان پىرئەۋننىڭ ۋەزىرى ئىدى. قارۇن شۇ زاماندىكى بايلىقى ۋە تىجارىتى ئەڭ كۆپ ئادەم ئىدى.

﴿**ئۇلار (مۇسانى) يالغانچى، سېھىرگەر دېيىشتى**﴾ يەنى ئۇلار مۇسانى ئىنكار قىلىشتى، ئۇنى ساراڭ، ئېلىشىپ قالغان، اللە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى دېگەن سۆزىدە يالغانچى دېيىشتى. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلاردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرمۇ شۇنداق ئىدى، ئۇلارغا ھەر پەيغەمبەر كەلسىلا ئۇلار (ئۇنى): «بىر سېھىرگەر ياكى بىر مەجنۇن» دېدى. ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشنى) بىر ـ

www.munber.org

بىرىگە تەۋسىيە قىلىشقانمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئۇنداق تەۋسىيە قىلىشقان ئەمەس) ئۇلار ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمدۇر﴾[1].

**﴿مۇسا ئۇلارغا دەرگاھىمىزدىن ھەق (يەنى پەيغەمبەرلىك) بىلەن كەلگەندە﴾** يەنى مۇسا اﷲ تائالانىڭ ئۆزىنى ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان كەسكىن دەلىل بىلەن كەلگەندە، **﴿ئۇلار: « مۇسا بىلەن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئوغۇللىرىنى (نەسلىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن) ئۆلتۈرۈڭلار، ئاياللىرىنى (خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن) قالدۇرۇڭلار » دېدى﴾.**

بۇ پىرئەۋننىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئۆلتۈرۈشكە قىلغان ئىككىنچى بۇيرۇقى. ئۇنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئۆلتۈرۈشكە قىلغان بىرىنچى بۇيرۇقىغا كەلسەك؛ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىدى. ياكى، بۇ خەلقنى خارلاش ۋە سانىنى ئازايتىش ئىدى. ياكى بولمىسا، ھەر ئىككىلىسى يەنى مۇسادىن ساقلىنىش ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنى دەپسەندە قىلىش ئىدى. ئۇنىڭ ئىككىنچى بۇيرۇقىغا كەلسەك؛ بۇ خەلقنى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن شۇم پال ئالدۇق دېگۈزۈش ئۈچۈن ئۇلارغا ئاھانەت قىلىش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ﴿ئۇلار: « سەن بىزگە كېلىشتىن بۇرۇنمۇ، كەلگەندىن كېيىنمۇ ھامان خارلىنىپ كەلدۇق » دېدى. مۇسا: « پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ھالاك قىلىشى، (مىسىر) زېمىنىدائۇلارنىڭ ئورنىغا سىلەرنى دەسسىتىشى، سىلەرنىڭ قانداق ئىش قىلىدىغانلىقىڭلارغا قارىشى مۇھەققەقتۇر » دېدى﴾[2].

**﴿كاپىرلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرى پەقەت بەربات بولىدۇ﴾** يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ پىرئەۋن ئۈستىدىن غەلىبە قازىنالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ سانىنى ئاز كۆرسىتىشتە پىرئەۋننىڭ قىلغان ھىيلە ـ مىكىرلىرى، يامان نىيەتلىرى پەقەت شامالغا ئۇچۇپ كەتكەندەكلا بەربات بولىدۇ.

**﴿پىرئەۋن ئېيتتى: « مېنى قويۇۋېتىڭلار، مۇسانى ئۆلتۈرىمەن، مۇسا (ئۆزىنى مەندىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن) پەرۋەردىگارىنى چاقىرسۇن﴾** بۇ لەنىتى پىرئەۋننىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشكە بەل باغلىشى ئىدى. يەنى ئۇ قەۋمىگە مۇنداق دېدى: مېنى قويۇۋېتىڭلار مەن ئۇنى سىلەرگە ئۆلتۈرۈپ بېرەي. **﴿مۇسا پەرۋەردىگارىنى چاقىرسۇن﴾** مەن پەرۋا قىلمايمەن. مانا بۇ ھەقىقەتكە غايەت زور دەرىجىدە تانغانلىق، ھۇجۇم قىلغانلىق ۋە قارشىلاشقانلىقتۇر.

**﴿مەن ھەقىقەتەن مۇسانىڭ دىنىڭلارنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ياكى زېمىندا (يەنى دۆلەتتە) قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشىدىن قورقىمەن﴾** يەنى پىرئەۋن، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلارنى ئازدۇرۇۋېتىشىدىن، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن قورققان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. بۇ خۇددى بىر ماقال ـ تەمسىلدە دېيىلگەندەك: كۆرۈنۈشتە پىرئەۋن ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچى بولۇپ قالدى. يەنى ئۇ ۋەز ئېيتىپ ئىنسانلارنى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارغا شەپقەت كۆرسەتكۈچى بولغان كىشى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى.

**﴿مۇسا ئېيتتى: « مەن ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار (بولغان اﷲ) غا سېغىنىپ، ھېساب كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى)گە ئىشەنمەيدىغان ھەر بىر مۇتەكەببىر (نىڭ زىيانكەشلىك قىلىشى)دىن پاناھ تىلەيمەن »﴾** يەنى پىرئەۋننىڭ: **﴿مېنى قويۇۋېتىڭلار، مۇسانى ئۆلتۈرىمەن﴾** دېگەن سۆزى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا يەتكەن چاغدا، مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: اﷲ غا ئىلتىجا قىلىمەن، پىرئەۋننىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ يامانلىقىدىن اﷲ غا سېغىنىپ

[1] سۈرە زارىيات 52 ـ 53 ـ ئايەتلەر
[2] سۈرە ئەئراف 129 ـ ئايەت.

www.munber.org

پاناھ تىلەيمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: ئى خىتاب قىلىنغۇچىلار ﴿«مەن ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار (بولغان اللّٰه )غا سېغىنىپ، ھېساب كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى)گە ئىشەنمەيدىغان ھەر بىر مۇتەكەببىر (نىڭ زىيانكەشلىك قىلىشى) دىن﴾ يەنى ھەقنى قوبۇل قىلىشتىن تەكەببۇرلۇق قىلغان ھەر بىر گۇناھكار ۋە ئىسيانكاردىن پاناھ تىلەيمەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قەۋمنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قورقسا مۇنداق دەيتتى: «ئى اللّٰه! بىز ھەقىقەتەن ساڭا سېغىنىپ ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن پاناھ تىلەيمىز، سېنىڭ بىلەن ئۇلاردىن قوغدىنىمىز».

* * * * * * *

وَقَالَ رَجُلٌ مُّؤْمِنٌ مِّنْ ءَالِ فِرْعَوْنَ يَكْتُمُ إِيمَـٰنَهُۥٓ أَتَقْتُلُونَ رَجُلًا أَن يَقُولَ رَبِّىَ ٱللَّهُ وَقَدْ جَآءَكُم بِٱلْبَيِّنَـٰتِ مِن رَّبِّكُمْ ۖ وَإِن يَكُ كَـٰذِبًا فَعَلَيْهِ كَذِبُهُۥ ۖ وَإِن يَكُ صَادِقًا يُصِبْكُم بَعْضُ ٱلَّذِى يَعِدُكُمْ ۖ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهْدِى مَنْ هُوَ مُسْرِفٌ كَذَّابٌ ﴿٢٨﴾ يَـٰقَوْمِ لَكُمُ ٱلْمُلْكُ ٱلْيَوْمَ ظَـٰهِرِينَ فِى ٱلْأَرْضِ فَمَن يَنصُرُنَا مِنۢ بَأْسِ ٱللَّهِ إِن جَآءَنَا ۚ قَالَ فِرْعَوْنُ مَآ أُرِيكُمْ إِلَّا مَآ أَرَىٰ وَمَآ أَهْدِيكُمْ إِلَّا سَبِيلَ ٱلرَّشَادِ ﴿٢٩﴾

*پىرئەۋن خانىدانىغا مەنسۇپ، ئىمانىنى يوشۇرىدىغان بىر مۆمىن ئادەم ئېيتتى: «سىلەر ”پەرۋەردىگارىم اللّٰه“ دېگەن كىشىنى ئۆلتۈرەمسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇ سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدىن روشەن دەلىللەرنى ئېلىپ كەلدى. ئەگەر ئۇ (پەيغەمبەرلىك دەۋاسىدا) يالغانچى بولسا، يالغانچىلىقىنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگىدۇر، ئەگەر ئۇ راستچىل بولسا، ئۇ سىلەرنى قورقۇتقان ئازابنىڭ بىر قىسمى سىلەرگە كېلىدۇ، اللّٰه ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقان يالغانچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ*﴿28﴾*. ئى قەۋمىم! بۈگۈن سەلتەنەت سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىدۇر، (مىسىر) زېمىنىدا سىلەر غالىبسىلەر، ئەگەر بىزگە اللّٰه نىڭ ئازابى كەلسە، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا بىزگە كىم ياردەم بېرىدۇ؟» پىرئەۋن ئېيتتى: «مەن سىلەرگە پەقەت نېمىنى توغرا دەپ قارىسام، شۇنى مەسلىھەت بېرىمەن. سىلەرنى مەن پەقەت توغرا يولغا باشلايمەن»*﴿29﴾.

## پىرئەۋن تەۋەسىدىن بىر مۆمىن بىلەن مۇسانى كۆچلەندۈرۈش ۋە ئۇ مۆمىننىڭ قىلغان خىتابى توغرىسىدا

مەشھۇر رىۋايەتلەرگە قارىغاندا بۇ مۆمىن قىبتى مىللىتىدىن بولۇپ پىرئەۋن تەۋەسىدىن ئىدى. سۇددى: ئۇ ئادەم پىرئەۋننىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئىدى، ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە نىجاتلىققا ئېرىشكەن دېيىلىدۇ، دېدى. ئىبنى ئەبۇ ھاتەم، ئىبنى جۇرەيجدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پىرئەۋن تەۋەسىدىن بۇ ئادەم ۋە پىرئەۋننىڭ ئايالىدىن باشقا ھېچكىم ئىمان ئېيتمىدى. بۇ ئادەم : ﴿ئى مۇسا! شۈبھىسىزكى، كاتتىلار سېنى ئۆلتۈرۈشنى مەسلىھەت

قىلىشىۋاتىدۇ﴾[1] دېگەن ئادەم ئىدى. بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقىنى قىبتى قەۋمىدىن يوشۇرۇپ كەلگەن ئىدى. ئۇ پەقەت پىرئەۋن: ﴿**مېنى قويۇۋېتىڭلار، مۇسانى ئۆلتۈرىمەن**﴾ دېگەن چاغدا ئىمانىنى ئاشكارىلىدى. ئۇنىڭ اللە تائالا رازىلىقى ئۈچۈن غەزىپى تاشقان ئىدى. جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا ھەق سۆز قىلىشتۇر. بۇ ھەقتە ھەدىستىمۇ شۇنداق دېيىلگەن: ئۇ ئادەم ﴿**پەرۋەردىگارىم اللە دېگەن كىشىنى ئۆلتۈرەمسىلەر؟**﴾ دېگەن سۆزنى قىلغان ئۇ سۆزى پىرئەۋنىنىڭ ئالدىدا بۇ سۆزدىن ئەڭ كاتتا سۆز يوق.

ئىمام بۇخارى ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا: مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ قاتتىق ئەزىيەت قىلغان ئىشتىن خەۋەر بەرگىن، دېدىم. ئابدۇللاھ مۇنداق دېدى: بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەئبىنىڭ ئالدىدا ناماز ئوقۇۋاتاتتى، دەل شۇ چاغدا ئۇقبە ئىبنى ئەبۇمۇئىيت كەلدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ، كىيىمىنى قايرىپ، بويىنىغا يۆگەپ قاتتىق بوغدى، شۇ پەيتتە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەرھال كېلىپ، ئۇقبىنى مۈرىسىدىن ئىتتىرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاجراتتى. ئاندىن: ﴿**"پەرۋەردىگارىم اللە" دېگەن كىشىنى ئۆلتۈرەمسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇ سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدىن روشەن دەلىللەرنى ئېلىپ كەلدى**﴾ دېدى.

﴿**ئۇ سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدىن روشەن دەلىللەرنى ئېلىپ كەلدى**﴾ يەنى پەرۋەردىگارىم اللە دېگەن، سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنىڭ راست ئىكەنلىكىگە دەلىل - پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بىر ئادەمنى قانداقمۇ ئۆلتۈرۈسىلەر؟

ئاندىن كېيىن ئۇ مۆمىن ئۇلارغا قىلغان سۆزىنى سىلىقلاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئەگەر ئۇ (پەيغەمبەرلىك دەۋاسىدا) يالغانچى بولسا، يالغانچىلىقىنىڭ زىيىنى ئۆزىنىڭ ئۆزىگىدۇر، ئەگەر ئۇ راستچىل بولسا، ئۇ سىلەرنى قورقۇتقان ئازابنىڭ بىر قىسمى سىلەرگە كېلىدۇ**﴾ يەنى ئۇ، سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن نەرسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى سىلەرگە ئېنىق بولمىسا، ئۇنىڭغا قارىتا قىلماقچى بولغان ئىشىنىڭ توغرىسى ئۇنى ئۆزھالى بىلەن قويۇۋېتىشىڭلاردۇر. ئۇنىڭغا ئەزىيەت يەتكۈزمەڭلار، ئەگەر ئۇ يالغانچى بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ يالغانچىلىق قىلمىشىغا قارىتا اللە تائالا دۇنيا - ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا جازا بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ پەيغەمبەرلىك دەۋاسىدا راستچىل بولۇپ قالسا، سىلەر ئۇنىڭغا ئازار قىلساڭلار، ئۇ ھالدا ئۇ سىلەرگە ۋەدە قىلغان ئازابنىڭ بىر قىسمى سىلەرگە چوقۇم كېلىدۇ. ئەگەر سىلەر ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلساڭلار، ئۇ سىلەرنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئازابتىن قورقۇتىدۇ. ئۇ سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا راستچىل بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىسى ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشماڭلار. بەلكى، ئۇنىڭ ئۆز قەۋمىنى دىنغا دەۋەت قىلىشىغا، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىشىگە يول قويۇڭلار.

اللە تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋندىن مۇشۇنداق تەلەپ قىلغانلىقىنى يەنى ئۆز قەۋمىنى قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى تۆۋەندىكى ئايەتتە خەۋەر قىلىدۇ: ﴿ئۇلاردىن ئىلگىرى بىز ھەقىقەتەن پىرئەۋنىنىڭ قەۋمىنى سىنىدۇق، ئۇلارغا ئېسىل بىر پەيغەمبەر كەلدى. (مۇسا ئۇلارغا ئېيتتى) «ماڭا اللە نىڭ بەندىلىرىنى (يەنى بەنى ئىسرائىلنى) تاپشۇرۇپ بېرىڭلار، مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن ئىشەنچلىك پەيغەمبەر. اللە غا تەكەببۇرلۇق قىلماڭلار، مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن روشەن مۆجىزە بىلەن كەلدىم. مەن ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلارغا سېغىنىپ، سىلەرنىڭ مېنى

---

[1] سۈرە قەسەس 20 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

www.munber.org

ئۆلتۈرۈشۈشلاردىن پاناھ تىلەيمەن. ئەگەر ماڭا ئىمان كەلتۈرمىسەڭلار مېنى (ئۆز ھالىمغا) قويۇۋېتىڭلار ››﴾[1].

مانا مۇشۇنداق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرەيشكە ئۆزىنى اللە نىڭ بەندىلىرىنى اللە تەرەپكە چاقىرىشقا قويۇپ بېرىشىنى، ئۆزىگە يامانلىق يەتكۈزمەسلىكىنى، ئۆزى بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تۇغقاندارچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ ئۇنىڭغا ئەزىيەت قىلىشىنى تاشلاش بىلەن سىلە - رەھىم قىلىشىنى ئېيتقان ئىدى.

بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿‹‹(پەيغەمبەرلىكنى) تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايمەن، پەقەت تۇغقانچىلىق ھەققى ئۈچۈن مېنى دوست تۇتۇشۇڭلارنى (يەنى پەرۋەردىگارىمنىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزۈشۈمگە چېقىلماسلىقىڭلارنى) تىلەيمەن›› دېگىن﴾[2].

يەنى ئارىمىزدىكى تۇغقانچىلىقنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ماڭا ئازار بەرمەڭلار، ئىنسانلارغا پەرۋەردىگارىمنىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزۈشىمدە ماڭا چېقىلماستىن ئۆز ھالىمغا قويۇۋېتىڭلار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىگە ئاساسەن ھۇدەيبىيە كۈنى سۈلھى تۈزۈلدى. ئۇ بىر روشەن غەلىبە ئىدى.

﴿**اللە ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقان يالغانچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ**﴾ يەنى ئەگەر ئۆزىنى اللە سىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى، دەۋاتقان بۇ كىشى سىلەر گۇمان قىلغاندەك يالغانچى بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ يالغانچىلىقى ئەلۋەتتە ھەممە ئادەمگە ئۇنىڭ سۆزلىرىدە ۋە ھەرىكەتلىرىدە روشەن ئاشكارا بولغان بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن زور دەرىجىدە ئىختىلاپ ۋە قارشىلىق ئوتتۇرىغا چىققان بولاتتى. بىراق بىز ئۇنىڭ ئىشىنىڭ توغرا، يولىنىڭ تۈز ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئەگەر ئۇ ھەددىدىن ئاشقان يالغانچىلاردىن بولسا ئىدى، اللە ئۇنى سىلەر كۆرۈپ تۇرغان ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىش - ھەرىكەتكە ھىدايەت قىلمىغان ۋە يول كۆرسەتمىگەن بولار ئىدى.

ئاندىن بۇ مۆمىن قەۋمىنى اللە نىڭ نېمىتىنىڭ ئۇلاردىن كېتىپ قېلىشىدىن ۋە اللە نىڭ ئازابىنىڭ ئۇلارغا چۈشۈشىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئى قەۋمىم! بۈگۈن سەلتەنەت سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىدۇر، (مىسىر) زېمىنىدا سىلەر غالىبسىلەر**﴾ يەنى اللە بۇ پادىشاھلىقنى، مىسىر زېمىنىدا سۆزى ئۆتكۈر، يۈز - ئابرۇيلۇق غالىبلاردىن بولۇشنى سىلەرگە ئىنئام قىلدى. اللە غا شۈكۈر قىلىش اللە نىڭ پەيغەمبىرىنى تەستىق قىلىش بىلەن بۇ نېمەتنىڭ قەدرىنى قىلىڭلار، اللە نىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلساڭلار اللە نىڭ ئازابى كېلىشىدىن قورقۇڭلار.

﴿**ئەگەر بىزگە اللە نىڭ ئازابى كەلسە، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا بىزگە كىم ياردەم بېرىدۇ؟**﴾ يەنى اللە بىزگە بىر يامانلىقنى ئىرادە قىلسا بۇ قوشۇنلار، بۇ ئەسكەرلەر اللە نىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى بىزدىن قايتۇرالمايدۇ. بىزگە ھېچقانداق ياردەم قىلالمايدۇ.

پىرئەۋن، توغرا يول تاپقان، شۇنداقلا پادىشاھلىقتا پىرئەۋنىدىنمۇ ھەقلىق بولغان بۇ ئادەمنىڭ قىلغان نەسىھەتلىرىنى رەت قىلغان ھالدا قەۋمىگە مۇنداق دېدى: ﴿**مەن سىلەرگە پەقەت نېمىنى توغرا دەپ قارىسام، شۇنى مەسلىھەت بېرىمەن**﴾ يەنى پەقەت مەن نېمىنى ئۆزەمگە توغرا دەپ قارىسام، شۇنى سىلەرگە دەيمەن ۋە مەسلىھەت بېرىمەن. پىرئەۋن ھەقىقەتەن يالغان سۆزلىدى. چۈنكى، ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبەرلىكنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەن ئىدى.

---

[1] سۈرە دۇخان 17 — 21 - ئايەتكىچە.
[2] سۈرە شۇرا 23 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

www.munber.org

﴿مۇسا: «(ئى پىرئەۋن!) بۇلار (يەنى توققۇز مۆجىزە)نى پەقەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى (مېنىڭ راستلىقىمنى ئىسپاتلايدىغان) دەلىل قىلىپ نازىل قىلغانلىقىنى سەن (گەرچە تىلىڭدا ئىقرار قىلمىساڭمۇ دىلىڭدا ئەلۋەتتە) ئوبدان بىلىسەن»﴾[1] ﴿ئۇلار ئۇ ئايەتلەرنى ئىچىدە ئېتىراپ قىلدى، لېكىن ئۇلار ئۇنى زۇلۇم ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئىنكار قىلدى﴾[2].

﴿مەن سىلەرگە نېمىنى توغرا دەپ قارىسام، شۇنى مەسلىھەت بېرىمەن﴾ پىرئەۋن يالغان سۆزلىدى، يالغاننى توقۇدى، الله تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئۆز تەۋەسىدىكى كىشىلەرگە خىيانەت قىلدى، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغان قىياپەتتە كۆرۈنۈپ ئۇلارنى ئالدىدى.

﴿سىلەرنى مەن پەقەت توغرا يولغا باشلايمەن﴾ يەنى مەن سىلەرنى پەقەت ھەق، راست ۋە توغرا يولغا چاقىرىمەن. قەۋمى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان ۋە ئەگەشكەن تۇرۇقلۇق پىرئەۋن ئۇلارغا يەنىلا يالغان سۆزلىدى.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار پىرئەۋننىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندى، پىرئەۋننىڭ بۇيرۇقى توغرا ئەمەس ئىدى﴾[3] ﴿پىرئەۋن ئۆز قەۋمىنى ئازدۇردى، (ئۇلارنى) توغرا يولغا باشلىمىدى﴾[4].

ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دەپ كەلدى: «بىر مۇسۇلمان پادىشاھ ئۆلگەن ۋاقتىدا قول ئاستىدىكى ئادەملەرنى ئالدىغان ھالدا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمايدۇ، ھەققەتەن جەننەتنىڭ پۇرىقى بەش يۈز يىللىق مۇساپە يىراقلىقتىنمۇ پۇرىلىدۇ».

* * * * * * *

وَقَالَ ٱلَّذِىٓ ءَامَنَ يَـٰقَوْمِ إِنِّىٓ أَخَافُ عَلَيْكُم مِّثْلَ يَوْمِ ٱلْأَحْزَابِ ﴿٣٠﴾ مِثْلَ دَأْبِ قَوْمِ نُوحٍ
وَعَادٍ وَثَمُودَ وَٱلَّذِينَ مِنۢ بَعْدِهِمْ ۚ وَمَا ٱللَّهُ يُرِيدُ ظُلْمًا لِّلْعِبَادِ ﴿٣١﴾ وَيَـٰقَوْمِ إِنِّىٓ أَخَافُ عَلَيْكُمْ يَوْمَ
ٱلتَّنَادِ ﴿٣٢﴾ يَوْمَ تُوَلُّونَ مُدْبِرِينَ مَا لَكُم مِّنَ ٱللَّهِ مِنْ عَاصِمٍ ۗ وَمَن يُضْلِلِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِنْ هَادٍ ﴿٣٣﴾
وَلَقَدْ جَآءَكُمْ يُوسُفُ مِن قَبْلُ بِٱلْبَيِّنَـٰتِ فَمَا زِلْتُمْ فِى شَكٍّ مِّمَّا جَآءَكُم بِهِۦ ۖ حَتَّىٰٓ إِذَا هَلَكَ
قُلْتُمْ لَن يَبْعَثَ ٱللَّهُ مِنۢ بَعْدِهِۦ رَسُولًا ۚ كَذَٰلِكَ يُضِلُّ ٱللَّهُ مَنْ هُوَ مُسْرِفٌ مُّرْتَابٌ ﴿٣٤﴾ ٱلَّذِينَ
يُجَـٰدِلُونَ فِىٓ ءَايَـٰتِ ٱللَّهِ بِغَيْرِ سُلْطَـٰنٍ أَتَىٰهُمْ ۖ كَبُرَ مَقْتًا عِندَ ٱللَّهِ وَعِندَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ۚ كَذَٰلِكَ يَطْبَعُ
ٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ قَلْبِ مُتَكَبِّرٍ جَبَّارٍ ﴿٣٥﴾

*مۆمىن ئادەم ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! سىلەرنىڭ نۇھ، ئاد، سەمۇد قەۋملىرىگە ئوخشاش ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرگە ئوخشاش جامائەلەر ئۇچرىغان جازاغا ئۇچرىشىڭلاردىن قورقىمەن، الله بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلىشنى خالىمايدۇ﴿30 ـ 31﴾. ئى قەۋمىم! مەن سىلەر ئۈچۈن ھەققەتەن قىيامەت كۈنىدىن ئەنسىرەيمەن﴿32﴾. ئۇ كۈندە (دوزاخ ئازابىنىڭ دەھشىتىدىن قورقۇپ) ئارقاڭلارغا چېكىنىسىلەر، سىلەرگە ھېچ الله نىڭ*

[1] سۈرە ئىسرا 102 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نەمل 14 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ھۇد 97 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە تاھا 79 ـ ئايەت.

www.munber.org

*ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى بولمايدۇ. كىمكى الله ئۇنى گۇمراھ قىلىدىكەن، ئۇنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ﴿33﴾. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىلگىرى سىلەرگە يۈسۈف (الله نىڭ دەرگاھىدىن) روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن دەلىللەردىن سىلەر ھامان شەكلەندىڭلار، تاكى ئۇ ۋاپات بولغاندا، (دەلىل ـ پاكىتسىز) ھالدا، الله ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز پەيغەمبەر ئەۋەتمەيدۇ“ دېدىڭلار، الله (گۇناھتا) ھەددىدىن ئاشقۇچىنى، (دىندا) شەكلەنگۈچىنى مۇشۇنداق ئازدۇرىدۇ» ﴿34﴾.الله نىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە ئۆزلىرىگە (الله تەرىپىدىن) كەلگەن ھېچقانداق دەلىل بولماستىن (قارىسىغا) جاڭجاللىشىدىغانلار الله نىڭ دەرگاھىدا ۋە مۆمىنلەرنىڭ نەزىرىدە قاتتىق نەپرەتكە قالىدۇ، بۇزغۇنچىلىق قىلىپ (ئىماندىن باش تارتقان)، (بەندىلەرگە) زومىگەرلىك قىلغان ھەر قانداق ئادەمنىڭ دىلىنى الله مۇشۇنداق پېچەتلىۋېتىدۇ﴿35﴾.*

بۇ ئايەتتە الله تائالا پىرئەۋننىڭ تەۋەسىدىن ئىمان ئېيتقان بۇ ياخشى ئادەمنىڭ ھالىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئۇ قەۋمىنى الله تائالانىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بولىدىغان ئازابىدىن قورقۇتۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئى قەۋمىم! سىلەرنىڭ نۇھ، ئاد، سەمۇد قەۋملىرىگە ئوخشاش ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرگە ئوخشاش جامائەلەر ئۇچرىغان جازاغا ئۇچرىشىڭلاردىن قورقىمەن**﴾ يەنى ئۇلار نۇھ، ئاد، سەمۇد قەۋملىرىگە ئوخشاش ئۆتمۈشتە الله نىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلاردۇر ۋە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئۇممەتلەردۇر. ئۇلارغا الله نىڭ ئازابى قانداق چۈشتى؟ ئۇلاردىن ئازابنى قايتۇرغۇچى بولمىدى، توسۇۋالغۇچىمۇ بولمىدى.

﴿**الله بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلىشنى خالىمايدۇ**﴾ يەنى الله ئۇلارنى پەقەت قىلغان گۇناھلىرى، الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە الله نىڭ بۇيرۇقىغا قارشىلىق قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ھالاك قىلدى، ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە پۈتۈلگەننى ئىجرا قىلدى.

﴿**ئى قەۋمىم! مەن سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنىدىن ئەنسىرەيمەن. ئۇ كۈندە (دوزاخ ئازابىنىڭ دەھشىتىدىن قورقۇپ) ئارقاڭلارغا چېكىنىسىلەر**﴾ يەنى يۈگۈرگەن ھالەتتە قاچىسىلەر، ﴿ياق، (الله نىڭ ئازابىدىن) قاچىدىغان پاناھگاھ يوقتۇر. بۇ كۈندە قارارگاھ پەرۋەردىگارىڭنىڭ تەرىپىدۇر﴾[1].

﴿**سىلەرگە ھېچ الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى بولمايدۇ**﴾ يەنى الله نىڭ ئازابىنى سىلەردىن ھېچ توسقۇچى بولمايدۇ. ﴿**كىمكى الله ئۇنى گۇمراھ قىلىدىكەن، ئۇنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ**﴾ يەنى كىمكى الله ئۇنى ئازدۇرىدىكەن، ئۇنى الله دىن باشقا ھېچ ھىدايەت قىلغۇچى يوقتۇر.

﴿**شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىلگىرى سىلەرگە يۈسۈف (الله نىڭ دەرگاھىدىن) روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى**﴾ يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى الله تائالا مىسىر خەلقىگە ئۇلاردىن بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتى، ئۇ يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئىدى. ئۇ مىسىر خەلقىنىڭ ئەڭ ئەزىز ئادىمى ئىدى. ئۇ ئۈممىتىنى ئادىللىق بىلەن الله تەرەپكە چاقىرىدىغان پەيغەمبەر ئىدى. ئۇلار يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا پەقەت ئەمەلدارلىقنى ۋە دۇنيالىقنى يۈز ـ ئابرۇيىنى كۆزلەپ ئىتائەت قىلدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇ ئېلىپ كەلگەن دەلىللەردىن سىلەر ھامان شەكلەندىڭلار، تاكى ئۇ ۋاپات بولغاندا، (دەلىل ـ پاكىتسىز) ھالدا، الله ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز پەيغەمبەر ئەۋەتمەيدۇ“ دېدىڭلار**﴾ يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلىشتىن ئۈمىدسىزلەندىڭلار، ئاندىن تەمە قىلغان ھالدا: ﴿**الله ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز پەيغەمبەر ئەۋەتمەيدۇ“ دېدىڭلار**﴾ مانا بۇ ئۇلارنىڭ كاپىر بولغانلىقى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقىدىن بولدى.

---

(1) سۈرە قىيامەت 11 ـــ 12 ـ ئايەتلەر

www.munber.org

﴿اﷲ (گۇناھتا) ھەددىدىن ئاشقۇچىنى، (دىندا) شەكلەنگۈچىنى مۇشۇنداق ئازدۇرىدۇ﴾ يەنى اﷲ ئۆز قىلمىشىدا ھەددىدىن ئاشقانلىقى، دىلىدا شەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئازدۇرغان كىشىنىڭ ھالى سىلەرنىڭ بۇ ھالىڭلارغا ئوخشاش بولىدۇ.

﴿اﷲ نىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە ئۆزلىرىگە (اﷲ تەرىپىدىن) كەلگەن ھېچقانداق دەلىل بولماستىن (قارىسىغا) جاڭجاللىشىدىغانلار﴾ يەنى ھەقنى باتىل بىلەن رەت قىلىدىغانلار اﷲ دىن ئۆزلىرىگە ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپات بولماستىن، اﷲ دىن كەلگەن دەلىل ـ ئىسپاتلار ئۈستىدە قارىسىغا مۇنازىرىلىشىدىغانلارنى اﷲ تائالا قاتتىق ئۆچ كۆرىدۇ.

﴿اﷲ نىڭ دەرگاھىدا ۋە مۆمىنلەرنىڭ نەزىرىدە قاتتىق نەپرەتكە قالىدۇ﴾ يەنى مۆمىنلەرمۇ بۇنداق سۈپەتلىك ئادەمگە غەزەپلىنىدۇ. كىمنىڭ سۈپىتى مۇشۇنداق بولىدىكەن، اﷲ ئۇنىڭ قەلبىنى چوقۇم پېچەتلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياخشىلىقنى بىلمەيدۇ، يامانلىقنى ئىنكار قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بۇزغۇنچىلىق قىلىپ (ئىماندىن باش تارتقان)، (بەندىلەرگە) زومىگەرلىك قىلغان ھەر قانداق ئادەمنىڭ دىلىنى اﷲ مۇشۇنداق پېچەتلىۋېتىدۇ**﴾. ئەبۇ ئىمران جەۋنىي ۋە قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: زومىگەرلىكنىڭ ئالامىتى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشتۇر.

* * * * * *

وَقَالَ فِرْعَوْنُ يَـٰهَـٰمَـٰنُ ٱبْنِ لِى صَرْحًا لَّعَلِّىٓ أَبْلُغُ ٱلْأَسْبَـٰبَ ﴿٣٦﴾ أَسْبَـٰبَ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ فَأَطَّلِعَ إِلَىٰٓ
إِلَـٰهِ مُوسَىٰ وَإِنِّى لَأَظُنُّهُۥ كَـٰذِبًا ۚ وَكَذَٰلِكَ زُيِّنَ لِفِرْعَوْنَ سُوٓءُ عَمَلِهِۦ وَصُدَّ عَنِ ٱلسَّبِيلِ ۚ وَمَا
كَيْدُ فِرْعَوْنَ إِلَّا فِى تَبَابٍ ﴿٣٧﴾

***پىرئەۋن (ۋەزىرى ھامانغا): «ئى ھامان! ماڭا بىر ئېگىز بىنا سالغىن، ئۇنىڭ بىلەن مەن دەرۋازىلارغا ـ ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىغا يېتىشىم مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن مەن مۇسانىڭ ئىلاھىنى كۆرەي، مەن ھەقىقەتەن مۇسانى يالغانچى دەپ گۇمان قىلىمەن» دېدى. پىرئەۋنگە ئۇنىڭ يامان ئەمەلى شۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى، پىرئەۋن (گۇمراھلىقى تۈپەيلىدىن ھىدايەت) يولىدىن مەنئى قىلىندى، پىرئەۋننىڭ ھىيلە ـ مىكرى پەقەت بىكاردۇر***﴿36 - 37﴾

## پىرئەۋننىڭ مۇسانىڭ پەرۋەردىگارىنى مەسخىرە قىلغانلىقى توغرىسىدا

اﷲ تائالا بۇ ئايەتتە پىرئەۋندىن، ئۇنىڭ ھەقنى قوبۇل قىلىشتىن تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقىدىن، ھەددىدىن ئاشقانلىقىدىن ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىشتا يالغاننى توقۇغانلىقىدىن خەۋەر قىلىدۇ. پىرئەۋن ۋەزىرى ھامانىنى ناھايىتى ئېگىز بىر قەسىر سېلىشقا بۇيرۇدى. ئۇ قەسىر پىششىق خىشتىن سېلىنغان ئىدى. اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ھامان مېنىڭ ئۈچۈن پىششىق خىش پىشۇرۇپ ئېگىز بىر بىنا سالغىن﴾[1].

﴿**ئى ھامان! ماڭا بىر ئېگىز بىنا سالغىن، ئۇنىڭ بىلەن مەن دەرۋازىلارغا ـ ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىغا يېتىشىم مۇمكىن**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئاسماننىڭ يوللىرى دېگەنلىك بولىدۇ دېگۈچىلەرمۇ بار.

[1] سۈرە قەسەس 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى

www.munber.org

**﴿شۇنىڭ بىلەن مەن مۇسانىڭ ئىلاھىنى كۆرەي، مەن ھەقىقەتەن مۇسانى يالغانچى دەپ گۇمان قىلىمەن﴾** پىرئەۋن كاپىر بولغانلىقى ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دېدى. ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى، اللہ مېنى پىرئەۋنگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى، دېگەن سۆزىدە يالغانچى دەپ قارىدى.

**﴿پىرئەۋنگە ئۇنىڭ يامان ئەمەلى شۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى، پىرئەۋن (گۇمراھلىقى تۈپەيلىدىن ھىدايەت) يولىدىن مەنئى قىلىندى﴾** يەنى پىرئەۋن بۇنىڭ بىلەن قول ئاستىدىكىلەرگە، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى يالغانچىغا چىقىرىشقا ئىسپاتلايدىغان بىرەر ئىش قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنمەكچى بولدى.

**﴿پىرئەۋننىڭ ھىيلە ـ مىكرى پەقەت بىكاردۇر﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە مۇجاھىد: پىرئەۋن پەقەت زىيانكارلىقتىدۇر دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

* * * * * * *

وَقَالَ ٱلَّذِىٓ ءَامَنَ يَـٰقَوْمِ ٱتَّبِعُونِ أَهْدِكُمْ سَبِيلَ ٱلرَّشَادِ ﴿٣٨﴾ يَـٰقَوْمِ إِنَّمَا هَـٰذِهِ
ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَا مَتَـٰعٌ وَإِنَّ ٱلْـَٔاخِرَةَ هِىَ دَارُ ٱلْقَرَارِ ﴿٣٩﴾ مَنْ عَمِلَ سَيِّئَةً فَلَا يُجْزَىٰٓ إِلَّا مِثْلَهَا ۖ وَمَنْ
عَمِلَ صَـٰلِحًا مِّن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَىٰ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ يَدْخُلُونَ ٱلْجَنَّةَ يُرْزَقُونَ فِيهَا بِغَيْرِ
حِسَابٍ ﴿٤٠﴾

*(پىرئەۋن خاندانىدىن) ئىمان ئېيتقان كىشى ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! سىلەر ماڭا ئەگىشىڭلار، مەن سىلەرنى توغرا يولغا باشلايمەن﴿38﴾. ئى قەۋمىم! بۇ دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت (ۋاقىتلىق) پايدىلىنىشتىن ئىبارەتتۇر، ئاخىرەت ھەقىقەتەن (مەڭگۈلۈك) قارارگاھتۇر﴿39﴾. كىمكى (بۇ دۇنيادا) بىرەر يامانلىقنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) شۇنىڭغا لايىق جازا بېرىلىدۇ، مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، كىمكى ئۆزى مۆمىن تۇرۇپ بىرەر ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئەنە شۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، جەننەتتە ئۇلارغا ھېسابسىز رىزىق بېرىلىدۇ﴿40﴾.*

## پىرئەۋن تەۋەسىدىن ئىمان ئېيتقان ئادەمنىڭ سۆزىنىڭ داۋامى توغرىسىدا

بۇ مۆمىن، غالىب ۋە يۈكسەك اللہ نى ئۇنتۇپ ھەقتىن يۈز ئۆرۈگەن، اللہ غا ئاسىيلىق قىلىپ دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئەلا بىلگەن قەۋمىگە مۇنداق دەيدۇ: **﴿ ئى قەۋمىم! سىلەر ماڭا ئەگىشىڭلار، مەن سىلەرنى توغرا يولغا باشلايمەن﴾** مېنىڭ بۇ سۆزۈم پىرئەۋننىڭ: **﴿سىلەرنى مەن پەقەت توغرا يولغا باشلايمەن﴾** دېگەن يالغان سۆزىگە ھەرگىز ئوخشاش ئەمەس.

ئاندىن ئۇ، كىشىلەرنى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى تەستىقلاشتىن توسۇپ قويغان دۇنيا تىرىكچىلىكىنى تاشلاشقا ۋە دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتتىن ئۈستۈن كۆرمەسلىككە قىزىقتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئى قەۋمىم! بۇ دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت (ۋاقىتلىق) پايدىلىنىشتىن ئىبارەتتۇر﴾** يەنى ئۇ ئازغىنە، ئەرزىمەس، پات يېقىندا تۈگەيدىغان ھاياتتۇر.

**﴿ئاخىرەت ھەقىقەتەن (مەڭگۈلۈك) قارارگاھتۇر﴾** يەنى ئۇ ئەبەدى تۇرالغۇ جاي بولۇپ، ئۇنىڭدىن كۆچۈپ كېتىش، باشقا ئورۇنغا يۆتكىلىپ كېتىش بولمايدۇ. بەلكى، ئاخىرەتتىكى تۇرالغۇ جاي جەننەت ياكى دوزاختىن ئىبارەتتۇر.

www.munber.org

**﴿كىمكى (بۇ دۇنيادا) بىرەر يامانلىقنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) شۇنىڭغا لايىق جازا بېرىلىدۇ﴾** يەنى بىر يامانلىققا بىر يامانلىقنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ.
**﴿مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، كىمكى ئۆزى مۆمىن تۇرۇپ بىرەر ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئەنە شۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، جەننەتتە ئۇلارغا ھېسابسىز رىزىق بېرىلىدۇ﴾** يەنى ئەمەلگە يارىشا ئۆلچەم بويىچە مۇكاپات بەرمەستىن، بەلكى اللّٰه ئۇ ئادەمگە پۈتمەس - تۈگىمەس مۇكاپات بېرىدۇ.

* * * * * * *

۞ وَيَٰقَوۡمِ مَا لِيٓ أَدۡعُوكُمۡ إِلَى ٱلنَّجَوٰةِ وَتَدۡعُونَنِيٓ إِلَى ٱلنَّارِ ﴿٤١﴾ تَدۡعُونَنِي لِأَكۡفُرَ بِٱللَّهِ
وَأُشۡرِكَ بِهِۦ مَا لَيۡسَ لِي بِهِۦ عِلۡمٞ وَأَنَا۠ أَدۡعُوكُمۡ إِلَى ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡغَفَّٰرِ ﴿٤٢﴾ لَا جَرَمَ أَنَّمَا تَدۡعُونَنِيٓ إِلَيۡهِ
لَيۡسَ لَهُۥ دَعۡوَةٞ فِي ٱلدُّنۡيَا وَلَا فِي ٱلۡأٓخِرَةِ وَأَنَّ مَرَدَّنَآ إِلَى ٱللَّهِ وَأَنَّ ٱلۡمُسۡرِفِينَ هُمۡ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِ
﴿٤٣﴾ فَسَتَذۡكُرُونَ مَآ أَقُولُ لَكُمۡۚ وَأُفَوِّضُ أَمۡرِيٓ إِلَى ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ بَصِيرُۢ بِٱلۡعِبَادِ ﴿٤٤﴾ فَوَقَىٰهُ ٱللَّهُ
سَيِّـَٔاتِ مَا مَكَرُواْۖ وَحَاقَ بِـَٔالِ فِرۡعَوۡنَ سُوٓءُ ٱلۡعَذَابِ ﴿٤٥﴾ ٱلنَّارُ يُعۡرَضُونَ عَلَيۡهَا غُدُوّٗا وَعَشِيّٗاۖ
وَيَوۡمَ تَقُومُ ٱلسَّاعَةُ أَدۡخِلُوٓاْ ءَالَ فِرۡعَوۡنَ أَشَدَّ ٱلۡعَذَابِ ﴿٤٦﴾

*ئى قەۋمىم! ماڭا نېمىدۇركى، سىلەرنى مەن (دوزاختىن) قۇتۇلۇشقا دەۋەت قىلىمەن، سىلەر بولساڭلار مېنى دوزاخقا دەۋەت قىلىسىلەر﴿41﴾. سىلەر مېنى اللّٰه نى ئىنكار قىلىشقا، مەن بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىسىلەر، ھالبۇكى، مەن سىلەرنى غالىب، (بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى (اللّٰه)غا دەۋەت قىلىمەن﴿42﴾. ھەقىقەتەن سىلەر مېنى ئۇنىڭغا (يەنى بۇتقا) ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىسىلەر، ئۇنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە (ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا) چاقىرغىنى يوق، بىزنىڭ ئاخىر بارىدىغان جايىمىز اللّٰه نىڭ دەرگاھىدۇر، (گۇمراھلىقتا) ھەددىدىن ئاشقۇچىلار ئەھلى دوزاختۇر﴿43﴾. (سىلەرگە ئازاب نازىل بولغان چاغدا) سىلەرگە ئېيتقان سۆزۈمنىڭ (راستلىقىنى) ئەسلەيسىلەر، مەن ئىشىمنى اللّٰه غا تاپشۇرىمەن، اللّٰه ھەقىقەتەن بەندىلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»﴿44﴾. اللّٰه ئۇنى پىرئەۋن جامائەسىنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلىدى. پىرئەۋن جامائەسىگە ئەڭ يامان ئازاب نازىل بولدى﴿45﴾. ئۇلار ئەتىگىنى - ئاخشىمى ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ، قىيامەت قايىم بولغان كۈندە: «ئى پىرئەۋن جامائەسى! ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا (دوزاخ ئوتىغا) كىرىڭلار!» (دېيىلىدۇ)﴿46﴾.*

## ئۇ ئادەمنىڭ خىتابىنىڭ داۋامى ۋە ئىككى گورۇھنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا

بۇ مۆمىن ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: سىلەرنى مەن نىجاتلىق يولىغا چاقىرىمەن، ئۇ يول ھېچبىر شېرىكى بولمىغان يالغۇز اللّٰه تائالاغا ئىبادەت قىلىش، اللّٰه ئەۋەتكەن پەيغەمبەر مۇسا ئەلەيھىسسالامنى تەستىق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. **﴿سىلەر بولساڭلار مېنى دوزاخقا دەۋەت قىلىسىلەر. سىلەر مېنى اللّٰه نى ئىنكار قىلىشقا، مەن بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىسىلەر﴾** يەنى جاھىللىق بىلەن پاكىتسىز ھالدا شېرىك كەلتۈرۈشكە چاقىرىسىلەر.

www.munber.org

**﴿ھالبۇكى، مەن سىلەرنى غالىب، (بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى (اللە)غا دەۋەت قىلىمەن﴾** يەنى اللە ھەممىدىن غالىب، ھەممىدىن ئۇلۇغ تۇرۇقلۇق گۇناھىدىن تەۋبە قىلغان ئادەمنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

**﴿ھەقىقەتەن سىلەر مېنى ئۇنىڭغا (يەنى بۇتقا) ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىسىلەر﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تەلھە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەقىقەتەن شۇنداق، سىلەر مېنى بۇتلاردىن ۋە شېرىكلەردىن تۇتۇۋالغان ئىلاھىڭلارغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىسىلەر.

**﴿ئۇنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە (ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا) چاقىرغىنى يوق﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىد: بۇت ھېچنەرسىگە ئىگە ئەمەس، دېدى. قەتادە: بۇ ئايەتتىن بۇت پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، زىيان - زەخمەتمۇ يەتكۈزەلمەيدۇ دېگەن مەنا چىقىدۇ، دېدى. سۇددى: بۇت ئۆزىگە دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشقا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قادىر بولالمايدۇ دېگەنلىكتۇر، دېدى.

بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللە نى قويۇپ قىيامەتكىچە دۇئانى ئىجابەت قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئادەمدىنمۇ، گۇمراھ ئادەم بارمۇ؟ بۇتلار ئۇلارنىڭ دۇئاسىدىن غاپىلدۇر. (قىيامەت كۈنى) ئىنسانلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توپلانغان چاغدا، بۇتلار ئۇلارغا ( يەنى بۇتپەرەسلەرگە ) دۈشمەن بولىدۇ، ئۇلار تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىنغانلىقنى ئىنكار قىلىدۇ﴾[1] ﴿ئەگەر ئۇلارنى چاقىرساڭلار، سىلەرنىڭ چاقىرغىنىڭلارنى ئاڭلىمايدۇ، ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ سىلەرگە جاۋاب قايتۇرالمايدۇ﴾[2].

**﴿بىزنىڭ ئاخىر بارىدىغان جايىمىز اللە نىڭ دەرگاھىدۇر﴾** يەنى قىيامەتتە، اللە تائالا ھەر بىرىمىزگە ئەمەلىمىزگە قارىتا جازا ۋە مۇكاپات بېرىدۇ.

**﴿(گۇمراھلىقتا) ھەددىدىن ئاشقۇچىلار ئەھلى دوزاختۇر﴾** يەنى ئۇلار اللە غا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن ھەددىدىن ئاشقانلىقلىرى ئۈچۈن دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

**﴿(سىلەرگە ئازاب نازىل بولغان چاغدا) سىلەرگە ئېيتقان سۆزۈمنىڭ (راستلىقىنى) ئەسلەيسىلەر﴾** يەنى كەلگۈسىدە مەن سىلەرنى قىلىشقا بۇيرۇغان نەرسىنىڭ سىلەرنى قىلىشتىن توسقان نەرسىنىڭ، سىلەرگە نەسىھەت قىلغان ۋە ئوچۇق بايان قىلغان نەرسىنىڭ راستلىقىنى بىلىسىلەر دېگەن ئۇ سۆزلىرىمنى ئەسلەيسىلەر، ئاندىن پۇشايمان قىلىسىلەر، ئەپسۇسكى پۇشايمان قىلىش پايدا بەرمەيدۇ.

**﴿مەن ئىشىمنى اللە غا تاپشۇرىمەن﴾** يەنى اللە غا تەۋەككۇل قىلىمەن، اللە دىن ياردەم تىلەيمەن، سىلەردىن ئادا - جۇدا بولۇپ، يىراقلىشىمەن.

**﴿اللە ھەقىقەتەن بەندىلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾** يەنى پاك ۋە يۈكسەك اللە ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. ھىدايەتكە لايىق بولغانلارنى ھىدايەت قىلىدۇ، گۇمراھلىققا لايىق بولغانلارنى ئازدۇرىدۇ. يېتەرلىك پاكىت كەلتۈرۈش، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىش، ئىشلارنى پىلانلىق ئىجرا قىلىش اللە غا خاستۇر.

**﴿اللە ئۇنى پىرئەۋن جامائەسىنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلىدى﴾** يەنى ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيانكارلىقتىن ساقلىدى. دۇنيادا بولسا، اللە تائالا ئۇنى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە نىجاتلىققا ئېرىشتۈردى. ئاخىرەتتە بولسا، جەننەت بىلەن نىجاتلىققا ئېرىشتۈردى.

---

[1] سۈرە ئەھقاب 5 - 6 - ئايەتلەر.
[2] سۈرە فاتىر 14- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

## قەبرە ئازابىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاش توغرىسىدا

**﴿پىرئەۋن جامائەسىگە ئەڭ يامان ئازاب نازىل بولدى﴾** ئۇ ئازاب بولسا ئۇلارنىڭ دېڭىزغا چۆكتۈرۈۋېتىلىشى، ئاندىن كېيىن دوزاخقا تاشلىنىشىدىن ئىبارەتتۇر. تاكى قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ جانلىرى ئەتىگەن ـ ئاخشىمى ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ. قىيامەت بولغاندا ئۇلارنىڭ جانلىرى بىلەن تەنلىرى دوزاختا جەم قىلىنىدۇ.

**﴿قىيامەت قايىم بولغان كۈندە: «ئى پىرئەۋن جامائەسى! ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا (دوزاخ ئوتىغا) كىرىڭلار!» (دېيىلىدۇ)﴾** يەنى پەرىشتىلەرگە ئۇلارنى ئەڭ قاتتىق ئەلەم بولىدىغان، ئەڭ چوڭ ئازاب بولىدىغان دوزاخ ئوتىغا تاشلاڭلار، دېيىلىدۇ. بۇ ئايەتنى سۈننى ئەقىدىسىدىكى مۇسۇلمانلار قەبرە ئازابىنى ئىسپاتلاشتا دەلىل قىلىدۇ. بۇ دەلىل اللە نىڭ **﴿ئۇلار ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ﴾** دېگەن ئايىتىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

لېكىن بۇ يەردە بىر سوئال تۇغۇلىدۇ. بۇ ئايەت مەككىدە نازىل بولغانلىقىدا شەك يوق، ئۆلىمالار بۇ ئايەتنى قىيامەتتىن بۇرۇنلا قەبرىدە قەبرە ئازابىنىڭ بولىدىغانلىقىغا دەلىل قىلدى. ئىمام ئەھمەد، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر يەھۇدىي ئايال ئائىشەگە خىزمەت قىلاتتى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇ ئايالغا بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ بەرسىلا، ئۇ ئايال ئائىشەگە: اللە سىزنى قەبرە ئازابىدىن ساقلىسۇن، دەيتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېشىمغا كىرگەندە، مەن: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! قىيامەتتىن بۇرۇن قەبرىدە ئازاب بولامدۇ؟ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، كىم شۇنداق دېدى؟» دېدى. مەن بۇ يەھۇدىي ئايال شۇنداق دەيدۇ، مەن ئۇنىڭغا بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ بەرسەملا، ئۇ: سىزنى اللە قەبرە ئازابىدىن ساقلىسۇن دەيدۇ، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يەھۇدىي ئايال يالغان سۆزلەپتۇ، ئۇلار اللە تائالاغا ئەڭ يالغان سۆزلەيدىغانلار، قىيامەت كۈنى بولماستىن ھېچ بىر ئازاب بولمايدۇ» دېدى. شۇنىڭدىن بىر مەزگىل ئۆتتى، بىر كۈنى چۈش ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىيىمىنى يېپىنغان، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ھالدا كەلدى ۋە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «قەبرە قاراڭغۇ كېچىنىڭ بىر پارچىسىغا ئوخشاشتۇر، ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر مەن بىلگەننى بىلسەڭلار ئەلۋەتتە كۆپ يىغلاپ، ئاز كۈلەتتىڭلار. ئى ئىنسانلار! اللە غا سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەڭلار. شۈبھىسىزكى، قەبرە ئازابى بەرھەقتۇر» دېدى.

بۇ يەردە بۇ ھەدىس بىلەن ئۇ ئايەتنى قانداق بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىمىز؟ چۈنكى، ئۇ ئايەت مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۇنىڭدا قەبرە ئازابىنىڭ بارلىقى ئىپادىلىنىدۇ، دەپ سوئال قويۇلسا، بۇنىڭغا تۆۋەندىكىدەك جاۋاب بېرىلىدۇ: بىرىنچى بۇ ئايەت قەبرىدە جانلارنىڭ ئەتىگەن ـ ئاخشىمى ئوتقا توغرىلىنىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر. لېكىن، بۇ ئايەتتە چېكىدىغان ئازابى قەبرىدىكى جەسەتلەرگىمۇ يېتىدىغانلىقىغا دەلىل يوق. ئۇنداقتا بۇ ئازاب تەنسىز جان بىلەنلا چەكلىنىشى مۇمكىن ئەمما بۇ ئازابنىڭ تەنگە بولىدىغانلىقى ۋە تەنىنىڭ بۇ ئازاب سەۋەبىدىن ئەلەم تارتىشى پەقەت تۆۋەندە كېلىدىغان قانائەتلىنەرلىك ھەدىسلەردىلا ئىسپاتلانغان.

ئىككىنچى، ھەقىقەتەن بۇ ئايەت پەقەت قەبرىدە كاپىرلارنىڭ ئازابلىنىدىغانلىقىغا دەلىل بولالايدۇ. بۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ مۆمىن قىلغان گۇناھلىرى سەۋەبىدىن قەبرىسىدە ئازابلىنىدۇ دېگەن دەلىل چىقمايدۇ. مۆمىن قەبرىسىدە ئازابقا دۇچار بولىدۇ دەيدىغانغا دەلىل كەلتۈرۈشكە توغرا كەلسە، ئىمام ئەھمەدنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن قىلغان رىۋايىتىنى ئېلىشقا بولىدۇ. بۇ ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنىڭ يېنىغا كىردى، ئائىشەنىڭ يېنىدا بىر يەھۇدىي ئايال بار ئىدى. ئۇ ئايال ئائىشەگە: سىلەرنىڭ قەبرىلىرىڭلاردا ئازابلىنىدىغانلىقىڭلارنى بىلەمسىز؟ دەۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۆچۈپ: «پەقەت يەھۇدىيلارلا ئازابلىنىدۇ» دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتتى، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىلىڭلاركى، شەك ـ شۈبھىسىز سىلەر قەبرىلەردە ئازابلىنىسىلەر» دېگەن سۆزنى قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيدىغان بولدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ شۇنداق رىۋايەت قىلغان.

ئۈچىنچى، بۇ ئايەت قەبرىدە جانلارغا ئازاب بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، لېكىن، بۇنىڭدىن قەبرىلەردىكى تەنلەرگىمۇ ئازاب بولىدۇ دېگەنلىك چىقمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ توغرىدا خۇسۇسىي ۋەھيي قىلىنغان چاغدا ئۇ ئازابتىن پاناھ تىلىدى.

قەبرە ئازابىنى كۆرسىتىدىغان ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر. قەتادە اللە تائالانىڭ ﴿**ئۇلار ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە: ئۇلار ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇلارغا ئۇلارنى ئەيىبلەش، مالامەت قىلىش ۋە خارلاش يۈزىسىدىن: ئى پىرئەۋن جامائەسى! بۇ سىلەرنىڭ ئورنۇڭلار دېيىلىدۇ، دېدى.

ئىبنى زەيد: ئۇلار بۈگۈن ئوتتا بولۇپ، قىيامەت كۈنىگىچە ئەتىگەن ـ ئاخشىمى ئوتتا ئازابلىنىپ تۇرىدۇ، دېدى.: ﴿**قىيامەت قايىم بولغان كۈندە، ئى پىرئەۋن جامائەسى! ئازابىنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا (دوزاخ ئوتىغا) كىرىڭلار!» (دېيىلىدۇ)**﴾ يەنى پىرئەۋن جامائەسى ئوتلاققا قويۇپ بېرىلگەن، ئەقىل يەرگۈزمەستىن تاشلانىمۇ، ئۆسۈملۈكلەرنىمۇ ئايرىماي دەسسەيدىغان تۆگىگە ئوخشايدۇ.

ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن سىلەردىن بىرىڭلار ئۆلسە، ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى ئورنى توغرىلىنىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ جەننەت ئەھلىدىن بولسا، جەننەتتىكى ئورنى توغرىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ دوزاخ ئەھلىدىن بولسا، دوزاختىكى ئورنى توغرىلىنىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا: بۇ سېنىڭ ئورنۇڭدۇر، قىيامەت كۈنى اللە سېنى ئۇ ئورۇنغا مۇيەسسەر قىلىدۇ، دېيىلىدۇ» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

وَإِذۡ يَتَحَآجُّونَ فِي ٱلنَّارِ فَيَقُولُ ٱلضُّعَفَٰٓؤُاْ لِلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُوٓاْ إِنَّا كُنَّا لَكُمۡ تَبَعٗا فَهَلۡ
أَنتُم مُّغۡنُونَ عَنَّا نَصِيبٗا مِّنَ ٱلنَّارِ ﴿٤٧﴾ قَالَ ٱلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُوٓاْ إِنَّا كُلّٞ فِيهَآ إِنَّ ٱللَّهَ قَدۡ
حَكَمَ بَيۡنَ ٱلۡعِبَادِ ﴿٤٨﴾ وَقَالَ ٱلَّذِينَ فِي ٱلنَّارِ لِخَزَنَةِ جَهَنَّمَ ٱدۡعُواْ رَبَّكُمۡ يُخَفِّفۡ عَنَّا يَوۡمٗا مِّنَ
ٱلۡعَذَابِ ﴿٤٩﴾ قَالُوٓاْ أَوَلَمۡ تَكُ تَأۡتِيكُمۡ رُسُلُكُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِۖ قَالُواْ بَلَىٰۚ قَالُواْ فَٱدۡعُواْۗ وَمَا دُعَٰٓؤُاْ
ٱلۡكَٰفِرِينَ إِلَّا فِي ضَلَٰلٍ ﴿٥٠﴾

***ئۇ چاغدا ئۇلار دوزاختا ئۆزئارا مۇنازىرىلىشىدۇ، ئاجىز (ئەگەشكۈچىلەر) ھاكاۋۇر (ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە): «شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرگە ئەگەشكەن ئىدۇق، بىزدىن دوزاخ ئازابىدىن بىر قىسمىنى ئېلىپ تاشلىيالامسىلەر؟» دەيدۇ﴿47﴾. ھاكاۋۇر (ئەگەشتۈرگۈچىلىرى): «شۈبھىسىزكى، بىز***

www.munber.org

*ھەممىمىز دوزاختىدۇرمىز، اللە ھەقىقەتەن بەندىلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقاردى» دەيدۇ﴿48﴾.*
*دوزاختىكىلەر دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە: «سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارغا دۇئا قىلىڭلار، ئۇ بىزدىن بىر كۈنلۈك ئازابنى يېنىكلەتسە ئىكەن» دەيدۇ﴿49﴾. ئۇلار (يەنى دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر): «پەيغەمبىرىڭلار سىلەرگە روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلمىگەنمىدى؟» دەيدۇ. ئۇلار (يەنى كۇففارلار): «ھەئە، ئېلىپ كەلگەن ئىدى» دەيدۇ. ئۇلار (يەنى پەرىشتىلەر): «سىلەر دۇئا قىلىڭلار، (لېكىن) كاپىرلارنىڭ دۇئاسى پايدىسىزدۇر» دەيدۇ﴿50﴾.*

## دوزاخ ئەھلىنىڭ مۇنازىرىسى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە دوزاخ ئەھلىنىڭ دوزاختا قىلىشقان جېدەللىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇنازىرىلىرىنى خەۋەر قىلىدۇ. بۇ مۇنازىرىلەشكەنلەرنىڭ ئىچىدە پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىمۇ باردۇر. ئاجىز ئەگەشكۈچىلەر رەھبەرلەرگە، ئابرۇيلۇق كىشىلەرگە ۋە كاتتىۋاشلارغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرگە ئەگەشكەن ئىدۇق**﴾ يەنى بىز دۇنيادا سىلەر بىزنى چاقىرغان كۇپۇر ۋە گۇمراھلىقتىن ئىبارەت نەرسىگە ئەگىشىشتە سىلەرگە ئىتائەت قىلغان ئىدۇق.

﴿**بىزدىن دوزاخ ئازابىدىن بىر قىسمىنى ئېلىپ تاشلىيالامسىلەر؟» دەيدۇ**﴾ يەنى ئازابنىڭ بىر ئۈلۈشىنى بىزدىن ئۆز ئۈستۈڭلارغا ئالالامسىلەر؟ ﴿**ھاكاۋۇر (ئەگەشتۈرگۈچىلىرى): «شۈبھىسىزكى، بىز ھەممىمىز دوزاختادۇرمىز**﴾ يەنى بىز سىلەردىن ھېچ نەرسىنى ئۈستىمىزگە ئالالمايمىز. بىزگە بىز تارتىۋاتقان، ئۈستىمىزدىكى بۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتمۇ يېتىپ ئاشىدۇ.

﴿**اللە ھەقىقەتەن بەندىلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقاردى» دەيدۇ**﴾ يەنى اللە ئارىمىزدا ھەر بىرىمىزگە تېگىشلىك بولغان ئازابنى تەقسىم قىلدى. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللە: «ھەممىگە ئىككى ھەسسە ئازاب بېرىلىدۇ، لېكىن سىلەر (ئازابنىڭ دەھشىتىنى بىلمەيسىلەر» دەيدۇ﴾[1].

﴿**دوزاختىكىلەر دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە: «سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارغا دۇئا قىلىڭلار، ئۇ بىزدىن بىر كۈنلۈك ئازابنى يېنىكلەتسە ئىكەن» دەيدۇ**﴾ ئۇلار اللە تائالانىڭ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى تىڭشىمايدىغانلىقىنى، بەلكى اللە تائالانىڭ ﴿**جەھەننەمدە خار ھالدا قېلىڭلار، ئۈستۈڭلاردىن ئازابنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ھەققىدە ماڭا سۆز ئاچماڭلار**﴾ دەيدىغانلىقىنى بىلگەندە، دوزاخ ئەھلىنى ساقلايدىغان پەرىشتىلەردىن بىر كۈن بولسىمۇ كاپىرلاردىن ئازابنى يېنىكلىتىشنى تىلەپ اللە تائالاغا دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى رەت قىلىپ: ﴿**پەيغەمبىرىڭلار سىلەرگە روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلمىگەنمىدى؟**﴾ يەنى دۇنيادا پەيغەمبەرلەرنىڭ تىللىرى ئارقىلىق سىلەرگە دەلىل ـ ئىسپات كەلمىگەنمۇ؟ دەيدۇ.

﴿**ئۇلار (يەنى كۇففارلار): «ھەئە، ئېلىپ كەلگەن ئىدى» دەيدۇ. ئۇلار (يەنى پەرىشتىلەر): «سىلەر دۇئا قىلىڭلار**﴾ يەنى سىلەر ئۆزەڭلار ئۈچۈن ئۆزەڭلار دۇئا قىلىڭلار، بىز سىلەر ئۈچۈن دۇئا قىلمايمىز، سۆزۈڭلارغىمۇ قۇلاق سالمايمىز، بىز سىلەرنىڭ ئازابتىن قۇتۇلۇشۇڭلارنى خالىمايمىز، بىز سىلەردىن ئادا ـ جۇدامىز، سىلەر شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، مەيلى سىلەر دۇئا قىلىڭلار ياكى قىلماڭلار، دۇئايىڭلار بەرىبىر ئىجابەت بولمايدۇ، سىلەردىن ئازابمۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ. ﴿**(لېكىن) كاپىرلارنىڭ دۇئاسى پايدىسىزدۇر» دەيدۇ**﴾ يەنى بۇ دۇئا قوبۇل قىلىنمايدۇ ھەم ئىجابەتمۇ قىلىنمايدۇ.

* * * * * * *

(1) سۈرە ئەئراف 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

إِنَّا لَنَنصُرُ رُسُلَنَا وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَيَوۡمَ يَقُومُ ٱلۡأَشۡهَٰدُ ﴿٥١﴾ يَوۡمَ لَا يَنفَعُ
ٱلظَّٰلِمِينَ مَعۡذِرَتُهُمۡۖ وَلَهُمُ ٱللَّعۡنَةُ وَلَهُمۡ سُوٓءُ ٱلدَّارِ ﴿٥٢﴾ وَلَقَدۡ ءَاتَيۡنَا مُوسَى ٱلۡهُدَىٰ وَأَوۡرَثۡنَا بَنِيٓ
إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱلۡكِتَٰبَ ﴿٥٣﴾ هُدٗى وَذِكۡرَىٰ لِأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِ ﴿٥٤﴾ فَٱصۡبِرۡ إِنَّ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٞ وَٱسۡتَغۡفِرۡ
لِذَنۢبِكَ وَسَبِّحۡ بِحَمۡدِ رَبِّكَ بِٱلۡعَشِيِّ وَٱلۡإِبۡكَٰرِ ﴿٥٥﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ يُجَٰدِلُونَ فِيٓ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ بِغَيۡرِ
سُلۡطَٰنٍ أَتَىٰهُمۡ إِن فِي صُدُورِهِمۡ إِلَّا كِبۡرٞ مَّا هُم بِبَٰلِغِيهِۚ فَٱسۡتَعِذۡ بِٱللَّهِۖ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡبَصِيرُ ﴿٥٦﴾

*شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۆمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز﴿51﴾. ئۇ كۈندە كاپىرلارنىڭ ئۆزرىلىرى پايدا بەرمەيدۇ، ئۇلار لەنەتكە ئۇچرايدۇ، ئۇلار ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ﴿52﴾. شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا ھىدايەت ئاتا قىلدۇق، ئىسرائىل ئەۋلادىغا كىتاب (يەنى تەۋرات)نى مىراس قىلىپ بەردۇق﴿53﴾. (ئۇ) ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ھىدايەتتۇر ۋە نەسىھەتتۇر﴿54﴾. (ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارنىڭ يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىگە) سەۋر قىلغىن، اللّٰه نىڭ (ساڭا ۋە سېنىڭ تەۋەلىرىڭگە ياردەم بېرىش) ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، گۇناھىڭغا ئىستىغپار ئېيتقىن، ئاخشىمى ـ ئەتىگىنى پەرۋەردىگارىڭغا ھەمدى بىلەن تەسبىھ ئېيتقىن﴿55﴾. شۈبھىسىزكى، اللّٰه نىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە ئۆزلىرىگە (اللّٰه تەرىپىدىن) كەلگەن ھېچقانداق دەلىل بولماستىن (قارىسىغا) جاڭجاللىشىدىغانلارنىڭ كۆكرەكلىرىدە پەقەت كىبرى بار، ئۇلار (اللّٰه نىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈشتىن ئىبارەت) مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ، اللّٰه غا سېغىنىپ (ئۇلارنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلىگىن)، ھەقىقەتەن اللّٰه ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴿56﴾.*

## پەيغەمبەرلەر ۋە مۆمىنلەرنىڭ ياردەمگە ئېرىشىدىغانلىقى توغرىسىدا

**﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۆمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز﴾** بۇ ھەقتە سۇددى مۇنداق دەيدۇ: اللّٰه تائالا بىرەر قەۋمگە پەيغەمبەر ئەۋەتسە، ئۇ قەۋم ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسە ياكى مۆمىنلەردىن ھەقىقەتكە دەۋەت قىلىدىغان بىر جامائەنى ئەۋەتسە، ئۇلار اللّٰه تائالا يولىدا ئۆلتۈرۈلسە، شۇ ئەسىر ئۆتمەستىن اللّٰه تائالا مۆمىنلەرگە ياردەم قىلىدىغان، دۇنيادىلا ئۇلارنى ئۆلتۈرگەنلەردىن ئۇلارنىڭ قىساسىنى تەلەپ قىلىدىغان ئادەملەرنى ئەۋەتىدۇ. ئىلگىرى پەيغەمبەرلەر ۋە مۆمىنلەر دۇنيادا ئۆلتۈرۈلەتتى، ئۇلار ھەم دۇنيادا غەلىبە قازىناتتى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا اللّٰه تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلغان، تاجاۋۇز قىلغان ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغان دۈشمەنلەرگە قارشى ياردەم قىلدى. اللّٰه ئۆز سۆزىنى يەنى كەلىمە تەۋھىدنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلدى. دىنىنى باشقا دىنلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبىگە ئېرىشتۈردى.

اللّٰه تائالا پەيغەمبىرىنى ئۆز قەۋمى ئارىسىدىن مەدىنە ـ مۇنەۋۋەرگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇدى. مەدىنە ـ مۇنەۋۋەردە ئۇنىڭغا ياردەمچىلەرنى قىلدى. ئاندىن بەدر كۈنى ئۇنىڭغا مۇشرىكلار بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتى بېرىپ، دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇردى. ئۇلار دۈشمەنلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى

www.munber.org

ئۆلتۈرۈپ قول ئاستىدىكىلەرنى ئەسىر ئېلىپ، ئۇلارنى كىشەنلەر بىلەن باغلاپ ھەيدەپ ماڭدى. ئاندىن الله پەيغەمبىرىنىڭ ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىشى بىلەن مۆمىنلەرگە ئېھسان قىلدى. ئاز مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا مەككىنى پەتھى قىلىپ بەردى. الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئۆز شەھىرىنى پەتھى قىلىش بىلەن خۇرسەن بولدى. ئۇ كاپىرلارنىڭ كىرىشى چەكلەنگەن ئۇلۇغ ھەرەم شېرىپ ئىدى. الله تائالا پەيغەمبىرى ئارقىلىق ئۇ شەھەرنى كۈپۈردىن، شېرىكتىن تازىلىدى. الله ئۇنىڭغا يەمەننى پەتھى قىلىپ بەردى. ئەرەب يېرىم ئارىلى تەلتۆكۈس ئۇنىڭغا باش ئەگدى. كىشىلەر توپ ـ توپ بولۇپ الله نىڭ دىنىغا كىردى. ئاندىن الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قەبزە روھ قىلىپ ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى الله تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزىدىغان ئورۇنباسارلار قىلدى. ئۇلار الله نىڭ بەندىلىرىنى الله تەرەپكە چاقىردى. ئۇلار نۇرغۇن يۇرتلارنى، رايونلارنى، شەھەر ـ يېزىلارنى پەتھى قىلدى ۋە كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئازاد قىلدى. تاكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى زېمىننىڭ شەرق ۋە غەربلىرىگە كەڭ تارقالدى. بۇ دىن تاكى قىيامەتكىچە نۇسرەت ۋە غەلىبە قازىنىدۇ.

﴿**شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۆمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز**﴾ يەنى ئۇلارغا ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ كاتتا، ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغان ياردەم قىيامەت كۈندە بولىدۇ.

﴿**ئۇ كۈندە كاپىرلارنىڭ ئۆزرىلىرى پايدا بەرمەيدۇ**﴾ يەنى ئۇلار مۇشرىكلار بولۇپ، ئۇ كۈندە ئۇلارنىڭ نە ئۆزرىلىرى، نە فىدىيەلىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ﴿**ئۇلار لەنەتكە ئۇچرايدۇ**﴾ يەنى ئۇلار رەھمەتتىن يىراق قىلىنىدۇ. ﴿**ئۇلار ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ**﴾ سۇددى: بۇ ئايەتتىكى ئازاب دوزاخ ئازابىدۇر، ئۇ نېمە دېگەن يامان جاي! دېدى.

## مۇسا ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ قىسسىسى ئارقىلىق پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەرنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا بېشارەت بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا

﴿**شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا ھىدايەت ئاتا قىلدۇق**﴾ الله تائالا ئۇنى توغرا يول ۋە نۇر بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ﴿**ئىسرائىل ئەۋلادىغا كىتاب (يەنى تەۋرات)نى مىراس قىلىپ بەردۇق**﴾ يەنى ئۇلار الله غا ئىتائەت قىلىشتا، پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتە سەۋرچان بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا ياخشى ئاقىۋەت ئاتا قىلدۇق. ئۇلارغا پىرئەۋننىڭ دۆلىتىنى، توپلىغان مال ـ مۈلكىنى، يىغقان نەرسىلىرىنى ۋە زېمىنىنى مىراس قىلىپ بەردۇق. شۇنداقلا ئۇلارغا كىتاب يەنى تەۋراتنى مىراس قىلىپ بەردۇق. ﴿**(ئۇ) ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ھىدايەتتۇر ۋە نەسىھەتتۇر**﴾.

﴿**(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارنىڭ يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىگە) سەۋر قىلغىن، الله نىڭ (ساڭا ۋە سېنىڭ تەۋەلىرىڭگە ياردەم بېرىش) ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر**﴾ يەنى بىز ساڭا سېنىڭ دەۋىتىڭنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرىمىز، ئاخىرقى غەلىبىنى ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكەنلەرگە بېرىمىز دەپ ۋەدە قىلدۇق، الله ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. بىز ساڭا ۋەدە قىلغان بۇ نەرسە ھەقتۇر. ئۇنىڭدا ھېچ شەك ـ شۈبھە يوقتۇر.

﴿**گۇناھىڭغا ئىستىغپار ئېيتقىن**﴾ يەنى بۇ ئايەت ئۈممەتنى ئىستىغپار ئېيتىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ﴿**ئاخشىمى ـ ئەتىگىنى پەرۋەردىگارىڭغا ھەمدى بىلەن تەسبىھ ئېيتقىن**﴾ يەنى كۈندۈزنىڭ ئاخىرى، كېچىنىڭ باش تەرىپىدە ۋە كۈندۈزنىڭ باش تەرىپى، كېچىنىڭ ئاخىرىدا پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن.

www.munber.org

﴿شۈبھىسىزكى، اللہ نىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە ئۆزلىرىگە (اللہ تەرىپىدىن) كەلگەن ھېچقانداق دەلىل بولماستىن (قارىسىغا) جاڭجاللىشىدىغانلارنىڭ كۆكرەكلىرىدە پەقەت كىبىرى بار، ئۇلار (اللہ نىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈشتىن ئىبارەت) مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ﴾ يەنى ھەقىقەتكە ناھەقچىلىق بىلەن رەددىيە بېرىدىغانلار، اللہ تائالادىن كەلگەن تـوغرا دەلىللەرنى ھېچقانـداق ئاساسسىز بۇزۇق گۇمانلىرى بىلەن رەت قىلىدىغانلارنىڭ دىللىرىدا ھەققە ئەگىشىشتىن چوڭچىلىق قىلىش، ھەقنى ئېلىپ كەلگەن كىشىنى كۆزگە ئىلماسلىق قاتارلىق يامان خۇلۇقلىرى بار. ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى بۇرمىلاپ، بۇزۇق ـ خاتا سەپسەتىلىرىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن تۈزگەن رەزىل پىلانلىرى ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ھەقىقەت ھامان ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكۈچىدۇر. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ۋە كۆزلىگەن مەقسەتلىرى يەر بىلەن يەكسەن بولغۇچىدۇر. ﴿اللہ غا سېغىنىپ (ئۇلارنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلىگىن)﴾ يەنى ئەنە شۇلارغا ئوخشاشلارنىڭ ھالىدىن پاناھ تىلىگىن.

ياكى ھېچقانداق دەلىل بولماستىن اللہ نىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە دەتالاش قىلىشىدىغان ئەنە شۇلارغا ئوخشاشلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلىگىن. ﴿ھەقىقەتەن اللہ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾.

* * * * * * *

لَخَلْقُ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ أَكْبَرُ مِنْ خَلْقِ ٱلنَّاسِ وَلَـٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٥٧﴾
وَمَا يَسْتَوِى ٱلْأَعْمَىٰ وَٱلْبَصِيرُ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ وَلَا ٱلْمُسِىٓءُ ۚ قَلِيلًا مَّا
تَتَذَكَّرُونَ ﴿٥٨﴾ إِنَّ ٱلسَّاعَةَ لَـَٔاتِيَةٌ لَّا رَيْبَ فِيهَا وَلَـٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يُؤْمِنُونَ ﴿٥٩﴾

*ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىش ئەلۋەتتە ئىنسانلارنى يارىتىشتىن كۆپ قىيىندۇر ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (بۇنى) ئۇقمايدۇ[57]. ئەما بىلەن كۆزى كۆرىدىغان ئادەم (يەنى مۆمىن بىلەن كاپىر) باراۋەر بولمايدۇ، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ئادەملەر بىلەن يامان ئىش قىلغۇچى ئادەملەر باراۋەر بولمايدۇ. سىلەر ئاز ۋەز ـ نەسىھەت ئالىسىلەر[58]. قىيامەت چوقۇم كېلىدۇ، ئۇنىڭدا شەك يوق ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (ئۇنىڭغا) ئىشەنمەيدۇ (شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى، قىيامەت كۈنى بېرىلىدىغان مۇكاپات بىلەن جازانى ئىنكار قىلىدۇ)[59].*

## ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتلىق توغرىسىدا

اللہ تائالا بۇ ئايەتتە قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنى قايتا تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ اللہ تائالاغا ئاسان ۋە قولاي ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانلىقىنى، ئۇ ئىككىسىنى يارىتىش، ئىنسانلارنى يوقتىن بار قىلىش ۋە قايتا تىرىلدۈرۈشكە سېلىشتۇرغاندا تەس ئىكەنلىكىنى ئىنسانلارغا ئەسلىتىدۇ. كىمكى شۇنداق قىيىن ئىشنى قىلىشقا ئىقتىدارى يەتسە، ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەكىنى ئەلۋەتتە ئاسان ۋە ياخشى ئۇسۇل بىلەن قىلالايدۇ.

www.munber.org

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى كۇففارلار) بىلمەمدۇكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان ۋە ئۇلارنى يارىتىشتا چارچاپ قالمىغان الله ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ دۇرۇس، ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾ [1].

**﴿ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىش ئەلۋەتتە ئىنسانلارنى يارىتىشتىن كۆپ قىيىندۇر ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (بۇنى) ئۇقمايدۇ﴾** شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بۇ پاكىتلار ئۈستىدە تەپەككۇر قىلمايدۇ ۋە ئويلانمايدۇ. نۇرغۇن ئەرەبلەر الله نىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىنلارنى ياراتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇلار قىيامەتنى يىراق كۆرۈپ، كۆپۈرلۇق قىلغان ۋە توغرا يولدىن ئاداشقان ھالدا ئۇنى ئىنكار قىلاتتى.

ئۇلار ھەقىقەتەن ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئاسان بولغان نەرسىلەرنى ئىنكار قىلىپ، ۋۇجۇدقا چىقىرىش قىيىن بولغان نەرسىنى ئېتىراپ قىلدى.

**﴿ئەما بىلەن كۆزى كۆرىدىغان ئادەم (يەنى مۆمىن بىلەن كاپىر) باراۋەر بولمايدۇ، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ئادەملەر بىلەن يامان ئىش قىلغۇچى ئادەملەر باراۋەر بولمايدۇ﴾** يەنى خۇددى بىرەر نەرسىنى كۆرمەيدىغان ئەما بىلەن كۆزى يەتكەن يەردىكى نەرسىنى كۆرىدىغان ئادەم باراۋەر بولمىغىنىدەك، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چوڭ پەرق بولغىنىدەك، ياخشى مۆمىنلەر بىلەن پاسىق كاپىرلار باراۋەر بولمايدۇ. **﴿سىلەر ئاز ۋەز ـ نەسىھەت ئالىسىلەر﴾** يەنى ئىنسانلار شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدىغانلار نېمىدېگەن ئاز!

**﴿قىيامەت چوقۇم كېلىدۇ﴾** يەنى ئۇ ئەلۋەتتە يۈز بېرىدۇ. **﴿ئۇنىڭدا شەك يوق ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (ئۇنىڭغا) ئىشەنمەيدۇ﴾** يەنى ئۇلار قىيامەتنى تەستىق قىلمايلا قالماستىن بەلكى ئۇنىڭ چوقۇم بولۇشىنى ئىنكار قىلىدۇ.

* * * * * * *

وَقَالَ رَبُّكُمُ ٱدۡعُونِىٓ أَسۡتَجِبۡ لَكُمۡۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَسۡتَكۡبِرُونَ عَنۡ عِبَادَتِى سَيَدۡخُلُونَ جَهَنَّمَ دَاخِرِينَ ﴿٦٠﴾

***پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ»*** [60].

## دۇئا قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

دۇئا قىلىشقا بۇيرۇش الله نىڭ پەزلىدۇر ۋە ئېھسانىدۇر. الله تائالا بۇ ئايەتتە بەندىلىرىنى ئۆزىگە دۇئا قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى. ئۇلارنىڭ قىلغان دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدىغانلىقىغا كېپىللىك بەردى. بۇ ھەقتە سۇفيانسەۋرى: الله تائالانىڭ بەندىلىرى ئىچىدە الله تائالاغا ئەڭ سۆيۈملۈك كۆرۈنىدىغان بەندە، الله تائالادىن كۆپ سورىغان بەندىدۇر. الله نىڭ بەندىلىرىدىن الله تائالاغا ئەڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغان بەندە ھاجىتىنى الله تائالادىن سورىمىغان بەندىدۇر، ئى پەرۋەردىگارىم! سېنىڭدىن باشقا ھېچ ئادەم ساڭا ئوخشاش ئەمەس، دېدى. بۇنى ئىبنى ئەبى ھاتەم رىۋايەت قىلغان. مۇشۇ مەزمۇندا بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

[1] سۈرە ئەھقاق 33 ـ ئايەت.

www.munber.org

غەزەپ قىلار الله ساڭا، سوراپ دۇئا قىلماي قويساڭ،
غەزەپ قىلار ئىنسان ساڭا، ئۇندىن نەرسە تىلەپ تۇرساڭ.

ئىبنى ئەبۇھاتەم، قەتادىدىن، كەئىب ئەھبارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئۈممەتكە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى بىر ئۈممەت ۋە بىرەر پەيغەمبەرگە بېرىلمىگەن ئۈچ نەرسە بېرىلدى: بىرىنچىسى، الله بىرەر پەيغەمبەرنى ئەۋەتسە، ئۇنىڭغا "سەن ئۈممىتىڭگە گۇۋاھچى" دەيتتى. سىلەرنى بولسا پۈتۈن ئىنسانلارغا گۇۋاھچى قىلدى.

ئىككىنچىسى، ئۇ پەيغەمبەرگە: "ساڭا دىنىدا ھېچقانداق مۇشكۈللۈك يوق" دېگەن بولسا، بۇ ئۈممەتكە ﴿سىلەرگە دىنىدا ھېچ قانداق مۇشكىللىكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى)﴾[1] دېدى.

ئۈچىنچىسى، ئۇ پەيغەمبەرلەرگە: "ماڭا دۇئا قىلغىن، دۇئايىڭنى قوبۇل قىلىمەن" دېگەن بولسا، بۇ ئۈممەتكە: **﴿ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)﴾** دېدى.

ئىمام ئەھمەد، نوئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دۇئا ھەقىقەتەن ئىبادەتتۇر». ئاندىن نوئمان: **﴿ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. بۇنى ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ئەبۇ ھاتەم ۋە ئىبنى جەرىر قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

**﴿شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار﴾** يەنى ماڭا دۇئا قىلىشتىن، مېنى بىر ۋە بار دەپ بىلىشتىن باش تارتىدىغانلار**﴿خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ﴾**.

بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد، ئەمرى ئىبنى شۇئەيبنىڭ دادىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «چوڭچىلىق قىلغانلار قىيامەت كۈنى ئىنسانلار سۈرىتىدە زەررىگە ئوخشاش كىچىكلىتىلگەن ھالەتتە يىغىلىدۇ، ئۇلار شۇنچىلىك كىچىكلىتىلىدۇكى، ھەممە نەرسە ئۇلاردىن چوڭ ۋە ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇلار جەھەننەمدىكى بولەس دېيىلىدىغان زىندانغا تاشلىنىدۇ. ئۇلارغا ئوتتىن بويۇنتۇرۇق سېلىنىدۇ. ھېچىر تاۋاقتا دوزاخ ئەھلىنىڭ قان ـ يىرىڭلىرىدىن سۇغۇرىلىدۇ.

* * * * * * *

ٱللَّهُ ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ ٱلَّيۡلَ لِتَسۡكُنُواْ فِيهِ وَٱلنَّهَارَ مُبۡصِرًاۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَذُو فَضۡلٍ عَلَى ٱلنَّاسِ
وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَشۡكُرُونَ ﴿٦١﴾ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمۡ خَٰلِقُ كُلِّ شَىۡءٍ لَّآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۖ فَأَنَّىٰ
تُؤۡفَكُونَ ﴿٦٢﴾ كَذَٰلِكَ يُؤۡفَكُ ٱلَّذِينَ كَانُواْ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ يَجۡحَدُونَ ﴿٦٣﴾ ٱللَّهُ ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ
ٱلۡأَرۡضَ قَرَارًا وَٱلسَّمَآءَ بِنَآءً وَصَوَّرَكُمۡ فَأَحۡسَنَ صُوَرَكُمۡ وَرَزَقَكُم مِّنَ ٱلطَّيِّبَٰتِۚ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ

[1] سۈرە ھەج 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

رَبُّكُمْۖ فَتَبَارَكَ ٱللَّهُ رَبُّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٦٤﴾ هُوَ ٱلۡحَيُّ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ فَٱدۡعُوهُ مُخۡلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَۗ

ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٦٥﴾

*(كۈندۈزى ئىشلەپ يەتكەن ھارغىنلىقتىن) ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، الله سىلەرگە كېچىنى (قاراڭغۇ قىلىپ) ياراتتى، (تىرىكچىلىك يولىدا ھەرىكەتلىنىشىڭلار ئۈچۈن) كۈندۈزنى يورۇق ياراتتى. الله ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (الله نىڭ ئېھسانىغا شۈكۈر قىلمايدۇ، الله نىڭ مەرھەمىتى ۋە نېمەتلىرىگە ناشۈكۈرلۈق قىلىدۇ) ﴿61﴾. ئەنە شۇ الله سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، قانداقمۇ (الله غا ئىبادەت قىلىشتىن بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشقا) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟ ﴿62﴾. الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار (ھىدايەتتىن ۋە ھەقىقەتتىن) شۇنداق بۇرۇلۇپ كېتىدۇ (ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭنىڭ الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقىغا قايغۇرۇپ كەتمىگىن، ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر مۇشۇنداق قىلغان) ﴿63﴾. الله سىلەرگە زېمىننى تۇرالغۇ، ئاسماننى بىنا قىلدى. سىلەرنى سۈرەتكە كىرگۈزدى. سۈرىتىڭلارنى چىرايلىق قىلدى. سىلەرگە (تۇرلۇك) پاك نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردى. ئەنە شۇ الله سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر ﴿64﴾. الله ھاياتتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، دىنىڭلارنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله غا خاستۇر! ﴿65﴾.*

## الله تائالانىڭ قۇدرىتى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەر توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىنسانلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ. الله سىلەرگە كۈندۈزى تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئىشلەپ، يەتكەن ھارغىنلىقتىن ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن قاراڭغۇ كېچىنى يارىتىپ بەردى. شۇنداقلا سەپەرلىرىڭلاردا، دۆلەتلەر ئارا قىلىدىغان سەپەرلىرىڭلاردا، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشىڭلاردا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن كۈندۈزنى يورۇق قىلىپ بەردى. ﴿**الله ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (الله نىڭ ئېھسانىغا شۈكۈر قىلمايدۇ**﴾ يەنى ئۇلار الله نىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلمايدۇ.

﴿**ئەنە شۇ الله سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر**﴾ يەنى بۇ نەرسىلەرنى ياراتقان زات پەقەتلا يالغۇز بىر الله تائالادۇر. ئۇ بارلىق نەرسىلەرنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا پەرۋەردىگار يوقتۇر. ﴿**قانداقمۇ (الله غا ئىبادەت قىلىشتىن بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشقا) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟**﴾ يەنى سىلەر قانداقمۇ ھېچنەرسە يارىتالمايدىغان، بەلكى كىشىلەر ئۆزلىرى ياساپ نەقىش قىلىپ قويغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلىسىلەر؟

﴿**الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار (ھىدايەتتىن ۋە ھەقىقەتتىن) شۇنداق بۇرۇلۇپ كېتىدۇ**﴾ يەنى خۇددى ئۇلار الله دىن باشقىغا ئىبادەت قىلىپ ئېزىپ كەتكەندەك، ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ ھېچقانداق دەلىل ـ پاكىتسىز نادانلىق قىلىپ ۋە ھاۋايى ھەۋەسكە بېرىلىپ، الله دىن باشقىغا ئىبادەت قىلىشقا بۇرۇلۇپ كەتتى. ئۇلار الله نىڭ دەلىللىرى ۋە ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلدى.

﴿**الله سىلەرگە زېمىننى تۇرالغۇ قىلىپ بەردى**﴾ يەنى زېمىننىڭ ئۈستىدە ياشىشىڭلار، تىرىكچىلىك قىلىشىڭلار ۋە بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە سەپەر قىلىشىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرگە ئۇنى كەڭرى تۇرالغۇ جاي

www.munber.org

قىلىپ بەردى. زېمىننىڭ سىلەر بىلەن تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئېگىز تاغلارنى قوزۇق قىلىپ ياراتتى. ﴿**ئاسماننى بىنا قىلدى**﴾ يەنى ئالەملەرنى ئۈراپ تۇرىدىغان ئۆگزە قىلدى.

﴿**سىلەرنى سۈرەتكە كىرگۈزدى، سۈرىتىڭلارنى چىرايلىق قىلدى**﴾ يەنى سىلەرنى ئەڭ چىرايلىق شەكىللەردە ياراتتى. سىلەرگە گۈزەللىكتە ئەڭ مۇكەممەل چىراي بەردى. ﴿**سىلەرگە (تۈرلۈك) پاك نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردى**﴾ يەنى دۇنيادىكى يېمەك - ئىچمەكلىكلەردىن ھەر تۈرلۈك پاك رىزىقلارنى بەردى. الله بۇ يەردە ئۆزىنىڭ تۇرالغۇ جايلارنىڭ ۋە رىزىقلارنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. الله ھەممىنى ياراتقۇچىدۇر. ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر.

الله تائالا سۈرە بەقەرەدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر) نى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار. الله سىلەرگە زېمىننى تۆشەك ۋە ئاسماننى بىنا (يەنى يۇلتۇزلارنىڭ زىچلىقىدا بىنا غا ئوخشاش) قىلىپ بەردى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، سىلەرگە رىزىق بولۇش ئۈچۈن يامغۇر ئارقىلىق تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى. ئەمدى الله غا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ھالبۇكى، سىلەر (الله نىڭ شېرىكى يوقلۇقىنى) بىلىپ تۇرىسىلەر﴾[1].

الله بۇ يەردە ئۇ نەرسىلەرنى تىلغا ئالغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەنە شۇ الله سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر**﴾ يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى يۈكسەك ۋە ئۇلۇغدۇر، بارلىق نوقسانلاردىن پاكتۇر.

﴿**الله ھاياتتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر**﴾ يەنى الله ئەزەلدىن ئەبەتكىچە ھەمىشە ھاياتتۇر. الله نىڭ باشلىنىشى يوقتۇر، ئاخىرلىششى يوقتۇر، الله ئاشكارىدۇر، يەنى مەۋجۇتلىقىنى كۆرسەتكۈچى دەلىللەر بىلەن ئەقىللەرگە ئاشكارىدۇر، مەخپىيدۇر، ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ زاتىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشكە ئەقىللەر ئېرىشەلمەيدۇ.

﴿**ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر**﴾ يەنى الله نىڭ تەڭدىشى يوقتۇر. ئوخششى يوقتۇر. ﴿**دىنىڭلارنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار**﴾ يەنى الله نى بىر ۋە بار دەپ بىلگەن، الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، پۈتكۈل ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله تائالاغا خاستۇر دەپ تونىغان ھالدا ئىبادەت قىلىڭلار.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ زۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ھەر نامازدا سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىنلا مۇنداق دەيتتى: ھېچ شېرىكى يوق يالغۇز الله تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە جىمى ھەمدۇسانالار الله تائالاغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر، پەقەت الله تائالا كۈچ - قۇۋۋەت ئىگىسىدۇر، الله تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، بىز پەقەت الله غىلا ئىبادەت قىلىمىز، ئۇ نېمەت ئىگىسىدۇر، پەزل ئىگىسىدۇر، گۈزەل ماختاشلار ئۇنىڭغا خاستۇر، الله دىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، كاپىرلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ، بىز دىنىمىزنى پاك قىلغان ھالدا الله غا خالىس ئىبادەت قىلىمىز ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر نامازدىن كېيىن ئۇ سۆزلەر بىلەن زىكرى ئېيتاتتى، دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

[1] سۈرە بەقەرە 21 - 22 - ئايەتلەر.

www.munber.org

﴿قُلۡ إِنِّي نُهِيتُ أَنۡ أَعۡبُدَ ٱلَّذِينَ تَدۡعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ لَمَّا جَآءَنِيَ ٱلۡبَيِّنَٰتُ مِن رَّبِّي وَأُمِرۡتُ
أَنۡ أُسۡلِمَ لِرَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ٦٦ هُوَ ٱلَّذِي خَلَقَكُم مِّن تُرَابٖ ثُمَّ مِن نُّطۡفَةٖ ثُمَّ مِنۡ عَلَقَةٖ ثُمَّ
يُخۡرِجُكُمۡ طِفۡلٗا ثُمَّ لِتَبۡلُغُوٓاْ أَشُدَّكُمۡ ثُمَّ لِتَكُونُواْ شُيُوخٗاۚ وَمِنكُم مَّن يُتَوَفَّىٰ مِن قَبۡلُۖ وَلِتَبۡلُغُوٓاْ
أَجَلٗا مُّسَمّٗى وَلَعَلَّكُمۡ تَعۡقِلُونَ ٦٧ هُوَ ٱلَّذِي يُحۡيِۦ وَيُمِيتُۖ فَإِذَا قَضَىٰٓ أَمۡرٗا فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُۥ
كُن فَيَكُونُ ٦٨﴾

*(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: «پەرۋەردىگارىمدىن ماڭا روشەن دەلىللەر كەلگەن چاغدا، سىلەر اللە نى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلىرىڭلارغا ئىبادەت قىلىشتىن مەنئى قىلىندىم، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا بويسۇنۇشقا بۇيرۇلدۇم»﴿66﴾. اللە سىلەرنى (يەنى ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) تۇپراقتىن، (ئۇنىڭ ئەۋلادىنى ئالدى بىلەن) ئابىمەنىدىن، ئاندىن لەختە قاندىن ياراتتى، ئاندىن ئۇ سىلەرنى (ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن) بوۋاق ھالىتىڭلاردا چىقىرىدۇ، ئاندىن (كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئەقىلدە كامالەت يېشى) قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىسىلەر، ئاندىن قېرىيسىلەر ـ بەزىڭلار بۇرۇن ۋاپات بولۇپ كېتىسىلەر ـ ئاندىن سىلەر مۇئەييەن ۋاقىتقىچە ياشايسىلەر، سىلەر (اللە نىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) چۈشەنگەيسىلەر﴿67﴾. اللە تىرىلدۈرۈشكە ۋە ئۆلتۈرۈشكە قادىر، ئۇ بىرەر ئىشنى (قىلىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «ۋۇجۇدقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ﴿68﴾.*

## شېرىكتىن توسۇپ تەۋھىدكە بۇيرۇغانلىق ۋە ئۇنىڭ دەلىلى توغرىسىدا

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! ئەنە شۇ مۇشرىكلارغا اللە تائالا ھەقىقەتەن بىر ئادەمنىڭ اللە تائالادىن باشقا بۇتلارغا، شېرىك قىلىۋالغان ئىلاھلىرىغا چوقۇنۇشنى مەنئى قىلىدۇ دېگىن.

اللە تائالا تۆۋەندىكى ئايەتتە اللە دىن باشقا ھېچبىر ئەھەدىنىڭ ئىبادەتكە لايىق ئەمەسلىكىنى بايان قىلدى: ﴿**اللە سىلەرنى (يەنى ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) تۇپراقتىن، (ئۇنىڭ ئەۋلادىنى ئالدى بىلەن) ئابىمەنىدىن، ئاندىن لەختە قاندىن ياراتتى، ئاندىن ئۇ سىلەرنى (ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن) بوۋاق ھالىتىڭلاردا چىقىرىدۇ، ئاندىن (كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئەقىلدە كامالەت يېشى) قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىسىلەر، ئاندىن قېرىيسىلەر**﴾ يەنى ھېچ شېرىكى بولمىغان يالغۇز اللە سىلەرنى مۇشۇ باسقۇچلارغا بۆلۈپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا تەرەققىي قىلىش اللە تائالانىڭ بۇيرۇقى، تەدبىرى ۋە پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ.

﴿**بەزىڭلار بۇرۇن ۋاپات بولۇپ كېتىسىلەر**﴾ يەنى ئۇلاردىن بۇ دۇنياغا تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ئانىسىنىڭ بويىدىن ئاجراپ چۈشۈپ كېتىدىغانلار بار، تۇغۇلغاندىن كېيىن كىچىك ۋاقتىدا، ياشلىق دەۋرىدە، ئوتتۇرا ياشلىق چاغلىرىدا ئۆلۈپ كېتىدىغانلارمۇ بار. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز سىلەرگە اللە نىڭ قۇدرىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن... بىز خالىغان ئادەمنى بەچچىدانىدا مۇئەييەن مۇددەتكىچە قالدۇرىمىز﴾[1].

---

[1] سۈرە ھەج 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

﴿ئاندىن سىلەر مۆئمىنلەر ۋاقىتقىچە ياشايسىلەر سىلەر (اللە نىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) چۈشەنگەيسىلەر﴾ ئىبنى جۇرەيج: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، سىلەر قىيامەتنى ئەسلىگەيسىلەر دېگەنلىكتۇر، دېدى.

﴿اللە تىرىلدۈرۈشكە ۋە ئۆلتۈرۈشكە قادىر﴾ يەنى تىرىلدۈرۈش ۋە ئۆلتۈرۈشنى اللە ئۆزى تەنھا قىلىدۇ، بۇنىڭغا اللە دىن باشقا ھېچبىرى قادىر ئەمەس.

﴿ئۇ بىرەر ئىشنى (قىلىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «ۋۇجۇدقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ﴾ يەنى قارشىلىق ۋە توسقۇنلۇق بولمايدۇ. بەلكى، اللە خالىغان نەرسە دەرھال ۋۇجۇدقا كەلمەي قالمايدۇ.

* * * * * * *

أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ يُجَـٰدِلُونَ فِىٓ ءَايَـٰتِ ٱللَّهِ أَنَّىٰ يُصْرَفُونَ ﴿٦٩﴾ ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِٱلْكِتَـٰبِ وَبِمَآ
أَرْسَلْنَا بِهِۦ رُسُلَنَا ۖ فَسَوْفَ يَعْلَمُونَ ﴿٧٠﴾ إِذِ ٱلْأَغْلَـٰلُ فِىٓ أَعْنَـٰقِهِمْ وَٱلسَّلَـٰسِلُ يُسْحَبُونَ ﴿٧١﴾ فِى
ٱلْحَمِيمِ ثُمَّ فِى ٱلنَّارِ يُسْجَرُونَ ﴿٧٢﴾ ثُمَّ قِيلَ لَهُمْ أَيْنَ مَا كُنتُمْ تُشْرِكُونَ ﴿٧٣﴾ مِن دُونِ ٱللَّهِ ۖ قَالُوا۟
ضَلُّوا۟ عَنَّا بَل لَّمْ نَكُن نَّدْعُوا۟ مِن قَبْلُ شَيْـًٔا ۚ كَذَٰلِكَ يُضِلُّ ٱللَّهُ ٱلْكَـٰفِرِينَ ﴿٧٤﴾ ذَٰلِكُم بِمَا كُنتُمْ
تَفْرَحُونَ فِى ٱلْأَرْضِ بِغَيْرِ ٱلْحَقِّ وَبِمَا كُنتُمْ تَمْرَحُونَ ﴿٧٥﴾ ٱدْخُلُوٓا۟ أَبْوَٰبَ جَهَنَّمَ خَـٰلِدِينَ فِيهَا ۖ
فَبِئْسَ مَثْوَى ٱلْمُتَكَبِّرِينَ ﴿٧٦﴾

*اللە نىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە جاڭجاللىشىۋاتقانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار قانداقمۇ (ھىدايەتتىن گۇمراھلىققا) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟ [69]. ئۇلار كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ئىنكار قىلدى، پەيغەمبەرلىرىمىزگە بىز نازىل قىلغان مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار ئۇزاققا قالماي (ئىنكار قىلغانلىقلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) بىلىدۇ [70]. ئۇ چاغدا (يەنى دوزاخقا كىرگەندە) ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىدا تاقاقلار ۋە زەنجىرلەر بولىدۇ، ئۇلار قايناقسۇغا سۆرەپ كىرىلىدۇ، ئاندىن ئوتتا كۆيدۈرۈلىدۇ [71]. ئاندىن ئۇلارغا: «اللە نى قويۇپ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلار قەيەردە؟» دېيىلىدۇ، ئۇلار: «ئۇ بۇتلار ئۆزلىرىنى بىزدىن چەتكە ئالدى، بەلكى بىز ئىلگىرى ھېچنەرسىگە ئىبادەت قىلمايتتۇق» دەيدۇ. اللە كاپىرلارنى مۇشۇنداق گۇمراھ قىلىدۇ [72 - 73]. بۇ (ئازاب) سىلەرنىڭ زېمىندا ھەقسىز رەۋىشتە (گۇناھ قىلىپ پۇل ـ مالنى ھارام يوللارغا سەرپ قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن) خۇشال بولغانلىقىڭلار ۋە ھاكاۋۇر بولۇپ كەتكەنلىكىڭلار ئۈچۈندۇر [75]. سىلەر دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىپ ئۇ يەردە مەڭگۇ قېلىڭلار، مۇتەكەببىرلەرنىڭ جايى نېمىدېگەن يامان؟ [76].*

## ھەق ئۈستىدە مۇنازىرە قىلغان ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! اللە تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە ھەق ئۈستىدە ناھەق مۇنازىرە قىلغانلارغا ھەيران قالمىدىڭمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئەقىللىرى قانداقمۇ ھىدايەتتىن گۇمراھلىققا

www.munber.org

بۇزۇلۇپ كېتىدۇ؟ ﴿**ئۇلار كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ئىنكار قىلدى. پەيغەمبەرلىرىمىزگە بىز نازىل قىلغان مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلدى**﴾ يەنى ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى ۋە روشەن ئايەتلەرنى ئىنكار قىلدى.

﴿**ئۇلار ئۇزاققا قالماي (ئىنكار قىلغانلىقلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) بىلىدۇ**﴾ بۇ ئايەت ئىنسانلارغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن قاتتىق قورقىتىلىش ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ بۇ كۈندە ئۇ كۈننى ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!﴾[1].

﴿**ئۇ چاغدا (يەنى دوزاخقا كىرگەندە) ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىدا تاقاقلار ۋە زەنجىرلەر بولىدۇ**﴾ يەنى زەنجىر تاقاقلارغا باغلىنىپ، بىر ئۇچى ئازاب پەرىشتىلىرى دەپ ئاتالغان زەبانىيلارنىڭ قولىدا بولىدۇ. ئۇلار كاپىرلارنى دۇم ياتقۇزغان ھالەتتە بىردەم قايناق سۇغا، يەنە بىردەم ئوتقا سۆرەپ ئەكىرىپ تۇرىدۇ. ﴿**ئۇلار قايناقسۇغا سۆرەپ كىرىلىدۇ، ئاندىن ئوتتا كۆيدۈرۈلىدۇ**﴾.

بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿بۇ، گۇناھكارلار ئىنكار قىلىدىغان جەھەننەمدۇر. ئۇلار دوزاخ بىلەن قايناقسۇ ئارىسىدا بېرىپ - كېلىپ تۇرىدۇ (يەنى گاھىدا ئوت بىلەن، گاھىدا قايناقسۇ بىلەن ئازابلىنىدۇ)﴾[2].

اللّٰه تائالا ئۇلارنىڭ زەققۇم دەرىخىنىڭ مېۋىلىرىنى يەيدىغانلىقى ۋە قايناق سۇ ئىچىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ﴿ئاندىن ئۇلارنىڭ قايتىدىغان جايى چوقۇم دوزاخ بولىدۇ﴾[3] ﴿بەختسىزلەر (يەنى نامە - ئەمالى سول تەرىپىدىن بېرىلگەنلەر) (دوزىخىلاردۇر). بەختسىزلەر قانداق ئادەملەر؟ ئۇلار (بەدەننىڭ تۆشۈكلىرىگە كىرىپ كېتىدىغان) ئاتەشلىك شامالنىڭ، زىيادە ھارارەتلىك قايناقسۇنىڭ ۋە قارا تۈتۈندىن بولغان سالقىنمۇ ئەمەس، كۆركەممۇ ئەمەس سايىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى (يەنى دۇنيادا) شەھۋەتكە چۆمگەن ئىدى. ئۇلار چوڭ گۇناھتا (يەنى كۇفرىدا) چىڭ تۇرغان ئىدى. ئۇلار: «بىز ئۆلۈپ تۇپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغان چاغدا بىز چوقۇم تىرىلدۈرۈلەمدۇق؟ ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ تىرىلدۈرۈلەمدۇ؟» دەيتتى. ئېيتقىنكى، «ئىلگىرىكىلەر ۋە كېيىنكىلەر مەلۇم كۈننىڭ مۇئەييەن ۋاقتىدا (يەنى قىيامەتتە) توپلىنىدۇ. ئاندىن سىلەر، ئى قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى گۇمراھلار! چوقۇم زەققۇم دەرىخىدىن يەيسىلەر. ئۇنىڭدىن قورساقلىرىڭلارنى تولدۇرىسىلەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارارىتى يۇقىرى بولغان قايناقسۇنى تەشنا بولغان تۆگىلەردەك ئىچىسىلەر. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى زىياپىتىدۇر﴾[4] ﴿زەققۇم دەرىخى ھەقىقەتەن گۇناھكارلارنىڭ تامىقىدۇر. ئۇ ئېرىتىلگەن مىستەك (قىزىق)دۇر، ئۇ قورساقلاردا قايناقسۇدەك قاينايدۇ. (دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە) «ئۇنى تۇتۇپ سۆرەپ دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ بېرىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭ بېشىغا قايناقسۇ قۇيۇپ ئازابلاڭلار» دېيىلىدۇ. (ئۇنىڭغا خارلاش ۋە مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن) «(بۇ ئازابنى) تېتىغىن، سەن ھەقىقەتەن ئىززەتلىك ئۇلۇغ زات ئىدىڭ. بۇ (ئازاب) ھەقىقەتەن (ھايات ۋاقتىڭلاردا) سىلەر شەكلەنگەن نەرسىدۇر» دېيىلىدۇ﴾[5] يەنى بۇ سۆز ئۇلارغا تاپا - تەنە قىلىش، ئەيىبلەش ۋە مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن دېيىلىدۇ.

﴿**ئاندىن ئۇلارغا: «اللّٰه نى قويۇپ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلار قەيەردە؟» دېيىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇلارغا اللّٰه تائالانى قويۇپ ئىبادەت قىلغان بۇتلىرىڭلار قەيەردە؟ ئۇلار بۈگۈن سىلەرگە ياردەم قىلامدۇ؟ دېيىلىدۇ.

---

[1]- سۈرە مۇرسالات 15 - ئايەت.
[2] سۈرە رەھمان 43 - 44 - ئايەتلەر.
[3] سۈرە سافات 68 - ئايەت.
[4] سۈرە ۋاقىئە 41 - 56 - ئايەتكىچە.
[5] سۈرە دۇخان 43 - ئايەتتىن 50 - ئايەتكىچە.

www.munber.org

﴿**ئۇلار: ئۇ بۇتلار ئۆزلىرىنى بىزدىن چەتكە ئالدى**﴾ يەنى ئۇلار بىزگە پايدا يەتكۈزمەستىن كېتىپ قالدى. ﴿**بەلكى، بىز ئىلگىرى ھېچنەرسىگە ئىبادەت قىلمايتتۇق دەيدۇ**﴾ يەنى ئۇلار بۇتلارغا ئىبادەت قىلغانلىقىدىن تانىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاندىن ئۇلار يەقەت ئۆزرە ئېيتىپ (دۇنيادىكى چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش يالغانغا ئىلتىجا قىلىپ): «پەرۋەردىگارىمىز! الله بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق» دەيدۇ﴾[1].

﴿**الله كاپىرلارنى مۇشۇنداق گۇمراھ قىلىدۇ. بۇ (ئازاب) سىلەرنىڭ زېمىندا ھەقسىز رەۋىشتە (گۇناھ قىلىپ پۇل - مالنى ھارام يوللارغا سەرپ قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن) خۇشال بولغانلىقىڭلار ۋە ھاكاۋۇر بولۇپ كەتكەنلىكىڭلار ئۈچۈندۇر**﴾ يەنى پەرىشتىلەر ئۇلارغا: سىلەر چېكىۋاتقان بۇ ئازاب سىلەرنىڭ دۇنيادا ھەقسىز، ئورۇنسىز خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىڭلار ۋە تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن بېرىلگەن جازادۇر دەيدۇ.

﴿**سىلەر دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىپ، ئۇ يەردە مەڭگۈ قېلىڭلار، مۇتەكەببىرلەرنىڭ جايى نېمىدېگەن يامان؟**﴾ يەنى خارلىق ۋە قاتتىق ئازاب بار بۇ يەر، الله نىڭ ئايەتلىرىنى قوبۇل قىلىشتىن ۋە الله نىڭ دەلىل - پاكىتلىرىغا ئەگىشىشتىن تەكەببۇرلۇق قىلغان كىشى ئۈچۈن نېمىدېگەن يامان تۇشەك، نېمىدېگەن يامان جاي!

* * * * * * *

فَٱصۡبِرۡ إِنَّ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٞۚ فَإِمَّا نُرِيَنَّكَ بَعۡضَ ٱلَّذِي نَعِدُهُمۡ أَوۡ نَتَوَفَّيَنَّكَ فَإِلَيۡنَا يُرۡجَعُونَ ﴿٧٧﴾
وَلَقَدۡ أَرۡسَلۡنَا رُسُلٗا مِّن قَبۡلِكَ مِنۡهُم مَّن قَصَصۡنَا عَلَيۡكَ وَمِنۡهُم مَّن لَّمۡ نَقۡصُصۡ عَلَيۡكَۗ وَمَا كَانَ
لِرَسُولٍ أَن يَأۡتِيَ بِـَٔايَةٍ إِلَّا بِإِذۡنِ ٱللَّهِۚ فَإِذَا جَآءَ أَمۡرُ ٱللَّهِ قُضِيَ بِٱلۡحَقِّ وَخَسِرَ هُنَالِكَ ٱلۡمُبۡطِلُونَ ﴿٧٨﴾

***(ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭنىڭ سېنى ئىنكار قىلغانلىقىغا) سەۋر قىلغىن، الله نىڭ (ئۇلارنى ئازابلاش توغرىسىدىكى) ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، ساڭا بىز ئۇلارغا ۋەدە قىلغان ئازابنىڭ بىر قىسمىنى كۆرسەتسەك (بۇ الله نىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغانلىقىدۇر) ياكى سېنى (ئۇنى كۆرسىتىشتىن بۇرۇن) ۋاپات قىلدۇرساق، ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىدۇ، (قىيامەتتە ئۇلار ئازابقا دۇچار بولىدۇ)***﴿77﴾***. سەندىن ئىلگىرى بىز ھەقىقەتەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ساڭا بايان قىلىپ بەرگەنلىرىمىزمۇ، بايان قىلىپ بەرمىگەنلىرىمىزمۇ بار، ھېچقانداق پەيغەمبەر الله نىڭ ئىزنىسىز بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ، الله نىڭ ئەمرى (يەنى قىيامەت) كەلگەن چاغدا (كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا) ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، بۇ چاغدا ھەقكە قارشى تۇرغۇچىلار زىيان تارتىدۇ***﴿78﴾.

## سەۋر قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى ۋە پەتھى قىلىشتىن خۇش - بېشارەت بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قەۋمىنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقىغا سەۋر قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: الله ھەقىقەتەن ساڭا سېنىڭ قەۋمىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىڭغا، نىجاتلىقىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكۈچىلەرگە بولىدىغانلىقىغا قىلغان ۋەدىسىنى يېقىندا ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

[1] سۈرە ئەنئام 23 - ئايەت.

**﴿ساڭا بىز ئۇلارغا ۋەدە قىلغان ئازابنىڭ بىر قىسمىنى كۆرسەتسەك﴾** يەنى ۋەدە قىلغان ئازابنى بۇ دۇنيادا كۆرسەتمىز. بۇ ئەمەلىيەتتە يۈز بەردى. الله بەدىر ئۇرۇشىدا مۇشرىكلارنىڭ كاتتىباشلىرىنى يوقىتىپ، مۆمىنلەرنىڭ كۆڭۈللىرىگە خۇرسەنلىك بېغىشلىدى. ئاندىن الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات چېغىدىلا مەككە ۋە باشقا ئەرەب يېرىم ئارىلىنى پەتھى قىلىپ بەردى.

**﴿ياكى سېنى (ئۇنى كۆرسىتىشتىن بۇرۇن) ۋاپات قىلدۇرساق، ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىدۇ﴾** يەنى ئۇلارغا ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز.

الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿سەندىن ئىلگىرى بىز ھەقىقەتەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ساڭا بايان قىلىپ بەرگەنلىرىمىزمۇ، بايان قىلىپ بەرمىگەنلىرىمىزمۇ بار﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇلار بىلەن قەۋملىرىنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلار، قەۋملىرىنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى قانداق ئىنكار قىلغانلىقى، ئاندىن ئۇتۇق ۋە غەلىبىنىڭ پەيغەمبەرلەرگە بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەردىن بىز ساڭا ۋەھيي ئارقىلىق بايان قىلغانلىرىمىز بار ۋە ساڭا بايان قىلمىغانلىرىمىزمۇ بار. ئۇلار بايان قىلىنغانلاردىن نەچچە ھەسسە كۆپتۇر. بۇ ھەقتە سۈرە نىسانىڭ تەپسىرىدە توختالغان ئىدۇق.

**﴿ھېچقانداق پەيغەمبەر الله نىڭ ئىزنىسىز بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ﴾** يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدىن بىرەرسىنىڭمۇ الله نىڭ رۇخسىتىسىز ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلىشى مۇمكىن بولمايدۇ.

**﴿الله نىڭ ئەمرى (يەنى قىيامەت) كەلگەن چاغدا﴾** ھەقنى ئىنكار قىلغۇچىلارنى ئوراپ تۇرىدىغان ئازاب - ئوقۇبەت كەلگەن چاغدا **﴿(كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا) ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ﴾** ئاندىن مۆمىنلەرگە نىجاتلىق بېرىدۇ، كاپىرلارنى ھالاك قىلىدۇ. **﴿بۇ چاغدا ھەققە قارشى تۇرغۇچىلار زىيان تارتىدۇ﴾**

* * * * * * *

ٱللَّهُ ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ ٱلْأَنْعَـٰمَ لِتَرْكَبُوا۟ مِنْهَا وَمِنْهَا تَأْكُلُونَ ﴿٧٩﴾ وَلَكُمْ فِيهَا مَنَـٰفِعُ
وَلِتَبْلُغُوا۟ عَلَيْهَا حَاجَةً فِى صُدُورِكُمْ وَعَلَيْهَا وَعَلَى ٱلْفُلْكِ تُحْمَلُونَ ﴿٨٠﴾ وَيُرِيكُمْ ءَايَـٰتِهِۦ فَأَىَّ
ءَايَـٰتِ ٱللَّهِ تُنكِرُونَ ﴿٨١﴾

*مىنىشىڭلار ۋە گۆشلىرىنى يېيىشىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرگە ھايۋانلارنى ياراتتى﴿79﴾. ئۇلار سىلەرگە نۇرغۇن پايدا كەلتۈرىدۇ، ئۇلارغا مىنىپ دىلىڭلارغا پۈككەن ھاجىتىڭلاردىن چىقىسىلەر، (قۇرۇقلۇقتا يۈك - تاقلىرىڭلارنى) ئۇلارغا ئارتىسىلەر، (دېڭىزدا) كېمىلەرگە قاچىلايسىلەر﴿80﴾. الله سىلەرگە (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ، سىلەر الله نىڭ (قۇدرىتىنىڭ) قايسى ئالامەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ ﴿81﴾.*

## چارۋىلارمۇ الله تائالانىڭ نېمىتى ۋە مۆجىزىلىرىدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە بەندىلىرىگە تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكىلەردىن ئىبارەت چارۋىلارنى نېمەت قىلىپ يارىتىپ بەرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

www.munber.org

ئۇلار ئۇ چارۋىلارنىڭ بەزىسىنى مىنىدۇ، بەزىسىنىڭ گۆشىنى يەيدۇ، تۆگىنى مىنىدۇ ھەم گۆشىنى يەيدۇ، سۈتىنى ئىچىدۇ. ئىنسانلار يىراق شەھەرلەرگە، يىراق جايلارغا قىلغان سەپەرلەردە ئېغىر يۈكلەرنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىدۇ. كالىنىڭ گۆشى يېيىلىدۇ، سۈتى ئىچىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن يەر تېرىلىدۇ. قوي ـ ئۆچكىلەرنىڭمۇ گۆشى يېيىلىدۇ، سۈتى ئىچىلىدۇ. خۇددى سۈرە نەھل ۋە باشقا نۇرغۇن ئورۇنلاردا تەپسىلىي ۋە روشەن بايان قىلىنغاندەك، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يۇڭ، قىللىرى قىرقىلىپ، يۇڭلىرىدىن ئۆي جاھازلار، كىيىم ـ كېچەكلەر ۋە رەختلەر توقۇلىدۇ.

﴿مىنىشلەر ۋە گۆشلىرىنى يېيىشلەر ئۈچۈن الله سىلەرگە ھايۋانلارنى ياراتتى. ئۇلار سىلەرگە نۇرغۇن پايدا كەلتۈرىدۇ، ئۇلارغا مىنىپ دىلىڭلارغا پۈككەن ھاجىتىڭلاردىن چىقىسىلەر، (قۇرۇقلۇقتا يۈك ـ تاقلىرىڭلارنى) ئۇلارغا ئارتىسىلەر، (دېڭىزدا) كېمىلەرگە قاچىلايسىلەر. *الله سىلەرگە (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ*﴾ يەنى الله ئاسمان ـ زېمىن ئەتراپىدا ۋە ئۆزەڭلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان الله تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل ـ ئىسپاتلارنى سىلەرگە كۆرسىتىدۇ.

﴿سىلەر الله نىڭ (قۇدرىتىنىڭ) قايسى ئالامەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر﴾ يەنى سىلەر پەقەت ھەقتىن باش تارتىشى ۋە چوڭچىلىق قىلىشتىن باشقا الله نىڭ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرەر نەرسىنى ئىنكار قىلىشقا قادىر ئەمەسسىلەر.

* * * * * * *

أَفَلَمْ يَسِيرُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ فَيَنظُرُوا۟ كَيْفَ كَانَ عَـٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ ۚ كَانُوٓا۟ أَكْثَرَ مِنْهُمْ
وَأَشَدَّ قُوَّةً وَءَاثَارًا فِى ٱلْأَرْضِ فَمَآ أَغْنَىٰ عَنْهُم مَّا كَانُوا۟ يَكْسِبُونَ ﴿٨٢﴾ فَلَمَّا جَآءَتْهُمْ رُسُلُهُم
بِٱلْبَيِّنَـٰتِ فَرِحُوا۟ بِمَا عِندَهُم مِّنَ ٱلْعِلْمِ وَحَاقَ بِهِم مَّا كَانُوا۟ بِهِۦ يَسْتَهْزِءُونَ ﴿٨٣﴾ فَلَمَّا رَأَوْا۟ بَأْسَنَا
قَالُوٓا۟ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَحْدَهُۥ وَكَفَرْنَا بِمَا كُنَّا بِهِۦ مُشْرِكِينَ ﴿٨٤﴾ فَلَمْ يَكُ يَنفَعُهُمْ إِيمَـٰنُهُمْ لَمَّا رَأَوْا۟
بَأْسَنَا ۖ سُنَّتَ ٱللَّهِ ٱلَّتِى قَدْ خَلَتْ فِى عِبَادِهِۦ ۖ وَخَسِرَ هُنَالِكَ ٱلْكَـٰفِرُونَ ﴿٨٥﴾

*ئۇلار زېمىندا سەير قىلىپ ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ بۇلاردىن ئۇلارنىڭ سانى كۆپ ئىدى، زېمىندا كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە يادىكارلىقلار (يەنى ئۆي ـ ئىمارەت) جەھەتتە بۇلاردىن ئۈستۈن ئىدى. ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەرسىلىرى ئۇلارغا ئەسقاتمىدى*[82]. *ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەندە، ئۆزلىرىدە بار ئىلىم بىلەن پەخىرلىنىپ (پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى ۋە مەسخىرە قىلدى)، ئۇلارغا ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان (ۋە كەلسە دەپ ئالدىرىغان) ئازاب نازىل بولدى*[83]. *ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا: «بىز بىر الله غا ئىمان ئېيتتۇق، بىز بۇرۇن (الله غا) شېرىك قىلغان بۇتلارنى ئىنكار قىلدۇق» دېدى*[84]. *بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىمانىنىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولمىدى، بۇ (يەنى ئازابنى كۆرگەندە ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىلىق بولماسلىقى) الله نىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا تۇتقان يولىدۇر، بۇ چاغدا كاپىرلار زىيان تارتقۇچى بولدى*[85].

www.munber.org

## ئىلگىرىكىلەرنىڭ ھالىدىن ئىبرەت ئېلىش توغرىسىدا

اﷲ تائالا بۇ ئايەتلەردە ئىلگىرىكى زامانلاردا پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتلەرنىڭ ھالىنى، شۇ چاغدا گەرچە ئۇلار ناھايىتى كۈچلۈك، زېمىندا ئىزغۇن يادىكارلىقلارنى قالدۇرغان ۋە ئىزغۇن پۇل - ماللارنى توپلىغان تۇرۇقلۇق، ئۇ نەرسىلەر ئۇلارغا اﷲ تائالا تەرىپىدىن چۈشكەن ئازابتىن ھېچ نەرسىگە دال بولالمىغانلىقىنى ۋە ئۇ ئازابتىن زەررىچىلىكمۇ نەرسىنى توسۇپ قالالمىغانلىقىنى ئېنىق خەۋەر قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارغا پەيغەمبەرلەر روشەن بايانلارنى، ئېنىق دەلىل - پاكىتلارنى ئېلىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار پەيغەمبەرلەرگە پەرۋا قىلمىدى ۋە ئۇلارنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاتا گۇمانى بويىچە ئۆزلىرىنى بىلىملىك چاغلاپ، پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن دەلىل - پاكىتلاردىن ئۆزلىرىنى بىھاجەت ھېسابلىدى.

مۇجاھىد: پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغانلار : بىز ئۇلاردىن بىلىملىك، ئۆلگەندىن كېيىن ھەرگىز تىرىلمەيمىز، بىز ھەرگىز ئازابقا دۇچار بولمايمىز دەيدۇ، دېدى. سۇددى: ئۇلار نادانلىقتىن ئۆزلىرىنى بىلىملىك چاغلاپ پەخىرلەنگۈچىلەردىن بولۇشتى، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا اﷲ نىڭ قاتتىق ئازابى كەلدى.

﴿**ئۇلارغا ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان (ۋە كەلسە دەپ ئالدىرىغان) ئازاب نازىل بولدى**﴾ يەنى ئۇلارنى ئازاب پۈتۈن ئەتراپتىن ئورىۋالدى. ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا بۇ ئازابنىڭ كېلىشىنى ئىنكار قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ يۈز بېرىشىنى يىراق ھېسابلايتتى.

﴿**ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا**﴾ يەنى ئۇلار ئازابنىڭ ئۆزلىرىگە كەلگەنلىكىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن چاغدا ﴿«**بىز بىر اﷲ غا ئىمان ئېيتتۇق، بىز بۇرۇن (اﷲ غا) شېرىك قىلغان بۇتلارنى ئىنكار قىلدۇق» دېدى**﴾ يەنى ئۇلار اﷲ نىڭ بار ۋە بىرلىكىنى ئىقرار قىلدى ۋە اﷲ غا شېرىك قىلغان بۇتلارنى ئىنكار قىلدى. لېكىن، بۇ ۋاقىت قۇتۇلغىلى بولىدىغان، ئۆزرە ئېيتىش پايدا بېرىدىغان ۋاقىت ئەمەس.

بۇ پىرئەۋننىڭ سۇغا غەرق بولۇۋاتقان چاغدا دېگەن مۇنۇ سۆزىگە ئوخشايدۇ: ﴿«ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن غەيرىي ئىلاھ يوقتۇر، مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن»﴾[1].

اﷲ تائالا ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى: ﴿«(ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگىنىڭدە) ئەمدى (ئىمان ئېيتامسەن؟) ئىلگىرى اﷲ غا ئاسىيلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلاردىن بولغان ئىدىڭ﴾[2] يەنى اﷲ ئۇنىڭ ئېيتقان ئىمانىنى قوبۇل قىلمىدى. چۈنكى، اﷲ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغان ئىدى. ﴿ئۇلارنىڭ دىللىرىنى قاتتىق قىلغىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىمان ئېيتماي قاتتىق ئازابنى كۆرسۇن﴾[3].

﴿**بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىمانىنىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولمىدى، بۇ (يەنى ئازابنى كۆرگەندە ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىلىق بولماسلىقى) اﷲ نىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا تۇتقان يولىدۇر، بۇ چاغدا كاپىرلار زىيان تارتقۇچى بولدى**﴾ يەنى بۇ، اﷲ نىڭ ئازابنى كۆرگەندە تەۋبە قىلغان بارلىق ئادەملەرگە ئومۇمىي بولۇپ، بۇ چاغدا قىلغان تەۋبىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىغا قىلىنغان كەسكىن ھۆكۈمدۇر.

---

[1] سۈرە يۇنۇس 90 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە يۇنۇس 91 - ئايەت.
[3] سۈرە يۇنۇس 88 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

بۇ ھەقتە ئىمام ئىبنى ماجە مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلغان: «بىرەر بەندە سەكراتقا چۈشۈپ قېلىشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلسىلا، اللہ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ». يەنى ئۇ ئادەم سەكراتقا چۈشۈپ قالغان جان بوغۇزىغا يەتكەن، جان ئالغۇچى پەرىشتىلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن چاغدا تەۋبە قىلسا، بۇ ۋاقىتتا قىلغان تەۋبە ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بۇ چاغدا كاپىرلار زىيان تارتقۇچى بولىدۇ**﴾. اللہ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن! شۇنىڭ بىلەن سۈرە غافىرنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. جىمى ھەمدۇ سانا اللہ غا خاستۇر.

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە فۇسسىلەت | 54 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

حمٓ ﴿١﴾ تَنزِيلٌ مِّنَ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴿٢﴾ كِتَٰبٌ فُصِّلَتۡ ءَايَٰتُهُۥ قُرۡءَانًا عَرَبِيًّا لِّقَوۡمٍ يَعۡلَمُونَ
﴿٣﴾ بَشِيرًا وَنَذِيرًا فَأَعۡرَضَ أَكۡثَرُهُمۡ فَهُمۡ لَا يَسۡمَعُونَ ﴿٤﴾ وَقَالُواْ قُلُوبُنَا فِيٓ أَكِنَّةٍ مِّمَّا تَدۡعُونَآ
إِلَيۡهِ وَفِيٓ ءَاذَانِنَا وَقۡرٌ وَمِنۢ بَيۡنِنَا وَبَيۡنِكَ حِجَابٌ فَٱعۡمَلۡ إِنَّنَا عَٰمِلُونَ ﴿٥﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

*Ág مىم[1]. (بۇ) ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان اللە تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان (ۋەھيىدۇر)[2]. ئايەتلىرى ئوچۇق بايان قىلىنغان كىتابتۇر، بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن نازىل بولغان ئەرەبچە قۇرئاندۇر[3]. (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچىدۇر، (كاپىرلارنى دوزاخ بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر. ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ تولىسى (ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى پىكىر قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈدى. ئۇلار (ئۇنىڭغا) قۇلاق سالمايدۇ[4]. ئۇلار (پەيغەمبەرگە): «بىزنىڭ دىللىرىمىز سەن بىزنى دەۋەت قىلغان نەرسىلەردىن پەردىلەنگەن، قۇلاقلىرىمىز ئېغىر، سەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا پەردە (يەنى دىنىي جەھەتتە ئوخشىماسلىق) بار، سەن ئۆز ئىشىڭنى قىل، بىزمۇ ھەقىقەتەن ئۆز ئىشىمىزنى قىلايلى (يەنى سەنمۇ ئۆز دىنىڭ بىلەن بول، بىزمۇ ئۆز دىنىمىز بىلەن بولايلى)» دەيدۇ[5].*

## قۇرئاننىڭ سۈپىتى ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگۈچىلەرنىڭ سۆزلىرى توغرىسىدا

﴿**Ág مىم. (بۇ) ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان اللە تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان (ۋەھيىدۇر)**﴾ يەنى قۇرئان ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر، بۇ ھەقتە اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، قۇرئاننى جىبرىئىل مۆمىنلەرنىڭ (ئىمانىنى) مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارغا ھىدايەت ۋە خۇش خەۋەر قىلىپ، پەرۋەردىگارىڭ ھۇزۇرىدىن راستچىللىق بىلەن نازىل قىلدى﴾[1] ﴿شۈبھىسىزكى، قۇرئان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، ئىشەنچلىك جىبرىئىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى﴾[2].

﴿**ئايەتلىرى ئوچۇق بايان قىلىنغان كىتابتۇر**﴾ يەنى ئۇنىڭ مەنىلىرى روشەن بايان قىلىنغان، ھۆكۈملىرى مۇكەممەل ھېكمەت بىلەن تۈزۈلگەن كىتابتۇر.

---

[1] سۈرە نەھل 102 - ئايەت.
[2] سۈرە شۇئەرا 192 —— 194 - ئايەتكىچە.

www.munber.org

﴿**ئەرەبچە قۇرئاندۇر**﴾ يەنى ئۇ روشەن، ئوچۇق ئەرەبچە قۇرئان بولۇپ، مەزمۇنلىرى تەپسىلىي، سۆزلۈكلىرى ئوچۇق، چۈشىنىش ئاسان بولغان كىتابتۇر. بۇ ھەقتە اللہ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿بۇ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار اللہ تەرىپىدىن نازىل بولغان، ئايەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى پۇختا، (ئەقىدە، ئەھكام، ۋەزۋە قىسسىلەر) تەپسىلىي بايان قىلىنغان كىتابتۇر﴾[1] يەنى سۆزى ۋە مەنىسى جەھەتتە مۆجىزە خاراكتېرلىك بىر كىتابتۇر. ﴿ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ، (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيەگە لايىق اللہ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾[2].

﴿**بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن نازىل بولغان**﴾ يەنى بۇ كىتابنىڭ روشەن ۋە ئوچۇق بايان ئىكەنلىكىنى پەقەت ئىلىمدا توشقانلار بىلىدۇ. ﴿**(مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچىدۇر، (كاپىرلارنى دوزاخ بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر**﴾ يەنى ئۇ بىر تەرەپتىن مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن كاپىرلارنى دوزاختىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

﴿**ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ تولىسى (ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى پىكىر قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈدى. ئۇلار (ئۇنىڭغا) قۇلاق سالمايدۇ**﴾ يەنى قۇرئان شۇنداق روشەن، ئوچۇق بايان قىلىنغان تۇرسىمۇ، قۇرەيش كىشىلىرىنىڭ تولىسى ئۇنىڭدىن ھېچنەرسە چۈشەنمەيدۇ.

﴿**ئۇلار (پەيغەمبەرگە): «بىزنىڭ دىللىرىمىز سەن بىزنى دەۋەت قىلغان نەرسىلەردىن پەردىلەنگەن**﴾ يەنى دىللىرىمىز ئورالغان غىلاپ ئىچىدە، شۇڭا بىزگە دەۋەت كار قىلمايدۇ. ﴿**قۇلاقلىرىمىز ئېغىر**﴾ يەنى سەن بىزنى دەۋەت قىلغان نەرسىنى ئاڭلاشتىن گاستۇر. ﴿**سەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا پەردە (يەنى دىنىي جەھەتتە ئوخشىماسلىق) بار**﴾ شۇڭا سەن دېگەن نەرسە بىزگە يېتىپ كەلمەيدۇ. يەنى ھەق گەپنى ئاڭلىمايمىز.

﴿**سەن ئۆز ئىشىڭنى قىل، بىزمۇ ھەقىقەتەن ئۆز ئىشىمىزنى قىلايلى (يەنى سەنمۇ ئۆز دىنىڭ بىلەن بول، بىزمۇ ئۆز دىنىمىز بىلەن بولايلى)» دەيدۇ**﴾ يەنى سەنمۇ ئۆز دىنىڭغا ئەمەل قىل، بىزمۇ ئۆز دىنىمىزغا ئەمەل قىلىمىز، بىز ساڭا ئەگەشمەيمىز، دەيدۇ.

* * * * * * *

قُلۡ إِنَّمَآ أَنَا۠ بَشَرٞ مِّثۡلُكُمۡ يُوحَىٰٓ إِلَيَّ أَنَّمَآ إِلَٰهُكُمۡ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞ فَٱسۡتَقِيمُوٓاْ إِلَيۡهِ وَٱسۡتَغۡفِرُوهُۗ وَوَيۡلٞ
لِّلۡمُشۡرِكِينَ ﴿٦﴾ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَهُم بِٱلۡأٓخِرَةِ هُمۡ كَٰفِرُونَ ﴿٧﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ
ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَهُمۡ أَجۡرٌ غَيۡرُ مَمۡنُونٖ ﴿٨﴾

*سەن (ئۇ مۇشرىكلارغا): «مەن سىلەرگە ئوخشاش ئىنسانمەن، ماڭا، ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، دەپ ۋەھيى قىلىنىدۇ، ئۇنىڭغا (ئىمان ۋە تائەت ـ ئىبادەت بىلەن) يۈزلىنىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەڭلار!» دېگىن، مۇشرىكلارغا ۋاي!﴿6﴾. ئۇلار زاكات بەرمەيدۇ، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدۇ﴿7﴾. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئەلۋەتتە ئۈزۈلۈكسىز ساۋاب بېرىلىدۇ﴿8﴾.*

[1] سۈرە ھۇد 1 ـ ئايەت.
[2] سۈرە فۇسسىلەت 42 ـ ئايەت.

www.munber.org

## تەۋھىدكە چاقىرىش توغرىسىدا

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! ھەقنى ئىنكار قىلغۇچى ئەنەشۇ مۇشرىكلارغا ﴿ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە ئوخشاش ئىنسانمەن، ماڭا، ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، دەپ ۋەھيى قىلىنىدۇ﴾ يەنى ئۇ ئىلاھ سىلەر چوقۇنىۋاتقان بۇتلار، شېرىكلەر ۋە تارقاق پەرۋەردىگارلار ئەمەس، اللە پەقەت بىر ئىلاھتۇر.
﴿ئۇنىڭغا (ئىمان ۋە تائەت ـ ئىبادەت بىلەن) يۈزلىنىڭلار﴾ يەنى اللە سىلەرنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بۇيرۇغان بويىچە، اللە تائالاغا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىڭلار. ﴿ۋە ئۇنىڭدىن﴾ ئىلگىرىكى گۇناھىڭلار ئۈچۈن ﴿مەغپىرەت تىلەڭلار! » مۇشرىكلارغا ۋاي!﴾ يەنى ئۇلار ھالاك بولسۇن!
﴿ئۇلار زاكات بەرمەيدۇ﴾ ئەلى ئىبنى تەلھە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى ئۇلار اللە تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ. ئىكرىمەمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېدى.
بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى ـ فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ﴾[1] ﴿(كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) پاك بولغان ئادەم مەقسىتىگە يەتتى. ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ نامىنى ياد ئەتتى، ئاندىن ناماز ئوقۇدى﴾[2] ﴿ئۇنىڭغا: (كۇفرىدىن ۋە گۇناھلاردىن) پاك بولۇشنى خالامسەن؟ دېگىن﴾[3].
بۇ يەردە تەپسىر قىلىنىۋاتقان ئايەتتىكى ”زاكات“ دېگەن سۆزدىن نەپسىنى رەزىل ئەخلاقلاردىن پاكلاش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى ئەڭ مۇھىمى نەپسىنى شېرىكتىن پاكلاشتۇر. مالنىڭ زاكىتى پەقەت ئۇ مالنى ھارامدىن پاكلىغانلىقى ئۈچۈنلا ”زاكات“ (يەنى پاكلىغۇچى) دەپ ئاتالغان. زاكاتنى ئادا قىلىش ئۇ مالنىڭ زىيادە بولۇشى، بەرىكەتلىك بولۇشى، پايدا ـ مەنپەئەتىنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە ئۇنى تائەت ـ ئىبادەت يولىدا ئىشلىتىشتە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ۋاستە بولىدۇ.
قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ماللىرىنىڭ زاكىتىنى بەرمەيدۇ. بۇ سۆز كۆپ ساندىكى تەپسىرشۇناسلارنىڭ قارىشىدا ئۇ ئايەتنىڭ ئوچۇق مەنىسىدۇر، ئىبنى جەرىرمۇ مۇشۇ قاراشنى توغرا دەپ قارىغان. لېكىن، بۇ قاراش تازا قانائەتلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئېيتىشىچە، زاكات مەدىنىگە قىلىنغان ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى پەرز بولغان. بۇ ئايەت بولسا مەككىدە نازىل بولغاندۇر. لېكىن، سەدىقىنىڭ ئەسلى مەنىسى زاكات بولۇشىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىكنى يەتكۈزۈشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا سەدىقە بېرىشكە بۇيرۇلغان ئىدى. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مېۋە (نىڭ ھوسۇلى) نى يىغقان كۈندە (يەنى يىغقان ۋاقىتتا)، ئۇنىڭ ئۆشرىسىنى ئادا قىلىڭلار﴾[4] ئەمما زاكات بولسا مال ـ مۈلۈك مۇئەييەن ئۆلچەم ۋە مەلۇم مىقدارغا يەتكەندە بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ تەپسىلاتى مەدىنىدە بايان قىلىنغان. بۇنداق قىلىش سەدىقە بىلەن زاكاتنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈرۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نامازمۇ خۇددى شۇنداق بولغان، ئەسلى نامازنى كۈن چىقىش ۋە كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئوقۇش پەيغەمبەرلىك باشلىنىشىنىڭ دەسلىۋىدىلا پەرز ئىدى. ھىجرەت قىلىشتىن بىر يېرىم يىل ئىلگىرىكى ئىسرا كېچىسى، اللە تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بەش ۋاخ نامازنى پەرز

[1] سۈرە شەمس 9 ـ 10 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئەئلا 14 -15 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە نازىئات 18 ـ ئايەت.
[4] سۈرە ئەنئام 141- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا نامازنىڭ شەرتلىرى، ئەركانلىرى ۋە نامازغا ئالاقىدار ئىشلارنى تەپسىلىي بايان قىلدى.

**﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئەلۋەتتە ئۈزۈلۈكسىز ساۋاب بېرىلىدۇ﴾** بۇ ھەقتە مۇجاھىد ۋە باشقىلار مۇنداق دېدى: ئۇلارغا ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان، توختاپ قالمايدىغان ساۋاب بېرىلىدۇ. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار (يەنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۆمىنلەر) جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ﴾[1] ﴿بۇ (ئۇلارغا قىلىنغان) ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئىنئامدۇر﴾[2].

* * * * * * *

۞ قُلْ أَئِنَّكُمْ لَتَكْفُرُونَ بِٱلَّذِى خَلَقَ ٱلْأَرْضَ فِى يَوْمَيْنِ وَتَجْعَلُونَ لَهُۥٓ أَندَادًا ۚ ذَٰلِكَ رَبُّ
ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٩﴾ وَجَعَلَ فِيهَا رَوَٰسِىَ مِن فَوْقِهَا وَبَٰرَكَ فِيهَا وَقَدَّرَ فِيهَآ أَقْوَٰتَهَا فِىٓ أَرْبَعَةِ أَيَّامٍ سَوَآءً لِّلسَّآئِلِينَ
﴿١٠﴾ ثُمَّ ٱسْتَوَىٰٓ إِلَى ٱلسَّمَآءِ وَهِىَ دُخَانٌ فَقَالَ لَهَا وَلِلْأَرْضِ ٱئْتِيَا طَوْعًا أَوْ كَرْهًا قَالَتَآ أَتَيْنَا طَآئِعِينَ
﴿١١﴾ فَقَضَىٰهُنَّ سَبْعَ سَمَٰوَاتٍ فِى يَوْمَيْنِ وَأَوْحَىٰ فِى كُلِّ سَمَآءٍ أَمْرَهَا ۚ وَزَيَّنَّا ٱلسَّمَآءَ ٱلدُّنْيَا
بِمَصَٰبِيحَ وَحِفْظًا ۚ ذَٰلِكَ تَقْدِيرُ ٱلْعَزِيزِ ٱلْعَلِيمِ ﴿١٢﴾

***(سەن ئۇلارغا) «سىلەر زېمىننى ئىككى كۈندە ياراتقان اللە نى ئىنكار قىلامسىلەر ۋە ئۇنىڭغا شېرىكلەر كەلتۈرەمسىلەر؟ ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر» دېگىن﴿9﴾. ئۇ زېمىننىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن تاغلارنى ياراتتى، زېمىننى بەرىكەتلىك قىلدى، ئەھلى زېمىننىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى، (زېمىننى يارىتىش بىلەن ئاھالىسىنىڭ رىزقىنى بەلگىلەشنى كەم ـ زىيادىسىز) باراۋەر تۆت كۈندە (تاماملىدى)، (زېمىننىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىش مۇددىتىنى) سورىغۇچىلار ئۈچۈن (بۇ جاۋابتۇر)﴿10﴾. ئاندىن ئۇ ئاسماننى (يارىتىشقا) يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى، ئاسمان بىلەن زېمىنغا: «ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز ھالدا كېلىڭلار (يەنى ئەمرىمنى قوبۇل قىلىڭلار)» دېدى. ئىككىلىسى «ئىختىيارىي كەلدۇق» دېدى﴿11﴾. اللە يەتتە ئاسماننى ئىككى كۈندە ياراتتى. ھەر ئاسماننىڭ ئىشىنى ئۆزىگە بىلدۈردى (يەنى ھەر ئاسماننىڭ ئېھتىياجلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى). ئەڭ تۆۋەنكى ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق ۋە قوغدىدۇق، بۇ ئەنە شۇ غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللە نىڭ تەقدىرىدۇر﴿12﴾.***

## كائىناتنى يارىتىشنىڭ بەزى تەپسىلاتلىرى توغرىسىدا

بۇ، اللە تائالا ھەر نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى، ھەر نەرسىگە غالىب ۋە ھەر نەرسىگە قادىر تۇرۇقلۇق، مۇشرىكلارنىڭ اللە تائالاغا باشقا نەرسىلەرنى قوشۇپ چوقۇنىدىغانلىقىغا اللە تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن رەددىيەدۇر. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿(سەن ئۇلارغا) «سىلەر زېمىننى ئىككى كۈندە ياراتقان اللە نى ئىنكار قىلامسىلەر ۋە ئۇنىڭغا شېرىكلەر كەلتۈرەمسىلەر؟﴾** يەنى سىلەر بۇتلىرىڭلارنى اللە تائالاغا

[1] سۈرە كەھف 3 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھۇد 108 ـ ئايەت.

www.munber.org

ئوخشاش دەپ قاراپ ۋە ئۇلارنى اللہ بىلەن تەڭ ئورۇندا قويۇپ، ئۇلارنى اللہ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ ئىبادەت قىلامسىلەر؟

﴿ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، دېگىن﴾ يەنى شەيئىلەرنى ياراتقۇچى اللہ تائالا جىمى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. بۇ ئايەتتە اللہ تائالانىڭ ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭلار اللہ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە (يەنى ئالتە دەۋردە) ياراتتى﴾[1] دېگەن ئايىتىنىڭ تەپسىلاتى بار. اللہ تائالا بۇ يەردە زېمىنغا خاس نەرسىلەرنى ئاسمانغا خاس نەرسىلەردىن ئايرىپ بايان قىلدى. اللہ دەسلەپتە زېمىننى ياراتقانلىقىدىن خەۋەر بەردى. چۈنكى، زېمىن ئاساس ۋە ئۇل ئىدى. بىنا كارلىق ئەسلى ئۇل بىلەن باشلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۈگزە بىنا قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە اللہ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿اللہ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر (نىڭ پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتتى، ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلىنىپ، ئۇنى قۇسۇرسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ تاماملىدى. اللہ ھەرنەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴾[2].

﴿سىلەرنى يارىتىش مۇشكۈلمۇ؟ ياكى ئاسماننى يارىتىش مۇشكۈلمۇ؟ اللہ ئاسماننى ياراتتى. ئۇنىڭ ئېگىزلىكىنى يۈكسەك قىلدى ۋە كەم ـ كۈتىسىز قىلدى. ئۇنىڭ كېچىسىنى قاپقاراڭغۇ، كۈندۈزىنى يوپيورۇق قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن زېمىننى (ئەھلى زېمىننىڭ تۇرۇشىغا لايىق قىلىپ) يايدى. زېمىندىن بۇلاقلارنى ئاقتۇردى، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردى. تاغلارنى (زېمىندا) مۇقىم قىلدى. اللہ تائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىلەرنىڭ ۋە ھايۋانلىرىڭلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن (ياراتتى)﴾[3] بۇ ئايەتتە زېمىننى يېيىشنىڭ ئاسماننى يارىتىشتىن كېيىن بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما زېمىننىڭ ئاسماندىن بالدۇر يارىتىلغانلىقىغا دەلىل بار. بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ مەسىلىگە جاۋاب بەرگەن.

ئىمام بۇخارى، سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: مەن ھەققەتەن قۇرئاندا ئايەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم. مەسىلەن: ﴿سۇر چېلىنغان كۈندە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. بىر - بىرىنىڭ ئەھۋالىنى سوراشمايدۇ﴾[4] دېگەن ئايەت بىلەن ﴿ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ مۇنازىرىلىشىدۇ﴾[5] دېگەن ئايەت ئوتتۇرىسىدا ۋە ﴿ئۇلارنىڭ ھەممە ئەزاسى گۇۋاھ بولغانلىقتىن) اللہ دىن ھېچبىر سۆزنى يوشۇرالمايدۇ﴾[6] دېگەن ئايەت بىلەن ﴿پەرۋەردىگارىمىز! اللہ تائالا بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق﴾[7] دېگەن ئايەت ئوتتۇرىسىدا قارىمۇ قارشىلىق بار ئىكەن، بۇ ئايەتتە ئۇلار مۇشرىك بولغانلىقلىرىنى يوشۇردى. يەنە اللہ تائالانىڭ: ﴿سىلەرنى يارىتىش مۇشكىلمۇ ياكى ئاسماننى يارىتىش مۇشكۈلمۇ؟ اللہ ئاسماننى ياراتتى﴾[8] دېگەن ئايىتىدىن ﴿شۇنىڭدىن كېيىن زېمىننى (ئەھلى زېمىننىڭ تۇرۇشىغا لايىق قىلىپ) يايدى﴾[9] دېگەن ئايىتىگىچىلىك بولغان ئايەتلەردە اللہ تائالا ئاسماننى زېمىندىن بۇرۇن ياراتقانلىقىنى

---

[1] سۈرە ئەئراف 54 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە 29 - ئايەت.
[3] سۈرە نازىئات 27 - 33 - ئايەتكىچە.
[4] سۈرە مۆئمىنۇن 101 - ئايەت.
[5] سۈرە سافقات 27 - ئايەت.
[6] سۈرە نىسا 42 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[7] سۈرە ئەنئام 23 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[8] سۈرە نازىئات 27 - ئايەت.
[9] سۈرە نازىئات 30 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

تىلغا ئالدى. ئاندىن كېيىن ﴿(سەن ئۇلارغا) **سىلەر زېمىننى ئىككى كۈندە ياراتقان اﷲ نى ئىنكار قىلامسىلەر**﴾ دېگەن ئايىتىدىن ﴿**ئىختىيارى ھالدا كەلدۇق**﴾ دېگەن ئايەتكىچىلىك بولغان ئايەتلەردە زېمىننى ئاسماندىن بۇرۇن ياراتقانلىقىنى تىلغا ئالدى، دېدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ سۇئاللارغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى. ﴿**سۈر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. بىر ـ بىرىنىڭ (ئەھۋالىنىمۇ) سوراشمايدۇ**﴾ دېگەن ئەھۋال بىرىنچى قېتىملىق سۈر چېلىنغاندا بولىدۇ. سۈر چېلىنغاندا ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى اﷲ خالىغاندىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ﴾[1] شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ ۋە بىر ـ بىرىنىڭ ئەھۋالىنىمۇ سوراشمايدۇ. ئاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىملىق سۈر چېلىنغاندا ﴿ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاراپ مۇنازىرىلىشىدۇ﴾[2].

ئەمما اﷲ نىڭ: ﴿(ئۇلارنىڭ ھەممە ئەزاسى گۇۋاھ بولغانلىقتىن)اﷲ دىن ھېچبىر سۆزنى يوشۇرالمايدۇ﴾[3] دېگەن ئايىتى بىلەن ﴿پەرۋەردىگارىمىز! اﷲ تائالا بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق﴾[4] دېگەن ئايىتى ھەققىدىكى مەسىلىگە كەلسەك، اﷲ تائالا ھەققەتەن ئىخلاسمەن ئادەملەرنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. بۇنى كۆرگەن مۇشرىكلار: كېلىڭلار بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق دەيلى، دەيدۇ. ئاندىن اﷲ تائالا ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلەيدۇ. ئۇلارنىڭ قوللىرى قىلمىشلىرىنى سۆزلەيدۇ، شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ اﷲ تائالادىن ھېچقانداق سۆزنى يوشۇرالمايدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ، ھەم شۇ چاغدا: ﴿كاپىرلار (قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرگەندە، دۇنيادىكى چېغىمىزدا) مۇسۇلمان بولغان بولساقچۇ، دەپ ئارمان قىلىدۇ﴾[5].

اﷲ تائالا زېمىننى ئىككى كۈندە ياراتتى، ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلىنىپ يەنە ئىككى كۈندە ئۇنى قۇسۇرسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ ياراتتى. ئاندىن زېمىننى يايدى. ئۇنى يېيىش دېگەنلىك: ئۇنىڭدىن سۇ چىقىرىش، ئوت ـ چۆپ ئۆستۈرۈش، تاغلارنى، قۇملۇقلارنى، بارلىق جانسىز نەرسىلەرنى، تۆپىلىكلەرنى ۋە ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدىكى باشقا بارلىق نەرسىلەرنى يەنە ئىككى كۈندە ياراتقانلىقتىن ئىبارەتتۇر. ئەنە شۇ اﷲ تائالانىڭ ﴿شۇنىڭدىن كېيىن زېمىننى (ئەھلى زېمىننىڭ تۇرۇشىغا لايىق قىلىپ) يايدى﴾[6] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىدۇر. اﷲ نىڭ ﴿**سىلەر زېمىننى ئىككى كۈندە ياراتقان اﷲ نى ئىنكار قىلامسىلەر؟**﴾ دېگەن ئايىتىگە كەلسەك اﷲ تائالا زېمىننى ۋە زېمىندا بار بولغان بارلىق نەرسىلەرنى تۆت كۈندە، ئاسمانلارنى ئىككى كۈندە ياراتتى دېگەنلىك بولىدۇ.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، اﷲ تائالا قىلماقچى بولغان ئىشنى ئەڭ توغرا رەۋىشتە قىلىدۇ. سەندە ھەرگىز قۇرئاندا ئىختىلاپ بار دېگەن تۇيغۇ بولمىسۇن، ھەقىقەتەن قۇرئاننىڭ ھەممىسى غالىب ۋە ئۇلۇغ اﷲ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.

﴿**سىلەر زېمىننى ئىككى كۈندە ياراتقان اﷲ نى ئىنكار قىلامسىلەر**﴾ يەنى اﷲ تائالانىڭ يەكشەنبە ۋە دۈشەنبە كۈنى ياراتتى. ﴿**ئۇ زېمىننىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن تاغلارنى ياراتتى. زېمىننى بەرىكەتلىك قىلدى**﴾ يەنى زېمىننى بايلىقلارنى ئۆزىگە جەم قىلغان، ئۇرۇق چاچسا ئۈنىدىغان، كۆچەت تىكسە تۇتىدىغان قىلىپ

---

[1] سۈرە زۇمەر 68 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە سافقات 27 ـ ئايەت.
[3] سۈرە نىسا 42 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئەنئام 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە ھىجر 2 ـ ئايەت.
[6] سۈرە نازىئات 30 ـ ئايەت.

www.munber.org

بەرىكەتلىك ياراتتى. ئەھلى زېمىننىڭ ئوزۇق ـ تۈلىكىنى بەلگىلىدى. يەنى زېمىن ئەھلىنىڭ ئېھتىياجى بار رىزىقلارنى، زىرائەت تېرىيدىغان ۋە كۆچەت تىكىدىغان ئورۇنلارنى بەلگىلىدى. بۇلارنى سەيشەنبە ۋە چارشەنبە كۈنلىرى قىلدى. بۇ ئىككى كۈن ئىلگىرىكى ئىككى كۈن بىلەن جەمئىي تۆت كۈن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(زېمىننى يارىتىش بىلەن ئاھالىسىنىڭ رىزقىنى بەلگىلەشنى كەم ـ زىيادىسىز) باراۋەر تۆت كۈندە (تاماملىدى)، (زېمىننىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىش مۇددىتىنى) سورىغۇچىلار ئۈچۈن (بۇ جاۋابتۇر)**﴾ يەنى زېمىننىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىش مۇددىتىنى سوراپ بىلگۈچىلەر ئۈچۈن ئېنىق جاۋابتۇر.

ئىكرىمە ۋە مۇجاھىد الله تائالانىڭ ﴿**ئەھلى زېمىننىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېدى: الله تائالا ھەر بىر يەردە باشقا يەردە چىقمايدىغان نەرسىنى قىلدى. مەسىلەن تون تىكىلىدىغان ئېسىل رەخت يەمەندىن چىقىدۇ، ئەڭ ئېسىل خورما نىشاپوردىن چىقىدۇ. كىيىم تىكىلىدىغان نەپىس رەخت رەيدىن چىقىدۇ.

ئىبنى ئابباس، قەتادە ۋە سۇددى الله تائالانىڭ: ﴿**(زېمىننى يارىتىش بىلەن ئاھالىسىنىڭ رىزقىنى بەلگىلەشنى كەم ـ زىيادىسىز) باراۋەر تۆت كۈندە (تاماملىدى)، (زېمىننىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىش مۇددىتىنى) سورىغۇچىلار ئۈچۈن (بۇ جاۋابتۇر)**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېدى: يەنى بۇ زېمىننىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىش مۇددىتىنى سوراشنى خالىغان ئادەم ئۈچۈن جاۋابتۇر. ئىبنى زەيد بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېدى: الله تائالا ئۆز ئىرادىسى بويىچە بىر ئادەمنىڭ رىزقىنى ياكى ھاجىتىنى شۇ ئادەمگە چۇشلۇق قىلىپ كەم ـ زىيادىسىز ياراتتى. ھەقىقەتەن الله تائالا ئۇ ئادەمنىڭ نېمىگە ئېھتىياجى بولسا، شۇنى بەلگىلىدى. ئۆلىمالار ئىبنى زەيدنىڭ بۇ سۆزىنى الله تائالانىڭ: ﴿**الله تائالا سىلەرگە سورىغان نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسىنى بەردى**﴾[1] دېگەن ئايىتىدە ئىپادىلىنىدۇ، دېدى.

﴿**ئاندىن ئۇ ئاسماننى (يارىتىشقا) يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى**﴾ بۇ تۇمان، زېمىن يارىتىلغان چاغدا سۇدىن ئۆرلىگەن پار ئىدى. ﴿**ئاسمان بىلەن زېمىنغا: « ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز ھالدا كېلىڭلار (يەنى ئەمرىمنى قوبۇل قىلىڭلار) » دېدى**﴾ يەنى ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز ھالدا بۇيرۇقۇمنى قوبۇل قىلىڭلار، ئىرادەم بويىچە ھەرىكەتكە كېلىڭلار، دېدى.

﴿**ئىككىلىسى « ئىختىيارىي كەلدۇق » دېدى**﴾ يەنى ئۇلار بەلكى سېنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدە ياراتماقچى بولغان پەرىشتىلەر، جىنلار ۋە ئىنسانلاردىن ئىبارەت ھەممىمىز ئىختىيارىي ھالدا ئىتائەتمەنلىك بىلەن سېنىڭ بۇيرۇقۇڭنى قوبۇل قىلىمىز، دېدى.

﴿**الله يەتتە ئاسماننى ئىككى كۈندە ياراتتى**﴾ يەنى پەيشەنبە ۋە جۈمە كۈنىدىن ئىبارەت باشقا ئىككى كۈندە يەتتە ئاسماننى يارىتىشنى تاماملىدى.

﴿**ھەر ئاسماننىڭ ئىشىنى ئۆزىگە بىلدۈردى (يەنى ھەر ئاسماننىڭ ئېھتىياجلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى)**﴾ يەنى ھەر ئاسماندا پەرىشتىلەر ئېھتىياجلىق بولغان ئورۇننى ۋە ئۇنىڭغا الله دىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان شەيئىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

﴿**ئەڭ تۆۋەنكى ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق**﴾ ئۇلار زېمىن ئەھلىگە نۇر بېرىدىغان يورۇق يۇلتۇزلاردۇر. ﴿**ۋە قوغدىدۇق**﴾ يەنى شەيتانلار پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى شەيتانلارنىڭ ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋېلىشىدىن مۇھاپىزەت قىلدۇق. ﴿**بۇ ئەنە شۇ غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى الله نىڭ تەقدىرىدۇر**﴾ يەنى

---

[1] سۈرە ئىبراھىم 34 ـ ئايەت.

www.munber.org

ھەممە نەرسىنىڭ ئۈستىدىن غالىب بولغۇچى، پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ھەرىكەتلىك ۋە ھەرىكەتسىز ھالىتىنى بىلىپ تۇرغۇچى الله نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدۇر.

* * * * * * *

فَإِنْ أَعْرَضُوا۟ فَقُلْ أَنذَرْتُكُمْ صَـٰعِقَةً مِّثْلَ صَـٰعِقَةِ عَادٍ وَثَمُودَ ﴿١٣﴾ إِذْ جَآءَتْهُمُ ٱلرُّسُلُ مِنۢ بَيْنِ
أَيْدِيهِمْ وَمِنْ خَلْفِهِمْ أَلَّا تَعْبُدُوٓا۟ إِلَّا ٱللَّهَ ۖ قَالُوا۟ لَوْ شَآءَ رَبُّنَا لَأَنزَلَ مَلَـٰٓئِكَةً فَإِنَّا بِمَآ أُرْسِلْتُم بِهِۦ
كَـٰفِرُونَ ﴿١٤﴾ فَأَمَّا عَادٌ فَٱسْتَكْبَرُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ بِغَيْرِ ٱلْحَقِّ وَقَالُوا۟ مَنْ أَشَدُّ مِنَّا قُوَّةً ۖ أَوَلَمْ يَرَوْا۟ أَنَّ
ٱللَّهَ ٱلَّذِى خَلَقَهُمْ هُوَ أَشَدُّ مِنْهُمْ قُوَّةً ۖ وَكَانُوا۟ بِـَٔايَـٰتِنَا يَجْحَدُونَ ﴿١٥﴾ فَأَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ رِيحًا
صَرْصَرًا فِىٓ أَيَّامٍ نَّحِسَاتٍ لِّنُذِيقَهُمْ عَذَابَ ٱلْخِزْىِ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا ۖ وَلَعَذَابُ ٱلْـَٔاخِرَةِ أَخْزَىٰ ۖ وَهُمْ
لَا يُنصَرُونَ ﴿١٦﴾ وَأَمَّا ثَمُودُ فَهَدَيْنَـٰهُمْ فَٱسْتَحَبُّوا۟ ٱلْعَمَىٰ عَلَى ٱلْهُدَىٰ فَأَخَذَتْهُمْ صَـٰعِقَةُ ٱلْعَذَابِ
ٱلْهُونِ بِمَا كَانُوا۟ يَكْسِبُونَ ﴿١٧﴾ وَنَجَّيْنَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَكَانُوا۟ يَتَّقُونَ ﴿١٨﴾

***ئەگەر ئۇلار (بۇ بايانلاردىن كېيىن ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە (سەن ئۇلارغا): «سىلەرنى ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازابقا ئوخشاش ئازابتىن ئاگاھلاندۇرىمەن» دېگىن[13]. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا ئالدى ـ كەينىدىن (يەنى ھەممە تەرەپتىن) پەيغەمبەرلەر كېلىپ: «بىر الله دىن باشقىغا ئىبادەت قىلماڭلار!» دېسە، ئۇلار: «ئەگەر پەرۋەردىگارىمىز خالىسا، چوقۇم پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن بولاتتى، بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى ھەقىقەتەن ئىنكار قىلىمىز» دېدى[14]. ئاد بولسا زېمىندا (الله نىڭ بەندىلىرى ھۇد ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىمان ئېيتقانلارغا) ھەقسىز رەۋىشتە يوغانچىلىق قىلدى. ئۇلار: «كۈچ ـ قۇۋۋەتتە بىزدىن كىم ئارتۇق؟» دېدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ياراتقان الله نىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلمىدىمۇ؟ ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى[15]. ئۇلارغا بۇ دۇنيادىلا خار قىلغۇچى ئازابنى تېتىتىشىمىز ئۈچۈن، شۇم كۈنلەردە قاتتىق سوغۇق شامالنى ئەۋەتتۇق، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ خار قىلغۇچىدۇر، ئۇلار (ئازابنى دەپئى قىلىدىغان) ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ[16]. سەمۇدقا بولسا توغرا يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇلار ھىدايەتتىن كورلۇق (يەنى گۇمراھلىق)نى ئارتۇق بىلدى. قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنى خار قىلغۇچى چاقماق ئازابى ھالاك قىلدى[17]. ئىمان ئېيتقانلارنى ۋە تەقۋادارلارنى (يەنى سالىھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى ئازابتىن) قۇتقۇزدۇق[18].***

## ئىنكار قىلغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئۇلارغا ئاد، سەمۇد قەۋمىنىڭ قىسسىسىنى ئەسلىتىش توغرىسىدا

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! سەن ئېلىپ كەلگەن ھەقنى ئىنكار قىلغان ئەنە شۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر الله نىڭ دەرگاھىدىن مەن ئېلىپ كەلگەن ھەقتىن يۈز ئۆرۈسەڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتلەرگە چۈشكەن الله نىڭ قاتتىق ئازابىنىڭ سىلەرگىمۇ چۈشۈپ قېلىشىدىن ئاگاھلاندۇرىمەن. يەنى ﴿سىلەرنى ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ

www.munber.org

**بېشىغا كەلگەن ئازابقا ئوخشاش ئازابتىن ئاگاھلاندۇرىمەن**﴾ يەنى شەكىل ۋە قىلمىش جەھەتتە ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىگە ئوخشىغان قەۋملەرنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازابتىن ئاگاھلاندۇرىمەن.

﴿**ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا ئالدى ـ كەينىدىن (يەنى ھەممە تەرەپتىن) پەيغەمبەرلەر كېلىپ**﴾ يەنى پەيغەمبەرلەر ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئادنىڭ قېرىندىشى (يەنى ھۇد ئەلەيھىسسالام) نىڭ ئۆز قەۋمى بىلەن بولغان قىسسىسىنى بايان قىلغىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئەھقاف (دېگەن يەر) دىكى قەۋمىنى (الله نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇردى، ئۇنىڭدىن (يەنى ھۇدتىن) ئىلگىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتتى﴾[1] يەنى ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىغا خوشنا بولغان يۇرتلاردا الله تائالا ئۇلارغا ئۇلارنى يالغۇز، ھېچ شېرىكى يوق الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇيدىغان، جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدىغان، دوزاخ بىلەن ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى. ئۇلار الله تائالا دۈشمەنلىرىگە چۈشۈرگەن ئازابنى دوستلىرىغا ئىنئام قىلغان نازۇ ـ نېمەتلەرنى كۆردى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار ئىمان ئېيتماستىن ۋە پەيغەمبەرلەرنى تەستىق قىلماستىن، بەلكى ئۇلارنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار ئېلىپ كەلگەن دەلىل ـ ئىسپاتنى ئىنكار قىلدى. ھەم مۇنداق دېدى: ﴿**ئەگەر پەرۋەردىگارىمىز خالىسا، چوقۇم پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن بولاتتى**﴾ يەنى ئەگەر الله تائالا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتسە، ئۇلار ئەلچىلىكتە الله تائالانىڭ دەرگاھىدىكى پەرىشتىلەردىن بولاتتى. ئى ئىنسانلار! ﴿**بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى ھەقىقەتەن ئىنكار قىلىمىز**﴾ يەنى بىز سىلەرگە ئەگەشمەيمىز، سىلەر بىزگە ئوخشاش ئىنسانسىلەر.

﴿**ئاد بولسا زېمىندا (الله نىڭ بەندىلىرى ھۇد ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىمان ئېيتقانلارغا) ھەقسىز رەۋىشتە يوغانچىلىق قىلدى**﴾ يەنى ئۇلار زېمىندا پىتنە ـ پاسات تېرىدى. الله نىڭ ئەمرىگە قارشى چىقتى ۋە ئاسىيلىق قىلدى. ﴿**ئۇلار: «كۈچ ـ قۇۋۋەتتە بىزدىن كىم ئارتۇق؟» دېدى**﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەن قۇرۇلۇشىنىڭ قاۋۇل، كۈچتۈڭگۈر ئىكەنلىكىنى كۆز ـ كۆز قىلدى. ئۇلار ئۆز كۈچ ـ قۇۋۋىتى بىلەن الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قالىمىز دەپ ئويلاشتى.

﴿**ئۇلار ئۆزلىرىنى ياراتقان الله نىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلمىدىمۇ؟**﴾ يەنى ئۇلار كىمگە دۈشمەنلىك ئېلان قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئويلانمامدۇ؟ ئۇلارنىڭ قارشىلىشىۋاتقىنى بۈيۈك الله دۇر. ئۇ بارلىق شەيئىلەرنى ياراتتى. ئۇ شەيئىلەردە بولغان كۈچ ـ قۇۋۋەتنى الله تائالا ئاتا قىلدى. الله نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر، بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسماننى قۇدرەت بىلەن بەرپا قىلدۇق، بىز ھەقىقەتەن قۇدرەتلىكمىز﴾[2] ئۇلار غالىب الله غا دۈشمەنلىك ئېلان قىلدى. ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلدى ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلدى.

﴿**ئۇلارغا بۇ دۇنيادىلا خار قىلغۇچى ئازابنى تېتىتىشىمىز ئۈچۈن، شۇم كۈنلەردە قاتتىق سوغۇق شامالنى ئەۋەتتۇق**﴾ تەپسىرشۇناسلارنىڭ بەزىسى: ئۇ قاتتىق چىقىدىغان شامال، دېدى. بەزىسى: قاتتىق سوغۇق شامال، دېدى. يەنە بەزىسى قاتتىق گۈكىرەيدىغان شامال دېدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ شامال يۇقۇرىدا دېيىلگەن سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدىغان شامالدۇر. ئۇلارغا بېرىلگەن ئازاب ئۇلار مەغرۇرلانغان كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ ئۆز تېپىدىن بولۇشى ئۈچۈن، ئۇ شامال قاتتىق كۈچلۈك ۋە قاتتىق سوغۇق ئىدى. الله تائالا بۇ

---

[1] سۈرە ئەھقاف 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە زارىيات 47 ـ ئايەت.

www.munber.org

ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاد بولسا ھەددىدىن زىيادە قاتتىق ۋە سوغۇق بوران بىلەن ھالاك قىلىندى﴾[1] يەنى قاتتىق سوغۇق ۋە ئادەمنى بىئارام قىلىپ قاتتىق گۈركىرەيدىغان بوران بىلەن ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق.

﴿شۇم كۈنلەردە﴾ يەنى اللّٰه ئۇلارغا شۇملۇقى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ﴿يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز ئۈزۈلدۈرمەي﴾[2] ئاپىرىدە قىلدى. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، ئۇلارنى بىز شۇملۇقى ئۈزۈلمەيدىغان شۇم كۈندە﴾[3] سوغۇق بوران ئەۋەتىپ ھالاك قىلدۇق. ئۇلارغا بۇ ئازاب شۇم كۈندە باشلاندى ۋە بۇ شۇملۇق ئۇلارغا ﴿يەتتە كېچە ـ سەككىز كۈندۈز ئۈزۈلمەي﴾[4] داۋام قىلدى. ئاخىرىدا ئۇلاردىن ھېچكىمنى قالدۇرماي يوقاتتى. ئۇلارغا بولغان بۇ دۇنيادىكى خارلىق، ئاخىرەتنىڭ ئازابى بىلەن تۇتاشتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن اللّٰه مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلارغا بۇ دۇنيادىلا خار قىلغۇچى ئازابنى تېتىتىشىمىز ئۈچۈن، شۇم كۈنلەردە قاتتىق سوغۇق شامالنى ئەۋەتتۇق، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ خار قىلغۇچىدۇر﴾** يەنى بۇ ئازاب ئۇلارنى قاتتىق خارلايدۇ.

**﴿ئۇلار (ئازابنى دەپئى قىلىدىغان) ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ﴾** يەنى ئۇلار خۇددى دۇنيادا ياردەمگە ئېرىشەلمىگىنىدەك ئاخىرەتتىمۇ ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ، ئۇلارنى اللّٰه نىڭ ئازابىدىن ساقلايدىغان ساقلىغۇچى ۋە ئۇلاردىن ئازابنى دەپئى قىلىدىغان ياردەمچى بولمايدۇ.

**﴿سەمۇدقا بولسا توغرا يولنى كۆرسەتتۇق﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئەبۇ ئالىيە، سەئىد ئىبنى جۇبەيىر، قەتادە، سۇددى ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئۇلارغا توغرا يولنى بايان قىلدۇق، دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. سەۋرى: ئۇلارنى توغرا يولغا دەۋەت قىلدۇق دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

**﴿ئۇلار ھىدايەتتىن كورلۇق (يەنى گۇمراھلىق) نى ئارتۇق بىلدى﴾** يەنى ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۇلارغا ھەقنى كۆرسەتتۇق ۋە ئوچۇق بايان قىلدۇق. ئۇلار سالىھقا قارشىلىق قىلدى، ئۇنى ئىنكار قىلدى. ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە مۆجىزە ۋە ئالامەت قىلىپ ئەۋەتكەن اللّٰه تائالانىڭ تۆگىسىنى ئۆلتۈردى.

**﴿قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنى خار قىلغۇچى چاقماق ئازابى ھالاك قىلدى﴾** يەنى پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە مۆجىزىگە تانغانلىقى ئۈچۈن اللّٰه ئۇلارغا جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان قاتتىق ئاۋاز بىلەن تەۋرەتكۈچى، خار قىلغۇچى ئازاب ـ ئوقۇبەتنى ئەۋەتتى.

**﴿ئىمان ئېيتقانلارنى ۋە تەقۋادارلارنى (يەنى سالىھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى ئازابتىن) قۇتقۇزدۇق﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئىمان ئېيتقانلارغا ھېچقانداق يامانلىق ياكى زەرەر يەتمىدى، بەلكى ئۇلار اللّٰه تائالاغا تەقۋادارلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن اللّٰه تائالا ئۇلارنى پەيغەمبىرى سالىھ ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە قۇتقۇزدى.

* * * * * * *

---

[1] سۈرە ھاققە 6 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھاققە 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە قەمەر 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ھاققە 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

وَيَوۡمَ يُحۡشَرُ أَعۡدَآءُ ٱللَّهِ إِلَى ٱلنَّارِ فَهُمۡ يُوزَعُونَ ﴿١٩﴾ حَتَّىٰٓ إِذَا مَا جَآءُوهَا شَهِدَ عَلَيۡهِمۡ
سَمۡعُهُمۡ وَأَبۡصَٰرُهُمۡ وَجُلُودُهُم بِمَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿٢٠﴾ وَقَالُواْ لِجُلُودِهِمۡ لِمَ شَهِدتُّمۡ عَلَيۡنَاۖ قَالُوٓاْ
أَنطَقَنَا ٱللَّهُ ٱلَّذِيٓ أَنطَقَ كُلَّ شَيۡءٖ وَهُوَ خَلَقَكُمۡ أَوَّلَ مَرَّةٖ وَإِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ ﴿٢١﴾ وَمَا كُنتُمۡ تَسۡتَتِرُونَ أَن
يَشۡهَدَ عَلَيۡكُمۡ سَمۡعُكُمۡ وَلَآ أَبۡصَٰرُكُمۡ وَلَا جُلُودُكُمۡ وَلَٰكِن ظَنَنتُمۡ أَنَّ ٱللَّهَ لَا يَعۡلَمُ كَثِيرٗا مِّمَّا تَعۡمَلُونَ
﴿٢٢﴾ وَذَٰلِكُمۡ ظَنُّكُمُ ٱلَّذِي ظَنَنتُم بِرَبِّكُمۡ أَرۡدَىٰكُمۡ فَأَصۡبَحۡتُم مِّنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ﴿٢٣﴾ فَإِن يَصۡبِرُواْ فَٱلنَّارُ
مَثۡوٗى لَّهُمۡۖ وَإِن يَسۡتَعۡتِبُواْ فَمَا هُم مِّنَ ٱلۡمُعۡتَبِينَ ﴿٢٤﴾

*ئۇ كۈندە اللہ نىڭ دۈشمەنلىرى دوزاخقا توپلىنىدۇ، ئالدى - ئارقىسى يىغىلىپ بولغۇچە توختىتىپ قويۇلىدۇ﴿19﴾. ئۇلار دوزاخقا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى ۋە تېرىلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىدۇ﴿20﴾. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تېرىلىرىگە: «نېمىشقا بىزنىڭ زىيىنىمىزغا گۇۋاھلىق بەردىڭلار؟» دەيدۇ، تېرىلىرى: «ھەر نەرسىنى سۆزلەتكەن اللہ بىزنى سۆزلەتتى، ئۇ دەسلەپتە سىلەرنى ياراتتى. ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر» دەيدۇ﴿21﴾. سىلەر (دۇنيادىكى چېغىڭلاردا) قۇلىقىڭلارنىڭ، كۆزۈڭلارنىڭ، تېرىلىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ساقلانمىغان ئىدىڭلار (يەنى يامان ئىشلارنى قىلغان چېغىڭلاردا، رەسۋا بولۇشتىن قورقۇپ، كىشلەردىن يوشۇرغان ئىدىڭلار، ۋەھالەنكى، ئەزالىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقىنى گۇمان قىلمىغان ئىدىڭلار)، لېكىن سىلەر قىلمىشىڭلاردىن نۇرغۇن ئىشلارنى «اللہ بىلمەيدۇ» دەپ گۇمان قىلدىڭلار﴿22﴾. پەرۋەردىگارىڭلارغا قىلغان ئەنە شۇ (قەبىھ) گۇمانىڭلار سىلەرنى ھالاك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدۇڭلار﴿23﴾. ئەگەر ئۇلار (ئازابقا) چىدىسا، (چىدامىلىقىنىڭ پايدىسى يوق) دوزاخ ئۇلارنىڭ جايىدۇر، ئەگەر ئۇلار (اللہ دىن) رازىلىق تىلىسە، ھەرگىز رازىلىققا ئېرىشەلمەيدۇ﴿24﴾.*

## قىيامەت كۈنى گۇناھكارلارنىڭ ئەزالىرىنىڭ ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا

**﴿ئۇ كۈندە اللہ نىڭ دۈشمەنلىرى دوزاخقا توپلىنىدۇ، ئالدى - ئارقىسى يىغىلىپ بولغۇچە توختىتىپ قويۇلىدۇ﴾** يەنى ئى مۇھەممەد! ئەنە شۇ مۇشرىكلارغا ئەسلەتكىنكى، ئۇلار دوزاخقا توپلانغان كۈندە ئازاب پەرىشتىلىرى بولغان زەبانىيلەر ئۇلارنىڭ باش - ئاخىرىنى بىر يەرگە يىغىپ بولغۇچە ئۇلار توختىتىپ قويۇلىدۇ. بۇ ھەقتە اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿گۇناھكارلارنى ئۇلار چاڭقىغان ھالدا جەھەننەمگە ھەيدەيمىز﴾[1].

**﴿ئۇلار دوزاخقا كەلگەندە﴾** يەنى ئۇلار دوزاخ ئۈستىدە توختىتىلغاندا **﴿ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى ۋە تېرىلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىدۇ﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئىلگىرى - كېيىن قىلغان ئەمەللىرىدىن بىر ھەرپ چاغلىق نەرسىنى يوشۇرماستىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

---

[1] سۈرە مەريەم 86 - ئايەت.

www.munber.org

**﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تېرىلىرىگە: «نېمىشقا بىزنىڭ زىيىنىمىزغا گۇۋاھلىق بەردىڭلار؟» دەيدۇ﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئەزالىرى ۋە تېرىلىرى ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بەرگەن چاغدا، ئۇلار ئەزالىرىغا مالامەت قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئەزالىرى مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: **﴿تېرىلىرى: «ھەر نەرسىنى سۆزلەتكەن اللہ بىزنى سۆزلەتتى، ئۇ دەسلەپتە سىلەرنى ياراتتى. ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر» دەيدۇ﴾** يەنى اللہ تائالا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، سىلەرنى ھىمايە قىلمايدۇ، سىلەر اللہ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.

ھافىز ئەبۇ بەكر بەززار، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى تەبەسسۇم بىلەن كۈلدى، ئاندىن: «مېنىڭ نېمىگە كۈلگەنلىكىمنى سورىمامسىلەر؟» دېدى. ساھابىلار: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! نېمىگە كۈلدۈڭ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «قىيامەت كۈنى بەندىنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن مۇجادىلە قىلغانلىقىدىن ھەيران بولدۇم، ئۇ: ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا زۇلۇم قىلماسلىققا ۋەدە قىلغان ئەمەسمىدىڭ؟ دەيدۇ. پەرۋەردىگار: شۇنداق، ۋەدە قىلغان، دەيدۇ. بەندە: مەن ماڭا ئۆزەمدىن باشقا گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلمايمەن، دەيدۇ. اللہ تائالا مېنىڭ ۋە ياخشى ـ ياماننى يازىدىغان ھۆرمەتلىك پەرىشتىلىرىمنىڭ گۇۋاھلىقى يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ دەيدۇ. بەندە ئۆز سۆزىنى قايتا ـ قايتا تەكرارلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاغزى پېچەتلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئەزالىرى ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى سۆزلەيدۇ. ئۇ: اللہ نىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولۇڭلار! مەن سىلەرنى دەپ جاڭجاللاشقان ئىدىم، دەيدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئەبۇ ھاتەم، مۇسلىم ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى ئەبۇ ھاتەم، ئەبۇ بۇردىدىن ئەبۇ مۇسانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كاپىر بىلەن مۇناپىق ھېساب بېرىش ئۈچۈن چاقىرىلىدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئەمەلىنى تەڭلەيدۇ، ئۇ ئۇنىڭدىن تانىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: پەرۋەردىگارىم! ئىززىتىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھەقىقەتەن بۇ پەرىشتە مەن قىلمىغان ئىشنى مېنىڭ زىيىنىمغا يېزىپ قويۇپتۇ، دەيدۇ. شۇ چاغدا پەرىشتە ئۇنىڭغا: پالانى كۈنى، پۈستانى يەردە پالانى ئىشنى قىلمىدىڭمۇ؟ دەيدۇ. ئۇ: ياق، ئى پەرۋەردىگارىم! ئىززىتىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇ ئىشنى قىلمىدىم، دەيدۇ. ئەگەر ئۇ قەسەم قىلىپ تۇرۇۋالسا ئۇنىڭ ئاغزى پېچەتلىنىدۇ. ئەبۇمۇسا ئەشئەرى مۇنداق دەيدۇ: مەن چوقۇم ئۇنىڭ ئەزالىرىدىن ئوڭ يوتىسىنى ئەڭ ئاۋۋال سۆزلەيدۇ، دەپ ئويلايمەن.

**﴿سىلەر (دۇنيادىكى چېغىڭلاردا) قۇلىقىڭلارنىڭ، كۆزۈڭلارنىڭ، تېرىلىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ساقلانمىغان ئىدىڭلار (يەنى يامان ئىشلارنى قىلغان چېغىڭلاردا، رەسۋا بولۇشتىن قورقۇپ، كىشىلەردىن يوشۇرغان ئىدىڭلار، ۋەھالەنكى، ئەزالىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقىنى گۇمان قىلمىغان ئىدىڭلار)﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئەزالىرى، تېرىلىرى ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار ئەزالىرىغا مالامەت قىلغان چاغدا، ئەزالىرى: سىلەر قىلمىشلىرىڭلارنى بىزدىن يوشۇرمايتتىڭلار. بەلكى، اللہ تائالاغا كاپىر بولغانلىقىڭلارنى ۋە ئاسىيلىق قىلغانلىقىڭلارنى جار سالاتتىڭلار. ئۆز گۇمانىڭلاردا چىڭ تۇرۇپ اللہ تائالاغا پەرۋا قىلمايتتىڭلار. چۈنكى، سىلەر اللہ تائالا جىمى ئىشلىرىڭلارنى بىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتىڭلار، دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿لېكىن سىلەر قىلمىشىڭلاردىن نۇرغۇن ئىشلارنى «اللہ بىلمەيدۇ» دەپ گۇمان قىلدىڭلار﴾.**

www.munber.org

**﴿پەرۋەردىگارىڭلارغا قىلغان ئەنە شۇ (قەبىھ) گۇمانىڭلار سىلەرنى ھالاك قىلدى﴾** يەنى ئەنە شۇ خاتا گۇمانىڭلار، اﷲ تائالا بىزنىڭ قىلمىشلىرىمىزدىن كۆپ نەرسىنى بىلمەيدۇ دەپ قىلغان ئېتىقادىڭلاردۇر. ئەنە شۇ قەبىھ گۇمانىڭلار سىلەرنى اﷲ تائالانىڭ دەرگاھىدا ھالاك قىلدى. **﴿شۇنىڭ بىلەن زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدۇڭلار﴾** يەنى قىيامەت مەيدانىدا ئۆزەڭلارنى ۋە ئائىلەڭلارنى زىيان تارتقۇزدۇڭلار.

ئىمام ئەھمەد، ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن كەبىنىڭ يوپۇقلىرى ئاستىغا يوشۇرۇنۇپ تۇراتتىم، شۇ ئەسنادا ئۈچ نەپەر كىشى كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرسى قۇرەيشلىك، قالغان ئىككىسى ئۇنىڭ سەقەفى قەبىلىسىدىن بولغان كۈيئوغۇللىرى ياكى بىرسى سەقەفلىك، قالغان ئىككىسى ئۇنىڭ قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولغان كۈيئوغۇللىرى ئىدى. ئۇلار قورساقلىرى يوغان، كاللىسى ئاددىي ئادەملەر بولۇپ، مەن ھېچ ئاڭلاپ باقمىغان سۆزلەرنى قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بىرى: بىزنىڭ بۇ سۆزىمىزنى اﷲ تائالا ئاڭلايدۇ دەپ قارامسىلەر؟ دېدى. يەنە بىرى: ئەگەر بىز ھەقىقەتەن يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىسەك، اﷲ تائالا ئۇنى ئاڭلايدۇ. لېكىن، پەس ئاۋازدا سۆزلىسەك ئاڭلىمايدۇ، دېدى. يەنە بىرى: ئەگەر اﷲ تائالا ئۇ سۆزىمىزدىن بىرەر نەرسىنى ئاڭلىسا، ھەممىنى ئاڭلايدۇ، دېدى. مەن ئۇلارنىڭ سۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدۈم. شۇ چاغدا اﷲ تائالا: **﴿سىلەر (دۇنيادىكى چېغىڭلاردا) قۇلىقىڭلارنىڭ، كۆزۈڭلارنىڭ، تېرىلىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ساقلانمىغان ئىدىڭلار (يەنى يامان ئىشلارنى قىلغان چېغىڭلاردا، رەسۋا بولۇشتىن قورقۇپ، كىشىلەردىن يوشۇرغان ئىدىڭلار، ۋەھالەنكى، ئەزالىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقىنى گۇمان قىلمىغان ئىدىڭلار)﴾** دېگەن ئايەتنى **﴿زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدۇڭلار﴾** دېگەن يەرگىچە نازىل قىلدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى، ئەھمەد، مۇسلىم ۋە بۇخارى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

**﴿ئەگەر ئۇلار (ئازابقا) چىدىسا، (چىدامىلىقنىڭ پايدىسى يوق) دوزاخ ئۇلارنىڭ جايىدۇر، ئەگەر ئۇلار (اﷲ دىن) رازىلىق تىلىسە، ھەرگىز رازىلىققا ئېرىشەلمەيدۇ﴾** يەنى ئۇلار ئازابقا چىدىسۇن ياكى چىدىمىسۇن، ئۇلارغا بەرىبىر ئوخشاشتۇر، ئۇلار مەڭگۈ دوزاختا بولىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدۇ، چىقىپمۇ كېتەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلار رازىلىق تەلەپ قىلىپ ئۆزرىلىرىنى بايان قىلسا ئۇلارنىڭ ئۆزرىلىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ، شۇنداقلا ئۇلارغا ياردەممۇ قىلىنمايدۇ.

ئىبنى جەرىر اﷲ نىڭ: **﴿ئەگەر ئۇلار (اﷲ دىن) رازىلىق تىلىسە﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىنى: ئۇلار اﷲ دىن دۇنياغا قايتىشنى سورىسا، ئۇلارغا جاۋاب بېرىلمەيدۇ دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. اﷲ تائالا ئۇلاردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئېيتىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! بەتبەختلىكىمىز ئۈستىمىزدىن غالىب كېلىپ گۇمراھ قەۋم بولۇپ قالغان ئىدۇق. پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى دوزاختىن چىقارغىن (ئاندىن دۇنياغا قايتۇرغىن)، ئەگەر بىز (شۇنىڭدىن كېيىن) يەنە گۇناھ قىلساق، بىز ھەقىقەتەن زالىم بولۇپ قالىمىز». اﷲ ئېيتىدۇ: «جەھەننەمدە خار ھالدا قېلىڭلار، (ئۈستۈڭلاردىن ئازابنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ھەققىدە) ماڭا سۆز ئاچماڭلار»﴾[1]

* * * * * * *

﴿ ۞ وَقَيَّضۡنَا لَهُمۡ قُرَنَآءَ فَزَيَّنُواْ لَهُم مَّا بَيۡنَ أَيۡدِيهِمۡ وَمَا خَلۡفَهُمۡ وَحَقَّ عَلَيۡهِمُ ٱلۡقَوۡلُ فِيٓ أُمَمٖ قَدۡ خَلَتۡ مِن قَبۡلِهِم مِّنَ ٱلۡجِنِّ وَٱلۡإِنسِۖ إِنَّهُمۡ كَانُواْ خَٰسِرِينَ ٢٥ وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَا تَسۡمَعُواْ لِهَٰذَا

[1] سۈرە مۆئمىنۇن 106 ـــ 108 ئايەتكىچە

www.munber.org

ٱلْقُرْءَانِ وَٱلْغَوْا۟ فِيهِ لَعَلَّكُمْ تَغْلِبُونَ ﴿٢٦﴾ فَلَنُذِيقَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ عَذَابًا شَدِيدًا وَلَنَجْزِيَنَّهُمْ أَسْوَأَ
ٱلَّذِى كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٢٧﴾ ذَٰلِكَ جَزَآءُ أَعْدَآءِ ٱللَّهِ ٱلنَّارُ ۖ لَهُمْ فِيهَا دَارُ ٱلْخُلْدِ ۖ جَزَآءًۢ بِمَا كَانُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا
يَجْحَدُونَ ﴿٢٨﴾ وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ رَبَّنَآ أَرِنَا ٱلَّذَيْنِ أَضَلَّانَا مِنَ ٱلْجِنِّ وَٱلْإِنسِ نَجْعَلْهُمَا تَحْتَ
أَقْدَامِنَا لِيَكُونَا مِنَ ٱلْأَسْفَلِينَ ﴿٢٩﴾

***ئۇلارغا بىز (شەيتانلاردىن) دوستلارنى مۇسەللەت قىلدۇق، ئۇلار (يەنى شەيتانلار) ئۇلارغا ئالدى - كەينىدىكى نەرسىلەرنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى قەبىھ ئەمەللىرىنى) چىرايلىق كۆرسەتتى، ئۇلارغا ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىنسانلاردىن ۋە جىنلاردىن بولغان (گۇناھكار شەقى) ئۇممەتلەر قاتارىدا ئازاب سۆزى تېگىشلىك بولدى، چۈنكى، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلار ئىدى﴿25﴾. كاپىرلار: «بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، ئۇنى ئېلىشتۇرۇۋېتىڭلار، سىلەر غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن» دەيدۇ﴿26﴾. بىز كاپىرلارغا چوقۇم قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز، بىز ئۇلارنىڭ يامان قىلمىشلىرىغا ئەڭ قاتتىق جازا بېرىمىز﴿27﴾. اللە نىڭ دۈشمەنلىرىگە بېرىلىدىغان جازا ئەنە شۇ دوزاختۇر، ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك تۇرىدىغان جايى دوزاختۇر، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن (ئۇلارغا) شۇنداق جازا بېرىلىدۇ﴿28﴾. كاپىرلار: «پەرۋەردىگارىمىز! ئىنسانلاردىن ۋە جىنلاردىن بىزنى ئازدۇرغانلارنى بىزگە كۆرسەتكىن، (ئۇلارنىڭ) ئەڭ خارلاردىن بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئاياقلىرىمىزنىڭ ئاستىدا چەيلەيمىز» دېدى﴿29﴾.***

## مۇشرىكلارنىڭ دوستلىرىنىڭ يامان ئىشلارنى ئۇلارغا چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىدىغانلىقى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە مۇشرىكلارنى ئۆزى گۇمراھ قىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ، ئەنە شۇ اللە تائالانىڭ ئىرادىسىدۇر، اللە تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە قۇدرىتىدۇر. اللە تائالا ئىشلىرىنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچىدۇر. ئۇ مۇشرىكلارغا ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىدىن دوستلارنى مۇسەللەت قىلدى. ﴿**ئۇلار (يەنى شەيتانلار) ئالدى كەينىدىكى نەرسىلەرنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسى قەبىھ ئەمەللىرىنى) چىرايلىق كۆرسەتتى**﴾ كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئۇلار ئۆزلىرىنى پەقەت ياخشى ئىش قىلغۇچىلار دەپ ھېسابلىدى. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿كىمكى مېھرىبان اللە نى ياد ئېتىشتىن (يەنى قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز (شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ)، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۇلارنى (يەنى ئازغۇن كۇففارلارنى) توغرا يولدىن توسىدۇ، ئۇلار بولسا ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ﴾[1].

﴿**ئۇلارغا ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىنسانلاردىن ۋە جىنلاردىن بولغان (گۇناھكار شەقى) ئۇممەتلەر قاتارىدا ئازاب سۆزى تېگىشلىك بولدى**﴾ يەنى ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىنسانلاردىن ۋە جىنلاردىن بولغان گۇناھكار شەقى ئۇممەتلەرگە تېگىشلىك بولغان ئازاب سۆزى مۇشرىكلارغىمۇ تېگىشلىك بولدى.

---

[1] سۈرە زۇخرۇف 36 — 37 - ئايەتلەر.

www.munber.org

﴿**چۈنكى، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلار ئىدى**﴾ يەنى مۇشرىكلار ۋە ئىلگىرىكى ئۇممەتلەر زىيانكارلىقتا ۋە ھالاكەتتە باراۋەر بولدى.

## كۇپپارلارنىڭ قۇرئاننى تىڭشىماسلىقتا بىر - بىرىنى تەۋسىيە قىلىشى ۋە ئۇنىڭ جازاسى توغرىسىدا

﴿**كاپىرلار: «بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار**﴾ دەيدۇ. يەنى ئۇلار قۇرئانغا ئىتائەت قىلماسلىققا، قۇرئاننىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنماسلىققا ئۆزئارا تەۋسىيە قىلىشتى. ﴿**ئۇنى ئىبلىشتۇرۇۋېتىڭلار**﴾ يەنى ئەگەر قۇرئان ئوقۇلسا، ئۇنىڭغا قۇلاق سالماڭلار. مۇجاھىد: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان ئوقۇغان چاغدا ئىسقىرتىش ۋە ئۇنىڭغا گەپ قىلىش ئارقىلىق قۇرئاننى ئىبلىشتۇرۇۋېتىڭلار دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. قۇرەيشلەر شۇنداق قىلاتتى.

﴿**سىلەر غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن**﴾ مانا بۇ، ئەنە شۇ نادان كاپىرلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ يولىنى تۇتقانلارنىڭ قۇرئان تىڭشىغان چاغدىكى ھالەتلىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا مۆمىنلەرنى ئۇنىڭ دەل ئەكسىنى قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿اللە نىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار (يەنى سۆز قىلماڭلار)﴾[1] ئاندىن كېيىن اللە تائالا قۇرئاننى غەلىبىگە ئېرىشتۇرىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلغان كاپىرلاردىن ئىنتىقام ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: ﴿**بىز كاپىرلارغا چوقۇم قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز**﴾ يەنى ئۇلار قۇرئاننى ئاڭلىغان ۋاقىتتا قوللانغان چارىلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن بىز ئۇلارغا شۇنداق جازا بېرىمىز.

﴿**بىز ئۇلارنىڭ يامان قىلمىشلىرىغا ئەڭ قاتتىق جازا بېرىمىز**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ يامان ئەمەللىرى ۋە ناچار قىلمىشلىرى ئۈچۈن شۇنداق قاتتىق جازا بېرىمىز. ﴿**اللە نىڭ دۈشمەنلىرىگە بېرىلىدىغان جازا ئەنە شۇ دوزاختۇر، ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك تۇرىدىغان جايى دوزاختۇر، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن (ئۇلارغا) شۇنداق جازا بېرىلىدۇ. كاپىرلار: «پەرۋەردىگارىمىز! ئىنسانلاردىن ۋە جىنلاردىن بىزنى ئازدۇرغانلارنى بىزگە كۆرسەتكىن، (ئۇلارنىڭ) ئەڭ خارلاردىن بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئاياقلىرىمىزنىڭ ئاستىدا چەيلەيمىز» دېدى**﴾.

سۇفيان، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ اللە تائالانىڭ ﴿**بىزنى ئازدۇرغانلارنى**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار ئىبلىس ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قېرىندىشىنى ئۆلتۈرگەن بالىسى قابىلدۇر، دېدى. سۇددى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەر قانداق مۇشرىك ئىبلىسنى چاقىرىدۇ، ھەر قانداق چوڭ گۇناھ ئىشلىگۈچى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىسى قابىلنى چاقىرىدۇ، ئىبلىس شېرىككە دائىر ھەر قانداق يامان ئىشقا دەۋەت قىلغۇچىدۇر، شېرىكتىن تۆۋەن ھەر قانداق يامان ئىشقا ئادەمنىڭ بىرىنچى بالىسى قابىل دەۋەت قىلغۇچىدۇر. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرەر ئادەم ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ قان قەرزى ئادەمنىڭ بىرىنچى بالىسىغا يۈكلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشنى تۇنجى قېتىم پەيدا قىلغان كىشىدۇر».

﴿**(ئۇلارنىڭ) ئەڭ خارلاردىن بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئاياقلىرىمىزنىڭ ئاستىدا چەيلەيمىز**﴾ يەنى ئۇلارغا بىزدىن قاتتىقراق ئازاب ۋە ئۇلارنىڭ دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىدە بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى

[1] سۈرە ئەئراف 204 - ئايەت.

www.munber.org

ئاياقلىرىمىزنىڭ ئاستىدا چەيلەيمىز. سۈرە ئەئرافتا ئەگەشكۈچىلەر اللە دىن ئۆزلىرىنى ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ئازابتىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئازاب بېرىشنى سورىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ، بۇنىڭغا جاۋابەن ﴿اللە: «ھەممىگە ئىككى ھەسسە ئازاب بېرىلىدۇ، لېكىن سىلەر (ئازابنىڭ دەھشىتىنى بىلمەيسىلەر» دەيدۇ﴾[1] يەنى اللە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ قىلمىشى ۋە بۇزغۇنچىلىقىغا قارىتا لايىق ئازاب - ئوقۇبەت بېرىدۇ.

بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كاپىر بولغانلارغا ۋە (كىشىلەرنى) اللە نىڭ يولىدىن (يەنى دىنىدىن) توسقانلارغا ئۇلارنىڭ قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرى ئۈچۈن ئازاب ئۈستىگە ئازاب قوشۇپ، زىيادە ئازاب قىلىمىز﴾[2].

* * * * * * *

إِنَّ ٱلَّذِينَ قَالُواْ رَبُّنَا ٱللَّهُ ثُمَّ ٱسۡتَقَٰمُواْ تَتَنَزَّلُ عَلَيۡهِمُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ أَلَّا تَخَافُواْ وَلَا تَحۡزَنُواْ
وَأَبۡشِرُواْ بِٱلۡجَنَّةِ ٱلَّتِي كُنتُمۡ تُوعَدُونَ ٣٠ نَحۡنُ أَوۡلِيَآؤُكُمۡ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَفِي ٱلۡأٓخِرَةِۖ وَلَكُمۡ فِيهَا
مَا تَشۡتَهِيٓ أَنفُسُكُمۡ وَلَكُمۡ فِيهَا مَا تَدَّعُونَ ٣١ نُزُلٗا مِّنۡ غَفُورٖ رَّحِيمٖ ٣٢ وَمَنۡ أَحۡسَنُ قَوۡلٗا مِّمَّن
دَعَآ إِلَى ٱللَّهِ وَعَمِلَ صَٰلِحٗا وَقَالَ إِنَّنِي مِنَ ٱلۡمُسۡلِمِينَ ٣٣

***شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز اللە دۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار، (ئۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (اللە ) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر» دەيدۇ***﴿30 - 32﴾.

## اللە تائالانى بار ۋە بىر دەپ بىلىپ، توغرا يولدا ماڭغانلارغا بېرىلگەن خۇش خەۋەرلەر توغرىسىدا

﴿**شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز اللە دۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا**﴾ يەنى اللە تائالاغا ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلغانلار ۋە اللە ئۇلارغا يولغا قويغان ئىشلاردا اللە تائالاغا ئىتائەت قىلغانلارغا.

ئىبنى جەرىر، سەئىد ئىبنى ئىمراننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا ﴿**شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز اللە دۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا**﴾ دېگەن بۇ ئايەتنى ئوقۇدۇم، ئەبۇ بەكرى سىددىق: بۇ ئايەتتىن اللە غا ھېچنەرسىنى شېرىك قىلمىغانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. ئەسۋەد ئىبنى ھىلال رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: يېنىدىكىلەر ﴿**شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز اللە دۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا**﴾ دېگەن بۇ ئايەت توغرىسىدا قانداق قارايسىلەر؟ دېدى. ئۇلار: ﴿**شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز اللە دۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا**﴾ دېگەنلىك گۇناھتىن ساقلانغانلارغا دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

---

[1] سۈرە ئەئراف 38 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نەھل 88 - ئايەت.

www.munber.org

ئەبۇ بەكرى: سىلەر ئۇ ئايەتكە ھەقىقەتەن توغرا مەنا بەرمىدىڭلار، دېدى. ئۇلار: ﴿شۇبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز اﷲ دۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا﴾ دېگەنلىك، اﷲ تائالادىن باشقا ئىلاھقا قاراپمۇ قويمىغانلار دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. مۇجاھىد، ئىكرىمە، سۇددى ۋە بىر قانچە كىشىلەرمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېدى.

ئىمام ئەھمەد، سۇفيان ئىبنى ئابدۇللاھ سەقەبىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن: ئى اﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۆزەمگە چىڭ تۇتقۇ قىلغۇدەك بىرەر ئىشنى ماڭا دەپ بەرگىن، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پەرۋەردىگارىم اﷲ دۇر دېگىن، ئاندىن توغرا يولدا بولغىن» دېدى. مەن: ئى اﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ قانداق ئەمەلنى قىلىپ سېلىشىمدىن بەك ئەنسىرەيسەن؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىلىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «بۇنىڭدىن بەكرەك ئەنسىرەيمەن» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجەمۇ رىۋايەت قىلدى.

بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ۋە نەسەئى، سۇفيان ئىبنى ئابدۇللاھ سەقەفىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن: ئى اﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا ئىسلامدا سەندىن كېيىن ھېچ كىمدىن سورىماي ئەمەل قىلىدىغان سۆزنى دەپ بەرگىن، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «اﷲ تائالاغا ئىمان كەلتۈردۈم دېگىن، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغىن» دېدى.

﴿پەرىشتىلەر چۈشۈپ﴾ مۇجاھىد، سۇددى، زەيد ئىبنى ئەسلەم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: يەنى ئۇلار جان ئۈزىۋاتقاندا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: ﴿قورقماڭلار﴾ دەيدۇ. مۇجاھىد، ئىكرىمە ۋە زەيد ئىبنى ئەسلەم بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە يەنى كېلىۋاتقان ئاخىرەتنىڭ ئىشىدىن سىلەر قورقماڭلار دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

﴿غەم قىلماڭلار﴾ يەنى سىلەر ئارقاڭلاردا قالدۇرغان بالا ـ چاقىلىرىڭلار، ئائىلىرىڭلار، پۇل ـ مال ياكى قەرز قاتارلىق دۇنيانىڭ ئىشىدىن قايغۇرماڭلار، بىز ھەقىقەتەن سىلەرگە ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىمىز.

﴿سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار﴾ پەرىشتىلەر ئۇلارغا يامانلىقلارنىڭ ئاخىرلىشىپ ياخشىلىقنىڭ كەلگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. بۇ بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدا مۇنداق دەپ كەلگەن: «پەرىشتىلەر ھەقىقەتەن مۆمىننىڭ جېنىنى ئالغاندا: ئى پاك جان! سىز گۈللەندۈرگەن پاك تەندىن چىقىڭ، سىزگە تەييارلانغان راھەت ـ پاراغەت ۋە ياخشى رىزىق تەرەپكە، سىزدىن رازى بولغان پەرۋەردىگار تەرەپكە چىقىڭ، دەيدۇ». بەزى تەپسىرشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: پەرىشتىلەر ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قېشىغا ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىققان كۈنى چۈشىدۇ. ئىبنى ئەبۇ ھاتەم زەيد ئىبنى ئەسلەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەرىشتىلەر مۆمىنگە ۋاپات بولۇش ئالدىدا، قەبرىسىدە ۋە قەبرىسىدىن چىقىرىلغان چاغدا خۇش خەۋەر، بېرىدۇ. بۇ سۆز يۇقىرىدىكى ھەممە سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇ، ناھايىتى ياخشى ئېيتىلغان ھەم ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن سۆزدۇر.

﴿بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز﴾ يەنى مۆمىنلەرگە ئۆلۈم كەلگەندە، پەرىشتىلەر ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: بىز دۇنيادا سىلەرنىڭ دوستۇڭلار ئىدۇق، اﷲ نىڭ ئەمرى بىلەن بىز سىلەرنى توغرا يولغا باشلايتتۇق، ئۇتۇق ئاتا قىلاتتۇق ۋە قوغدايتتۇق. شۇنداقلا، ئاخىرەتتىمۇ بىز سىلەر بىلەن بىللە بولىمىز. بىز سىلەرنى قەبرىلەردىكى ۋە سۇر چېلىنغان چاغدىكى قورقۇنچتىن خاتىرجەم قىلىمىز، قىيامەت كۈنى سىلەرگە ئاسايىشلىق بېغىشلايمىز، سىلەر بىلەن پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن بىللە ئۆتۈپ، سىلەرنى نازۇنېمەتلىك جەننەتكە يەتكۈزىمىز. ﴿جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان

www.munber.org

**نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى﴾** يەنى جەننەتتە كۆڭۈللەر تارتقان، كۆزلەر چۈشكەن نەرسىلەردىن سىلەر خالىغان نەرسىنىڭ ھەممىسى بار. **﴿ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار﴾** يەنى قانچىلىك تەلەپ قىلساڭلار شۇنچىلىككە ئېرىشىسىلەر، ئۇ سىلەرنىڭ خالىغىنىڭلار بويىچە ئالدىڭلاردا ھازىر بولىدۇ.

**﴿(ئۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (الله) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر » دەيدۇ﴾** يەنى بۇ، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلغۇچى الله تەرىپىدىن سىلەرگە بېرىلگەن زىياپەتتۇر، مۇكاپات ۋە ئىنئامدۇر، الله تائالا سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر. چۈنكى، ئۇ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلدى ۋە سىلەرگە مېھرى ـ شەپقەت قىلدى.

* * * * * * *

وَلَا تَسۡتَوِى ٱلۡحَسَنَةُ وَلَا ٱلسَّيِّئَةُۚ ٱدۡفَعۡ بِٱلَّتِى هِىَ أَحۡسَنُ فَإِذَا ٱلَّذِى بَيۡنَكَ وَبَيۡنَهُۥ عَدَٰوَةٌ
كَأَنَّهُۥ وَلِىٌّ حَمِيمٌ ﴿٣٤﴾ وَمَا يُلَقَّىٰهَآ إِلَّا ٱلَّذِينَ صَبَرُواْ وَمَا يُلَقَّىٰهَآ إِلَّا ذُو حَظٍّ عَظِيمٍ ﴿٣٥﴾ وَإِمَّا
يَنزَغَنَّكَ مِنَ ٱلشَّيۡطَٰنِ نَزۡغٌ فَٱسۡتَعِذۡ بِٱللَّهِۖ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ﴿٣٦﴾

***ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ[34]. بۇ خىسلەتكە پەقەت سەۋرچان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ، بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نېسىۋە ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ[35]. ئەگەر شەيتان سېنى ۋەسۋەسە قىلىپ (يۇقىرىقى خىسلەتنى ئۆزلەشتۈرمەسلىككە كۈشكۈرتسە) الله غا سېغىنىپ (شەيتاننىڭ شەررىدىن) پاناھ تىلىگىن، الله ھەقىقەتەن (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى ) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر[36].***

## الله تائالا تەرەپكە دەۋەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

**﴿الله غا (يەنى الله نىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە « مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟﴾** يەنى ئۇ، الله نىڭ بەندىلىرىنى الله تەرەپكە چاقىرغان، ئۆزى دېگەن ئاشۇ ھەق نەرسە ئۈستىدە ھىدايەت تاپقان، ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزگەن، ھىدايەتنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرۈپ ئاندىن ئۇنى باشقىلارغىمۇ يەتكۈزگەن ئادەمدۇر. ئۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ ئۆزى قىلمايدىغان، يامان ئىشتىن توسۇپ ئۆزى قىلىدىغان ئادەملەردىن ئەمەستۇر. بەلكى، ئۇ ياخشى ئىشقا مەھكەم يېپىشىپ، يامان ئىشنى تەرك ئەتكۈچىدۇر. ئىنسانلارنى ياراتقۇچى الله تائالا تەرەپكە چاقىرىدۇ. بۇ سۈپەت، ياخشىلىققا دەۋەت قىلىدىغان ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئومۇمىي سۈپىتىدۇر. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزى ھىدايەت تاپقۇچىدۇر.

مۇھەممەد ئىبنى سىرىين، سۇددى ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد قاتارلىقلار دېگەندەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى سۆزلۈك ئادەمدۇر.

www.munber.org

بەزى تەپسىرشۇناسلارنىڭ ئېيتىشىچە، ياخشى سۆزلۈك ئادەملەر ياخشى مۇئەززىنلەردۇر دېگەن قاراشمۇ بار. بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى بويىنى ئەڭ ئۇزۇن ئادەملەر مۇئەززىنلەردۇر».

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىمام نامازغا مەسئۇلدۇر، مۇئەززىن ئۇنىڭدىن خاتىرجەمدۇر، الله تائالا ئىماملارنى توغرا يولغا باشلىسۇن، مۇئەززىنلەرنى مەغپىرەت قىلسۇن». توغرىسى، بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئومۇمىي بولۇپ مۇئەززىنلەرنى ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما، بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش ۋاقتىغا كەلسەك ئەزان ئۇ چاغدا مۇتلەق يولغا قويۇلمىغان ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئايەت مەككىدە نازىل بولغان، ئەزان بولسا پەقەت مەدىنىدە، ھىجرەتتىن كېيىن، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇرەببىھ ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەزاننى چۈشىدە كۆرۈپ ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋازى ئەڭ يۇقىرى بولغان بىلالنى ئەزان توۋلاشقا بۇيرىغاندىن كېيىن يولغا قويۇلغان. بۇ رەت قىلىنمايدىغان ھەقىقەت. بۇ بويىچە بولغاندا توغرىسى، ئۇ ئايەت ياخشى سۆزلۈك كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ ھەقتە ئابدۇررازاق مەئمەردىن ھەسەنبەسرىنىڭ ﴿**الله غا (يەنى الله نىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە «مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟**﴾ دېگەن بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلىپ، ئاندىن مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئادەم الله تائالانىڭ دوستىدۇر، بۇ ئادەم الله تائالانىڭ يېقىنىدۇر، بۇ الله تائالا تاللىغان ئەڭ ياخشى ئادەمدۇر، بۇ زېمىن ئەھلى ئىچىدە الله تائالاغا ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەمدۇر، ئۇ الله تائالانىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئىنسانلارنى الله تائالانىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىشقا چاقىردى، ئۇ الله تائالانىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلدى ۋە: مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىن" دېدى. مانا مۇشۇنداق ئادەم الله تائالانىڭ زېمىندىكى خەلىپىسىدۇر.

## دەۋەت قىلىش ۋە باشقا ئەمەللەردىكى ھېكمەتلەر توغرىسىدا

﴿**ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ**﴾ يەنى ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭدۇر. ﴿**ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن**﴾ يەنى كىم ساڭا يامانلىق قىلسا، سەن ئۇنىڭ يامانلىقىنى ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق قايتۇرغىن، خۇددى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتقاندەك: سېنىڭ ھەققىڭدە الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان كىشىنى جازالىساڭ، سەن ئۇنى الله تائالاغا ئىتائەت قىلغان ھالدا جازالىغىن.

﴿**(شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ**﴾ يەنى ساڭا يامانلىق قىلغان ئادەمگە ياخشىلىق قىلساڭ، ئۇنىڭغا قىلغان بۇ ياخشىلىقىڭ ئۇنى ساڭا ئىخلاس قىلىشقا، سېنى ياخشى كۆرۈشكە ۋە ساڭا مېھرىبانلىق قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ، ھەتتاكى ئۇ سېنىڭ سىرداش دوستۇڭ بولۇپ قالىدۇ، يەنى ئۇ ساڭا مېھرى ـ شەپقەت قىلىدىغان ۋە ياخشىلىق قىلىدىغان يېقىنىڭ بولۇپ قالىدۇ.

﴿**بۇ خىسلەتكە پەقەت سەۋرچان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ**﴾ يەنى بۇ ۋەسىيەتنى پەقەت ئۇنىڭغا سەۋر قىلالايدىغان ئادەملا قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدۇ. چۈنكى، يامانلىققا ياخشىلىق قىلىش ئىنسانغا ئېغىر كېلىدۇ.

www.munber.org

﴿بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نېسىۋە ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ﴾ يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بەخت - سائادەتتىن تولۇق نېسىۋە ئالىدىغان كىشىلا بۇ خىسلەتكە ئېرىشەلەيدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللّٰه تائالا مۆمىنلەرنى غەزەپكە ئۇچرىغان چاغدا سەۋرچان بولۇشقا، نادانلىق قىلغانلارغا مېھرىبان بولۇشقا ۋە يامانلىق يەتكەندە كەچۈرۈم قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار شۇنداق قىلالىسا، اللّٰه تائالا ئۇلارنى شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن ساقلايدۇ، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى ئۇلارغا گويا سىرداش دوستتەك يېقىن بولۇپ كېتىدۇ.

﴿ئەگەر شەيتان سېنى ۋەسۋەسە قىلىپ (يۇقىرىقى خىسلەتنى ئۆزلەشتۈرمەسلىككە كۈشكۈرتسە) اللّٰه غا سېغىنىپ (شەيتاننىڭ شەررىدىن) پاناھ تىلىگىن﴾ يەنى ئىنسانلاردىن بولغان شەيتانغا ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇنى ئۇشكىشىغلى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما جىنلاردىن بولغان شەيتان ھەرگىز ئالدانمايدۇ، ئەگەر ئۇ ۋەسۋەسە قىلسا، پەقەت ئۇنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان، ئۇنى ساڭا مۇسەللەت قىلغان اللّٰه تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەش بىلەنلا ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئەگەر سەن اللّٰه تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلىسەڭ ۋە اللّٰه تائالاغا ئىلتىجا قىلساڭ، اللّٰه تائالا شەيتاننى سەندىن توسىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھىيلە - مىكرىسىنى سەندىن قايتۇرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇرسا: «ھەممىنى ئاڭلىغۇچى، ھەممىنى بىلگۈچى اللّٰه تائالاغا سېغىنىپ، قوغلاندى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىدىن، كىبرىدىن، سېھرىدىن پاناھ تىلەيمەن» دەيتتى.

بىز يۇقىرىدا سۆزلىگىنىمىزدەك، بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشاش ئايەتلەر قۇرئان كەرىمدە پەقەت سۈرە ئەئرافتا ۋە سۈرە مۆئمىنۇندا كەلگەن. سۈرە ئەئرافتا اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا،ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن). ئەگەر شەيتان ساڭا ۋەسۋەسە قىلسا، (شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) اللّٰه غا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن. اللّٰه ھەقىقەتەن (سۆزۈڭنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر (ئىشىڭنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1].

سۈرە مۆئمىنۇندا اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلارنىڭ قىلغان) يامانلىقىغا (ئەپۇ قىلىش بىلەن) ياخشىلىق قىلغىن، ئۇلارنىڭ (سېنى) سۈپەتلەشلىرىنى (يەنى ئۇلارنىڭ ساڭا قىلغان مەسخىرىسىنى) بىز ئوبدان بىلىمىز. ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن. پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ماڭا ھەمرا بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن»﴾[2]

* * * * * * *

وَمِنۡ ءَايَٰتِهِ ٱلَّيۡلُ وَٱلنَّهَارُ وَٱلشَّمۡسُ وَٱلۡقَمَرُۚ لَا تَسۡجُدُواْ لِلشَّمۡسِ وَلَا لِلۡقَمَرِ وَٱسۡجُدُواْۤ لِلَّهِ
ٱلَّذِي خَلَقَهُنَّ إِن كُنتُمۡ إِيَّاهُ تَعۡبُدُونَ ﴿٣٧﴾ فَإِنِ ٱسۡتَكۡبَرُواْ فَٱلَّذِينَ عِندَ رَبِّكَ يُسَبِّحُونَ لَهُۥ
بِٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِ وَهُمۡ لَا يَسۡـَٔمُونَ۩ ﴿٣٨﴾ وَمِنۡ ءَايَٰتِهِۦٓ أَنَّكَ تَرَى ٱلۡأَرۡضَ خَٰشِعَةٗ فَإِذَآ أَنزَلۡنَا عَلَيۡهَا
ٱلۡمَآءَ ٱهۡتَزَّتۡ وَرَبَتۡۚ إِنَّ ٱلَّذِيٓ أَحۡيَاهَا لَمُحۡيِ ٱلۡمَوۡتَىٰٓۚ إِنَّهُۥ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ﴿٣٩﴾

---

[1] سۈرە ئەئراف 199 — 200 - ئايەتلەر.
[2] سۈرە مۆئمىنۇن 96 — 98 - ئايەتكىچە

www.munber.org

*كېچە بىلەن كۈندۈز، كۈن بىلەن ئاي اللە نىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، قۇياشقا سەجدە قىلماڭلار، ئايغىمۇ سەجدە قىلماڭلار، ئۇلارنى ياراتقان اللە غا سەجدە قىلىڭلار، ئەگەر پەقەت اللە غىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار﴿37﴾. ئەگەر كۇففارلار چوڭچىلىق قىلىپ (اللە غا سەجدە قىلىشتىن) باش تارتسا، پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) كېچە ـ كۈندۈز اللە غا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇلار مالال بولۇپ قالمايدۇ﴿38﴾. (بۇمۇ) اللە نىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇركى، سەن زېمىننى قاقاس كۆرىسەن، ئۇنىڭغا يامغۇر ياغدۇرغان ۋاقتىمىزدا، زېمىن كۆتۈرۈلىدۇ ۋە كۆپىشىدۇ، شۈبھىسىزكى، زېمىننى تىرىلدۈرگەن زات ئۆلۈكلەرنى ئەلۋەتتە تىرىلدۈرگۈچىدۇر، ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴿39﴾.*

## اللە تائالانىڭ دۇنيادىكى ئالامەتلىرى توغرىسىدا

اللە تائالا ئۆزىنىڭ بۈيۈك، قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئۆزىنىڭ تەڭداشسىزلىقىنى، خالىغان نەرسىنى قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كېچە بىلەن كۈندۈز، كۈن بىلەن ئاي اللە نىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر**﴾ يەنى اللە تائالا كېچىنى قاراڭغۇلۇقى بىلەن، كۈندۈزنى يورۇقلۇقى بىلەن ياراتتى. ئۇلار توختىماستىن بىر ـ بىرىگە ئەگىشىپ سەير قىلىدۇ. قۇياشنىڭ نۇرلۇق بولۇشى ۋە نۇر چېچىشى، ئاينىڭ يورۇق بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۆز پەلىكىدە سەير قىلىدىغان مەنزىللەردىن ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئۇنىڭ ئۆز ئۇقى ئەتراپىدا ئوخشىمىغان ھالەتتە ئۆزۈپ يۈرۈشى، ئاينىڭ سەير قىلىشىنىڭ ئوخشىماسلىقى، كۈننىڭ سەير قىلىشىنىڭ ئوخشىماسلىقى قاتارلىق ئىشلار كېچىنىڭ، كۈندۈزنىڭ، جۈمە كۈنلىرىنىڭ، ئايلارنىڭ ۋە يىللارنىڭ مىقدارىنى بىلىش ئۈچۈندۇر. بۇنىڭ بىلەن ھەق ـ ھوقۇق ۋە ۋاجىبلارنىڭ ئورۇنلىنىدىغان ۋاقتى، ئىبادەتلەرنىڭ ۋە ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ۋاقىتلىرى مۇئەييەنلىشىدۇ.

قۇياش بىلەن ئاي ئۈستۈنكى ۋە تۆۋەنكى ئالەمدە ئەڭ ئاشكارا كۆرۈنىدىغان يۇلتۇزلار بولغانلىقى ئۈچۈن اللە تائالا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتى ئىكەنلىكىنى ھەم ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولىدىغان ئىككى مەخلۇقاتى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قۇياشقا سەجدە قىلماڭلار، ئايغىمۇ سەجدە قىلماڭلار، ئۇلارنى ياراتقان اللە غا سەجدە قىلىڭلار، ئەگەر پەقەت اللە غىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار**﴾ يەنى اللە تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، اللە تائالاغا باشقىنى اللە تائالادىن قوشۇپ قىلغان ئىبادىتىڭلار سىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ. اللە شېرىك كەلتۈرگۈچىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ.

﴿**ئەگەر كۇففارلار چوڭچىلىق قىلىپ (اللە غا سەجدە قىلىشتىن) باش تارتسا**﴾ يەنى يالغۇز اللە غا ئىبادەت قىلىشتىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتسا، اللە تائالاغا اللە دىن باشقىنى شېرىك قىلسا ﴿**پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر)، كېچە ـ كۈندۈز اللە غا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇلار مالال بولۇپ قالمايدۇ**﴾.

بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر بۇ مۇشرىكلار ئۇلارنى (يەنى كىتاب، ھېكمەت ۋە پەيغەمبەرلىكنى) ئىنكار قىلسا، ئۇلارنى ئىنكار قىلمايدىغان باشقا بىر قەۋمگە تاپشۇرىمىز﴾[1].

﴿**(بۇمۇ) اللە نىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇركى**﴾ يەنى ئۆلۈكنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە اللە تائالانىڭ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەردىن ﴿**سەن زېمىننى قاقاس كۆرىسەن**﴾ يەنى چۆلدەرەپ كەتكەن، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئۆسۈملۈك ۋە ھاياتلىقتىن ئەسەرمۇ

---

[1] سۈرە ئەنئام 89 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

بولمىغان ھالدا كۆرسەن. ﴿**ئۇنىڭغا يامغۇر ياغدۇرغان ۋاقتىمىزدا، زېمىن كۆتۈرۈلىدۇ ۋە كۆپىشىدۇ**﴾ يەنى زېمىن بارلىق تۈر ۋە رەڭدىكى زىرائەتلەرنى ۋە مېۋىلەرنى ئۆستۈرىدۇ ﴿**شۈبھىسىزكى، زېمىننى تىرىلدۈرگەن زات ئۆلۈكلەرنى ئەلۋەتتە تىرىلدۈرگۈچىدۇر، ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر**﴾.

* * * * * * *

إِنَّ ٱلَّذِينَ يُلۡحِدُونَ فِيٓ ءَايَٰتِنَا لَا يَخۡفَوۡنَ عَلَيۡنَآۗ أَفَمَن يُلۡقَىٰ فِي ٱلنَّارِ خَيۡرٌ أَم مَّن يَأۡتِيٓ ءَامِنٗا
يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۚ ٱعۡمَلُواْ مَا شِئۡتُمۡ إِنَّهُۥ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٌ (٤٠) إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِٱلذِّكۡرِ لَمَّا جَآءَهُمۡۖ
وَإِنَّهُۥ لَكِتَٰبٌ عَزِيزٞ (٤١) لَّا يَأۡتِيهِ ٱلۡبَٰطِلُ مِنۢ بَيۡنِ يَدَيۡهِ وَلَا مِنۡ خَلۡفِهِۦۖ تَنزِيلٞ مِّنۡ حَكِيمٍ حَمِيدٖ (٤٢)
مَّا يُقَالُ لَكَ إِلَّا مَا قَدۡ قِيلَ لِلرُّسُلِ مِن قَبۡلِكَۚ إِنَّ رَبَّكَ لَذُو مَغۡفِرَةٖ وَذُو عِقَابٍ أَلِيمٖ (٤٣)

*شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرىدىغانلار بىزگە مەخپىي قالمايدۇ، قىيامەت كۈنى دوزاختا تاشلىنىدىغان ئادەم ياخشىمۇ؟ ياكى قىيامەت كۈنى (اللہ نىڭ ئازابىدىن) ئەمىن بولغان ھالدا كېلىدىغان ئادەم ياخشىمۇ؟ خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، اللہ قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر*﴿40﴾*. شۈبھىسىزكى، قۇرئان كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغانلار (قاتتىق جازاغا ئۇچرايدۇ)، شۈبھىسىزكى، قۇرئان غالىب كىتابتۇر*﴿41﴾*. ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق اللہ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر*﴿42﴾*. ساڭا (مۇشرىكلار تەرىپىدىن) ئېيتىلىدىغان سۆزلەر پەقەت ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە (قەۋملىرى تەرىپىدىن) ئېيتىلغان سۆزلەردۇر، شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ مەغپىرەت ئىگىسىدۇر ۋە قاتتىق ئازاب ئىگىسىدۇر*﴿43﴾.

## ھەقنى بۇرمىلىغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ئازاب ۋە قۇرئاننىڭ سۈپىتى توغرىسىدا

﴿**شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرىدىغانلار**﴾ ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈش دېگەنلىك سۆزنى ئۆز ئورنىدىن باشقا ئورۇنغا ئىشلىتىش دېمەكتۇر. قەتادە ۋە باشقىلار مۇنداق دېدى: بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈش ھەقنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىقىش دېمەكتۇر.

﴿**بىزگە مەخپىي قالمايدۇ**﴾ بۇ ئايەتتە قاتتىق تەھدىد ۋە ئاگاھلاندۇرۇش باردۇر. اللہ تائالا ئايەتلىرىنى، گۈزەل ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرگەن ئادەمنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنى كەلگۈسىدە ئەشۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن تېگىشلىك ئازاب ـ ئۇقۇبەت بىلەن جازالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قىيامەت كۈنى دوزاختا تاشلىنىدىغان ئادەم ياخشىمۇ؟ ياكى قىيامەت كۈنى (اللہ نىڭ ئازابىدىن) ئەمىن بولغان ھالدا كېلىدىغان ئادەم ياخشىمۇ؟**﴾ يەنى دوزاختا تاشلىنىدىغان ئادەم ئەمىن بولغان ئادەم بىلەن باراۋەر بولامدۇ؟ ئۇلار ھەرگىز باراۋەر بولمايدۇ.

اللہ تائالا كاپىرلارغا تەھدىد قىلغان ھالدا مۇنداق دېدى: ﴿**خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار**﴾. مۇجاھىد، زەھھاك ۋە ئەتا خۇراسانى قاتارلىقلار: ﴿**خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار**﴾ دېگەن بۇ ئايەتتە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش باردۇر، دېدى. يەنى ياخشىلىق قىلامسىلەر ياكى يامانلىق قىلامسىلەر؟ خالىغىنىڭلارنى

www.munber.org

قىلىنغانلار، الله تائالا سىلەرنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۈبھىسىزكى، الله قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر**﴾.

﴿**شۈبھىسىزكى، قۇرئان كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغانلار (قاتتىق جازاغا ئۇچرايدۇ)، شۈبھىسىزكى، قۇرئان غالىب كىتابتۇر**﴾ يەنى ئۇ ناھايىتى پۇختا كىتاب بولۇپ، ھېچ ئادەم ئۇنىڭغا ئوخشاش كىتابنى كەلتۈرۈشكە پېتىنالمايدۇ.

﴿**ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ**﴾ يەنى ئۇنىڭغا باتىلنىڭ يۈزلىنىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى، ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتابتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر**﴾ يەنى الله سۆزلىرىنى ۋە ئىشلىرىنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچىدۇر. الله جىمى بۇيرىغان نەرسىدە ۋە جىمى چەكلىگەن نەرسىدە مەدھىيىگە لايىقتۇر. الله تائالاغا مەنسۇپ بولغان بارلىق ئىشلارنىڭ نەتىجىسى مەدھىيىگە لايىقتۇر.

﴿**ساڭا (مۇشرىكلار تەرىپىدىن) ئېيتىلىدىغان سۆزلەر پەقەت ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە (قەۋملىرى تەرىپىدىن) ئېيتىلغان سۆزلەردۇر**﴾ قەتادە، سۇددى ۋە باشقىلار بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ساڭا مۇشرىكلار تەرىپىدىن ئېيتىلىۋاتقان ئىنكار سۆزلىرى پەقەت سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە قەۋملىرى تەرىپىدىن ئېيتىلغان ئىنكار قىلىش سۆزلىرىنىڭ ئۆزى ئەينىدۇر. خۇددى سەن ئىنكار قىلىنغاندەك ئۇ پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىنغان ئىدى. خۇددى ئۇلار قەۋملىرى تەرىپىدىن كەلگەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغاندەك، سەنمۇ قەۋمىڭدىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغىن.

﴿**شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ مەغپىرەت ئىگىسىدۇر**﴾ يەنى الله تائالاغا تەۋبە قىلغان كىشىنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ﴿**ۋە قاتتىق ئازاب ئىگىسىدۇر**﴾ يەنى كۇپۇرلۇقتا داۋام قىلغان، ھەددىدىن ئاشقان، ھەقتىن باش تارتقان، ھەق بىلەن قارشىلاشقان ۋە ئۇنىڭغا قارشى ئىش قىلغان كىشىنى قاتتىق جازالىغۇچىدۇر.

* * * * * * *

وَلَوْ جَعَلْنَٰهُ قُرْءَانًا أَعْجَمِيًّا لَّقَالُوا۟ لَوْلَا فُصِّلَتْ ءَايَٰتُهُۥٓ ۖ ءَا۬عْجَمِىٌّ وَعَرَبِىٌّ ۗ قُلْ هُوَ لِلَّذِينَ
ءَامَنُوا۟ هُدًى وَشِفَآءٌ ۖ وَٱلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ فِىٓ ءَاذَانِهِمْ وَقْرٌ وَهُوَ عَلَيْهِمْ عَمًى ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ
يُنَادَوْنَ مِن مَّكَانٍۭ بَعِيدٍ ﴿٤٤﴾ وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَٰبَ فَٱخْتُلِفَ فِيهِ ۗ وَلَوْلَا كَلِمَةٌ سَبَقَتْ
مِن رَّبِّكَ لَقُضِىَ بَيْنَهُمْ ۚ وَإِنَّهُمْ لَفِى شَكٍّ مِّنْهُ مُرِيبٍ ﴿٤٥﴾

*مۇبادا بىز ئۇنى ئەجەم تىلىدىكى قۇرئان قىلىپ نازىل قىلغان بولساق، ئۇلار ئەلۋەتتە: «نېمىشقا ئۇنىڭ ئايەتلىرى (بىز چۈشىنىدىغان تىلدا) روشەن بايان قىلىنمىدى؟ پەيغەمبەر ئەرەب، كىتاب ئەجەمچىمۇ؟» دەيتتى. ئۇ ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە (دىللاردىكى شەك ـ شۈبھىگە) شىپادۇر، ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ قۇلاقلىرى (قۇرئاننى ئاڭلاشتىن) ئېغىردۇر (يەنى قۇرئاننىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالمىغانلارنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ گويا قۇلاقلىرى ئېغىردۇر)، قۇرئان ئۇلارنىڭ (دىللىرىغا) كورلۇقتۇر (يەنى ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى كۆرمەيدۇ)، ئەنە شۇلار يىراقتىن نىدا قىلىنغۇچىلاردۇر (يەنى ئۇلار ھەقنى قوبۇل قىلماسلىقتا ئىمانغا يىراقتىن چاقىرىلغان، مۇساپىنىڭ*

www.munber.org

***يىراقلىقىدىن چاقىرىقنى ئاڭلىمىغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ)*** ﴿44﴾. ***بىز ھەقىقەتەن مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋراتنى) ئاتا قىلدۇق، ئۇ ھەقتە ئىختىلاپ بولدى. ئەگەر پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارنى جازالاشنى قىيامەتكىچە كېچىكتۈرۈش) ۋەدىسى بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلاتتى، ئۇلار ھەقىقەتەن قۇرئاندىن زىيادە شەكتىدۇر*** ﴿45﴾.

## قۇرئاننى ئىنكار قىلىشنىڭ قارشىلاشقانلىق ۋە باش تارتقانلىقنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

اللہ تائالا بۇ ئايەتتە قۇرئاننى، ئۇنىڭ پاساھەت ۋە بالاغەتلىك كىتاب ئىكەنلىكىنى، سۆزى ۋە مەنىسى ناھايىتى پۇختا ئىكەنلىكىنى، شۇنداق تۇرۇقلۇق مۇشرىكلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەنلىكىنى تىلغا ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قۇرئاننى ئىنكار قىلغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ھەق بىلەن قارشىلاشقانلىقى ۋە ھەقتىن باش تارتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇردى.

اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر بىز قۇرئاننى ئەرەب بولمىغان بىر ئادەمگە نازىل قىلغان بولساق، ئۇ قۇرئاننى ئۇلارغا ئوقۇپ بەرسە، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشەنمەيتتى﴾[1] شۇنداقلا قۇرئاننىڭ ھەممىسى ئەرەب تىلىدىن باشقا بىر تىلدا نازىل قىلىنسا، ئۇلار ئۇنىڭدىن باش تارتىپ قارشىلىشىش يۈزىسىدىن ئەلۋەتتە مۇنداق دەيتتى: **﴿نېمىشقا ئۇنىڭ ئايەتلىرى (بىز چۈشىنىدىغان تىلدا) روشەن بايان قىلىنمىدى؟ پەيغەمبەر ئەرەب، كىتاب ئەجەمچىمۇ؟﴾** يەنى ئۇلار: نېمىشقا ئۇ كىتاب روشەن بايان قىلىنغان ھالدا ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىنمىدى؟ ئەرەبچە سۆزلەيدىغان، ئەرەب تىلىدىن باشقا تىلنى چۈشەنمەيدىغان ئەرەب پەيغەمبەرگە قۇرئان قانداقمۇ ئەرەت تىلىدىن باشقا تىلدا نازىل قىلىنسۇن؟ دەپ چوقۇم ئۇنى ئىنكار قىلاتتى. بۇ مەزمۇن ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، سۇددى ۋە باشقىلاردىن مۇشۇنداق رىۋايەت قىلىنىدى.

**﴿ئېيتقىنكى، ئۇ ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە (دىللاردىكى شەك ـ شۈبھىگە) شىپادۇر﴾** يەنى ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، بۇ قۇرئان ئىمان ئېيتقان ئادەمنىڭ قەلبىنى يورىتىدىغان ھىدايەت نۇرىدۇر، ھەم دىللاردىكى شەك ـ شۈبھىگىمۇ شىپالىق بەرگۈچىدۇر.

**﴿ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ قۇلاقلىرى (قۇرئاننى ئاڭلاشتىن) ئېغىردۇر (يەنى قۇرئاننىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالمىغانلارنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ گويا قۇلاقلىرى ئېغىردۇر)﴾** يەنى ئۇلار قۇرئاندىكى ئايەتلەرنى چۈشەنمەيدۇ.

**﴿قۇرئان ئۇلارنىڭ (دىللىرىغا) كورلۇقتۇر (يەنى ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى كۆرمەيدۇ)﴾** يەنى ئۇلار قۇرئاندىكى روشەن باياندىن ھىدايەت تاپالمايدۇ. بۇ ھەقتە اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز مۆمىنلەرگە (يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا) شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز، قۇرئان كاپىرلارغا زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايدۇ (يەنى ئۇلار قۇرئاننى تەستىق قىلمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كۇفرى تېخىمۇ ئاشىدۇ)﴾[2].

**﴿ئەنە شۇلار يىراقتىن نىدا قىلىنغۇچىلاردۇر (يەنى ئۇلار ھەقنى قوبۇل قىلماسلىقتا ئىمانغا يىراقتىن چاقىرىلغان، مۇساپىنىڭ يىراقلىقىدىن چاقىرىقنى ئاڭلىمىغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ)﴾** مۇجاھىد: يەنى چاقىرىق ئۇلارنىڭ دىللىرىدىن يىراقتۇر، دېدى. ئىبنى جەرىر: ئۇ ئايەتنىڭ مەنىسى گويا

---

[1] سۈرە شۇئەرا 198 — 199 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئىسرا 82 ـ ئايەت.

www.munber.org

بىر ئادەم ئۇلارغا خىتاب قىلىپ، ئۇلارنى يىراقتىن چاقىرىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. مەن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى الله تائالانىڭ ﴿كاپىرلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلغۇچى خۇددى مەنىسىنى چۈشەنمەي تاۋۇشنى ۋە نىدانىلا ئاڭلايدىغان چاھارپايلارنى چاقىرغان ئادەمگە ئوخشايدۇ (كاپىرلار ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاستۇر، (ھەقنى سۆزلەشتىن ) گاچىدۇر، (ھەقنى كۆرۈشتىن) كوردۇر، ئۇلار (ۋەز ـ نەسىھەتنى) چۈشەنمەيدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ دەپ قارايمەن.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامدەك سەۋرچان بولۇشقا تەۋسىيە قىلىش توغرىسىدا

**﴿بىز ھەقىقەتەن مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋراتنى) ئاتا قىلدۇق، ئۇ ھەقتە ئىختىلاپ بولدى﴾** يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىنكار قىلىندى ۋە ئۇنىڭغا ئازار بېرىلدى. ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن (مۇشرىكلارنىڭ سالغان جاپاسىغا) ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن﴾[2].

**﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارنى جازالاشنى قىيامەتكىچە كېچىكتۈرۈش) ۋەدىسى بولمىسا ئىدى﴾** يەنى ئۇلارغا بېرىلىدىغان جازانى قىيامەتكىچە تەخىر قىلمىسا ئىدى، **﴿ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلاتتى﴾** يەنى الله تائالا ئۇلارغا تېگىشلىك ئازابنى ئەلۋەتتە تېزلەتكەن بولاتتى. لېكىن، ئۇلارغا بەلگىلەنگەن بىر ۋاقىت بار، ئۇ ۋاقىت كەلگەندە ئۇلار الله تائالادىن بۆلەك ھېچ پاناگاھ تاپالمايدۇ.

**﴿ئۇلار ھەقىقەتەن قۇرئاندىن زىيادە شەكتىدۇر﴾** يەنى ئۇلارنىڭ قۇرئاننى ئىنكار قىلىشتا، قىلغان سۆزلىرىدە ئاساسلىنىدىغان روشەن دەلىلى يوقتۇر. بەلكى، ئۇلار قىلغان سۆزلىرىدە گۇماندا ئىدى. ئۇنىڭدىن ھېچنەرسىنى جەزملەشتۈرەلمەيتتى. بۇ ئايەتنى ئىبنى جەرىر يۇقىرىقىدەك تەپسىر قىلدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنىڭ شۇنداق بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر.

* * * * * * *

مَّنْ عَمِلَ صَٰلِحًا فَلِنَفْسِهِۦ ۖ وَمَنْ أَسَآءَ فَعَلَيْهَا ۗ وَمَا رَبُّكَ بِظَلَّٰمٍ لِّلْعَبِيدِ ﴿٤٦﴾ ۞ إِلَيْهِ يُرَدُّ عِلْمُ ٱلسَّاعَةِ ۚ وَمَا تَخْرُجُ مِن ثَمَرَٰتٍ مِّنْ أَكْمَامِهَا وَمَا تَحْمِلُ مِنْ أُنثَىٰ وَلَا تَضَعُ إِلَّا بِعِلْمِهِۦ ۚ وَيَوْمَ يُنَادِيهِمْ أَيْنَ شُرَكَآءِى قَالُوٓا۟ ءَاذَنَّٰكَ مَا مِنَّا مِن شَهِيدٍ ﴿٤٧﴾ وَضَلَّ عَنْهُم مَّا كَانُوا۟ يَدْعُونَ مِن قَبْلُ ۖ وَظَنُّوا۟ مَا لَهُم مِّن مَّحِيصٍ ﴿٤٨﴾

*كىمكى ياخشى ئىش قىلىدىكەن، پايدىسى ئۆزىگىدۇر،ۋە يامان ئىش قىلىدىكەن زەرىرىمۇ ئۆزىگىدۇر. پەرۋەردىگارىڭ بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر﴿46﴾. قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىلىش پەقەت اللە غا خاستۇر (يەنى قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى اللە دىن باشقا كىشى بىلمەيدۇ). مېۋىلەرنىڭ بوغۇنلىرىدىن چىقىشى، ھەر قانداق چىشىنىڭ ھامىلدار بولۇشى ۋە تۇغۇشى اللە نىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەستۇر، ئۇ كۈندە اللە ئۇلارغا: «مېنىڭ شېرىكلىرىم (يەنى سىلەر ماڭا شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلەر) قەيەردە؟» دەپ نىدا قىلىدۇ، ئۇلار: «ساڭا مەلۇم قىلىمىزكى، ئارىمىزدا ھېچ كىشى (سېنىڭ شېرىكىڭ بار دەپ) گۇۋاھلىق بېرەلمەيدۇ» دەيدۇ﴿47﴾.ئۇلار ئىلگىرى (يەنى دۇنيادىكى چاغدا) چوقۇنغان بۇتلىرى*

[1] سۈرە بەقەرە 171 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەھقاف 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

***ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالىدۇ، ئۇلار (اللّٰه نىڭ ئازابىدىن) قاچىدىغان جاي يوق ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدۇ***﴿48﴾.

## ھەر بىر ئادەمنىڭ قىلغان ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ۋە جازاغا ئېرىشىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**كىمكى ياخشى ئىش قىلىدىكەن، پايدىسى ئۆزىگىدۇر**﴾ يەنى ئۇنىڭ پايدىسى پەقەت ئۆزىگىلا بولىدۇ. ﴿**كىمكى يامان ئىش قىلىدىكەن زەرەرىمۇ ئۆزىگىدۇر**﴾ يەنى ئۇنىڭ ئۇۋالى پەقەت ئۆزىگىلا بولىدۇ. ﴿**پەرۋەردىگارىڭ بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر**﴾ يەنى اللّٰه تائالا ھېچ ئادەمنى گۇناھسىز جازالىمايدۇ، ھېچ ئادەمنى ئۇنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىگە دەلىل تۇرغۇزماستىن ۋە ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەۋەتمەستىن ئازابلىمايدۇ.

## قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى پەقەت اللّٰه تائالانىڭ بىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىلىش پەقەت اللّٰه غا خاستۇر (يەنى قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى اللّٰه دىن باشقا كىشى بىلمەيدۇ)**﴾ يەنى ئۇنى اللّٰه تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەڭ شەرەپلىك ئىنسان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئەڭ شەرەپلىك پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «قىيامەتنىڭ ۋاقتىدىن سورالغۇچى ئۇنى سورىغۇچىدىن بىلىملىك ئەمەس». بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇنى بىلىش پەرۋەردىگارىڭغا خاستۇر﴾[1] ﴿ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقتىتا مەيدانغا چىقىرىدۇ﴾[2]

﴿**مېۋىلەرنىڭ بوغۇنلىرىدىن چىقىشى، ھەر قانداق چىشىنىڭ ھامىلدار بولۇشى ۋە تۇغۇشى اللّٰه نىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەستۇر**﴾ يەنى ھەممىسى اللّٰه تائالانىڭ ئىلمىدىدۇر، ئاسمان - زېمىندىكى زەررىچىلىك نەرسىمۇ اللّٰه تائالانىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ. بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿دەرەختىن تۆكۈلگەن ياپراقتىن اللّٰه تائالا بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق﴾[3] ﴿ھەر بىر (ھامىلدار) ئايالنىڭ قورسىقىدىكىنى اللّٰه بىلىدۇ (يەنى ئوغۇلمۇ - قىزمۇ، بىرمۇ - كۆپمۇ، چوڭمۇ - كىچىكمۇ، چىرايلىقمۇ - سەتمۇ، بەختلىكمۇ - بەختسىزمۇ، ئۆمرى ئۇزۇنمۇ - قىسقىمۇ، ھەممىسىنى اللّٰه بىلىدۇ). بەچچىدانلارنىڭ كىچىكلەپ كەتكەنلىكى ياكى يوغىناپ كەتكەنلىكىنىمۇ (يەنى بالىنىڭ مۇددىتى توشماي تۇغۇلىدىغانلىقىنى ياكى مۇددىتى ئېشىپ كېتىپ تۇغۇلىدىغانلىقىنى) (اللّٰه) بىلىدۇ. اللّٰه نىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىكتۇر﴾[4] ﴿ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان، بۇ ھەقىقەتەن اللّٰه غا ئاساندۇر﴾[5].

﴿**ئۇ كۈندە اللّٰه ئۇلارغا: «مېنىڭ شېرىكلىرىم (يەنى سىلەر ماڭا شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلەر) قەيەردە؟» دەپ نىدا قىلىدۇ**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى اللّٰه خالايىقلارنىڭ ئالدىدا مۇشرىكلارغا: "سىلەر ماڭا بىرلىكتە ئىبادەت قىلغان شېرىكلىرىڭلار قېنى؟" دەپ نىدا قىلىدۇ. ﴿**ئۇلار: «ساڭا مەلۇم قىلىمىزكى، ئارىمىزدا ھېچ كىشى (سېنىڭ شېرىكىڭ بار دەپ) گۇۋاھلىق بېرەلمەيدۇ» دەيدۇ**﴾ يەنى بۈگۈن ئارىمىزدا سېنىڭ شېرىكىڭ بار دەپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان ھېچ ئادەم يوق.

---

(1) سۈرە نازىئات 44 - ئايەت.
(2) سۈرە ئەئراف 187 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) سۈرە ئەنئام 59 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) سۈرە رەئد 8 - ئايەت.
(5) سۈرە فاتىر 11 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

**﴿ئۇلار ئىلگىرى (يەنى دۇنيادىكى چاغدا) چوقۇنغان بۇتلىرى ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالىدۇ﴾** يەنى ئۇلار كۆزدىن غايىب بولىدۇ. ئۇلارغا پايدا يەتكۈزمەيدۇ.

**﴿ئۇلار (اللّٰه نىڭ ئازابىدىن) قاچىدىغان جاي يوق ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدۇ﴾** يەنى قىيامەت كۈنى مۇشرىكلار ئۆزلىرىگە اللّٰه تائالانىڭ ئازابىدىن پاناھلىنىدىغان پاناھ جاي يوقلىقىنى ئېنىق بىلىدۇ. بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿گۇناھكارلار دوزاخنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كىرىدىغانلىقىغا جەزم قىلىدۇ، دوزاختىن قاچىدىغان جاي تاپالمايدۇ﴾[1].

* * * * * * *

لَّا يَسْـَٔمُ ٱلْإِنسَـٰنُ مِن دُعَآءِ ٱلْخَيْرِ وَإِن مَّسَّهُ ٱلشَّرُّ فَيَـُٔوسٌ قَنُوطٌ ﴿٤٩﴾ وَلَئِنْ أَذَقْنَـٰهُ رَحْمَةً مِّنَّا
مِنۢ بَعْدِ ضَرَّآءَ مَسَّتْهُ لَيَقُولَنَّ هَـٰذَا لِى وَمَآ أَظُنُّ ٱلسَّاعَةَ قَآئِمَةً وَلَئِن رُّجِعْتُ إِلَىٰ رَبِّىٓ إِنَّ لِى عِندَهُۥ
لَلْحُسْنَىٰ ۚ فَلَنُنَبِّئَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ بِمَا عَمِلُوا۟ وَلَنُذِيقَنَّهُم مِّنْ عَذَابٍ غَلِيظٍ ﴿٥٠﴾ وَإِذَآ أَنْعَمْنَا عَلَى
ٱلْإِنسَـٰنِ أَعْرَضَ وَنَـَٔا بِجَانِبِهِۦ وَإِذَا مَسَّهُ ٱلشَّرُّ فَذُو دُعَآءٍ عَرِيضٍ ﴿٥١﴾

***ئىنسان (ئۆزىگە) ياخشىلىق تىلەشتىن زېرىكمەيدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر يامانلىق يېتىپ قالسا (اللّٰه نىڭ رەھمىتىدىن) تولىمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ﴾[49]. ئەگەر بىز ئۇنىڭغا كۈلپەتتىن كېيىن رەھمىتىمىزنى تېتىتساق، ئۇ چوقۇم: «بۇ ئۆزەمنىڭ سەئيى - ئىجتىھاتىمدىن كەلگەن، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن، مۇبادا (قىيامەت بولۇپ) مەن پەرۋەردىگارىمغا قايتۇرۇلغاندىمۇ ئۇنىڭ دەرگاھىدا چوقۇم جەننەتكە ئېرىشىمەن» دەيدۇ. ئەلۋەتتە كاپىرلارغا قىلمىشلىرىنى خەۋەر قىلىمىز ۋە ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز[50]. ئىنسانغا نېمەت ئاتا قىلساق (پەرۋەردىگارىغا شۈكۈر قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈيدۇ، (اللّٰه نىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ) ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا يامانلىق يەتسە (اللّٰه غا يۈزلىنىپ) ئۈزلۈكسىز دۇئا قىلىدۇ[51].***

## ئىنساننىڭ كۈلپەتتىن قۇتۇلۇپ نېمەتكە ئېرىشكەندە ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدا

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئىنسان پەرۋەردىگارىدىن ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلىشتىن زېرىكىپ قالمايدۇ، ئۇ اللّٰه تائالادىن پۇل - مال، سالامەتلىك ۋە باشقا ھاجەتلىرىنى سورايدۇ. ئەگەر ئىنسانغا مۇسىبەت ياكى كەمبەغەللىكتەك بىرەر يامانلىق يەتسە، **﴿(اللّٰه نىڭ رەھمىتىدىن) تولىمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ﴾** يەنى ئۇنىڭ كاللىسىغا: بۇنىڭدىن كېيىن بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيمەن، دېگەن ئوي كېلىدۇ.

**﴿ئەگەر بىز ئۇنىڭغا كۈلپەتتىن كېيىن رەھمىتىمىزنى تېتىتساق، ئۇ چوقۇم: «بۇ ئۆزەمنىڭ سەئيى - ئىجتىھاتىمدىن كەلگەن﴾** يەنى ئۇنىڭغا قىيىنچىلىقتىن كېيىن بىرەر ياخشىلىق ۋە رىزىق كەلسە، ئۇ: ئەلۋەتتە، بۇ ئۆزەمنىڭ كۈچىدىن كەلگەن، مەن بۇنىڭغا پەرۋەردىگارىمنىڭ دەرگاھىدا ھەقلىق ئىدىم، دەيدۇ.

[1] سۈرە كەھف 53 - ئايەت.

www.munber.org

**﴿قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن﴾** دەيدۇ. يەنى ئۇ قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. ھەمدە ئۇ نېمەتكە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈنلا چوڭچىلىق قىلىدۇ، پەخىرلىنىدۇ ۋە ھەقنى ئىنكار قىلىدۇ.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿شەك - شۈبھىسىز ئىنسان ئۆزىنى باي ساناپ (اللە تائالاغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ)، راستلا ھەددىدىن ئاشىدۇ﴾[1].

**﴿مۇبادا (قىيامەت بولۇپ) مەن پەرۋەردىگارىمغا قايتۇرۇلغاندىمۇ ئۇنىڭ دەرگاھىدا چوقۇم جەننەتكە ئېرىشىمەن، دەيدۇ﴾** يەنى ناۋادا قىيامەت بولۇپ قالسا، پەرۋەردىگارىم ماڭا دۇنيادا ياخشىلىق قىلغاندەك قىيامەتتىمۇ ئەلۋەتتە ياخشىلىق قىلىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئۇ يامان ئىش قىلغان ۋە قىيامەتكە ئىشەنمىگەن تۇرۇقلۇق اللە تائالادىن ياخشىلىق كۈتىدۇ. **﴿ئەلۋەتتە كاپىرلارغا قىلمىشلىرىنى خەۋەر قىلىمىز ۋە ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز﴾** اللە تائالا ئەمەلدە ۋە ئېتىقادتا كاپىرلارغا ئوخشىغان ئادەمنى قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەت بىلەن قورقۇتتى.

ئاندىن اللە تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئىنسانغا نېمەت ئاتا قىلساق (پەرۋەردىگارىغا شۈكۈر قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈيدۇ، (اللە نىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ) ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىدۇ﴾** يەنى اللە تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈيدۇ. اللە تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇشتىن چوڭچىلىق قىلىدۇ. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿پىرئەۋن ئۆز قوشۇنى بىلەن (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈدى﴾[2].

**﴿ئەگەر ئۇنىڭغا يامانلىق يەتسە﴾** يەنى كۈلپەت يەتسە، **﴿(اللە غا يۈزلىنىپ) ئۇزۇن دۇئا قىلىدۇ﴾** يەنى بىر ئىشقا ئۇزۇن دۇئا قىلىدۇ. "ئادەمنى زېرىكتۈرۈپ قويىدىغان سۆز" لەۋزى ئۇزۇن، مەنىسى ئاز سۆزدۇر. "ئادەمگە ياقىدىغان سۆز" دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە لەۋزى قىسقا، كۆپ مەنا بېرىدىغان سۆزدۇر.

ئۇلارنىڭ اللە تائالاغا دۇئا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىنسانغا بىرەر زىيان - زەخمەت يەتسە، ياتسىدۇ، ئولتۇرسىدۇ، تۇرسىدۇ، (ئۇنى دەپئى قىلىشىمىزنى تىلەپ) بىزگە دۇئا قىلىدۇ؛ ئۇلارغا يەتكەن زىيان - زەخمەتنى كۆتۈرۈۋەتسەك، گويا ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىشىمىزنى تىلەپ بىزگە دۇئا قىلمىغاندەك، يامان ئىشنى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ﴾[3].

* * * * * * *

قُلۡ أَرَءَيۡتُمۡ إِن كَانَ مِنۡ عِندِ ٱللَّهِ ثُمَّ كَفَرۡتُم بِهِۦ مَنۡ أَضَلُّ مِمَّنۡ هُوَ فِي شِقَاقِۭ بَعِيدٖ ﴿٥٢﴾
سَنُرِيهِمۡ ءَايَٰتِنَا فِي ٱلۡأٓفَاقِ وَفِيٓ أَنفُسِهِمۡ حَتَّىٰ يَتَبَيَّنَ لَهُمۡ أَنَّهُ ٱلۡحَقُّۗ أَوَلَمۡ يَكۡفِ بِرَبِّكَ أَنَّهُۥ عَلَىٰ كُلِّ
شَيۡءٖ شَهِيدٌ ﴿٥٣﴾ أَلَآ إِنَّهُمۡ فِي مِرۡيَةٖ مِّن لِّقَآءِ رَبِّهِمۡۗ أَلَآ إِنَّهُۥ بِكُلِّ شَيۡءٖ مُّحِيطُۢ ﴿٥٤﴾

*(ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى) «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ (قۇرئان مەن ئېيتقاندەك) اللە تەرىپىدىن نازىل بولغان بولسا، سىلەر (ئويلىماستىنلا ئۇنى ئىنكار قىلساڭلار، ھالىڭلار قانداق بولىدۇ). (ھەقتىن) يىراق ئىختىلاپتا بولغان كىشىدىنمۇ گۇمراھ ئادەم بارمۇ؟ (يەنى سىلەردىنمۇ گۇمراھ ئادەم يوق)» ﴿52﴾. ئۇلارغا بىز تاكى ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچە، (ئاسمان - زېمىن) ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەممە*

[1] سۈرە ئەلەق 6 — 7 - ئايەتلەر.
[2] سۈرە زارىيات 39 - ئايەت نىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە يۇنۇس 39 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

***نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى (سېنىڭ راستلىقىڭنىڭ دەلىلى بولۇشقا) ئۇلارغا كۇپايە ئەمەسمۇ﴿53﴾. بىلىڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشتىن شەكلىنىدۇ، بىلىڭلاركى، اللە ھەممە نەرسىنى ھەقىقەتەن تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿54﴾.***

## قۇرئان ۋە ئۇنىڭ راستلىقىنىڭ دەلىللىرى توغرىسىدا

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! قۇرئاننى ئىنكار قىلغان ئەنە شۇ مۇشرىكلارغا ﴿**ئېيتقىنكى، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ**﴾ بۇ قۇرئان ﴿**(مەن ئېيتقاندەك) اللە تەرىپىدىن نازىل بولغان بولسا، سىلەر (ئۇيلىماستىنلا ئۇنى ئىنكار قىلساڭلار، ھالىڭلار قانداق بولىدۇ)**﴾ يەنى قۇرئاننى پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان اللە تائالانىڭ دەرگاھىدا ھالىڭلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ ﴿**(ھەقتىن) يىراق ئىختىلاپتا بولغان كىشىدىنمۇ گۇمراھ ئادەم بارمۇ؟ (يەنى سىلەردىنمۇ گۇمراھ ئادەم يوق)**﴾ يەنى كاپىر بولغان، ھەق بىلەن قارشىلاشقان ۋە ئىختىلاپلاشقان، ھىدايەتتىن يىراق يولدا بولغان ئادەمدىن گۇمراھ كىشى يوق.

﴿**ئۇلارغا بىز تاكى ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچە، (ئاسمان - زېمىن) ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلىرىنى كۆرسىتىمىز**﴾ يەنى قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ اللە تائالانىڭ دەرگاھىدىن اللە نىڭ پەيغەمبىرىگە نازىل قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل - ئىسپاتلىرىمىزنى ئۇلارغا ئاشكارا قىلىمىز، بۇ دەلىلنى شەھەرلەرنىڭ پەتھى قىلىنىشى، ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىشى ۋە باشقا دىنلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشى قاتارلىق ﴿**ئەتراپتىكى**﴾ سىرتقى دەلىللەر بىلەن ئۇلارغا كۆرسىتىمىز.

مۇجاھىد، ھەسەن ۋە سۇددى قاتارلىقلار: "ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىكى دەلىللەر" دېگەن نۇقتىدا توختىلىپ مۇنداق دېدى: بۇ دەلىللەر بەدر ئۇرۇشى، مەككىنى پەتھى قىلىش، ۋە كاپىرلار بىلەن بولغان باشقا ئۇرۇشلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئۇرۇشلاردا اللە تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ساھابىلىرىگە نۇسرەت ئاتا قىلدى. ناھەقچىلىقنى ۋە ئۇنىڭ جامائەسىنى مەغلۇب قىلدى. "ئۆزلىرىدىكى دەلىللەر" نىڭ ئىنساننىڭ ئۆزىگە قارىتىلىش ئېھتىماللىمۇ بار. مەسىلەن: ئىنسان نېمىدىن تەركىب تاپقان؟ ئۇنىڭ جىسمىدىكى ماددىلارنىڭ ئەسلى نېمە؟ قان ۋە باشقا نەرسىلەر قانداق پەيدا قىلىنغان؟ ئۇنىڭ ئاجايىب تەركىبلىرىچۇ؟ بۇ ھەقتە تىببى تەتقىقات ئىلمىدا كەڭ دائىرىدە سۆزلەنگەن بولۇپ، ياراتقۇچى اللە تائالانىڭ ئۇنى نەقەدەر پۇختا ۋە ھېكمەت بىلەن ياراتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆزىگە خاس قىلىپ يارىتىلغان ھەر خىل مىجەزلىرى ۋە باشقا ئالامەتلىرىمۇ شۇ ھېكمەتنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئىنسان بارلىق كۈچ - قۇۋۋىتى، ھىيلە - مىكرىنى ئىشقا سېلىپ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان تەقدىرنىڭ چاڭگىلى ئاستىدا تۇرۇپ ئىش - ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاننىڭ راستلىقىغا دەلىل - ئىسپاتتۇر.

﴿**پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى (سېنىڭ راستلىقىڭنىڭ دەلىلى بولۇشقا) ئۇلارغا كۇپايە ئەمەسمۇ**﴾ يەنى اللە تائالا بەندىلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرۈشكە، سۆزلىرىگە گۇۋاھ بولۇشقا كۇپايىدۇر. اللە تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ اللە تائالانىڭ دەرگاھىدىن ئېلىپ كەلگەن ۋەھيىنى يەتكۈزگەنلىكىدە راستچىل ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

www.munber.org

بۇ ھەقتە اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لېكىن اللە ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان ئارقىلىق (پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھلىق بېرىدۇ، اللە قۇرئاننى (باشقىلار بىلمەيدىغان ئۆزىگە خاس) ئىلمى بىلەن نازىل قىلدى﴾[1].

**﴿بىلىڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشتىن شەكلىنىدۇ﴾** يەنى ئۇلار قىيامەتنىڭ بولۇشىدىن شەكلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار اللە بىلەن ئۇچرىشىش توغرىسىدا پىكىر قىلمايدۇ، قىيامەت ھەققىدە ھېچ نەرسە بىلمەيدۇ، ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلىمەيدۇ، بەلكى قىيامەت ئۇلارنىڭ نەزىرىدە باتىلدۇر، ئۇلار ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدۇ. ئەمما قىيامەت چوقۇم بولىدۇ، شەكسىز يۈز بېرىدۇ.

اللە تائالا ئۆزىنىڭ ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى، ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، قىيامەتنى بەرپا قىلىشنىڭ ئۆزىگە ناھايىتى ئاسان ئىكەنلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿اللە تائالا ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بىلىپ تولۇق تۇرغۇچىدۇر﴾** يەنى جىمى مەخلۇقاتلار اللە نىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىدۇر، اللە تائالا نىڭ چاڭگىلىدىدۇر، اللە تائالانىڭ بىلىشى ئىچىدىدۇر، اللە تائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ھۆكمى بىلەن ئىدارە قىلغۇچىدۇر. اللە تائالا خالىغان ئىش بولىدۇ، خالىمىغان ئىش بولمايدۇ، اللە تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.

شۇنىڭ بىلەن سۈرە فۇسسىلەتنىڭ تەپسىرى ئاخىرلاشتى، جىمى ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە اللە تائالاغا خاستۇر.

---

[1] سۈرە نىسا 166 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

## مەككىدە نازىل بولغان سۈرە شۇرا 53 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

حمٓ ﴿١﴾ عٓسٓقٓ ﴿٢﴾ كَذَٰلِكَ يُوحِيٓ إِلَيۡكَ وَإِلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِكَ ٱللَّهُ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٣﴾ لَهُۥ مَا
فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۖ وَهُوَ ٱلۡعَلِيُّ ٱلۡعَظِيمُ ﴿٤﴾ تَكَادُ ٱلسَّمَٰوَٰتُ يَتَفَطَّرۡنَ مِن فَوۡقِهِنَّۚ
وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ يُسَبِّحُونَ بِحَمۡدِ رَبِّهِمۡ وَيَسۡتَغۡفِرُونَ لِمَن فِي ٱلۡأَرۡضِۗ أَلَآ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ
﴿٥﴾ وَٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ مِن دُونِهِۦٓ أَوۡلِيَآءَ ٱللَّهُ حَفِيظٌ عَلَيۡهِمۡ وَمَآ أَنتَ عَلَيۡهِم بِوَكِيلٖ ﴿٦﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اﷲ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***ھامىم[1]. ئەين، سىن، قاف[2]. غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى اﷲ ساڭا ۋە سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەر) لەرگە مۇشۇنداق ۋەھيى قىلىدۇ[3]. ئاسمانلاردىكى شەيئىلەر ۋە زېمىندىكى شەيئىلەر اﷲ نىڭدۇر (يەنى اﷲ نىڭ مۈلكىدۇر، اﷲ نىڭ تەسەررۇپى ئاستىدىدۇر)، اﷲ ئۇستۇندۇر، كاتتىدۇر[4]. (اﷲ نىڭ كاتتىلىقىدىن) ئاسمانلار يۇقىرى تەرىپىدىن يېرىلىپ كېتىشكە تاس قالىدۇ، پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدى ئېيتىدۇ، يەر يۈزىدىكىلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ. بىلىڭلاركى، اﷲ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر[5]. اﷲ نى قويۇپ (بۇتلارنى) ئىگە قىلىۋالغانلارنىڭ (ئەمەللىرىنى) اﷲ كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، سەن ئۇلارغا ھامىي ئەمەسسەن[6].***

### ۋەھيي ۋە اﷲ تەئالانىڭ بۈيۈكلىكى توغرىسىدا

ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان ئېلىپبە ھەرپلىرى ھەققىدە يۇقىرىدا سۆزلەندى.

﴿**غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى اﷲ ساڭا ۋە سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەر) لەرگە مۇشۇنداق ۋەھيى قىلىدۇ**﴾ يەنى اﷲ تەئالا ساڭا بۇ قۇرئاننى نازىل قىلغانىدەك، سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگىمۇ مۇشۇنداق كىتابلارنى نازىل قىلدى. اﷲ تەئالا دۈشمەنلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىشتا غالىبتۇر، سۆزلىرىنى ۋە ئىشلىرىنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچىدۇر.

ئىمام مالىك، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھارىس ئىبنى ھىشام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى اﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! ۋەھيي ساڭا قانداق كېلىدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاب بەردى: «ۋەھيي ماڭا بەزى چاغلاردا قوڭغۇراق ئاۋازىدەك جاراڭلىق كېلىدۇ. ئۇ ماڭا قاتتىق تۇيۇلىدۇ، ماڭا ۋەھيي نازىل بولۇشتىن توختىغان ھامان مەن

www.munber.org

ئۆنى ئېسىمدە تۇتۇۋالىمەن. بەزى چاغلاردا جىبرىئىل ئادەم سۈرىتىدە كېلىپ ماڭا سۆزلەيدۇ، مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئېسىمدە تۇتۇۋالىمەن» ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە مۇنداق دېدى: مەن قاتتىق سوغۇق كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ۋەھيى توختىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشانىسىدىن تەر چىقىۋاتاتتى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿**ئاسمانلاردىكى شەيئىلەر ۋە زېمىندىكى شەيئىلەر الله نىڭدۇر (يەنى الله نىڭ مۈلكىدۇر، الله نىڭ تەسەررۇپى ئاستىدىدۇر)**﴾ يەنى بۇلارنىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ قۇللىرىدۇر، الله تائالانىڭ مۈلكىدۇر ۋە الله تائالانىڭ تەسەررۇپى ئاستىدىدۇر.

﴿**الله ئۇلۇغدۇر، كاتتىدۇر**﴾. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿الله ھەممىدىن بۈيۈكتۇر، ھەممىدىن ئۈستۈندۇر﴾[1] ﴿الله يۈكسەكتۇر، كاتتىدۇر﴾[2] بۇ مەزمۇندىكى ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

﴿**(الله نىڭ كاتتىلىقىدىن) ئاسمانلار يۇقىرى تەرىپىدىن يېرىلىپ كېتىشكە تاس قالىدۇ**﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، زەھھاك، قەتادە، سۇددى ۋە كەئب ئەھبار قاتارلىقلار بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: يەنى الله تائالانىڭ كاتتىلىقىدىن ئاسمانلار پارچە ـ پارچە بولۇپ كېتىشكە تاس قالىدۇ.

﴿**پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدى ئېيتىدۇ، يەر يۈزىدىكىلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋە ئەرشنىڭ چۆرىسىدىكى پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدۇ ئېيتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ، مۆمىنلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ﴾[3].

﴿**بىلىڭلاركى، الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾ بۇ، الله تائالانىڭ ئۆزىنىڭ سۈپەتلىرىنى ئاشكارا ئېلان قىلىشىدۇر.

﴿**الله نى قويۇپ (بۇتلارنى) ئىگە قىلىۋالغانلارنىڭ**﴾ يەنى (مۇشرىكلارنىڭ ﴿**ئەمەللىرىنى الله كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ يەنى الله تائالا مۇشرىكلارنىڭ بۇ ئەمەللىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ھېسابلاپ، بىرمۇ ـ بىر خاتىرىلەپ قويىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا قارىتا تولۇق جازا بېرىدۇ. ﴿**سەن ئۇلارغا ھامىي ئەمەسسەن**﴾ يەنى پەقەت ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن، الله تائالا ھەر نەرسىگە ھامىيدۇر.

* * * * * * *

وَكَذَٰلِكَ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ قُرۡءَانًا عَرَبِيًّا لِّتُنذِرَ أُمَّ ٱلۡقُرَىٰ وَمَنۡ حَوۡلَهَا وَتُنذِرَ يَوۡمَ ٱلۡجَمۡعِ لَا رَيۡبَ
فِيهِۚ فَرِيقٌ فِي ٱلۡجَنَّةِ وَفَرِيقٌ فِي ٱلسَّعِيرِ ﴿٧﴾ وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ لَجَعَلَهُمۡ أُمَّةً وَٰحِدَةً وَلَٰكِن يُدۡخِلُ مَن يَشَآءُ فِي
رَحۡمَتِهِۦۚ وَٱلظَّٰلِمُونَ مَا لَهُم مِّن وَلِيٍّ وَلَا نَصِيرٍ ﴿٨﴾

***مەككە ئاھالىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، (كىشىلەرنى) قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، ساڭا بىز مۇشۇنداق ئەرەبچە قۇرئاننى نازىل قىلدۇق، ئۇ كۈندە ھېچ شەك يوقتۇر، (ئۇ كۈندە) بىر پىرقە (كىشىلەر) جەننەتتە ۋە بىر پىرقە كىشىلەر جەھەننەمدە بولىدۇ﴿7﴾. ئەگەر الله خالىسا، ئۇلارنى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى) ئەلۋەتتە بىر ئۈممەت (يەنى بىر دىندا) قىلاتتى،***

---

[1] سۈرە رەئد 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە سەبەئ 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە غافىر 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

***لېكىن اللە خالىغان ئادەمنى رەھمىتىگە داخىل قىلىدۇ، زالىملارغا ھېچقانداق ئىگە، ھېچقانداق مەدەتكار بولمايدۇ﴿8﴾***

## قۇرئاننىڭ ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيي قىلىنغانلىقى توغرىسىدا

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە بىز ۋەھيي قىلغىنىمىزدەك ﴿**ساڭا بىز مۇشۇنداق ئەرەبچە قۇرئاننى نازىل قىلدۇق**﴾ يەنى ئايەتلىرى ئوچۇق، روشەن بايان قىلىنغان قۇرئاننى ﴿**مەككە ئاھالىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن**﴾ يەنى ئۇنىڭدىن باشقا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن نازىل قىلدۇق. بۇ ئايەتتە مەككە ئاھالىسى تىلغا ئېلىنىدى. چۈنكى، مەككە باشقا شەھەرلەردىن مۇقەددەستۇر، بۇ ھەقتە ئۆز ئورۇنلىرىدا نۇرغۇن دەلىللەر تىلغا ئېلىنغان. بۇ دەلىللەردىن ئەڭ قىسقا بولغىنى ئىمام ئەھمەد، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەدى زۆھرىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستۇر: ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككە بازىرىدىكى ھەزۋەرە دېگەن يەردە تۇرۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن ھەقىقەتەن اللە تائالانىڭ ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ سۆيۈملۈك زېمىنى، مەن سەندىن چىقىرىۋېتىلمىگەن بولسام، ھەرگىزمۇ چىقمايتتىم» ئىمام تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلغان.

﴿**(كىشىلەرنى) قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن**﴾ يەنى اللە تائالا ئىلگىرىكىلەرنى ۋە كېيىنكىلەرنى بىر تۈزلەڭلىكتە توپلايدۇ. ﴿**ئۇ كۈندە ھېچ شەك يوقتۇر**﴾ يەنى قىيامەتنىڭ يۈز بېرىشىدە ھېچ شەك يوقتۇر، ئۇ چوقۇم بولىدۇ.

﴿**(ئۇ كۈندە) بىر پىرقە (كىشىلەر) جەننەتتە ۋە بىر پىرقە كىشىلەر جەھەننەمدە بولىدۇ**﴾ بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇ كۈندە اللە سىلەرنى قىيامەت ئۈچۈن توپلايدۇ، ئۇ زىيان تارتىدىغان كۈندۇر (يەنى ئۇ كۈندە ئىماننى تەرك ئەتكەنلىكى بىلەن كاپىرنىڭ زىيان تارتقانلىقى، ياخشى ئەمەللەرنى دېگەندەك قىلالمىغانلىقى بىلەن مۆمىننىڭ زىيان تارتقانلىقى ئاشكارا بولىدۇ)﴾[1].

﴿ئاخىرەت ئازابىدىن قورقىدىغان ئادەم بۇ (قىسسە) دىن، ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ، ئەنە شۇ كۈن پۈتۈن خالايىق (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) يىغىلىدىغان كۈندۇر، ئەنە شۇ كۈن ھەممە ھازىر بولىدىغان كۈندۇر. ئۇنى (يەنى قىيامەت كۈنىنى) بىز مۇئەييەن مۇددەتكىچە تەخىر قىلىمىز. قىيامەت كۈنى بولغاندا، ھەرقانداق ئادەم پەقەت اللە دىن ئىجازەت بولغاندىلا سۆزلەيدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەتبەخت بولىدۇ، بەزىلىرى سائادەتمەن بولىدۇ﴾[2].

ئىمام ئەھمەد، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىمىزغا چىقىپ كەلدى، ئۇنىڭ قولىدا ئىككى كىتاب بار ئىدى، ئۇ: «بۇ ئىككىسىنىڭ نېمە كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىدى. بىز: ياق، ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بىزگە دەپ بەرسەڭ. ئاندىن بىلىمىز، دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قولىدىكى كىتابنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «بۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن جەننەت ئەھلىنىڭ ئىسىملىكى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ۋە قەبىلىلىرىنىڭ ئىسىملىكى يېزىلغان كىتابتۇر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھېسابلاپ توپلاندى، ئۇلارغا ھەرگىز ئارتۇق قوشۇلمايدۇ، ئۇلاردىن ھەرگىز كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ،

---

[1] سۈرە تەغابۇن 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھۇد 103 — 105 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

دېدى. ئاندىن سول قولىدىكى كىتابنى كۆرسىتىپ: «بۇ دوزاخ ئەھلىنىڭ ئىسىملىكى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ۋە قەبىلىلىرىنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغان كىتابتۇر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھېسابلاپ توپلاندى ئۇلارغا ھەرگىز ئارتۇق قوشۇلمايدۇ، ئۇلاردىن ھەرگىز كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: ئەگەر بۇ ئىش بەلگىلىنىپ بولغان بولسا، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئەمەل قىلىمىز؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقنى بويلاپ توغرا يولدا مېڭىڭلار، ھەقىقەتەن جەننەتتە بولىدىغان ئادەم مەيلى نېمىلا ئىش قىلمىسۇن، جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى قىلىش بىلەن ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ھەقىقەتەن دوزاخ ئەھلى بولىدىغان ئادەم مەيلى نېمىلا ئىش قىلمىسۇن دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى قىلىش بىلەن ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىدىكى كىتابلارنى يىغىشتۇرۇپ: «غالىب ۋە بۈيۈك پەرۋەردىگارىم بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى بەلگىلەپ بولدى» دېدى. ئاندىن ئوڭ قولىدىكى كىتابنى قويۇپ: «قىيامەت كۈنى بىر پىرقە كىشىلەر جەننەتتە بولىدۇ» دېدى. ئاندىن سول قولىدىكى كىتابنى قويۇپ: «ئۇ كۈندە بىر پىرقە كىشىلەر جەھەننەمدە بولىدۇ» دېدى. ئىمام تىرمىزى ۋە نەسەئىمۇ بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشاش مەزمۇندا ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇنەزرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئىچىدە ئەبۇئابدۇللاھ دېگەن بىرسى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇنى دوستلىرى زىيارەت قىلىپ كەلدى، ئۇلار ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ئۇ يىغلاپ تۇرغان ئىكەن.ئۇلار ئۇنىڭغا: نېمىگە يىغلايسەن؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساڭا: «تاكى ماڭا ئۇچراشقىچىلىك داۋاملىق بۇرۇتۇڭنى قىسقارتىپ تۇرغىن»[1] دېمىگەنمۇ؟ دېدى. ئۇ: شۇنداق، دېگەن ۋە لېكىن مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «اللە تائالا ھەقىقەتەن ئوڭ قولى بىلەن ئىنسانلاردىن بىر چاڭگال، سول قولى بىلەن بىر چاڭگال ئېلىپ بۇ جەننەت ئۈچۈن، ئۇ جەھەننەم ئۈچۈن يارىتىلدى، مەن پەرۋا قىلمايمەن، دېدى» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانتىم، مەن بۇ ئىككى چاڭگالنىڭ قايسىسىدىن ئىكەنلىكىمنى بىلمەيمەن، دېدى. تەقدىر توغرىسىدىكى ھەدىسلەر سەھى ھەدىس كىتابلىرىدا ۋە باشقا ھەدىس كىتابلاردا ناھايىتى كۆپتۇر، ئۇنىڭ ئىچىدە: ئەلىنىڭ، ئىبنى مەسئۇدنىڭ، ئائىشەنىڭ ۋە باشقا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ اللە ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن! رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرى بار.

**﴿ئەگەر اللە خالىسا، ئۇلارنى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى) ئەلۋەتتە بىر ئۈممەت (يەنى بىر دىندا) قىلاتتى﴾** يەنى ھەممىنى ھىدايەت ئۈستىدە ياكى ھەممىسىنى گۇمراھلىقتا قىلاتتى، ئەمما اللە تائالا ئۇلارنى پەرقلىق قىلدى. خالىغان ئادەمنى ھەققە ھىدايەت قىلدى، خالىغان ئادەمنى ھەقتىن ئازدۇردى. بۇنىڭدىكى ھېكمەت ۋە يېتەرلىك پاكىت اللە تائالاغا خاستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿لېكىن اللە خالىغان ئادەمنى رەھمىتىگە داخىل قىلىدۇ، زالىملارغا ھېچقانداق ئىگە، ھېچقانداق مەدەتكار بولمايدۇ﴾.**

* * * * * * *

أَمِ ٱتَّخَذُواْ مِن دُونِهِۦٓ أَوۡلِيَآءَۖ فَٱللَّهُ هُوَ ٱلۡوَلِيُّ وَهُوَ يُحۡيِ ٱلۡمَوۡتَىٰ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ٩
وَمَا ٱخۡتَلَفۡتُمۡ فِيهِ مِن شَيۡءٖ فَحُكۡمُهُۥٓ إِلَى ٱللَّهِۚ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبِّي عَلَيۡهِ تَوَكَّلۡتُ وَإِلَيۡهِ أُنِيبُ ١٠ فَاطِرُ

[1] بۇ ئادەم بۇرۇتنى قىسقارتىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ئادەم بولۇشى مۇمكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسىلە سوراپ كەلگەن ھەر قانداق ئادەمگە ئۇ ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ پەتىۋا بېرەتتى. شۇڭا بۇ ئادەمنى بۇرۇتنى قىسقارتىپ تۇرۇشقا بۇيرۇغان.

www.munber.org

ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ جَعَلَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَٰجًا وَمِنَ ٱلْأَنْعَٰمِ أَزْوَٰجًا ۖ يَذْرَؤُكُمْ فِيهِ ۚ لَيْسَ
كَمِثْلِهِۦ شَىْءٌ ۖ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْبَصِيرُ ﴿١١﴾ لَهُۥ مَقَالِيدُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ يَبْسُطُ ٱلرِّزْقَ لِمَن يَشَآءُ
وَيَقْدِرُ ۚ إِنَّهُۥ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌ ﴿١٢﴾

*بەلكى ئۇلار اللّٰه دىن باشقىلارنى ئىگە قىلىۋالدى، پەقەت اللّٰه ئىگىدۇر، اللّٰه ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدۇ، اللّٰه ھەر نەرسىگە قادىر﴿9﴾. سىلەر (دىن ئۈستىدە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا) ھەر قانداق نەرسە ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، ئۇنىڭغا اللّٰه ھۆكۈم چىقىرىدۇ. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى) ئەنە شۇ اللّٰه مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلدىم، (ھەممە ئىشتا) اللّٰه غا مۇراجىئەت قىلىمەن﴿10﴾. اللّٰه ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچىدۇر، اللّٰه سىلەرگە ئۆز جىنسىڭلاردىن جۈپتىلەرنى (يەنى ئاياللارنى) ياراتتى. ھايۋانلارغىمۇ ئۆز تىپىدىن جۈپتىلەرنى ياراتتى. بۇ ئارقىلىق اللّٰه سىلەرنى كۆپەيتىدۇ، ھېچ شەيئى اللّٰه غا ئوخشاش ئەمەستۇر، اللّٰه ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴿11﴾. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (خەزىنىلىرىنىڭ) ئاچقۇچلىرى اللّٰه نىڭ ئىلكىدىدۇر، اللّٰه خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى (سىناش يۈزىسىدىن) كەڭ قىلىدۇ، خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى (بالاغا مۇپتىلا قىلىپ سىناش يۈزىسىدىن) تار قىلىدۇ، اللّٰه ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿12﴾.*

## پەقەت اللّٰه تائالانىڭلا ئىگە بولغۇچى، ھۆكۈم قىلغۇچى، ياراتقۇچى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە مۇشرىكلارنىڭ اللّٰه دىن باشقا نەرسىلەرنى ئىلاھ تۇتۇۋالغانلىقىغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: پەقەت اللّٰه ھەقىقىي ئىگىدۇر، يالغۇز اللّٰه تائالادىن باشقا ھېچنەرسىگە ئىبادەت قىلىش دۇرۇس ئەمەس، اللّٰه ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىردۇر، ھەم اللّٰه ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

﴿**سىلەر (دىن ئۈستىدە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا) ھەر قانداق نەرسە ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، ئۇنىڭغا اللّٰه ھۆكۈم چىقىرىدۇ**﴾ يەنى بۇ ئايەت ئومۇمىيلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان جىمى ئىشلاردا ﴿**اللّٰه ھۆكۈم چىقىرىدۇ**﴾ يەنى ئۇنىڭغا اللّٰه تائالا كىتابى قۇرئان بىلەن ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا اللّٰه غا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار﴾[1].

﴿**ئەنە شۇ اللّٰه مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر**﴾ يەنى مېنىڭ پەرۋەردىگارىم اللّٰه تائالا ھەر نەرسىگە ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر. ﴿**ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلدىم، (ھەممە ئىشتا) اللّٰه غا مۇراجىئەت قىلىمەن**﴾ يەنى جىمى ئىشلىرىمدا اللّٰه تائالاغا يۆلىنىمەن. ﴿**اللّٰه ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچىدۇر**﴾ يەنى ئۇ ئىككىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى پەيدا قىلغۇچىدۇر.

﴿**اللّٰه سىلەرگە ئۆز جىنسىڭلاردىن جۈپتىلەرنى (يەنى ئاياللارنى) ياراتتى**﴾ يەنى اللّٰه تائالا سىلەرگە نېمەت ۋە مەرھەمەت قىلىپ ئۆز جىنسىڭلاردىن، ئۆز شەكلىڭلاردىن سىلەرنى ئەركەك ۋە چىشى قىلىپ ياراتتى.

﴿**ھايۋانلارغىمۇ ئۆز تىپىدىن جۈپتىلەرنى ياراتتى**﴾ يەنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن ھايۋانلاردىن سەككىزنى جۈپ قىلىپ ياراتتى. ﴿**بۇ ئارقىلىق اللّٰه سىلەرنى كۆپەيتىدۇ**﴾ يەنى اللّٰه تائالا سىلەرنى مۇشۇ

[1] سۈرە نىسا 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

يوسـۇندا، مۇشـۇنداق سۈپـەتتە يارىتـىلـدۇ، الله تائـالا سـىلەرنى مۇشـۇ ئۇسـۇلدا بـىـر ئـەۋلادتىـن يەنـە بـىـر ئەۋلادقا، نەسىلدىن ـ نەسىلگە ئەركەك ـ چىشى قىلىپ يارىتىپ، ئىنسانلارنى ۋە چاھارپايلارنى داۋاملىق كۆپەيتىدۇ.

﴿**ھېچ شەيئى الله غا ئوخشاش ئەمەستۇر**﴾ يەنى جىمى جۈپتىلەرنى ياراتقۇچى الله غا ئوخشاش شەيئى يوقتـۇر. چۈنكى، الله تائـالا يالغـۇزدۇر، ھەممـە الله غـا موھتاجـدۇر، الله تائالانـىڭ تەڭدىشى يوقتـۇر. ﴿**الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (خەزىنىلىرىنىڭ) ئاچقۇچلىرى الله نىڭ ئىلكىدىدۇر**﴾ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى سۈرە زۇمەردە سۆزلەندى. ئۇنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى: الله تائالا ئاسمان ـ زېمىننى ئىدارە قىلغۇچىدۇر، ئۇنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر.

﴿**الله خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى (سىناش يۈزىسىدىن) كەڭ قىلىدۇ، خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى (بالاغا مۇپتىلا قىلىپ سىناش يۈزىسىدىن) تار قىلىدۇ**﴾ يەنى خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى كەڭ خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى تار قىلىشتىكى ھېكمەت ۋە تولۇق ئادالەت پەقەت الله تائالاغا خاستۇر. ﴿**الله ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر**﴾.

* * * * * * *

۞ شَرَعَ لَكُم مِّنَ ٱلدِّينِ مَا وَصَّىٰ بِهِۦ نُوحًا وَٱلَّذِىٓ أَوْحَيْنَآ إِلَيْكَ وَمَا وَصَّيْنَا بِهِۦٓ إِبْرَٰهِيمَ
وَمُوسَىٰ وَعِيسَىٰٓ ۖ أَنْ أَقِيمُوا۟ ٱلدِّينَ وَلَا تَتَفَرَّقُوا۟ فِيهِ ۚ كَبُرَ عَلَى ٱلْمُشْرِكِينَ مَا تَدْعُوهُمْ إِلَيْهِ ۚ ٱللَّهُ
يَجْتَبِىٓ إِلَيْهِ مَن يَشَآءُ وَيَهْدِىٓ إِلَيْهِ مَن يُنِيبُ ﴿١٣﴾ وَمَا تَفَرَّقُوٓا۟ إِلَّا مِنۢ بَعْدِ مَا جَآءَهُمُ ٱلْعِلْمُ بَغْيًۢا
بَيْنَهُمْ ۚ وَلَوْلَا كَلِمَةٌ سَبَقَتْ مِن رَّبِّكَ إِلَىٰٓ أَجَلٍ مُّسَمًّى لَّقُضِىَ بَيْنَهُمْ ۚ وَإِنَّ ٱلَّذِينَ أُورِثُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ
مِنۢ بَعْدِهِمْ لَفِى شَكٍّ مِّنْهُ مُرِيبٍ ﴿١٤﴾

***الله سىلەرگە دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز ۋەھيى قىلغان نەرسىنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىساغا بىز تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى. سىلەر دىنىنى بەرپا قىلىڭلار، دىندا تەپرىقىچىلىك قىلماڭلار، مۇشرىكلارغا سەن ئۇلارنى دەۋەت قىلغان نەرسە (يەنى تەۋھىد) ئېغىر كەلدى، الله تەۋھىدكە خالىغان ئادەمنى تاللايدۇ، الله نىڭ (تائىتىگە) قايتىدىغان ئادەمنى تەۋھىدكە باشلايدۇ[13]. (يەھۇدىي، ناسارا قاتارلىقلار) ئۇلارغا ئىلىم كەلگەندىن كېيىن (يەنى ئۇلار رەسۇلۇللانىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنى بىلگەندىن كېيىن)، ئاندىن ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ پىرقىلەرگە بۆلۈندى. ئەگەر پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارنى جازالاشنى) قىيامەتكىچە تەخىر قىلىشتىن ئىبارەت سۆزى بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولغان بولاتتى (يەنى ئۇلار تېز ھالاك قىلىنغان بولاتتى). ئۇلاردىن كېيىن كىتابقا ۋارىسلىق قىلغانلار (يەنى رەسۇلۇللا بىلەن زاماندash بولغان ئەھلى كىتاب) (كىتاب ھەققىدە) قاتتىق دەرگۇماندىدۇر[14].***

## پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنىنىڭ بىر ئىكەنلىكى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئۈممەتكە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله سىلەرگە دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز ۋەھيى قىلغان نەرسىنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىساغا بىز**

www.munber.org

**تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى﴾** اللە تائالا بۇ ئايەتتە ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەردىن بىرىنچى پەيغەمبەر نۇھ ئەلەيھىسسالامنى، ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تىلغا ئالدى، ئاندىن كېيىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر ئىبراھىم، مۇسا ۋە مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسانى تىلغا ئالدى. بۇ ئايەتتە ئىرادىلىك بەش پەيغەمبەرنىڭ ئىسمىنى ساناپ ئۆتتى. سۈرە ئەھزابتىكى ئايەتتىمۇ ئۇلار شۇنداق بايان قىلىنغان. ﴿ئۆز ۋاقتىدا بىز پەيغەمبەرلەردىن ئەھدە ئالدۇق، سەندىن، نۇھتىن، ئىبراھىمدىن، مۇسادىن، مەريەم ئوغلى ئىسادىن مەھكەم ئەھدە ئالدۇق﴾[1].

جىمى پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن دىن پەقەت ھېچ شېرىكى بولمىغان يالغۇز اللە غا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴾[2] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس شېرىپتا: «بىز ئانىمىز باشقا ـ باشقا، ئەمما دىنىمىز بىر پەيغەمبەرلەر جامائەسىدۇرمىز» دېيىلگەن. يەنى گەرچە ئۇلارنىڭ شەرىئەتلىرى ۋە تۇتقان يوللىرى ھەر خىل بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئورتاقلىق ھېچ شېرىكى بولمىغان يالغۇز اللە تائالاغا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىشتۇر.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى ئۈممەتلەر!) سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغا بىر خىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق﴾[3] **﴿سىلەر دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا تەپرىقىچىلىك قىلماڭلار﴾** اللە تائالا جىمى پەيغەمبەرلەرگە بىرلىشىشنى، ئۈم بولۇشنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلارنى بۆلگۈنچىلىكتىن، ئىختىلاپلىشىشتىن چەكلىدى.

**﴿مۇشرىكلارغا سەن ئۇلارنى دەۋەت قىلغان نەرسە (يەنى تەۋھىد) ئېغىر كەلدى﴾** يەنى ئى مۇھەممەد! سەن ئۇلارنى چاقىرغان تەۋھىد ئۇلارغا تەس تۇيۇلدى. شۇڭا ئۇلار تەۋھىدنى ئىنكار قىلدى.

**﴿اللە تەۋھىدكە خالىغان ئادەمنى تاللايدۇ، اللە نىڭ (تائەتكە) قايتىدىغان ئادەمنى تەۋھىدكە باشلايدۇ﴾** يەنى اللە تائالا ھىدايەتنى ھىدايەت تېپىشقا لايىق كىشىگە بەلگىلەيدۇ. گۇمراھلىقنى توغرا يولدىن گۇمراھلىقنى ئۈستۈن بىلىپ تاللىغان ئادەمگە بەلگىلەيدۇ.

## ئىختىلاپنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا

**﴿(يەھۇدىي، ناسارا قاتارلىقلار) ئۇلارغا ئىلىم كەلگەندىن كېيىن (يەنى ئۇلار رەسۇلۇللانىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنى بىلگەندىن كېيىن)، ئاندىن ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ پىرقىلەرگە بۆلۈندى﴾** يەنى ئۇلار ئۆزلىرىگە ھەق يېتىپ كەلگەن ۋە دەلىل ـ پاكىت تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن ئاندىن ھەق ئۈستىدە ئىختىلاپلاشقان ئىدى، ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا پەقەت بىر ـ بىرىگە زۇلۇم قىلىش، ھەق بىلەن قارشىلىشىش، ئۇنىڭغا بويۇنتاۋلىق قىلىش ئېلىپ باردى.

**﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارنى جازالاشنى) قىيامەتكىچە تەخىر قىلىشتىن ئىبارەت سۆزى بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولغان بولاتتى (يەنى ئۇلار تېز ھالاك قىلىنغان بولاتتى)﴾** يەنى ئەگەر اللە تائالانىڭ بەندىلىرىدىن ھېساب ئېلىشنى قىيامەت كۈنىگىچە

---

[1] سۈرە ئەھزاب 7 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنبىيا 25 ـ ئايەت.
[3] سۈرە مائىدە 48 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

كېچىكتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىلگىرى قىلىنغان ۋەدىسى بولمىسا ئىدى، ئۇلارغا تېگىشلىك ئازابنى چوقۇم تېزلىتىپ بۇ دۇنيادىلا بەرگەن بولاتتى.

﴿**ئۇلاردىن كېيىن كىتابقا ۋارىسلىق قىلىنغانلار (يەنى رەسۇلۇللا بىلەن زاماندىش بولغان ئەھلى كىتاب)**﴾ يەنى ئىلگىرىكى ھەقنى ئىنكار قىلغۇچىلاردىن كېيىن كەلگەن ئىنسانلار.

﴿**(كىتاب ھەققىدە ) قاتتىق دەرگۇماندىدۇر**﴾ يەنى ئۇلار دىندا ۋە ئىماندا ئىشەنچسىزدۇر. ئۇلار پەقەت ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرگە دەلىل ـ پاكىتسىز ئەگەشكۈچىلەردۇر، ئۇلار دىندا تېخىرقاش ئىلكىدىدۇر، دەرگۇماندىدۇر، چوڭقۇر ئىختىلاپتىدۇر.

* * * * * * *

فَلِذَٰلِكَ فَٱدۡعُۖ وَٱسۡتَقِمۡ كَمَآ أُمِرۡتَۖ وَلَا تَتَّبِعۡ أَهۡوَآءَهُمۡۖ وَقُلۡ ءَامَنتُ بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ مِن كِتَٰبٖۖ وَأُمِرۡتُ لِأَعۡدِلَ بَيۡنَكُمُۖ ٱللَّهُ رَبُّنَا وَرَبُّكُمۡۖ لَنَآ أَعۡمَٰلُنَا وَلَكُمۡ أَعۡمَٰلُكُمۡۖ لَا حُجَّةَ بَيۡنَنَا وَبَيۡنَكُمُۖ ٱللَّهُ يَجۡمَعُ بَيۡنَنَاۖ وَإِلَيۡهِ ٱلۡمَصِيرُ ﴿١٥﴾

***شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى دىندا ئىختىلاپ قىلىشقانلىقى ئۈچۈن) (ئى مۇھەممەد! بارلىق ئىنسانلارنى توغرا دىن ئاساسىدا ئىتتىپاق بولۇشقا) چاقىرغىن، بۇيرۇلغىنىڭ بويىچە توغرا يولدا چىڭ تۇرغىن، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن ۋە ئېيتقىن: «اﷲ نازىل قىلغان (بارلىق كىتابلارغا ئىمان ئېيتتىم، ئاراڭلاردا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇلدۇم، اﷲ بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇر، سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزلىرىڭلار ئۈچۈندۇر، سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا جېدەللىشىشكە (ئورۇن) يوق (چۈنكى، ھەقىقەت ئاشكارىدۇر)، اﷲ (قىيامەت كۈنى) بىزنى (ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن) يىغىدۇ، ئاخىر قايتىدىغان جاي اﷲ نىڭ دەرگاھىدۇر»*** ﴿15﴾.

بۇ ئايەت كەرىم مۇستەقىل ئون جۈملە سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىرى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى جۈملىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان، ئۆز ئالدىغا بىر ھۆكۈمدۇر. تەپسىرشۇناسلار: ئايەتۇل كۇرسىدىن باشقا بۇ ئايەتكە تەڭ كېلىدىغان ئايەت يوق، دەيدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە: ﴿**شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى دىندا ئىختىلاپ قىلىشقانلىقى ئۈچۈن) (ئى مۇھەممەد! بارلىق ئىنسانلارنى توغرا دىن ئاساسىدا ئىتتىپاق بولۇشقا ) چاقىرغىن**﴾ يەنى ئىنسانلارنى بىز ساڭا دىندىن ۋەھيي قىلغان نەرسىگە، سېنىڭدىن ئىلگىرىكى ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش، كىشىلەر ئەگەشكەن شەرىئەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىگىلىرى بولغان پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرگە تەۋسىيە قىلغان نەرسىگە چاقىرغىن.

﴿**بۇيرۇلغىنىڭ بويىچە توغرا يولدا چىڭ تۇرغىن**﴾ يەنى اﷲ تائالا سېنى بۇيرۇغىنىدەك، سەن ۋە ساڭا ئەگەشكەنلەر اﷲ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇڭلار. ﴿**ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن**﴾ يەنى مۇشرىكلارنىڭ بۇتلارغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن پەيدا قىلغان ۋە يالغاندىن ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسىلىرىگە ئەگەشمىگىن.

﴿**ۋە ئېيتقىن: «اﷲ نازىل قىلغان (بارلىق) كىتابلارغا ئىمان ئېيتتىم**﴾ يەنى پەيغەمبەرلەرگە ئاسماندىن نازىل قىلىنغان بارلىق كىتابلارنى تەستىق قىلدىم، ئۇ پەيغەمبەرلەردىن ھېچ بىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز. ﴿**ئاراڭلاردا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇلدۇم**﴾ يەنى اﷲ تائالا مېنى بۇيرۇغاندەك ئاراڭلاردا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىمەن.

www.munber.org

﴿**الله بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇر، سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر**﴾ يەنى پەقەت الله تائالالا مەبۇدتۇر، الله تائالادىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، بىز ئۇنى ئىختىيارى ھالدا ئېتىراپ قىلىمىز، ئەگەر سىلەر ئۇنى ئىختىيارىي ھالدا ئېتىراپ قىلمىغان تەقدىردىمۇ، ئالەملەردىكى بارلىق مەخلۇقاتلار ئىختىيارى ھالدا الله تائالاغا سەجدە قىلىدۇ.

﴿**بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزلىرىڭلار ئۈچۈندۇر**﴾ يەنى بىز سىلەردىن ئادا ـ جۇدامىز، بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر ئۇلار سېنى يالغانچى قىلىشتا چىڭ تۇرسا: «مېنىڭ ئەمەلىم ئۆزەم ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، مېنىڭ ئەمەلىمدىن سىلەر ئادا ـ جۇدا سىلەر، سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن مەنمۇ ئادا ـ جۇدامەن (يەنى بىراۋ يەنە بىر بىراۋنىڭ قىلغان گۇناھىغا جاۋابكار ئەمەس)» دېگىن﴾[1].

﴿**سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا جېدەللىشىشكە (ئورۇن) يوق (چۈنكى، ھەقىقەت ئاشكارىدۇر)**﴾ سۇددى: بۇ ھۆكۈم ئۇرۇش ئايىتى نازىل بولۇشتىن بۇرۇن چۈشكەن، دېدى. بۇ سۆزنىڭ ئاساسى كۈچلۈكتۇر. چۈنكى، بۇ ئايەت مەككىدە نازىل بولغان. ئۇرۇش قىلىشقا دائىر ئايەت بولسا ھىجرەتتىن كېيىن نازىل بولغان.

﴿**الله (قىيامەت كۈنى) بىزنى (ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن) يىغىدۇ**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىمىز بىزنى (قىيامەت كۈنى) يىغىدۇ. ئاندىن بىزنىڭ ئارىمىزدا ھەقلىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، الله ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر، (خالايىقنىڭ ئەھۋالىنى) بىلگۈچىدۇر»﴾[2]. ﴿**ئاخىر قايتىدىغان جاي الله نىڭ دەرگاھىدۇر**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى قايتىپ بارىدىغان جاي الله تائالانىڭ دەرگاھىدۇر.

* * * * * * *

وَٱلَّذِينَ يُحَآجُّونَ فِي ٱللَّهِ مِنۢ بَعۡدِ مَا ٱسۡتُجِيبَ لَهُۥ حُجَّتُهُمۡ دَاحِضَةٌ عِندَ رَبِّهِمۡ وَعَلَيۡهِمۡ
غَضَبٞ وَلَهُمۡ عَذَابٞ شَدِيدٌ ﴿١٦﴾ ٱللَّهُ ٱلَّذِيٓ أَنزَلَ ٱلۡكِتَٰبَ بِٱلۡحَقِّ وَٱلۡمِيزَانَۗ وَمَا يُدۡرِيكَ لَعَلَّ
ٱلسَّاعَةَ قَرِيبٞ ﴿١٧﴾ يَسۡتَعۡجِلُ بِهَا ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِهَاۖ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مُشۡفِقُونَ مِنۡهَا وَيَعۡلَمُونَ
أَنَّهَا ٱلۡحَقُّۗ أَلَآ إِنَّ ٱلَّذِينَ يُمَارُونَ فِي ٱلسَّاعَةِ لَفِي ضَلَٰلِۭ بَعِيدٍ ﴿١٨﴾

*كىشىلەر الله نىڭ دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، (كىشىلەرنى ئىماندىن توسۇش ئۈچۈن) الله نىڭ دىنىدا خۇسۇمەت قىلىشقانلارنىڭ دەلىللىرى الله نىڭ دەرگاھىدا باتىلدۇر، ئۇلار (دۇنيادا) غەزەپكە ئۇچرايدۇ، (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿16﴾. الله كىتاب (يەنى قۇرئان)نى ھەق بىلەن نازىل قىلدى ۋە ئادالەتنى نازىل قىلدى. سەن نېمە بىلىسەن؟ قىيامەت يېقىن بولۇشى مۇمكىن﴿17﴾. قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ئۇنىڭ بولۇشىنى ئالدىرىتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغانلار بولسا قىيامەتتىن قورقىدۇ، قىيامەتنى ھەق دەپ بىلىدۇ، بىلىڭلاركى، قىيامەت توغرۇلۇق مۇجادىلە قىلىدىغانلار ئەلۋەتتە چوڭقۇر گۇمراھلىقتىدۇر﴿18﴾.*

---

[1] سۈرە يۇنۇس 41 ـ ئايەت.
[2] سۈرە سەبەئ 26 ـ ئايەت.

www.munber.org

## دىندا جېدەللەشكەن ئادەمگە بېرىلىدىغان ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا

الله تائالا، الله تائالاغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى الله تائالانىڭ يولىدىن توسقانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كىشىلەر الله نىڭ دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، (كىشىلەرنى ئىماندىن توسۇش ئۈچۈن) الله نىڭ دىنىدا خۇسۇمەت قىلىشقانلارنىڭ**﴾ يەنى الله تائالا ۋە الله تائالانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلغان مۆمىنلەرنى مېڭىۋاتقان توغرا يولدىن توسۇش ئۈچۈن خۇسۇمەت قىلىشقانلارنىڭ ﴿**دەلىللىرى الله نىڭ دەرگاھىدا باتىلدۇر**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ دەلىللىرى الله تائالانىڭ دەرگاھىدا دەلىل بولالمايدۇ.

﴿**ئۇلار (دۇنيادا) غەزەپكە ئۇچرايدۇ، (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ**﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە مۇجاھىد بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: مۆمىنلەر الله تائالانىڭ ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، كاپىرلار مۆمىنلەرنى ھىدايەت يولىدىن توسۇش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن خۇسۇمەت قىلىشتى. ئۇلار مۆمىنلەرنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىگە قايتىشىنى تەمە قىلىشتى.

قەتادە: ئۇلار يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلاردۇر، ئۇلار مۆمىنلەرگە: بىزنىڭ دىنىمىز سىلەرنىڭ دىنىڭلاردىن ياخشى. بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلاردىن ئىلگىرى كەلگەن، بىز سىلەردىن ئەۋزەل، الله تائالاغا ئىمان ئېيتىشتا بىز سىلەردىن ھەقلىقمىز، دەيدۇ، دېدى. ئۇلار ھەقىقەتەن يالغان سۆزلىدى.

﴿**الله كىتاب (يەنى قۇرئان)نى ھەق بىلەن نازىل قىلدى**﴾ يەنى الله ئۆز دەرگاھىدىن پەيغەمبەرلىرىگە نازىل قىلغان كىتابلارنى ھەق بىلەن نازىل قىلدى. ﴿**ۋە ئادالەتنى نازىل قىلدى**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق﴾[1] ﴿الله ئاسماننى ئېگىز ياراتتى. ئۆلچەمدە زۇلۇم قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن، الله تارازىنى بېكىتتى. ئۆلچەمدە ئادىل بولۇڭلار، تارازىدا كەم بەرمەڭلار﴾[2].

﴿**سەن نېمە بىلىسەن؟ قىيامەت يېقىن بولۇشى مۇمكىن**﴾ بۇ ئايەت كىشىنى قىيامەت ئۈچۈن دۇنيانى تەرك قىلىپ ئىبادەت قىلىشقا ۋە قىيامەتتىن قورقۇشقا تەرغىب قىلىدۇ.

﴿**قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ئۇنىڭ بولۇشىنى ئالدىرىتىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار: ئەگەر راستچىل بولساڭلار، بۇ ۋەدە قاچان ئىشقا ئاشىدۇ؟ دەيدۇ. ئۇلار بۇ سۆزنى پەقەت قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى، ئۇنىڭ قايىم بولۇشىغا ئىشەنمەي، كاپىر بولغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقلىرى ئۈچۈنلا دەيدۇ.

﴿**ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغانلار بولسا قىيامەتتىن قورقىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار قىيامەتنىڭ يۈز بېرىشىدىن قورقۇپ، تىترەپ تۇرىدۇ، ﴿**قىيامەتنى ھەق دەپ بىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ئۇنى چوقۇم بولىدۇ دەپ ئىشىنىدۇ، قىيامەت ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدۇ ۋە قىيامەت ئۈچۈن ئەمەل قىلىدۇ. سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدا ۋە باشقا ھەدىس كىتابلىرىدا مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە يېتىدىغان مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەر ئۈستىدە ئىدى، بىر ئادەم كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر نەرسە سوراش ئۈچۈن: يۇقىرى ئاۋازدا ئى مۇھەممەد! دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇ ئادەمگە يۇقىرى ئاۋازدا «ھە مانا مەن» دېدى، ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: قىيامەت قاچان بولىدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر

[1] سۈرە ھەدىد 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە رەھمان 7- 9 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

ئەلەيھىسسالام : «سېنىڭ ھالىڭغا ۋاي! ئۇ چوقۇم بولىدۇ، ئۇنىڭغا نېمە تەييارلىق قىلدىڭ؟» دېدى. ئۇ: الله ۋە الله تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان ياخشى كۆرۈشۈمنى تەييارلىدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭ بىلەن بىرگە بولىسەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىنسان ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىسى بىلەن بىرگە بولىدۇ» دېگەن ھەدىسىمۇ شەكسىز مۇتەۋاتىردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمگە قىيامەتنىڭ ۋاقتى توغرۇلۇق جاۋاب بەرمىدى. بەلكى، ئۇنى قىيامەتكە تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇدى.

﴿**بىلىڭلاركى، قىيامەت توغرۇلۇق مۇجادىلە قىلىدىغانلار**﴾ يەنى قىيامەتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۈستىدە دەتالاش قىلىدىغانلار ۋە ئۇنىڭ يۈز بېرىشىنى ئىنكار قىلىدىغانلار ﴿**ئەلۋەتتە چوڭقۇر گۇمراھلىقتىدۇر**﴾ يەنى ئوپئوچۇق نادانلىقتىدۇر. چۈنكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان الله تائالا ئۆچۈن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش ئاساندۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بار قىلىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان الله ئەنە شۇدۇر، ئۇ (يەنى مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈش) الله غا (ئۇنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا) ئوڭايدۇر﴾[1].

* * * * * * *

ٱللَّهُ لَطِيفُۢ بِعِبَادِهِۦ يَرۡزُقُ مَن يَشَآءُۖ وَهُوَ ٱلۡقَوِيُّ ٱلۡعَزِيزُ ﴿١٩﴾ مَن كَانَ يُرِيدُ حَرۡثَ ٱلۡأٓخِرَةِ
نَزِدۡ لَهُۥ فِي حَرۡثِهِۦۖ وَمَن كَانَ يُرِيدُ حَرۡثَ ٱلدُّنۡيَا نُؤۡتِهِۦ مِنۡهَا وَمَا لَهُۥ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ مِن نَّصِيبٍ ﴿٢٠﴾
أَمۡ لَهُمۡ شُرَكَٰٓؤُاْ شَرَعُواْ لَهُم مِّنَ ٱلدِّينِ مَا لَمۡ يَأۡذَنۢ بِهِ ٱللَّهُۚ وَلَوۡلَا كَلِمَةُ ٱلۡفَصۡلِ لَقُضِيَ
بَيۡنَهُمۡۗ وَإِنَّ ٱلظَّٰلِمِينَ لَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٢١﴾ تَرَى ٱلظَّٰلِمِينَ مُشۡفِقِينَ مِمَّا كَسَبُواْ وَهُوَ
وَاقِعُۢ بِهِمۡۗ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فِي رَوۡضَاتِ ٱلۡجَنَّاتِۖ لَهُم مَّا يَشَآءُونَ عِندَ رَبِّهِمۡۚ
ذَٰلِكَ هُوَ ٱلۡفَضۡلُ ٱلۡكَبِيرُ ﴿٢٢﴾

***الله بەندىلىرىگە كۆيۈنگۈچىدۇر، ئۇ خالىغان ئادەمگە (كەڭ) رىزىق بېرىدۇ، الله كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴿19﴾. كىمكى (ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن) ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭ ساۋابىنى زىيادە بېرىمىز، كىمكى (ئەمەلى بىلەن) دۇنيانىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىسە، (ئۇنىڭ تىلىگەن) مەنپەئىتىنىڭ بەزىسىنى بېرىمىز، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ساۋابتىن) ھېچ نېسىۋە يوق﴿20﴾. ئۇلارنىڭ الله رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟ (الله نىڭ ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازابنى قىيامەتكىچە تەخىر قىلىش توغرىسىدىكى) ھۆكمى بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە (دۇنيادىلا) ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى، (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى كاپىرلار) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿21﴾. كاپىرلارنىڭ (قىيامەت كۈنى دۇنيادا) قىلغان گۇناھلىرىنىڭ جازاسىدىن قورقۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسەن، (ئۇلار مەيلى قورقسۇن، قورقمىسۇن) جازا ئۇلارغا (چوقۇم) نازىل بولغۇسىدۇر، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار جەننەتلەرنىڭ باغچىلىرىدا بولىدۇ، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ھوزۇرىدا خالىغان نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، بۇ كاتتا ئىنئامدۇر﴿22﴾.***

[1] سۈرە رۇم 27 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

## ﷲ تائالانىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاتا قىلىدىغان رىزىقلىرى ۋە باشقا نەرسىلىرى توغرىسىدا

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئىنسانلارغا كۆيۈمچان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا رىزىق بېرىدىغانلىقىدىن، رىزىق بېرىشتە ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقى، ياخشى ئادەمگىمۇ، گۇناھكار ئادەمگىمۇ تەڭ رىزىق بېرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

بۇ ھەقتە ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى ﷲ (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان، ﷲ ئۇلارنىڭ تۇرار جايىنى ۋە (ئۆلگەندىن كېيىن) كۆمۈلىدىغان جايىنى بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن كىتابقا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزغا) يېزىلغاندۇر﴾[1] بۇ ئايەت بىلەن مەزمۇنداش ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

﴿ئۇ خالىغان ئادەمگە (كەڭ) رىزىق بېرىدۇ. ﷲ كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾ يەنى ﷲ تائالا ھېچ نەرسىدىن ئاجىز ئەمەستۇر. ﴿كىمكى (ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن) ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە﴾ يەنى ئاخىرەت ئۈچۈن ئەمەل قىلسا ﴿ئۇنىڭ ساۋابىنى زىيادە بېرىمىز﴾ يەنى ئۇنىڭ قىلغان ئەمەلىنى قۇۋۋەتلەيمىز ۋە ياردەم بېرىمىز، ساۋابىنى كۆپەيتىمىز، ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە، ھەتتا ﷲ خالىغان مىقداردا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ساۋاب بېرىمىز.

﴿كىمكى (ئەمەلى بىلەن) دۇنيانىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىسە، (ئۇنىڭ تىلىگەن) مەنپەئەتىنىڭ بەزىسىنى بېرىمىز، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ساۋابتىن) ھېچ نېسىۋە يوق﴾ يەنى بىرەر كىشىنىڭ تىرىشچانلىقى پەقەت دۇنيادىن بىرەر نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بولسا، ئۇنىڭ ئاخىرەتتىن تامامەن غېمى بولمىسا، ﷲ تائالا ئۇنىڭغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى ھارام قىلىدۇ، ئەگەر ﷲ تائالا خالىسا ئۇنىڭغا دۇنيالىقتىن بېرىدۇ، ئەگەر خالىمىسا ئۇ دۇنياغىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ، ئاخىرەتنىڭ ساۋابىغىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ. دۇنيالىقنى كۆزلەپ ئىش ـ ئەمەل قىلغۇچى دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن زىيانلىق تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان بولىدۇ. بۇنىڭ دەلىلىنى بۇ ئايەت بىلەن سۈرە ئىسرادىكى تۆۋەندىكى ئايەتنى باغلاپ چۈشىنىشكە بولىدۇ: ﴿بىز دۇنيانى كۆزلىگەنلەر ئىچىدىن خالىغان ئادەمگە (ئۇنىڭ خالىغىنىنى ئەمەس) بىزنىڭ خالىغىنىمىزنى بېرىمىز، ئاندىن ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەم بىلەن جازالايمىز، جەھەننەمگە ئۇ خارلانغان، (ﷲ نىڭ رەھمىتىدىن) قوغلانغان ھالدا كىرىدۇ. كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۆمىن بولۇپ ئاخىرەتكە لايىق ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، مۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلغان ئەمەلى (ﷲ نىڭ دەرگاھىدا) قوبۇل بولىدۇ. بۇلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنىدىن بېرىمىز. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنى (ھېچ ئادەمدىن) مەنئى قىلىنمايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن قانداق ئۈستۈن قىلغانلىقىمىزغا قارىغىن، ئاخىرەت دەرىجىلىرىدىكى (پەرق) ئەلۋەتتە تېخىمۇ چوڭدۇر ۋە ئۈستۈنلۈك (جەھەتتىكى پەرق) زىيادە چوڭدۇر﴾[2]

سەۋرى، ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بۇ ئۇممەتكە ئۈستۈنلۈك ۋە غەلىبىگە ئېرىشىدىغانلىقى، نۇسرەت قازىنىدىغانلىقى، زېمىندا كەڭ كۆلەمدە يەرلىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش بېشارەت بەرگىن، كىمكى ئاخىرەتنىڭ ئەمەلىنى قىلىشتا دۇنيانى كۆزلىگەن بولسا، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە ھېچ نېسىۋە بولمايدۇ».

[1] سۈرە ھۇد 6 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئىسرا 18 ـ 21 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

## بەندىلەرنىڭ دىن بېكىتىشىنىڭ شېرىك ئەمەل ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿ئۇلارنىڭ اللە رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟﴾ يەنى ئۇلار اللە تائالا ساڭا دىن قىلىپ بېكىتكەن توغرا دىنغا ئەگەشمەيدۇ، بەلكى ئۇلار جىنلار ۋە ئىنسانلارنىڭ شەيتانلىرى ئۇلارغا دىن قىلىپ بېكىتكەن نەرسىگە ئەگىشىدۇ. ئۇ شەيتانلار ئۇلارغا بەھىرەنى[1] سائىبەنى[2] ۋەسىلەنى[3] ۋە هامنى[4] هارام قىلدى، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋاننى، قاننى، قىمار ئويناشنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان گۇمراھلىقنى، ئەقىدىسى بۇزۇق بولغان نادانلىقنى هالال قىلدى. ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىدە خالىغىنىنى هالال، خالىغىنىنى هارام قىلىپ باتىل ئىبادەتلەرنى، ناچار ۋە بىمەنە سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ پەيدا قىلغان ئىدى.

سەھىھ بۇخارىدا رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: «ئەمرى ئىبنى لۇھەييى ئىبنى قەمەئەنىڭ دوزاختا ئۈچەيىنى سۆرەپ يۈرگىنىنى كۆردۈم» چۈنكى، ئۇ سائىبەلەرنى ئەركىن قويۇۋەتكەن ۋە بۇ ئېتىقادنى ئويدۇرۇپ چىقارغان تۇنجى ئادەم ئىدى. بۇ ئادەم خۇزائە قەبىلىسىنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ بۇ ئىشلارنى قىلغان، شۇنداقلا ئۇ قۇرەيشلەرنى بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشقا ئېلىپ بارغان بىردىن بىر ئادەم ئىدى ـ ئۇنىڭغا اللە نىڭ لەنىتى بولسۇن! ـ

شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(اللە نىڭ ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازابنى قىيامەتكىچە تەخىر قىلىش توغرىسىدىكى) هۆكمى بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە (دۇنيادىلا) هۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى﴾ يەنى اللە تائالانىڭ ئۇلارنى جازالاش هۆكمى قىيامەت كۈنىگە تەخىر قىلىنمىسا ئىدى، ئۇلارغا تېگىشلىك ئازاب دۇنيادىلا تېزلىتىلگەن بولاتتى. ﴿(ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى كاپىرلار) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾ يەنى جەھەننەمدە قاتتىق ئەلەم قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي!

## مۇشرىكلارنىڭ مەھشەرگاھ مەيدانىدىكى قورقۇنچلۇق هالىتى توغرىسىدا

﴿كاپىرلارنىڭ (قىيامەت كۈنى دۇنيادا) قىلغان گۇناھلىرىنىڭ جازاسىدىن قورقۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسەن. (ئۇلار مەيلى قورقسۇن، قورقمىسۇن) جازا ئۇلارغا (چوقۇم) نازىل بولغۇسىدۇر﴾ يەنى ئۇلار قورقۇپ تۇرغان ئازاب ئۇلارغا چوقۇم بولىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى هالىدۇر، ئۇلار قورقۇپ، تىترەپ تۇرىدۇ.

﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار جەننەتلەرنىڭ باغچىلىرىدا بولىدۇ، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ هوزۇرىدا خالىغان نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ﴾ يەنى قىيامەت مەيدانلىرىدا خارلىق ۋە هاقارەت ئىچىدە، ئۆز گۇناھى تۈپەيلىدىن تېگىشلىك ئازابتىن قورقۇش ئىچىدە تۇرغان ئادەم بىلەن جەننەتلەرنىڭ باغچىلىرىدا كۆزلەر كۆرمىگەن، قۇلاقلار ئاڭلاپ باقمىغان، ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كېچىپ باقمىغان يېمەك ـ ئىچمەكلەردىن، كىيىم ـ كېچەكلەردىن، تۇرالغۇلاردىن، كۆركەم جايلاردىن، ئاياللاردىن ۋە لەززەتلىك نەرسىلەردىن ئۆزى خالىغانچە بەھرىمەن بولغان ئادەم ئوخشاش بولامدۇ؟ هەرگىز ئوخشاش

---

[1] سەككىزنى تۇغقان، بەشىنچىسىنى ئەركەك تۇغقان تۆگە بولۇپ، جاھىلىيەت ئەرەبلىرى بۇ تۆگىنىڭ قۇلىقىنى يېرىپ قويۇپ ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى. مىنمەيتتى، يۇڭ ئالمايتتى.
[2] چىشىدىن ئۇننى تۇغقان تۆگە بولۇپ، مىنىلمەيتتى، قىرقىلمايتتى، سۈتى مۇساپىرلارغىلا بېرىلەتتى.
[3] بىرىنچىنى ۋە ئىككىنچىنى چىشى تۇغقان، بۇتلار ئۈچۈن ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن تۆگە.
[4] ئون تۆگىگە ئاتا بولغان بۇغرا تۆگە بولۇپ، ئۇلار ئۇنى مىنمەي، يېمەك ـ ئىچمەكتە ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى.

www.munber.org

بولمايدۇ، ﴿بۇ كاتتا ئىنئامدۇر﴾ يەنى بۇ چوڭ بەختتۇر، تولۇق ۋە مۇكەممەل بولغان، ھەممىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئۆز ئىچىگە ئالغان نېمەتتۇر.

* * * * * * *

ذَٰلِكَ ٱلَّذِى يُبَشِّرُ ٱللَّهُ عِبَادَهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ ۗ قُل لَّآ أَسْـَٔلُكُمْ عَلَيْهِ أَجْرًا إِلَّا
ٱلْمَوَدَّةَ فِى ٱلْقُرْبَىٰ ۗ وَمَن يَقْتَرِفْ حَسَنَةً نَّزِدْ لَهُۥ فِيهَا حُسْنًا ۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ شَكُورٌ ﴿٢٣﴾ أَمْ يَقُولُونَ
ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا ۖ فَإِن يَشَإِ ٱللَّهُ يَخْتِمْ عَلَىٰ قَلْبِكَ ۗ وَيَمْحُ ٱللَّهُ ٱلْبَٰطِلَ وَيُحِقُّ ٱلْحَقَّ بِكَلِمَٰتِهِۦٓ ۚ إِنَّهُۥ
عَلِيمٌۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿٢٤﴾

*الله ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بەندىلىرىگە ئەنە شۇ ئىنئام بىلەن خۇش ـ خەۋەر بېرىدۇ. «(پەيغەمبەرلىكنى) تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايمەن، پەقەت تۇغقانچىلىق ھەققى ئۈچۈن مېنى دوست تۇتۇشۇڭلارنى (يەنى پەرۋەردىگارىمنىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزۈشۈمگە چېقىلماسلىقىڭلارنى) تىلەيمەن» دېگىن، كىمكى بىرەر ياخشى ئىش قىلسا، ئۇنىڭغا بىز ساۋابىنى زىيادە بېرىمىز، الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر*[23]. *ئۇلار (يەنى قۇرەيش كاپىرلىرى): «ئۇ (يەنى مۇھەممەد) الله غا يالغاننى توقۇدى» دەمدۇ؟ ئەگەر الله خالىسا (يەنى ئۇلار گۇمان قىلغاندەك، الله غا يالغاننى توقۇغان بولساڭ) سېنىڭ قەلبىڭنى پېچەتلىۋەتكەن بولاتتى، الله باتىلنى يوق قىلىدۇ، (پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان) سۆزلىرى ئارقىلىق ھەقنى ھەق قىلىدۇ، الله ھەقىقەتەن دىللاردىكى سىرلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر*[24].

## ئىمان ئېيتقانلارغا جەننەتنىڭ نازۇنېمەتلىرىدىن بېشارەت بېرىش توغرىسىدا

الله تائالا جەننەتلەرنىڭ باغچىلىرىنى تىلغا ئالغاندىن كېيىن ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بەندىلىرىگە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بەندىلىرىگە ئەنە شۇ ئىنئام بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ**﴾ دېگىن. يەنى بۇ ئىنئام ئۇلارغا چوقۇم ھاسىل بولىدۇ، چۈنكى، الله تائالا ئۇلارغا شۇنداق خۇش خەۋەر بېرىدۇ.

﴿**«(پەيغەمبەرلىكنى) تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايمەن، پەقەت تۇغقانچىلىق ھەققى ئۈچۈن مېنى دوست تۇتۇشۇڭلارنى (يەنى پەرۋەردىگارىمنىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزۈشۈمگە چېقىلماسلىقىڭلارنى) تىلەيمەن»**﴾ يەنى ئى مۇھەممەد! قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ ئەنە شۇ مۇشرىكلىرىغا ئېيتقىنكى، مەن سىلەرگە قىلغان بۇ تەبلىغ ۋە ۋەز ـ نەسىھەت ئۈچۈن سىلەردىن ماڭا پۇل ـ مال بېرىشىڭلارنى تەلەپ قىلمايمەن. مېنىڭ سىلەردىن تەلەپ قىلىدىغىنىم شۇكى، مېنىڭ پەقەت سىلەر ماڭا قارىتا قىلىۋاتقان يامانلىقنى توختىتىڭلار، پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەمر ـ پەرمانىنى يەتكۈزۈشۈمگە توسالغۇلۇق قىلماڭلار. سىلەر ماڭا ياردەم بەرمىگەن تەقدىردىمۇ ئارىمىزدىكى تۇغقانچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ، ماڭا ئەزىيەت يەتكۈزمەڭلار.

ئىمام بۇخارى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن الله تائالانىڭ ﴿**پەقەت تۇغقانچىلىق ھەققى ئۈچۈن مېنى دوست تۇتۇشۇڭلارنى (يەنى پەرۋەردىگارىمنىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزۈشۈمگە چېقىلماسلىقىڭلارنى) تىلەيمەن**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە سورالغان ئىدى. سەئىد ئىبنى جۇبەير:

www.munber.org

بۇ ئايەتتىكى ”تۇغقانچىلىق“ دېگەن سۆزدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە - تاۋاباتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. ئىبنى ئابباس: سەن جاۋاب بېرىشتە ئالدىراپ كەتتىڭ، ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرەيش قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدا تۇغقانچىلىق بار، شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پەقەت مېنىڭ ئارام بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى تۇغقانچىلىقنى سىلە - رەھىم بىلەن ئۇلاڭلار» دېگەن دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەدمۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿كىمكى بىرەر ياخشى ئىش قىلسا، ئۇنىڭغا بىز ساۋابنى زىيادە بېرىمىز﴾ يەنى كىمكى بىرەر ياخشى ئەمەل قىلسا، ئۇنىڭغا بىز ياخشىلىقنى يەنى ئەجىر ۋە ساۋاپنى زىيادە بېرىمىز. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿الله ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچە ياخشىلىقى بولسا، الله ئۇنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ، ئۆز دەرگاھىدىن بۈيۈك ئەجىر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلىدۇ﴾[1]

﴿الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر﴾ يەنى الله تائالا كۆپ گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، ئاز ياخشىلىقلارغا كۆپ ئەجىر بېرىدۇ ۋە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇرئاننى يالغاندىن توقۇدى دەپ قارىلىغانلىقى ۋە بۇ تۆھمەتكە بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا

﴿ئۇلار (يەنى قۇرەيش كاپىرلىرى): «ئۇ (يەنى مۇھەممەد) الله غا يالغاننى توقۇدى» دەمدۇ؟ ئەگەر الله خالىسا (يەنى ئۇلار گۇمان قىلغاندەك، الله غا يالغاننى توقۇغان بولساڭ) سېنىڭ قەلبىڭنى پېچەتلىۋەتكەن بولاتتى﴾ يەنى ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام! ئەگەر سەن ئەنە شۇ جاھىللارنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك الله تائالاغا يالغاننى توقۇغان بولساڭ، الله تائالا ﴿سېنىڭ قەلبىڭنى پېچەتلىۋەتكەن بولاتتى﴾ بەزى قەلبىڭگە مۆھۈر بېسىپ، ساڭا بەرگەن قۇرئاننى قايتۇرۇۋالاتتى. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر ئۇ بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى توقۇيدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن جازالايتتۇق. ئاندىن ئۇنىڭ ئاساسىي قىزىل تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق. سىلەردىن ھېچبىر ئادەم ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى﴾[2] يەنى ئۇنىڭدىن قاتتىق ئىنتىقام ئالاتتۇق، ئىنسانلاردىن ھېچ كىم ئۇنى قوغداپ قېلىشقا قادىر بولالمايتتى.

﴿الله باتىلنى يوق قىلىدۇ، (پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان) سۆزلىرى ئارقىلىق ھەقنى ھەق قىلىدۇ﴾ يەنى الله تائالا سۆزلىرى يەنى دەلىل - پاكىتلىرى ئارقىلىق ھەقنى ھەق قىلىدۇ، ئۇنى ئىسپاتلايدۇ، ئۇنى روشەن ۋە ئوچۇق بايان قىلىدۇ. ﴿الله ھەقىقەتەن دىللاردىكى سىرلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾ يەنى الله تائالا دىللاردا ساقلانغان ۋە يوشۇرۇنغان سىرلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.

* * * * * * *

وَهُوَ ٱلَّذِى يَقْبَلُ ٱلتَّوْبَةَ عَنْ عِبَادِهِۦ وَيَعْفُوا۟ عَنِ ٱلسَّيِّـَٔاتِ وَيَعْلَمُ مَا تَفْعَلُونَ ﴿٢٥﴾

وَيَسْتَجِيبُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ وَيَزِيدُهُم مِّن فَضْلِهِۦ ۚ وَٱلْكَـٰفِرُونَ لَهُمْ عَذَابٌ شَدِيدٌ

---

[1] ، سۈرە نىسا 40 - ئايەت.
[2] سۈرە ھاققە 44 — 47 - ئايەتكىچە.

www.munber.org

ﵟ وَلَوۡ بَسَطَ ٱللَّهُ ٱلرِّزۡقَ لِعِبَادِهِۦ لَبَغَوۡاْ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَٰكِن يُنَزِّلُ بِقَدَرٖ مَّا يَشَآءُۚ إِنَّهُۥ بِعِبَادِهِۦ (٢٦)
خَبِيرُۢ بَصِيرٞ (٢٧) وَهُوَ ٱلَّذِي يُنَزِّلُ ٱلۡغَيۡثَ مِنۢ بَعۡدِ مَا قَنَطُواْ وَيَنشُرُ رَحۡمَتَهُۥۚ وَهُوَ ٱلۡوَلِيُّ ٱلۡحَمِيدُ
(٢٨)

*الله بەندىلىرىدىن تەۋبىنى قوبۇل قىلىدۇ، يامان ئىشلارنى ئەپۇ قىلىدۇ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ﴿25﴾. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ دۇئاسىنى الله ئىجابەت قىلىدۇ، (كامالى) پەزلىدىن ئۇلارغا ساۋابنى زىيادە بېرىدۇ، كاپىرلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿26﴾. ئەگەر الله بەندىلىرىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلسا، ئۇلار ئەلۋەتتە زېمىندا پىتنە ـ پاسات تېرىيتتى. لېكىن الله خالىغان نەرسىنى ئۆلچەم بىلەن چۈشۈرىدۇ، الله ھەقىقەتەن بەندىلىرىنىڭ (ئەھۋالىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر، (ئۇنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴿27﴾. ئۇلار (يامغۇرنىڭ يېغىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن) الله يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، رەھمىتىنى يايىدۇ، الله (ھەممىنىڭ) ئىگىسىدۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر﴿28﴾.*

## الله تائالانىڭ تەۋبىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى ۋە دۇئانى ئىجابەت قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئەگەر بەندىلەر گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ الله تائالاغا قايتسا، الله ئۇلارنىڭ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە ئۇلارغا ئېھسان قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. الله تائالا ئۆز لۇتپى ۋە مەرھەمەتى بىلەن ئۇلارنىڭ يامان ئىشلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ، كەچۈرىدۇ، ئەيىبلىرىنى ياپىدۇ. گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿كىمكى بىرەر يامانلىق ياكى ئۆزىگە بىرەر زۇلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن الله دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، ئۇ الله نىڭ مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ﴾[1].

ئىمام مۇسلىم، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «بەندە الله تائالاغا تەۋبە قىلغان ۋاقىتتا، الله تائالا بەندىنىڭ تەۋبىسىدىن مۇنداق بىر ئادەمنىڭ خۇشاللىقىدىن بەكرەك خۇشال بولىدۇ. سىلەرنىڭ بىرىڭلار بىر چۆل باياۋاندا سەپەر قىلىۋېتىپ يوك ـ تاقى، ئوزۇق ـ تۈلۈكى ئارتىلغان ئۇلىغىنى يۈتتۈرۈپ قويىدۇ، ئۇ ئادەم ئۇلىغىنى تېپىۋېلىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، بىر دەرەخنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ سايىسىدە يېنىچە ياتىدۇ. ئۇ ئۇلىغىنىڭ تېپىلىشىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزۈپ تۇرغان بىر پەيتتە ئۇنىڭ ئۇلۇغى تويۇقسىزلا پەيدا بولۇپ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ. ئۇ ئۇنىڭ نوقتىسىدىن تۇتقان ھالدا قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىدىن: ”ئى الله! سەن مېنىڭ بەندەم، مەن سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ دەپ تاشلايدۇ“ ئۇ ئادەم قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىدىن سۆزدە خاتالىشىدۇ».

زۆھرى الله تائالانىڭ ﴿الله بەندىلىرىدىن تەۋبىنى قوبۇل قىلىدۇ﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە ئەبۇھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا بەندىسىنىڭ تەۋبىسىدىن سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كېتىشتىن قورققان ئورۇندا، يۈتتۈرۈپ قويغان ئۇلىغىنى تېپىۋالغان چاغدىكى خۇشاللىقىدىن بەكرەك خۇشال بولىدۇ».

[1] سۈرە نىسا 110 ـ ئايەت.

www.munber.org

ھەممام ئىبنى ھارىس مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەلۇم بىر ئايال بىلەن گۇناھ قىلغان، ئاندىن ئۇ ئايالنى نىكاھىغا ئالغان ئادەم ھەققىدە سورالدى. ئىبنى مەسئۇد: ”كېرەك يوق“ دېدى، ۋە: ﴿اللە بەندىلىرىدىن تەۋبىنى قوبۇل قىلىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بەردى.

﴿يامان ئىشلارنى ئەپۇ قىلىدۇ﴾ يەنى اللە تائالا بۇرۇنقى يامان ئىشلارنى ئەپۇ قىلىدۇ، كەلگۈسىدىكى تەۋبىنى قوبۇل قىلىدۇ. ﴿قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾ يەنى اللە تائالا سىلەرنىڭ قىلغان بارلىق قىلمىشلىرىڭلارنى ۋە سۆزلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، شۇنداق تۇرۇقلۇق تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ دۇئاسىنى اللە ئىجابەت قىلىدۇ﴾ سۇددى ۋە ئىبنى جەرىر بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: اللە تائالا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە، ئەھلىلىرىگە ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا قىلغان دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ.

﴿(كامالى) پەزلىدىن ئۇلارغا ساۋابنى زىيادە بېرىدۇ﴾ يەنى ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساۋابنى زىيادە بېرىدۇ. قەتادە، ئىبراھىم نەخەئى لەخمىنىڭ اللە تائالانىڭ ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ دۇئاسىنى اللە ئىجابەت قىلىدۇ﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللە تائالا ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىغا شاپائەت قىلىشقا ئىزنى بېرىدۇ. ﴿(كامالى) پەزلىدىن ئۇلارغا ساۋابنى زىيادە بېرىدۇ﴾ يەنى اللە تائالا ئۇلارغا تۇغقانلىرىنىڭ تۇغقانلىرىغا شاپائەت قىلىشقا ئىزنى بېرىدۇ.

﴿كاپىرلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾ اللە مۆمىنلەرنى ۋە ئاقىۋەتتە ئۇلارغا بېرىلىدىغان ساۋابنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىرگە، كاپىرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنى ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشقا ۋەدە قىلغان كۈندە قاتتىق دەرتلىك ۋە ئەلەملىك ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئالدى.

## رىزىقنى كەڭ قىلماسلىقنىڭ ھېكمىتى توغرىسىدا

﴿ئەگەر اللە بەندىلىرىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلسا، ئۇلار ئەلۋەتتە زېمىندا پىتنە ـ پاسات تېرىيتتى﴾ يەنى ئەگەر اللە تائالا ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ھاجىتىدىن يۇقىرى رىزىق بەرسە، ئۇ ئۇلارنى ئەلۋەتتە پىتنە ـ پاسات تېرىشقا، ھەددىدىن ئېشىپ بىر ـ بىرىگە تەكەببۇرلۇق ۋە چوڭچىلىق قىلىشقا ئېلىپ بارغان بولاتتى.

﴿لېكىن اللە خالىغان نەرسىنى ئۆلچەم بىلەن چۈشۈرىدۇ، اللە ھەقىقەتەن بەندىلىرىنىڭ (ئەھۋالىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر، (ئۇنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾ يەنى اللە تائالا ئۇلارغا پايدىلىق بولغان نەرسىلەردىن ئۆزى خالىغان نەرسىنى رىزىق قىلىپ بېرىدۇ. اللە تائالا بۇنى بىلىدۇ، اللە تائالا بايلىققا لايىق بولغان كىشىنى باي قىلىدۇ، پېقىرلىققا لايىق بولغان كىشىنى پېقىر قىلىدۇ.

﴿ئۇلار (يامغۇرنىڭ يېغىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن) اللە يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ﴾ يەنى ئىنسانلار يامغۇرنىڭ يېغىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن، اللە تائالا ئۇلارغا ئۇلارنىڭ يامغۇرغا ھاجىتى چۈشكەن پەيتتە يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ھالبۇكى، ئۇلار يامغۇر يېغىشتىن بۇرۇن ھەقىقەتەن ئۈمىدسىزلىنىپ كەتكەن ئىدى﴾[1].

﴿رەھمىتىنى يايىدۇ﴾ يەنى شۇ ئورۇندىكى، شۇ جايدىكى بارلىق مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان نەرسىگە اللە تائالانىڭ يامغۇردىن ئىبارەت رەھمىتى ئومۇمىيۈزلۈك بولىدۇ. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: بىزگە ئېيتىلىشىچە،

[1] سۈرە رۇم 49 ـ ئايەت.

www.munber.org

بىر ئادەم ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! قورغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەردى، كىشىلەر يامغۇردىن ئۈمىدىنى ئۈزدى، دېگەندە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب: سىلەرگە الله تائالا يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، دېگەن. ئاندىن ﴿**ئۇلار (يامغۇرنىڭ يېغىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن) الله يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ. رەھمىتىنى يايىدۇ، الله ھەممىنىڭ ئىگىسىدۇر. مەدھىيەگە لايىقتۇر**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان. يەنى الله تائالا ئىنسانلارغا دۇنيا ـ ئاخىرەتتە پايدىلىق بولغان نەرسىنى ئۆزى خالىغان شەكىلدە ئىدارە قىلغۇچىدۇر. الله تائالا بەلگىلىگەن ۋە قىلغان بارلىق ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدە مەدھىيەگە لايىقتۇر.

* * * * * * *

وَمِنْ ءَايَـٰتِهِۦ خَلْقُ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَمَا بَثَّ فِيهِمَا مِن دَآبَّةٍ ۚ وَهُوَ عَلَىٰ جَمْعِهِمْ إِذَا يَشَآءُ
قَدِيرٌ ﴿٢٩﴾ وَمَآ أَصَـٰبَكُم مِّن مُّصِيبَةٍ فَبِمَا كَسَبَتْ أَيْدِيكُمْ وَيَعْفُوا۟ عَن كَثِيرٍ ﴿٣٠﴾ وَمَآ أَنتُم بِمُعْجِزِينَ
فِى ٱلْأَرْضِ ۖ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ مِن وَلِىٍّ وَلَا نَصِيرٍ ﴿٣١﴾

***ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ يارىتىلىشى ۋە ئۇ ئىككىسىدە جانىدارلارنىڭ يېيىلىشى الله نىڭ (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىدىندۇر، الله ئەگەر خالىسا، ئۇلارنى جەمئىي قىلىشقا قادىردۇر***[29]. ***سىلەرگە (يەنى جىنلار ياكى مېلىڭلارغا) ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، الله نۇرغۇن گۇناھلارنى ئەپۇ قىلىدۇ (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلماس ئىدىڭلار)***[30]. ***(ئى مۇشرىكلار!) سىلەر زېمىندا الله نىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، سىلەرگە الله دىن باشقا ھېچ ئىگە ۋە مەدەتكار يوق***[31].

## ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىش الله تائالا نىڭ دەلىللىرىدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿**ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ يارىتىلىشى ۋە ئۇ ئىككىسىدە جانىدارلارنىڭ يېيىلىشى الله نىڭ (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىدىندۇر**﴾ يەنى الله تائالانىڭ كاتتىلىقىنى، قۇدرىتىنىڭ بۈيۈكلۈكىنى ۋە غالىب پادىشاھ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەردىندۇر. الله تائالا ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا جانلىقلارنى ياراتتى. بۇ جانلىقلار پەرىشتىلەرنى، ئىنسانلارنى،جىنلارنى ۋە باشقا ھايۋانلارنى، ئۇلارنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى، ھەر خىل رەڭدىكىلىرىنى، ھەر خىل تىللىقلىرىنى، ھەر خىل تەبىئەتتىكىلىرىنى، ھەر خىل جىنىستىكىلىرىنى ۋە تۈردىكىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. الله تائالا ئۇلارنى ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئەتراپىغا تارقاتتى. مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق ﴿**الله ئەگەر خالىسا، ئۇلارنى جەمئىي قىلىشقا قادىردۇر**﴾ يەنى الله تائالا قىيامەت كۈنى ئىلگىرىكىلەرنى، كېيىنكىلەرنى ۋە باشقا مەخلۇقاتلارنى بىر تۈزلەڭلىككە يىغىدۇ، ئۇلارنى چاقىرغۇچى سۆزىنى ئۇلارغا ئاڭلىتىپ تۇرىدۇ. كۆزلەر كۆرىدۇ، الله تائالا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادالەت ۋە ھەق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

## مۇسىبەتلەرنىڭ سەۋەبى ئاسىيلىقتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿**سىلەرگە (يەنى جىنلار ياكى مېلىڭلارغا) ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ**﴾ يەنى ئى ئىنسانلار! سىلەرگە ھەر قانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ چوقۇم سىلەرنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلارنىڭ شۇملۇقىدىن كەلگەن بولىدۇ.

www.munber.org

﴿**اللە نۇرغۇن گۇناھلارنى ئەپۇ قىلىدۇ (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلماس ئىدىڭلار)**﴾ يەنى اللە تائالا سىلەرنىڭ نۇرغۇن گۇناھلار ئۈچۈن جازالىمايدۇ، بەلكى ئۇنى ئەپۇ قىلىدۇ. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر اللە ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن جازالايدىغان بولسا، يەر يۈزىدە ھېچبىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى﴾[1].

ئىمام ئەھمەد، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات اللە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر مۆمىنگە بىرەر ئاپەت، ساقايماس كېسەل، غەم - قايغۇ، كۆڭۈلسىزلىك يەتسە اللە ئۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ خاتالىقلىرىنى ئۆچۈرىدۇ. ھەتتا ئۇ ئادەمگە سانجىلغان بىر تال تىكەن ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ خاتالىقى ئۆچۈرۈلىدۇ». ئىمام ئەھمەد، ئەبۇسۇفياننىڭ ئوغلى مۇئاۋىيەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۆمىننىڭ بەدىنىگە ئازار بېرىدىغان بىرەر نەرسە يەتسە، ئۇنىڭ بىلەن اللە ئۇ ئادەمنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرىدۇ».

ئىمام ئەھمەد، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر بەندىنىڭ گۇناھلىرى كۆپىيىپ كېتىپ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرىدىغان ياخشى ئەمەلى بولمىسا، اللە تائالا ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى كۆڭۈلسىزلىكنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق سىنايدۇ».

* * * * * * *

وَمِنۡ ءَايَـٰتِهِ ٱلۡجَوَارِ فِي ٱلۡبَحۡرِ كَٱلۡأَعۡلَـٰمِ ﴿٣٢﴾ إِن يَشَأۡ يُسۡكِنِ ٱلرِّيحَ فَيَظۡلَلۡنَ رَوَاكِدَ عَلَىٰ ظَهۡرِهِۦٓۚ
إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَـٰتٖ لِّكُلِّ صَبَّارٖ شَكُورٍ ﴿٣٣﴾ أَوۡ يُوبِقۡهُنَّ بِمَا كَسَبُواْ وَيَعۡفُ عَن كَثِيرٖ ﴿٣٤﴾ وَيَعۡلَمَ ٱلَّذِينَ
يُجَـٰدِلُونَ فِيٓ ءَايَـٰتِنَا مَا لَهُم مِّن مَّحِيصٖ ﴿٣٥﴾

***دېڭىزدا قاتنىغۇچى تاغدەك كېمىلەر اللە نىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىدىندۇر﴿32﴾. ئەگەر اللە خالىسا، شامالنى توختىتىۋېتىدۇ - دە، كېمىلەر دېڭىزنىڭ ئۈستىدە توختاپ قالىدۇ، بۇنىڭدا (قاتتىقلىقتا) سەۋر قىلغۇچى، (كەڭچىلىكتە) شۈكۈر قىلغۇچى ھەر مۆمىن ئۈچۈن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار﴿33﴾. ياكى اللە خالىسا، ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن كېمىلەرنى (بوران بىلەن) ھالاك قىلىدۇ، اللە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ﴿34﴾. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئۈستىدە مۇجادىلە قىلىدىغانلار ئۆزلىرىگە اللە نىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلىدىغان جاي يوق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ﴿35﴾.***

## كېمىلەرنىڭ اللە تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا

بۇ ئايەتتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: اللە تائالانىڭ ئۆزىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن دېڭىزنى ئۇنىڭدا قاتنىغۇچى تاغدەك كېمىلەرنىڭ راۋان يۈرۈشى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇشى، اللە تائالانىڭ يۈكسەك قۇدرىتىنى ۋە پادىشاھلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللىرىدىندۇر. مۇجاھىد، ھەسەن، سۇددى ۋە زەھھاك قاتارلىقلار: دېڭىزدىكى بۇ كېمىلەر خۇددى قورۇقلۇقتىكى تاغلارغا ئوخشايدۇ دېدى.

[1] سۈرە فاتىر 45 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿**ئەگەر اﷲ خالىسا، شامالنى توختىتىۋېتىدۇ ـ دە**﴾ يەنى اﷲ تائالا خالىسا، دېڭىزدىكى كېمىلەرنى ماڭدۇرىدىغان شامالنى توختىتىۋېتىدۇ ـ دە، كېمىلەر ھەرىكەتتىن توختاپ، يا ئالدىغا يا ئارقىغا ماڭالماي بەلكى سۇ ئۈستىدە جىم تۇرۇپ قالىدۇ.

﴿**بۇنىڭدا (قاتتىقلىقتا) سەۋر قىلغۇچى، (كەڭچىلىكتە) شۈكۈر قىلغۇچى ھەر مۆمىن ئۈچۈن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار**﴾ يەنى اﷲ تائالانىڭ دېڭىزنى بويسۇندۇرۇشىدا، ئىنسانلارنىڭ سەپەر قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھاجىتىگە ئۆلچەملىك ھالدا شامال چىقىرىپ كېمىلەرنى ماڭدۇرۇشىدا قاتتىقلىقتا سەۋر قىلغۇچى، كەڭچىلىكتە شۈكۈر قىلغۇچى ھەر بىر مۆمىن ئۈچۈن ئەلۋەتتە اﷲ تائالانىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن نېمەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر بار.

﴿**ياكى اﷲ خالىسا، ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن كېمىلەرنى (بوران بىلەن) ھالاك قىلىدۇ**﴾ يەنى اﷲ تائالا ئەگەر خالىسا، كېمىلەرگە ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن كېمىلەرنى سۇغا غەرق قىلىدۇ.

﴿**اﷲ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ**﴾ يەنى اﷲ تائالا ئەگەر ئۇلارنىڭ بارلىق گۇناھلىرىدىن ھېساب ئالسا، ئەلۋەتتە دېڭىزدىكى ھەممە ئادەمنى ھالاك قىلاتتى، اﷲ تائالا ئۇلاردىن نۇرغۇنلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلدى.

بەزى تەپسىر ئالىملىرى اﷲ تائالانىڭ ﴿**ياكى اﷲ خالىسا، ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن كېمىلەرنى (بوران بىلەن) ھالاك قىلىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: ئەگەر اﷲ تائالا خالىسا، قاتتىق سوغۇق بوران چىقارغان بولاتتى، بوران كېمىلەرنى تۈز يۆلىنىشىدىن قايدۇرۇپ، ئۇنىڭ ياكى سول تەرەپكە ئېلىپ قاچقان بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن كېمىلەر مەقسەت قىلغان نىشان تەرەپكە يۈرەلمەيتتى. بۇ ئايەت كېمىلەرنىڭ مۇشۇنداق ئەھۋالدا ھالاك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ ئىلگىرىكى ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا تامامەن ئۇيغۇندۇر. چۈنكى، ئەگەر اﷲ تائالا شامالنى توختاتسا، كېمىلەر توختاپ قالىدۇ، ئەگەر شامالنى كۈچەيتىۋەتسە، كېمىلەرنى ئۆرۈپ ھالاك قىلىدۇ. لېكىن اﷲ بەندىلىرىگە كۆيۈمچان ۋە مەرھەمەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، خۇددى يامغۇرنى يېتەرلىك مىقداردا ياغدۇرۇپ بەرگىنىدەك، شامالنىمۇ ھاجەتكە چۇشلۇق چىقىرىدۇ. ئەگەر اﷲ تائالا يامغۇرنى ناھايىتى كۆپ ياغدۇرسا، ئەلۋەتتە بىنالارنى ۋەيران قىلغان بولاتتى. ئەگەر ئاز ياغدۇرسا، زىرائەتلەر، مېۋىلىك دەرەخلەر ئۆسمىگەن بولاتتى. اﷲ تائالا مىسىر يۇرتلىرىغا ئوخشىغان يۇرتلارغا باشقا يەردىن ئېقىپ كېلىدىغان سۇ بەردى، شۇڭا ئۇلارنىڭ يامغۇرغا ھاجىتى يوق.

﴿**بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئۈستىدە مۇجادىلە قىلىدىغانلار ئۆزلىرىگە اﷲ نىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلىدىغان جاي يوق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇلارغا بىزنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتىمىزدىن پاناھلىنىدىغان جاي يوق، ئۇلار ھەقىقەتەن بىزنىڭ قۇدرىتىمىز بىلەن جازاغا تارتىلغۇچىلاردۇر.

* * * * * * *

فَمَآ أُوتِيتُم مِّن شَىْءٍ فَمَتَـٰعُ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا ۖ وَمَا عِندَ ٱللَّهِ خَيْرٌ وَأَبْقَىٰ لِلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَلَىٰ رَبِّهِمْ
يَتَوَكَّلُونَ ﴿٣٦﴾ وَٱلَّذِينَ يَجْتَنِبُونَ كَبَـٰٓئِرَ ٱلْإِثْمِ وَٱلْفَوَٰحِشَ وَإِذَا مَا غَضِبُوا۟ هُمْ يَغْفِرُونَ ﴿٣٧﴾ وَٱلَّذِينَ

www.munber.org

ٱسۡتَجَابُواْ لِرَبِّهِمۡ وَأَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَأَمۡرُهُمۡ شُورَىٰ بَيۡنَهُمۡ وَمِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ يُنفِقُونَ ﴿٣٨﴾ وَٱلَّذِينَ إِذَآ
أَصَابَهُمُ ٱلۡبَغۡيُ هُمۡ يَنتَصِرُونَ ﴿٣٩﴾

***(دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) سىلەرگە بېرىلگەن ھەر قانداق نەرسە دۇنيا تىرىكچىلىكىدە پايدىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر، ئىمان ئېيتقان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرگە، گۇناھى كەبىرىلەردىن، قەبىھ ئىشلاردىن ساقلانغۇچىلارغا، دەرغەزەپ بولغانلىرىدا كەچۈرەلەيدىغانلارغا، پەرۋەردىگارىنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشالايدىغانلارغا، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئۆتەيدىغانلارغا، ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلارغا، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن سەدىقە قىلىدىغانلارغا، ئۇچرىغان زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغانلارغا اللە نىڭ ھۇزۇرىدىكى ساۋاب تېخىمۇ ياخشىدۇر، تېخىمۇ باقىدۇر*** ﴿36 ـ 39﴾.

## اللە تائالانىڭ دەرگاھىدىكى نازۇ ـ نېمەتلەرگە لايىق بولىدىغان كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا

اللە تائالانىڭ، دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ ۋە ئۇنىڭ زىننەتلىرىنىڭ تولىمۇ ئەرزىمەس نەرسە ئىكەنلىكىنى، دۇنيانىڭ گۈل ـ چېچەكلىرى ۋە نازۇ ـ نېمەتلىرىنىڭ تۈگەپ كېتىدىغانلىقىنى بۇ ئايىتى ئىپادىلەيدۇ: ﴿**(دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) سىلەرگە بېرىلگەن ھەر قانداق نەرسە دۇنيا تىرىكچىلىكىدە پايدىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر**﴾ يەنى قانچىلىك مال ـ دۇنياغا ئېرىشكەنلىكىڭلاردىن ۋە توپلىغىنىڭلاردىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ بىلەن مەغرۇرلىنىپ كەتمەڭلار. ئۇ پەقەت دۇنيا تىرىكچىلىكىدە پايدىلىنىدىغان نەرسىلەردىن ئىبارەتتۇر خالاس. بۇ دۇنيا ئەرزىمەس، چوقۇم تۈگەپ يوقىلىدىغان بىر دۇنيادۇر.

﴿**اللە نىڭ ھۇزۇرىدىكى ساۋاب تېخىمۇ ياخشىدۇر، تېخىمۇ باقىدۇر**﴾ يەنى اللە تائالانىڭ ساۋابى دۇنيادىن ياخشىدۇر، ئۇ مەڭگۈ باقىيدۇر، پانىي دۇنيانى باقىي دۇنيانىڭ ئالدىغا قويماڭلار، اللە تائالانىڭ ھۇزۇرىدىكى بۇ كاتتا ساۋاب ۋە مەڭگۈلۈك ھايات تۆۋەندىكى ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان كىشىلەرگە مەنسۇپتۇر.

﴿**ئىمان ئېيتقان**﴾ يەنى ئىمان ئېيتىپ دۇنيانىڭ لەززەتلىرىنى تەرك ئېتىشتە سەۋر قىلغانلارغا، ﴿**پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرگە**﴾ يەنى ئۇلار پەرز ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشتا، ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى تاشلاشتا سەۋرچان بولۇشىغا اللە تائالانىڭ ياردەم قىلىشى ئۈچۈن، اللە تائالاغا تەۋەككۇل قىلىدىغانلارغا، ﴿**گۇناھى كەبىرىلەردىن، قەبىھ ئىشلاردىن ساقلانغۇچىلارغا**﴾ بىز ھەققەتەن سۈرە ئەئرافتا گۇناھى كەبىرلەر، قەبىھ ئىشلار ھەققىدە سۆزلىگەن ئىدۇق.

﴿**دەرغەزەپ بولغانلىرىدا كەچۈرەلەيدىغانلارغا**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرى ئۇلارنى يامانلىق قىلغان كىشىلەرنى كەچۈرۈشنى ۋە ئەپۇ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرى ئىنسانلاردىن ئۆچ ئالماسلىقتۇر. ئىمام بۇخارى مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللە تائالانىڭ چەكلىمىلىرى تاجاۋۇزغا ئۇچرىمايدىغانلا بولسا، ئۆزىنىڭ شەخسى مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرگىز ئۆچ ئالمايتتى».

www.munber.org

﴿پەرۋەردىگارىنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشالايدىغانلارغا﴾ يەنى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئەگىشىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىدۇ، مەنئى قىلغان ئىشلاردىن يانىدۇ. ﴿نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئۆتەيدىغانلارغا﴾ يەنى ناماز ئاللاھ تائالاغا قىلىنىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر.

﴿ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلارغا﴾ يەنى ئۇلار ئۆز قارارلىرىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن» ئۇرۇشلار ۋە باشقا چوڭ ئىشلاردا ھېچ بىر ئىشنى مەسلىھەت قىلماستىن كەسكىن قارار چىقارمايدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن﴾[1] شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنىڭ كۆڭۈللىرىنىڭ خاتىرجەم بولۇشى ئۈچۈن ئۇرۇشلاردا ۋە باشقا چوڭ ئىشلاردا ئۇلارغا مەسلىھەت سالاتتى. شۇنداقلا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ خەنجەر زەربىسىدىن ۋاپات بولۇش ئالدىدا تۇرغاندا ئۆزىدىن كېيىنكى خەلىپە سايلاش ئىشىنى ئالتە كىشىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ قارار قىلىشىغا تاپشۇرغان، ئۇلار ئوسمان، ئەلى، تەلھە، زۇبەير، سەئد ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئىدى. بۇ ساھابىلارنىڭ ھەممىسى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى خەلىپە قىلىشنى ماقۇل كۆرگەن ۋە قارار قىلغان ئىدى.

﴿بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن سەدىقە قىلىدىغانلارغا﴾ بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان تۇغقانچىلىق ۋە خوشنىدارچىلىقنىڭ يىراق - يېقىنلىقىغا قاراپ ياخشىلىق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

﴿ئۇچرىغان زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغانلارغا﴾ يەنى ئۇلاردا ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان ۋە تاجاۋۇز قىلغان كىشىلەر ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىدىغان كۈچ - قۇۋۋەت بار. ئۇلار ئاجىزلاردىن، خارلاردىن ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئۆزلىرىگە تاجاۋۇز قىلغان كىشىدىن ئىنتىقام ئېلىشقا قادىردۇر. ئۇلار شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۆچ ئېلىشقا پۇرسەت كەلگەندە ئەپۇ قىلىدۇ. بۇ ھەقتە يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئۆز تۇغقانلىرىغا مۇنداق دېگەن: ﴿بۈگۈن سىلەر ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايسىلەر، ئاللاھ سىلەرنى كەچۈرسۇن﴾[2] يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆزىگە قىلغان يامان قىلمىشلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى جازالاش پۇرستى كەلگەندە، ئۇلارغا شۇنداق دېگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ 80 نەپەر مۇشرىكنى ئەپۇ قىلغان ئىدى. ئۇلار ھۇدەيبىيە يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشنى قەست قىلىپ، تەنئىم تېغىدىن باستۇرۇپ چۈشكەن ئىدى. ئۇلارنى ئەسىر ئالغاندا، ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق، ئۇلارنى زىيان - زەخمەتسىز قويۇپ بېرىپ ياخشىلىق قىلغان ئىدى. شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەۋرەس ئىبنى ھارىسنى ئەپۇ قىلدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇخلاۋاتقاندا، ئۇنى تۇيدۇرماي ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلىچىنى ئاستا سۇغاردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئويغىنىپ قارىسا، قىلىچ ئۇنىڭ قولىدا يالىڭاچلانغان ھالدا تۇراتتى. ئۇنى بىر كۈچ توستى، قىلىچ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلىچنى قولىغا ئالدى ۋە ساھابىلارنى چاقىردى. ئاندىن ئۇلارغا بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئۇنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىپ ساھابىلارغا ئۇنى قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى. بۇ ھەقتە ھەدىسلەر ۋە ساھابىلارنىڭ ئىش ئىزلىرى ناھايىتى كۆپتۇر.

* * * * * * *

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 159 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە يۈسۈپ 92 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

وَجَزَٰٓؤُاْ سَيِّئَةٖ سَيِّئَةٞ مِّثۡلُهَاۖ فَمَنۡ عَفَا وَأَصۡلَحَ فَأَجۡرُهُۥ عَلَى ٱللَّهِۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤٠﴾
وَلَمَنِ ٱنتَصَرَ بَعۡدَ ظُلۡمِهِۦ فَأُوْلَٰٓئِكَ مَا عَلَيۡهِم مِّن سَبِيلٍ ﴿٤١﴾ إِنَّمَا ٱلسَّبِيلُ عَلَى ٱلَّذِينَ يَظۡلِمُونَ
ٱلنَّاسَ وَيَبۡغُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّۚ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٤٢﴾ وَلَمَن صَبَرَ وَغَفَرَ إِنَّ ذَٰلِكَ
لَمِنۡ عَزۡمِ ٱلۡأُمُورِ ﴿٤٣﴾

***بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر (يەنى ساڭا بىر كىشى قانچىلىك چېقىلسا، شۇنچىلىك چېقىلماي ئاشۇرۇۋەتسەڭ بولمايدۇ)، كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى) تۈزىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى اللە بېرىدۇ، اللە ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ﴿40﴾. زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئادەم ئىنتىقامىنى ئالسا ئۇنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ﴿41﴾. ئەيىبلىنىدىغانلار پەقەت كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان، زېمىندا ناھەق رەۋىشتە پىتنە ـ پاسات تېرىيدىغان ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿42﴾. كىمكى (ئەزىيەتكە سەۋر قىلسا، (اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالمىسا، بۇ ئەلۋەتتە مەرغۇپ ئىشلاردىندۇر﴿43﴾.***

## زالىمنى ئەپۇ قىلىش ياكى ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىش توغرىسىدا

**﴿بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر (يەنى ساڭا بىر كىشى قانچىلىك چېقىلسا، شۇنچىلىك چېقىلماي ئاشۇرۇۋەتسەڭ بولمايدۇ)﴾** بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿بىراۋ سىلەرگە قانچىلىك چېقىلسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار﴾[1] ﴿ئەگەر (ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار (يەنى ئاشۇرۇۋەتمەڭلار)﴾[2] اللە تائالا ئادالەتنى يولغا قويۇش ئۈچۈن قىساسنى يولغا قويدى بەندىلەرنىڭ پەزىلەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆز ـ ئارا ئەپۇ قىلىشىنى ياخشى ئىشلار قاتارىدا يولغا قويدى. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ (كىشىنى) قانداق يارىدار قىلغان بولسا شۇنداق يارىدار قىلىنىش بىلەن قىساس ئېلىنىدۇ، كىمكى (جىنايەتچىنى)ئەپۇ قىلسا (يەنى ئۇنىڭدىن قىساس ئالمىسا) بۇ ئۇنىڭ (گۇناھى) غا كەففارەت بولىدۇ﴾[3].

**﴿كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى) تۈزىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى اللە بېرىدۇ﴾** ئۇنىڭ ئەجرى اللە تائالانىڭ دەرگاھىدا زايا بولۇپ كەتمەيدۇ.

ئىمام مۇسلىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆزىگە يامانلىق قىلغان ئادەمنى ئەپۇ قىلغان بەندىنى اللە تائالا تېخىمۇ ئەزىز قىلىدۇ».

**﴿اللە ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ﴾** يەنى يامان ئىشنى ئالدىدا باشلىغان ئادەم زۇلۇم قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ.

---

[1] سۈرە بەقەرە 194 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نەھل 126 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە مائىدە 45 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

**﴿زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئادەم ئىنتىقامنى ئالسا ئۇنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ﴾** يەنى زۇلۇم قىلغان ئادەملەردىن ئىنتىقام ئېلىش ئۇلارغا گۇناھ بولمايدۇ. **﴿ئەيىبلىنىدىغانلار پەقەت كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان، زېمىندا ناھەق رەۋىشتە پىتنە ـ پاسات تېرىيدىغان ئادەملەردۇر﴾** يەنى پەقەت گۇناھكار ۋە ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك كىشىلەرلا باشقا كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىشنى ئالدى بىلەن باشلايدىغان كىشىلەردۇر.

بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ـ بىرىنى تىللاشقان ئىككى كىشىنىڭ گۇناھى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئاشۇرۇۋەتمىگەنلا بولسا، تىللاشنى ئالدىدا باشلىغان ئادەمگە بولىدۇ».

**﴿ئەنە شۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾** يەنى قاتتىق دەرتلىك ئازابقا دۇچار بولىدۇ. مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن مەككىگە كەلدىم، خەندەك ئۈستىدە كۆۋرۈك بار ئىكەن، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ، مەرۋان ئىبنى مەھلەبنىڭ ئۆيىگە كەلدىم. ئۇ بەسرەنىڭ ۋالىيسى ئىدى، ئۇ: ئى الله تائالانىڭ بەندىسى! نېمە ھاجەت بىلەن كەلدىڭ؟ دېدى. مەن: مېنىڭ ھاجىتىم شۇكى، ئەگەر سەن قادىر بولالىساڭ، بەنى ئەدىنىڭ بىر تۇغقىنىدەك بولساڭكەن، دېدىم. ئۇ: بەنى ئەدىنىڭ بىر تۇغقىنى دېگىنىڭ كىم؟ دېدى. مەن: ئۇ ئەلا ئىبنى زەيياد دېگەن ئادەمدۇر، ئۇ بىر دوستىنى بىر ئىشقا مەسئۇل قىلماقچى بولۇپ، دوستىغا: ئەگەر بىر يەردە قونساڭ، ئۇچاڭ يەڭگىل (يەنى كىشىلەرنىڭ ھەققىنى ئېلىۋالمىغان ھالدا)، قورسىقىڭ ئاچ (يەنى كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يەۋالمايدىغان ھالدا)، قولۇڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىدىن ۋە مېلىدىن پاك ھالدا قونغىن. ئەگەر سەن شۇنداق قىلساڭ، سەن ئەيىبلەنمەيسەن، دېگەن ئىكەن دېدىم.

**﴿ئەيىبلىنىدىغانلار پەقەت كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان، زېمىندا ناھەق رەۋىشتە پىتنە ـ پاسات تېرىيدىغان ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾** دەپ خەت يازغان، دېدىم. مەرۋان: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەلا ئىبنى زەيياد راست سۆزلەپتۇ ۋە دوستىغا توغرا نەسىھەت قىپتۇ، دېدى. ئاندىن كېيىن: ئى الله نىڭ بەندىسى! سېنىڭ ھاجىتىڭ نېمە؟ دېدى. مەن: مېنىڭ ھاجىتىم ئەمدى كېتىشكە روخسەت قىلغايسەن، دېدىم. ئۇ: روخسەت، دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئەبۇھاتەم رىۋايەت قىلغان.

الله تائالا ھەقىقەتەن زۇلۇمنى ۋە زۇلۇم قىلغۇچىنى ئەيىبلەش ۋە قىساس ئېلىشنى يولغا قويۇش بىلەن بىرگە زۇلۇم قىلغۇچىنى ئەپۇ قىلىش ۋە ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈشكە بەندىلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿كىمكى (ئەزىيەتكە) سەۋر قىلسا، (الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالمىسا﴾** يەنى ئەزىيەتكە سەۋر قىلىپ، يامانلىقنى كەچۈرسە. **﴿بۇ ئەلۋەتتە مەرغۇب ئىشلاردىندۇر﴾** سەئىد ئىبنى جۇبەير بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى بۇ ئەلۋەتتە الله تائالا بۇيرىغان، شۈكۈر قىلىشقا تېگىشلىك، مەدھىيەگە لايىق، تولۇق ساۋاب بېرىلىدىغان ۋە گۈزەل سانالار ئوقۇلىدىغان ھەق ئىشلاردىندۇر.

* * * * * * *

وَمَن يُضۡلِلِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِن وَلِيّٖ مِّنۢ بَعۡدِهِۦۗ وَتَرَى ٱلظَّٰلِمِينَ لَمَّا رَأَوُاْ ٱلۡعَذَابَ يَقُولُونَ
هَلۡ إِلَىٰ مَرَدّٖ مِّن سَبِيلٖ ﴿٤٤﴾ وَتَرَىٰهُمۡ يُعۡرَضُونَ عَلَيۡهَا خَٰشِعِينَ مِنَ ٱلذُّلِّ يَنظُرُونَ مِن طَرۡفٍ
خَفِيّٖۗ وَقَالَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّ ٱلۡخَٰسِرِينَ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ وَأَهۡلِيهِمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۗ أَلَآ إِنَّ

www.munber.org

ٱلظَّٰلِمِينَ فِي عَذَابٖ مُّقِيمٖ ﴿٤٥﴾ وَمَا كَانَ لَهُم مِّنۡ أَوۡلِيَآءَ يَنصُرُونَهُم مِّن دُونِ ٱللَّهِۗ وَمَن يُضۡلِلِ ٱللَّهُ
فَمَا لَهُۥ مِن سَبِيلٍ ﴿٤٦﴾

***اللە گۇمراھ قىلغان ئادەمگە شۇنىڭدىن كېيىن ھېچ ئىگە يوقتۇر، زالىملار ئازابنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ «(دۇنياغا) قايتىشقا يول بارمىدۇ؟» دېگەنلىكىنى كۆرىسەن[44]. ئۇلارنىڭ قورققان، خارلانغان ھالدا، (دوزاخقا) كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قارىغان ھالدا دوزاخقا توغرىلىنىدىغانلىقىنى كۆرىسەن، مۆمىنلەر: «شۈبھىسىزكى، زىيان تارتقۇچىلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىگە ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە زىيان سالغۇچىلاردۇر» دەيدۇ، بىلىڭلاركى، زالىملار ھەقىقەتەن دائىملىق ئازابتىدۇر[45]. ئۇلارغا اللە دىن باشقا ياردەم بېرىدىغان دوستلار بولمايدۇ، اللە كىمنى گۇمراھ قىلسا، ئۇنىڭغا (ئۇنى دۇنيادا ھەقكە، ئاخىرەتتە جەننەتكە ئېرىشتۈرگۈچى) ھېچ يول بولمايدۇ[46].***

## زالىملارنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئەھۋالى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتىسە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ زاتىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: اللە تائالا خالىغان ئىش ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، ئۇنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ. اللە تائالا خالىمىغان ئىش ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ. بۇنى ھېچ ۋۇجۇتقا چىقارغۇچى بولمايدۇ. اللە تائالا ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ. اللە تائالا ئازدۇرغان كىشىنى ھېچ كىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿كىمنىكى (قىلغان يامان ئەمەلى تۈپەيلىدىن) اللە ئازدۇرىدىكەن، ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكۈچى دوستنى ھەرگىز تاپالمايسەن﴾[1].

اللە تائالا ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرگۈچى زالىملارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**زالىملار ئازابنى كۆرگەن چاغدا**﴾ يەنى ئى مۇھەممەد! سەن قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ دۇنياغا قايتىشنى ئارزۇ قىلىپ: ﴿**ئۇلارنىڭ «(دۇنياغا) قايتىشقا يول بارمىدۇ؟» دېگەنلىكىنى**﴾كۆرىسەن. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر ئۇلارنى دوزاخ ئۈستىدە توختىتىلغان چاغدا كۆرسەڭ (دەھشەتلىك بىر ھالنى كۆرەتتىڭ). ئۇلار: «كاشكى دۇنياغا قايتۇرۇلساق ئىدۇق، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلمايتتۇق ۋە مۆمىنلەردىن بولاتتۇق» دەيدۇ. ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى يوشۇرغان ئىشلىرى (قەبىھ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن شۇنداق ئارزۇ قىلىشىدۇ) ئۇلارغا ئاشكارا بولدى، ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى ئەلۋەتتە يەنە قىلاتتى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار (ئىمان ئېيتاتتۇق دېگەن ۋەدىسىدە) يالغانچىلاردۇر﴾[2]

﴿**ئۇلارنىڭ قورققان، خارلانغان ھالدا، (دوزاخقا) كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قارىغان ھالدا دوزاخقا توغرىلىنىدىغانلىقىنى كۆرىسەن**﴾ چۈنكى، ئۇلارئىلگىرى اللە تائالاغا قىلغان ئاسىيلىقلىرىنىڭ جازاسىنىڭ كېلىشىدىن قورقاتتى. ئۇلار دوزاختىن قورققان ھالدا ئۇنىڭغا ئوغرىلىقچە قارايدۇ، ئۇلار كېلىشىدىن قورقۇپ تۇرغان ئازاب ئۇلارغا چوقۇم بولىدۇ، ئۇ ئازاب ئۇلار ئويلىغاندىنمۇ قاتتىقتۇر. اللە تائالا بىزگە ئۇ ئازابتىن پاناھ بەرسۇن!

﴿**مۆمىنلەر: «شۈبھىسىزكى، زىيان تارتقۇچىلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىگە ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە زىيان سالغۇچىلاردۇر» دەيدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ئائىلىسىدىكىلەرنى دوزاخقا بىللە ئېلىپ كىرىدۇ، مەڭگۈلۈك

---

(1) سۈرە كەھف 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە ئەنئام 27 ـ 28 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

تۇرالغۇ جاي بولىدىغان جەننەتتىكى نازۇنېمەتلىرىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئۆزلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. ئۇلار بىلەن ئۇلارنىڭ دوستلىرىنىڭ، ھەمراھلىرىنىڭ، خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ ۋە تۇغقانلىرىنىڭ ئارىسى ئايرىۋېتىلىدۇ. ئۇلار ئۇلارغا ھەقىقەتەن زىيان سالىدۇ. ﴿**بىلىڭلاركى، زالىملار ھەقىقەتەن دائىملىق ئازابتىدۇر**﴾ يەنى ئۇلار دوزاختىن مەڭگۈ، ئەبەدىل ـ ئەبەد چىقمايدۇ. ئۇنىڭدىن قاچىدىغان جايمۇ تاپالمايدۇ.

﴿**ئۇلارغا اللە دىن باشقا ياردەم بېرىدىغان دوستلار بولمايدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنى ئۇلار چېكىۋاتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزىدىغانلار بولمايدۇ. ﴿**اللە كىمنى گۇمراھ قىلسا، ئۇنىڭغا (ئۇنى دۇنيادا ھەقكە، ئاخىرەتتە جەننەتكە ئېرىشتۈرگۈچى) ھېچ يول بولمايدۇ**﴾ يەنى ئۇنىڭغا گۇمراھلىقتىن قۇتۇلىدىغان ھېچبىر يول يوقتۇر.

* * * * * * *

ٱسْتَجِيبُوا۟ لِرَبِّكُم مِّن قَبْلِ أَن يَأْتِىَ يَوْمٌ لَّا مَرَدَّ لَهُۥ مِنَ ٱللَّهِ ۚ مَا لَكُم مِّن مَّلْجَإٍ يَوْمَئِذٍ وَمَا لَكُم مِّن نَّكِيرٍ ﴿٤٧﴾ فَإِنْ أَعْرَضُوا۟ فَمَآ أَرْسَلْنَـٰكَ عَلَيْهِمْ حَفِيظًا ۖ إِنْ عَلَيْكَ إِلَّا ٱلْبَلَـٰغُ ۗ وَإِنَّآ إِذَآ أَذَقْنَا ٱلْإِنسَـٰنَ مِنَّا رَحْمَةً فَرِحَ بِهَا ۖ وَإِن تُصِبْهُمْ سَيِّئَةٌۢ بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيهِمْ فَإِنَّ ٱلْإِنسَـٰنَ كَفُورٌ ﴿٤٨﴾

***اللە تەرىپىدىن كەلگەن، قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان بىر كۈن كېلىشتىن بۇرۇن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار، بۇ كۈندە سىلەرگە قاچىدىغان جاي تېپىلماي قالىدۇ. (قىلمىشىڭلار نامە ـ ئەماللىرىڭلارغا يېزىقلىق بولغانلىقى، ئەزايىڭلار ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولغانلىقى ئۈچۈن) سىلەر (ئۇنى) ئىنكار قىلالمايسىلەر[47]. ئەگەر ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە، بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتكىنىمىز يوق، سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر، ئەگەر ئىنسانغا بىزنىڭ رەھمىتىمىزنى تېتىتساق خۇش بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن (بېشىغا) بىرەر ھادىسە كەلسە، ئىنسان تولىمۇ كۇفرانە نېمەت قىلغۇچىدۇر[48].***

## قىيامەت كۈنىدىن ئىلگىرى اللە تائالاغا ئىتائەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا

اللە تائالا قىيامەت كۈنى بولىدىغان قورقۇنچلۇق چوڭ ئىشلارنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اللە تەرىپىدىن كەلگەن، قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان بىر كۈن كېلىشتىن بۇرۇن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار**﴾ يەنى ئەگەر اللە تائالا ئۇنى ۋۇجۇتقا كېلىشكە ئەمر قىلسا، ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ۋۇجۇتقا كېلىدىغان، توسقۇچى ۋە مەنئى قىلغۇچى بولمايدىغان بىر كۈندۇر.

﴿**بۇ كۈندە سىلەرگە قاچىدىغان جاي تېپىلماي قالىدۇ. (قىلمىشىڭلار نامە ـ ئەماللىرىڭلارغا يېزىقلىق بولغانلىقى، ئەزايىڭلار ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولغانلىقى ئۈچۈن) سىلەر (ئۇنى) ئىنكار قىلالمايسىلەر**﴾ يەنى سىلەرگە ئازابتىن قېچىپ كىرىۋالىدىغان سېپىل يوق. سىلەر اللە تائالانىڭ كۆزىدىن غايىب بولۇش ئۈچۈن سىلەرگە مۆكۈۋالىدىغان ۋە يوشۇرۇنۇۋالىدىغان ئورۇنمۇ يوق. بەلكى، اللە تائالا سىلەرنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭلارنى ئۆز ئىلمى، ئىلاھى كۆزى ۋە قۇدرىتى بىلەن ھەممە تەرەپتىن بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. اللە تائالانىڭ دەرگاھىدىن باشقا ھېچ پاناھ جاي يوق. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىنسان بۇ كۈندە :

www.munber.org

«قاچىدىغان جاي قەيەردە؟» دەيدۇ. ياق، (اللہ نىڭ ئازابىدىن) قاچىدىغان پاناھگاھ يوقتۇر. بۇ كۈندە قارارگاھ پەرۋەردىگارىڭنىڭ تەرىپىدۇر﴾[1].

﴿**ئەگەر ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە، بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتكىنىمىز يوق**﴾ يەنى سەن ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلىغۇچى ئەمەسسەن، اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ مەجبۇرىيىتىڭ ئەمەس، لېكىن اللہ خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾[2] ﴿سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز پەقەت ھېساب ئېلىشتۇر﴾[3] يەنى بىز سېنى پەقەت اللہ تائالانىڭ ئەمىر ـ پەرمانىنى ئۇلارغا تەبلىغ قىلىشقا تەكلىپ قىلدۇق.

﴿**ئەگەر ئىنسانغا بىزنىڭ رەھمىتىمىزنى تېتىتساق خۇش بولۇپ كېتىدۇ**﴾ يەنى ئۇنىڭغا كەڭچىلىك ۋە نېمەت يەتسە، ئۇ بۇلاردىن خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. ﴿**ئۇلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن (بېشىغا) بىرەر ھادىسە كەلسە**﴾ يەنى ئىنسانلارغا بىرەر قۇرغاقچىلىق، مۇسىبەت، بالا ـ قازا ۋە قاتتىقچىلىق كەلسە ﴿**ئىنسان تولىمۇ كۇفرانە نېمەت قىلغۇچىدۇر**﴾ يەنى ئىلگىرى بەھرىمەن بولغان نېمەتتىن تانىدۇ، ئۇ پەقەت كۆز ئالدىدىكى مۇشۇ ۋاقىتتىنىلا تونۇيدۇ، ئەگەر ئۇ نېمەتكە ئېرىشسە، تەكەببۇرلۇق قىلىپ ھەددىدىن ئاشىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا سىناش يۈزىسىدىن بىرەر مۇسىبەت كەلسە، اللہ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارغا: «ئى ئاياللار جامائەسى! سەدىقە بېرىڭلار، مەن ھەقىقەتەن دوزاخ ئەھلىنىڭ كۆپرەكىنىڭ سىلەردىن ئىكەنلىكىنى كۆردۈم» دېگەندە، بىر ئايال: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «چۈنكى سىلەر شىكايەتنى كۆپ قىلىسىلەر، ئېرىڭلارغا تۇزكورلۇق قىلىسىلەر، (يەنى ئېرىڭلارنىڭ قىلغان ياخشىلىقنى ئىنكار قىلىسىلەر)، سەن ئۇلاردىن بىرىگە ئۆمۈر بويى ياخشىلىق قىلىپ، ئاندىن ياخشىلىقنى بىر كۈن توختاتساڭ، ئۇ ئايال: مەن سەندىن ھەرگىز ياخشىلىق كۆرمىدىم، دەيدۇ» دېدى. مانا بۇ اللہ تائالا ھىدايەت قىلغان، اللہ تائالا توغرا يولنى ئۇنىڭغا ئىلھام بىلەن بىلدۈرگەن، اللہ تائالاغا ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ئاياللاردىن باشقا نۇرغۇن ئاياللارنىڭ ئەھۋالىدۇر. ئەمما مۆمىنلەر ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق يەتسە، اللہ تائالاغا شۈكۈر قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا زىيان ـ زەخمەت يەتسە، ئۇ ئۇنىڭغا سەۋر قىلىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق بولىدۇ، بۇ پەقەت مۆمىن ئۈچۈنلا شۇنداق بولىدۇ».

* * * * * * *

لِّلَّهِ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ يَخْلُقُ مَا يَشَآءُ ۚ يَهَبُ لِمَن يَشَآءُ إِنَٰثًا وَيَهَبُ لِمَن يَشَآءُ ٱلذُّكُورَ ﴿٤٩﴾ أَوْ يُزَوِّجُهُمْ ذُكْرَانًا وَإِنَٰثًا ۖ وَيَجْعَلُ مَن يَشَآءُ عَقِيمًا ۚ إِنَّهُۥ عَلِيمٌ قَدِيرٌ ﴿٥٠﴾

***ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللہ غا خاستۇر، اللہ نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ***﴿49﴾. ***ياكى ئۇلارغا ئوغۇل، قىزنى ئارىلاش بېرىدۇ، خالىغان ئادەمنى تۇغماس قىلىدۇ، اللہ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر***﴿50﴾.

---

(1) سۈرە قىيامەت 10 — 12 ـ ئايەتكىچە.
(2) سۈرە بەقەرە 272 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) سۈرە رەئد 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

اللە تائـالا بـۇ ئايەتتـە مۇنـداق دەپ خـەۋەر قىلـىدۇ: اللە تائـالا ئاسـمانلارنىڭ ۋە زېمىننىـڭ ياراتقۇچىسىدۇر. ئۇ ئىككىسىنىڭ پادىشاھىدۇر، ئۇ ئىككىسىدە خالىغانچە ئىش ئېلىپ بارغۇچىدۇر. اللە تائالا خالىغان نەرسە ۋۇجۇتقا چىقىدۇ، خالىمىغان نەرسە ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ. اللە تائالا خالىغان ئادەمگە خالىغىنىنى بېرىدۇ. خالىمىغان ئادەمگە بەرمەيدۇ. اللە تائالا بەرگەن نەرسىنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ، اللە تائالا مەنئى قىلغان نەرسىنى ھېچكىم بېرەلمەيدۇ. اللە تائالا خالىغان نەرسىنى يارىتىدۇ.

﴿**خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇنىڭغا پەقەت قىزلارنى رىزىق قىلىپ بېرىدۇ. ئىمام بەغەۋى: پەقەت قىز پەرزەنت ئاتا قىلىنغانلاردىن بىرى لۇت ئەلەيھىسسالامدۇر، دېدى. ﴿**خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇنىڭغا پەقەت ئوغۇللارنى رىزىق قىلىپ بېرىدۇ. ئىمام بەغەۋى: مەسىلەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش. ئۇ قىز پەرزەنت كۆرمىگەن ئىدى، دېدى.

﴿**ياكى ئۇلارغا ئوغۇل، قىزنى ئارىلاش بېرىدۇ**﴾ يەنى اللە تائالا ئىنسانلاردىن خالىغان ئادەمگە ئوغۇل ـ قىزنى جۈپ بېرىدۇ. ئىمام بەغەۋى: مەسىلەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش،دېدى.

﴿**خالىغان ئادەمنى تۇغماس قىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇ پەرزەنت يۈزى كۆرمەيدۇ، ئىمام بەغەۋى: مەسىلەن، يەھيا ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالاملارغا ئوخشاش، دېدى. اللە ئىنسانلارنى تۆت قىسىمغا بۆلدى:1 ـ قىز بالا بېرىلىدىغان ئادەم. 2 ـ ئوغۇل بالا بېرىلىدىغان ئادەم. 3 ـ ئوغۇل ـ قىز ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدىغان ئادەم. 4 ـ قىزمۇ ئوغۇلمۇ بېرىلمەيدىغان ئادەم، اللە تائالا بۇ خىلدىكى ئادەمنى تۇغماس قىلىدۇ، ئۇنىڭ بالىسى بولمايدۇ، نەسلى قالمايدۇ.

﴿**ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر**﴾ يەنى اللە تائالا بۇ تۆت تۈرلۈك ئادەمدىن ھەر تۈرلۈك ئادەمگە نېمىنىڭ لايىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. ﴿**ھەممىگە قادىردۇر**﴾ يەنى اللە تائالا ئىنسانلاردىن خالىغان كىشىنى ئەنە شۇنداق پەرقلىق قىلىشقا قادىردۇر.

بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشايدۇ: ﴿ئۇنى كىشىلەرگە قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل ۋە بىز تەرەپتىن بولغان مەرھەمەت قىلدۇق﴾[1] يەنى اللە تائالا ئىسا ئەلەيھىسسالامنى دادىسىز يارىتىپ ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل قىلدى. ئىنسانلارنى تۆت قىسىمغا بۆلۈپ ياراتقان اللە ئۇلۇغدۇر. ئادەم ئەلەيھىسسالام دادىسىز ۋە ئانىسىز تۇپراقتىن يارىتىلدى. ھەۋۋا ئانىمىز ئەركەكتىن ئانىسىز يارىتىلدى. ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ئىنسانلار ئەركەك ۋە چىشىنىڭ قوشۇلۇشىدىن يارىتىلدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئانىدىن دادىسىز يارىتىلدى. اللە مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى يارىتىش بىلەن ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىلنى تاماملىدى.

﴿**ئۇنى كىشىلەرگە قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل ۋە بىز تەرەپتىن بولغان مەرھەمەت قىلدۇق**﴾ بۇ ئايەت ئاتا ـ ئانىلار ھەققىدە، ئالدىنقى ئايەت بالىلار ھەققىدە چۈشەنچە بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر بىرى تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممىگە قادىر اللە تائالا پاكتۇر.

* * * * * * *

۞ وَمَا كَانَ لِبَشَرٍ أَن يُكَلِّمَهُ ٱللَّهُ إِلَّا وَحۡيًا أَوۡ مِن وَرَآيِٕ حِجَابٍ أَوۡ يُرۡسِلَ رَسُولاً فَيُوحِىَ بِإِذۡنِهِۦ
مَا يَشَآءُۚ إِنَّهُۥ عَلِىٌّ حَكِيمٌ ﴿٥١﴾ وَكَذَٰلِكَ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ رُوحًا مِّنۡ أَمۡرِنَاۚ مَا كُنتَ تَدۡرِى مَا ٱلۡكِتَٰبُ

[1] سۈرە مەريەم 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

وَلَا ٱلۡإِيمَـٰنُ وَلَـٰكِن جَعَلۡنَـٰهُ نُورًا نَّهۡدِى بِهِۦ مَن نَّشَآءُ مِنۡ عِبَادِنَا ۚ وَإِنَّكَ لَتَهۡدِىٓ إِلَىٰ صِرَٰطٍ
مُّسۡتَقِيمٍ ﴿٥٢﴾ صِرَٰطِ ٱللَّهِ ٱلَّذِى لَهُۥ مَا فِى ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلۡأَرۡضِ ۗ أَلَآ إِلَى ٱللَّهِ تَصِيرُ ٱلۡأُمُورُ ﴿٥٣﴾

***الله ھەر قانداق ئادەمگە پەقەت ۋەھيى ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدىنلا ياكى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ ئۆز ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋەھيىنى قىلىش ئارقىلىقلا سۆز قىلغان. الله ھەقىقەتەن (مەخلۇقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن) ئۈستۈندۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿51﴾. شۇنىڭدەك (يەنى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك) ئەمرىمىز بويىچە ساڭا قۇرئاننى ۋەھيى قىلدۇق، سەن (ۋەھيىدىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ، لېكىن بىز قۇرئاننى بىر نۇر قىلدۇقكى، ئۇنىڭ بىلەن بىز بەندىلىرىمىزدىن خالىغان كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىمىز. شەك ـ شۈبھىسىزكى سەن توغرا يولغا باشلايسەن﴿52﴾. (ئۇ) ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە خاس بولغان الله نىڭ يولىدۇر. بىلىڭلاركى، ھەممە ئىش الله غا قايتىدۇ﴿53﴾.***

## ۋەھيىنىڭ قانداق شەكىلدە كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا

بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان ۋەھيي الله تائالانىڭ دەرگاھىدىن قىلىنغان ۋەھيىدۇر. الله تائالا بەزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىگە بىرەر نەرسىنى سالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن ئىكەنلىكىگە شەك قىلمايتتى. بۇ ھەقتە ئىمام ئىبنى ھىببان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام قەلبىمگە: بىرەر ئادەم يەيدىغان رىزقىنى تۈگەتمىگىچە، ئەجلى توشمىغىچە ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، الله تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، ھالال رىزىق تەلەپ قىلىڭلار، دەپ ئىلھام قىلدى».

﴿**ياكى پەردە ئارقىسىدىنلا**﴾ بۇ خىل ۋەھيي مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سۆز قىلغىنىغا ئوخشايدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام الله تائالا بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن الله تائالانى كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى. بىراق الله تائالا ئۆزىنى پەردە ئارقىسىغا ئالغاچقا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرەلمىدى.

ئىمام تىرمىزى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا :«الله تائالا بىراۋغا سۆز قىلسا پەقەت پەردە ئارقىسىدىنلا سۆز قىلاتتى. ئەمما سېنىڭ ئاتاڭغا يۈزمۇ ـ يۈز تۇرۇپ سۆز قىلدى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. جابىرنىڭ ئاتىسى ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىت قىلىنغان ئىدى، لېكىن بۇ سۆزلىشىش قەبرىدە بولغان، بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى بولسا پەقەت بۇ دۇنيادىلا سۆزلىشىشنى كۆزدە تۇتىدۇ.

﴿**ياكى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ ئۆز ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋەھيىنى قىلىش ئارقىلىقلا سۆز قىلغان**﴾ يەنى الله تائالا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى ۋە باشقا پەرىشتىلەرنى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيي بىلەن چۈشۈرۈش ئارقىلىق سۆز قىلغان. ﴿**الله ھەقىقەتەن (مەخلۇقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن) ئۈستۈندۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾ الله تائالا ھەممىدىن يۈكسەكتۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

﴿**شۇنىڭدەك (يەنى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك) ئەمرىمىز بويىچە ساڭا قۇرئاننى ۋەھيى قىلدۇق، سەن (ۋەھيىدىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ**﴾ يەنى سەن ئىماننى قۇرئاندا تەپسىلي بايان قىلىنغاندەك بىلمەيتتىڭ. ﴿**لېكىن بىز قۇرئاننى بىر نۇر قىلدۇقكى، ئۇنىڭ بىلەن بىز بەندىلىرىمىزدىن خالىغان كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىمىز**﴾.

www.munber.org

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئېيتقىنكى، ئۇ ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە (دىللاردىكى شەك ـ شۈبھىگە) شىپادۇر، ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ قۇلاقلىرى (قۇرئاننى ئاڭلاشتىن) ئېغىردۇر (يەنى قۇرئاننىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالمىغانلارنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ گويا قۇلاقلىرى ئېغىردۇر)، قۇرئان ئۇلارنىڭ (دىللىرىغا) كورلۇقتۇر (يەنى ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى كۆرمەيدۇ)﴾[1].

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (ئى مۇھەممەد!) ﴿**شەك ـ شۈبھىسىزكى سەن توغرا يولغا باشلايسەن**﴾ مانا بۇ ئېسىل ئەخلاقتۇر. ئاندىن ﷲ تائالا ئۇ يولنى تۆۋەندىكى ئايىتىدە تېخىمۇ ئوچۇقلاشتۇرۇپ مۇنداق بايان قىلدى:﴿**(ئۇ) ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە خاس بولغان ﷲ نىڭ يولىدۇر**﴾ يەنى ئۇ يول ﷲ تائالا ئىنسانلارنى مېڭىشقا بۇيرۇپ بېكىتكەن يولدۇر. ﷲ تائالا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، پادىشاھىدۇر، ئۇنىڭدا خالىغانچە ئىش ئېلىپ بارغۇچىدۇر، ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر، قىلغان ھۆكۈمى ئۈچۈن ھېساب بەرگۈچى ئەمەستۇر. ﴿**بىلىڭلاركى، ھەممە ئىش ﷲ غا قايتىدۇ**﴾ يەنى جىمى ئىشلار ﷲ تائالاغا قايتۇرۇلىدۇ، ﷲ تائالا ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئادالەت بىلەن ئايرىيدۇ ۋە ھۆكۈم قىلىدۇ. ﷲ تائالا مۇشرىكلارنىڭ، ﷲ تائالانىڭ بىرلىكىگە تانغان تۇزكورلارنىڭ تۆھمەتلىرىدىن پاكتۇر، ئۈستۈندۇر، يۈكسەكتۇر ۋە بۈيۈكتۇر.

شۇنىڭ بىلەن سۈرە شۇرانىڭ تەپسىرى تۈگىدى. جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ﷲ تائالاغا خاستۇر.

---

[1] سۈرە فۇسسىلەت 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

www.munber.org

## مەككىدە نازىل بولغان — سۈرە زۇخرۇف — 89 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

حمٓ ﴿١﴾ وَٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡمُبِينِ ﴿٢﴾ إِنَّا جَعَلۡنَٰهُ قُرۡءَٰنًا عَرَبِيّٗا لَّعَلَّكُمۡ تَعۡقِلُونَ ﴿٣﴾ وَإِنَّهُۥ فِيٓ أُمِّ
ٱلۡكِتَٰبِ لَدَيۡنَا لَعَلِيٌّ حَكِيمٌ ﴿٤﴾ أَفَنَضۡرِبُ عَنكُمُ ٱلذِّكۡرَ صَفۡحًا أَن كُنتُمۡ قَوۡمٗا مُّسۡرِفِينَ
﴿٥﴾ وَكَمۡ أَرۡسَلۡنَا مِن نَّبِيّٖ فِي ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٦﴾ وَمَا يَأۡتِيهِم مِّن نَّبِيٍّ إِلَّا كَانُواْ بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ ﴿٧﴾ فَأَهۡلَكۡنَآ
أَشَدَّ مِنۡهُم بَطۡشٗا وَمَضَىٰ مَثَلُ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٨﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***ھا، مىم﴿1﴾. روشەن كىتاب بىلەن قەسەمكى، سىلەرنى (ئۇنىڭ مەنىسىنى) چۈشەنسۇن دەپ، بىز ئۇنى ھەقىقەتەن ئەرەبچە قۇرئان قىلدۇق ﴿2-3﴾. ھەقىقەتەن ئۇ لەۋھۇلمەھپۇزدا بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا (مۇقىملاشقان) يۇقىرى مەرتىۋىلىك ھېكمەتلىك (كىتاب)دۇر﴿4﴾. سىلەر (گۇمراھلىقتا) ھەددىدىن ئاشقان قەۋم بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلىشنى تەرك قىلامدۇق؟﴿5﴾. ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرگە نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق﴿6﴾. ئۇلارغا قانداق بىر پەيغەمبەر كەلمىسۇن، ئۇلار ئۇنى (قەۋمىڭ سېنى مەسخىرە قىلغاندەك) مەسخىرە قىلدى﴿7﴾. ئۇلار (يەنى مەككە كاپىرلىرى)دىن كۈچ - قۇۋۋەتتە ئۈستۈن بولغانلارنى ھالاك قىلدۇق، ئىلگىرىكىلەرنىڭ قىسسىلىرى قۇرئاندا ئۆتتى﴿8﴾.***

﴿**ھا، مىم. روشەن كىتاب بىلەن قەسەمكى**﴾ يەنى بۇ مەنىلىرى ۋە سۆزلىرى ئوچۇق، روشەن بايان قىلىنغان كىتابتۇر. چۈنكى، ئۇ ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىندى، ئەرەب تىلى كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا سۆزلىشىشىدە ئەڭ پاساھەتلىك تىلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەرنى (ئۇنىڭ مەنىسىنى) چۈشەنسۇن دەپ، بىز ئۇنى ھەقىقەتەن ئەرەبچە قۇرئان قىلدۇق**﴾ يەنى سىلەرنى ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنسۇن ۋە ئويلانسۇن دەپ، ئۇ قۇرئاننى ئەرەب تىلىدا پاساھەتلىك ۋە ئوچۇق قىلىپ نازىل قىلدۇق. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(قۇرئان) ئوچۇق ئەرەبى تىلدا (نازىل بولدى)﴾[1].

﴿**ھەقىقەتەن ئۇ لەۋھۇلمەھپۇزدا بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا (مۇقىملاشقان) يۇقىرى مەرتىۋىلىك ھېكمەتلىك (كىتاب)دۇر**﴾ ئۇنى زېمىن ئەھلىنىڭ شەرەب بىلىشى، ئۇلۇغلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى ئۈچۈن شان - شەرىپى ئۈستىنكى ئالەمدە پەرىشتىلەرگە بايان قىلىنغان كىتابتۇر.

﴿**ھېكمەتلىك**﴾ يەنى پۇختا، يالغان ئارىلىشىپ قىلىشتىن ۋە بۇرمىلىنىشتىن ساقلانغان كىتابتۇر. بۇنىڭ ھەممىسى قۇرئاننىڭ شانلىق ۋە پەزىلەتلىك كىتاب ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە اللہ تائالا

---

[1] سۈرە شۇئەرا 195 - ئايەت

مۇنداق دېگەن:﴿شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۇلۇغ قۇرئاندۇر. كىتابتا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) ساقلانغاندۇر. ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ. ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾[1] ﴿(بۇنىڭدىن كېيىن) ئۇنداق قىلمىغىن. بۇ ئايەتلەر ۋەزدۇر. خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن ۋەز - نەسىھەت ئالىدۇ. ئۇ (يەنى قۇرئان ئايەتلىرى) قىممەتلىك، (قەدرى) يۇقىرى پاك سەھىپىلەرگە يېزىلغاندۇر. (ئۇ) ھۆرمەتلىك ياخشى (پەرىشتىلەردىن بولغان) پۈتۈكچىلەرنىڭ قولىدىدۇر﴾[2]

﴿سىلەر (گۇمراھلىقتا) ھەددىدىن ئاشقان قەۋم بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلىشنى تەرك قىلامدۇق؟﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئەبۇ سالىھ، مۇجاھىد، سۇددى ۋە ئىبنى جەرىر قاتارلىقلار بۇ ئايەت ھەققىدە: يەنى سىلەر بۇيرۇلغاننى قىلمىغان تۇرۇقلۇق بىزنىڭ سىلەرنى تاشلاپ قويۇشىمىزنى ۋە سىلەرگە ئازاب قىلماسلىقىمىزنى ئويلامسىلەر؟ دېدى.

قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر بۇ قۇرئاننى بۇ ئۇممەتنىڭ دەسلەپكى ئەۋلادلىرى رەت قىلغاندا ئۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇلار ئەلۋەتتە ھالاك بولغان بولاتتى. لېكىن، الله تائالا ئۆزىنىڭ مېھرى - شەپقىتىنى ۋە رەھمىتىنى قايتا ياغدۇردى. قۇرئاننى ئۇلارغا تەكرار - تەكرار نازىل قىلدى، ئۇلارنى قۇرئانغا يىگىرمە يىل ياكى الله تائالا خالىغان مىقداردا دەۋەت قىلدى. قەتادەنىڭ بۇ سۆزى مەزمۇن ۋە مەنا جەھەتتە ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ خۇلاسە مەنىسى: الله ئىنسانلارغا كۆيۈنگەن ۋە مەرھەمەت قىلغانلىقتىن ئۇلارنى ياخشىلىققا، ھېكمەتلىك ۋەز - نەسىھەت بولغان قۇرئانغا دەۋەت قىلىشنى توختىتىپ قويمايدۇ گەرچە ئىنسانلار ھەددىدىن ئاشقان، قۇرئاندىن يۈز ئۆرىگەن بولسىمۇ. لېكىن، الله تائالا ھىدايەت تېپىشنى بەلگىلىگەن ئادەمنىڭ قۇرئان بىلەن ھىدايەت تېپىشى ئۈچۈن، بەتبەخت بولۇشنى بەلگىلىگەن ئادەمنىڭ ئۈستىدىن دەلىل - پاكىت تۇرغۇزۇلۇشى ئۈچۈن قۇرئانغا دەۋەت قىلدى.

## قۇرەيش تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز قەۋمى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن الله تائالا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ ۋە ئۇلارنىڭ يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرگە نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق. ئۇلارغا قانداق بىر پەيغەمبەر كەلمىسۇن، ئۇلار ئۇنى (قەۋمىڭ سېنى مەسخىرە قىلغاندەك) مەسخىرە قىلدى**﴾ يەنى ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى ۋە مەسخىرە قىلدى.

﴿**ئۇلار (يەنى مەككە كاپىرلىرى)دىن كۈچ - قۇۋۋەتتە ئۈستۈن بولغانلارنى ھالاك قىلدۇق**﴾ يەنى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلارنى ھالاك قىلدۇق. ئى مۇھەممەد! ئۇلار سېنى ئىنكار قىلغان ئەنە شۇ مۇشرىكلاردىن كۈچ - قۇۋۋەتتە ئۈستۈن ئىدى. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار زېمىندا سەير قىلىپ ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ بۇلاردىن ئۇلارنىڭ سانى كۆپ ئىدى، زېمىندا كۈچ - قۇۋۋەت ۋە يادىكارلىقلار (يەنى ئۆي - ئىمارەت) جەھەتتە بۇلاردىن ئۈستۈن ئىدى. ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەرسىلىرى ئۇلارغا ئەسقاتمىدى﴾[3] بۇ ھەقتە ناھايىتى نۇرغۇن ئايەتلەر بار.

---

[1] سۈرە ۋاقىئە 77 - 80 - ئايەتكىچە.
[2] سۈرە ئەبەسە 11 – 16 - ئايەتكىچە.
[3] سۈرە غافىر 82 - ئايەت.

www.munber.org

﴿ئىلگىرىكىلەرنىڭ قىسسىلىرى قۇرئاندا ئۆتتى﴾ يەنى ئىلگىرىكىلەرنىڭ قىسسىلىرىنى ئۇلارغا كەلگەن ئازاب كېيىنكىلەرگىمۇ يېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن) ئۇلاردىن كېيىن كېلىدىغان، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىدىغان قەۋمگە ئىبرەت قىلىپ بايان قىلدۇق. الله بۇ ھەقتە بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلارنى بىز (كۇففارلارنىڭ ئازابقا تېگىشلىك بولۇشىدا) كېيىنكىلەرگە نەمۇنە ۋە ئىبرەت قىلدۇق﴾ الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ (يەنى ئازابنى كۆرگەندە ئىيتقان ئىماننىڭ پايدىلىق بولماسلىقى) اللەنىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا تۇتقان يولىدۇر﴾[1] ﴿الله نىڭ تۇتقان يولىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن﴾[2].

* * * * * * *

وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ خَلَقَهُنَّ ٱلْعَزِيزُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٩﴾ ٱلَّذِى جَعَلَ
لَكُمُ ٱلْأَرْضَ مَهْدًا وَجَعَلَ لَكُمْ فِيهَا سُبُلًا لَّعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ ﴿١٠﴾ وَٱلَّذِى نَزَّلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءًۢ
بِقَدَرٍ فَأَنشَرْنَا بِهِۦ بَلْدَةً مَّيْتًا ۚ كَذَٰلِكَ تُخْرَجُونَ ﴿١١﴾ وَٱلَّذِى خَلَقَ ٱلْأَزْوَٰجَ كُلَّهَا وَجَعَلَ لَكُم مِّنَ
ٱلْفُلْكِ وَٱلْأَنْعَـٰمِ مَا تَرْكَبُونَ ﴿١٢﴾ لِتَسْتَوُۥا عَلَىٰ ظُهُورِهِۦ ثُمَّ تَذْكُرُوا۟ نِعْمَةَ رَبِّكُمْ إِذَا ٱسْتَوَيْتُمْ عَلَيْهِ
وَتَقُولُوا۟ سُبْحَـٰنَ ٱلَّذِى سَخَّرَ لَنَا هَـٰذَا وَمَا كُنَّا لَهُۥ مُقْرِنِينَ ﴿١٣﴾ وَإِنَّآ إِلَىٰ رَبِّنَا لَمُنقَلِبُونَ ﴿١٤﴾

*ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلار ۋە زېمىننى كىم ياراتتى» دەپ سورىساڭ، ئۇلار: «ئەلۋەتتە ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى (الله) ياراتتى» دەيدۇ[9]. الله سىلەر ئۈچۈن زېمىننى قارارگاھ قىلدى، (سەپەردە كۆزلىگەن يېرىڭلارغا) يېتىپ بېرىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە زېمىندا نۇرغۇن يوللارنى ياراتتى[10]. الله بۇلۇتتىن (سىلەرگە زىيان يەتكۈزمەيدىغان، پايدا يەتكۈزىدىغان) ئۆلچەمدە يامغۇر ياغدۇردى، ئۇنىڭ بىلەن بىز (گويا ئۇنىمەس قاقاس) ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈردۇق، سىلەر مۇشۇنداق (يەنى ئۆلۈك يەردىن ئۆسۈملۈك چىقىرىلغاندەك) (قەبرەڭلاردىن) چىقىرىلىسىلەر[11]. الله پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ تۈرلىرىنى ياراتتى، سىلەرگە ئۈستىگە چىقىشىڭلار ئۈچۈن كېمە ۋە مىنىشىڭلار ئۈچۈن ھايۋان قاتارلىقلارنى ياراتتى. ئاندىن سىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چىققانلىرىڭلاردا پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمىتىنى ئەسلەپ: «بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا (مىنىشكە) قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز» دېگەيسىلەر[12 - 14].*

## مۇشرىكلارنىڭ مەخلۇقاتلارنى ياراتقۇچىنىڭ تەۋھىدىنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئۇنىڭ كۆپلىگەن دەلىللىرى توغرىسىدا

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! ئەگەر سەن الله تائالاغا باشقا نەرسىلەرنى شېرىك قىلىپ چوقۇنغان ئەنە شۇ مۇشرىكلاردىن: ﴿«ئاسمانلار ۋە زېمىننى كىم ياراتتى» دەپ سورىساڭ، ئۇلار: «ئەلۋەتتە ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى (الله) ياراتتى» دەيدۇ﴾ يەنى ئۇلار

---

[1] سۈرە غافىر 85 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەھزاب 62 - ئايەت.

www.munber.org

ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ ھېچ شېرىكى بولمىغان يالغۇز اللە تائالا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار اللە تائالاغا باشقا نەرسىلەرنى ۋە بۇتلارنى شېرىك قىلىپ ئىبادەت قىلىدۇ.

﴿**اللە سىلەر ئۈچۈن زېمىننى قارارگاھ قىلدى**﴾ يەنى كەڭ كەتكەن، تەۋرەنمەس زېمىننى قارارگاھ قىلدى، سىلەر ئۇنىڭ ئۈستىدە سەير قىلىسىلەر، ئىش - ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارىسىلەر، ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئۇخلايسىلەر، ئۇيان - بۇيانغا بېرىپ كېلىسىلەر، گەرچە زېمىن سۇنىڭ ئۈستىدە يارىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن، اللە تائالا ئۇنىڭ ئۇيان - بۇيانغا تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تاغلار بىلەن مۇستەھكەم قىلدى.

﴿**(سەپەردە كۆزلىگەن يېرىڭلارغا) بېرىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە زېمىندا نۇرغۇن يوللارنى ياراتتى**﴾ يەنى اللە تائالا تاغلار ۋە جىلغىلار ئارىسىدا نۇرغۇن يوللارنى قىلدى، سىلەر شەھەردىن شەھەرگە، يۇرتتىن يۇرتقا، بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە قىلغان سەپەرلىرىڭلاردا شۇ يوللار ئارقىلىق كۆزلىگەن يېرىڭلارغا يېتىپ بارىسىلەر.

﴿**اللە بۇلۇتتىن (سىلەرگە زىيان يەتكۈزمەي، پايدا يەتكۈزىدىغان) ئۆلچەملىك يامغۇر ياغدۇردى**﴾ يەنى زىرائەتلىرىڭلار ۋە ئۆسۈملۈكلىرىڭلارنىڭ سوغۇرۇلۇشى، ئۆزەڭلارنىڭ ۋە چارۋا - ماللىرىڭلارنىڭ ئىچىشى ئۈچۈن يېتەرلىك بولغان مىقداردا يامغۇر ياغدۇردى.

﴿**ئۇنىڭ بىلەن بىز (گىيا ئۈنمەس قاقاس) ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈردۇق**﴾ يەنى زېمىنغا يامغۇر ياغقاندا، ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپۈشىدۇ، تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ. اللە تائالا زېمىننى تىرىلدۈرىدىغانلىقنى مىسال قىلىش بىلەن ئىنسانلارنى ئۆلگەندىن كېيىن، قىيامەت كۈنى تىرىلدۈرىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەر مۇشۇنداق (يەنى ئۆلۈك يەردىن ئۆسۈملۈك چىقىرىلغاندەك قەبرەڭلاردىن) چىقىرىلىسىلەر**﴾.

﴿**اللە پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ تۈرلىرىنى ياراتتى**﴾ يەنى زېمىندا ئۆسىدىغان ھەر تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنى، زىرائەتلەرنى، مېۋىلىك دەرەخلەرنى، گۈل - چېچەكلەرنى ۋە باشقا نەرسىلەرنى ياراتتى. ھەر تۈرلۈك ۋە ھەر خىل بولغان ھايۋانلارنىمۇ ياراتتى.

﴿**سىلەرگە ئۈستىگە چىقىشىڭلار ئۈچۈن كېمە ۋە مىنىشىڭلار ئۈچۈن ھايۋان قاتارلىقلارنى ياراتتى**﴾ يەنى سۇدا يۈرۈشۈڭلار ئۈچۈن كېمىلەرنى، گۆشىنى يېيىشىڭلار، سۈتىنى ئىچىشىڭلار ۋە مىنىشىڭلار ئۈچۈن ھايۋانلارنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئۇلارنى ئىتائەتچان ۋە باشقۇرۇشۇڭلارغا قولايلىق قىلدى. سىلەر تەمكىن ۋە خاتىرجەم ھالدا كېمىنىڭ ئۈستىگە چىقىسىلەر، ھايۋاننى مىنىسىلەر.

﴿**ئاندىن سىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چىققانلىرىڭلاردا پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمىتىنى ئەسلەپ**﴾ يەنى سىلەرگە ئۇلارنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەپ ﴿**بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر،بىز ئۇنىڭغا (مىنىشكە) قادىر ئەمەس ئىدۇق**﴾ يەنى ئۇنى باشقۇرالمايتتۇق، ئەگەر اللە تائالا بۇنى بىزگە بويسۇندۇرۇپ بەرمىگەن بولسا بىز ئۇنى مىنىشكە قادىر بولالمايتتۇق، ﴿**«بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز» دېگەيسىلەر**﴾ يەنى بىز ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھوزۇرىغا بارغۇچىلارمىز، بىزنىڭ چوڭ سەپىرىمىز اللە تائالانىڭ دەرگاھىدۇر. بۇ ئايەت دۇنيانىڭ سەپىرى ئارقىلىق ئاخىرەتنىڭ سەپىرىگە ئىشارەت بېرىدۇ. بۇ خۇددى اللە تائالا دۇنيانىڭ ئوزۇقلۇقى ئارقىلىق

www.munber.org

ئاخىرەتنىڭ ئوزۇقلۇقىغا ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دېگىنىگە ئوخشايدۇ: ﴿(ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن) زاد - راھىلە ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى زاد - راھىلە تەقۋادارلىقتۇر﴾[1].

الله تائالا يەنە دۇنيانىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئاخىرەت ئۈچۈن تەقۋادارلىق قىلىشقا مۇنداق ئىشارەت قىلدى.﴿ئى ئادەم بالىلىرى! سىلەرگە بىز ھەقىقەتەن ئەۋرەتلىرىڭلارنى ياپىدىغان ۋە زىننەتلىنىدىغان لىباسنى چۈشۈردۇق، تەقۋادارلىق لىباسى ئەڭ ياخشىدۇر﴾[2].

* * * * * * *

وَجَعَلُواْ لَهُۥ مِنۡ عِبَادِهِۦ جُزۡءًاۚ إِنَّ ٱلۡإِنسَٰنَ لَكَفُورٞ مُّبِينٌ ﴿١٥﴾ أَمِ ٱتَّخَذَ مِمَّا يَخۡلُقُ بَنَاتٖ
وَأَصۡفَىٰكُم بِٱلۡبَنِينَ ﴿١٦﴾ وَإِذَا بُشِّرَ أَحَدُهُم بِمَا ضَرَبَ لِلرَّحۡمَٰنِ مَثَلٗا ظَلَّ وَجۡهُهُۥ مُسۡوَدّٗا وَهُوَ كَظِيمٌ
﴿١٧﴾ أَوَمَن يُنَشَّؤُاْ فِي ٱلۡحِلۡيَةِ وَهُوَ فِي ٱلۡخِصَامِ غَيۡرُ مُبِينٖ ﴿١٨﴾ وَجَعَلُواْ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةَ ٱلَّذِينَ هُمۡ عِبَٰدُ
ٱلرَّحۡمَٰنِ إِنَٰثًاۚ أَشَهِدُواْ خَلۡقَهُمۡۚ سَتُكۡتَبُ شَهَٰدَتُهُمۡ وَيُسۡـَٔلُونَ ﴿١٩﴾ وَقَالُواْ لَوۡ شَآءَ ٱلرَّحۡمَٰنُ مَا
عَبَدۡنَٰهُمۗ مَّا لَهُم بِذَٰلِكَ مِنۡ عِلۡمٍۖ إِنۡ هُمۡ إِلَّا يَخۡرُصُونَ ﴿٢٠﴾

*ئۇلار (پەرىشتىلەرنى اللەنىڭ قىزلىرى دېيىش بىلەن) اللەنىڭ بىر قىسىم بەندىلىرىنى اللەنىڭ بىر جۇزئىيى قىلىۋالدى. (مۇنداق دېگۈچى) ئىنسان ھەقىقەتەن اللەغا ئاشكارا ناشۈكۈرلۈك قىلغۇچىدۇر﴿15﴾. الله مەخلۇقاتتىن ئۆزى ئۈچۈن قىزلارنى (بالا) تۇتۇپ، سىلەرنى ئوغۇللارغا خاس قىلدىمۇ؟﴿16﴾. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرىگە مەرھەمەتلىك اللەغا مەسەل قىلغان نەرسە (يەنى قىز بالا) بىلەن بېشارەت بېرىلسە (يەنى خوتۇنىنىڭ قىز تۇغقانلىقى خەۋەر قىلىنسا)، قايغۇغا چۆمگەن ھالدا ئۇنىڭ يۈزى قارىداپ كېتىدۇ﴿17﴾. (ئۇلار اللەغا) زىبۇ زىننەت ئىچىدە چوڭ بولىدىغان، مۇنازىرىدە مەقسىتىنى ئوچۇق بايان قىلالمايدىغان (قىزلارنى مەنسۇپ قىلامدۇ؟)﴿18﴾. ئۇلار مەرھەمەتلىك اللەنىڭ بەندىلىرى بولغان پەرىشتىلەرگە قىز دەپ ئېتىقاد قىلدى، الله پەرىشتىلەرنى ياراتقاندا، ئۇلار ئۈستىدە بارمىدى؟ (يەنى ئۇلار پەرىشتىلەرنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى قەيەردىن بىلىدۇ؟) ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى (ئۇلارنىڭ نامە - ئەمالىغا) يېزىلىدۇ، (قىيامەت كۈنى) ئۇلار سوراققا تارتىلىدۇ﴿19﴾. ئۇلار: «مەرھەمەتلىك الله خالىسا، بىز ئۇلارغا (يەنى پەرىشتىلەرگە) چوقۇنمايتتۇق» دېدى. بۇ توغرۇلۇق ئۇلارنىڭ بىلىمى (يەنى ئاساسى) يوق، ئۇلار پەقەت جۆيلۈيدۇ﴿20﴾.*

## مۇشرىكلارنىڭ الله تائالاغا بالا نىسبەت بەرگەنلىكىنى ئەيىبلەش توغرىسىدا

الله تائالا مۇشرىكلارنىڭ بەزى ھايۋانلارنى بۇتلىرى ئۈچۈن، يەنە بەزىلىرىنى الله تائالا ئۈچۈن ئايرىشىدەك يالغاندىن توقۇپ چىققان نەرسىلىرىدىن خەۋەر قىلىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا سۈرە ئەنئامدا مۇنداق دېگەن: ﴿مۇشرىكلار الله ياراتقان ئېكىنلەردىن ۋە چاھار پايلاردىن (يەنى تۆگە، كالا،قويلاردىن) الله ئۈچۈن بىر ھەسسە (بۇتلىرى ئۈچۈن بىر ھەسسە) ئايرىپ قويۇپ، ئۆز گۇمانلىرىچە (ھېچقانداق دەلىلسىزلا): «بۇ الله ئۈچۈندۇر، بۇ مەبۇدلىرىمىز ئۈچۈندۇر» دېدى. بۇتلىرىنىڭ نېسىۋىسىدىن الله

---

[1] سۈرە بەقەرە 197 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەئراف 26 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

نىڭكىگە قوشۇشقا بولمايتتى، اللە نىڭ نېسىۋىسىدىن بۇتلىرىنىڭكىگە قوشۇشقا بولاتتى (مۇشرىكلار اللە غا ئاتىغان ھەسسىسىدىن بۇتلارغا ئاتىغان ھەسسىسىگە بىرەر نەرسە قوشۇلۇپ قالسا، ئۇنى بۇتلىرىنىڭ ھەسسى ئىچىدە قالدۇراتتى ۋە اللە باي، بۇنىڭغا موھتاج ئەمەس، دەيتتى. بۇتلىرىغا ئاتىغان ھەسسىسىدىن اللە غا ئاتىغان ھەسسىسىگە بىرەر نەرسە قوشۇلۇپ قالسا، ئۇنى بۇتلارنىڭ ھەسسىسىگە قايتۇرۇۋېتەتتى). ئۇلارنىڭ قارارى نېمىدېگەن قەبىھ!﴾[1].

شۇنداقلا ئۇلار قىزلار ۋە ئوغۇللاردىن بولغان بۇ ئىككى خىل ئىنسانىنىڭ ئىچىدىن ئۆزلىرى ئەقىل - پاراسەت ۋە جىسمانىي جەھەتتە مەرتىۋىسىنى پەس ۋە تۆۋەن چاغلايدىغان قىزلارنى اللە تائالانىڭ بالىسى قىلىپ نىسبەت بەردى.

بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) (سىلەرچە ياخشى ھېساپلانغان) ئوغۇل بالا سىلەرگە خاس بولۇپ، (سىلەرچە يامان ھېساپلانغان) قىز بالا اللەغا خاسمۇ؟ ئۇنداقتا بۇ ئادالەتسىز تەقسىماتتۇر﴾[2].

**﴿ئۇلار (پەرىشتىلەرنى اللەنىڭ قىزلىرى دېيىش بىلەن) اللەنىڭ بىر قىسىم بەندىلىرىنى اللەنىڭ بىر جۇزئىيى قىلىۋالدى. (مۇنداق دېگۈچى) ئىنسان ھەقىقەتەن اللەغا ئاشكارا ناشۈكۈرلۈك قىلغۇچىدۇر. اللە مەخلۇقاتتىن ئۆزى ئۈچۈن قىزلارنى (بالا) تۇتۇپ، سىلەرنى ئوغۇللارغا خاس قىلدىمۇ؟﴾** اللە تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ناھايىتى قاتتىق دەرىجىدە ئەيىبلەيدۇ.

ئاندىن اللە تائالا بۇ ئەيىبلەشنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرىگە مەرھەمەتلىك اللەغا مەسەل قىلغان نەرسە (يەنى قىز بالا) بىلەن بېشارەت بېرىلسە (يەنى خوتۇنىنىڭ قىز تۇغقانلىقى خەۋەر قىلىنسا)، قايغۇغا چۆمگەن ھالدا ئۇنىڭ يۈزى قارىداپ كېتىدۇ﴾** يەنى اللە غا نىسبەت بەرگەن قىز بىلەن ئۇلارنىڭ بىرىگە بېشارەت بېرىلگەن چاغدا، ئۇ ئۇنىڭدىن قاتتىق نومۇس قىلىدۇ، ئۇنىڭغا بېرىلگەن خەۋەرنىڭ يامانلىقىدىن ئۇنىڭ يۈزىدە ھەسرەت ئالامىتى ئاشكارا كۆرىلىدۇ. بۇ خەۋەردىن خىجىل بولۇپ قەۋملىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ۋەھالەنكى سىلەر قىز بالىنى اللە تائالاغا نىسبەت بېرىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قانداقمۇ نومۇس قىلىسىلەر؟ **﴿(ئۇلار اللەغا) زىبۇ زىننەت ئىچىدە چوڭ بولىدىغان، مۇنازىرىدە مەقسىتىنى ئوچۇق بايان قىلالمايدىغان (قىزلارنى مەنسۇپ قىلامدۇ؟)﴾** يەنى ئايال كىشى تەبئىي نوقسانلىق بولۇپ، ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا زىبۇ - زىننەت ئىچىدە چوڭ بولۇش بىلەن ئۇنىڭ نۇقسانى تولۇقلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ مۇنازىرىلىشىپ قالسا، قىلىدىغان سۆز تاپالماي تەمتىرەپ قالىدۇ. يەنى مەقسىتىنى بايان قىلىشقا ئاجىز كېلىپ تىلى تۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئەھۋالى بۇنداق ئادەمنى كۈچلۈك ۋە بۈيۈك اللە تائالاغا مەنسۇپ قىلسا بولامدۇ؟ ئايال كىشى تاشقى كۆرۈنۈشىدە ۋە مەنىۋىي جەھەتتە نۇقسانلىق يارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىكى نۇقسانى چىرايلىق كىيىنىش، گۈزەل زىبۇ - زىننەت بويۇملىرىنى تاقاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق تولۇقلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ مەنىۋىي يەنى ئىچكى جەھەتتىكى نوقسانى بولسا، جىسمانى جەھەتتىكى زەئىپلىك بولۇپ، غەلىبە قىلىش پۇرسىتى كەلگەندە غەلىبىگە ئېرىشىشكە جۈرئەت قىلىشتىن ئاجىزدۇر. ئۇنىڭ نە سۆزمەنلىكى، نە ئىرادىسى يوق. بۇ ھەقتە بەزى

---

[1] سۈرە ئەنئام 136 - ئايەت.
[2] سۈرە نەجم 21 - 22 - ئايەتلەر.

www.munber.org

ئەرەبلەرنىڭ قىز بىلەن بېشارەت بېرىلگەندە مۇنداق دەيدىغان ماقالىسى بار: قىز بالا ئوغۇل بالىدەك نېمەت ئەمەس، ئۇنىڭ غەلىبىسى يىغىدۇر، ياخشىلىقى ئوغرىلىقتۇر[1].

﴿ئۇلار مەرھەمەتلىك اللەنىڭ بەندىلىرى بولغان پەرىشتىلەرگە قىز دەپ ئېتىقاد قىلدى﴾ يەنى ئۇلار پەرىشتىلەرنى شۇنداق دەپ قارايتتى. الله تائالا ئۇلارنىڭ بۇ بۇزۇق ئېتىقادىغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللە پەرىشتىلەرنى ياراتقاندا، ئۇلار ئۇستىدە بارمىدى؟ (يەنى ئۇلار پەرىشتىلەرنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى قەيەردىن بىلىدۇ؟)﴾ يەنى ئۇلار الله تائالانىڭ پەرىشتىلەرنى قىز قىلىپ ياراتقانلىقىنى كۆردىمۇ؟

﴿ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى (ئۇلارنىڭ نامە ـ ئەمالىغا) يېزىلىدۇ﴾ يەنى ئۇلارنىڭ پەرىشتىلەرنى قىز دەپ بەرگەن گۇۋاھلىقى ئۇلارنىڭ نامە ـ ئەمەل دەپتىرىگە يېزىلىدۇ. ﴿(قىيامەت كۈنى) ئۇلار سوراققا تارتىلىدۇ﴾ يەنى ئۇلار قىيامەت كۈنى ئەنە شۇ يامان قىلمىشىدىن سوراققا تارتىلىدۇ. بۇ ئايەت ئۇلارغا بېرىلگەن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەھدىتتۇر.

﴿ئۇلار: «مەرھەمەتلىك اللە خالىسا، بىز ئۇلارغا (يەنى پەرىشتىلەرگە) چوقۇنمايتتۇق» دېدى﴾ يەنى ئۇلار: ئەگەر خالىسا، ئەلۋەتتە بىزنى الله تائالانىڭ قىزلىرى بولغان پەرىشتىلەرنىڭ سۈرەتلىرىدىكى بۇ بۇتلارغا چوقۇنۇشىمىزدىن توسقان بولاتتى. الله تائالا ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇدىغانلىقىمىزدىن خەۋەرداردۇر. الله تائالا بىزنىڭ بۇ ئىبادىتىمىزنى ماقۇل كۆرىدۇ، دېدى. مۇشرىكلار بۇ يامان قىلمىشلىرى بىلەن تۆۋەندىكىدەك نۇرغۇن خاتالىقلارنى ئۆتكۈزدى.

بىرىنچى، ئۇلار الله تائالاغا بالا نىسبەت بەردى. الله تائالا ئۆزىگە بالا تۇتۇشتىن يۈكسەك دەرىجىدە ئۈستۈندۇر، ئۇلۇغدۇر ۋە پاكتۇر.

ئىككىنچى، ئۇلار: الله تائالا ئۆزىگە ئوغۇللارنى ئەمەس قىزلارنى بالا قىلىپ تاللىدى، دېدى. ئۇلار مەرھەمەتلىك الله تائالانىڭ بەندىلىرى بولغان پەرىشتىلەرنى قىز دەپ ئېتىقاد قىلدى.

ئۈچىنچى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار پەقەت قۇرۇق نەزەرىيە، ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرگە تايىنىپ ۋە ئىلگىرىكىلەرگە، چوڭلارغا، ئاتا ـ بوۋىلىرىغا، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى شەيتان ۋەسۋەسىلىرىگە ئەگىشىپ ئۆزلىرىنىڭ بۇزۇق گۇمانى بويىچە پەرىشتىلەرنىڭ سۈرەتلىرىدە ياسالغان بۇتلىرىغا الله تائالا تەرىپىدىن ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپات بولماستىن، رۇخسەتمۇ قىلىنماستىن چوقۇندى.

تۆتىنچى، ئۇلار ئەنە شۇ ئىبادەتلىرى ئۈچۈن بىمەنە نەرسىلەرنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇلار بۇ دەلىللىرىدە ئىنتايىن نادانلىق قىلدى. الله تائالا ئۇلارنىڭ بۇ دەلىللىرىنى قاتتىق ئەيىبلىدى.

الله تائالا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن، كىتابلارنى نازىل قىلغاندىن باشلاپ، ئىنسانلارنى ھېچ شېرىكى يوق يالغۇز الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇپ، الله تائالادىن باشقىغا ئىبادەت قىلىشتىن توسۇپ كەلدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: «اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا اللە ھىدايەت قىلغانلىرىمۇ بار، گۇمراھلىققا تېگىشلىك بولغانلىرىمۇ بار. يەر يۈزىدە سەير قىلىپ يۈرۈپ (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزىتىڭلار﴾[2] ﴿سەندىن بۇرۇن بىز ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىمىزدىن سوراپ

---

[1] بۇ يەردىكى ئوغرىلىقتىن ئاياللارنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاسان ئۇتۇۋالىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن.
[2] سۈرە نەھل 36 ـ ئايەت.

www.munber.org

باققىنكى، مېھرىبان اللەدىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھلارنى بەلگىلىدۇقمۇ؟ (پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدە اللەدىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغىنى بارمۇ؟)﴾[1].

الله تائالا (تەپسىر قىلىنىۋاتقان) بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ بۇ بىمەنە دەللىنى تىلغا ئالغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بۇ توغرۇلۇق ئۇلارنىڭ بىلىمى (يەنى ئاساسى) يوق**﴾ يەنى دېگەن سۆزلىرىنىڭ ۋە كەلتۈرگەن دەلىللىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى ھەققىدە بىلىمى يوق.

﴿**ئۇلار پەقەت جۆيلۈيدۇ**﴾ يەنى ئۇلار يالغاندىن سۆزلەيدۇ، يالغاننى توقۇيدۇ. مۇجاھىد بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئۇلار الله تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەردىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ.

* * * * * * *

أَمۡ ءَاتَيۡنَٰهُمۡ كِتَٰبٗا مِّن قَبۡلِهِۦ فَهُم بِهِۦ مُسۡتَمۡسِكُونَ ٢١ بَلۡ قَالُوٓاْ إِنَّا وَجَدۡنَآ ءَابَآءَنَا عَلَىٰٓ
أُمَّةٖ وَإِنَّا عَلَىٰٓ ءَاثَٰرِهِم مُّهۡتَدُونَ ٢٢ وَكَذَٰلِكَ مَآ أَرۡسَلۡنَا مِن قَبۡلِكَ فِي قَرۡيَةٖ مِّن نَّذِيرٍ إِلَّا قَالَ
مُتۡرَفُوهَآ إِنَّا وَجَدۡنَآ ءَابَآءَنَا عَلَىٰٓ أُمَّةٖ وَإِنَّا عَلَىٰٓ ءَاثَٰرِهِم مُّقۡتَدُونَ ٢٣ ۞ قَٰلَ أَوَلَوۡ جِئۡتُكُم
بِأَهۡدَىٰ مِمَّا وَجَدتُّمۡ عَلَيۡهِ ءَابَآءَكُمۡۖ قَالُوٓاْ إِنَّا بِمَآ أُرۡسِلۡتُم بِهِۦ كَٰفِرُونَ ٢٤ فَٱنتَقَمۡنَا مِنۡهُمۡۖ
فَٱنظُرۡ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلۡمُكَذِّبِينَ ٢٥

*ئۇلارغا بىز قۇرئاندىن ئىلگىرى (قانداقتۇر) بىر كىتاب بەرگەن بولۇپ، ئۇلار شۇ كىتابقا مەھكەم ئېسىلامدۇ؟﴿21﴾. ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار: «ھەقىقەتەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلىمىز، بىز ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ھىدايەت تاپقۇچىدۇرمىز» دەيدۇ﴿22﴾. شۇنىڭدەك سەندىن ئىلگىرى ھەر قاچان بىرەر شەھەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) ئەۋەتسەكلا، ئۇنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى: «بىز ھەقىقەتەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلىمىز، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن ماڭىمىز» دېيىشتى﴿23﴾. (ھەر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگە) «ئاتا ـ بوۋاڭلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىنغا قارىغاندا ئەڭ توغرا بىر دىننى كەلتۈرسەم يەنىلا ئاتا ـ بوۋاڭلارغا ئەگىشەمسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: «سىلەر ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئىشەنمەيمىز» دېيىشتى﴿24﴾. بىز ئۇلارنى جازالىدۇق، (توغرا يولنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن﴿25﴾.*

## مۇشرىكلارنىڭ ھېچقانداق دەلىلىنىڭ يوق ئىكەنلىكى توغرىسىدا

الله تائالا مۇشرىكلارنىڭ ھېچقانداق پاكىتسىز، دەلىل ـ ئىسپاتسىز ھالدا الله تائالادىن باشقا نەرسىگە ئىبادەت قىلغانلىقىنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارغا بىز قۇرئاندىن ئىلگىرى (قانداقتۇر) بىر كىتاب بەرگەن بولۇپ**﴾ يەنى ئۇلار الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى بىز ئۇلارغا كىتاب بەرگەن بولۇپ، ﴿**ئۇلار شۇ كىتابقا مەھكەم ئېسىلامدۇ؟**﴾ يەنى ئۇلار شۇ كىتاب بويىچە الله تائالاغا شېرىك

(1) سۈرە زۇخرۇف 45 - ئايەت.

www.munber.org

كەلتۈرەمدۇ؟ ئىش ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ياكى ئۇلارغا ئۇلارنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشىنىڭ توغرىلىقىنى سۆزلەيدىغان بىرەر كىتاب نازىل قىلدۇقمۇ؟)﴾[1] يەنى مۇنداق بولغىنى يوق.

**﴿ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار: «ھەقىقەتەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلىمىز، بىز ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ھىدايەت تاپقۇچىدۇرمىز» دەيدۇ﴾** يەنى ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغىنىنى بىلەتتۇق دەپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىغا قارىغۇلارچە ئەگىشىشتىن باشقا تايانغۇدەك ھېچقانداق دەلىلى يوق.

ئۇلارنىڭ **﴿بىز ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ﴾** يەنى ئارقىسىدىن مېڭىپ **﴿ھىدايەت تاپقۇچىدۇرمىز﴾** دېگەن سۆزى ئۇلارنىڭ قۇرۇق دەۋاسىدىنلا ئىبارەتتۇر.

الله تائالا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئىلگىرى ئۆتكەن، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتلەردىن ئەنە شۇ مۇشرىكلارغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئاللىبۇرۇن قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ. ئىلگىرى ئۆتكەنلەر مۇشرىكلارنىڭ سۆزىگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلدى: ﴿ئۇلاردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرمۇ شۇنداق ئىدى، ئۇلارغا ھەر پەيغەمبەر كەلسىلا ئۇلار (ئۇنى): «بىر سېھىرگەر ياكى بىر مەجنۇن» دېدى. ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشنى) بىر ـ بىرىگە تەۋسىيە قىلىشقانمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئۇنداق تەۋسىيە قىلىشقان ئەمەس) ئۇلار ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمدۇر﴾[2].

**﴿شۇنىڭدەك سەندىن ئىلگىرى ھەر قاچان بىرەر شەھەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) ئەۋەتسەكلا، ئۇنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى: «بىز ھەقىقەتەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلىمىز، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن ماڭىمىز» دېيىشتى﴾**

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد ئەنە شۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، **﴿(ھەر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگە) «ئاتا ـ بوۋاڭلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىنغا قارىغاندا ئەڭ توغرا بىر دىننى كەلتۈرسەم يەنىلا ئاتا ـ بوۋاڭلارغا ئەگىشەمسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: «سىلەر ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئىشەنمەيمىز» دېيىشتى﴾** يەنى ئەگەر ئۇلار سەن ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلسە ۋە ھەقىقىي ئىشەنسە ئىدى، ئۇلار الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، الله تائالادىن باشقىغا ئىبادەت قىلىش، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىزىدىن قارىغۇلارچە مېڭىش ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنى ھەق دىن ئۈستىدە دەپ دەۋا قىلىش قاتارلىق قىلمىشلىرىغا ئەلۋەتتە بويسۇنمىغان بولاتتى. ئۇلار نىيىتىنىڭ يامانلىقى، ھەققە ۋە ھەق ئەھلىگە چوقچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن گۇمراھلىققا پېتىپ كەتتى.

**﴿بىز ئۇلارنى جازالىدۇق﴾** يەنى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتلەرنى تۈرلۈك ئازاب بىلەن جازالىدۇق. الله تائالا ئۇلارغا چۈشكەن ئازابنى ئۇلارنىڭ قىسسىلىرىدە تەپسىلىي بايان قىلدى.

**﴿(توغرا يولنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن﴾** يەنى ئۇلارنىڭ قانداق يوقىتىلغانلىقىغا ۋە ھالاك قىلىنغانلىقىغا، الله تائالا مۆمىن ئادەملەرگە قانداق نىجاتلىق بەرگەنلىكىگە قارىغىن.

* * * * * * *

[1] سۈرە رۇم 35 - ئايەت.
[2] سۈرە زارىيات 52 — 53 - ئايەتلەر.

www.munber.org

وَإِذْ قَالَ إِبْرَٰهِيمُ لِأَبِيهِ وَقَوْمِهِۦٓ إِنَّنِى بَرَآءٌ مِّمَّا تَعْبُدُونَ ﴿٢٦﴾ إِلَّا ٱلَّذِى فَطَرَنِى فَإِنَّهُۥ سَيَهْدِينِ
﴿٢٧﴾ وَجَعَلَهَا كَلِمَةًۢ بَاقِيَةً فِى عَقِبِهِۦ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ ﴿٢٨﴾ بَلْ مَتَّعْتُ هَٰٓؤُلَآءِ وَءَابَآءَهُمْ حَتَّىٰ جَآءَهُمُ
ٱلْحَقُّ وَرَسُولٌ مُّبِينٌ ﴿٢٩﴾ وَلَمَّا جَآءَهُمُ ٱلْحَقُّ قَالُوا۟ هَٰذَا سِحْرٌ وَإِنَّا بِهِۦ كَٰفِرُونَ ﴿٣٠﴾ وَقَالُوا۟ لَوْلَا نُزِّلَ
هَٰذَا ٱلْقُرْءَانُ عَلَىٰ رَجُلٍ مِّنَ ٱلْقَرْيَتَيْنِ عَظِيمٍ ﴿٣١﴾ أَهُمْ يَقْسِمُونَ رَحْمَتَ رَبِّكَ ۚ نَحْنُ قَسَمْنَا بَيْنَهُم
مَّعِيشَتَهُمْ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا ۚ وَرَفَعْنَا بَعْضَهُمْ فَوْقَ بَعْضٍ دَرَجَٰتٍ لِّيَتَّخِذَ بَعْضُهُم بَعْضًا سُخْرِيًّا ۗ
وَرَحْمَتُ رَبِّكَ خَيْرٌ مِّمَّا يَجْمَعُونَ ﴿٣٢﴾ وَلَوْلَآ أَن يَكُونَ ٱلنَّاسُ أُمَّةً وَٰحِدَةً لَّجَعَلْنَا لِمَن يَكْفُرُ بِٱلرَّحْمَٰنِ
لِبُيُوتِهِمْ سُقُفًا مِّن فِضَّةٍ وَمَعَارِجَ عَلَيْهَا يَظْهَرُونَ ﴿٣٣﴾ وَلِبُيُوتِهِمْ أَبْوَٰبًا وَسُرُرًا عَلَيْهَا يَتَّكِـُٔونَ ﴿٣٤﴾
وَزُخْرُفًا ۚ وَإِن كُلُّ ذَٰلِكَ لَمَّا مَتَٰعُ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا ۚ وَٱلْءَاخِرَةُ عِندَ رَبِّكَ لِلْمُتَّقِينَ ﴿٣٥﴾

*ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە ئېيتتى: «سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلاردىن مەن راستلا ئادا ـ جۇدامەن[26]. پەقەت مېنى ياراتقان الله مېنى (توغرا يولغا) باشلايدۇ»[27]. ئىبراھىم كەلىمە تەۋھىدنى ئەۋلادىدىن (شېرىك كەلتۈرگەنلەر) ئىمانغا قايتسۇن دەپ ئەۋلادى ئىچىدە قالدۇرۇپ كەتتى[28]. بەلكى مەن بۇلار (يەنى مەككە ئاھالىسى)نى ۋە بۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنى (ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە نېمەتتىن) بەھرىمەن قىلدىم، تاكى ئۇلارغا ھەق (يەنى قۇرئان) ۋە روشەن پەيغەمبەر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلگۈچە[29]. ئۇلارغا ھەق (يەنى قۇرئان) كەلگەندە، ئۇلار: «بۇ سېھىردۇر، بىز ھەقىقەتەن ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىمىز» دېيىشتى[30]. ئۇلار: «بۇ قۇرئان نېمىشقا ئىككى شەھەر (يەنى مەككە بىلەن تائىف ئادەملىرىدىن) بىر كاتتا ئادەمگە نازىل قىلىنمىدى؟» دېيىشتى[31]. پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلىپ بېرەمدۇ؟ بىز ئۇلارنىڭ ھاياتىي دۇنيادىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى (ھەق بېرىپ) ئىشقا سالسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق، پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتى ئۇلارنىڭ توپلىغان نەرسىلىرى (يەنى پۇل ـ ماللىرى)دىن ياخشىدۇر[32]. ئىنسانلار (كۇففارلارنىڭ باياشات تۇرمۇشىنى كۆرۈپ كۇفرىغا قىزىقىپ ئۇلارغا قوشۇلۇپ) ھەممىسى (كۇفرىدا) بىر ئۈممەت بولۇپ قالمايدىغان بولسا ئىدى، مەرھەمەتلىك اللەنى ئىنكار قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا چىقىدىغان شوتىلىرىنى كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق[33]. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى ۋە تەختلىرىنىمۇ كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق، ئۇلار تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى[34]. (يۇقىرىقىلارنىڭ بەزىسىنى) ئالتۇندىن قىلىپ بېرەتتۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت دۇنيا تىرىكچىلىكىدە پايدىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھۇزۇرىدىكى ئاخىرەت (يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭدىكى نازۇنېمەتلەر) تەقۋادارلارغا خاستۇر[35].*

www.munber.org

## ﷲ تائالانىڭ دوستى ئىبراھىمنىڭ تەۋھىدنى ئىلان قىلىشى توغرىسىدا

ﷲ تائالا بۇ ئايەتلەردە ئۆزىنىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى، سۆيۈملۈك دوستى، توغرا يولدىكىلەرنىڭ پېشۋاسى، ئۆزىدىن كېيىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى بولغان، قۇرەيش قەبىلىسى ئۆزلىرىنىڭ نەسەبىنى ۋە كېلىپ چىقىشىنى ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىدىغان پەيغەمبەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاتىسىدىن ۋە قەۋمىدىن ئۇلارنىڭ بۇتلارغا ئىبادەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئادا - جۇدا بولدى ۋە مۇنداق دېدى: ﴿**« سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلاردىن مەن راستلا ئادا - جۇدامەن. پەقەت مېنى ياراتقان اللە مېنى (توغرا يولغا) باشلايدۇ ». ئىبراھىم كەلىمە تەۋھىدنى ئەۋلادىدىن (شېرىك كەلتۈرگەنلەر) ئىمانغا قايتسۇن دەپ ئەۋلادى ئىچىدە قالدۇرۇپ كەتتى**﴾ يەنى ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن تەۋھىد سۆزى، ھېچ شېرىكى بولمىغان يالغۇز ﷲ تائالاغا ئىبادەت قىلىش، ﷲ تائالادىن باشقا بۇتلاردىن پۈتۈنلەي ئالاقىسىنى ئۈزۈش ۋە ﷲ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ بەرھەق يوقتۇر، دەپ ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئەۋلادىدىن ﷲ تائالا ھىدايەت قىلغان ئادەم ئۆزىگە ئەگەشسۇن يەنى كەلىمە تەۋھىدكە قايتسۇن دەپ، كەلىمە تەۋھىدنى ئەۋلادلىرىنىڭ ئىچىدە مەڭگۈلۈك قالدۇردى.

ئىكرىمە، مۇجاھىد، زەھھاك، قەتادە، سۇددى ۋە باشقىلار بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئۇ سۆز ﷲ تائالادىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، دېگەن سۆزدۇر. ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادى ئىچىدە تەۋھىد كەلىمىسىنى ھەمىشە ئېيتىدىغان ئادەم چىقىپ تۇرىدۇ. ئىبنى ئاببا‌س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى. ئىبنى زەيد: ئۇ سۆز ئىسلام شۇئاردۇر، دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى يۇقىرىدىكى كۆپچىلىكنىڭ دېگەنلىرى بىلەن بىر مەنىنى كۆرسىتىدۇ.

## مەككە ئەھلىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يۈز ئۆرۈشى، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈشى ۋە بۇ ئېتىرازغا بېرىلگەن جاۋاب توغرىسىدا

﴿**بەلكى مەن بۇلار (يەنى مەككە ئاھالىسى)نى ۋە بۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنى (ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە نېمەتتىن) بەھرىمەن قىلدىم**﴾ يەنى ﷲ تائالا مۇشرىكلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىغا (گەرچە ئۇلار گۇمراھلىقتا بولسىمۇ)، ئۇزۇن ئۆمۈر بەردى.

﴿**تاكى ئۇلارغا ھەق (يەنى قۇرئان) ۋە روشەن پەيغەمبەر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلگۈچە**﴾ يەنى ئۇلارغا پەيغەمبەرلىك ۋە ئاگاھلاندۇرۇش كەلگۈچە ئۇزۇن ئۆمۈر بەردى. ﴿**ئۇلارغا ھەق يەنى قۇرئان كەلگەندە ئۇلار: « بۇ سېھىردۇر، بىز ھەقىقەتەن ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىمىز » دېيىشتى**﴾ يەنى ئۇلار قۇرئاندىن تاندى، ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشتى. كۇفرۇلۇق، ھەسەد، پىتنە - پاسات دىللىرىغا توشۇپ كەتكەنلىكتىن ئۇنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى.

يۈكسەك ۋە پاك ﷲ تائالا نازىل قىلغان بۇ قۇرئانغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ:﴿**« بۇ قۇرئان نېمىشقا ئىككى شەھەر (يەنى مەككە بىلەن تائىف ئادەملىرىدىن) بىر كاتتا ئادەمگە نازىل قىلىنمىدى؟ » دېيىشتى**﴾ ئىبنى ئاببا‌س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئىكرىمە، مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەيزىي، قەتادە، سۇددى ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئۇلار بۇ قۇرئان نېمىشقا مەككە بىلەن تائىفتىن ئىبارەت ئىككى شەھەر ئادەملىرىدىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە يۈز - ئابرۇيلۇق، كاتتا كۆرۈنىدىغان بىر ئادەمگە نازىل قىلىنمىدى؟

www.munber.org

بىر نەچچە تەپسىرشۇناسلار: مۇشرىكلار بۇ سۆزلىرى بىلەن ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە ۋە ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇد، سەقەفىنى دېمەكچى، دېدى. بۇ ئايەتنىڭ ئاشكارا مەنىسى: ئۇلار بۇ ئىككى شەھەر ئادەملىرىنىڭ قايىسىسىنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كاتتا بىر ئادەمنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

الله تائالا ئۇلارنىڭ بۇ ئېتىرازلىرىغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلىپ بېرەمدۇ؟﴾ يەنى ئىش ئۇلارغا تاپشۇرۇلمايدۇ، بەلكى الله تائالاغا تاپشۇرۇلىدۇ. الله تائالا پەيغەمبەرلىكنى كىمگە بېرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. الله تائالا ۋەھىينى پەقەت ئىنسانلار ئىچىدىن قەلبى ۋە روھى ئەڭ پاك، ئەڭ شەرەپلىك ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، ئەسلى كېلىپ چىقىشى ئەڭ ئېسىل ئادەمگە نازىل قىلىدى.

الله تائالا ئىنسانلارنىڭ ئارىسىنى ئۇلارغا بەرگەن پۇل - مال، رىزىق، ئەقىل، چۈشەنچە ۋە باشقا تاشقى ۋە ئىچكى جەھەتتىكى ئەقىل ئىدراكنى پەرقلىق قىلىپ ياراتقانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئۇلارنىڭ ھاياتىي دۇنيادىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى (ھەق بېرىپ) ئىشقا سالسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق﴾ سۇددى ۋە باشقىلار: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئىشلاردا ھاجىتى بولغانلىقتىن بەزىسىنى بەزىسى باشقۇرۇپ ئىشقا سالسۇن، دەپ شۇنداق قىلدۇق دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتى ئۇلارنىڭ توپلىغان نەرسىلىرى (يەنى پۇل - ماللىرى)دىن ياخشىدۇر﴾ يەنى الله تائالانىڭ ئىنسانلارغا بولغان رەھمىتى ئۇلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى پۇل - مالدىن، ھاياتىي دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن ياخشىدۇر.

## پۇل - مال بېرىلگەنلىكنىڭ الله تائالانىڭ ئۇلاردىن رازى بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

﴿ئىنسانلار (كۇففارلارنىڭ باياشات تۇرمۇشىنى كۆرۈپ كۇفرىغا قىزىقىپ ئۇلارغا قوشۇلۇپ) ھەممىسى (كۇفرىدا) بىر ئۇممەت بولۇپ قالمايدىغان بولسا ئىدى﴾ يەنى ئەگەر كاللىسى ئاددى، جاھىل نۇرغۇن ئادەملەر ئۆز خىياللىرىدا بىزگە بېرىلگەن پۇل - ماللار الله نىڭ بىزنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن بېرىلگەن دەپ قاراپ، پۇل - مال ئۈچۈن ھەممىسى كاپىر بولۇپ كەتمىسە ئىدى! بۇ، ئىبنى ئابباس، ھەسەن، قەتادە، سۇددى ۋە باشقىلارنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە قىلغان سۆزىنىڭ خۇلاسە مەزمۇنىدۇر.

﴿مەرھەمەتلىك اللەنى ئىنكار قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا چىقىدىغان شوتىلىرىنى كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق﴾ ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، قەتادە، سۇددى، ئىبنى زەيد ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنى شوتىلارنى ۋە پەلەمپەيلەرنى كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق دېگەنلىكتۇر، دەپ تەپسىر قىلدى.

﴿ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى﴾ يەنى ئىشىكلىرىنىڭ تاقاقلىرىنى ﴿ۋە تەختلىرىنىمۇ كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق، ئۇلار تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى﴾ يەنى بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق.

﴿(يۇقىرىقىلارنىڭ بەزىسىنى) ئالتۇندىن قىلىپ بېرەتتۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت دۇنيا تىرىكچىلىكىدە پايدىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر﴾ يەنى ئۇلار پەقەت تۈگەپ كېتىدىغان، الله تائالانىڭ ھۇزۇرىدا ئەرزىمەس دۇنيا مەنپەئەتلىرىدۇر. الله تائالا ئۇلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن ئاخىرەتتە

www.munber.org

ئالىدىغان ھەققىنى بۇ دۇنيادىلا بېرىپ، يېمەك - ئىچمىكىنى باياشات قىلىپ بېرىدۇ. خۇددى سەھى ھەدىستە بايان قىلىنغىنىدەك، ئۇلارغا اﷲ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا مۇكاپات بېرىدىغان ياخشىلىقى بولمايدۇ.
يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئەگەر مال - دۇنيا اﷲ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا پاشىنىڭ قانىتىچىلىك قەدىرگە ئېلىنىدىغان نەرسە بولسا، اﷲ تائالا كاپىرغا ئۇنىڭدىن بىر يوتۇم سۇمۇ بەرمىگەن بولاتتى» بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى بەغەۋى رىۋايەت قىلغان.
**﴿پەرەۋەردىگارىڭنىڭ ھۇزۇرىدىكى ئاخىرەت (يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭدىكى نازۇ - نېمەتلەر) تەقۋادارلارغا خاستۇر﴾** يەنى جەننەت ئۇلارغا خاستۇر. جەننەتكە ئۇلاردىن باشقا ھېچكىم شېرىك بولالمايدۇ.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرى بىلەن بىر ئاي بىرگە بولماسلىققا قەسەم قىلىپ، ئۆزىگە خاس ئۆيىدە كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان كۈنلەردە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بورىدىن توقۇلغان كارۋات ئۈستىدە ياتقانلىقىنى، بورىنىڭ ئۇنىڭ مۇبارەك بېقىنىغا پېتىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش چىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: ئى اﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! كىسرا بىلەن قەيسەر ئىككىسى تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز شۇنداق باياشات تۇرمۇش ئىچىدە ياشايدۇ، سەن بولساڭ اﷲ تائالانىڭ ئىنسانلار ئىچىدىن تاللىغان ئەڭ ياخشى ئادىمى، دەيدۇ.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۆلىنىپ ئولتۇرغان يېرىدىن قەددىنى رۇسلاپ ئولتۇرۇپ: «ئى ئۆمەر! سەن تېخى شەكتىمۇ؟» دەيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋام قىلىپ: «ئەنە شۇلار پاك نەرسىلىرى ھاياتى دۇنيادىلا تېز بېرىۋېتىلگەن بىر قەۋمدۇر» دەيدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئى ئۆمەر! ئاخىرەتنىڭ، بىزگە دۇنيانىڭ ئۇلارغا ، بولۇشىغا رازى بولماسمەن؟» دېيىلگەن.
ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:«ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىلاردا ئىچىملىك ئىچمەڭلار، ئالتۇن ۋە كۈمۈش لېگەنلەردە يېمەكلىك يېمەڭلار، ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىلارنى ئىشلىتىش دۇنيادا كاپىرلار ئۈچۈندۇر. ئاخىرەتتە بىز ئۈچۈندۇر».
دۇنيا بايلىقى ئەرزىمەس نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن اﷲ تائالا ھەقىقەتەن ئۇنى كاپىرلارغا نېمەت قىلىپ بەردى. بۇ ھەقتە ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە سەھل ئىبنى سەئددىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر دۇنيا اﷲ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا پاشىنىڭ قانىتىچىلىك قەدىرگە ئېلىنىدىغان نەرسە بولسا، اﷲ تائالا كاپىرلارغا ئۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ بىر يۇتۇم سۇمۇ بەرمىگەن بولاتتى».

* * * * * * *

وَمَن يَعْشُ عَن ذِكْرِ ٱلرَّحْمَٰنِ نُقَيِّضْ لَهُۥ شَيْطَٰنًا فَهُوَ لَهُۥ قَرِينٌ ﴿٣٦﴾ وَإِنَّهُمْ لَيَصُدُّونَهُمْ عَنِ
ٱلسَّبِيلِ وَيَحْسَبُونَ أَنَّهُم مُّهْتَدُونَ ﴿٣٧﴾ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَنَا قَالَ يَٰلَيْتَ بَيْنِى وَبَيْنَكَ بُعْدَ ٱلْمَشْرِقَيْنِ فَبِئْسَ
ٱلْقَرِينُ ﴿٣٨﴾ وَلَن يَنفَعَكُمُ ٱلْيَوْمَ إِذ ظَّلَمْتُمْ أَنَّكُمْ فِى ٱلْعَذَابِ مُشْتَرِكُونَ ﴿٣٩﴾ أَفَأَنتَ تُسْمِعُ ٱلصُّمَّ
أَوْ تَهْدِى ٱلْعُمْىَ وَمَن كَانَ فِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٤٠﴾ فَإِمَّا نَذْهَبَنَّ بِكَ فَإِنَّا مِنْهُم مُّنتَقِمُونَ ﴿٤١﴾ أَوْ
نُرِيَنَّكَ ٱلَّذِى وَعَدْنَٰهُمْ فَإِنَّا عَلَيْهِم مُّقْتَدِرُونَ ﴿٤٢﴾ فَٱسْتَمْسِكْ بِٱلَّذِىٓ أُوحِىَ إِلَيْكَ ۖ إِنَّكَ عَلَىٰ

www.munber.org

صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ﴿٤٣﴾ وَإِنَّهُۥ لَذِكۡرٞ لَّكَ وَلِقَوۡمِكَۖ وَسَوۡفَ تُسۡـَٔلُونَ ﴿٤٤﴾ وَسۡـَٔلۡ مَنۡ أَرۡسَلۡنَا مِن قَبۡلِكَ مِن رُّسُلِنَآ أَجَعَلۡنَا مِن دُونِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ءَالِهَةٗ يُعۡبَدُونَ ﴿٤٥﴾

،يىز ظارىيدعكەن (يەنع قذرظاندعن) كعمكع مئهرعبان اللەنع ياد ظئتعشتعن
،(شەيتان ظذنع ۋەسۋەسە قعلعدذ) بعز ظذنعثغا شەيتاننع مذسەللەت قعلعمعز
شىبهعسعزكع، شەيتانلار ظذلارنع - شەك .)36(شەيتان ظذنعثغا هەمعشە هەمراه بولعدذ
توغرا يولدعن توسعدذ، ظذلار بولسا ظأزلعرعنع توغرا (يەنع ظازغذن كذففارلارنع)
(هەمراهع بعلەن قعيامەتكە كىنع) كاصعر ظادەم .)37(دذيولدا دەص ضذمان قعلع
كاشكع سەن بعلەن مئنعث ظارامدا شەرق» :(هەمراهعغا) دەرضاهعمعزغا كەلضەن حاغدا
!ئنمعدئضەن يامان هەمراه (سەن) .بعلەن غەربنعث ظارعسعدەك ظارعلعق بولسا ظعكەن
(ظذلارغا) .)38(دەيدذ «(حىنكع سەن مئنعث بەختسعزلعكعمضە سەۋەبحع بولدذث)
(يەنع شئرعك كەلتىرضەنلعكعثلار) زذلذم قعلغانلعقعثلار (دذنيادعكع حاغدا)»
ظىحىن بىضىن سعلەرنعث ظازابتا ظورتاق بولغانلعقعثلار سعلەرضە صايدا
سەن ضاسلارغا ظاثلعتالامسەن؟ يا كورلارنع (ﷺ مذهەممەد) .)39(دئيعلعدذ «بەرمەيدذ
ظاشكارا (ع كذففارلار ضاسلارغا، كورلارغا ظوخشايدذيەن) توغرا يولغا سالالامسەن؟
ظذلارنع جازالاشتعن) .)40(ضذمراهلعقتا بولغان كعشعنع هعدايەتكە قعلالامسەن؟
(يەنع ۋاصات قعلدذرساق ۋاصاتعثدعن كئيعن) سئنع ظئلعص كەتسەك (ظعلضعرع
قعلغان ظذلارغا ۋەدە (هاياتعثدا) ياكع بعز ساثا .)41(ظذلارنع حوقذم جازالايمعز
(يەنع ظذلارغا ظازاب قعلعشقا) ظازابنع كأرسعتعمعز، بعز، شىبهعسعزكع، ظذلارغا
ساثا ۋەهيع قعلعنغان قذرظانغا حعث ظئسعلغعن، سەن (ﷺ مذهەممەد) .)42(قادعرمعز
قذرظان ساثا ۋە سئنعث قەۋمعثضە ظەلۋەتتە .)43(هەقعقەتەن توغرا يولدعدذرسەن
.)44(سورعلعسعلەر (بذ نئمەتكە ظىستعدە) ضىسعدەشەرەصتذر، سعلەر كەل (ظذلذغ)
سەندعن بذرذن بعز ظەۋەتكەن صەيغەمبەرلعرعمعزدعن سوراص باققعنكع، مئهرعبان
اللەدعن باشقا ظعبادەت قعلعنعدعغان ظعلاهلارنع بەلضعلعدذقمذ؟
صەيغەمبەرلەرنعث ظعححعدە اللەدعن غەيرعيضە ظعبادەت قعلعشقا دەۋەت قعلغعنع)
.)45(بارمذ؟

## مەرھەمەتلىك الله تائالادىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىنىڭ شەيتاننىڭ دوست ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**﴿كىمكى مېھرىبان اللەنى ياد ئېتىشتىن (يەنى قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن﴾** يەنى كىمكى قۇرئاننىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىگە كورلۇق قىلىدىكەن ۋە غەپلەتتە قالىدىكەن **﴿بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز (شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ)، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ﴾**.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿كىمكى ئۆزىگە (مۆجىزىلەر ئارقىلىق) توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە) مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، مۆمىنلەرنىڭ يولىدىن غەيرىيگە ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!﴾[1] ﴿ئۇلار (ھەقتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، الله ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتتىن بۇرىۋەتتى، الله پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[2]. ﴿ئۇلارغا بىز

(1) سۈرە نىسا 115 - ئايەت.
(2) سۈرە سەف 5 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

(شەيتانلاردىن) دوستلارنى مۇسەللەت قىلدۇق، ئۇلار (يەنى شەيتانلار) ئۇلارغا ئالدى ـ كەينىدىكى نەرسىلەرنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى قەبىھ ئەمەللىرىنى) چىرايلىق كۆرسەتتى﴾[1].

**﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۇلارنى (يەنى ئازغۇن كۇففارلارنى) توغرا يولدىن توسىدۇ، ئۇلار بولسا ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ. كاپىر ئادەم (ھەمراھى بىلەن قىيامەت كۈنى) دەرگاھىمىزغا كەلگەن چاغدا﴾** يەنى ھىدايەتتىن غاپىل بولغان بۇ ئادەمگە، بىز ئۇنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇپ دوزاخ يولىغا باشلايدىغان شەيتانلارنى مۇسەللەت قىلىمىز. اللہ تائالا قىيامەت كۈنى كاپىرغا تېگىشلىك جازاسىنى بەرگەندە، ئۇ ئۆزىگە مۇسەللەت قىلىنغان شەيتانغا تاپا ـ تەنە قىلىپ: **﴿«كاشكى سەن بىلەن مېنىڭ ئارامدا شەرق بىلەن غەربنىڭ ئارىسىدەك ئارىلىق بولسا ئىكەن. (سەن) نېمىدېگەن يامان ھەمراھ! (چۈنكى سەن مېنىڭ بەختسىزلىكىمگە سەۋەبچى بولدۇڭ)» دەيدۇ﴾.**

**﴿(ئۇلارغا) «(دۇنيادىكى چاغدا) زۇلۇم قىلغانلىقىڭلار (يەنى شېرىك كەلتۈرگەنلىكىڭلار) ئۈچۈن بۈگۈن سىلەرنىڭ ئازابتا ئورتاق بولغانلىقىڭلار سىلەرگە پايدا بەرمەيدۇ» دېيىلىدۇ﴾** يەنى سىلەرنىڭ دوزاختا جەم بولغانلىقىڭلار قاتتىق ئازاپتا ئورتاق بولغانلىقىڭلار سىلەرگە بولغان ئازابنى يېنىكلىتەلمەيدۇ.

## ئانسىنىڭ قورسىقىدىكى چاغدا "بەختسىز" دەپ پۈتۈلگەن ئادەمنىڭ ھىدايەت تاپالمايدىغانلىقى توغرىسىدا

**﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن گاسلارغا ئاڭلىتالامسەن؟ يا كورلارنى توغرا يولغا سالالامسەن؟ (يەنى كۇففارلار گاسلارغا، كورلارغا ئوخشايدۇ) ئاشكارا گۇمراھلىقتا بولغان كىشىنى ھىدايەت قىلالامسەن؟﴾** يەنى بۇ سېنىڭ ئىشىڭ ئەمەس، سېنىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتىڭ بار، ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش ئىشى سېنىڭ ئۈستۈڭگە يۈكلەنگىنى يوق، لېكىن اللہ تائالا خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، اللہ تائالا شۇنداق قىلىشتا ئادىل ھۆكۈم چىقارغۇچىدۇر.

## اللہ تائالانىڭ پەيغەمبەرنىڭ دۈشمەنلىرىدىن چوقۇم ئىنتىقام ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا

**﴿(ئۇلارنى جازالاشتىن ئىلگىرى) سېنى ئېلىپ كەتسەك (يەنى ۋاپات قىلدۇرساق ۋاپاتىڭدىن كېيىن) ئۇلارنى چوقۇم جازالايمىز﴾** يەنى ئەگەر سېنى دەرگاھىمىزغا ئېلىپ كەتسەكمۇ، بىز ئۇلاردىن چوقۇم ئىنتىقام ئالىمىز.

**﴿ياكى بىز ساڭا (ھاياتىڭدا) ئۇلارغا ۋەدە قىلغان ئازابنى كۆرسىتىمىز، بىز، شۈبھىسىزكى، ئۇلارغا (يەنى ئۇلارغا ئازاب قىلىشقا) قادىرمىز﴾** يەنى بىز سېنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنى جازالاشقا ياكى سەن ھايات چېغىڭدا ئۇلارغا ۋەدە قىلغان ئازابنى كۆرسىتىشكە قادىرمىز. اللہ تائالا تاكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى دۈشمەنلىرىدىن خاتىرجەم قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكمىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدە يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ قورغانلىرىغا سەلتەنەتىنى تىكلەپ ئاندىن ئۇنى قەبزە روھ قىلدى. بۇ سۇددى ۋە ئىبنى جەرىرنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدىكى سۆزىنىڭ خۇلاسە مەنىسىدۇر.

## قۇرئانغا چىڭ ئېسىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش توغرىسىدا

[1] سۈرە فۇسسىلەت 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

﴿(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ۋەھيى قىلىنغان قۇرئانغا چىڭ ئېسىلغىن، سەن ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇرسەن﴾ يەنى ئى مۇھەممەد! سېنىڭ قەلبىڭگە نازىل قىلىنغان قۇرئاننى تۇتقا قىلغىن. قۇرئان ھەقتۇر. قۇرئان باشلىغان يول ھەقتۇر، ئۇ يول الله تائالانىڭ توغرا يولىدۇركى، ئۇ بەندىلەرنى ناز - نېمەتلىك جەننەتلەرگە، مۇقىم بولغان مەڭگۈلۈك ياخشىلىققا يەتكۈزىدىغان يولدۇر.

﴿قۇرئان ساڭا ۋە سېنىڭ قەۋمىڭگە ئەلۋەتتە (ئۇلۇغ) شەرەپتۇر﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى: قۇرئان ئۇلارغا ئۆز تىلىدا نازىل قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۇلارغا شەرەپ ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلار قۇرئاننى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدىغان ئىنسانلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار قۇرئاننى ئەڭ توغرا يول بەلگىسى قىلغان، قۇرئاننىڭ تەلىپىگە ئەڭ ئۇيغۇن ئىش قىلغان ئىنسانلاردىن بولۇشى كېرەك دېگەنلىك بولىدۇ. ئىلگىرى ئۆتكەن مۇھاجىرلاردىن ئىخلاسمەن، ياخشى، تاللانغان كىشىلەر، ئۇلارغا ئوخشىغان ۋە ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكەن كىشىلەر ئەنە شۇنداق ئىدى. بەزى تەپسىرشۇناسلار: يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ مەنىسى قۇرئان ساڭا ۋە سېنىڭ قەۋمىڭگە ئەلۋەتتە ۋەز - نەسىھەتتۇر دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. ئۇلارنى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە قەۋمىنى) خۇسۇسىي تىلغا ئېلىش ھەرگىزمۇ ئۇلاردىن باشقىلارنى بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىنىڭ تېشىدا قالدۇرۇشتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەرنىڭ شان - شەرىپىڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) سىلەرگە ھەقىقەتەن نازىل قىلىپ بەردۇق. (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر؟﴾[1] ﴿يېقىن خىش - ئەقربالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن﴾[2].

﴿سىلەر كەلگۈسىدە (بۇ نېمەت ئۈستىدە) سورىلىسىلەر﴾ يەنى سىلەر قۇرئانغا ئەمەل قىلدىڭلارمۇ؟ ئۇنى قوبۇل قىلدىڭلارمۇ؟ سىلەر بۇنىڭدىن يەنى قۇرئاندىن سورىلىسىلەر.

﴿سەندىن بۇرۇن بىز ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىمىزدىن سوراپ باققىنكى، مېھرىبان اللەدىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھلارنى بەلگىلىدۇقمۇ؟ (پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدە اللەدىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغىنى بارمۇ؟)﴾ يەنى بارلىق پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارنى سەن دەۋەت قىلغان نەرسىگە يەنى ھېچ شېرىكى يوق، يالغۇز الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ئۇلار كىشىلەرنى بۇتلارغا، شېرىكلەرگە ئىبادەت قىلىشتىن توستى.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: «اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾[3].

* * * * * * *

وَلَقَدۡ أَرۡسَلۡنَا مُوسَىٰ بِـَٔايَٰتِنَآ إِلَىٰ فِرۡعَوۡنَ وَمَلَإِيْهِۦ فَقَالَ إِنِّي رَسُولُ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ (46) فَلَمَّا
جَآءَهُم بِـَٔايَٰتِنَآ إِذَا هُم مِّنۡهَا يَضۡحَكُونَ (47) وَمَا نُرِيهِم مِّنۡ ءَايَةٍ إِلَّا هِيَ أَكۡبَرُ مِنۡ أُخۡتِهَا ۖ

(1) سۈرە ئەنبىيا 10 - ئايەت.
(2) سۈرە شۇئەرا 214 - ئايەت.
(3) سۈرە نەھل 36 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

وَأَخَذۡنَٰهُم بِٱلۡعَذَابِ لَعَلَّهُمۡ يَرۡجِعُونَ ﴿٤٨﴾ وَقَالُواْ يَٰٓأَيُّهَ ٱلسَّاحِرُ ٱدۡعُ لَنَا رَبَّكَ بِمَا عَهِدَ عِندَكَ
إِنَّنَا لَمُهۡتَدُونَ ﴿٤٩﴾ فَلَمَّا كَشَفۡنَا عَنۡهُمُ ٱلۡعَذَابَ إِذَا هُمۡ يَنكُثُونَ ﴿٥٠﴾

*بىز ھەقىقەتەن مۇسانى پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىگە (ئۇنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان شانلىق) مۆجىزىلىرىمىز بىلەن ئەۋەتتۇق، مۇسا (پىرئەۋنگە): «مەن ھەقىقەتەن جىمى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ (سېنى ۋە قەۋمىڭنى بىر اللەغا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن) ئەلچىسىمەن» دېدى﴿46﴾. مۇسا ئۇلارغا بىزنىڭ مۆجىزىلىرىمىزنى ئېلىپ كەلگەندە، ئۇلار ناگاھان مۆجىزىلەرنى (مەسخىرە قىلىپ) كۈلدى﴿47﴾. ئۇلارغا بىر ـ بىرىدىن كاتتا مۆجىزىلەرنى كۆرسەتتۇق، ئۇلارنى (كۇفرىدىن) قايتسۇن دەپ (تۈرلۈك) ئازابلار بىلەن جازالىدۇق﴿48﴾. (ئۇلار ئازابنى كۆرگەندە) «ئى سېھىرگەر! پەرۋەردىگارىڭغا ئۇنىڭ ساڭا بەرگەن (دۇئايىڭنى ئىجابەت قىلىشتىن ئىبارەت) ئەھدى بويىچە بىز ئۈچۈن دۇئا قىلساڭ (ئەگەر ئۇ دۇئايىڭ بىلەن بىزدىن ئازابنى كۆتۈرۈۋەتسە)، بىز چوقۇم ئىمان ئېيتىمىز» دېدى﴿49﴾. (مۇسانىڭ دۇئاسى بىلەن) ئۇلاردىن ئازابنى كۆتۈرۈۋەتكىنىمىزدە، ناگاھان ئۇلار (ئەھدىنى) بۇزۇپ (كۇفرىدا) چىڭ تۇردى﴿50﴾.*

## مۇسانىڭ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىگە تەۋھىد بىلەن ئەۋەتىلگەنلىكى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتلەردە بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بېرىدۇ. اللە تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پىرئەۋنگە، پىرئەۋننىڭ تەۋەسىدىكى ئەمەلدارلارغا، ۋەزىرلەرگە، قوماندانلارغا، ئەگەشكۈچىلەرگە، قىبتى ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان پۇقرالارغا پەيغەمبەر قىلىپ، ئۇلارنى ھېچ شېرىكى بولمىغان يالغۇز اللە تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىش، اللە تائالادىن باشقا نەرسىگە ئىبادەت قىلىشتىن توسۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى. اللە تائالا مۇسانى قولىنىڭ ئاپئاق ۋە نۇرلۇق بولۇشى، ھاسىسىنىڭ يىلاندەك مېڭىشى، توپان، چېكەتكە، پىت، پاقا ۋە قان ئايەتلىرى، زىرائەتلەرنىڭ كېمىيىپ كېتىشى، باللارنىڭ ئاز تۇغۇلۇشى ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋە بەرمەسلىكى قاتارلىق كاتتا مۆجىزىلەر بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەسىدىكىلەر بۇ شانلىق مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىشتىن ۋە بويسۇنۇشتىن چوڭچىلىق قىلدى. ئۇنى يالغانغا چىقىرىپ مەسخىرە قىلىشتى، ئۇنى ئۆزلىرىگە ئېلىپ كەلگەن ئىشى ئۈستىدە مازاق قىلىپ كۈلۈشتى.

﴿ئۇلارغا بىر ـ بىرىدىن كاتتا مۆجىزىلەرنى كۆرسەتتۇق﴾ مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار گۇمراھلىقتىن، ئازغۇنلۇقتىن، نادانلىقتىن ۋە بۇزغۇنچىلىقتىن يانمىدى. ھەر قېتىم ئۇلارغا بۇ ئايەتلەردىن بىرى كەلسە، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا يالۋۇراتتى ۋە ئۇنىڭغا ﴿ئى سېھىرگەر!﴾ يەنى ئى بىلىمدار كىشى! ئىبنى جەرىر شۇنداق تەپسىر قىلدى دېگەنگە ئوخشاش يۇمشاق سۆزلەرنى قىلاتتى.

ئۇلارنىڭ زامانىدا ئالىملار سېھىرگەرلەر ئىدى ۋە سېھىرگەرلىك ئۇلارغا يامان كۆرۈلمەيتتى. ئۇلارنىڭ ”سېھىرگەر“ دېگەن سۆزى كەمسىتىش ئۈچۈن دېيىلگەن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بۇ ۋاقىت ئۇلار ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق ھاجىتى بار، زۆرۈر ۋاقىت بولغاچقا ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنى سۆكۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن شۇ سۆزلەرنى قىلاتتى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا يامان سۆزلەرنى قىلىش مۇناسىپ بولمايتتى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئۇ كاتتا ھۆرمەت سۆزى ئىدى. ئۇلار ھەر قېتىم ئەگەر ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا مۆجىزە قىلىپ بېرىلگەن بۇ بالا كۆتۈرۈۋېتىلسە ئۆزلىرىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان

www.munber.org

ئېيتىدىغانلىقىغا ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئۇنىڭ بىلەن ئەركىن قويۇپ بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلاتتى ۋە ھەر قېتىم بېشىدىكى بالا كۆتۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قىلغان ۋەدىسىنى بۇزاتتى.

ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى اللە تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىدە ئىپادىلىنىدۇ: ﴿ئۇلارغا سۇ ئاپىتىنى، چېكەتكە، پىت، پاقا، قان (بالالىرىنى)روشەن مۆجىزىلەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، (اللە غا ئىمان ئېيتىشقا) ئۇلارنىڭ گەدەنكەشلىكى يول قويمىدى، ئۇلار گۇناھكار قەۋم بولدى. ئۇلارغا بالا نازىل بولغاندا، ئۇلار: «ئى مۇسا! پەرۋەردىگارىڭغا ئۆزىنىڭ ساڭا ئاتا قىلغان ئەھدى بىلەن (يەنى ساڭا بەرگەن پەيغەمبەرلىكىڭنىڭ ھەققىي ھۆرمىتى بىلەن بىزدىن بالانى كۆتۈرۈۋېتىشكە) دۇئا قىلساڭ، اللە غا قەسەمكى، ئەگەر بىزدىن بالانى كۆتۈرۈۋەتسەڭ، ساڭا چوقۇم ئىمان ئېيتىمىز، ئىسرائىل ئەۋلادىنى چوقۇم سەن بىلەن بىللە قويۇپ بېرىمىز» دېگەن ئىدى. ئۇلاردىن بالانى ۋاقىتلىق كۆتۈرۈۋەتكەن چېغىمىزدا، ئۇلار توساتتىن ئەھدىلىرىنى بۇزدى﴾[1].

* * * * * * *

وَنَادَىٰ فِرۡعَوۡنُ فِي قَوۡمِهِۦ قَالَ يَٰقَوۡمِ أَلَيۡسَ لِي مُلۡكُ مِصۡرَ وَهَٰذِهِ ٱلۡأَنۡهَٰرُ تَجۡرِي مِن تَحۡتِيٓۚ
أَفَلَا تُبۡصِرُونَ ﴿٥١﴾ أَمۡ أَنَا۠ خَيۡرٞ مِّنۡ هَٰذَا ٱلَّذِي هُوَ مَهِينٞ وَلَا يَكَادُ يُبِينُ ﴿٥٢﴾ فَلَوۡلَآ أُلۡقِيَ عَلَيۡهِ أَسۡوِرَةٞ
مِّن ذَهَبٍ أَوۡ جَآءَ مَعَهُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ مُقۡتَرِنِينَ ﴿٥٣﴾ فَٱسۡتَخَفَّ قَوۡمَهُۥ فَأَطَاعُوهُۚ إِنَّهُمۡ كَانُواْ قَوۡمٗا
فَٰسِقِينَ ﴿٥٤﴾ فَلَمَّآ ءَاسَفُونَا ٱنتَقَمۡنَا مِنۡهُمۡ فَأَغۡرَقۡنَٰهُمۡ أَجۡمَعِينَ ﴿٥٥﴾ فَجَعَلۡنَٰهُمۡ سَلَفٗا وَمَثَلٗا
لِّلۡأٓخِرِينَ ﴿٥٦﴾

*پىرئەۋن ئۆز قەۋمى ئىچىدە (پەخىرلەنگەن ھالدا) نىدا قىلىپ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مىسىرنىڭ پادىشاھلىقى، ئاستىمدىن ئېقىپ تۇرغان بۇ دەريالار مېنىڭ ئەمەسمۇ؟ (مېنىڭ بۇ بۈيۈكلۈكۈمنى) كۆرمەمسىلەر؟ بەلكى مەن ئۇچۇق گەپ قىلالمايدىغان بۇ ئەرزىمەس ئادەمدىن (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن) ياخشىمەن»[51 - 52]. نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا (ئاسماندىن) ئالتۇن بىلەيزۈكلەر تاشلانمىدى؟ ياكى نېمىشقا (ئۇنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن) ئۇنىڭ بىلەن بىللە پەرىشتىلەر ھەمراھ بولۇپ كەلمىدى؟»[53]. پىرئەۋن قەۋمىنى گوللىغانلىقتىن، قەۋمى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى، ئۇلار ھەقىقەتەن پاسىق قەۋم ئىدى[54]. ئۇلار بىزنى دەرغەزەپ قىلغاندا، ئۇلارنى بىز (ئەڭ قاتتىق جازالار بىلەن) جازالىدۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (دېڭىزدا) غەرق قىلدۇق[55]. ئۇلارنى بىز (كۇففارلارنىڭ ئازابقا تېگىشلىك بولۇشىدا) كېيىنكىلەرگە نەمۇنە ۋە ئىبرەت قىلدۇق[56].*

## پىرئەۋننىڭ قەۋمىگە خىتاب قىلغانلىقى ۋە اللە تائالانىڭ ئۇنى جازالىغانلىقى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە پىرئەۋننىڭ ھەددىدىن ئېشىشى، گەدەنكەشلىك قىلىشى، ھەقنى ئىنكار قىلىشى ۋە ھەق بىلەن قارشىلىششى قارتارلىقلاردىن خەۋەر بېرىدۇ، پىرئەۋن قەۋمىنى توپلاپ ئۇلارغا مىسىر پادىشاھلىقى ۋە ئۇنى خالىغانچە ئىدارە قىلىدىغانلىقى بىلەن كۆز - كۆز قىلغان ۋە پەخىرلەنگەن ھالدا

[1] سۈرە ئەئراف 133 — 135 - ئايەتكىچە.

www.munber.org

مۇنداق نىدا قىلدى: ﴿**مىسىرنىڭ پادىشاھلىقى، ئاستىمدىن ئېقىپ تۇرغان بۇ دەريالار مېنىڭ ئەمەسمۇ؟**﴾ قەتادە: ئۇلارنىڭ باغلىرى ۋە ئارىسىدىن سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭلىرى بار ئىدى، دېدى.

﴿**(مېنىڭ بۇ بۈيۈكلۈكۈمنى ) كۆرمەمسىلەر؟**﴾ يەنى مېنىڭ پادىشاھلىقىمغا قارىمامسىلەر؟ مۇسا ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر كەمبەغەل ۋە ئاجىزلاردۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿(ئۇ سېھىرگەرلەرنى، ئەسكەرلىرىنى، تەۋەلىرىنى) توپلىدى ھەم نىدا قىلىپ. دېدى: «مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن». الله ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابى بىلەن جازالىدى﴾[1]

﴿**بەلكى مەن ئوچۇق گەپ قىلالمايدىغان بۇ ئەرزىمەس ئادەمدىن (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن) ياخشىمەن**﴾ يەنى پىرئەۋن بۇ سۆزى بىلەن شەك - سۈبھىسىز، ئۆزىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى مەقسەت قىلماقچى بولغان. ئۇ ئوچۇق - ئاشكارا يالغاننى سۆزلىدى. الله تائالانىڭ ئۇزۇلمەس لەنەتلىرى ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنىگىچە بولسۇن.

قەتادە ۋە سۇددى: ئايەتتىكى ”ئەرزىمەس ئادەم“ دېگەن سۆزدىن پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاجىز ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتماقچى، دېدى. ئىبنى جەرىر: پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پادىشاھلىقى، سۇلتانلىقى، پۇل - مېلى يوق، ﴿**ئوچۇق گەپ قىلالمايدىغان**﴾ يەنى سۆزنى پاساھەتلىك قىلالمايدىغان راۋان سۆزلىيەلمەيدىغان، تىلى تۇتۇق ئادەم دەپ سۇندۇرغانلىقىنى كۆزدە تۇتماقچى، دېدى.

پىرئەۋننىڭ ﴿**ئەرزىمەس ئادەم**﴾ دېگەن سۆزى يالغاندۇر. بەلكى پىرئەۋننىڭ ئۆزى يارىتىلىش، ئەخلاق ۋە دىنى جەھەتتە پەسكەش، ئەرزىمەس ئادەمدۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالام بولسا شەرەپلىك، راستچىل توغرا يول ئۈستىدىكى ئادەمدۇر پىرئەۋننىڭ ﴿**ئۇچۇق گەپ قىلالمايدىغان**﴾ دېگەن سۆزى ھەم بوھتاندۇر. گەرچە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى كىچىك ۋاقتىدا ئاغزىغا چوغ سالغانلىقى سەۋەبى بىلەن زەخمە يېگەن بولسىمۇ، ئۇ الله تائالاغا دۇئا قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۇز سۆزىنى چۈشىنىشى ئۈچۈن تىلىدىكى كېكەچلىكنى كۆتۈرۈۋېتىشنى سورىغان ئىدى.

الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتىكى دۇئاسىنى ﴿**ئى مۇسا! سېنىڭ سورىغان نەرسىلىرىڭ ساڭا بېرىلدى**﴾[2] دېگەن سۆزى بىلەن ئىجابەت قىلغان ئىدى.

ھەسەنبەسرىنىڭ دېگىنىدەك، مۇسا ئەلەيھىسسالام تىلىدىكى كېكەچلىكنىڭ پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىنى سورىمىغان دېسەكمۇ، ئۇ الله تائالادىن تەبلىغ قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈشتە توسالغۇ بولىدىغان نەرسىنى كۆتۈرۈۋېتىشنى سورىغانلىقى ئېنىق ئىدى. چۈنكى بەندىنىڭ ئىشى سەۋەپلىك بولمىغان، يارىتىلىشىدىنلا بار بولغان ئەيىپلەر ھەققىدە بەندە ئەيىپلەنمەيدۇ، ھاقارەت قىلىنمايدۇ. پىرئەۋن بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنگەن، بىلگەن، ئەقىل - ھۇشى جايىدا ئادەم بولسىمۇ، ئۇ پەقەت تەۋەسىدىكىلەرگە سۆزنى چىرايلىق كۆرسىتىشنى كۆزلەپ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئەيىپلىدى. تەۋەسىدىكىلەر دۆت - نادانلار ئىدى. پىرئەۋننىڭ بۇ سۆزىمۇ يۇقىرىدىكى مەخسەتتە دېيىلگەن ئىدى.

﴿**نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا (ئاسماندىن) ئالتۇن بىلەيزۈكلەر تاشلانمىدى؟**﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، قەتادە ۋە باشقا بىر قانچە كىشىلەر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، نېمە ئۈچۈن مۇساغا زىننەت - بويۇملىرىدىن قوللارغا سالىدىغان ئالتۇن بويۇملار تاشلانمىدى، دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

﴿**ياكى نېمىشقا (ئۇنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن) ئۇنىڭ بىلەن بىللە پەرىشتىلەر ھەمراھ بولۇپ كەلمىدى؟**﴾ يەنى ئۇنىڭ بىلەن نېمىشقا ئۇنىڭ ئەتراپىدا خىزمەت قىلىپ يۈرىدىغان، ئۇنىڭ

[1] سۈرە نازىئات 23 — 25 - ئايەتكىچە.
[2] سۈرە تاھا 37 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان پەرىشتىلەر كەلمىدى؟ پىرئەۋن ئاشكارا كۆرۈنۈشكىلا قارىدى، مەنىۋىي سىرنى چۈشەنمىدى، ئەگەر ئۇ چۈشەنسە ئىدى، مەنىۋىي سىر ئۇ نەزەر سالغان تاشقى كۆرۈنۈشتىنمۇ ئايدىڭ ئىدى.

﴿پىرئەۋن قەۋمىنى گوللىغانلىقتىن، قەۋمى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى﴾ يەنى پىرئەۋن تەۋەسىدىكىلەرنىڭ ئەقلىنى تۈۋەن چاغلاپ، گۇمراھلىققا دەۋەت قىلدى، ئۇلار ئۇنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلدى. ﴿ئۇلار ھەقىقەتەن پاسىق قەۋم ئىدى. ئۇلار بىزنى دەرغەزەپ قىلغاندا، ئۇلارنى بىز (ئەڭ قاتتىق جازالار بىلەن) جازالىدۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (دېڭىزدا) غەرق قىلدۇق﴾

ئىبنى ئەبۇ ھاتەم، ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر سەن اللە تائالانىڭ بىرەر بەندىگە ئۇنىڭ خالىغىنىنى بەرگىنىنى، ئۇ بەندىنىڭ اللە تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان ھالدا تۇرغىنىنى كۆرسەڭ، شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ، اللە تائالانىڭ ئۇنى تۇيدۇرماي ھالاك قىلىش يولىدۇر» ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى: ﴿ئۇلار بىزنى دەرغەزەپ قىلغاندا، ئۇلارنى بىز (ئەڭ قاتتىق جازالار بىلەن) جازالىدۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (دېڭىزدا) غەرق قىلدۇق﴾

تارىق ئىبنى شىھابنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدى: مەن ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھۇزۇرىدا ئىدىم، ئۇنىڭ يېنىدا "تۇيۇقسىز ئۆلۈم" تىلغا ئېلىنىدى، ئابدۇللا: ئۇ مۆمىنگە ئاساندۇر كاپىرغا ھەسرەتتۇر، دېدى. ئاندىن ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿ئۇلار بىزنى دەرغەزەپ قىلغاندا، ئۇلارنى بىز (ئەڭ قاتتىق جازالار بىلەن) جازالىدۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (دېڭىزدا) غەرق قىلدۇق﴾.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: جازانى غەپلەت ئىچىدە كۆردۇم، دېدى. ئۇ بۇ سۆزى بىلەن اللە تائالانىڭ ﴿ ئۇلار بىزنى دەرغەزەپ قىلغاندا، ئۇلارنى بىز (ئەڭ قاتتىق جازالار بىلەن) جازالىدۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (دېڭىزدا) غەرق قىلدۇق﴾ دېگەن ئايىتىنى كۆزدە تۇتقان.

﴿ئۇلارنى بىز (كۇففارلارنىڭ ئازابقا تېگىشلىك بولۇشىدا) كېيىنكىلەرگە نەمۇنە ۋە ئىبرەت قىلدۇق﴾ ئەبۇ مەجلىز: ئۇلارنى قىلمىشلىرى ئۇلارغا ئوخشىغان كېيىنكى كىشىلەرگە ﴿نەمۇنە﴾ قىلدۇق، دېدى. ئەبۇ مەجلىز ۋە مۇجاھىد: ئۇلارنى ئۇلاردىن كېيىنكىلەرگە ﴿ئىبرەت﴾ قىلدۇق، دېدى.

* * * * * * *

۞ وَلَمَّا ضُرِبَ ٱبۡنُ مَرۡيَمَ مَثَلًا إِذَا قَوۡمُكَ مِنۡهُ يَصِدُّونَ ﴿٥٧﴾ وَقَالُوٓاْ ءَأَٰلِهَتُنَا خَيۡرٌ أَمۡ هُوَۚ مَا
ضَرَبُوهُ لَكَ إِلَّا جَدَلَۢاۚ بَلۡ هُمۡ قَوۡمٌ خَصِمُونَ ﴿٥٨﴾ إِنۡ هُوَ إِلَّا عَبۡدٌ أَنۡعَمۡنَا عَلَيۡهِ وَجَعَلۡنَٰهُ مَثَلًا لِّبَنِيٓ
إِسۡرَٰٓءِيلَ ﴿٥٩﴾ وَلَوۡ نَشَآءُ لَجَعَلۡنَا مِنكُم مَّلَٰٓئِكَةً فِي ٱلۡأَرۡضِ يَخۡلُفُونَ ﴿٦٠﴾ وَإِنَّهُۥ لَعِلۡمٌ لِّلسَّاعَةِ فَلَا
تَمۡتَرُنَّ بِهَا وَٱتَّبِعُونِۚ هَٰذَا صِرَٰطٌ مُّسۡتَقِيمٌ ﴿٦١﴾ وَلَا يَصُدَّنَّكُمُ ٱلشَّيۡطَٰنُۖ إِنَّهُۥ لَكُمۡ عَدُوٌّ مُّبِينٌ ﴿٦٢﴾
وَلَمَّا جَآءَ عِيسَىٰ بِٱلۡبَيِّنَٰتِ قَالَ قَدۡ جِئۡتُكُم بِٱلۡحِكۡمَةِ وَلِأُبَيِّنَ لَكُم بَعۡضَ ٱلَّذِي تَخۡتَلِفُونَ فِيهِۖ

www.munber.org

فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿٦٣﴾ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ رَبِّى وَرَبُّكُمۡ فَٱعۡبُدُوهُۚ هَٰذَا صِرَٰطٌ مُّسۡتَقِيمٌ ﴿٦٤﴾ فَٱخۡتَلَفَ
ٱلۡأَحۡزَابُ مِنۢ بَيۡنِهِمۡۖ فَوَيۡلٌ لِّلَّذِينَ ظَلَمُواْ مِنۡ عَذَابِ يَوۡمٍ أَلِيمٍ ﴿٦٥﴾

***(قۇرئاندا) مەريەمنىڭ ئوغلى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالام) مىسال كەلتۈرۈلسە، ناگاھان سېنىڭ قەۋمىڭ (خۇشاللىقتىن) سۈرەن سېلىشىپ كېتىدۇ[57]. ئۇلار: «بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىز ياخشىمۇ ياكى ئىسامۇ؟» دېدى. ئۇلار بۇ مىسالنى پەقەت خۇسۇمەت قىلىش ئۈچۈنلا كەلتۈردى، بەلكى ئۇلار جېدەلخور قەۋمدۇر[58]. ئۇ (يەنى ئىسا) (ناسارالار گۇمان قىلغاندەك ئىلاھ ياكى ئىلاھنىڭ ئوغلى ئەمەس) پەقەت پەيغەمبەرلىك نېمىتىمىزگە ئېرىشكەن بىر بەندىدۇر، ئۇنى بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا (اللەنىڭ قۇدرىتىنى كۆرستىدىغان) بىر دەلىل قىلدۇق[59]. ئەگەر بىز خالىساق، ئەلۋەتتە سىلەرگە زېمىندا ئورۇنباسار بولىدىغان پەرىشتىلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەتتۇق[60]. ئۇ (يەنى ئىسا) ئەلۋەتتە قىيامەت (يېقىنلاشقانلىقنىڭ) ئالامىتىدۇر، ئۇنىڭغا (يەنى قىيامەتكە) شەك كەلتۈرمەڭلار. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى) «ماڭا ئەگىشىڭلار، بۇ (مېنىڭ دەۋەت قىلغىنىم) توغرا يولدۇر[61]. سىلەرنى شەيتان (توغرا يولدا) مېڭىشتىن توسمىسۇن (يەنى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئالدانماڭلار)، شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر» [62]. ئىسا روشەن مۆجىزىلەر بىلەن كېلىپ ئېيتتى: «سىلەرگە مەن ھېكمەت ئېلىپ كەلدىم. سىلەرگە ئىختىلاپ قىلىشۋاتقان نەرسەڭلارنىڭ (يەنى دىنىي ئىشلارنىڭ) بەزىسىنى بايان قىلىپ بېرىمەن، اللەدىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار[63]. اللە ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر ۋە سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر» [64]. (ناسارالار)نىڭ پىرقىلىرى (ئىسا توغرىسىدا) ئۆز - ئارا ئىختىلاپ قىلىشتى، زالىملارغا قاتتىق كۈن (يەنى قىيامەت كۈنىنىڭ) ئازابىدىن ۋاي! [65].***

## قۇرەيش ئەھلىنىڭ مەريەم ئوغلى ئىسانى كۆزگە ئىلمىغانلىقى، ئىسانىڭ اللە تائالانىڭ ھۇزۇرىدىكى دەرىجىسى توغرىسىدا

اللە تائالا قۇرەيش كىشىلىرىنىڭ ھەقنى ئىنكار قىلغان، ھەق بىلەن قەستەن قارشىلاشقان ۋە ھەق ئۈستىدە جېدەللەشكەن ھالدا، ھەقتىن بۇرالغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(قۇرئاندا) مەريەمنىڭ ئوغلى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالام) مىسال كەلتۈرۈلسە، ناگاھان سېنىڭ قەۋمىڭ (خۇشاللىقتىن) سۈرەن سېلىشىپ كېتىدۇ**﴾ بىر نەچچە ئادەم بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، ئىكرىمە، سۇددى ۋە زەھھاك قاتارلىقلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار بۇ مىسالدىن ھەيران بولۇپ كۈلۈشىدۇ. قەتادە: ئۇلار ھەسرەت بىلەن ئاچچىق كۈلىدۇ، دېدى. ئىبراھىم نەخەئى: ئۇلار قارشى چىقىدۇ، دېدى.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ”مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى“ دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: ماڭا بەرگەن خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە بىلەن ھەرەم مەسجىدىدە ئولتۇراتتى، نەزر كېيىن ئىبنى ھارىس كېلىپ ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇردى. مەسچىتتە قۇرەيش قەۋمىدىن بىر قانچە ئادەم بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆز قىلدى، نەزر ئىبنى ھارىس ئۇنىڭغا قارشى چىقتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا پاكىت بىلەن سۆزلەپ، ئۇنى گەپ قىلالماس قىلىپ قويىدى. ئاندىن ئۇنىڭغا ۋە باشقىلارغا تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇپ بەردى: ﴿(ئى

www.munber.org

مۇشرىكلار!) ھەقىقەتەن سىلەر اللەنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسەڭلار بىلەن دوزاختا يېقىلغۇ بولىسىلەر، سىلەر دوزاختا كىرىسىلەر﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەردىن كېتىپ تۇرۇشىغا ئابدۇللا ئىبنى زىبەرا كېلىپ ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇردى. ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە ئۇنىڭغا: اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، نەزر ئىبنى ھارىسنىڭ ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئوغلى بىلەن جېدەللىشىپ قالغىنى يامان بولدى، مۇھەممەدنىڭ ئېيتىشىچە بىز ۋە بىز چوقۇنغان بۇ ئىلاھلىرىمىز دوزاختا يېقىلغۇ بولىدىكەنمىز، دېدى. ئابدۇللا ئىبنى زىبەرا: اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر مەن ئۇنى ئۇچراتسام، ئۇنىڭ بىلەن ئەلۋەتتە مۇنازىرە قىلاتتىم. سىلەر مۇھەممەدتىن: اللە دىن باشقا ھەر قانداق ئىبادەت قىلىنغان نەرسە، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغۇچى بىلەن دوزاختا بىرگە بولامدۇ؟ بىز پەرىشتىلەرگە ئىبادەت قىلىمىز، يەھۇدىيلار ئۇزەيرگە ئىبادەت قىلىدۇ، خىرىستىئانلار مەريەمنىڭ ئوغلى ئىساغا چوقۇنىدىغۇ؟ دەپ سوراڭلار، دېدى. ۋەلىد ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئولتۇرغانلار، ئابدۇللا ئىبنى زىبەرانىڭ سۆزىدىن ھەيران قىلىشتى، ئۇلار ئۇنى دەلىل بىلەن سۆزلىدى ۋە توغرا مۇلاھىزە قىلدى دەپ قاراشتى. بۇ سۆزلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر قىلىنغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «اللە تائالانى قويۇپ باشقا نەرسىنىڭ دەۋەت قىلىنىشىنى ياخشى كۆرگەن ھەر قانداق ئادەم شۇ نەرسىگە چوقۇنغان ئادەملەر بىلەن بىرگە بولىدۇ، ئۇلار ھەقىقەتەن شەيتانغىلا ۋە ئۇلارنى شەيتانغا چوقۇنۇشقا بۇيرۇغان ئادەمگىلا چوقۇنىدۇ» ئاندىن اللە تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿بىز تەرەپتىن بېرىلگەن بەخت - سائادەتكە تېگىشلىك بولغانلار (يەنى تائەت ـ ئىبادەتكە تەۋپىق بېرىلىپ توغرا يولدا ئىبادەت قىلغان سائادەتمەن بەندىلەر) دوزاختىن يىراق قىلىنىدۇ﴾[2].

يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالام، ئۇزەير ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككىسى بىلەن بىرگە اللە تائالاغا ئىبادەت قىلىپ، اللە تائالانىڭ تائىتىدە ئۆتكەن ئالىملار ۋە راھىبلار دوزاختىن يىراق قىلىنىدۇ. ئۇلاردىن كېيىنكى ئازغۇن كىشىلەر اللە تائالانى قويۇپ ئۇلارنى مەبۇد قىلىۋالدى. مۇشرىكلارنىڭ پەرىشتىلەرنى اللە تائالانىڭ قىزلىرى، بىز ئۇلارغا چوقۇنىمىز دېگەن سۆزلىرىگە قارىتا مۇنداق ئايەت نازىل بولدى: ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار): «اللەنىڭ (پەرىشتىلەردىن) بالىسى بار» دېيىشتى، ئۇنداق ئەمەس. اللە (بۇنىڭدىن) پاكتۇر، (پەرىشتىلەر اللەنىڭ) ھۆرمەتلىك بەندىلىرىدۇر﴾[3].

ئۇلارنىڭ: اللە تائالانى قويۇپ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئىبادەت قىلىنىدۇ دېيىشكەن سۆزىگە قارىتا، ۋەلىد ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرغانلارنى ھەيران قالدۇرغان زىبەرانىڭ مۇلاھىزىلىرىگە بىنائەن تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولدى: **﴿(قۇرئاندا) مەريەمنىڭ ئوغلى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالام) مىسال كەلتۈرۈلسە، ناگاھان سېنىڭ قەۋمىڭ (خۇشاللىقتىن) سۈرەن سېلىشىپ كېتىدۇ﴾** يەنى ئۇلار سېنىڭ مىسالىڭغا قارىتا زىبەرانىڭ مۇلاھىزە قىلىپ قويغان سوئالىدىن قارىتا خۇشال بولۇپ كېتىدۇ.

اللە تائالا ئىسا ئەلەيھىسسالامنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇ (يەنى ئىسا) (ناسارالار گۇمان قىلغاندەك ئىلاھ ياكى ئىلاھنىڭ ئوغلى ئەمەس) پەقەت پەيغەمبەرلىك نېمىتىمىزگە ئېرىشكەن بىر بەندىدۇر، ئۇنى بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا (اللەنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) بىر دەلىل قىلدۇق. ئەگەر بىز خالىساق، ئەلۋەتتە سىلەرگە زېمىندا ئورۇنباسار بولىدىغان پەرىشتىلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەتتۇق. ئۇ (يەنى ئىسا) ئەلۋەتتە قىيامەت (يېقىنلاشقانلىقىنىڭ) ئالامىتىدۇر﴾** يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىغا

---

[1] سۈرە ئەنبىيا 98 - ئايەت.
[2] سۈرە ئەنبىيا 101 - ئايەت.
[3] سۈرە ئەنبىيا 26 - ئايەت.

www.munber.org

بېرىلگەن ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش، كېسەللەرنى ساقايتىش قاتارلىق مۆجىزىلەر قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىغا يېتەرلىك دەلىلدۇر. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇنىڭغا (يەنى قىيامەتكە) شەك كەلتۈرمەڭلار. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى) «ماڭا ئەگىشىڭلار، بۇ (مېنىڭ دەۋەت قىلغىنىم) توغرا يولدۇر**﴾.

ئىبنى جەرىر، ئەۋفىدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ اللّٰه تائالانىڭ ﴿**(قۇرئاندا) مەريەمنىڭ ئوغلى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالام) مىسال كەلتۈرۈلسە، ناگاھان سېنىڭ قەۋمىڭ (خۇشاللىقتىن) سۈرەن سېلىشىپ كېتىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى قۇرەيشلەر سۈرەن سېلىشىدۇ. ئۇلارغا: ﴿(ئى مۇشرىكلار!) ھەقىقەتەن سىلەر اللّٰهنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسەڭلار بىلەن دوزاختا يېقىلغۇ بولىسىلەر، سىلەر دوزاختا كىرىسىلەر﴾[1] دېگەن ئايەت ئوقۇپ بېرىلگەن چاغدا، قۇرەيشلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسانىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ اللّٰه تائالانىڭ بەندىسىدۇر ۋە ئەلچىسىدۇر» دېدى. ئۇلار: اللّٰهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مۇھەممەد پەقەت بىزنى خۇددى خىرىستىئانلار مەريەمنىڭ ئوغلىنى مەبۇد قىلىۋالغاندەك ئۇنى مەبۇد تۇتۇۋېلىشىمىزنى خالايدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلار بۇ مىسالنى پەقەت خۇسۇمەت قىلىش ئۈچۈنلا كەلتۈردى، بەلكى ئۇلار جېدەلخور قەۋمدۇر**﴾.

﴿**ئۇلار: «بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىز ياخشىمۇ ياكى ئىسامۇ؟» دېدى**﴾ قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىز ئىسادىن ياخشىدۇر، دەيدۇ. قەتادە يەنە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: ئۇلار بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىز مۇھەممەدتىن ياخشىدۇر دەيدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

﴿**ئۇلار بۇ مىسالنى پەقەت خۇسۇمەت قىلىش ئۈچۈنلا كەلتۈردى**﴾ يەنى جېدەللىشىش ئۈچۈن كەلتۈردى. ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ﴿(ئى مۇشرىكلار!) ھەقىقەتەن سىلەر اللّٰهنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسەڭلار بىلەن دوزاختا يېقىلغۇ بولىسىلەر، سىلەر دوزاختا كىرىسىلەر﴾[2] دېگەن بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىگە كىرمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىگە كىرىشى ئەقىلگە سىغمايتتى. يەنە كېلىپ بۇ ئايەت قۇرەيشلەرگە قىلىنغان خىتاب ئىدى، ئۇلار ھەقىقەتەن بۇتلارغا ۋە شېرىكلەرگە چوقۇناتتى. ئۇلارنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىگە كىرىدۇ دېيىشى بىمەنە سۆزدۇر. چۈنكى، ئۇلار ئۇنىڭغا چوقۇنمايتتى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، ئۇلارنىڭ بۇ مىسالنى كەلتۈرۈشى پەقەت جېدەل قىلىش ئۈچۈنلا ئىدى. ئۇلار بۇ سۆزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىرەر قەۋم ئاۋۋال توغرا يول ئۈستىدە بولغان، كېيىن گۇمراھلىققا قاراپ ماڭغان بولسا، ئۇلارغا پەقەت جېدەلخورلۇق مىراس قالىدۇ» دېدى. ئاندىن بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى: ﴿**ئۇلار بۇ مىسالنى پەقەت خۇسۇمەت قىلىش ئۈچۈنلا كەلتۈردى، بەلكى ئۇلار جېدەلخور قەۋمدۇر**﴾ بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى جەرىر قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿**ئۇ (يەنى ئىسا) (ناسارالار گۇمان قىلغاندەك ئىلاھ ياكى ئىلاھنىڭ ئوغلى ئەمەس) پەقەت پەيغەمبەرلىك نېمىتىمىزگە ئېرىشكەن بىر بەندىدۇر**﴾ يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالام اللّٰه تائالانىڭ بەندىلىرىدىن بىر بەندىدۇر، اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك نېمىتىنى ئاتا قىلدى.

---

[1] سۈرە ئەنبىيا 98 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەنبىيا 98 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

﴿**ئۇنى بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا (اللەنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) بىر دەلىل قىلدۇق**﴾ يەنى خالىغان نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىمىزنى كۆرسىتىدىغان دەلىل - پاكىت قىلدۇق.

﴿**ئەگەر بىز خالىساق، ئەلۋەتتە سىلەرگە زېمىندا ئورۇنباسار بولىدىغان پەرىشتىلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەتتۇق**﴾ يەنى سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا پەرىشتىلەرنى يارىتاتتۇق. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە قەتادە: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، خۇددى سىلەر بىر - بىرىڭلارغا ئورۇنباسار بولغاندەك بىر - بىرىگە ئورۇنباسار بولىدىغان پەرىشتىلەرنى يارىتاتتۇق دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. مۇجاھىد بولسا سىلەرنىڭ ئورنۇڭلاردا زېمىننى گۈللەندۈرىدىغان پەرىشتىلەرنى يارىتاتتۇق دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

﴿**ئۇ (يەنى ئىسا) ئەلۋەتتە قىيامەت (يېقىنلاشقانلىقىنىڭ) ئالامىتىدۇر**﴾ بۇ يەردە توغرا سۆز، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەتتىن بۇرۇن ئاسماندىن چۈشىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿**ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن) ھەرقاندىقى جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇنىڭغا (يەنى ئىسا نىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ۋە اللّٰه نىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتىدۇ**﴾[1] يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدۇ. ئاندىن ﴿**ئىسا قىيامەت كۈنى ئۇلار (يەھۇدىيلارنىڭ ئىسانى دارغا ئاستۇق دېگەن داۋاسىنىڭ ۋە ناسارالارنىڭ ئىسا اللّٰه نىڭ ئوغلى دېگەن دەۋاسىنىڭ يالغانلىقى) غا گۇۋاھ بولىدۇ**﴾[2].

﴿**ئۇ (يەنى ئىسا) ئەلۋەتتە قىيامەت (يېقىنلاشقانلىقىنىڭ) ئالامىتىدۇر**﴾ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇجاھىد: قىيامەت كۈنىدىن بۇرۇن مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چىقىشى قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر، دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس، ئەبۇ ئالىيە، ئەبۇ مالىك، ئىكرىمە، ھەسەن، قەتادە، زەھھاك ۋە باشقىلاردىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەت كۈنىدىن بۇرۇن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادىل پادىشاھ، ئادىل ھۆكۈمدار بولغان ھالدا چۈشىدىغانلىقىدىن بەرگەن خەۋىرى ھەققىدە نۇرغۇن مۇتىۋاتىر ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىندى.

﴿**ئۇنىڭغا (يەنى قىيامەتكە) شەك كەلتۈرمەڭلار**﴾ يەنى قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىغا شەك كەلتۈرمەڭلار، ئۇ چوقۇم يۈز بېرىدۇ.

﴿**(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى) «ماڭا ئەگىشىڭلار**﴾ يەنى مەن سىلەرگە خەۋەر قىلغان نەرسىگە ئەگىشىڭلار. ﴿**بۇ (مېنىڭ دەۋەت قىلغىنىم) توغرا يولدۇر. سىلەرنى شەيتان (توغرا يولدا مېڭىشتىن توسمىسۇن (يەنى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئالدانماڭلار)**﴾ يەنى توغرا يولغا ئەگىشىشتىن توسمىسۇن.

﴿**شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر. ئىسا روشەن مۆجىزىلەر بىلەن كېلىپ ئېيتتى: «سىلەرگە مەن ھېكمەت ئېلىپ كەلدىم**﴾ يەنى پەيغەمبەرلىكنى ئېلىپ كەلدىم.

﴿**سىلەرگە ئىختىلاپ قىلىشىۋاتقان نەرسەڭلارنىڭ (يەنى دىنىي ئىشلارنىڭ) بەزىسىنى بايان قىلىپ بېرىمەن**﴾. ئىبنى جەرىر بۇ ئايەت ھەققىدە: سىلەر ئىخىلاپ قىلىشقان دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى ئەمەس، بەلكى دىنىي ئىشلارنى بايان قىلىپ بېرىمەن، دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى ناھايىتى ياخشى دېيىلگەن سۆزدۇر.

﴿**اللّٰه دىن قورقۇڭلار**﴾ يەنى اللّٰه تائالا سىلەرنى بۇيرۇغان ئىشتا تەقۋادارلىق قىلىڭلار. ﴿**ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار**﴾ يەنى مەن سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن توغرا يولغا ئەگىشىشتە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار.

---

[1] سۈرە نىسا 159 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2]- سۈرە نىسا 159 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

﴿الله ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر ۋە سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار﴾ يەنى مەن ۋە سىلەر ھەممىمىز الله تائالانىڭ قۇللىرىمىز، الله تائالاغا ھاجەتمەندۇرمىز، ھېچ شېرىكى بولمىغان يالغۇز الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشتا بىزنىڭ ئورتاقلىقىمىز باردۇر. ﴿بۇ توغرا يولدۇر﴾ يەنى مەن سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن يول توغرا يولدۇر. ئۇ، يالغۇز پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلىش يولىدۇر.

﴿(ناسارالار)نىڭ پىرقىلىرى (ئىسا توغرىسىدا) ئۆز ـ ئارا ئىختىلاپ قىلىشتى﴾ يەنى پىرقىلار ئۆز ئارا ئىختىلاپ قىلىشتى، ئۇلار ئىسا توغرىسىدا گۇرۇھ ـ گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. بەزىلىرى ئىسانى: الله تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ، مانا بۇ توغرىدۇر، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىسانى: الله تائالانىڭ بالىسى دەپ دەۋا قىلىدۇ ۋە بەزىلىرى ئۇ الله دۇر دەيدۇ. الله تائالا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئۈستۈندۇر، يۈكسەك ۋە بۈيۈكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿زالىملارغا قاتتىق كۈن (يەنى قىيامەت كۈنىنىڭ) ئازابىدىن ۋاي!﴾.

* * * * * * *

هَلْ يَنظُرُونَ إِلَّا ٱلسَّاعَةَ أَن تَأْتِيَهُم بَغْتَةً وَهُمْ لَا يَشْعُرُونَ ﴿٦٦﴾ ٱلْأَخِلَّآءُ يَوْمَئِذٍۭ
بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ عَدُوٌّ إِلَّا ٱلْمُتَّقِينَ ﴿٦٧﴾ يَـٰعِبَادِ لَا خَوْفٌ عَلَيْكُمُ ٱلْيَوْمَ وَلَآ أَنتُمْ تَحْزَنُونَ ﴿٦٨﴾
ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ بِـَٔايَـٰتِنَا وَكَانُوا۟ مُسْلِمِينَ ﴿٦٩﴾ ٱدْخُلُوا۟ ٱلْجَنَّةَ أَنتُمْ وَأَزْوَٰجُكُمْ تُحْبَرُونَ ﴿٧٠﴾ يُطَافُ
عَلَيْهِم بِصِحَافٍ مِّن ذَهَبٍ وَأَكْوَابٍ ۖ وَفِيهَا مَا تَشْتَهِيهِ ٱلْأَنفُسُ وَتَلَذُّ ٱلْأَعْيُنُ ۖ وَأَنتُمْ فِيهَا
خَـٰلِدُونَ ﴿٧١﴾ وَتِلْكَ ٱلْجَنَّةُ ٱلَّتِىٓ أُورِثْتُمُوهَا بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٧٢﴾ لَكُمْ فِيهَا فَـٰكِهَةٌ كَثِيرَةٌ مِّنْهَا
تَأْكُلُونَ ﴿٧٣﴾

*ئۇلار پەقەت قىيامەتنىڭ ئۆزلىرى تۇيمىغان ھالدا ئۇشتۇمتۇت كېلىشىنىلا كۈتىدۇ﴿66﴾. بۇ كۈندە دوستلار بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ، پەقەت (خۇدالىق ئۈچۈن دوستلاشقان) تەقۋادارلارلا (ئۇنداق ئەمەستۇر)﴿67﴾. (ئۇلارغا) «بەندىلىرىم! بۈگۈن سىلەرگە قورقۇنچ يوق، غەم ـ قايغۇمۇ يوق» (دېيىلىدۇ)﴿68﴾. ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقان ۋە مۇسۇلمان بولغانلار ئىدى﴿69﴾. (ئۇلارغا) «سىلەر ئاياللىرىڭلار بىلەن بىللە خۇشال ـ خۇرام ھالدا جەننەتكە كىرىڭلار» (دېيىلىدۇ)﴿70﴾. ئۇلارغا ئالتۇن لېگەنلەردە (تائام)، ئالتۇن جاملاردا (شاراب) تۇتۇلىدۇ. جەننەتتە كۆڭۈللەر تارتىدىغان، كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر بار، سىلەر جەننەتتە مەڭگۈ قالىسىلەر﴿71﴾. سىلەر (دۇنيادا) قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىلەن ۋارىس بولغان جەننەت ئەنە شۇدۇر﴿72﴾جەننەتتە نۇرغۇن (تۈرلۈك) مېۋىلەر بار، ئۇنىڭدىن يەيسىلەر﴿73﴾.*

## قىيامەتنىڭ تۇيۇقسىز كېلىدىغانلىقى، كاپىرلارنىڭ دوستلىرى ئارىسىدا ئۆزئارا دۈشمەنلىك يۈز بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئەنە شۇ مۇشرىكلار ﴿ئۇلار پەقەت قىيامەتنىڭ ئۆزلىرى تۇيمىغان ھالدا ئۇشتۇمتۇت كېلىشىنىلا﴾ كۈتىدۇ يەنى قىيامەت چوقۇم بولىدۇ ۋە

www.munber.org

چوقۇم يۈز بېرىدۇ. ئەنە شۇلار قىيامەت ئۈچۈن تەييارلىقسىز غەپلەتتە قالغانلاردۇر. ئەگەر قىيامەت كەلسە، ئۇشتۇمتۇت كېلىدۇ. ئۇلار ئۇنى سەزمەي قالىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇلار قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ. بىراق پۇشايمان ئۇلارغا مەنپەئەت قىلمايدۇ، ئۇلارنى ئازابتىن قوغداپمۇ قالالمايدۇ.

**﴿بۇ كۈندە دوستلار بىر - بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ، پەقەت (خۇدالىق ئۈچۈن دوستلاشقان) تەقۋادارلارلا (ئۇنداق ئەمەستۇر)﴾** يەنى الله تائالادىن باشقا نەرسىگە بولغان ھەر قانداق ساداقەت ۋە دوستلۇق قىيامەت كۈنى دۈشمەنلىككە ئايلىنىدۇ. پەقەت الله تائالا رازىلىقى ئۈچۈنلا بولغان دوستلۇق مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمى ئۈچۈن مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿«بۇ دۇنيادا (بۇتلارغا چوقۇنۇش مەقسىتىدە يىغىلىشىڭلارنىڭ) ئاراڭلاردىكى دوستلۇققا سەۋەب بولۇشى ئۈچۈن، اللهنى قويۇپ بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار، ئاندىن قىيامەت كۈنى بەزىڭلارنى بەزىڭلار ئىنكار قىلىسىلەر، بەزىڭلارغا بەزىڭلار لەنەت ئوقۇيسىلەر (يەنى قىيامەت كۈنى مەزكۇر دوستلۇق دۈشمەنلىككە ئايلىنىدۇ، ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا - جۇدا بولىدۇ، ئەگەشكۈچىلەر ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە لەنەت ئوقۇيدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى دوستلۇقى الله ئۈچۈن بولغان ئەمەس)، سىلەرنىڭ جايىڭلار دوزاخ بولىدۇ، سىلەرنى (دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ»﴾[1].

## قىيامەت كۈنى تەقۋادارلارغا بېرىلىدىغان بېشارەت ۋە ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىشى توغرىسىدا

**﴿(ئۇلارغا) «بەندىلىرىم! بۈگۈن سىلەرگە قورقۇنچ يوق، غەم - قايغۇمۇ يوق» (دېيىلىدۇ)﴾** ئاندىن الله تائالا ئۇلارغا خۇش بېشارەت بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقان ۋە مۇسۇلمان بولغانلار ئىدى﴾** يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرى پۈتۈنلەي الله تائالانىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئەمەللىرى جەھەتتە الله تائالانىڭ دىنىغا بويسۇنغان ئادەملەردۇر. مۇئتەمىر ئىبنى سۇلايمان ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قىيامەت بولۇپ ئىنسانلار قەبرىلىرىدىن قوزغالغان چاغدا، ھەممە ئادەم قورقۇنچقا چۈشىدۇ.

ئاندىن بىر جاكارچىنىڭ: **﴿بەندىلىرىم! بۈگۈن سىلەرگە قورقۇنچ يوق، غەم - قايغۇمۇ يوق﴾** دېگەن نىداسى ئاڭلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جىمى ئىنسانلار شۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. نىدا قىلغۇچى سۆزىنى داۋام قىلىپ: **﴿ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقان ۋە مۇسۇلمان بولغانلار ئىدى﴾** دەيدۇ، بۇ چاغدا مۆمىن بولغان ئادەملەردىن باشقا ئىنسانلار خاتىرجەملىكتىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ.

**﴿ۋە (ئۇلارغا) «سىلەر ئاياللىرىڭلار بىلەن بىللە خۇشال - خۇرام ھالدا جەننەتكە كىرىڭلار» (دېيىلىدۇ)﴾** يەنى جەننەتتە خۇشال - خۇرام ياپراڭلار، بەخت - سائادەتتىن بەھرىمەن بولۇڭلار دېيىلىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى سۈرە رۇمدا سۆزلەنگەن.

**﴿ئۇلارغا ئالتۇن لېگەنلەردە (تائام)قويۇلىدۇ﴾** يەنى ئالتۇندىن قويۇلغان تائام قاچىلىرىدا ئالتۇن **جاملاردا (شاراب) تۇتۇلىدۇ﴾** يەنى جوغىسى يوق، تۈتقۇچىمۇ يوق ئالتۇن جاملاردا شاراب تۇتۇلىدۇ.

**﴿جەننەتتە كۆڭۈللەر تارتىدىغان، كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر بار﴾** يەنى جەننەتتە مەزىلىك تائام، ئېسىل خۇش - پۇراق، چىرايلىق مەنزىرىلەر بار.

**﴿سىلەر جەننەتتە مەڭگۈ قالىسىلەر﴾** يەنى سىلەر جەننەتتىن چىقمايسىلەر، ئۇنىڭدىن يۆتكىلىشنىمۇ خالىمايسىلەر. ئاندىن كېيىن ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن

[1] سۈرە ئەنكەبۇت 25 - ئايەت.

www.munber.org

مۇنداق دېيىلىدۇ: ﴿سىلەر (دۇنيادا) قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىلەن ۋارىس بولغان جەننەت ئەنە شۇدۇر﴾ يەنى سىلەرنىڭ ياخشى ئەمەللىرىڭلار اللە تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلارغا سەۋەب بولدى. ھېچكىمنى ئۇنىڭ ئەمەلى جەننەتكە ئېلىپ كىرەلمەيدۇ، لېكىن ئۇ اللە تائالانىڭ رەھمىتى ۋە پەزلى بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ. پەقەت جەننەتكى دەرىجىلەرنىڭ پەرقلىق بولۇشى ياخشى ئەمەللەرگە قارىتا بولىدۇ.

﴿جەننەتتە نۇرغۇن (تۈرلۈك) مېۋىلەر بار، ئۇنىڭدىن يەيسىلەر﴾ يەنى نېمىنى ئىختىيار قىلساڭلار، نېمىنى خالىساڭلار شۇنى يەيسىلەر. اللە تائالا جەننەتتىكى تائامنى ۋە ئىچىملىكنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىرگە، نېمەت ۋە خۇرسەنلىكنىڭ تولۇق بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭدىكى مېۋىلەرنى بايان قىلدى.

* * * * * * *

إِنَّ ٱلْمُجْرِمِينَ فِى عَذَابِ جَهَنَّمَ خَـٰلِدُونَ (٧٤) لَا يُفَتَّرُ عَنْهُمْ وَهُمْ فِيهِ مُبْلِسُونَ (٧٥) وَمَا
ظَلَمْنَـٰهُمْ وَلَـٰكِن كَانُوا۟ هُمُ ٱلظَّـٰلِمِينَ (٧٦) وَنَادَوْا۟ يَـٰمَـٰلِكُ لِيَقْضِ عَلَيْنَا رَبُّكَ ۖ قَالَ إِنَّكُم مَّـٰكِثُونَ
(٧٧) لَقَدْ جِئْنَـٰكُم بِٱلْحَقِّ وَلَـٰكِنَّ أَكْثَرَكُمْ لِلْحَقِّ كَـٰرِهُونَ (٧٨) أَمْ أَبْرَمُوٓا۟ أَمْرًا فَإِنَّا مُبْرِمُونَ (٧٩) أَمْ
يَحْسَبُونَ أَنَّا لَا نَسْمَعُ سِرَّهُمْ وَنَجْوَىٰهُم ۚ بَلَىٰ وَرُسُلُنَا لَدَيْهِمْ يَكْتُبُونَ (٨٠)

*گۇناھكارلار (يەنى كۇففارلار) ھەقىقەتەن دوزاخ ئازابىدا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر﴿74﴾. ئۇلاردىن ئازاب (بىردەممۇ) يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلار دوزاختا (ھەر قانداق ياخشىلىقتىن) ئۈمىدسىزلەردۇر﴿75﴾. ئۇلارغا بىز زۇلۇم قىلمىدۇق ۋە لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى﴿76﴾. ئۇلار (يەنى كۇففارلار) (دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىگە): «ئى مالىك! پەرۋەردىگارىڭ بىزگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلسۇن» دەپ توۋلايدۇ. مالىك: «سىلەر ئازابتا چوقۇم قالىسىلەر» دەيدۇ﴿77﴾. بىز سىلەرگە ھەقىقەتەن ھەق (دىن)نى كەلتۈردۇق ۋە لېكىن سىلەرنىڭ كۆپچىلىكىڭلار ھەق (دىن)نى يامان كۆرگۈچىلەردۇر﴿78﴾. ئۇلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سۇيىقەست قىلىشتا) بىر ئىشنى قارار قىلغان بولسا، بىز (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ياردەم بېرىشتە بىر ئىشنى قارار قىلىمىز﴿79﴾. ئۇلار گۇمان قىلامدۇكى، بىز ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى ۋە پىچىرلاشقانلىقلىرىنى ئاڭلىمايمىز، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (ئۇنى ئاڭلاپ تۇرىمىز)، بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (يەنى پەرىشتىلىرىمىز) ئۇلارنىڭ ئالدىدا (ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى) يېزىپ تۇرىدۇ﴿80﴾.*

## بەتبەختلەرنىڭ يامان ئاقىۋىتى توغرىسىدا

اللە تائالا بەختلىك كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە (ئۇنىڭغا ئۇلاپلا) بەدبەختلەرنىڭ ھالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿گۇناھكارلار (يەنى كۇففارلار) ھەقىقەتەن دوزاخ ئازابىدا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. ئۇلاردىن ئازاب (بىردەممۇ) يېنىكلىتىلمەيدۇ. ئۇلارغا بىز زۇلۇم قىلمىدۇق ۋە لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى﴾ يەنى ئۇلارغا دەلىل تۇرغۇزۇلغان، پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، ئۇلار يامان ئەمەللىرى بىلەن ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى. ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى، اللە تائالاغا ئاسىي بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا مۇۋاپىق جازا بېرىلدى. ﴿پەرۋەردىگارىڭ بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر﴾[1].

[1] سۈرە فۇسسىلەت 46 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

**﴿ئۇلار (يەنى كۇففارلار) (دوزاختىكى مۇئەككەل پەرىشتىگە): «ئى مالىك! پەرۋەردىگارىڭ بىزگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلسۇن» دەپ توۋلايدۇ﴾** يەنى ئۇلار دوزاخنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەرنى چاقىرىدۇ.

ئىمام بۇخارى، سەفۋان ئىبنى يەئلادىن ئۇنىڭ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبەر ئۈستىدە بۇ ئايەتنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم: **﴿ئۇلار (يەنى كۇففارلار) (دوزاختىكى مۇئەككەل پەرىشتىگە): «ئى مالىك! پەرۋەردىگارىڭ بىزگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلسۇن» دەپ توۋلايدۇ﴾** يەنى بىزنىڭ جانلىرىمىزنى ئالسۇن، بىزنى بىز تارتىۋاتقان ئازابتىن راھەتكە چىقارسۇن، دەيدۇ. ئۇلار چوقۇم خۇددى اللە تائالا: **﴿ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ (ئارام تېپىپ قالماسلىقى ئۈچۈن) جانلىرى ئېلىنمايدۇ، ئۇلاردىن ئازابمۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ﴾**[1] دېگەندەك ئازاب ئىچىدە قېلىۋېرىدۇ.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: **﴿ئەڭ شەقى ئادەم ۋەز - نەسىھەتتىن قاچىدۇ. ئۇ كاتتا ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ. ئاندىن ئۇ ئوتتا ئۆلمەيدۇ ۋە (ئوبدان) ياشىمايدۇ﴾**[2].

ئۇلار ئۆلۈمنى سورىغان چاغدا، مالىك ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: **﴿«سىلەر ئازابتا چوقۇم قالىسىلەر»﴾** دەيدۇ يەنى سىلەرگە دوزاختىن چىقىش يوق، ئۇنىڭدىن يۆتكىلىشمۇ يوق. اللە تائالا ئۇلارنىڭ بەتبەخت بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن مۇنداق بايان قىلدى، ئۇلارنىڭ ھەققە مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلىقى، ھەق بىلەن قارشىلاشقانلىقى ئۇلارنىڭ بەدبەخت بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىدۇر. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿بىز سىلەرگە ھەقىقەتەن ھەق (دىن)نى كەلتۈردۇق﴾** يەنى ئۇنى سىلەرگە روشەن ۋە ئوچۇق بايان قىلدۇق.

**﴿ۋە لېكىن سىلەرنىڭ كۆپچىلىكىڭلار ھەق (دىن) نى يامان كۆرگۈچىلەردۇر﴾** يەنى لېكىن سىلەرنىڭ تەبىئەتىڭلار ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئۇنىڭغا بويسۇنمايدۇ. تەبىئەتىڭلار پەقەت باتىلغا بويسۇنىدۇ، ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ، سىلەرنى ھەقتىن توسىدۇ، ئۇنى يامان كۆرىدۇ، ھەق ئەھلىنى دۈشمەن تۇتىدۇ، سىلەر ئۆزەڭلارغا ئۆزەڭلار مالامەت قىلىڭلار، پۇشايمان سىلەرگە پايدا بەرمەيدىغان بۇ ۋاقىتتا پۇشايمان قىلىڭلار.

**﴿ئۇلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سۇيىقەست قىلىشتا) بىر ئىشنى قارار قىلغان بولسا، بىز (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ياردەم بېرىشتە بىر ئىشنى قارار قىلىمىز﴾** مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلار يامان سۇيىقەست قىلدى، بىز ئۇلارغا تاقابىل تۇردۇق دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېگەن: **﴿ئۇلار (سالىھقا قارشى ) سۇيىقەست پىلانلىدى. ئۇلارنى (ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن) سۇيىقەستى ئۈچۈن تۇيۇقسىز جازالىدۇق﴾**[3] بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، مۇشرىكلار ھەققە ناھەق بىلەن قارشى تۇرۇشنى ئۆزلىرىگە يول قىلىۋالغان بولۇپ، ھىيلە - مىكىر بىلەن ئالدامچىلىق قىلدى. اللە تائالا ئۇنىڭغا تاقابىل تۇردى، ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكرىنىڭ يامانلىقىنى ئۆزلىرىگە قايتۇردى.

شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار گۇمان قىلامدۇكى، بىز ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى ۋە پىچىرلاشقانلىقلىرىنى ئاڭلىمايمىز﴾** يەنى ئۇلار بىزنى ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا سۆزلىرىنى ئاڭلىمايدۇ دەپ ئويلايدۇ.

**﴿ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (ئۇنى ئاڭلاپ تۇرىمىز)، بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (يەنى پەرىشتىلىرىمىز) ئۇلارنىڭ ئالدىدا (ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى) يېزىپ تۇرىدۇ﴾** يەنى ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلىپ تۇرغانلىقىنى بىلىپ تۇرىمىز، پەرىشتىلەر ھەم ئۇلارنىڭ چوڭ - كىچىك ئەمەللىرىنىڭ بىرىنىمۇ قويماي يېزىپ تۇرىدۇ.

---

[1] سۈرە فاتىر 36 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەئلا 11 – 13 ئايەتكىچە.
[3] سۈرە نەمل 50 - ئايەت.

www.munber.org

* * * * * * *

قُلْ إِن كَانَ لِلرَّحْمَٰنِ وَلَدٌ فَأَنَا۠ أَوَّلُ ٱلْعَٰبِدِينَ ﴿٨١﴾ سُبْحَٰنَ رَبِّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ رَبِّ
ٱلْعَرْشِ عَمَّا يَصِفُونَ ﴿٨٢﴾ فَذَرْهُمْ يَخُوضُوا۟ وَيَلْعَبُوا۟ حَتَّىٰ يُلَٰقُوا۟ يَوْمَهُمُ ٱلَّذِى يُوعَدُونَ ﴿٨٣﴾ وَهُوَ
ٱلَّذِى فِى ٱلسَّمَآءِ إِلَٰهٌ وَفِى ٱلْأَرْضِ إِلَٰهٌ ۚ وَهُوَ ٱلْحَكِيمُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٨٤﴾ وَتَبَارَكَ ٱلَّذِى لَهُۥ مُلْكُ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا وَعِندَهُۥ عِلْمُ ٱلسَّاعَةِ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴿٨٥﴾ وَلَا يَمْلِكُ ٱلَّذِينَ
يَدْعُونَ مِن دُونِهِ ٱلشَّفَٰعَةَ إِلَّا مَن شَهِدَ بِٱلْحَقِّ وَهُمْ يَعْلَمُونَ ﴿٨٦﴾ وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَهُمْ
لَيَقُولُنَّ ٱللَّهُ ۖ فَأَنَّىٰ يُؤْفَكُونَ ﴿٨٧﴾ وَقِيلِهِۦ يَٰرَبِّ إِنَّ هَٰٓؤُلَآءِ قَوْمٌ لَّا يُؤْمِنُونَ ﴿٨٨﴾ فَٱصْفَحْ عَنْهُمْ وَقُلْ
سَلَٰمٌ ۚ فَسَوْفَ يَعْلَمُونَ ﴿٨٩﴾

*«ئەگەر مېھرىبان اللەنىڭ بالىسى بولىدىغان بولسا، مەن (ئۇ بالىغا) ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەۋۋىلى بولاتتىم» دېگىن﴿81﴾. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى، ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن پاكتۇر﴿82﴾. ئۇلارنى (يەنى مەككە كۇففارلىرىنى) (گۇمراھلىقلىرىدا ۋە نادانلىقلىرىدا) قويۇپ بەرگىن، ئۇلار ۋەدە قىلىنغان كۈنگە مۇلاقات بولغانغا قەدەر (باتىللىرىغا) چۆمسۇن ۋە (دۇنياسى بىلەن) ئوينىسۇن﴿83﴾. اللە ئاسماندىمۇ ئىلاھتۇر، زېمىندىمۇ ئىلاھتۇر، اللە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴿84﴾. ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان زات كاتتىدۇر، قىيامەتنىڭ (بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن (يالغۇز) اللەنىڭ دەرگاھىدىدۇر. سىلەر اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴿85﴾. ئۇلارنىڭ اللەنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرى شاپائەت قىلالمايدۇ. پەقەت ھەق بىلەن گۇۋاھلىق بەرگەن (يەنى لا الە الا اللە دېگەن، تىلى بىلەن ئېيتقاننى دىلى بىلەن) ھەقىقىي بىلگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴿86﴾. ئەگەر سەن ئۇلاردىن ئۇلارنى كىم خەلق ئەتكەنلىكلىرىنى سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم «اللە» دەيدۇ، ئۇلار قانداقمۇ (اللەغا ئىبادەت قىلىشتىن بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشقا) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ﴿87﴾. (اللەتائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) «ئى پەرۋەردىگارىم! بۇلار ھەقىقەتەن ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋمدۇر» دېگەن سۆزىنى بىلىدۇ﴿88﴾. سەن ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگىن، سالام دېگىن (يەنى ئۇلارغا بەددۇئامۇ قىلمىغىن، دىنغا دەۋەتمۇ قىلمىغىن)، ئۇلار كەلگۈسىدە (كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) بىلىدۇ﴿89﴾.*

## اللہ تائالانىڭ بالىسى يوقلىقىنىڭ دەلىللىرى توغرىسىدا

اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! ﴿ ئەگەر مېھرىبان اللەنىڭ بالىسى بولىدىغان بولسا، مەن (ئۇ بالىغا) ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەۋۋىلى بولاتتىم» دېگىن﴾ يەنى ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، مەن شۇنىڭغا بىنائەن ئۇ بالىغا ئەلۋەتتە ئىبادەت قىلغان بولاتتىم. چۈنكى، مەن ئۇنىڭ بەندىلىرىدىن بىر بەندىدۇرمەن، مېنى بۇيرۇغان جىمى ئىشتا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىمەن، مەن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتا چوڭچىلىق قىلمايمەن ۋە ئىبادەتتىن باش تارتمايمەن. ئەگەر اللہ تائالانىڭ بالىسى بولىدىغان بولسا، مەن

www.munber.org

ئەلۋەتتە ئۇ بالىغا يوغانچىلىق قىلماستىن، باش تارتماستىن ئەلۋەتتە ئىبادەت قىلغان بولاتتىم. لېكىن، بۇ الله تائالانىڭ زاتىغا توغرا ئەمەستۇر.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر الله تائالا بالا تۇتۇشنى خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە مەخلۇقات ئىچىدە خالىغىنىنى ئىختىيار قىلاتتى، الله تائالا (بالا تۇتۇشتىن) پاكتۇر، ئۇ غالىب بىر الله دۇر﴾[1].

**﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى، ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن پاكتۇر﴾** يەنى شەيئىلەرنى ياراتقۇچى الله تائالا ئۆزىگە بالا تۇتۇشتىن پاكتۇر، ئۇلۇغدۇر، يۈكسەكتۇر. الله تائالا ھەقىقەتەن يالغۇز بىر ئىلاھتۇر. ھەممە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر، ئۇنىڭ ھېچ ئوخشىشى، تەڭدىشى يوقتۇر. الله تائالا ھەرگىز بالا تۇتمايدۇ.

**﴿ئۇلارنى (يەنى مەككە كۇففارلىرىنى) (گۇمراھلىقلىرىدا ۋە نادانلىقلىرىدا) قويۇپ بەرگىن، ئۇلار ۋەدە قىلىنغان كۈنگە مۇلاقات بولغانغا قەدەر (باتىللىرىغا) چۆمسۇن ۋە (دۇنياسى بىلەن) ئوينىسۇن﴾** يەنى ئۇلارنىڭ نادانلىقىدا ۋە گۇمراھلىقىدا چۆمسۇن. ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان كۈن قىيامەت كۈنىدۇر. ئۇلار شۇ كۈندە بارىدىغان جايىنىڭ ۋە ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

## پەرۋەردىگارنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىنىڭ بايانى توغرىسىدا

**﴿الله ئاسماندىمۇ ئىلاھتۇر، زېمىندىمۇ ئىلاھتۇر﴾** يەنى ئۇ ئاسماندىكى جىمى مەخلۇقاتنىڭ ۋە زېمىندىكى جىمى مەخلۇقاتنىڭ ئىلاھىدۇر. الله تائالاغا ئاسمان ۋە زېمىن ئەھلى ئىبادەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى الله تائالاغا باش ئەگكۈچىدۇر، ئۇلار ئۆزلىرىنى الله تائالانىڭ ئالدىدا تولىمۇ تۆۋەن تۇتىدۇ.

**﴿الله ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴾** بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ( ئىبادەت قىلىنىشقا تېگىشلىك) الله ئەنە شۇدۇر، ئۇ سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلىرىڭلارنى، (ياخشى ـ يامان) قىلمىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾[2] يەنى ئاسمانلار ۋە زېمىندا ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھ ئەنە شۇ الله تائالادۇر.

**﴿ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان زات كاتتىدۇر﴾** يەنى الله تائالا ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ پادىشاھىدۇر، ئۇلارنى خالىغانچە ئىدارە قىلغۇچىدۇر، الله تائالاغا ھېچ توسقۇنلۇق قىلغۇچى بولمايدۇ. الله تائالا بالا تۇتۇشتىن پاكتۇر، بۈيۈكتۇر، يەنى الله تائالاغا ئەيىبلەردىن، نوقسانلاردىن پاك بولۇش مۇجەسسەملەشكەندۇر، چۈنكى، ئۇ يۈكسەك پەرۋەردىگاردۇر. شەيئىلەرنىڭ بۈيۈك پادىشاھىدۇر. بىرەر ئىشنى بۇزۇش ياكى پۇختا قىلىش جەھەتتە ئىشلارنىڭ ئاچقۇچى الله تائالانىڭ قولىدىدۇر.

**﴿قىيامەتنىڭ (بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن (يالغۇز) اللەنىڭ دەرگاھىدىدۇر﴾** يەنى ﴿ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا مەيدانغا چىقىرىدۇ﴾[3].

**﴿سىلەر اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾** ئاندىن الله تائالا ھەر ئادەمگە ئۇنىڭ ئەمەلىگە قارىتا ياخشىلىق بولسا مۇكاپات، يامانلىق بولسا جازا بېرىدۇ.

## بۇتلارنىڭ شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا

---

[1] سۈرە زۇمەر 4 - ئايەت.
[2] سۈرە ئەنئام 3 - ئايەت.
[3] سۈرە ئەئراف 187 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

﴿**ئۇلارنىڭ اللەنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرى شاپائەت قىلالمايدۇ**﴾ يەنى ئۇلار اللە تائالانى قويۇپ چوقۇنغان بۇتلار ئۇلارغا شاپائەت قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ.

﴿**پەقەت ھەق بىلەن گۇۋاھلىق بەرگەن (يەنى لا الە الا اللە دېگەن، تىلى بىلەن ئېيتقاننى دىلى بىلەن) ھەقىقىي بىلگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا**﴾ يەنى كىمكى ئاقىلانىلىك بىلەن ھەقنى بىلىپ، ھەق بىلەن گۇۋاھلىق بەرسە، اللە تائالانىڭ دەرگاھىدا اللە تائالا ئۇنىڭغا شاپائەت قىلىشقا ئىزنى بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ شاپائىتى مەنپەئەت قىلىدۇ.

## مۇشرىكلارنىڭ مەخلۇقاتلارنى يالغۇز اللە تائالانىڭ ياراتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**ئەگەر سەن ئۇلاردىن ئۇلارنى كىم خەلق ئەتكەنلىكلىرىنى سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم «اللە» دەيدۇ. ئۇلار قانداقمۇ (اللەغا ئىبادەت قىلىشتىن بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشقا) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ**﴾ يەنى ئەگەر سەن اللە تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن، اللە تائالاغا باشقا نەرسىلەرنى قوشۇپ ئىبادەت قىلغان ئەنە شۇ مۇشرىكلاردىن: ﴿**ئۇلارنى كىم خەلق ئەتكەنلىكلىرىنى**﴾ سورىساڭ، ﴿**ئۇلار چوقۇم: اللە دەيدۇ**﴾ يەنى ئۇلار جىمى نەرسىلەرنى يارىتىشتا ھېچكىمنى شېرىك قىلمىغان يالغۇز اللە تائالانىڭ ياراتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار اللە تائالاغا باشقا نەرسىنى يەنى ھېچنەرسىگە ئىگە بولالمايدىغان، ھېچ نەرسىگە قادىر ئەمەس بۇتلارنى قوشۇپ ئىبادەت قىلىدۇ. ئۇلار بۇ ھەقتە ناھايىتىمۇ بەك جاھىل، دۆت ۋە ئەقلى يوق ھاماقەتلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار قانداقمۇ (اللەغا ئىبادەت قىلىشتىن بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشقا) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ**﴾

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ اللە تائالاغا شىكايەت قىلغانلىقى توغرىسىدا

﴿**(اللە تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) «ئى پەرۋەردىگارىم! بۇلار ھەقىقەتەن ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋمدۇر» دېگەن سۆزىنى (بىلىدۇ)**﴾ يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىغا قەۋمى توغرۇلۇق شىكايەت قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى پەرۋەردىگارىم! بۇلار ھەقىقەتەن ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋمدۇر**﴾.

بۇ ھەقتە اللە تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق خەۋەر قىلغان: ﴿پەيغەمبەر ئېيتتى: «ئى پەرۋەردىگارىم! شۈبھىسىزكى، مېنىڭ قەۋمىم بۇ قۇرئاننى تاشلاندۇق قىلىپ قويدى»﴾[1] بىزنىڭ يۇقىرىدىكى ئايەتكە تەپسىر قىلغان سۆزىمىز ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مۇجاھىد ۋە قەتادە قاتارلىقلارنىڭ سۆزىدۇر. ئىبنى جەرىرمۇ ئۇ ئايەتنى بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ تەپسىر قىلدى.

اللە تائالانىڭ ﴿**(مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) «ئى پەرۋەردىگارىم! بۇلار ھەقىقەتەن ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋمدۇر» دېگەن سۆزىنى (بىلىدۇ)**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: اللە تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئۆز سۆزىنىڭ ئارىسىغا كىرگۈزۈشنى خالىدى. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: بۇ پەيغەمبىرىڭلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدۇر. ئۇ پەرۋەردىگارىغا قەۋمى ھەققىدە شىكايەت قىلىۋاتىدۇ.

﴿**سەن ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگىن**﴾ يەنى مۇشرىكلاردىن يۈز ئۆرۈگىن.

[1] سۈرە فۇرقان 30 - ئايەت.

www.munber.org

**﴿سالام دېگىن (يەنى ئۇلارغا بەددۇئامۇ قىلمىغىن، دىنغا دەۋەتمۇ قىلمىغىن)﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ساڭا قىلغان يامان سۆزلىرىگە ئوخشاش يامان سۆزلەر بىلەن ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرمىغىن، لېكىن ئۇلارغا يۇمشاق بول، ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىدىن يۈز ئۆرىگىن.

**﴿ئۇلار كەلگۈسىدە (كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) بىلىدۇ﴾** بۇ ئايەت ئۇلارغا اللہ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن تەھدىدتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن اللہ تائالا ئۇلارنى قۇتۇلغىلى بولمايدىغان قاتتىق ئازابىغا گىرىپتار قىلدى. دىنىنى، سۆزىنى يەنى ”لائىلاھە ئىللەللاھ“ نى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن جىھادنى، ئۇرۇشتا چىداملىق بولۇشنى يولغا قويدى. كىشىلەر اللہ تائالانىڭ دىنىغا توپ ـ توپ بولۇپ كىردى. ئىسلام دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىدى.

اللہ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن، شۇنىڭ بىلەن سۈرە زۇخرۇفنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە دۇخان | 59 ئايەت

## سۈرە دۇخاننىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئىمام بەززار، ئەبۇتۇفەيل ئامىر ئىبنى ۋاسىلەدىن زەيد ئىبنى ھارىسەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبنى سەييادقا[1]: «مەن ھەقىقەتەن كۆڭلۈمدە بىر نەرسىنى يوشۇردۇم، ئۇ نېمە؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن سۈرە دۇخاننى يوشۇرغان ئىدى. ئىبنى سەيياد: ئۇ دۇخان[2]، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ساڭا لەنەت! اللە نېمىنى خالىسا شۇ بولىدۇ» دېدى، ئاندىن يولىغا راۋان بولدى.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

حمٓ ﴿١﴾ وَٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡمُبِينِ ﴿٢﴾ إِنَّآ أَنزَلۡنَٰهُ فِي لَيۡلَةٖ مُّبَٰرَكَةٍۚ إِنَّا كُنَّا مُنذِرِينَ ﴿٣﴾ فِيهَا يُفۡرَقُ
كُلُّ أَمۡرٍ حَكِيمٍ ﴿٤﴾ أَمۡرٗا مِّنۡ عِندِنَآۚ إِنَّا كُنَّا مُرۡسِلِينَ ﴿٥﴾ رَحۡمَةٗ مِّن رَّبِّكَۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ
﴿٦﴾ رَبِّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَيۡنَهُمَآۖ إِن كُنتُم مُّوقِنِينَ ﴿٧﴾ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ يُحۡيِۦ وَيُمِيتُۖ
رَبُّكُمۡ وَرَبُّ ءَابَآئِكُمُ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٨﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***ھا**، مىم[1]. روشەن قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمەن [2]. بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن مۇبارەك كېچىدە (يەنى شەبى قەدرى كېچىسىدە) نازىل قىلدۇق، بىز ھەقىقەتەن ئىنسانلارنى (قۇرئان بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولدۇق [3]. ئۇ كېچىدە ھەر بىر ھېكمەتلىك (يەنى ھېكمەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە قىلىنغان) ئىش (يەنى بەندىلەرنىڭ رىزقى، ئەجىلى ۋە باشقا ئەھۋالى) ئايرىلىدۇ [4]. (شۇ كېچە تەقدىر قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى) بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىن بولغان ئىشتۇر، بىز ھەقىقەتەن (ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەرنى) ئەۋەتكۈچى بولدۇق [5]. (شۇ) پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىدىندۇر. ئۇ ھەقىقەتەن (بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. (ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر[6]. ئەگەر سىلەر ھەقىقىي ئىشەنگۈچى بولساڭلار، (ئۇ) ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر [7]. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنىڭ) جېنىنى ئالالايدۇ، ئۇ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئىلگىرىكى ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر[8].*

(1) ئىبنى سەيياد جىنلار يەتكۈزگەن نەرسىنى سۆزلەيدىغان پالچى ئىدى.
(2) يەنى دۇخان دېمەكچى.

www.munber.org

## قۇرئاننىڭ شەبى قەدرى كېچىسى نازىل بولغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا قۇرئان كەرىمنى مۇبارەك كېچە شەبى قەدرى كېچىسى نازىل قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن شەبى قەدرىدە نازىل قىلدۇق﴾[1] يەنى قۇرئان رامىزان ئېيىدا نازىل بولغان ئىدى. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى﴾[2]. بۇ ھەقتە سۈرە بەقەرەدە نۇرغۇن ھەدىسلەرنى بايان قىلغان ئىدۇق، شۇڭا ئۇنى بۇ يەردە قايتا تەكرارلىمايمىز.

﴿**بىز ھەقىقەتەن ئىنسانلارنى (قۇرئان بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولدۇق**﴾ يەنى الله تائالانىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرىنىڭ بەندىلىرىنىڭ ئۈستىگە تۇرغۇزۇلۇشى ئۈچۈن، ئىنسانلارغا شەرىئەت ھۆكمىدە نېمىنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگۈچى بولدۇق.

﴿**ئۇ كېچىدە ھەر بىر ھېكمەتلىك (يەنى ھېكمەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە قىلىنىغان) ئىش (يەنى بەندىلەرنىڭ رىزقى، ئەجىلى ۋە باشقا ئەھۋالى) ئايرىلىدۇ**﴾ يەنى شەبى قەدىر كېچىسىدە لەۋھۇلمەھپۇزدىن بەندىلەرنىڭ رىزىقلىرى، ئەجەللىرى ۋە باشقا ئەھۋالى قاتارلىق ئالماشتۇرۇلمايدىغان، ئۆزگەرتىلمەيدىغان بىر يىللىق پۈختا ئىش ئايرىلىپ، پۈتۈكچى پەرىشتىلەرگە تاپشۇرۇلىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر، مۇجاھىد، ئەبۇ مالىك، زەھھاك ۋە سەلەپ ئۆلىمالىرىدىن بىر قانچە كىشىدىن بۇ ئايەت ھەققىدە مۇشۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:ئۇ كېچىدە بولغان، ۋەھيي قىلىنغان ﴿**(شۇ كېچە تەقدىر قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى) بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىن**﴾ يەنى الله نىڭ ئەمرى، ئىزنى ۋە بىلىشى ئىچىدە ﴿**بولغان ئىشتۇر. بىز ھەقىقەتەن (ئىنسانلارغا)**﴾ ئۇلارغا الله نىڭ روشەن ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان ﴿**(پەيغەمبەرلەرنى) ئەۋەتكۈچى بولدۇق**﴾ چۈنكى ئۇلارنىڭ شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەرلەرگە قاتتىق ئېھتىياجى بار ئىدى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(شۇ) پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىدىندۇر. ئۇ ھەقىقەتەن (بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. (ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئەگەر سىلەر ھەقىقىي ئىشەنگۈچى بولساڭلار**﴾ قۇرئاننى نازىل قىلغۇچى زات ﴿**ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە پادىشاھىدۇر. ﴿**ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنىڭ) جېنىنى ئالالايدۇ، ئۇ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئىلگىرىكى ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشايدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى الله غا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ...»﴾[3].

* * * * * * *

بَلْ هُمْ فِي شَكٍّ يَلْعَبُونَ ﴿٩﴾ فَٱرْتَقِبْ يَوْمَ تَأْتِي ٱلسَّمَآءُ بِدُخَانٍ مُّبِينٍ ﴿١٠﴾ يَغْشَى ٱلنَّاسَ
هَـٰذَا عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿١١﴾ رَّبَّنَا ٱكْشِفْ عَنَّا ٱلْعَذَابَ إِنَّا مُؤْمِنُونَ ﴿١٢﴾ أَنَّىٰ لَهُمُ ٱلذِّكْرَىٰ وَقَدْ جَآءَهُمْ

[1] سۈرە قەدر 1 ـ ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەئراف 158 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

رَسُولٌ مُّبِينٌ ﴿١٣﴾ ثُمَّ تَوَلَّوْاْ عَنْهُ وَقَالُواْ مُعَلَّمٌ مَّجْنُونٌ ﴿١٤﴾ إِنَّا كَاشِفُواْ ٱلْعَذَابِ قَلِيلاً ۚ إِنَّكُمْ عَآئِدُونَ
﴿١٥﴾ يَوْمَ نَبْطِشُ ٱلْبَطْشَةَ ٱلْكُبْرَىٰٓ إِنَّا مُنتَقِمُونَ ﴿١٦﴾

*ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلار ھەقىقىي ئىشەنگۈچى ئەمەس)، بەلكى ئۇلار (قىيامەتتىن) شەكتە بولۇپ (ھەقنى ئىستىھزا قىلىپ) ئوينايدۇ﴿9﴾. (ئى مۇھەممەد!) سەن ئاسمان (ھەممە ئادەم) ئوچۇق (كۆرىدىغان) تۈتۈننى كەلتۈرىدىغان كۈندە (ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى) كۈتكىن﴿10﴾. (ئۇ تۈتۈن) كىشىلەرنى ئورىۋالىدۇ، بۇ قاتتىق ئازابتۇر﴿11﴾. (ئۇلار) «پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئازابنى كۆتۈرۈۋەتكىن، بىز ھەقىقەتەن ئىمان كەلتۈرگۈچىدۇرمىز» (دەيدۇ)﴿12﴾. (ئازاب كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندە) ئۇلار قانداقمۇ ئىبرەت ئالسۇن، ھالبۇكى، ئۇلارغا روشەن پەيغەمبەر كەلدى (شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار ئىمان ئېيتمىدى)﴿13﴾. ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى ۋە: «ئۇ ئۆگىتىلگەن (يەنى قۇرئاننى كىشىلەردىن ئۆگەنگەن)دۇر، مەجنۇندۇر» دېدى﴿14﴾. بىز ھەقىقەتەن ئازابنى (سىلەردىن) ئازغىنا ۋاقىت كۆتۈرۈۋېتىمىز، (ئاندىن) سىلەر ھەقىقەتەن (ئىلگىرىكى كاپىرلىق ھالىتىڭلارغا) قايتىۋالىسىلەر﴿15﴾. ئۇلارنى قاتتىق تۇتقان كۈنىمىزدە چوقۇم جازالايمىز﴿16﴾.*

## ئاسمان تۈتۈن كەلتۈرىدىغان كۈندىن مۇشرىكلارنى قورقۇتۇش توغرىسىدا

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: بەلكى ئۇ مۇشرىكلار ﴿(قىيامەتتىن) شەكتە بولۇپ (ھەقنى ئىستىھزا قىلىپ) ئوينايدۇ﴾ يەنى ئۇلارغا ھەقىقىي ئىشەنچلىك ھەق كەلدى. ھالبۇكى ئۇلار ئۇنىڭدىن شەكلىنىدۇ، گۇمانلىنىدۇ، ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. ﷲ تائالا ئۇلارنى قورقۇتۇپ ۋە تەھدىت سېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ئاسمان (ھەممە ئادەم) ئوچۇق (كۆرىدىغان) تۈتۈننى كەلتۈرىدىغان كۈندە (ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى) كۈتكىن﴾ مەسرۇقتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ، بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: بىز كۇفە مەسچىتىگە كىندە دەرۋازىلىرىنىڭ بىرىدىن كىرسەك، بىر ئادەم ئولتۇرغانلارغا: ﴿ئاسمان (ھەممە ئادەم) ئوچۇق (كۆرىدىغان) تۈتۈننى كەلتۈرىدىغان كۈندە﴾ دېگەن ئايەتتىكى تۈتۈننىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ تۈتۈن قىيامەت كۈنى كېلىدۇ، مۇناپىقلارنىڭ قۇلاقلىرىنى گاس، كۆزلىرىنى كور قىلىدۇ، مۇئمىنلەرنىمۇ زۇكام تەگكەندەك قىلىپ قويىدۇ، دېگەن سۆزلەرنى قىلىۋاتقان ئىكەن.

ئاندىن بىز ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا بىز ئاڭلىغان يۇقىرىقى سۆزلەرنى دەپ بەردۇق. ئۇ يېنىچە يېتىپتىكەن، بۇ گەپنى ئاڭلاپ ياتقان يېرىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئولتۇردى - دە، مۇنداق دېدى. ﷲ تائالا پەيغەمبىرىڭلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: ﴿ئېيتقىنكى، «(ﷲ تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيىنى) تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچ ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مەن (قۇرئاننى) ئىپتىرا قىلغۇچىلاردىن (يەنى يالغاندىن توقۇغۇچىلاردىن) ئەمەسمەن﴾[1].

بىرەر ئادەمنىڭ ئۆزى بىلمەيدىغان نەرسىنى "ﷲ تائالا بىلگۈچىدۇر" دېيىشى ھەقىقەتەن ئىلىم ئىگىسى بولغانلىقىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇ ئەھۋالنى سىلەرگە مەن سۆزلەپ بېرەي: قۇرەيش ئەھلى ھەقىقەتەن ئىسلامنى قوبۇل قىلىشنى ئارقىغا سۈرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلغان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بەددۇئا قىلىپ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ يىللىرىغا ئوخشاش قەھەتچىلىك يىللارنى تىلىگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قەھەتچىلىك ۋە ئاچارچىلىق ئاپىتى كېلىپ،

[1] سۈرە ساد 86 - ئايەت.

www.munber.org

ئۇلار ئاچلىقتىن سۆڭەك ۋە ئۆلۈكلەرنىمۇ يېگەن. ئۇلار ئاسمانغا قارايتتى. ئاچلىقتىن كۆزلىرى خىرەلىشىپ ئاسماندا پەقەت تۇتۇننىلا كۆرەتتى. يەنە بىر رىۋايەتتە: بىرەر ئادەم ئاسمانغا قارىسا، ئاچلىقتىن كۆزلىرى خىرەلىشىپ ئۆزى بىلەن ئاسمان ئارىلىقىدىكى بوشلۇقتا تۇتۇنگە ئوخشاش نەرسىلەرنى كۆرەتتى، دېيىلگەن.

**﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ئاسمان (ھەممە ئادەم) ئوچۇق (كۆرىدىغان) تۇتۇننى كەلتۈرىدىغان كۈندە (ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى) كۈتكىن. (ئۇ تۇتۇن) كىشىلەرنى ئورىۋالىدۇ، بۇ قاتتىق ئازابتۇر﴾**

ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! اللە تائالادىن مۇزەر قەبىلىسىگە سۇ تەلەپ قىلغىن، ئۇلار قورغاقچىلىقتىن ھالاك بولغىلى تۇردى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا سۇ تەلەپ قىلدى. ئۇلار سۇ بىلەن تەمىنلەندى، ئاندىن **﴿بىز ھەقىقەتەن ئازابنى (سىلەردىن) ئازغىنا ۋاقىت كۆتۈرۈۋېتىمىز، (ئاندىن) سىلەر ھەقىقەتەن (ئىلگىرىكى كاپىرلىق ھالىتىڭلارغا) قايتىۋالىسىلەر﴾** دېگەن ئايەت نازىل بولدى.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئازاب ئۇلاردىن قىيامەت كۈنى كۆتۈرۈۋېتىلەمدۇ؟ دېدى[1]. ئۇلارغا مەمۇرچىلىق بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئىلگىرىكى كاپىرلىق ھالىتىگە يېنىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:**﴿ئۇلارنى قاتتىق تۇتقان كۈنىمىزدە چوقۇم جازالايمىز﴾** يەنى ئۇلار بەدىر ئۇرۇشىدا جازالاندى.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: قىيامەت ئالامەتلىرىدىن ھەقىقەتەن ئاسماننىڭ تۇتۇندەك كۆرۈنۈشى، رۇملۇقلارنىڭ غەلىبە قىلىشى، ئاينىڭ يېرىلىشى، قاتتىق تۇتۇش يەنى بەدىر ئۇرۇشى ۋە ئۇلارنىڭ بەدىر ئۇرۇشىدا جازالىنىشى قاتارلىق بەش ئىش ئۆتتى، دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى جەرىر ۋە ئىبنى ئەبۇ ھاتەم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ئايەتنى: ئاسماننىڭ تۇتۇن كۆرۈنىدىغان كۈنى ئۆتۈپ كەتتى، دەپ تەپسىر قىلغانلىقىغا سەلەف ئۆلىمالىرىدىن مۇجاھىد، ئەبۇ ئالىيە، ئىبراھىم نەخەئى، زەھھاك ۋە ئەتىييە ئەۋفى قاتارلىق بىر جامائە كىشىلەر قوشۇلغان. ئىبنى جەرىرمۇ ئۇنى توغرا دەپ تاللىغان.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ سۈرەيھەدىن ھۇزەيفە ئىبنى ئۇسەيد غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىنىڭ پەنجىرىسىدىن قاراپ تۇراتتى، بىز بولساق قىيامەت توغرۇلۇق مۇنازىرە قىلىشىۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «سىلەر ئون ئالامەتنى كۆرمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ئۇلار بولسا:كۈننىڭ غەربتىن چىقىشى، ئاسماننىڭ تۇتۇن كەلتۈرۈشى، غەلىتە ھايۋاننىڭ چىقىشى، يەجۇج بىلەن مەجۇجنىڭ چىقىشى، مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسانىڭ چۈشۈشى، دەججالنىڭ چىقىشى، بىر قېتىملىقى شەرقتە، يەنە بىر قېتىملىقى غەربتە، يەنە بىرى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بولىدىغان ئۈچ قېتىملىق يەر يۇتۇش ھادىسىسى ۋە ئەدەن شەھىرىدىن بىر ئوت چىقىپ ئىنسانلار نەدە قونسا ۋە نەدە چۈشلۈك ئىستىراھەت ئۈچۈن ئۇخلىسا شۇ يەردە توختاپ، ئۇلارنى ھەيدەپ، بىر مەيدانغا توپلىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر».

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبنى سەييادقا: «مەن ھەقىقەتەن كۆڭلۈمدە سەندىن بىر نەرسىنى يوشۇردۇم» دېگەندە، ئىبنى سەييادنىڭ: ئۇ دۇخ دېگەنلىكىنى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ساڭا لەنەت! سەن، ساڭا بېرىلگەن ئۆلچەمدىن ھەرگىز ئېشىپ كېتەلمەيسەن» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسلىدە ئۇنىڭدىن: **﴿(ئى**

[1] يەنى ھېلىقى ئادەمگە تەنە قىلىپ شۇنداق دېگەن.

www.munber.org

**مۇھەممەد!) سەن ئاسمان (ھەممە ئادەم) ئوچۇق (كۆرىدىغان) تۈتۈننى كەلتۈرىدىغان كۈندە (ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى) كۈتكىن﴾** دېگەن ئايەتنى يوشۇرغان ئىدى. بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى كۈتكۈچى ۋە كۆزەتكۈچى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدىغان بىر مەنە باردۇر. ئىبنى سەيياد بولسا جىنلارنىڭ تىلى ئارقىلىق كاھىنلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە بەزى ئىشلارنى بىلەتتى. كاھىنلار بولسا سۆز ـ ئىبارىسىنى ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ سۆزلەيدۇ، شۇڭا ئىبنى سەييادمۇ ”دۇخان“ دېيەلمەي ”دۇخ“ دەپلا توختاپ قالغان ئىدى. شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ھىيلىسىنى ۋە ئۇ سۆزنىڭ شەيتان تەرىپىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغان، شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ساڭا لەنەت! سەن، ساڭا بېرىلگەن ئۆلچەمدىن ھەرگىز ئېشىپ كېتەلمەيسەن» دېگەن.

نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەرگە ئاساسلانغاندا، ئاسماننىڭ تۈتۈن كەلتۈرۈشى كۈتۈپ تۇرۇلغان قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. قۇرئاننىڭ ئاشكارا مەنىسىمۇ شۇنى تەكىتلەيدۇ: **﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ئاسمان (ھەممە ئادەم) ئوچۇق (كۆرىدىغان) تۈتۈننى كەلتۈرىدىغان كۈندە (ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى) كۈتكىن﴾**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەپسىرى بويىچە ئىبتىقاندا ئاسماننىڭ تۈتۈندەك كۆرۈنۈشى پەقەت قۇرەيش ئەھلىنىڭ كۆزلىرى ئاچلىق ۋە قەھەتچىلىكنىڭ قاتتىقلىقى سەۋەبىدىن قاراڭغۇلىشىپ ۋە خىرەلىشىپ، ئاسماننىڭ ئۇلارغا تۈتۈن ھالىتىدە كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەتتۇر.

الله تائالا نىڭ **﴿(ئۇ تۈتۈن) كىشىلەرنى ئورىۋالىدۇ﴾** دېگەن ئايىتىمۇ ئۇ تۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈنلەي ئورىۋالىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر ئۇ تۈتۈن مەككە مۇشرىكلىرىغا خاس قىلىنغان تۈتۈن بولغان بولسا **﴿(ئۇ تۈتۈن) كىشىلەرنى ئورىۋالىدۇ﴾** دېيىلگەن بولاتتى.

**﴿بۇ قاتتىق ئازابتۇر﴾** بۇ سۆز ئۇلارغا تاپا ـ تەنە ۋە مالامەت قىلىش يۈزىسىدىن ئېيتىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ كۈندە ئۇلار دوزاخقا قاتتىق ئىتتىرىلىدۇ. (ئۇلارغا) «مانا بۇ سىلەر يالغانغا چىقارغان دوزاختۇر» (دېيىلىدۇ)﴾[1] ياكى بۇ سۆزنى دوزاختىكىلەر بىر ـ بىرىگە ئېيتىدۇ.

كاپىرلار الله نىڭ ئازابىنى ئاشكارا كۆرگەن چاغدا الله نىڭ ئۆزلىرىدىن ئازابنى كۆتۈرىۋېتىشىنى سوراپ: **﴿(ئۇلار) «پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئازابنى كۆتۈرىۋەتكىن، بىز ھەقىقەتەن ئىمان كەلتۈرگۈچىدۇرمىز» (دەيدۇ)﴾** بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئۇلارنى دوزاخ ئۈستىدە توختىتىلغان چاغدا كۆرسەڭ (دەھشەتلىك بىر ھالىنى كۆرەتتىڭ). ئۇلار: «كاشكى دۇنياغا قايتۇرۇلساق ئىدۇق، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلمايتتۇق ۋە مۆمىنلەردىن بولاتتۇق» دەيدۇ﴾[2]. ﴿(ئى مۇھەممەد!) كىشىلەرنى (يەنى كۇففارلارنى) ئازاب كېلىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن ئاگاھلاندۇرغىن، (بۇ كۈندە) زالىملار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە قىسقىغىنا ۋاقىت مۆھلەت بەرگىن (يەنى دۇنياغا قايتۇرغىن)، دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلايلى، پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشەيلى» دەيدۇ. (ئۇلارغا) سىلەر ئىلگىرى، بىز ھەرگىز يوقالمايمىز، دەپ قەسەم ئىچمىگەنمىدىڭلار؟ (دېيىلىدۇ)﴾[3].

**﴿(ئازاب كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندە) ئۇلار قانداقمۇ ئىبرەت ئالسۇن، ھالبۇكى، ئۇلارغا روشەن پەيغەمبەر كەلدى (شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار ئىمان ئېيتمىدى). ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى ۋە: «ئۇ ئۆگىتىلگەن (يەنى قۇرئاننى كىشىلەردىن ئۆگەنگەن)دۇر، مەجنۇندۇر» دېدى﴾** يەنى ئۇلار قانداقمۇ ئىبرەت

[1] سۈرە فەجر 13 — 14 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئەنئام 27 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئىبراھىم 44 ـ ئايەت.

www.munber.org

ئالسۇن، بىز ئۇلارغا پەيغەمبەرلىكى، ئاگاھلاندۇرغۇچى ئىكەنلىكى روشەن بولغان بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتتۇق، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى. ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىدى، بەلكى ئۇنى ئىنكار قىلدى، ئۇلار ئېيتتى: ﴿«ئۇ ئۆگىتىلگەن (يەنى قۇرئاننى كىشىلەردىن ئۆگەنگەن)دۇر، مەجنۇندۇر»﴾ دېدى.

بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇ كۈندە ئىنسان (يەنى كاپىر) (دۇنيادىكى قىلمىشلىرىنى) ئەسلەيدۇ، (بۇ چاغدا) ئەسلىگەنلىكى ئۇنىڭغا نېمە پايدىسى بولسۇن﴾[1] ﴿ئەگەر سەن ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ قورقۇپ قاچىدىغان يەر تاپالمايۋاتقانلىقىنى، دوزاخقا (ئېلىپ بېرىلىش ئۈچۈن مەھشەرگاھقا) يېقىن جايدا تۇتۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالىنى كۆرەتتىڭ). ئۇلار (ئازابنى كۆرگەندە): «ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ، ئۇلار قانداقمۇ يىراق جايدىن ئىماننى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. ئۇلار ئىلگىرى ئۇنى (يەنى پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلغان ئىدى. ئۇلار غەيب (ئىشلىرى) ئۈستىدە يىراق جايدىن قارىسىغا سۆزلەيدۇ. ئۇلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرى (يەنى ئىمان ئېيتىش ۋە جەننەتكە كىرىش) ئارىسىدا توسالغۇ پەيدا قىلىندى. ئۇلارغا ئىلگىرى ئۇلارغا ئوخشاشلارغا قىلىنغاندەك قىلىندى. چۈنكى ئۇلار ھازىر ئىمان كەلتۈرگەن نەرسىلىرى ئۈستىدە (دۇنيادىكى چاغلىرىدا) چوڭقۇر شەكتە ئىدى﴾[2].

﴿بىز ھەقىقەتەن ئازابنى (سىلەردىن) ئازغىنا ۋاقىت كۆتۈرۈۋېتىمىز، (ئاندىن) سىلەر ھەقىقەتەن (ئىلگىرىكى كاپىرلىق ھالىتىڭلارغا) قايتىۋالىسىلەر﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئەگەر بىز سىلەردىن ئازابنى كۆتۈرۈۋەتسەك، سىلەرنى دۇنيا يۇرتىغا قايتۇرساق، سىلەر ئىلگىرىكىدەكلا كاپىرلىق قىلىدىغان، ھەقنى ئىنكار قىلىدىغان ھالىتىڭلارغا چوقۇم يېنىۋالىسىلەر دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)غا رەھىم قىلساق، ئۇلارغا كەلگەن كۈلپەتنى كۆتۈرۈۋەتسەك، چوقۇم گۇمراھلىقلىرىدا داۋاملىق تېڭىرقاپ يۈرۈشەتتى﴾[3] ﴿ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى ئەلۋەتتە يەنە قىلاتتى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار (ئىمان ئېيتاتتۇق دېگەن ۋەدىسىدە) يالغانچىلاردۇر﴾[4].

## ”قاتتىق تۇتۇش“ نىڭ تەپسىرى توغرىسىدا

﴿ئۇلارنى قاتتىق تۇتقان كۈنىمىزدە چوقۇم جازالايمىز﴾ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بۇ ”قاتتىق تۇتۇش“نى بەدىر ئۇرۇش دەپ تەپسىر قىلىندى.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ تەپسىرگە مۇجاھىد، ئەبۇ ئالىيە، ئىبراھىم نەخەئى، زەھھاك ۋە ئەتىييە ئەۋفى قاتارلىقلارمۇ قوشۇلغان. ئەۋفي، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭمۇ شۇنداق تەپسىر قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭمۇ شۇنداق تەپسىر قىلغانلىقى بايان قىلىنغان، بۇ قاراش ئېھتىماللىقمۇ يېقىندۇر. بىراق ئايەتنىڭ ئاشكارا مەنىسى، گەرچە بەدىر كۈنى اللّٰه تائالا كاپىرلارنى قاتتىق تۇتقان كۈن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قىيامەت كۈنى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇرىدۇ. ئىبنى جەرىر، ئىكرەمەدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق

[1] سۈرە فەجر 23 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە سەبەئ 51 — 54 - ئايەتكىچە.
[3] سۈرە مۆمىنۇن 75 - ئايەت.
[4] سۈرە ئەنئام 28 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، قاتتىق تۇتىدىغان كۈن، بەدىر ئۇرۇشى بولغان كۈن دەيدۇ. مەن بولسام ئۇنى قىيامەت كۈنىدۇر، دەپ قارايمەن.

* * * * * * *

۞ وَلَقَدْ فَتَنَّا قَبْلَهُمْ قَوْمَ فِرْعَوْنَ وَجَآءَهُمْ رَسُولٌ كَرِيمٌ ﴿١٧﴾ أَنْ أَدُّوٓا۟ إِلَىَّ عِبَادَ ٱللَّهِ ۖ إِنِّى
لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ ﴿١٨﴾ وَأَن لَّا تَعْلُوا۟ عَلَى ٱللَّهِ ۖ إِنِّىٓ ءَاتِيكُم بِسُلْطَٰنٍ مُّبِينٍ ﴿١٩﴾ وَإِنِّى عُذْتُ بِرَبِّى وَرَبِّكُمْ
أَن تَرْجُمُونِ ﴿٢٠﴾ وَإِن لَّمْ تُؤْمِنُوا۟ لِى فَٱعْتَزِلُونِ ﴿٢١﴾ فَدَعَا رَبَّهُۥٓ أَنَّ هَٰٓؤُلَآءِ قَوْمٌ مُّجْرِمُونَ ﴿٢٢﴾ فَأَسْرِ
بِعِبَادِى لَيْلًا إِنَّكُم مُّتَّبَعُونَ ﴿٢٣﴾ وَٱتْرُكِ ٱلْبَحْرَ رَهْوًا ۖ إِنَّهُمْ جُندٌ مُّغْرَقُونَ ﴿٢٤﴾ كَمْ تَرَكُوا۟ مِن
جَنَّٰتٍ وَعُيُونٍ ﴿٢٥﴾ وَزُرُوعٍ وَمَقَامٍ كَرِيمٍ ﴿٢٦﴾ وَنَعْمَةٍ كَانُوا۟ فِيهَا فَٰكِهِينَ ﴿٢٧﴾ كَذَٰلِكَ ۖ وَأَوْرَثْنَٰهَا قَوْمًا
ءَاخَرِينَ ﴿٢٨﴾ فَمَا بَكَتْ عَلَيْهِمُ ٱلسَّمَآءُ وَٱلْأَرْضُ وَمَا كَانُوا۟ مُنظَرِينَ ﴿٢٩﴾ وَلَقَدْ نَجَّيْنَا بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ
مِنَ ٱلْعَذَابِ ٱلْمُهِينِ ﴿٣٠﴾ مِن فِرْعَوْنَ ۚ إِنَّهُۥ كَانَ عَالِيًا مِّنَ ٱلْمُسْرِفِينَ ﴿٣١﴾ وَلَقَدِ ٱخْتَرْنَٰهُمْ عَلَىٰ
عِلْمٍ عَلَى ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٣٢﴾ وَءَاتَيْنَٰهُم مِّنَ ٱلْءَايَٰتِ مَا فِيهِ بَلَٰٓؤٌا۟ مُّبِينٌ ﴿٣٣﴾

*ئۇلاردىن ئىلگىرى بىز ھەقىقەتەن پىرئەۋننىڭ قەۋمىنى سىنىدۇق، ئۇلارغا ئېسىل بىر پەيغەمبەر كەلدى﴿17﴾.(مۇسا ئۇلارغا ئېيتتى) «ماڭا اللەنىڭ بەندىلىرىنى (يەنى بەنى ئىسرائىلنى) تاپشۇرۇپ بېرىڭلار، مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن ئىشەنچلىك پەيغەمبەر﴿18﴾.اللەغا تەكەببۇرلۇق قىلماڭلار، مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن روشەن مۆجىزە بىلەن كەلدىم﴿19﴾.مەن ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلارغا سېغىنىپ، سىلەرنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭلاردىن پاناھ تىلەيمەن﴿20﴾.ئەگەر ماڭا ئىمان كەلتۈرمىسەڭلار مېنى (ئۆز ھالىمغا) قويۇۋېتىڭلار»﴿21﴾.مۇسا پەرۋەردىگارىغا: «بۇلار گۇناھكار قەۋمدۇر» دەپ دۇئا قىلدى﴿22﴾. (اللە ئېيتتى) «مېنىڭ بەندىلىرىمنى كېچىدە ئېلىپ چىقىپ كەتكىن، سىلەر ھەقىقەتەن قوغلىنىسىلەر﴿23﴾. دېڭىزنى تىپتىنچ (يەنى سەن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن قۇرۇق ھالىتى بويىچە) قويغىن، ئۇلار ھەقىقەتەن غەرق قىلىنغۇچى قوشۇندۇر»﴿24﴾. ئۇلار (غەرق بولۇپ) نۇرغۇن باغلارنى، بۇلاقلارنى، زىرائەتلەرنى، چىرايلىق جايلارنى قالدۇردى﴿25﴾. ئۇلار بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرنى قالدۇردى﴿27﴾. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنى باشقىلارغا (يەنى بەنى ئىسرائىلغا) مىراس قىلىپ بەردۇق﴿28﴾. ئۇلارغا ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ يىغلىمىدى، ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمىدى﴿29﴾.شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى خار قىلغۇچى ئازابتىن ـ پىرئەۋن (ئازابى)دىن قۇتقۇزدۇق، پىرئەۋن ھەقىقەتەن مۇتەكەببىر ئىدى، ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىن ئىدى﴿30﴾. ئۇلارنى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەينى زاماندا مۇشۇنداق شەرەپكە لايىق ئىكەنلىكىنى) بىلىپ تۇرۇپ (ئۆز زامانىدىكى) جاھان ئەھلىدىن ئارتۇق قىلدۇق﴿32﴾. ئۇلارغا (يەنى تەپەككۇر قىلغۇچىلارغا) روشەن سىناق بار نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدۇق﴿33﴾.*

www.munber.org

## مۇسا بىلەن پىرئەۋننىڭ قىسسىسى ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ قۇتۇلدۇرۇۋېلىنىشى توغرىسىدا

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:بىر ھەقىقەتەن ئەنە شۇ مۇشرىكلاردىن ئىلگىرى پىرئەۋننىڭ قەۋمىنى سىنىدۇق، ئۇلار مىسىرلىق قىبتىلار ئىدى. ﴿**ئۇلارغا ئېسىل بىر پەيغەمبەر كەلدى (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام). (مۇسا ئۇلارغا ئېيتتى) ماڭا اللەنىڭ بەندىلىرىنى (يەنى بەنى ئىسرائىلنى) تاپشۇرۇپ بېرىڭلار**﴾ بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن:﴿ئىسرائىل ئەۋلادىنى قويۇۋەتكىن، بىز بىلەن كەتسۇن، ئۇلارنى قىينىمىغىن. ساڭا بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ مۆجىزىسىنى ئېلىپ كەلدۇق، توغرا يولغا ئەگەشكەن ئادەم (اللە نىڭ ئازابىدىن) ئامان قالىدۇ﴾[1]

﴿**مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن ئىشەنچلىك پەيغەمبەر**﴾يەنى مەن سىلەرگە تەبلىغ قىلغان نەرسىدە ئىشەنچلىكمەن. ﴿**اللەغا تەكەببۇرلۇق قىلماڭلار**﴾ يەنى الله تائالانىڭ ئايەتلىرىگە ئەگىشىشتىن، پاكىتقا بويسۇنۇش ۋە دەلىل - ئىسپاتلارغا ئىشىنىشتە تەكەببۇرلۇق قىلماڭلار. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ﴾[2].

﴿**مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن روشەن مۆجىزە بىلەن كەلدىم**﴾ بۇ روشەن مۆجىزە ئوچۇق - ئاشكارا ۋە كەسكىن دەلىل - پاكىتلاردىن ئىبارەتتۇر. ﴿**مەن ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلارغا سېغىنىپ**﴾ يەنى مېنى ۋە سىلەرنى ياراتقان الله تائالاغا سېغىنىپ ﴿**سىلەرنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭلاردىن پاناھ تىلەيمەن**﴾ بۇ ئايەتنى ئىبنى ئاببا س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە ئەبۇ سالىھ: ماڭا تىل - ئاھانەت قىلىشىڭلاردىن پاناھ تىلەيمەن، دەپ تەپسىر قىلغان. قەتادە: ماڭا سۆز ياكى ھەرىكەت ئارقىلىق يامانلىق يەتكۈزۈشۈڭلاردىن پاناھ تىلەيمەن دەپ تەپسىر قىلدى.

﴿**ئەگەر ماڭا ئىمان كەلتۈرمىسەڭلار مېنى (ئۆز ھالىمغا) قويۇۋېتىڭلار**﴾ يەنى ماڭا زىيانكەشلىك قىلماڭلار، الله تائالا ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقارغىچە مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئىشنى ئۆز مەيلىچە قالدۇرۇڭلار. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شۇنچە ئۇزۇن تۇرغان ۋە ئۇ جەريانىدا ئۇلارغا الله تائالانىڭ پۈتۈن دەلىل - پاكىتلارنى قويغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۇ دەلىللەرنى ئاڭلىغاندىن ۋە كۆرگەندىن كېيىن كۇفرىدا ۋە ھەق بىلەن قارشىلىشىشتا تېخىمۇ چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بەتدۇئا قىلدى. ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولدى. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿ مۇسا ئېيتتى: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! كىشىلەرنى يولۇڭدىن ئازدۇرۇشى ئۈچۈن - ئى پەرۋەردىگارىمىز! - پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا ھاياتىي دۇنيادا زىننەت بۇيۇملىرىنى، تۈرلۈك مال - مۈلۈكلەرنى بەردىڭ. پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى يوق قىلغىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى قاتتىق قىلغىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىمان ئېيتماي قاتتىق ئازابنى كۆرسۇن». الله ئېيتتى: «ئىككىڭلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىندى، دەۋىتىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار، نادانلارنىڭ يولىغا ئەگەشمەڭلار»﴾[3].

﴿**مۇسا پەرۋەردىگارىغا: «بۇلار گۇناھكار قەۋمدۇر» دەپ دۇئا قىلدى**﴾ شۇ چاغدا الله تائالا مۇسانى پىرئەۋننىڭ بۇيرۇقىسىز، پىرئەۋنگە مەسلىھەتمۇ سالماستىن، ئۇنىڭدىن رۇخسەتمۇ سورىماستىن، بەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنى باشلاپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى.

[1] سۈرە تاھا 47 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە غافىر 60 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە يۇنۇس 88 — 89 - ئايەتلەر.

www.munber.org

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(الله ئېيتتى) «مېنىڭ بەندىلىرىمنى كېچىدە ئېلىپ چىقىپ كەتكىن، سىلەر ھەقىقەتەن قوغلىنىسىلەر**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿بىز شەك - شۈبھىسىز مۇساغا ۋەھيي قىلدۇقكى، سەن مېنىڭ بەندىلىرىمنى كېچىدە (مىسىردىن) ئېلىپ چىقىپ كەت، سەن (ھاساڭنى) دېڭىزغا ئۇرۇپ ئۇلارغا بىر قۇرۇق يول ئېچىپ بەرگىن، (پىرئەۋننىڭ ئارقاڭدىن قوغلاپ يېتىۋېلىشىدىن قورقمىغىن، (دېڭىزدا غەرق بولۇپ كېتىشتىنمۇ) قورقمىغىن﴾[1].

﴿**دېڭىزنى تىپتىنچ (يەنى سەن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن قۇرۇق ھالىتى بويىچە) قويغىن، ئۇلار ھەقىقەتەن غەرق قىلىنغۇچى قوشۇندۇر**﴾ الله تائالانىڭ مۇنداق دېيىشى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادى دېڭىزدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، دېڭىزنىڭ ئەسلى ھالىتىگە قايتىپ، پىرئەۋن بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا توسالغۇ بولۇشى بۇنىڭ بىلەن پىرئەۋننىڭ ئۆزلىرىگە يېتىۋالماسلىقى ئۈچۈن، ھاسىسى بىلەن دېڭىزغا ئۇرماقچى بولغانلىقى سەۋەبىدىندۇر، شۇڭا الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى دېڭىزغا ئۇرماي، دېڭىزنى ئۇلار ئۆتۈپ بولغان قۇرۇق يول ھالىتىدە قويۇشنى بۇيرۇدى، ھەم ئۇنىڭغا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ دېڭىزدا ﴿**غەرق قىلىنغۇچى قوشۇن**﴾ ئىكەنلىكىدىن خۇش بىشارەت بەردى. ھەمدە ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ قوغلاپ يېتىشىۋېلىشىدىن قورقماسلىقنى ۋە دېڭىزدا غەرق بولۇپ كېتىشتىنمۇ قورقماسلىقنى ئېيتتى.

مۇجاھىد: ﴿تىپ - تىنچ﴾ دېگەن سۆزنى دېڭىزنى قۇرۇق يول ھالىتىدە قويغىن، ئۇنى بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىشقا بۇيرۇمىغىن، ئۇنى تىپتىنچ قويغىنىڭدا تاكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېڭىزغا كىرگەندە ئاندىن ئۇ ئۆز ھالىتىگە قايتسۇن دېگەنلىكتۇر، دېدى. ئىكرىمە، رەبىيئ ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، زەھھاك، قەتادە، ئىبنى زەيد، كەئب ئەھبار، سەمماك ئىبنى ھەرب ۋە بىر قانچە كىشىلەرمۇ بۇ ئايەتنى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەپسىر قىلدى.

﴿**ئۇلار (غەرق بولۇپ) نۇرغۇن باغلارنى، بۇلاقلارنى، زىرائەتلەرنى**﴾ يەنى ئۆستەڭلەرنى، قۇدۇقلارنى ﴿**چىرايلىق جايلارنى**﴾ يەنى ئاجايىپ يېشىل تۇرالغۇ جايلارنى، گۈزەل ماكاننى ﴿**قالدۇردى. ئۇلار بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرنى قالدۇردى**﴾ يەنى ئۇلار ھۇزۇرلىنىۋاتقان باياشات تۇرمۇشنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇلار بۇرۇن كۆڭۈللىرى تارتقاننى يەيتتى. كۆڭلى تارتقان كىيىملەرنى كىيەتتى. ئۇلار نۇرغۇن پۇل - مالغا، ئابرويغا ئىگە ئىدى ۋە يۇرتلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلاردىن بىر ئەتتىگەندىلا پۈتۈنلەي تارتىۋېلىندى. ئۇلار دۇنيادىن ئايرىلىپ، جەھەننەمگە يول ئالدى. ئۇ نېمدېگەن يامان جاي!

﴿**شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنى باشقىلارغا (يەنى بەنى ئىسرائىلغا) مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارغا ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ يىغلىمىدى**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئاسمان دەرۋازىلىرىغا ئۆرلىگۈدەك ياخشى ئەمەللىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاسمان ئۇلارنى يوقىتىپ قويغانلىقىغا يىغلىمىدى. ئۇلارنىڭ زېمىندا الله تائالاغا ئىبادەت قىلغان بىرەر پارچە يېرىمۇ بولمىغانلىقتىن زېمىنمۇ ئۇلارنى يوقۇتۇپ قويغىنىغا يىغلىمىدى. ئۇلار كاپىر بولغانلىقى، گۇناھ بىلەن شوغۇللانغانلىقلىرى، سەركەشلىك قىلغانلىقلىرى ۋە ھەق بىلەن قارشىلاشقانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا ھېچبىر مۆھلەت بېرىلمەستىن، كېچىكتۈرۈلمەستىن جازالىنىشقا تېگىشلىك بولدى.

ئىبنى جەرىر، سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: بىر ئادەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى ئىبنى ئابباس! الله تائالانىڭ: ﴿**ئۇلارغا ئاسمانمۇ،**

[1] سۈرە تاھا 77 - ئايەت.

www.munber.org

**زېمىنمۇ يىغلىمىدى، ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمىدى**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىنى ماڭا بايان قىلىپ بەرگەن بولساڭ، ئاسمان بىلەن زېمىن بىر ئادەم ئۈچۈن يىغلامدۇ؟ دېدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ھەئە، يىغلايدۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئاسماندا دەرۋازىسى بولىدۇ. ئۇ دەرۋازىسىدىن ئۇنىڭ رىزقى چۈشۈپ تۇرىدۇ، ئەمەللىرى بۇ دەرۋازىدىن يۇقىرىغا ئۆرلەپ تۇرىدۇ، ئەگەر مۆمىن ئادەم ئۆلسە ئۇنىڭ ئاسماندىكى ئەمەلى ئۆرلەپ تۇرىدىغان، رىزقى چۈشۈپ تۇرىدىغان دەرۋازىسى ئېتىلىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاسمان ئۇنى يوقىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەسرەت چېكىپ يىغلايدۇ، زېمىندىكى ئۇ ناماز ئوقۇيدىغان، الله تائالانى ياد ئېتىپ تۇرىدىغان جايمۇ ئۇنى يوقىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەسرەت چېكىپ يىغلايدۇ، دېدى، شەك - شۈبھىسىزكى، پىرئەۋننىڭ قەۋمىنىڭ زېمىندا قىلغان ھېچبىر ياخشى ئىشى يوق ئىدى. ئۇلاردىن الله تائالاغا ئۆرلەيدىغان ھېچ بىر ياخشىلىقمۇ يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلارغا ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ يىغلىمىدى، دېدى. ئەۋفىمۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇشۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

﴿**شەك - شۈبھىسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى خار قىلغۇچى ئازابتىن - پىرئەۋن (ئازابى)دىن قۇتقۇزدۇق، پىرئەۋن ھەقىقەتەن مۇتەكەببىر ئىدى، ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىن ئىدى**﴾ الله تائالا بۇ ئايەتلەردە ئۇلارغا قىلغان ئاشۇ ياخشىلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۇلارنى پىرئەۋننىڭ ئاھانىتىدىن، خارلىشىدىن، ئۇلارنى باشقۇرۇپ، جاپالىق ئەمگەكلەرگە سېلىشىدىن قۇتقۇزدى. پىرئەۋن ھەقىقەتەن مۇتەكەببىر، زالىم ۋە ھەددىدىن ئاشقۇچى ئىدى. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، پىرئەۋن (مىسىر) زېمىنىدا (زومىگەرلىكتە) ھەددىدىن ئاشتى﴾[1] ﴿ئۇلار ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ ئىماندىن باش تارتتى، ئۇلار تەكەببۇر قەۋم ئىدى﴾[2] يەنى پىرئەۋن ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىن ئىدى، ئۇ ھەممە ئىشتا ھەددىدىن ئاشاتتى ۋە ئۇ ئاقىللاردىن ئەمەس ئىدى.

﴿**ئۇلارنى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەينى زاماندا مۇشۇنداق شەرەپكە لايىق ئىكەنلىكىنى) بىلىپ تۇرۇپ (ئۆز زامانىدىكى) جاھان ئەھلىدىن ئارتۇق قىلدۇق**﴾ قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئۆز زامانىدىكى كىشىلەر ئارىسىدىن تاللانغان كىشىلەردۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿الله تائالا ئېيتتى: «ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنى (زامانىڭدىكى) كىشىلەر ئارىسىدىن تاللىدىم﴾[3] ئۇ غالىب بۈيۈك الله تائالانىڭ مەريەم ئەلەيھىسسالامغا ئېيتقان مۇنۇ سۆزىگىمۇ ئوخشايدۇ: ﴿(ئى مەريەم!) الله ھەقىقەتەن سېنى (زامانىڭدىكى) پۈتۈن جاھان ئاياللىرىدىن ئارتۇق قىلدى﴾[4] يەنى مەريەم ئۆز زامانىسىدىكى پۈتۈن جاھان ئاياللىرىدىن ئارتۇق قىلىندى. چۈنكى، خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەزىلەت جەھەتتە مەريەمدىن ئارتۇقتۇر ياكى ئۇنىڭ بىلەن باراۋەردۇر، يەنە مۆزاھىمنىڭ قىزى، پىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيەمۇ پەزىلەت جەھەتتە ئۇلار بىلەن ئوخشاشتۇر، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پۈتۈن ئاياللاردىن ئارتۇق بولغان پەزىلىتى بولسا، شورپىغا چىلانغان ناننىڭ باشقا بارلىق نائاملاردىن ئارتۇق بولغىنىغا ئوخشايدۇ.

﴿**ئۇلارغا (يەنى تەپەككۇر قىلغۇچىلارغا)**﴾ يەنى تەپەككۇر قىلىپ ھىدايەت تاپقۇچىلارغا ﴿**روشەن سىناق بار نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدۇق**﴾ يەنى نۇرغۇن دەلىل - پاكىتلارنى، دەرىجىدىن تاشقىرى كارامەتلەرنى ئاتا قىلدۇق.

* * * * * * *

[1] سۈرە قەسەس 4 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مۆئمىنۇن 46 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەئراف 144 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئال ئىمران 42 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

إِنَّ هَٰٓؤُلَآءِ لَيَقُولُونَ ﴿٣٤﴾ إِنۡ هِيَ إِلَّا مَوۡتَتُنَا ٱلۡأُولَىٰ وَمَا نَحۡنُ بِمُنشَرِينَ ﴿٣٥﴾ فَأۡتُواْ بِـَٔابَآئِنَآ إِن
كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٣٦﴾ أَهُمۡ خَيۡرٌ أَمۡ قَوۡمُ تُبَّعٖ وَٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۚ أَهۡلَكۡنَٰهُمۡۖ إِنَّهُمۡ كَانُواْ مُجۡرِمِينَ ﴿٣٧﴾

***بۇلار (يەنى قۇرەيش كۇففارلىرى) چوقۇم ئېيتىدۇ: ﴿34﴾. «پەقەت بىرلا قېتىم ئۆلىمىز، قايتا تىرىلمەيمىز، ئەگەر (ئاخىرەت بار دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنى (تىرىلدۈرۈپ) ئەكىلىپ بېقىڭلار» ﴿35 - 36﴾. ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) كۈچلۈكمۇ؟ ياكى تۇببە قەۋمىمۇ؟ ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (نۇرغۇن) قەۋملەرنى ھالاك قىلدۇق. چۈنكى ئۇلار گۇناھكار ئىدى ﴿37﴾.***

## قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا

اللہ تائالا بۇ ئايەتلەردە مۇشرىكلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ۋە قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلىقىغا رەددىيە بېرىدۇ. چۈنكى ئۇلار پەقەت مۇشۇ دۇنيادىلا تىرىكچىلىك بار، ئۆلگەندىن كېيىن نە ھاياتلىق، نە تىرىلىش، نە قىيامەت دېگەن نەرسە يوق دېيىشتى. ئۇلار تېخى ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى دەلىل قىلىشىپ، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ھەق بولسا، **﴿ئەگەر (ئاخىرەت بار دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنى (تىرىلدۈرۈپ) ئەكىلىپ بېقىڭلار﴾** دېيىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ دەلىلى باتىل ۋە بۇزۇق گۇماندىنلا ئىبارەتتۇر. چۈنكى، قايتا تىرىلىش پەقەت قىيامەت كۈنىلا بولىدۇ، قىيامەتتىن بۇرۇن پانى دۇنيادا بولمايدۇ. بەلكى بۇ دۇنيا پۈتۈنلەي ئاخىرلاشقاندىن كېيىن اللہ تائالا پۈتۈن ئەھلى جاھاننى قايتىدىن يارىتىدۇ، زالىملارنى جەھەننەمگە يېقىلغۇ قىلىدۇ، شۇ كۈندە سىلەر كىشىلەرگە گۇۋاھچى بولىسىلەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلەرگە گۇۋاھچى بولىدۇ.

ئاندىن كېيىنكى ئايەتتە اللہ تائالا ئۇلارغا تەھدىت سېلىپ ۋە قورقىتىپ، اللہ تائالانىڭ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغان تۇببەنىڭ قەۋمىگە ئوخشاش مۇشرىكلارغا چۈشكەن، ھېچ قايتۇرغىلى بولمايدىغان ئازابىدىن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. تۇببە قەۋمى سەبەلىكلەردۇر، اللہ تائالا ئۇلارنى ھالاك قىلدى. يۇرتلىرىنى خارابىلىققا ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۇلارنى يۇرت ـ يۇرتلارغا تىرە ـ پىرەن قىلىپ چېچىۋەتتى. بۇ ئەھۋاللار سۈرە سەبەئنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىنىپ ئۆتتۇلدى. ئۇ ئازاپ مۇشرىكلارنىڭ قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈنلا يۈز بەرگەن. اللہ تائالا بۇ ئايەتتە قۇرەيش مۇشرىكلىرىنى تۇببە قەۋمىگە ئوخشاتتى. تۇببە قەۋمى بولسا قەھتان قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئەرەبلەر ئىدى. قۇرەيشلەر بولسا ئەدنان قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئەرەبلەر ئىدى. ھۇمەير قەبىلىسىمۇ سەبەلىكلەر ئىدى، ئۇلارغا كىم پادىشاھ بولسا ئۇ ”تۇببە“ دەپ ئاتىلاتتى. بۇ خۇددى پارىسلارغا پادىشاھ بولغان كىشىنى كىسرا، رۇملۇقلارغا پادىشاھ بولغان كىشىنى قەيسەر، مىسىرغا پادىشاھ بولغان كاپىرنى پىرئەۋن، ھەبەشىستانغا پادىشاھ بولغان كىشىنى نەجاشى دەپ ئاتاپ كەلگەنگە ئوخشايدۇ.

لېكىن تارىخچىلارنىڭ بىردەك قارىشىچە، تۇببەلەردىن بىرى يەمەندىن چىقىپ، يۇرتلارنى كېزىپ تاكى سەمەرقەنتكىچە يېتىپ بارغان، ئۇنىڭ پادىشاھلىقى كۈچىيىپ، ھۆكۈمرانلىقى ۋە قوشۇنى زورايغان، مەملىكىتى ۋە يۇرتى كېڭەيگەن، ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى كىشىلەر ۋە چارۋا ـ ماللار كۆپەيگەن ئىكەن. ھېرە[1] دېگەن جاينى شەھەرگە ئايلاندۇرغان پادىشاھ دەل ئەنە شۇ ئىدى. تارىخچىلارنىڭ بىردەك قارىشىچە

[1] ھېرە ئىراقنىڭ كۇفە شەھىرىدىن تەخمىنەن 5 كىلو مېتىر يىراقلىقتىكى بىر جاي.

www.munber.org

ئۇ مەدىنە مۇنەۋۋەردىن ئۆتكەن، ئۇ ۋاقىت ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋر ئىدى. ئۇ مەدىنىلىكلەر بىلەن ئۇرۇشماقچى بولغان، مەدىنىدىكى ئادەملەر ئۇنى شەھەرگە كىرىشتىن توسقان، كۈندۈزى ئۇنىڭغا قارشى جەڭ قىلغان، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۇنى مېھمان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن خىجىل بولۇپ ئۇرۇشنى توختاتقان، ئۇنىڭغا يەھۇدىي ئالىملىرىدىن ئىككى ئالىم ھەمراھ بولغان ئىدى. ئۇ ئىككى يەھۇدىي ئالىم ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ ئۇنىڭ بۇ شەھەرگە كىرىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ئۇ ئاخىرى زاماندا كېلىدىغان بىر پەيغەمبەرنىڭ ھىجرەت قىلىپ كېلىدىغان شەھەر ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پادىشاھ مەدىنىدىن قايتىپ كەتكەن، ئۇ ئىككى ئالىمنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يەمەنگە كەتكەن، ئۇ مەككىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا كەئبىنى ئۆرۈۋەتمەكچى بولغان، ئۇ ئىككى ئالىم ئۇنى ئۇنداق قىلىشتىن توسقان، ئۇنىڭغا بۇ ئۆينىڭ كاتتىلىقىنى، ئۇ الله تائالانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سالغان الله تائالانىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئۆينىڭ ئاخىر زاماندا ئەۋەتىلگەن ھېلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولى بىلەن كاتتا شان ـ شەرەپكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇ ئۆينى ھۆرمەتلىگەن، ئۇنى تاۋاپ قىلغان، ئۇنىڭغا يەمەندە توقۇلغان، چىرايلىق كەشتىلەنگەن يوپۇق ياپقان، ئاندىن ئۇ يەمەنگە قايتىپ كەلگەن. يەمەنلىكلەرنى ئۆزى بىلەن بىللە يەھۇدىي دىنىغا كىرىشكە چاقىرغان، شۇ ۋاقىتتا يەھۇدىي دىنى يەر يۈزىدە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى بولۇپ، ئىسا ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇ دىنغا كىرگەن كىشى ھىدايەت ئۈستىدە بولغان بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن يەمەنلىكلەرنىڭ ھەممىسى پادىشاھ بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك يەھۇدىي دىنىغا كىرگەن.

ئابدۇررازاق، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« قۇببە پەيغەمبەرمۇ ياكى پەيغەمبەر ئەمەسمۇ بۇنى ئۇقمايمەن» ئابدۇررازاق يەنە تەمىم ئىبنى ئابدۇررەھماندىن ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: قۇببەنى تىللىماڭلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققەتەن ئۇنى تىللاشتىن توسقان.

* * * * * * *

وَمَا خَلَقْنَا ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا لَـٰعِبِينَ ﴿٣٨﴾ مَا خَلَقْنَـٰهُمَآ إِلَّا بِٱلْحَقِّ وَلَـٰكِنَّ
أَكْثَرَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٣٩﴾ إِنَّ يَوْمَ ٱلْفَصْلِ مِيقَـٰتُهُمْ أَجْمَعِينَ ﴿٤٠﴾ يَوْمَ لَا يُغْنِى مَوْلًى عَن مَّوْلًى
شَيْـًٔا وَلَا هُمْ يُنصَرُونَ ﴿٤١﴾ إِلَّا مَن رَّحِمَ ٱللَّهُ ۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٤٢﴾

***ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئويناپ (يەنى بىكارغا) ياراتقىنىمىز يوق﴿38﴾. ئۇلارنى بىز پەقەت ھەق ياراتتۇق ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ﴿39﴾. باتىل بىلەن ھەقنى ئايرىيدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ (ھېسابى ئۈچۈن) تەيىنلەنگەن ۋاقىتتۇر﴿40﴾. ئۇ كۈندە دوست دوستقا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، ئۇلار ياردەمگىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ﴿41﴾. پەقەت الله رەھمەت قىلغان كىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. الله ھەققەتەن غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿42﴾.***

## دۇنيانىڭ ھېكمەت ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئادالىتىدىن، ئۆزىنىڭ بىھۇدە، بىكار ۋە باتىل ئىشتىن پاك ئىكەنلىكىدىن خەۋەر قىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ

www.munber.org

ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى بىكار ياراتمىدۇق، ئۇ (يەنى ئۇلارنى بىكار يارىتىلغان دەپ قاراش) كاپىرلارنىڭ گۇمانىدۇر، كاپىرلارغا دوزاختىن ۋاي!﴾[1] ﴿ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزەڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك بىز ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى)، ئۆزەڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟. ھەق - پادىشاھ الله ئۈستۈندۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر﴾[2].

﴿**باتىل بىلەن ھەقنى ئايرىيدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ (ھېسابى ئۈچۈن) تەيىنلەنگەن ۋاقتىتۇر**﴾ ئۇ كۈندە الله تائالا پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىيدۇ، كاپىرلارنى ئازابلايدۇ، مۆمىنلەرگە ساۋاب بېرىدۇ. ﴿**ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ (ھېسابى ئۈچۈن) تەيىنلەنگەن ۋاقتىتۇر**﴾ يەنى ئۇ ۋاقىتتا الله تائالا ئۇلارنىڭ ئەۋۋەلقىسىدىن تارتىپ تاكى ئاخىرغىچە ھەممىسىنى يىغىدۇ.

﴿**ئۇ كۈندە دوست دوستقا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ**﴾ يەنى تۇغقان تۇغقانغا ھېچ پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿سۇر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. بىر - بىرىنىڭ (ئەھۋالىنىمۇ) سوراشمايدۇ﴾[3] ﴿(ھەر ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن) دوست دوستىدىن كۆرۈپ تۇرۇپ (ھال) سورىمايدۇ﴾[4] يەنى قېرىندىشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭدىن ھال سورىمايدۇ. ﴿**ئۇلار ياردەمگىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ**﴾ يەنى تۇغقان يەنە بىر تۇغقىنىغا ياردەم قىلالمايدۇ، ئۇنىڭغا باشقا بىرسىدىنمۇ ياردەم كەلمەيدۇ.

﴿**پەقەت الله رەھمەت قىلغان كىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا**﴾ يەنە شۇ كۈندە ئىنسانلارغا الله تائالانىڭ رەھمىتىدىن باشقا ھېچ مەنپەئەت يوق. ﴿**الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾ يەنى الله تائالا غالىبتۇر ۋە رەھمىتى ناھايىتى كەڭدۇر.

* * * * * * *

إِنَّ شَجَرَتَ ٱلزَّقُّومِ ﴿٤٣﴾ طَعَامُ ٱلْأَثِيمِ ﴿٤٤﴾ كَٱلْمُهْلِ يَغْلِي فِي ٱلْبُطُونِ ﴿٤٥﴾ كَغَلْيِ ٱلْحَمِيمِ ﴿٤٦﴾ خُذُوهُ فَٱعْتِلُوهُ إِلَىٰ سَوَآءِ ٱلْجَحِيمِ ﴿٤٧﴾ ثُمَّ صُبُّواْ فَوْقَ رَأْسِهِۦ مِنْ عَذَابِ ٱلْحَمِيمِ ﴿٤٨﴾ ذُقْ إِنَّكَ أَنتَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْكَرِيمُ ﴿٤٩﴾ إِنَّ هَـٰذَا مَا كُنتُم بِهِۦ تَمْتَرُونَ ﴿٥٠﴾

*زەققۇم دەرىخى ھەقىقەتەن گۇناھكارلارنىڭ تامىقىدۇر*﴿43﴾*. ئۇ ئېرىتىلگەن مىستەك (قىزىق)دۇر، ئۇ قورساقلاردا قايناقسۇدەك قايناپدۇ*﴿45﴾*. (دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە) «ئۇنى تۇتۇپ سۆرەپ دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ بېرىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭ بېشىغا قايناقسۇ قۇيۇپ ئازابلاڭلار» دېيىلىدۇ*﴿47﴾*. (ئۇنىڭغا خارلاش ۋە مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن) «(بۇ ئازابنى) تېتىغىن، سەن ھەقىقەتەن ئىززەتلىك ئۇلۇغ زات ئىدىڭ*﴿49﴾*. بۇ (ئازاب) ھەقىقەتەن (ھايات ۋاقتىڭلاردا) سىلەر شەكلەنگەن نەرسىدۇر» دېيىلىدۇ*﴿50﴾.

[1] سۈرە ساد 27 - ئايەت.
[2] سۈرە مۆئمىنۇن 115 — 116 - ئايەتلەر.
[3] سۈرە مۆئمىنۇن 101 - ئايەت.
[4] سۈرە مەئارىج 10 — 11 - ئايەتلەر.

www.munber.org

## مۇشرىكلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى ھالى ۋە ئۇلارنىڭ ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىگە ئۇچرىشىشنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنى قانداق ئازابلايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**زەققۇم دەرىخى ھەقىقەتەن گۇناھكارلارنىڭ**﴾ يەنى سۆز ھەرىكىتىدە گۇناھ ئىشلىگەن كاپىرلارنىڭ ﴿**تامىقىدۇر**﴾ بىر قانچە كىشىلەر: ئۇ گۇناھكار ئەبۇ جەھىلدىن ئىبارەتتۇر، دېدى. ئۇنىڭ بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىگە كىرىدىغانلىقىغا ھېچ قانداق شەك يوق، لېكىن بۇ ئايەت ئۇنىڭغىلا خاس بولماستىن، بەلكى قىلمىشى ئەبۇ جەھىلگە ئوخشىغان ھەر قانداق كاپىرغا ئومۇمىيدۇر. مۇجاھىد: ئەگەر ئۇ دەرەخنىڭ سۈيىدىن زېمىنغا بىر تامچە تېمىپ كەتسە، ئەھلى زېمىننىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنى ئەلۋەتتە يىگۈسىز قىلىپ بۇزۇۋەتكەن بولاتتى، دېدى.

﴿**ئۇ ئېرىتىلگەن مىستەك (قىزىق) دۇر، ئۇ**﴾ ھارارىتىنىڭ قىززىقلىقىدىن ﴿**قورساقلاردا قايناقسۇدەك قايناۋدۇ (دوزاختا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە) «ئۇنى تۇتۇپ سۆرەپ دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ بېرىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭ بېشىغا قايناقسۇ قۇيۇپ ئازابلاڭلار» دېيىلىدۇ**﴾ الله تائالا زابانىيلارغا (يەنى دوزاختا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە): ﴿**ئۇنى تۇتۇڭلار!**﴾ دېسە، ئۇنى تۇتقىلى ئۇلاردىن 70 مىڭ زەبانىي يۈگۈرۈشۈپ كېلىدۇ، دېگەن رىۋايەت بايان قىلىنغان.

﴿**ئۇنى تۇتۇپ سۆرەپ دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ بېرىڭلار**﴾ بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ قۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچ ـ باغرى ۋە تېرىلىرى ئېرىتىلىدۇ﴾[1] ئۇ مۇنداق بولىدۇ: پەرىشتىلەر كېلىپ ئۇنى تۆمۈر توقماق بىلەن ئۇرىدۇ. توقماق ئۇنىڭ ئارقا مېڭىسىدىن تۆشۈك ئاچىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدىن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ قۇيۇلىدۇ. سۇ ئۇنىڭ بەدىنىگە ئېقىپ كىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قارنىدىكى ئۈچەيلەرنى ئېرىتىپ شورپىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىككى ئوشۇقىدىن چىقىرىدۇ. الله تائالا بىزنى ئۇ ئازابتىن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!

﴿**(ئۇنىڭغا خارلاش ۋە مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن) «(بۇ ئازابنى) تېتىغىن، سەن ھەقىقەتەن ئىززەتلىك ئۇلۇغ زات ئىدىڭ**﴾ يەنى زەبانىيلەرگە: مەسخىرە قىلىش ۋە مالامەت قىلىش يۈزىسىدىن گۇناھكارغا ئۇ سۆزنى قىلىڭلار، دېيىلىدۇ. زەھھاك، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەتنى: سەن ئىززەتلىكمۇ، ئۇلۇغ زاتمۇ ئەمەسسەن، دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان.

﴿**بۇ (ئازاب) ھەقىقەتەن (ھايات ۋاقتىڭلاردا) سىلەر شەكلەنگەن نەرسىدۇر» دېيىلىدۇ**﴾ بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ كۈندە ئۇلار دوزاخقا قاتتىق ئىتتىرىلىدۇ. (ئۇلارغا) «مانا بۇ سىلەر يالغانغا چىقارغان دوزاختۇر» (دېيىلىدۇ). (ئۇلارغا) «(كۆزلىرىڭلار بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بۇ ئازاب) سېھىرمۇ؟ ياكى سىلەر كۆرمەيۋاتامسىلەر دېيىلىدۇ﴾[2].

* * * * * * *

إِنَّ ٱلْمُتَّقِينَ فِى مَقَامٍ أَمِينٍ ﴿٥١﴾ فِى جَنَّـٰتٍ وَعُيُونٍ ﴿٥٢﴾ يَلْبَسُونَ مِن سُندُسٍ وَإِسْتَبْرَقٍ
مُّتَقَـٰبِلِينَ ﴿٥٣﴾ كَذَٰلِكَ وَزَوَّجْنَـٰهُم بِحُورٍ عِينٍ ﴿٥٤﴾ يَدْعُونَ فِيهَا بِكُلِّ فَـٰكِهَةٍ ءَامِنِينَ ﴿٥٥﴾ لَا

---

[1] سۈرە ھەج 19 — 20 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە تۇر 13 — 15 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

يَذُوقُونَ فِيهَا ٱلْمَوْتَ إِلَّا ٱلْمَوْتَةَ ٱلْأُولَىٰ ۖ وَوَقَىٰهُمْ عَذَابَ ٱلْجَحِيمِ ﴿٥٦﴾ فَضْلًا مِّن رَّبِّكَ ۚ ذَٰلِكَ
هُوَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ﴿٥٧﴾ فَإِنَّمَا يَسَّرْنَـٰهُ بِلِسَانِكَ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٥٨﴾ فَٱرْتَقِبْ إِنَّهُم مُّرْتَقِبُونَ ﴿٥٩﴾

***تەقۋادارلار ھەقىقەتەن بىخەتەر جايدا بولىدۇ﴿[51]﴾ باغلاردا، بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ﴿[52]﴾. ئۇلار قىلىن، يۇپقا يىپەك كىيىملەرنى كىيىپ بىر ـ بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشىدۇ﴿[53]﴾. (ئۇلارنى تۇرلۇك ھۆرمەتلەر بىلەن) مۇشۇنداق ئىكرام قىلىدۇق، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىمىز﴿[54]﴾. ئۇلار جەننەتتە (مەيدە ئىغىرلىشىش ۋە كېسەللىكلەردىن) ئەمىن بولغان ھالدا (خىزمەتچىلەردىن) ھەممە مېۋىلەرنى (كەلتۈرۈشنى) تەلەپ قىلىدۇ﴿[55]﴾. ئۇلار ئىلگىرىكى (يەنى دۇنيادىكى) ئۆلۈمدىن باشقا (جەننەتتە) ھېچقانداق ئۆلۈمنى تېتىمايدۇ، اللە ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ﴿[56]﴾. (بۇ) پەرۋەردىگارىڭنىڭ مەرھەمىتىدىندۇر، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر﴿[57]﴾. ئۇلارنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن قۇرئاننى سېنىڭ تىلىڭ بىلەن ئاسانلاشتۇرۇپ بەردۇق﴿[58]﴾. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا چۈشىدىغان ئازابنى) كۈتكىن، شۈبھىسىزكى، ئۇلار (سېنىڭ ھالاك بولۇشۇڭنى) كۈتكۈچىدۇر﴿[59]﴾.***

## تەقۋادارلارنىڭ جەننەتتىكى ئەھۋالى ۋە ئۇلار بەھرىمەن بولىدىغان نازۇ ـ نېمەتلەر توغرىسىدا

اللە تائالا بەتبەخت بەندىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۇلاپلا بەختلىك كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىشقا باشلاپ مۇنداق دەيدۇ: دۇنيادىكى چاغلىرىدا اللە تائالاغا تەقۋادارلىق قىلغان ﴿**تەقۋادارلار**﴾ ئاخىرەتتە ﴿**ھەقىقەتەن بىخەتەر جايدا**﴾ يەنى جەننەتتە ﴿**بولىدۇ**﴾. جەننەتتە ئۇلار ئۆلۈمدىن، جەننەتتىن چىقىپ كېتىشتىن، ھەر قانداق قايغۇ ـ ھەسرەتتىن، قورقۇنچتىن ، جاپا ـ مۇشەققەتتىن، شەيتاننىڭ ھىيلە ـ مىكرىدىن ۋە باشقا مۇشكۇلچىلىكلەردىن، مۇسىبەتلەردىن خاتىرجەم ھالدا تۇرىدۇ.

﴿**باغلاردا، بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ**﴾ بۇ ئەنە شۇ تامىقى زەققۇم دەرىخى بولغان، ئىچىدىغىنى يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ بولغان كاپىرلارنىڭ ئەكسىچە مۆمىنلەرگە بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر. ﴿**ئۇلار قىلىن، يۇپقا يىپەك كىيىملەرنى كىيىپ**﴾ يەنى ئىچ كىيىمگە ئوخشىغان يىپەك كىيىملەرنى، قىلىن يىپەكتىن توقۇلغان چىرايلىق، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان يىپەك تونلارنى كىيىپ تەختلەر ئۈستىدە ﴿**بىر ـ بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشىدۇ**﴾ يەنى ئۇلاردىن ھېچ ئادەم باشقا بىرىگە ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرۇپ قالمايدۇ.

﴿**(ئۇلارنى تۇرلۇك ھۆرمەتلەر بىلەن) مۇشۇنداق ئىكرام قىلدۇق، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىمىز**﴾ يەنى بۇ مۇكاپات بىلەن بىرگە ئۇلارغا چىرايلىق خوتۇنلارنى ﴿ئەرلىرىدىن ئىلگىرى ئۇلارغا ھېچ ئىنسان ۋەجىن يېقىنچىلىق قىلمىغان﴾[1] شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى جۈپ قىلىپ بېرىمىز. ﴿گويا ئۇلار (سۈزۈكلۈكتە) ياقۇتتۇر، (ئاقلىقتا) مەرۋايىتتۇر﴾[2] ﴿ياخشى ئىش قىلغۇچى پەقەت ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ﴾[3]

﴿**ئۇلار جەننەتتە**﴾ تۈگەپ قېلىشىدىن، بىرىلمەي قېلىشىدىن ﴿**ئەمىن بولغان ھالدا (خىزمەتچىلەردىن) ھەممە مېۋىلەرنى (كەلتۈرۈشنى) تەلەپ قىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار تۇرلۇك مېۋىلەردىن قانچىلىك تەلەپ قىلسا، ئۇلار تەلەپ قىلغان مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا ھازىر قىلىنىدۇ.

---

(1) سۈرە رەھمان 74 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە رەھمان 58 ـ ئايەت.
(3) سۈرە رەھمان 60 ـ ئايەت.

www.munber.org

﴿**ئۇلار ئىلگىرىكى (يەنى دۇنيادىكى) ئۆلۈمدىن باشقا (جەننەتتە) ھېچقانداق ئۆلۈمنى تېتىمايدۇ**﴾ يەنى ئۇلار جەننەتتە ئۆلۈمنى مەڭگۈ تېتىمايدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« ئۆلۈم يۇڭغا ئاق كىرىپ قالغان قارا قوشقار سۈرىتىگە كىرگۈزۈلىدۇ، ئاندىن ئۇ جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ئارىسىدا توختىتىلىپ بوغۇزلىنىدۇ، ئاندىن ئى ئەھلى جەننەت! مەڭگۈ ھايات قېلىڭلار، ئۆلۈش يوقتۇر، ئى ئەھلى دوزاخ! مەڭگۈ ھايات قېلىڭلار، ئۆلۈش يوقتۇر، دېيىلىدۇ ». ئابدۇررازاق، ئەبۇ سەئىد ۋە ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« ئەھلى جەننەتكە: سىلەر ھەقىقەتەن داۋاملىق ساغلام بولىسىلەر، ھەرگىز كېسەل بولۇپ قالمايسىلەر. سىلەر ھەقىقەتەن مەڭگۈ ياشايسىلەر. ھەرگىز ئۆلمەيسىلەر، سىلەر ھەقىقەتەن مەڭگۈ نازۇ - نېمەتتىن بەھرىمەن بولىسىلەر. ھەرگىز جاپا چەكمەيسىلەر، سىلەر ھەقىقەتەن ياشلىق ھالىتىڭلاردا تۇرىسىلەر، ھەرگىز قېرىمايسىلەر، دېيىلىدۇ » ئۇ ھەدىسنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « كىم الله تائالاغا تەقۋادارلىق قىلسا، جەننەتكە كىرىدۇ، جەننەتتە تۈرلۈك نازۇ - نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، جاپا چەكمەيدۇ، جەننەتتە مەڭگۈ ياشايدۇ، ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، كىيىملىرى چىرىمەيدۇ، ياشلىق باھارى كەتمەيدۇ ».

﴿**الله ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ**﴾ يەنى الله تائالا ئۇلارغا مەڭگۈلۈك، كاتتا نېمەتنى ئىنئام قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى دوزاخنىڭ قەئرىدىكى قاتتىق ئازابتىن ساقلايدۇ، ئۇنىڭدىن سالامەت قىلىدۇ، قۇتقۇزىدۇ ۋە يىراق قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تەلىۋىنى قاندۇرىدۇ، دەھشەتلىك قورقۇنچتىن ساقلايدۇ.

شۇڭا غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بۇ يەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەرھەمىتىدۇر، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر**﴾ يەنى بۇ پەقەت الله تائالانىڭ ئۇلارغا قىلغان مەرھەمىتى ۋە ياخشىلىقىدۇر. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« ياخشى ئىشلارنى قىلىڭلار، توغرا يولغا مېڭىڭلار، توغرا سۆزلەڭلار ۋە ئوتتۇرا ھال يول تۇتۇڭلار. بىلىڭلاركى، بىرەر ئادەم ئۆز ئەمەلى بىلەن ھەرگىز جەننەتكە كىرەلمەيدۇ » بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەنمۇ ئۆز ئەمەلىڭ بىلەن جەننەتكە كىرەلمەمسەن؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « مەنمۇ كىرەلمەيمەن، پەقەت الله تائالا مېنى ئۆز رەھمىتى ۋە پەزلى بىلەنلا جەننەتكە كىرگۈزىدۇ » دەپ جاۋاب بەرمىگەن.

﴿**ئۇلارنىڭ ۋەز - نەسىھەت ئېلىشى**﴾ يەنى چۈشىنىشى ۋە بىلىشى ئۈچۈن، بىز نازىل قىلغان بۇ ﴿**قۇرئاننى**﴾ ئەڭ پاھاسەتلىك، ئەڭ ئوچۇق، ئەڭ يېقىملىق، ئەڭ يۈكسەك بولغان ﴿**سېنىڭ تىلىڭ بىلەن ئاسانلاشتۇرۇپ بەردۇق**﴾ يەنى قۇرئاننى چۈشىنىشكە ۋە بىلىشكە قولاي، ئوچۇق، روشەن قىلىپ بايان قىلدۇق.

قۇرئان مانا مۇشۇنداق ئوچۇق ۋە روشەن بايان قىلىنغاندىن كېيىن ئىنسانلاردىن بىر تۈركۈمى قۇرئانغا كاپىر بولغانلىقى، ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلغانلىقى ۋە بويۇنتاۋلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىپ، ئۇنىڭ نۇسرەت قازىنىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىپ، ئۇنى ئىنكار قىلغانلارنى ھالاك قىلىدىغانلىقى بىلەن قورقۇتۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا چۈشىدىغان ئازابنى) كۈتكىن، شۈبھىسىزكى، ئۇلار (سېنىڭ ھالاك بولۇشۇڭنى) كۈتكۈچىدۇر**﴾ يەنى ئۇلار كەلگۈسىدە نۇسرەت ۋە غەلىبىنىڭ، كەلىمە تەييىبەنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە

www.munber.org

كىمگە مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قالىدۇ. ئى مۇھەممەد! بۇ غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈك چوقۇم ساڭا، سېنىڭ پەيغەمبەر قېرىنداشلىرىڭغا ۋە سىلەرگە ئەگەشكەن مۆمىنلەرگە مەنسۇپتۇر. بۇ ھەقتە اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللہ (لەۋھۇلمەھپۇزغا): «مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دەپ يازدى، اللہ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾[1] ﴿شەك - شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۆمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز. ئۇ كۈندە كاپىرلارنىڭ ئۆزرىلىرى پايدا بەرمەيدۇ، ئۇلار لەنەتكە ئۇچرايدۇ، ئۇلار ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ﴾[2].

شۇنىڭ بىلەن سۈرە دۇخاننىڭ تەپسىرى تۈگىدى. جىمى ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە اللہ تائالاغا مەنسۇپتۇر. اللہ تائالادىن مۇۋەپپەقىيەت بېرىشىنى ۋە خاتالىقتىن ساقلاشنى تىلەيمىز.

www.munber.org

[1] سۈرە مۇجادىلە 21 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە غافىر 51 - 52 - ئايەتلەر.

مەككىدە نازىل بولغان — سۈرە جاسىيە — 37 ئايەت

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

حمٓ ﴿١﴾ تَنزِيلُ ٱلْكِتَٰبِ مِنَ ٱللَّهِ ٱلْعَزِيزِ ٱلْحَكِيمِ ﴿٢﴾ إِنَّ فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ لَءَايَٰتٍ
لِّلْمُؤْمِنِينَ ﴿٣﴾ وَفِى خَلْقِكُمْ وَمَا يَبُثُّ مِن دَآبَّةٍ ءَايَٰتٌ لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ ﴿٤﴾ وَٱخْتِلَٰفِ ٱلَّيْلِ وَٱلنَّهَارِ وَمَآ
أَنزَلَ ٱللَّهُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مِن رِّزْقٍ فَأَحْيَا بِهِ ٱلْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَتَصْرِيفِ ٱلرِّيَٰحِ ءَايَٰتٌ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ
﴿٥﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك مېھرىبان اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

*ھا، مىم[1]. (بۇ) كىتاب غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى اللہ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر[2]. ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا مۆمىنلەر ئۈچۈن (اللہ نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ھەقىقەتەن نۇرغۇن دەلىللەر بار[3]. سىلەرنىڭ يارىتىلىشىڭلاردا ۋە (اللہ زېمىندا) تارقىتىۋەتكەن جانىۋارلاردا (اللہ نىڭ قۇدرىتىگە) جەزمەن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن دەلىللەر بار[4]. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، اللہ نىڭ بۇلۇتتىن (كۆكتىن) يامغۇر ياغدۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن رىزىقلەندۇرۇپ ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرۈشىدە ۋە شاماللارنىڭ يۆزلىنىشىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشىدا، چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللہ نىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار[5].*

## اللہ تائالا نىڭ دەلىللىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە قىلىنغان تەۋسىيە توغرىسىدا

اللہ تائالا بۇ ئايەتلەردە ئىنسانلارنى ئۇلارغا يارىتىپ بەرگەن نازۇ ـ نېمەتلىرى ۋە كاتتا قۇدرىتى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە تەۋسىيە قىلىدۇ. اللہ تائالا ئەنە شۇ بۈيۈك قۇدرىتى بىلەن ئاسمانلارنى، زېمىننى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۈرلۈك جىنستىكى مەخلۇقاتلارنى، پەرىشتىلەرنى، جىنلارنى، ئىنسانلارنى، چاھارپايلارنى، قۇشلارنى، ياۋايى ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنى، ھاشارەتلەرنى، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنى، دېڭىزدىكى ھەر خىل ۋە ھەر تۈرلۈك نەرسىلەرنى ياراتتى. كېچە بىلەن كۈندۈزنى، بىرىنى قاراڭغۇ يەنە بىرىنى يورۇق قىلىپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئارقىدىن تەرتىپلىك ھالدا ئايلىنىپ تۇرىدىغان قىلدى. اللہ تەئالا، سۇغا قاتتىق ئېھتىياجلىق چاغدا، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇردى ۋە ئۇنى ”رىزىق“ دەپ ئاتىدى. چۈنكى، يامغۇر بىلەن رىزىق ھاسىل بولىدۇ.

﴿ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرۈشىدە﴾ يەنى ئۇ زېمىن قاغجىراپ ئۇنىڭدا نە ئۆسۈملۈك، نە بىرەر شەيئى قالمىغاندىن كېيىن اللہ ئۇنى يامغۇر سۈيى بىلەن تىرىلدۈرىدۇ. ﴿ۋە شاماللارنىڭ يۆزلىنىشىنى﴾ جەنۇبقا، شىمالغا، غەربكە، شەرققە، قۇرۇغلۇققا، دېڭىزغا، كېچىلىك ۋە كۈندۈزلۈك شامالغا ﴿ئۆزگەرتىپ

www.munber.org

تۇرۇشىدا﴾ يەنى شامالنىڭ بەزىسى بۇلۇتنى قوزغاپ ئۇچۇرتۇپ قۇرغاق زېمىنغا يامغۇر ياغدۇرۇش ئۈچۈن چىقىدۇ، بەزىسى گۈل - چېچەكلەرنى چاڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن چىقىدۇ. بەزىسى ھاۋانى ساپلاشتۇرۇپ، جانلارنى تىنجىقتىن سالقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن چىقىدۇ ۋە بەزىسى ھېچقانداق مەنپەئەتسىز شامال بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھېچ بىر نەتىجە چىقمايدۇ.

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە بېشىدا ﴿**مۆمىنلەر ئۈچۈن (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ھەقىقەتەن نۇرغۇن دەلىللەر بار**﴾ دېگەن ئىدى. ئارقىدىن ﴿**(الله نىڭ قۇدرىتىگە) جەزمەن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن دەلىللەر بار**﴾ دېدى. ئاندىن ﴿**چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (الله نىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار**﴾ دېدى. بۇ تۆۋەندىن يۇقىرىغا، يۇقىرىدىن ئەڭ يۈكسەكلىككە ئۆرلەش ئۇسلۇبىدۇر[1].

بۇ ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنى سۈرە بەقەرەدىكى مۇنۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشايدۇ: ﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدە، كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەردە، الله بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدىغان يامغۇردا، يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ھايۋاناتلاردا، شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا، ئاسمان - زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا، چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئەلۋەتتە (الله نىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر باردۇر﴾[2].

* * * * * * *

تِلْكَ ءَايَـٰتُ ٱللَّهِ نَتْلُوهَا عَلَيْكَ بِٱلْحَقِّ ۖ فَبِأَىِّ حَدِيثٍۭ بَعْدَ ٱللَّهِ وَءَايَـٰتِهِۦ يُؤْمِنُونَ ﴿٦﴾ وَيْلٌ
لِّكُلِّ أَفَّاكٍ أَثِيمٍ ﴿٧﴾ يَسْمَعُ ءَايَـٰتِ ٱللَّهِ تُتْلَىٰ عَلَيْهِ ثُمَّ يُصِرُّ مُسْتَكْبِرًا كَأَن لَّمْ يَسْمَعْهَا ۖ فَبَشِّرْهُ بِعَذَابٍ
أَلِيمٍ ﴿٨﴾ وَإِذَا عَلِمَ مِنْ ءَايَـٰتِنَا شَيْـًٔا ٱتَّخَذَهَا هُزُوًا ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ مُّهِينٌ ﴿٩﴾ مِّن وَرَآئِهِمْ جَهَنَّمُ ۖ
وَلَا يُغْنِى عَنْهُم مَّا كَسَبُوا۟ شَيْـًٔا وَلَا مَا ٱتَّخَذُوا۟ مِن دُونِ ٱللَّهِ أَوْلِيَآءَ ۖ وَلَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴿١٠﴾ هَـٰذَا
هُدًى ۖ وَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ بِـَٔايَـٰتِ رَبِّهِمْ لَهُمْ عَذَابٌ مِّن رِّجْزٍ أَلِيمٌ ﴿١١﴾

***ئەنە شۇلار الله نىڭ ئايەتلىرىدۇر. (ئى مۇھەممەد!) ئۇنى ساڭا ھەقلىق بىلەن تىلاۋەت قىلىپ بېرىمىز. ئۇلار (يەنى مەككە كۇففارلىرى) الله نى ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى قويۇپ قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟﴿6﴾. ھەر بىر گۇناھكار يالغانچىغا ۋاي!﴿7﴾. ئۇ الله نىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئۆزىگە ئوقۇپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، ئاندىن تەكەببۇرلۇق قىلغان ھالدا گويا ئۇنى ئاڭلىمىغاندەك (كۇفرىدا) چىڭ تۇرىدۇ (گۇمراھلىقتا تېخىمۇ ئەزۋەيلەيدۇ)، ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن﴿8﴾. ئۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن بىرەر نەرسىنى بىلگەن چاغدا (يەنى ئۇنىڭغا قۇرئان ئايەتلىرى يەتكەن چاغدا)، ئۇنى مەسخىرە قىلىدىغان نەرسە قىلىۋالىدۇ، ئەنە شۇلار خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿9﴾. ئۇلارنى ئالدىدا جەھەننەم (كۈتۈپ تۇرىدۇ)، ئۇلارنىڭ ئېرىشكەن نەرسىلىرى (يەنى دۇنيادا تاپقان ماللىرى ۋە باللىرى) ۋە الله نى قويۇپ دوست تۇتقان نەرسىلىرى (يەنى بۇتلىرى) ئۇلارغا ھېچ***

---

[1] چۈنكى، ئايەتلەردە دەسلەپتە «مۆمىنلەر ئۈچۈن» ئاندىن «جەزمەن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن» ئاندىن «چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن» دېيىلگەن. مانا بۇ چۈشىنىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

[2] سۈرە بەقەرە 164 - ئايەت.

www.munber.org

*نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿10﴾. بۇ (قۇرئان ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن كىشىگە كامىل) ھىدايەتتۇر، پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار ئەڭ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿11﴾.*

## ھەر بىر گۇناھكار، يالغانچىنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازا توغرىسىدا

﴿**ئەنە شۇلار**﴾ يەنى قۇرئان ۋە ئۇنىڭدا روشەن بايان قىلىنغان دەلىل ـ پاكىتلار ﴿**الله نىڭ ئايەتلىرىدۇر. (ئى مۇھەممەد!) ئۇنى ساڭا ھەقلىق بىلەن تىلاۋەت قىلىپ بېرىمىز**﴾ يەنى ئۇ ئايەتلەر الله تەرىپىدىن كەلگەن، ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلار ئۇ ئايەتلەرگە ئىشەنمىسە، ئۇلارغا بويسۇنمىسا،ئۇنداقتا ئۇلار (يەنى مەككە كۇففارلىرى) الله تائالانى ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى قويۇپ قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟

﴿**ھەر بىر گۇناھكار يالغانچىغا ۋاي!**﴾ يەنى سۆزىدە تۆھمەتخور، يالغانچى، قەسەمخور، پەسكەش، ئىش ـ ھەرىكىتىدە گۇناھ قىلىدىغان، دىلىدا الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان ئادەمگە ۋاي! ﴿**ئۇ الله نىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئۆزىگە ئوقۇپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، ئاندىن تەكەببۇرلۇق قىلغان ھالدا گويا ئۇنى ئاڭلىمىغاندەك (كۇفرىدا)**﴾ ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىشتا ﴿**چىڭ تۇرىدۇ (گۇمراھلىقتا تېخىمۇ ئەزۋەيلەيدۇ)، ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ئەلەم قىلغۇچى قاتتىق ئازابنىڭ بارلىقىنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلىپ قويغىن.

﴿**ئۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن بىرەر نەرسىنى بىلگەن چاغدا (يەنى ئۇنىڭغا قۇرئان ئايەتلىرى يەتكەن چاغدا)**﴾ ئۇنىڭغا كاپىر بولۇپ ﴿**ئۇنى مەسخىرە قىلىدىغان نەرسە قىلىۋالىدۇ، ئەنە شۇلار خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ**﴾ يەنى بۇ ئازاب ئۇلارنىڭ قۇرئاننى خارلىغانلىقى ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلىدىغان نەرسە قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئىمام مۇسلىم، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاننىڭ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ساھابىلارنى دۈشمەن زېمىنىغا قورئان بىلەن سەپەر قىلىشتىن توسقان.

الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۇلار دۇچار بولىدىغان ئازابنى تېخىمۇ ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارنى ئالدىدا جەھەننەم (كۈتۈپ تۇرىدۇ)**﴾ يەنى ئۇ سۈپەت بىلەن سۈپەتلەنگەن ھەر قانداق كىشىنىڭ قىيامەت كۈنى بارىدىغان جايى جەھەننەم بولىدۇ.

﴿**ئۇلارنىڭ ئېرىشكەن نەرسىلىرى (يەنى دۇنيادا تاپقان ماللىرى ۋە باللىرى) ۋە الله نى قويۇپ دوست تۇتقان نەرسىلىرى (يەنى بۇتلىرى) ئۇلارغا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ. بۇ (قۇرئان ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن كىشىگە كامىل) ھىدايەتتۇر، پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار ئەڭ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ**﴾ ئۇ قاتتىق ئەلەم قىلغۇچى ئازابتۇر.

* * * * * * *

۞ ٱللَّهُ ٱلَّذِى سَخَّرَ لَكُمُ ٱلْبَحْرَ لِتَجْرِىَ ٱلْفُلْكُ فِيهِ بِأَمْرِهِۦ وَلِتَبْتَغُوا۟ مِن فَضْلِهِۦ وَلَعَلَّكُمْ
تَشْكُرُونَ ﴿١٢﴾ وَسَخَّرَ لَكُم مَّا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ جَمِيعًا مِّنْهُ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ

www.munber.org

يَتَفَكَّرُونَ ﴿١٣﴾ قُل لِّلَّذِينَ ءَامَنُواْ يَغۡفِرُواْ لِلَّذِينَ لَا يَرۡجُونَ أَيَّامَ ٱللَّهِ لِيَجۡزِيَ قَوۡمَۢا بِمَا
كَانُواْ يَكۡسِبُونَ ﴿١٤﴾ مَنۡ عَمِلَ صَٰلِحٗا فَلِنَفۡسِهِۦۖ وَمَنۡ أَسَآءَ فَعَلَيۡهَاۖ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّكُمۡ تُرۡجَعُونَ ﴿١٥﴾

***الله نىڭ ئەمرى بىلەن دېڭىزدا كېمىلەرنىڭ يۈرۈشى ئۈچۈن، سىلەرنىڭ الله نىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن (يەنى تىجارەت قىلىشىڭلار، بېلىق تۇتۇشۇڭلار، دېڭىز ئاستىدىن ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى سۈزۈۋېلىشىڭلار ئۈچۈن) ۋە (الله غا) شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، الله سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى﴿12﴾. الله ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، بۇنىڭدا ھەقىقەتەن (قۇدرىتى ئىلاھىيىنى) تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (الله نىڭ قۇدرىتى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) (روشەن) دەلىللەر بار﴿13﴾. مۆمىنلەرگە ئېيتقىنكى، الله ھەر قەۋمنىڭ قىلمىشلىرىغا يارىشا جازا بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار الله نىڭ كۈنلىرىنى ئۈمىد قىلمايدىغانلارنى (يەنى الله نىڭ ئازابىدىن قورقمايدىغان كۇففارلارنىڭ يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىنى) كەچۈرسۇن﴿14﴾ كىمكى (دۇنيادا) ياخشى ئىش قىلسا، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن قىلىدۇ، كىمكى يامان ئىش قىلسا، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر (الله ياخشىلىقىڭلارغا مۇكاپات، يامانلىقىڭلارغا جازا بېرىدۇ)﴿15﴾.***

## دېڭىزنى ۋە باشقا نەرسىلەرنى بويسۇندۇرۇشتا ﷲ تائالانىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنىڭ بارلىقى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى بايان قىلىدۇ: ﴿**الله نىڭ ئەمرى بىلەن دېڭىزدا كېمىلەرنىڭ يۈرۈشى ئۈچۈن**﴾ الله ئۇلارغا دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى.

﴿**سىلەرنىڭ الله نىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن (يەنى تىجارەت قىلىشىڭلار، بېلىق تۇتۇشۇڭلار، دېڭىز ئاستىدىن ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى سۈزۈۋېلىشىڭلار ئۈچۈن)**﴾ الله دېڭىزغا كېمىلەرنى سۇغا چۆكتۈرۈۋەتمەستىن، سۇ يۈزىدە كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا ئەمر قىلدى. كېمىلەردە سەپەر قىلىپ، يىراق ـ يىراق شەھەرلەردىن، چەت رايونلاردىن ئۆزەڭلارغا پايدىلىق بولغان مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىڭلار ئۈچۈن ﴿**ۋە (الله غا) شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن**﴾ الله سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى.

﴿**الله ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى**﴾ يەنى يۇلتۇزلارنى، تاغلارنى، دېڭىزلارنى، دەريالارنى، سىلەر مەنپەئەت ئالىدىغان ھەممە نەرسىنى ﴿**(كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى**﴾ يەنى بۇنىڭ ھەممىسى الله نىڭ سىلەرگە قىلغان كامالى پەزلىدۇر. ئېھسانىدۇر ۋە ياخشىلىقىدۇر.

يالغۇز الله تەرىپىدىن ئىنئام قىلىنغاندۇر. ئۇنىڭدا الله تائالاغا ھېچ نەرسە شېرىك ئەمەس. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى الله بەرگەن، سىلەرگە بىرەر ئېغىرچىلىق يەتسە، الله غا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىسىلەر﴾[1].

ئىبنى جەرىر، ئەۋفي ئارقىلىق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ الله تائالانىڭ ﴿**الله ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەممە نەرسە الله تەرىپىدىن كېلىدۇ،

---

[1] سۈرە نەھل 53 ـ ئايەت.

www.munber.org

ئۇنىڭغا قويۇلغان ئىسمىمۇ الله تائالانىڭ بەرگەن ئىسىملىرىدىن بىر ئىسىمدۇر، ئۇنىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن پەزلىدۇر. بۇ ھەقتە الله بىلەن ھېچكىم مۇنازىرە تەلەپ قىلالمايدۇ. بەلكى ئۇ ئۇنىڭ الله نىڭ پەزلى ئىكەنلىكىگە جەزمەن ئىشىنىدۇ. ﴿**بۇنىڭدا ھەقىقەتەن (قۇدرىتى ئىلاھىيىنى) تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (الله نىڭ قۇدرىتى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) (روشەن) دەلىللەر بار**﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى توغرىسىدا

﴿**مۆمىنلەرگە ئېيتقىنكى، الله ھەر قەۋمنىڭ قىلمىشلىرىغا يارىشا جازا بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار الله نىڭ كۈنلىرىنى ئۈمىد قىلمايدىغانلارنى (يەنى الله نىڭ ئازابىدىن قورقمايدىغان كۇففارلارنىڭ يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىنى) كەچۈرسۇن**﴾ يەنى ئۇلارنى ئەپۇ قىلسۇن، ئۇلارنىڭ يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلسۇن، بۇ ئىش ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە بولغان ئىدى. ئۇلار مۇشرىكلارنىڭ ۋە ئەھلى كىتابلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە سەۋەب بولسۇن ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى. ئاندىن كاپىرلار ھەق بىلەن قارشىلىششتا چىڭ تۇرىۋەرگەچكە الله مۆمىنلەرگە ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلىشنى، ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىشنى يولغا قويدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە قەتادەنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇشۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

مۇجاھىد: ﴿**الله نىڭ كۈنلىرىنى ئۈمىد قىلمايدىغانلارنى**﴾ دېگەن بۇ ئايەتنى: الله تائالانىڭ نېمىتىدىن بەھرىمەن بولالمايدىغانلار، دەپ تەپسىر قىلغان. ﴿**الله ھەر قەۋمنىڭ قىلمىشلىرىغا يارىشا جازا بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن**﴾ يەنى مۆمىنلەر دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىنى ئەپۇ قىلسا، الله ئاخىرەتتە كاپىرلارنىڭ يامان قىلمىشلىرىغا قارىتا ئاخىرەتتە چوقۇم ئۇلارنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ.

﴿**كىمكى (دۇنيادا) ياخشى ئىش قىلسا، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن قىلىدۇ، كىمكى يامان ئىش قىلسا، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر (الله ياخشىلىقىقا مۇكاپات، يامانلىقىقا جازا بېرىدۇ)**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، ئاندىن الله تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا قارشى قىلغان قىلمىشلىرىڭلار ئۆزەڭلارغا كۆرسىتىلىدۇ. ئاندىن الله سىلەرگە ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىڭلارغا قارىتا مۇكاپات ۋە جازا بېرىدۇ.

* * * * * * *

وَلَقَدۡ ءَاتَيۡنَا بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡحُكۡمَ وَٱلنُّبُوَّةَ وَرَزَقۡنَٰهُم مِّنَ ٱلطَّيِّبَٰتِ وَفَضَّلۡنَٰهُمۡ عَلَى
ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٦﴾ وَءَاتَيۡنَٰهُم بَيِّنَٰتٖ مِّنَ ٱلۡأَمۡرِۖ فَمَا ٱخۡتَلَفُوٓاْ إِلَّا مِنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَهُمُ ٱلۡعِلۡمُ بَغۡيَۢا بَيۡنَهُمۡۚ
إِنَّ رَبَّكَ يَقۡضِي بَيۡنَهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ فِيمَا كَانُواْ فِيهِ يَخۡتَلِفُونَ ﴿١٧﴾ ثُمَّ جَعَلۡنَٰكَ عَلَىٰ شَرِيعَةٖ مِّنَ
ٱلۡأَمۡرِ فَٱتَّبِعۡهَا وَلَا تَتَّبِعۡ أَهۡوَآءَ ٱلَّذِينَ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿١٨﴾ إِنَّهُمۡ لَن يُغۡنُواْ عَنكَ مِنَ ٱللَّهِ شَيۡـٔٗاۚ وَإِنَّ
ٱلظَّٰلِمِينَ بَعۡضُهُمۡ أَوۡلِيَآءُ بَعۡضٖۖ وَٱللَّهُ وَلِيُّ ٱلۡمُتَّقِينَ ﴿١٩﴾ هَٰذَا بَصَٰٓئِرُ لِلنَّاسِ وَهُدٗى وَرَحۡمَةٞ
لِّقَوۡمٖ يُوقِنُونَ ﴿٢٠﴾

www.munber.org

*شەك - شۈبھىسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا كىتابنى (يەنى تەۋراتنى)، ھېكمەتنى ۋە پەيغەمبەرلىكنى ئاتا قىلدۇق، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردۇق، ئۇلارنى (زامانىدىكى) جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلدۇق﴿16﴾. ئۇلارغا دىن ئىشىدا روشەن دەلىللەرنى بەردۇق، پەقەت ئۇلارغا ئىلىم (يەنى دىنىنىڭ راستلىقىغا قەتئىي دەلىللەر) كەلگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇلار ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ ئىختىلاپ قىلىشتى. پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان ئىشلار ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ﴿17﴾. ئاندىن سېنى بىز (ئى مۇھەممەد!) دىن ئىشىدا (روشەن) بىر يولدا قىلدۇق، شۇ يولغا ئەگەشكىن، بىلمەيدىغانلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن﴿18﴾. شۈبھىسىزكى، (ئۇلارنىڭ گۇمراھلىقىغا ماسلىشىدىغان بولساڭ) ئۇلار سەندىن اللہ نىڭ (ئازابى)دىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايدۇ، شۈبھىسىزكى، (دۇنيادا) زالىملارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە دوستتۇر، اللہ تەقۋادارلارنىڭ دوستىدۇر﴿19﴾. بۇ (قۇرئان) ئىنسانلار ئۈچۈن روشەن پاكىتلاردۇر، ھىدايەتتۇر، (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە) جەزمەن ئىشەنگەن قەۋم ئۈچۈن رەھمەتتۇر﴿20﴾.*

## اللہ تائالانىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئاتا قىلغان مەرھەمىتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقانلىقى توغرىسىدا

اللہ تائالا بۇ ئايەتلەردە ئىسرائىل ئەۋلادىغا كىتابلارنى نازىل قىلىش، ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش، ئۇلارغا ئۆزلىرىدىن پادىشاھلارنى قىلىش قاتارلىق ئۇلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شەك - شۈبھىسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا كىتابنى (يەنى تەۋراتنى)، ھېكمەتنى ۋە پەيغەمبەرلىكنى ئاتا قىلدۇق، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى**﴾ يەنى پاك يېمەك - ئىچمەكلەرنى ﴿**رىزىق قىلىپ بەردۇق، ئۇلارنى (زامانىدىكى) جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلدۇق. ئۇلارغا دىن ئىشىدا روشەن دەلىللەرنى بەردۇق**﴾ شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە دەلىل - پاكىتلار تۇرغۇزۇلدى. ئۇلارنىڭ ئۈستىلىرىگە دەلىل - پاكىت تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن ئىختىلاپ قىلىشتى. ئۇلارنىڭ ئۇنداق ئىختىلاپ قىلىشى پەقەت ئۆز - ئارا ھەسەت قىلىشقانلىقىدىن بولدى.

ئى مۇھەممەد! ﴿**پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان ئىشلار ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ**﴾ يەنى كەلگۈسىدە اللہ تائالا ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئۆزىنىڭ ئادىل ھۆكمى بىلەن ئايرىپ قويىدۇ.

## بۇ ئۈممەتنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ يولىغا مېڭىپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا

اللہ تائالا بۇ ئايەتتە ئىسلام ئۈممىتىنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ يولىغا مېڭىپ قېلىشتىن، ئۇلارنىڭ يولىنى كۆزلەپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاندىن سېنى بىز (ئى مۇھەممەد!) دىن ئىشىدا (روشەن) بىر يولدا قىلدۇق، شۇ يولغا ئەگەشكىن**﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان قۇرئانغا ئەمەل قىلغىن؛ اللہ دىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، مۇشرىكلار بىلەن تەڭ بولمىغىن﴾[1].

﴿**بىلمەيدىغانلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن. شۈبھىسىزكى، (ئۇلارنىڭ گۇمراھلىقىغا ماسلىشىدىغان بولساڭ) ئۇلار سەندىن اللہ نىڭ (ئازابى) دىن ھېچ نەرسىنى**

---

[1] سۈرە ئەنئام 106 - ئايەت.

www.munber.org

دەپئى قىلالمايدۇ، شۈبھىسىزكى، (دۇنيادا) زالىملارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە دوستتۇر﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا دوستلىشىشى اللە تائالانىڭ ئۇلارغا ئەۋەتىدىغان ئازابىدىن نېمىنى دەپئى قىلالايدۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئۇلار پەقەت ئۆزئارا زىيانكارلىقنى، خانىۋەيرانچىلىقنى ۋە ھالاكەتنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ، خالاس.

﴿اللە تەقۋادارلارنىڭ دوستىدۇر﴾ اللە تائالا ئۇلارنى كۇپۇرنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئىماننىڭ يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ. كاپىرلارنىڭ ئىگىسى شەيتاندۇر، ئۇلارنى ئىماننىڭ يورۇقلۇقىدىن گۇمراھلىقنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا چىقىرىدۇ.

ئاندىن اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ (قۇرئان) ئىنسانلار ئۈچۈن روشەن پاكىتلاردۇر، ھىدايەتتۇر، (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە) جەزمەن ئىشەنگەن قەۋم ئۈچۈن رەھمەتتۇر﴾.

* * * * * * *

أَمۡ حَسِبَ ٱلَّذِينَ ٱجۡتَرَحُواْ ٱلسَّيِّـَٔاتِ أَن نَّجۡعَلَهُمۡ كَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ سَوَآءً
مَّحۡيَاهُمۡ وَمَمَاتُهُمۡۚ سَآءَ مَا يَحۡكُمُونَ ﴿٢١﴾ وَخَلَقَ ٱللَّهُ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ بِٱلۡحَقِّ وَلِتُجۡزَىٰ كُلُّ
نَفۡسِۭ بِمَا كَسَبَتۡ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ﴿٢٢﴾ أَفَرَءَيۡتَ مَنِ ٱتَّخَذَ إِلَـٰهَهُۥ هَوَىٰهُ وَأَضَلَّهُ ٱللَّهُ عَلَىٰ عِلۡمٍ
وَخَتَمَ عَلَىٰ سَمۡعِهِۦ وَقَلۡبِهِۦ وَجَعَلَ عَلَىٰ بَصَرِهِۦ غِشَـٰوَةً فَمَن يَهۡدِيهِ مِنۢ بَعۡدِ ٱللَّهِۚ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿٢٣﴾

*يامان ئىشلارنى قىلغانلار (يەنى گۇناھكار كۇففارلار) ئۆزلىرىنى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلاردەك قىلىشىمىزنى، ھاياتلىقتا، ماماتلىقتا ئۇلار بىلەن ئوخشاش قىلىشىمىزنى ئويلامدۇ؟ (يەنى ئۇلارنى ئوخشاش قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس) ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكمى نېمىدېگەن يامان!﴿21﴾. اللە ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەقلىق بىلەن ياراتتى، ھەر ئىنساننىڭ قىلمىشىغا يارىشا جازا ياكى مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴿22﴾. (ئى مۇھەممەد!) ماڭا نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان، اللە ئازدۇرغان، (ھەقنى) بىلىپ تۇرغان، اللە قۇلىقىنى ۋە قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن ۋە كۆزىنى پەردىلىگەن ئادەمنى ئېيتىپ بەرگىن، اللە ئازدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى كىم ھىدايەت قىلالايدۇ؟ سىلەر (بۇلاردىن) ۋەز - نەسىھەت ئالمامسىلەر؟﴿23﴾.*

## مۆمىن بىلەن كاپىرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلارنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەھلى دوزاخ بىلەن ئەھلى جەننەت (قىيامەت كۈنى) باراۋەر بولمايدۇ، ئەھلى جەننەت بولسا مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[1].

﴿يامان ئىشلارنى قىلغانلار﴾ يەنى گۇناھ ئىشلىگەن ۋە ئۇنى كەسىپ قىلىۋالغان ﴿(گۇناھكار كۇففارلار) ئۆزلىرىنى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلاردەك قىلىشىمىزنى، ھاياتلىقتا، ماماتلىقتا ئۇلار بىلەن ئوخشاش قىلىشىمىزنى﴾ يەنى ئۇلارنى مۆمىنلەر بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە باراۋەر قىلىشىمىزنى ﴿ئويلامدۇ؟ (يەنى ئۇلارنى ئوخشاش قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس) ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكمى نېمىدېگەن يامان!﴾ يەنى بىز ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدىغان تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ بىزنى ياخشىلار

[1] سۈرە ھەشىر 20 - ئايەت.

www.munber.org

بىلەن گۇناھكارلارنىڭ ئارىسىنى ئاخىرەت يۇرتىدا ۋە بۇ دۇنيادىمۇ باراۋەر قىلىدۇ، دەپ ئويلاپ چىقارغان ھۆكمى نېمىدېگەن يامان!

ئىمام تەبەرانى، مەسرۇقتىن تەمىم دارىينىڭ بىر كېچىسى ئورنىدىن تۇرۇپ تاڭ يورىغىچە: ﴿**يامان ئىشلارنى قىلغانلار (يەنى گۇناھكار كۇففارلار) ئۆزلىرىنى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلاردەك قىلىشىمىزنى، ھاياتلىقتا، ماماتلىقتا ئۇلار بىلەن ئوخشاش قىلىشىمىزنى ئويلامدۇ؟**﴾ دېگەن ئايەتنى تەكرار ـ تەكرار ئوقۇپ چىققانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەقلىق بىلەن ياراتتى، ھەر ئىنساننىڭ قىلمىشىغا يارىشا جازا ياكى مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ**﴾.

﴿**(ئى مۇھەممەد!) ماڭا نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان**﴾ يەنى ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە ئىش قىلىدىغان، كۆڭلى نېمىنى تارتسا شۇنى قىلىدىغان، نېمىنى يامان كۆرسە ئۇنى تاشلايدىغان ﴿**الله ئازدۇرغان، (ھەقنى) بىلىپ تۇرغان**﴾ يەنى ئۇنىڭ ئازغۇنلۇققا لايىق ئىكەنلىكىنى الله بىلىپ ئازدۇرغان، ياكى ئۇنىڭغا ھەقنى ئىسپاتلايدىغان ئىلىم يەتكەن ۋە دەلىل ـ پاكىت تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن ئۇ ھەقنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن الله ئۇنى ئازدۇرغان.

﴿**الله قۇلىقىنى ۋە قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن ۋە كۆزىنى پەردىلىگەن**﴾ يەنى ئۆزىگە پايدىلىق نەرسىنى ئاڭلىمايدىغان، توغرا يولنى كۆرسىتىپ بەرسە ئېسىدە تۇتمايدىغان ۋە يولنى نۇرلاندۇرىدىغان دەلىل ـ پاكىتنى كۆرمەيدىغان ﴿**ئادەمنى ئېيتىپ بەرگىن، الله ئازدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى كىم ھىدايەت قىلالايدۇ؟ سىلەر (بۇلاردىن) ۋەز ـ نەسىھەت ئالمامسىلەر؟**﴾.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ئازدۇرغان كىشىنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ، الله ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا قويۇپ بېرىدۇكى، ئۇلار تېڭىرقاپ يۈرىدۇ﴾[1].

* * * * * * *

وَقَالُواْ مَا هِىَ إِلَّا حَيَاتُنَا ٱلدُّنۡيَا نَمُوتُ وَنَحۡيَا وَمَا يُهۡلِكُنَآ إِلَّا ٱلدَّهۡرُ ۚ وَمَا لَهُم بِذَٰلِكَ مِنۡ
عِلۡمٍ ۖ إِنۡ هُمۡ إِلَّا يَظُنُّونَ ﴿٢٤﴾ وَإِذَا تُتۡلَىٰ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتُنَا بَيِّنَٰتٍ مَّا كَانَ حُجَّتَهُمۡ إِلَّآ أَن قَالُواْ ٱئۡتُواْ
بِـَٔابَآئِنَآ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٢٥﴾ قُلِ ٱللَّهُ يُحۡيِيكُمۡ ثُمَّ يُمِيتُكُمۡ ثُمَّ يَجۡمَعُكُمۡ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ لَا رَيۡبَ
فِيهِ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٢٦﴾

***ئۇلار (يەنى قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار): «ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى تۇغۇلىمىز). پەقەت زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوق بولىمىز» (دەيدۇ). ئۇلار بۇ خۇسۇستا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، ئۇلار پەقەت گۇمان بىلەن سۆزلەيدۇ﴿24﴾. ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئوچۇق ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇلارنىڭ پاكىتى پەقەت «ئەگەر راستچىل بولساڭلار، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار (يەنى تىرىلدۈرۈڭلار)» دېيىشتىن ئىبارەت بولىدۇ﴿25﴾. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «الله سىلەرنى تىرىلدۈرەلەيدۇ، ئاندىن (ئەجىلىڭلار پۈتكەندە) ۋاپات قىلدۇرالايدۇ،***

[1] سۈرە ئەئراف 186 ـ ئايەت.

www.munber.org

***ئاندىن شەك ـ شۈبھىسىز قىيامەت كۈنىدە سىلەرنى يىغىدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (اﷲ نىڭ قۇدرىتىنى) بىلمەي (قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدى)»*** ﴿26﴾.

## كاپىرنىڭ ئېتىقادى، ئۇنىڭ دەلىلى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا

اﷲ تائالا بۇ ئايەتتە كاپىرلاردىن، دەھرىلەر گۇرۇھىنىڭ ۋە قىيامەتنى ئىنكار قىلىشتا ئۇلار بىلەن بىرلىشىۋالغان ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ سۆزلىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

﴿**ئۇلار (يەنى قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار): «ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى تۇغۇلىمىز)،دەيدۇ**﴾ يەنى ئۇلار: ياشايدىغان جاي پەقەت مۇشۇ دۇنيادۇر، بىر قەۋم ئۆلۈپ تۈگىسە، باشقىلار دۇنياغا كېلىدۇ. ھېچ يەردە قىيامەت دېگەن نەرسە يوق، دەيدۇ. مانا بۇ قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچى ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ سۆزىدۇر. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىلاھشۇناس پەيلاسوپچىلىرىمۇ شۇنداق دەيدۇ. ئۇلار دەسلەپتە يوق يەردىن يارىتىلىشنى، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدۇ، ھەم ياراتقۇچى اﷲ نى ئىنكار قىلىدىغان ”دەھرىلەر“ ھەر قانداق نەرسە ھەر 36 مىڭ يىلدا بىر قېتىم بۇرۇنقىدەك ھالىتىگە قايتىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان ”دەۋرلەر“ مۇ شۇنداق دەيدۇ. ئۇلار دەۋرنىڭ ئايلىنىپ تۇرۇشى نۇرغۇن قېتىم تەكرارلانغان، ئۇ تېخى ئاخىرقى چېكىگە يەتكىنى يوق، دېگەن بىمەنە سەپسەتىلەرنى ساتىدۇ. ئۇلار ئەقلىي دەلىللەرنى چوڭ كۆرسىتىپ، پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق اﷲ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن نەقلىي دەلىللەرنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار: ﴿**پەقەت زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوق بولىمىز (دەيدۇ)**﴾ اﷲ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار بۇ خۇسۇستا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، ئۇلار پەقەت گۇمان بىلەن سۆزلەيدۇ**﴾ يەنى ئۆز پەرەزلىرىگە تايىنىپ خىيالىچە سۆزلەيدۇ.

ئەمما ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد ۋە نەسەئى قاتارلىقلار ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس قۇدسىدا: «اﷲ تائالا ئېيتىدۇكى، ئادەم ئەۋلادى ماڭا ئەزىيەت قىلىدۇ، ئۇ زاماننى تىللايدۇ، مەن زاماندۇرمەن، ئىش مېنىڭ قول ئىلكىمدە، كېچىنى كۈندۈز قىلىمەن، كۈندۈزنى كېچە قىلىمەن» دېگەنلىكىنى، يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «زاماننى تىللىماڭلار، شەك ـ شۈبھىسىزكى، اﷲ تائالا زاماندۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان ھەدىسكە كەلسەك، ئىماملاردىن شافىئىي، ئەبۇئۇبەيدە ۋە باشقىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «زاماننى تىللىماڭلار، شەك ـ شۈبھىسىزكى، اﷲ تائالا زاماندۇر» دېگەن سۆزىنى ئىزاھلاشتا مۇنداق دېگەن: جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرەبلەر، ئەگەر ئۆزلىرىگە بىرەر ئېغىرچىلىق ياكى بىرەر بالا ۋە ياكى بىرەر مۇسىبەت كەلسە، ئۇلار: ئى زىيانكار زامان! دەيتتى. ئۇلار ئەنە شۇ ئۆزلىرىگە ئۇنىڭ كەلمىگەن ئىشلارنى زامانغا ئارتاتتى ۋە زاماننى تىللايتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىشلارنى قىلغۇچى پەقەت اﷲ تائالادۇر. شۇنداق قىلىپ ئۇلار گويا غالىب ۋە بۈيۈك اﷲ تائالانى تىللىغان بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. چۈنكى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىشلارنى اﷲ تائالا قىلغۇچىدۇر. مۇشۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنى زاماننى تىللاشتىن توسقان. چۈنكى، ئۇلار دەۋاتقان ۋە ئۇ ئىشلارنى ئارتىۋاتقان زامان بولسا اﷲ تائالادۇر. مانا بۇ، ئۇ ھەدىس توغرىسىدا ئېيتىلغان ئەڭ ياخشى باياندۇر ۋە كۆزدە تۇتۇلغان ئەسلى مەنىدۇر.

بىراق ئىبنى ھەزىم ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش زاھىرى مەزھىپىدىكىلەرنىڭ بۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ زاماننى اﷲ تائالانىڭ چىرايلىق ئىسىملىرى قاتارىدا سانىغانلىقى بولسا، ھەقىقەتەن بىر خاتالىقتۇر.

www.munber.org

**﴿ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئوچۇق ئوقۇپ بېرىلسە﴾** يەنى ئۇلارغا ئوْلۈپ يوقالغان، پارچە - پارچە بولۇپ تۇپىغا ئارىلىشىپ كەتكەندىن كېيىن، الله تائالانىڭ ئۇلارنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكى ھەققىدە دەلىل كەلتۈرۈلسە ۋە ھەق بايان قىلىنسا **﴿ئۇلارنىڭ پاكىتى پەقەت «ئەگەر راستچىل بولساڭلار، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار﴾** يەنى دەۋاتقىنىڭلار ھەق بولسا، ئۇلارنى تىرىلدۈرۈپ بېقىڭلار **﴿دېيىشتىن ئىبارەت بولدى﴾**.

**﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «الله سىلەرنى تىرىلدۈرەلەيدۇ، ئاندىن (ئەجىلىڭلار پۈتكەندە) ۋاپات قىلدۇرالايدۇ﴾** يەنى سىلەر كۆرۈپ تۇرغاندەك، الله سىلەرنى يوق يەردىن ۋۇجۇتقا چىقىرىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بار قىلىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان الله ئەنە شۇدۇر، ئۇ (يەنى مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈش) الله غا (ئۇنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا) ئوڭايدۇر﴾**[1] **﴿الله نى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەركى، جانسىز ئىدىڭلار، الله سىلەرگە جان بەردى (يەنى ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا، ئاناڭلارنىڭ قارنىدا ئابىمەنى ئىدىڭلار)، كېيىن (ئەجىلىڭلار توشقاندا) الله جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ﴾**[2] يەنى سىلەرنى دەسلەپتە يوق يەردىن يارىتىشقا قادىر بولغان الله، قايتا تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر.

**﴿ئاندىن شەك - شۈبھىسىز قىيامەت كۈنىدە سىلەرنى يىغىدۇ﴾** يەنى سىلەرگە **﴿ئەگەر راستچىل بولساڭلار، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار﴾** دېگىدەك پۇرسەت يەنە بەرمەسلىكى ئۈچۈن الله سىلەرنى دۇنياغا قايتۇرمايدۇ. سىلەرنى پەقەت قىيامەت كۈنىدە يىغىدۇ: **﴿ئۇ كۈندە الله سىلەرنى قىيامەت ئۈچۈن توپلايدۇ﴾**[3] **﴿(پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرىگە ئائىت ئىشلار) قايسى بۈيۈك كۈنگە كېچىكتۈرۈلدى؟ خالايىقنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈن ئۈچۈن (تەخىر قىلىندى)﴾**[4] **﴿ئۇنى يەنى قىيامەت كۈنىنى بىز مۇئەييەن مۇددەتكىچە تەخىر قىلىمىز﴾**[5].

**﴿لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (الله نىڭ قۇدرىتىنى) بىلمەي (قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدۇ)﴾** يەنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار قىيامەتنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى يىراق ھېسابلايدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار ئۇ ئازابنى يىراق دەپ قارايدۇ. بىز ئۇنى يېقىن دەپ قارايمىز﴾**[6] يەنى ئۇلار قىيامەتنىڭ يۈز بېرىشىنى (يەنى قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشىنى، ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشىنى) يىراق سانايدۇ. مۆمىنلەر ئۇنى ناھايىتى ئاسانلا ۋۇجۇتقا چىقىدۇ ۋە بولىدىغان ۋاقتىمۇ يېقىن دەپ قارايدۇ.

* * * * * * *

www.munber.org

(1) سۈرە رۇم 27 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە بەقەرە 28 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) سۈرە تەغابۇن 9 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) سۈرە مۇرسەلات 12 - 13 - ئايەتلەر.
(5) سۈرە ھۇد 104 - ئايەت
(6) سۈرە مەئارىج 6 — 7 - ئايەتلەر.

وَلِلَّهِ مُلْكُ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ وَيَوْمَ تَقُومُ ٱلسَّاعَةُ يَوْمَئِذٍ يَخْسَرُ ٱلْمُبْطِلُونَ ﴿٢٧﴾ وَتَرَىٰ
كُلَّ أُمَّةٍ جَاثِيَةً ۚ كُلُّ أُمَّةٍ تُدْعَىٰٓ إِلَىٰ كِتَـٰبِهَا ٱلْيَوْمَ تُجْزَوْنَ مَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٢٨﴾ هَـٰذَا كِتَـٰبُنَا يَنطِقُ
عَلَيْكُم بِٱلْحَقِّ ۚ إِنَّا كُنَّا نَسْتَنسِخُ مَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٢٩﴾

***ئاسمانلار بىلەن زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللە غا خاستۇر، قىيامەت قايىم بولغان كۈندە كاپىرلار زىيان تارتىدۇ﴿27﴾. ھەر ئۈممەتنى (قورقۇنچىنىڭ قاتتىقلىقىدىن) تىزلانغان ھالدا كۆرىسەن، ھەر ئۈممەت ئۆزىنىڭ نامە ـ ئەمالىغا چاقىرىلىدۇ، (ئۇلارغا) «بۈگۈن قىلمىشىڭلارغا يارىشا مۇكاپاتقا ئېرىشىسىلەر ياكى جازاغا ئۇچرايسىلەر» (دېيىلىدۇ)﴿28﴾. بۇ بىزنىڭ كىتابىمىز (يەنى نامە ـ ئەمال) سىلەرگە ھەق بىلەن سۆزلەيدۇ، بىز قىلمىشىڭلارنى يازدۇرۇپ تۇرغان ئىدۇق (يەنى پەرىشتىلەرنى ئەمەللىرىڭلارنى يېزىپ تۇرۇشقا بۇيرۇيتتۇق)﴿29﴾.***

## قىيامەت كۈندىكى قورقۇنچلۇق ئەھۋاللار توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئاسمانلار بىلەن زېمىننىڭ پادىشاھى، ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ھۆكۈمدارى ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قىيامەت قايىم بولغان كۈندە كاپىرلار زىيان تارتىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار اللە تائالاغا كاپىر بولغان، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە نازىل قىلغان روشەن ئايەتلىرىنى ۋە ئوچۇق دەلىللىرىنى ئىنكار قىلغان كىشىلەردۇر.

﴿**ھەر ئۈممەتنى (قورقۇنچىنىڭ قاتتىقلىقىدىن)**﴾ ۋە چوڭلۇقىدىن ﴿**تىزلانغان ھالدا كۆرىسەن**﴾ ئېيتىلىشىچە، ھەر بىر ئادەم جەھەننەمنىڭ ئۈستىگە كەلتۈرۈلسە، جەھەننەم قاتتىق بىر گۈكرەيدۇ ـ دە، بۇنىڭ بىلەن ھەر قانداق بىر ئادەم قورققىنىدىن تىزلىنىدۇ. ھەتتا اللە تائالانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ: ئى اللە! ماڭا رەھىم قىلغىن! ماڭا رەھىم قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، ئى اللە! بۈگۈن سەندىن پەقەت ماڭىلا رەھىم قىلىشىڭنى سورايمەن، دەيدۇ. ھەتتا ئىسا ئەلەيھىسسالاممۇ: ئى اللە! بۈگۈن سەندىن پەقەت ماڭىلا رەھىم قىلىشىڭنى سورايمەن. مېنى تۇغقان ئانام مەريەمگە رەھىم قىلىشىڭنى سورىمايمەن، دەيدۇ(1).

﴿**ھەر ئۈممەت ئۆزىنىڭ نامە ـ ئەمالىغا**﴾ يەنى قىلمىشلىرى يېزىلغان كىتاب بويىچە ﴿**چاقىرىلىدۇ**﴾. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿نامە ـ ئەماللار ھازىر قىلىنىدۇ، پەيغەمبەرلەر ۋە گۇۋاھچىلار كەلتۈرۈلىدۇ﴾(2).

شۇڭا پاك ۋە يۈكسەك اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئۇلارغا) «بۈگۈن قىلمىشىڭلارغا يارىشا مۇكاپاتقا ئېرىشىسىلەر ياكى جازاغا ئۇچرايسىلەر»**﴾ يەنى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ياخشى ـ يامىنىغا يارىشا مۇكاپاتلىنىسىلەر ياكى جازاغا تارتىلىسىلەر، دېيىلىدۇ.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ كۈندە ئىنسانغا (چوڭ بولسۇن،كىچىك بولسۇن، ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن) ئىلگىرى ـ ئاخىرى قىلغان ئەمەللىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ. بەلكى ئىنسان ئۆزىگە

---

(1) يەنى ئەھۋال ئىنتايىن قاتتىق، قورقۇنچلۇق بولغاچقا، ھەر ئادەم ئۆزى بىلەنلا بولۇپ ئەڭ مېھرىبان كىشىسى بولغان ئانىسىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
(2) سۇرە زۇمەر 69 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

(يەنى قىلغان يامان ئىشلىرىغا) ئۆزى گۇۋاھتۇر. ئۇ ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن قانچە ئۆزرە ئېيتقان تەقدىردىمۇ (ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ)﴾[1].

﴿**بۇ بىزنىڭ كىتابىمىز (يەنى نامە ـ ئەمال) سىلەرگە ھەق بىلەن سۆزلەيدۇ**﴾ يەنى سىلەرنىڭ نام ـ ئەمەللىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بىر نەرسە قوشۇپ قويماستىن ياكى ئۇنىڭدىن بىر نەرسە كېمەيتىپمۇ قويماستىن ھازىر قىلىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىشىلەرنىڭ نامە ـ ئەمالى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدىكى خاتىرىلەردىن قورققانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار: «ۋاي بىزگە! بۇ نامە ـ ئەمالغا چوڭ ـ كىچىك گۇناھنىڭ ھەممىسى خاتىرىلىنىپتىغۇ؟» دەيدۇ، ئۇلار قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە ـ ئەمالغا خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ﴾[2].

﴿**بىز قىلمىشىڭلارنى يازدۇرۇپ تۇرغان ئىدۇق (يەنى پەرىشتىلەرنى ئەمەللىرىڭلارنى يېزىپ تۇرۇشقا بۇيرۇيتتۇق)**﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە باشقىلار: پەرىشتىلەر بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى يېزىپ تۇرىدۇ. ئاندىن ئۇنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىدۇ، ئاندىن نامە ـ ئەمەللەرنى تىزىملاش ئورنىدىكى پەرىشتىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قوللىرىدىكى ئەمەللەرنى، الله بەندىلەرنى يارىتىشتىن ئىلگىرى ئۇلارغا بۇرۇنلا يېزىۋەتكەن، ھەر شەبى قەدىر كېچىسى لەۋھۇلمەھپۇزدىن پەرىشتىلەرگە مەلۇم بولغان نەرسىلەر بىلەن سېلىشتۇرىدۇ. بىر ھەرپ چاغلىق نەرسىنىمۇ قوشۇپ قويمايدۇ ۋە كېمەيتىپ قويمايدۇ، دېدى. ئاندىن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿**بىز قىلمىشىڭلارنى يازدۇرۇپ تۇرغان ئىدۇق (يەنى پەرىشتىلەرنى ئەمەللىرىڭلارنى يېزىپ تۇرۇشقا بۇيرۇيتتۇق)**﴾

* * * * * * *

فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ فَيُدۡخِلُهُمۡ رَبُّهُمۡ فِي رَحۡمَتِهِۦۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلۡفَوۡزُ
ٱلۡمُبِينُ ﴿٣٠﴾ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَفَلَمۡ تَكُنۡ ءَايَـٰتِي تُتۡلَىٰ عَلَيۡكُمۡ فَٱسۡتَكۡبَرۡتُمۡ وَكُنتُمۡ قَوۡمًا مُّجۡرِمِينَ ﴿٣١﴾
وَإِذَا قِيلَ إِنَّ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقٌّ وَٱلسَّاعَةُ لَا رَيۡبَ فِيهَا قُلۡتُم مَّا نَدۡرِي مَا ٱلسَّاعَةُ إِن نَّظُنُّ إِلَّا ظَنًّا وَمَا
نَحۡنُ بِمُسۡتَيۡقِنِينَ ﴿٣٢﴾ وَبَدَا لَهُمۡ سَيِّـَٔاتُ مَا عَمِلُواْ وَحَاقَ بِهِم مَّا كَانُواْ بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ ﴿٣٣﴾
وَقِيلَ ٱلۡيَوۡمَ نَنسَىٰكُمۡ كَمَا نَسِيتُمۡ لِقَآءَ يَوۡمِكُمۡ هَـٰذَا وَمَأۡوَىٰكُمُ ٱلنَّارُ وَمَا لَكُم مِّن نَّـٰصِرِينَ ﴿٣٤﴾ ذَٰلِكُم
بِأَنَّكُمُ ٱتَّخَذۡتُمۡ ءَايَـٰتِ ٱللَّهِ هُزُوًا وَغَرَّتۡكُمُ ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَاۚ فَٱلۡيَوۡمَ لَا يُخۡرَجُونَ مِنۡهَا وَلَا هُمۡ
يُسۡتَعۡتَبُونَ ﴿٣٥﴾ فَلِلَّهِ ٱلۡحَمۡدُ رَبِّ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَرَبِّ ٱلۡأَرۡضِ رَبِّ ٱلۡعَـٰلَمِينَ ﴿٣٦﴾ وَلَهُ ٱلۡكِبۡرِيَآءُ فِي
ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٣٧﴾

---

[1] سۈرە قىيامەت 13 ــــ 15 ـ ئايەتكىچە.

[2] سۈرە كەھف 49 ـ ئايەت.

www.munber.org

*ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغانلارغا كەلسەك، پەرۋەردىگارى ئۇلارنى ئۆزىنىڭ رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ، بۇ روشەن مۇرادقا يېتىشتۇر[30]. كاپىرلارغا كەلسەك، (ئۇلارنى ئەيىبلەش يۈزىسىدىن) ئۇلارغا: «مېنىڭ ئايەتلىرىم سىلەرگە ئوقۇپ بېرىلمىدىمۇ؟ سىلەر چوڭچىلىق قىلىپ (ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتتىڭلار، سىلەر گۇناھقا چۆمگەن قەۋم ئىدىڭلار» (دېيىلىدۇ)[31]. (سىلەرگە) «اللە نىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، قىيامەتتە (يەنى قىيامەتنىڭ بولۇشىدا) ھېچ شەك يوق» دېيىلسە، سىلەر (ھەددىدىن زىيادە سەركەشلىكىڭلاردىن): «قىيامەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز، پەقەت ئۇنى بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلىمىز، (ئۇنىڭغا) بىز ھەقىقىي ئىشەنمەيمىز» دېدىڭلار[32]. (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ قىلغان يامان ئىشلىرى ئاشكارا بولىدۇ، ئۇلار (دۇنيادىكى چاغلىرىدا) مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۇلارنى ئورىۋالىدۇ[33]. (ئۇلارغا) دېيىلىدۇ: «سىلەرنىڭ مۇشۇ كۈندىكى مۇلاقاتنى ئۇنتۇغانلىقىڭلارغا ئوخشاش، بۈگۈن سىلەرنى ئۇنتۇيمىز (يەنى سىلەرنى ئازابقا تاشلاپ قويۇپ ئۇنتۇپ قالغاندەك مۇئامىلە قىلىمىز)، سىلەرنىڭ جايىڭلار دوزاخ بولىدۇ، سىلەرگە (سىلەرنى ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) ھېچقانداق ياردەمچىمۇ بولمايدۇ[34]. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، سىلەر اللە نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىدىغان نەرسە قىلىۋالدىڭلار ۋە سىلەرنى دۇنيا تىرىكچىلىكى ئالدىدى». بۈگۈن ئۇلار دوزاختىن چىقىرىلمايدۇ، ئۇلاردىن (تەۋبە قىلىش ۋە ئىبادەت قىلىش بىلەن) اللە نى رازى قىلىشمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ[35]. جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە غا خاستۇر![36] ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئۇلۇغلۇق اللە غا خاستۇر، اللە غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[37].*

اللە تائالا قىيامەت كۈنى مەخلۇقاتلار ئىچىدە چىقىرىدىغان ھۆكمىدىن خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغانلارغا كەلسەك﴾ يەنى چىن دىللىرىدىن ئىمان ئېيتقان، قول، پۇت، كۆز، تىلغا ئوخشاش ئەزالىرى شەرىئەتكە مۇۋاپىق ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە كەلسەك، ﴿پەرۋەردىگارى ئۇلارنى ئۆزىنىڭ﴾ جەننەتتىن ئىبارەت ﴿رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ﴾.

بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەكسىزكى، اللە تائالا جەننەتكە: سەن مېنىڭ رەھمىتىم، مەن سەن بىلەن خالىغان ئادەمگە رەھىم قىلىمەن، دېگەن». ﴿بۇ روشەن مۇرادقا﴾ يەنى ئوچۇق ئاشكارا ئۇتۇققا ﴿يېتىشتۇر. كاپىرلارغا كەلسەك، (ئۇلارنى ئەيىبلەش يۈزىسىدىن) ئۇلارغا: «مېنىڭ ئايەتلىرىم سىلەرگە ئوقۇپ بېرىلمىدىمۇ؟﴾ يەنى اللە تائالانىڭ ئايەتلىرى سىلەرگە ئوقۇپ بېرىلمىدىمۇ؟

﴿سىلەر چوڭچىلىق قىلىپ (ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتتىڭلار﴾ يەنى ئۇنى ئاڭلاشتىن يۈز ئۆرۈدىڭلار. سىلەر دىلىڭلارنى قاپلاپ كەتكەن كۇپۇرلۇق بىلەن بىرگە قىلمىشىڭلاردا ﴿گۇناھقا چۆمگەن قەۋم ئىدىڭلار» (دېيىلىدۇ). (سىلەرگە) «اللە نىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، قىيامەتتە (يەنى قىيامەتنىڭ بولۇشىدا) ھېچ شەك يوق» دېيىلسە﴾ يەنى مۆمىنلەر سىلەرگە شۇنداق دېسە، ﴿سىلەر (ھەددىدىن زىيادە سەركەشلىكىڭلاردىن): «قىيامەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز﴾ يەنى ئۇنى ئۇقمايمىز ﴿پەقەت ئۇنى بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلىمىز﴾ يەنى ئۇنى پەقەت بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئويلايمىز.

﴿(ئۇنىڭغا) بىز ھەقىقىي ئىشەنمەيمىز» دېدىڭلار. (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ قىلغان يامان ئىشلىرى ئاشكارا بولىدۇ، ئۇلار (دۇنيادىكى چاغلىرىدا) مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۇلارنى ئورىۋالىدۇ. (ئۇلارغا) دېيىلىدۇ: «سىلەرنىڭ مۇشۇ كۈندىكى مۇلاقاتنى ئۇنتۇغانلىقىڭلارغا ئوخشاش، بۈگۈن سىلەرنى ئۇنتۇيمىز

www.munber.org

**(يەنى سىلەرنى ئازابقا تاشلاپ قويۇپ ئۇنتۇپ قالغاندەك مۇئامىلە قىلىمىز)** ﴾ يەنى سىلەر ئۇ كۈن ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلمىدىڭلار. چۈنكى، سىلەر ئۇ كۈنگە ئىشەنمەيتتىڭلار. ﴿**سىلەرنىڭ جايىڭلار دوزاخ بولىدۇ، سىلەرگە (سىلەرنى ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) ھېچقانداق ياردەمچىمۇ بولمايدۇ**﴾.

ئىمام مۇسلىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللہ تائالا بەزى بەندىلىرىگە قىيامەت كۈنى: ساڭا خوتۇن بەرمىدىممۇ؟ سېنى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلمىدىممۇ؟ سېنىڭ خىزمىتىڭ ئۈچۈن ئاتنى، تۆگىنى ساڭا بويسۇندۇرۇپ بەرمىدىممۇ؟ سېنى خالىغانچە باشقۇرىدىغان، غەنىمەتنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى ئالىدىغان پادىشاھ[1] قىلمىدىممۇ؟ دەيدۇ. بەندە: شۇنداق، ئى پەرۋەردىگارىم! دەيدۇ. ئاندىن اللہ تائالا: ماڭا ئۇچرىشىدىغانلىقىڭنى ئويلىمىغانمىدىڭ؟ دەيدۇ. ئۇ: ياق، دەيدۇ. ئاندىن اللہ تائالا: سەن مېنى ئىلگىرى ئۇنتۇغانلىغا ئوخشاش، بۈگۈن مەنمۇ سېنى ئۇنتۇيمەن، (يەنى سېنى ئازابقا تاشلاپ قويۇپ ئۇنتۇپ قالغاندەك مۇئامىلە قىلىمەن)، دەيدۇ».

﴿**بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، سىلەر اللہ نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىدىغان نەرسە قىلىۋالدىڭلار**﴾ يەنى سىلەرنى بۇ جازا بىلەن جازالىشىمىز پەقەت سىلەرنىڭ اللہ نىڭ سىلەرگە كۆرسەتكەن دەلىل ـ پاكىتلىرىنى مەسخىرە قىلىدىغان نەرسە قىلىۋېلىپ، ئۇنى مەسخىرە ۋە زاڭلىق قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈندۇر.

﴿**ۋە سىلەرنى دۇنيا تىرىكچىلىكى ئالدىدى**﴾ سىلەر ئۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم بولۇپ كەتكەن ئىدىڭلار، دەل شۇ سەۋەب بىلەن زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدۇڭلار.

﴿**بۈگۈن ئۇلار دوزاختىن چىقىرىلمايدۇ، ئۇلاردىن (تەۋبە قىلىش ۋە ئىبادەت قىلىش بىلەن) اللہ نى رازى قىلىشمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ**﴾ بەلكى ئۇلار قىلمىشلىرىدىن ھېساب ئېلىنماستىن، گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئەيىبلەشكىمۇ ئۇچرىماستىن، دەرھاللا ئازابقا دۇچار قىلىنىدۇ. بۇ خۇددى مۆمىنلەردىن بىر گۇرۇھ كىشىلەرنىڭ ئازابقا دۇچار بولماستىن، ھېسابمۇ ئېلىنماستىن جەننەتكە كىرگىنىگە ئوخشايدۇ.

اللہ تائالا مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلارغا قىلغان ھۆكمىنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: ﴿**جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھى ﴿**ۋە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللہ غا خاستۇر!**﴾ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئۇلۇغلۇق اللہ تائالاغا خاستۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىد: پادىشاھلىق ھەممە نەرسە باش ئېگىدىغان، ھەممە نەرسە موھتاج بولىدىغان، ئۇلۇغلۇق ۋە بۈيۈكلۈك ئىگىسى بولغان اللہ تائالاغا خاستۇر.

ئىمام ئەبۇداۋۇد، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: بۈيۈكلۈك ئىشتىنىمدۇر، ئۇلۇغلۇق تونۇمدۇر، كىمكى ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى مەندىن تارتىۋالسا (يەنى ئۇ ئىككى سۈپەتنىڭ بىرىنى مەندىن ئايرىۋالسا) مەن ئۇ ئادەمنى دوزىخىمغا سالىمەن». ئىمام مۇسلىممۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان.

﴿**اللہ غالىبتۇر**﴾ يەنى اللہ يېڭىلمەستۇر، اللہ ھېچ چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. اللہ تائالا سۆزلىرىدە، ئىشلىرىدا، شەرىئىتىدە ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىدا ﴿**ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾ يەنى يۈكسەكتۇر، پاكتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر.

شۇنىڭ بىلەن سۈرە جاسىيەنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. جىمى ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە اللہ غا خاستۇر. تەۋفىقنى ئېرىشىش ۋە خاتالىقتىن ساقلىنىش پەقەت اللہ تەرىپىدىندۇر.

[1] ئىسلام دىنى كېلىشتىن ئىلگىرى پادىشاھلار غەنىمەتنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئالاتتى.

www.munber.org

مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە ئەھقاف | 35 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

حمٓ ﴿١﴾ تَنزِيلُ ٱلۡكِتَٰبِ مِنَ ٱللَّهِ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡحَكِيمِ ﴿٢﴾ مَا خَلَقۡنَا ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ وَمَا بَيۡنَهُمَآ
إِلَّا بِٱلۡحَقِّ وَأَجَلٖ مُّسَمّٗىۚ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ عَمَّآ أُنذِرُواْ مُعۡرِضُونَ ﴿٣﴾ قُلۡ أَرَءَيۡتُم مَّا تَدۡعُونَ مِن
دُونِ ٱللَّهِ أَرُونِي مَاذَا خَلَقُواْ مِنَ ٱلۡأَرۡضِ أَمۡ لَهُمۡ شِرۡكٞ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِۖ ٱئۡتُونِي بِكِتَٰبٖ مِّن قَبۡلِ هَٰذَآ أَوۡ
أَثَٰرَةٖ مِّنۡ عِلۡمٍ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٤﴾ وَمَنۡ أَضَلُّ مِمَّن يَدۡعُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَن لَّا يَسۡتَجِيبُ لَهُۥٓ
إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ وَهُمۡ عَن دُعَآئِهِمۡ غَٰفِلُونَ ﴿٥﴾ وَإِذَا حُشِرَ ٱلنَّاسُ كَانُواْ لَهُمۡ أَعۡدَآءٗ وَكَانُواْ بِعِبَادَتِهِمۡ
كَٰفِرِينَ ﴿٦﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

*ھا، مىم[1]. (بۇ قۇرئان) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى اللہ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر[2]. ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ھەق ئاساستا مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى قىيامەتكىچە قالىدىغان) قىلىپ ياراتتۇق. كاپىرلار ئاگاھلاندۇرۇلغان نەرسىلەردىن يۈز ئۆرۈگۈچىدۇر[3]. (ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر اللہ نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلارنىڭ (ئەھۋالىنى) ئېيتىپ بېرىڭلار، ئۇلار زېمىننىڭ قايسى قىسمىنى ياراتقانلىقىنى ماڭا كۆرسىتىڭلار، ياكى ئاسمانلارنى يارىتىشتا ئۇلارنىڭ اللہ بىلەن ئورتاقچىلىقى بارمۇ؟ بۇ (قۇرئان) دىن ئىلگىرى (سىلەرگە نازىل قىلىنغان) كىتاب ياكى (ئىلگىرىكىلەردىن) قالغان ئىلىم بولسا ماڭا ئېلىپ كېلىڭلار، ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار»[4]. اللہ نى قويۇپ قىيامەتكىچە دۇئانى ئىجابەت قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئادەمدىنمۇ گۇمراھ ئادەم بارمۇ؟ بۇتلار ئۇلارنىڭ دۇئاسىدىن غاپىلدۇر[5]. قىيامەت كۈنى) ئىنسانلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توپلانغان چاغدا، بۇتلار ئۇلارغا (يەنى بۇتپەرەسلەرگە) دۈشمەن بولىدۇ، ئۇلار تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ[6].*

www.munber.org

## قۇرئاننىڭ ﷲ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقى، ﷲ تائالا نىڭ كائىناتنى ھەقلىق ئاساستا ياراتقانلىقى توغرىسىدا

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ قۇرئاننى بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ، ﷲ نىڭ دائىملىق رەھمىتى تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ئۇنىڭغا بولسۇن! ﷲ تائالا ئۆزىنى غالىب، ھېچ يېڭىلمەس، سۆزلىرىنى ۋە ئىشلىرىنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچى دەپ سۈپەتلەيدۇ. ئاندىن مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ھەق ئاساستا**﴾ يەنى بىھۇدە ياكى بىكارلىق يۈزىسىدىن ئەمەس، ﴿**مۇئەييەن مۇددەتكىچە**﴾ يەنى ئارتۇقمۇ ئەمەس كەممۇ ئەمەس، قىلىپ بەلگىلەنگەن مۇئەييەن مۇددەتكىچە ﴿**(قىيامەتكىچە قالىدىغان) قىلىپ ياراتتۇق. كاپىرلار ئاگاھلاندۇرۇلغان نەرسىلەردىن يۈز ئۆرۈگۈچىدۇر**﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىدىن تەلەپ قىلىنغان نەرسىلەرنى بىر چەتكە تاشلاپ قويىدۇ. ﷲ تائالا ھەقىقەتەن ئۇلارغا كىتاب نازىل قىلدى، پەيغەمبەر ئەۋەتتى. ۋاھالەنكى ئۇلار ئۇنىڭ ھەممىسىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىدۇر. ئۇلار كەلگۈسىدە ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى بىلىپ قالىدۇ.

## مۇشرىكلارغا بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!**﴾ ﷲ تەئالاغا باشقا نەرسىلەرنى شېرىك قىلىپ چوقۇنۇۋاتقان ئەنە شۇ مۇشرىكلارغا ﴿**ئېيتقىنكى، « سىلەر ﷲ نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلارنىڭ (ئەھۋالىنى) ئېيتىپ بېرىڭلار، ئۇلار زېمىننىڭ قايسى قىسمىنى ياراتقانلىقىنى ماڭا كۆرسىتىڭلار**﴾ يەنى ئۇلار زېمىننىڭ مۇستەقىل ھالدا ياراتقان قىسمىغا مېنى باشلاڭلار.

﴿**ياكى ئاسمانلارنى يارىتىشتا ئۇلارنىڭ ﷲ بىلەن ئورتاقچىلىقى بارمۇ؟**﴾ يەنى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىشتا ئۇلارنىڭ ﷲ بىلەن ھېچقانداق ئورتاقچىلىقى يوق. ئۇلار قىلچىلىكمۇ نەرسىگە ئىگە ئەمەس. پادىشاھلىق ۋە بارلىق شەيئىلەرنى ئىدارە قىلىش پەقەت ﷲ تەئالاغىلا مەنسۇپتۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇق، قانداقمۇ ﷲ تەئالاغا باشقا بىر نەرسىنى شېرىك قىلىسىلەر ۋە چوقۇنىسىلەر؟ كىم سىلەرنى شۇنداق قىلىشقا تەۋسىيە قىلدى؟ كىم سىلەرنى ئۇنىڭغا دەۋەت قىلدى؟ ﷲ سىلەرنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرىدىمۇ؟ ياكى سىلەر ئۇنى ئۆزەڭلار تېپىپ چىقتىڭلارمۇ؟

﴿**بۇ (قۇرئان) دىن ئىلگىرى (سىلەرگە نازىل قىلىنغان) كىتاب ياكى (ئىلگىرىكىلەردىن) قالغان ئىلىم بولسا ماڭا ئېلىپ كېلىڭلار**﴾ يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاملارغا ﷲ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتابلاردىن سىلەرنى بۇ بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇيدىغان بىرەر كىتابنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار، ياكى سىلەرنىڭ مېڭىۋاتقان بۇ يولۇڭلارنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل بولسا، ئۇنى ماڭا كۆرسىتىڭلار.

﴿**ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار**﴾ يەنى سىلەرنىڭ ئۇنى ئىسپاتلاشتا ھېچ بىر ساماۋى كىتابلارغا ياكى ئىلگىرىكىلەردىن قالغان ئىلىمغا تايانغان ئەقلىي دەلىلىڭلار يوق.

﴿**ﷲ نى قويۇپ قىيامەتكىچە دۇئانى ئىجابەت قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئادەمدىنمۇ گۇمراھ ئادەم بارمۇ؟ بۇتلار ئۇلارنىڭ دۇئاسىدىن غاپىلدۇر**﴾ يەنى ﷲ تەئالانى قويۇپ بۇتلارغا چوقۇنىدىغان، بۇتلاردىن ئۇلار قىيامەت كۈنىگىچە قادىر بولالمايدىغان نەرسىنى تىلەيدىغان ئادەمدىن گۇمراھ ئادەم يوق. بۇتلار ئۇنىڭ دېگەن سۆزلىرىدىن غاپىلدۇر. بۇتلار ئاڭلىيالمايدۇ، كۆرەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ تۇتىدىغان قولى يوق. چۈنكى، ئۇلار تاشتىن ئىبارەت قاتتىق جىسىمدۇر، گاستۇر.

www.munber.org

﴾(قىيامەت كۈنى) ئىنسانلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توپلانغان چاغدا، بۇتلار ئۇلارغا (يەنى بۇتپەرەسلەرگە) دۈشمەن بولىدۇ، ئۇلار تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ﴿ اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴾ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئىززەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن (يەنى بۇتلارنىڭ شاپائىتى بىلەن اللہ تەئالانىڭ ئالدىدا ئىززەتلىك بولۇشلىرى ئۈچۈن) اللہ تەئالانى قويۇپ ئىلاھلار (يەنى بۇتلار) غا چوقۇنىدۇ. ئىش ئۇلارنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك ئەمەس (يەنى بۇتلىرى ئۇلارنىڭ اللہ ئالدىدا ئىززەت تېپىشلىرىنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ) ئۇلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ) چوقۇنۇشنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ﴿[1] يەنى مۇشرىكلار بۇتلىرىغا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان چاغدا، بۇتلىرى ئۇلارغا خىيانەت قىلىدۇ.

اللہ تائالانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ﴾بۇ دۇنيادا (بۇتلارغا چوقۇنۇش مەقسىتىدە يىغىلىشقانلىقىڭلار) ئاراڭلاردىكى دوستلۇققا سەۋەب بولۇشى ئۈچۈن، اللہ نى قويۇپ بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار، ئاندىن قىيامەت كۈنى بەزىڭلارنى بەزىڭلار ئىنكار قىلىسىلەر، بەزىڭلارغا بەزىڭلار لەنەت ئوقۇيسىلەر (يەنى قىيامەت كۈنى مەزكۇر دوستلۇق دۈشمەنلىككە ئايلىنىدۇ. ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا - جۇدا بولىدۇ. ئەگەشكۈچىلەر ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە لەنەت ئوقۇيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى دوستلۇقى اللہ ئۈچۈن بولغان ئەمەس) سىلەرنىڭ جايىڭلار دوزاخ بولىدۇ، سىلەرنى (دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ﴿[2].

* * * * * * *

وَإِذَا تُتْلَىٰ عَلَيْهِمْ ءَايَـٰتُنَا بَيِّنَـٰتٍ قَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لِلْحَقِّ لَمَّا جَآءَهُمْ هَـٰذَا سِحْرٌ مُّبِينٌ ﴿٧﴾ أَمْ
يَقُولُونَ ٱفْتَرَىٰهُ ۖ قُلْ إِنِ ٱفْتَرَيْتُهُۥ فَلَا تَمْلِكُونَ لِى مِنَ ٱللَّهِ شَيْـًٔا ۖ هُوَ أَعْلَمُ بِمَا تُفِيضُونَ فِيهِ ۖ كَفَىٰ
بِهِۦ شَهِيدًۢا بَيْنِى وَبَيْنَكُمْ ۖ وَهُوَ ٱلْغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٨﴾ قُلْ مَا كُنتُ بِدْعًا مِّنَ ٱلرُّسُلِ وَمَآ أَدْرِى مَا
يُفْعَلُ بِى وَلَا بِكُمْ ۖ إِنْ أَتَّبِعُ إِلَّا مَا يُوحَىٰٓ إِلَىَّ وَمَآ أَنَا۠ إِلَّا نَذِيرٌ مُّبِينٌ ﴿٩﴾

***ئۇلارغا بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىز تىلاۋەت قىلىنسا، كاپىرلار ئۆزلىرىگە كەلگەن ھەقىقەتنى (يەنى قۇرئاننى) باھالاپ: «بۇ روشەن سېھىردۇر» دەيدۇ﴾7﴿. ياكى ئۇلار قۇرئاننى ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئۆزى توقۇغان دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئۇنى مەن توقۇغان بولسام، سىلەر مەندىن اللہ نىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايسىلەر، سىلەرنىڭ قۇرئان توغرىسىدىكى تۆھمەتلىرىڭلارنى اللہ ئوبدان بىلىدۇ، اللہ مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۇۋاھ بولۇشقا يېتەرلىكتۇر (يەنى مېنىڭ راستچىللىقىمغا ۋە سىلەرنىڭ يالغانچىلىقىڭلارغا گۇۋاھ بولىدۇ)، اللہ (تەۋبە قىلغۇچىنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (مۆمىن بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر»﴾8﴿. ئېيتقىنكى، «مەن (اللہ ئىنسانلارنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن) تۇنجى پەيغەمبەر ئەمەسمەن، (مەندىن ئىلگىرىكى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ۋەھيى بىلەن كەلدىم، نېمىشقا مېنى ئىنكار قىلىسىلەر؟) ماڭا ۋە سىلەرگە نېمە قىلىنىدىغانلىقىنى ئۇقمايمەن (چۈنكى، اللہ نىڭ تەقدىرىنى ئالدىن ئۇققىلى بولمايدۇ)، مەن***

[1] سۈرە مەريەم 81 - 82 - ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئەنكەبۇت 25 - ئايەت.

www.munber.org

***پەقەت ماڭا ۋەھيى قىلىنغان نەرسىگىلا ئەگىشىمەن، مەن پەقەت (سىلەرنى اﷲ نىڭ ئازابىدىن) ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن»*** ﴿9﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ قۇرئان ۋە پەيغەمبەر ھەققىدە ئېيتقانلىرى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا

اﷲ تائالا بۇ ئايەتتە مۇشرىكلارنىڭ كۇپۇرلۇق قىلغانلىقى ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. اﷲ تەئالانىڭ روشەن ئايەتلىرى ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىلسە، گەرچە ئۇ ئايەتلەر شۇنداق ئوچۇق ۋە روشەن بايان قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇلار: ﴿بۇ روشەن سېھىردۇر﴾ يەنى ئاشكارا سېھىردۇر، دەيدۇ. ئۇلار ھەقىقەتەن ھەقنى ئىنكار قىلىدۇ. يالغاننى ئويدۇرۇپ چىقىدۇ، ئۇلار گۇمراھ ۋە كاپىر بولغان كىشىلەردۇر.

**﴿ياكى ئۇلار قۇرئاننى ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئۆزى توقۇغان دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئۇنى مەن توقۇغان بولسام، سىلەر مەندىن اﷲ نىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايسىلەر﴾** يەنى مەن اﷲ تائالانىڭ نامىدىن يالغان سۆزلىسەم ۋە اﷲ تائالا مېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى دەپ جۆيلىسەم، ئەمەلىيەتتە ئىش مەن دېگەندەك بولمىسا، اﷲ تائالا مېنى چوقۇم ئەڭ قاتتىق جازا بىلەن جازالايدۇ. زېمىن ئەھلىدىن ھېچكىم يەنى سىلەر ۋە سىلەردىن باشقا ھەر قانداق بىر ئادەم مېنى اﷲ تائالانىڭ بۇ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ.

اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، «(ئەگەر مەن اﷲ غا ئاسىي بولسام) مېنى اﷲ نىڭ ئازابىدىن ھېچ كىشى قۇتقۇزالمايدۇ، اﷲ دىن باشقا ھېچ پاناھگاھمۇ تاپالمايمەن (شۇنداق تۇرۇقلۇق، مەن سىلەرنىڭ تەلىۋىڭلارنى قانداق قوبۇل قىلالايمەن). مەن پەقەت (سىلەرگە) اﷲ نىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزۈشكە قادىرمەن﴾[1] ﴿ئەگەر ئۇ بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى توقۇيدىغان بولسا. ئەلۋەتتە ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن جازالايتتۇق. ئاندىن ئۇنىڭ ئاساسي قىزىل تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق. سىلەردىن ھېچبىر ئادەم ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى﴾[2].

**﴿ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئۇنى مەن توقۇغان بولسام، سىلەر مەندىن اﷲ نىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايسىلەر، سىلەرنىڭ قۇرئان توغرىسىدىكى تۆھمەتلىرىڭلارنى اﷲ ئوبدان بىلىدۇ، اﷲ مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۇۋاھ بولۇشقا يېتەرلىكتۇر (يەنى مېنىڭ راستچىللىقىمغا ۋە سىلەرنىڭ يالغانچىلىقىڭلارغا گۇۋاھ بولىدۇ)﴾** بۇ ئايەت ئۇلارغا قاتتىق تەھدىت ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ. ئۇلارنى اﷲ تائالانىڭ ئازابىدىن قاتتىق قورقىتىدۇ.

**﴿اﷲ (تەۋبە قىلغۇچىنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (مۆمىن بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾** بۇ ئايەت ئۇلارنى تەۋبە قىلىپ، اﷲ تەرەپكە قايتىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. يەنى مۇشۇنداق گۇناھ ئىشلىگەن تۇرۇقلۇق، ئەگەر گۇناھ قىلىشتىن يانساڭلار ۋە ئىلگىرىكى گۇناھىڭلارغا تەۋبە قىلساڭلار، اﷲ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىدۇ، سىلەرنى كەچۈرىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت ۋە رەھمەت قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە اﷲ تائالا سۈرە فۇرقاندا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار ئېيتتى: «(بۇ) بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدۇركى، ئۇلارنى ئۇ يازدۇرۇۋالغان، (ھېپزى قىلىۋېلىش ئۈچۈن) ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا

[1] سۈرە جىن 22 ـــ 23 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ھاققە 44 ـــ 47 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

ئوقۇپ بېرىلىۋاتىدۇ». ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرنى بىلىپ تۇرىدىغان اللّٰه نازىل قىلدى، اللّٰه ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر»﴾[1].

﴿**ئېيتقىنكى، مەن (اللّٰه ئىنسانلارنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن) تۇنجى پەيغەمبەر ئەمەسمەن، (مەندىن ئىلگىرىكى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ۋەھيى بىلەن كەلدىم، نېمىشقا مېنى ئىنكار قىلىسىلەر؟)**﴾ يەنى مەن ئالەمگە قەدەم باسقان تۇنجى پەيغەمبەر ئەمەسمەن. بەلكى، مەندىن ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر كەلگەن، سىلەر مېنى ئىنكار قىلغۇدەك ۋە سىلەرگە پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشىمنى يىراق سانىغۇدەك مەن سىلەرگە ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان بىر ئىشنى ئېلىپ كەلگىنىم يوق. غالىب ۋە بۈيۈك اللّٰه مەندىن ئىلگىرى بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئىلگىرى كەلگەن ئۈممەتلەرگە ئەۋەتكەن.

﴿**ماڭا ۋە سىلەرگە نېمە قىلىنىدىغانلىقىنى ئۇقمايمەن (چۈنكى، اللّٰه نىڭ تەقدىرىنى ئالدىن ئۇققىلى بولمايدۇ)**﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تەلھە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە توختىلىپ، بۇ ئايەتتىن كېيىن: ﴿اللّٰه نىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈشى ئۈچۈن﴾[2] دېگەن ئايەت نازىل بولغان، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. ئىكرىمە، ھەسەن ۋە قەتادە قاتارلىقلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېگەن ۋە ئۇ ئايەتنى اللّٰه تەئالانىڭ ﴿**اللّٰه نىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈشى ئۈچۈن**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، دەپ كۆرسەتكەن. ئۇلار يەنە مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھلىرى كەچۈرۈلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بۇ ئايەت نازىل بولغان چاغدا مۇسۇلمانلار ئىچىدىن بىر ئادەم: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! اللّٰه تائالا سېنى كەچۈرۈدىغانلىقى ھەققىدە روشەن ئايەت بايان قىلدى. ئۇ بىزنى قانداق قىلار؟ دېگەندە، اللّٰه تائالا: ﴿(مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىغا اللّٰه نىڭ تەمكىنلىك چۈشۈرۈشى) ئەر ـ ئايال مۆمىنلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار مەڭگۈ قالىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزۈشى ئۈچۈندۇر﴾[3] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان.

ئىمام بۇخارى مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ، مۆمىنلەر: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! ساڭا مۇبارەك بولسۇن! بىزنىڭ ھۆكمىمىز قانداق بولىدۇ؟ دېگەندە، پاك ۋە يۈكسەك اللّٰه بۇ ئايەتنى نازىل قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، خارىجە ئىبنى زەيدتىن ئۇممۇئەلا[4]نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەنسارىلار مۇھاجىرلارنى ئۆي بىلەن تەمىنلەشتە چەك تاشلىغان چاغدا، بىزگە ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆي بىلەن تەمىنلەشكە تەقسىم بولغان ئىدى. كېيىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزنىڭ قېشىمىزدا ئاغرىپ يېتىپ قالدى. بىز ئۇنى داۋالىدۇق، ئاخىرى ئۇ ۋاپات بولۇپ كەتتى. بىز ئۇنى كېپەنلىدۇق، يېنىمىزغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىردى، مەن: ئى ئوسمان! اللّٰه تائالا ساڭا رەھمەت قىلسۇن! غالىب ۋە بۈيۈك اللّٰه جەزمەن سېنى ھۆرمەتلىك قىلىدۇ، دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللّٰه تائالانىڭ ئۇنى چوقۇم ھۆرمەتلىك قىلىدىغانلىقىنى قانداق بىلىسىز؟» دېدى. مەن: ئاتام ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! مەن بىلمەيمەن شۇنداق دەپ ساپتىمەن، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئوسمانغا كەلسەك، ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ھەقىقەتەن ئۆلۈم كەلدى، مەن ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياخشىلىق ئۈمىد قىلىمەن، اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى

---

[1] سۈرە فۇرقان 5 ـ 6 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە فەتھ 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە فەتھ 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] ئۇممۇئەلا، ئەلا جەمەتىنىڭ ئاياللىرىدىن بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان ئايال ئىدى.

www.munber.org

تۇرۇپ ماڭا نېمە قىلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن» دېدى. اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن شۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ھېچ ئادەمنى ئاقلىمايمەن، دېدىم. ئۇ ئىش مېنى قايغۇغا سالغان ئىدى. مەن ئۇخلىدىم، چۈشۈمدە بىر بۇلاقنىڭ ئوسمان تەرەپكە ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، چۈشۈمنى ئۇنىڭغا دەپ بەردىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەنە شۇ بولسا ئۇنىڭ ياخشى ئەمەلىدۇر» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىمۇ رىۋايەت قىلغان. بۇخارىنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: «مەن اللە نىڭ بىر پەيغەمبىرى تۇرۇپ ئۇنىڭغا نېمە قىلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن» دېيىلگەن.

بۇ ھەدىسكە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دەلىللەرگە ئاساسلانغاندا مۇئەييەن بىر شەخسنى جەننەتكە كىرىدۇ، دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېنىق كۆرسەتكەن، جەننەتكە كىرىدىغانلىقىدىن خۇش خەۋەر بېرىلگەن ئون كىشى، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، غۇمەيسا، بىلال، سۇراقە، جابىرنىڭ ئاتىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى، مەئۇنە قۇدۇقى دېگەن يەردە شېھىد قىلىنغان 70 قارى، زەيد ئىبنى ھارىسە، جەئفەر، ئىبنى رەۋاھە ۋە ئۇلارغا ئوخشاش ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

﴿**مەن پەقەت ماڭا ۋەھيي قىلىنغان نەرسىگىلا ئەگىشىمەن**﴾ يەنى مەن پەقەت اللە ماڭا نازىل قىلغان ۋەھيىگىلا ئەگىشىمەن. ﴿**مەن پەقەت (سىلەرنى اللە نىڭ ئازابىدىن) ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن**﴾ يەنى مەن روشەن ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن، مېنىڭ ئىشىم ھەر قانداق ساغلام دىل ۋە ساغلام ئەقىل ئىگىسى ئۈچۈن ناھايىتى ئايدىڭدۇر.

* * * * * * *

قُلْ أَرَءَيْتُمْ إِن كَانَ مِنْ عِندِ ٱللَّهِ وَكَفَرْتُم بِهِۦ وَشَهِدَ شَاهِدٌ مِّنۢ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ عَلَىٰ مِثْلِهِۦ فَـَٔامَنَ
وَٱسْتَكْبَرْتُمْ ۖ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٠﴾ وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لِلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَوْ كَانَ خَيْرًا
مَّا سَبَقُونَآ إِلَيْهِ ۚ وَإِذْ لَمْ يَهْتَدُوا۟ بِهِۦ فَسَيَقُولُونَ هَٰذَآ إِفْكٌ قَدِيمٌ ﴿١١﴾ وَمِن قَبْلِهِۦ كِتَٰبُ مُوسَىٰٓ إِمَامًا
وَرَحْمَةً ۚ وَهَٰذَا كِتَٰبٌ مُّصَدِّقٌ لِّسَانًا عَرَبِيًّا لِّيُنذِرَ ٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ وَبُشْرَىٰ لِلْمُحْسِنِينَ ﴿١٢﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ
قَالُوا۟ رَبُّنَا ٱللَّهُ ثُمَّ ٱسْتَقَٰمُوا۟ فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿١٣﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلْجَنَّةِ
خَٰلِدِينَ فِيهَا جَزَآءًۢ بِمَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١٤﴾

*(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! قۇرئان اللە تەرىپىدىن نازىل بولغان تۇرسا، سىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنمىسەڭلار (ھالىڭلار قانداق بولىدۇ؟) ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر گۇۋاھچى (يەنى ئابدۇللا ئىبن سالام) قۇرئاننىڭ اللە تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىغا گۇۋالىق بېرىپ ئىمان كەلتۈرسە، سىلەر تەكەببۇرلۇق قىلىپ (ئىماندىن) باش تارتساڭلار (ھالىڭلار قانداق بولىدۇ؟) شۈبھىسىزكى، اللە زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ» ﴿10﴾. كاپىرلار مۆمىنلەرگە: «ئەگەر (قۇرئان بىلەن ئىسلام دىنى) ياخشى بولىدىغان بولسا ئىدى، ئۇلار (يەنى ئاجىز مۇسۇلمانلار) ئۇنىڭغا بىزدىن بۇرۇن ئىشەنمىگەن بولاتتى» دېدى، ئۇلار قۇرئان بىلەن ھىدايەت تاپمىغانلىقلىرى ئۈچۈن، «بۇ قەدىمكى ئويدۇرمىدۇر» دەيدۇ ﴿11﴾. قۇرئاندىن ئىلگىرى مۇسانىڭ كىتابى (يەنى تەۋرات) ئەھلى جاھانغا پېشۋا ۋە*

www.munber.org

*رەھمەت ئىدى. بۇ ئەرەب تىلىدىكى كىتابتۇر، (ئىلگىرىكى كىتابلارنى) تەستىق قىلغۇچىدۇر، (اللّٰه ئۇنى) زالىملارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، ياخشى ئىش قىلغۇچى مۆمىنلەرگە (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بېرىش ئۈچۈن نازىل قىلدى﴿12﴾. «پەرۋەردىگارىمىز اللّٰه دۇر» دېگەن، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا، شۈبھىسىزكى، (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر﴿13﴾. ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەتتۇر، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، (بۇ) ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر﴿14﴾.*

## قۇرئان اللّٰه تەئالانىڭ ھەق سۆزى ئىكەنلىكى، كاپىرلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئانغا تۇتقان پوزىتسىيىسى توغرىسىدا

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! قۇرئاننى ئىنكار قىلغان شۇ مۇشرىكلارغا ﴿ئېيتقىنكى، **«سىلەر ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! قۇرئان اللّٰه تەرىپىدىن نازىل بولغان تۇرسا، سىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنمىسەڭلار (ھالىڭلار قانداق بولىدۇ؟)**﴾ يەنى سىلەر ئويلاپ بېقىڭلارچۇ! مەن سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن بۇ كىتابنى ھەقىقەتەن سىلەرگە تەبلىغ قىلىشىم ئۈچۈن اللّٰه ماڭا نازىل قىلغان تۇرسا، سىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنمىسەڭلار، ئىنكار قىلساڭلار، اللّٰه سىلەرنى قانداق جازا بىلەن جازالار؟!

﴿**ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر گۇۋاھچى (يەنى ئابدۇللا ئىبن سالام) قۇرئاننىڭ اللّٰه تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىغا گۇۋالىق بېرىپ**﴾ يەنى مەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابلار قۇرئاننىڭ راستلىقىغا ۋە توغرىلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى، ئۇنىڭ نازىل قىلىنىدىغانلىقىدىن خۇش خەۋەر بەرگەنلىكى ۋە بۇ قۇرئان خەۋەر بەرگەن نەرسىگە ئوخشاش نەرسىنى خەۋەر قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بۇ قۇرئاننىڭ راست ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن بۇ كىشى قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى تونۇپ ﴿**ئىمان كەلتۈرسە، سىلەر تەكەببۇرلۇق قىلىپ (ئىماندىن) باش تارتساڭلار (ھالىڭلار قانداق بولىدۇ؟)**﴾.

مەسرۇق بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: بۇ گۇۋاھچى ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە كىتابىغا ئىمان كەلتۈردى. سىلەر بولساڭلار پەيغەمبىرىڭلارغا ۋە كىتابىڭلارغا كاپىر بولدۇڭلار. ﴿**شۈبھىسىزكى، اللّٰه زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ**﴾ بۇ گۇۋاھچى ئومۇمغا ۋەكىل قىلىنغان بىر ئىسىم بولۇپ، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، بۇ ئايەت ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلامغا كىرىشتىن ئىلگىرى مەككىدە نازىل بولغان.

بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى بۇيۇك ۋە يۈكسەك اللّٰه تەئالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشايدۇ: ﴿ئۇلارغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇلار: «بىز قۇرئانغا ئىشەندۇق. شۈبھىسىزكى، ئۇ پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەتتۇر. بىز ھەقىقەتەن بۇنىڭدىن بۇرۇن مۇسۇلمان ئىدۇق» دەيدۇ﴾[1] ﴿شۈبھىسىزكى، قۇرئان نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا (تەسىرلىنىپ) دەرھال سەجدىگە بارىدۇ. ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز پاكتۇر، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ» دەيدۇ﴾[2].

سەئد مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن باشقا يەر يۈزىدە مېڭىپ يۈرگەن ھېچبىر كىشىنى ”ئۇ جەننەت ئەھلىدۇر“ دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىم،

---

[1] سۈرە قەسەس 53 - ئايەت
[2] سۈرە ئىسرا 107- 108 - ئايەتلەر.

www.munber.org

ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە: ﴿**ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر گۇۋاھچى (يەنى ئابدۇللاھ ئىبن سالام) قۇرئاننىڭ اللہ تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىپ**﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان. بۇنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە نەسەئى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

شۇنداقلا ئىبنى ئاببا س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، زەھھاك، قەتادە، ئىكرىمە، يۇسۇف ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، ھىلال ئىبنى يەساف، سۇددى، سەۋرى، مالىك ئىبنى ئەنەس ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى: گۇۋاھلىق بەرگەن كىشى ئابدۇللاھ ئىبنى سالامدۇر، دېگەن.

﴿**كاپىرلار مۆمىنلەرگە: «ئەگەر قۇرئان بىلەن ئىسلام دىنى ياخشى بولىدىغان بولسا ئىدى، ئۇلار (يەنى ئاجىز مۇسۇلمانلار) ئۇنىڭغا بىزدىن بۇرۇن ئىشەنمىگەن بولاتتى» دېدى**﴾ يەنى كاپىرلار قۇرئانغا ئىشەنگەن مۆمىنلەر ھەققىدە توختىلىپ: ئەگەر قۇرئان ياخشى بولىدىغان بولسا، ئاۋۇلار يەنى بىلال، ئەممار، سۇھەيب، خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ۋە ئۇلارغا ئوخشىغان ئاجىز، قۇل ۋە چۆرە مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا بىزدىن بۇرۇن ئىشەنمىگەن بولاتتى، دېدى. ئۇلارنىڭ مۇنداق دېيىشى پەقەت ئۇلار ئۆزلىرىنى اللہ تەئالانىڭ دەرگاھىدا يۈز ئابرۇيلۇق، اللہ ئۆزلىرىگە ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدىغانلىقلىرى ئۈچۈندۇر. ئۇلار ئۇ ئېتىقادتا ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى بەك خاتالاشتى ۋە شۇنداق روشەن بولغان خاتا سۆزنى قىلدى.

بۇ ھەقتە اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارنىڭ**: «اللہ ئارىمىزدىن (ھىدايەت قىلىش بىلەن) ئىنئام قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟» دېيىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر - بىرى بىلەن مۇشۇنداق سىنىدۇق (يەنى پېقىر، ئاجىز كىشىلەرنى ئىمان ئېيتقۇزۇش بىلەن، باي ـ چوڭ كىشىلەرنى سىنىدۇق)﴾[1] يەنى ئۇلار: بىز تۇرۇقلۇق ئاۋۇلار قانداقمۇ ھىدايەت تاپتى؟ دەپ ھەيران قېلىشىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار: ﴿**ئەگەر (قۇرئان بىلەن ئىسلام دىنى) ياخشى بولىدىغان بولسا ئىدى، ئۇلار (يەنى ئاجىز مۇسۇلمانلار) ئۇنىڭغا بىزدىن بۇرۇن ئىشەنمىگەن بولاتتى**﴾ دەيدۇ. ئەمما سۈننى ئەقىدىسىدىكى مۇسۇلمانلارغا كەلسەك، ئۇلار ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن ئىسپاتلانمىغان دىنىنىڭ ئىچىدىكى ھەر قانداق سۆز ۋە ئىشلارنى بىدئەت دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىش ياكى سۆز ياخشى بولىدىغان بولسا، ساھابىلار ئۇنى ئەلۋەتتە بىزدىن بۇرۇن قىلغان بولاتتى. چۈنكى، ئۇلار ياخشى خىسلەتلىك نەرسىلەردىن ھېچ بىر خىسلەتنى قالدۇرۇپ قويماستىن، ئۇنى قىلىشقا ئالدىرىغان كىشىلەردۇر دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

﴿**ئۇلار قۇرئان بىلەن ھىدايەت تاپمىغانلىقلىرى ئۈچۈن، « بۇ قەدىمكى ئويدۇرمىدۇر» دەيدۇ**﴾ يەنى قەدىمكى كىشىلەردىن قالغان قەدىمكى يالغان سۆزدۇر، دەيدۇ، ئۇلار قۇرئاننى ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگەنلەرنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىدۇ، مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەقنى ئىنكار قىلىش ۋە ئىنسانلارنى كەمسىتىش كىبىرلىكتۇر» دېگەن سۆزىدە كۆزدە تۇتۇلغان كىبىرلىكتىن ئىبارەتتۇر.

﴿**قۇرئاندىن ئىلگىرى مۇسانىڭ كىتابى (يەنى تەۋرات) ئەھلى جاھانغا پېشۋا ۋە رەھمەت ئىدى بۇ**﴾ پاساھەتلىك، روشەن ۋە ئوچۇق بولغان ﴿**ئەرەب تىلىدىكى كىتابتۇر**﴾ يەنى قۇرئاندۇر. ﴿**(ئىلگىرىكى كىتابلارنى) تەستىق قىلغۇچىدۇر، (اللہ ئۇنى) زالىملارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، ياخشى ئىش قىلغۇچى مۆمىنلەرگە (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بېرىش ئۈچۈن (نازىل قىلدى)**﴾ يەنى قۇرئان كاپىرلارنى كەلگۈسى ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇشنى، مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابتۇر.

---

[1] سۈرە ئەنئام 53 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

﴿«پەرۋەردىگارىمىز اللە دۇر» دېگەن، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا﴾ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى سۈرە فۇسسىلەتتە بايان قىلىنغان. ﴿شۈبھىسىزكى، (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر. ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەتتۇر، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، (بۇ) ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر﴾ يەنى ياخشى ئەمەللەر ئۇلارنىڭ رەھمەتكە ئېرىشىشى، رەھمەتنىڭ ئۇلارغا كامىل بېرىلىشى ئۈچۈن سەۋەب بولغۇسىدۇر.

* * * * * * *

وَوَصَّيْنَا ٱلْإِنسَـٰنَ بِوَٰلِدَيْهِ إِحْسَـٰنًا ۖ حَمَلَتْهُ أُمُّهُۥ كُرْهًا وَوَضَعَتْهُ كُرْهًا ۖ وَحَمْلُهُۥ وَفِصَـٰلُهُۥ ثَلَـٰثُونَ
شَهْرًا ۚ حَتَّىٰٓ إِذَا بَلَغَ أَشُدَّهُۥ وَبَلَغَ أَرْبَعِينَ سَنَةً قَالَ رَبِّ أَوْزِعْنِىٓ أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ ٱلَّتِىٓ أَنْعَمْتَ عَلَىَّ
وَعَلَىٰ وَٰلِدَىَّ وَأَنْ أَعْمَلَ صَـٰلِحًا تَرْضَىٰهُ وَأَصْلِحْ لِى فِى ذُرِّيَّتِىٓ ۖ إِنِّى تُبْتُ إِلَيْكَ وَإِنِّى مِنَ ٱلْمُسْلِمِينَ ﴿١٥﴾
أُو۟لَـٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ نَتَقَبَّلُ عَنْهُمْ أَحْسَنَ مَا عَمِلُوا۟ وَنَتَجَاوَزُ عَن سَيِّـَٔاتِهِمْ فِىٓ أَصْحَـٰبِ ٱلْجَنَّةِ ۖ وَعْدَ ٱلصِّدْقِ
ٱلَّذِى كَانُوا۟ يُوعَدُونَ ﴿١٦﴾

***بىز ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر. تاكى ئۇ (بوۋاق ئۆسۈپ) كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ، 40 ياشقا يەتكەندە، (ئۇ): «پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشىمنى ماڭا ئىلھام قىلغىن، مەن ئۈچۈن مېنىڭ ئەۋلادىمنى تۈزىگىن (يەنى مېنىڭ ئەۋلادىمنى ياخشى ئادەملەر قىلغىن)، مەن ھەقىقەتەن ساڭا (جىمى گۇناھلىرىدىن ) تەۋبە قىلدىم، مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىندۇرمەن» دەيدۇ﴿15﴾. ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يامان ئىشلىرىنى كەچۈرۈم قىلىمىز، ئۇلار (اللە يامان ئىشلىرىنى كەچۈرگەنلەر بىلەن) جەننەتتە بولىدۇ، (بۇ) ئۇلارغا قىلىنغان راست ۋەدىدۇر﴿16﴾.***

## اللە تائالانىڭ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى توغرىسىدا

اللە تائالا ئىلگىرىكى ئايەتتە ئۆزىنىڭ بار ۋە بىرلىكىنى، بەندىلەرنىڭ ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن ئۆزىگىلا قىلىشنى ۋە توغرا يولدا مېڭىشنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدى. قۇرئان كەرىمدە بىر قانچە ئايەتتە تەۋھىد بىلەن ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇش ئارقا ـ ئارقىدىن بىر ئورۇندا بايان قىلىنغان[1].

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى﴾[2] ﴿(ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر﴾[3].

---

(1) بۇ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.
(2) سۈرە ئىسرا 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) سۈرە لوقمان 14 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

﴿**بىز ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدۇق**﴾ يەنى ئۇنى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا، ئۇلارغا كۆيۈنۈشكە بۇيرىدۇق.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد تەيالسى، سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئانام ماڭا: الله تائالا ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىمىدىمۇ؟ سەن الله تەئالاغا كاپىر بولمىغىچە مەن تاماقمۇ يېمەيمەن، سۇمۇ ئىچمەيمەن، دېدى. ئاندىن ئۇ ھەقىقەتەن تاماق يېگىلى، سۇ ئىچكىلى ئۇنىمىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئاغزىغا تاماق سېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاغزىنى ھاسا بىلەن ئېچىشقا باشلىغاندا: ﴿**بىز ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدۇق**﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى. بۇنى ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿**ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ**﴾ يەنى ئۇ، ھامىلدار ئايال تارتىدىغان جاپا ـ مۇشەققەتلەردىن بىرەر نەرسىگە كۆڭلى تارتىش، سېزىك تۇتۇش، تېنى ئېغىرلىشىش، چارچاش قاتارلىق جاپالارنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مۇشەققەتلەرنى بالىسىغا ھامىلدار بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن تارتىدۇ. ﴿**مۇشەققەت بىلەن**﴾ يەنى قاتتىق تولغاق مۇشەققىتى بىلەن ﴿**تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر**﴾.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتنى سۈرە لوقماندىكى ﴿ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى﴾[1] دېگەن ئايەتنى ۋە ﴿ئانىلار باللارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم﴾[2] دېگەن ئايەتنى دەلىل قىلىپ ھامىلدارلىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن مۇددىتىنى ئالتە ئاي دەپ كۆرسەتكەن. بۇ يەكۈن كۈچلۈك ۋە توغرا يەكۈندۇر. ئۇنىڭغا، ئوسمان ۋە بىر تۈركۈم ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارمۇ قوشۇلغان.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق بەئجە ئىبنى ئابدۇللاھ جۇھەنىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىچىمىزدىن بىر ئادەم جۇھەينە قەبىلىسىدىن بىر خوتۇنغا ئۆيلەندى. ئۇ ئايال تولۇق ئالتە ئاي توشقاندا يەڭگىدى، ئۇنىڭ ئېرى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا مەلۇم قىلدى. ئوسمان ئۇ ئايالنى ئېلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ ئايال كىيىملىرىنى كىيىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغاندا، ئۇنىڭ ھەمشىرىسى يىغلاپ كەتتى. ئۇ: نېمىگە يىغلايسىز؟ الله بىلەن قەسەمكى، الله تەئالانىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن ئېرىمدىن باشقا ھېچ كىم ماڭا يېقىنلاشقىنى يوق، پاك ۋە يۈكسەك الله ماڭا نېمىنى خالىسا شۇنى ھۆكۈم قىلىدۇ، دېدى. ئۇ ئايال ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىنگەندە، ئوسمان ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرۇدى. ئاندىن بۇ ئەھۋال ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يېتىپ باردى، ئۇ دەرھال ئوسماننىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: نېمە قىلىۋاتىسەن؟ دېدى. ئوسمان: ئۇ تولۇق 6 ئايدا يەڭگىپتۇ، شۇنداق ئىشمۇ بولامدۇ؟ دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: قۇرئان ئوقۇمامسەن؟ دېدى. ئۇ: شۇنداق، ئوقۇيمەن، دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: غالىب ۋە بۈيۈك الله تەئالانىڭ ﴿**ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر**﴾ دېگەنلىكىنى ۋە ﴿**تولۇق ئىككى يىل (ئېمىتىش لازىم)**﴾ دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ بۇ تولۇق ئىككى يىلنى ئېلىۋەتسەك پەقەت ئالتە ئاينىڭ قالغانلىقىنى بىلىمىز، دېدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله بىلەن قەسەمكى، بۇنىڭغا دىققەت قىلماپتىمەن، ئۇ ئايالنى قۇتقۇزۇشۇم لازىم، دېدى. ئۇلار ئۇ ئايالنىڭ يېنىغا بارغاندا ئادەملەر ئۇنى ئاللىبۇرۇن چالما ـ كېسەك قىلىپ بولغان ئىدى. بەئجە مۇنداق دەيدۇ: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ بالا چوڭ

---

[1] سۈرە لوقمان 14 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ، سۈرە بەقەرە 233 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

بولغانسېرى قاغا ـ قاغىغا، تۇخۇم ـ تۇخۇمغا ئوخشىغاندىنمۇ بەكرەك ئاتىسىغا ئوخشىغان ئىدى. ئۇنى ئاتىسى كۆرگەن چاغدا، بۇ مېنىڭ ئوغلۇم، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭغا ھېچ شەك قىلمايمەن، دېگەن. كېيىن الله تائالا ئۇ بالىنىڭ ئاتىسى يۈزىگە قىچىشقاق كېسىلى بالاسىنى بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ كېسەلدىن ساقىيالماي ئۆلۈپ كەتكەن. بۇنى ئىبنى ئەبۇ ھاتەممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى ئەبۇ ھاتەم ئىكرىمەدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر خوتۇن كىشى توققۇز ئايدا يەڭگىسە، بالىنى 21 ئاي ئېمىتىشى يېتەرلىكتۇر. ئەگەر يەتتە ئايدا يەڭگىسە، ئۇنى 23 ئاي ئېمىتىشى يېتەرلىكتۇر. ئەگەر ئالتە ئايدا يەڭگىسە، ئۇنى تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم. چۈنكى، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر**﴾.

﴿**تاكى ئۇ (بوۋاق ئۆسۈپ) كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ**﴾ يەنى كۈچلۈك بولۇپ، قۇرامىغا يېتىپ ﴿**40 ياشقا كىرگەندە**﴾ يەنى ئەقلى تولۇپ، چۈشەنچىسى ۋە ئۆزىنى ئىدارە قىلىشى كامالەتكە يەتكەندە (ئېيتىلىشچە كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئادەم 40 ياشقا تولغان چاغدىكى مىجەزىدىن ئۆزگەرمەيدىكەن).

﴿**(ئۇ): «پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشنى ۋە**﴾ كەلگۈسىدە ﴿**سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشىمنى ماڭا ئىلھام قىلغىن، مەن ئۈچۈن مېنىڭ ئەۋلادىمنى تۈزىگىن (يەنى مېنىڭ ئەۋلادىمنى ياخشى ئادەملەر قىلغىن)، مەن ھەقىقەتەن ساڭا (جىمى گۇناھلاردىن ) تەۋبە قىلدىم، مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىندۇرمەن» دەيدۇ**﴾ بۇ ئايەتتە 40 ياشقا يەتكەن كىشى ئۈچۈن الله تەئالاغا تەۋبە قىلىش، الله تەئالاغا قايتىشنى يېڭىلاش ۋە ئۇ ئىشلارنى قىلىشقا بەل باغلاش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

﴿**ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يامان ئىشلىرىنى كەچۈرۈم قىلىمىز، ئۇلار (الله يامان ئىشلىرىنى كەچۈرگەنلەر بىلەن) جەننەتتە بولىدۇ**﴾ يەنى بىز بايان قىلغان نەرسىلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن، الله تائالاغا گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلغان، الله تائالا تەرەپكە قايتقان، تەۋبە قىلىش ۋە مەغپىرەت تەلەپ قىلىش ئارقىلىق يوقىتىپ قويغان نەرسىلىرىنى تاپقان ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ ﴿**ياخشى ئىشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يامان ئىشلىرىنى كەچۈرۈم قىلىمىز**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ نۇرغۇن خاتالىقىنى مەغپىرەت قىلىمىز، ياخشى ئەمەلى ئاز بولسىمۇ، ئۇنى قوبۇل قىلىمىز.

﴿**ئۇلار (الله يامان ئىشلىرىنى كەچۈرگەنلەر بىلەن) جەننەتتە بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار جەننەتتە بولىدىغان كىشىلەر قاتارىدا بولىدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ الله نىڭ دەرگاھىدىكى ھۆكۈمىدۇر. غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالا ئۆزىگە تەۋبە بىلەن قايتقان كىشىگە شۇنداق ۋەدە قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(بۇ) ئۇلارغا قىلىنغان راست ۋەدىدۇر**﴾.

* * * * * * *

وَٱلَّذِى قَالَ لِوَٰلِدَيۡهِ أُفٍّ لَّكُمَآ أَتَعِدَانِنِىٓ أَنۡ أُخۡرَجَ وَقَدۡ خَلَتِ ٱلۡقُرُونُ مِن قَبۡلِى وَهُمَا
يَسۡتَغِيثَانِ ٱللَّهَ وَيۡلَكَ ءَامِنۡ إِنَّ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقٌّ فَيَقُولُ مَا هَٰذَآ إِلَّآ أَسَٰطِيرُ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿١٧﴾ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ
حَقَّ عَلَيۡهِمُ ٱلۡقَوۡلُ فِىٓ أُمَمٍ قَدۡ خَلَتۡ مِن قَبۡلِهِم مِّنَ ٱلۡجِنِّ وَٱلۡإِنسِۖ إِنَّهُمۡ كَانُواْ خَٰسِرِينَ ﴿١٨﴾
وَلِكُلٍّ دَرَجَٰتٌ مِّمَّا عَمِلُواْۖ وَلِيُوَفِّيَهُمۡ أَعۡمَٰلَهُمۡ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ﴿١٩﴾ وَيَوۡمَ يُعۡرَضُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ عَلَى

www.munber.org

ٱلنَّارِ أَذۡهَبۡتُمۡ طَيِّبَٰتِكُمۡ فِي حَيَاتِكُمُ ٱلدُّنۡيَا وَٱسۡتَمۡتَعۡتُم بِهَا فَٱلۡيَوۡمَ تُجۡزَوۡنَ عَذَابَ ٱلۡهُونِ بِمَا كُنتُمۡ تَسۡتَكۡبِرُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّ وَبِمَا كُنتُمۡ تَفۡسُقُونَ ﴿٢٠﴾

***بەزى ئادەم (يەنى ئاتا ـ ئانىسى ئىمانغا دەۋەت قىلغان فاجىر بالا): ۋاي ـ ۋۇي! سىلەر مېنى قايتا تىرىلىشتىن قورقۇتۇۋاتامسىلەر، (مەندىن ئىلگىرى) نۇرغۇن ئۈممەتلەر ئۆتتى (ئۇلاردىن ھېچ ئادەم تىرىلدۈرۈلگىنى يوق)» دەيدۇ، ئۇ ئىككىسى اللە غا پەرياد قىلىپ: «ۋاي ساڭا! ئىمان ئېيتقىن، اللە نىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر» دەيدۇ. ئۇ: «بۇ پەقەت ئاۋۋالقىلاردىن قالغان ئەپسانىلەردۇر» دەيدۇ[17]. ئەنە شۇنداق كىشىلەرگە (اللە نىڭ ئازاب قىلىش) سۆزى ھەقلىق بولدى، ئۇلار بولسا ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىنسانلاردىن ۋە جىنلاردىن بولغان ئۈممەتلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، ئۇلار ھەقىقەتەن زىيان تارتقۇچى بولدى[18]. (مۆمىنلەرنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ) ھەممىسىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا دەرىجىلىرى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى ۋە جازاسى (كەم ـ زىيادە قىلىنماي) تولۇق بېرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ[19]. كاپىرلار دوزاخقا توغرىلىنىدىغان كۈندە (ئۇلارغا ئەيىبلەش يۈزىسىدىن ئېيتىلىدۇ): «سىلەر لەززەتلىرىڭلارنى ھاياتىي دۇنيادا بەھرىمەن بولۇپ تۈگەتتىڭلار، سىلەر زېمىندا ھەقسىز رەۋىشتە چوڭچىلىق قىلىپ، ئىماندىن باش تارتقانلىقىڭلار ۋە اللە نىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن، بۈگۈن خار قىلغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر»[20].***

## ئاتا ـ ئانىلارنى قاخشاتقۇچى ئەۋلادلارنىڭ بايانى ۋە ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا

اللە تائالا ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشىلىق بىلەن دۇئا قىلىدىغان، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۇلار اللە تائالانىڭ دەرگاھىدا ئېرىشىدىغان بەخت ـ سائادەتنى ۋە نىجاتلىقنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئاتا ـ ئانىلارنى قاخشاتقۇچى، بەتبەختلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بەزى ئادەم (يەنى ئاتا ـ ئانىسى ئىمانغا دەۋەت قىلغان فاجىر بالا): ۋاي ـ ۋۇي! سىلەر مېنى قايتا تىرىلىشتىن قورقۇتۇۋاتامسىلەر، (مەندىن ئىلگىرى) نۇرغۇن ئۈممەتلەر ئۆتتى (ئۇلاردىن ھېچ ئادەم تىرىلدۈرۈلگىنى يوق)، دەيدۇ**﴾. بۇ ئايەت مۇشۇنداق سۆزنى قىلغان ھەممە ئادەمنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىم بۇ ئايەتنى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەققىدە نازىل بولغان دېسە، بۇ ئورۇنسىز سۆزدۇر. چۈنكى، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن ئىسلامغا كىرگەن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋزەللىرىدىن ۋە ئەينى زاماندىكى ياخشى كىشىلەردىن بولغان.

ئىمام بۇخارى، يۈسۈپ ئىبنى ماھەكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەرۋان ھىجازغا ۋالى بولۇپ (ئۇنى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن ئىدى)، بىر كۈنى مەرۋان خۇتبە ئوقۇدى، ئۇ خۇتبىسىدە يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيە، ئاتىسىدىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىشقا باشلىدى. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مەرۋانغا ئۇنىڭ زىتىغا تېگىدىغان بىر نەرسە دېدى. مەرۋان: ئۇنى ”تۇتۇڭلار“ دېدى. ئابدۇراھمان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىگە كىرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنى تۇتۇشقا قادىر بولالمىدى.

ئاندىن مەرۋان: مۇشۇ ئادەم ھەققىدە اللە: ﴿**بەزى ئادەم (يەنى ئاتا ـ ئانىسى ئىمانغا دەۋەت قىلغان فاجىر بالا): ۋاي ـ ۋۇي! سىلەر مېنى قايتا تىرىلىشتىن قورقۇتۇۋاتامسىلەر، (مەندىن ئىلگىرى) نۇرغۇن**

www.munber.org

ئۈممەتلەر ئۆتتى (ئۇلاردىن ھېچ ئادەم تىرىلدۈرۈلگىنى يوق)»دەيدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان، دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ: الله تائالا بىزنىڭ ھەققىمىزدە قۇرئاندىن ھېچ نەرسە نازىل قىلمىدى. الله تائالا پەقەت مېنىڭ ئۆزرەم توغرۇلۇق ئايەت نازىل قىلدى، دېدى[1].

ئىمام نەسەئى، مۇھەممەد ئىبنى زەييادنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلى يەزىدكە خەلىپىلىكنى تاپشۇرغان چاغدا، مەرۋان: بۇ ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ تۇتقان يولىدۇر، دېگەن. بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: بۇ ھىرەقلى ۋە قەيسەرنىڭ تۇتقان يولىدۇر، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن مەرۋان: الله تائالانىڭ: ﴿بەزى ئادەم (يەنى ئاتا ـ ئانىسى ئىمانغا دەۋەت قىلغان فاجىر بالا): ۋاي ـ ۋۇي! سىلەر مېنى قايتا تىرىلىشتىن قورقۇتۇۋاتامسىلەر» دەيدۇ﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ نازىل بولۇشىغا سەۋەپ بولغان كىشى مۇشۇ شۇ، دېگەن. ئاندىن بۇ خەۋەر ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا يېتىپ بارغان. شۇنىڭ بىلەن ئائىشە: مەرۋان يالغان سۆزلەپتۇ، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ بۇنى بىلمەيدۇ. ئەگەر مەن بۇ ئايەت نازىل بولغان كىشىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىشنى خالىسام، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەتتىم. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەرۋاننىڭ ئاتىسىغا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى چاغدا لەنەت ئېيتقان، مەرۋان بولسا الله نىڭ لەنىتىنىڭ بىر پارچىسىدۇر، دېگەن.

﴿سىلەر مېنى قايتا تىرىلىشتىن قورقۇتۇۋاتامسىلەر، (مەندىن ئىلگىرى) نۇرغۇن ئۈممەتلەر ئۆتتى (ئۇلاردىن ھېچ ئادەم تىرىلدۈرۈلگىنى يوق)﴾ يەنى ئۇ: نۇرغۇن كىشىلەر ئۆتتى، ئۇلاردىن بىرمۇ خەۋەرچى يەنى قايتا تىرىلىشتىن خەۋەر قىلغۇچى قايتىپ كەلمىدى، دەيدۇ.

﴿ئۇ ئىككىسى الله غا پەرياد قىلىپ﴾ يەنى ئۇ ئىككىسى الله تەئالادىن بالىسىغا ھىدايەت ئاتا قىلىشنى سوراپ، بالىسىغا: ﴿«ۋاي ساڭا! ئىمان ئېيتقىن، الله نىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر» دەيدۇ. ئۇ: «بۇ پەقەت ئاۋۋالقىلاردىن قالغان ئەپسانىلەردۇر» دەيدۇ. ئەنە شۇنداق كىشىلەرگە (الله نىڭ ئازاب قىلىش) سۆزى ھەقلىق بولدى، ئۇلار بولسا ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىنسانلاردىن ۋە جىنلاردىن بولغان ئۈممەتلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، ئۇلار ھەقىقەتەن زىيان تارتقۇچى بولدى﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىگە ئوخشايدىغان، خۇي ـ پەيلى بىر بولغان، قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى زىيان تارتقۇزغۇچى كاپىرلارنىڭ گۇرۇھىنىڭ قاتارىغا كىرىپ كەتتى.

الله نىڭ ﴿بەزى ئادەم﴾ دېگەن ئايىتىدىن كېيىن كەلگەن ﴿ئەنە شۇنداق كىشىلەر﴾ دېگەن ئايىتى بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان سۆزىمىزنىڭ دەلىلىدۇر. يەنى بۇ ئايەت ئومۇمغا قارىتىلغان بولۇپ، ئەنە شۇ تۈردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەسەن ۋە قەتادە ئايەتتىكى"بەزى ئادەم" دېگەن سۆزدىن ھەر قانداق فاجىر، ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشاتقۇچى، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن.

﴿(مۆمىنلەرنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ) ھەممىسىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا دەرىجىلىرى بولىدۇ﴾ يەنى ھەر بىر ئادەم قىلغان يامان ئەمەلىگە يارىشا ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

﴿ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى ۋە جازاسى (كەم ـ زىيادە قىلىنماي) تولۇق بېرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾ يەنى ئۇلارغا زەررىچىلىكمۇ ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىدە زۇلۇم قىلىنمايدۇ. ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم: دوزاخنىڭ دەرىجىلىرى تۆۋەنلەپ ماڭىدۇ، جەننەتنىڭ دەرىجىلىرى يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلەپ ماڭىدۇ، دېگەن.

[1] الله تەئالا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئۇنىڭغا چاپلانغان تۆھمەتتىن ئاقلاپ ئايەت نازىل قىلغان.

www.munber.org

**﴿كاپىرلار دوزاخقا توغرىلىنىدىغان كۈندە (ئۇلارغا ئەيىبلەش ۋە مالامەت قىلىش يۈزىسىدىن ئېيتىلىدۇ): «سىلەر لەززەتلىرىڭلارنى ھاياتىي دۇنيادا بەھرىمەن بولۇپ تۈگەتتىڭلار﴾** مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نۇرغۇن يېمەك ـ ئىچمەك لەززەتلىرىدىن پەرھىز تۇتقان، ئۇ: مەن ھەقىقەتەن اللە ئەيىبلەش ۋە مالامەت قىلىش يۈزىسىدىن: **﴿سىلەر لەززەتلىرىڭلارنى ھاياتىي دۇنيادا بەھرىمەن بولۇپ تۈگەتتىڭلار﴾** دېگەن كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇپ قېلىشىمدىن قورقىمەن، دېگەن.

ئەبۇ مىجلەز مۇنداق دېگەن: نۇرغۇن قەۋملەر دۇنيادىكى چاغلىرىدىلا ئۆزلىرىنىڭ ياخشىلىقلىرىغا ئېرىشىپ، تۈگىتىپ بولىدۇ، شۇڭا ئۇلارغا : **﴿سىلەر لەززەتلىرىڭلارنى ھاياتىي دۇنيادا بەھرىمەن بولۇپ تۈگەتتىڭلار﴾** دېيىلىدۇ.

**﴿سىلەر زېمىندا ھەقسىز رەۋىشتە چوڭچىلىق قىلىپ، ئىماندىن باش تارتقانلىقىڭلار ۋە اللە نىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن، بۈگۈن خار قىلغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر﴾** يەنى ئۇلار ئەمەلىنىڭ ئۆز تىپىدىن جازاغا تارتىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ھاياتىي دۇنيادىن بەھرىمەن قىلىپ، ھەققە ئەگىشىشتىن تەكەببۇرلۇق بىلەن باش تارتىپ، گۇناھ ئىشلارنى قىلىپ ھەددىدىن ئاشقىنىدەك، اللە تائالا ئۇلارنى خار قىلغۇچى ئازاب بىلەن جازالايدۇ. ئۇ ئازاب ئۇلارغا ئاھانەت، خارلىق، قاتتىق دەرت ـ ئەلەم، مەڭگۈلۈك ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرى قاتتىق كۆيۈۋاتقان دوزاخنىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايلىرىدا بولىدۇ. پاك ۋە يۈكسەك اللە بىزگە بۇنداق ئازابلارنىڭ ھەممىسىدىن پاناھ بەرسۇن!

* * * * * * *

۞ وَٱذۡكُرۡ أَخَا عَادٍ إِذۡ أَنذَرَ قَوۡمَهُۥ بِٱلۡأَحۡقَافِ وَقَدۡ خَلَتِ ٱلنُّذُرُ مِنۢ بَيۡنِ يَدَيۡهِ وَمِنۡ خَلۡفِهِۦٓ أَلَّا
تَعۡبُدُوٓاْ إِلَّا ٱللَّهَ إِنِّيٓ أَخَافُ عَلَيۡكُمۡ عَذَابَ يَوۡمٍ عَظِيمٍ (٢١) قَالُوٓاْ أَجِئۡتَنَا لِتَأۡفِكَنَا عَنۡ ءَالِهَتِنَا فَأۡتِنَا بِمَا
تَعِدُنَآ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ (٢٢) قَالَ إِنَّمَا ٱلۡعِلۡمُ عِندَ ٱللَّهِ وَأُبَلِّغُكُم مَّآ أُرۡسِلۡتُ بِهِۦ وَلَٰكِنِّيٓ أَرَىٰكُمۡ
قَوۡمٗا تَجۡهَلُونَ (٢٣) فَلَمَّا رَأَوۡهُ عَارِضٗا مُّسۡتَقۡبِلَ أَوۡدِيَتِهِمۡ قَالُواْ هَٰذَا عَارِضٞ مُّمۡطِرُنَاۚ بَلۡ هُوَ مَا
ٱسۡتَعۡجَلۡتُم بِهِۦۖ رِيحٞ فِيهَا عَذَابٌ أَلِيمٞ (٢٤) تُدَمِّرُ كُلَّ شَيۡءِۭ بِأَمۡرِ رَبِّهَا فَأَصۡبَحُواْ لَا يُرَىٰٓ إِلَّا مَسَٰكِنُهُمۡۚ
كَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡمُجۡرِمِينَ (٢٥)

***(ئى مۇھەممەد!) ئادنىڭ قېرىندىشى (يەنى ھۇد ئەلەيھىسسالام) نىڭ ئۆز قەۋمى بىلەن بولغان قىسسىسىنى بايان قىلغىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئەھقاف (دېگەن يەر) دىكى قەۋمىنى (اللە نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇردى، ئۇنىڭدىن (يەنى ھۇدتىن) ئىلگىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتتى. ئۇ (يەنى ھۇد) (قەۋمىنى ئاگاھلاندۇرۇپ) ئېيتتى: «سىلەر پەقەت اللە غىلا ئىبادەت قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ (اللە دىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلساڭلار) بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن»***[21].
***ئۇلار: «(ئى ھۇد!) سەن بىزنى ئىلاھلىرىمىزدىن توسقىلى كەلدىڭمۇ؟ ئەگەر سەن (سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە بىزنى قورقۇتقان ئازابنى كەلتۈرگىن» دېدى***[22]***. ئۇ: «(سىلەرگە ئازابنىڭ قاچان كېلىشىنى) پەقەت اللە بىلىدۇ، مەن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن نەرسىنى تەبلىغ قىلىمەن ۋە لېكىن مەن سىلەرنى نادان قەۋم كۆرىمەن» دېدى***[23].

www.munber.org

*ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋادىسىغا سۈرۈلۈۋاتقان بۇلۇتنى كۆرۈپ: «مانا بۇ بىزگە يامغۇر ياغدۇرغۇچى بۇلۇتتۇر» دېيىشتى. (ھۇد ئېيتتى) «ئۇنداق ئەمەس، ئۇ سىلەر بالدۇرراق كېلىشىنى تەلەپ قىلغان نەرسىدۇر، ئۇ بىر بوران بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە قاتتىق ئازاب بار﴿24﴾. ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ بىر ئەمرى بىلەن ھەممە نەرسىنى ھالاك قىلىدۇ» (يەنى بوران كېلىپ ئۇلارنى ھالاك قىلدى)، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ جايلىرىنىڭ (يەنى تۇرغان ماكانلىرىنىڭ ئىزلىرىدىن) باشقا نەرسە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى، گۇناھكار قەۋمنى مۇشۇنداق جازالايمىز﴿25﴾.*

## ئاد قەۋمىنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ قەۋمىدىن بەزى كىشىلەر ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئادنىڭ قېرىندىشى (يەنى ھۇد ئەلەيھىسسالام) نىڭ ئۆز قەۋمى بىلەن بولغان قىسسىسىنى بايان قىلغىن**﴾ يەنى غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالا ھۇد ئەلەيھىسسالامنى ئىلگىرىكى ئاد قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. ئۇلار "ئەھقاف" دېگەن يەردە ئولتۇراقلاشقان ئىدى. قەتادە: بىزگە ئېيتىلىشىچە "ئاد" يەمەندە ئولتۇراقلاشقان بىر قەبىلە بولۇپ، يەمەننىڭ "شىھر" دەپ ئاتىلىدىغان يەردىكى دېڭىز بويىغا جايلاشقان بىر قۇملۇق تۆپىلىكتە ياشايتتى، دېگەن.

ئىمام ئىبنى ماجە ئۆزىنىڭ كىتابىدا: "ئەگەر بىرسى دۇئا قىلسا، ئۆزىگە دۇئا قىلىش بىلەن باشلىسۇن" دەپ ماۋزۇ قويۇپ، ئاندىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «الله بىزگە ۋە ئادنىڭ قېرىندىشىغا مەرھەمەت قىلسۇن».

﴿**ئۇنىڭدىن (يەنى ھۇدتىن) ئىلگىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتتى**﴾ يەنى الله تائالا ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەرگە ھەقىقەتەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنى ئەۋەتتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇنى زاماندىشلىرى ۋە كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئىبرەت قىلدۇق﴾[1] ﴿ئەگەر ئۇلار (بۇ بايانلاردىن كېيىن ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە (سەن ئۇلارغا): «سىلەرنى ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازابقا ئوخشاش ئازابتىن ئاگاھلاندۇرىمەن» دېگىن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا ئالدى - كەينىدىن (يەنى ھەممە تەرەپتىن) پەيغەمبەرلەر كېلىپ: «بىر الله دىن باشقىغا ئىبادەت قىلماڭلار!» دېدى﴾[2].

ھۇد ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئۇلارغا مۇنداق دېدى: ﴿**مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ (الله دىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلساڭلار) بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن**﴾. قەۋمى ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى: ﴿**«ئى ھۇد (!سەن بىزنى ئىلاھلىرىمىزدىن توسقىلى كەلدىڭمۇ؟ ئەگەر سەن (سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە بىزنى قورقۇتقان ئازابنى كەلتۈرگىن)»**﴾ يەنى ئۇلار الله تەئالانىڭ ئازاب - ئوقۇبىتىنىڭ ئۆزلىرىگە كېلىشىنى يىراق ساناپ: ئۇنى تېزرەك كەلتۈرگىن دەپ، ئالدىراتتى. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ئۇنىڭ بولۇشىنى ئالدىرىتىدۇ﴾[3].

---

[1] سۈرە بەقەرە 66 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
2 سۈرە فۇسسىلەت 13 — 14 - ئايەتلەر.
[3] سۈرە شۇرا 18 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

**﴿ئۇ: «(سىلەرگە ئازابنىڭ قاچان كېلىشىنى) پەقەت اللّٰە بىلىدۇ. مەن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن نەرسىنى تەبلىغ قىلىمەن﴾** يەنى سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى اللّٰە تائالا ئوبدان بىلىدۇ. ئەگەر سىلەر ئازابنىڭ بالدۇر چۈشۈشىگە لايىق بولساڭلار، اللّٰە تائالا ئۇنى سىلەرگە بالدۇر چۈشۈرىدۇ. مېنىڭ ئىشىمغا كەلسەك، مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم سىلەرگە ئەۋەتىلگەن نەرسىنى تەبلىغ قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. **﴿ۋە لېكىن مەن سىلەرنى نادان قەۋم كۆرىمەن﴾** يەنى سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەيسىلەر، ھەقنى چۈشەنمەيسىلەر، دېدى.

**﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋادىسىغا سۈرۈلۈۋاتقان بۇلۇتنى كۆرۈپ﴾** يەنى ئۇلار ئۆزلىرىگە كېلىۋاتقان ئازاب بۇلۇتىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆزلىرىگە يامغۇر ياغدۇرغۇچى بۇلۇت دەپ، گۇمان قىلدى. ئۇلار بۇنىڭدىن خۇرسەن بولۇشۇپ، بۇلۇتتىن ياخشىلىق كۈتتى. ئۇلار ھەقىقەتەن قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە دۇچ كەلگەن بولۇپ، يامغۇرغا ئىنتايىن موھتاج ئىدى.

**﴿ئۇنداق ئەمەس، ئۇ سىلەر بالدۇرراق ئىشقا ئېشىشىنى تەلەپ قىلغان نەرسىدۇر، ئۇ بىر بوران بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە قاتتىق ئازاب بار﴾** يەنى ئۇ سىلەر: **﴿ئەگەر سەن (سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە بىزنى قورقۇتقان ئازابنى كەلتۈرگىن﴾** دېگەن ئازابنىڭ دەل ئۆزى شۇ.

**﴿ئۇ بىر بوران بولۇپ﴾** ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۇلارنىڭ يۇرتىدىكى ھەممە نەرسىنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بىلەن ھالاك قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھەقتە اللّٰە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ (يەنى بوران) ھەر قانداق نەرسىنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇنى چىرىگەن سۆڭەكتەك (تىتما ـ تالاڭ) قىلىۋېتەتتى﴾[1].

**﴿شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ جايلىرىنىڭ (يەنى تۇرغان ماكانلىرىنىڭ ئىزىدىن) باشقا نەرسە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى﴾** يەنى ئۇلارنىڭ چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى ھالاك بولدى، ئۇلاردىن ھېچكىمنۇ تىرىك قالمىدى.

**﴿گۇناھكار قەۋمنى مۇشۇنداق جازالايمىز﴾** يەنى مانا بۇ پەيغەمبەرلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان، بىزنىڭ بۇيرۇقلىرىمىزغا خىلاپلىق قىلغان كىشىلەر ھەققىدىكى ھۆكمىمىزدۇر.

ئىمام ئەھمەد، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ قالغىدەك قاقاقلاپ كۈلگەنلىكىنى كۆرمىدىم. ئۇ كۈلسە پەقەت تەبەسسۇم بىلەن كۈلەتتى. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلۇتنى ياكى بوراننى كۆرسە، بۇلۇت ياكى بوراننىڭ ياخشى ـ يامان ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ يۈزىدىن بىلىۋالغىلى بولاتتى. مەن: ئى اللّٰە نىڭ پەيغەمبىرى! كىشىلەر بۇلۇتنى كۆرسىلا يامغۇر يېغىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ خۇشال بولىدىكەن. لېكىن سەن بۇلۇتنى كۆرسەڭ، يۈزۈڭنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرىمەن، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئائىشە! مەن قانداقمۇ ئۇ بۇلۇتتا ئازاپ يوق دېيەلەيمەن؟ قەۋملەردىن بىرى ھەقىقەتەن بوران بىلەن ھالاك قىلىنغان، يەنە بىرى بولسا، ئىچىدە ئازاب بار بۇلۇتنى كۆرگەندە: مانا بۇ بىزگە يامغۇر ياغدۇرغۇچى بۇلۇتتۇر، دېيىشكەن» دەپ جاۋاپ بەردى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاسمان ئۇپۇقلىرىدىن بىرەر تەرەپتە بىرەر ئۆزگىرىشنى كۆرسە ئىشىنى تاشلاپ ھەتتا ناماز ئوقۇۋاتقان تەقدىردىمۇ: «ئى اللّٰە! ساڭا سېغىنىپ ئۇنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دەيتتى. ئەگەر اللّٰە تائالا ئۇنى كۆتۈرۈۋەتسە، غالىب ۋە بۈيۈك اللّٰە تەئالاغا ھەمدۇسانا ئېيتاتتى. ئەگەر يامغۇر ياغسا: «ئى اللّٰە! پايدىلىق يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن» دەيتتى.

[1] سۈرە زارىيات 42 ـ ئايەت.

www.munber.org

ئىمام مۇسلىم، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر بوران چىقسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى الله! مەن ھەقىقەتەن سەندىن بوراننىڭ ياخشى بولۇشىنى، بوراندىكى ياخشىلىقنى ۋە بوران ئەۋەتىلگەن نەرسىدىكى ياخشىلىقنى سورايمەن. ساڭا سېغىنىپ بوراننىڭ يامان بوران بولۇپ قېلىشىدىن ۋە بوران بىلەن ئەۋەتىلگەن نەرسىدىكى يامانلىقتىن پاناھ تىلەيمەن» دەيتتى. ئەگەر ھاۋا تۇتۇلۇپ چاقماق چاققىلى تۇرسا، چىرايى ئۆزگىرىپ كېتەتتى ـ دە، سىرتقا چىقاتتى، ئۆيگە كىرەتتى، ئۇيان ـ بۇيان ماڭاتتى. ئەگەر يامغۇر ياغسا، ئۇنىڭ يۈزىدىكى ئەندىشىسى تۈگەيتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنى بىلىۋېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىغاندا، ئۇ: «ئى ئائىشە! بۇلۇتلار ئاد قەۋمىنىڭ ئېيتقىنىدەك بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، ﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋادىسىغا سۈرۈلۈۋاتقان بۇلۇتنى كۆرۈپ: «مانا بۇ بىزگە يامغۇر ياغدۇرغۇچى بۇلۇتتۇر» دېيىشتى﴾» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئاد قەۋمىنىڭ ھالاك قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى قىسسىسىنى سۈرە ئەئراف بىلەن سۈرە ھۇدتا بايان قىلغان ئىدۇق. شۇڭا ئۇنى بۇ يەردە قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرمايمىز.

بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ۋە مەدھىيە يۈكسەك الله غا مەنسۇپتۇر.

* * * * * * *

وَلَقَدۡ مَكَّنَّٰهُمۡ فِيمَآ إِن مَّكَّنَّٰكُمۡ فِيهِ وَجَعَلۡنَا لَهُمۡ سَمۡعٗا وَأَبۡصَٰرٗا وَأَفۡـِٔدَةٗ فَمَآ أَغۡنَىٰ عَنۡهُمۡ
سَمۡعُهُمۡ وَلَآ أَبۡصَٰرُهُمۡ وَلَآ أَفۡـِٔدَتُهُم مِّن شَيۡءٍ إِذۡ كَانُواْ يَجۡحَدُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَحَاقَ بِهِم مَّا كَانُواْ
بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ ﴿٢٦﴾ وَلَقَدۡ أَهۡلَكۡنَا مَا حَوۡلَكُم مِّنَ ٱلۡقُرَىٰ وَصَرَّفۡنَا ٱلۡأٓيَٰتِ لَعَلَّهُمۡ يَرۡجِعُونَ ﴿٢٧﴾ فَلَوۡلَا
نَصَرَهُمُ ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ قُرۡبَانًا ءَالِهَةَۢۖ بَلۡ ضَلُّواْ عَنۡهُمۡۚ وَذَٰلِكَ إِفۡكُهُمۡ وَمَا كَانُواْ
يَفۡتَرُونَ ﴿٢٨﴾

*بىز ئۇلارنى (يەنى ئاد قەۋمىنى) (پۇل ـ مال، كۈچ ـ قۇۋۋەت جەھەتتە) سىلەرنى قادىر قىلمىغان نەرسىلەرگە قادىر قىلدۇق. (ئۇلارنىڭ شۇ نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلسىپ، بۇ ئارقىلىق نېمەتلەرنى بەرگۈچى الله نى تونۇشى ئۈچۈن) ئۇلارغا قۇلاق، كۆز، قەلبلەرنى بەردۇق، ئۇلار الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى، دىللىرى ئۇلاردىن (الله نىڭ ئازابىدىن) ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلمىدى، ئۇلار مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۇلارغا نازىل بولدى[26]. (ئى مەككە ئاھالىسى!) بىز ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەتراپىڭلاردىكى شەھەرلەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنى (كۇفرىدىن) يانسۇن دەپ ئايەتلەرنى تەكرار بايان قىلدۇق[27]. (ئۇلارغا ئازاب كەلگەندە) ئۇلارنىڭ خۇداغا يېقىن قىلىدۇ دەپ الله دىن باشقا تۇتقان مەبۇدلىرى ئۇلارغا نېمىشقا ياردەم قىلمىدى؟ بەلكى ئۇلارنىڭ مەبۇدلىرى غايىب بولدى، بۇ (يەنى بۇتلار بىزنى خۇداغا يېقىن قىلىدۇ دېگەن سۆزى) ئۇلارنىڭ ئويدۇرمىسىدۇر ۋە (الله غا) چاپلىغان بوھتانلىرىدۇر[28].*

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: بىز ھەقىقەتەن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنى بۇ دۇنيادا پۇل ـ مال ۋە ئەۋلادلارغا ئىگە قىلدۇق. ئۇلارغا سىلەرگە بەرمىگەن مال ـ دۇنيا ۋە ئەۋلادلارنى، سىلەرگە بېرىلگەن نەرسىلەرگە ئوخشاپمۇ قالمايدىغان نەرسىلەرنى ئاتا قىلدۇق.

﴿(ئۇلارنىڭ شۇ نېمەتلەرگە شۇكۇر قىلىپ، بۇ ئارقىلىق نېمەتلەرنى بەرگۈچى اللہ نى تونۇشى ئۈچۈن) ئۇلارغا قۇلاق، كۆز، قەلبلەرنى بەردۇق، ئۇلار اللہ نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى، دىللىرى ئۇلاردىن (اللہ نىڭ ئازابىدىن) ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلمىدى، ئۇلار مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۇلارغا نازىل بولدى﴾ يەنى ئۇلار ئىنكار قىلغان، يۈز بېرىدىغانلىقىدىن گۇمانلانغان ئازاب ـ ئوقۇبەت ھەر تەرەپتىن ئۇلارنى ئورىۋالدى. ئى خىتاب قىلىنغۇچىلار! سىلەرمۇ ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قېلىشتىن، ئاندىن سىلەرگىمۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇلارغا نازىل بولغان ئازابنىڭ يېتىپ قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلەڭلار.

﴿(ئى مەككە ئاھالىسى!) بىز ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەتراپىڭلاردىكى شەھەرلەرنى ھالاك قىلدۇق﴾ يەنى اللہ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئاد قەۋمىگە ئوخشاش مەككە ئەتراپىدىكى ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدى. ئاد قەۋمى يەمەننىڭ ھەزرەمەۋت ۋىلايىتىنىڭ ئەھقاف دېگەن يېرىدە ياشايتتى.

اللہ سەمۇد قەۋمىنىمۇ ھالاك قىلدى. سەمۇد قەۋمىنىڭ ئولتۇراقلاشقان يەرلىرى مەككە ئاھالىسى بىلەن شامنىڭ ئارىسىدا ئىدى. شۇنداقلا اللہ سەبەئ قەۋمىنىمۇ ھالاك قىلغان، ئۇلار يەمەندە ياشايتتى. اللہ تائالا مەديەن قەۋمىنىمۇ ھالاك قىلدى، ئۇلارنىڭ ئورنى مەككە ئەھلىنىڭ غەززىگە ئۆتىدىغان يولى ئۈستىدە ئىدى. شۇنداقلا لۇتنىڭ قەۋمى بۇھەيرە ئاھالىسىنىمۇ ھالاك قىلغان، ئۇلارمۇ ھەم مەككىلىكلەرنىڭ ئۆتىدىغان يولى ئۈستىدە ئىدى.

﴿ئۇلارنى (كۇفرىدىن) يانسۇن دەپ ئايەتلەرنى تەكرار بايان قىلدۇق (ئۇلارغا ئازاب كەلگەندە) ئۇلارنىڭ خۇداغا يېقىن قىلىدۇ دەپ اللہ دىن باشقا تۇتقان مەبۇدلىرى ئۇلارغا نېمىشقا ياردەم قىلمىدى؟﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرى ياسىۋالغان يالغان مەبۇدلىرىغا شۇنداق ئېھتىياجلىق پەيتتە، ئۇ مەبۇدلىرى ئۇلارغا ياردەم قىلالىدىمۇ؟

﴿بەلكى ئۇلارنىڭ مەبۇدلىرى غايىب بولدى﴾ يەنى دەل ئەكسىچە ئۇلار مەبۇدلىرىغا ئەڭ مۇھتاج بولغان چاغدا، مەبۇدلىرى ئۇلارنى تاشلاپ كۆزدىن غايىب بولدى. ﴿بۇ (يەنى بۇتلار بىزنى خۇداغا يېقىن قىلىدۇ دېگەن سۆزى) ئۇلارنىڭ ئويدۇرمىسىدۇر﴾ يەنى يالغان سۆزىدۇر. ئۇ بۇتلىرىدىن مەبۇد تۇتىۋالغانلىقلىرى ﴿ۋە (اللہ غا) چاپلىغان بوھتانلىرىدۇر﴾ ئۇلار ئۇ بۇتلارغا چوقۇنغانلىقلىرى، ئۇلارغا ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ھەقىقەتەن ھالاكەتكە يولۇقتى ۋە زىيان تارتتى.

* * * * * * *

وَإِذْ صَرَفْنَآ إِلَيْكَ نَفَرًا مِّنَ ٱلْجِنِّ يَسْتَمِعُونَ ٱلْقُرْءَانَ فَلَمَّا حَضَرُوهُ قَالُوٓا۟ أَنصِتُوا۟ ۖ فَلَمَّا
قُضِىَ وَلَّوْا۟ إِلَىٰ قَوْمِهِم مُّنذِرِينَ ﴿٢٩﴾ قَالُوا۟ يَـٰقَوْمَنَآ إِنَّا سَمِعْنَا كِتَـٰبًا أُنزِلَ مِنۢ بَعْدِ مُوسَىٰ
مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ يَهْدِىٓ إِلَى ٱلْحَقِّ وَإِلَىٰ طَرِيقٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿٣٠﴾ يَـٰقَوْمَنَآ أَجِيبُوا۟ دَاعِىَ ٱللَّهِ وَءَامِنُوا۟
بِهِۦ يَغْفِرْ لَكُم مِّن ذُنُوبِكُمْ وَيُجِرْكُم مِّنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ ﴿٣١﴾ وَمَن لَّا يُجِبْ دَاعِىَ ٱللَّهِ فَلَيْسَ بِمُعْجِزٍ
فِى ٱلْأَرْضِ وَلَيْسَ لَهُۥ مِن دُونِهِۦٓ أَوْلِيَآءُ ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ فِى ضَلَـٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٣٢﴾

*(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا بىر تۈركۈم جىنلارنى ساڭا قۇرئان تىڭشاشقا ئەۋەتتۇق، ئۇلار قۇرئان تىلاۋىتىگە ھازىر بولغاندا (بىر ـ بىرىگە): «جىم تۇرۇڭلار» دېيىشتى، قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىپ*

www.munber.org

***بولغانلىدىن كېيىن ئۇلار ئۆز قەۋمىگە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ قايتىشتى﴿29﴾. ئۇلار ئېيتتى: «ئى قەۋمىمىز! ھەقىقەتەن بىز مۇسادىن كېيىن نازىل بولغان، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، ھەق دىنغا ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) تىڭشىدۇق» ﴿30﴾. «ئى قەۋمىمىز! اللّٰه غا دەۋەت قىلغۇچى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار ۋە اللّٰه غا ئىمان ئېيتىڭلار، اللّٰه بەزى گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن ساقلايدۇ» ﴿31﴾. كىمكى اللّٰه غا (ئىمان ئېيتىشقا) دەۋەت قىلغۇچىنىڭ (يەنى رەسۇلۇللانىڭ) دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىسا، ئازابتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، اللّٰه دىن باشقا (ئۇنى اللّٰه نىڭ ئازابىدىن ساقلىغۇچى) ياردەمچىلەر بولمايدۇ، ئۇلار (يەنى رەسۇلۇللانىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىغۇچىلار) ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتىدۇر﴿32﴾.***

## جىنلارنىڭ قۇرئاننى تىڭشىغانلىقى ھەققىدىكى قىسسە توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد، زۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا بىر تۈركۈم جىنلارنى ساڭا قۇرئان تىڭشاشقا ئەۋەتتۇق**﴾ دېگەن ئايەتتىكى ئەھۋال نەخلە دېگەن جايدا يۈز بەرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇۋاتاتتى ﴿(قۇرئان تىڭشاش ئۈچۈن) جىنلار (ئولىشىپ) ئۇنى بېسۋېلىشقا تاس قالدۇ﴾[1].

ئىمام ئەھمەد ۋە مەشھۇر ئىمام ئەبۇ بەكرى بەيھەقى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلگىرى جىنلارغا قۇرئان ئوقۇپ بەرمىگەن ۋە ئۇلارنى كۆرۈپمۇ باقمىغان ئىدى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تۈركۈم ساھابىلىرى بىلەن ئۇكاز بازىرىغا كېتىۋاتاتتى. شۇ چاغدا شەيتانلار بىلەن ئاسمان خەۋىرىنىڭ ئارىسىدا ھەقىقەتەن توسالغۇ پەيدا بولغان ئىدى. شەيتانلار ئاسمان خەۋەرلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىماقچى بولغاندا ئۇلارغا كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلار ئېتىلاتتى. شەيتانلار باشلىقلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەندە، باشلىقلىرى: سىلەرگە نېمە بولدى؟ دېيىشتى. ئۇلار: بىز بىلەن ئاسمان خەۋىرى ئارىسىدا توسالغۇ پەيدا بولدى، بىزنىڭ ئۈستىمىزگە كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلار ئېتىلدى، دېيىشتى. باشلىقلىرى: سىلەر بىلەن ئاسمان خەۋىرى ئارىسىدا توسالغۇ پەيدا بولغانلىغا قارىغاندا چوقۇم بىرەر يېڭى ئىش يۈز بېرىپتۇ، زېمىننىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە ئاتلىنىڭلار، سىلەر بىلەن ئاسمان خەۋىرى ئارىسىدا نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىگە قاراڭلار، دەپ بۇيرۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن ئاسمان خەۋىرى ئارىسىدا نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن، زېمىننىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىگە يۈرۈپ كېتىشتى. تەھامە تەرەپكە قاراپ ماڭغان بىر تۈكۈم جىنلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىشتى، دەل شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇككاز بازىرى تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىپ نەخلە دېگەن يەرگە كەلگەندە ساھابىلىرى بىلەن بامدات نامىزىنى ئوقۇۋاتاتتى. جىنلار قۇرئاننى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىشتى. ئۇلار: اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز بىلەن ئاسمان خەۋىرى ئارىسىدا توسالغۇ بولغان نەرسە دەل مانا مۇشۇ، دېيىشتى. ئۇلار بۇ يەردىن قەۋمىنىڭ يېنىغا قايتىپ بارغان چاغدا: ئى قەۋمىمىز! بىز توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىب قۇرئاننى ھەقىقەتەن ئاڭلىدۇق، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىزغا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز، دېدى. اللّٰه پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: ﴿(ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، «بىر قانچە نەپەر جىننىڭ (مەندىن قۇرئان) تىڭشاپ (ئىمان ئېيتقانلىقى) ماڭا ۋەھيى قىلىندى﴾[2] دېگەن ئايەتنى نازىل

[1] سۈرە جىن 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە جىن 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

قىلدى. شۇنداقلا ئۇنىڭغا پەقەت جىنلارنىڭ سۆزلىرى ۋەھيي قىلىنغان ئىدى. ئىمام بۇخارى بۇنىڭغا ئوخشاش مەزمۇندا ھەدىس رىۋايەت قىلغان، بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى ۋەنەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەخلە ۋادىسىدا قۇرئان ئوقۇۋاتقان چاغدا جىنلار ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىشتى، ئۇلار قۇرئاننى ئاڭلىغاندىن كېيىن ﴿(بىر ـ بىرىگە): «جىم تۇرۇڭلار» دېيىشتى﴾ ئۇلار توققۇز نەپەر بولۇپ بىرىنىڭ ئىسمى زۇبئە ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن غالىب، بۈيۈك الله : ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا بىر تۈركۈم جىنلارنى ساڭا قۇرئان تىڭشاشقا ئەۋەتتۇق، ئۇلار قۇرئان تىلاۋىتىگە ھازىر بولغاندا (بىر ـ بىرىگە): «جىم تۇرۇڭلار» دېيىشتى، قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئۆز قەۋمىگە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ قايتىشتى﴾ دېگەن ئايەتنى تاكى ﴿ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتىدۇر﴾ دېگەن ئايەتكىچە نازىل قىلدى. بۇ ھەدىس يۇقىرىدىكى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس بىلەن بىرگە بۇ ئايەتتە دېيىلگەندەك جىنلارنىڭ قۇرئان تىڭشاشقا ھازىر بولغانلىقى بايان قىلىنغان بۇ ئايەتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەزمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. جىنلار پەقەت ئۇنىڭ تىلاۋىتىنى تىڭشىغان، ئاندىن قەۋمىنىڭ يېنىغا ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن قايتىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا توپ ـ توپ ئەلچىلەر جامائەسىنى ئەۋەتكەن.

﴿ئۇلار ئۆز قەۋمىگە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ قايتىشتى﴾ يەنى ئۇلار قەۋمىگە قايتىپ بېرىپ ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغانلىرى بويىچە ئاگاھلاندۇردى.

الله تائالا قەۋمنى ئاگاھلاندۇرغۇچي دىنىي ئالىملار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ الله دىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمايدۇ؟﴾[1].

ئۆلىمالار بۇ ئايەت بىلەن جىنلارنىڭ ئىچىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنىڭ بارلىقىغا، بىراق ئۇلاردىن پەيغەمبەرلەرنىڭ يوقلۇقىغا دەلىل ـ ئىسپات كۆرسىتىدۇ. الله تائالانىڭ جىنلاردىن پەيغەمبەر ئەۋەتمىگەنلىكىدە شەك يوق. الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرى بۇنىڭ دەلىلىدۇر: ﴿بىز سەندىن ئىلگىرى پەقەت شەھەر ئاھالىسىدىن بولغان ئەرلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ، ئۇلارغا ۋەھيى قىلدۇق﴾[2] ﴿بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىلا ئەلۋەتتە تاماق يەيتتى، بازارلاردا مېڭىپ يۈرەتتى﴾[3].

الله دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەيغەمبەرلىكنى، كىتابنى (يەنى ساماۋى كىتابلارنى) ئۇنىڭ ئەۋلادىغا خاس قىلدۇق﴾[4] ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن الله تائالا ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئەۋلادى ۋە نەسلىدۇر.

ئەمما سۈرە ئەنئامدىكى بۈيۈك ۋە يۈكسەك الله تائالانىڭ: ﴿«ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! سىلەرگە ئۆز ئىچىڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى بايان قىلىپ بېرىدىغان، بۇ كۈنۈڭلاردىكى ئۇچرىشىشتىن

---

[1] سۈرە تەۋبە 122 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە يۈسۈف 109 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە فۇرقان 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئەنكەبۇت 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىدىمۇ؟ »﴾[1] دېگەن ئايىتىگە كەلسەك، بۇ ئورۇندا بۇ ئىككى خىل مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسى كۆزدە تۇتۇلغان بولسىمۇ، بىراق پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارغىلا قارىتىلغان.

الله تائالا جىنلارنىڭ ئۆز قەۋملىرىنى ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن خەۋەر قىلغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار ئېيتتى: « ئى قەۋمىمىز! ھەقىقەتەن بىز مۇسادىن كېيىن نازىل بولغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كىتابلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، ھەق دىنغا ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) تىڭشىدۇق »**﴾ جىنلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنى تىلغا ئالمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭغا ئىنجىل نازىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋەز ـ نەسىھەتلەرلا بولۇپ، ھالال ـ ھارام ھەققىدىكى ھۆكۈملەر بولسا ناھايىتى ئاز ئىدى. ئىنجىل ئەمەلىيەتتە تەۋراتقا دائىر شەرىئەتنى تولۇقلاش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان بولۇپ، ئەسلى تايىنىدىغان كىتاب تەۋراتتىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن جىنلار: ﴿**مۇسادىن كېيىن نازىل بولغان**﴾ دېگەن ئىدى.

شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەلگە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە تۇنجى قېتىم ۋەھيي ئېلىپ چۈشكەن قىسسىسىنى بايان قىلغان چاغدا، ئۇ: پاھ ! پاھ! مانا بۇ مۇساغا كەلگەن جىبرىئىلنىڭ دەل ئۆزى شۇ! كاشكى مەن ئۇ چاغدا ياش يىگىت بولۇپ قالغان بولسام ـ ھە! دېگەن ئىدى.

بىز تىڭشىغان بۇ قۇرئان ﴿**ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كىتابلارغا**﴾ يەنى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ﴿**ئۇيغۇن كېلىدىغان**﴾ ئېتىقاد، خەۋەر ۋە ئەمەللەردە ﴿**ھەق دىنغا ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان**﴾ كىتابتۇر.

شەك ـ شۈبھىسىزكى قۇرئان خەۋەر ۋە تەلەپتىن ئىبارەت ئىككى نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ خەۋىرى راستتۇر. تەلىۋى توغرىدۇر، خۇددى الله تائالا ئۆزىنىڭ ئايىتىدە: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزى ناھايىتى راستتۇر، ناھايىتى توغرىدۇر﴾[2] دېگەندەك. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ھەق دىننى بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى﴾[3] ھىدايەت پايدىلىق ئىلىمدىن ئىبارەتتۇر. ﴿**ھەق دىن**﴾ ياخشى ئەمەلدىن ئىبارەتتۇر. جىنلارمۇ مۇشۇنداق دېدى: قۇرئان ئېتىقادلاردا ﴿**ھەق دىنغا**﴾ ۋە ئەمەللەردە توغرا يولغا باشلايدۇ.

﴿**ئى قەۋمىم! الله غا دەۋەت قىلغۇچى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام )نىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار**﴾ بۇ ئايەتتە الله تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىگە دەلىل باردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن الله : ﴿**الله غا دەۋەت قىلغۇچىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار ۋە الله غا ئىمان ئېيتىڭلار**﴾ دېدى.

﴿**الله بەزى گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن ساقلايدۇ**﴾ يەنى الله ئۆزىنىڭ قاتتىق ئازابىدىن سىلەرنى ساقلايدۇ. ئاندىن الله ئۇلاردىن خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كىمكى الله غا (ئىمان ئېيتىشقا ) دەۋەت قىلغۇچىنىڭ (يەنى رەسۇلۇللانىڭ) دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىسا، ئازابتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ**﴾ يەنى الله تائالانىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇنى پۈتۈن ئەتراپتىن قورشاپ تۇرىدۇ.

---

[1] سۈرە ئەنئام 130 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەنئام 115 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە سەف 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

**﴿اللە دىن باشقا (ئۇنى اللە نىڭ ئازابىدىن ساقلىغۇچى) يارداەمچىلەر بولمايدۇ﴾** يەنى ئۇلارنى ئۇ ئازابتىن ھېچكىم قۇتقۇزمايدۇ. **﴿ئۇلار (يەنى رەسۇلۇللانىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىغۇچىلار) ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتىدۇر﴾**.

مانا بۇ تەھدىد قىلىش ۋە قورقۇتۇش ئۇسۇلىدۇر. جىنلار ئۆز قەۋمىنى ساۋابقا رىغبەتلەندۇرۇش ۋە ئازابتىن قورقىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ دەۋەت قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردىن نۇرغۇنلىرىغا دەۋەت قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى ۋە ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن توپ ـ توپ بولۇپ كېلىشتى. بارلىق ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە اللە غا مەنسۇپتۇر.

* * * * * * *

أَوَلَمْ يَرَوْاْ أَنَّ ٱللَّهَ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَلَمْ يَعْىَ بِخَلْقِهِنَّ بِقَـٰدِرٍ عَلَىٰٓ أَن يُحْـِۧىَ
ٱلْمَوْتَىٰ ۚ بَلَىٰٓ إِنَّهُۥ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿٣٣﴾ وَيَوْمَ يُعْرَضُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ عَلَى ٱلنَّارِ أَلَيْسَ هَـٰذَا بِٱلْحَقِّ ۖ
قَالُواْ بَلَىٰ وَرَبِّنَا ۚ قَالَ فَذُوقُواْ ٱلْعَذَابَ بِمَا كُنتُمْ تَكْفُرُونَ ﴿٣٤﴾ فَٱصْبِرْ كَمَا صَبَرَ أُوْلُواْ ٱلْعَزْمِ مِنَ
ٱلرُّسُلِ وَلَا تَسْتَعْجِل لَّهُمْ ۚ كَأَنَّهُمْ يَوْمَ يَرَوْنَ مَا يُوعَدُونَ لَمْ يَلْبَثُوٓاْ إِلَّا سَاعَةً مِّن نَّهَارٍۭ ۚ بَلَـٰغٌ ۚ فَهَلْ
يُهْلَكُ إِلَّا ٱلْقَوْمُ ٱلْفَـٰسِقُونَ ﴿٣٥﴾

*ئۇلار (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى كۇففارلار) بىلمەمدۇكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان ۋە ئۇلارنى يارىتىشتا چارچاپ قالمىغان اللە ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ دۇرۇس، ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴿33﴾. كاپىرلار دوزاخقا توغرىلىنىدىغان كۈندە (ئۇلارغا): «بۇ (يەنى سىلەر ئېتىۋاتقان ئازاب) راست ئەمەسمۇ؟» (دېيىلىدۇ) ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە راستتۇر» دەيدۇ، اللە (ئۇلارغا): «كاپىر بولغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن ئازابنى تېتىڭلار» دەيدۇ﴿34﴾. (ئى مۇھەممەد!) سەن (مۇشرىكلارنىڭ سالغان جاپاسىغا) ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن، ئۇلارغا بولىدىغان ئازابقا ئالدىراپ كەتمىگىن. ئۇلار (ئاخىرەتتە) ۋەدە قىلىنغان ئازابنى كۆرگەندە، (ئۇلار دۇنيادا) گويا كۈندۈزدە بىر دەملا تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ، (بۇ قۇرئان سىلەرگە) تەبلىغدۇر، پەقەت پاسىق قەۋملا ھالاك قىلىنىدۇ﴿35﴾.*

## ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش ھەققىدىكى دەلىللەر توغرىسىدا

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغان، ئۆلۈكلەرنىڭ ھېساب بېرىشى ئۈچۈن قەبرىلىرىدىن تۇرغۇزۇلىدىغانلىقىنى يىراق سانىغان ئەنە شۇ كۇففارلار بىلمەمدۇكى، **﴿ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان ۋە ئۇلارنى يارىتىشتا چارچاپ قالمىغان اللە﴾** يەنى ئۇلارنى يارىتىش ھېچ ئېغىر كەلمىگەن، بەلكى ئۇلارغا: ۋۇجۇدقا كەل دېيىشى بىلەن تەڭ ئۇلار ھېچقانداق قارشىلىق ۋە بويۇنتاۋلىق قىلماستىن اللە تائالانىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلغان ۋە ئۇنى قوبۇل قىلغان، اللە تائالادىن قورققان ۋە تىترىگەن ھالدا ۋۇجۇدقا كەلگەن، ئەنە شۇ اللە ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟

بۈيۈك ۋە غالىب اللە تائالا يەنە بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: **﴿ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى** يارىتىش ئەلۋەتتە ئىنسانلارنى يارىتىشتىن كۆپ قىيىندۇر ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (بۇنى)

www.munber.org

ئۇقمايدۇ﴾[1] شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**دۇرۇس، ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر**﴾ يەنى اللە تائالا ئۆزىگە كۈپۈرلۈق قىلغانلارنى قاتتىق قورقۇتۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كاپىرلار دوزاخقا توغرىلىنىدىغان كۈندە (ئۇلارغا): «بۇ (يەنى سىلەر تېتىۋاتقان ئازاب) راست ئەمەسمۇ؟» (دېيىلىدۇ)**﴾ يەنى ئۇلارغا بۇ راست ئەمەسمۇ؟ بۇ ئازاب سېھىرمۇ ياكى سىلەر ئۇنى كۆرمەيۋاتامسىلەر؟ دېيىلىدۇ.

﴿**ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە راستتۇر» دەيدۇ**﴾ يەنى ئۇلارغا پەقەت ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشتىن باشقا چارە يوق. ﴿**اللە (ئۇلارغا): «كاپىر بولغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن ئازابنى تېتىڭلار» دەيدۇ**﴾.

## پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى سەۋر قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

اللە تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنى، قەۋمىنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقىغا سەۋر قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) سەن (مۇشرىكلارنىڭ سالغان جاپاسىغا) ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر**﴾ قەۋملىرىنىڭ ئۆزلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقىغا ﴿**سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن**﴾ ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر نوھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىسا ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامدىن ئىبارەتتۇر. اللە تائالا ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى سۈرە ئەھزاب بىلەن سۈرە شۇرادىكى ئىككى ئايەتتە ئېنىق بايان قىلغان ئىدۇق.

﴿**ئۇلارغا بولىدىغان ئازابقا ئالدىراپ كەتمىگىن**﴾ يەنى ئۇلارغا چۈشۈدىغان ئازابنىڭ تېزرەك چۈشۈشى ئۈچۈن ئالدىراپ كەتمىگىن. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ ئايەتلىرىمنى) ئىنكار قىلغۇچى دۆلەتمەنلەرنى ماڭا قويۇۋەتكىن (يەنى ئۇلارنىڭ جازاسىنى ئۆزەم بېرىمەن)، ئۇلارغا ئازغىنا مۆھلەت بەرگىن﴾[2] ﴿(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا ئالدىرىمىغىن، ئۇلارغا ئازراق مۆھلەت بەرگىن (ئۇزاققا قالماي ئۇلارغا قانداق قىلىدىغانلىقىمنى كۆرىسەن﴾[3].

﴿**ئۇلار (ئاخىرەتتە) ۋەدە قىلىنغان ئازابنى كۆرگەندە، (ئۇلار دۇنيادا) گويا كۈندۈزدە بىر دەملا تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ**﴾ بۇ ھەقتە بۈيۈك ۋە يۈكسەك اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار قىيامەتنى كۆرگەن كۈندە، گويا ئۆزلىرىنى (دۇنيادا) پەقەت بىر كەچقۇرۇن ياكى بىر ئەتىگەن تۇرغاندەك (گۇمان قىلىدۇ)﴾[4] ﴿قىيامەت كۈنى اللە ئۇلارنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يىغىدۇ، (ئۇلارغا دۇنيادا تۇرغان مۇددىتى) كۈندۈزدە ئازغىنا ۋاقىت تۇرغاندەك قىسقا بىلىنىدۇ، ئۇلار ئۆزئارا تونۇشىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ اللە غا مۇلاقات بولۇشىنى (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشىنى) ئىنكار قىلغانلار چوقۇم زىيان تارتىدۇ، ئۇلار توغرا يول تاپمىدى﴾[5].

﴿**(بۇ قۇرئان سىلەرگە) تەبلىغدۇر، پەقەت پاسىق قەۋملا ھالاك قىلىنىدۇ**﴾ يەنى اللە پەقەت يامان ئىش قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى ھالاك قىلغۇچى ئادەمنىلا ھالاك قىلىدۇ. بۇ غالىب ۋە بۈيۈك اللە تائالانىڭ ئادىللىقى بولۇپ، اللە تائالا پەقەت ئازابقا تېگىشلىك بولغان كىشىنىلا ئازابلايدۇ.

---

[1] سۈرە غافىر 57- ئايەت.
[2] سۈرە مۇزەممىل 11 - ئايەت.
[3] سۈرە تارىق 17 - ئايەت.
[4] سۈرە نازىئات 46 - ئايەت.
[5] سۈرە يۇنۇس 45 - ئايەت.

www.munber.org

شۇنىڭ بىلەن سۈرە ئەھقافنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. بارلىق ھەمدۇسانالار ئۇلۇغ اللہ تائالاغا خاستۇر!
اللہ تائالا توغرا ئىشقا تەۋپىق بەرگۈچىدۇر، خاتالىقتىن ساقلىغۇچىدۇر.

www.munber.org

مەدىنىدە نازىل بولغان　سۈرە مۇھەممەد　38 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَصَدُّواْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ أَضَلَّ أَعۡمَٰلَهُمۡ ۝١ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ
ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَءَامَنُواْ بِمَا نُزِّلَ عَلَىٰ مُحَمَّدٖ وَهُوَ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّهِمۡ كَفَّرَ عَنۡهُمۡ سَيِّـَٔاتِهِمۡ وَأَصۡلَحَ بَالَهُمۡ ۝٢
ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ ٱتَّبَعُواْ ٱلۡبَٰطِلَ وَأَنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّبَعُواْ ٱلۡحَقَّ مِن رَّبِّهِمۡۚ كَذَٰلِكَ يَضۡرِبُ ٱللَّهُ
لِلنَّاسِ أَمۡثَٰلَهُمۡ ۝٣

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***كاپىر بولغان ۋە (كىشىلەرنى) اللەنىڭ يولىدىن توسقانلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىنى الله بىكار قىلىۋېتىدۇ﴿1﴾. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ، مۇھەممەدكە نازىل قىلىنغان قۇرئانغا ـ قۇرئان ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر ـ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ گۇناھلىرىنى الله ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ، ئۇلارنىڭ ھالىنى ياخشىلايدۇ (شۇنىڭ بىلەن ئۇلارگۇناھ قىلمايدۇ)﴿2﴾. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۈركى، كاپىرلار باتىلغا (يەنى شەيتانغا) ئەگەشتى، مۆمىنلەر بولسا، پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتكە (يەنى قۇرئانغا) ئەگەشتى، الله ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى شۇنداق بايان قىلىدۇ﴿3﴾.***

## كۇففارلارنىڭ جازاسى ۋە مۆمىنلەرنىڭ مۇكاپاتى توغرىسىدا

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا نىڭ ئايەتلىرىگە ﴿**كاپىر بولغان ۋە (كىشىلەرنى) اللەنىڭ يولىدىن توسقانلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىنى الله بىكار قىلىۋېتىدۇ**﴾ يەنى ئۇنى بىكار قىلىپ يوق قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭغا ساۋابمۇ بەرمەيدۇ، مۇكاپاتمۇ بەرمەيدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز، (يەنى ئۇلار ئىمانسىز بولغانلىقتىن، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىمىز)﴾[1].

﴿**ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ**﴾ يەنى چىن دىلى ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىمان ئېيتقان، ئىچكى ۋە تاشقى پۈتۈن ئەزالىرى الله نىڭ شەرىئىتىگە بويسۇنغانلارنىڭ ﴿**مۇھەممەدكە نازىل قىلىنغان قۇرئانغا ـ قۇرئان ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر ـ ئىمان**

[1] سۈرە فۇرقان 23 ـ ئايەت.

ئېيتقانلارنىڭ﴾ بۇ ئايەت، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەندىن كېيىن قۇرئانغا ئىمان ئېيتىش ئىماننىڭ ساغلام بولۇشىدىكى بىرىنچى شەرت ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

﴿گۇناھلىرىنى اللە ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ، ئۇلارنىڭ ھالىنى ياخشىلايدۇ (شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گۇناھ قىلمايدۇ)﴾ چۈشكۈرگۈچىنىڭ دۇئاسى رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «اللہ سىلەرنى ھىدايەت قىلسۇن، ھالىڭلارنى ياخشىلىسۇن».

﴿بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، كاپىرلار باتىلغا (يەنى شەيتانغا) ئەگەشتى﴾ يەنى بىز پەقەت كاپىرلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىكار قىلىپ، ياخشى كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ياخشىلىدۇق. چۈنكى، كاپىرلار باتىلغا ئەگەشتى، يەنى ئۇلار ھەقنى قويۇپ باتىل يولنى تاللىدى.

﴿مۆمىنلەر بولسا، پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتكە (يەنى قۇرئانغا) ئەگەشتى، اللە ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى شۇنداق بايان قىلىدۇ﴾ يەنى اللہ ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى، ئۇلارنىڭ قىيامەتتە بارىدىغان جايلىرىنى ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ.

* * * * * * *

فَإِذَا لَقِيتُمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَضَرْبَ ٱلرِّقَابِ حَتَّىٰٓ إِذَآ أَثْخَنتُمُوهُمْ فَشُدُّواْ ٱلْوَثَاقَ فَإِمَّا مَنًّۢا بَعْدُ
وَإِمَّا فِدَآءً حَتَّىٰ تَضَعَ ٱلْحَرْبُ أَوْزَارَهَا ۚ ذَٰلِكَ وَلَوْ يَشَآءُ ٱللَّهُ لَٱنتَصَرَ مِنْهُمْ وَلَٰكِن لِّيَبْلُوَاْ بَعْضَكُم
بِبَعْضٍ ۗ وَٱلَّذِينَ قُتِلُواْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ فَلَن يُضِلَّ أَعْمَٰلَهُمْ ﴿٤﴾ سَيَهْدِيهِمْ وَيُصْلِحُ بَالَهُمْ ﴿٥﴾ وَيُدْخِلُهُمُ
ٱلْجَنَّةَ عَرَّفَهَا لَهُمْ ﴿٦﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِن تَنصُرُواْ ٱللَّهَ يَنصُرْكُمْ وَيُثَبِّتْ أَقْدَامَكُمْ ﴿٧﴾ وَٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ فَتَعْسًا لَّهُمْ وَأَضَلَّ أَعْمَٰلَهُمْ ﴿٨﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ كَرِهُواْ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فَأَحْبَطَ أَعْمَٰلَهُمْ ﴿٩﴾

*سىلەر كۇففارلارغا (جەڭ مەيدانىدا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار، سىلەر ئۇلارنى قىرىپ (مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلاردا سىلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان كۈچ قالمىغان چاغدا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن توختاپ)، ئۇلارنى ئەسىر ئېلىڭلار، ئاندىن ئۇلارنى ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار، ياكى فىديە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار، تاكى ئۇرۇش ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈكىنى تاشلىغانغا قەدەر (يەنى ئۇرۇش توختىغانغا قەدەر) ئىش مانا شۇنداقتۇر. ئەگەر اللە خالىسا ئەلۋەتتە (سىلەرنى ئۇرۇشقا تەكلىپ قىلماستىنلا) ئۇلارنى جازالىغان بولاتتى، لېكىن اللە بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىناش ئۈچۈن (يەنى ئىمانىڭلارنى سىناش ئۈچۈن جىھادقا ئەمىر قىلدى)، اللەنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ (يەنى شېھىتلەرنىڭ) ئەمەللىرىنى اللە بىكار قىلىۋەتمەيدۇ[4]. اللە ئۇلارنى ھىدايەت قىلىدۇ ۋە ھالىنى ياخشىلايدۇ[5]. اللە ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، اللە ئۇنى ئۇلارغا تونۇتتى (يەنى جەننەتكە كىرگەن ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇ يەردىكى جايىنى ئىلگىرى كۆرگەندەكلا بىلىدۇ)[6]. ئى مۆمىنلەر! سىلەر اللەغا (يەنى اللەنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، اللە سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ، قەدىمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ[7]. كاپىرلارنى اللە ھالاك قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىنى بىكار قىلىدۇ[8]. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار اللە نازىل قىلغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) يامان كۆرۈش بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەللىرىنى بەربات قىلدى[9].*

www.munber.org

## دۈشمەننىڭ بوينىغا چېپىشقا، ئۇنى ئەسىر ئېلىشقا، ئاندىن ياخشىلىق قىلىپ ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇش توغرىسىدا

الله تائالا مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ مۇشرىكلار بىلەن بولغان جەڭلىرىدە تايىنىشقا تېگىشلىك نەرسىگە تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿سىلەر كۇففارلارغا (جەڭ مەيدانىدا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار﴾** يەنى ئۇلارغا يۈزلەنسەڭلار، ئۇلارنى قىلىچلار بىلەن چېپىپ قىرىپ تاشلاڭلار.

**﴿سىلەر ئۇلارنى قىرىپ (مەغلۇب قىلىپ، ئۇلاردا سىلەرگە قارشى كۆرستىدىغان كۈچ قالمىغان چاغدا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن توختاپ) ئۇلارنى ئەسىر ئېلىڭلار﴾** قېچىپ كەتمەسلىكى ۋە سىلەرگە قارشىلىق قىلماسلىقى ئۈچۈن ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى چىڭ باغلاڭلار، ئاندىن ئۇرۇش تۈگەپ، جەڭ مەيدانىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئەسىرلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا سىلەرگە ئىختىيارلىق بېرىلدى. ئەگەر سىلەر خالىساڭلار ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىپ، ئۇلارنى ھەقسىز يەنى تۆلەمسىز قويۇۋېتىڭلار، ئەگەر خالىساڭلار ئۇلارغا ئۇلارنى قويۇپ بېرىش بەدىلىگە پۇل ـ مال بېرىش شەرتىنى قويۇپ، ئۇلاردىن فىدىيە ئېلىڭلار. بۇ ئايەتتىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ ئايەت بەدر ئۇرۇشىدىن كېيىن نازىل بولغان. پاك ۋە يۈكسەك الله ھەقىقەتەن شۇ كۈندە مۆمىنلەرنىڭ ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىشنى كۆزلەپ، مۇشرىكلارنى ئاز ئۆلتۈرۈپ، كۆپ ئەسىر ئالغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا كايىپ مۇنداق دېدى: **﴿پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپەرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى. (ئى مۆمىنلەر! سىلەر فىدىيە ئېلىش بىلەن) دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەيسىلەر، الله سىلەرگە ئاخىرەتنى (يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى) تىلەيدۇ. الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. الله نىڭ (ئوچۇق چەكلەنمىگەن ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ھۆكمى ئەزەلدە بولمىسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار﴾**[1].

**﴿تاكى ئۇرۇش ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈكىنى تاشلىغانغا قەدەر (يەنى ئۇرۇش توختىغانغا قەدەر) ئىش مانا شۇنداقتۇر﴾** مۇجاھىد بۇ ئايەتنى تاكى: مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام چۈشكەنگە قەدەر ئىش مانا شۇنداقتۇر، دەپ تەپسىر قىلغان. ئۇ بۇ چۈشەنچىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر داۋاملىق ھەق ئۈستىدە بولىدۇ، تاكى ئۇلارنىڭ ئاخىرقىلىرى دەججال بىلەن جەڭ قىلىدۇ» دېگەن سۆزىدىن ئالغانلىقى مەلۇمدۇر. ئىمام ئەھمەد، جۇبەير ئىبنى نۇفەيلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سەلەمە ئىبنى نۇفەيل ئۇلارغا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا: مەن ھەقىقەتەن ئاتتىن زېرىكتىم، قورالنى تاشلىدىم، ئۇرۇش ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈكىنى تاشلىدى، مەن ئەمدى ھېچ ئۇرۇش بولمايدۇ، دېدىم. دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا: «ئۇرۇش ئەمدى باشلاندى، مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر داۋاملىق ئازغۇن ئىنسانلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. الله تائالا نۇرغۇن قەۋملەرنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتتىن بۇرىۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دىللىرى بۇرىۋېتىلگەنلەر بىلەن جىھاد قىلىدۇ، الله مۇجاھىدلارغا ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى غەنىمەت قىلىپ رىزىق قىلىپ بېرىدۇ، تاكى الله نىڭ ئەمرى يەنى قىيامەت كەلگەنگە قەدەر ئۇلار مانا شۇ ھالەتتە داۋام قىلىدۇ، بىلىڭلاركى، مۆمىنلەرنىڭ يۇرتىنىڭ مەركىزى شام زېمىنىدۇر، ئاتلارنىڭ كۆكۈللىرىغا

[1] سۈرە ئەنفال 67 - 68 - ئايەتلەر.

www.munber.org

قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق چېكىلگەندۇر» دېگەنلىكىنى خەۋەر قىلغان، بۇ ھەدىسنى ئىمام نەسائىمۇ مۇشۇنداق رىۋايەت قىلغان.

**﴿ئەگەر اللە خالىسا ئەلۋەتتە (سىلەرنى ئۇرۇشقا تەكلىپ قىلماستىنلا) ئۇلارنى جازالىغان بولاتتى﴾** يەنى ئەگەر اللە خالىسا ئۆز ئازاب دەرگاھىدىن چۈشۈرۈش ئارقىلىق كاپىرلارنى چوقۇم جازالىغان بولاتتى.

**﴿لېكىن اللە بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىناش ئۈچۈن (يەنى ئىمانىڭلارنى سىناش ئۈچۈن جىھادقا ئەمىر قىلدى)﴾** يەنى سىلەرنى سىناش ئۈچۈن، سىرلىرىڭلاردىن ۋاقىپ بولۇش ئۈچۈن اللە سىلەرگە جىھادنى، دۈشمەنلەر بىلەن جەڭ قىلىشنى يولغا قويدى. اللە جىھادنى يولغا قويۇشتىكى ھېكمىتىنى سۈرە ئال ئىمراندىكى: ﴿(ئى مۆمىنلەر جامائەسى!) اللە سىلەردىن (ھەقىقىي) جىھاد قىلغانلارنى ۋە (جىھادنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغۇچىلارنى بىلمەي (يەنى ئايرىماي تۇرۇپ)، (پەقەت ئاغزىڭلاردا ئىمان ئېيتتۇق دېيىش بىلەنلا) جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟﴾ [1] دېگەن ئايىتىدە ۋە سۈرە تەۋبىدىكى:﴿ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىڭلار، اللە ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن جازالايدۇ. اللە ئۇلارنى خار قىلىدۇ، اللە سىلەرنى ئۇلار ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ. (ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىپ، كاپىرلارنى جازالاپ) مۆمىن قەۋمنىڭ كۆڭلىگە شىپالىق (يەنى تەسەللى) بېرىدۇ. ھەم ئۇلارنى دىللىرىدىكى ئاچچىقتىن خالاس قىلىدۇ. اللە خالىغان ئادەمنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. اللە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[2] دېگەن ئايىتىدە بايان قىلغان.

## شېھىتلەرنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

نۇرغۇن مۆمىنلەرنىڭ ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كېتىشى ئۇرۇشنىڭ ئەسلى ماھىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن اللە مۇنداق دەيدۇ:**﴿اللەنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ (يەنى شېھىتلەرنىڭ) ئەمەللىرىنى اللە بىكار قىلىۋەتمەيدۇ﴾** يەنى ئۇنى ھەرگىز يوق قىلىۋەتمەيدۇ، بەلكى ئۇنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىپ ئاۋۇتۇپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئەمەلىنىڭ ساۋابى ئۇنىڭ پۈتۈن بەرزەخ ھاياتىدا (يەنى قەبرىگە كىرگەندىن تارتىپ قىيامەت بولغانغا قەدەر) ئۇنىڭغا يېتىپ تۇرىدۇ.

بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد، قەيس ئىبنى جۇزامىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شېھىتنىڭ تۇنجى بىر تامچە قېنى تامچىغان چاغدىلا ئۇنىڭغا ئالتە تۈرلۈك ئالاھىدىلىك بېرىلىدۇ. يەنى ئۇنىڭ پۈتۈن خاتالىقلىرى ئۆچۈرۈلىدۇ، جەننەتتىكى ئورنىنى كۆرىدۇ، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر جۈپ قىلىپ بېرىلىدۇ، چوڭ قورقۇنچتىن، قەبرە ئازابىدىن ئەمىن قىلىنىدۇ، ئىمان گۈزەللىكى بىلەن بېزىلىدۇ».

ئىمام ئەبۇداۋۇد، ئەبۇدەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شېھىتنىڭ ئائىلە ـ تەۋەسىدىن 70 كىشىگە شاپائەت قىلىنىدۇ» شېھىتنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ.

**﴿اللە ئۇلارنى﴾** جەننەت تەرەپكە **﴿ھىدايەت قىلىدۇ﴾** اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى پەرۋەردىگارى، ئۇلارنىڭ ئىمانى سەۋەبىدىن، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان نازۇ ـ نېمەتلىك جەننەتلەرگە يېتەكلەيدۇ﴾[3].

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 142 ـ ئايەت.
[2] سۈرە تەۋبە 14 ـ 15 ـ ئايەتلەر
[3] سۈرە يۇنۇس 9 ـ ئايەت.

www.munber.org

﴿**ۋە ھالىنى ياخشىلايدۇ. اللە ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، اللە ئۇنى ئۇلارغا تونۇتتى (يەنى جەننەتكە كىرگەن ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇ يەردىكى جايىنى ئىلگىرى كۆرگەندەكلا بىلىدۇ)**﴾ يەنى اللّٰه تائالا ئۇلارغا جەننەتنى تونۇتتى ۋە ئۇلارنى ئۇنىڭغا يېتەكلىدى. مۇجاھىد بۇ ئايەت ھەققىدە: ئەھلى جەننەت اللّٰه تائالا ئۇلارغا جەننەتتە تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئۆيلىرىگە، تۇرالغۇ جايلىرىغا، ھېچ خاتالاشماستىن، گويا ئۇلار يارىتىلغاندىن بېرى شۇ ئۆيلەردە تۇرۇۋاتقاندەكلا، بىرەرسىنىڭ كۆرسىتىپ قويۇشىغىمۇ موھتاج بولماستىن تېپىپ بارىدۇ، دېگەن.

ئىمام بۇخارى، ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« ئەگەر مۆمىنلەر دوزاختىن قۇتۇلسا، ئۇلار جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىسىدىكى بىر كۆۋرۈك ئۈستىدە توسۇلۇپ قالىدۇ، ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا ئۆز ئارا قىلىشقان زۇلۇملاردىن بىر ـ بىرىدىن قىساس ئېلىشىدۇ. تاكى ئۇلار قىلغان زۇلۇملىرىدىن پاكلىنىپ تازىلانغان چاغدا، ئۇلارغا جەننەتكە كىرىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات اللّٰه بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلاردىن بىرى جەننەتتىكى ئۆيىنى دۇنيادىكى ئۆزى ئولتۇرغان ئۆيىدىنمۇ ئاسان تېپىپ بارىدۇ »

## "اللّٰه تائالاغا ياردەم بېرىڭلار، اللّٰه تائالامۇ سىلەرگە ياردەم بېرىدۇ" دېگەن سۆز توغرىسىدا

﴿**ئى مۆمىنلەر! سىلەر اللەغا (يەنى اللەنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، اللە سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ، قەدەمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ**﴾ اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى اللەنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە اللە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ﴾[1] شەك ـ شۈبھىسىزكى، مۇكاپات ئەمەلنىڭ ئۆز تىپىدىن بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن اللّٰه تائالا: ﴿**قەدەمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ**﴾ دېدى. بىر ھەدىستە مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: كىمكى سۇلتانغا (پادىشاھ ياكى ۋالىغا) ھاجىتىنى يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايدىغان كىشىنىڭ ھاجىتىنى يەتكۈزۈپ قويسا، اللّٰه تائالا ئۇنىڭ قەدەملىرىنى قىيامەت كۈنىگىچە توغرا يول ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلىدۇ.

﴿**كاپىرلارنى اللە ھالاك قىلىدۇ**﴾ بۇ اللّٰه تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بەرگۈچى مۆمىنلەرنىڭ قەدەملىرىنى مۇستەھكەم قىلىشنىڭ دەل ئەكسىدۇر. ئىمام بۇخارى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« تىللاغا قۇل بولغان، تەڭگىگە قۇل بولغان، يىپەك رەختكە قۇل بولغان ئادەم ھالاك بولسۇن! ئۇ ھالاك بولدى، ئۇنى ئاچكۆزلۈكتىن ئىبارەت بىر كېسەل چىرمىۋالدى. ئەگەر ئۇ يىقىلىپ تىكەن كىرىپ كەتسە، ئۇنى چىقىرالمايدۇ » يەنى غالىب ۋە بۈيۈك اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا شىپالىق بەرمەيدۇ.

﴿**ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىنى بىكار قىلىدۇ**﴾ يەنى اللّٰه تائالا ئۇنى بىكار قىلىپ يوققا چىقىرىدۇ.

﴿**بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار اللە نازىل قىلغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) يامان كۆرۈش بىلەن**﴾ يەنى ئۇنى خالىماسلىق ۋە ياقتۇرماسلىق بىلەن ﴿**ئۆزلىرىنىڭ ئەمەللىرىنى بەربات قىلدى**﴾.

* * * * * * *

www.munber.org

[1] سۈرە ھەج 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

۞ أَفَلَمْ يَسِيرُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ فَيَنظُرُوا۟ كَيْفَ كَانَ عَـٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ ۚ دَمَّرَ ٱللَّهُ عَلَيْهِمْ ۖ
وَلِلْكَـٰفِرِينَ أَمْثَـٰلُهَا ﴿١٠﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ مَوْلَى ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَأَنَّ ٱلْكَـٰفِرِينَ لَا مَوْلَىٰ لَهُمْ ﴿١١﴾ إِنَّ ٱللَّهَ
يُدْخِلُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ جَنَّـٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَـٰرُ ۖ وَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ يَتَمَتَّعُونَ
وَيَأْكُلُونَ كَمَا تَأْكُلُ ٱلْأَنْعَـٰمُ وَٱلنَّارُ مَثْوًى لَّهُمْ ﴿١٢﴾ وَكَأَيِّن مِّن قَرْيَةٍ هِىَ أَشَدُّ قُوَّةً مِّن قَرْيَتِكَ ٱلَّتِىٓ
أَخْرَجَتْكَ أَهْلَكْنَـٰهُمْ فَلَا نَاصِرَ لَهُمْ ﴿١٣﴾

***ئۇلار زېمىندا سەير قىلىپ ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ اللە ئۇلارنى ھالاك قىلدى. (مەككە) كاپىرلىرىمۇ شۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدۇ[10]. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، اللە مۆمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر، كاپىرلارغا مەدەتكار يوقتۇر[11]. شۈبھىسىزكى، اللە ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، كاپىرلار (ھاياتى دۇنيادا ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن) بەھرىمان بولىدۇ ۋە چاھارپايلاردەك يەپ ـ ئىچىدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ[12]. سېنى ھەيدەپ چىقارغان شەھەرنىڭ (يەنى مەككىنىڭ) ئاھالىسىدىن كۈچلۈك بولغان نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسىنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارغا ھېچ قانداق ياردەم قىلغۇچى بولمىدى[13]***

## دوزاخنىڭ كۇففارلار ئۈچۈن، جەننەتنىڭ تەقۋادارلار ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى توغرىسىدا

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: اللە تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلەر، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغانلار، ﴿**ئۇلار زېمىندا سەير قىلىپ ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ اللە ئۇلارنى ھالاك قىلدى**﴾ يەنى ئۇلار ھەقنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە اللە تائالاغا كۇفرىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن اللە تائالا ئۇلارنى جازالىدى، مۆمىنلەرنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن قۇتقۇزۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(مەككە) كاپىرلىرىمۇ شۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدۇ**﴾.

﴿**بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، اللە مۆمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر، كاپىرلارغا مەدەتكار يوقتۇر**﴾ شۇنىڭ ئۈچۈن ئوھۇد جېڭى بولغان كۈنى مۇشرىكلارنىڭ باشلىقى ئەبۇ سۇفيان سەخر ئىبنى ھەرب مۇسۇلمانلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قاتارلىقلارنى سۈرۈشتە قىلىپ سورىغان چاغدا، ئۇنىڭغا ھېچكىم جاۋاب بەرمىگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆرەڭلەپ: ئۇلار جەزمەن ھالاك بولۇپتۇ، دېگەن. بۇ ۋاقىتتا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: ئى اللە تائالانىڭ دۈشمىنى! يالغان سۆزلىدىڭ، بەلكى اللە تائالا سېنى بىرەر يامانلىققا گىرىپتار قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ساقلاپ قالدى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، سەن ئىسمىنى سانىغان كىشىلەر ئەلۋەتتە ھاياتتۇر، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ سۇفيان: بۈگۈن بەدرى جېڭى بولغان كۈن بىلەن تەڭلەشتۇق، ئۇرۇش شۇنداق بولىدۇ، بەزىدە سىلەر غەلىبە قىلىسىلەر، بەزىدە بىز غەلىبە قىلىمىز. سىلەر ئۆلۈكلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا قولاق ـ بۇرۇنلىرى كېسىلگەنلەرنى كۆرىسىلەر، مەن ئادەملىرىمنى ئۇنداق قىلىشقا بۇيرۇمىدىم ۋە ئۇنداق قىلغانلارنىمۇ توسمىدىم، دېگەن. ئاندىن: يۈكسەك بول ھۇبەل! يۈكسەك بول ھۇبەل! دەپ ۋارقىراپ، بېيت ئوقۇغاچ ئارقىغا قايتقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: «ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەمسىلەر؟» دېگەن.

www.munber.org

ئۇلار: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! بىز نېمە دەيمىز؟ دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «الله تائالا يوكسەكتۇر، بۈيۈكتۇر» دەڭلار دېگەن. ئاندىن ئەبۇ سۇفيان: بىزنىڭ ئۇززا بار، سىلەرنىڭ ئۇززايىڭلار يوق، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: «ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەمسىلەر؟» دېگەن. ئۇلار: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! بىز نېمە دەيمىز؟ دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «بىزنىڭ مەدەتكارىمىز الله تائالادۇر، سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلار يوقتۇر دەڭلار» دېگەن.

﴿**شۈبھىسىزكى، الله ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى**﴾ قىيامەت كۈنى ﴿**ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، كاپىرلار (ھاياتى دۇنيادا ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولىدۇ**﴾ ئۇنىڭدىن ﴿**ۋە چاھارپايلاردەك**﴾ يەنى چاھارپايلاردەك ئالدىغا كەلگەننى پۇرلاپ يەپ ـ ئىچكەندەك ﴿**يەپ ـ ئىچىدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ھاياتى پەقەت يەپ ـ ئىچىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام بۇخارى بىر ھەدىستە مۇنداق رىۋايەت قىلغان: «مۆمىن بىر ئۈچەيگە يەيدۇ، كاپىر يەتتە ئۈچەيگە يەيدۇ» ئۇلار جازاغا تارتىلىدىغان كۈن ﴿**(ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ**﴾.

﴿**سېنى ھەيدەپ چىقارغان شەھەرنىڭ (يەنى مەككىنىڭ) ئاھالىسىدىن كۈچلۈك بولغان نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسىنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارغا ھېچ قانداق ياردەم قىلغۇچى بولمىدى**﴾ بۇ ئايەت مەككە ئاھالىسىنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى ۋە ئاخىرقىسى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا قاتتىق تەھدىد قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى قورقىتىدۇ. غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالا ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھەقىقەتەن ئۆزلىرىنىڭ سەۋەبىدىن ھالاك قىلدى. ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر مەككە مۇشرىكلىرىدىن كۈچ جەھەتتە ئۈستۈن ئىدى، ئىش مانا مۇشۇنداق ئىكەن، مەككە مۇشرىكلىرى ئۆزلىرىگە الله دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قانداق مۇئامىلىدە بولار دەپ ئويلايدۇ؟ الله پۈتۈن ئىنسانلارغا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنىڭ بەرىكىتىدىن دۇنيادا مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرىدىن ئازابنى كۆتۈرۈۋەتتى، كاپىرلار قىيامەتتە تولۇق جازاغا تارتىلىدۇ: ﴿ئۇلار قاتمۇ قات ئازابقا دۇچار بولىدۇ، (ھەقنى) ئاڭلاشقا ۋە (ھەقنى) كۆرۈشكە قادىر بولالمايدۇ﴾[1].

﴿**سېنى ھەيدەپ چىقارغان شەھەرنىڭ (يەنى مەككىنىڭ) ئاھالىسىدىن**﴾ يەنى ئۇلار سېنى ئۆز ئارىسىدىن ھەيدەپ چىقارغانلاردۇر. ئىبنى ئەبۇ ھاتەم، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن غارغا قاراپ چىقىپ ئۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن چاغدا، مەككىگە قاراپ تۇرۇپ: «سەن الله تائالانىڭ شەھەرلىرىدىن الله تائالاغا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان شەھەرسەن، سەن الله تائالانىڭ شەھەرلىرىدىن ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان شەھەرسەن، ئەگەر مۇشرىكلار مېنى ھەيدەپ چىقىرىۋەتمىگەن بولسا، مەن سەندىن ھەرگىز چىقىپ كەتمەيتتىم» دېگەن.

ئەڭ دۈشمەن ھېسابلىنىدىغان ئادەم الله تائالانىڭ ھەرىمىدە الله تائالاغا تاجاۋۇز قىلغان، ياكى گۇناھسىز ئادەم ئۆلتۈرگەن ۋە ياكى ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى ئىنتىقاملىرى ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرگەن ئادەمدۇر. شۇڭا الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: ﴿**سېنى ھەيدەپ چىقارغان شەھەرنىڭ (يەنى مەككىنىڭ) ئاھالىسىدىن كۈچلۈك بولغان نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسىنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارغا ھېچ قانداق ياردەم قىلغۇچى بولمىدى**﴾

* * * * * * *

[1] سۈرە ھۇد 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

أَفَمَن كَانَ عَلَىٰ بَيِّنَةٍ مِّن رَّبِّهِۦ كَمَن زُيِّنَ لَهُۥ سُوٓءُ عَمَلِهِۦ وَٱتَّبَعُوٓاْ أَهْوَآءَهُم ﴿١٤﴾ مَّثَلُ ٱلْجَنَّةِ
ٱلَّتِى وُعِدَ ٱلْمُتَّقُونَ ۖ فِيهَآ أَنْهَٰرٌ مِّن مَّآءٍ غَيْرِ ءَاسِنٍ وَأَنْهَٰرٌ مِّن لَّبَنٍ لَّمْ يَتَغَيَّرْ طَعْمُهُۥ وَأَنْهَٰرٌ مِّنْ خَمْرٍ لَّذَّةٍ
لِّلشَّٰرِبِينَ وَأَنْهَٰرٌ مِّنْ عَسَلٍ مُّصَفًّى ۖ وَلَهُمْ فِيهَا مِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِ وَمَغْفِرَةٌ مِّن رَّبِّهِمْ ۖ كَمَنْ هُوَ خَٰلِدٌ فِى
ٱلنَّارِ وَسُقُواْ مَآءً حَمِيمًا فَقَطَّعَ أَمْعَآءَهُمْ ﴿١٥﴾

*پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان روشەن دەلىللەرگە ئاساسلانغان ئادەم (يەنى مۆمىن) ئۆزىنىڭ يامان ئەمەلى چىرايلىق كۆرسىتىلگەن ۋە نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشكەن ئادەمگە (يەنى كاپىرغا) ئوخشامدۇ؟ ﴿14﴾. تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇ يەردە رەڭگى ئۆزگەرمىگەن سۇدىن ئۆستەڭلار، تەمى ئۆزگەرمىگەن سۈتتىن ئۆستەڭلار، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان مەيدىن ئۆستەڭلار ۋە ساپ ھەسەلدىن ئۆستەڭلار بولىدۇ، ئۇلارغا جەننەتتە ھەرخىل بولىدىغان تۈرلۈك مېۋىلەر بولىدۇ ۋە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن مەغپىرەت بولىدۇ، (مۇنداق تەقۋادارلار) دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغان، قايناقسۇ بىلەن سۇغىرىلىپ (قىزىقلىقىدىن) ئۈچەيلىرى پارە ـ پارە قىلىنىدىغانلار بىلەن ئوخشاشمۇ؟ ﴿15﴾.*

## ھەقىقەتكە ئەگەشكۈچى بىلەن نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكۈچىنىڭ باراۋەر بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان روشەن دەلىللەرگە ئاساسلانغان ئادەم**﴾ يەنى اللە تائالا كىتابىدا نازىل قىلغان ھىدايەت، ئىلىم ۋە ئىنساننى ئۆستىدە قىلىپ ياراتقان توغرا دىن قاتارلىق اللە تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانى ۋە دىنىدىن ئىبارەت روشەن دەلىللەرگە ۋە ھەقىقى ئىشەنچىگە ئاساسلانغان ئادەم ﴿(**يەنى مۆمىن)ئۆزىنىڭ يامان ئەمەلى چىرايلىق كۆرسىتىلگەن ۋە نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشكەن ئادەمگە (يەنى كاپىرغا) ئوخشامدۇ؟**﴾ يەنى مۆمىن كاپىرغا ھەرگىز ئوخشاش ئەمەس، بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم (ھەقنى كۆرمەيدىغان دىلى) كور ئادەم بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟﴾[1] ﴿ئەھلى دوزاخ بىلەن ئەھلى جەننەت (قىيامەت كۈنى) باراۋەر بولمايدۇ، ئەھلى جەننەت بولسا مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[2].

## جەننەتنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئۆستەڭلىرىنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا

﴿**تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى**﴾ يەنى نېمىتى ﴿**شۇكى، ئۇ يەردە رەڭگى ئۆزگەرمىگەن**﴾ يەنى پۇراپ قالمىغان ﴿**سۇدىن ئۆستەڭلار، تەمى ئۆزگەرمىگەن**﴾ بەلكى ئىنتايىن ئاق، تەملىك ۋە قايماقلىق بولغان ھەم ھەدىستە كەلگەندەك: «چاھارپايلاردىن سېغىپ ئېلىنمىغان» ﴿**سۈتتىن ئۆستەڭلار، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان مەيدىن**﴾ يەنى دۇنيانىڭ شارابلىرىغا ئوخشاش تەمى ئاچچىق ۋە بەتبۇي ئەمەس، بەلكى كۆرۈنۈشى گۈزەل، تەمى ياخشى، خۇشپۇراقلىق ۋە ئالى سۈپەتلىك

---

[1] سۈرە رەئد 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھەشر 20 ـ ئايەت.

www.munber.org

شارابتىن ئۆستەڭلار بولىدۇ. ﴿ئۇنىڭدا مەس قىلىدىغان نەرسە يوق، ئۇلار ئۇنى ئىچىش بىلەن مەس بولمايدۇ﴾[1] ﴿ئۇ شارابنى ئىچىش بىلەن ئۇلارنىڭ بېشى ئاغرىمايدۇ، مەس بولمايدۇ﴾[2] ﴿ئاپئاق، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان﴾[3]

ھەدىستە كەلگەندەك: ئۇ دۇنيانىڭ شارابلىرىغا ئوخشاش، ئەرلەر پۇتلىرى بىلەن دەسسەپ سىقىمىغان شارابلاردۇر. ﴿ ئۆستەڭلار ساپ ھەسەلدىن﴾ يەنى ئىنتايىن ساپ، رەڭگى چىرايلىق، ناھايىتى تەملىك ۋە خۇشپۇراقلىق بولغان ھەم ھەدىستە كەلگەندەك «ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ قارنىدىن چىقمىغان» ھەسەلدىن ﴿ئۆستەڭلار بولىدۇ﴾.

ئىمام ئەھمەد، ھەكىم ئىبنى مۇئاۋىيەنىڭ ئاتىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەننەتتە سۈت دېڭىزى، سۇ دېڭىزى، ھەسەل دېڭىزى ۋە مەي دېڭىزى بار. ئۇ دېڭىزلاردىن دەريا - ئۆستەڭلار شاخلىنىپ تەرەپ - تەرەپكە ئاقىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزىمۇ جەننەتنىڭ سۈپىتىنىڭ بايانىدا رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر الله تائالادىن بىرەر نەرسىنى سورىساڭلار، ئۇنىڭدىن فىردەۋس ئاتلىق جەننەتنى سوراڭلار، ئۇ جەننەتنىڭ ئەڭ ئوتتۇرىسىغا، ئەڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭدىن جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرى ئېقىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە الله تائالانىڭ ئەرشى باردۇر».

**﴿ئۇلارغا جەننەتتە بەھرىمەن بولىدىغان تۈرلۈك مېۋىلەر بولىدۇ﴾** غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار جەننەتتە (مەيدە ئېغىرلىشىش ۋە كېسەللىكلەردىن) ئەمىن بولغان ھالدا (خىزمەتچىلەردىن) ھەممە مېۋىلەرنى (كەلتۈرۈشنى) تەلەپ قىلىدۇ﴾[4] ﴿ئۇ ئىككى جەننەتتە ھەر مېۋىدىن ئىككى خىلدىن بار﴾[5] ئۇنىڭ ھەممىسى بىلەن بىرگە ئۇلار تېخى **﴿پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن مەغپىرەت بولىدۇ، (مۇنداق تەقۋادارلار) دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغان، قايناقسۇ بىلەن سۇغىرىلىپ (قىزىقلىقىدىن) ئۈچەيلىرى پارە - پارە قىلىنىدىغانلار بىلەن ئوخشاشمۇ؟﴾** يەنى بىز جەننەتتىكى مەرتىۋىسىنى بايان قىلغان ئەنە شۇ مۆمىنلەر دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلار بىلەن ئوخشاشمۇ؟ مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلار ھەرگىز ئوخشاش بولمايدۇ، شۇنداقلا ئالىي جەننەتلەردىكى ئادەملەر بىلەن دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىدىكى ئادەم ھەرگىز ئوخشاش ئەمەس.

**﴿قايناقسۇ بىلەن سۇغىرىلىپ﴾** يەنى ئۇ سۇ قاتتىق ھارارەتلىك قايناقسۇ بولۇپ، ئىنسان ئۇنىڭ قىزىقلىقىغا تاقەت قىلالمايدۇ. **﴿(قىزىقلىقىدىن) ئۈچەيلىرى پارە - پارە قىلىنىدىغانلار﴾** يەنى ئۇ سۇ ئۇلارنىڭ قارنىلىرىدىكى ئۈچەي باغىرلىرىنى ئېرىتىپ پارە - پارە قىلىۋېتىدۇ. الله تائالاغا سېغىنىپ ئۇ ئازابتىن پاناھ تىلەيمىز!

* * * * * * *

[1] سۈرە سەففات 47 - ئايەت.
[2] سۈرە ۋاقىئە 19 - ئايەت.
[3] سۈرە ساففات 46 - ئايەت.
[4] سۈرە دۇخان 55 - ئايەت.
[5] سۈرە رەھمان 52 - ئايەت.

www.munber.org

وَمِنۡهُم مَّن يَسۡتَمِعُ إِلَيۡكَ حَتَّىٰٓ إِذَا خَرَجُواْ مِنۡ عِندِكَ قَالُواْ لِلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡعِلۡمَ مَاذَا قَالَ
ءَانِفًاۚ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ طَبَعَ ٱللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ وَٱتَّبَعُوٓاْ أَهۡوَآءَهُمۡ ﴿١٦﴾ وَٱلَّذِينَ ٱهۡتَدَوۡاْ زَادَهُمۡ هُدٗى
وَءَاتَىٰهُمۡ تَقۡوَىٰهُمۡ ﴿١٧﴾ فَهَلۡ يَنظُرُونَ إِلَّا ٱلسَّاعَةَ أَن تَأۡتِيَهُم بَغۡتَةٗۖ فَقَدۡ جَآءَ أَشۡرَاطُهَاۚ فَأَنَّىٰ لَهُمۡ إِذَا
جَآءَتۡهُمۡ ذِكۡرَىٰهُمۡ ﴿١٨﴾ فَٱعۡلَمۡ أَنَّهُۥ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا ٱللَّهُ وَٱسۡتَغۡفِرۡ لِذَنۢبِكَ وَلِلۡمُؤۡمِنِينَ وَٱلۡمُؤۡمِنَٰتِۗ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ
مُتَقَلَّبَكُمۡ وَمَثۡوَىٰكُمۡ ﴿١٩﴾

*ئۇلاردىن (يەنى مۇناپىقلاردىن) بەزى كىشىلەر سېنىڭ سۆزۈڭگە قۇلاق سالىدۇ، ئۇلار سېنىڭ يېنىڭدىن چىققاندا، ئىلىم بېرىلگەن كىشىلەرگە (يەنى ساھابىلەرنىڭ ئۆلىمالىرىغا مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): «بايا ئۇ (يەنى مۇھەممەد) نېمە دېدى؟» دەيدۇ، ئەنە شۇلار اللە دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەنلەردۇر، نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشكەنلەردۇر﴿16﴾. ھىدايەت تاپقانلارنى اللە تېخىمۇ ھىدايەت قىلىدۇ، ئۇلارغا تەقۋادارلىقنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ﴿17﴾. ئۇلار (يەنى مەككە كۇففارلىرى) پەقەت قىيامەتنىڭ ئۇلارغا تۇيۇقسىز كېلىشىنىلا كۈتىدۇ، شۈبھىسىزكى، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى كەلدى، ئۇلارغا قىيامەت كەلگەندە ئۇلار قانداقمۇ ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدۇ (يەنى بۇ چاغدا ۋەز ـ نەسىھەت ئالغانلىقنىڭ پايدىسى بولمايدۇ)﴿18﴾. بىلگىنكى، اللەدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، گۇناھىڭ ئۈچۈن، ئەر ـ ئايال مۆمىنلەر ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، اللە سىلەرنىڭ (بۇ دۇنيادىكى) ھەرىكەتلىرىڭلارنى ۋە (ئاخىرەتتىكى) جايىڭلارنى بىلىدۇ (شۇڭا ئاخىرەتلىك ئۈچۈن تەييارلىنىڭلار)﴿19﴾.*

## مۇناپىقلارنىڭ ھالىنى بايان قىلىش، تەۋھىدكە ۋە مەغپىرەت تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە مۇناپىقلارنىڭ ھاماقەتلىكى، چۈشەنچىسىنىڭ تېيىزلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەستىن، ئۇنىڭ يېنىدىن چىققان چاغدا: **﴿ئىلىم بېرىلگەن كىشىلەرگە (يەنى ساھابىلەرنىڭ ئۆلىمالىرىغا مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): «بايا ئۇ (يەنى مۇھەممەد) نېمە دېدى؟» دەيدۇ﴾** يەنى ئۇلار ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلمايدۇ.

**﴿ئەنە شۇلار اللە دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەنلەردۇر، نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشكەنلەردۇر﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ھېچبىر توغرا چۈشەنچىسى، ھېچبىر توغرا نىشانى بولمايدۇ.

**﴿ھىدايەت تاپقانلارنى اللە تېخىمۇ ھىدايەت قىلىدۇ﴾** يەنى ھىدايەتنى كۆزلىگەنلەرنى اللە تائالا ئۇنىڭغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يەتكۈزىدۇ، ئۇلارنى ئۇنىڭغا يېتەكلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلىدۇ ۋە تېخىمۇ ھىدايەت قىلىدۇ: **﴿ئۇلارغا تەقۋادارلىقنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ﴾** يەنى ئۇلارغا توغرا يولنى ئىلھام قىلىدۇ.

**﴿ئۇلار﴾** يەنى ھىدايەتتىن غاپىل قالغانلار **﴿پەقەت قىيامەتنىڭ ئۇلارغا تۇيۇقسىز كېلىشىنىلا كۈتىدۇ، شۈبھىسىزكى، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى كەلدى﴾** يەنى قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى كەلدى. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿بۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئىلگىرىكى**

www.munber.org

ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنىڭ جۈملىسىدىن بولغان بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر. قىيامەت يېقىنلاشتى﴾[1] ﴿قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى﴾[2] ﴿اللەنىڭ پەرمانى (يەنى قىيامەت) چوقۇم كېلىدۇ، ئۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمەڭلار﴾[3] ﴿كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ (ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىنىدىغان ۋاقىت (يەنى قىيامەت يېقىنلاشتى، ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەتتىدۇر، (قىيامەت توغرۇلۇق ئويلىنىشتىن) يۈز ئۆرۈمەكتىدۇر﴾[4].

شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشىمۇ قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. چۈنكى، ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولۇپ، الله تائالا ئۇنىڭ بىلەن دىنىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن ۋە ئەھلى جاھانغا دەلىل ـ پاكىتنى تۇرغۇزغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققەتەن قىيامەتنىڭ بەلگىلىرىنى ۋە ئالامەتلىرىنى خەۋەر قىلغان، ئۇ توغرۇلۇق ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچ پەيغەمبەرگە بېرىلمىگەن نەرسىلەر بىلەن ئۇنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بايان قىلغان، بۇ توغرىدا ئۆز ئورنىدا كەڭ دائىرىدە سۆزلەنگەن ئىدى.

ئىمام بۇخارى، سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى بارمىقىنى يەنى كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:« قىيامەت بۇ ئىككى بارماقچىلىك (يەنى بىراۋەر بولۇشقا قالغان ئارىلىقچىلىك) قالغان چاغدا مەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

**﴿ئۇلارغا قىيامەت كەلگەندە ئۇلار قانداقمۇ ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدۇ (يەنى بۇ چاغدا ۋەز ـ نەسىھەت ئالغانلىقىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ)﴾** يەنى كاپىرلارغا قىيامەت كەلگەندە ئۇلار قانداقمۇ ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن! چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلچە مەنپەئەت قىلمايدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇ كۈندە ئىنسان (يەنى كاپىر) (دۇنيادىكى قىلمىشلىرىنى) ئەسلەيدۇ، (بۇ چاغدا) ئەسلىگەننىڭ ئۇنىڭغا نېمە پايدىسى بولسۇن﴾[5] ﴿ئۇلار (ئازابنى كۆرگەندە) ئىمان ئېيتتۇق دەيدۇ، ئۇلار قانداقمۇ يىراق جايدىن ئىماننى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ﴾[6] **﴿بىلگىنكى، اللەدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، گۇناھىڭ ئۈچۈن، ئەر ـ ئايال مۆمىنلەر ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن﴾.**

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دەپ دۇئا قىلىدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « ئى الله! خاتالىقىم، نادانلىقىم، ئىشىمدا چەكتىن ئاشقانلىقىم ئۈچۈن، مەندىن سادىر بولغان سەن بىلىدىغان بارلىق گۇناھلىرىم ئۈچۈن ماڭا مەغپىرەت قىلغىن. ئى الله! چاخچاقتىن ۋە راستتىن قىلغان، خاتالىق ۋە قەستەنلىكتىن قىلغان ۋە مەندىن سادىر بولغان، ھەممە گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن». يەنە ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر نامازنىڭ ئارقىسىدىن مۇنداق دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « ئى الله! ئىلگىرى ۋە كېيىن قىلغان، يوشۇرۇن ۋە ئاشكار قىلغان گۇناھلىرىمنى، ئىشىمدا چەكتىن ئاشقانلىقىمنى، مەندىن سادىر بولغان سەن بىلىدىغان بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، سەن مېنىڭ ئىلاھىمسەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، سەن مېنىڭ ئىلاھىمسەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ بەرھەق يوقتۇر» يەنە ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

---

(1) سۈرە نەجم 56 ـ 57 ـ ئايەتلەر.
(2) سۈرە قەمەر 1 ـ ئايەت.
(3) سۈرە نەھل 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى .
(4) سۈرە ئەنبىيا 1 ـ ئايەت.
(5) سۈرە فەجر 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(6) سۈرە سەبەئ 52 ـ ئايەت.

www.munber.org

مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار. ھەققەتەن مەن كۈندە الله تائالادىن ھەر كۈنى 70 قېتىمدىن كۆپ مەغپىرەت تەلەپ قىلىمەن ۋە ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىمەن».

﴿الله سىلەرنىڭ (بۇ دۇنيادىكى) ھەرىكىتىڭلارنى ۋە (ئاخىرەتتىكى) جايىڭلارنى بىلىدۇ (شۇڭا ئاخىرەتلىك ئۈچۈن تەييارلىنىڭلار)﴾ يەنى الله تائالا سىلەرنىڭ كۈندۈزدىكى ھەرىكىتىڭلارنى ۋە كېچىدىكى جايىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله سىلەرنى كېچىسى ئۇخلىتىدۇ، كۈندۈزدىكى قىلغان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾[1] ﴿يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى الله (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان، الله ئۇلارنىڭ تۇرار جايىنى ۋە (ئۆلگەندىن كېيىن) كۆمۈلىدىغان جايىنى بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن كىتابقا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزغا) يېزىلغاندۇر﴾[2]

* * * * * * *

وَيَقُولُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَوْلَا نُزِّلَتْ سُورَةٌۖ فَإِذَآ أُنزِلَتْ سُورَةٌ مُّحْكَمَةٌ وَذُكِرَ فِيهَا ٱلْقِتَالُ ۙ رَأَيْتَ
ٱلَّذِينَ فِى قُلُوبِهِم مَّرَضٌ يَنظُرُونَ إِلَيْكَ نَظَرَ ٱلْمَغْشِىِّ عَلَيْهِ مِنَ ٱلْمَوْتِۖ فَأَوْلَىٰ لَهُمْ ﴿٢٠﴾ طَاعَةٌ وَقَوْلٌ
مَّعْرُوفٌۚ فَإِذَا عَزَمَ ٱلْأَمْرُ فَلَوْ صَدَقُواْ ٱللَّهَ لَكَانَ خَيْرًا لَّهُمْ ﴿٢١﴾ فَهَلْ عَسَيْتُمْ إِن تَوَلَّيْتُمْ أَن تُفْسِدُواْ فِى
ٱلْأَرْضِ وَتُقَطِّعُوٓاْ أَرْحَامَكُمْ ﴿٢٢﴾ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ لَعَنَهُمُ ٱللَّهُ فَأَصَمَّهُمْ وَأَعْمَىٰٓ أَبْصَٰرَهُمْ ﴿٢٣﴾

*مۆمىنلەر (جىھادنى تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن): «نېمىشقا (جىھاد ئەمرى قىلىنغان) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنمىدى؟» دەيدۇ، جىھاد زىكرى قىلىنغان ئېنىق سۈرە نازىل قىلىنغاندا، دىللىرىدا كېسەل بارلار (يەنى مۇناپىقلارنىڭ) ساڭا ئۆلۈم ئالدىدا (ئۆلۈمدىن قورقۇپ) ئايلىنىپ كەتكەن ئادەمدەك قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، (ئى مۇھەممەد!) (ئۇلارنىڭ ساڭا) ئىتائەت قىلىشى ۋە چىرايلىق سۆز قىلىشى ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى ئىدى، ئۇرۇش قارار قىلىنغان چاغدا، ئۇلار اللهغا سادىق بولۇشسا ئەلۋەتتە ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ئىدى﴿20﴾. سىلەر (ئىسلام)دىن يۈز ئۆرۈسەڭلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ ۋە سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويارسىلەرمۇ؟﴿22﴾. ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى الله رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، ئۇلارنى (ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاس قىلدى، (ھىدايەت يولىنى كۆرۈشتىن) كور قىلدى﴿23﴾.*

## جىھادقا بۇيرۇپ ئايەت نازىل بولغان چاغدىكى راستچىل مۆمىن بىلەن دىلىدا مۇناپىقلىق بار ئادەمنىڭ ئىپادىسى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىنلەرنىڭ جىھادنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئارزۇ قىلغانلىقىنى، الله تائالا جىھادنى پەرز قىلىپ ئۇلارنى جىھاد قىلىشقا بۇيرىغان چاغدا، نۇرغۇن كىشىلەر جىھاد قىلىشتىن قورقۇپ ئارقىغا يېنىۋالغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا ( يەنى مەككىدە تۇرۇپ ئۇرۇشۇشنى تەلەپ قىلغانلارغا): « (ئۇرۇشتىن) قولۇڭلارنى يىغىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار،زاكات بېرىڭلار » دېگەن كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ (يەنى ئۇلاردىن ئەجەبلەنمەمسەن؟) بۇلارغا

---

[1] سۈرە ئەنئام 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھۇد 6 ـ ئايەت.

www.munber.org

جىهاد پەرز قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر دۈشمەندىن گويا الله (نىڭ ئازابىدىن) قورققاندەك بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك قورقىدۇ. ئۇلار (ئۆلۈمدىن قورقۇپ): «پەرۋەردىگارىمىز!بىزگە نېمە ئۈچۈن جىهادنى پەرز قىلدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن بىزنى ئۇزاققا قالماي كېلىدىغان ئەجەلگىچە تەخىر قىلمىدىڭ؟ (يەنى ئەجىلىمىز يەتكۈچە تەخىر قىلساڭ، ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلمىسەك بولماسمىدى؟)» دېدى. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، « دۇنيانىڭ مەنپەئىتى ئازدۇر (يەنى دۇنيا نىڭ نېمىتى پانىيدۇر)، (الله دىن) قورققان (ۋە ئۇنىڭ ئەمرىنى تۇتقانلار) ئۈچۈن ئاخىرەت ياخشىدۇر، سىلەرگە قىلچىلىك زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى كېمەيتىلمەيدۇ)»﴾[1].

**﴿مۆمىنلەر (جىهادنى تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن): «نېمىشقا (جىهاد ئەمرى قىلىنغان) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنمىدى؟» دەيدۇ. جىهاد زىكرى قىلىنغان ئېنىق سۈرە نازىل قىلىنغاندا، دىللىرىدا كېسەل بارلار (يەنى مۇناپىقلارنىڭ) ساڭا ئۆلۈم ئالدىدا (ئۆلۈمدىن قورقۇپ)﴾** يەنى دۈشمەنلەرگە ئۇچرىشىشتىن ناھايىتى قورقۇپ **﴿ئايلىنىپ كەتكەن ئادەمدەك قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن﴾** ئاندىن الله تائالا جىهاد قىلىشقا ئىلهاملاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ئى مۇھەممەد!) (ئۇلارنىڭ ساڭا) ئىتائەت قىلىشى ۋە چىرايلىق سۆز قىلىشى ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى ئىدى﴾** خاتىرجەم ھالەتتە ئۇلارنىڭ سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلىشى ۋە ئىتائەت قىلىشى ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى ئىدى.

**﴿ئۇرۇش قارار قىلىنغان چاغدا﴾** يەنى ۋەزىيەت كەسكىنلىشىپ ئۇرۇش ھازىرلانغان چاغدا **﴿ئۇلار اللهغا سادىق بولۇشسا﴾** يەنى الله تائالا چىن نىيەت بىلەن ئىخلاس قىلسا **﴿ئەلۋەتتە ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ئىدى﴾**.

**﴿سىلەر (ئىسلام) دىن﴾** يەنى جىهاد قىلىشتىن **﴿يۈز ئۆرۈسەڭلار﴾** ۋە ئۇنىڭدىن يېنىۋالساڭلار **﴿زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ ۋە سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويارسىلەرمۇ؟﴾** يەنى ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى نادان ھالىتىڭلارغا قايتىپ، قان تۆكۈپ، سىلە رەھىمنى ئۈزۈپ قويارسىلەرمۇ؟

**﴿ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى الله رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، ئۇلارنى (ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاس قىلدى، (ھىدايەت يولىنى كۆرۈشتىن) كور قىلدى﴾** بۇ ئايەت ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن، خۇسۇسىي ھالدا سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈشتىن توسىدۇ. بەلكى الله تائالا ئەسلىدە زېمىندا ئىسلاھ ئېلىپ بېرىشقا ۋە سىلە ـ رەھىمنى ئۇلاشقا بۇيرۇغان. سىلە ـ رەھىم قىلىش بولسا، خىش ـ ئەقرىبالارغا چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىش، ياخشىلىق قىلىش، ئەگەر بىرەرسى موھتاج بولسا پۇل ـ مال سەرپ قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان.

ئىمام بۇخارى، ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا مەخلۇقاتنى ياراتتى، الله تائالا مەخلۇقاتنى يارىتىپ بولغان چاغدا، سىلە ـ رەھىم تۇرۇپ، ناھايىتى شەپقەتلىك الله تائالانىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. الله تائالا ئۇنىڭغا: ئۆزەڭنى چەتكە ئالغىن، دېگەندە، سىلە ـ رەھىم: بۇ ساڭا سېغىنىپ ياخشىلىقنى تەرك قىلىشتىن پاناھ تىلىگۈچىنىڭ ئورنىدۇر، دېدى. ئاندىن الله تائالا: سېنى ئۇلىغان كىشىگە (يەنى خىش ـ ئەقرىبالىرىغا ياخشىلىق قىلغان كىشىگە) ئۇلىسام (يەنى مەرھەمەت قىلسام)، سېنى ئۈزگەن كىشىگە مەرھەمىتىمنى ئۈزسەم سەن بۇنىڭغا رازى بولامسەن؟ دېگەندە، سىلە ـ رەھىم: ئەلۋەتتە رازى بولىمەن، دېدى. الله تائالا: ئۇ ساڭا بېرىلدى، دېدى». ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ: ئەگەر خالىساڭلار ﴿سىلەر (ئىسلام) دىن يۈز

[1] سۈرە نىسا 77 ـ ئايەت.

www.munber.org

**ئۆرۈسەڭلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ ۋە سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويارسىلەرمۇ؟﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار، دېدى.

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ: «ئەگەر خالىساڭلار ﴿**سىلەر (ئىسلام)دىن يۈز ئۆرۈسەڭلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ ۋە سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويارسىلەرمۇ؟﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اﷲ تائالا ئاخىرەتتىمۇ تېگىشلىك جازاسىنى بېرىش بىلەن بىرگە بۇ دۇنيادىلا ئەڭ تېز جازالايدىغان گۇناھ ھەقسىز زۇلۇم قىلىش ۋە سىلە - رەھىمنى ئۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر». ئۇنى ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمنى ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى، رىزقىنىڭ زىيادە بولۇشى خۇرسەن قىلسا، ئۇنداقتا ئۇ خىش - ئەقرىبالىرىغا سىلە - رەھىم قىلسۇن!»

ئىمام ئەھمەد، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:«شەك - شۈبھىسىزكى، سىلە - رەھىم ئەرشكە ئېسىلغاندۇر. توغرا كېلىپ قالغاندا سىلە - رەھىم قىلغۇچى ھەقىقىي سىلە - رەھىم قىلغۇچى ھېسابلانمايدۇ. لېكىن، سىلە - رەھىم ئۈزۈلۈپ قالغاندا ئۇنى ئۇلىغان كىشى ھەقىقىي سىلە - رەھىم قىلغۇچىدۇر» بۇنى ئىمام بۇخارىمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:«قىيامەت كۈنى سىلە - رەھىم كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭ يىپ ئېگىرىدىغان چاقنىڭ ئېگىرىكىگە ئوخشاش ئېگىرىكى بولۇپ راۋان ۋە - ئۆتكۈر تىلى بىلەن سۆزلەيدۇ. ئۇ سىلە - رەھىمنى ئۈزگەن كىشىگە رەھمىتىنى ئۈزىدۇ، ئۇلىغان يەنى سىلە - رەھىم قىلغان كىشىگە رەھمەتنى ئۇلايدۇ».

ئىمام ئەھمەد، ئابدۇللا ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبلىغ قىلىۋېتىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېھرى - شەپقەت قىلغۇچىلارغا ناھايىتى شەپقەتلىك اﷲ تائالا مەرھەمەت قىلىدۇ. زېمىن ئەھلىگە مېھرى - شەپقەت قىلىڭلار، ئاسمان ئەھلى سىلەرگە مەرھەمەت قىلىدۇ. سىلە - رەھىم شەپقەتلىك اﷲ تائالادىن بىر شاخچىدۇر. كىم ئۇنى ئۇلىسا ئۇ ئۇنىڭغا ئۇلىشىدۇ، كىم ئۇنى ئۈزسە ئۇ ئۇنىڭدىن ئۈزۈلىدۇ» ئۇنى ئىمام ئەبۇ دۇۋۇد بىلەن تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلغان، بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

* * * * * * *

أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ ٱلْقُرْءَانَ أَمْ عَلَىٰ قُلُوبٍ أَقْفَالُهَآ ﴿٢٤﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ٱرْتَدُّوا۟ عَلَىٰٓ أَدْبَٰرِهِم مِّنۢ
بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ ٱلْهُدَى ۙ ٱلشَّيْطَٰنُ سَوَّلَ لَهُمْ وَأَمْلَىٰ لَهُمْ ﴿٢٥﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ قَالُوا۟ لِلَّذِينَ
كَرِهُوا۟ مَا نَزَّلَ ٱللَّهُ سَنُطِيعُكُمْ فِى بَعْضِ ٱلْأَمْرِ ۖ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ إِسْرَارَهُمْ ﴿٢٦﴾ فَكَيْفَ إِذَا تَوَفَّتْهُمُ

www.munber.org

ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ يَضْرِبُونَ وُجُوهَهُمْ وَأَدْبَٰرَهُمْ ﴿٢٧﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمُ ٱتَّبَعُوا۟ مَآ أَسْخَطَ ٱللَّهَ وَكَرِهُوا۟
رِضْوَٰنَهُۥ فَأَحْبَطَ أَعْمَٰلَهُمْ ﴿٢٨﴾

***ئۇلار (ھەقنى تونۇش ئۈچۈن) قۇرئاننى پىكىر قىلمامدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار (شۇڭا ئۇلار چۈشەنمەيدۇ)*** ﴿24﴾***. توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن ئارقىسىغا قايتىۋالغانلار (يەنى ئىماندىن كۇفرىغا قايتقانلار)غا (ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىنى) شەيتان چىرايلىق كۆرسەتتى، (شەيتان ئارزۇ ۋە ئەجەلنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن) ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىنىدۇردى*** ﴿25﴾***. بۇ (يەنى شەيتاننىڭ ئۇلارنى ئازدۇرۇشى) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار اللە نازىل قىلغان نەرسىنى يامان كۆرگەن كاپىرلارغا: «بىز بەزى ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىمىز» دېدى، اللە ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى بىلىدۇ*** ﴿26﴾***. (ئازاب) پەرىشتىلەرى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرغان ھالدا ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىۋاتقاندا (ئۇلارنىڭ ھالى) قانداق بولىدۇ؟*** ﴿27﴾***. بۇ (ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار اللەنى دەرغەزەپ قىلىدىغان نەرسىلەرگە ئەگەشتى، اللەنىڭ رازىلىقىنى (يەنى اللەنى رازى قىلىدىغان ئىشلارنى) ياقتۇرمىدى، شۇنىڭ بىلەن اللە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىكار قىلدى*** ﴿28﴾.

## قۇرئان توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈشكە بۇيرۇش توغرىسىدا

اللە تائالا قۇرئان توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈشكە، ئۇنى چۈشىنىشكە بۇيرۇپ ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشتىن توسۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار (ھەقنى تونۇش ئۈچۈن) قۇرئاننى پىكىر قىلمامدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار (شۇڭا ئۇلار چۈشەنمەيدۇ)**﴾ يەنى ئۇ دىللار چىڭ قاپلىۋېتىلگەن بولۇپ، قۇرئاننىڭ مەنىلىرى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا كىرمەيدۇ. ئىبنى جەرىر، ھىشام ئىبنى ئۇرۋەدىن ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ﴿**ئۇلار (ھەقنى تونۇش ئۈچۈن) قۇرئاننى پىكىر قىلمامدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار (شۇڭا ئۇلار چۈشەنمەيدۇ)**﴾ دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلغاندا، يەمەنلىك بىر ياش: بەلكى ئۇ دىللاردا قۇلۇپ بار بولۇپ ھەتتاكى اللە تائالا ئۇلارنى ئاچىدۇ ياكى بىر چىقىش يولى قىلىدۇ، دېدى. بۇ ياش ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆڭلىدە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان بولۇپ، ئۇ خەلىپە بولغان چاغدا، ئۇ ياشنى ئۆز ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە سالغان.

## مۇرتەدلىكنى سۆكۈش توغرىسىدا

﴿**توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن ئارقىسىغا قايتىۋالغانلارغا**﴾ يەنى ئىماندىن چىقىپ كۇفرىغا قايتقانلارغا ﴿**(ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىنى) شەيتان چىرايلىق كۆرسەتتى** يەنى ئۇلارغا ئۇلارنىڭ توغرا يولدىن قايتىۋاتقانلىقىنى زىننەتلەپ ياخشى قىلىپ كۆرسەتتى. ﴿**(شەيتان ئارزۇ ۋە ئەجەلنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن) ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىنىدۇردى**﴾ يەنى ئۇلارنى گوللىدى ۋە ئالدىدى. ﴿**بۇ (يەنى شەيتاننىڭ ئۇلارنى ئازدۇرۇشى) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار اللە نازىل قىلغان نەرسىنى يامان كۆرگەن كاپىرلارغا: «بىز بەزى ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىمىز» دېدى**﴾ يەنى ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىنى تىنىدۇرۇشتى. يوشۇرۇن ھالدا بىر ـ بىرىنى باتىلغا تەۋسىيە قىلىشتى، بۇ مۇناپىقلارنىڭ ئادىتىدۇر، ئۇلار دىللىرىدا يوشۇرغان نەرسىنىڭ دەل ئەكسىنى ئاشكارا قىلىدۇ.

www.munber.org

**﴿الله ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى بىلىدۇ﴾** يەنى الله تائالا ئۇلارنىڭ سىر تۇتۇپ يوشۇرغان نەرسىلىرىنى بىلىدۇ، الله تائالا ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ئۇلارنىڭ ئۆزگەرتكەنلىرىنى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ (يەنى پەرىشتىلەرنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى يېزىشقا بۇيرۇيدۇ)﴾[1].

**﴿(ئازاب) پەرىشتىلىرى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرغان ھالدا ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىۋاتقاندا (ئۇلارنىڭ ھالى) قانداق بولىدۇ؟﴾** يەنى ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟ جانلار تەنلەرگە چىڭ يېپىشىدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارنى قوپاللىق ۋە غەزەپ بىلەن ئۇرۇپ چىقىرىدۇ. بۇ ھەقتە پاك ۋە يۈكسەك الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرىشتىلەر (بەدرى ئۇرۇشىدا) كاپىرلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ ئىدىڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالنى كۆرگەن بولاتتىڭ)﴾[2] ﴿(ئى مۇھەممەد!) زالىملارنى سەكراتتا چۈشكەن ۋاقىتلىرىدا كۆرسەڭ (ئەلۋەتتە، قورقۇنچلۇق ھالىنى كۆرىسەن)، پەرىشتىلەر (يەنى ئازاب پەرىشتىلىرى) قوللىرىنى سوزۇپ: «سىلەر جانلىرىڭلارنى چىقىرىڭلار! سىلەر الله توغرىسىدا ھەقسىز سۆزلەرنى قىلغانلىقىڭلار (يەنى ئېپتىرا قىلغانلىقىڭلار، شېرىك كەلتۈرگەنلىكىڭلار، بالا نىسبەت بەرگەنلىكىڭلار) ۋە الله نىڭ ئايەتلىرىنى مەنستىمىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن خورلىغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر» دەيدۇ﴾[3] شۇڭا الله تائالا بۇ ئورۇندا مۇنداق دەيدۇ: **﴿بۇ (ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار اللهنى دەرغەزەپ قىلىدىغان نەرسىلەرگە ئەگەشتى، اللهنىڭ رازىلىقىنى (يەنى اللهنى رازى قىلىدىغان ئىشلارنى) ياقتۇرمىدى، شۇنىڭ بىلەن الله ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىكار قىلدى﴾.**

* * * * * * *

أَمْ حَسِبَ ٱلَّذِينَ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٌ أَن لَّن يُخْرِجَ ٱللَّهُ أَضْغَٰنَهُمْ ﴿٢٩﴾ وَلَوْ نَشَآءُ لَأَرَيْنَٰكَهُمْ
فَلَعَرَفْتَهُم بِسِيمَٰهُمْ ۚ وَلَتَعْرِفَنَّهُمْ فِي لَحْنِ ٱلْقَوْلِ ۚ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ أَعْمَٰلَكُمْ ﴿٣٠﴾ وَلَنَبْلُوَنَّكُمْ حَتَّىٰ نَعْلَمَ
ٱلْمُجَٰهِدِينَ مِنكُمْ وَٱلصَّٰبِرِينَ وَنَبْلُوَا۟ أَخْبَارَكُمْ ﴿٣١﴾

***دىللىرىدا كېسەل بارلار (يەنى مۇناپىقلار) الله ئۆزلىرىنىڭ (ئىسلامغا بولغان) دۈشمەنلىكىنى ئاشكارىلىمايدۇ دەپ ئويلامدۇ؟ ﴿29﴾. ئەگەر بىز خالىساق، ئۇلارنى چوقۇم ساڭا بىلدۈرەتتۇق، چوقۇم ئۇلارنىڭ سىماسىدىن تونۇيتتۇڭ، سەن ئەلۋەتتە سۆزىنىڭ ئۇسلۇبىدىن ئۇلارنى تونۇيسەن، الله سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ ﴿30﴾. بىز سىلەرنى ئەلۋەتتە (جىھادقا ئەمر قىلىش ۋە مۇشەققەتلىك ئىشلارغا تەكلىپ قىلىش بىلەن) سىنايمىز، تاكى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن (اللەنىڭ يولىدا) جىهاد قىلغۇچىلارنى ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە، سىرلىرىڭلاردىن ۋاقىپ بولغانغا قەدەر ﴿31﴾.***

---

(1) سۈرە نىسا 81 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە ئەنفال 50 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) سۈرە ئەنئام 93 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

## مۇناپىقلارنىڭ سىرىنى ئېچىش توغرىسىدا

**﴿دىللىرىدا كېسەل بارلار (يەنى مۇناپىقلار) الله ئۆزلىرىنىڭ (ئىسلامغا بولغان) دۈشمەنلىكىنى ئاشكارىلىمايدۇ دەپ ئويلامدۇ؟﴾** يەنى مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرى مۆمىنلەرگە ئاشكارىلانمايدۇ دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. الله تائالا ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. ھەتتا ئەقىل ئىگىلىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدىن ئۇلارنى ئاسانلا چۈشىنىۋالىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا سۈرە تەۋبىنى نازىل قىلىپ، ئۇنىڭدا ئۇلارنىڭ رەزىللىكلىرىنى، ئۇلار قوللىنىدىغان ئۇسۇللارنى، ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى روشەن بايان قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن سۈرە تەۋبە ''ئېچىپ تاشلىغۇچى'' دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مۇناپىقلار بولسا ئىسلامغا، مۇسۇلمانلارغا ۋە ئىسلامغا ياردەم قىلغانلارغا قارىتا دىللىرىدا ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىك ساقلايدۇ.

**﴿ئەگەر بىز خالىساق، ئۇلارنى چوقۇم ساڭا بىلدۈرەتتۇق، چوقۇم ئۇلارنىڭ سىماسىدىن تونۇيتتۇڭ﴾** الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! ئەگەر بىز خالىساق، ئۇلارنى چوقۇم ساڭا بىلدۈرەتتۇق، شۇنىڭ بىلەن سەن ئۇلارنى ئاشكارا تونۇيتتۇڭ. لېكىن، الله تائالا مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئەيىبلىرىنى يېپىش، بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنى پەقەت تاشقى كۆرۈنۈشكە قاراپ بىر تەرەپ قىلىشى، يوشۇرۇن سىرلارنى ئۇنى بىلگۈچى الله تائالاغا تاپشۇرۇشى ئۈچۈن، مۇناپىقلارنىڭ ھەممىسىنى ساڭا تونۇتمىدى.

**﴿سەن ئەلۋەتتە سۆزىنىڭ ئۇسلۇبىدىن ئۇلارنى تونۇيسەن﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەقسەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلىرىدىكى ئاشكارا بولىدىغان نەرسىلەردىن سۆزلىگۈچىنىڭ قايسى كىشىلەرگە يەنى مۆمىنلەرگە ياكى مۇناپىقلارغا تەۋە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ مەنىلىرىگە ۋە مەزمۇنىغا قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ يەردە دېيىلگەن سۆزنىڭ ئۇسلۇبى دېگەن سۆزدىن بۇ مەنە كۆزدە تۇتۇلغاندۇر، بۇ ھەقتە مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىرەر ئادەم بىر نەرسىنى يوشۇرسا، الله تائالا ئۇنى ئۇنىڭ يۈزىدىكى ئالامەتلەر ۋە تىلىدىكى خاتالىقلار ئارقىلىق ئاشكارا قىلىدۇ.

**﴿بىز سىلەرنى ئەلۋەتتە (جىھادقا ئەمىر قىلىش ۋە مۇشەققەتلىك ئىشلارغا تەكلىپ قىلىش بىلەن)﴾** يەنى الله تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشقا ۋە توسقان ئىشلاردىن يېنىشقا بۇيرۇش بىلەن **﴿سىنايمىز، تاكى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن (اللەنىڭ يولىدا) جىھاد قىلغۇچىلارنى ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە)﴾** يەنى الله نىڭ بۇيرۇغان ئىشلىرىنى ئورۇنلاش توسقان، ئىشلاردىن يېنىش يوللىرىدا **﴿چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە، سىرلىرىڭلاردىن ۋاقىپ بولغانغا قەدەر﴾** الله تائالانىڭ ئىلمى ئەزەلدە ئۇ كەلگۈسىدە ۋۇجۇتقا كېلىدۇ، دەپ پۈتۈلگەن نەرسىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىدە ھېچ شەك ـ شۈبھە يوقتۇر. بۇ ئايەتتىن كۆزدە تۇتۇلغىنى، تاكى بەندىلىرىمىز تەرىپىدىن ۋۇجۇتقا كېلىدىغان بۇ ئىشنىڭ رېئاللىقتا يۈز بېرىشىنى بىلگىنىمىزگە قەدەر ئۇلارنى سىنايمىز دېگەنلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنىڭغا ئوخشىغان ئايەتنى: پەقەت بەندىلىرىمىز تەرىپىدىن ۋۇجۇتقا كېلىدىغان رېئاللىققا ئايلانغانلىقىنى كۆرگىنىمىزگە قەدەر ئۇلارنى سىنايمىز، دەپ تەپسىر قىلغان.

* * * * * * *

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَصَدُّواْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ وَشَآقُّواْ ٱلرَّسُولَ مِنۢ بَعۡدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ ٱلۡهُدَىٰ لَن
يَضُرُّواْ ٱللَّهَ شَيۡـٔٗا وَسَيُحۡبِطُ أَعۡمَٰلَهُمۡ ٣٢ ۞ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَ وَلَا

www.munber.org

تُبْطِلُوٓاْ أَعْمَٰلَكُمْ ﴿٣٣﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَصَدُّواْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ ثُمَّ مَاتُواْ وَهُمْ كُفَّارٌ فَلَن يَغْفِرَ ٱللَّهُ لَهُمْ
﴿٣٤﴾ فَلَا تَهِنُواْ وَتَدْعُوٓاْ إِلَى ٱلسَّلْمِ وَأَنتُمُ ٱلْأَعْلَوْنَ وَٱللَّهُ مَعَكُمْ وَلَن يَتِرَكُمْ أَعْمَٰلَكُمْ ﴿٣٥﴾

*شۈبھىسىزكى، كاپىر بولغانلار، (كىشىلەرنى) اللەنىڭ يولىدىن توسقانلار، توغرا يول (يەنى رەسۇلۇللەنىڭ ھەق ئىكەنلىكى) ئېنىق بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلەشكەنلەر اللەغا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، اللە ئۇلارنىڭ (سەدىقە بەرگەنگە ئوخشاش) ئەمەللىرىنى بىكار قىلىدۇ (شۇنىڭ بىلەن ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ساۋابىغا ئېرىشەلمەيدۇ)[32]. ئى مۆمىنلەر! اللەغا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەللىرىڭلارنى (كۇفرى، نىفاق ۋە رىيا بىلەن) بىكار قىلىۋەتمەڭلار[33]. شۈبھىسىزكى، كاپىر بولغان ۋە (كىشىلەرنى) اللەنىڭ يولىدىن توسقانلار، ئاندىن كاپىر پېتى ئۆلگەنلەرنى اللە ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ[34]. (كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلغان چېغىڭلاردا) بوشاپ قالماڭلار، (كاپىرلارنى) سۈلھكە چاقىرماڭلار، ھالبۇكى، سىلەر غالىپتۇرسىلەر، اللە سىلەر بىلەن بىرگىدۇر، اللە ھەرگىز ئەمەللىرىڭلارنىڭ (ساۋابىنى) كېمەيتىۋەتمەيدۇ[35].*

## كاپىرلارنىڭ ئەمەلىنىڭ بىكار بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە اللە تائالاغا كاپىر بولغان، كىشىلەرنى اللە تائالانىڭ يولىدىن توسقان، پەيغەمبەرلەرگە قارشىلىق قىلغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەشكەن، ئۇنىڭغا توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن ئىماندىن يېنىۋالغان كىشىنىڭ اللە تائالاغا قىلچىلىكمۇ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى، ئەكسىچە ئۇ پەقەت ئۆزىگىلا زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى، قىيامەت كۈنى ئۆزىنى زىيان تارتقۇزىدىغانلىقىنى، كەلگۈسىدە اللە تائالا ئۇنىڭ ياخشى ئەمەلىنى بىكار قىلىدىغانلىقىنى، ئۇ مۇرتەدلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان ياخشى ئەمەلىگە قىلچىلىكمۇ ساۋاب بەرمەيدىغانلىقىنى، خۇددى ياخشىلىقلار يامانلىقلارنى يوقىتا چىقارغىنىغا ئوخشاش ئۇنىڭ ياخشى ئەمەلىنى بىكار قىلىدىغانلىقىنى ۋە تامامەن ئۆچۈرۈپ تاشلايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ.

ئىمام مۇھەممەد ئىبنى نەسىر مەرۋەزى ناماز توغرىسىدىكى باپتا ئەبۇ ئالىيەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى: ئەگەر بىر ئادەم "بىر اللە دىن باشقا ھېچ ئىلاھ بەرھەق يوقتۇر" دېگەن تەۋھىد سۆزىنى ئېيتسا، ھېچ گۇناھ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەمما اللە تائالاغا شېرىك كەلتۈرسە، ھېچ ئەمەل پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، دەپ قارايتتى، شۇنىڭ بىلەن **﴿اللەغا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەللىرىڭلارنى (كۇفرى، نىفاق ۋە رىيا بىلەن) بىكار قىلىۋەتمەڭلار﴾** دېگەن ئايەت نازىل بولدى. ئاندىن ئۇلار گۇناھنىڭ ياخشى ئەمەلنى بىكار قىلىۋېتىشىدىن قورقتى.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلار گۇرۇھى: اللە تائالانىڭ دەرگاھىدا ياخشىلىقلاردىن قوبۇل قىلىنىدۇ، دەپ قارايتتۇق، ھەتتا بۇ ھەقتە **﴿اللەغا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەللىرىڭلارنى (كۇفرى، نىفاق ۋە رىيا بىلەن) بىكار قىلىۋەتمەڭلار﴾** دېگەن ئايەت نازىل بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىز: ئەمەللىرىمىزنى بىكار قىلىۋېتىدىغان بۇ نەرسە نېمىدۇ؟ دېيىشتۇق، ئاندىن بىز ئۇ نەرسىنى دوزاخقا كىرىشكە تېگىشلىك قىلىپ قويىدىغان چوڭ گۇناھلار ۋە قەبىھ ئىشلاردىن ئىبارەت ئوخشايدۇ، دەپ قاراشتۇق. ھەتتا اللە تائالانىڭ: ﴿اللە ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى مۇشرىكلارنىڭ

www.munber.org

گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىنى (اللہ ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتى نازىل بولغانغا قەدەر بىز بۇ قاراشتا ئىدۇق. بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن بىز ئۇ توغرۇلۇق سۆزلىششتىن توختىدۇق، چوڭ گۇناھلارنى ۋە قەبىھ ئىشلارنى قىلغانلارنىڭ ھالى نىمە بولار؟ دەپ قورقتۇق، ئۇنى قىلمىغانلارغا اللہ تائالادىن مەرھەمەت تىلىدۇق.

اللہ تائالا مۆمىن بەندىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت سائادىتى ئۈچۈن اللہ تائالاغا ئىتائەت قىلىشقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۇلارنى ئەمەللەرنى بىكار قىلغۇچى مۇرتەدلىكتىن يەنى ئىماندىن يېنىۋېلىشتىن توسۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەمەللىرىڭلارنى (كۇفرى، نىفاق ۋە رىيا بىلەن) بىكار قىلىۋەتمەڭلار. شۈبھىسىزكى، كاپىر بولغان ۋە (كىشىلەرنى) اللەنىڭ يولىدىن توسقانلار، ئاندىن كاپىر پېتى ئۆلگەنلەرنى الله ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ**﴾ بۇ ھەقتە پاك ۋە يۈكسەك اللہ مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللہ ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىنى (اللہ ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ﴾[2].

اللہ تائالا مۆمىن بەندىلىرىگە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلغان چېغىڭلاردا)**﴾ دۈشمەنلىرىگە قارشى ﴿**بوشاپ قالماڭلار، (كاپىرلارنى) سۈلھىگە چاقىرماڭلار**﴾ يەنى ئەگەر ئۇلارنى سۈلھىگە چاقىرساڭلار سىلەر كۈچلۈك، سانىڭلار كۆپ، قوراللىرىڭلار سەر خىل، يەنى سىلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن ھالەتتە سىلەر بىلەن ئۇ كاپىرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنى توختىتىشقا، سۈلھى ۋە كېلىشىم قىلىشقا چاقىرىڭلار، شۇڭا اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلغان چېغىڭلاردا) بوشاپ قالماڭلار، (كاپىرلارنى) سۈلھكە چاقىرماڭلار، ھالبۇكى، سىلەر غالىپتۇرسىلەر**﴾ ئەگەر ئۇلارنى سۈلھكە چاقىرساڭلار دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ ئۈستىدىن ئۈستۈنلۈك قازانغان ھالەتتە سۈلھكە چاقىرىڭلار. ئەمما كاپىرلار بارلىق مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن كۈچ ۋە سان جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىسە، خەلىپە سۈلھى ۋە كېلىشىمدە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىنى بايقىيالىسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ كاپىرلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ شۇنداق قىلغان ئىدى. ئۇنى قۇرەيش كاپىرلىرى مەككىگە كىرىشتىن توسقان، ئۇنى سۈلھكە، ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىشنى 10 يىل توختىتىشقا چاقىرغان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغان.

﴿**اللہ سىلەر بىلەن بىرگىدۇر**﴾ بۇ ئايەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا ناھايىتى چوڭ بېشارەت باردۇر.

﴿**الله ھەرگىز ئەمەللىرىڭلارنىڭ (ساۋابىنى) كېمەيتىۋەتمەيدۇ**﴾ يەنى ئۇنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ، يوققا چىقىرىۋەتمەيدۇ ۋە سىلەردىن تارتىۋالمايدۇ. بەلكى، اللہ تائالا ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەستىن، ئۇنىڭ ساۋابىنى سىلەرگە تولۇق بېرىدۇ.

* * * * * * *

إِنَّمَا ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَا لَعِبٞ وَلَهۡوٞۚ وَإِن تُؤۡمِنُواْ وَتَتَّقُواْ يُؤۡتِكُمۡ أُجُورَكُمۡ وَلَا يَسۡـَٔلۡكُمۡ أَمۡوَٰلَكُمۡ ٣٦ إِن يَسۡـَٔلۡكُمُوهَا فَيُحۡفِكُمۡ تَبۡخَلُواْ وَيُخۡرِجۡ أَضۡغَٰنَكُمۡ ٣٧ هَٰٓأَنتُمۡ هَٰٓؤُلَآءِ تُدۡعَوۡنَ لِتُنفِقُواْ

[1] سۈرە نىسا 116 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نىسا 116 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ فَمِنكُم مَّن يَبۡخَلُ ۖ وَمَن يَبۡخَلۡ فَإِنَّمَا يَبۡخَلُ عَن نَّفۡسِهِۦ ۚ وَٱللَّهُ ٱلۡغَنِيُّ وَأَنتُمُ
ٱلۡفُقَرَآءُ ۚ وَإِن تَتَوَلَّوۡاْ يَسۡتَبۡدِلۡ قَوۡمًا غَيۡرَكُمۡ ثُمَّ لَا يَكُونُوٓاْ أَمۡثَٰلَكُم ﴿٣٨﴾

*دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن ۋە تاماشادىن ئىبارەتتۇر، ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتساڭلار ۋە تەقۋادارلىق قىلساڭلار (اللە) سىلەرگە ئەجرىڭلارنى بېرىدۇ، مال ـ مۈلكۈڭلارنىڭ ھەممىسىنى (بېرىشنى) سورىمايدۇ (پەقەت زاكاتىنى بېرىشىڭلارنى سورايدۇ)* [36]*. ئەگەر ئۇ سىلەردىن مال ـ مۈلكۈڭلارنى جىددى سورىسا، بېخىللىق قىلىسىلەر، بۇ بېخىللىق سىلەرنىڭ (ئىسلامغا بولغان) ئاداۋىتىڭلارنى ئاشكارىلايدۇ* [37]*. سىلەر شۇنداق كىشىلەر سىلەركى، اللەنىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىشقا چاقىرىلساڭلار، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بېخىللىق قىلىدىغانلار بار، كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بېخىللىق قىلىدۇ، اللە (سىلەرنىڭ مال ـ مۈلكۈڭلاردىن) بىھاجەتتۇر، سىلەر بولساڭلار (اللەغا) موھتاجسىلەر، ئەگەر سىلەر (اللەنىڭ تائىتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، اللە سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ (بەلكى اللەغا ئىتائەت قىلىدۇ)* [38].

## دۇنيا ئىشلىرىنىڭ ئەرزىمەس نەرسە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ۋە سەدىقە بېرىشكە ئىلھاملاندۇرۇش توغرىسىدا

اللە تائالا دۇنيا ئىشلىرىنىڭ ئەرزىمەس ۋە ئۇنىڭ نەرسىلىرىنىڭ قىممەتسىز ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن ۋە تاماشادىن ئىبارەتتۇر**﴾ يەنى پەقەت اللە تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولغان نەرسىدىن باشقىسىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىش ئويۇن ـ تاماشادىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتساڭلار ۋە تەقۋادارلىق قىلساڭلار (اللە) سىلەرگە ئەجرىڭلارنى بېرىدۇ، مال ـ مۈلكۈڭلارنىڭ ھەممىسىنى (بېرىشنى) سورىمايدۇ (پەقەت زاكاتىنى بېرىشىڭلارنى سورايدۇ)**﴾ يەنى اللە تائالا سىلەردىن بايدۇر، سىلەردىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايدۇ، پەقەت يوقسۇل قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ سىلەر بىلەن باراۋەر بولۇشى ئۈچۈن، سەدىقىنىڭ پايدىسىنىڭ سىلەرگە قايتىشى ۋە ئۇنىڭ ساۋابىنىڭ قىيامەت كۈنى سىلەرگە قايتىشى ئۈچۈن اللە تائالا سىلەرگە مال ـ مۈلكۈڭلارنىڭ زاكىتىنى بېرىشنى پەرز قىلدى.

﴿**ئەگەر ئۇ سىلەردىن مال ـ مۈلكۈڭلارنى جىددى سورىسا، بېخىللىق قىلىسىلەر. بۇ بېخىللىق سىلەرنىڭ (ئىسلامغا بولغان) ئاداۋىتىڭلارنى ئاشكارىلايدۇ**﴾ قەتادە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: اللە تائالا پۇل ـ مالنى چىقىرىشنىڭ دىللاردىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىكنى چىقىرىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تولىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. قەتادەنىڭ بۇ سۆزى ناھايىتى ئورۇنلۇق بولۇپ، مال ـ مۈلۈك ھەقىقەتەن شىرىندۇر. ئۇ پەقەت بىر شەخسنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان نەرسىسى ئۈچۈنلا سەرپ ئېتىلىدۇ.

﴿**سىلەر شۇنداق كىشىلەر سىلەركى، اللەنىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىشقا چاقىرىلساڭلار، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بېخىللىق قىلىدىغانلار بار**﴾ يەنى ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشمايدىغانلار بار.

﴿**كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بېخىللىق قىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ئەجرىنى كېمەيتىدۇ، ئۇنىڭ ئۇۋالى پەقەت ئۆزىگىلا قايتىدۇ.

www.munber.org

﴿**الله (سىلەرنىڭ مال ـ مۈلكۈڭلاردىن)**﴾ ئۆزىدىن باشقا يۈتكۈل نەرسىدىن ﴿**بىھاجەتتۇر**﴾ ھەممە نەرسە ھەمىشە الله تائالاغا موھتاجدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەر بولساڭلار (اللەغا) موھتاجسىلەر**﴾ بىھاجەتلىك بولسا الله تائالانىڭ ئايرىلماس سۈپىتىدۇر. موھتاجلىق بولسا، ئىنسانلارنىڭ ئايرىلماس سۈپىتىدۇر.

﴿**ئەگەر سىلەر اللەنىڭ تائىتىدىن**﴾ ۋە الله تائالانىڭ شەرىئىتىگە ئەگىشىشتىن ﴿**يۈز ئۆرۈسەڭلار، الله سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ (بەلكى اللەغا ئىتائەت قىلىدۇ)**﴾ بەلكى الله تائالانىڭ سۆزلىرىنى ۋە ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئاڭلىغۇچى ۋە ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن سۈرە مۇھەممەدنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. جىمى ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە الله تائالاغا مەنسۇپتۇر.

www.munber.org

مەدىنىدە نازىل بولغان | سۈرە فەتىھ | 29 ئايەت

## سۈرە فەتىھنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە فەتىھ بولغان يىلى سەپەردە تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ سۈرە فەتىھنى ئاۋازىنى ياساپ قىرائەت قىلغان. مۇئاۋىيە[1]: ئەگەر كىشىلەرنىڭ قېشىمىزغا ئولىشىۋېلىشىنى يامان كۆرمەيدىغان بولسام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتىكى قىرائىتىنى ئەلۋەتتە دوراپ ئوقۇپ بېرەتتىم، دېگەن. بۇ ھەدىسنى بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

إِنَّا فَتَحْنَا لَكَ فَتْحًا مُّبِينًا ﴿١﴾ لِّيَغْفِرَ لَكَ ٱللَّهُ مَا تَقَدَّمَ مِن ذَنۢبِكَ وَمَا تَأَخَّرَ وَيُتِمَّ نِعْمَتَهُۥ
عَلَيْكَ وَيَهْدِيَكَ صِرَٰطًا مُّسْتَقِيمًا ﴿٢﴾ وَيَنصُرَكَ ٱللَّهُ نَصْرًا عَزِيزًا ﴿٣﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***اللەنىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈشى ئۈچۈن، ساڭا بەرگەن نېمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ئۈچۈن، سېنى توغرا يولغا باشلىشى ئۈچۈن، ساڭا كۈچلۈك ياردەم بېرىشى ئۈچۈن، ساڭا بىز ھەقىقەتەن روشەن غەلىبە ئاتا قىلدۇق*** ﴿1 - 2 - 3﴾.

## سۈرە فەتىھنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرىسىدا

ئىسلام كالىندارى بويىچە ھىجرىيەنىڭ 6 ـ يىلى زۇلقەئىدە ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيە[2] دىن قايتىپ كېلىۋاتقان چاغدا، بۇ ئۇلۇغ سۈرە نازىل بولغان. شۇ ۋاقىتتا مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەرەم مەسچىتىگە كىرىپ ئۆمرە قىلىشتىن توسقان. ئۇلار ئۇنىڭ ئۆمرە قىلىشىغا ئەنە شۇنداق توسقۇنلۇق قىلغان، ئاندىن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ يىل قايتىپ كېتىپ كېلەر يىلى كېلىپ ئۆمرە قىلىشىغا سۇلھى ۋە توختام تۈزۈشكە تەكلىپ قىلغان. گەرچە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق بىر تۈركۈم ساھابىلار بۇنى ياقتۇرمىغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر

[1] ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى مۇئاۋىيە ئىبنى قۇررا بولۇپ، بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلاردىن بىرى.
[2] مەككىگە يېقىن بىر جاينىڭ ئىسمى.

www.munber.org

ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغان. ئەگەر اللە تائالا خالىسا، ئۇنىڭ تەپسىلى ئەھۋالى بۇ سۈرىنىڭ تەپسىرىدىكى ئۆز ئورۇنلىرىدا بايان قىلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توسۇلغان يېرىدىلا ئۆزى ئېلىپ كەلگەن قۇربانلىقنى بوغۇزلاپ ئاندىن مەدىنىگە قايتقان چاغدا، اللە تائالا بۇ سۈرىنى نازىل قىلغان. بۇ سۈرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار بايان قىلىنغان ۋە ئۇ سۈلھىدە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى غەلىبىسى كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن بۇ سۈلھى فەتھ دەپ ھېسابلانغان.

بۇ ھەقتە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە باشقىلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: سىلەر بولساڭلار مەككىنىڭ فەتھ بولۇشىنى فەتھ دەپ ھېسابلايسىلەر، بىز بولساق ھۇدەيبىيە سۈلھىسىنى ھەقىقىي فەتھ دەپ ھېسابلايمىز. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىز پەقەت ھۇدەيبىيە كۈنىدىكى سۈلھىنى ھەقىقىي فەتھ دەپ ھېسابلايتتۇق.

ئىمام بۇخارى، بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سىلەر مەككىنىڭ فەتھ بولۇشىنى ”فەتھ“ دەپ ھېسابلايسىلەر. ئەمەلىيەتتىمۇ مەككىنىڭ فەتھ بولۇشى ھەقىقەتەن بىر فەتھ ئىدى. بىراق بىز بولساق ھۇدەيبىيە كۈنىدىكى رىزۋان بەيئىتىنى ھەقىقىي فەتھ دەپ ھېسابلايمىز. شۇ چاغدا بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن **1400** كىشى ئىدۇق، ھۇدەيبىيە بىر قۇدۇقنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ سۈيىنى بىر تامچىمۇ قالدۇرماستىن تارتىپ تۈگەتتۇق. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلگەندە، ئۇ قېشىمىزغا كېلىپ قۇدۇقنىڭ قىرغىقىدا ئولتۇردى. ئاندىن بىر قاچا سۇ ئەكەلدۈرۈپ تاھارەت ئالدى. ئاندىن ئاغزىغا سۇ ئېلىپ غارغار قىلدى ۋە دۇئا قىلدى. ئاندىن ئۇ سۇنى قۇدۇققا تۆكتى، بىز قۇدۇقتىن بىردەم سۇ تارتماي كۈتۈپ تۇردۇق، ئاندىن قۇدۇقنىڭ سۈيى بىزنى ۋە ئات ئۇلاقلىرىمىزنى سۇغا قاندۇردى.

ئىمام ئەھمەد، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە سەپەردە ئىدۇق، مەن ئۇنىڭدىن بىر ئىش توغرۇلۇق ئۈچ قېتىم سورىدىم، بىراق ئۇ سوئالىمغا جاۋاپ قايتۇرمىدى، مەن كۆڭلۈمدە، ئۆز ئۆزۈمگە: ئى ئىبنى خەتتاب! ئاناڭ ساڭا يىغلاپ قالسۇن[1]! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن جىددى ھالەتتە ئۈچ قېتىم سوئال سورىدىڭ، ئۇ ساڭا جاۋاپ قايتۇرمىدىغۇ؟ دېدىم، ئاندىن تۆگەمگە مىندىم ـ دە، ئۇنىڭ مېڭىشىنى تېزلىتىپ، مېنىڭ ھەققىمدە بىرەر ئايەت نازىل بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئىلگىرىلەپ كەتتىم. تۇساتتىن بىرسى مېنى: ئى ئۆمەر! دەپ چاقىردى، مەن ئارقامغا ياندىم، مەن مېنىڭ ھەققىمدە بىرەر ئايەت نازىل بولىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئاخشام ماڭا بىر سۈرە نازىل بولدى. ئۇ ماڭا دۇنيادىن ۋە دۇنيادىكى جىمى نەرسىلەردىنمۇ ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر، ئۇ بولسىمۇ ﴿**اللەنىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈشى ئۈچۈن، ساڭا بەرگەن نېمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ئۈچۈن، سېنى توغرا يولغا باشلىشى ئۈچۈن، ساڭا كۈچلۈك ياردەم بېرىشى ئۈچۈن، ساڭا بىز ھەقىقەتەن روشەن غەلىبە ئاتا قىلدۇق**﴾ دەپ باشلانغان سۈرىدۇر» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ﴿**اللەنىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈشى ئۈچۈن**﴾ دېگەن ئايەت ئۇ ھۇدەيبىيەدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا نازىل بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق

---

[1] بۇ سۆز ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى بويىچە بىرەر ئىش ئويلىغان يېرىدىن چىقمىغاندا دەيدىغان سۆزدۇر.

www.munber.org

دېگەن: «بۇ كىچە ماڭا ھەقىقەتەن بىر ئايەت نازىل بولدى، ئۇ ماڭا يەر يۈزىدىكى جىمى نەرسىلەردىن ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايەتنى ساھابىلەرگە ئوقۇپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ساڭا مۇبارەك ۋە خۇشاللىق بولسۇن، غالىب ۋە بۈيۈك اللە ھەقىقەتەن ساڭا ئاتا قىلغىنىنى بايان قىلىپتۇ، بىزگە نېمە ئاتا قىلار؟ دېگەن، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: **﴿(مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىغا اللەنىڭ تەمكىنلىك چۈشۈرۈشى) ئەر ـ ئايال مۆمىنلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار مەڭگۈ قالىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزۈشى ئۈچۈندۇر، اللەنىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈشى ئۈچۈندۇر، اللەنىڭ دەرگاھىدا، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر﴾** دېگەن ئايەت نازىل بولغان. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، مۇغىيرە ئىبنى شۆئبەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپ ناماز ئوقۇپ، قىيامدا ئۇزاق تۇرغانلىقتىن ئىككى پۇتى ئىششىپ كېتەتتى. ئۇنىڭغا: اللە سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈۋەتكەن ئەمەسمۇ؟ دېيىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ماڭا بېرىلگەن نېمەتكە شۈكۈر قىلغۇچى بەندە بولمامدىمەن؟» دېگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

**﴿بىز ساڭا ھەقىقەتەن روشەن غەلىبە ئاتا قىلدۇق﴾** بۇ غەلىبە ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن نۇرغۇن ياخشىلىقلار قولغا كەلتۈرۈلدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئىمان ئېيتتى، بەزىلەر ـ بەزىلەر بىلەن بىمالال ئۇچراشتى، مۆمىن كاپىر بىلەن سۆزلىشەلەيدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى، پايدىلىق ئىلىم بىلەن ئىمان ئەتراپقا تارقالدى.

**﴿اللەنىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈشى ئۈچۈن﴾** بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس قىلىنغان ئىشلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭغا باشقا بىرى ئورتاقلىشالمايدۇ. بىراۋنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى باشقا بىرىگە دەيدىغان ھېچقانداق بىر توغرا ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بولسا ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىندى. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن كاتتا شەرەپتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارلىق ئىشلىرىدا تائەت ـ ئىبادەت، ياخشىلىق ۋە ئادالەت ئۈستىدە بولغان بولۇپ، ئۇ ئىشلارغا ئۇنىڭدىن باشقا ئىلگىرىكىلەردىنمۇ، كېيىنكىلەردىنمۇ بىرەر ئىنسان نائىل بولالمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇتلەق ئەڭ مۇكەممەل ئىنساندۇر. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ شەرەپلىكىدۇر. ئۇ اللە تائالانىڭ مەخلۇقاتى ئىچىدىن اللە تائالاغا ئەڭ ئىتائەتمەن بولغانلىقى، اللە تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرى ۋە توسقان ئىشلىرىغا ئەڭ قاتتىق ئەمەل قىلغانلىقى ئۈچۈن تۆگىسى چۆكۈۋالغان چاغدا: «ئۇنى پىلنى توسقۇچى توستى» دېگەن ئىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەككە مۇشرىكلىرى بۈگۈن مەندىن اللە تائالانىڭ چەكلىگەن ئىشلىرىنى ئۇلۇغلايدىغان بىرەر نەرسىنى سوراپلا قالسا، مەن ئۇلارنىڭ ئۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلىمەن» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرە قىلىش ئىشىدا اللە تائالاغا ئىتائەت قىلغانلىقى ۋە سۈلھى تۈزۈشكە قوشۇلغانلىقى ئۈچۈن اللە تائالا ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: **﴿اللەنىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈشى ئۈچۈن، ساڭا بەرگەن نېمىتىنى﴾** دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە **﴿مۇكەممەللەشتۈرۈشى ئۈچۈن، سېنى توغرا يولغا﴾** يەنى اللە ساڭا بەلگىلەپ بەرگەن كاتتا شەرىئەت ۋە توغرا دىنغا **﴿باشلىشى ئۈچۈن، ساڭا كۈچلۈك ياردەم بېرىشى ئۈچۈن، ساڭا بىز ھەقىقەتەن روشەن غەلىبە ئاتا قىلدۇق﴾** يەنى سەن

www.munber.org

غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنغانلىقلىق ئۈچۈن، الله تائالا سىنىڭ دەرىجەڭنى يۇقىرى قىلدۇ، دۈشمەنلىرىڭگە قارشى ساڭا ياردەم قىلدۇ.

بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: «بىرەر بەندە ئەپۇ قىلىش بىلەن تونۇلسا، الله تائالا ئۇنى تېخىمۇ ئەزىز قىلىدۇ. بىرەر ئادەم الله تائالاغا كەمتەرلىك بىلەن بويسۇنسا، الله تائالا ئۇنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى قىلىدۇ». ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ئۇ مۇنداق دېگەن: سېنىڭ ھەققىڭدە الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان بىرەر ئادەمنى جازالىساڭ، بۈيۈك ۋە يۈكسەك الله غا ئىتائەت قىلغان ھالدا جازالىغىن.

* * * * * * *

هُوَ ٱلَّذِىٓ أَنزَلَ ٱلسَّكِينَةَ فِى قُلُوبِ ٱلْمُؤْمِنِينَ لِيَزْدَادُوٓا۟ إِيمَـٰنًا مَّعَ إِيمَـٰنِهِمْ ۗ وَلِلَّهِ جُنُودُ
ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿٤﴾ لِّيُدْخِلَ ٱلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَـٰتِ جَنَّـٰتٍ تَجْرِى مِن
تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَـٰرُ خَـٰلِدِينَ فِيهَا وَيُكَفِّرَ عَنْهُمْ سَيِّـَٔاتِهِمْ ۚ وَكَانَ ذَٰلِكَ عِندَ ٱللَّهِ فَوْزًا عَظِيمًا ﴿٥﴾ وَيُعَذِّبَ
ٱلْمُنَـٰفِقِينَ وَٱلْمُنَـٰفِقَـٰتِ وَٱلْمُشْرِكِينَ وَٱلْمُشْرِكَـٰتِ ٱلظَّآنِّينَ بِٱللَّهِ ظَنَّ ٱلسَّوْءِ ۚ عَلَيْهِمْ دَآئِرَةُ
ٱلسَّوْءِ ۖ وَغَضِبَ ٱللَّهُ عَلَيْهِمْ وَلَعَنَهُمْ وَأَعَدَّ لَهُمْ جَهَنَّمَ ۖ وَسَآءَتْ مَصِيرًا ﴿٦﴾ وَلِلَّهِ جُنُودُ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ
وَٱلْأَرْضِ ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَزِيزًا حَكِيمًا ﴿٧﴾

*مۆمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇشى ئۈچۈن، الله ئۇلارنىڭ دىللىرىغا تەمكىنلىكنى چۈشۈردى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (پەرىشتىلەردىن، جىنلاردىن، ھايۋانلاردىن ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن بولغان) قوشۇنلىرى اللهنىڭدۇر، الله (خەلقنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[4]. (مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىغا اللهنىڭ تەمكىنلىك چۈشۈرۈشى) ئەر ـ ئايال مۆمىنلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار مەڭگۈ قالىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزۈشى ئۈچۈندۇر، اللهنىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈشى ئۈچۈندۇر، اللهنىڭ دەرگاھىدا، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر[5]. (مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىغا اللهنىڭ تەمكىنلىك چۈشۈرۈشى) مۇناپىق ۋە مۇناپىقلەرگە، مۇشرىك ۋە مۇشرىكەلەرگە ئازاب قىلىش ئۈچۈندۇر، ئۇلار اللهغا قارىتا (الله پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە ياردەم بەرمەيدۇ دەيدىغان يامان ئويلاردا بولدى، (ئۇلار مۆمىنلەرگە يەتسۇن دېگەن) ھالاكەت ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە يېتىدۇ. الله ئۇلارغا غەزەپ قىلدى، ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، ئۇلارغا جەھەننەمنى تەييارلىدى، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! [6]. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ قوشۇنلىرى اللهنىڭدۇر، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[7].*

## مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىغا تەمكىنلىكنىڭ چۈشۈرۈلۈشى توغرىسىدا

**﴿مۆمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇشى ئۈچۈن، الله ئۇلارنىڭ دىللىرىغا تەمكىنلىكنى چۈشۈردى﴾**
يەنى خاتىرجەملىكنى بەرپا قىلدى. قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىغا تەمكىنلىكنى چۈشۈردى، ئۇلار ھۇدەيبىيە كۈنىدىكى الله تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاۋاز

www.munber.org

قوشقان، الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنغان ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن ئىبارەتتۇر. ئۇلارنىڭ دىللىرى الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئارام تاپقان ۋە قانائەتلەنگەندىن كېيىن الله تائالا ئۇلارنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشتى.

ئىمام بۇخارى ۋە باشقا بەزى ئىماملار دىللاردىكى ئىماننىڭ كۆچىيىدىغانلىقىغا ۋە كېمىيىدىغانلىقىغا بۇ ئايەتنى دەلىل قىلغان. الله تائالا ئەگەر ئۆزى خالىسا كاپىرلارنى چوقۇم جازالايدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (پەرىشتىلەردىن، جىنلاردىن، ھايۋانلاردىن ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن بولغان) قوشۇنلىرى اللەنىڭدۇر**﴾ يەنى ئەگەر الله تائالا ئۇلارغا بىر پەرىشتىنى ئەۋەتسە، ئۇ چوقۇم ئۇلارنىڭ ئەسلى ۋەسلىنى تەلتۆكۈس يوقاتقان بولاتتى. لېكىن، الله تائالا مۆمىن بەندىلىرىگە جىھاد قىلىشنى، ئۇرۇش قىلىشنى يولغا قويدى. چۈنكى، ئۇنىڭدىكى يېتەرلىك ھېكمەت، كەسكىن دەلىل ۋە يېڭىلمەس پاكىتنى الله تائالا ئۆزى بىلىدۇ. شۇڭا بۈيۈك الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله (خەلقىنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾.

﴿**(مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىغا اللەنىڭ تەمكىنلىك چۈشۈرۈشى) ئەر ـ ئايال مۆمىنلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار مەڭگۈ قالىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزۈشى ئۈچۈندۇر**﴾ يۇقىرىدا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە بايان قىلىنغانىدەك، ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ساڭا مۇبارەك بولسۇن، بۇ سەن ئۈچۈندۇر، بىزگە نېمە بېرىلەر؟ دېگەن چاغدا، الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: ﴿**(مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىغا اللەنىڭ تەمكىنلىك چۈشۈرۈشى) ئەر ـ ئايال مۆمىنلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار مەڭگۈ قالىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزۈشى ئۈچۈندۇر، اللەنىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈشى ئۈچۈندۇر**﴾ يەنى الله تائالا ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى ۋە گۇناھلىرىنى كەچۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى جازالىمايدۇ. بەلكى ئەپۇ قىلىدۇ، كەچۈرىدۇ، مەغپىرەت قىلىدۇ، ئەيىبلىرىنى يوشۇرىدۇ، مەرھەمەت قىلىدۇ ۋە ساۋاپ بېرىدۇ. ﴿**اللەنىڭ دەرگاھىدا، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ﴾[1].

﴿**(مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىغا اللەنىڭ تەمكىنلىك چۈشۈرۈشى) مۇناپىق ۋە مۇناپىقەلەرگە، مۇشرىك ۋە مۇشرىكەلەرگە ئازاب قىلىش ئۈچۈندۇر، ئۇلار اللەغا قارىتا (الله پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە ياردەم بەرمەيدۇ دەيدىغان يامان ئويلاردا بولدى**﴾ يەنى ئۇلار الله تائالاغا ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت ھۆكمىدە بوھتان چاپلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلۈپ تەلتۆكۈس يوقىلىدۇ، دېگەن يامان گۇمانلاردا بولدى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئۇلار مۆمىنلەرگە يەتسۇن دېگەن) ھالاكەت ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە يېتىدۇ. الله ئۇلارغا غەزەپ قىلدى، ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، ئۇلارغا جەھەننەمنى تەييارلىدى، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!**﴾ الله تائالا ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرىنى، ئىسلام دۈشمەنلىرىنى، كاپىرلارنى ۋە مۇناپىقلارنى جازالاشقا تولۇق قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش يۈزىسىدىن مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ قوشۇنلىرى اللەنىڭدۇر، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾.

* * * * * * *

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 185 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

إِنَّآ أَرۡسَلۡنَٰكَ شَٰهِدٗا وَمُبَشِّرٗا وَنَذِيرٗا ﴿٨﴾ لِّتُؤۡمِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَتُعَزِّرُوهُ وَتُوَقِّرُوهُ وَتُسَبِّحُوهُ
بُكۡرَةٗ وَأَصِيلًا ﴿٩﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ يُبَايِعُونَكَ إِنَّمَا يُبَايِعُونَ ٱللَّهَ يَدُ ٱللَّهِ فَوۡقَ أَيۡدِيهِمۡۚ فَمَن نَّكَثَ
فَإِنَّمَا يَنكُثُ عَلَىٰ نَفۡسِهِۦۖ وَمَنۡ أَوۡفَىٰ بِمَا عَٰهَدَ عَلَيۡهُ ٱللَّهَ فَسَيُؤۡتِيهِ أَجۡرًا عَظِيمٗا ﴿١٠﴾

*بىز ھەقىقەتەن سېنى (قىيامەت كۈنى خەلققە) گۇۋاھلىق بەرگۈچى، (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كاپىرلارنى ئازابتىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق﴿8﴾. سىلەرنىڭ اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇنى (يەنى پەيغەمبەرنى) ئۇلۇغلىشىڭلار ۋە ھۆرمەتلىشىڭلار ئۈچۈن، ئەتىگەندە ۋە ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىشىڭلار ئۈچۈن بىز پەيغەمبەرنى ئەۋەتتۇق﴿9﴾. شۈبھىسىزكى، (ئى مۇھەممەد! ھۇدەيبىيەدە) ساڭا (رىزۋان) بەيئىتىنى قىلغانلار (ھەقىقەتتە) اللەغا بەيئەت قىلغان بولىدۇ، اللەنىڭ قولى ئۇلارنىڭ قولىنىڭ ئۈستىدىدۇر (يەنى اللە ئۇلارنىڭ قىلغان بەيئىتىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، اللە ئۇلارنى بەيئەت قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇكاپاتلايدۇ)، كىمكى ئەھدىنى بۇزىدىكەن، ئەھدىنى بۇزغانلىقىنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ، اللە بىلەن قىلغان ئەھدىسىگە ۋاپا قىلغانلارغا اللە بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىدۇ﴿10﴾.*

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا

اللە تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىز ھەقىقەتەن سېنى (قىيامەت كۈنى خەلققە) گۇۋاھلىق بەرگۈچى، (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كاپىرلارنى ئازابتىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق**﴾ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى سۈرە ئەھزابتا بايان قىلىنغان. ﴿**سىلەرنىڭ اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇنى (يەنى پەيغەمبەرنى) ئۇلۇغلىشىڭلار ۋە ھۆرمەتلىشىڭلار ئۈچۈن، ئەتىگەندە ۋە ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىشىڭلار ئۈچۈن (بىز پەيغەمبەرنى ئەۋەتتۇق)**﴾

## رىزۋان بەيئىتى توغرىسىدا

اللە تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭغا شان ـ شەرەپ ئاتا قىلىش، ئۇنى ئۇلۇغلاش ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىش يۈزىسىدىن مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۈبھىسىزكى، (ئى مۇھەممەد! ھۇدەيبىيەدە) ساڭا (رىزۋان) بەيئىتىنى قىلغانلار (ھەقىقەتتە) اللەغا بەيئەت قىلغان بولىدۇ**﴾ بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ اللە غا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى، پەيغەمبەر اللە نىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ)﴾[1].
﴿**اللەنىڭ قولى ئۇلارنىڭ قولىنىڭ ئۈستىدىدۇر (يەنى اللە ئۇلارنىڭ قىلغان بەيئىتىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، اللە ئۇلارنى بەيئەت قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇكاپاتلايدۇ)**﴾ يەنى اللە تائالا ئۇلار بىلەن بىللەدۇر، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئورنىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغان ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن ھەقىقىي بەيئەت قىلىنغۇچى زات يۈكسەك اللە تائالادۇر. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، اللە مۆمىنلەردىن

[1] سۈرە نىسا 80 . ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار اللە نىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىت بولىدۇ)، (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (اللە نىڭ) راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە اللە دىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (يەنى اللە دىنمۇ ۋاپادار ئەھەدى يوق) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر﴾[1].

﴿**اللە بىلەن قىلغان ئەھدىسىگە ۋاپا قىلغانلارغا اللە بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىدۇ**﴾ يەنى كۆپ ساۋاپ بېرىدۇ، مانا بۇ بەيئەت رىزۋان بەيئىتى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ ھۇدەيبىيەدىكى سەمۇرە دېگەن دەرەخنىڭ سايىسى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان. شۇ كۈندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ سانى بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە 1300، يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە 1400، يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە 1500 ئىكەن، ئەڭ توغرىسى 1400 دېگەنلەرنىڭ سۆزىدۇر.

## بۇ ھەقتە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ بايانى توغرىسىدا

ئىمام بۇخارى، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: (بىز) ھۇدەيبىيە كۈنىدىكى كىشىلەر 1400 ئىدۇق، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئۇنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى بىلەن مۇسلىم يەنە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: شۇ كۈندە بىز 1400 كىشى ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى ھېلىقى سۇغا قويۇۋېدى، سۇ ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىشقا باشلىدى، ھەتتا شۇ يەرگە ھازىر بولغان ساھابىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇسسۇلۇقى قاندۇرۇلدى. تۆۋەندىكى ھەدىس ھۇدەيبىيە سۈلھىسى بولغان كۈنى ساھابىلارنىڭ سۇغا تەشنا بولغان ئەھۋالىنى بايان قىلغان يەنە بىر ھەدىسنىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا ئوقداندىن بىر تال ئوقىيا ئوقىنى ئېلىپ بەرگەن، ئۇلار ئۇ ئوقنى ھۇدەيبىيە قۇدۇقىغا قويغان، شۇنى بىلەن سۇ بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىققان بۇ سۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرغان، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: سىلەر شۇ كۈندە قانچە كىشى ئىدىڭلار؟ دېيىلگەندە، ئۇ: بىز 1400 كىشى ئىدۇق، ئەگەر بىز 100 مىڭ كىشى بولساقمۇ ئۇ سۇ بىزگە ئەلۋەتتە يېتەتتى، دېگەن.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار 1500 كىشى ئىدى. ئىمام بۇخارى، قەتادىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، مەن سەئىد ئىبنى مۇسەييىبكە: رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقانلار قانچە كىشى ئىدى؟ دېسەم، ئۇ: ئۇلار 1500 كىشى ئىدى، دېدى. مەن سەئىد ئىبنى مۇسەييىبكە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئۇلار 1400 كىشى ئىدى دېگەنغۇ؟ دېسەم، سەئىد ئىبنى مۇسەييىب: جابىرغا اللە تائالا مەرھەمەت قىلسۇن! جابىر ئۆزى ماڭا ئۇلار 1500 كىشى ئىدى دەپ سۆزلەپ بەرگەن، دېدى. ئىمام بەيھەقى: بۇ رىۋايەت جابىرنىڭ ئىلگىرى 1500 دېگەنلىكىنى، ئاندىن ئۆزىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى بايان قىلىپ 1400 دېگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن.

## بۇ كاتتا بەيئەتنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى توغرىسىدا

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ”مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى“ دېگەن كىتابىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەككىگە ئەۋەتىپ قۇرەيشنىڭ چوڭلىرىغا ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەلچىلىككە ئەۋەتىشكە

[1] سۈرە تەۋبە 111- ئايەت.

www.munber.org

چاقىرغاندا، ئۆمەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ھەقىقەتەن قۇرەيشلەرنىڭ ماڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قېلىشىدىن قورقىمەن، مەككىدە ئەدىي ئىبنى كەئبنىڭ ئەۋلادىدىن مېنى قوغدايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. قۇرەيشلەر مېنىڭ ئۇلارغا بولغان ئاداۋىتىمنى ۋە قاتتىق قوللىقىمنى بىلىپ بولدى. لېكىن، مەن ساڭا بىر ئادەمنى كۆرسىتىپ قوياي، ئۇ قۇرەيشلەرگە ماڭا قارىغاندا ئەزىز كىشىدۇر، ئۇ ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر، بىز ئۇنى ئەبۇسۇفيانغا ۋە قۇرەيشنىڭ چوڭلىرىغا ئەۋەتەيلى، ئۇ ئۇلارغا: مۇھەممەد ئۇرۇش ئۈچۈن كەلمىدى، ئۇ پەقەت بۇ بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى[1] ئۇلۇغلاش ئۈچۈن كەلدى. دەپ خەۋەر قىلسۇن، دېدى. شۇنداق قىلىپ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىگە كەتتى. ئۇ مەككىگە كىرگەندە ياكى كىرىشكە ئاز قالغاندا ئۇنىڭغا ئەبان ئىبنى سەئىد ئىبنى ئاس ئۇچراشتى. ئۇ ئوسماننى ئالدىغا مىندۈرۈپ ئۇنىڭغا تاكى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزۈپ بولغانغا قەدەر كېپىللىك بەردى (يەنى ھىمايىسىگە ئالدى)، شۇنىڭ بىلەن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يولىغا راۋان بولدى. ئۇ ئەبۇسۇفيان ۋە قۇرەيشنىڭ باشقا كاتتىباشلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكىنى ئۇلارغا يەتكۈزدى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئۇنىڭغا: ئەگەر سەن بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشنى خالىساڭ، ئۇنداقتا تاۋاپ قىلغىن، دېدى. ئوسمان: ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاۋاپ قىلمىغۇچە مەن ھەرگىز تاۋاپ قىلمايمەن، دېدى. كېيىن قۇرەيشلەر ئۇنى سولاپ قويغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلتۈرۈلدى، دەپ خەۋەر يەتكۈزۈلدى.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: ماڭا ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇبەكرىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئوسمان ئۆلتۈرۈلدى دېگەن خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلگەن چاغدا، ئۇ: «بىز بۇ قەۋم بىلەن ئېلىشمىغىچە ئىزىمىزدىن تەۋرىمەيمىز» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى بەيئەت قىلىشقا چاقىردى، بۇ رىزۋان بەيئىتى بولۇپ، بىر تۈپ دەرەخنىڭ سايىسى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن ئۆلۈمگە (يەنى ئۆلگۈچە ئۇرۇشۇشقا) بەيئەت ئالغان. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: شەك ـ شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزدىن ئۆلۈمگە بەيئەت ئالمىدى، لېكىن بىز ئۇرۇشتىن قاچماسلىققا بەيئەت قىلدۇق. كىشىلەر بەيئەت قىلدى. بۇ بەيئەتكە ھازىر بولغان مۇسۇلمانلاردىن پەقەت بەنى سەلىمەنىڭ قېرىندىشى جەددۇ ئىبنى قەيستىن باشقا ھەممەيلەن تولۇق بەيئەت قىلدى.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن جەددۇ ئىبنى قەيسنى تۆگىسىنىڭ بېقىنىغا چاپلىشىۋالغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇ كىشىلەردىن يوشۇرۇنۇش ئۈچۈن تۆگىنىڭ قېشىغا يۆتكىلىۋالغان ئىدى. شۇندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنىڭ يالغان ئىكەنلىكى يېتىپ كەلدى.

ھافىز ئەبۇبەكر بەيھەقى، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنى رىزۋان بەيئىتىگە بۇيرىغان چاغدا، ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككە ئەھلىگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى بولۇپ مەككىگە كەتكەن ئىدى. ئادەملەر بەيئەت قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئى الله ! ئوسمان ھەقىقەتەن الله تائالانىڭ ھاجىتىنى (يەنى بۇيرۇقىنى)، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھاجىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كەتتى» دېدى

[1] يەنى ئۇنىڭدا قان تۆكۈش قاتارلىق گۇناھلارنىڭ سادىر بولۇشىنىڭ چەكلەنگەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ـ ت

www.munber.org

ـ دە، بىر قولىنى يەنە بىر قولىنىڭ ئۈستىگە ئۇردى[1]. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەيئەت قىلغان قولى ساھابىلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن بەيئەت قىلغان قوللىرىدىن كۆپ ياخشى ئىدى.

ئىمام بۇخارى، نافىئنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىشىلەر ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى ئۆمەردىن ئىلگىرى ئىسلامنى قوبۇل قىلغان، دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئىش ئۇنداق ئەمەس، ئەسلىدە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھۇدەيبىيە سۈلھىسى بولغان كۈنى ئەنسارىلاردىن بىر ئادەمنىڭ قېشىدا قويۇپ قويغان ئېتىنى (ئۇنىڭغا مىنىپ جىھاد قىلىش ئۈچۈن) ئۇنى ئەكېلىشكە ئابدۇللاھنى ئەۋەتكەن، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېلىقى دەرەخنىڭ يېنىدا بەيئەت ئېلىۋاتاتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا بۇنى بىلمەيتتى، ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاتنى ئەكېلىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغان، ئاندىن ئاتنى ئەكېلىشكە بارغان، ئۇ ئاتنى ئېلىپ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كەلگەندە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇرۇش كىيىمىنى كىيىۋاتاتتى. ئۇ ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېلىقى دەرەخنىڭ قېشىدا بەيئەت ئېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر دەرھال ئابدۇللاھ بىلەن ئۇ يەرگە بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان. مانا بۇ، كىشىلەرنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئىلگىرى ئىسلامنى قوبۇل قىلغان دەپ سۆزلەشكەنلىكىنىڭ سەۋەبىدۇر.

ئىمام بۇخارى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىشىلەر دەرەخلەرنىڭ سايىسىغا تارقاپ كەتكەن ئىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇساتتىنلا كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىغا ئۇلىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ: ئى ئابدۇللاھ! قاراپ باققىنا، ئادەملەرگە نېمە بوپتۇ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئورىۋاپتىغۇ؟ دېدى. ئابدۇللاھ بېرىپ ئۇلارنىڭ بەيئەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئۆزمۇ بەيئەت قىلدى، ئاندىن قايتىپ كېلىپ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەھۋالنى يەتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆمەرمۇ چىقىپ بەيئەت قىلدى.

ئىمام مۇسلىم، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھۇدەيبىيە سۈلھىسى بولغان كۈنى بىز 1400 كىشى ئىدۇق، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلدۇق، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەمۇر دەرىخىنىڭ سايىسى ئاستىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: بىز ئۇرۇشتىن قاچماسلىققا بەيئەت قىلدۇق، ئۆلۈشكە بەيئەت قىلمىدۇق، دېگەن ئىدى.

ئىمام مۇسلىم، مەئقەل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ھەقىقەتەن رىزۋان بەيئىتى بولغان كۈنى ھېلىقى دەرەخنىڭ يېنىدا بار ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەردىن بەيئەت ئېلىۋاتاتتى. مەن ئۇ دەرەخنىڭ بىر شېخىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا تەگمەسلىكى ئۈچۈن كۆتۈرۈپ تۇراتتىم. بىز ئۇ چاغدا 1400 كىشى ئىدۇق. بىز ئۇنىڭغا ئۆلۈم ئۈچۈن بەيئەت قىلمىدۇق، بەلكى ئۇرۇشتىن قاچماسلىققا بەيئەت قىلدۇق،

ئىمام بۇخارى، سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سەمۇرە دەرەخنىڭ سايىسى ئاستىدا بەيئەت قىلدىم، يەزىد: مەندىن ئى سەلەمە! شۇ كۈنى سىلەر قايسى ئىشقا بەيئەت قىلغانىدىڭلار، دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا: ئۆلگىچە جىھاد قىلىشقا بەيئەت قىلدۇق، دەپ جاۋاب بەردىم.

[1] ئوسمان ئۈچۈن ئۇنىڭ نامىدا بەيئەت قىلدى.

www.munber.org

ئىمام بۇخارى يەنە سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھۇدەيبىيە كۈنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلدىم، ئاندىن بىر تەرەپتە تۇردۇم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئى سەلەمە! بەيئەت قىلمامسەن؟» دېدى» مەن: ئاللىبۇرۇن بەيئەت قىلىپ بولدۇم، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇياققا كەلگىن، ماڭا بەيئەت قىلغىن» دېدى. مەن يېقىنلىشىپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدىم. يەزىد مەندىن: ئى سەلەمە! نېمە ئىشقا بەيئەت قىلغانتىڭ؟ دەپ سورىدى، مەن ئۇنىڭغا ئۆلگىچە جىھاد قىلىشقا، دەپ جاۋاپ بەردىم. ئۇنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان، شۇنداقلا ئىمام بۇخارى، ئىباد ئىبنى ئىمام تەمىمنىڭ: ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆلگىچە جىھاد قىلىشقا بەيئەت قىلغان، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بەيھەقى، سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھۇدەيبىيەگە يېتىپ كەلدۇق. بىز 1400 كىشى ئىدۇق، ھۇدەيبىيە قۇدۇقىدا 50 تۇياق قوي سۇغۇرۇلىدىغان بولۇپ، ئۇ قۇدۇقنىڭ سۈيى بۇ قويلارنى قاندۇرالمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇدۇقنىڭ قىرغىقىدا ئولتۇرۇپ يا دۇئا قىلدى ۋە ياكى قۇدۇققا تۈكۈردى، شۇنىڭ بىلەن قۇدۇقتىن سۇ بۇلدۇقلاپ ئېقىپ چىقتى. بىز ئۇنىڭدىن ئىچتۇق ۋە ئات ـ ئۇلاغلىرىمىزنى سۇغاردۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە بىزنى بەيئەت قىلىشقا چاقىردى، مەن ئۇنىڭغا بىرىنچى بولۇپ بەيئەت قىلدىم، ئاندىن ئادەملەر بىر ـ بىرلەپ كېلىپ بەيئەت قىلدى. ئادەملەرنىڭ يېرىمى بەيئەت قىلىپ بولغان چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى سەلەمە! ماڭا بەيئەت قىلغىن» دېدى. مەن: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ساڭا بىرىنچى بولۇپ بەيئەت قىلدىم، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يەنە بەيئەت قىلغىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ قورالسىز ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپ ماڭا بىر دانە قالقان بەردى. ئاندىن ئادەملەر بەيئەت قىلىپ ئاخىرلاشقان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئى سەلەمە! بەيئەت قىلمامسەن؟» دېدى. مەن: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ساڭا ھەقىقەتەن ئادەملەرنىڭ ئەڭ دەسلىپىدە ۋە ئوتتۇرىسىدا بەيئەت قىلدىم دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يەنە بەيئەت قىلغىن» دېدى. شۇنداق قىلىپ مەن ئۇنىڭغا ئۈچىنچى قېتىم بەيئەت قىلدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى سەلەمە! مەن ساڭا بەرگەن قالقان قېنى؟» دېدى. مەن: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا ئامىر قۇرالسىز ئۇچراپ قالغانتى شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتتىم، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە «ھەقىقەتەن سەن، ئى اللە! ماڭا مېنىڭ جېنىمدىنمۇ ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان دوستۇمنى تېپىشقا ماڭا ياردەم قىلغىن، دېگەن بىرىنچى كىشىگە ئوخشاپسەن» دېدى.

سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئاندىن مەككە مۇشرىكلىرى بىزگە سۈلھى تۈزۈش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتى، بىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ سۈلھى قىلىش ئۈچۈن كېلىشتۇق. مەن تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خىزمەتچىسى ئىدىم، ئۇنىڭ ئېتىنى سۇغىراتتىم، يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ تامىقىدىن يەيتتىم. مەن ئائىلەمنى ۋە مال ـ مۈلكۈمنى تاشلاپ، اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان ئىدىم. بىز ۋە ئەھلى مەككە سۈلھىگە كېلىشكەندىن كېيىن مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئارىلىشىپ كەتتۇق. مەن بىر دەرەخنىڭ ئاستىغا كېلىپ، ئۇ يەردىكى تىكەنلەرنى سۈپۈرۈۋېتىپ، دەرەخنىڭ تۈۋىدە يېنىچە سايىدا ياتتىم. بىر ئازدىن كېيىن مەككە مۇشرىكلىرىدىن تۆتى يېنىمغا كەلدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۇجۇم قىلىشقا پۇرسەت كۈتۈۋاتاتتى. مەن ئۇلارغا غەزەپلەندىم ۋە باشقا بىر دەرەخنىڭ يېنىغا يۆتكىلىپ كەتتىم. ئۇلار قۇراللىرىنى ئېسىپ قويۇپ يانپاشلاپ يېتىشتى. ئۇلار شۇ ھالەتتە تۇرغان پەيتتە تۇيۇقسىزلا بىرسى

www.munber.org

ۋادىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن: ئى مۇھاجىرلار! ئىبنى زۇنەيىم ئۆلتۈرۈلدى دەپ توۋلىدى. مەن قىلىچىمنى سۇغاردىم ـ دە، ئۇ تۆت كىشىگە شىددەت بىلەن ئېتىلدىم. ئۇلار ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ قىلىچلىرىنى يىغىپ قولۇمغا ئېلىۋالدىم ـ دە، ئاندىن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇلۇغ قىلىپ ياراتقان زات اللە تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەردىن ھېچكىم بېشىنى كۆتەرمىسۇن، بولمىسا ئۇنىڭ ئىككى كۆزىگىلا چېپىپ تاشلايمەن، دېدىم. ئاندىن ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ ئېلىپ كەلدىم. تاغام ئامىرمۇ ئەبلات قەبىلىسىدىن مىكرەز ئىسىملىك بىر مۇشرىكنى ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى. بىز ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا، ئەسىرگە چۈشكەن 70 مۇشرىكنىڭ قاتارىغا تىزىپ توختاتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قاراپ چىقىپ: «ئۇلارنى قويۇۋېتىڭلار، بۇ ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ باشلىنىشىمۇ ۋە ئىككىنچى قېتىم تەكرارلىنىشىمۇ شۇدۇر» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئەپۇ قىلىۋەتتى. ئاندىن اللە تائالا ﴿**اللە ئۇلارنى سىلەرگە قول سېلىشتىن توستى ھەمدە ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىنىڭلاردىن كېيىن، مەككىنىڭ ئىچىدە (يەنى ھۇدەيبىيىدە) سىلەرنى ئۇلارغا قول سېلىشىڭلاردىن توستى**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. شۇنداقلا ئىمام مۇسلىممۇ بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم، سەئىد ئىبنى مۇسەييىبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مېنىڭ ئاتام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سەمۇرە دەرىخىنىڭ سايىسى ئاستىدا بەيئەت قىلغانلاردىن ئىدى. بىز كېلەر يىلى ھەج قىلىش ئۈچۈن باردۇق، بىز ھېلىقى دەرەخنىڭ ئورنىنى بايقىيالمىدۇق. ئەگەر سىلەرگە ئۇ ئورۇن مەلۇم بولسا، سىلەر ئۇنى ئوبدان بىلىسىلەر.

ئەبۇبەكىر ھۇمەيدى، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى بەيئەت قىلىشقا چاقىرغان چاغدا، بىز ئارىمىزدىن جەددۇ ئىبنى قەيس ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ تۆگىسىنىڭ بېقىنىغا يوشۇرۇنىۋالغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق. ئۇنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ھۇمەيدى يەنە ئەمرىدىن جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز ھۇدەيبىيە كۈنى 1400 كىشى ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: «سىلەر بۈگۈن يەر يۈزىدىكى ئەڭ ياخشى كىشىلەر» دېدى. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر مەن سەمۇرە دەرىخىنىڭ ئورنىنى كۆرەلىگەن بولسام، ئۇ سىلەرگە چوقۇم كۆرسەتتىم. سۇفيان مۇنداق دەيدۇ: ئادەملەر ئۇ دەرەخنىڭ ئورنى توغرۇلۇق ھەر خىل كۆز قاراشتا بولدى. ئۇنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سەمۇرە دەرىخىنىڭ سايىسى ئاستىدا بەيئەت قىلغانلاردىن ھېچكىم دوزاخقا كىرمەيدۇ»

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى داۋانغا مۇرار[1] داۋىنىغا ئۆرلىسە، ئۇنىڭ گۇناھى ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئۆچۈرۈلگەن گۇناھتەك كۆپ بولسىمۇ، ئۆچۈرۈلۈپ كېتىدۇ» شۇنىڭ بىلەن ئۇ داۋانغا بىرىنچى بولۇپ ئۆرلىگەنلەر بەنى خەزرەج قەبىلىسىنىڭ ئاتلىق ئادەملىرى بولدى. ئاندىن باشقىلار بەس ـ بەستە ناھايىتى تېز ئۆرلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار مەغپىرەتكە ئېرىشتىڭلار، پەقەت قىزىل تۆگىنىڭ ئىگىسى بۇنىڭدىن مۇستەسنا» دېدى. بىز ئۇ ئادەمگە: بۇياققا كەل، پەيغەمبەر

[1] بۇ مەككە بىلەن مەدىنىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان، ھۇدەيبىيەگە كېتىدىغان يول ئۈستىدىكى بىر داۋان.

ئەلەيھىسسالام ساڭا مەغپىرەت تىلىسۇن، دېدۇق. ئۇ: اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇچۇن يۇتۇپ كەتكەن نەرسەمنى تېپىش، سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار ماڭا مەغپىرەت تەلەپ قىلغاندىنمۇ ئەڭ ياخشىدۇر، دېدى. ئاقىۋەتتە، ئۇنىڭ يۇتۇپ كەتكەن نەرسىسىنى ئىزدەۋاتقان بىر ئادەم ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئۇنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇزۇبەيردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ماڭا ئۇممۇ مۇبەششىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى: «اللہ تائالا خالىسا ھېلىقى دەرەخ سايىسىنىڭ ئاستىدا بەيئەت قىلغانلارنىڭ بىرىمۇ دوزاخقا كىرمەيدۇ». ئۇممۇ مۇبەششىر: شۇنداق ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! دېۋېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بىلەرمەنلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن سىلكىشلىۋەتتى، ئاندىن ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ﴿سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن دوزاخقا بارمايدىغان بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللہ تائالا ھەققەتەن ﴿ئاندىن تەقۋادارلارنى (جەھەننەمدىن) قۇتقۇزىمىز، زالىملارنى جەھەننەمدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالدا قويىمىز﴾[2] دەيدۇ» دېدى. بۇنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىمام مۇسلىم يەنە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھاتەب ئىبنى ئەبۇبەلتەنىڭ بىر قۇلى ھاتەب ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! ھاتەب چوقۇم دوزاخقا كىرىدۇ، دەپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «يالغان سۆزلىدىڭ، ئۇ دوزاخقا كىرمەيدۇ، چۈنكى، ئۇ بەدرى ئۇرۇشىغا ۋە ھۇدەيبىيەدىكى رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقان»دېدى. شۇڭا اللہ تائالا ئۇلارنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۇبھىسىزكى، (ئى مۇھەممەد! ھۇدەيبىيەدە) ساڭا (رىزۋان) بەيئىتىنى قىلغانلار (ھەقىقەتتە) اللەغا بەيئەت قىلغان بولىدۇ، اللەنىڭ قولى ئۇلارنىڭ قولىنىڭ ئۈستىدىدۇر (يەنى اللە ئۇلارنىڭ قىلغان بەيئىتىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، اللە ئۇلارنى بەيئەت قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇكاپاتلايدۇ)، كىمكى ئەھدىنى بۇزىدىكەن، ئەھدىنى بۇزغانلىقىنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ، اللە بىلەن قىلغان ئەھدىسىگە ۋاپا قىلغانلارغا اللە بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىدۇ**﴾ شۇنداقلا اللہ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللە مۆمىنلەردىن ھەقىقەتەن رازى بولدى، (ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (ھۇدەيبىيەدە) دەرەخ (سايىسى) ئاستىدا ساڭا بەيئەت قىلدى. اللە ئۇلارنىڭ دىلىدىكىنى (يەنى راستلىق بىلەن ۋاپانى) بىلدى، اللە ئۇلارغا (ئۇلار بەيئەت قىلىۋاتقاندا) تەمكىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى ۋە ئۇلارنى يېقىن غەلىبە (يەنى خەيبەرنىڭ پەتھى قىلىنىشى) بىلەن ۋە ئۇلار ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىمەتلەر بىلەن مۇكاپاتلىدى﴾[3].

* * * * * * *

سَيَقُولُ لَكَ ٱلْمُخَلَّفُونَ مِنَ ٱلْأَعْرَابِ شَغَلَتْنَآ أَمْوَٰلُنَا وَأَهْلُونَا فَٱسْتَغْفِرْ لَنَا ۚ يَقُولُونَ بِأَلْسِنَتِهِم مَّا لَيْسَ فِى قُلُوبِهِمْ ۚ قُلْ فَمَن يَمْلِكُ لَكُم مِّنَ ٱللَّهِ شَيْـًٔا إِنْ أَرَادَ بِكُمْ ضَرًّا أَوْ أَرَادَ بِكُمْ نَفْعًۢا ۚ بَلْ كَانَ ٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرًا ﴿١١﴾ بَلْ ظَنَنتُمْ أَن لَّن يَنقَلِبَ ٱلرَّسُولُ وَٱلْمُؤْمِنُونَ إِلَىٰٓ أَهْلِيهِمْ

---

[1] سۈرە مەريەم 71 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مەريەم 72 - ئايەت
[3] سۈرە فەتھ 18 - ئايەت.

www.munber.org

أَبَدًا وَزُيِّنَ ذَٰلِكَ فِي قُلُوبِكُمْ وَظَنَنتُمْ ظَنَّ ٱلسَّوْءِ وَكُنتُمْ قَوْمًا بُورًا ﴿١٢﴾ وَمَن لَّمْ يُؤْمِنۢ بِٱللَّهِ
وَرَسُولِهِۦ فَإِنَّآ أَعْتَدْنَا لِلْكَٰفِرِينَ سَعِيرًا ﴿١٣﴾ وَلِلَّهِ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ يَغْفِرُ لِمَن يَشَآءُ وَيُعَذِّبُ
مَن يَشَآءُ ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿١٤﴾

*(ھۇدەيبىيەگە چىقماي) قېلىپ قالغان (مۇناپىق) ئەئرابىلار ساڭا: «بىز ماللىرىمىز، بالا ـ چاقىلىرىمىز بىلەن بولۇپ قېلىپ (سەن بىلەن چىقالمىدۇق)، بىز ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلغىن» دەيدۇ، ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقىنى دىلىدىكى سۆز ئەمەس (يەنى ئۇلار يالغان ئۆزرە ئېيتىدۇ). ئېيتقىنكى، «ئەگەر اللە سىلەرگە بىرەر زىياننى ياكى پايدىنى ئىرادە قىلسا، كىم سىلەر ئۈچۈن اللەنىڭ ئالدىدا بىرەر نەرسىگە دال بولالايدۇ؟ (يەنى كىم سىلەردىن اللەنىڭ خاھىشى ۋە قازاسىنى توسيالايدۇ؟) ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئىش سىلەر ئويلىغاندەك ئەمەس)، اللە سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر*﴿11﴾. *بەلكى سىلەر، پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەر ئائىلىسىگە مەڭگۈ قايتمايدۇ، دەپ گۇمان قىلدىڭلار، بۇ (گۇمراھلىق) دىللىرىڭلاردا چىرايلىق تۇيۇلدى، سىلەر يامان گۇماندا (يەنى ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈپ بىرىمۇ ساق قايتمايدۇ دەيدىغان ئويدا) بولدۇڭلار، سىلەر ھالاك بولغۇچى قەۋم بولدۇڭلار»*﴿12﴾. *كىمكى اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشەنمەيدىكەن (ئۇ كاپىردۇر)، شۈبھىسىزكى، بىز كاپىرلارغا دوزاخنى تەييارلىدۇق*﴿13﴾. *ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللەغا خاستۇر، اللە خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ، اللە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر*﴿14﴾.

## ھۇدەيبىيەگە چىقمىغانلارنىڭ يالغان ئۆزرە ئېيتىشى ۋە ﷲ تائالانىڭ ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغانلىقى توغرىسىدا

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھۇدەيبىيەگە چىقماي قېلىپ قالغان، بالا ـ چاقىلىرى بىلەن تۇرۇشنى ۋە ئۇلار بىلەن مەشغۇل بولۇشنى ئەلا بىلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سەپەرگە چىقىشتىن باش تارتقان مۇناپىق، ئەئرابىلارنىڭ نېمە دەپ ئۆزرە ئېيتىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئۇلار ماللىرى ۋە بالا ـ چاقىلىرى بىلەن بولۇپ قېلىپ سەپەرگە چىقمىغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتىدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزلىرىگە مەغپىرەت تەلەپ قىلىشنى سورايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئېتىقاد يۈزىسىدىن ئېيتقان سۆزى ئەمەس، بەلكى ئەيىبلىنىشتىن قۇتۇلۇش ۋە ياسالمىلىق يۈزىسىدىن ئېيتقان سۆزىدۇر. شۇڭا ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقىنى دىلىدىكى سۆز ئەمەس (يەنى ئۇلار يالغان ئۆزرە ئېيتىدۇ). ئېيتقىنكى، «ئەگەر اللە سىلەرگە بىرەر زىياننى ياكى پايدىنى ئىرادە قىلسا، كىم سىلەر ئۈچۈن اللەنىڭ ئالدىدا بىرەر نەرسىگە دال بولالايدۇ؟ (يەنى كىم سىلەردىن اللەنىڭ خاھىشى ۋە قازاسىنى توسيالايدۇ؟)**﴾ يەنى سىلەرگە ﷲ تائالا ئىرادە قىلغان نەرسىنى قايتۇرۇشقا ھېچكىم قادىر بولالمايدۇ، ﷲ تائالا ئالىيدۇر، ئۇلۇغدۇر، گەرچە سىلەر بىزگە ياسالمىلىق ۋە مۇناپىقلىق قىلساڭلارمۇ، ﷲ تائالا سىرلىرىڭلارنى ۋە دىللىرىڭلارغا يوشۇرغان ئىشلىرىڭلارنى ناھايىتى ئوبدان بىلگۈچىدۇر. شۇڭا ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئىش سىلەر ئويلىغاندەك ئەمەس)، اللە سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر**﴾.

www.munber.org

**﴿بەلكى سىلەر، پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەر ئائىلىسىگە مەڭگۈ قايتمايدۇ، دەپ گۇمان قىلدىڭلار﴾** يەنى پەيغەمبەر بىلەن چىقماسلىقىڭلار بىرەر ئۆزرە ۋە گۇناھ سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى نىپاقلىق سەۋەبىدىندۇر. سىلەر: ئۇلار ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەسلى ـ ۋەسلى تولۇق يوقىتىلىدۇ، ئۇلاردىن بىرىمۇ خەۋەرچى قايتىپ كېلەلمەيدۇ، دەپ ئويلىدىڭلار. **﴿سىلەر يامان گۇماندا (يەنى ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈپ بىرىمۇ ساق قايتمايدۇ دەيدىغان ئويدا) بولدۇڭلار، سىلەر ھالاك بولغۇچى قەۋم بولدۇڭلار﴾.**

**﴿كىمكى اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشەنمەيدىكەن (ئۇ كاپىردۇر)﴾** يەنى كىمكى تاشقى ۋە ئىچكى جەھەتتە ئەمەلىنى اللە تائالا ئۈچۈن خالىس قىلمايدىكەن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللە تائالا ئۇنى كەلگۈسىدە دوزاختا ئازابلايدۇ، گەرچە ئۇ كىشىلەرگە ئۇلار ئېتىقاد قىلىۋاتقان نەرسىنى ئىزھار قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ دەل ئەكسىنى دىلىدا يوشۇرغانلىقى ئۈچۈن ئازابلىنىدۇ.

اللە تائالا ئۆزىنىڭ ئاسمان ـ زېمىندىكى بارلىق مەخلۇقاتلارغا مۇتلەق ھاكىم ۋە پادىشاھ ئىكەنلىكىنى، خالىغانچە ئىدارە قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. **﴿اللە خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ اللە﴾** ئۆزىگە تەۋبە قىلغان، ئۆزى تەرەپكە قايتقان ۋە ئالدىدا باش ئەگكەن ئادەمگە **﴿ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾**

* * * * * * *

سَيَقُولُ ٱلْمُخَلَّفُونَ إِذَا ٱنطَلَقْتُمْ إِلَىٰ مَغَانِمَ لِتَأْخُذُوهَا ذَرُونَا نَتَّبِعْكُمْ ۖ يُرِيدُونَ أَن
يُبَدِّلُوا۟ كَلَـٰمَ ٱللَّهِ ۚ قُل لَّن تَتَّبِعُونَا كَذَٰلِكُمْ قَالَ ٱللَّهُ مِن قَبْلُ ۖ فَسَيَقُولُونَ بَلْ تَحْسُدُونَنَا ۚ بَلْ كَانُوا۟
لَا يَفْقَهُونَ إِلَّا قَلِيلًا ﴿١٥﴾

*(ھۇدەيبىيەگە چىقماي) قېلىپ قالغانلار غەنىمەت ئېلىش ئۈچۈن چىققان ۋاقتىڭلاردا: «بىزمۇ سىلەر بىلەن چىقايلى» دەيدۇ، ئۇلار اللەنىڭ (خەيبەر غەنىمىتىنى ھۇدەيبىيەگە چىققانلارغا خاس قىلغانلىقتىن) ئىبارەت سۆزىنى ئۆزگەرتمەكچى بولىدۇ. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «بىز بىلەن چىقىشىڭلارغا ھەرگىز بولمايدۇ، اللە ئىلگىرى مۇشۇنداق دېگەن». ئۇلار: «ئۇنداق ئەمەس (يەنى اللە ئۇنداق دېمىگەن)، سىلەر بىزگە ھەسەت قىلىۋاتىسىلەر» دەيدۇ. ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار (اللەنىڭ كالامىنى) پەقەت يۈزەكىنە چۈشىنىدۇ*﴿15﴾.

اللە تائالا بۇ ئايەتتە ھۇدەيبىيە ئۆمرىسىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە چىقماي قېلىپ، قالغان ئەئرابىلاردىن خەۋەر بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى خەيبەرنى فەتھى قىلغىلى ماڭغان چاغدا، ئەئرابىلار غەنىمەت ئېلىش ئۈچۈن مۆمىنلەر بىلەن بىرگە چىقىشنى سورايدۇ. ئۇلار ھەقىقەتەن دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇشىدىغان، ئۇلار بىلەن چېپىشىدىغان ۋە ئۇلارغا قارشى زىيادە پىداكارلىق كۆرسىتىدىغان ۋاقىتتا مۆمىنلەر بىلەن بىللە چىقماي، قېلىپ قالغان ئىدى. ئۇلارنى ئۆز گۇناھلىرى تېپىدىن جازالاش ئۈچۈن، اللە تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارغا ئۆزى بىلەن بىللە خەيبەر ئۇرۇشىغا چىقىشقا رۇخسەت قىلماسلىققا بۇيرۇدى. اللە تائالا ھەقىقەتەن خەيبەر غەنىمەتلىرىنى پەقەت ھۇدەيبىيەگە چىققانلارغىلا بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان. ھۇدەيبىيەگە چىقمىغان ئەئرابىلارنىڭ ئۇ غەنىمەتتە مۆمىنلەرگە شېرىك بولۇشىغا بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن يەنى اللە تائالا بۇيرۇغاندىن باشقىسى شەرىئەت جەھەتتىمۇ، ئىنسانى قەدىر ـ قىممەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ دۇرۇس ئەمەس. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار اللەنىڭ (خەيبەر غەنىمىتىنى ھۇدەيبىيەگە چىققانلارغا خاس قىلغانلىقتىن)**

www.munber.org

**ئىبارەت سۆزنى ئۆزگەرتمەكچى بولىدۇ. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «بىز بىلەن چىقىشقىلارغا ھەرگىز بولمايدۇ، اللە ئىلگىرى مۇشۇنداق دېگەن»﴾** يەنى سىلەر بىز بىلەن بىللە چىقىشنى سوراشتىن ئىلگىرى اللە تائالا ھۇدەيبىيىگە چىققانلارغا مۇشۇنداق ۋەدە قىلغان. **﴿ئۇلار: «ئۇنداق ئەمەس (يەنى اللە ئۇنداق دېمىگەن)، سىلەر بىزگە﴾** يەنى بىزنىڭ غەنىمەتتە سىلەرگە شېرىك بولۇشىمىزغا **﴿ھەسەت قىلىۋاتىسىلەر» دەيدۇ. ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار (اللەنىڭ كالامىنى) پەقەت يۈزەكىنە چۈشىنىدۇ﴾** يەنى ئىش ئۇلار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، لېكىن ئۇلار بۇنى چۈشىنەلمەيدۇ.

* * * * * * *

قُل لِّلْمُخَلَّفِينَ مِنَ ٱلْأَعْرَابِ سَتُدْعَوْنَ إِلَىٰ قَوْمٍ أُو۟لِى بَأْسٍ شَدِيدٍ تُقَٰتِلُونَهُمْ أَوْ يُسْلِمُونَ ۖ فَإِن
تُطِيعُوا۟ يُؤْتِكُمُ ٱللَّهُ أَجْرًا حَسَنًا ۖ وَإِن تَتَوَلَّوْا۟ كَمَا تَوَلَّيْتُم مِّن قَبْلُ يُعَذِّبْكُمْ عَذَابًا أَلِيمًا ﴿١٦﴾ لَّيْسَ
عَلَى ٱلْأَعْمَىٰ حَرَجٌ وَلَا عَلَى ٱلْأَعْرَجِ حَرَجٌ وَلَا عَلَى ٱلْمَرِيضِ حَرَجٌ ۗ وَمَن يُطِعِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ
يُدْخِلْهُ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ ۖ وَمَن يَتَوَلَّ يُعَذِّبْهُ عَذَابًا أَلِيمًا ﴿١٧﴾

***(ھۇدەيبىيىگە چىقماي) قېلىپ قالغان ئەئرابىلارغا: «سىلەر جەڭگىۋار بىر قەۋم بىلەن (ئۇرۇشۇشقا) چاقىرىلىسىلەر، ياكى ئۇلار (ئۇرۇشمىسىزلا) مۇسۇلمان بولىدۇ (ئۇلار بىلەن ئۇرۇشمايسىلەر)، ئەگەر سىلەر (بۇيرۇققا) بويسۇنساڭلار، اللە سىلەرگە چىرايلىق ئەجىر ئاتا قىلىدۇ، ئەگەر سىلەر ئىلگىرى قېلىپ قالغاندەك، يەنە قېلىپ قالساڭلار، اللە سىلەرگە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ» دېگىن﴾16﴿. (جىھادقا چىقمىسا) ئەماغا گۇناھ بولمايدۇ، توكۇرغىمۇ گۇناھ بولمايدۇ، كېسەلگىمۇ گۇناھ بولمايدۇ، كىمكى اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن،اللە ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، كىمكى (ئۆزرىسىز جىھادتىن) باش تارتىدىكەن، اللە ئۇنى (دۇنيادا خورلۇق بىلەن، ئاخىرەتتە ئوت بىلەن) قاتتىق ئازابلايدۇ﴾17﴿.***

## تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە جىھادنىڭ بولىدىغانلىقى، جىھادنىڭ مۆمىنلەر بىلەن مۇناپىقلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىيدىغانلىقى توغرىسىدا

تەپسىرشۇناسلار ئۇرۇشۇش ئۈچۈن چاقىرىلىدىغان ئەنە شۇ جەڭگىۋار قەۋم توغرىسىدا بىر نەچچە خىل ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

بىرىنچىسى، ئۇلار ھەۋازىن قەبىلىسىدۇر. ئۇنى شۆئبە رىۋايەت قىلغان. ئىككىنچىسى، سەقىب قەبىلىسىدۇر، ئۇنى زەھھاك ئېيتقان، ئۈچىنچىسى، بەنى ھەنىيفە قەبىلىسىدۇر. بۇ زۆھرى ۋە باشقىلاردىن رىۋايەت قىلىنغان. تۆتىنچىسى، پارسلاردۇر، بۇ ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان. بەشىنچىسى، ئۇلار رۇملۇقلاردۇر، كەئب ئەھبار شۇنداق دېگەن. ئالتىنچىسى، (ھەسەن ۋە قەتادىنىڭ دېيىشىچە) ئۇلار پارسلار بىلەن رۇملۇقلاردۇر. يەتتىنچىسى، (مۇجاھىدنىڭ دېيىشىچە)، ئۇلار بۇتپەرەسلەردۇر. ئۇ يەنە: ئۇلار جەڭگىۋار ئەرلەردىن تەركىب تاپقان قوشۇندۇر، دېگەن. لېكىن، بۇلارنىڭ قايسى بىرىگە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرمىگەن.

www.munber.org

**﴿سىلەر جەڭگىۋار بىر قەۋم بىلەن (ئۇرۇشۇشقا) چاقىرىلىسىلەر، ياكى ئۇلار (ئۇرۇشسىزلا) مۇسۇلمان بولىدۇ (ئۇلار بىلەن ئۇرۇشمايسىلەر)﴾** يەنى اللە تائالا سىلەرگە ئۇلارغا قارشى جىهاد قىلىشنى ۋە ئۇرۇش قىلىشنى يولغا قويىدى، ئۇلارغا قارشى جىهاد قىلىش ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىدۇ، سىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىسىلەر، ياكى ئۇلار مۇسۇلمان بولىدۇ ـ دە، ئۇرۇشسىزلا، (بەلكى) ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن دىنىڭلارغا كىرىدۇ.

**﴿ئەگەر سىلەر (بۇيرۇققا) بويسۇنساڭلار﴾** يەنى بۇيرۇقنى قوبۇل قىلىپ جىهادقا ئومۇمىيۈزلۈك چىقساڭلار، سىلەرگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ئورۇندىساڭلار **﴿اللە سىلەرگە چىرايلىق ئەجىر ئاتا قىلىدۇ، ئەگەر سىلەر ئىلگىرى قىلىپ قالغاندەك﴾** يەنى ھۇدەيبىيىگە چاقىرىلغاندا ئۇنىڭغا چىقماي قىلىپ قالغىنىڭلاردەك **﴿يەنە قىلىپ قالساڭلار، اللە سىلەرگە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ»﴾**

## ئۈزرە بىلەن بىرگە جىهادقا چىقماسلىققا شەرىئەت قوبۇل قىلىدىغان ئۆزرىلەرنى بايان قىلىش توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە جىهادقا چىقمىسا بولىدىغان ئۆزرىلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ. ئۆزرىلەردىن ئەما ۋە داۋاملىق ئاقساپ ماڭىدىغان توكۇر ئادەمگە ئوخشاش پەقەت ساقايمايدىغان كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلارمۇ بار، ئاغرىپ قېلىشقا ئوخشاش بىر قانچە كۈن گىرىپتار بولۇپ، ئاندىن تۈگەيدىغان، ۋاقىتلىق ئۆزرىگە گىرىپتار بولغانلارمۇ بار. ئۇرۇشقا چىقالماي قالغان كىشى كېسەلدىن ساقايغىچە كېسەلدىن ساقىيالمايدىغان ئۆزرىلىك كىشىلەرنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. يەنى ئۇ ئادەم كېسەل مۇددىتىدە جىهادقا چىقمىسا ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

اللە تائالا بەندىلىرىنى جىهاد قىلىشقا، اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿كىمكى اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، اللە ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، كىمكى (ئۆزرىسىز جىهادتىن) باش تارتىدىكەن﴾** يەنى جىهادتىن باش تارتىپ، دۇنيا تىرىكچىلىكىگە يۈزلىنىدىكەن **﴿اللە ئۇنى (دۇنيادا خورلۇق بىلەن، ئاخىرەتتە ئوت بىلەن) قاتتىق ئازابلايدۇ﴾**

* * * * * * *

۞ لَّقَدْ رَضِيَ ٱللَّهُ عَنِ ٱلْمُؤْمِنِينَ إِذْ يُبَايِعُونَكَ تَحْتَ ٱلشَّجَرَةِ فَعَلِمَ مَا فِي قُلُوبِهِمْ فَأَنزَلَ ٱلسَّكِينَةَ عَلَيْهِمْ وَأَثَٰبَهُمْ فَتْحًا قَرِيبًا ﴿١٨﴾ وَمَغَانِمَ كَثِيرَةً يَأْخُذُونَهَا ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَزِيزًا حَكِيمًا ﴿١٩﴾

***اللە مۆمىنلەردىن ھەقىقەتەن رازى بولدى، (ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (ھۇدەيبىيىدە) دەرەخ (سايىسى) ئاستىدا ساڭا بەيئەت قىلدى. اللە ئۇلارنىڭ دىلىدىكىنى (يەنى راستلىق بىلەن ۋاپانى) بىلىدۇ، اللە ئۇلارغا (ئۇلار بەيئەت قىلىۋاتقاندا) تەمكىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى ۋە ئۇلارنى يېقىن غەلىبە (يەنى خەيبەرنىڭ پەتھى قىلىنىشى) بىلەن ۋە ئۇلار ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىمەتلەر بىلەن مۇكاپاتلىدى. اللە غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر***﴿19 - 18﴾.

www.munber.org

## رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقانلارغا رازىلىق بىلەن ۋە نۇرغۇن غەنىمەتلەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە سەمۇرە دەرىخىنىڭ سايىسى ئاستىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان مۆمىنلەردىن رازى بولغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ سانى يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، 1400 كىشى ئىدى. دەرەخ بولسا، ھۇدەيبىيە دېگەن جايدىكى سەمۇرە دەرىخى ئىدى. ئىمام بۇخارى، تارىقتىن ئابدۇراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ھەج قىلىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ ناماز ئوقۇۋاتقان بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ئۇلارغا: بۇ قايسى مەسچىت؟ دېدىم. ئۇلار: بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رىزۋان بەيئىتى قىلىنغان يەردىكى دەرەخنىڭ يېنىدۇر، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن سەئىد ئىبنى مۇسەييىبنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا بۇ ئەھۋالنى خەۋەر قىلدىم. ئۇ : ئاتامنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە، ئاتام شۇ دەرەخ سايىسى ئاستىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغانلاردىن ئىدى. بىز ئىككىنچى يىلى (ھەج قىلىش ئۈچۈن) چىققاندا، ئۇ دەرەخنىڭ ئورنىنى ئۇنتۇپ قاپتىمىز، شۇڭا ئۇنى پەرق ئېتەلمىدۇق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئۇ دەرەخنى پەرق ئېتەلمەيدۇ، سىلەر بىلدىڭلارمۇ؟ سىلەر ئۇلاردىن ياخشى بىلەمسىلەر؟ دېدى.

**﴿الله ئۇلارنىڭ دىلىدىكىنى (يەنى راستلىق بىلەن ۋاپانى) بىلدى،﴾** ۋە ئاتلاش بىلەن ئىتائەت قىلىشنى بىلدى. **﴿الله ئۇلارغا (ئۇلار بەيئەت قىلىۋاتقاندا) تەمكىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى ۋە ئۇلارنى يېقىن غەلىبە (يەنى خەيبەرنىڭ پەتھى قىلىنىشى) بىلەن ۋە ئۇلار ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىمەتلەر بىلەن مۇكاپاتلىدى﴾** يەنى الله تائالا مۆمىنلەرنىڭ قوللىرى ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرگەن غەلىبىلەر: ئۇلار بىلەن دۈشمەنلىرى ئوتتۇرىسىدا سۈلھى تۈزۈش، بۇ ئارقىلىق خەيبەر ۋە مەككىنىڭ فەتھى بولۇشى، ئاندىن باشقا يۇرت ۋە رايونلارنىڭ فەتھى بولۇشى بىلەن ئارقا - ئارقىدىن ئۇلىشىپ كەلگەن ئومۇمىي ياخشىلىققا ئېرىشىش، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە غەلىبىگە، نۇسرەتكە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش قاتارلىق يېقىن غەلىبىلەردىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ۋە ئۇلار ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىمەتلەر بىلەن مۇكاپاتلىدى. الله غالىپتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾.**

* * * * * * *

وَعَدَكُمُ ٱللَّهُ مَغَانِمَ كَثِيرَةً تَأۡخُذُونَهَا فَعَجَّلَ لَكُمۡ هَٰذِهِۦ وَكَفَّ أَيۡدِيَ ٱلنَّاسِ عَنكُمۡ
وَلِتَكُونَ ءَايَةً لِّلۡمُؤۡمِنِينَ وَيَهۡدِيَكُمۡ صِرَٰطًا مُّسۡتَقِيمًا ﴿٢٠﴾ وَأُخۡرَىٰ لَمۡ تَقۡدِرُواْ عَلَيۡهَا قَدۡ أَحَاطَ ٱللَّهُ
بِهَاۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرًا ﴿٢١﴾ وَلَوۡ قَٰتَلَكُمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَوَلَّوُاْ ٱلۡأَدۡبَٰرَ ثُمَّ لَا يَجِدُونَ
وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا ﴿٢٢﴾ سُنَّةَ ٱللَّهِ ٱلَّتِي قَدۡ خَلَتۡ مِن قَبۡلُۖ وَلَن تَجِدَ لِسُنَّةِ ٱللَّهِ تَبۡدِيلًا ﴿٢٣﴾ وَهُوَ ٱلَّذِي
كَفَّ أَيۡدِيَهُمۡ عَنكُمۡ وَأَيۡدِيَكُمۡ عَنۡهُم بِبَطۡنِ مَكَّةَ مِنۢ بَعۡدِ أَنۡ أَظۡفَرَكُمۡ عَلَيۡهِمۡۚ وَكَانَ ٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ
بَصِيرًا ﴿٢٤﴾

www.munber.org

*اللە سىلەر ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىمەتلەرنى سىلەرگە ۋەدە قىلدى، بۇنى (يەنى خەيبەرنىڭ غەنىمىتىنى) ھەممىدىن بۇرۇن ئاتا قىلدى، سىلەرنى دۈشمەنلەرنىڭ قول سېلىشىدىن ساقلىدى، (غەنىمەتلەر، مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى، مەسجىدى ھەرامغا كىرىش) مۆمىنلەرگە نىشان بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن ۋە سىلەرنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن (اللە شۇنداق قىلدى)*[20]*. اللە يەنە ئۆز كۈچۈڭلار بىلەن قولغا كەلتۈرەلمەيدىغان، اللە (ئۇنىڭ سىلەرگە مۇيەسسەر بولىدىغانلىقىنى) تولۇق بىلگەن بىر غەنىمەت (يەنى مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى)نى (سىلەرگە مۇيەسسەر قىلدى). اللە ھەر نەرسىگە قادىردۇر*[21]. *ئەگەر كاپىرلار سىلەر بىلەن (ھۇدەيبىيىدە) ئۇرۇشسا، ئەلۋەتتە، ئارقىسىغا قاراپ قاچاتتى، ئاندىن (ئۆزلىرىگە) ھېچ ئىگە ۋە ياردەمچى تاپالمايتتى*[22]*. بۇ (يەنى كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلىش، مۆمىنلەرنى غەلىبە قىلدۇرۇش) اللەنىڭ ئىلگىرىدىن تارتىپ تۇتۇپ كېلىۋاتقان يولىدۇر، اللەنىڭ يولىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن (يەنى اللەنىڭ تۇتقان يولى ئۆزگەرمەيدۇ)*[23]*. اللە ئۇلارنى سىلەرگە قول سېلىشتىن توستى ھەمدە ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىنىڭلاردىن كېيىن، مەككىنىڭ ئىچىدە (يەنى ھۇدەيبىيىدە) سىلەرنى ئۇلارغا قول سېلىشىڭلاردىن توستى، اللە قىلىدىغان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر*[24].

## نۇرغۇن غەنىمەتلەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا

مۇجاھىد اللە تائالانىڭ ﴿**اللە سىلەر ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىمەتلەرنى سىلەرگە ۋەدە قىلدى**﴾ دېگەن ئايىتىنى: ئۇ بۈگۈنگە قەدەر ئالىدىغان بارلىق غەنىمەتتۇر، ﴿**بۇنى (يەنى خەيبەرنىڭ غەنىمىتىنى) ھەممىدىن بۇرۇن ئاتا قىلدى**﴾ دېگەن ئايىتىنى بولسا خەيبەرنىڭ فەتھى قىلىنىشىدۇر، دەپ تەپسىر قىلدى.

ئەۋفى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ﴿**بۇنى (يەنى خەيبەرنىڭ غەنىمىتىنى) ھەممىدىن بۇرۇن ئاتا قىلدى**﴾ دېگەن ئايەتتىن ھۇدەيبىيە سۈلھىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

﴿**(اللە) سىلەرنى دۈشمەنلەرنىڭ قول سېلىشىدىن ساقلىدى**﴾ يەنى دۈشمىنىڭلارنىڭ سىلەرگە قارىتا دىللىرىدا يوشۇرغان تۈيۈقسىز ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت يامانلىقىغا ئۇچرىمىدىڭلار، شۇنداقلا اللە تائالا ئائىلە - تەۋەلىرىڭلارنى، خوتۇن - قىزلىرىڭلارنى ئۇرۇشقا چىقماي ئارقاڭلاردا قېلىپ قالغان دۈشمەنلەرنىڭ قول سېلىشىدىن ساقلىدى.

﴿**(غەنىمەتلەر، مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى، مەسجىدى ھەرامغا كىرىش) مۆمىنلەرگە**﴾ يەنى ئۇلار ۋەز نەسىھەت ئالىدىغان ﴿**نىشان بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن**﴾ دۇر چۈنكى، اللە تائالا ئۇلارنى (دۈشمەنلىرىدىن) ساقلىدى، ئۇلارنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇلارغا ياردەم قىلدى. اللە تائالانىڭ ئۇلارغا مۇنداق قىلىشى ئۇلارنىڭ اللە تائالانىڭ ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىدىغانلىقىنى، ئەگەر مۆمىن بەندىلەر بىرەر ئىشنى دەرھال ياقتۇرمىسىمۇ اللە تائالا ئۇلارغا پايدىلىق بولىدىغان ئىشنى تاللايدىغانلىقىنى بىلىشى ئۈچۈندۇر. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر﴾[1].

﴿**ۋە سىلەرنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن (اللە شۇنداق قىلدى)**﴾ يەنى سىلەر اللە تائالانىڭ ئەمرى - پەرمانىغا بويسۇنغانلىقىڭلار، ئۇنىڭ تائەت - ئىبادىتىگە ئەگەشكەنلىكىڭلار ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قوشۇلغانلىقىڭلار ئۈچۈن اللە تائالا سىلەرنى توغرا يولغا باشلايدۇ.

---

[1] سۈرە بەقەرە 216 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## قىيامەت كۈنىگىچە بولىدىغان پۈتۈن غازاتلاردىن بېرىلگەن خۇش خەۋەر توغرىسىدا

**﴿اللە يەنە ئۇز كۈچۈڭلار بىلەن قولغا كەلتۈرەلمەيدىغان، اللە (ئۇنىڭ سىلەرگە مۇيەسسەر بولىدىغانلىقىنى) تولۇق بىلگەن بىر غەنىمەت (يەنى مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى)نى (سىلەرگە مۇيەسسەر قىلدى). اللە ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾** يەنى سىلەر قولغا كەلتۈرۈشكە قادىر بولالمايدىغان يەنە بىر غەنىمەتنى ۋە يەنە بىر مۇئەييەن غەلبىنى اللە تائالا ھەقىقەتەن سىلەرگە مۇيەسسەر قىلدى. ئۇنىڭ سىلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى اللە تائالا ئوبدان بىلىدۇ. چۈنكى، اللە تائالا ئۆزىنىڭ تەقۋادار بەندىلىرىگە ئۇلار ئويلىمىغان يەردىن رىزىق ئاتا قىلىدۇ.

تەپسىرشۇناسلار بۇ غەنىمەتتىن قايسى غەنىمەت كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولدى. ئەۋفى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: ئۇ خەيبەر غەنىمىتىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. بۇ ئۇنىڭ غالىب ۋە بۈيۈك اللە تائالانىڭ **﴿بۇنى ھەممىدىن بۇرۇن ئاتا قىلدى﴾** دېگەن ئايىتىدىن ھۇدەيبىيە سۈلھىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەنلىكىگە ئاساسلانغان سۆزىدۇر. زەھھاك، ئىبنى ئىسھاق ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد قاتارلىقلارمۇ: ئۇ خەيبەر غەنىمىتىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن.

قەتادە: ئۇ مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن. ئىبنى جەرىرمۇ بۇ قاراشقا قوشۇلغان. ئىبنى ئەبۇلەيلا ۋە ھەسەن بەسرى: ئۇ پارسلار بىلەن رۇملۇقلاردىن ئېلىنىدىغان غەنىمەتلەرنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن. مۇجاھىد: ئۇ قىيامەت كۈنىگىچە قولغا كەلتۈرۈلىدىغان ھەر قانداق غەلىبە ۋە غەنىمەتنى كۆرسىتىدۇ دېگەن، ئىمام ئەبۇداۋۇد تەيالىسى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: **﴿اللە يەنە ئۇز كۈچۈڭلار بىلەن قولغا كەلتۈرەلمەيدىغان، اللە (ئۇنىڭ سىلەرگە مۇيەسسەر بولىدىغانلىقىنى) تولۇق بىلگەن بىر غەنىمەت (يەنى مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى)نى (سىلەرگە مۇيەسسەر قىلدى)﴾** دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ غەنىمەت بۈگۈنگە قەدەر قولغا كەلتۈرۈلگەن غەلىبىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

## مەككە كاپىرلىرى ھۇدەيبىيىدە ئۇرۇش قىلغان تەقدىردە ئۇلار چوقۇم بەرداشلىق بېرەلمەي قاچقان بولاتتى دېگەن ئايەت توغرىسىدا

**﴿ئەگەر كاپىرلار سىلەر بىلەن (ھۇدەيبىيىدە) ئۇرۇشسا، ئەلۋەتتە، ئارقىسىغا قاراپ قاچاتتى، ئاندىن (ئۆزلىرىگە) ھېچ ئىگە ۋە ياردەمچى تاپالمايتتى﴾** غالىب ۋە بۈيۈك اللە بۇ ئايەتتە مۆمىن بەندىلىرىگە، ئەگەر مۇشرىكلار ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقان بولسا، ئەلۋەتتە اللە پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىن بەندىلىرىگە كاپىرلارغا قارشى ياردەم بېرىدىغانلىقىدىن، كاپىرلار قوشۇنىنىڭ چوقۇم ئارقىسىغا قاراپ قاچقان ھالدا مەغلۇپ بولىدىغانلىقىدىن، ئۆزلىرىگە ھېچ ئىگە ۋە ياردەمچى تاپالمايدىغانلىقىدىن خۇش خەۋەر بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار اللە غا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئۇنىڭ مۆمىنلەردىن تەشكىل قىلغان جامائەسىگە قارشى ئۇرۇشقۇچىلاردۇر.

**﴿بۇ (يەنى كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلىش، مۆمىنلەرنى غەلىبە قىلدۇرۇش) اللەنىڭ ئىلگىرىدىن تارتىپ تۈتۈپ كېلىۋاتقان يولىدۇر، اللەنىڭ يولىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن (يەنى اللەنىڭ تۇتقان يولى ئۆزگەرمەيدۇ)﴾** يەنى بۇ اللە تائالانىڭ ئىنسانلارغا تۇتقان يولى ۋە ئادىتىدۇر. ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىش مەيدانىدا ئىمان بىلەن كۇفرى بىر ـ بىرى بىلەن تاقابىل تۇرۇپ قالسا، اللە تائالا كۇفرىغا قارشى ئىمانغا ياردەم قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەقنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈپ، باتىلنى يەر بىلەن يەكسەن قىلىدۇ. بەدىر

ئۆرۈشى بولغان كۈنى الله تائالا شۇنداق قىلدى. ئۇ مۇسۇلمانلار سان جەھەتتە ئاز، قورال جەھەتتە ئاجىز ۋە مۇشرىكلار بولسا سان جەھەتتە كۆپ، قورال جەھەتتە سەر خىل تۇرۇقلۇق، مۇشرىك دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلغان (ئۆزىنىڭ مۆمىن دوستلىرىغا ياردەم بەردى. مانا بۇ الله تائالانىڭ تۇتقان ئۆزگەرمەس يولىدۇر.

**﴿الله ئۇلارنى سىلەرگە قول سېلىشتىن توستى ھەمدە ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىنىڭلاردىن كېيىن، مەككىنىڭ ئىچىدە (يەنى ھۇدەيبىيىدە) سىلەرنى ئۇلارغا قول سېلىشىڭلاردىن توستى، الله قىلىدىغان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾** مانا بۇ، الله تائالانىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە قىلغان ياخشىلىقىدۇر، الله تائالا مۇشرىكلارنى ئۇلارغا قول سېلىشتىن توستى، مۇشرىكلار ئۇلارغا ھېچ يامانلىق يەتكۈزەلمىدى. مۆمىنلەرنىمۇ مۇشرىكلارغا قول سېلىشتىن توستى، مۆمىنلەر ھەرەم مەسچىتى ئەتراپىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالمىدى. بەلكى الله تائالا ھەر ئىككى تەرەپنى بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۆمىنلەرگە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان ۋە ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغان بىر سۈلھىنى بەرپا قىلدى. يۇقىرىدا سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدا بايان قىلىنغانىدەك، ئۇلار ئەنە شۇ 70 ئەسىرنى ئېلىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلارنى باغلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا تىزغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قاراپ چىقىپ، ئاندىن: «ئۇلارنى قويۇۋېتىڭلار، بۇ ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ باشلىنىشىمۇ ۋە ئىككىنچى تەكرارلىنىشىمۇ شۇدۇر، (يەنى ئۇلار ئىككىنچى قېتىم بىزگە يامانلىق قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمايدۇ)» دېگەن ئىدى. بۇ ھەقتە غالىب ۋە بۈيۈك الله مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله ئۇلارنى سىلەرگە قول سېلىشتىن توستى ھەمدە ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىنىڭلاردىن كېيىن، مەككىنىڭ ئىچىدە (يەنى ھۇدەيبىيىدە) سىلەرنى ئۇلارغا قول سېلىشىڭلاردىن توستى﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

ئىمام ئەھمەد، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھۇدەيبىيە كۈنىدە مەككىدىن كەلگەن، قوراللىق 80 ئادەم تەنئىم تېغى تەرەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئۈستىگە يوپۇرۇلۇپ چۈشتى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بەتدۇئا قىلدى، ئاندىن ئۇلار ئەسىر ئېلىندى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئەپۇ قىلدى، بۇ چاغدا بۇ ئايەت نازىل بولدى: **﴿الله ئۇلارنى سىلەرگە قول سېلىشتىن توستى ھەمدە ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىنىڭلاردىن كېيىن، مەككىنىڭ ئىچىدە (يەنى ھۇدەيبىيىدە) سىلەرنى ئۇلارغا قول سېلىشىڭلاردىن توستى﴾** ئۇنى ئىمام مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

هُمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَصَدُّوكُمۡ عَنِ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ وَٱلۡهَدۡيَ مَعۡكُوفًا أَن يَبۡلُغَ مَحِلَّهُۥۚ
وَلَوۡلَا رِجَالٞ مُّؤۡمِنُونَ وَنِسَآءٞ مُّؤۡمِنَٰتٞ لَّمۡ تَعۡلَمُوهُمۡ أَن تَطَـُٔوهُمۡ فَتُصِيبَكُم مِّنۡهُم مَّعَرَّةُۢ بِغَيۡرِ عِلۡمٖۖ
لِّيُدۡخِلَ ٱللَّهُ فِي رَحۡمَتِهِۦ مَن يَشَآءُۚ لَوۡ تَزَيَّلُواْ لَعَذَّبۡنَا ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنۡهُمۡ عَذَابًا أَلِيمًا ٢٥ إِذۡ جَعَلَ

www.munber.org

ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فِي قُلُوبِهِمُ ٱلۡحَمِيَّةَ حَمِيَّةَ ٱلۡجَٰهِلِيَّةِ فَأَنزَلَ ٱللَّهُ سَكِينَتَهُۥ عَلَىٰ رَسُولِهِۦ وَعَلَى
ٱلۡمُؤۡمِنِينَ وَأَلۡزَمَهُمۡ كَلِمَةَ ٱلتَّقۡوَىٰ وَكَانُوٓاْ أَحَقَّ بِهَا وَأَهۡلَهَاۚ وَكَانَ ٱللَّهُ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٗا ﴿٢٦﴾

***ئۇلار كاپىر بولدى، سىلەر مەسجىدى ھەرامدىن ۋە تۇتۇپ تۇرۇلغان قۇربانلىقنىڭ ئۆز جايىغا يېتىشىدىن توستى، (مەككىدە) سىلەر بىلمەيدىغان ئەر ـ ئايال مۆمىنلەر بولۇپ، سىلەر بىلمەستىن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قويۇش بىلەن گۇناھقا گىرىپتار بولۇشۇڭلارنىڭ خەۋپى بولمىسا ئىدى (ئەلۋەتتە الله مەككىگە كىرىشىڭلارغا رۇخسەت قىلاتتى ۋە سىلەرنى كاپىرلارغا مۇسەللەت قىلاتتى)، الله خالىغان ئادەمنى رەھمىتى (دائىرىسىگە) كىرگۈزۈش ئۈچۈن (سىلەرنى مەككىنى پەتھى قىلىشتىن توستى)، ئەگەر ئۇلار ئايرىلسا (يەنى مۆمىنلەر كاپىرلاردىن ئايرىلسا)، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كاپىرلارنى قاتتىق ئازاب بىلەن ئازابلايتتۇق***[25]***. كاپىرلار قىزىققانلىقنى ـ جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ قىزىققانلىقىنى ـ دىللىرىغا پۈككەن چاغدا، الله پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە تەمكىنلىكنى چۈشۈردى. ئۇلارغا تەقۋا كەلىمىسىنى (يەنى كەلىمە تەۋھىدنى) ئىختىيار قىلدى. مۆمىنلەر تەقۋا كەلىمىسىگە ئەڭ لايىق ئىدى ۋە ئۇنىڭ ئەھلى ئىدى، الله ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر***[26].

## مۆمىنلەرنىڭ ھەق ۋە غەلىبە ئىگىلىرى تۇرۇقلۇق ھۇدەيبىيە سۈلھىسىگە قوشۇلغانلىقىنىڭ مەنپەئەتلىرى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە قۇرەيش ئەرەب مۇشرىكلىرىدىن تەركىب تاپقان كاپىرلاردىن ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى مۇشرىكلارغا ياردەم بەرگەن كاپىرلاردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار كاپىر بولدى**﴾ سىلەر مەسچىتى ھەرەمگە كىرىشكە ئەڭ ھەقلىق تۇرۇقلۇق، بۇ ئىشتا سىلەر ئۇنىڭ ئىگىسى تۇرۇقلۇق، ئۇلار ﴿**سىلەرنى مەسجىدى ھەرامدىن ۋە تۇتۇپ تۇرۇلغان قۇربانلىقنىڭ ئۆز جايىغا يېتىشىدىن توستى**﴾ بۇ ئۇلارنىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىقى ۋە ھەق بىلەن قارشىلاشقانلىقىدۇر. قۇربانلىق بولسا **70** تۆگە ئىدى. الله خالىسا تۆۋەندە بۇنىڭ باياني، كېلىدۇ.

﴿**(مەككىدە) سىلەر بىلمەيدىغان ئەر ـ ئايال مۆمىنلەر بولۇپ**﴾ يەنى مەككىدىكى كاپىرلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزلىرىگە قەۋملىرى تەرىپىدىن زىيان ـ زەخمەت يېتىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئىمانىنى ئۇلاردىن يوشۇرغان ئەر ـ ئايال مۆمىنلەر بولمىسا ئىدى، بىز ئەلۋەتتە، سىلەرنى ئۇلارغا مۇسەللەت قىلاتتۇق، ئاندىن سىلەر ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەسلى ـ ۋەسلىنى قورۇتاتتىڭلار. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئارىلىشىپ ياشاۋاتقان مۆمىن ئەر ـ ئاياللار بار، ئۇرۇشقان چاغدا، سىلەر ئۇلارنى پەرق ئېتەلمەيسىلەر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەر بىلمەستىن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قويۇش بىلەن گۇناھقا گىرىپتار بولۇشۇڭلارنىڭ خەۋپى بولمىسا ئىدى (ئەلۋەتتە الله مەككىگە كىرىشىڭلارغا رۇخسەت قىلاتتى ۋە سىلەرنى كاپىرلارغا مۇسەللەت قىلاتتى)، الله خالىغان ئادەمنى رەھمىتى (دائىرىسىگە) كىرگۈزۈش ئۈچۈن (سىلەرنى مەككىنى پەتھى قىلىشتىن توستى)**﴾ يەنى كاپىرلارنىڭ ئارىسىدىكى مۆمىنلەرنىڭ قۇتۇلۇشى ۋە ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ ئىسلامغا كىرىشى ئۈچۈن الله ئۇلارنى جازالاشقا تەخىر قىلدى.

﴿**ئەگەر ئۇلار ئايرىلسا (يەنى مۆمىنلەر كاپىرلاردىن ئايرىلسا)، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كاپىرلارنى قاتتىق ئازاب بىلەن ئازابلايتتۇق**﴾ يەنى سىلەرنى ئۇلارغا مۇسەللەت قىلاتتۇق. ئاندىن سىلەر ئۇلارنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈپ تاشلايتتىڭلار.

www.munber.org

**﴿كاپىرلار قىزىققانلىقنى ـ جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ قىزىققانلىقىنى ـ دىللىرىغا پۈككەن چاغدا﴾** يەنى تۈزۈشكەن سۈلھىدە ئۇلار ”ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە تائالانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن“ دېگەن سۆزنى يېزىشقا ئۇنىمىغان ۋە ”بۇ اللە نىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد سۈلھى قىلغان نەرسىدۇر“ دېگەن سۆزنىمۇ يېزىشقا ئۇنىمىغان چاغدا، بۇ قىزىققانلىق يۈز بەرگەن ئىدى. **﴿اللە پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە تەمكىنلىكنى چۈشۈردى. ئۇلارغا تەقۋا كەلىمىسىنى (يەنى كەلىمە تەۋھىدنى) ئىختىيار قىلدى﴾.**

مۇجاھىد: تەقۋا كەلىمىسى ئىخلاستىن ئىبارەتتۇر، دېدى. ئەتا ئىبنى ئەبۇرەباھ: تەقۋا كەلىمىسى كەلىمە تەۋھىدتۇر، يەنى ھېچ شېرىكى بولمىغان يالغۇز اللە تائالادىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە جىمى ھەمدۇسانا اللە تائالاغا خاستۇر. ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر، دېگەن سۆزدىن ئىبارەتتۇر، دېدى. يۇنۇس ئىبنى بۇكەيرمۇ مىسۋەرنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: تەقۋا كەلىمىسى ھېچ شېرىكى بولمىغان يالغۇز اللە دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، دېگەن سۆزدىن ئىبارەتتۇر.

## ھۇدەيبىيە قىسسىسى ۋە سۈلھى ھەققىدە بايان قىلىنغان ھەدىسلەر توغرىسىدا

ئىمام بۇخارى، مىسۋەر ئىبنى مەخرەمە بىلەن مەرۋان ئىبنى ھەكەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھۇدەيبىيە سۈلھىسى بولغان يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىڭ نەچچە يۈز ساھابىسى بىلەن يولغا چىقتى، ئۇلار زۇلھۇلەيفە دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە، قۇربانلىق ئۈچۈن ئېلىپ مېڭىلغان مال ـ ۋارانلارغا قۇربانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بەلگە ئاستى ۋە شۇ يەردىن ئۆمرىگە ئېھرام باغلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇزائە قەبىلىسىدىن بىرىنى ئالدىن خەۋەر ئېلىشقا ئەۋەتىپ ئۆزىمۇ يولغا يۈرۈپ كەتتى، ئۇ ئەشتات كۆلىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەن چاغدا، خەۋەرچىسى يېتىپ كېلىپ: قۇرەيشلەر ساڭا قارشى توپلىنىپتۇ. ئۇلار ساڭا قارشى ئىتتىپاقداشلىرىنىمۇ توپلاپتۇ، ئۇلار سەن بىلەن ئۇرۇشقىلى، سېنى مەسجىدى ھەرامغا كىرىشتىن توسقىلى تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ، دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى خالايىق! ماڭا مەسلىھەت بېرىڭلارچۇ، ئەگەر بىز يونىلىشنى ئۆزگەرتىپ، بىزنى بەيتۇللاھتىن توسماقچى بولغان ئەنە شۇ قۇرەيشلەرنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى ئولجا ئالساق توغرا دەپ قارامسىلەر؟» يەنە بىر رىۋايەتتە: «قۇرەيشلەرگە ياردەم بەرگەن ئەنە شۇ كاپىرلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى ئولجا ئالساق توغرا دەپ قارامسىلەر؟ ئەگەر ئۇلار بىزگە ھۇجۇم قىلىپ كەلسە، اللە تائالا قۇرەيشلەرگە بولىدىغان ياردەمنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ، ئەگەر ئۇلار بىزگە ھۇجۇم قىلىپ كېلەلمىسە، بىز ئۇلارنى قايغۇ ـ ھەسرەتتە قالدۇرىمىز» يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئەگەر ياردەم بەرگۈچى كاپىرلار ئۆز ئورنىدا تۇرىۋەرسە، ئۇرۇش ۋە قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە قالىدۇ، ئەگەر ئۇلار بىزگە ھۇجۇم قىلىپ كەلسە، غالىب ۋە بۈيۈك اللە قۇرەيشلەرگە بولىدىغان ياردەمنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ، ياكى بىزنىڭ بەيتۇللاھنى كۆزلەپ مېڭىشىمىزنى توسسا، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىشىمىزنى توغرا دەپ قارامسىلەر؟ قېنى مەسلىھەت بېرىڭلار»[1] دېدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسلىھەت بېرىپ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! سەن بەيتۇللاھنى كۆزلەپ چىقتىڭ، بىرەر ئادەمنى ئۆلتۈرمەكچى ئەمەسسەن، ئۇرۇش قىلماقچىمۇ ئەمەسسەن، بەيتۇللاھقا قاراپ يۈرگىن، كىم بىزنى ئۇنىڭدىن توسسا، بىز ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشايلى، دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: اللە تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئوبدان بىلىدۇ،

[1] ئۈچ خىل رىۋايەت بايان قىلىنغان بۇ ھەدىسلەرنى تەرجىمە قىلىشتا [فەتھۇلبارىي] دىكى ئىمام بۇخارىنىڭ 2731 ـ نومۇرلۇق ھەدىسىنىڭ شەرھىسىدىن پايدىلىنىلدى.

بىز پەقەت ئۆمرە قىلغىلى كەلدۇق، بىرسى بىلەن ئۇرۇشقىلى كەلمىدۇق. لېكىن، كىم بىز بىلەن بەيتۇللاھنىڭ ئارىسىدا توسقۇنلۇق قىلىدىكەن، بىز ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشىمىز، دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا يۈرۈڭلار» يەنە بىر رىۋايەتتە: «الله تائالانىڭ ئىسمىنى ئوقۇپ يۈرۈشنى داۋام قىلىڭلار» دېدى. ئۇلار يولنىڭ بىر قىسمىنى بېسىپ بولغان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خالىد ئىبنى ۋەلىد قۇرەيشنىڭ ئاتلىق ئادەملىرىنى باشلاپ خەۋەر ئېلىشقا چىقىپتۇ، ئوڭ تەرەپنى بويلاپ مېڭىڭلار» دېدى. الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، خالىد ئۇلارنى سېزەلمىدى، ھەتتا ئۇلار خالىدنىڭ قوشۇنىنىڭ چاڭ ـ توزاڭلىرى كۆتۈرۈلگەن يەرگە كەلگەندە، خالىدنىڭ قۇرەيشلەرگە خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن تېز ـ تېز مېڭىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈرۈپ مۇشرىكلارنىڭ ئۈستىگە چۈشىدىغان داۋانغا يېتىپ كەلگەن چاغدا، ئۇنىڭ تۆگىسى چۆكۈۋالدى. ئادەملەر: چۇھ! چۇھ! دېيىشتى، تۆگە مىدىرلىماي تۇرۇۋالدى. ئاندىن ئادەملەر: قەسۋا[1] تۇرۇۋالدى. قەسۋا تۇرۇۋالدى. دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قەسۋا تۇرۇۋالمىدى، بۇ ئۇنىڭ ئادىتىمۇ ئەمەس، ئۇنى پىلنى[2] توسقۇچى الله تائالا توسۇۋالدى» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۈگۈن قۇرەيشلەر مەندىن الله تائالا ھۆرمەتلىگەن ئۇرۇش قىلىشنى چەكلەشتىن ئىبارەت ھۆكمنى ئۇلۇغلايدىغان بىرەر پىلان ـ لايىھەنى سوراپلا قالسا، ئۇنى ئۇلارغا بېرىۋېتىمەن» دېدى. ئاندىن تۆگىنى سىلىكىدى، تۆگە سەكرەپ تۇردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشلەرنىڭ يولىدىن قايرىلىپ ھۇدەيبىيەنىڭ بىر چېتىگە، ئازغىنا سۈيى بار بىر قۇدۇقنىڭ يېنىغا چۈشتى. ئادەملەر سۇنى ئاز ـ ئازدىن ئېلىۋاتاتتى، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار سۇنى تارتىپ تۈگەتتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇسسۇزلۇقتىن شىكايەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقدانىدىن بىر تال ئوقيانى چىقىرىپ، ئاندىن ئۇلارغا ئوقنى قۇدۇققا قويۇشقا بۇيرۇدى. الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سۇ توختىماي بۇلدۇقلاپ چىقىپ تۇردى. ھەتتا ئادەملەرنىڭ ھەممىسى سۇغا قاندى.

ئۇلار شۇنداق تۇرغان پەيتتە بۇدەيل ئىبنى ۋەرقا خۇزائى ئۆز قەۋمى خۇزائە قەبىلىسىدىن بىر قانچە نەپەر كىشى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىھامە ئەھلىدىن بولغان سىردىشى ئىدى. ئۇ: مەن كېلىۋېتىپ كەئب ئىبنى لۇئەي بىلەن ئامىر ئىبنى لۇئەينى كۆردۈم. ئۇلار ھۇدەيبىيە سۇلىرىنىڭ زور مىقدارىنى ئىگەللەپ چۈشۈپتۇ، ئۇلار بىلەن خوتۇن ـ باللىرىمۇ بىللە ئىكەن. ئۇلار سەن بىلەن ئۇرۇشماقچى، سېنى بەيتۇللاھقا كىرىشتىن توسماقچى ئىكەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىز بىرەر ئادەم بىلەن ئۇرۇشقىلى كەلمىدۇق، بەلكى ئۆمرە قىلغىلى كەلدۇق، ھەقىقەتەن ئۇرۇش قۇرەيشلەرنى ئاجىزلىتىۋەتتى ۋە زىيانغا ئۇچراتتى. ئەگەر ئۇلار خالىسا، مەن بىلەن قۇرەيشلەر ئارىسىدا ئۇرۇش توختىتىشقا ۋە مېنىڭ ئىنسانلارغا دەۋەت قىلىش ئىشىمغا ئۇلارنىڭ دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزمەسلىكىگە توختام قىلىشىمەن، بۇ مۇددەت ئىچىدە باشقىلار مەندىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىسە، بۇ ئۇلار ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. ئەگەر مەن باشقىلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلسام، ئۇلار ئىنسانلار كىرىۋاتقان ئىسلام دىنىغا كىرىشنى خالىسا، ئۇنىڭغا كىرسۇن. ئەگەر ئۇنىڭغا كىرىشنى خالىمىسا، ئۇلار بۇ مۇددەت ئىچىدە كۈچىيىۋالىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىسا، مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۆز ئىشىمنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچە ياكى ئۆزەمنىڭ نامى يالغۇز قالغانغا ياكى الله تائالا ئۆز ئەمرىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئەلۋەتتە ئۇرۇشىمەن» دېدى. بۇدەيل:

[1] قەسۋا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىنىڭ ئىسمى

[2] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان يىلدىكى پىل ۋەقەسىنى دېمەكچى.

www.munber.org

سېنىڭ دىگەنلىرىڭنى ئۇلارغا يەتكۈزىمەن دېدى ـ دە، يولغا راۋان بولۇپ، قۇرەيشلەرنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ: بىز مۇھەممەدنىڭ قېشىدىن كەلدۇق، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىدۇق. ئەگەر ئۇنى ئاڭلاشنى خالىساڭلار دەپ بېرىمىز، دېدى. ئۇلاردىن بىر قىسىم ئەخمەق كىشىلەر: بىزنىڭ ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى بىزگە خەۋەر قىلىشىڭغا هاجىتىمىز يوق، دېدى. ئۇلاردىن ئاقىلانە كىشىلەر: ئۇنىڭدىن ئاڭلىغانلىرىڭنى سۆزلەپ بەرگىن، دېدى. بۇدەيل: مەن ئۇنىڭ مۇنداق، مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دەپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ دىگەنلىرىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇد ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى قەۋم! سىلەر ئاتىنىڭ ئورنىدا ئەمەسمۇ؟ دېدى. ئۇلار: شۇنداق، بىز ئاتىنىڭ ئورنىدا، دېيىشتى، ئۇ: مەن بالىنىڭ ئورنىدا ئەمەسمۇ؟ دېدى. ئۇلار: شۇنداق، سەن بالىنىڭ ئورنىدا، دېيىشتى. ئۇ: سىلەر ماڭا بىرەر ئىشتا تۆهمەت قىلىپ باققانمۇ؟ دېدى. ئۇلار: ياق، دېدى. ئۇ: سىلەر مېنىڭ ئۇكازنىڭ ئادەملىرىنى ئۇرۇشقا ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەرلىك قىلغانلىقىمنى، ئۇلار ئۇرۇشقا چىقىشقا ئۇنىمىغاندا، مەن خوتۇن ـ باللىرىمنى ۋە ماڭا ئىتائەت قىلغانلارنى ئېلىپ چىقىپ سىلەرگە قېتىلغانلىقىمنى بىلىسىلەرغۇ؟ دېدى. ئۇلار: شۇنداق، بىلىمىز، دېدى. ئۇ: بۇ (پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى دېمەكچى) ھەقىقەتەن سىلەرگە ياخشى بىر پىلاننى قويۇپتۇ. ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار، ماڭا ئۇنىڭ قېشىغا بېرىشقا رۇخسەت قىلىڭلار! دېدى. ئۇلار: بولىدۇ، ئۇنىڭ قېشىغا بارغىن، دېدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشكە باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغىمۇ بۇدەيل ئىبنى ۋەرقاغا ئېيتقانغا ئوخشاش سۆزنى قىلدى. شۇ چاغدا ئۇرۋە مۇنداق دېدى: ئى مۇھەممەد! سەن قەۋمىڭنى تەلتۆكۈس يوقىتىۋېتىشنى ئويلامسەن؟ سەندىن ئىلگىرى بىرەر ئەرەبنىڭ ئۆز ئەسلىنى تولۇق يوقاتقانلىقىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئەگەر ئىش باشقىچە بولۇپ قۇرەيشلەر غەلىبە قىلىپ قالسا، ئۇلار سېنىڭ قولاق ـ بۇرنۇڭغىچە كېسىۋېلىشتىن يانمايدۇ؟ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بىر مۇنچە يۈزلەرنى، سېنى تاشلاپ قويۇپ قېچىشقا تەييار تۇرغان گۇمانلىق ئادەملەرنى كۆرۈۋاتىمەن. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭغا: ئاناڭنىڭ ئەۋرىتىنى شورا، بىز ئۇنى تاشلاپ قويۇپ قاچامدۇق؟ دېدى. ئۇرۋە: بۇ كىم؟ دېدى. ساھابىلار: بۇ ئەبۇبەكرى، دېدى. ئۇ: مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله تائالا بىلەن قەسەمكى، ئىلگىرى سېنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭغا تېخى جاۋاب قايتۇرۇپ بولالمىغانلىقىم ئۈچۈن يۈزۈم قىزىرىدۇ، بولمىسا ساڭا چوقۇم جاۋاب بېرەتتىم، دېدى ـ دە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا قاراپ سۆز قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ھەر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا گەپ قىلغاندا، ئۇنىڭ ساقىلىنى تۇتماقچى بولاتتى، مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىنىڭ يېنىدا قولىدا قىلىچ تۇتقان، بېشىغا قالپاق كىيگەن ھالدا ئۆرە تۇراتتى، ئۇرۋە ھەر قېتىم قولىنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ساقىلىغا ئۇزاتقان چاغدا مۇغىيرە قىلىچنىڭ دەستىسى بىلەن ئۇنىڭ قولىغا ئۇراتتى ۋە: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ساقىلىدىن قولۇڭنى تارت، دەيتتى. ئۇرۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ: بۇ كىم؟ دىگەندە، ئۇ: مۇغىيرە ئىبنى شۆئبە، دېدى. ئۇرۋە: سەن ھېلىقى خىيانەتخورغۇ؟ سەن خىيانەت قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەملەرنىڭ بالاسىغا مەن قالدىم ئەمەسمۇ؟ دېدى. مۇغىيرە ئىبنى شۆئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە بىر قانچە ئادەمگە ھەمراھ بولۇپ سەپەر قىلغان، سەپەر ئۈستىدە ئۇ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋالغان ئىدى. كېيىن ئۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام : «ئۇنىڭ ئىسلامىغا كەلسەك، ئۇنى قوبۇل قىلىمەن، ئۇ ئېلىۋالغان مالغا كەلسەك، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىگە موھتاج ئەمەسمەن» دېدى.

www.munber.org

ئاندىن ئۇرۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى كۆزىتىشكە باشلاپ مۇنداق مۇلاھىزە قىلدى. اﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىشقىرىپ قالسا، ماڭقا ساھابىلارنىڭ بىرىنىڭ ئالقىنىغا چۈشىدىكەن ـ دە، ئۇلار ئۇ ماڭقىنى تەبەررۈك قىلىش يۈزىسىدىن يۈزىگە ۋە بەدىنىگە سۈرتىدىكەن. ئەگەر ئۇ ئۇلارنى بىرەر ئىشقا بۇيرۇسا، ئۇلار ئۇنىڭ ئەمرىنى ئورۇنداشقا ناھايىتى تېز تۇتۇش قىلىدىكەن. ئەگەر ئۇ تاھارەت ئالسا، ئۇلار ئۇنىڭ تاھارەت ئالغان سۈيىنى تالىشىپ، ئۇرۇشۇپ قالغىلى تاس قالىدىكەن. ئەگەر ئۇ سۆزلىسە، ئۇلار ئۇنىڭ قېشىدا ئاۋازلىرىنى چىقارمايدىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قاتتىق ھۆرمەتلىگەنلىكتىن ئۇلار ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىمايدىكەن.

ئۇرۋە ئادەملىرىنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ: ئى قەۋمىم! اﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ھەقىقەتەن پادىشاھلارغا ئەلچى بولۇپ باردىم. كىسراغا، قەيسەرگە ۋە نەجاشىغا ئەلچى بولۇپ باردىم، اﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بىرەر پادىشاھنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئۆز پادىشاھىنى مۇھەممەدنىڭ ئادەملىرى مۇھەممەدنى ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلىگەنلىكىنى كۆرمىدىم. اﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مۇھەممەد مىشقىرسا، ماڭقا ساھابىلارنىڭ بىرىنىڭ ئالقىنىغا چۈشىدىكەن ـ دە، ئۇ ماڭقىنى يۈزى بىلەن بەدىنىگە سۈرتىدىكەن. ئەگەر ئۇ ئۇلارنى بىرەر ئىشقا بۇيرۇسا، ئۇلار ئۇنىڭ ئەمرىنى ئورۇنداشقا تېز تۇتۇش قىلىدىكەن. ئەگەر ئۇ تاھارەت ئالسا، ئۇلار ئۇنىڭ تاھارەت ئالغان سۈيىنى تالىشىپ، ئۇرۇشۇپ قالغىلى تاس قالىدىكەن. ئەگەر ئۇ سۆزلىسە ئۇلار ئۇنىڭ قېشىدا ئاۋازلىرىنى چىقارمايدىكەن. ئۇنى قاتتىق ھۆرمەتلىگەنلىكتىن ئۇلار ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىمايدىكەن. ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ياخشى بىر پىلاننى قويۇپتۇ، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار، دېدى.

قۇرەيشلەردىن بەنى كەنانە قەبىلىسىگە تەۋە بىر ئادەم: مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بېرىشقا ماڭا رۇخسەت قىلىڭلار! دېدى. قۇرەيشلەر: بولىدۇ، ئۇنىڭ قېشىغا بارغىن، دېدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ قېشىغا يېقىنلاشقان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ پالانىدۇر، ئۇ قۇربانلىق تۆگىلەرنى چوڭ بىلىدىغان قەۋمدىندۇر، قۇربانلىق تۆگىلەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىرىڭلار» دېدى. قۇربانلىق تۆگىلەر چىقىرىلدى. ئادەملەر ئۇنى تەلبىيە ئېيتىپ قارشى ئالدى. ئۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ: اﷲ تائالا پاكتۇر! ئۇلارنى بەيتۇللاھتىن توسۇۋېلىش لايىق ئەمەسكەن، دېدى. ئۇ ئادەملىرىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلگەن چاغدا: مەن بەلگە ئېسىلغان، نىشان قىلىنغان قۇربانلىق تۆگىلەرنى كۆردۈم. ئۇلارنى اﷲ تائالا بەيتىدىن توسۇشنى توغرا دەپ قارىمايمەن، دېدى. قۇرەيشلەردىن مىكرەز ئىبنى ھەفس دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ: مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بېرىشقا ماڭا رۇخسەت قىلىڭلار! دېدى. ئۇلار: بولىدۇ، ئۇنىڭ قېشىغا بارغىن، دېدى. ئۇ مۇسۇلمانلارغا يېقىنلاشقان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ مىكرەزدۇر، ئۇ ئەسكى ئادەمدۇر» دېدى. ئۇ كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ ئۇنىڭغا سۆزلەپ تۇرغان پەيتتە، تويۇقسىز سۇھەيل ئىبنى ئەمرى كېلىپ قالدى. سۇھەيل كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا: «ھەقىقەتەن ئىشىڭلار ئاسانلاشتى» دېدى، سۇھەيل ئىبنى ئەمرى كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: سەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا بىر توختامنامە يېزىپ ماڭا بەرگىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چاقىرىپ توختامنامىغا: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اﷲ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن دەپ يازغىن» دېدى. سۇھەيل: ناھايىتى شەپقەتلىك دېگەن سۆزگە كەلسەك، اﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. لېكىن، بۇرۇن يازغىنىڭدەك، ئى اﷲ! سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن باشلايمەن، دەپ يازغىن، دېدى. مۇسۇلمانلار: اﷲ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ناھايىتى شەپقەتلىك

ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، دېگەندىن باشقا سۆزنى ھەرگىز يازمايمىز، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلگە: «ئى الله! سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن باشلايمەن، دەپ يازغىن» دېدى. ئاندىن: «بۇ الله نىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد سۈلھى قىلىشقان نەرسىدۇر، دەپ يازغىن دېدى. سۇھەيل: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر بىز سېنىڭ الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىڭنى بىلسەك ئىدۇق، سېنى بەيتۇللاھدىن توسمايتتۇق ۋە سەن بىلەن ئۇرۇشمۇ قىلمايتتۇق. لېكىن الله نىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد دەپ يېزىشنىڭ ئورنىغا ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد دەپ يازغىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇھەيلگە: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر مېنى ئىنكار قىلغان تەقدىردىمۇ، مەن ھەقىقەتەن الله نىڭ ئەلچىسىمەن» دېدى. ئاندىن ئەلگە: «ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد دەپ يازغىن» دېدى. زۆھرى: ھەدىسنى ئىزاھلاپ: ئەنە شۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۈگۈن قۇرەيشلەر مەندىن الله تائالانىڭ ھەرەمدە ئۇرۇش قىلىشنى چەكلەشتىن ئىبارەت ھۆكمىنى ئۇلۇغلايدىغان، بىرەر پىلان لاھىيەنى سوراپ قالسا، ئۇنى ئۇلارغا بېرىۋېتىمەن» دېگەن سۆزىنىڭ ئىسپاتىدۇر، دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇھەيلگە: «بىزنىڭ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشىمىز ئۈچۈن بىز بىلەن بەيتۇللاھنىڭ ئارىسىنى بىزگە خالى قويۇپ بېرىشىڭلارنى شەرت قىلىمىز» دېدى. سۇھەيل: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەرەبلەرنىڭ بىزنى بېسىمغا ئۇچراپتۇ دەپ سۆز ـ چۆچەك قىلىشىدىن قورقىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ تەلىۋىڭ كېلەدىغان يىلىدا ئورۇندالسۇن، دېدى. سۈلھى شۇنداق يېزىلدى. سۇھەيل: بىز تەرەپتىن بىرەر ئادەم سېنىڭ يېنىڭغا قېچىپ كەلسە، گەرچە ئۇ سېنىڭ دىنىڭدا بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى بىزگە قايتۇرۇپ بېرىشىڭنى شەرت قىلىمەن، دېدى. مۇسۇلمانلار: الله پاكتۇر! ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ كەلگەن تۇرسا، ئۇ مۇشرىكلارغا قانداقمۇ قايتۇرۇپ بېرىلسۇن؟ دېدى.

ئۇلار شۇنداق تالاش ـ تارتىش ئۈستىدە تۇرغان پەيتتە، تويۇقسىز ئەبۇجەندەل ئىبنى سۇھەيل كىشەنلىرىنى سۆرەپ ئاستا ـ ئاستا مېڭىپ مەككىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن چىقىپ كەلدى ـ دە، ئۆزىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىغا ئاتتى. سۇھەيل: ئى مۇھەممەد! بۇ ئادەمنى ماڭا قايتۇرۇشۇڭنى بىرىنچى شەرت قىلىپ تۇرۇپ سەن بىلەن سۈلھى قىلىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تېخى بىز توختامنى يېزىپ تۈگەتمىدۇق» دېدى. سۇھەيل الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنداقتا ھېچ نەرسىگە سەن بىلەن مەڭگۈ سۈلھى قىلمايمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەبۇجەندەلنى مېنىڭ قېشىمدا قېلىشقا رۇخسەت قىلغىن» دېدى. سۇھەيل: ئۇنى سېنىڭ قېشىڭدا قېلىشقا رۇخسەت قىلمايمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق قىلماي ئۇنى مېنىڭ قېشىمدا قېلىشقا رۇخسەت قىلغىن» دېدى. ئۇ: ياق، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، دېدى. مىكرەز: شۇنداق قىلايلى، بىز ئۇنى سېنىڭ قېشىڭدا قېلىشقا رۇخسەت قىلايلى، دېدى. ئەبۇجەندەل: ئى مۇسۇلمانلار جامائەسى! مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمان بولۇپ كەلگەن تۇرسام، مۇشرىكلارغا قايتۇرۇلامدىمەن؟ مەن دۇچار بولغان ئازاب ـ ئۇقۇبەتنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ دېدى. ئۇ غالىب ۋە يۈكسەك الله نىڭ يولىدا ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابلانغان ئىدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: سەن الله نىڭ ھەق پەيغەمبىرى ئەمەسمۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنداق، مەن ھەقىقەتەن پەيغەمبەر» دېدى. مەن: بىز ھەق ئۈستىدە، دۈشمىنىمىز بولسا باتىل ئۈستىدە ئەمەسمۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنداق، بىز ھەق ئۈستىدە، دۈشمىنىمىز بولسا باتىل ئۈستىدە» دېدى. مەن: ئۇنداقتا نېمىشقا دىنىمىزدا پەسكەشلىككە يول قويىمىز؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، مەن الله نىڭ پەيغەمبىرىمەن، مەن الله غا ئاسىيلىق قىلغۇچى ئەمەسمەن، الله مېنىڭ

www.munber.org

ياردەمچىم» دېدى. مەن: سەن بىزنىڭ بەيتۇللاھقا بارىدىغانلىقىمىزنى ۋە ئۇنى تاۋاپ قىلىدىغانلىقىمىزنى سۆزلىگەن ئەمەسمىدىڭ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنداق دېگەن ئىدىم، بىراق مەن ساڭا بىز بەيتۇللاھقا چوقۇم بۇ يىل بارىمىز دەپ خەۋەر قىلغانمىدىم؟» دېدى. مەن: ياق، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن بەيتۇللاھقا چوقۇم بارىسەن ۋە ئۇنى تاۋاپ قىلىسەن» دېدى.

ئۆمەر سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇبەكرىنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئۇ الله نىڭ ھەق پەيغەمبىرى ئەمەسمۇ؟ دېدىم، ئۇ: شۇنداق، ئۇ الله نىڭ ھەق پەيغەمبىرى، دېدى. مەن: بىز ھەق ئۈستىدە، دۈشمىنىمىز بولسا باتىل ئۈستىدە ئەمەسمۇ؟ دېدىم. ئۇ: شۇنداق، بىز ھەق ئۈستىدە، دېدى. دۈشمىنىمىز بولسا باتىل ئۈستىدە. مەن: ئۇنداقتا نېمىشقا دىنىمىزدا پەسكەشلىككە يول قويىمىز؟ دېدىم. ئۇ: ئى ئىنسان! ئۇ الله نىڭ پەيغەمبىرىدۇر، ئۇ الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلمايدۇ، الله ئۇنىڭ ياردەمچىسىدۇر، ئۇ الله نىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەق ئۈستىدىدۇر، دېدى. مەن: ئۇ بىزگە بىزنىڭ بەيتۇللاھقا بارىدىغانلىقىمىزنى ۋە ئۇنى تاۋاپ قىلىدىغانلىقىمىزنى سۆزلىگەن ئەمەسمىدى؟ دېدىم. ئۇ: شۇنداق دېگەن ئىدى، بىراق ئۇ ساڭا سەن بەيتۇللاھقا چوقۇم بۇ يىل بارىسەن دەپ خەۋەر قىلغانمۇ؟ دېدى. مەن: ياق، دېدىم. ئۇ : سەن بەيتۇللاھقا چوقۇم بارىسەن ۋە ئۇنى تاۋاپ قىلىسەن، دېدى.

زۆھرى مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن سۈلھى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدىم، دېگەن. سۈلھى قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: «ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ قۇربانلىق قىلىڭلار، ئاندىن چېچىڭلارنى چۈشۈرۈڭلار» دەيدۇ. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ساھابىلاردىن بىرمۇ ئادەم ئورنىدىن تۇرمايدۇ، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىسىمۇ، ئۇلاردىن يەنىلا ھېچكىم ئورنىدىن تۇرمىغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا ئادەملەرنىڭ بۇيرۇققا بويسۇنمىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەن مۇنداق قىلىشنى خالامسەن؟ سەن سىرتقا چىقىپ ئاندىن ھېچكىمگە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن قۇربانلىقىڭنى بوغۇزلا، ساتىراچنى چاقىرىپ چېچىڭنى ئالدۇر، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىرتقا چىقىدۇ، ھېچكىمگە گەپ قىلماستىن قۇربانلىقنى بوغۇزلايدۇ، ساتىراچنى چاقىرىپ، چېچىنى چۈشۈرتىدۇ. بۇنى كۆرگەن ساھابىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قۇربانلىقنى بوغۇزلايدۇ، بەزىسى بەزىسىنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ قويىدۇ، تېخى بەزىسى كۆڭلىنىڭ يېرىم بولغانلىقىدىن ئۇرۇشۇپ قالغىلى تاس قالىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا مەككىدىن مۆمىن ئاياللار كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالا ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە مۆمىن ئاياللار ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇلارنى سىناپ كۆرۈڭلار، ئۇلارنىڭ ئىمانىنى الله ئوبدان بىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى (سىنىغاندىن كېيىن ھەقىقي) مۆمىنە دەپ تونۇساڭلار، ئۇلارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەڭلار، ئۇلار كاپىرلارغا ھالال ئەمەس، كاپىرلارمۇ ئۇلارغا ھالال ئەمەس، كاپىر ئەرلىرىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن مەھرىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى بېرىپ نىكاھىڭلارغا ئالساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، كاپىر ئاياللارنى ئەمرىڭلاردا ساقلىماڭلار﴾[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ كۈنىلا ئەمرىدىكى مۇشرىك ئىككى ئايالىنى

[1] سۈرە مۇمتەھىنە 10 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

قويۇپ بېرىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرىنى (قۇرەيش كاپىرلىرىدىن) مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇسۇفيان[1]، يەنە بىرىنى سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە خوتۇنلۇققا ئالىدۇ.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قايتىپ كېلىدۇ. كېيىن قۇرەيش قەبىلىسىدىن ئەبۇبەسىر ئىسىملىك بىر ئادەم مۇسۇلمان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. قۇرەيشلەر ئۇنى تەلەپ قىلىپ ئىككى ئادەمنى ئەۋەتىدۇ. ئۇلار: بىز بىلەن قىلىشقان سۈلھىگە ئاساسەن كەلدۇق، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەسىرنى ئۇ ئىككى ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇلار ئۇنى ئېلىپ مەدىنىدىن چىقىپ زۇلھۇلەيفىگە يېتىپ كەلگەندە، دەم ئېلىشقا چۈشۈپ بىرلىكتە خورما يېيىشكە باشلايدۇ. ئەبۇبەسىر ئىككىسىنىڭ بىرىگە: ئى پالانى! اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سېنىڭ بۇ قىلىچىڭ ھەقىقەتەن بەك ياخشى ئىكەن، دەيدۇ. قىلىچنىڭ ئىگىسى ئۇنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ: شۇنداق اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ بەك ياخشى، مەن ئۇنى ھەقىقەتەن تەكرار سىناپ كۆردۈم، دەيدۇ. ئەبۇبەسىر: ماڭا كۆرسەتكىنە، ئۇنى مەن كۆرۈپ باقاي دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىلىچنى ئۇنىڭغا بېرىدۇ. ئەبۇبەسىر قىلىچنى قولىغا ئالىدۇ ـ دە، ئۇنى چېپىپ تاشلايدۇ، ئۇ شۇ يەردىلا ئۆلىدۇ. يەنە بىر ئادەم قېچىپ مەدىنىگە كېلىدۇ ـ دە، يۈگۈرگىنىچە مەسجىدكە كىرىدۇ، ئۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ھەقىقەتەن بىر قورقۇنچلۇق ئىشنى كۆرۈپتۇ» دەيدۇ. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەمراھىم ئۆلتۈرۈلدى، مەنمۇ ئۆلتۈرۈلگىلى تاس قالدىم، دەيدۇ. شۇ ئەسنادا ئەبۇبەسىر كېلىپ: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، اللہ سېنىڭ ۋەدەڭنى ھەقىقەتەن ئىشقا ئاشۇردى، سەن مېنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بەردىڭ، ئاندىن اللہ تائالا مېنى ئۇلاردىن قۇتقۇزدى، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ ئانىسىغا ۋاي! ئۇ ئۇرۇش ئوتىنى تۇتاشتۇرۇپتۇ، كاشكى ئۇنىڭ بىلەن بىرەر ئادەم بولسىچۇ؟» دەيدۇ.

ئۇنى ئاڭلىغان ئەبۇبەسىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى يەنە ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ ـ دە، مەدىنىدىن قېچىپ چىقىپ، دېڭىز ساھىلىغا كېلىدۇ. ئەبۇجەندەل ئىبنى سۇھەيلمۇ كاپىرلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ ئەبۇبەسىرگە قوشۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇرەيشلەر ئىچىدىن مۇسۇلمان بولۇپ قېچىپ چىققان ھەر بىر ئادەم ئەبۇبەسىرگە قوشۇلۇشقا باشلاپ، بىر توپ جامائەگە ئايلىنىدۇ. ئۇلار قۇرەيشنىڭ شامغا بارىدىغان بىرەر كارۋىنىنىڭ يولغا چىققانلىقىنى ئاڭلاپلا قالسا، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپ، مال ـ مۈلكىنى ئېلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭدىن: سەن اللہ نىڭ ھەق ـ ھۆرمىتىنى ۋە ئارىمىزدىكى تۇغقانچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ ئەبۇبەسىرنىڭ ئادەملىرىنىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن كىم سېنىڭ قېشىڭغا كەلسە ئۇنىڭ ئامانلىققا ئېرىشىدىغانلىقىنى جاكارلىغىن! دەپ تەلەپ قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ تەلىۋىنى قوبۇل قىلىپ، ئەبۇبەسىرنىڭ ئادەملىرىگە ئادەم ئەۋەتىدۇ. غالىب ۋە بۈيۈك اللہ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿اللہ ئۇلارنى سىلەرگە قول سېلىشتىن توستى ھەمدە ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىنىڭلاردىن كېيىن، مەككىنىڭ ئىچىدە (يەنى ھۆدەيبىيىدە) سىلەرنى ئۇلارغا قول سېلىشتىن توستى، اللہ قىلىدىغان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾** دېگەن ئايەتنى **﴿جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ قىزىققانلىقىنى﴾** دېگەن يەرگىچە نازىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قىزىققانلىقى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ اللہ نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغان، "ناھايىتى

[1] مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇسۇفيان بۇ ۋاقىتتا تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى.

www.munber.org

شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن“ دېگەن سۆزنى ھەم ئېتىراپ قىلمىغان ۋە مۇسۇلمانلارنى بەيتۇللاھقا كىرىشتىن توسقان ئىدى.

ئىمام بۇخارى تەپسىر بابىدا ھەبىب ئىبنى ئەبۇسابىتنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئەبۇۋائىلدىن بىر مەسىلە ھەققىدە سوراپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدىم. ئۇ: بىز سىففىين دېگەن يەردە ئىدۇق، دېدى. نامەلۇم بىر ئادەم: اللە نىڭ كىتابىغا چاقىرىلىۋاتقانلارنى كۆرمىدىڭمۇ دېدى. ئەلي ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ھەئە، كۆردۈم ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇشقا مەن ئەڭ ھەقلىقمەن، دېدى. سەھل ئىبنى ھۇنەيف: يامانلىقنى ئۆزەڭلاردىن كۆرۈڭلار، مەن ھۇدەيبىيە كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدا بولغان سۈلھىنى كۆرگەن ئىدىم. ئەگەر بىز ئۇرۇشنى ئەۋزەل كۆرگەن بولساق، ئەلۋەتتە ئۇرۇشاتتۇق. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ: بىز ھەق ئۈستىدە، ئۇلار باتىل ئۈستىدە ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ ئۆلگەن ئادەملىرىمىز جەننەتتە، ئۇلارنىڭ ئۆلگەن ئادەملىرى دوزاختا ئەمەسمۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنداق، دېگەنلىرىڭ ئورۇنلۇق» دېگەن. ئۆمەر يەنە: ئۇنداقتا نېمىشقا دىنىمىزدا پەسكەشلىككە يول قويۇپ قايتىپ كېتىمىز؟ اللە ئارىمىزدا ھەق بىلەن ھۆكۈم قىلمىدىمۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى خەتتابنىڭ ئوغلى! مەن ھەقىقەتەن اللە نىڭ پەيغەمبىرىمەن، اللە مېنىڭ ئىشىمنى ھەرگىز بىكار قىلىۋەتمەيدۇ» دېگەن. ئۆمەر ئاچچىغىنى باسالمىغان ھالدا قايتقان. ئۇ سەۋر قىلالماي ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى ئەبۇبەكرى! بىز ھەق ئۈستىدە، ئۇلار باتىل ئۈستىدە ئەمەسمۇ؟ دېگەن. ئەبۇبەكرى: ئى خەتتابنىڭ ئوغلى: ئۇ ھەقىقەتەن اللە نىڭ پەيغەمبىرىدۇر، اللە ئۇنىڭ ئىشىنى ھەرگىز بىكار قىلىۋەتمەيدۇ، دېگەن. ئاندىن سۈرە فەتھ نازىل بولغان دېدى.

ئىمام ئەھمەد، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۈلھى تۈزدى، قۇرەيشلەر ئىچىدە سۇھەيل ئىبنى ئەمرى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا «سۈلھىدە ”ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن“ دېگەن سۆز بىلەن يازغىن» دېگەندە، سۇھەيل: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن دېگەن سۆزنى بىلمەيمىز. لېكىن، بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز، بويىچە «ئى اللە! سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن باشلايمەن» دەپ يازغىن دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللە نىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدتىن دەپ يازغىن» دېگەندە، سۇھەيل: ئەگەر بىز سېنىڭ اللە نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭنى بىلگەن بولساق، ئەلۋەتتە ساڭا ئەگىشەتتۇق، لېكىن ئىسمىڭنى ۋە ئاتاڭنىڭ ئىسمىنى يازغىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەدتىن دەپ يازغىن» دېدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: سىلەردىن بىرەر ئادەم مۇرتەد بولۇپ كەلسە، ئۇنى سىلەرگە قايتۇرۇپ بەرمەيمىز، بىزدىن بىرەر ئادەم مۇسۇلمان بولۇپ سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا كەلسە، ئۇنى بىزگە قايتۇرۇپ بېرىسىلەر، دېگەن شەرتنى قويۇشتى. ئەلى: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بۇنىمۇ يازىمىزمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، بىزدىن بىرەر ئادەم ئۇلارنىڭ يېنىغا كەتسە، اللە ئۇنى ئۆز رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھۇرۇرىيەلىكلەر (خاۋارىجلارنىڭ بىر قىسمى) ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوشۇنىدىن ئايرىلىپ چىقىۋالغان چاغدا، مەن ئۇلارغا مۇنداق دېدىم: ھۇدەيبىيە كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلار بىلەن سۈلھى قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا : «ئى ئەلى! بۇ اللە نىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد سۈلھى قىلغان نەرسىدۇر، دەپ يازغىن» دېدى. قۇرەيشلەر: ئەگەر بىز سېنىڭ اللە

نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭنى بىلگەن بولساق، سەن بىلەن ئۇرۇش قىلمايتتۇق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەلى! يازغىنىڭنى ئۆچۈرگىن ۋە ئى اﷲ! شەك - شۈبھىسىزكى، مېنىڭ سېنىڭ پەيغەمبىرىڭ ئىكەنلىكىمنى سەن چوقۇم بىلىسەن، ئى ئەلي! يازغىنىڭنى ئۆچۈرۈپ، بۇ ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد سۈلھى قىلغان نەرسىدۇر دەپ يازغىن» دېدى. اﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، اﷲ نىڭ پەيغەمبىرى ئەلۋەتتە ئەلىدىن ياخشىدۇر، ئەلىينىڭ يازغىنىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئۆچۈردى. ئۇنىڭ ئۇ خەتنى ئۆچۈرۈشى ئۇنى پەيغەمبەرلىكتىن ئۆچۈرۈۋېتەلمىگەن ئىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتقان يولىدىن چىقىپ كەتتىممۇ؟ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان خاۋارىجلار: ھەئە، دېدى. ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھۇدەيبىيە كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 70 تۆگىنى قۇربانلىق قىلدى، قۇربانلىقنىڭ ئىچىدە ئەبۇجەھىلنىڭ تۆگىسى بار ئىدى. ئۇ تۆگە بەيتۇللاھتىن توسۇلغان چاغدا، خۇددى باللىرىغا تارتىشىپ ئىڭىرغان تۆگىدەك ئىڭىرغان ئىدى.

* * * * * * *

لَّقَدۡ صَدَقَ ٱللَّهُ رَسُولَهُ ٱلرُّءۡيَا بِٱلۡحَقِّۖ لَتَدۡخُلُنَّ ٱلۡمَسۡجِدَ ٱلۡحَرَامَ إِن شَآءَ ٱللَّهُ ءَامِنِينَ مُحَلِّقِينَ
رُءُوسَكُمۡ وَمُقَصِّرِينَ لَا تَخَافُونَۖ فَعَلِمَ مَا لَمۡ تَعۡلَمُواْ فَجَعَلَ مِن دُونِ ذَٰلِكَ فَتۡحٗا قَرِيبًا ﴿٢٧﴾ هُوَ
ٱلَّذِيٓ أَرۡسَلَ رَسُولَهُۥ بِٱلۡهُدَىٰ وَدِينِ ٱلۡحَقِّ لِيُظۡهِرَهُۥ عَلَى ٱلدِّينِ كُلِّهِۦۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ شَهِيدٗا ﴿٢٨﴾

***اللە پەيغەمبىرىگە، ھەق رەۋىشتە، ھەقىقى راست چۈش كۆرسەتتى. (ئى مۇھەممەد! سەن ۋە ساھابىلىرىڭ) خۇدا خالىسا (دۈشمەنلەردىن) ئەمىن بولغان، (بەزىلىرىڭلار) باشلىرىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار) قىرقىغان ھالدا، قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرامغا كىرىسىلەر، اللە (سۈلھتىكى) سىلەر بىلمەيدىغان (پايدىنى) بىلىدۇ. اللە بۇنىڭدىن بۇرۇن (سىلەرگە) يېقىن بىر غەلىبىنى (يەنى خەيبەرنىڭ پەتھىسىنى مۇيەسسەر) قىلدى[27]. اللە ھەق دىننى پۈتۈن دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ اللەنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە) گۇۋاھلىق بېرىشكە اللە يېتەرلىكتۇر[28].***

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىنىڭ راستلىقى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققەتەن مەككىگە بېرىپ، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىپ چۈش كۆرگەن ئىدى ۋە ساھابىلىرىغا چۈشىنى ئۇ مەدىنىدىكى چاغدىلا بايان قىلغان ئىدى. ھۇدەيبىيە سۈلھىسى بولغان يىلى ئۇلار سەپەرگە چىققان چاغدا، كۆپچىلىك بۇ چۈشنىڭ بۇ يىل ئەمەلىيلىشىدىغانلىقىغا شەك قىلمىغان ئىدى. بىراق سۈلھى مەسىلىسى يۈز بەرگەن ۋە ئۇلار كېلەر يىلى ئۆمرە قىلىشقا قايتا كېلىش شەرتى بىلەن بۇ يىل مەدىنىگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، بەزى ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ كۆڭلىدە ئۇ توغرىسىدا نارازىلىق پەيدا بولغان ئىدى. ھەتتا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ توغرۇلۇق سوراپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتقان سۆزىدە: بىزنىڭ بەيتۇللاھقا بارىدىغانلىقىمىزنى ۋە ئۇنى تاۋاپ قىلىدىغانلىقىمىزنى بىزگە خەۋەر قىلغان ئەمەسمىدىڭ؟ دېگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋابەن: «شۇنداق، خەۋەر قىلغان ئىدىم، بىراق مەن ساڭا بەيتۇللاھقا بۇ يىل چوقۇم بارىسەن دەپ خەۋەر قىلدىممۇ؟ دېگەن» ئۆمەر: ياق، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن بەيتۇللاھقا چوقۇم بارىسەن ۋە

www.munber.org

ئۇنى تاۋاپ قىلىسەن» دېگەن. ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۆمەرگە بۇنىڭ بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈيۈك ۋە يۈكسەك الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله پەيغەمبىرىگە، ھەق رەۋىشتە، ھەقىقىي راست چۈش كۆرسەتتى. (ئى مۇھەممەد! سەن ۋە ساھابىلىرىڭ) خۇدا خالىسا (دۈشمەندىن) ئەمىن بولغان، (بەزىلىرىڭلار) باشلىرىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار) قىرقىغان ھالدا، قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرامغا كىرىسىلەر**﴾ ئۇلار مەسجىدى ھەرامغا كىرگەندە، ئۇلاردىن چېچىنى چۈشۈرگەنلەرمۇ ۋە قىسقارتقانلارمۇ بار ئىدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «چاچلىرىنى چۈشۈرگەنلەرگە الله مەرھەمەت قىلسۇن» دېگەن. ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! چاچلىرىنى قىسقارتقانلارغىمۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «چاچلىرىنى چۈشۈرگەنلەرگە الله مەرھەمەت قىلسۇن». ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! چاچلىرىنى قىسقارتقانلارغىمۇ؟ دېگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «چاچلىرىنى چۈشۈرگەنلەرگە الله مەرھەمەت قىلسۇن» دېگەن. ساھابىلار يەنە: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! چاچلىرىنى قىسقارتقانلارغىمۇ؟ دېگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچىنچى ياكى تۆتىنچى قېتىمدا «چاچلىرىنى قىسقارتقانلارغىمۇ الله مەرھەمەت قىلسۇن» دېگەن.

﴿**قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرامغا كىرىسىلەر**﴾ الله بۇ ئايەتتە مۆمىنلەرگە ئۇلار مەسجىدى ھەرامغا كىرگەن چاغدا، قورقۇنچتىن ئەمىن بولىدىغانلىقىنى ۋە شەھەرگە ئورۇنلاشقان چاغدا ھېچ خەۋپنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھېچكىمدىن قورقمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ئىش ھىجرىيەنىڭ 7 ـ يىلى زۇلقەئىدە ئېيىدا[1]، قازا ئۆمرە قىلغاندا ئەمەلگە ئاشقان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈلھىدىن كېيىن ھۇدەيبىيىدىن زۇلقەئىدە ئېيىدا مەدىنىگە قايتتى. مەدىنىدە زۇلھەججە ۋە مۇھەررەم (12 ـ ئاي ۋە 1 ـ ئاي) ئايلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، سەفەر ئېيىدا (2 ـ ئاي) خەيبەرنى فەتھى قىلغىلى چىقتى. الله تائالا ئۇنىڭغا خەيبەرنىڭ بەزى قىسمىنى ئۇرۇش بىلەن، بەزى قىسمىنى سۈلھى بىلەن فەتھى قىلىش شەرىپىنى ئاتا قىلدى. خەيبەر بولسا چوڭ بىر رايون بولۇپ، كەڭ كەتكەن خورمىزارلىق ۋە ئېكىنزارلىق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەرنىڭ يەھۇدىيلىرىنى خەيبەردىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ يېرىمىنى بېرىش بەدىلىگە ئىشلەتتى. خەيبەر زېمىنىنى يالغۇز ھۇدەيبىيىگە چىققانلارغىلا تەقسىم قىلىپ بەردى. بۇ تەقسىماتقا ئۇلاردىن باشقا ھېچكىم ئېرىشەلمىدى، پەقەت ھەبەشىستاندىن كەلگەن جەئفەر ئىبنى ئەبۇتالىب ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ھەم ئەبۇمۇسا ئەشئەرى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىقلاردىن بىرمۇ ئادەم قالماي بۇ تەقسىماتقا ئېرىشتى. ئىبنى زەيدنىڭ ئېيتىشىچە، پەقەت ئەبۇدۇجانە سەمماك ئىبنى خەرىشە بۇ تەقسىماتقا ھازىر بولالمىغان. بۇ ھەقتە ئۆز ئورنىدا تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتۈلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەردىن مەدىنىگە قايتىپ كەلدى.

ھىجرىيەنىڭ 7 ـ يىلى زۇلقەئىدە ئېيى كىرىشكە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ھۇدەيبىيىگە چىققان ساھابىلار ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ زۇلھۇلەيفىيەدە ئېھرام باغلىدى، ئۆزى بىلەن قۇربانلىق مالنى بىللە ئېلىپ ماڭدى. ئېيتىلىشىچە، ئۇ 60 دانە قۇربانلىق تۆگە ئېلىپ ماڭغان ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەلبىيە ئېيتىپ ماڭدى، ئۇنىڭ ساھابىلىرىمۇ تەلبىيە ئېيتقان ھالدا يۈرۈپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەھران ئۆتۈشمىسىگە يېقىنلاشقان چاغدا، مۇھەممەد ئىبنى مۇسلىمەنى قورالانغان ئاتلىق ئادەملەر بىلەن ئالدىدا مېڭىشقا ئەۋەتتى. مۇشرىكلار ئۇنى كۆرگەن چاغدا، قاتتىق قورقۇپ چۆچۈپ كېتىشتى. ئۇلار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە قارشى ئۇرۇشقىلى كەپتۇ، ئۇ ئۆزى

[1] ئىسلام كالىندار بويىچە 11 ـ ئاي

www.munber.org

بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى 10 يىل ئۇرۇشمايمىز دېگەن ئەھدىنى بۇزۇپتۇ، دەپ گۇمان قىلغان ئىدى. ئۇلار بېرىپ، بۇ ئەھۋالنى پۈتۈن مەككە ئەھلىگە خەۋەر قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېتىپ كېلىپ ھەرەمنىڭ بەلگىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان جاي زەھران ئۆتۈشمىسىگە چۈشتى. ئۇقيا، ئوق، نەيزە قاتارلىق قورالللىرىنى يەئجەج قەبىلىسىگە[1] ئەۋەتىۋېتىپ قۇرەيشلەر بىلەن شەرتلەشكىنىدەك غىلاپلانغان قىلىچلىرى بىلەنلا مەككىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولدا كېلىۋاتقان چاغدا، قۇرەيشلەر ئۇنىڭ ئالدىغا مىكرەز ئىبنى ھەفسنى ئەۋەتتى. ئۇ: ئى مۇھەممەد! سېنىڭ ئەھدىنى بۇزىدىغانلىقىڭنى بىلمەپتۇق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ نېمە گەپ؟» دېدى. ئۇ: بىزنىڭ يېنىمىزغا ئوقيا ۋە نەيزە قاتارلىق قوراللار بىلەن كېلىپسەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئۇنداق ئەمەس، بىز قورالنى ھەققەتەن يەئجە قەبىلىسىگە ئەۋەتىۋەتتۇق»دېدى. ئۇ: مۇشۇنداق ئىشىڭ بىلەنلا سېنى ياخشى ۋە ۋاپادار دەپ تونۇپ كەلدۇق، دېدى.

مەككىدىكى كاپىرلارنىڭ باشلىقلىرى قاتتىق ئاچچىقلانغانلىقتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن مەككىدىن چىقىپ كەتتى. قالغان ئەر - ئاياللار ۋە بالىلار قاتارلىق مەككە ئاھالىسى يوللاردا، ئۆگزىلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا قاراپ ئولتۇرۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ساھابىلىرى تەلبىيە ئېيتقان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى. قۇربانلىقنى "زۇتۇۋا" دېگەن يەرگە ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيە كۈنى مىنىۋالغان قەسۋا ئىسىملىك تۆگىسىنى يەنە مىنىۋالغان ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ئەنسارى الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ تۆگىسىنىڭ نوقتىسىدىن تۇتۇپ ئۇنى يېتىلەپ، تۆۋەندىكى بېيتنى ئوقۇغاچ مېڭىۋاتاتتى:

الله نىڭ نامىدىن قىلىمەن قەسەم،
ئۇنىڭ دىنىدىن باشقا دىن يوق دەپ.
الله نىڭ نامىدىن قىلىمەن قەسەم،
مۇھەممەد الله نىڭ پەيغەمبىرى دەپ.

كاپىرلار پۇشتىنى قۇيۇۋەت بىزگە،
چاپىمىز سىلەرنى رەب ئەمرى بىلەن،
شۇ دەللىدە قىلغان ئۇرۇش ھەيۋىمىزدىن،
دوست ئايرىلغان قۇشمۇ ئۇركۈپ قاچقان ھەم.

رەببىمىز ئېيتتى شۇنداق سۆزنى قۇرئاندا،
پەيغەمبەرى يەتكۈزگەن دىن ئەھكامىدا،
بايان قىلدى ئالىي ئۆلۈم شېھىتلىك دەپ،
پىدا قىلدىم جېنىمنى مەن رەب يولىدا.

ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى مەككىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ تېنىنى مەدىنىدە ئۇلار دۇچار بولغان قىزىتما ۋە ئۇ يەردىكى ناچار مۇھىت ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن ئىدى. مۇشرىكلار ئۆز ئادەملىرىگە: سىلەرگە مەدىنىنىڭ قىزىتمىسى ۋە ئۇ يەردىكى ناچار مۇھىت ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن بىر قەۋم كېلىدۇ، دېگەن ئىدى. مۇشرىكلار ھەجەرۇل ئەسۋەدكە ئۇدۇل كېلىدىغان تەرەپتە ئولتۇرغان ئىدى. الله تائالا

[1] بۇ مەككىدىن 8 مىل يىراقلىقتىكى بىر جاينىڭ ئىسمى.

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى مۇشرىكلارنىڭ دىگەنلىرىدىن خەۋەردار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ساھابىلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ جاسارىتىنى مۇشرىكلارغا كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، ئۈچ قېتىملىق تاۋاپتا يۈگۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئۇلار ئۈچ قېتىم بەيتۇللاھنى يۈگۈرۈپ ئايلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ساھابىلارنى مۇشرىكلار كۆرەلمەيدىغان جاي ئىككى رۇكنىنىڭ ئارىلىقىدا يۈگۈرمەي مېڭىشقا بۇيرۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇلارغا مېھرى - شەپقەت قىلغانلىقتىن يەتتە قېتىمنىڭ ھەممىسىدە ئۇلارنى يۈگۈرۈشكە بۇيرىمىدى. بۇنى كۆرگەن مۇشرىكلار: سىلەر قىزىتما ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن كىشىلەر دېگىنىڭلار ئەنە شۇلارمۇ؟ ئۇلار ئەڭ جاسارەتلىك ئادەملەركەن، دېيىشتى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇملار زۇلقەئىدە ئېيىنىڭ تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەندە مەككىگە يېتىپ كەلدى. مۇشرىكلار ئۆز ئادەملىرىگە: سىلەرگە مەدىنىنىڭ قىزىتمىسى ئاجىزلاشتۇرىۋەتكەن ئادەملەر كېلىدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇلارنى ئۈچ قېتىم يۈگۈرۈپ ئايلىنىشقا بۇيرۇدى. ئۇ پەقەت ئۇلارغا مېھرى - شەپقەت قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلارنى يەتتە قېتىمنىڭ ھەممىسىدە يۈگۈرۈشكە بۇيرۇمىدى.

يەنە ئىمام بۇخارى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمانىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئامان ئىسەنلىك بېرىلگەن يىلى مەككىگە كەلگەن چاغدا مۇشرىكلارغا كۈچىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ساھابىلارنى تاۋاپ جەريانىدا يۈگۈرۈشكە بۇيرۇدى. مۇشرىكلار بولسا، قۇئەيقەئان تەرەپتە ئىدى.

ئىمام بۇخارى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇشرىكلارغا كۈچىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن بەيتۇللاھنى ۋە سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىنى راستىنلا يۈگۈرۈپ ئايلانغان.

ئىمام بۇخارى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. قۇرەيش كاپىرلىرى ئۇنى بەيتۇللاھقا كىرىشتىن توستى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھۇدەيبىيەدە قۇربانلىقنى قىلىپ، چېچىنى چۈشۈردى ۋە مۇشرىكلار بىلەن قىلىچلىرىدىن باشقا ھېچ قانداق قورال كۆتۈرۈپ كەلمەسلىك ۋە مەككىدە مۇشرىكلار تۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان ۋاقىتتىن ئارتۇق تۇرماسلىق شەرتى بىلەن كېلەر يىلى ئۆمرە قىلىشقا سۈلھى تۈزدى. شۇنداق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام كېلەركى يىلى ئۆمرە قىلدى. ئۇ مەككىگە ئۇلار بىلەن سۈلھىلەشكەن بويىچە كىردى. ئۇ مەككىدە ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۇنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مەككىدىن چىقىپ كەتتى.

**﴿الله (سۈلھتىكى) سىلەر بىلمەيدىغان (پايدىنى) بىلىدۇ. الله بۇنىڭدىن بۇرۇن (سىلەرگە) يېقىن بىر غەلىبىنى (يەنى خەيبەرنىڭ پەتهىسىنى مۇيەسسەر) قىلدى﴾** يەنى غالىب ۋە بۈيۈك الله سىلەرنىڭ مەككىگە كىرمەي قايتىشىڭلاردا ۋە مەككىگە كېلەر يىلى كىرىشىڭلاردا سىلەر بىلمەيدىغان ياخشىلىق ۋە مەنپەئەتلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ. **﴿الله بۇنىڭدىن بۇرۇن (سىلەرگە) يېقىن بىر غەلىبىنى (يەنى خەيبەرنىڭ پەتهىسىنى مۇيەسسەر) قىلدى﴾** يەنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ چۈشىدە سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان بويىچە، مەككىگە كىرىشىڭلاردىن ئىلگىرى الله سىلەرگە سىلەر بىلەن دۈشمىنىڭلار بولغان مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدا بارلىققا كەلگەن سۈلھىدىن ئىبارەت يېقىن غەلىبىنى مۇيەسسەر قىلدى.

www.munber.org

## مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتۈن ئالەم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا بېرىلگەن بېشارەت توغرىسىدا

بۈيۈك ۋە يۈكسەك الله پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈشمىنى ئۈستىدىن ۋە باشقا يەر يۈزىدىكى ئىنسانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقى بىلەن مۆمىنلەرگە خۇش خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله ھەق دىننى پۈتۈن دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى**﴾ يەنى الله تائالا ھەق دىننى ئەرەب بولسۇن ياكى غەيرى ئەرەب بولسۇن، ساماۋى دىن ئىگىلىرى بولسۇن ياكى مۇشرىك بولسۇن پۈتۈن دىنلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پايدىلىق ئىلىم ۋە ياخشى ئەمەل بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، شەرىئەت ئىككى نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى ئىلىم، يەنە بىرى ئەمەل. شەرئىي ئىلىم توغرا ئىلىمدۇر. شەرئىي ئەمەل الله تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنىدۇ. شەرىئەت خەۋەرلىرى ھەقتۇر، شەرىئەت تەلەپلىرى ئادىلدۇر. ﴿(**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ اللەنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە) گۇۋاھلىق بېرىشكە الله يېتەرلىكتۇر**﴾ يەنى الله ئۇنىڭ ياردەمچىسىدۇر.

* * * * * * *

مُّحَمَّدٌ رَّسُولُ ٱللَّهِ ۚ وَٱلَّذِينَ مَعَهُۥٓ أَشِدَّآءُ عَلَى ٱلْكُفَّارِ رُحَمَآءُ بَيْنَهُمْ ۖ تَرَىٰهُمْ رُكَّعًا سُجَّدًا يَبْتَغُونَ فَضْلًا مِّنَ ٱللَّهِ وَرِضْوَٰنًا ۖ سِيمَاهُمْ فِى وُجُوهِهِم مِّنْ أَثَرِ ٱلسُّجُودِ ۚ ذَٰلِكَ مَثَلُهُمْ فِى ٱلتَّوْرَىٰةِ ۚ وَمَثَلُهُمْ فِى ٱلْإِنجِيلِ كَزَرْعٍ أَخْرَجَ شَطْـَٔهُۥ فَـَٔازَرَهُۥ فَٱسْتَغْلَظَ فَٱسْتَوَىٰ عَلَىٰ سُوقِهِۦ يُعْجِبُ ٱلزُّرَّاعَ لِيَغِيظَ بِهِمُ ٱلْكُفَّارَ ۗ وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ مِنْهُم مَّغْفِرَةً وَأَجْرًا عَظِيمًۢا ﴿٢٩﴾

***مۇھەممەد اللەنىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر، ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان، سەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسەن. ئۇلار اللەنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئەسىرىدىن نىشانلار بار، ئەنە شۇ ئۇلارنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىدۇر، ئۇلارنىڭ ئىنجىلدىكى سۈپىتى بولسا (ئۇلار) شاخ چىقارغان، كۈچلىنىپ چوڭايغان، ئاندىن ئۆز غولى بىلەن ئۆرە تۇرغان، بولۇقلۇقى ۋە كۆركەم كۆرۈنۈشى بىلەن دېھقانلارنى مەمنۇن قىلغان بىر زىرائەتكە ئوخشايدۇ، (مۆمىنلەرنى مۇنداق زىرائەتكە ئوخشىتىش) كۇففارلارنى خاپا قىلىش ئۈچۈندۇر، الله ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغپىرەت ۋە كاتتا ئەجىر ۋەدە قىلدى***﴿29﴾.

## مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا

الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەك ـ شۈبھىسىز الله تائالانىڭ ھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مۇھەممەد اللەنىڭ رەسۇلىدۇر**﴾ يەنى ئۇ بارلىق گۈزەل سۈپەتلەرنى ئۆزلەشتۈرگۈچىدۇر. ئاندىن الله تائالا ئۇنىڭ ساھابىلىرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى گۈزەل مەدھىيەلەر بىلەن ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر**﴾ بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿الله (ئۇنىڭ ئورنىغا) الله ئۇلارنى دوست

www.munber.org

تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ الله نى دوست تۇتىدىغان، مۆمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ﴾[1].

كاپىرلارغا قاتتىق قول ۋە قوپال بولۇش، مۆمىنلەرگە كۆيۈمچان ۋە مېھرىبان بولۇش، كاپىرلارنىڭ ئالدىدا غەزەپلەنگەن ۋە قاپاقنى تۈرگەن ھالدا تۇرۇش، مۆمىن قېرىندىشىنىڭ ئالدىدا ئوچۇق چىراي، كۈلگەن ھالدا تۇرۇش، مانا بۇ مۆمىنلەردە بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەردۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئۆزەڭلارغا يېقىن جايدىكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (يەنى سىلەرگە خەتەر بولماسلىق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەتراپىڭلاردىكى كۇففارلارنى ئۇجۇقتۇرۇڭلار)، سىلەرنى ئۇلار قاتتىق ھېس قىلسۇن (يەنى ئۇرۇش ئۈستىدە ئۇلارغا قاتتىق قول بولۇڭلار، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىمىسۇن)﴾[2].

ئىمام مۇسلىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۆمىنلەر ئۆز ئارا دوستلىشىش ۋە كۆيۈنۈشتە بىر تەنگە ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇ تەنگە ئاغرىق يەتسە پۈتۈن تەن قىزىش ۋە ئۇيقۇسىزلىق بىلەن بىئارام بولىدۇ».

ئىمام بۇخارى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۆمىن، مۆمىن ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن بىر بىناغا ئوخشايدۇ» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىسنى سۆزلىگەندە بارماقلىرىنى كىرىشتۈرۈپ تۇرۇپ چۈشەندۈرگەن.

**﴿ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان، سەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسەن. ئۇلار اللەنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ﴾** الله ئۇلارنى ياخشى ئەمەلنى كۆپ قىلىدىغانلىقى، ئەڭ ياخشى ئەمەل بولغان نامازنى كۆپ ئوقۇيدىغانلىقى بىلەن سۈپەتلىدى. الله تائالا ئۇلارنى ناماز ۋە ياخشى ئەمەللىرنى غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالا ئۈچۈن ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىدىغانلىقى، الله تائالانىڭ دەرگاھىدىكى ئۇلارغا تەييارلانغان كەڭ رىزىقتىن ئىبارەت غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالانىڭ پەزلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كاتتا ساۋاب ـ جەننەتنى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كاتتا نېمەت بولغان الله تائالانىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى بىلەن سۈپەتلىدى. الله نىڭ رازىلىقىنىڭ ئەڭ كاتتا نېمەت ئىكەنلىكى ھەققىدە بۈيۈك ۋە يۈكسەك الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿(ئۇلار ئېرىشىدىغان) الله نىڭ رازىلىقى (جەننەت نېمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن) كاتتىدۇر﴾[3].

**﴿ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئەسىرىدىن نىشانلار بار﴾** مۇجاھىد ۋە بىر قانچە كىشىلەر: ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە الله دىن ئەيمىنىش ۋە كىچىك پېئىللىق ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ، دېدى. بەزى تەپسىرشۇناسلار ھەققەتەن ياخشىلىق قىلغۇچىنىڭ قەلبى نۇرلۇق، يۈزى يورۇق، رىزقى مول بولىدۇ، ئۇنىڭغا قارىتا كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا مۇھەببەت پەيدا بولىدۇ، دېدى.

مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم كۆڭلىدە بىرەر سىرنى يوشۇرسا، الله تائالا ئۇنى ئۇنىڭ يۈزىدىكى ئالامەتلەر، گەپ ـ سۆزىدىكى ئىبزىشلار ئارقىلىق ئاشكارىلايدۇ. ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ياخشى يول (يەنى بىراۋنىڭ قىلغان ياخشى ئىش ـ ئىزلىرى)، يېقىملىق چىراي ۋە ئىقتىساتچانلىق پەيغەمبەرلىكنىڭ 25 پارچىسىدىن بىر پارچىدۇر» بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇداۋۇدمۇ رىۋايەت قىلغان.

[1] سۈرە مائىدە 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تەۋبە 123 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تەۋبە 72 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ نىيەتلىرى خالىس، ئەمەللىرى ياخشى ئىدى. ئۇلارغا قارىغان ھەر قانداق كىشى ئۇلارنىڭ ياخشى ئىش ـ ئىزلىرىدىن ھەيران قالاتتى. ئىمام مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ ئاڭلىشىمچە خىرىستىئانلار شامنى پەتھى قىلغان ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى كۆرگەن چاغدا: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئاۋۇ ئادەملەر بىزگە سۈپەتلىرى يېتىپ كەلگەن ھاۋارىيلار (ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى) دىن ئەلۋەتتە ياخشى ئىكەن، دېگەن. بۇ ھەقتە ئۇلار تولىمۇ راست ئېيتقان. بۇ ئۈممەت ئىلگىرىكى كىتابلاردا ھەققەتەن كاتتا سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ كاتتىسى ۋە ئەۋزىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدۇر. بۈيۈك ۋە يۈكسەك الله ئىلگىرى نازىل قىلغان كىتابلاردا ۋە ئۈممەتتىن ئۈممەتكە قالدۇرۇلغان خەۋەرلەردە ئۇلارنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنى بايان قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا بۇ يەردە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەنە شۇ ئۇلارنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىنجىلدىكى سۈپىتى بولسا (ئۇلار) شاخ چىقارغان، كۈچلىنىپ چوڭقايغان**﴾ يەنى ياشارغان، يېتىلگەن ﴿**ئاندىن ئۆز غولى بىلەن ئۆرە تۇرغان، بولۇقلۇقى ۋە كۆركەم كۆرۈنۈشى بىلەن دېھقانلارنى مەمنۇن قىلغان بىر زىرائەتكە ئوخشايدۇ**﴾

شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى. ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بولۇشى خۇددى زىرائەتنىڭ ئۇنى غوللىتىدىغان شاخلىرىغا ئوخشايدۇ. ﴿**(مۆمىنلەرنى مۇنداق زىرائەتكە ئوخشىتىش) كۇففارلارنى خاپا قىلىش ئۈچۈندۇر**﴾.

ئىمام مالىكنىڭ بىر رىۋايىتىدە، ئۇ بۇ ئايەتتىن ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان راپىزىلارنىڭ[1] كاپىرلىقىغا ھۆكۈم چىقارغان، چۈنكى، ئۇلار ساھابىلەرگە قاتتىق دۈشمەنلىك بىلەن قارايتتى. كىمكى، ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارغا دۈشمەنلىك بىلەن قارىسا، بۇ ئايەتنىڭ دەلىلى بىلەن ئۇ كاپىر بولىدۇ. ئىمام مالىكنىڭ بۇ ھۆكمىگە بىر تۈركۈم ئالىملار (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) قوشۇلدى. ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۆزلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ ھېساپلاپ، ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنى كەمسىتىشنى چەكلەش ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىسلەر بايان قىلىندى. الله تائالانىڭ ئۇلارنى ماختىغانلىقى ۋە ئۇلاردىن رازى بولغانلىقى ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك دەلىلدۇر.

﴿**الله ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا**﴾ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن ﴿**مەغپىرەت ۋە كاتتا ئەجىر ۋەدە قىلدى**﴾ يەنى كاتتا ساۋاپ ۋە ئېسىل رىزىق ۋەدە قىلدى. الله نىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر ۋە راستتۇر، الله تائالا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ ۋە ئۇنى ئۆزگەرتمەيدۇ. ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ ئىزىدىن ماڭغان ھەر قانداق كىشى ئۇلارنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. پەزىلەت، ياخشى ئىشلارنى ئالدىدا قىلىش ۋە كامالەتكە يېتىش جەھەتلەردە بۇ ئۈممەتتىن ھېچكىم ئۇلارغا يېتەلمەيدۇ. الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن ۋە ئۇلارنى رازى قىلسۇن! پىردەۋس جەننەتلىرىنى ئۇلارنىڭ قارارگاھى قىلسۇن! الله تائالا ھەققەتەن شۇنداق قىلدى.

ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « ساھابىلىرىمنى تىللىماڭلار، مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله بىلەن

[1] شىئە مەزھىبىنىڭ پىرقىسى.

www.munber.org

قەسەمكى، ئەگەر سىلەردىن بىرىڭلار ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇننى سەرپ قىلسىمۇ، ئۇلاردىن بىرىنىڭ بىر مۇد[1] سەرپ قىلغان نەرسىسىنىڭ يېرىمىغىمۇ تەڭ كەلمەيدۇ».

شۇنىڭ بىلەن سۈرە فەتىھنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. جىمى ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە اللە غا خاستۇر.

[1] قەدىمكى ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ تەخمىنەن 675 گىرامقا تەڭ.

www.munber.org

مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرە ھۇجۇرات 18 ئايەت

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تُقَدِّمُوا۟ بَيْنَ يَدَىِ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ ۖ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿١﴾
يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تَرْفَعُوٓا۟ أَصْوَٰتَكُمْ فَوْقَ صَوْتِ ٱلنَّبِىِّ وَلَا تَجْهَرُوا۟ لَهُۥ بِٱلْقَوْلِ كَجَهْرِ
بَعْضِكُمْ لِبَعْضٍ أَن تَحْبَطَ أَعْمَـٰلُكُمْ وَأَنتُمْ لَا تَشْعُرُونَ ﴿٢﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَغُضُّونَ أَصْوَٰتَهُمْ
عِندَ رَسُولِ ٱللَّهِ أُو۟لَـٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ ٱمْتَحَنَ ٱللَّهُ قُلُوبَهُمْ لِلتَّقْوَىٰ ۚ لَهُم مَّغْفِرَةٌ وَأَجْرٌ عَظِيمٌ ﴿٣﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***ئى مۆمىنلەر! سىلەر اللەنىڭ ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىدا (ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋە سۆزنى) ئالدى بىلەن قىلماڭلار، اللەدىن قورقۇڭلار، اللە ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيىتىڭلارنى ۋە ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر[1]. ئى مۆمىنلەر! (رەسۇلۇللاھقا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار، سىلەر بىر ـ بىرىڭلار بىلەن (توۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە (توۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزلىرىڭلار تۇيماستىن، (قىلغان ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ[2]. شۈبھىسىزكى، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا پەس ئاۋازدا گەپ قىلغانلارنىڭ دىللىرىنى اللە تەقۋا ئۈچۈن سىنىغان، ئۇلار مەغپىرەتكە ۋە كاتتا ساۋابقا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشىدۇ[3].***

## اللہ نىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىدا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىشتىن توسۇش، اللہ نىڭ پەيغەمبىرىنى ھۆرمەتلەشكە ۋە ئۇنىڭغا ئەدەبلىك ھالدا مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

اللہ تەئالا بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق مۆمىن بەندىلىرىگە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە ئىھتىرام بىلدۈرگەن، ئۇنى ئەزىزلىگەن ۋە قەدىرلىگەن ھالدا مۇئامىلە قىلىشى ھەققىدە ئەدەپ ئۆگىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى مۆمىنلەر! سىلەر اللەنىڭ ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىدا (ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋە سۆزنى) ئالدى بىلەن قىلماڭلار**﴾ يەنى ئىشلارنى ۋە سۆزلەرنى ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ ئۇنىڭدىن بۇرۇن قىلىپ سالماڭلار. ھەممە ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قىلىڭلار.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تەلھە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە: سىلەر قۇرئانغا ۋە سۈننەتكە خىلاپ سۆزلەرنى قىلماڭلار، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. قەتادە: بىزگە ئېيتىلىشىچە، ئادەملەر ئەگەر ماۋۇ ـ ماۋۇ ئىشلاردا ئايەت نازىل قىلىنغان بولسىكەن، ئەگەر ماۋۇ ـ ماۋۇ ئىشلار بولغان بولسا

www.munber.org

ئىكەن دېيىشكەن. شۇنىڭ بىلەن اللە تەئالا ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى ياقتۇرماي يۇقىرىدىكى ئايەتنى نازىل قىلدى، دېدى.

**﴿اللە دىن قورقۇڭلار﴾** يەنى اللە سىلەرنى ئەمىر قىلغان ئىشتا تەقۋادارلىق قىلىڭلار. **﴿اللە ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيىتىڭلارنى ۋە ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾، ﴿ئى مۆمىنلەر! (رەسۇلۇللاھقا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار﴾** بۇ ئۆگىتىلگەن ئەدەب - ئەخلاقنىڭ ئىككىنچىسىدۇر. اللە تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىنلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئاۋازلىرىنى ئۇنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى كۆتۈرمەسلىك ھەققىدە تەربىيە قىلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇ ئايەت ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ھەققىدە نازىل بولغان.

ئىمام بۇخارى، ئەبۇ مۇلەيكىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىككى ياخشى ئادەم يەنى ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ھالاك بولغىلى تاس قالغان. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بەنى تەمىم قەبىلىسىدىن بىر گۇرۇھ ئۇلاغلىق كىشىلەر كەلگەن چاغدا، ئۇ ئىككىسى ئۇنىڭ قېشىدا ئاۋازلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ سۆزلەشكەن. ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى بەنى مۇجاشىئنىڭ قېرىندىشى ئەقرەئ ئىبنى ھابىسەنى ئەمىرلىككە كۆرسەتسە، يەنە بىرى باشقا بىر ئادەمنى ئەمىرلىككە كۆرسەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: سەن داۋاملىق ماڭا قارشى ئىش قىلىسەن، دېگەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ: مەن ساڭا قارشى ئىش قىلمىدىم، دېگەن. شۇنداق دېيىشىپ ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى يۇقىرى چىقىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا **﴿ئى مۆمىنلەر! (رەسۇلۇللاھقا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار، سىلەر بىر - بىرىڭلار بىلەن (توۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە (توۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزلىرىڭلار تۇيماستىن، (قىلغان ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان.

ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نېمە دېگەنلىكىنى سورىمىغىچە، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاڭلىغۇدەك ئۈنلۈك ئاۋازدا سۆز قىلمايتتى، دېگەن. ئۇ يەنى ئىبنى زۇبەير چوڭ دادىسى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە بىرەر نەرسە دېمىگەن. بۇنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى، ئەبۇ مۇلەيكىنىڭ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: بەنى تەمىم قەبىلىسىدىن بىر گۇرۇھ ئۇلاغلىق كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەن. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: قەئقائى ئىبنى مەئبەدنى ئۇلارغا ئەمىر قىلغىن، دېگەندە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئەقرە ئىبنى ھابىسەنى ئەمىر قىلغىن، دېگەن.

ئىمام بۇخارى، ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سابىت ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بىر قانچە كۈن كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن سۈرۈشتە قىلدى. بىر ئادەم: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ساڭا ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كېلەي، دېدى. ئاندىن ئۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى. سابىت ئۆيىدە بېشىنى ساڭگىلاتقان ھالدا تۇراتتى. ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا: نېمە بولدۇڭ؟ دېدى. ئۇ جاۋابەن: يامان ئىش يۈز بەردى، دېدى. ئەسلىدە ئۇ ئاۋازىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ گەپ قىلىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن مېنىڭ ئەمەلىم بىكار بولۇپ كەتتى، مەن دوزاخ ئەھلىدىن بولۇپ قالدىم دەپ ئويلاپ، شۇنداق چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، سابىتنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى. كېيىن ئۇ ئادەم

www.munber.org

سابىتنىڭ قېشىغا كاتتا خۇش خەۋەر بىلەن قايتا باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن سابىتنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا: شەك - شۈبھىسىزكى، سەن دوزاخ ئەھلىدىن ئەمەسسەن، بەلكى، سەن چوقۇم جەننەت ئەھلىدىنسەن دېگىن» دېگەن ئىدى.

ئىمام ئەھمەد، ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت يەنى ﴿**ئى مۆمىنلەر! (رەسۇلۇللاھقا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار، سىلەر بىر - بىرىڭلار بىلەن (تووۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە (تووۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزۈڭلار تۇيماستىن، (قىلغان ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ**﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان مەزگىللەردە سابىت ئىبنى قەيس يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزلىگەن كىشى مەن ئىدىم، مەن دوزاخ ئەھلىدىن بولۇپ قالدىم، ياخشى ئەمەلىم بىكار بولۇپ كەتتى، دېدى. ئۇ ئائىلىسىدە بىر قانچە كۈن قايغۇرغان ھالدا ئولتۇرۇپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى سۈرۈشتە قىلدى. بەزى ئادەملەر ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە ئۇنىڭغا: ساڭا نېمە بولدى؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېنى سۈرۈشتە قىلىۋاتىدۇ، دېدى. ئۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزلىگەن كىشى مەن ئىدىم، مەن ئۇنىڭغا يۇقىرى ئاۋازدا تووۋلاپ سۆزلەيتتىم، ئەمدى ياخشى ئەمەلىم بىكار بولۇپ كەتتى، مەن دوزاخ ئەھلىدىن بولۇپ قالدىم، دېدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا سابىتنىڭ ئېيتقانلىرىنى يەتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، بەلكى ئۇ جەننەت ئەھلىدىندۇر» دېدى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز سابىتنىڭ ئارىمىزدا ھايات يۈرگەنلىكىنى كۆرەتتۇق، بىز ئۇنىڭ جەننەت ئەھلىدىن ئىكەنلىكىنى بىلەتتۇق. يەمامە ئۇرۇشى بولغان كۈنى ئارىمىزدىكى بەزى ئىشلار رېئاللىققا ئايلاندى. ئۇرۇشقا سابىت ئىبنى قەيسمۇ كەلگەن ئىدى. ئۇ خۇش پۇراق ئىشلىتىپ كېپەنلىكىنى كىيدى، ئاندىن: دوستلىرىڭلارنى قان تۆكۈشكە مەجبۇرلىشىڭلار نېمە دېگەن يامان دېدى - دە، ئۇلار بىلەن تاكى شېھىت بولغىچە جەڭ قىلدى (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!). اللە تائالا مۆمىنلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا بىر ئادەمگە تووۋلاپ يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىگەندەك سۆزلەشتىن توستى. ئەكسىچە ئۇ ئۇنىڭغا، تەمكىنلىك، ئېھتىرام ۋە ھۆرمەت بىلەن سۆز قىلىشى كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەر بىر - بىرىڭلار بىلەن (تووۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە (تووۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار**﴾ بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۆمىنلەر!) پەيغەمبەرنى سىلەر بىر ـ بىرىڭلارنى چاقىرغاندەك چاقىرماڭلار﴾[1].

﴿**(ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزۈڭلار تۇيماستىن، (قىلغان ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ**﴾ يەنى بىز سىلەرنى پەيغەمبەرنىڭ قېشىدا يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلىشتىن پەقەت، ئۇنىڭدىن پەيغەمبەرنىڭ ئاچچىقلىنىشى، ئاندىن پەيغەمبەر ئاچچىغلانغانلىقى ئۈچۈن اللە تائالانىڭ ئاچچىقلىنىشى، ئاندىن اللە تائالا پەيغەمبىرىنى ئاچچىقلاندۇرغان كىشىنىڭ ئەمەلىنى، بىكار قىلىۋېتىشى ۋە ئۇ كىشىنىڭ بۇنى بىلمەي قېلىشىدىن قورققانلىقى ئۈچۈنلا توستۇق.

بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:«شەك - شۈبھىسىزكى، بىر ئادەم اللە تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن، بىرەر سۆزنى ئاغزىدىن پەرۋاسىزلا چىقىرىپ سالىدۇ - دە، شۇ سۆزنىڭ ساۋابى بىلەن ئۇ ئادەمگە جەننەت يېزىلىدۇ. بىر ئادەم اللە تائالانى

[1] سۈرە نۇر 63 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

غەزەپلەندۈرىدىغان بىرەر سۆزنى پەرۋاسىزلا چىقىرىپ سالىدۇ - دە، ئۇ سۆزىنىڭ جازاسى بىلەن ئۇ ئادەم ئاسمان - زېمىننىڭ ئارىسىدىنمۇ يىراق بولغان دوزاخقا يىقىلىدۇ»

اﷲ تائالا بەندىلىرىنى پەيغەمبەرنىڭ قېشىدا تۆۋەن ئاۋازدا سۆز قىلىشقا تەۋسىيە قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿شۈبھىسىزكى، رەسۇلۇللاھ نىڭ يېنىدا پەس ئاۋازدا گەپ قىلغانلارنىڭ دىللىرىنى اﷲ تەقۋا ئۈچۈن سىنىغان﴾** يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىنى تەقۋالىق ئۈچۈن خالىس قىلغان ۋە تەقۋالىقنىڭ ماكانى قىلغان.

**﴿ئۇلار مەغپىرەتكە ۋە كاتتا ساۋابقا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشىدۇ﴾** ئىمام ئەھمەد، مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! گۇناھنى خالىمايدىغان ۋە گۇناھمۇ قىلمايدىغان ئادەم ئەۋزەلمۇ ياكى گۇناھ قىلىشنى خالىغان، بىراق ئۇنى ئەمەلدە قىلمايدىغان ئادەم ئەۋزەلمۇ؟ دەپ خەت يېزىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: شەك - شۈبھىسىزكى، گۇناھ قىلىشنى خالىغان، بىراق ئۇنى ئەمەلدە قىلمىغانلار ئەۋزەلدۇر، ئەنە شۇنداق قىلغانلار **﴿نىڭ دىللىرىنى اللە تەقۋا ئۈچۈن سىنىغان، ئۇلار مەغپىرەتكە ۋە كاتتا ساۋابقا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشىدۇ﴾** دەپ جاۋاپ يازغان.

* * * * * * *

إِنَّ ٱلَّذِينَ يُنَادُونَكَ مِن وَرَآءِ ٱلْحُجُرَٰتِ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْقِلُونَ ﴿٤﴾ وَلَوْ أَنَّهُمْ صَبَرُوا۟ حَتَّىٰ تَخْرُجَ إِلَيْهِمْ لَكَانَ خَيْرًا لَّهُمْ ۚ وَٱللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٥﴾

***شۈبھىسىزكى، سېنى ھۇجرىلار (يەنى پاك ئاياللىرىڭنىڭ تۇرالغۇ جايلىرى) ئارقىسىدىن توۋلايدىغانلارنىڭ تولىسى ئەقىلسىز كىشىلەردۇر[4].سەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققىنىڭغا قەدەر ئۇلار سەۋر قىلىپ تۇرۇشسا، ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى، اللە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر[5].***

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھۇجرىلارنىڭ ئارقىسىدىن توۋلايدىغان كىشىنى ئەيىبلەش توغرىسىدا

اﷲ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۆيلىرى بولغان ھۇجرىلارنىڭ ئارقىسىدىن توۋلايدىغانلارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿شۈبھىسىزكى، سېنى ھۇجرىلار (يەنى پاك ئاياللىرىڭنىڭ تۇرالغۇ جايلىرى) ئارقىسىدىن توۋلايدىغانلارنىڭ تولىسى ئەقىلسىز كىشىلەردۇر﴾** ئادەتتە قالاق ئەرەبلەر شۇنداق قىلاتتى، اﷲ تائالا ئۇلارنى ئەدەپلىك بولۇشقا تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿سەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققىنىڭغا قەدەر ئۇلار سەۋر قىلىپ تۇرۇشسا، ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى﴾** يەنى ئۇنىڭدا ئۇلار ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەلۋەتتە ياخشىلىق ۋە مەنپەئەت بار ئىدى. اﷲ تائالا ئۇلارنى اﷲ غا قايتىشقا ۋە تەۋبە قىلىشقا چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿اللە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾** ئېيتىلىشىچە، بۇ ئايەت ئەقرە ئىبنى ھابىس تەمىمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە نازىل قىلىنغان.

ئىمام ئەھمەد، ئەقرە ئىبنى ھابىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھۇجرىلارنىڭ ئارقىسىدىن توۋلاپ: ئى مۇھەممەد! ئى مۇھەممەد! دېگەن. يەنە بىر

www.munber.org

رىۋايەتتە: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! دېگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ھەقىقەتەن مېنىڭ ماختىشىم ئەلۋەتتە چىرايلىقتۇر، ئەيىبلىشىمۇ ئەلۋەتتە قەبىھتۇر، دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «غالىب ۋە بۈيۈك الله شۇنداق قىلىدىغان ئادەملەرنى ئەلۋەتتە ئەيىبلىدى» دېگەن جاۋابنى قايتۇرغان.

* * * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِن جَآءَكُمۡ فَاسِقُۢ بِنَبَإٖ فَتَبَيَّنُوٓاْ أَن تُصِيبُواْ قَوۡمَۢا بِجَهَٰلَةٖ فَتُصۡبِحُواْ عَلَىٰ مَا
فَعَلۡتُمۡ نَٰدِمِينَ ﴿٦﴾ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ فِيكُمۡ رَسُولَ ٱللَّهِۚ لَوۡ يُطِيعُكُمۡ فِي كَثِيرٖ مِّنَ ٱلۡأَمۡرِ لَعَنِتُّمۡ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ
حَبَّبَ إِلَيۡكُمُ ٱلۡإِيمَٰنَ وَزَيَّنَهُۥ فِي قُلُوبِكُمۡ وَكَرَّهَ إِلَيۡكُمُ ٱلۡكُفۡرَ وَٱلۡفُسُوقَ وَٱلۡعِصۡيَانَۚ أُوْلَـٰٓئِكَ هُمُ
ٱلرَّٰشِدُونَ ﴿٧﴾ فَضۡلٗا مِّنَ ٱللَّهِ وَنِعۡمَةٗۚ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ﴿٨﴾

***ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار[6]. بىلىڭلاركى، ئىچىڭلاردا رەسۇلۇللاھ (يەنى اللهنىڭ پەيغەمبىرى) بار، ئەگەر ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىدىغان بولسا، چوقۇم قىيىن ئەھۋالدا قالاتتىڭلار، لېكىن الله سىلەرگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىلىڭلاردا كۆركەم قىلدى، سىلەرگە پىسقىنى، كۇفرىنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتتى، ئەنە شۇلار اللهنىڭ پەزلى ۋە نېمىتى بىلەن توغرا يولدا بولغۇچىلاردۇر. الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[7 - 8].***

## ئەگەر بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، ئۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقىتىنى ئېنىقلاپ كۆرۈشكە بۇيرۇغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە پاسىق ئادەم ئېلىپ كەلگەن خەۋەرنى ئېنىقلاپ كۆرۈشكە بۇيرۇدى. شۇنداق قىلغاندا، ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ھۆكۈم قىلىپ شۇ ئىشنىڭ ئۆزىدە يالغانچى ياكى خاتالاشقۇچى بولۇپ قېلىشتىن، ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ھۆكۈم قىلغان كىشىنىڭ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشكەن ئادەم بولۇپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

الله تائالا ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلارنىڭ يولىغا ئەگىشىپ قېلىشتىن توستى. مۇشۇ جەھەتتىن بىر قىسىم ئۆلىمالار شەخسىيىتى ئېنىق بولمىغان نامەلۇم كىشىنىڭ رىۋايىتىنى، ئۇنىڭ رىۋايەتتە پاسىقلىق قىلىش ئېھتىمالى بولغانلىقى ئۈچۈن، قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغان. بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدىكى قىسسىدە نۇرغۇن رىۋايەتلەر بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئەڭ ياخشى رىۋايەت ئىمام ئەھمەدنىڭ، بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىنىڭ باشلىقى، مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى جۇۋەيرىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئاتىسى ھارىس ئەبۇزىراردىن قىلغان رىۋايەتتۇر.

ھارىس ئەبۇ زىرار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىر كۈنى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدىم، ئۇ مېنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى، مەن ئىسلامغا كىردىم ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىق قىلدىم. ئۇ مېنى زاكات بېرىشكە دەۋەت قىلدى، مەن زاكات بېرىشنى قوبۇل قىلدىم ۋە : ئى الله

www.munber.org

نىڭ پەيغەمبىرى! مەن قەۋمىمگە قايتىپ بېرىپ ئۇلارنى ئىسلامغا كىرىشكە، زاكاتنى ئادا قىلىشقا چاقىرىمەن، كىم مېنىڭ چاقىرغىمنى قوبۇل قىلسا، ئۇنىڭ زاكىتىنى يىغىمەن. ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن يىغقان زاكاتنى ساڭا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن پالانى ۋاقىتتا ماڭا بىر ئەلچى ئەۋەتكىن، دېدىم.

ھارىس دەۋىتىنى قوبۇل قىلغانلاردىن زاكاتنى يىغقان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئەلچى ئەۋەتىشكە بەلگىلىگەن ۋاقىت يېتىپ كەلگەن چاغدا، دېيىشكەن ئەلچى ھارىسنىڭ قېشىغا كەلمىگەن. ھارىس چوقۇم الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى غەزەپلىنىدىغان بىر ئىش يۈز بەردى دەپ ئويلاپ، قەۋمىنىڭ چوڭلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن يىغقان زاكاتنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ماڭا ئەلچىسىنى ئەۋەتىشكە ۋاقىت توختىتىپ بەرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەدىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، ئۇنىڭ ئەلچىسىنى ئەۋەتمەسلىكتە چوقۇم ئاچچىقلانغان بىر ئىش بار دەپ قارايمەن. يۈرۈڭلار بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بارايلى، دېدى.

ئەسلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەلگىلىنگەن ۋاقىتتا ۋەلىد ئىبنى ئوقبەنى ھارىسنىڭ قېشىغا، ئۇ يىغقان زاكاتنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىدى. ۋەلىد يولغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ يېرىم يولغا يېتىپ بارغان چاغدا ئۆزىچە قورقۇپ قىلىپ ئارقىغا ياندى. ئۇدۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ھارىس زاكاتنى ماڭا بەرمىدى ۋە مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەزەپلەندى، ئۇ ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارشى قوشۇن ئەۋەتتى، ھارىس ئادەملىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. قوشۇن يولغا چىقىپ مەدىنىدىن ئايرىلىشىغا ئۇلارغا ھارىس ئۇچرىدى. ئۇلار: بۇ ھارىس، دېيىشتى. ھارىس ئۇلارغا يېقىنلاشقان چاغدا، ئۇلارغا: كىمگە قارشى ئەۋەتىلدىڭلار؟ دېدى. ئۇلار: ساڭا، دېدى. ھارىس: نېمىشقا؟ دېدى. ئۇلار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساڭا ۋەلىد ئىبنى ئۇقبەنى ئەۋەتكەن ئىدى، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە سەن ئۇنىڭغا زاكاتنى بەرمەپسەن، تېخى ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپسەن، دېدى. ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ياق، مۇھەممەدنى ھەق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، مەن ۋەلىدنى پەقەت كۆرمىدىم، ئۇ مېنىڭ قېشىمغا كەلمىدى، دېدى.

ھارىس رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كىرگەن چاغدا ئۇ ئۇنىڭغا: «زاكاتنى بەرمەي ئەلچىمنى ئۆلتۈرمەكچى بولدۇڭمۇ؟» دېدى. ئۇ : ياق، سېنى ھەق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زات الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى كۆرمىدىم، ئۇ مېنىڭ قېشىمغىمۇ كەلمىدى، مەن پەقەت سېنىڭ ئەلچىڭ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈنلا، الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى غەزەپلەندۈرىدىغان بىر ئىشنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ بۇ تەرەپكە يول ئالدىم، دېدى. شۇنىڭ بىلەن سۈرە ھۇجۇراتتىكى: ﴿**ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار. بىلىڭلاركى، ئىچىڭلاردا رەسۇلۇللاھ (يەنى اللهنىڭ پەيغەمبىرى) بار، ئەگەر ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىدىغان بولسا، چوقۇم قىيىن ئەھۋالدا قالاتتىڭلار، لېكىن الله سىلەرگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىلىڭلاردا كۆركەم قىلدى، سىلەرگە پىسقىنى، كۇفرىنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتتى، ئەنە شۇلار اللهنىڭ پەزلى ۋە نېمىتى بىلەن توغرا يولدا بولغۇچىلاردۇر. الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾ دېگەن ئايەتلەر نازىل بولدى[1].

---

[1] بۇ قىسسىدىكى ۋەلىد ئىبنى ئۇقبەنىڭ ئىسمىدا خاتالىق بار، چۈنكى بۇ قىسسە بەنى مۇستەلىق غازىتىدىن كېيىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا يۈز بەرگەن. بەنى مۇستەلىق غازىتى بولسا ھىجرىيەنىڭ 5 - ياكى 6 - يىلى شەئبان ئېيىدا يۈز بەرگەن ئىدى. ۋەلىد ئىبنى ئۇقبە بولسا ھىجرىيەنىڭ 8 - يىلى مەككە پەتھى بولغاندىن كېيىن رامزان ئېيىدا ئىسلامغا كىرگەن (بۇ تەپسىرنىڭ ئەرەبچە نۇسخىسىدىكى ئىزاھاتنىڭ تەرجىمىسىدۇر).

www.munber.org

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكمىنىڭ ئەڭ پايدىلىق ھۆكۈم ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿بىلىڭلاركى، ئىچىڭلاردا رەسۇلۇللاھ (يەنى اللەنىڭ پەيغەمبىرى) بار﴾ يەنى بىلىشىڭلار كېرەككى، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا اللە نىڭ پەيغەمبىرى بار، ئۇنى ھۆرمەتلەڭلار، ئۇنىڭغا ئىھتىرام قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن ئەدەپلىك مۇئامىلىدە بولۇڭلار، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇڭلار. ئۇ سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇ سىلەرگە ئۆزەڭلاردىن بەك كۆيۈمچاندۇر، ئۇنىڭ سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا چىقارغان ھۆكمى سىلەرنىڭ ئۆزەڭلارنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭلاردىن مۇكەممەلدۇر. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿پەيغەمبەر مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسىلىرىدىنمۇ چارىدۇر﴾[1]

اللە تائالا ئۇلارنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتلىرىگە نىسبەتەن ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكمىنىڭ ھۆكۈم بولالمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىدىغان بولسا، چوقۇم قىيىن ئەھۋالدا قالاتتىڭلار﴾ يەنى ئەگەر ئۇ سىلەر خالىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئىشلىرىڭلار ئەلۋەتتە تەسلەشكەن بولاتتى ۋە سىلەر قىيىن ئەھۋالدا قالاتتىڭلار، بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ئەگەر ھەقىقەت (يەنى قۇرئان) ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا بويسۇندىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار خاراپ بولغان بولاتتى، ئۇنداق بولغىنى يوق، ئۇلارغا (ۋەز ـ نەسىھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) قۇرئاننى ئاتا قىلدۇق، ئۇلار ئۆزلىرىگە (ۋەز ـ نەسىھەت بولغان) قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈيدۇ﴾[2]

﴿لېكىن اللە سىلەرگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىلىڭلاردا كۆركەم قىلدى﴾ يەنى اللە تائالا روھىڭلارغا ئىماننى سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىلىڭلارغا چىرايلىق كۆرسەتتى.

## ئىسلام بىلەن ئىماننىڭ ئارىسىدىكى پەرق توغرىسىدا

﴿سىلەرگە پىسقىنى، كۇفرىنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتتى﴾ يەنى اللە سىلەرگە كۇفرىنى، چوڭ گۇناھلاردىن ئىبارەت پىسقىنى ۋە بارلىق گۇناھلارنى ئۆچ كۆرسەتتى. بۇ ئايەت نېمەتنىڭ مۇكەممەل بولۇشى ئۈچۈن دەرىجمۇ دەرىجە ئۆرلەشنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەنە شۇلار اللەنىڭ پەزلى ۋە نېمىتى بىلەن توغرا يولدا بولغۇچىلاردۇر﴾ يەنى مۇشۇ سۈپەت بىلەن سۈپەتلەنگۈچىلەر توغرا يولدا بولغۇچىلار بولۇپ، اللە ھەقىقەتەن ئۇلارغا پايدىلىق بولغان توغرا يولنى ئاتا قىلغاندۇر.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ رۇفائە زۇرەقىنىڭ ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئوھۇد ئۇرۇشى بولۇپ، مۇشرىكلار مەككىگە قايتىپ ماڭغان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تەپ ـ تەكشى بولۇپ سەپكە تۇرۇڭلار، مەن غالىب ۋە بۈيۈك پەرۋەردىگارىمغا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن» دېدى. ساھابىلار ئۇنىڭ ئارقىسىدا سەپلەرگە تۇرۇپ بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئاسىنى باشلاپ مۇنداق دېدى: «ئى اللە! بارلىق ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇر، ئى اللە! سەن كەڭرى بەرگەننى ھېچ يىغىۋالغۇچى بولمايدۇ، سەن يىغىۋالغاننى ھېچ كەڭرى بەرگۈچى بولمايدۇ. سەن گۇمراھ قىلغان ئادەمنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ، سەن ھىدايەت قىلغاننى ھېچكىم گۇمراھ قىلالمايدۇ. سەن توسقاننى ھېچكىم بېرەلمەيدۇ، سەن بەرگەننى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ. سەن رەھمىتىڭدىن يىراق قىلغاننى ھېچكىم رەھمىتىڭگە يېقىنلاشتۇرالمايدۇ، سەن رەھمىتىڭگە يېقىن قىلغاننى ھېچكىم يىراقلاشتۇرالمايدۇ. ئى اللە! بىزگە

---

[1] سۈرە ئەھزاب 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مۆمىنۇن 71 ـ ئايەت.

www.munber.org

www.munber.org

بەرىكەتلىرىڭنى، مەرھەمىتىڭنى، پەزلىڭنى ۋە رىزقىڭنى كەڭرى ياىغىن. ئى الله! بىز ھەقىقەتەن سەندىن توسالغۇغا ئۇچرىمايدىغان، تۈگەپ كەتمەيدىغان، دائىملىق نازۇ ـ نېمەتلىرىڭنى سورايمىز. ئى الله! بىز ھەقىقەتەن سەندىن ئاچارچىلىق كۈنىدە نازۇ ـ نېمەتلىرىڭنى بېرىشىڭنى، قورقۇنچلۇق كۈنىدە خاتىرجەم قىلىشىڭنى سورايمىز. ئى الله! بىز ھەقىقەتەن ساڭا سېغىنىپ سەن بىزگە ئاتا قىلغان نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن ۋە سەن بىزنى مەنئى قىلغان نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز. ئى الله ! بىزگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزگىن، ئۇنى دىللىرىمىزدا كۆركەم قىلغىن، بىزگە كۇفرىنى، پىسقىنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتكىن، بىزنى توغرا يولدا بولغۇچىلاردىن قىلغىن، ئى الله! بىزنى مۇسۇلمان ھالەتتە ۋاپات قىلدۇرغىن ۋە مۇسۇلمان ھالەتتە تىرىلدۇرگىن، بىزنى رەسۋا قىلماستىن ۋە پىتنىگە قالدۇرماستىن ياخشى ئادەملەرگە قوشقىن! ئى الله! پەيغەمبەرلىرىڭنى ئىنكار قىلغان ۋە كىشىلەرنى يولىڭدىن توسقان كاپىرلارغا لەنەت قىلغىن! ئۇلارغا ئازابىڭنى چۈشۈرگىن! ئى الله! ئى ھەق الله! كىتاب بېرىلگەن كاپىرلارغا (يەنى يەھۇدىي ۋە ناسارالارغا ) لەنەت قىلغىن! ››.

﴿**اللەنىڭ پەزلى ۋە نېمىتى بىلەن**﴾ يەنى بۇ الله نىڭ ئۆز تەرىپىدىن سىلەرگە بەرگەن پەزلىدۇر ۋە ئۆز دەرگاھىدىن ئاتا قىلغان نېمەتتۇر. ﴿**الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾ يەنى الله كىمنىڭ ھىدايەتكە لايىق ئىكەنلىكىنى ۋە كىمنىڭ گۇمراھلىققا لايىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، سۆزلىرىنى، ئىشلىرىنى، شەرىئىتىنى ۋە ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ھېكمەت بىلەن ئېلىپ بارغۇچىدۇر.

* * * * * * *

وَإِن طَآئِفَتَانِ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ٱقۡتَتَلُواْ فَأَصۡلِحُواْ بَيۡنَهُمَاۖ فَإِنۢ بَغَتۡ إِحۡدَىٰهُمَا عَلَى ٱلۡأُخۡرَىٰ فَقَٰتِلُواْ ٱلَّتِي تَبۡغِي حَتَّىٰ تَفِيٓءَ إِلَىٰٓ أَمۡرِ ٱللَّهِۚ فَإِن فَآءَتۡ فَأَصۡلِحُواْ بَيۡنَهُمَا بِٱلۡعَدۡلِ وَأَقۡسِطُوٓاْۖ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلۡمُقۡسِطِينَ ﴿٩﴾ إِنَّمَا ٱلۡمُؤۡمِنُونَ إِخۡوَةٞ فَأَصۡلِحُواْ بَيۡنَ أَخَوَيۡكُمۡۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمۡ تُرۡحَمُونَ ﴿١٠﴾

***ئەگەر مۆمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى اللەنىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر (يەنى تاجاۋۇزىنى توختاتقانغا قەدەر) ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار (اللەنىڭ ئەمرىگە) قايتسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى (ھېچبىر تەرەپكە يان باسماستىن) ئادىللىق بىلەن تۈزەپ قويۇڭلار، (ھەممە ئىشتا) ئادىل بولۇڭلار، الله ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ[9]. مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، اللەدىن قورقۇڭلار[10].***

## ئۆز ئارا ئۇرۇشۇپ قالغان مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىنى ياراشتۇرۇشقا ۋە تاجاۋۇز قىلغۇچى تەرەپكە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

الله تائالا بىر بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان ئىككى گۇرۇھ مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىنى ياراشتۇرۇپ قويۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەگەر مۆمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار**﴾ الله تائالا ئۇلارنى ئۇلار ئۆز ئارا ئۇرۇشۇپ قالغان تۇرۇقلۇق "مۆمىنلەر" دەپ ئاتىدى. بۇ

ئايەتنى ئىمام بۇخارى ۋە باشقىلار گۇناھ ھەر قانچە چوڭ بولغان تەقدىردىمۇ، ئىماندىن چىقىپ كەتمەيدىغانلىقىغا دەلىل قىلغان. ئۇلارنىڭ ھۆكمى ھەرگىز خاۋارىجلار ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن مۆئتەزىلىلەرگە ئوخشاش ئازغۇن گۇرۇھلار ئېيتقاندەك ئەمەستۇر.

ئىمام بۇخارى ھەسەندىن ئەبۇ بەكرەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى خۇتبە ئوقۇۋدى، ئۇنىڭ بىلەن مۇنبەر ئۈستىدە ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىللە بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىردە ئۇنىڭغا قارىسا، بىردە ئادەملەرگە قارايتتى. «مېنىڭ بۇ ئوغلۇم ھەقىقەتەن ئەڭ شەرەپلىك ئىنساندۇر، ئۇنىڭ بىلەن الله تائالا مۇسۇلمانلاردىن چوڭ ئىككى گۇرۇھنىڭ ئارىسىنى ياراشتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن» دېدى. بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك بولدى. شاملىقلار بىلەن ئىراقلىقلار ئارىسىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلار، قورقۇنچلۇق جەڭلەر بولغاندىن كېيىن الله تائالا ھەسەن ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ياراشتۇرۇپ قويدى.

﴿**ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى اللەنىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر (يەنى تاجاۋۇزىنى توختاتقانغا قەدەر)**﴾ يەنى تاكى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكمىگە قايتقان ھەقنى ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانغا قەدەر ﴿**ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار**﴾ بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قېرىندىشىڭغا مەيلى ئۇ زۇلۇم قىلغۇچى بولسۇن ياكى زۇلۇم قىلىنغۇچى بولسۇن، ياردەم قىلغىن» دېدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! زۇلۇم قىلىنغۇچىغىغۇ ياردەم قىلىمەن، زۇلۇم قىلغۇچىغا قانداقمۇ ياردەم قىلىمەن؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «زۇلۇم قىلغۇچىنى زۇلۇم قىلىشتىن توسساڭ، ئەنە شۇ سېنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم قىلغىنىڭ ھېسابلىنىدۇ» دېدى.

سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دەيدۇ: ئەۋس قەبىلىسى بىلەن خەزرەج قەبىلىسى ئارىسىدا خورما قوۋزاقلىرى ۋە ئاياقلىرى بىلەن بىر - بىرىنى ئۇرۇش ھادىسىسى يۈز بەردى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلىپ مۆمىنلەرنى ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇشقا بۇيرۇدى.

سۇددى مۇنداق دەيدۇ: ئەنسارىلاردىن ئىمران ئىسىملىك بىر ئادەم بار بولۇپ، ئۇنىڭ زەيد ئىسىملىك ئايالى بار ئىدى. بۇ ئايال تۇغقانلىرىنى زىيارەت قىلماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ ئېرى ئۇنى ئۇنداق قىلىشتىن توسۇپ، ئۇنىڭ قېشىغا ئۇنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ئادەمنىڭمۇ كىرمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئېگىز بىر ئۆيگە سولاپ قويدى. بۇ ئايال تۇغقانلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋالنى يەتكۈزدى. ئۇنىڭ تۇغقانلىرى كېلىپ ئۇنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن سولاقلىق ئۆيدىن چۈشۈردى. ئېرى سىرتقا چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئېرىنىڭ تۇغقانلىرى ياردەمگە ئادەم چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن ئېرىنىڭ تاغىسىنىڭ باللىرى يېتىپ كېلىپ، بۇ ئايال بىلەن ئۇنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئارىسىغا چۈشتى. ئۇلار بىر - بىرىنى ئىتتىرىشتى ۋە ئاياقلىرى بىلەن بىر - بىرىنى ئۇرۇشتى. ئاندىن ئۇلار ھەققىدە بۇ ئايەت نازىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ياراشتۇرۇپ قويدى. ئۇلارمۇ الله تائالانىڭ ھۆكمىگە قايتتى.

﴿**ئەگەر ئۇلار (اللەنىڭ ئەمرىگە) قايتسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى (ھېچبىر تەرەپكە يان باسماستىن) ئادىللىق بىلەن تۈزەپ قويۇڭلار، (ھەممە ئىشتا) ئادىل بولۇڭلار، الله ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەزى ئىشلاردا ئاشۇرۇۋەتكەن بولسا، ئۇنى ئادىللىق بىلەن توغرا بىر تەرەپ قىلىپ قويۇڭلار، ﴿**الله ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ**﴾.

ئىبنى ئەبۇھاتەم، ئابدۇللا ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، دۇنيادا ئادىللىق قىلغانلار قىيامەت كۈنى

www.munber.org

دۇنيادا قىلغان ئادىللىقى ئۈچۈن غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالانىڭ ئالدىدا مەرۋايىتتىن ياسالغان مۇنبەرلەرنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ» بۇنى ئىمام نەسائىمۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿**مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر**﴾ يەنى ھەممە مۆمىنلەر دىندا قېرىنداشتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، ئۇلار بىر بىرىگە زۇلۇم قىلمايدۇ، ھالاكەتكە ئىتتىرمەيدۇ» ئىمام مۇسلىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:«بىرەر بەندە قېرىندىشىغا ياردەمچى بولسا، الله تائالا ئۇ بەندىگە ياردەمچى بولىدۇ». ئىمام مۇسلىم يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر بىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ قېرىندىشىغا ئۇ يوق يەردە دۇئا قىلسا، پەرىشتە: ئامىين (يەنى ئى الله! ئىجابەت قىلغىن)! ساڭىمۇ ئۇ دۇئاغا ئوخشاش دۇئا بولسۇن! دەيدۇ». بۇ ھەقتە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

ئىمام مۇسلىم يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۆمىنلەر ئۆز ـ ئارا كۆيۈنۈش، ئۆزئارا مېھرى ـ شەپقەت يەتكۈزۈش ۋە ئۆزئارا سىلە ـ رەھىم قىلىشتا بىر تەنگە ئوخشايدۇ. ئەگەر تەننىڭ بىرەر ئەزاسىغا ئاغرىق يەتسە، تەننىڭ قالغان قىسمى قىزىتما ۋە ئۇيقۇسىزلىق بىلەن بىئارام بولىدۇ».

ئىمام بۇخارى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۆمىننىڭ مۆمىنگە ياردەمدە بولۇشى بىر ـ بىرىنى ئۆز ـ ئارا چىڭىتىپ تۇرىدىغان بىناغا ئوخشايدۇ» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مىسالنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بارماقلىرىنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈپ كۆرسەتكەن.

﴿**مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى**﴾ يەنى ئۇرۇشۇپ قالغان ئىككى گۇرۇھنىڭ ئارىسىنى ﴿**تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن**﴾ جىمى ئىشلىرىڭلاردا ﴿**اللەدىن قورقۇڭلار**﴾ الله تائالادىن قورققان كىشىنىڭ الله تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشى ئەمەلىيەتتۇر.

* * * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا يَسۡخَرۡ قَوۡمٞ مِّن قَوۡمٍ عَسَىٰٓ أَن يَكُونُواْ خَيۡرٗا مِّنۡهُمۡ وَلَا نِسَآءٞ مِّن نِّسَآءٍ
عَسَىٰٓ أَن يَكُنَّ خَيۡرٗا مِّنۡهُنَّۖ وَلَا تَلۡمِزُوٓاْ أَنفُسَكُمۡ وَلَا تَنَابَزُواْ بِٱلۡأَلۡقَٰبِۖ بِئۡسَ ٱلِٱسۡمُ ٱلۡفُسُوقُ بَعۡدَ
ٱلۡإِيمَٰنِۚ وَمَن لَّمۡ يَتُبۡ فَأُوْلَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّـٰلِمُونَ ﴿١١﴾

*ئى مۆمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (اللەنىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (اللەنىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، بىر ـ بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار، ئىماندىن كېيىن پىسقى بىلەن ئاتاش (يەنى مۆمىننى پاسىق) دەپ ئاتاش نېمىدېگەن يامان! (مۇنداق نەھيى قىلىنغان ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر*﴿11﴾.

www.munber.org

## مەسخىرە قىلىش ۋە كەمسىتىشتىن توسۇش توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىشتىن ۋە ئۇلارنى زاڭلىق قىلىپ كەمسىتىشتىن توسىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىبىرلىك قىلىش، دېگەنلىك ھەققە چوڭچىلىق قىلىش ۋە كىشىلەرنى ئەيىبلەشتىن ئىبارەتتۇر». يەنە بىر رىۋايەتتە: ..... كىشىلەرنى كەمسىتىشتىن ئىبارەتتۇر، دېيىلگەن. بۇ ھەدىستىكى كىبىرلىكتىن كۆزدە تۇتۇلغىنى كىشىلەرگە ھاقارەت قىلىش ۋە ئۇلارنى كەمسىتىشتىن ئىبارەتتۇر. مۇنداق قىلىش ھارامدۇر، كەمسىتىلگەن كىشىنىڭ الله تائالانىڭ دەرگاھىدا كەمسىتكۈچىگە قارىغاندا قەدىر ـ قىممىتى چوڭراق بولۇشى ۋە مەسخىرە قىلغۇچىغا قارىغاندا الله غا سۆيۈملۈكرەك بولۇشى مۇمكىن.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى مۆمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (اللەنىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (اللەنىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، بىر ـ بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار**﴾ يەنى كىشىلەرنى ئەيىبلىمەڭلار. ئەيىبلەش، سۆخەنچىلىك قىلىش ئەرلەرگە نىسبەتەن پەسكەشلىك ۋە لەنىتى ئىشتۇر.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿**كىشىلەرنى ئەيىبلىگۈچى سۆخەنچىگە ۋاي!**﴾[1] ﴿**غەيۋەتخور، سۆخەنچى...**﴾[2] يەنى ئۇ كىشىلەرنى كەمسىتىدۇ، ھەددىدىن ئاشقان ھالدا باشقىلارنى ئەيىبلەيدۇ ۋە باشقىلارنىڭ ئارىسىدا گەپ توشۇپ سۆخەنچىلىك قىلىدۇ. شۇڭا الله تائالا كىشىلەرنى بۇ رەزىل قىلمىشىدىن توسۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىر بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار**﴾. ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەيىر، قەتادە، مۇقاتىل ۋە ئىبنى ھىببا قاتارلىقلار: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، تەنە قىلماڭلار دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

﴿**بىر ـ بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار**﴾ يەنى ئاڭلىغان چاغدا كىشىنى ئۇسال قىلىدىغان لەقەملەر بىلەن بىر ـ بىرىڭلارنى چاقىرىشماڭلار. ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ جەبىير، ئىبنى زەھھاكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**بىر بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار**﴾ دېگەن بۇ ئايەت بىزنىڭ ھەققىمىزدە يەنى بەنىي سەلەمە جەمەتى ھەققىدە نازىل بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى بارلىق ئەرلەرنىڭ ئىككى ياكى ئۈچ ئىسمى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن بىرىنى شۇ ئىسىملارنىڭ بىرى بىلەن چاقىرسا، ئۇلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ بۇ ئىسىمدىن ئاچچىقلايدۇ، دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ﴿**بىر بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار**﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى. بۇنى ئىمام ئەبۇ داۋۇدمۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿**ئىماندىن كېيىن پىسقى بىلەن ئاتاش (يەنى مۆمىننى پاسىق) دەپ ئاتاش نېمىدېگەن يامان!**﴾ يەنى سىلەر ئىسلامغا كىرگەن ۋە ئۇنى چۈشەنگەندىن كېيىن جاھىلىيەت ئەھلى بىر ـ بىرىنى چاقىرغاندەك، يامان لەقەملەر بىلەن چاقىرىش، پىسقى بىلەن ئاتاش نېمىدېگەن يامان! سۈپەت ﴿**(مۇنداق نەھيى قىلىنغان ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر**﴾.

* * * * * * *

---

[1] سۈرە ھۇمەزە 1 ـ ئايەت.
[2] سۈرە قەلەم 11 ـ ئايەت.

www.munber.org

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱجْتَنِبُواْ كَثِيرًا مِّنَ ٱلظَّنِّ إِنَّ بَعْضَ ٱلظَّنِّ إِثْمٌ ۖ وَلَا تَجَسَّسُواْ وَلَا يَغْتَب بَّعْضُكُم بَعْضًا ۚ أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَن يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُ ۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ تَوَّابٌ رَّحِيمٌ ﴿١٢﴾

***ئى مۆمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر، (مۆمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر. اللّٰه تىن قورقۇڭلار. اللّٰه (تەۋبەقىلغۇچىلارنىڭ قىلغان) تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر***﴿12﴾.

## گۇمان قىلىشتىن توسۇش توغرىسىدا

اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىن بەندىلىرىنى ئائىلىدىكىلەرگە، تۇغقانلارغا ۋە كىشىلەرگە ئورۇنسىز تۆھمەت قىلىش ۋە خىيانەت قىلىش سەۋەبچى بولىدىغان نۇرغۇن گۇمانلارنى قىلىشتىن توسىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ بەزىسى ئېغىر گۇناھتۇر. گۇناھكار بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئورۇنسىز گۇمانلاردىن ساقلىنىش كېرەك. مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: قېرىندىشىڭنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەر قانداق سۆزنى ياخشى گۇمان قىلغىن، سەنمۇ ئۇ سۆز ئۈچۈن ياخشىلىقتا نىسۋەتنى ئالىسەن.

ئىمام مالىك، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «گۇمان قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، گۇمان ھەقىقەتەن ئەڭ يالغان سۆزدۇر. بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار، ئۇنى ئۇ ئوقۇشنى تەلەپمۇ قىلماڭلار ئۆزئارا بەسلەشمەڭلار، ھەسەت قىلىشماڭلار، دۈشمەنلەشمەڭلار ۋە ئاداۋەتلەشمەڭلار، قېرىنداشلارچە اللّٰه نىڭ بەندىلىرى بولۇڭلار». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام مۇسلىم ۋە تىرمىزى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:«ئاراڭلاردىكى سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويماڭلار، ئۆز ئارا ئاداۋەتلەشمەڭلار، دۈشمەنلەشمەڭلار ۋە ھەسەت قىلىشماڭلار، قېرىنداشلارچە اللّٰه نىڭ بەندىلىرى بولۇڭلار. قېرىندىشىغا ئاداۋەت تۇتۇپ، ئۇنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىشى مۇسۇلمانغا ھالال ئەمەس».

﴿**(مۆمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار**﴾ بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار، ئۇنى ئوقۇشنى تەلەپ قىلماڭلار، ئۆز ئارا دۈشمەنلەشمەڭلار ۋە ئاداۋەتلەشمەڭلار، قېرىنداشلارچە اللّٰه نىڭ بەندىلىرى بولۇڭلار».

﴿**بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار**﴾ بۇ ئايەت غەيۋەت قىلىشتىن توسقان ئايەتتۇر. ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! غەيۋەت دېگەن نېمە؟ دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى چۈشەندۈرۈپ: «غەيۋەت قېرىندىشىڭنى ئۇ يامان كۆرىدىغان نەرسە بىلەن تىلغا ئېلىشىڭدۇر» دېگەن. ئۇنىڭدىن: ئېيتقىنكى، ئەگەر مەن دېگەن سۈپەت قېرىندىشىمدا تېپىلسىچۇ؟ دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سەن دېگەن نەرسە ئۇنىڭدا تېپىلسا، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ

www.munber.org

غەيۋەتنى قىلغان بولسەن، ئەگەر سەن دېگەن نەرسە ئۇنىڭدا تېپىلمىسا، ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىغان بولىسەن» دېگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلغان.

غەيۋەت قاتتىق چەكلەنگەن، شۇڭا بۇيۈك ۋە يۈكسەك الله ئۇنى ئۆلۈك ئىنساننىڭ گۆشىنى يېيىشكە ئوخشىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر**﴾ يەنى قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى تەبئىي جەھەتتە ياقتۇرمىغىنىڭلاردەك غەيۋەتنىمۇ شەرئىي جەھەتتە ياقتۇرماڭلار. چۈنكى، غەيۋەت قىلىشنىڭ ئازابى ئۆلۈك ئىنسانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنىڭ ئازابىدىن قاتتىقتۇر. بۇ تەمسىل ئىنسانلارنى غەيۋەت قىلىشتىن يىرگەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن قورقىتىش ئۈچۈن بايان قىلىنغاندۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سوغات بېرىپ، ئاندىن ئۇنى ياندۇرۇۋالغان كىشىنى مىسال قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بەرگەن سوغاتنى ياندۇرۇۋالغۇچى قۇسۇپ ئاندىن قۇسۇقنى قايتا ئىچكەن ئىتقا ئوخشايدۇ» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يامان ئىش ھەقىقەتەن بىزگە ئۆلگە بولالمايدۇ» دېگەن.

ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ۋە ئەھمەد قاتارلىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋىدالىشىش خۇتبىسىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «شەك - شۈبھىسىزكى، بىر - بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكۈش، مال - مۈلۈكىڭلارنى ئېلىۋېلىش ۋە ئابرۇيۇڭلارنى تۆكۈش بۇ كۈنۈڭلار، بۇ ئېيىڭلار ۋە بۇ شەھرىڭلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلماسلىق ھارام بولغىنىغا ئوخشاش ھارامدۇر».

ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئەبۇ ھۇرەيرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:«ھەر قانداق بىر مۇسۇلمانغا يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ مال - مۈلكىنى ئېلىۋېلىش، ئابرۇيىنى تۆكۈش ۋە قېنىنى تۆكۈش ھارامدۇر. ئىنسانغا مۇسۇلمان قېرىندىشىنى كەمسىتىش يېتەرلىك يامانلىقتۇر (يەنى گۇناھتۇر)».

ھاپىز ئەبۇ يەئلا، ئەبۇ ھۇرەيرىنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مائىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن زىنا قىلىپ سالدىم، دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ئارقىسىنى قىلىۋالدى. ھەتتا ئۇ سۆزىنى تۆت قېتىم تەكرارلىدى، بەشىنچى قېتىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «زىنا قىلدىڭمۇ؟» دېدى. ئۇ: ھەئە، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «زىنانىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟» دېدى. ئۇ: ھەئە، بىر ئادەم ئايالىغا ھالال يول بىلەن (يەنى نىكاھ بىلەن) كېلىدۇ، بىراق مەن ئۇنىڭغا ھارام بىلەن (يەنى نىكاھسىز) كەلدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ سۆزۈڭ بىلەن نېمە دېمەكچىسەن؟» دېگەندە، ئۇ: مېنى گۇناھىمدىن پاكلاپ قويۇشۇڭنى تەلەپ قىلىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ نەرسەڭنى ئۇنىڭ ئۇ يېرىگە خۇددى سۈرمە پىلىكى سۈرمە قۇتىسىغا ياكى سۇ تارتىش چېلىكىنىڭ ئارغامچىسى قۇدۇققا كىرىپ كەتكەندەك كىرگۈزدىڭمۇ؟» دېگەندە، ئۇ: ھەئە، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى چالما - كېسەك قىلىشقا بۇيرۇدى. ئاندىن ئۇ چالما - كېسەك قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ئادەمنىڭ بىر - بىرىگە: بۇ ئادەمگە قارىمامسەن، الله ئۇنىڭ گۇناھىنى ياپقان تۇرسا، ئۇنىڭ كۆڭلى ئۇنى ئارامىغا قويماي تاكى ئۇ، ئىت چالما - كېسەك قىلىنغاندەك چالما - كېسەك قىلىنىپ كەتتى. دېيىشۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولنى داۋام قىلىپ بىر ئېشەكنىڭ ئۆلۈكىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا: «پالانى بىلەن پۈستانى قېنى؟ سىلەر ئىككىڭلار چۈشۈپ بۇ ئېشەكنىڭ تېپىدىن يەڭلار» دېدى. ئۇ ئىككىسى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! الله ساڭا مەغپىرەت قىلسۇن، بۇ يېيىلەمدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھازىر قېرىندىشىڭلارنى چىشلەپ تارتقىنىڭلار

www.munber.org

بۇنى يېيىشتىنمۇ ئېغىر گۇناھتۇر، مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، مائىز ھازىر ئەلۋەتتە جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرىدە چۆمۈلەۋاتىدۇ» دېدى.

ئىمام ئەھمەد، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئىدۇق، توساتتىنلا تاپنىڭ سېسىق پۇرىقى كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ پۇراقنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ بۇ كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغانلارنىڭ سېسىق پۇرىقىدۇر» دېدى.

## غەيۋەتخور بىلەن سۆخەنچىنىڭ تەۋبە قىلىش يولى توغرىسىدا

﴿الله دىن قورقۇڭلار﴾ يەنى الله سىلەرنى بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىپ ۋە مەنئى قىلغان ئىشلاردىن يېنىپ، الله غا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، الله نىڭ سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇڭلار. **﴿الله(تەۋبەقىلغۇچىلارنىڭ قىلغان)تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾** يەنى الله تائالا تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، الله تائالا تەرەپكە قايتقان ۋە ئۇنىڭغا تايانغان كىشىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار: كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلغۇچىنىڭ تەۋبە قىلىشتىكى بىردىن - بىر يولى ئۇ غەيۋەت قىلىشتىن قەتئى توختىشى ۋە قايتا غەيۋەت قىلماسلىققا بەل باغلىشى كېرەك، دەيدۇ. ئۆتۈپ كەتكەن غەيۋەتكە پۇشايمان قىلىش، تەۋبە قىلىش ئۈچۈن شەرت قىلىنامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە تالاش - تارتىش بار. ئۆلىمالار يەنە: غەيۋەتخور غەيۋىتىنى قىلغان كىشىدىن گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تىلىشى كېرەك دەيدۇ.

باشقا ئۆلىمالار: غەيۋەتخورنىڭ تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن غەيۋىتىنى قىلغان كىشىدىن گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تىلىشى شەرت قىلىنمايدۇ، چۈنكى، ئۇنى ئۇنىڭغا بىلدۈرسە، ئۇ ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلغانلىقىنى بىلمىگەن چاغدىكىدىن بەكرەك ئەزىيەت چېكىشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. ئۇنداقتا ئۇنىڭ تەۋبە قىلىش يولى شۇكى، ئۇ ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان سورۇنلاردا ئۇنى ماختىشى، ئۇنىڭ ھەققىدە قىلىنغان غەيۋەتنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە، رەت قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا غەيۋەت بىلەن ماختاش باراۋەر بولۇپ، ئىلگىرىكى غەيۋەتنىڭ گۇناھىدىن پاكلانغىلى بولىدۇ.

* * * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَـٰكُم مِّن ذَكَرٍ وَأُنثَىٰ وَجَعَلْنَـٰكُمْ شُعُوبًا وَقَبَآئِلَ لِتَعَارَفُوٓا۟ ۚ إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ ٱللَّهِ أَتْقَىٰكُمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ ﴿١٣﴾

***ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت )بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق. ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار اللەنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، اللە ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر***﴿13﴾.

## پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ باللىرى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىنسانلارغا ئۇلارنى بىر ئىنساندىن ياراتقانلىقىنى، شۇ ئىنساندىن ئۇنىڭ جۈپتىنى ياراتقانلىقىنى يەنى ئۇلارنى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋادىن ياراتقانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ.

www.munber.org

الله تائالا ئۇلارنى نۇرغۇن مىللەت، ئۇرۇق، قەبىلە ۋە جەمەت قىلىپ ياراتتى. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئەلەيھىسسالامنىڭ لايدىن يەنى تۇپراقتىن يارىتىلغانلىقىغا نىسبەتەن شان - شەرەپتە باراۋەردۇر. ئۇلار پەقەت دىنىي ئىشلاردا بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، ئۇ بولسىمۇ الله غا ئىتائەت قىلىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا غەيۋەت قىلىشنى، كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىنى كەمسىتىشنى چەكلىگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىنسانلىقتا ھەممىسىنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكى ئەسلىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت ) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق**﴾ يەنى ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇرۇقىغا قايتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزئارا تونۇشۇش ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق. مۇجاھىد غالىب ۋە بۈيۈك الله نىڭ : ﴿**ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن**﴾ دېگەن ئايىتىنى بۇ تونۇشۇش خۇددى پالانى پالانىنىڭ ئوغلىدۇر، پۈستانى قەبىلىدىندۇر دېيىلگەندەك تونۇشىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ تەپسىر قىلدى. سۇفيان سەۋرى مۇنداق دەيدۇ: ھەمىر قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئەرەبلەر ئۆز يۇرتلىرىغا نىسبەت بېرىلەتتى، ھىجاز ئەرەبلىرى بولسا ئۆز قەبىلىلىرىگە نىسبەت بېرىلەتتى.

## ھۆرمەتنىڭ تەقۋالىق بىلەن بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار اللەنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېساپلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)**﴾ يەنى سىلەرنىڭ الله نىڭ دەرگاھىدا بىر بىرىڭلاردىن ئارتۇق بولۇشۇڭلار نەسەب بىلەن ئەمەس، پەقەت تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نۇرغۇن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان.

ئىمام بۇخارى، ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: قايسى ئىنسان ئەڭ ھۆرمەتلىكتۇر؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ: « ئۇلارنىڭ ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرى الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىكتۇر » دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ساھابىلار: سەندىن بۇ ھەقتە سورىمىدۇق، دېدى. ئۇ: « الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى يۈسۈف ئەڭ ھۆرمەتلىك ئىنساندۇر. ئۇ الله نىڭ پەيغەمبىرى ياقۇبنىڭ ئوغلى، ياقۇب الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىسھاقنىڭ ئوغلىدۇر، ئىسھاق الله نىڭ دوستى ئىبراھىمنىڭ ئوغلىدۇر » دەيدۇ. ئۇلار يەنە: سەندىن بۇ ھەقتە سورىمىدۇق، دېدى. ئۇ: « ئۇنداقتا سىلەر مەندىن ئەرەبلەرنىڭ ياخشىلىرى توغرىسىدا سوراۋاتامسىلەر؟ » دەيدۇ. ئۇلار: ھەئە، دەيدۇ. ئۇ: « سىلەردىن جاھىلىيەت دەۋرىدە ياخشى بولغانلار، ئەگەر ئۇلار دىندا ئالىم بولسا، ئىسلامدىمۇ ياخشىلاردۇر » دەيدۇ.

ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« الله تائالا ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشلىرىڭلار ۋە مال - مۈلكۈڭلارغا قارىمايدۇ، ئۇ پەقەت سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارغا ۋە ئەمەللىرىڭلارغا قارايدۇ ».

ئىبنى ئەبۇ ھاتەم، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىدۇ: مەككە پەتھى بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەسۋا ئىسىملىك تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ، رۈكنىلارغا قولىدىكى ئەگمەچ ھاسىسىنى تەككۈزدى. ئۇ مەسچىتتە تۆگىسىنى چۆكتۈرىدىغان جاي تاپالماي ئادەملەرنىڭ قوللىرىغا دەسسەپ تۇرۇپ تۆگىدىن چۈشتى. ئۇ تۆگىنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ، سۇ ئېقىنى ئىچىدە چۆكتۈردى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ

www.munber.org

ئادەملەرگە خۇتبە سۆزلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن اللە تائالاغا لايىق رەۋىشتە ھەمدۇسانا ئوقۇدى، ئاندىن مۇنداق دېدى: «ئى ئىنسانلار! شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللە تائالا ئىچىڭلاردىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىبىرلىكنى، ئاتا ـ بوۋىلار بىلەن پەخىرلىنىشنى يوقاتتى. ئىنسانلار ئىككىگە بۆلۈنىدۇ: بىرى ياخشى، تەقۋادار، اللە نىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك ئادەمدۇر، يەنە بىرى ئەسكى، بەتبەخت، اللە تائالانىڭ نەزىرىدە ئەڭ پەسكەش ئادەمدۇر. غالىب ۋە بۈيۈك اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت )بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار اللەنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېساپلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، اللە ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر**﴾ مەن سۆزۈمنى مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگىتىمەن، اللە تائالادىن ئۆزەمگە سىلەرگە ۋە مەغپىرەت تىلەيمەن».

﴿**اللە ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر**﴾ يەنى اللە تائالا سىلەرنىڭ ھەممە ئەھۋاللىڭلارنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممە ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر، ئۇ خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ. خالىغان كىشىنى گۇمراھ قىلىدۇ. خالىغان كىشىگە رەھمەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىنى ئازابلايدۇ. خالىغان كىشىنى خالىغان كىشىدىن پەزىلىدە ئارتۇق قىلىدۇ. اللە ھەممىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر ۋە ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

نىكاھتا باراۋەرلىك[1] شەرت قىلىنمايدۇ دېگەن دېگەن قاراشتىكى ئۆلىمالار بۇ ئايىتى كەرىمنى ۋە بۇ ھەدىس شېرىپلەرنى دەلىل قىلىدۇ. ئۇلار: اللە تائالانىڭ ﴿**ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار اللەنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېساپلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)**﴾ دېگەن ئايىتى بولغانلىقى ئۈچۈن نىكاھتا دىندىن باشقىسى شەرت قىلىنمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

* * * * * * *

۞ قَالَتِ ٱلۡأَعۡرَابُ ءَامَنَّاۖ قُل لَّمۡ تُؤۡمِنُواْ وَلَٰكِن قُولُوٓاْ أَسۡلَمۡنَا وَلَمَّا يَدۡخُلِ ٱلۡإِيمَٰنُ فِي
قُلُوبِكُمۡۖ وَإِن تُطِيعُواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ لَا يَلِتۡكُم مِّنۡ أَعۡمَٰلِكُمۡ شَيۡـًٔاۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٌ ﴿١٤﴾ إِنَّمَا
ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ ثُمَّ لَمۡ يَرۡتَابُواْ وَجَٰهَدُواْ بِأَمۡوَٰلِهِمۡ وَأَنفُسِهِمۡ فِي سَبِيلِ
ٱللَّهِۚ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلصَّٰدِقُونَ ﴿١٥﴾ قُلۡ أَتُعَلِّمُونَ ٱللَّهَ بِدِينِكُمۡ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا
فِي ٱلۡأَرۡضِۚ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٞ ﴿١٦﴾ يَمُنُّونَ عَلَيۡكَ أَنۡ أَسۡلَمُواْۖ قُل لَّا تَمُنُّواْ عَلَيَّ إِسۡلَٰمَكُمۖ بَلِ
ٱللَّهُ يَمُنُّ عَلَيۡكُمۡ أَنۡ هَدَىٰكُمۡ لِلۡإِيمَٰنِ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿١٧﴾ إِنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ غَيۡبَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ
وَٱللَّهُ بَصِيرُۢ بِمَا تَعۡمَلُونَ ﴿١٨﴾

[1] بۇنىڭدىن قىز ـ ئوغۇلنىڭ ياش قۇرام، مال ـ مۈلۈك، نەسەب ۋە باشقا جەھەتتىن باراۋەر بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

www.munber.org

*ئەئرابىلار: «ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(تېخى) ئىمان ئېيتمىدىڭلار ۋە لېكىن سىلەر بويسۇندۇق دەڭلار، ئىمان تېخى دىلىڭلارغا كىرمىدى، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن(مۆمىنلەرگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر*[14]. *شۈبھىسىزكى، (ھەقىقي) مۆمىنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىمانىدا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر»*[15]. *(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «(ئاللاھقا دىنىڭلارنى (يەنى دىنىڭلارنى دىلىڭلارنىڭ تەستىق قىلغانلىقىنى) خەۋەر قىلامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئاللاھ ئاسمانلاردىكىنى ۋە زېمىندىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر»*[16]. *ئۇلار ساڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىنى مىننەت قىلىدۇ، (ئۇلارغا) «سىلەر ماڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىڭلارنى مىننەت قىلماڭلار، بەلكى ئاللاھ سىلەرنى ئىمانغا ھىدايەت قىلغانلىقىنى مىننەت قىلىدۇ، ئەگەر سىلەر راست (مۆمىن) بولساڭلار» دېگىن*[17]. *ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر*[18].

## مۆمىن بىلەن مۇسۇلماننىڭ ئارىسىدىكى پەرق توغرىسىدا

ﷲ تائالا ئەمدىلا ئىسلامغا كىرگەن ئەئرابىلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئىمان دەرىجىسىنى دەۋا قىلغانلىقىنى ئەيىبلەپ ۋە تېخى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ئىماننىڭ ئورنىمىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەئرابىلار: «ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(تېخى) ئىمان ئېيتمىدىڭلار ۋە لېكىن سىلەر بويسۇندۇق دەڭلار، ئىمان تېخى دىلىڭلارغا كىرمىدى**﴾ بۇ ئايەت كەرىمدىن ئىماننىڭ ئىسلامغا قارىغاندا خاسراق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ، سۈننى ئەقىدىسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇتقان يولىدۇر. بۇنىڭغا يەنە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى دەلىل بولالايدۇ. ئۇ دەسلەپتە ئىسلامنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئاندىن ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئاندىن ئېھساننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سوراپ ئاممىبابلىقتىن خاسلىققا، خاسلىقتىن تېخىمۇ خاسراققا تەرەققىي قىلغان ئىدى.

ئىمام ئەھمەد، سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن ئادەمگە خەزىنىدىن بىر نەرسىلەرنى تارقىتىپ بەردى، ئەمما بىر بولسا ھېچ نەرسە بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! پالانى، پالانى قاتارلىق كىشىلەرگە بەردىڭ، ئەمما پالانىغا ھېچ نەرسە بەرمىدىڭ، ۋاھالەنكى ئۇ مۆمىندۇر، دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەلكى مۇسۇلماندۇر» دېدى. سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ سۆزنى تا ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا ھەر قېتىمدا «بەلكى مۇسۇلماندۇر» دەۋەردى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «مەن خالىغان ئادەملەرگە نەرسە بېرىمەن، ئۇلاردىن ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان كىشىنى قالدۇرۇپ قويىمەن، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ دوزاختا دۈم چۈشۈپ كېتىشىدىن قورققانلىقىم ئۈچۈن، ھېچ نەرسە بەرمەيمەن» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن مۆمىن بىلەن مۇسۇلماننىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈردۇ. بۇ ئىماننىڭ ئىسلامغا قارىغاندا خاسراق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ پاكىتلار بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئەنە شۇ ئەئرابىلارنىڭ مۇناپىق ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭ پەقەت مۇسۇلمان بولغانلىقىنى، ئىماننىڭ ئۇلارنىڭ دىللىرىغا مۇستەھكەم ئورنىمىغانلىقىنى، ئۇلار بولسا

www.munber.org

ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى يەتكەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىنى دەۋا قىلغانلىقىنى، شۇ سەۋەپتىن ئۇلارغا بۇ ھەقتە ئەدەب ئۆگىتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يۇقىرىدىكى سۆزلەر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئىبراھىم نەخەئى ۋە قەتادە قاتارلىقلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ خۇلاسە مەنىسىدۇر. ئىبنى جەرىرمۇ بۇ قاراشقا قوشۇلغان. ئەنە شۇ ئەئرابىلارغا پەقەت ئەدەب بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن: ﴿**ئېيتقىنكى، «(تېخى) ئىمان ئېيتمىدىڭلار ۋە لېكىن سىلەر بويسۇندۇق دەڭلار، ئىمان تېخى دىلىڭلارغا كىرمىدى»**﴾ دېيىلدى، يەنى سىلەر تېخى ئىماننىڭ ھەقىقىتىگە يېتىپ بارمىدىڭلار.

﴿**ئەگەر سىلەر اللهغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلساڭلار، الله سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ**﴾ يەنى سىلەرنىڭ ئەجرىڭلاردىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى قىلچىمۇ كېمەيتىۋەتمەيمىز﴾[1].

﴿**الله ھەقىقەتەن**﴾ الله غا تەۋبە قىلغان ۋە الله غا قايتقان كىشىلەرگە ﴿**ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر. شۈبھىسىزكى، (ھەقىقي) مۆمىنلەر اللهغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىماندا) شەك كەلتۈرمىگەن**﴾ ۋە قىلچە تەۋرەنمىگەن، بەلكى الله غا ئىشىنىشتىن ئىبارەت بىر ھالەتتە مۇستەھكەم تۇرغان. ﴿**ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن اللهنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر**﴾ يەنى ئۇلار ئىتائەت قىلىش، الله نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش يولىدا جانلىرىنى ۋە ئەڭ ئېسىل ماللىرىنى سەرپ قىلغانلاردۇر. ﴿**ئەنە شۇلار**﴾ ئەگەر ئۆزلىرىنى مۆمىنلەر دېسە، ئۇلار دىللىرىدىكى ﴿**ئىمان دەۋاسىدا راستچىللاردۇر**﴾ ئۇلار پەقەت ئىمانى بولمىغان، بىراق ئېغىزلىرىدا ئاشكارا ئىمان دەۋاسىنى قىلغان بەزى ئەئرابىلارغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ.

﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «اللهغا دىنىڭلارنى (يەنى دىنىڭلارنى دىلىڭلارنىڭ تەستىق قىلغانلىقىنى) خەۋەر قىلامسىلەر؟ ھالبۇكى، الله ئاسمانلاردىكىنى ۋە زېمىندىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ، الله ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر»**﴾ يەنى الله تائالاغا ئاسمان - زېمىندىكى چوڭ - كىچىك نەرسىلەردىن زەررىچىلىك نەرسىمۇ مەخپىي قالمايدۇ.

﴿**ئۇلار ساڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىنى مىننەت قىلىدۇ، (ئۇلارغا) «سىلەر ماڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىڭلارنى مىننەت قىلماڭلار»**﴾ دېگىن. يەنى ئەئرابىلار ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم قىلغانلىقىنى مىننەت قىلىدۇ. الله تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئۇلارغا) «سىلەر ماڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىڭلارنى مىننەت قىلماڭلار»**﴾ دېگىن. مۇسۇلمان بولغانلىقىڭلارنىڭ پايدىسى چوقۇم ئۆزەڭلارغا قايتىدۇ، بۇنىڭدا سىلەرگە قارىتا مىننەت قىلىش الله غا خاستۇر.

﴿**بەلكى الله سىلەرنى ئىمانغا ھىدايەت قىلغانلىقىنى مىننەت قىلىدۇ، ئەگەر سىلەر راست (مۆمىن) بولساڭلار» دېگىن**﴾ مىننەت ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇنەيىن ئۇرۇشى بولغان كۈنى ئەنسارىلارغا مۇنداق دېگەن: «ئى ئەنسارىلار جامائەسى! مەن سىلەرنى گۇمراھلىق ھالىتىڭلاردا ئۇچراتقان ئىدىم، الله سىلەرنى مەن ئارقىلىق ھىدايەت قىلمىدىمۇ؟ سىلەر چېچىلاڭغۇ ئىدىڭلار، الله تائالا سىلەرنى مەن ئارقىلىق بىرلەشتۈرمىدىمۇ؟ سىلەر يوقسۇل ئىدىڭلار، الله سىلەرنى مەن ئارقىلىق باي قىلمىدىمۇ؟» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر بىر سۆزنى قىلغاندا ئۇلار: الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مىننەت قىلىشقا ئەڭ لايىقتۇر، دېيىشتى.

[1] سۈرە تۇر 21 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ھاپىز ئەبۇ بەكرى بەززار، ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەنى ئەسەد قەبىلىسىدىكىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بىز مۇسۇلمان بولدۇق، ئەرەبلەر سەن بىلەن ئۇرۇشتى، بىز بولساق سەن بىلەن ئۇرۇشمىدۇق، دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ دىنى چۈشەنچىسى ئاز بولۇپ، شەيتان ئۇلارنىڭ تىللىرى بىلەن سۆزلەۋاتىدۇ» دېگەن ۋە بۇ ئايەت نازىل بولغان: ﴿**ئۇلار ساڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىنى مىننەت قىلىدۇ، (ئۇلارغا) «سىلەر ماڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىڭلارنى مىننەت قىلماڭلار، بەلكى اللە سىلەرنى ئىمانغا ھىدايەت قىلغانلىقىنى مىننەت قىلىدۇ، ئەگەر سىلەر راست (مۆمىن) بولساڭلار» دېگىن**﴾.

اللہ تائالا بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزىنىڭ تولۇق بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممە ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى تەكرار خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اللە ھەقىقەتەن ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلىپ تۇرىدۇ، اللە سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر**﴾

شۇنىڭ بىلەن سۈرە ھۇجۇراتنىڭ تەپسىرى تۈگىدى

جىمى ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە اللہ تائالاغا خاستۇر، تەۋپىق ۋە خاتالىقتىن ساقلاش اللہ تائالا تەرىپىدىنلا بولىدۇ.

www.munber.org

مەدىنىدە نازىل بولغان — سۈرە قاف — 45 ئايەت

## مۇفەسسەل بۆلۈمنىڭ باشلىنىشى توغرىسىدا

توغرا رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا بۇ سۈرە مۇفەسسەل[1] بۆلۈمنىڭ بېشىدۇر. بۇ بۆلۈمنىڭ بېشى سۈرە ھۇجۇرات دېگەنلەرمۇ بولغان. ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ: بۇ بۆلۈمنىڭ بېشى سۈرە نەبەدۇر دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ سۆزنىڭ قىلچە ئاساسى يوق. بىز بىلىدىغان ئېتىبارلىق ئۆلىمالار (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) دىن ھېچ بىرى بۇ سۆزنى قىلمىغان. ئۇنداقتا بۇ بۆلۈمدىن ئىلگىرىكى بۆلۈملەر تەشكىل قىلغان 48 سۈرىنى ساناپ چىقساق، سۈرە قافنىڭ دەل بۇ بۆلۈمنىڭ بېشى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلىشىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: 1 ـ بۆلۈم ئۈچ سۈرىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇلار: بەقەرە، ئال ئىمران ۋە نىسا سۈرىلىدۇر. 2 ـ بۆلۈم 5 سۈرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار: مائىدە، ئەنئام، ئەئراف، ئەنفال ۋە تەۋبە سۈرىلىدۇر. 3 ـ بۆلۈم 7 سۈرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار: يۇنۇس، ھۇد، يۇسۇف، رەئد، ئىبراھىم، ھىجر ۋە نەھل سۈرىلىدۇر. 4 ـ بۆلۈم 9 سۈرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار: ئىسرا ، كەھف، مەريەم، تاھا، ئەنبىيا، ھەج، مۆئمىنۇن، نۇر ۋە فۇرقان سۈلىرىدۇر. 5 ـ بۆلۈم 11 سۈرىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇلار: شۇئەرا، نەمل، قەسەس، ئەنكەبۇت، رۇم، لوقمان، سەجدە، ئەھزاب، سەبەئ، فاتىر، ۋە ياسىن سۈرىلىرىدۇر. 6 ـ بۆلۈم 13 سۈرىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇلار: سافقات، ساد، زۇمەر، غافىر، فۇسسىلەت، شۇرا، زوخرۇف، دۇخان، جاسىيە، ئەھقاف، مۇھەممەد، فەتھى ۋە ھۇجۇرات سۈرىلىرىدۇر. ئاندىن كېيىن 7 ـ بۆلۈم مۇفەسسەل بۆلۈمى كېلىدۇ. ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار شۇنداق ئېيتقان. بۇنىڭدىن شۇ مۇئەييەنلەشتىكى بۇ بۆلۈمنىڭ بېشى سۈرە قافتۇر. بۇنىڭغا بىزمۇ شۇنداق دەپ قارايمىز. بارلىق ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە الله تائالاغا خاستۇر.

## سۈرە قافنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد، ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ ئەبۇ ۋاقىد لەيسىدىن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېيت نامىزىدا قايسى سۈرىنى ئوقۇيتتى؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ: سۈرە قاف بىلەن سۈرە قەمەرنى ئوقۇيتتى، دەپ جاۋاپ بەرگەن. بۇنى ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد، ھارىسنىڭ قىزى ئۇممۇ ھىشامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىككى يىل ياكى بىر يېرىم يىل خوشنا بولۇپ ئولتۇرغان ئىدۇق. مەن سۈرە قافنى پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپ يادلىۋالدىم. ئۇ بۇ سۈرىنى ھەر جۈمە كۈنى كىشىلەرگە خۇتبە ئوقۇغاندا مۇنبەر ئۈستىدە ئوقۇيتتى. ئۇنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەبۇ

[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان سۈرىلىرىنى مۇئەييەن بۆلۈملەرگە بۆلۈپ ئوقۇغانلىقى ئىمام ئەبۇ داۋۇدنىڭ 1393 ـ نومۇرلۇق ھەدىسىدە رىۋايەت قىلىنغان . مۇفەسسەل بۆلۈمى بولسا ئەڭ ئاخىرقى بۆلۈمدۇر.

www.munber.org

داۋۇد، ھارىس ئىبنى نوئمانىنىڭ قىزىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن سۈرە قافنى پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپ يادلىۋالغانىدىم. ئۇ ئۇنى ھەر جۈمە كۈنى خۇتبىدە ئوقۇيتتى. بىزنىڭ ئۆيىمىز بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيى تام ـ خوشنا ئىدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ۋە نەسائىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلغان.

مەقسەت، بۇ سۈرە مەخلۇقاتلارنىڭ دەسلەپتە يارىتىلىشى، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ئۆلۈكلەرنى قەبرىلەردىن تۇرغۇزۇش، قىيامەت، ھېساب مەيدانىدا تۇرۇش، ھېساب بېرىش، جەننەت، دوزاخ، ساۋاپ، ئازاب، ياخشىلىققا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە يامانلىقتىن قورقۇتۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ھېيت ۋە جامائەت سورۇنلىرىغا ئوخشاش چوڭ ـ چوڭ يىغىلىشلاردا ئوقۇيتتى. يۈكسەك مەقسەتنى اللە تائالا بىلگۈچىدۇر.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

قٓۚ وَٱلۡقُرۡءَانِ ٱلۡمَجِيدِ ﴿١﴾ بَلۡ عَجِبُوٓاْ أَن جَآءَهُم مُّنذِرٞ مِّنۡهُمۡ فَقَالَ ٱلۡكَٰفِرُونَ هَٰذَا شَيۡءٌ
عَجِيبٌ ﴿٢﴾ أَءِذَا مِتۡنَا وَكُنَّا تُرَابٗاۖ ذَٰلِكَ رَجۡعُۢ بَعِيدٞ ﴿٣﴾ قَدۡ عَلِمۡنَا مَا تَنقُصُ ٱلۡأَرۡضُ مِنۡهُمۡۖ وَعِندَنَا
كِتَٰبٌ حَفِيظُۢ ﴿٤﴾ بَلۡ كَذَّبُواْ بِٱلۡحَقِّ لَمَّا جَآءَهُمۡ فَهُمۡ فِيٓ أَمۡرٖ مَّرِيجٍ ﴿٥﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***قاف. شەرەپلىك قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمەن***﴿1﴾***. بەلكى ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئۆز ئىچىدىن ئۇلارغا بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەنلىكىدىن ئەجەبلەندى، كاپىرلار ئېيتتى: «بۇ قىزىق ئىشتۇر***﴿2﴾***. بىز ئۆلۈپ توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن (تىرىلىپ ئىلگىرىكى ھالىتىمىزگە قايتامدۇق)، بۇنداق قايتىش (ئەقىلدىن) يىراقتۇر»***﴿3﴾***. ئۇلارنى زېمىننىڭ كېمەيتكىنىدىن (يەنى ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى يەر يەپ كەتكىنىدىن) بىز ھەقىقەتەن خەۋەردارمىز، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب (يەنى لەۋھۇلمەھپۇز) بار***﴿4﴾***. بەلكى ئۇلار بولسا ئۆزلىرىگە نازىل قىلىنغان ھەقىقەتنى ( يەنى قۇرئاننى) ئىنكار قىلدى، ئۇلار قالايمىقان ھالەتتىدۇر***﴿5﴾.

"قاف" سۈرىلەرنىڭ بېشىدا كېلىپ ئۆزۈپ ئوقۇلىدىغان مەزكۇر ئېلىپبە ھەرپلىرىنىڭ بىرىدۇر. بىز بۇ ھەقتە سۈرە بەقەرەنىڭ بېشىدا توختالدۇق، شۇڭا بۇ يەردە قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرمايمىز.

## كۇففارلارنىڭ پەيغەمبەرلىكتىن ۋە قىيامەتنىڭ بولۇشىدىن ھەيران بولۇشى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا

﴿**قاف. شەرەپلىك قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمەن**﴾ يەنى ئەڭ ئېسىل، ئەڭ كاتتا بولغان قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمەن. ﴿ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق اللە تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾[1] بۇ ئايەتتىكى قەسەم، پەيغەمبەرلىكنى، قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشىنى ئىسپاتلاش ۋە ئۇنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈرۈش قاتارلىقلارنى تەكىتلەيدۇ.

---

[1] سۈرە فۇسسىلەت 42 ـ ئايەت.

www.munber.org

﴿**قاف. شەرەپلىك قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمەن. بەلكى ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئۆز ئىچىدىن ئۇلارغا بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەنلىكىدىن ئەجەبلەندى، كاپىرلار ئېيتتى: «بۇ قىزىق ئىشتۇر**﴾ يەنى مۇشرىكلار ئۆزلىرىگە ئىنسان تىپىدىن پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەنلىكىدىن ھەيران بولدى. بۇ ھەقتە اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىنسانلارنىڭ بىرىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا): ئىنسانلار (يەنى كاپىرلار) نى (اللہ نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغىن، مۆمىنلەرگە پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن، دەپ ۋەھىي قىلغانلىقىمىزدىن ئۇلار ئەجەبلىنەمدۇ؟﴾[1] يەنى بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى اللہ تائالا پەرىشتىلەردىنمۇ، ئىنسانلاردىنمۇ ئەلچىلەرنى تاللايدۇ.

اللہ تائالا ئۇلارنىڭ قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشىدىن ھەيران بولغانلىقىنى ۋە قىيامەتنىڭ يۈز بېرىشىنى يىراق سانىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىز ئۆلۈپ توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن (تىرىلىپ ئىلگىرىكى ھالىتىمىزگە قايتامدۇق)، بۇنداق قايتىش (ئەقىلدىن) يىراقتۇر**﴾ يەنى ئۇلار: بىز ئۆلۈپ چىرىپ كەتسەك، ئۇگە - ئۇگىلىرىمىز تىتىلىپ پارچە - پارچە بولۇپ توپىغا ئايلىنىپ كەتسە، شۇ ھالىمىزدىن كېيىن تىرىلىپ بۇنداق قەددى - قامەتلىك، پوختا قۇرۇلما شەكلىگە ئىگە بولغان ئىنسانلىق ھالىمىزغا قايتىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ ﴿**بۇنداق قايتىش (ئەقىلدىن) يىراقتۇر**﴾ يەنى ئۇنىڭ يۈز بېرىشى ئەقىلدىن تولىمۇ يىراقتۇر، دەيدۇ. يەنى ئۇلار قايتا تىرىلىشنى ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ، ئۇنى مۇمكىن بولمايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. اللہ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارنى زېمىنىنىڭ كېمەيتكىنىدىن (يەنى ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى يەر يەپ كەتكىنىدىن) بىز ھەقىقەتەن خەۋەردارمىز**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ تەنلىرىنى زېمىنىنىڭ چىرىتىپ يەپ كەتكەنلىكىنى بىز بىلىمىز، بىزگە تەنلەرنىڭ پارچە - پارچە تىتىلىپ قەيەرگە چېچىلغانلىقى ۋە قەيەرگە كەتكەنلىكى مەخپىي قالمايدۇ.

﴿**بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب (يەنى لەۋھۇلمەھپۇز) بار**﴾ يەنى بۇ كىتاب ھەممە نەرسىنى ساقلايدۇ. بىز ھەممىنى ئوبدان بىلىمىز، كىتابتىمۇ ھەممە نەرسە تەپسىلى يېزىلغان. ئەۋفى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ اللہ تائالانىڭ ﴿**ئۇلارنى زېمىنىنىڭ كېمەيتكىنىدىن (يەنى ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى يەر يەپ كەتكىنىدىن) بىز ھەقىقەتەن خەۋەردارمىز**﴾ دېگەن ئايىتىنى زېمىنىنىڭ ئۇلارنىڭ گۆشلىرىنى، تېرىلىرىنى، سۆڭەكلىرىنى ۋە چاچلىرىنى يەپ كەتكەنلىكىنى بىلىمىز، دەپ تەپسىر قىلدى. مۇجاھىد، قەتادە، زەھھاك ۋە باشقىلارمۇ بۇ ئايەتنى شۇنداق تەپسىر قىلغان. اللہ تائالا ئۇلارنىڭ كۇفرىلىق قىلىپ ھەق بىلەن قارشىلاشقانلىقى ۋە ئانچە يىراق بولمىغان قايتا تىرىلىشنى يىراق سانىغانلىقى قاتارلىق گۇناھلىرىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بەلكى ئۇلار بولسا ئۆزلىرىگە نازىل قىلىنغان ھەقىقەتنى (يەنى قۇرئاننى) ئىنكار قىلدى، ئۇلار قالايمىقان ھالەتتىدۇر**﴾ يەنى مانا بۇ، ھەقىقەتتىن يىراقلاپ كەتكەن ھەر قانداق كىشىنىڭ ھالىدۇر. مۇنداق كىشىنىڭ سۆزى خىلمۇ خىل، ئىككىلەنگەن، قايمۇققان ۋە ھەقنى ئىنكار قىلغان ھالەتتە بولىدۇ، بۇ ھالەتتىن كېيىن مەيلى ئۇ نېمىلا دېمىسۇن، ئۇنىڭ سۆزى باتىلدۇر. بۇ ھەقتە اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(پەيغەمبەر ھەققىدە) سىلەرنىڭ سۆزۈڭلار ھەقىقەتەن خىلمۇ خىلدۇر. (اللہتائالانىڭ ئىلمىي ئەزەلىسىدە ھىدايەتتىن) بۇرۇۋېتىلگەن ئادەم (قۇرئانغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن) بۇرۇۋېتىلىدۇ﴾[2]

* * * * * * *

---

[1] سۈرە يۇنۇس 2 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە زارىيات 8 - 9 - ئايەتلەر.

www.munber.org

أَفَلَمْ يَنظُرُوٓا۟ إِلَى ٱلسَّمَآءِ فَوْقَهُمْ كَيْفَ بَنَيْنَـٰهَا وَزَيَّنَّـٰهَا وَمَا لَهَا مِن فُرُوجٍ ﴿٦﴾ وَٱلْأَرْضَ
مَدَدْنَـٰهَا وَأَلْقَيْنَا فِيهَا رَوَٰسِىَ وَأَنۢبَتْنَا فِيهَا مِن كُلِّ زَوْجٍۭ بَهِيجٍ ﴿٧﴾ تَبْصِرَةً وَذِكْرَىٰ لِكُلِّ عَبْدٍ مُّنِيبٍ
﴿٨﴾ وَنَزَّلْنَا مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً مُّبَـٰرَكًا فَأَنۢبَتْنَا بِهِۦ جَنَّـٰتٍ وَحَبَّ ٱلْحَصِيدِ ﴿٩﴾ وَٱلنَّخْلَ بَاسِقَـٰتٍ لَّهَا
طَلْعٌ نَّضِيدٌ ﴿١٠﴾ رِّزْقًا لِّلْعِبَادِ ۖ وَأَحْيَيْنَا بِهِۦ بَلْدَةً مَّيْتًا ۚ كَذَٰلِكَ ٱلْخُرُوجُ ﴿١١﴾

***ئۇلار ئاسماننى قانداق (تۈۋرۈكسىز) بەرپا قىلغانلىقىمىزغا، ئۇنى (يۇلتۇزلار بىلەن) بېزىگەنلىكىمىزگە، ئۇنىڭدا ھېچقانداق يوچۇق يوقلۇقىغا قارىمامدۇ؟*** ﴿6﴾. ***يەر يۈزىنى (توغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا سوزۇپ) كەڭ ياراتتۇق، يەر يۈزىدە (ئۇنىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى قىلدۇق ۋە ئۇنىڭدا تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق*** ﴿7﴾. ***اللهغا قايتقۇچى ھەر بىر بەندىگە (اللهنىڭ قۇدرىتىنى) كۆرسىتىش ئۈچۈن ۋە (اللهنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى) ئەسلىتىش ئۈچۈن (شۇنداق قىلدۇق)*** ﴿8﴾. ***كۆكتىن (بۇلۇتتىن) مۇبارەك سۇنى چۈشۈردۇق، ئۇنىڭ بىلەن باغلارنى ۋە ئاشلىقلارنى، ئېگىز ئۆسكەن، مېۋىلىرى سانجاق - سانجاق بولۇپ كەتكەن خورمىلارنى ئۆستۈردۇق*** ﴿9﴾. ***(ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى) بەندىلەرنىڭ رىزقى ئۈچۈن (ئۆستۈردۇق)، ئۇ سۇ بىلەن ئۆلۈك (يەنى قاقاس) زېمىننى تىرىلدۈردۇق، ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر*** ﴿10- 11﴾.

## الله تائالانىڭ قىيامەتتىمۇ چوڭ نەرسىنى يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكىنىڭ بايانى توغرىسىدا

الله تائالا بەندىلىرىگە، ئۇلار يۈز بېرىشىنى يىراق ساناپ ئەجەپلەنگەن نەرسىدىن يەنى قىيامەتنىمۇ كاتتا نەرسىنى يارىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۈيۈك قۇدرىتىنى نامايەن قىلغانلىقىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار ئاسماننى قانداق (تۈۋرۈكسىز) بەرپا قىلغانلىقىمىزغا، ئۇنى (يۇلتۇزلار بىلەن) بېزىگەنلىكىمىزگە، ئۇنىڭدا ھېچقانداق يوچۇق يوقلۇقىغا قارىمامدۇ؟**﴾ بۇ ھەقتە بۈيۈك ۋە يۈكسەك الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿الله يەتتە ئاسماننى بىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىپ ياراتتى، مېھرىبان اللهنىڭ يارىتىشىدا ھېچ نۇقسانىنى كۆرمەيسەن، سەن (ئاسمانلارغا) تەكرار قاراپ باققىنكى، بىرەر يوچۇقنى كۆرەمسەن. ئاندىن سەن يەنە ئىككى قېتىم قارىغىن. كۆزۈڭ (ئاسمانلاردا بىرەر نۇقسانىنى تېپىشتىن) ئۈمىد ئۈزگەن ۋە تالغان ھالدا قايتىدۇ﴾[1]

﴿**يەر يۈزىنى (توغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا سوزۇپ) كەڭ ياراتتۇق، يەر يۈزىدە**﴾ يەرنىڭ ئۈستىدىكى جانلىقلار بىلەن تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ﴿**تاغلارنى قىلدۇق ۋە ئۇنىڭدا تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق**﴾ يەنى ھەممە تۈردىكى زىرائەتلەرنى، مېۋىلەرنى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى كۆركەم ۋە جۈپ - جۈپ قىلىپ ئۆستۈردۇق. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنىڭ ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ھەر بىر نەرسىنى جۈپ ياراتتۇق﴾[2]

﴿**اللهغا قايتقۇچى ھەر بىر بەندىگە (اللهنىڭ قۇدرىتىنى) كۆرسىتىش ئۈچۈن ۋە (اللهنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى) ئەسلىتىش ئۈچۈن (شۇنداق قىلدۇق)**﴾ يەنى غالىب ۋە بۈيۈك اللهغا بويسۇنغۇچى، الله تائالادىن قورقۇپ تىترىگۈچى ۋە الله تائالا تەرەپكە ناھايىتى بەك قايتقۇچى ھەر بىر بەندىگە، كۆرۈنۈپ

---

(1) سۈرە مۇلك 3 — 4 - ئايەتلەر.
(2) سۈرە زارىيات 49 - ئايەت.

www.munber.org

تۇرغان ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلاردىكى بۈيۈك مۆجىزىلەرنى اللہ تائالانىڭ ياراتقانلىقىنى كۆرستىش، اللہ تائالانىڭ بۈيۈك قۇدرىتىنى ئىسپاتلاش ۋە اللہ نىڭ ئۇلۇغلىقىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن ياراتتۇق.

﴿كۆكتىن (بۇلۇتتىن) مۇبارەك سۇنى﴾ يەنى پايدىلىق سۇنى ﴿چۈشۈردۇق، ئۇنىڭ بىلەن باغلارنى ۋە ئاشلىقلارنى﴾ يەنى دانلىق مەھسۇلات چىقىدىغان ۋە ساقلىغىلى بولىدىغان دانلىق زىرائەتلەرنى ﴿ئېگىز ئۆسكەن، مېۋىلىرى سانجاق - سانجاق بولۇپ كەتكەن خورمىلارنى ئۆستۈردۇق. (ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى) بەندىلەرنىڭ رىزقى ئۈچۈن﴾ يەنى مەخلۇقاتلارنىڭ رىزقى ئۈچۈن ﴿(ئۆستۈردۇق)، ئۇ سۇ بىلەن ئۆلۈك (يەنى قاقاس) زېمىننى تىرىلدۈردۇق﴾ زېمىنغا سۇ چۈشكەندىن كېيىن ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپىشىدۇ، چىرايلىقلىقىدىن كۆزنى قاماشتۇرىدىغان تۈرلۈك گۈل - چېچەكلەرنى ۋە چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ. مانا بۇ ھالەتلەر زېمىن گىياسىز، قاقاس چۆلگە ئايلانغاندىن كېيىن بارلىققا كېلىدۇ. كېيىن ئۇ جانلىنىپ يېشىللىققا پۈركىنىدۇ. مانا بۇ ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنىڭ مىسالىدۇر. اللہ تائالا شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدۇ. اللہ تائالانىڭ بۈيۈك قۇدرىتىنى كۆرستىدىغان ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە باشقا نەرسىلەرنى يارىتىش، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈشتىن ئىبارەت كاپىرلار ئىنكار قىلغان نەرسىنى يارىتىشتىن كۆپ قىيىندۇر.

بۇ ھەقتە غالىب ۋە بۈيۈك اللہ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىش ئەلۋەتتە ئىنسانلارنى يارىتىشتىن كۆپ قىيىندۇر﴾[1] ﴿ئۇلار (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى كۇففارلار) بىلمەمدۇكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان ۋە ئۇلارنى يارىتىشتا چارچاپ قالمىغان اللہ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ دۇرۇس، ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[2] ﴿(بۇمۇ) اللەنىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرستىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇركى، سەن زېمىننى قاقاس كۆرىسەن، ئۇنىڭغا يامغۇر ياغدۇرغان ۋاقتىمىزدا، زېمىن كۆتۈرۈلىدۇ ۋە كۆپىشىدۇ، شۈبھىسىزكى، زېمىننى تىرىلدۈرگەن زات ئۆلۈكلەرنى ئەلۋەتتە تىرىلدۈرگۈچىدۇر، ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[3].

* * * * * * *

كَذَّبَتۡ قَبۡلَهُمۡ قَوۡمُ نُوحٖ وَأَصۡحَٰبُ ٱلرَّسِّ وَثَمُودُ ﴿١٢﴾ وَعَادٞ وَفِرۡعَوۡنُ وَإِخۡوَٰنُ لُوطٖ ﴿١٣﴾
وَأَصۡحَٰبُ ٱلۡأَيۡكَةِ وَقَوۡمُ تُبَّعٖۚ كُلّٞ كَذَّبَ ٱلرُّسُلَ فَحَقَّ وَعِيدِ ﴿١٤﴾ أَفَعَيِينَا بِٱلۡخَلۡقِ ٱلۡأَوَّلِۚ بَلۡ هُمۡ فِي
لَبۡسٖ مِّنۡ خَلۡقٖ جَدِيدٖ ﴿١٥﴾

*ئۇلاردىن ئىلگىرى (پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغانلار نۇھنىڭ قەۋمى رەس ئاھالىسى، سەمۇد (قەۋمى)، ئاد (قەۋمى)، پىرئەۋن، لۇتنىڭ قېرىنداشلىرى، ئەيكە ئاھالىسى (يەنى شۇئەيب قەۋمى) تۇببە قەۋمى ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئازابىم (ئۇلارغا) تېگىشلىك بولدى﴿12-14﴾. (ئىنسانلارنى) دەسلەپتە يارىتىشتىن ئاجىز كەلدۇقمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (بىز بۇنىڭدا ئاجىزلىق قىلمىغاچقا، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشتىمۇ ئاجىزلىق قىلمايمىز) ئۇلار يېڭىدىن يارىتىلىشقا (يەنى قىيامەتتە تىرىلدۈرۈشكە) قارىتا گۇماندىدۇر﴿15﴾.*

[1] سۈرە غافىر 57 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەھقاف 33 - ئايەت.
[3] سۈرە فۇسسىلەت 39 - ئايەت.

www.munber.org

## ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ھالاك بولغانلىقىدىن قۇرەيشلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتلەردە قۇرەيش كاپىرلىرىنى ئىلگىرى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشتا قىلمىشلىرى قۇرەيش كاپىرلىرىغا ئوخشاپ كەتكەن كاپىرلارغا اللە نىڭ دۇنيادىلا قاتتىق ئازاب چۈشۈرگەنلىكىنى بايان قىلىپ قورقۇتىدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بۇنىڭ مىسالىدۇر. اللە تائالا ئۇلارنى يەر يۈزىدىكى پۈتكۈل مەخلۇقاتلار بىلەن قوشۇپ سۇغا غەرق قىلىش جازاسى بىلەن جازالىدى. اللە تائالا يەنە رەس ئاھالىسىنى ھالاك قىلدى. رەس ئاھالىسىنىڭ قىسسىسى سۈرە فۇرقاندا بايان قىلىنغان.

﴿**ئۇلاردىن ئىلگىرى (پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغانلار نۇھنىڭ قەۋمى رەس ئاھالىسى، سەمۇد (قەۋمى)، ئاد (قەۋمى)، پىرئەۋن، لۇتنىڭ قېرىنداشلىرى، ئەيكە ئاھالىسى (يەنى شۇئەيب قەۋمى) تۇببە قەۋمى ئىدى**﴾ لۇتنىڭ قېرىنداشلىرى لۇتنىڭ ئۈممىتى بولۇپ، اللە تائالا ئۇنى ئۇلارغا سەدۇم ئەھلىدىن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. ئۇلار لۇتقا قارىتا ئەشەددىي، قەبىھ مۇئامىلىدە بولغان، شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا ئۇلارنى يەرگە يۇتكۈزىۋەتكەن، ئۇلارنىڭ كۆفرى، ھەددىدىن ئاشقانلىقى ۋە ھەققە قارشىلىق قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلار ياشاپ ئۆتكەن يەر - زېمىننى پاسكىنا سېسىق كۆلگە ئايلاندۇرىۋەتكەن. ئەيكە ئاھالىسى بولسا شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى، تۇببە قەۋمى بولسا يەمەنلىكلەردۇر، ئۇلار توغرۇلۇق سۈرە دۇخاندا توختالغان ئىدۇق، بۇ يەردە قايتا تەكرارلاش ھاجەتسىز.

﴿**ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلدى**﴾ يەنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈممەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلدى. كىمكى بىر پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىدىكەن، گويا ئۇ ھەممە پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ. بۇ ھەقتە بۈيۈك ۋە يۈكسەك اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿نۇھنىڭ قەۋمى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى﴾[1] نۇھنىڭ قەۋمىگە ھەقىقەتەن بىر پەيغەمبەر كەلدى، ئەگەر ئۇلارغا ئوخشاش دەۋەت بىلەن بارلىق پەيغەمبەرلەر كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان بولاتتى.

﴿**شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئازابىم (ئۇلارغا) تېگىشلىك بولدى**﴾ يەنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلارغا اللە تائالانىڭ ئۇلارنى قورقاتقان ئازاب - ئۇقۇبىتى تېگىشلىك بولدى. قۇرەيش كاپىرلىرى ئۇلارغا يەتكەن ئازابنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ يېتىپ قېلىشىدىن ھەزەر قىلىشى كېرەك. چۈنكى ئۇلارمۇ ھالاك بولغانلارغا ئوخشاشلا ئۆز پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىشماقتا.

## قايتا يارىتىشنىڭ ئاسان ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿**(ئىنسانلارنى) دەسلەپتە يارىتىشتىن ئاجىز كەلدۇقمۇ؟**﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنى قايتا يارىتىشىمىزدىن گۇمان قىلغىدەك ئۇلارنى دەسلەپتە يارىتىش بىزگە ئېغىر كەلگەنمۇ؟ ﴿**ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس ( بىز بۇنىڭدا ئاجىزلىق قىلمىغاچقا، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشتىمۇ ئاجىزلىق قىلمايمىز) ئۇلار يېڭىدىن يارىتىلىشقا (يەنى قىيامەتتە تىرىلدۈرۈشكە) قارىتا گۇماندىدۇر**﴾ يەنى ئىنساننى دەسلەپتە يارىتىش بىزگە ئېغىر كەلمىدى، ئۇنى قايتا يارىتىش ئۇنى دەسلەپتە ياراتقانغا قارىغاندا تولىمۇ قولايدۇر. بۇ ھەقتە غالىب ۋە بۈيۈك اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بار قىلىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان اللە ئەنە شۇدۇر، ئۇ (يەنى مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈش)

[1] سۈرە شۇئەرا 105. ئايەت.

www.munber.org

الله غا (ئۇنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا) ئوڭايدۇر﴾[1] ﴿ئۇ بىزگە (ئىنساننىڭ قايتا تىرىلىشىنى يىراق ساناپ، چىرىگەن سۆڭەكلەرنى) مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى بولسا ئۇنتۇدى، ئۇ: «چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟» دېدى. ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەر بىر مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر﴾[2] ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:«الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئادەم ئەۋلادى ماڭا ئازار بېرىدۇ، ئۇ: الله مېنى دەسلەپتە ياراتقاندەك ھەرگىز قايتا يارىتالمايدۇ، دەيدۇ. مەخلۇقاتنى دەسلەپتە يارىتىش ماڭا ئۇنى قايتا يارىتىشقا قارىغاندا ئاسان ئەمەس»

* * * * * * *

وَلَقَدْ خَلَقْنَا ٱلْإِنسَٰنَ وَنَعْلَمُ مَا تُوَسْوِسُ بِهِۦ نَفْسُهُۥ ۖ وَنَحْنُ أَقْرَبُ إِلَيْهِ مِنْ حَبْلِ ٱلْوَرِيدِ
﴿١٦﴾ إِذْ يَتَلَقَّى ٱلْمُتَلَقِّيَانِ عَنِ ٱلْيَمِينِ وَعَنِ ٱلشِّمَالِ قَعِيدٌ ﴿١٧﴾ مَّا يَلْفِظُ مِن قَوْلٍ إِلَّا لَدَيْهِ رَقِيبٌ
عَتِيدٌ ﴿١٨﴾ وَجَآءَتْ سَكْرَةُ ٱلْمَوْتِ بِٱلْحَقِّ ۖ ذَٰلِكَ مَا كُنتَ مِنْهُ تَحِيدُ ﴿١٩﴾ وَنُفِخَ فِى ٱلصُّورِ ۚ ذَٰلِكَ
يَوْمُ ٱلْوَعِيدِ ﴿٢٠﴾ وَجَآءَتْ كُلُّ نَفْسٍ مَّعَهَا سَآئِقٌ وَشَهِيدٌ ﴿٢١﴾ لَّقَدْ كُنتَ فِى غَفْلَةٍ مِّنْ هَٰذَا فَكَشَفْنَا
عَنكَ غِطَآءَكَ فَبَصَرُكَ ٱلْيَوْمَ حَدِيدٌ ﴿٢٢﴾

*بىز ھەقىقەتەن ئىنساننى ياراتتۇق، بىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەننى بىلىمىز، بىز ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز﴿16﴾. ئىنساننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ۋە سول تەرىپىدە ئولتۇرۇپ خاتىرىلەيدىغان ئىككى پەرىشتە بار، (ئىنساننىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى خاتىرىلىنىۋاتقان) ۋاقىتتا، ئۇ قانداق بىر سۆزنى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان پەرىشتە ھازىر بولۇپ، كۆزىتىپ تۇرىدۇ﴿17-18﴾. ئۆلۈمنىڭ سەكراتى ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى (يەنى ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغۇچى ئاخىرەتنىڭ دەھشىتىنى ئېنىق كۆرىدۇ)، سەن ئۇنىڭدىن (يەنى ئۆلۈمدىن) قاچاتتىڭ﴿19﴾. سۇر چېلىنىدۇ، ئەنە شۇ(كۇففارلارغا) ئازاب ۋەدە قىلىنغان كۈندۇر﴿20﴾. ھەر ئىنسان (مەھشەرگاھقا) كېلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن (ئۇنى مەھشەرگاھقا) ھەيدىگۈچى ۋە (ئۇنىڭ ئەمەلىگە گۇۋاھ بولغۇچى (ئىككى پەرىشتە) بىللە كېلىدۇ﴿21﴾. ئۇنىڭغا: «ئى ئىنسان! (دۇنيادىكى چېغىڭدا) بۇ (ئېغىر كۈن)دىن غەپلەتتە ئىدىڭ، ئەمدى پەردەڭنى سەندىن كۆتۈرىۋەتتۇق، بۈگۈن كۆزۈڭ ئۆتكۈردۇر» دېيىلىدۇ﴿22﴾.*

## ئىنساندىكى پۈتۈن ئىشلارنى الله تائالانىڭ بىلىپ تۇرىدىغانلىقى ۋە كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئىنساننى يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ جىمى ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، تاكى الله تائالا ئادەم باللىرىنىڭ

[1] سۈرە رۇم 27 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ياسىن 78 — 79 - ئايەتلەر.

www.munber.org

كۆڭۈللىرىدىكى ۋەسۋەسىلەردىن تارتىپ ياخشىلىق ياكى يامانلىق بولسۇن، ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شۈبھىسىزكى، اللە تائالا مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە كەچكەن يامان ئىشلارنى، ئۇلار ئۇنى سۆزلىمىگەن ياكى ئەمەلىيەتتە قىلمىغان بولسىلا، كەچۈرىدۇ»

﴿**بىز ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز**﴾ يەنى اللە تائالانىڭ پەرىشتىلىرى ئىنسانغا ئۆزىنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىندۇر. كىمكى بۇ ئايەتتىكى يېقىنچىلىقنى اللە تائالانىڭ بىلىپ تۇرىشى دەپ چۈشەندۈرسە، ئۇ چوقۇم اللە تائالانىڭ ئىنساننىڭ قېشىغا چۈشۈشى ياكى ئۇنىڭ روھى بىلەن بىرلىشىشى لازىم بولۇپ قېلىشىدىن قېچىپ شۇنداق قىلغان بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئىككى سۈپەت پۈتۈن ئۆلىمالارنىڭ ئىجماسى بىلەن اللە نىڭ سۈپەتلىرىگە تۈپتىن زىتتۇر. اللە تائالا بۇنداق نۇقسانلاردىن ئۈستۈندۇر ۋە پاكتۇر. لېكىن ئايەتنىڭ مەنىسى ئۇ مەزمۇننى ئىپادىلىمەيدۇ، چۈنكى اللە تائالا بۇ ئايەتتە: مەن ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمەن، دېمىدى. بەلكى ئۇ ﴿**بىز ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز**﴾ دېدى. اللە تائالا ئىنساننىڭ سەكراتتىكى ھالىتى توغرىسىدىمۇ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىز ئۇنىڭغا سىلەردىن يېقىنمىز، لېكىن سىلەر (ئۇنى) كۆرمەيسىلەر (يەنى بىلمەيسىلەر)**﴾[1] يەنى اللە تائالانىڭ جان ئالغۇچى پەرىشتىلىرى يېقىندۇر. اللە تائالا كۆپلۈكنى بىلدۈرىدىغان ئالماشنى ئىشلىتىپ يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿**قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز**﴾[2] اللە تائالانىڭ ئىزنى بىلەن قۇرئاننى پەرىشتىلەر ئېلىپ چۈشتى، شۇنىڭغا ئوخشاشلا پەرىشتىلەر اللە تائالانىڭ قادىر قىلىشى بىلەن، ئىنسانغا ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىندۇر. شەيتان ئىنسانغا يېقىنلىشالىغىنىدەك پەرىشتىمۇ ئىنسانغا يېقىنلىشالايدۇ. شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ قان تومۇرىدا چېپىپ يۈرۈيدۇ، دەپ خەۋەر قىلغىنىدەك، بۇ يەردە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئىنساننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ۋە سول تەرىپىدە ئولتۇرۇپ خاتىرىلەيدىغان**﴾ يەنى ئىنساننىڭ ئەمەلىنى كۆزىتىپ يازىدىغان ﴿**ئىككى پەرىشتە بار. (ئىنساننىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى خاتىرىلىنىۋاتقان) ۋاقىتتا، ئۇ قانداق بىر سۆزنى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان پەرىشتە ھازىر بولۇپ، كۆزىتىپ تۇرىدۇ**﴾ يەنى پەرىشتە ئۇنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھەر بىر سۆز ـ ھەرىكىتىنى قالدۇرماستىن يېزىشقا تەييار تۇرىدۇ.

بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ھالبۇكى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر بار. ئۇلار (اللەنىڭ دەرگاھىدا) ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بولۇپ، (سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلارنى ۋە ئەمەللىرىڭلار)نى يېزىپ تۇرىدۇ. ئۇلار قىلمىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ**﴾[3] شۇنداق قىلىپ پەرىشتە ھەر قانداق سۆزنى ۋە ھەرىكەتنى يېزىپ تۇرىدۇ. بۇ ئايەتنى ھەسەن ۋە قەتادە يۇقىرىقىدەك تەپسىر قىلغان. ئۇ، بۇ ئايەتنىڭ ئاشكارا مەنىسىدۇر.

ئىمام ئەھمەد، بىلال ئىبنى ھارىس مۇزەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىرەر ئادەم اللە تائالا رازى بولىدىغان بىرەر ئېغىز سۆزنى قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم سۆزىنىڭ قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئويلا - ئويلىماستىن، غالىب ۋە بۈيۈك اللە ئۇنىڭغا ئۇ سۆزنىڭ ساۋابى ئۈچۈن، ئۇ اللە تائالاغا مۇلاقات بولىدىغان كۈنگە قەدەر

[1] سۈرە ۋاقىئە 85 - ئايەت.
[2] سۈرە ھىجر 9 - ئايەت.
[3] سۈرە ئىنفىتار 10 — 12 - ئايەتكىچە.

www.munber.org

ئۇنىڭدىن رازى بولىدىغانلىقىنى يازىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، بىرەر ئادەم ئاللاھ تائالا غەزەپلىنىدىغان بىرەر ئېغىز سۆزنى قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم سۆزىنىڭ قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئويلا - ئويلىماستىن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئۇ سۆزنىڭ جازاسى ئۈچۈن، ئۇ ئاللاھ تائالاغا مۇلاقات بولغان كۈنگە قەدەر، ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىدىغانلىقىنى يازىدۇ» ئەلقەمە: بىلال ئىبنى ھارىسنىڭ بۇ ھەدىسى مېنى قانچىلىغان سۆزنى قىلىشتىن مەنئى قىلدى - ھە! دەيدۇ. بۇنى ئىمام تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

## ئۆلۈمنى سۈرنىڭ چېلىنىدىغانلىقىنى ۋە مەھشەرگاھقا ھەيدىلىنىدىغانلىقىنى ئەسلىتىش توغرىسىدا

**﴿ئۆلۈمنىڭ سەكراتى ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى (يەنى ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغۇچى ئاخىرەتنىڭ دەھشىتىنى ئېنىق كۆردۇ) سەن ئۇنىڭدىن (يەنى ئۆلۈمدىن) قاچاتتىڭ﴾** ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئىنسان! ئۆلۈمنىڭ سەكراتى ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى، يەنى سەن شەكلىنىدىغان ھەقىقي ئۆلۈم ساقا ئاشكارا قول ئۇزارتىپ كەلدى، **﴿سەن ئۇنىڭدىن (يەنى ئۆلۈمدىن) قاچاتتىڭ﴾** يەنى مانا بۇ ئۆلۈم سەن قاچقان نەرسىدۇر، ئۇ ساڭا يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭدىن ھېچبىر قېچىپ قۇتۇلۇش ۋە خالاس بولۇش يوقتۇر.

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلىدۇكى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەكراتقا چۈشۈپ قالغان چاغدا يۈزىدىكى تەرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ: «ئاللاھ تائالانى پاك دەپ بىلىمەن، ئۆلۈمنىڭ ھەقىقەتەن سەكراتى بار ئىكەن» دېگەن. ئاللاھ تائالانىڭ : **﴿سەن ئۇنىڭدىن (يەنى ئۆلۈمدىن) قاچاتتىڭ﴾** دېگەن ئايىتى ئىككى خىل تەپسىر قىلىنغان: ئۇنىڭ بىرى: سەن قۇتۇلۇشقا تىرىشقان ۋە قاچقان ئۆلۈم ساڭا راستىنلا يېتىپ كېلىپ بوسۇغاڭغا چۈشتى، دېگەندىن ئىبارەت. يەنە بىرى: سەن قېچىشقا ۋە قۇتۇلۇشقا قادىر بولالمىغان ئۆلۈم ئەنە شۇدۇر.

ئىمام تەبەرانى سەمۇرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:«ئۆلۈمدىن قاچقان كىشى تۈلكىگە ئوخشايدۇ، تۈلكە زېمىنغا قەرزدار بولۇپ قالغان بولۇپ، زېمىن ئۇنىڭدىن قەرزىنى تەلەپ قىلىدۇ. تۈلكە بولسا قەرزدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سوكۇلداپ يۈگرەيدۇ. ئۇ چارچاپ، ئۈيقۇسىراپ، ھالى قالمىغاندا ئۇۋىسىغا كىرسە، زېمىن ئۇنىڭغا: ئى تۈلكە! قەرزىمنى بەرگىن، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇۋىسىدىن يەنە سوكۇلداپ چىقىدۇ، ئۇ شۇ ھالەتتە يۈرۈپ ئاخىرى بوينى ئۈزۈلۈپ ئۆلۈپ تۈگەيدۇ» بۇ مىسالنىڭ مەزمۇنى شۇكى، خۇددى ئۇ تۈلكە زېمىندىن ھېچ قېچىپ ئاجرىيالمىغىنىدەك، ئىنسانمۇ ئۆلۈمدىن ھېچ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

**﴿سۈر چېلىنىدۇ، ئەنە شۇ(كۇففارلارغا) ئازاب ۋەدە قىلىنغان كۈندۇر﴾** يوقىرىدا سۈرنىڭ چېلىنىشى، ئۇ چاغدىكى دەھشەت، ھەممە جانلىقنىڭ ئۆلۈشى ۋە قايتا تىرىلىشى توغرىسىدا سۆزلەندى، ئەنە شۇ قىيامەت كۈنىدۇر. ئىمام تىرمىزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:«مۈڭگۈز ئىگىسى (يەنى ئىسرافىل) مۈڭگۈزنى (يەنى سۈر چالىدىغان مۈڭگۈزنى) ئاغزىغا سالغان، بېشىنى ئەگكەن ۋە (سۈر چېلىشقا) ئاللاھ نىڭ ئىزنىنى كۈتۈپ تۇرغان ھالەتتە تۇرسا، مەن قانداقمۇ نازۇ - نېمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرەلەيمەن؟ ». بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار: ئى ئاللاھ نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنداقتا بىز نېمە دەيمىز؟ دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :«بىزگە ئاللاھ تائالا كۇپايە قىلغۇچىدۇر، ئاللاھ تائالا نېمىدېگەن ياخشى ھامى؟! دەڭلار» دېگەن. ئۇلار: بىزگە ئاللاھ تائالا كۇپايە قىلغۇچىدۇر، ئاللاھ تائالا نېمىدېگەن ياخشى ھامى؟! دېگەن.

www.munber.org

﴿**ھەر ئىنسان (مەھشەرگاھقا) كېلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن (ئۇنى مەھشەرگاھقا) ھەيدىگۈچى ۋە (ئۇنىڭ ئەمەلىگە) گۇۋاھ بولغۇچى (ئىككى پەرىشتە) بىللە كېلىدۇ**﴾ يەنى بىر پەرىشتە ئۇنى مەھشەرگاھقا ھەيدەيدۇ، يەنە بىرى ئۇنىڭ ياخشى يامان ئەمەللىرىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. مانا بۇ، بۇ ئايەتنىڭ ئاشكارا مەنىسىدۇر. بۇنىڭغا ئىبنى جەرىرمۇ قوشۇلغان.

سەقفىنىڭ قۇلى يەھيا ئىبنى رافىئى ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خۇتبىدە: ﴿**ھەر ئىنسان (مەھشەرگاھقا) كېلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن (ئۇنى مەھشەرگاھقا) ھەيدىگۈچى ۋە (ئۇنىڭ ئەمەلىگە) گۇۋاھ بولغۇچى (ئىككى پەرىشتە) بىللە كېلىدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بولۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر پەرىشتە ئۇنى اللہ تائالا تەرەپكە ھەيدەيدۇ، يەنە بىرى ئۇنىڭ قىلمىشلىرىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

﴿**ئۇنىڭغا: «ئى ئىنسان! (دۇنيادىكى چېغىڭدا) بۇ (ئېغىر كۈن) دىن غەپلەتتە ئىدىڭ، ئەمدى پەردەڭنى سەندىن كۆتۈرىۋەتتۇق، بۈگۈن كۆزۈڭ ئۆتكۈردۇر» دېيىلىدۇ**﴾ چۈنكى قىيامەت كۈنى ھەممە ئادەم توغرا يولنى كۆرىدىغان بولۇپ كېتىدۇ، ھەتتا دۇنيادا كاپىر بولغانلارمۇ قىيامەت كۈنى توغرا يولدا بولىدۇ، لېكىن بۇ چاغدىكى توغرا يولدا بولۇش ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ. بۇ ھەقتە اللہ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا كەلگەن كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) قۇلاقلىرى تازا ئاڭلايدىغان، كۆزلىرى تازا كۆرىدىغان بولىدۇ﴾[1] ﴿ئەگەر سەن گۇناھكارلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدىغان بولساڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالەتنى كۆرگەن بولاتتىڭ)، ئۇلار ئېيتىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! (ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى) كۆردۇق، ئاڭلىدۇق. بىزنى ياخشى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن (دۇنياغا) قايتۇرغىن، بىز (ئەمدى) ھەقىقەتەن (سېنىڭ ۋەدەڭنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە) ئىشەنگۈچىلەرمىز»﴾[2].

* * * * * * *

وَقَالَ قَرِينُهُۥ هَـٰذَا مَا لَدَىَّ عَتِيدٌ ﴿٢٣﴾ أَلْقِيَا فِى جَهَنَّمَ كُلَّ كَفَّارٍ عَنِيدٍ ﴿٢٤﴾ مَّنَّاعٍ لِّلْخَيْرِ
مُعْتَدٍ مُّرِيبٍ ﴿٢٥﴾ ٱلَّذِى جَعَلَ مَعَ ٱللَّهِ إِلَـٰهًا ءَاخَرَ فَأَلْقِيَاهُ فِى ٱلْعَذَابِ ٱلشَّدِيدِ ﴿٢٦﴾ ۞ قَالَ قَرِينُهُۥ
رَبَّنَا مَآ أَطْغَيْتُهُۥ وَلَـٰكِن كَانَ فِى ضَلَـٰلٍۭ بَعِيدٍ ﴿٢٧﴾ قَالَ لَا تَخْتَصِمُوا۟ لَدَىَّ وَقَدْ قَدَّمْتُ إِلَيْكُم
بِٱلْوَعِيدِ ﴿٢٨﴾ مَا يُبَدَّلُ ٱلْقَوْلُ لَدَىَّ وَمَآ أَنَا۠ بِظَلَّـٰمٍ لِّلْعَبِيدِ ﴿٢٩﴾

***ئۇنىڭغا مۇئەككەل پەرىشتە: «مانا بۇ (نامە ـ ئەمال) ئالدىمدا تەييياردۇر» دەيدۇ***﴿23﴾. (اللەتائالا ئىككى پەرىشتىگە خىتاب قىلىپ) «ھەققە قارشى ياخشىلىقتىن توسقۇچى، ھەددىدىن ئاشقۇچى، (دىنغا) شەك كەلتۈرگۈچى، اللەغا باشقا مەبۇدنى شېرىك قىلغۇچى ھەر بىر كاپىرنى دوزاخقا تاشلاڭلار، ئۇنى قاتتىق ئازابقا تاشلاڭلار» (دەيدۇ)﴿24 - 26﴾. *ئۇنىڭ ھەمراھى (بولغان شەيتان): «پەرۋەردىگارىمىز! مەن ئۇنى ئازدۇرمىدىم، لېكىن (ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن) چوڭقۇر گۇمراھلىقتا بولدى» دەيدۇ*﴿27﴾. *اللە: «مېنىڭ ئالدىمدا مۇنازىرىلەشمەڭلار (بۇ يەردە مۇنازىرە پايدا بەرمەيدۇ)، سىلەرنى مەن ئالدىنئالا*

[1] سۈرە مەريەم 38 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە سەجدە 12 - ئايەت.

www.munber.org

***(ئازابىمدىن) ئاگاھلاندۇرغان ئىدىم، مېنىڭ سۆزۈم ئۆزگەرمەيدۇ، مەن بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەسمەن» دەيدۇ*** ﴿28 ـ 29﴾.

## پەرىشتىلەرنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى ۋە ﷲ تائالانىڭ كاپىرنى جەھەننەمگە تاشلاشقا بۇيرۇق بېرىشى توغرىسىدا

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە ئادەم ئەۋلادىنىڭ ئەمەلىگە مۇئەككەل پەرىشتىنىڭ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ قىلمىشلىرىغا گۇۋاھلىق بېرىپ مۇنداق دەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ: ﴿**مانا بۇ (نامە ـ ئەمال) ئالدىمدا تەيياردۇر**﴾ يەنى ھېچ نەرسە قوشۇلۇپ قويۇلماستىن ۋە كېمەيتىلمەستىن تەييارلاپ ھازىرلانغاندۇر.

شۇ چاغدا ﷲ تائالا ئىنسانلارغا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ ئاندىن مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئاللەتائالا ئىككى پەرىشتىگە خىتاب قىلىپ) «ھەققە قارشى ياخشىلىقتىن توسقۇچى، ھەددىدىن ئاشقۇچى، (دىنغا) شەك كەلتۈرگۈچى، ئاللەغا باشقا مەبۇدنى شېرىك قىلغۇچى ھەر بىر كاپىرنى دوزاخقا تاشلاڭلار**﴾ بۇ ئايەتنىڭ ئاشكارا مەنىسىگە ئاساسلانغاندا، خىتاب ئۇنى ھەيدەپ كەلگۈچى ۋە ئۇنىڭ قىلمىشلىرىغا گۇۋاھلىق بەرگۈچى ئىككى پەرىشتىگە قىلىنغاندۇر، چۈنكى ئۇلارنىڭ بىرى ئۇنى ھېساب مەيدانىغا ھەيدەپ كېلىدۇ، گۇۋاھچى پەرىشتە ئۇنىڭ قىلمىشىغا گۇۋاھلىق بېرىپ بولغان چاغدا، ﷲ تائالا ئۇ ئىككى پەرىشتىگە ئۇنى جەھەننەم ئوتىغا تاشلاشقا بۇيرۇق بېرىدۇ. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! ئۇ كاپىر تولىمۇ كۇپۇرلۇق قىلدى، ھەقنى ئىنكار قىلدى، ھەققە قارشى چىقتى، ھەقنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ باتىل بىلەن ئۇنىڭغا قارشى تۇردى.

﴿**ياخشىلىقتىن توسقۇچى**﴾ يەنى ئۇ ئۆز ئۈستىدىكى ياخشىلىق قىلىش، سىلە ـ رەھىم قىلىش ۋە زاكات بېرىش قاتارلىق ھەقلەرنى ئادا قىلمىدى، ﴿**ھەددىدىن ئاشقۇچى**﴾ يەنى ئۇ ئورۇنسىز ۋە يامان يوللارغا پۇل سەرپ قىلىشتا چەك ـ چېگرىدىن ئۆتۈپ، ھەددىدىن تولىمۇ ئاشتى. قەتادە بۇ ئايەتنى: ئۇ سۆزىدە، مېڭىش تۇرۇشىدا ۋە باشقا ئىشلىرىدا ھەددىدىن ئاشتى، دەپ تەپسىر قىلغان.

﴿**شەك قىلغۇچى**﴾ يەنى ئۇ ئۆز ئىشىدا شەك قىلدى ۋە ئۆز ئىشىغا نەزەر سالغان كىشىگە گۇماندا بولدى. ﴿**ئاللەغا باشقا مەبۇدنى شېرىك قىلغۇچى**﴾ يەنى ئۇ ﷲ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ باشقا مەبۇدلارغا چوقۇندى. ﴿**ئۇنى قاتتىق ئازابقا تاشلاڭلار»**﴾.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« دوزاختىن بىر باش چىقىپ: بۈگۈن مەن مۇنداق ئۈچ كىشىگە باش بولدۇم، يەنى ھەر بىر ھەققە قارشى چىققۇچى زالىمغا، ﷲ تائالاغا باشقا مەبۇدنى شېرىك قىلغۇچىغا ۋە ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگۈچىگە باش بولدۇم، دەيدۇ. ئاندىن ئۇباش ئۇلارنى يالماپ يۆگەپ جەھەننەمنىڭ ئەڭ زىچ يېرىگە تاشلايدۇ».

## ئىنسانىنىڭ بىلەن شەيتان ﷲ تائالانىڭ دەرگاھىدا خۇسۇمەت قىلىششى توغرىسىدا

﴿**ئۇنىڭ ھەمراھى (بولغان شەيتان): « پەرۋەردىگارىمىز! مەن ئۇنى ئازدۇرمىدىم**﴾ يەنى قىيامەتكە كاپىر ھالەتتە كەلگەن ئىنساننىڭ ئۇنىڭ شەيتىنى ئۇنىڭدىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ: ﴿**پەرۋەردىگارىمىز! مەن ئۇنى ئازدۇرمىدىم**﴾ يەنى مەن ئۇنى گۇمراھ قىلمىدىم ﴿**لېكىن (ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن) چوڭقۇر گۇمراھلىقتا بولدى »**دەيدۇ﴾ يەنى ئۇ ئۆزلىكىدىن باتىلنى قوبۇل قىلىپ، ھەققە قارشى تۇرۇپ گۇمراھ بولدى. بۇ ھەقتە ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىش پۈتكەندە (يەنى ھېساب تۈگەپ، جەننەتلەر بىلەن

www.munber.org

دوزىخىلار ئايرىلىپ بولغاندا)، شەيتان: «اﷲ ھەقىقەتەن سىلەرگە (ئىتائەت قىلغۇچىنى مۇكاپاتلاش، ئاسىيلىق قىلغۇچىنى جازالاشتىن ئىبارەت) راست ۋەدىنى قىلغان ئىدى، (ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى). مەن سىلەرگە (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ساۋاب، جازا دېگەنلەر يوق، دەپ يالغان ) ۋەدە قىلغان ئىدىم، (ۋەدەمگە) خىلاپلىق قىلدىم، سىلەرگە مېنىڭ (كۇفرىغا، گۇناھقا زورلىغۇدەك) ھۆكۈمرانلىقىم بولغىنى يوق، مەن سىلەرنى پەقەت (گۇمراھلىققىلا) دەۋەت قىلدىم، سىلەر (دەۋىتىمنى ) قوبۇل قىلدىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىمەڭلار، ئۆزەڭلارنى ئەيىبلەڭلار، مەن سىلەرگە ياردەم بېرىپ سىلەرنى قۇتقۇزالمايمەن، سىلەرمۇ ماڭا ياردەم بېرىپ مېنى قۇتقۇزالمايسىلەر، مەن سىلەرنىڭ بۇرۇن مېنى اﷲ غا (ئىبادەتتە) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئېتىراپ قىلمايمەن، شۈبھىسىزكى، زالىملار چوقۇم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» دەيدۇ﴾[1].

﴿اﷲ مېنىڭ ئالدىمدا مۇنازىرىلەشمەڭلار (بۇ يەردە مۇنازىرە پايدا بەرمەيدۇ)﴾ ئىنسان بىلەن ئۇنىڭ جىنلار تىپىدىن بولغان ھەمراھى شەيتان ئىككىسى اﷲ تائالانىڭ ئالدىدا مۇنازىرىلىشىپ، ئىنسان: ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا قۇرئان كەلگەندىن كېيىن بۇ مېنى ئۇنىڭغا ئەگىشىشتىن ئازدۇردى، دېسە. شەيتان قوپۇپ: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! مەن ئۇنى ئازدۇرمىدىم، لېكىن (ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن) چوڭقۇر گۇمراھلىقتا﴾ يەنى ھەق يولدىن ئىنتايىن يىراق ﴿بولدى»﴾ دېگەن چاغدا، غالىب ۋە بۈيۈك پەرۋەردىگارى ئۇ ئىككىسىگە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مېنىڭ ئالدىمدا﴾ يەنى مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا ﴿مۇنازىرىلەشمەڭلار (بۇ يەردە مۇنازىرە پايدا بەرمەيدۇ) سىلەرنى مەن ئالدىنئالا (ئازابىمدىن) ئاگاھلاندۇرغان ئىدىم﴾ يەنى سىلەرنى ئۆزرە ئېيتماسلىقىڭلار ئۈچۈن مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تىللىرى ئارقىلىق سىلەرنى بۇ كۈندىن ئاگاھلاندۇردۇم، كىتابلارنى چۈشۈردۈم، سىلەرگە بۇ ھەقتە دەلىل ـ پاكىتلار، ھۆججەتلەر ۋە ئوچۇق بايانلار كۆرسىتىلدى. ﴿مېنىڭ سۆزۈم ئۆزگەرمەيدۇ﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: يەنى مەن ھۆكۈم قىلىپ بولدۇم، باشقا ھۆكۈم قىلغۇچى ئەمەسمەن دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

﴿مەن بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەسمەن﴾ يەنى مەن بىراۋنى باشقا بىراۋنىڭ گۇناھى بىلەن ئازابلىمايمەن، لېكىن بىراۋنى ئازابلىسام پەقەت ئۇنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىگە دەلىل ـ پاكىت تولۇق كۆرسىتىلگەندىن كېيىن ئاندىن ئازابلايمەن.

* * * * * * *

يَوۡمَ نَقُولُ لِجَهَنَّمَ هَلِ ٱمۡتَلَأۡتِ وَتَقُولُ هَلۡ مِن مَّزِيدٍ ﴿٣٠﴾ وَأُزۡلِفَتِ ٱلۡجَنَّةُ لِلۡمُتَّقِينَ غَيۡرَ بَعِيدٍ
﴿٣١﴾ هَـٰذَا مَا تُوعَدُونَ لِكُلِّ أَوَّابٍ حَفِيظٍ ﴿٣٢﴾ مَّنۡ خَشِيَ ٱلرَّحۡمَـٰنَ بِٱلۡغَيۡبِ وَجَآءَ بِقَلۡبٍ مُّنِيبٍ ﴿٣٣﴾
ٱدۡخُلُوهَا بِسَلَـٰمٍۖ ذَٰلِكَ يَوۡمُ ٱلۡخُلُودِ ﴿٣٤﴾ لَهُم مَّا يَشَآءُونَ فِيهَا وَلَدَيۡنَا مَزِيدٌ ﴿٣٥﴾

*ئۇ كۈندە بىز جەھەننەمگە: «توشتۇڭمۇ؟» دەيمىز، جەھەننەم: «يەنە بارمۇ» دەيدۇ﴿30﴾. جەننەت تەقۋادارلارغا يىراق بولمىغان جايغا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ﴿31﴾. مانا بۇ (نېمەتتىن) سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسىلەر اللەنىڭ (تائىتىگە) قايتقۇچى، (ئەمرىنى) ساقلىغۇچى ھەر بىر (بەندە) ئۈچۈندۇر﴿32﴾. كىمكى مېھرىبان اللەنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قورقسا ۋە تەۋبە قىلغۇچى قەلب بىلەن كەلسە (ئۇلارغا) «*

---

[1] سۈرە ئىبراھىم 22 ـ ئايەت.

www.munber.org

***جەننەتكە ئامانلىق بىلەن كىرىڭلار، بۇ مەڭگۈ قېلىش كۈنىدۇر» (دېيىلىدۇ)*** ﴿34-33﴾. ***جەننەتتە ئۇلارغا خالىغان نەرسىلەر بار ۋە بىزنىڭ ھوزۇرىمىزدا (ئۇلارغا) زىيادە (نېمەتلەر) بار*** ﴿35﴾.

## دوزاخ بىلەن جەننەتنىڭ ۋە ئىككىسىگە كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە قىيامەت كۈنى دوزاخقا: توشتۇڭمۇ؟ دەيدىغانلىقىدىن خەۋەر قىلىدۇ، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، بۈيۈك الله تائالا دوزاخقا، ئۇنى جىنلار بىلەن ئىنسانلارنىڭ گۇناھكارلىرىنى يىغىپ توشقۇزىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان ئىدى. پاك ۋە يۈكسەك الله تائالا پەرىشتىلەرگە دوزاخقا مەھكۇم بولغانلارنى دوزاخقا تاشلاشقا بۇيرۇق قىلىدۇ، دوزاخ بولسا يەنە بارمۇ؟ ماڭا قوشۇۋېتىلىدىغان نەرسە قالدىمۇ؟ دەيدۇ. مانا بۇ، بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن ئېلىنغان ئاشكارا مەنىدۇر، بۇ مەزمۇنغا دالالەت قىلىدىغان نۇرغۇن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغاندۇر.

ئىمام ئەھمەد، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەھەننەمگە مەھكۇم بولغانلار ئۇنىڭغا داۋاملىق تاشلىنىپ تۇرىدۇ، جەھەننەم بولسا: يەنە بارمۇ؟ دەيدۇ، ئاخىرىدا غالىب پەرۋەردىگار قەدىمىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بۇرجەك بۇرجەكلىرى لىق تولىدۇ، جەھەننەم سېنىڭ ئىززىتىڭ ۋە ھۆرمىتىڭ بىلەن قەسەمكى، بولدى! بولدى توشتۇم! دەيدۇ. جەننەتتە بولسا ھەمىشە ئارتۇق جاي تېپىلىپ تۇرىدۇ، الله ئۇنىڭغا باشقا يېڭى بەندىلەرنى يارىتىپ تۇرىدۇ، ئاندىن الله تائالا ئۇلارنى جەننەتنىڭ ئارتۇق جايلىرىغا جايلاشتۇرىدۇ». بۇنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەھەننەمگە: توشتۇڭمۇ؟ دېيىلىدۇ، جەھەننەم: يەنە بارمۇ؟ دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۈيۈك ۋە يۈكسەك پەرۋەردىگار قەدىمىنى جەھەننەمنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ، ئاندىن جەھەننەم: بولدى! بولدى توشتۇم! دەيدۇ».

ئىمام بۇخارى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:«جەننەت بىلەن دوزاخ مۇنازىرىلىشىدۇ، دوزاخ: مەن مۇتەكەببىرلەر بىلەن زالىملارنى تاشلاشقا تاللاندىم، دەيدۇ. جەننەت: ماڭا نېمىدۇركى، ماڭا پەقەت ئاجىز ۋە تۆۋەن تەبىقىدىكى ئىنسانلار كىرىدۇ، دەيدۇ. غالىب ۋە بۈيۈك الله جەننەتكە: سەن مېنىڭ رەھمىتىم، مەن سەن بىلەن بەندىلىرىمدىن خالىغان كىشىگە مېھىر ـ شەپقەت قىلىمەن، دەيدۇ. دوزاخقا: سەن مېنىڭ ئازابىم، مەن سەن بىلەن بەندىلىرىمدىن خالىغان كىشىنى ئازابلايمەن، ئىككىڭلار لىق تولىسىلەر، دەيدۇ. دوزاخ توشمايدۇ، الله ئۇنىڭغا قەدىمىنى قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ: بولدى! بولدى توشتۇم! دەيدۇ ۋە شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ بۇرجەك ـ بۇرجەكلىرى لىق تولىدۇ. غالىب ۋە بۈيۈك الله بەندىلىرىدىن ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدۇ، جەننەتكە كەلسەك غالىب ۋە بۈيۈك الله جەننەتكە باشقا يېڭى بەندىلىرىنى يارىتىپ تۇرىدۇ».

﴿**جەننەت تەقۋادارلارغا يىراق بولمىغان جايغا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ**﴾ بۇ ئىش قىيامەت كۈنى يۈز بېرىدۇ، قىيامەت يىراق ئەمەس، چۈنكى ئۇ شەكسىز يۈز بېرىدۇ. ﴿**مانا بۇ (نېمەتتىن) سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسىلەر**﴾ گۇناھلاردىن قول ئۈزۈپ، تەۋبە قىلىپ، ﴿**اللەنىڭ (تائەتىگە) قايتقۇچى**﴾ الله غا قىلغان ۋەدىسىنى بۇزماي ۋە ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماي الله نىڭ ﴿**(ئەمرىنى) ساقلىغۇچى ھەر بىر (بەندە) ئۈچۈندۇر. كىمكى مېھرىبان اللەنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قورقسا**﴾ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىر ئادەم يالغۇز ھالدا الله تائالانى ئەسلىسە، الله تائالادىن قورقۇپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكسە» دېگەن

www.munber.org

سۆزىگە ئوخشاش، كىمكى يالغۇز تۇرغان، ئۇنى اللە تائالادىن باشقا ھېچكىم كۆرمەيدىغان پەيتلەردە اللە تائالادىن قورقسا ﴿ۋە تەۋبە قىلغۇچى قەلب بىلەن كەلسە﴾ يەنى قىيامەت كۈنى تەۋبە قىلغۇچى، ساغلام ۋە اللە تائالاغا بويسۇنغۇچى قەلب بىلەن اللە تائالاغا مۇلاقات بولسا، ئۇلارغا ﴿«**جەننەتكە ئامانلىق بىلەن كىرىڭلار** ﴾ دېيىلىدۇ. قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە: ئۇلار غالىب ۋە بۈيۈك اللە تائالانىڭ ئازابىدىن ئامان بولىدۇ ۋە اللە تائالانىڭ پەرىشتىلىرى ئۇلارغا سالام بېرىدۇ، دەيدۇ.

﴿**بۇ مەڭگۈ قېلىش كۈنىدۇر**﴾ يەنى ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، ئۇنىڭدىن ھەرگىز يۆتكەلمەيدۇ ۋە يۆتكىلىشنىمۇ خالىمايدۇ. ﴿**جەننەتتە ئۇلارغا خالىغان نەرسىلەر بار**﴾ يەنى ئۇلار قانچىلىك خالىسا، شۇنچىلىك ئېرىشىدۇ، قايسى تۈردىكى لەززەتلىك نېمەتلەردىن تەلەپ قىلسا، ئۇ ئۇلارغا دەرھال ھازىر قىلىنىدۇ.

﴿**ۋە بىزنىڭ ھوزۇرىمىزدا (ئۇلارغا)**﴾ اللە نىڭ جامالىنى كۆرۈشتىن ئىبارەت ﴿ **زىيادە (نېمەتلەر) بار**﴾ بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە اللە تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ﴾[1].

ئىمام مۇسلىم سۇھەيب ئىبنى سىنان رۇمىينىڭ: ئۇ زىيادە نېمەت ئۇلۇغ اللە نىڭ جامالىنى كۆرۈشتىن ئىبارەتتۇر، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

وَكَمْ أَهْلَكْنَا قَبْلَهُم مِّن قَرْنٍ هُمْ أَشَدُّ مِنْهُم بَطْشًا فَنَقَّبُوا۟ فِى ٱلْبِلَٰدِ هَلْ مِن مَّحِيصٍ ﴿٣٦﴾ إِنَّ
فِى ذَٰلِكَ لَذِكْرَىٰ لِمَن كَانَ لَهُۥ قَلْبٌ أَوْ أَلْقَى ٱلسَّمْعَ وَهُوَ شَهِيدٌ ﴿٣٧﴾ وَلَقَدْ خَلَقْنَا ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا فِى سِتَّةِ أَيَّامٍ وَمَا مَسَّنَا مِن لُّغُوبٍ ﴿٣٨﴾ فَٱصْبِرْ عَلَىٰ مَا يَقُولُونَ وَسَبِّحْ
بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ ٱلشَّمْسِ وَقَبْلَ ٱلْغُرُوبِ ﴿٣٩﴾ وَمِنَ ٱلَّيْلِ فَسَبِّحْهُ وَأَدْبَٰرَ ٱلسُّجُودِ ﴿٤٠﴾

*بىز ئۇلاردىن (يەنى قۇرەيش كۇففارلىرىدىن) ئىلگىرى ئۇلارغا قارىغاندا كۈچلۈك بولغان نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلار (يەنى شۇ ئۈممەتلەر) ھەر قايسى جايلارنى كەزدى، (ئۇلارغا) ئۆلۈمدىن قاچىدىغان جاي تېپىلدىمۇ؟﴿36﴾. بۇنىڭدا (ھەقىقەت ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان) قەلبكە ئىگە ئادەم ياكى (ۋەز ـ نەسىھەتكە) ھوزۇرىي قەلب بىلەن قۇلاق سالىدىغان ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ۋەز ـ نەسىھەت بار﴿37﴾. بىز ھەقىقەتەن ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتتۇق، بىز ھېچقانداق چارچاپ قالغىنىمىز يوق﴿38﴾. (ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ۋە كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن﴿39﴾. كېچىدە ۋە سەجدىدىن كېيىن (يەنى پەرز نامازلارنىڭ ئارقىسىدا) تەسبىھ ئېيتقىن﴿40﴾.*

## كۇففارلارنى ئازاب بىلەن قورقۇتۇش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سەۋر قىلىشقا، ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇتۇش توغرىسىدا

[1] سۈرە يۇنۇس 26 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغان ئەنە شۇ قۇرەيش كۇففارلىرىدىن ئىلگىرى ﴿**بىز ئۇلارغا قارىغاندا كۈچلۈك بولغان نۇرغۇن ئۇممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق**﴾ يەنى ئۇلار قۇرەيش كۇففارلىرىغا قارىغاندا سان جەھەتتىن كۆپ، كۈچ ـ قۇۋۋەت جەھەتتە ئۈستۈن ئىدى. ئۇلار زىرائەت تېرىشتا، ئىمارەت سېلىشتا قۇرەيش كاپىرلىرىدىن ئۈستۈن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا بۇ يەردە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار (يەنى شۇ ئۇممەتلەر) ھەر قايسى جايلارنى كەزدى، (ئۇلارغا) ئۆلۈمدىن**﴾ يەنى الله نىڭ ھۆكمىدىن ۋە ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىدىن ﴿**قاچىدىغان جاي تېپىلدىمۇ؟**﴾ ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار يەر يۈزىدە ئاسارە ـ ئەتىقىلەرنى قالدۇردى. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار رىزىق تېپىش، تىجارەت قىلىش ۋە كەسىپ قىلىش ئۈچۈن سىلەر كەزگەن جايلاردىن كۆپ جايلارنى كەزدى.

﴿**(ئۇلارغا) ئۆلۈمدىن قاچىدىغان جاي تېپىلدىمۇ؟**﴾ يەنى الله تائالانىڭ ئۇلارغا قىلغان ھۆكمىدىن ۋە ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن ئۇلار ئۈچۈن قاچىدىغان پاناھ جاي تېپىلدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ توپلىغان مال ـ دۇنياسى ئۇلارغا مەنپەئەت قىلدىمۇ؟ ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا الله تائالانىڭ ئازابى كەلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ مال ـ دۇنياسى ئازاپنى ئۇلاردىن توسىيالىدىمۇ؟ ئى قۇرەيش كاپىرلىرى! سىلەرگىمۇ الله تائالانىڭ ھۆكمىدىن ۋە ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلىدىغان، پاناھلىنىدىغان، نىجاتلىققا ئېرىشىدىغان ھېچ جاي يوق. ﴿**بۇنىڭدا (ھەقىقەت ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان)**﴾ ئالغاننى ئېسىدە چىڭ تۇتىۋالىدىغان ﴿**قەلبكە ئىگە**﴾ يەنى ئەقىللىق ﴿**ئادەم ياكى (ۋەز ـ نەسىھەتكە) ھوزۇرى قەلب بىلەن قۇلاق سالىدىغان ئادەم ئۈچۈن**﴾ يەنى ۋەز ـ نەسىھەتنى بېرىلىپ تىڭشىغان، ئۇنى ئېسىدە چىڭ تۇتقان، ئەقلىنى ئىشلىتىپ ئۇنى مۇلاھىزە قىلغان ۋە ئۇنى يۈرىكىدىن چۈشەنگەن ئادەم ئۈچۈن ﴿**ئەلۋەتتە ۋەز ـ نەسىھەت بار**﴾.

﴿**بىز ھەقىقەتەن ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتتۇق، بىز ھېچقانداق چارچاپ قالغىنىمىز يوق**﴾ بۇ ئايەت قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى چوقۇملاشتۇرىدۇ، چۈنكى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىشقا قادىر بولغان، ئۇلارنى يارىتىشتا قىلچە چارچاپ قالمىغان الله ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەھۇدىيلار (ئۇلارغا الله تائالانىڭ لەنىتى بولسۇن!) الله تائالا ئاسمانلارنى زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى، ئاندىن يەتتىنچى كۈنى ئارام ئالدى، ئۇ شەنبە كۈنىدۇر دەيدۇ، ئۇلار شەنبە كۈننى دەم ئېلىش كۈنى دەپ ئاتايدۇ. شۇڭا الله تائالا ئۇلارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدە ۋە بايانلىرىدا يالغانچى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى. ﴿**بىز ھېچقانداق چارچاپ قالغىنىمىز يوق**﴾ يەنى ھېچقانداق ھېرىپ ـ چارچاش يوق.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ئۇلار (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى كۇففارلار) بىلمەمدۇكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان ۋە ئۇلارنى يارىتىشتا چارچاپ قالمىغان الله ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ دۇرۇس، ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[1] ﴿ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىش ئەلۋەتتە ئىنسانلارنى يارىتىشتىن كۆپ قىيىندۇر﴾[2] ﴿سىلەرنى يارىتىش مۇشكۈلمۇ؟ ياكى ئاسماننى يارىتىش مۇشكۈلمۇ؟ الله ئاسماننى ياراتتى﴾[3].

---

[1] سۈرە ئەھقاف 33 ـ ئايەت.
[2] سۈرە غافىر 57 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نازىئات 27 ـ ئايەت.

www.munber.org

**﴿(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن﴾** يەنى سېنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، ئۇلارنى چىرايلىقچە تەرك ئەتكىن، **﴿كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ۋە كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن﴾** ئىسرا (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسمانغا چىقىشى) دىن ئىلگىرى پەرز ناماز ئىككى ۋاخ بولۇپ بىر ۋاخ ناماز كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى بامدات ۋاقتىدا، يەنە بىر ۋاخ ناماز كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى دىگەر ۋاقتىدا ئىدى. كېچە نامىزى (يەنى تەھەججۇد ناماز) بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتىگە بىر يىل ۋاجىب بولدى، ئاندىن ئۇ نامازنىڭ ۋاجىبلىقى بۇ ئۈممەتتىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئاندىن كېيىن ئىسرا كېچىسى اللە تائالا بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلىش ئارقىلىق ئۇ نامازلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. لېكىن بەش ۋاخ نامازلاردىن بامدات نامىزى كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، دىگەر نامىزى بولسا كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى ئوقۇلۇشقا پەرز قىلىندى.

ئىمام ئەھمەد، جەرىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق، ئۇ تولۇن ئاي كېچىسى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايغا قاراپ مۇنداق دېدى: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، كەلگۈسىدە سىلەر يەنى (قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئالدىدا تۇرىسىلەر، ئۇنى خۇددى بۇ ئاينى ھېچ توسالغۇسىز كۆرگىنىڭلاردەك كۆرىسىلەر. ئەگەر سىلەر كۈن چىقىشتىن ئىلگىرىكى نامازنى (يەنى بامدات نامىزىنى) ۋە كۈن پېتىشتىن ئىلگىرىكى نامازنى (يەنى دىگەر نامىزىنى) ۋاختىدا ئادا قىلىشقا قادىر بولالىساڭلار، شۇنداق قىلىڭلار (يەنى ئۇ نامازلارنى ئىمكان قەدەر ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇڭلار)». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: **﴿كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ۋە كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن﴾** بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

**﴿كېچىدە ۋە سەجدىدىن كېيىن (يەنى پەرز نامازلارنىڭ ئارقىسىدا) تەسبىھ ئېيتقىن﴾** يەنى كېچىدە پەرۋەردىگارىڭغا ناماز ئوقۇغىن، بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا (ناماز ئوقۇشقا، قۇرئان ئوقۇشقا) ئويغانغىن، (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت ماقامىغا) تۇرغۇزۇشى مۇھەققەقتۇر﴾[1]

**﴿ۋە سەجدىدىن كېيىن (يەنى پەرز نامازلارنىڭ ئارقىسىدا) تەسبىھ ئېيتقىن﴾** ئىبنى ئەبۇ نەجىھ مۇجاھىدتىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە: ئۇ پەرز نامازنىڭ ئارقىسىدىن ئېيتىلىدىغان تەسبىھتۇر، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. بۇنى بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسى تەكىتلەيدۇ: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: يوقسۇل مۇھاجىرلار كېلىپ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! پۇلدارلار ئالى دەرىجىلەرگە، تۈگىمەس نازۇ ـ نېمەتلەرگە ئېرىشىپ كېتىشتى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار قانداق قىلىپ ئۇ نەرسىلەرگە ئېرىشتى؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: پۇلدارلار بىز ناماز ئوقۇغاندەك ناماز ئوقۇيدۇ، بىز روزا تۇتقاندەك روزا تۇتىدۇ، ئۇلار سەدىقە ۋە زاكات بېرىدۇ، بىز بولساق سەدىقە ۋە زاكات بېرەلمەيمىز، ئۇلار قۇل ئازات قىلىدۇ، بىز قۇل ئازات قىلالمايمىز، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرگە بىر نەرسىنى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟ ئەگەر سىلەر ئۇنى قىلساڭلار، باشقا كىشىلەرنىڭ ئالدىغا دەرىجە جەھەتتە ئۆتۈپ

[1] سۈرە ئىسرا 79 ـ ئايەت.

www.munber.org

كېتىسىلەر، پەقەت ئۇنى سىلەر بىلەن ئوخشاش قىلغان كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم سىلەردىن دەرىجە جەھەتتە ئارتۇق بولالمايدۇ. سىلەر ھەر (پەرز) نامازدىن كېيىن 33 قېتىمدىن تەسبىھ ئېيتىڭلار، ھەمدى ئېيتىڭلار ۋە تەكبىر ئېيتىڭلار» دېدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇلار يەنە كېلىپ: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! پۇلدار قېرىنداشلىرىمىز بىز قىلغاننى ئاڭلاپ ئۇلارمۇ شۇنداق قىلىشۋاتىدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەنە شۇ اللہ تائالانىڭ پەزلىدۇر، ئۇنى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ» دېدى. بۇ اللہ تائالانىڭ: ﴿ۋە سەجدىدىن كېيىن (يەنى پەرز نامازلارنىڭ ئارقىسىدا) تەسبىھ ئېيتقىن﴾ دېگەن ئايىتىدە كۆزدە تۇتۇلغان بىرىنچى مەزمۇندۇر. ئىككىنچى مەزمۇن بولسا، شام نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكئەت سۈننەت نامىزىدۇر. بۇ قاراش ئۆمەر، ئەلي، ئۇنىڭ ئوغلى ھەسەن، ئىبنى ئابباس، ئەبۇھۇرەيرە ۋە ئەبۇئۇمامە، رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنغان. مۇجاھىد، ئىكرىمە، شەئبىي، نەخەئىي، ھەسەن، قەتادە ۋە باشقىلارمۇ بۇ قاراشقا قوشۇلغان.

* * * * * * *

وَٱسۡتَمِعۡ يَوۡمَ يُنَادِ ٱلۡمُنَادِ مِن مَّكَانٖ قَرِيبٖ ﴿٤١﴾ يَوۡمَ يَسۡمَعُونَ ٱلصَّيۡحَةَ بِٱلۡحَقِّۚ ذَٰلِكَ يَوۡمُ
ٱلۡخُرُوجِ ﴿٤٢﴾ إِنَّا نَحۡنُ نُحۡيِۦ وَنُمِيتُ وَإِلَيۡنَا ٱلۡمَصِيرُ ﴿٤٣﴾ يَوۡمَ تَشَقَّقُ ٱلۡأَرۡضُ عَنۡهُمۡ سِرَاعٗاۚ ذَٰلِكَ
حَشۡرٌ عَلَيۡنَا يَسِيرٞ ﴿٤٤﴾ نَّحۡنُ أَعۡلَمُ بِمَا يَقُولُونَۖ وَمَآ أَنتَ عَلَيۡهِم بِجَبَّارٖۖ فَذَكِّرۡ بِٱلۡقُرۡءَانِ مَن يَخَافُ
وَعِيدِ ﴿٤٥﴾

*نىدا قىلغۇچى (يەنى ئىسراپىل) يېقىن جايدىن نىدا قىلىدىغان (يەنى ئۇنىڭ ئاۋازى ھەممىگە ئوخشاش يېتىدىغان) كۈندە (نىداغا) قۇلاق سالغىن﴿41﴾. ئۇلار ھەقنى ئېلىپ كېلىدىغان ئاۋازنى (يەنى ئىككىنچى قېتىملىق سۈرنى) ئاڭلىغان كۈن ـ ئەنە شۇ (كۈن قەبرىلەردىن) چىقىش كۈنىدۇر﴿42﴾. بىز ھەقىقەتەن كىشىلەرنى ۋاپات قىلدۇرىمىز ۋە تىرىلدۈرىمىز، ئاخىر بارىدىغان جاي بىزنىڭ دەرگاھىمىزدۇر﴿43﴾. ئۇ كۈندە يەر يېرىلىپ ئۇلار (قەبرىلىرىدىن) تېز چىقىپ كېلىدۇ، ئەنە شۇ يىغىش بىزگە ئاساندۇر﴿44﴾. بىز ئۇلارنىڭ (يەنى قۇرەيش كۇففارلىرىنىڭ) ئېيتىدىغان سۆزلىرىنى ئوبدان بىلىمىز، سەن ئۇلارنى (ئىسلامغا) زورلىغۇچى ئەمەسسەن، مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمدىن قورقىدىغانلارغا (قۇرئان بىلەن) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن﴿45﴾.*

## قىيامەت كۈنى بولىدىغان بەزى ئىشلارنى ئەسلىتىش توغرىسىدا

اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقىرىشقا سىلەرنىڭ توپلىنىشىڭلار ئۈچۈن ﴿نىدا قىلغۇچى (يەنى ئىسراپىل) يېقىن جايدىن نىدا قىلىدىغان (يەنى ئۇنىڭ ئاۋازى ھەممىگە ئوخشاش يېتىدىغان) كۈندە (نىداغا) قۇلاق سالغىن. ئۇلار ھەقنى ئېلىپ كېلىدىغان ئاۋازنى﴾ يەنى ئۇلارنىڭ تولىسى شەكتە بولغان ھەقنى ئېلىپ كېلىدىغان سۈر ئاۋازىنى ﴿ئاڭلىغان كۈن ـ ئەنە شۇ (كۈن قەبرىلەردىن) چىقىش كۈنىدۇر. بىز ھەقىقەتەن كىشىلەرنى ۋاپات قىلدۇرىمىز ۋە تىرىلدۈرىمىز، ئاخىر بارىدىغان جاي بىزنىڭ دەرگاھىمىزدۇر﴾ يەنى مەخلۇقاتنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلىدىغان، ئاندىن ئۇنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرىدىغان اللہ ئەنە شۇدۇر. ئۇ اللہ تائالاغا ئوڭايدۇر، پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ

www.munber.org

ئاخىرى بارىدىغان جايى ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر. ئاندىن الله تائالا ھەر بىر كىشىگە ئۇنىڭ ئەمەلىگە قارىتا، ئەگەر ياخشىلىق بولسا مۇكاپات، يامانلىق بولسا جازا بېرىدۇ.

﴿**ئۇ كۈنده يەر يېرىلىپ ئۇلار (قەبرىلىرىدىن) تېز چىقىپ كېلىدۇ**﴾ ئۇلارنىڭ قەبرىلەردىن چىقىشى مۇنداق بولىدۇ. الله تائالا ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرىدۇ، يامغۇر بىلەن پۈتۈن خالايىقلارنىڭ تەنلىرىنى قەبرىلىرىدىن خۇددى سۇ بىلەن تۇپراقتىن زىرائەتنى ئۇندۇرگەندەك ئۇندۇرىدۇ، تەنلەر ئۆسۈپ مۇكەممەل قىياپەتكە كەلگەن چاغدا الله تائالا ئىسراپىلنى سۇر چېلىشقا بۇيرۇيدۇ، جانلار ھەقىقەتەن سۇرنىڭ تۆشۈكىگە يەرلەشكەن ئىدى. ئىسرافىل سۇرنى چالغان چاغدا جانلار چىقىپ ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدا پىلدىرلاپ چېچىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا ئىززىتىم ۋە بۈيۈكلۈكۈم بىلەن قەسەمكى، ھەر بىر جان ئۆزى ئاۋاتلاشتۇرغان تەنگە چوقۇم قايتسۇن! دەيدۇ، ئاندىن ھەر بىر جان ئۆز تېنىگە قايتىدۇ - دە، گويا بىرەر نەرسە چېقىۋالغان كىشىنىڭ تېنىگە زەھەر ئاستا - ئاستا تارىغاندەك تەنگە ئاستا - ئاستا تارايدۇ، زېمىن يېرىلىدۇ، ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ھېساب مەيدانىغا - الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا ئالدىرىغان ھالدا تېز چىقىدۇ، ﴿**ئۇلار چاقىرغۇچىنىڭ ئالدىغا بويۇنلىرىنى سوزغان ھالدا يۈگۈرەيدۇ، كاپىرلار: «بۇ قىيىن كۈندۇر» دەيدۇ**﴾[1] ﴿**شۇ كۈنده الله سىلەرنى چاقىرىدۇ، سىلەر ئۇنىڭغا ھەمدى ئېيتىپ ئىجابەت قىلىسىلەر ۋە (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنا تۇرغاندەك ئويلايسىلەر**﴾[2].

ئىمام مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «زېمىن يېرىلىپ تۇنجى چىقىدىغان ئىنسان مەن بولىمەن».

﴿**ئەنە شۇ يىغىش بىزگە ئاساندۇر**﴾ يەنى ئەنە شۇ قايتا تىرىلدۈرۈش بىزگە قولايدۇر، ھوزۇرىمىزدا ئاساندۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(بىرەر شەيئىنى ياراتماقچى بولساق) بىزنىڭ ئەمرىمىز پەقەت بىر سۆزدۇر، (ئۇ) كۆزنى يۇمۇپ ئاچقاننىڭ ئارىلىقىدا (ئورۇنلىنىدۇ)**﴾[3] ﴿**(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ (دەسلەپتە) يارىتىلىشىڭلار، (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرۈلۈشىڭلار پەقەت بىر ئادەمنىڭ يارىتىلىشى، بىر ئادەمنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشىگە ئوخشاشتۇر. الله ھەقىقەتەن (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەمەللىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر**﴾[4].

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن تەسەللى توغرىسىدا

﴿**بىز ئۇلارنىڭ (يەنى قۇرەيش كۇففارلىرىنىڭ) ئېيتىدىغان سۆزلىرىنى ئوبدان بىلىمىز**﴾ يەنى مۇشرىكلارنىڭ سېنى ئىنكار قىلىپ، ساڭا ئېيتىدىغان سۆزلىرىنىڭ ھەممىنى ئوبدان بىلىمىز. ئۇ سۆزلەر سېنى ھەرگىز ئەندىشىگە سالمىسۇن. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن يۈرىكىڭنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىمىز. پەرۋەردىگارىڭغا ھەمدۇ ۋە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەم سەجدە قىلغۇچىلاردىن بولغىن. سەن ئۆزەڭگە ئۆلۈم كەلگەنگە (يەنى ئەجىلىڭ يەتكەنگە) قەدەر پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلغىن**﴾[5].

﴿**سەن ئۇلارنى (ئىسلامغا) زورلىغۇچى ئەمەسسەن**﴾ يەنى سەن ئۇلارنى ھىدايەت تېپىشقا مەجبۇرلىيالمايسەن، ئۇ سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭمۇ ئەمەس. ﴿**مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمدىن قورقىدىغانلارغا**

---

[1] سۈرە قەمەر 8 - ئايەت.
[2] سۈرە ئىسرا 52 - ئايەت.
[3] سۈرە قەمەر 50 - ئايەت.
[4] سۈرە لوقمان 28 - ئايەت.
[5] سۈرە ھىجر 97 — 99 - ئايەتكىچە.

www.munber.org

**(قۇرئان بىلەن) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن﴾** يەنى سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمىر - پەرمانىنى تەبلىغ قىلغىن، ئۇنىڭدىن پەقەت اللە تائالادىن قورققىدىغان، ئۇنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىدىن ئاگاھ بولىدىغان ۋە ئۇنىڭ جەننەتتىن ئىبارەت ۋەدىسىنى ئۈمىد قىلىدىغان كىشىلەرلا ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدۇ.

بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر، بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ھېساب ئېلىشتۇر﴾[1] ﴿سەن (ئۇلارغا) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن، سەن پەقەت (ئۇلارغا) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچىسەن. سەن ئۇلارغا مۇسەللەت (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلىغۇچى) ئەمەسسەن﴾[2] ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەمەس (ساڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە پەقەت كىشىلەرگە اللە نىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزۈشتۇر). لېكىن اللە خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ.﴾[3] ﴿شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادەمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن اللە ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾[4].

**﴿سەن ئۇلارنى (ئىسلامغا) زورلىغۇچى ئەمەسسەن، مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمدىن قورقىدىغانلارغا (قۇرئان بىلەن) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن﴾** قەتادە: ئى اللە! سەن بىزنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭدىن قورقىدىغان، ۋەدەڭنى ئۈمىد قىلىدىغان كىشىلەردىن قىلغىن، سەن ناھايىتى ياخشىلىق بېغىشلىغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن! دەيتتى.

شۇنىڭ بىلەن سۈرە قافنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. جىمى ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە اللە غا خاستۇر.

www.munber.org

---

(1) سۈرە رەئد 40 - ئايەتنىڭ بىر قىسى.
(2) سۈرە غاشىيە 21 - 22 - ئايەتلەر.
(3) سۈرە بەقەرە 273 - ئايەتنىڭ بىر قىسى.
(4) سۈرە قەسەس 56 - ئايەتنىڭ بىر قىسى.

## سۈرە ئەھزاب

ﷲ تائالانىڭ ۋەھيىسىگە ئەگەشكەن ۋە ﷲ تائالاغا تەۋەككۈل قىلغان ھالدا كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى مۇستەھكەم تۇرۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا ..... 1
بېقىۋالغان بالىنى ئۆز بالىسى قىلىۋېلىش ھۆكمىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ..... 2
بېقىۋېلىنغان بالىنىڭ پەقەت ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئاتىسىغا نىسبەت بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 3
پەيغەمبەرنىڭ ھەممىدىن سۆيۈملۈك ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرىنىڭ مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنىڭ ئورنىدا ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 6
پەيغەمبەرلەردىن چىڭ ئەھدە ئېلىش توغرىسىدا ..... 8
ئەھزاب غازىتىنىڭ بايانى توغرىسىدا ..... 9
ئىتتىپاقداش قوشۇننىڭ ئۇرۇشىدا مۆمىنلەرنىڭ سىنىلىشى ۋە مۇناپىقلارنىڭ تۇتقان پوزىتسىيەلىرى توغرىسىدا ..... 13
پەيغەمبەرگە ئەگىشىشكە بۇيرۇش توغرىسىدا ..... 17
مۆمىنلەرنىڭ ئىتتىپاقداش قوشۇنغا بولغان پوزىتسىيىسى توغرىسىدا ..... 17
مۆمىنلەرنىڭ مەيداندا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن مەدھىيىلەنگەنلىكى، مۇناپىقلارنىڭ ئىشىنى كىچىكتۇرۇش توغرىسىدا ..... 18
ﷲ تائالانىڭ ئىتتىپاقداش قوشۇننى زىيان تارتقان ۋە رەسۋا بولغان ھالەتتە قايتۇرغانلىقى توغرىسىدا ..... 21
بەنى قۇرەيزەگە يۈرۈش قىلىشنىڭ بايانى توغرىسىدا ..... 22
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنى تاللاش ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىشى توغرىسىدا ..... 25
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ باشقا ئاياللارغا ئوخشاش ئەمەس ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 28
مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنى باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشقا تېگىشلىك ئەدەپ - ئەخلاقلارنى ئۆزلەشتۈرۈشكە بۇيرۇش توغرىسىدا ..... 29
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ پەيغەمبەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 30
كىتابقا ۋە سۈننەتكە ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا ..... 32
نازىل بولۇش سەۋەبىنىڭ بايانى توغرىسىدا ..... 33
نازىل بولۇشىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ..... 36
زەيد ۋە زەينەب ھەققىدىكى ..... 38
ﷲ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى يەتكۈزگەنلەرنىڭ مەدھىيىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 42
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەسلىكى توغرىسىدا ..... 42
ئۇنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 43
ﷲ تائالاغا كۆپ زىكىر ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ..... 45
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا ..... 49

www.munber.org

يىقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن قويۇۋېتىلگەن ئاياللىنىڭ ئىددەت تۇتمايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا نەرسە بېرىشكە بۇيرۇلغانلىق توغرىسىدا...51
پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا هالال قىلىنغان ئاياللارنىڭ بايانى توغرىسىدا...53
ئۆزىنى بەخش قىلغان خوتۇننى...55
پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى ئىختىيار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا بېرىلگەن مۇكاپات توغرىسىدا...57
پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىشنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى ۋە هىجابلىنىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا...59
پەيغەمبەرنى رەنجىتىشتىن توسۇش ئۇنىڭ ئاياللىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئەمرىگە ئېلىشىنىڭ هاراملىقىنى بايان قىلىش توغرىسىدا...62
خوتۇن كىشى پەردىلەنمىسمۇ بولىدىغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلار توغرىسىدا...63
پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا...64
دۇئادىن ئىلگىرى پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىش توغرىسىدا...65
پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا...65
پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئېيتىدىغان ئورۇنلار توغرىسىدا...67
ﷲ نى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رەنجىتكەن ئادەمنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە لەنەتكە ئۇچرايدىغانلىقى توغرىسىدا...68
يالغان سۆز توقۇغۇچىلارنى يامان ئاقىۋەتتىن قورقۇتۇش توغرىسىدا...69
هىجابقا بۇيرۇش توغرىسىدا...70
يامان ئىش قىلىدىغان مۇناپىقلارنى ئاگاهلاندۇرۇش ۋە قورقۇتۇش توغرىسىدا...71
قىيامەت كۈنىنى پەقەت ﷲ تائالانىڭلا بىلىدىغانلىقى توغرىسىدا...72
كۇففارلارغا لەنەت ئېيتىش، ئۇلارنىڭ دوزاختا مەڭگۈ قېلىشى ۋە هەسرەت چېكىشى توغرىسىدا...72
يەهۇدىيلارنىڭ مۇسا هەققىدە توقۇغان تۆهمەتلىرى توغرىسىدا...73
مۆمىنلەرنى تەقۋادارلىق ۋە راستچىللىققا بۇيرۇش توغرىسىدا...74
ئىنسانىنىڭ ئامانەتنى ئۈستىگە ئېلىشى توغرىسىدا...75
ئامانەتنى ئۈستىگە ئېلىشىنىڭ نەتىجىسى توغرىسىدا...77

## سۈرە سەبەئ

بارلىق هەمدۇسانا ۋە غەيبنى بىلىش ﷲ تائالاغىلا خاس ئىكەنلىكى توغرىسىدا...79
هەر بىر ئادەمنىڭ ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپاتلىنىشى ۋە جازاغا تارتىلىشى ئۈچۈن قىيامەتنىڭ چوقۇم كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا...81
كاپىرلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى هاياتلىقنى ئىنكار قىلىشى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا...83
ﷲ تائالانىڭ داۋۇد ئەلەيهىسسالامغا ئاتا قىلغان ئارتۇقچىلىقى توغرىسىدا...84
ﷲ تائالانىڭ سۇلايمان ئەلەيهىسسالامغا ئاتا قىلغان ئارتۇقچىلىقى توغرىسىدا...86

www.munber.org

سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا........ 87
سەبەئ قەۋمىنىڭ كاپىر بولغانلىقى ۋە ئۇلارغا ئازابنىڭ نازىل بولغانلىقى توغرىسىدا........ 88
مەئرەب توسمىسى ۋە "سەيرۇلئىرەم" ناملىق سۇ ئاپىتى توغرىسىدا........ 90
سەبە قەبىلىسىنىڭ تىجارىتى ۋە ئۇنىڭ ۋەيران بولۇشى توغرىسىدا........ 92
ئىبلىسنىڭ كاپىرلارنى ئازدۇرۇۋېتىشتىن ئىبارەت گۇمانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى توغرىسىدا........ 94
مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ ئاجىزلىقى توغرىسىدا........ 95
ﷲ تائالانىڭ ھەر قانداق ئىشتا ھېچ شېرىكى يوق ئىكەنلىكى توغرىسىدا........ 97
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكى توغرىسىدا........ 99
كاپىرلارنىڭ قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى ھەققىدە سورىغانلىقى ۋە ئۇلار بېرىلگەن جاۋاب توغرىسىدا........ 100
كاپىرلارنىڭ دۇنيادا ھەقنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن بىردەك ئىتتىپاقلىشىدىغانلىقى، بىراق قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا جېدەللىشىدىغانلىقى توغرىسىدا........ 102
دۆلەتمەن كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشى، ئۇلارنىڭ مال ـ دۇنيا ۋە بالا ـ چاقىلىرى بىلەن پەخىرلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا........ 104
قىيامەت كۈنى پەرىشتىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە چوقۇنغانلاردىن ئادا ـ جۇدا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا........ 107
كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەرلەر توغرىسىدا ئېيتقانلىرى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا........ 108
كاپىرلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا "ساراڭ" دەپ چاپلىغان تۆھمىتى توغرىسىدا........ 110
دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىم ئۈچۈن سىلەردىن ھېچ قانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن دېگەنلىكى توغرىسىدا........ 111

## سۈرە فاتىر

ﷲ نىڭ قۇدرىتىنىڭ بايانى توغرىسىدا........ 115
ﷲ تائالانىڭ رەھمىتىنى ھېچنېمىنىڭ توسۇپ قالالمايدىغانلىقى توغرىسىدا........ 116
تەۋھىدنىڭ دەلىللىرى توغرىسىدا........ 117
ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ئىنكار قىلىنغانلىقى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىش ۋە قىيامەتتىن ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا........ 117
قىيامەت كۈنى كاپىرنىڭ جازاغا تارتىلىدىغانلىقى ۋە مۆمىننىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى توغرىسىدا........ 119
ئۆلگەندىن كېيىنكى ھاياتلىقنىڭ دەلىللىرى توغرىسىدا........ 120
كىمكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە شەرەپلىك بولۇشنى خالىسا، ئۇنىڭ غالىب ﷲ غا ئىتائەت قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا........ 121
ياخشى ئەمەللەرنىڭ ﷲ تائالانىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدىغانلىقى توغرىسىدا........ 121
ﷲ تائالانىڭ ياراتقۇچى ۋە غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلگۈچى ئىكەنلىكى توغرىسىدا........ 122
ﷲ تائالانىڭ نېمەتلىرى ۋە مۆجىزىلىرى توغرىسىدا........ 124

www.munber.org

مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 125

ئىنسانلارنىڭ ﷲ تائالاغا مۇھتاج ئىكەنلىكى، قىيامەت كۈنى ھەر بىر ئادەم گۇناھلىرىنى ئۆزى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 127

مۆمىن بىلەن كاپىرنىڭ باراۋەر بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 128

ﷲ تائالانىڭ تولۇق قۇدرىتىنىڭ بايانى توغرىسىدا ..... 130

مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەت ئۈچۈن تىجارەت قىلغۇچىلار ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 132

قۇرئان ﷲ تائالانىڭ ھەق كىتابى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 132

قۇرئانغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئۈچ تۈرلۈك بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 133

ئالىملارنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ..... 134

كاپىرلارغا بېرىلگەن جازا ۋە ئۇلارنىڭ جەھەننەمدىكى ئەھۋالى توغرىسىدا ..... 136

بۇتلارنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىگە، ﷲ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ كاتتىلىقىغا دىققەتنى بۇراش توغرىسىدا ..... 140

كاپىرلارنىڭ ئۆزلىرىگە بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىنىڭ كېلىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقى، ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن چاغدا ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقى توغرىسىدا ..... 141

پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىنىڭ بايانى توغرىسىدا ..... 143

جازالاشنى كېچىكتۈرۈشنىڭ ھېكمىتى توغرىسىدا ..... 143

## سۈرە ياسىن

پەيغەمبەرنىڭ ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 145

بەختسىزلىك پۈتۈلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ ھالى توغرىسىدا ..... 146

شەھەر ئاھالىسى بىلەن ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ قىسسىسى ۋە بۇ قىسسىنىڭ ھەقنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ھالاك قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 151

پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ھەسرەت چېكىشى توغرىسىدا ..... 159

تەناسۇخ ئەقىدىسىگە بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا ..... 159

ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى ۋ ئۆلگەندىن كېيىنكى ھاياتلىقنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش توغرىسىدا ..... 160

كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ، كۈن بىلەن ئاينىڭ ﷲ تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك ئالامەتلەردىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 161

ئۇلارنى توشقۇزۇلغان كېمىگە چۈشۈرۈش ﷲ تائالانىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 165

مۇشرىكلارنىڭ گۇمراھلىقى توغرىسىدا ..... 166

كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈننى يىراق دەپ قارىغانلىقى توغرىسىدا ..... 166

سۇرنىڭ تىرىلىش ئۈچۈن چېلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 167

جەننەت ئەھلىنىڭ ھاياتىنىڭ بايانى توغرىسىدا ..... 169

www.munber.org

كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئورنى ۋە ئۇلارنىڭ قوپال مۇئامىلىگە ئۇچرايدىغانلىقى توغرىسىدا.......... 169
قىيامەت كۈنى گۇناھكارلارنىڭ ئېغىزلىرىنىڭ پېچەتلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا.......... 171
ﷲ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ھەرگىزمۇ شېئىردىن تەلىم بەرمىگەنلىكى توغرىسىدا.......... 173
ھايۋانلارنىڭ ﷲ تائالانىڭ ئالامەتلىرى ۋە بەندىلىرىگە بېرىلگەن نېمەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا.......... 174
مۇشرىكلارنىڭ بۇتلىرىنىڭ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە قادىر ئەمەسلىكى توغرىسىدا.......... 175
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىش توغرىسىدا.......... 175
ئۆلگەندىن كېيىنكى ھاياتلىقنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا.......... 176
سۈرە سافڧاتنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا.......... 181

## سۈرە سافڧات

ﷲ تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىگە پەرىشتىلەرنىڭ گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا.......... 181
ﷲ تائالانىڭ ھەقىقىي مەبۇد ئىكەنلىكى توغرىسىدا.......... 182
ﷲ تائالانىڭ ئاسماننى زىننەتلىشى ۋە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىشى توغرىسىدا.......... 182
ئۆلگەندىن كېيىنكى ھاياتلىقنى ئىسپاتلاش توغرىسىدا.......... 184
قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشەتلىرى توغرىسىدا.......... 185
مۇشرىكلارنىڭ قىيامەت كۈنى بىر ـ بىرى بىلەن خۇسۇمەت قىلىشىدىغانلىقى توغرىسىدا.......... 187
مۇشرىكلارنىڭ جازاغا تارتىلىدىغانلىقى ۋە ئىخلاسمەن كىشىلەرنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى توغرىسىدا.......... 190
جەننەت ئەھلىنىڭ جەم بولۇشى، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ جەھەننەمدە ئازابلىنىۋاتقان دۇنيادىكى دوستى بىلەن سۆزلىشىشى ۋە ﷲ تائالانىڭ ئۆزىنى جەننەت ئەھلىدىن قىلغانلىقىغا شۈكۈر قىلىشى توغرىسىدا.......... 192
ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان ئىككى ئادەمنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا.......... 193
زەققۇم دەرىخى ۋە ئۇنىڭدىن يەيدىغانلارنىڭ بايانى توغرىسىدا.......... 194
نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمى توغرىسىدا.......... 197
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا.......... 198
ئىبراھىمنىڭ ھىجرەت قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلىش بىلەن سىنالغانلىقى ۋە ﷲ تائالانىڭ ئۇنىڭغا نېمەت ئاتا قىلغانلىقى توغرىسىدا.......... 202
قۇربانلىقنىڭ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى كەسكىن دەلىل ـ پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىغان ئەسەرلەر توغرىسىدا.......... 205
مۇسا ۋە ھارۇننىڭ بايانى توغرىسىدا.......... 208
ئىلياس ئەلەيھىسسالامنىڭ بايانى توغرىسىدا.......... 209
لۇت قەۋمىنىڭ ھالاك قىلىنغانلىقى توغرىسىدا.......... 210

www.munber.org

يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا......211

ﷲ تائالانىڭ بالىسى بار دېگۈچىلەرگە ۋە پەرىشتىلەرنى ﷲ تائالانىڭ قىزلىرى دەۋالغانلارغا بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا......214

مۇشرىكلارنىڭ سۆزلىرىگە پەقەت ئۆلاردىنمۇ ئازغۇن بولغان كىشىلەرنىڭ ئىشىنىدىغانلىقى توغرىسىدا......216

پەرىشتىلەرنىڭ ئورنى ۋە ئۇلارنىڭ سەپ ـ سەپ بولۇپ تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقى توغرىسىدا......216

قۇرەيش ئەھلىنىڭ ئۆزلىرىدە بۇرۇنقىلارنىڭكىدەك بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى بولسا ئىدى دەپ ئارزۇ قىلىشقانلىرى توغرىسىدا......217

ياردەم بېرىشكە ۋەدە قىلىش ۋە قۇرەيش كاپىرلىرىدىن يۈز ئۆرۈشكە بۇيرۇش توغرىسىدا......218

## سۈرە ساد

مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەرلىك، تەۋھىد ۋە قۇرئاندىن ھەيران قېلىشى توغرىسىدا......223

بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرىسىدا......223

ھالاك قىلىنغان بۇرۇنقى قەۋملەردىن ئىبرەت ئېلىش توغرىسىدا......226

داۋۇد ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا......228

ئىككى دەۋاگەرنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا......230

سۈرە سادنىڭ سەجدىسى توغرىسىدا......231

پادىشاھ ۋە ھوقۇقدارلارغا ۋەسىيەت قىلىش توغرىسىدا......232

دۇنيانى يارىتىشنىڭ ھېكمىتى توغرىسىدا......233

داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا......234

ﷲ تائالانىڭ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنى سىنىغانلىقى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئالاھىدە مەرھەمەت قىلغانلىقى توغرىسىدا......236

ئەييۇب ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا......239

ئالاھىدە تاللانغان ياخشى پەيغەمبەرلەرنىڭ بايانى توغرىسىدا......241

سائادەتمەنلەرنىڭ ئاخىرى بارىدىغان جايى توغرىسىدا......242

بەختسىزلەرنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا......244

دوزاخ ئەھلىنىڭ مۇنازىرىسى توغرىسىدا......244

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ چوڭ بىر خەۋەر ئىكەنلىكى توغرىسىدا......247

ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىبلىسنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا......248

## سۈرە زۇمەر

سۈرە زۇمەرنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا......251

تەۋھىدكە بۇيرۇش، شېرىكنى رەت قىلىش توغرىسىدا......252

www.munber.org

مۇندەرىجە



ﷲ تائالانىڭ قۇدرىتىنى، بىر ۋە بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر توغرىسىدا...... 254

ﷲ تائالانىڭ كۆپۈرلۈكقا غەزەپلىنىپ، شۈكۈر قىلىشقا رازى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا...... 256

قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ﷲ تائالانى ئەسلەش، ئۇنىڭدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ﷲ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ئىنساننىڭ كۆپۈرلۈقى ئىكەنلىكى توغرىسىدا...... 257

ﷲ تائالاغا ئىتائەت قىلغۇچى بىلەن ئاسىيلىق قىلغۇچىنىڭ باراۋەر بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا...... 258

تەقۋادارلىق قىلىشقا، ھىجرەت قىلىشقا ۋە ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا...... 259

ﷲ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقىتىش توغرىسىدا...... 260

ياخشى ئادەملەر ھەققىدىكى بېشارەت توغرىسىدا...... 261

دۇنيا ھاياتىنىڭ مىسالى توغرىسىدا...... 263

ھەق ئىگىلىرى بىلەن ئازغۇن كىشىلەرنىڭ باراۋەر بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا...... 264

قۇرئاننىڭ سۈپىتى توغرىسىدا...... 265

ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا...... 267

شېرىكنىڭ مىسالى توغرىسىدا...... 268

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە قۇرەيشلەرنىڭ ئۆلۈمى ۋە ئۇلارنىڭ ﷲ نىڭ دەرگاھىدا مۇنازىرىلىشىدىغانلىقى توغرىسىدا...... 269

يالغاننى توقۇغان ۋە ھەقنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ جازاسى، ھەقنى سۆزلىگەن ۋە ئۇنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتى توغرىسىدا...... 271

ﷲ تائالانىڭ بەندىسىگە كۇپايە قىلغۇچى ئىكەنلىكى توغرىسىدا...... 272

كائىناتنى يارىتىشتا ئىلاھلىرىنىڭ ئاجىز كەلگەنلىكى ئۈچۈن مۇشرىكلارنىڭ ﷲ تائالانىڭ بىرلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى توغرىسىدا...... 273

ﷲ نىڭ ئۆلتۈرگۈچى ۋە تىرىلدۈرگۈچى زات ئىكەنلىكى توغرىسىدا...... 275

شاپائەت قىلىش ھوقۇقىنىڭ پەقەت ﷲ غىلا خاس ئىكەنلىكى ۋە يالغۇز ﷲ تىلغا ئېلىنسا مۇشرىكلارنىڭ دىللىرىنىڭ سىقىلىدىغانلىقى توغرىسىدا...... 276

دۇئا قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا...... 277

قىيامەت كۈنى فىدىيەنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى توغرىسىدا...... 278

ئىنسانغا مۇسىبەتتىن كېيىن نېمەت ئاتا قىلىنسا ئۇنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدا...... 279

ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلىشقا چاقىرىش توغرىسىدا...... 281

ئۈمىدسىزلىنىشتىن توسۇش ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر توغرىسىدا...... 283

ﷲ تائالاغا يالغاننى چاپلىغانلارنىڭ يامان ئاقىۋىتى ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلارنىڭ ياخشى ئاقىۋىتى توغرىسىدا...... 285

ﷲ تائالانىڭ ياراتقۇچى ۋە باشقۇرغۇچى ئىكەنلىكى ﷲ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ قىلغان ئەمەلنى بىكار قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا...... 286

مۇشرىكلارنىڭ ﷲ تائالانى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمايدىغانلىقى توغرىسىدا...... 287

www.munber.org

سۈر نىڭ چېلىنىشى ھۆكۈمنىڭ چىقىرىلىشى، مۇكاپات ۋە جازانىڭ بېرىلىشى توغرىسىدا 288

كاپىرلارنىڭ جەھەننەمگە ھەيدىلىشى توغرىسىدا 291

مۆمىنلەرنىڭ جەننەتكە ئېلىپ مېڭىلىشى توغرىسىدا 293

جەننەت دەرۋازىلىرىنىڭ كەڭلىكى توغرىسىدا 295

## سۈرە غافىر

ھا مىم بىلەن باشلىنىدىغان سۈرىلەرنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا 299

ﷲ نىڭ ئايەتلىرى ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشنىڭ كاپىرلارنىڭ سۈپىتى ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ شۇ قىلمىشلىرىغا بېرىلىدىغان جازا توغرىسىدا 301

ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەرنىڭ ﷲ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىدىغانلىقى ۋە مۆمىنلەرگە مەغپىرەت تەلەپ قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا 302

كاپىرلارنىڭ دوزاخقا كىرگەندىن كېيىن پۇشايمان قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا 304

مۆمىنلەرنى ھەر قانداق ئەھۋالدا يالغۇز بىر ﷲ تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا 307

ﷲ تائالانىڭ بەندىلىرىنى قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرۇشى ئۈچۈن ۋەھيى قىلغانلىقى توغرىسىدا 308

قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ﷲ تائالانىڭ ئۇ كۈندىكى ھۆكۈمى توغرىسىدا 310

پەيغەمبەرلىكنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ يامان ئاقىۋىتى توغرىسىدا 312

مۇسا بىلەن پىرئەۋننىڭ قىسسىسى توغرىسىدا 313

پىرئەۋن تەۋەسىدىن بىر مۆمىن بىلەن مۇسانى كۈچلەندۈرۈش ۋە ئۇ مۆمىننىڭ قىلغان خىتابى توغرىسىدا 315

پىرئەۋننىڭ مۇسانىڭ پەرۋەردىگارىنى مەسخىرە قىلغانلىقى توغرىسىدا 320

پىرئەۋن تەۋەسىدىن ئىمان ئېيتقان ئادەمنىڭ سۆزىنىڭ داۋامى توغرىسىدا 321

ئۇ ئادەمنىڭ خىتابىنىڭ داۋامى ۋە ئىككى گۇرۇھنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا 322

قەبرە ئازابىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاش توغرىسىدا 324

دوزاخ ئەھلىنىڭ مۇنازىرىسى توغرىسىدا 326

پەيغەمبەرلەر ۋە مۆمىنلەرنىڭ ياردەمگە ئېرىشىدىغانلىقى توغرىسىدا 327

مۇسا ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ قىسسىسى ئارقىلىق پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەرنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا بېشارەت بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا 328

ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتلىق توغرىسىدا 329

دۇئا قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا 330

ﷲ تائالانىڭ قۇدرىتى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەر توغرىسىدا 332

شېرىكتىن تۇسۇپ تەۋھىدكە بۇيرۇغانلىق ۋە ئۇنىڭ دەلىلى توغرىسىدا 334

www.munber.org

ھەق ئۈستىدە مۇنازىرە قىلغان ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا 335
سەۋر قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى ۋە پەتىھى قىلىشتىن خۇش - بىشارەت بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا 337
چارۋىلارمۇ ﷲ تائالانىڭ نېمىتى ۋە مۆجىزىلىرىدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا 338
ئىلگىرىكىلەرنىڭ ھالىدىن ئىبرەت ئېلىش توغرىسىدا 340

## سۈرە فۇسسىلەت

قۇرئاننىڭ سۈپىتى ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگۈچىلەرنىڭ سۆزلىرى توغرىسىدا 343
تەۋھىدكە چاقىرىش توغرىسىدا 345
كائىناتنى يارىتىشنىڭ بەزى تەپسىلاتلىرى توغرىسىدا 346
ئىنكار قىلغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئۇلارغا ئاد، سەمۇد قەۋمىنىڭ قىسسىسىنى ئەسلىتىش توغرىسىدا 350
قىيامەت كۈنى گۇناھكارلارنىڭ ئەزالىرىنىڭ ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا 353
مۇشرىكلارنىڭ دوستلىرىنىڭ يامان ئىشلارنى ئۇلارغا چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىدىغانلىقى توغرىسىدا 356
كۇپپارلارنىڭ قۇرئاننى تىڭشىماسلىققا بىر - بىرىنى تەۋسىيە قىلىشى ۋە ئۇنىڭ جازاسى توغرىسىدا 357
ﷲ تائالانى بار ۋە بىر دەپ بىلىپ، توغرا يولدا ماڭغانلارغا بېرىلگەن خۇش خەۋەرلەر توغرىسىدا 358
ﷲ تائالا تەرەپكە دەۋەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا 360
دەۋەت قىلىش ۋە باشقا ئەمەللەردىكى ھېكمەتلەر توغرىسىدا 361
ﷲ تائالانىڭ دۇنيادىكى ئالامەتلىرى توغرىسىدا 363
ھەقنى بۇرمىلىغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ئازاب ۋە قۇرئاننىڭ سۈپىتى توغرىسىدا 364
قۇرئاننى ئىنكار قىلىشنىڭ قارشىلاشقانلىق ۋە باش تارتقانلىقنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكى توغرىسىدا 366
مۇسا ئەلەيھىسسالامدەك سەۋرچان بولۇشقا تەۋسىيە قىلىش توغرىسىدا 367
ھەر بىر ئادەمنىڭ قىلغان ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ۋە جازاغا ئېرىشىدىغانلىقى توغرىسىدا 368
قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى پەقەت ﷲ تائالانىڭ بىلىدىغانلىقى توغرىسىدا 368
ئىنساننىڭ كۈلپەتتىن قۇتۇلۇپ نېمەتكە ئېرىشكەندە ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدا 369
قۇرئان ۋە ئۇنىڭ راستلىقىنىڭ دەلىللىرى توغرىسىدا 371

## سۈرە شۇرا

ۋەھيي ۋە ﷲ تەئالانىڭ بۈيۈكلىكى توغرىسىدا 373
قۇرئاننىڭ ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيي قىلىنغانلىقى توغرىسىدا 375
پەقەت ﷲ تائالانىڭلا ئىگە بولغۇچى، ھۆكۈم قىلغۇچى، ياراتقۇچى ئىكەنلىكى توغرىسىدا 377

www.munber.org

## سۈرە ئەھزابتىن ــــ سۈرە قاففىچە 600


پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنىنىڭ بىر ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 378

ئىختىلاپنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ..... 379

دىندا جېدەللەشكەن ئادەمگە بېرىلىدىغان ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا ..... 382

ﷲ تائالانىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاتا قىلىدىغان رىزىقلىرى ۋە باشقا نەرسىلىرى توغرىسىدا ..... 384

بەندىلەرنىڭ دىن بېكىتىشنىڭ شېرىك ئەمەل ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 385

مۇشرىكلارنىڭ مەھشەرگاھ مەيدانىدىكى قورقۇنچلۇق ھالىتى توغرىسىدا ..... 385

ئىمان ئېيتقانلارغا جەننەتنىڭ نازۇنېمەتلىرىدىن بېشارەت بېرىش توغرىسىدا ..... 386

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇرئاننى يالغاندىن توقۇدى دەپ قارىلىغانلىقى ۋە بۇ تۆھمەتكە بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا ..... 387

ﷲ تائالانىڭ تەۋبىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى ۋە دۇئانى ئىجابەت قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 388

رىزىقنى كەڭ قىلماسلىقنىڭ ھېكمىتى توغرىسىدا ..... 389

ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىش ﷲ تائالا نىڭ دەلىللىرىدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 390

مۇسىبەتلەرنىڭ سەۋەبى ئاسىيلىقتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 390

كېمىلەرنىڭ ﷲ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 391

ﷲ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى نازۇ ـ نېمەتلەرگە لايىق بولىدىغان كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا ..... 393

زالىمنى ئەپۇ قىلىش ياكى ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىش توغرىسىدا ..... 395

زالىملارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالى توغرىسىدا ..... 397

قىيامەت كۈنىدىن ئىلگىرى ﷲ تائالاغا ئىتائەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا ..... 398

ۋەھيىنىڭ قانداق شەكىلدە كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 401


## سۈرە زۇخرۇف


قۇرەيش تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش توغرىسىدا ..... 404

مۇشرىكلارنىڭ مەخلۇقاتلارنى ياراتقۇچىنىڭ تەۋھىدىنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئۇنىڭ كۆپلىگەن دەلىللىرى توغرىسىدا ..... 405

مۇشرىكلارنىڭ ﷲ تائالاغا بالا نىسبەت بەرگەنلىكىنى ئەيىبلەش توغرىسىدا ..... 407

مۇشرىكلارنىڭ ھېچقانداق دەلىلىنىڭ يوق ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 410

ﷲ تائالانىڭ دوستى ئىبراھىمنىڭ تەۋھىدنى ئېلان قىلىشى توغرىسىدا ..... 413

مەككە ئەھلىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يۈز ئۆرۈشى، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈشى ۋە بۇ ئېتىرازغا بېرىلگەن جاۋاب توغرىسىدا ..... 413

پۇل ـ مال بېرىلگەنلىكىنىڭ ﷲ تائالانىڭ ئۇلاردىن رازى بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئەمەسلىكى توغرىسىدا ..... 414

مەرھەمەتلىك ﷲ تائالادىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىنىڭ شەيتاننىڭ دوست ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 416


www.munber.org

ئىنسىنىڭ قورسىقىدىكى چاغدا "بەختسىز" دەپ پۈتۈلگەن ئادەمنىڭ ھىدايەت تاپالمايدىغانلىقى توغرىسىدا......417

ﷲ تائالانىڭ پەيغەمبەرنىڭ دۈشمەنلىرىدىن چوقۇم ئىنتىقام ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا......417

قۇرئانغا چىڭ ئېسىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش توغرىسىدا......417

مۇسانىڭ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىگە تەۋھىد بىلەن ئەۋەتىلگەنلىكى توغرىسىدا......419

پىرئەۋننىڭ قەۋمىگە خىتاب قىلغانلىقى ۋە ﷲ تائالانىڭ ئۇنى جازالىغانلىقى توغرىسىدا......420

قۇرەيش ئەھلىنىڭ مەريەم ئوغلى ئىسانى كۆزگە ئىلمىغانلىقى، ئىسانىڭ ﷲ تائالانىڭ ھۇزۇرىدىكى دەرىجىسى توغرىسىدا......423

قىيامەتنىڭ تۇيۇقسىز كېلىدىغانلىقى، كاپىرلارنىڭ دوستلىرى ئارىسىدا ئۆزئارا دۈشمەنلىك يۈز بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا......427

قىيامەت كۈنى تەقۋادارلارغا بېرىلىدىغان بېشارەت ۋە ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىشى توغرىسىدا......428

بەتبەختلەرنىڭ يامان ئاقىۋىتى توغرىسىدا......429

ﷲ تائالانىڭ بالىسى يوقلىقىنىڭ دەلىللىرى توغرىسىدا......431

پەرۋەردىگارنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىنىڭ بايانى توغرىسىدا......432

بۇتلارنىڭ شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا......432

مۇشرىكلارنىڭ مەخلۇقاتلارنى يالغۇز ﷲ تائالانىڭ ياراتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا......433

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ﷲ تائالاغا شىكايەت قىلغانلىقى توغرىسىدا......433

سۈرە دۇخاننىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا......435

## سۈرە دۇخان

قۇرئاننىڭ شەبى قەدرى كېچىسى نازىل بولغانلىقى توغرىسىدا......436

ئاسمان تۈتۈن كەلتۈرىدىغان كۈندىن مۇشرىكلارنى قورقۇتۇش توغرىسىدا......437

"قاتتىق تۇتۇش" نىڭ تەپسىرى توغرىسىدا......440

مۇسا بىلەن پىرئەۋننىڭ قىسسىسى ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ قۇتۇلدۇرۇۋېلىنىشى توغرىسىدا......442

قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا......445

دۇنيانىڭ ھېكمەت ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى توغرىسىدا......446

مۇشرىكلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى ھالى ۋە ئۇلارنىڭ ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى توغرىسىدا......448

تەقۋادارلارنىڭ جەننەتتىكى ئەھۋالى ۋە ئۇلار بەھرىمەن بولىدىغان نازۇ ـ نېمەتلەر توغرىسىدا......449

## سۈرە جاسىيە

ﷲ تائالا نىڭ دەلىللىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە قىلىنغان تەۋسىيە توغرىسىدا......453

ھەر بىر گۇناھكار، يالغانچىنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازا توغرىسىدا......455

www.munber.org

دېڭىزنى ۋە باشقا نەرسىلەرنى بويسۇندۇرۇشتا ﷲ تائالانىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنىڭ بارلىقى توغرىسىدا...... 456
مۇشرىكلارنىڭ يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى توغرىسىدا...... 457
ﷲ تائالانىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئاتا قىلغان مەرھەمىتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقانلىقى توغرىسىدا...... 458
بۇ ئۈممەتنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ يولىغا مېڭىپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا...... 458
مۆمىن بىلەن كاپىرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقى توغرىسىدا...... 459
كاپىرنىڭ ئېتىقادى، ئۇنىڭ دەلىلى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا...... 461
قىيامەت كۈنىدىكى قورقۇنچلۇق ئەھۋاللار توغرىسىدا...... 463
قۇرئاننىڭ ﷲ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقى، ﷲ تائالا نىڭ كائىناتنى ھەقلىق ئاساستا ياراتقانلىقى توغرىسىدا...... 468

## سۈرە ئەھقاف

مۇشرىكلارغا بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا...... 468
مۇشرىكلارنىڭ قۇرئان ۋە پەيغەمبەر ھەققىدە ئېيتقانلىرى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا...... 470
قۇرئان ﷲ تەئالانىڭ ھەق سۆزى ئىكەنلىكى، كاپىرلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئانغا تۇتقان پوزىتسىيىسى توغرىسىدا...... 473
ﷲ تائالانىڭ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى توغرىسىدا...... 475
ئاتا ـ ئانىلارنى قاخشاتقۇچى ئەۋلادلارنىڭ بايانى ۋە ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا...... 478
ئاد قەۋمىنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا...... 481
جىنلارنىڭ قۇرئاننى تىڭشىغانلىقى ھەققىدىكى قىسسە توغرىسىدا...... 485
ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش ھەققىدىكى دەلىللەر توغرىسىدا...... 488
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سەۋر قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا...... 489

## سۈرە مۇھەممەد

كۇففارلارنىڭ جازاسى ۋە مۆمىنلەرنىڭ مۇكاپاتى توغرىسىدا...... 491
دۈشمەننىڭ بويىنىغا چېپىشقا، ئۇنى ئەسىر ئېلىشقا، ئاندىن ياخشىلىق قىلىپ ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇش توغرىسىدا...... 493
شېھىتلەرنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا...... 494
"ﷲ تائالاغا ياردەم بېرىڭلار، ﷲ تائالامۇ سىلەرگە ياردەم بېرىدۇ" دېگەن سۆز توغرىسىدا...... 495
دوزاخنىڭ كۇففارلار ئۈچۈن، جەننەتنىڭ تەقۋادارلار ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى توغرىسىدا...... 496
ھەقىقەتكە ئەگەشكۈچى بىلەن نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكۈچىنىڭ باراۋەر بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا...... 498
جەننەتنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئۆستەڭلىرىنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا...... 498
مۇناپىقلارنىڭ ھالىنى بايان قىلىش، تەۋھىدكە ۋە مەغپىرەت تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا...... 500

www.munber.org

جىهادقا بۇيرۇپ ئايەت نازىل بولغان چاغدىكى راستچىل مۆمىن بىلەن دىلىدا مۇناپىقلىق بار ئادەمنىڭ ئىپادىسى توغرىسىدا ..... 502

قۇرئان توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈشكە بۇيرۇش توغرىسىدا ..... 505

مۇرتەدلىكنى سۆكۈش توغرىسىدا ..... 505

مۇناپىقلارنىڭ سىرىنى ئېچىش توغرىسىدا ..... 507

كاپىرلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ بىكار بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 508

دۇنيا ئىشلىرىنىڭ ئەرزىمەس نەرسە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ۋە سەدىقە بېرىشكە ئىلھاملاندۇرۇش توغرىسىدا ..... 510

## سۈرە فەتىھ

سۈرە فەتىھنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ..... 513

سۈرە فەتىھنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرىسىدا ..... 513

مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىغا تەمكىنلىكنىڭ چۈشۈرۈلۈشى توغرىسىدا ..... 516

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا ..... 518

رىزۋان بەيئىتى توغرىسىدا ..... 518

بۇ ھەقتە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ بايانى توغرىسىدا ..... 519

بۇ كاتتا بەيئەتنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى توغرىسىدا ..... 519

ھۇدەيبىيەگە چىقمىغانلارنىڭ يالغان ئۆزرە ئېيتىشى ۋە ﷲ تائالانىڭ ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغانلىقى توغرىسىدا ..... 525

ئېغىر كەلگۈسىدە جىھادنىڭ بولىدىغانلىقى، جىھادنىڭ مۆمىنلەر بىلەن مۇناپىقلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىيدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 527

ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇش بىلەن بىرگە جىھادقا چىقماسلىققا شەرىئەت قوبۇل قىلىدىغان ئۆزرىلەرنى بايان قىلىش توغرىسىدا ..... 528

رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقانلارغا رازىلىق بىلەن ۋە نۇرغۇن غەنىمەتلەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا ..... 529

نۇرغۇن غەنىمەتلەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا ..... 530

قىيامەت كۈنىگىچە بولىدىغان پۈتۈن غازاتلاردىن بېرىلگەن خۇش خەۋەر توغرىسىدا ..... 531

مەككە كاپىرلىرى ھۇدەيبىيەدە ئۇرۇش قىلغان تەقدىردە ئۇلار چوقۇم بەرداشلىق بېرەلمەي قاچقان بولاتتى دېگەن ئايەت توغرىسىدا ..... 531

مۆمىنلەرنىڭ ھەق ۋە غەلىبە ئىگىلىرى تۇرۇقلۇق ھۇدەيبىيە سۈلھىسىگە قوشۇلغانلىقىنىڭ مەنپەئەتلىرى توغرىسىدا ..... 533

ھۇدەيبىيە قىسسىسى ۋە سۈلھى ھەققىدە بايان قىلىنغان ھەدىسلەر توغرىسىدا ..... 534

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىنىڭ راستلىقى توغرىسىدا ..... 542

مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتۈن ئالەم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا بېرىلگەن بېشارەت توغرىسىدا ..... 546

مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا ..... 546

## سۈرە ھۇجۇرات

www.munber.org

ﷲ نىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىدا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىشتىن توسۇش، ﷲ نىڭ پەيغەمبىرىنى ھۆرمەتلەشكە ۋە ئۇنىڭغا ئەدەبلىك ھالدا مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا......551

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھۇجرىلارنىڭ ئارقىسىدىن توۋلايدىغان كىشىنى ئەيىبلەش توغرىسىدا......554

ئەگەر بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، ئۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقىتىنى ئېنىقلاپ كۆرۈشكە بۇيرۇغانلىقى توغرىسىدا......555

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكمىنىڭ ئەڭ پايدىلىق ھۆكۈم ئىكەنلىكى توغرىسىدا......557

ئىسلام بىلەن ئىماننىڭ ئارىسىدىكى پەرق توغرىسىدا......557

ئۆز ئارا ئۇرۇشۇپ قالغان مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىنى ياراشتۇرۇشقا ۋە تاجاۋۇز قىلغۇچى تەرەپكە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا......558

مەسخىرە قىلىش ۋە كەمسىتىشتىن توسۇش توغرىسىدا......561

گۇمان قىلىشتىن توسۇش توغرىسىدا......562

غەيۋەتخور بىلەن سۇخەنچىنىڭ تەۋبە قىلىش يولى توغرىسىدا......564

پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ بالىلىرى ئىكەنلىكى توغرىسىدا......564

ھۆرمەتنىڭ تەقۋالىق بىلەن بولىدىغانلىقى توغرىسىدا......565

مۆمىن بىلەن مۇسۇلماننىڭ ئارىسىدىكى پەرق توغرىسىدا......567

## سۈرە قاف

مۇفەسسەل بۆلۈمىنىڭ باشلىنىشى توغرىسىدا......571

سۈرە قافنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا......571

كۇففارلارنىڭ پەيغەمبەرلىكتىن ۋە قىيامەتنىڭ بولۇشىدىن ھەيران بولۇشى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن رەددىيە توغرىسىدا......572

ﷲ تائالانىڭ قىيامەتتىنمۇ چوڭ نەرسىنى يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكىنىڭ بايانى توغرىسىدا......574

ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ھالاك بولغانلىقىدىن قۇرەيشلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا......576

قايتا يارىتىشنىڭ ئاسان ئىكەنلىكى توغرىسىدا......576

ئىنساندىكى پۈتۈن ئىشلارنى ﷲ تائالانىڭ بىلىپ تۇرىدىغانلىقى ۋە كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا......577

ئۆلۈمنى سۈرنىڭ چېلىنىدىغانلىقىنى ۋە مەھشەرگاھقا ھەيدىلىنىدىغانلىقىنى ئەسلىتىش توغرىسىدا......579

پەرىشتىلەرنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى ۋە ﷲ تائالانىڭ كاپىرنى جەھەننەمگە تاشلاشقا بۇيرۇق بېرىشى توغرىسىدا......581

ئىنساننىڭ بىلەن شەيتان ﷲ تائالانىڭ دەرگاھىدا خۇسۇمەت قىلىششى توغرىسىدا......581

دوزاخ بىلەن جەننەتنىڭ ۋە ئىككىسىگە كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا......583

كۇففارلارنى ئازاب بىلەن قورقۇتۇش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سەۋر قىلىشقا، ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇتۇش توغرىسىدا......584

قىيامەت كۈنى بولىدىغان بەزى ئىشلارنى ئەسلىتىش توغرىسىدا......587

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن تەسەللى توغرىسىدا......588

www.munber.org